# بۇلاق

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇلاق

26—29

1

1989



# بۇلاق



# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

پەسىللىك ژۇرنىلى

10-يىلى نەشرى

ئومۇمىي 26-سان

1989

باش مۇھەررىر: ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن
مۇھەررىرلەر: نىجات مۇخلىس، پەرىدە ئىمىن، مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت،
يالقۇن ئىسمائىل

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇرىشىت ئىسلام، ئابدۇسالام ئاببas، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، تېيىپجان ئېلىيوپ، رەھمىتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەييۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەمتىمىن يۈسۈپ، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، مەھەممەت رىھىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇلاق

## بوستاندا

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


ئابدۇقادىر داموللام ئەسەرلىرىدىن........ 5

نەشرگە تەييارلىغۇچى: رەجەپ يۈسۈپ

شېئىرىي مەكتۇبلار........ ئابدۇجېلىل داموللاھاجى 36

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇلھېكىم مەخدۇم ھاجى

ئەھمىدى شېئىرلىرىدىن........ مەھەممەتروزى ئاخۇنۇم 57

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەرشىدىن راشىدىن، مەھەممەتتوختى ئابدۇۋاقى


### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


ھۆۋەيدا شېئىرلىرىدىن........ خوجا نەزەر غايىب نەزەر ئوغلى 83

نەشرگە تەييارلىغۇچى: جاپپار ئەمەت


### ئەدەبىي مۇھاكىمە


«تۈركى تىللار دىۋانى» ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ مۇقەددىمىسى........ 105

روبېرت دانكوف، جامىس كېللى 83

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئامىنە ئابدىراخمان


### مەشھۇر كلاسسىكلار


خۇشھال خەرىبى ھەققىدە يېڭى مەلۇماتلار........ ئا. جەلىلوپ 122

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نەبىجان تۇرسۇن

## خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىن


ئىرشخان (داستان)........................................ 125
نەشرگە تەييارلىغۇچى: رەجەپ ئىمىن

ئەقىللىق مەلىكە (چۆچەك)........................................ 142
رەتلىگۈچى: تۇرسۇن موللادەت

تەدبىرلىك سوتچى (چۆچەك)........................................ 146

ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى........................................ 150
رەتلىگۈچى: تېيىپجان ھاجى، ماخمۇت مۇھەممەت

ئاتا - بوۋىلار نەسىھەتلىرىدىن ........................................ 159
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھاكىم مۇسا

چاغاتايچە لۇغەت «ت» ........................................ 170
تۈزگۈچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن


رەسسام: مەھەممەت ئايۇپ.
خەتتات ۋە نەققاش: نىياز كېرىم (شەرقى).
مۇقاۋىدىكى لايىھىلىگۈچى: ليۇ پېيچىڭ.

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: سادىر پالۋان (تەسۋىرلىگۈچى: شىرىپ خۇشتار).
2 - بېتىدە: شائىر نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى سايرامى (تەسۋىرلىگۈچى: شىرىپ خۇشتار).

3 - بېتىدە: (يۇقىرىدا) ئابدۇقادىر داموللام، (تۆۋەندە) ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىسىدىكى ئايرىم بەتلەرنىڭ فوتو نۇسخىسى.
4 - بېتىدە: مەھمۇد قەشقەرى مەقبەرىسىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى (شىرىپ خۇشتار فوتوسى).



# ئابدۇقادىر داموللام ئەسەرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: رەجەپ يۈسۈپ

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس — ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتچى دېموكرات بولۇپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان ئالىم، شائىر ۋە جامائەت ئەربابىدۇر.

ئابدۇقادىر داموللام 1862 - يىلى قەشقەر ئاتۇشنىڭ مەشھەت يېزىسىدا دۇنياغا كېلىپ، قەشقەر، بۇخارا مەدرىسلىرىگە بېرىپ ئوقۇغان. كېيىن، يېڭىچە مەكتەپلەردە مۇئەللىملىك قىلىش، مەدرىسلەردە مۇدەررىسلىك قىلىش جامائەت خىزمەتلىرى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى بىلەن ئۆتكەن بولۇپ، ئىلىم - پەن بىلەن ۋەتەننى، خەلقنى قۇتقۇزۇش، ئويغىتىش يولىدا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىپ، مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش، يېڭىچە ئىلىم - پەن ۋە ئەدەبىياتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا «سەرپ نەھۋى» (مورفولوگىيە - سىنتاكسىس)، «ئىلمى تەجۋىد» (قىرائەت)، «ئىلمى ھېساب»، «ئاقائىد زۆرۈرىييە» (زۆرۈر ئەقىدىلەر)، «تەئلىمۇس - سىبيان» گۆدەكلەرگە تەلىم)، «نەسائىھۇل ئەتفال» (ياش ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت)، «نەسىھەتى ئاممە» (ئاممىغا نەسىھەت) «مىفتاھۇل - ئەدەب»... قاتارلىق قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ «جەۋاھىرۇل ھەقائىق» (ھەقىقەت جەۋھىرى) ناملىق ئەسىرى ھازىر مىسىردىكى ئەزھەر ئىنستىتۇتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئابدۇقادىر داموللام يۇقىرىقىلاردىن باشقا ھەق - ئادالەتنى كۈيلەيدىغان، ئەينى زامانىدىكى پارىخورلۇق، تۆرىچىلىك، ئىككى يۈزلىمىلىك، قاششاقلىق، مەككارلىق، تەررارلىق قاتارلىق يارىماس ئادەتلەرگە نەپرەتلىنىپ، شىكايەت بىلدۈرگەن شېئىر - مۇخەممەسلەرنى يازغان. بۇ ئەسەرلەر بەدىئىي تىل، ھەجۋىي كۈچىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن نەپسانىيەتچىلەرنىڭ تازا يېغىرىغا تەگكەن.

ئابدۇقادىر داموللام پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەرەب ئەللىرىگە قەدەر مەشھۇر بولۇش بىلەن جامائەتچىلىك ئارىسىدا ھۆرمەت ۋە قىزىقىش قوزغىغان بولۇپ، داموللامنىڭ بىر قاتار ئەسەرلىرى قازان «مىللەت» مەتبەئەسىدە نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان. ياڭ زېڭشىن، جىڭ شۇرېن قاتارلىقلارنىڭ فېئودال ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن قوللانغان مىللەتلەرنى ئۆچمەنلەشتۈرۈش، مىللىي كەمسىتىش، خۇ-

راپات بىلەن خەلقنى نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىگە قارشى ئابدۇقادىر داموللام مىللىي باراۋەرلىك، ئىناقلىق، بىرلىك، ئىلىم - مەرىپەتتىن ئىبارەت دېموكراتىك شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ۋەتەنپەرۋەر ئالىم خەلقى تەشكىللەپ، جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ شىنجاڭغا قارىتىلغان ئوچۇق - ئاشكارا تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىگە، خەلقنىڭ ئېڭىنى زەھەرلىشىگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىپ، ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. بۇنىڭدىن تەشۋىشكە چۈشكەن، ئىچكى ۋە تاشقى ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىرلىشىپ، يوشۇرۇن سۇيىقەست پىلانلاپ، ئابدۇقادىر داموللامنى 1924 - يىلى 8 - ئايدا قەشقەر كونا ئوردىدىكى ئۆيىنىڭ كۈتۈپخانىسىدا ئۆلتۈرىۋەتتى. شۇنداقتىمۇ ئالىمنىڭ پاك خاتىرىسى خەلق ئاممىسىنىڭ يۈرەك قەلبىدە ياشاپ كەلمەكتە. مەن بۇ يەردە مەرھۇمنى ياد ئېتىپ، ئەسلىگەن ھالدا، ئۇنىڭ تۈركىي شېئىرلىرىدىن بىر قىسمىنى نەشىرگە تەييارلاپ چىقتىم.

قول يازما 44 - بەتتىن باشلانغان بولۇپ، ئېھتىمال باش قىسمى كۆچۈرۈلمەي قالغان بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ بۇ تەييارلاپ چىققىنىم — ئەنە شۇ 44 - بەتتىن 140 - بەتكىچە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «مۇخەممەس» ۋە «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلەر ئورۇن ئالغان. قول يازمىنىڭ 143 - بەتتىن 203 - بەتكىچە بولغان ئارىلىقتا بېدىلى، سەئدى، جامى، سەيپى قاتارلىقلارنىڭ بىر قىسىم نەمۇنىلىك رۇبائىيلىرى ۋە داموللامنىڭ بىر قىسىم پارچىلىرى بار.

## مۇخەممەس

بۇ زەماندىن نەچچە ئەفسانە ھېكايەت ئەيلەيىن،
كۆڭلۈمە ناقىسغە يەتكەندىن رىۋايەت ئەيلەيىن،
چەرخى مەككار ھىيلەسىدىنكىم كىنايەت ئەيلەيىن،
ئەھلى ئالەمدىن نەچە تەئرىف شىكايەت ئەيلەيىن،
دەر تەسەللىم بولسە مۇنسىف زىخىرەد ئەھلى زەمان.

قازى ئەئلەمگە نەخۇش تەقۋا كەمالەت قىلسەلەر،
ئىككى ئالەم تائەتىدىن خۇب ئەدالەت قىلسەلەر،
مۇفتىكىم قىلماي زەئىف تەرجىھ رىۋايەت قىلسەلەر،
بۇ قەبىلە نې ئەجەب جەننەتدە راھەت قىلسەلەر،
خۇش بولۇپ ئالقاپ دۇئا قىلمىش رەئىيەت ھەرزەمان.

ۋەلئەيازەن بىللاھ ئول ئالەمگە بولسە فارەگىر،
ھېچ سۇراغىن بىغەرەز سورماس دېگىلكىم خارەگىر،

ئەھلى دۆشنام پۆرغەزەپ بولسە دىگىلكىم يارەگىمە،
ھىچ بىرى ئىرمەس بۆدۆر ۋەللاھۆ ئەئلەم نارەگىمە،
ھۆكمىدە تەئسىرى قالماي يانغۆسى ئەھلى زەمان.

ۋەھ، نە خۆش، ۋالى رەئىيەدىن خەبەردار ئولسەلەر،
جانۆ دىلدىنكىم ئەدالەت بىرلە غەمخار ئولسەلەر،
بىۋەلەرگە رەھمۆ شەفقەت بىرلە دىلدار ئولسەلەر،
نامدارلار زۆلم، يوقلۆقدىنكى زەردار ئولسەلەر،
دەۋلەتى ئۆمردگە دائىمدۆر رەئىيە ھەر زەمان.

بولسە ھالىدىن رەئىيە بىخەبەر، بىئىزتىراب،
تاشلاسە دورغە دىۋانغە يۆرتىنى ئول قىلسە خەراب،
دەئۆدگەر كەلسە ئۆنىڭ ئىلكىلە قوينىغە قاراپ،
قىلسە راست يالغانىنى، راستىنى قىلسە يالغان فۆل ماراپە
بۆ سەبەبدىن ھەم رەئىيە ھەم خەراب ئولمىش زەمان.

بىر نەچە ئامى بولۆپ ئەئلەم، بەسى تاپتى مەرام،
باشلابان قىشلاقلانى ئۆز رايىچە ئەيلەپ خىرام،
نى دىسە ھە دەپ ئەۋام بىچارە قىلمىش ئىھتىرام،
لىك مۆنداغ نەچچەسى بىر بولسە قوي بولمىش ھەرام،
مۆنىچۆن چىقتى ھەمە ئەندازەدىنكىم ھەم زەمان،

ۋالى ئولكىم، ھەر قاچان ئاجىز كىلىپ داد ئەيلەدى،
ئەدلۆ شەفقەت ئەيلەپ ئانىڭ كۆڭلىنى شاد ئەيلەدى،
گويىياكىم كەئبە ۋەيران ئولدى، ئاباد ئەيلەدى،
پايىدارۆ دەۋلەتىنى بىشەك ئول ياد ئەيلەدى،
نى سەئادەتدۆر رەئىيەگە بۆرەڭ ۋالى زەمان.

خالىسەن لىللاھ ئەدالەت قىلسەلەر بىر سائەتى،
ئانچە باركىم قولغە كەلدى، ئىككى ئالەم تائەتى،
بولسە دائىم ئەدلۆ شەفقەت بىرلە ۋالى ئادەتى،
بىشەك ئول فىردەۋسى ئەئلا ئىچرە تاپتى راھەتى،
خۆش سەئادەتدۆر بۆ يەڭلىغ بولسەلەر ۋالى زەمان.

قىلسە يۆرت كارىنى ئاخۆند، بەگلەگە ۋالى خىتابە
شەرئىدىن چىقماي قىلىڭلار ئىش، نە بۆيرۆپدۆر كىتاپە

ئالسە شەيخۇل ـ ئىسلام، رەئىس مەجمۇئ ئىشلاردىن ھىساب،
ئاپسە قەلبىن ھەر ئىشىدىن قىلسە قاتتىق ئىھتىساب،
نەفئى ئام ئولماق ئىلە ياخشى بۇلۇر ئىردى زەمان.

دەرسگوي ئالەمگە ساچسە بىردىيا دۇررى گۇھەر،
ئامسە ھەرلەفزىدە قەندىلاتىدىن شىرىن سەمەر،
ئايدىلار بۇ بارەدە ئانھەززەتىم خەيرۇل ـ بەشەر،
بارچەلەر ھەمچۇ جەمىئ ئالەم ئىرۇر شەمسۇ قەمەر،
ئالىمۇ فازىل شۇئائىدىن يارۇق بولمىش زەمان.

ئالىمىكىم ئايتسە دەرسىن خالىسەن لىللاھ دەۋام،
ئىلم ھاسىل بولغۇسى شاگىردلارى قالماي ئەۋام،
ۋەرنە دىلدار بولسەلەر نەچچەند غەرەزلەر بىرلە كام،
خەتمە قىلماي قانچە گەر سەئيى ئەتسە قالمىش ناتەمام،
كۇھنە فىئل موللام دەبان يارئەيلەمىش ئەھلى زەمان.

سەيىيدى سادىقغە ئازدۇر قىلسەكىم جانىن فىدا،
خىزمەتىنى قىلسە دائىم تا ھەيات بولماي جۇدا،
گەر قۇلۇم دەپ ساتسە رازىمەن، دىسە ھەققى خۇدا،
گەرچە سالىھ، ۋەرنە سالىھدۇر بەھەققى مۇستەفا،
ھەشردە بولغاي شەفىئ پەيغەمبەرى ئاخىر زەمان.

ۋەرنە مەكر ئەيلەپ سىياھ ئۆزنى سىيادەت ئەيلەسە،
فەند ئەيلەپ تەزۋىردىن ھەربارە ئادەت ئەيلەسە،
كىچە ـ كۇندۇز تىنمايىن ھەرچەند ئىبادەت ئەيلەسە،
نەچچە يۈز ئەمرازنى ھەر كۈن ئەيادەت ئەيلەسە،
ۋاي، ئول بىچارەنىڭ ھالىغە مىڭ ۋاي ھەر زەمان.

نەفسى شەيتان باشلابان ھەركىمنى قىلسە رەڭ بەرەڭ،
بەئزى كىرمەي باشلاغانغە ئوترادا قالمىش دەرەڭ،
غالىب ئولسە ئەقلى شەھكىم، نەفسى سەگ بولمىش گەرەڭ،
كىم خىلافى نەفس ئىتەرلەر باردۇر تىمەن تەرەڭ،
ئەي خۇدايا، نەفسى شەيتاندىن ئەمان بەر ھەر زەمان.

غازىلاركىم فىسەبىلىللاھ قىلۇر جەڭۇ غەزات،
ئىككى ئالەم دەۋلەتىغە يەتتىلەر ئاپتى نىجات،

مەست ئۇلۇپ ھەق ياددا جانىن بېرىپ بولسە مەمات،
ۋەھ، نە خۇش ئەئلا شەھىددۇركىم ئېرۇر گويا ھەيات،
ئەقرەبا ھەم پەدەرۇ مادەرنى قولدار ھەر زەمان.

ۋەرنە قىلسە جەڭ غەرەز بىرلە بولۇرمەن دەھ باشى،
دەھباشى مەنزۇر بولۇپ ئايتۇر بولۇپ پەنجا باشى،
ئات چاپىپ پەنجاسى دەرلەركىم بولۇرمەن يۈز باشى،
يۈز باشى دەر: «يا ئۆلەي، ياكىم بولاي پانسەد باشى»
بۇ كەبى جەڭدىن سەۋابى تاپماغايلار ھېچ زەمان.

ياكى جەڭ قىلسە ئۆزىنىكىم بەھادۇر چاغلابان،
شاھى ئەتلەسلەر كىيىپ زەررىن كەمەرلەر باغلابان،
ھەر كۆڭلى ياغلىق فەلاۋ بىرلە قوساقنى ياغلابان،
بۇ غەرەزدىن قىلسە جەڭ گەرچە يۈرەكنى داغلابان،
بولمايىن مەقبۇل نۇسرەت تاپمايىن قوغلار زەمان.

ۋەھ، نە خۇشدۇر پىرى كامىل ئىزدەبان تاپسە كىشى،
خىزمەتىدە جانۇ دىلدىن تۇرسەلەر يازۇ قىشى،
ماسىۋەللاھ بولمىسا ھېچكىم بىلە ئانىڭ ئىشى،
بارماسە ھېچ يەرگە، بولسە نەفسى ئىسبات قىلمىشى،
بار ئۇمىد تاپقاي مۇرادىنىكى بىر ۋەقتى زەمان.

بەئزى بىر خەلقە دېگەن بىچارەلەر ھالىغە ۋاي،
ئىستىقامەت ئەيلەيەلمەس ھېچ ئۆيىدە سالۇ ئاي،
بارسەلەر ئوۋلاپ مۇرىد يەكسانە، قويماي ھېچ جاي،
جەھدى بىرلە قىچقىرىپ قويماي فەقىرۇ خاھى باي،
راستۇ خاھ يالغان ئۆتۈپ تۇرمىش مۇنىڭ بىرلە زەمان.

جەزبى تەككەندەك قىلىپ، سىلكىپ باشىنى تىترەتىپ،
ئىلكىدە تەسبىھ، تەۋەججۇھ بىرلە ئاغزىن مىدرەتىپ،
فەيز يەتكەندەك فۇسۇن بىرلە ئۆزىنى يىغلاتىپ،
ئاھۇ ۋاۋەيلا قىلىبان ھەم مۇرىدىن يىغلاتىپ،
قايسى يالغان، قايسى راست، تۇرمىش ئۆتۈپ ئۇشبۇ زەمان.

بولسە نەخۇب پارساۋۇ مۇتتەقى شەيخى مەزار،
سۇمەئەدە ئولتۇرۇپ ھېچ ئاندا چىقماسلار بازار،

بارغۇسى ئەھلى زەمان ئەيىاملاردا چەند ھەزار،
يولغە سالسە قۇۋۋەتى بولسە، كىمە يولىدىن ئازار،
بۇيلە شەيخ ئەنقا ئېرۇرلاركىم خۇسۇسەن بۇ زەمان.

شەيخلەركىم ئىستىقامەت قىلمايىن دېھقانچىلىق،
قىلغە يوق قىلمىش دەۋام سائىل كەبى تۇققانچىلىق
بىمۇشەققەت ئاش دەبان كۆرمىش مۇنى ئاسانچىلىق،
لېك يوقدۇر بۇ ئىشى ئادەم ئارا ئىنسانچىلىق،
ئۆتكەرىپ تۇرمىش بۇ يەگىلغلەرنى ھەم ئەھلى زەمان.

ۋەھ، نە خۇش لەفزى سۈچۈك شاتۇتى يەگىلىغ قارىلار،
خالىسەن لىللاھ ئوقۇر بولسە يېتىپ ئاسارىلار،
سەخت دىللار نەرم ئولۇپ قىلسە قىغانۇ زارلار،
كەلسەلەر پەرۋان ئولۇپ مۇرغانى خۇش گۇفتارىلار،
ھەممەگە بىھتەرۇ مىھتەر بولغۇسىدۇر ھەر زەمان.

بۇيلە تالى ئۇستىدە باردۇر نەچە ۋەئدۇ زەئىد،
بولسە تالى دائىما ئەئلاسى ئەفئالۇ ۋەئىد،
بۇ كەبى قارى ئېرۇرلار بىگۇمان ئەھلى سەئىد،
ئەھلى دىنغە فەخر ئېرۇرلار ئۇشبۇ قۇرئانى مەجىد،
جانۇ دىل بىرلە ھەمە مۇخلىس ئېرۇرلار ھەر زەمان.

ۋاي ئول قارىغە، قۇرئان نە غەرەزدىن ياد ئېتەر،
ئۇشبۇ دۇنيادا بەش - ئون كۈن ۋەقتىنى ئاباد ئېتەر،
بولسە ھەر يەردە تەمەئ بىرلە سەمەن ئىجاد ئېتەر،
تون كىيىپ، ئۇستۇن باقىپ نەفسىنى دائىم شاد ئېتەر،
بۇ كەبىلەرغە خۇدا تەۋفىق بەرگەي ھەر زەمان.

ۋەھ، نە خۇشدۇر، ئىلم ئەھلىگە قەنائەت ئەيلەمەك،
كارى بولماي ئەغنىيالار بىرلە تائەت ئەيلەمەك،
بىتەمەئلىك بىرلە ئىستىغنانى ئادەت ئەيلەمەك،
«قەد تەۋەككەلتۇ ئىلەللاھ» دەپ رىيازەت ئەيلەمەك،
ھىچ ۋەقت خار ئولمايىن ئىززەت تاپۇرلار ھەرزەمان.

ۋاي ئول موللامغەكىم دائىم قارالار پەللەگە،
ئەرتە بىرلە نەزرى ئىستەپ، خوب تۇشەرلەر زەللەگە،

تاپىبان خارلىق بىلەن پۇلىنى سالۇرلار تەللەگە،
فۇل چىقۇرلار ياشقە دەپ دائىم تۇرارلار دەللـەگە،
تىڭلاماس پەندىن قارى بىرلەن ئۈتەرلەر ھەرزەمان.

بەئزى قاششاق ئەغنىيا دىھقانغە ھىچ بەرمەي ئەمان،
دەر بەدەر يۈرمىش تەمەئ بىرلە ياتالماي ھىچ زەمان،
بۇيلە بىغەيرەت قىلۇرلار بارچەنىڭ ئاتىن يامان.
ۋەرنە رەززاق يۈگۈرۈرلەر قىلماغان يەردىن گۇمان،
قىلسەلەر ئەللاھغەكىم مەھكەم تەۋەككۇل ھەرزەمان.

مەرد ئول كەددى يەمىن ئەيلەپ شەبان روز ياتماسە،
مىھنەت ئىلە قول پۇتى گەرچە ئۈزۈلسە قاتماسە،
تارتمايىن مىننەت كىشىدىن ئابرويىن ساتماسە،
ئافەرىن مۇنداغ كىشىگە كۆلفەت ئەلدىن تارتماسە،
ئەھلى ھىممەت بولسە مۇنداغ خار بولماس ھىچ زەمان.

زىغىرەد بولغىل بـۇمالا يەئنى سۆزگە ئىستىمەئ،
ۋەھ، نەخۇشدۇر غەيرەت ئەھلى دائىم ئولسە زىقنەئ،
بار مەسەل «مەتلۇبىنى مەخلۇقدىن قىلسا تەمەئ،
گويىيا قىلدى ئۆكۈزدىن سۈتكى، مۇزدىن ئوت تەمەئ»
بىز كەبى تامىئكە، يا رەب، بەرقەنائەت ھەر زەمان.

ئەھلى قانىئدۇر كىشىكىم ئەل ئارا ئەئلا بولۇر،
ۋەرنە تامىئ ئەھلىدۇر ھەرچەند ئىبىل ئەدنا بولـۇر،
ئىززەتى نابۇد بولۇپ ئەسفەلگە ھەم ئەجزا بولۇر،
قىلسەلەر بەرئەكسى «قانىئ» ھەرفىنى «ئەنقا» بولۇر،
ئاتىنى ئەنقا دەبان ھىچ ئۆرمەگەن ئەھلى زەمان.

ھەممىدىن ئەئلا مۇيەسسەر ئەيلەپ ھەرقىلسە كەرەم،
ھەم ئەتا قىلسە ھەلالدىن نەچچە يۈز تىللا درەم،
بىغەرەز تاشلاپ چىقۇرلار بولسە زەن باغى ئىرەم،
بولىسا كۆڭلىدە ھىچ ئىش ئۆزگە بەيتۇللاھ ھەرەم،
نە سەئادەتدۇر، سەئادەتكىم خۇسۇسەن بۇ زەمان.

بۇ خۇلۇسىيەتدە چىققان ھاجىلاردۇر ناگەھان،
كۈن كۆرەلمەي بەئزى غۇربەت بەئزىسى تاپماي ئەمان،

ئاغرىنىپ يا كايىبان يەتكۈرسە كۆلفەت بىر يامان،
ياكى ئىززەت ياكى قىلماقدۇر سەياھاتى جەھان،
قايسى ۋەجھى بىرلە بولسە بولدىلار ئاخىر زەمان.

**رەھمەت ئۇلغاي ئول تەبىبغەكىم ئەگەر بولسە كەسەل،**
**دەفئەتەن بارىپ سۆچۈك تىل بىرلەكىم بەرسە ئەسەل،**
**قىلمىسە نەفرەت، ئىبقىپ تۇرسە يىرىلىق، خۇن بىرلە سەل،**
**ھىچ بىرىكىم كارى خەيرىدىن مۇڭا بولماس مەسەل،**
**ئالقابان ئەيلەر دۇئا ھەمرازلارىكىم ھەرزەمان.**

**ۋاي ئاڭاكىم، بارچەئى مىس ئۆزىنى ئالتۇن تۇتار،**
**ئىلكىگە ئالىپ ئەساسىن بەلكى ئەفلاتۇن تۇتار،**
**زۇھدى تەقۋا ئىچرە گويا خەلفەئى مەئمۇن تۇتار،**
**ئاھ، دەپ ھەمرازلار ئازارىدىنكىم قان يۇتار،**
**ساقلاغىل، يارەب، ئاڭا مۇھتاج قىلمە ھىچ زەمان.**

ئىزدەبان ئەھلى ھۆكۈمەتنى فۇسۇندىن دام ئىتەر،
چىرلاسە بارماي فەقىرلەرغە بەسى دۇشنام ئىتەر،
ھەممەنى مەئيۇسۇ نەۋمىدلىق بىلە ناكام ئىتەر،
گويىيا ئۆمرى بىناسىغە سىياھدىن تام ئىتەر،
نەچچە مىڭ ھازىق ھەكىملەرنى ئۆتكۈرگەن زەمان.

ھەممەدىن بىھراق بۇكىم مۇنسىق ئىسە ئەھلى قەلەم،
ۋەجھىلەردىن ھىچكىمگە يەتمەسە زەررە ئەلەم،
قارانى ئاق ئەيلەمەك، ئاقنى قارا كارى قەلەم،
بۇ سەبەبدىن دائىما ئەكسەرلەگە يەتمىش ئەلەم،
قىلماسە بۇ ئىشنى ھەرگىز تا ھەيات ئىچرە زەمان.

يەتكۈزۈپ نەفئىن قەلەمدىنكىم بىرىنى كۆلدۈرەر،
يانە بىرنى يىغلاتىبان زارۇ ھەيران كۆيدۈرەر،
ھەممەدىن بەتتەر قەلەمگىر بولسە گەر ئەھلى شەرەر،
ئەلھەزەر، سۈممەل - ھەزەر، سۈممەل - ھەزەر، سۈممەل - ھەزەر،
ھەرچە بەدكىردار يامانلۇر ئۆتكەرۈرلەر بۇ زەمان.

ۋەرنە مىرزا مۇھتەرەمدۇر شاھلار دەۋانىدا،
ھەممەگە ئەسراردۇر ئەيۋان ئىلە كەيۋانىدا،
ھاكىمۇ سەركار خۇش ئامەد ئەيلەر ھەر ئاۋانىدا،
نە ئۇچۇنكىم، ھەممەنىڭ ئەسرارى ياردۇر يانىدا،
بۇ قەلەم بىرلە تۇتۇلمىشكىم ھۆكۈماتى زەمان.

ۋائىزبكىم ھەرزەمان گۇفتارىدىدىنكىم تامىسە قەند،
ئايتسەلەر ئايەت، ھەدىسۇ بىرلە دائىم ۋەئزۇ فەند،
ئالىمۇ فازىل، ئەكابىرلارغە ھەم بولسە پىسەند،
ئۆزى گەر ئەھلى بۇخارا بولسەلەر خاھى خۇجەند،
گەرچە خۇش گۇفتارلىقدا بولسە يەكتايى زەمان.

ۋەھ، نە خۇشدۇر بولسە كامىل مۇتتەقى فەرھىزگەر،
ئايتسە ۋەئزىنى خالىسەن لىللاھكىم قىلمىش ئەسەر،
ۋەرنەكىم گۇفتارىدىن ئەفئالىدا يوقدۇر ئەسەر،
ئۇشبۇ يەڭلىغ ۋائىزىدىن ھەم ھەزەر، سۇممەل - ھەزەر،
دىسەلەر كازىب ئەمەس ئالدامچى، مەككارى زەمان.

ئەغنىيا سەۋداگەرى ھەق ئەمرىدىن ئاگاھىدۇر،
ئايرىبان ئۇشرە، زەكاتىنى دائىم ئول ئاگاھدۇر،
ئىزدەبان دەرۋىش غەرىبلەر ھالىدىن ئاگاھدۇر،
ئاچقە ئاش، ئورىيانغە تون بەرمەك ئىلە ئاگاھدۇر،
ئۇمرى دەۋلەت ئارتىپ ئافەت يىمەگەي ئىچرە زەمان.

بولسە نەۋمىد ئەتمەيىن مۇھتاج ئۇچۇن ھاجەت رەۋا،
دەردمەند، مەدىۋنلار دەردىغە ئول قىلسە دەۋا،
بەرسە دەۋلەتدىن يىقىلغان بىنەۋالارغە نەۋا،
ھەق سۆزىنى ئايتسە كىشىكىم كەلمەسە ھەرگىز ھەۋا،
مۇنداغ ئەرنى دىسە بولغاي ھاتەمى تايى زەمان.

ۋاي، مىلك ۋاي، ئول غەنىلەرغە ئەمانەتداردۇر،
بەرمەيىن ئۇشرە، زەكاتىنكىم خىيانەتداردۇر،
كۆز سۈرتۈپ سىيمۇ زەرلەرگە رىئايەتداردۇر،
مەست ئولۇپ دۇنياغە نەھى ئىچرە جىنايەتداردۇر،
قانچەكىم قارۇنكى زەرمەستىنى ئۆتكەرگەن زەمان.

بۇ كەبى دۇنيا ئەمەس راھەت، خۇدانىڭ ئافەتى،
ئىشلەتىپ دۇنيا ئانى راھەت كۆرەلمەس سائەتى،
راھەت ئورنىغە يېتىپ تۇرمۇش مەلامەت كۈلفەتى،
ئاخىرەت تۇرغاي، بۇ ئالەمدە چىقۇر بەدنام ئاتى،
ھېچكىمنى بۇ كەبى ئوينىتماغايلار بۇ زەمان.

ۋەھ، نە خۇب مۇنىسى ئىسە تۈكچىلە يەئنى تەرجىمان،
بولسەلەر ھەر ۋەجھىدىن مۇئمىنلەغە نەفئى رەسان،
قايسى ئىش نەفئى رەئىيە قىلسە جەھرەن خاھ نىھان،
ئىككى ئالەم دەۋلەتى گوياكى كەلمىش بىگۇمان.
ئىززو ئىقبالى زىيادە بولغۇسىدۇر ھەر زەمان.

ۋاي ئاڭا، پۇلغە قاراپ ئاجىزلاغە سالسە زەرەر،
ئەرزىنىڭ ئاستىن دېمەي يۆتكەپ ئانى قىلسە زەرەر.
بىۋەگە چىرتىپ چىرايىن بايلاغە قىلسە نەزەر،
بۇ كەبى تۈكچى بېگىمدىن ھەم ھەزەر، سۈممەل ـ ھەزەر،
دەفئ ئېتىپ كۆرمەي فەلەك تاشلار ئانىكىم ھەرزەمان.

خەتتى زىبا ئىلم ئەھلىگە ئەجەب نۇر ئۈزرە نۇر،
كاتىبىكىم خۇش نەۋىس ھەم راست نەۋىس نۇر ئۈزرەنۇر،
خەتتى ئەئلا نىسى ئىلم مۇفتاھ رەزىق نۇر ئۈزرە نۇر،
جىلۋەلەر ئەيلەپ تەبەسسۇم تۇرغانى نۇر ئۈزرە نۇر،
ھەق ئەزىز ئەتكەي بۇ يەڭلىغ كاتىبىنى ھەر زەمان.

كاتىبىكىم مېھنەت ئەيلەپ بىر كىتابىنى يازار،
بەئزى جا بولسە غەلەت راست ئەيلەمەكدۇر نىكۇ كار،
قەسد ئىلە ھەرگىز خەتا قىلما ۋەلى تەبئى ئازار،
ۋەرنەكىم راستى ئەقىل بولسە غەلەتلەر بىشۇمار،
قىلغايۇ خانەندەلەر دۇشنام ھەقارەت ھەر زەمان.

شائىرىكىم ۋەسفى ئەينى كىمسەنىڭ قىلسە بەيان
ئەينى دوستلۇقدۇر ۋەلى مەۋسۇفىغە يوقتۇر زىيان،
زىنھەرەد ئايتۇر كۆرۈپ بىلسەم بۇ نۇقسانىم قايان،
كۆرگەيۇ تاشلار تۆكەر ئەيبى ئاڭا ئەينى ئەيان،
ئەيبۇ نۇقسانىنى تۈگەتمەك بىرلە يار ئولغاي زەمان.

ۋەرنە نەيىمىن ئەتمەيىن لاف ئىلە تەئرىفىن دىسە،
ياشۇرۇپ نۇقسانىنىكىم، ئاشۇرۇپ مەدھىن دىسە،
ماقتىبان قىرغىز كەبى ھەددىن فۇزۇن ۋەسفىن دىسە
يالغان ئىرمەسكىم ئانى يالغانچى خۇشە چىن دىسە،
سىدقۇ كىزبىن بىلگۇسىدۇر زىخىرەد ئەھلى زەمان.

كىمسەنىڭ ۋەسفىن كۆمۈپ ھەجۋىلە قىلسە مەسخەرە،
ئۆزى دەر يا بىر ھەردى دەر ئەھمەق ئولۇپ ھۇشىەرە،
ھەجۋەدىن گەرچە ئازار قىلسە بولۇر كۆكسى يارە،
تۇف ئانىڭ ھەجۋىگە لايەئقۇل ئېرۇر كۆڭلى قارە،
بۇ كەبى بىھۇدە گويلارنى كۆتەرمەسلەر زەمان.

بارچە كەسبىنى كىرىپ شاگىردى ئۇستاددىن ئولۇر،
كۆزى بىرلە ياكى فىئلى بىرلە يا تىلدىن ئولۇر،
ئىستىقامەت ئەيلەسە ئايلاردا يا يىلدىن ئولۇر،
ئىشلەمەس ھىچقايسى بۇ شىئىرىغە تىل دىلدىن ئولۇر،
تەربىيەت قىلسە نۇجۇمىكىم ۋەيا ۋالى زەمان.

ئول نە خۇش دىھقانكىم تەرك ئەتمەسە سەۋمۇ سەلات،
سىدقى دىلدىن بەرسەلەر تائەت بىلىپ ئۇشرە-زەكات،
نەفئ ئالسە دائىما خۇش ئەقرەباسى خاھى يات،
نە سەئادەت بۇيلەكىم ئۆمر ئىچر چىقسە ياخشى ئات،
يايسە دەستۇرخانىنى ئاشىن يىسە ئەھلى زەمان.

ۋاي ئول دىھقانغەكىم قىلماس دەۋام رۇزە، نەماز،
بەرمەسە ئۇشرە-زەكاتىن يىل ئۆتۈپ نەزرۇ نىياز،
كەلسە ناگەھ سايىلى ئۆيرۈپ يۈزىن بەرمەس پىيازە
ئۆتكەرۇر ئۆمرىن بۇ يەڭلىغ ماھ، سالۇ قىشۇ ياز،
باسسە ھەرچەند ئىلگەرى كەينىگە تاشلارلار زەمان.

سائىلىكىم كۆرۈ شال كۆرمەك تۇتۇر ئىمكانى يوق،
يا توكور، ئاقساق ئىرۇرلاركىم ماڭار ئىمكانى يوق،
يا باقۇرغە ئادەمى، تۇئمە قىلۇرغە نانى يوق،
لەرسە بەرمەي ھەر نىچۈك ئىنسان مۇڭا ئىمكانى يوق،
بىرگە يۈز بولمىش سەۋاب بەرسە نىمە ئەھلى زەمان.

ۋاي ئول بىشەرم سائىللارغەكىم، بار سىيمۇ زەر،
ئات مىنىپ ئىشان سىفەت سەھرادا يۈرمىش دەر بەدەر،
خاھى خىرمان، خاھى ئۆيدە ئاغزىغە كەلگەننى دەر،
ياشلارى ساچىن يايىپ چالمىش دۇتارى يا سەتەر،
بولغانى ئەكسەر ئەلاماتى ئىرۇر ئاخىر زەمان.

كاسىبىكىم كەسىبىدە بىسيار قىلسە ئىھتىيات،
ھىيلەلەر قىلماي ھەلاللىقدا چىقارسە ياخشى ئات،
كەلمەگەي ئۆمر ئىچرە كەسبى ۋەجھىدىن زەررە ئۆياتە
ئالقاغاي سەرف ئەيلەگەنلەر تاكى ئول بولغاي ھەيات،
بۇ كەبى كاسىب نەۋا تاپقاي مۇرادىن ھەر زەمان.

ۋاي ئول كاسىبلاغە، قىلغان ئىشى تەزۋىردۇر،
ئاز كۈن ئۆتمەي ئول ئىشى تەبدىل ئىلە تەغيىردۇر،
قولدىن ئۆتكەرمەك ئانىڭ كۆڭلىدە بىر تەدبىردۇر،
بۇ ئىشى كەسبى ھەلال قىلغانلاغە تەھقىردۇر،
ئۈستى باشى پۈتمەيىن ھەرگىز نەۋا بەرمەس زەمان.

كىچە - كۈندۈز قىلسە كەسبىن قۇل سالالماس كەينىغە
ئىلگەرى قويسە قەدەم ئەلبەتتە كەتمىش كەينىغە،
داغى تەڭلىكدىن گىرىفتار ئولغۇسىدۇر دىنىغە،
قىل ھەلال كەسبىن دىسە، ھەرگىز تۈشۈرمەس زىھنىغە
مۇنىڭ ئۆچۈن ئۆمر ئىچىدە ھىچ نەۋا بەرمەس زەمان.

فاسىقىكىم فىسق ئارا غەرق ئولسە گەر شامۇ سەبۇھە
بەئزىدە ئەفسۇس، نەدامەت بىرلە تارتىسە ئاھۇ ئۇھە
تەۋبە قىلسە جانۇ دىلدىن زار ئىلە ھەمچۇن نەسۇھە
ھەق قەبۇل ئەيلەپ ئەتا قىلمىش ئاڭا نەچچە فۇتۇھە
دىللارى پۇر نۇر ئولۇر بولمىش مۇناجاتى زەمان.

ۋاي ئاڭاكىم قىلسە قەۋلى فىئلى بىرلە جۇرمەئىيە
قورقمايىن خەللاقدىن مەخلۇقلاردىن شەرمەئىيە،
ئايتسە دائىم زىكر، فىكر ئورنىدا ئول ئەفسانەئىيە
قىلماسە ئۆمرىدە بىر ئەفسۇس، نەدامەت تەۋبەئىيە
ھالى مۇشكىلدۇر ئانىڭ خاھ ئول زەمان خاھ بول زەمان.

خاتۇنىكىم ئېرىنىڭ پەرمانىدا مەستۇرەدۇر،
ھەم نەماز - تائەت، سەھەرخىزلىك بىلە مەنزۇردۇر،
ئىن ئان پەستۇ بەلەند ئەفئالى بەدلەر دۇرىدۇر،
گويىيا بىلگىل، ئەمەس ئىنسان، بىھىشتى ھۇرىدۇر،
ئەرگە ئىقبال بۇ كەبى خاتۇن خۇشۇسەن بۇ زەمان.

ئول خاتۇنكىم بىھەيا ھەم بىنەماز دىلسەخت ئېرۇر،
بەدفەئالۇ تىز زەبان، ھازىر جەۋاب، كەمرەخت ئېرۇر،
دائىم ئانىڭ ئاخىرەتىدىن ۋەھمى يوق بەدبەخت ئېرۇر،
ئېرىنىڭ كۆڭلى دەۋام ئالۇدە خۇند بىبەخت ئېرۇر،
بۇ كەبى خاتۇن ئېرۇر ئېرىگە ئافاتى زەمان.

بولسە بەدخۇ دائىما بىشەرمۇ نامەھرەم نەزەر،
قىلسە ئول ھەركۈن چىقىبان ئىچرە بازاردىن گۆزەر،
قىلماسە پەرۋا ئېرىدىن غايىب ئولسۇن خاھ ھەزەر،
مىڭ تەلاق ئەيلەپ چىقىپ كەتمەك، قىلىبان ئەلھەزەر،
بۇ جىھەتدىن تەڭگۇ - تارۇ ھەم خەراب ئولدى زەمان.

ئىلگەرى كەلمەي كېيىن كەتمەك مۇكافاتى ئانىڭ،
ئەرگە تەگسە خارلىق يەتمەكلىك ئافاتى ئانىڭ،
نەچچە دەفتەر قىلسە سىغماسلار ھىرافاتى ئانىڭ،
ھەرقىپچۇك ئافەت بىلە كەلمەك كەسافاتى ئانىڭ،
قىل ئەمان، يارەب، خاتۇنلار شەررىدىنكىم ھەرزەمان.

قايسى تىل بىرلە ئەدا قىلماق بولارنىڭ كەيدىنى،
بولماغاي ئاسان تاپا ئالماق ئولارنىڭ ھىددىنى،
تۈشسە سەيدىگە تارتماغلىق ئۈزۈن كۈن قەيدىنى،
تارتماغاي ھىچ بەندەئى مۇئمىن ئولارنىڭ دەردىنى،
قىل ئەمان، يا رەب، خاتۇنلار شەررىدىنكىم ھەرزەمان.

چىقتى ئادەمكىم بىھىشتىدىن ئانچە گىريان ئەيلەدى،
مەكر ئىلە يۇسۇفنى ئاخىر بەندى زىندان ئەيلەدى،
ئول سۇلەيمان تەختى بەختىنىكى ۋەيران ئەيلەدى،
كوھىقاف ئىچرە دەۋام سىمۇرغنى ھەيران ئەيلەدى،
ئول زەماندا مۇنچە ئىشدۇر، ۋاي نېتسۇن بۇ زەمان.

جىلك تەرازۇ تۇتقۇچىلار قىلسە ياخشى ئىھتىيات،
ئىززەتۇ ئىكرامۇ دۇنياسى كەم ئولماس تاھەيات،
قىلغۇسى بۇ ئىشنى مۇنسىق ئەھلىدىن ھەم پاك زات،
تاپقۇسى گۆر ئىچرە مىزان ھەم سىرات ئۆزرە نىجات،
بو كەبىلەرنى كۆتەرگەي خار قىلماي ھەر زەمان.

ۋاي، مىلك ۋايكىم، ئۇلار ئەفئالى بىرلە ھالىغە،
ئۆزىگە ۋەزنىن ئالىپ، ساتقان يىپنىك ئەھۋالىغە،
سۇد تاپماس ئاقىبەت ئافەت يېتۇر ئەمۋالىغە،
ئاچ ـ يالىڭلىقدىن قالۇرلار زار بىرلە نالىغە،
بۇ سەبەبلەردىن بەسى تار ئولدىلار ئوشبۇ زەمان.

ۋاي ئىنسافىغەكىم، قەسساب بىرلە ياغچىنىڭ،
يانە نانۋاي بىرلە باققال ھەم گۇرۇنجى، ئۇنچىنىڭ،
جۇملەئى دارىفۇرۇش، مىسكەر بىلە ئالتۇنچىنىڭ،
ھەم تەماكۇ چايچى بىرلە پاختەچى، سابۇنچىنىڭ،
بۇ سەبەبلەردىن بەسى تار ئولدىلار ئۇشبۇ زەمان.

داغى قۇرباب ھەم ياغاچچى بىرلە ھەم ئاتقۇچىنىڭ،
زىلچەبابۇ مۇزدور بىرلە تۆمۇرچى، كۆنچىنىڭ،
ھەم بۇياقچى خاھ ئىپەكچى، لۆڭگەبابۇ بۆزچىنىڭ،
شۇستىگەر، سەيغۇلىك، تۇماقچى ھەم قازانچى، تامچىنىڭ.
تەڭرى بەرگەي ئۇشبۇلار جەمئىغە ئىنساف ھەر زەمان.

قالمادى ئالەم ئىلىدە زەررەئى بۇيى ۋەفا،
ئالسە بەرمەس، كەتسە كەلمەسلىك بىلە سالمىش جەفا،
بارچە ئىش فەندۇ ـ فۇنۇن، مەكر ئولدىلار قالماي سەفا،
ھېچ جىھەتدىن ھېچ دىلدا شاد يوق باردۇر خەفا،
مۇنىڭ ئۇچۇن ھەممەلەرگە تەڭگو ـ تار ئولدى زەمان.

بولدىلار ئۆز بەگ مۇخەييەر ئالغۇچى ـ ساتقۇنچىلار،
قىيمەت ئەيلەپ ياغ، زىغىرنى ھەرتەرەف تارتقۇنچىلار،
كەم بىرىپ گوشتىنى داغى ناننى كىچىك ياققۇنچىلار،
ياغقە سۇ، ئۇنغە كىپەك، تاشنى گۇرۇنج قاتقۇنچىلار،
تاشلابان ئالماي خەبەر بولدى بۇرەك ۋالى زەمان.

نەفسى شەيتان كۆرسەتۆر ھەر بەندەگە تۆرلۆك ئۆيۆن،
نەفسى مىرشەب مۆلكى تەندە ئەقلدۆرلار رەھنەمۆن،
بەئزىلەرنى ئازدۆرۆر، غەفلەت بىلە قىلمىش زەبۆن،
ئاقىل ئولدۆر ئەكسى ئىيەپ بەرمەسە ھەرگىز بويۆن،
ئەقلىلە نەفسى تالاش ئۆستىدەدۆرلار ھەرزەمان.

نەفس ئايتۆر: «ئەقلىنىك ئۆستىدە بولسام دەستىرەس،
قاتىبان تەن مۆلكىنى گويا ئاڭا ئالسام قەفەس،»
نەفسى ئايتۆر: «ۋەقتىنىك ئۆشبۆ ئەيلەگىل ھايۆ ھەۋەس،»
ئەقل ئايتۆر: «دەم غەنىمەت غافىل ئولمە بىر نەفەس،
كەلمەگەي ئىككىنچى ھەرگىزكىم ئۆتۆپ تۆرغان زەمان.»

نەفس دەر: «فىكر ئەھلىغە كەيف ئىلە يۆرمەكلىك رەۋا،»
ئەقل ئايتۆر: «ئەھلى كەيف ئۆمر ئىچرە تاپماسلار نەۋا،»
نەفس ئايتۆر: «مەشرەب ئويناپ، ئاڭلاغىل نەغمە-نەۋا،»
ئەقل ئايتۆر: «نەھىدۆر بۆ، ئىستەمە ھىرسۆ ھەۋا،»
نەھى ئىشلاردىن پەناھ بەرگىل، خۆدايا، بۆ زەمان،

نەفس دەر: «ئەھلى مۆغەننىلەر ئارا ساز ئەيلەگىل،»
ئەقل ئايتۆر: «ئەھلى تائەت بىرلە ھەمراز ئەيلەگىل،»
نەفس ئايتۆر: «ياخشى مەھبۆبلار ئارا باز ئەيلەگىل،»
ئەقل ئايتۆر: «تەۋبە دەپ ‹لاھەۋلە› ئاغاز ئەيلەگىل،
خەۋف ئىلە ئەفسۆس نەدامەت بىرلە بولغىل ھەرزەمان.»

نەفس ئايتۆر: فىسق ئىبلىنى ئەيلەگىل ئۆزۆڭگە رام،»
ئەقل ئايتۆر: «دائىما زۆھد ئەھلى ئىلە قىلغىل خىرام،»
نەفس ئايتۆر: «ھاسىل ئەيلە دىلدا نە باردۆر مەرام،»
ئەقل ئايتۆر: نەفسى شەيتان باشلاغان يوللار ھەرام،
كىرمەگىل زىنھاركىم شەيتان يولىغە ھىچ زەمان.»

نەفس ئايتۆر: «يەپ-ئىچىپ دائىم تەنىڭنى ھەزبە قىل،»
ئەقل ئايتۆر: «نەفسىنى تويغۆزمايىن سەن ھەربە قىل،»
نەفسى ئايتۆر: «ئويناپ ئالىپ، ئەرتە-ئۆرگۆن تەۋبە قىل،»
ئەقل ئايتۆر: «يان گۆنەھدىن دەرمەھەل سەن تەۋبە قىل،
تەۋبە قىلغۆم دەپ يۆرۆبان ئۆتمەسۆن ۋەقتى زەمان.»

نەفس ئايتۇر: «ئويناپ ئال ھەرنەۋئى سازىن چالدۇرۇپ،»
ئەقل دەر: «بىھۇدە يول يۈرمە پۈتۈڭنى تالدۇرۇپ،»
نەفسى سەگ شەيتان ئىلە سەئى ئەيلەر يولدىن ئازدۇرۇپ،
ئەقل شەھ فەھمىلە ئازغان يولدىن ئانى ياندۇرۇپ،
ئەقل بىرلە نەفس بۇ رەڭ جەڭ ئەيلەمىشلەر ھەرزەمان.

ئەقل غالىب بولسە كىمدە شاد ئولۇرلار جان ئارا،
ۋەرنە بولسە نەفس غالىب قالغاي ئول ئارمان ئارا،
ئۇشبۇ رەڭ ئېردى تالاش تەن ئىچرەكىم مەيدان ئارا،
گويىيا ئېردى جەدەل قەيسەر بىلە خاقان ئارا،
غالىب ئەيلە ئەقلىنى نەفس ئۈزرە، يا رەب، ھەر زەمان.

رەھمۇ شەفقەت ھېچكىمدە قالمادى ھەم ئىشتىياق،
مېھرىبانلىق، قەدرىدانلىق ئورنىغە تۈشتى نىفاق،
ئىككى رەڭ بولدى ھەمە تىلدا ۋىفاق، دىلدا نىفاق،
ھەممەكىم بۇ ئىش مۇكافاتىدا تۈشسە ئىفتىراق،
ۋاي بۇكىم ھەم ئەلاماتى ئېرۇر ئاخىر زەمان.

بۇ زەمان رەۋنەقىنىڭ ھېچ ئافتابى قالمادى،
بۇزدى ئەۋۋەلقى نىزاملارنى، تەنابى قالمادى،
بىغەرەز ئىش يوق ئۈچۈن ئانىڭ سەۋابى قالمادى،
دىل پەراكەندە بولۇپ ھېچ كامىيابى قالمادى،
ئۇشبۇ ئىشلار ھەم ئەلاماتى ئېرۇر ئاخىر زەمان.

ئۇشبۇ ئالەمدىن نەچە مىڭ ئەنبىيالار ئۆتتىلەر،
نەچچە ئىقلىمگەر، جەھانگىر پادشاھلار ئۆتتىلەر،
تا بۇ دەمگە ئاتى باقى ئۆچمەگەنلەر ئۆتتىلەر،
ئادىلۇ زالىم كېلىبان بىر-بىر ئارقى ئۆتتىلەر،
ھېچ زىيجانىغە ۋەفا قىلماس ئىكەنلەر بۇ زەمان.

بارچەغە ئېردى ئاتا، ئادەم سەفىيۇللاھ قەنى،
كۆردىلەر مىڭ يىل ئۆمر نۇھى نەبىيۇللاھ قەنى،
ھۇتتۇ سالىھ داغى ئىبراھىم خەلىلۇللاھ قەنى،
يۇنۇسۇ ئەييۇب ئىلە يۇسۇف سىددىقۇللاھ قەنى،
بىر-بىر ئۆتكەردى بۇ يەڭلىغ ئەنبىيالارنى زەمان.

يەئقۇبۇ جىرجىس ئىلە مۇسا كەلىمۇللاھ قەنى،
ھەم شۇئەيب، ھارۇنۇ ئىسمائىل زەبىھۇللاھ قەنى،
زىكرىيا، داۋۇد ئىلە يەھيا نەبىيۇللاھ قەنى،
ئەرمىيا، شىسۇ خىزىر، ئىلياس نەبىيۇللاھ قەنى،
ئەنبىيالارنى بۇ يەڭلىغ بىر - بىر ئۆتكەرگەن زەمان.

ئەلىيەسەئ زۇلكىفلىلە ئەيسا مەسىھۇللاھ قەنى،
يانە يۇشەئ بىرلە ئانھەزرەت رەسۇلۇللاھ قەنى،
ئىككى ئالەمنىڭ چىراغى ئىبردىلەر خاتەم قەنى،
ئۇممەتىگە مىھرىبان ئول ماھىتابانىم قەنى،
ھەشردە بولمىش شەفىئ پەيغەمبەرى ئاخىر زەمان.

ھەم پەيەمبەر ئىنسۇ جىن ۋەھشى تۇيۇر شاھى قەنى،
ئىلمۇ ھىكمەت ئەھلىنىڭ لۇقماندەك ماھى قەنى،
يەر يۈزى دەريانى ئالغان شاھى ئىسكەندەر قەنى،
يانە بەختۇن نەسرىكىم نەمرۇد ئىلە نەۋدەر قەنى،
ئۇشبۇ يەڭلىغكىم جەھانگىرلارنى ئۆتكەرگەن زەمان.

ھەم كىيۇمەرس بىرلە تۇھمۇرەسكى دەقيانۇس قەنى،
شەھرديارۇ ھەم سىياۋۇش بىرلە كەيكاۋۇس قەنى،
ھەم فەرىدۇن بىرلە جەمشىد، بەھمەنۇ ھۇشەڭ قەنى،
ھۇرمۇزۇ كىسرى نۇشىرۋان، نەرس ئىلە ئەۋرەڭ قەنى،
ئۇشبۇ يەڭلىغ قانچە ئىقلىمگەرنى ئۆتكەرگەن زەمان.

گۇدرەزۇ ھەم داۋۇدۇ كۇشنان ئىلە تەۋەمەس قەنى،
ئەردەشىر، شافۇر ئىلە بەرزۇ قۇباس جامۇس قەنى،
بەھمەنۇ دارا، شىكەن ھەم پىلقۇسۇ خۇسرەۋ قەنى،
كەيقۇباد، ئەفراسىياب گەرشەستى كەيخۇسرەۋ قەنى،
دەئۇشى بىمەئنى قىلغانلارنى ئۆتكەرگەن زەمان.

يەزد جىرد، ئەرزۇم بىلە فەررۇخ يەنە فەرۋىز قەنى،
ھەم مەنۇ چىھر بىلە تۇران، يالاش، ھورمۇز قەنى،
ھەم زەھاكۇ ئەردەشىر، ئەشنان ئىلە بەھرام قەنى،
ئانى دىگەر ئەردەشىرى كەسرى ئىلە بەھرام قەنى،
ئۇشبۇ يەڭلىغ نەچچە ئىقلىمگەرنى ئۆتكەرگەن زەمان.

تۆرت قەبىلە شەھ بولۇپ ئۆتمىش زەمىن دامانىدىن،
پىشەدارى ھەم كىيان ئەشكان ئىلە ساسانىدىن،
نەچچە مىلل يىل كەتمەيىن شەھلىق بولار ئەۋلادىدىن،
چىقماغاي فىرئەۋن نىزام ئابا ئىلە ئەجدادىدىن،
ئۇشبۇ يەڭلىغ شاھى ئىقلىمگەرنى ئۆتكەرگەن زەمان.

ھەربىرى ئېردى نەچە يۈز تاجدار شاھلار شەھى،
ئەكسەرى كۇفر ئەھلى ئېردى ئەھلى دىن ئېردى گەھى،
سىققەۋۇ مەزبۇتۇ مەھكەم ئېردىلار ھۆكمى زىھى،
كەتتىلەر غەيرەز كەفەن ئالماي ھەمە دوستلار تەھى،
بىر ـ بىر ئارقا ئۇشبۇ ئىقلىمگەرنى ئۆتكەرگەن زەمان.

پەھلەۋانلىق نامى مەشھۇر زال ئىلە رۇستەم قەنى،
ئول سەخىلىق بىرلە مەنشۇر مال ئىلە ھاتەم قەنى،
ئىشق ئارا مەۋسۇفدۇر فەرھاد ئىلە شىرىن قەنى،
ھەم سىفەت بولغاي داغى لەيلى بىلەن مەجنۇن قەنى،
شەھ ـ گەدا ھەم ئاشىقۇ مەئشۇقنى ئۆتكەرگەن زەمان،

تۆرت مىلل ئۇچ يۈز ئالتە يىل ئىچرە بۇ شاھلار ئۆتتىلەر،
ھەر ئىشىنى ئالەم ئىچرە خاھىشىچە ئەتتىلەر،
تويمادىلار قابىزۇل ـ ئەرۋاھ كۆنىدە يەتتىلەر،
چارە تاپماي ئاھۇ ئەفسۇس بىرلە بىر ـ بىر كەتتىلەر،
بىر ـ بىر ئارقا بۇيلە ئىقلىمگەرنى ئۆتكەرگەن زەمان.

قالمادى ئەسلا تەنابى بولدى ئالەم بىنىزام،
يوق ئۇچچۇن بىر ھاكىمى مەزبۇتكىم ئالىي كىرام،
ھەر بىرى ئۆز بەگ بولۇپ رەئيى ئىلە ئەيلەر خىرام،
ياتتىلار ئەئلا نەسەب ئەسفەل قوپۇپ تاپتى قارام،
بىگۇمان بۇ ئىش ئەلاماتى ئېرۇر ئاخىر زەمان.

ۋاي ئول ناكەسكە، قىلمىش خاتۇنىن مۇشكىل تەلاق،
بەئد ئىددەت ئەرگە تەگسە دەپ ئېرىم قىلغان تەلاق،
ئەرز بېرىپ يامۇنغە دەرقىلغان ئەمەس ئېرىم تەلاق،
بۇيرۇسە ئىلتىپ كېتۇر مۇشكىل دىمەي خاتۇن تەلاق،
ھەرنە بولسە بولغۇسىدۇر ئۇشبۇ ئىشلاردىن زەمان.

ئۈستى-باشى يوق يالاڭ يۈرمىش قىمارباز ھەر تەرەف،
كۆز قىزارتىپ مەستى لايەئقەل جالاببىاز ھەر تەرەف،
ھەم ئىچىپ باقسۇن بوزە مەيداندا بەڭباز ھەر تەرەف،
هاي-ھۇي دەپ قاقىبان داپلار تەبىلباز ھەر تەرەف،
زەبتە قىلماي ئۇشبۇ يەڭلىغ بولدىلار ۋالى زەمان.

بىئەبا شەب-روز يامانلار ئىچسەلەر شوربۇ شەراب،
ھەر تەرەف بەد ئەسلىلەر تام تەشكىلى ئۆيىنى ماراپ،
قول يالاڭ كۆكسىن ئاچىپ بەد چەشم ئىلە ھەريان قاراپ،
تاپسا خالى ئۆلتۈرەم دەپ بار-يوقىن ئالماق تالاپ،
تەۋبە دەپ «لاھەۋلە» ئىستىغفار ئوقۇر بولدى زەمان.

ئوغرىلار ئاتلىق-پىيادە يۈرسە سەھرانى سۇلاپ،
كېچەلەر ئۆيىنى ئوغۇرلاپ، كۈندۈزى ئەلنى بۇلاپ،
بىئەبا ئارتىپ ئاڭىبان نەچچە ئاغرامچىن ئۇلاپ،
سۇندۇرۇپ گەر بولسە ساندۇق ئۇرۇسدا يۈز قۇلاپ،
قىلمايىن زەربى شەددىد بولدى بۇرەڭ ۋالى زەمان.

يۈرسە بىپەرۋا ×× بىرلە جالاب بازار ئارا،
ئەھلى دىن بىچارەلەر قالمىش بۇرەڭ ئەغيار ئارا،
ھىچ دىيەلمەي ئىن ۋە ئان قالغۇم دېيان ئازار ئارا،
بەرسەلەر ئازدۇر جەزاسىن مىلڭ تاپىبان خار ئارا،
تاڭ ئەمەس بۇ ئىش مۇكافاتى نېچۇك بولسە زەمان.

بىھەيادۇركىم بۇلار زاتىدا ئەسلا شەرمى يوق،
قەتئى رەھم دىلخەستەكىم كۆڭلىدە زەررە نەرمى يوق،
ھەم خۇنۇكدۇر بارچە ئەفئالى ساۋۇقكىم گەرمى يوق،
ياخشى سۆزنى تىڭلاماس. ھەرگىز يۈزىنىڭ چەرمى يوق،
زەبتە يوقلۇقتىن يامانلارنىڭ بولۇپدۇر بۇ زەمان.

ياخشىلار ئاھىستە خالى يول تاپىبان يۈرمەسە،
ئۇچراسە ناگەھ يامان يولنى قويۇبان تۇرماسە،
ھەر كۈنى ئەفسۇن ئەمانىنى ئۆزىگە ھۇرمەسە،
ھەرنە ئەفسانە دېسە ئانى ئىشىتمەي كۆرمەسە،
ياخشىلارغە يۈرگەلى بولمايدۇغان بولدى زەمان.

قىلماغان زەبتىن يامانلارغە ئەدالەتدىن، ئەمەس،
بىلمەگەن ھەركىمنىڭ ئۆز قەدرىن كەمالەتدىن ئەمەس،
بىخەبەر بولماق رەئىيەتدىن شەرافەتدىن ئەمەس،
ئانداغ ئىرمەس خەلق ئارا بۇ ئىش مەلامەتدىن ئەمەس،
زەبتە قىلسە ئانچە قاتتىقكىم نە خۇش ۋالى زەمان.

قىلغان ئىركەن شائىرى مازى ھىكاياتى جەھان،
ھەممەلەر فىئلى بۇزۇلدى دەپ شىكاياتى زەمان،
قىلمادى خۇبلۇق بۇ ئىشلارنىڭ مۇكافاتى دەبان،
ئەللىك-ئاتمىش يىل ئۆتتۈپتۇر ئايتقانىدىن تا بۇ ئان،
ئول زەمان جەننەت ئىكەن، ھالىغە باقسە بۇ زەمان.

ھىچ ۋالىلار ئارا بىر ئەدلۇ شەفقەت قالمادى،
ئالىمۇ فازىل ئارا خالىس ئىبادەت قالمادى،
ئەغنىيا دىھقان ئارا خەيرۇ سەخاۋەت قالمادى،
ھەم فەقىر ئاجىز ئارا شۈكرۇ قەنائەت قالمادى،
مۇنىڭ ئۈچۈن قورۇلۇپ تۇرمىش بۇ يەڭلىغ بۇ زەمان.

ئەھلى زەر، سۇدخور ئەزىزۇ زىرەكۇ دانالا خار،
فىسق ئىلى، نادانلا سىيراب مۇتتەقى موللالا زار،
ياخشىلاردىن قاچىبان، لۆكچەك قىماربازلارغە يار،
شىۋەئى چەرخ رەفتى ئىتەر ئەسفەلىنكىم ئەئلانى خار،
ئاھ ئىلە ئەفسۇس نەدامەتكىم ئەجەب بولدى زەمان.

شائىرا، ھەر نەۋئى ئەلدىن شىكۋە ئىلە قىلدىڭ نىدا،
ۋالى، ئالىم خەلفە، ئىشان، سەييىدى ئەھلى غەزا،
قارى، دىھقان، سەۋداگەر قالماي ھەمە كاسىب گەدا،
خەتم قىل، يۈز تىل بىلە قىلساڭ ئەگەر بولماس ئەدا،
كۆڭلى يەۋم بەدتەر بولۇر ھەرگىز تۈزەلمەس بۇ زەمان.

ھەزنە دەرمىز، ھەرنە بولغانكىم ئىرۇر ئۆز فىئلىمىز،
تاشىبان ئەندازەدىن چىقتى بەسى ئەفئالىمىز،
دائىما لەھۋۇ لەئبدۇر ئۆتسە غەم يوق سالىمىز،
دلغى بىدار ئولماساق بولغاي نىچۈك ئەھۋالىمىز،
شۇنچەدە ئىنساف بەر بەندەڭگە، يارەب، بۇ زەمان.

قورۇلۇپ ئالەم بۇ رەڭ نەچچەند ئەلامەت بولغۇسى،
ئەيش ئىلە ئۆتكەن زەمانلاردىن نەدامەت بولغۇسى،
ھاھ باشلىق ئەھلى مەنسەبكە مەلامەت بولغۇسى،
داغى نەچچەند ئىش ئۆتۈپ ئاخىر قىيامەت بولغۇسى،
بۇ ئەلاماتى قىيامەت ھەم ئىرۇر ئاخىر زەمان.

ۋەقتىنى بىلگىل غەنىمەت ۋەسف ئىلە شىكۋەگىنى قوي،
بىئىرادە بولماغاي ھەر ئىشكى ئەفسانەگىنى قوي،
سەئيى ئىلە كەتكىل چىقىپكىم خانەۋۇ مانىگىنى قوي،
ئۈستىگە ئانىڭ ئۆزۈڭ بىرلە يەنە زانىگىنى قوي،
ۋەقتىنى بىلگىل غەنىمەتكىم تۈزەلمەس بۇ زەمان.

ھەرنىچۈكدۇر بۇ زەمانغە ھەم يەنە شۈكر ئەيلەلى،
ئۆزنى سالماي غەفلەت ئىچرە دائىمازىكر ئەيلەلى،
يانە بىر قەرنىغىچە نە بولغۇسى فىكر ئەيلەلى،
ماسىۋەللاھ تەرك ئېتىپ، ئەللاھ دەبان شۈكر ئەيلەلى،
ھەرنىچۈكدۇر دىنغە دەخل ئەتمەس غەنىمەتدۇر زەمان.

بىز كەبى غافىل مەئاسىلار دەردىغا يەتكۈمىز،
جانۇ دىلدىن تەۋبە ئەيلەپ دىدە گىريان ئەتكۈمىز،
سۇبھۇ شام ھەقدىن تىلەپ مەقسەد سارىغە يەتكۈمىز،
كىرمىسە دەۋرى بارىپ بۇ قارە يۈز ئاق ئەتكۈمىز،
مىلك ئۈمىدكىم بارغۇمىز دەپ ئەنقەرىب ئىچرە زەمان.

نەقدى ئۆمر سۇدەك ئاقىپ كەتتى سەلاھغە پاتمادۇق،
سۇبھۇ شام رەشكۇ نىفاقۇ ماۋۇ مەندىن قاچمادۇق،
بىر-بىر ئارقا كەلدىلەر ئەلچى ئاڭا بىر باقمادۇق،
سىدقى دىلدىنكىم كەرىم ئىشكىنى ھىچبىر قاقمادۇق،
بۇ كەبى غەفلەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ تۇردۇق زەمان.

ئىش تۈشۈپ ئەللىكدىن ئاشدى باش-ساقالغە كىردى ئاق،
گاھى تونگلۇق، گاھى ئونگلۇق، گاھى ئاغرىق، گاھى ساق،
غافىلا، تىز ئويغانىپ ئۆتكەن ئۆمر ھالىگە باق،
تەۋبە ئەيلەپ زار ئىلە گىريان ئولۇپ تەڭرىگە باق،
قابىزۇل-ئەرۋاھ كېلۇر ئارام بەرمەس بىر زەمان.

سۇست ئۇلۇرلار قول-پۇتۇڭ بارغانسارى هالىڭ خەراب،
خەم بولۇپ قەددىڭ ئۆلۈم سارى سەلام ئەيلەپ قاراپ،
بىر كەمىندە ۋەقتىغە مەۋقۇف ئىرۇر تۇرمىش ماراپ،
تۇيماغايسەن جان چىقار دەفن ئەيلەگەيلەر يۇپ-تاراپ،
بارمىدىڭ يا يوقمىدىڭ بۇ بىۋەفا ئىچرە زەمان.

ئاھكىم ئۆمر ئىچرە تاپماي بىر كەمى ساھىب چىراغ،
خابى غەفلەتدىن ئاچىلماي كۆزلەرىم سىزدى قاراغ،
ئەمدى قانداق بارغۇمىز ھېچ بولماسە بىزدە ياراغ،
قايسى تىل بىرلە جەۋاب مۇنكىر-نەكىر قىلسە سوراغ،
ۋايكىم، گور ئىچرە بىلمەم كىمنى دەرمەن ئول زەمان.

ئۆزرىگە تىل يوق نەدامەتدىن قىلىپمىز سىينە چاك،
سەن ئىرۇرسەن ھەممەگە دانا كەرىم، ئەي زاتى پاك،
فەزلى قىلساڭ خاھ غەزەب قىلساڭ ئىرۇرمىز مۇشتى خاك،
بۇدۇ نابۇد خەيرى-شەررىمدىن ساڭا يوق ھېچ باك،
بەندەڭ ئۆزرە سەن غەفۇر، غەمخار ئىرۇرسەن ھەر زەمان.

يۈز تۈمەن ئەفسۇس، خىجالەتلىك بىلە قاتمىش باشىم،
ئايغالى ھېچ كارى خەيرىدىن ماڭا يوق قىلمىشىم،
ھەرنە قىلساڭ تەلمۈرۈپ ئۈممىد ئىلە تۇرماق ئىشىم،
نە ئۈچۈن، ئۆزۈڭ ياراتقان، ئۆزگە بىرلە يوق ئىشىم،
ئۈشبۇ يەڭلىغ نەيلەگۈم تۇرماقدىن ئۆزگە ئول زەمان.

## مېۋىلەر مۇنازىرىسى

قايسى بىر قۇدرەتلەرىڭ ئەيلەي بەيان پەرۋەردىگار،
ھەممەئى زىبجانىكىم سۇنئىڭدىن ئىرمىش كىردىگار.
توختاتىپ ئەۋۋەلدە ئانداغ ئەژدەرىكىم دىلپەزىر،
ھەم ئەتا ئەيلەپ ئاڭا قابىل، مۇكەممەل تۆرت ۋەزىر.
ھەر ۋەزىرغە داغى ئۆچدىن لۇتف ئىتىپ يارى ئەزىز،
بۇ ئەزىزلەردىن ۋەزىرلەر تاپىبان تۈئمە لەزىز.
ھەر ئەزىزغە يانە ئۇتتۇز مەھرەمى چابۇكسەۋار،
نىسبى ئاق، نىسبى قارا ئات ئۆزرە بولمىش بەرقەرار.
داغى ھەربىر مەھرەمىگە فەزل ئىتىپ بەشدىن ياراغ،

بۇ ياراغ بىرلە ئۇلارنى ئەيلەبان خاتىر فەراغ.
ھەزرەتى ئادەم بىلەن ئېردى بۇ ئەژدەر بەرقەرار،
ئۆلمەيىن تۇرمىش قىيامەت بولغۇچە بۇ پايىدار.
لۇقمە ئەيلەر ھەر كېچە ـ كۈندۈز زەمىن دابانىدىن،
نەچچە لەك، نەچچە تۇمەن ھەر فىرقەئى زىيجانىدىن.
سەبزە رەڭ، ئاقۇ قىزىل، ئەسۋەد لىباسىن كۆرسەتىپ،
غەفلەت ئەيلەپ نەقدى جان ئىلتىپ فۇنۇنىن ئويناتىپ.
خابۇ غەفلەت بىرلە بۇ ئەژدەرنىڭ ئەفرادىن ساناپ،
ئاھكىم ئۆمرى ئەزىزنى ئۆتكۈزۈپ بىر ـ بىر ساناپ.
ھەمدۇلىللاھ، بۇ تەرىقە قىش ئۆتۈپ كەلدى بەھار،
قۇدرەتىڭ بىرلە چىقاردىڭ خۇشكى چۆبىن سەبزەزار.

× ×

بەندەئى مۇئمىنلەگە ياز نېئمەتى كۆرسەتتى رۇخ،
ئاچىلىپ سەۋسەن، سارىغ گۈل شۇيە بىرلە گۈلسۇرۇخ.
ناگەھان كىردىم تەماشا ئەيلەمەككە باغ ئارا،
مېۋەلەر تۈزمىش پىشۇرغە مۇنتەزىر ياپراغ ئارا.
پىشقان ئېركەن ئۈجمە ئەسمارلار ئارا قىلمىش ندا:
«ئەيىۋھەت ـ تىفلانىكىم، قىلغىل ماڭا جانىڭ فىدا.
نە ئۈچۈن پىشتىمكى بارچە مېۋەلەردىن ئىلگەرى،
ياخشىلارغە ھەم يېتىشلىق دەپ تۇتارلار ئىلگەرى.
بۇ كەبى شىردىن ئېرۇرمەن تامشىبان ئەرنىن شورار،
ھەركەرەسنە ئاشى يوق بىچارەلەر قارنى تويار.
يوق ئېرۇر ئالەم يۈزىدە مەن كەبى شىردىن سەمەر،
شىرنە ئەيلەپ ياخشىلارغە قىلغۇسى ھەلۋايى نەر.
نەچچە نەۋئ قۇچقاچلار يەپ دائىم مېنى سىيراب ئولۇر،
ھەممەدىن بىھتەر مۇقەددەم زىبەسى شاداب ئولۇر.»
نەچچە رەڭدە باردۇرۇر شاتۇت كەبى ئايماقىمىز،
خەشك ئېتىپ مېھمانەلەر ئالدىغە ئىلتۇر قاقىمىز.
ئۈشبۇ سۆزلەرنى جىنەستە ئاڭلابان دەرھال كېلىپ،
چۇشتى چابۇك ئۈجمەنىڭ سىراھىنى .ئالدى كېلىپ:
«چاغلاماي ئۆزۈڭنى نېچۈن ماختابان چوڭ سۆزلەدىڭ،
گويىيا ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ كۆپ جەفالار كۆزلەدىڭ.
بىز مۇيەسسەر بولماغاچ بارمىش ساڭا ئەتفاللار،
ۋەرنە دەفسەپ يۈرگۈسى ئىتلار، ئىشەك ھەم ماللار.
تەئرىدى ئەتتىڭكى ئۆزۈڭنى ئۈجمەلەر جايىڭ قايان،

باغ ئىچىدە مېۋىلەر خېلى ئارا جايلىق قايان.
يوق ساڭا باغ ئىچرە ئەسمارلار ئارا ھەرگىز ئورۇن،
يەر سېنى گۈدەك، زەئىپە، ئاشى يوق ئەسكى ھورۇن.
جەركىمگە ئالماي سېنى تىكمىش قورۇقلار قاشىغە،
ياكى تىكمىش ھارغان-ئاچقانلار ئۈچۈن يول تاشىغە.»
ئۆجمەنى قىلدى جىنەستە تەڭۇ لالۇ بۇ زەمان،
مەن چىرايلىق دەپ ئۆزىنىڭ ۋەسفىگە ئاچتى زەبان:
«مەن پىشۇرمەن ئىلگەرى باغ ئىچرەكىم مەرجان كەبى،
ھەممەگە مەھبۇبراق تەن ئىچرە گويا جان كەبى.
يول ئۆزە ئىككى تەرەف زىننەت ئىرۇرمەن باغ ئارا،
رەشكى ھەسرەتدىن قالۇرلار بارچە مېۋە داغ ئارا.
دانەمە ئالىپ چىنە، تەخسىگە، شاخىم لوڭقىغە
مەن ئۈچۈن مەھبۇبۇ مەنزۇر، كىمسە باقماس سوڭقىغە.»
ئاڭلابان بۇ سۆزنى ناگەھ كەلدىلەر ئۆرۈك يېتىپ،
دېدى: «ئەي ھەيز، نە ئۈچۈن چوڭ سۆزلەدىڭ ئۆزدىن كېتىپ؟
باقمايىن زاتىڭغە ھۆسنۈڭغە بەسى مەغرۇرسەن،
بىمەزە ھەم بىنەمەك ئالەم ئارا مەشھۇرسەن.
لىك تەئمىڭدۇر كىغەزلىك ئىچرە كەم ئەت خەندەكى،
ئارى ھەركىم كۆرسەلەر ئەندەك قىلۇرلار خەندەكى.
زاھىرىڭ ئانچە چىرايلىق، باتەنىڭدە يوق سەفا،
بار مەسەل بولماس چىرايلىق ئىچرەكىم ھەرگىز ۋەفا.»
ئۆرلەشىپ ئۆرۈك جىنەستە نازىكىن لال ئەيلەدى،
بۇ نەفس بىچارەنى سەلبىلە بەدھال ئەيلەدى.
قىچقارىپ ئۆرۈك ھەم ئەسنافلارنى: «سەن قايان،
بىز تۇرۇپ ئۆجمە، جىنەستە تىل ئۇزارتمىش ھەرسايان.
مېۋەلەر ئىچرە ئېرۇرمىزكىم بەسى ئەسنافلىغ،
خۇشك ئېرۇرمىز، خاھى ھۆل شەھەر ئارا ئەۋسافلىغ.
پىشقالى تۇرساق ھەمە ئىنسانلار يەپ سېيراب ئولۇر،
چوڭ-كىچىك، شاھۇگەدالاركىم بەسى شاداب ئولۇر.
يەپ بولالماي نەچچە پاتمانكىم يىغىپ قاق ئەيلەبان،
ماڭدۇرۇپ ھەرسارىغە ئول بىزنى ئورتاق ئەيلەبان.
مەغزىمىز باردۇر گەزەك خېلى بىلە ياران ئارا،
شەربەت ئەيلەپ تەشنەلەب بولغانغە گەرمىستان ئارا.
يازۇ قىشلاردا ھەمە شەھرلەر ئارا سېيراب بىز،
قانچە سەرف ئەتسە تۈگەنمەسمىز بەسى سېيراب بىز.

باغ ئىچىدە ئۆزگە مېۋە نېسىۋى بولسە، نېسىۋى بىز،
نە ئۈچۈن بۇ مەغزىمىز خورما يېمەككە سىنفى بىز.»
ئۈشبۇ سۆزنى چىلگە شاپتول ھەم مىيانسال ئاڭلادى:
«بىزنى يوق دەپ بۇ ئۆرۈكلەر ئۆزنى ئانچە داڭلادى،
ئارى بىز پىشقۇنچە يەر ھەركىم ئۆرۈك شالتاقنى،
ئەھلى تىبلار بىز تۇرۇپ نېتكەي بۇ رەڭ قالتاقنى.
باغ ئارامىلار ئورنىدا بىز دەم بەدەم قايىم مەقام،
شاھ، ۋەزىر، ئەشراف ئارا مەنزۇر ھەم قايىم مەقام.
ئەۋۋەلى يازدىن تۈگەنمەسمىز ئاخىرى باغ ئارا،
شەھدۇ شىرىنلىكدە بار بىزكىم ئەسەلدەك ياغ ئارا.
ھېچ تۈگەنمەس تىل بىلە ئەسناف ئىلە ئەۋسافىمىز،
شۇنچە بەس قىلدۇق، نېچۈككىم بار ئېرۇر ئىنسافىمىز.»
ئاڭلاماي بۇ سۆزنى ئەنجۈر تۇرغان ئېركەن باغ ئارا
كۆرمەيىن شافتالۇنى قالغان ئىكەن ياپراغ ئارا.
دېدىلەر: «ئەي بىھەيا، نېچۈن ئۇشۇق مۇنچە سۆزلۈڭ،
مۇنچۈن شەرمىڭ قاچىپ تۈك باستىلار يارىن يۈزلۈڭ.
ئەۋۋەلى پىشقانىمىزنى تۆھپە ئەيلەپ شاھقە،
بىز نەسەب ئېرمەس كىبرەكسىز فىسقى ئەل گۇمراھقە.
شاد ئولۇرلار بىزنى يەپ شاھۇ گەدا ھەم بىنەۋا،
بارى بىز سالىمغە قۇۋۋەت ھەم مەرەزلەرغە دەۋا.
بىر-بىرىگە ھەدىيە ئەيلەپ تەبىبلەر ئاسراغاي،
خۇشكىمىز مۇھتاجغە لازىم دەپ دەبىبلەر ئاسراغاي.
تەبئىمىز نازۇك تولا بولماقنى خاھىش ئەيلەمەس،
باغبان تىككەن بىلەن كۆكلەرگە بالىش ئەيلەمەس.
ئانچە كىم ئەۋسافىمىز ھاجەت ئەمەس ئەتمەك بەيان،
نە ئۈچۈنكىم چوڭ-كىچىك خەلقلەر ئارا باردۇر ئەيان.»
ئۈشبۇ دەم ئەنگۈر ئىشىتتى باغ ئارا ئەنجۈر سۆزىن،
كەلدىلەر سۈرئەت بىلە ئەنجۈر سارى تىكتى كۆزىن.
دېدى: «ئەي ئەنجۈر، نېچۈك لاف ئۇرغاسەن تاق شاخۇشاق،
كىمكى يەر بولسە ئۇرار ئەۋۋەل يۈزۈڭگە پاق-پاق.
مېۋىلەر ئىچرە ئەجەب شۈمشۈك، بەسى ئەۋۋارەسەن،
خام قالۇرغە يا قۇرۇپ قالماقغە كىم تەييارسەن.
ئۈششۈگەيسەن ياز كۈنى مۇنچە ياپىنچاڭ بولماسا،
ھەم قۇرۇرسەن قىشتاكىم فەلاز-سالىنچاڭ بولماسا.
قىش كۈنى قول-پۇتلارىڭنى پۈكلەبان كۆمىش سېنى

يازدا قانچە مىھنەت ئەيلەپ قول - پۇتۇڭ ئاچمىش سىنى.
بار كۆمۈلمەك ھەم ئاچىلماقدا ئىكەۋلەن تەۋئەمان،
لىك بەسى بىنەفشەمەندۇر، مەن بەسى نەفشى رەسان.
پىشقانىمدىن تارتىبان يەر شاھ - گەدالار قىشۇ - ياز،
قىش كۈنى ساقلاپ تۈگەنمەسلەر مىنى تا ئەرتە ياز.
بىلمەگەنلەر قۇۋۋەتى بار دەپ سەقەنقۇر ئىزدەمىش،
بولماسە مەۋجۇد سەقەنقۇر تاكى ئەسەنقۇر ئىزدەمىش.
بۇ ئىكەۋدە بار نەچۈككىم خاسىيەت مەندىن چىقار،
يۇسۇفى يەكلىغ مۇسەللەس شىرەسى مەندىن چىقار،
ئانچەكىم شىرنەۋۇ شەربەت سىركەلەر مەندىن چىقار،
لەئل يەئلىغكىم مەيى ناب ئىزدەسە مەندىن چىقار.
قانچە يەيدۇر ھەزم ئولۇبان بولغامەن شىرىن غىزا،
ھىچكىملەرگە مىنىڭدىن يەتمەگەي زەررە ئىزا.»
ئاڭلابان بۇ سۆز، قىزارتىپ چىھرەسىن يەتتى ئانارە
بۇ غەزەبلىكدىن يارىلمىش ئۇرلارى گوياكى نار.
ئاڭلاغىل سۆزنى مىنىڭدىن بىھەيا، ئەي تاكلار،
شىرەسى قايدا بىلۇرمۇ فىسقى ئىلە بىباكلار؟
قىلمايىن زەررە تەجاۋۇز ئەتسە گەر ھۆكمى كىتاب،
كەيفى يوقتۇركىم ئانى ئىچسە بولۇر، يوقتۇر ئەزاب.
لىك يوقتۇر بۇ زەمانە ئىچرە ھەرگىز شەرئىسى،
شەرئىسىدىن قالماغاي نامۇ نىشانۇ فەرئىسى.
ھۆللەغە ھىچ ھۆكم يوق ئىچمىش بەسى مەردان بۇكۈن،
بىز كەبى دىلخەستەغە، يا رەب، پەناھ بەرگىل بۇ كۈن.
نە ئۈچۈن چوك سۆزلەدىڭ، ئەي مەنشەئى فىسقۇ فەسادە
كىمكى سەن بىرلە مۇلەۋۋەس بولدىلار تاپماس مۇراد.
دۇنيەۋى ھەم ئۇخرەۋى كارىغە سالمىشسەن زەرەر،
ئەلھەزەر، سەندىن نەچە يۈز تىل بىلە يۈزمىڭ ھەزەر.
ئايىتا بەرسەم ھىچ ئەدا بولماس مۇكافاتىڭ سىنىڭ،
يەتمەگەي ھىچ بەندەئى مۇئمىنگە ئافاتىڭ سىنىڭ.
ئارىكىم ئۇبدانلىقىڭ تاك ئۈستىدىن ئالىپ يىبسە،
ئەۋۋەلى قىشدا ئالىپ ساپىڭ بىلە ئاسىپ يىبسە.»
ئەنگۈرىكىم بۇ ئانارنىڭ سەلبىدىن تاپتى ئەمان،
ھەممەدىن ئەئلا قىلىپ ئۆز ۋەسفىگە ئاچتى زەبان:
«گۈللارىم خاھى ئۈزۈم باغ ئىچرە زىينەت نارمەن،
بار ئۇلۇغ كۆھنە كىبەلگە شەربەتى دىنارمەن..

پادىشاھ، ھاكىم، ۋەزىر ھەم ئەغنىيادا بارمەن،
نە ئۈچۈنكىم ناتەۋان مۇھتاجغە دەركارمەن.
مىلك تىل ئىلە دائىما ۋەسفىمنى گەر قىلسام شۇمار،
تاتلىغىم، خاھ ئاچچىغىمدا خاسىيەتلەر بىشۇمار.
شۇمچەسى بەس، ئۆزگەلەردەك ئۇرماغىم يوق لافى قاق،
گىنەۋۇ رەشكۇ ھەسەددىندۇر دىلىم ئەلبەتتە ساف.»
ئۇشبۇ ئاندا مىۋەلەردىن ھەربىرى تاپدى خەبەر،
ھەر بىرى ئۆز خاسىيەت ئەۋسافىدىن بەردى خەبەر.
كەلدىلەر دىدى بىھىكىم: «ھەممەدىن خۇشبۇيىمەن،
كىم تىزىپ قويسە ئۆيىگە پۇر مۇئەتتەر جويىمەن،
كىم قولىدا بولسە ئول ۋەسۋاسىدىندۇر ئافىيەت،
ئۇشبۇ يەڭلىغ بار ئىرۇرلەر مەندە نەچچەند خاسىيەت.
ئالما كەلدى بۇ زەماندا ئايدىلار: «ئەي قۇيقۇلۇق،
مەستەن يا كەيف يا دىۋانە يا سەن ئۇيقۇلۇق.
بۇ كەبى چوك سۆزنى يانە قىلماغىل ھەرگىز دوبارە،
مۇنىچۇن بىنۇر ئىتىپ چىھرەڭنى ياپمىشدۇر غۇبار.
مەن ئىرۇرمەن ھەممەئى ناسلار ئارا مەرغۇبراق،
قىز-جەۋان، نازۇك يىگىتلەر نەزدىدە مەھبۇبراق.
دەرمەھەل يىدلاپ ئالىپ بىر-بىرسىگە تۇتمىش مىنى،
ياتىزىپ تەخسە ئۆزە ئەشرەف ئارا قويمىش مىنى.
ھۆل يىمىشلەر ئىچرە يانە پىشقۇچە ساقلار مىنى،
يا مۇرەببباغە ۋەيا مىھمان ئۈچۈن ساقلار مىنى.»
بۇ زەماندا نەشپۈتى نازۇك بەدەن كەلدى يىتىپ،
ياندىشىپ ئارمۇد جىلاۋىدا نىدا قىلدى يىتىپ،
دىدى: «ئەي ئالمە، نەسۆز قىلدىڭكى ئەتراپىڭغە باق،
خار ئولۇپ، ھىچكىم يىمەي كەتكەن سىبىپ زەنەڭغە باق.
ئالغالى بولماس ئاغىزغە بەئزەسىن دەيدۇر قىمىز،
ئەكسەرىڭدۇر بىمەزە بارسەن ۋەلي ئەھلى تەمىز.
كىبر ئىلە خۇدبىنلىقىڭنى زەررەئى قويماي قۇرۇت،
تۇشمەگەي ۋەرنە ئىچىڭگە لافدىن نەچچەند قۇرۇت.
مىۋەلەر ئىچرە ئىرۇرمەن بارچەدىن ئەئلا زەرىف.
شاھ گەدالار ئالدىدا مەنزۇرىدۇرمەن ھەم لەتىف.
تۇھفە ئەيلەر بىر-بىرىسگە مىنى ھەرنەۋۇ ئۇلۇغ،
نە ئۈچۈن بارمەن لەتىف ھازىم بەسى شىرىن سۈلۈغ.
ھەر بىرىمىزنى ئەزىز تۇتقانىدىن كاغەز ئۇراپ،

يەتمەسۇن ئىسسىغ ساۋۇق ئافەت دەبان ساندۇق سولاپ.
گەرچە يەتسەك ھەرقاچانكىم شاھنىڭ نەزدىگە بىز،
تۇھفە گەر ھەرنەۋئى بولسە، ھەممەدىن مەنزۇر بىز.
ھاجەت ئېرمەس ۋەسفىمىزنى خەلق ئارا ئەتمەك بەيان،
كىم يەبان لەززەت تاپىپدۇركىم ئاڭا ئېرمىش ئەيان.
ئۆرلەشىپ كەلدى پاراك ئەيلەپ بۇ دەم خەيلى ياڭاق،
دېدىلەر: «ئەي نەشپۇتى، كۆپ سۆزلەمە، بىز سارى باق.
قىز-جەۋانلار ئېيدى ئايەم بولسەلەر ئوينار مىنى،
قولتۇقى ئىچرە ئەزىز پىستانىدا ساقلار مىنى.
مەغزىمىزنى ساندۇق ئىچرە ئات-قىچىرغە ئارتادۇر،
ئانچەكىم ئەئزاز ئىلە بىز يوق شەھەرگە تارتادۇر.
چاقمايىن خۇشك ئەيلەبان، ئارتىپ يەنە نەچچەند تاغارە
يىگۇزۇپ نەچچەند شەھەرلەر ئىچرەكىم قويمىش بازار.
كۆرمەگەنلەر بىزنى كۆرمەك بىرلەكىم ھەيران ئولۇر،
قىز-جەۋانلار مېھرىبانلىق ئەيلەبان گىريان ئولۇر.»
كەلدىلەر ئەينالۇ، ئالۇچە، قارائۆرۈك بۇ زەمان،
بۇ ئۆچەيلەن بىر بولۇپ ئاچتى ياڭاق سارى زەبان.
ئايدىلاركىم زەرب ئىلە: «ئەي باشى ئايلانغان قوتۇر،
بىزلەدىن سۆز ئاڭلاغىل، دەرھال كېلىپ تۇرغىل ئۇتۇر.
باغ ئىچىدە مېۋەلەردىن سەن ئېرۇرسەن خارۇ زار،
ئەينى كۇلفەتدىن بولۇرسەن كەچ كۇز ئىچرە زارۇ زار.
ئەۋۋەلى كۇلفەت بۇكىم نەچچەند كىشى تۇتمىش تاياق،
ھەر تەرەفدىن بىتىبا ئۇرمىش باشىڭغە ۋاق-ۋاق،
قۇلدىنىڭ زەربى بىلە بىھۇش ئولۇرسەن ھەم گەرەك،
زەبتىدىن ئۇريان ئېتىپ، زۇلملە سويمىشدۇر تېرەك.
ئۆگزەگە تاشلاپ سېنى خۇشك ئەيلەسۇن دەپ ئافتاب،
نەچچە كۇن ئۆتكۇنچە ئەتراپىڭدا ياتمىش ئىت ماتاپ.
ئۆگزەدىن نالەڭگە باقماي يەر ئۆزە تاشلار سېنى،
نەچچەلەر قارنىڭ يارىبان چاققالى باشلار سېنى.
تىفلىلەرنىڭ ئالدىغە بويلاشتۇرۇپ قويمىش كۆتەك،
ھەر بىرى ئالدىغە تۆكمىشدۇر سېنى نەچچەند ئېتەك.
ياتقۇزۇپ ئۆزرە كۆتەك تاش بىرلە ئۇرمىش شاق-شاق،
بۇ كەبى نەچچەند زەمان تىفلان ئېشىدۇر چاق-چاق.
كىزب ئەمەس، ئەسمار ئارا مۇنچە مېھنەتكەش ئۆزۈك،
قىز-جەۋانلارنى ئالىپ ئاغزىڭغە نېچۇن چوك سۆزۈك؟

بىزگە سادىقدۇر ئەگەر ئەۋسافى قىلساقكىم نىچۇك،
كۆرگەلى مەھبۇبىراقكىم ھەم يىمەككە بىز سۆچۇك.
باغ ئىچىدە بار ئىرۇر ئەسمارلار ھەر نەۋئى رەڭ،
بىز ئىرۇرمىزكىم مۇئەززەز لەئلى رەڭۇ زەرمۇرە رەڭ.
مۇختەسەر قىلدۇقكى سۆز، ئەيب ئەتمەسۇن ئەھلى زەمان،
كۆپ ئەمەسدۇر سىنفىمىز باغ ئىچرە بار بىز ناگەھان.»
ئاڭلابان بۇ سۆزنى كەلدى بىرلەشىپ جىگدە، چىلان،
قالغان ئىركەن چىت تۇبى، تام تۇبلىرىدە ئول نىھان.
دىدىلەر: «ئەي مۇددەئىلەر، بىزمۇ باغدا بار ئىدۇك،
ھەر ئىكەۋلەن چولڭ-كىچىك ئىنسان ئارا دەركار ئىدۇك.
كىم كىبەل ئىزدەپ تاپۇر سالماق ئۇچۇن كاشافىغە.
ھەر دۇكاندار ھەم تاپىپ ساقلار ئالىبان قافىغە.
كىمگەكىم بولسە زىيادە ھەر زەمان خۇنى فەساد،
شەربەت ئەيلەپ ئىچسە ئىردى دەپ قىلۇرلار بىزنى ياد.
قىپقىزىل تۇرساق ئىكەۋلەن زىننەت ئىرۇرمىز باغ ئارا،
ھەم مۇئەززەز تۇرغامىز نەشتەر بىلە ياپراغ ئارا.»
بىر-بىرىنى ئۇشبۇ يەڭلىغ سەلب ئىتىپ ماختاپ ئۆزىن
بەھس بىرلە سەئيە ئىتىپ بىر-بىرىن ئۆتكۈزمەك ئۆزىن.
ماجەرايىكىم بۇ يەڭلىغ ئۆتتىلەر ئەسمار ئارا،
فەۋجۇ فەۋج، سەف-سەف يىغىلدى تۇرمايىن ئەشجار ئارا.
بار ئىدى ئەشجارلار باغ ئىچرە خاھى تاغ تەمىز،
ئىتتىفاقەن دىدى: «بولسە بىر ئۇلۇغ ئەھلى تەمىز.
ھەر قوپال باشسىز ئىرۇر قوپمىش نىفاقۇ ماجەرا،
تۇتسە مەھكەم بىر ئۇلۇغنى پەست ئۇلۇر چۇنۇ-چەرا.
ئالتە كۇنلۇك ۋەقتىمىزغە بىز قىلىپ مۇنچە جەدەل،
كاش بولسە ئىردى بىر سۇلتانى ئادىل بىبەدەل.
سەبزەزار ئولدى نە گۇللاركىم ئاچىلماي قالمادى،
ئازغىنە مۇددەت ئۆزە بىر-بىر ساچىلماي قالمادى.
تۇشمەيىن ئەسمارلار ئەشجار ئۆزە تاپماس ئەمان،
خۇشكى چۆپ ئولمىش دەرەخت ياپراقلارى تۇشمەك ھەمان.
مۇنچەلىك ۋەقت ئۆزرە نىچۇن رەشك ئىلە قىلماق ھۇسۇد،
ئۇپرابان زەرداب يۇتماقدىن بۆلەك ئاندىن نە سۇد؟
ھەر نەباتاتۇ جەماداتكىم ئىرۇر سۇلتانى يوق،
جىسمى سۇرەتدۇركىم ئانىڭ، ئىچرە ئانىڭ جانى يوق،
بار ئىرۇر نەچچەند كەمانلاركىم ئاڭا ھىچ تىيرى يوق،

تاتقالى بولماس يېتەلمەس تاكى كامىل پىرى يوق.»
سۆز بۇ يەرگە يەتتى شاھ قازى، ۋەزىر نەسب ئەيلەمەك
مۇتتەفىق ئەيلەپ ئۇلارنىڭ خەرخەشىن بەست ئەيلەمەك.
ئىتتىفاقەن خۇرمەكىم ئەفزەل ئېرۇرلار بىگۇمان،
خۇش كۆرەركەن نە ئۈچۈن پەيغەمبەرىم ئاخىر زەمان.
بار ئېرۇر لايىق سەزاۋار ھەممەگە شاھ ئولسەلەر،
لۇتفى ئېھسان بارچەنىڭ ھالىدىن ئاگاھ ئولسەلەر.
مۇفتىكىم ئارمۇد، بىھى خۇشبۇي قازى بولسەلەر،
نەشفۇتى بىرلە ئانار شىرىن لەزىزۇ دىلفەزىر،
بۇ ئىكەۋ شەھنىڭ ئىكى ياندا كىم بولسە ۋەزىر.
ئاق تاياقىنى تۇتۇپ بادام ياساۋۇل بولسەلەر،
بۇرچى خانە ئۈزرە شاپتالۇ باكاۋۇل بولسەلەر،
ھەم جىنەستە بىرلە ئالۇچە، چىلان مەھرەم بولۇپ،
تۇرسەلەر شاھ خىزمەتىدە ھەرزەمان ھەمدەم بولۇپ.
ھەم قارارۇك بىرلە ئەينالۇ ئىكەۋلەن غەزنەچى،
بولسە ساڭ ئۈزرە ياڭاق ئۆرۈك ئىكەۋلەن ۋەزنەچى.
ئالما ئەنجۇر بۇ ئىكەۋلەن بولسە مىرزا مۇھتەرەم،
زەر قەلەم بىرلە رەقىيە ئۈزرەكىم ئەيلەپ كەرەم.
بولسەلەر شاتۇت ئىلە ئەنگۇر ئىكەۋلەن ئاش باشى،
ئۈجمە بىرلە جىگدە بولسە بو ئىكەۋ فەرراش باشى.
قىلسە قاغۇن بىرلە تاربۇز ئىككىسى لەڭگەرچىلىق،
مېۋەسىز ھەممە دەرەختلەر قىلغۇسى فۇقراچىلىق.
ھەر بىرىسىنى بۇ رەڭ ئۈزرە ئەمەل نەسب ئەيلەبان،
رازى ئەيلەپ، ماجەراسىنى يەنە پەست ئەيلەبان.
شائىرى ئەفسانەگۇنى زىخىرەد ئەيب ئەتمەگىز،
ئەفۋ ئېتىپ نەزمە ئارا نۇقسانىنى سەلب ئەتمەگىز.
پۇر قۇسۇر نۇقسانىمە ئىقرار ئولۇپ خەزم ئەيلەدىم،
غەيرى مەشرۇئاتنى، مەشرۇئاتلار نەزم ئەيلەدىم.
دەرج ئېتىپ ئەسمارەلەر جەمئ ئەيلەمەكدىن مۇددەئا،
مەن كەبى ئاممى كۆرۈپ، رەھم ئەيلەبان قىلسە دۇئا.
مېۋەلەر سۆزلەتمەكىمدىنكىم ئېرۇرلەر بۇ غەرەز،
نە ئەجەب دىلسەختنى ھاسىد بىز كەبى ئالسە غەرەز،
قىلسە يارلىغ ھەۋز ئېتىڭلار دەپ ئەگەر قىشلاقىغە،
مۇتتەسىل ھەق رەھمەتى بولغاي شەھەنشاھ ئالىغە.
ئول شەھىكىم شەرئى ئۈزرە دائىما جانباز ئېتەر،

ئۆمرى دەۋلەتكە مەلىك ئىنسان ئارا ئاغاز ئېتەر،
ئۆشبۇ يەڭلىغ خۇش سەئادەت شەھ چىقارسە ئىكۇنام،
رازىدۇر ئەللاھ كەرىم، لۇتف ئەيلەگەي خەيرۇل ـ ئەنام.
ئالىمۇ فازىل ئارا ئىززەت بىرىبان شاد ئېتەر،
زىممەگە ۋاجىب بىلىپ دائىم دۇئادا ياد ئېتەر.
زۇلـم رەس ئاجىزلاغە ئەدل ئەيلەگەيلەر سائەتى،
ياخشىراق بۇكىم قىلىپدۇر ئىككى ئالەم تائەتى.
شائىرا ئەيلەپ دۇئا تۇرغىلكى مەدھى شاھدىن،
بولماغاي ھەرگىز ئەدا ئايتۇرسە سالۇ ماھدىن.
شاھقا لايىق بولسە كۆپ قۇرئان شىرىن خاھ جۇزئىيات،
قانچەكىم ھۇسنۇل ـ ھۇسەين مىرزا بىدىلى كۇللىيات.
سىيمۇ زەر، دۇررۇ جەۋاھىر گەرچە باردۇر بىنەددە،
بولسە خۇب نەچچەند دەلائىللار كۆتۈب نەچچەند ئەدەد.
ۋەھ، نە خۇشدۇر، شەرئى ئۆزرە بولسە پەرمايىشلارى،
دائىما تەھقىقۇ تەفتىش بولسە ئەزمايىشلارى.
دەم ئۇۋالماس خەسمەلەرگەر بولسە ھەر بىر ئەژدەرى،
شاھقا لايىق ئىشتىسە «نامەئى ئىسكەندەرى.»
بىلگەنىچە شائىرى قاسىر تەرەننۇم ئەيلەدى،
بەس ئىرۇر شاھ بىردە ـ بىر يەردە تەبەسسۇم ئەيلەدى.

---

(بېشى 169 ـ بەتتە)

تۇۋا قىلىش ھەققىدە

ھەقىقىي تۇۋا ـ ئۆزىنىڭ يارىماس، يامان ئىشلارنى قىلغانلىقىدىن ئۆكۈنۈپ، ناتوغرا ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتماقتۇر. تۇۋا ـ گۇناھكارنى ئىسيان پاتقىقىدىن تازىلايدۇ. تۇۋا ـ ياۋۇزلۇق يولىنىڭ ئاخىرلىشىشى، ياخشىلىق كوچىسىنىڭ باشلىنىشىدۇر. تۇۋا مەنىمەنلىك خەپلىتىدىن يىرگىنىش، ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى چۈشىنىپ، نالايىق، بولمىغۇر ئىشلىرىدىن پۇشايمان يېيىشتۇر.

بۇ ئەڭگۈشتەر كىشىنىڭ قولىغا چۈشتە، ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان ناتوغرا ئىشلىرىدىن خىجىل بولۇپ، خىجىللىق ئوتىنى ئۇنىڭ دىماغلىرىدىن چىقىدۇ. ئۆزىنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرىنى ئەسلەپ، ئەپسۇسلىنىدۇ. ئۇ يامان ئىشلارنى قايتا قىلماسلىققا بەل باغلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنداق يامان ئىشلارغا چەك قويىدۇ. ئەگرى يولدىن ۋاز كېچىپ، توغرا يولغا قەدەم تاشلايدۇ. بېيىت:

ئۆزۈڭنى ئەيلە تەۋبە بەھرىگە غەرق
يۈزۈڭدە شەمئى ئىمانىڭ ئۇرار بەرق.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:
ھاكىم مۇسا.




## ئابدۇجېلىل داموللا ھاجى

### ئەسەرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇلھېكىم مەخدۇم ھاجى

ئەسەرگە تەييارلىغۇچىدىن:

مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر شائىر ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم 1896 - يىلى خوتەننىڭ گۇما ناھىيىسىدە ئۆز دەۋرىدە تونۇلغان ئۆلىما ۋە شائىر ئابدۇللا مۇپتى ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ دىنىي ۋە ئەدەبىي ئىلىملەرنى گۇمىدا ئىگىلىگەن. ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم 16 ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا، يەنى ئوتتۇرا دەرىجىلىك دىنىي ۋە ئەدەبىي بىلىملەرنى ئوقۇپ تۇرىۋاتقاندا، ئۇلۇغ ئالىم ۋە شائىر مەۋلانا تەجەللى ئۇنى ئۆز پەرزەنتى ۋە شاگىرتى قىلىپ تەربىيىلەشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ تەكلىپنى ئابدۇللا مۇپتى ھاجىم بىلەن ئابدۇجېلىل ھاجىم خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇجېلىل ھاجىم تەجەللى ھەزرىتىم بىللە گۇمىدىن قاغىلىققا كەلگەن. ياش ئابدۇجېلىل ھاجىم بۇ مول تەجرىبىلىك موىسىپىت شائىرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر زېھنى ۋە زور تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە نۇرغۇن ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئىلىملەرنى پۇختا ئىگىلەپ، ئىستېدات ۋە قابىلىيەت جەھەتتىن تېز سۈرئەتتە ئۆسۈپ بارغان. ئاز مۇددەت ئىچىدە ئۆز زامانى ۋە ماكانىنىڭ ئالىي مەلۇماتىغا ئىگە بولغان. ئۈچ يىللىق تەربىيىدىن كېيىن تەجەللى ھەزرىتىم ئۇنى ئەڭ يېقىن بۇرادىرى ئابدۇقادىر داموللام ھۇزۇرىغا — قەشقەرگە ئەۋەتكەن. ئابدۇقادىر داموللام تەجەللى ھەزرىتىمنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئابدۇجېلىل ھاجىمنى سەمىمىي قوبۇل قىلىپ، تەربىيىلەشكە كىرىشكەن. ئابدۇجېلىل ھاجىم تەجەللى ھەزرىتىمنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە تاپشۇرۇقىغا بىنائەن قەشقەردە شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن بولغان ھاجى ئىسلام داموللام، مەھمۇد ئاخۇن داموللام، ئەمرۇللا ئەپەندى قاتارلىق ئۇستازلار قولىدا تەبىئىيات، مەنتىق، ئۇسۇلى فىقھى، ھەدىس، تەپسىر قاتارلىق ئىلىملەرگە ئائىت مۇھىم كىتابلارنى ئوقۇپ تۈگەتكەن.

ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم قەشقەردە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە تەجەللى ھەزرىتىم

ئۇنىڭغا داۋاملىق ئەرەبي تىلدا سالام خەتلەرنى ۋە پاساھەتلىك قەسىدىلەرنى يېزىپ تۇرغان.

ھىجرىيىنىڭ 1338 - (مىلادى 1929 — 1930 -) يىلى قەشقەردە داغدۇغىلىق ھالدا ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن. ئابدۇجېلىل ھاجىم شۇ مۇراسىمدا ئۇستازلىرى تەرىپىدىن يۇقىرى باھاغا ئېرىشىپ، «داموللا» دېگەن ئالىي ئۇنۋان بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن.

ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن گۇمىغا قايتىپ كېلىپ، تالىپلارغا ئىلىم ئۆگىتىش، خەلق ئارىسىغا ئىلىم - مەرىپەت تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولغان. خەلقىمىزنىڭ بېشىغا ئارقىمۇئارقا كېلىۋاتقان پالاكەتچىلىكلەرنىڭ ئاساسلىق سەۋەبچىسى بولغان نادانلىق، خۇراپاتلىق، مۇتەئەسسىپلىك، زالىملىق ئىللەتلىرىگە قارشى نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي كۈرەشلەردە بولغان.

1934 - يىلى ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم ھەج قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپ، ھىندىستان ۋە ئەرەبىستان قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولغان. ئۇ يەرلەردە نۇرغۇنلىغان يازغۇچى - شائىرلار ۋە ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تونۇشقان. ئۇلار بىلەن ئىلمىي سۆھبەتلەردە بولغان. ئۆزئارا كۆپلىگەن مۇشائىرىلەرنى يېزىشقان.

شائىر ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم 1937 - يىلى ھەرەم سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپ شۇ يىلى شېڭ شىسەي جاللاتلىرى تەرىپىدىن پاجىئەلىك ھالدا شەھىد قىلىنغان.

ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم گۈزەل ئەخلاقي پەزىلەتكە، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە، تەرەققىيات ۋە ھۆرلۈكنى ياقلىغۇچى ئىلغار پىكىرلىك شائىر ئىدى. ئۇ چەت ئەللەردە ساياھەتتە بولغان مەزگىللىرىدىمۇ ئۆز ۋەتىنى ۋە خەلقىنى بىردەممۇ يادىدىن چىقارمىغان. شائىر چەت ئەللەردە ئۆزىنىڭ چوڭقۇر بىلىمى، ئۆتكۈر زېھنى، ئېسىل ئەخلاقي پەزىلىتى بىلەن داڭ چىقىرىپ، ئەرەبىستان ۋە مىسىردىكى ئىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدا ئىززەت - ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان، ئۇلارنىڭ ئىلمىي سۆھبەتلىرىدە ۋە مۇشائىرىلىرىدە بىرگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ تالانتىنى نامايان قىلغان. ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن ھەج قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بىر قىسىم ئىلىم ئەھلىلىرى ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىمدا «تەلخىس» ۋە «سەھىھۇل - بۇخارى» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇغان، ئۇلارنىڭ داموللا ھاجىم بىلەن ئەرەب تىلىدا يېزىشقان بىر قىسىم مۇشائىرە، بېغىشلىما ۋە سالامنامىلىرى ھازىرغا قەدەر قولىمىزدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر ھۆكۈمەت ئەربابلىرى شائىرنىڭ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان شېئىرلىرىغا يۇقىرى باھا بېرىشكەن ۋە شائىرنى ھۆرمەتلەپ، ھەرەم مەسجىدى ئەتراپىدىكى ھۇجرىلاردىن بىرىنى ئۇنىڭغا ئىستىقامەت قىلىش ئۈچۈن ئېچىپ بەرگەن. بىراق شائىرغا كۆرسىتىلگەن بۇ خىل ئىلتىپاتلارمۇ ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئۆتتەك يېنىۋاتقان ۋەتەن مۇھەببىتىگە ئارام بېرەلمىگەن. شائىر ۋەتىنى ۋە يۇرتداشلىرىنى ياد ئېتىپ تالاي كۈندۈزلەرنى مىسكىنلىك ۋە غۇربەت ئىچىدە كەچ قىلغان، تالاي كېچىلەرنى غەم - ئەندىشە ۋە ئۇيقۇسىزلىق بىلەن تاڭ ئاتقۇزغان. ئۇ شۇنداق

كېچىلەردىن بىرىدە مەدىنىدىكى ھۇجرىسىدا مۇنداق غەزىلىنە مىسرالارنى يازغان:

نە بەلا ئېرۇر بۇ، يارەب، كى بۇ كېچە يوق قەرارىم،
سانىماق فەلەكدە يولدۇز ئەدەدىنى بولدى كارىم.
قارا تاش باشىمدا پەرقو، قاپاغىمدىن ئۇچتى ئۇيقۇ،
تالان ئەتتى فىكرۇ قايغۇ مېڭەم ئىچرە يوقۇ بارىم.
نە كىتاب كۆرگەلى تاب، نە مۇڭ ئۇلغالى يوق ئەھباب،
نە ئىچەي دېسەم مەيى ناب، نە قوپاي دېسەم نىگارىم.
كۆڭۈل ئىچرە بىھەد ئارمان، غەمۇ فىكرۇ دەنۇ ئەۋتان،
ئۇنۇتۇرغە يوقدۇر ئىمكان، چىقارۇرغە ئىقتىدارىم.

شائىر ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم شەخسىي غەرەزلەردىن خالى ئومۇمنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ئاجىز - مىسكىنلەرگە ياردەم بېرىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلىدىغان، ساپ نىيەتلىك تەرەققىيپەرۋەر دىنىي ئۆلىما ئىدى. ئۇ ئۆز ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىدا ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ ھەر بىرىدە نۇرغۇنلىغان ئالىي پاساھەتلىك شېئىر - قەسىدىلەرنى يازغان. ئەپسۇسكى شائىرنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرى زايا بولۇپ يوقىلىپ كەتكەن. بۇ قېتىم شائىرنىڭ ساقلىنىپ قالغان ئەسەرلىرى ۋە خەتچەكلىرى ئارىسىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكىلىرى نەشرگە بېرىلدى. كېيىنچە ئەرەبچە قەسىدىلىرى ۋە سالامنامىلە - رىمۇ خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى.

①1

ساڭا سەلام، ئايا بادى تىمز خۇش رەفتار،
ئېسىپ جەھاننى چۇ قىلدىڭ بىھىشت خۇلد ئاسار.
دەمى مەسىھى نە دەرلەر، تەنەففۇسۇڭكىم ئېتەر،
نەبات جىسملەرىنىڭ خابى مەرگىدىن بىدار.
نە تاغ يوقكى، نەباتىغە يازمادىڭ كاكۇل،
نەباغ يوقكى ئەرۇسىغە ئاچمادىڭ رۇخسار.
نە قەريە يوقكى سەۋادىدا سۇرمەدىڭ مەركەب،
نە شەھر يوقكى مەدارىدا چەكمەدىڭ پەركار.
نە بەھركىم ئىلكىڭ جەبھەسىگە ئۇرماس كاج،
نە دەستكىم قەدەمىڭ ساۋۇرماس يۈزىدە غۇبار.
زەمىن فەزاسىدە، ئەلقىسسە، بۇقئەئى يوقكىم،
سۇمى بۇراقىڭ ئانى يەنچىپ ئۆتمەدى بىربار.
يولۇڭدا بىر سەنەمى دىلرەبا يولۇقدىمۇكىم،
بۇ نەۋئ سۇرەت ئىلەن تەڭرى ئەتمىش ئانى نىگار.
كى قەددى نەخل سىفەت ئاڭا لەب رۇتەب مانەند،

ئۆزارى سەفھەئى كافۇرۇ خالى مۇشكى تاتار،
زىھى غەزالى مەشئەبەدكى لەھزە ئىچرە قىلۇر،
كەمەندى كاكۇل ئىلەن چەرخ شىرىنى ئىشكار،
بۇيلە قاۋۇشما قاشى خەنجەرىن بۇلەپ ئۆيلەكىم،
دىلاۋەرانى جەھان بىرلە ئاچقايىن پەيكار،
ئاغزىكى ھوققەئى لەئل ئىنۇر ساچىپ ئاندىن،
تەكەللوم ئانىدە تۆرلۈك لۈئالىئى شەھۋار،
قاچانكى تىشلارى بەرقى تەبەسسۇمى چاقىنىپ②،
ئىلىكتىرىقىغە سۈنىپ ئاندا رەۋنەقى بازار،
ياراشمىش ئائىنەدەك كۆكسىگە ئىككى پىستان،
بىللۇر تەخسەسى ئۆززە نىچۈككى ئىككى ئانار،
نەۋاۋۇ نەغمەسىدىن زۇھرە زەھرەسى پارە،
خەدەڭگى غەمزەسى تۈركى فەلەك كەبى خۇنخار③،
بەدەن ھەرىرۇ كىيىم ھەم ھەرىر تو - بەتو،
لەتافەت ئىچرە لەتافەت تەۋار ئۆززە تەۋار،
يىڭىچكە بەللەرى ئانداغ دەقىقۇ نازۇككىم،
فىراقى ئىچرە ماڭا تەن نەھىفۇ جىسىم نىزار،
خىرام قىلىپ چەمەن سارى، يۈز تەھەييۇر ئىلەنە
پۈكۈپ ئاياغىغە شەمشاد قەدى بەرەھمەنۋار،
يېتىپ ئاڭلە سەنەملەرغە شۆھرەت ئانداغكىم،
قۇياش تۇلۇئىدا ئەنجۇمغە مۇختەفى ئەنۋار،
خىرەد مەھاسىنى ۋەسفىدە ئۆيلە ئاجىزكىم،
ئەبۇررەشاد④ مەدىھىدە ھەيرەت ئىلە دۇچار،
كەرەم شىئارۇ فۇتۇۋۋەت دىسار ئەبدۇۋەلى،
كى غەيرەتۇ ھىممەم ئەھلىگە سەرۋەرۇ سەردار،
دەقىق فىكرىغە بىشەك قىلۇر ئىدى تەسلىم،
بۇ كۈندە بولسە ئەگەر بۇ ئەلىيو⑤ بەھمەنىيار⑥،
ۋەفادا مىسلى ئانىڭ تاپىلۇرمۇ دەپ سورادىم،
خىرەد جەۋابىدە ئايدىكى: سۇ بولۇر ئايسا نار،
لەسەبدە شۆھرەتى كەتتا، ئەدەبدە كۆڭلى كىچىك،
سەخاغە سەھنەسى كەڭرۇ، خەناغە فۇرسەتى تار،
ھىكەمدە خاتىرى چەشمە، كەرەمدە ئىلكى تىڭىز،
ئەتادە بەخشىشى يامغۇر، سەفادە سىينەسى قار،
ئەي، ئۇلكى زىكرىڭ ئىلەن كامۇ لەبلەرىم شىرىن،
ۋەي، ئۇلكى يادىڭ ئىلەن خاتىرىم ئىرۇر گۈلزار،

كىچە كىتابىغا ئانداغ ئىدىمكى سۆغە نىچۇك،
تۈمۈزدا قۇمغە يىقىلغان پىيادە تەشنەئى زار.
ھەيا بەھارى گۇلى ئول ئەفەندى ھاجى نىياز،
كى دەھرى مادەرى تۇغماس ئانىڭ كەبى ھۇشيار.
كىلىپ ئەدەب بىلە بەردى قولۇمغە نامەئىكىم،
ھۇمۇم قۇشلارى دەفئىغە ئىبردى بىر شۇنقار.
كىتابى ۋە نى كىتابى، سۇراھىئى سەھبا،
سۇراھى ۋە نى سۇراھى، رەھىقى كەۋسەرۋار.
رەھىقۇ قايسى رەھىق، ئول رەھىق ئىرۇر مەختۇم،
خىتامى قايسى خىتام، ئول خىتامى ئىبردى ئىپار.
چۇ بولدى جۇرئەكەش ئاندىن خىرەد لەبى تولدى،
مەيى نىشات ئىلە كۆڭلۈم پىيالەسى سەرشار.
سۇرۇدى مەدھىڭ ئىلەن ئەيلەدىم دۇئا ئاغاز،
نەۋا نىچۇككى چېكەر دەيرى سەھندە مەيخار.
يانا تېگۇردى ئىلكىمە بىر كاغەزى مەلفۇف،
كىم ئىبردى ئىچىدە بىر قارە كىسەئى بۇلغار.
مۇئەتتەر ئەيلەدى كۆلبەمنى بۇيى ئانداقكىم،
ھەۋايى رەستە، ئاچىلغاندا تەبلەئى ئەتتار.
ئالىپ قولۇمغە، پۇكۇپ قەددىم، ئەيلەدىم تەئزىم،
كى ئانچە قالمادى يەر ئۆزرە تۇشكەلى دەستار.
چىخىپ قالۇرمۇ كۆڭۈل نەقدى دەپ قالغان ئىدى،
ۋىداد كۇنلەرى ئول كىسەڭ ئىچرە، ئەي غەمخار.
ئاچارغە بەندىن ئانىڭ ئۇيلە ئەيلەدىم سۇرئەت،
كى ۋەسل تاپقۇچى خىلۋەتدە يەشكەلى ئەزرار.
قەلەمتەراشى بىلۇرىنەئى سەبۇك سەڭگى،
ئەجىب پەيكەرى⑦ خۇش رەڭ ھەيرەتى ئەنزار.
چىقىپ نىچۇككى قارا مەخمەلىنە چادىر ئارا،
بەرەھنە ياتسە بۇتى سىيمى پەيكەرى دىلدار.
دىدىمكى: «ۋەسفىنى ئايتاي»، خىرەد دىدى: «قويغىل»
يورۇق ھەۋاغە نە ھاجەت دىمەككە تۇشبۇ نەھار.
بۇ بەس ئىرۇركى دەمىم ئىرۇر نەغمەئى دىلكەش،
قەلەم قۇمۇشلارىن ئاڭلە ئەيلەگەچ مىزمار.
چۇ مەرد پايەسى دانىشدە بولماسە مەئلۇم،
ھەدىيەسىلە تانۇرلار ئانى ئۇلۇلئەبسار.

بۇ رەڭ ۋەزنى يېنىك، قىيمەتى ئاغىر تۇھفە،
گۇۋاھى ئەقلىغە مۇندىن ئۆتۈپ ئەمەس دەركار.
قالۇرمۇ ئەمدى ئاچۇق كۆزگە شۇبھە يوق كىشى،
قىلۇرمۇ تاڭغە قۇياشنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئىنكار.

خەتىڭكى باغى ۋەفا ئىچرە ئېردى بىر گۇلشەن،
كى ھەر گۇل ئۆزرە چېكىپ مىڭ نەۋا ھەزار ـ ھەزار.
بۇ گۇلشەن ئىچرە تەماشا قىلۇرغە سەير ئەتتىم،
نەزەر ئىنانىنى ئۆگرۈپ ئانىڭ سارى تەكرار.
مۇراسلەت ئارا تەقسىر ئەيلەدىڭ دەپسەن،
زىھى ئىتابى مەلىھۇ زىھى سۆچۈك گۇفتار.
بىلاقۇسۇرىمە بىرەيب مۇئتەرىفدۇرمەن،
ۋەلې ئەمەس ئاڭا بائىس جەفاۋۇ ئىستىكبار.
بولۇرمۇ قەترەغە مۇمكىن گۇھەر فىشان ئولماق،
تېڭىز خەزانەسىدىن يەتمەسە ئاڭا ئىدرار.
قۇياشدىن ئولماسە ئول ئىنايەتى ئىشراق،
زەئىف زەررە نې دەپ ئەيلەگەي ۋۇجۇد ئىزھار.
جەنابى شەھدىن ئاڭا يەتمەيىن سىلايى قەبۇل،
گەدا نېچۈك قىلا ئالسۇن ئەرىزەسىن ئىزھار.
يانا بۇ ئېردى ماڭا ئۆزر ئول سەھۇلەتدىن،
دېيىن قۇلاق تۇت ئاڭاكىم زەكاۋەتىڭ زەخخار.
ھەۋايى قىشدا مىزاجىم بۇزۇغ ئىدى ئانداغ،
كى موللالار نەفەسىدىن تەبىئەتىم بىمار.
«غەلەت» دېدىمكى، دېدىم: «موللالار، مەئازەللاھ،»
ھۆكۈزلەرىكى مۇڭگۈزلەرىغە چىرمامىش شەلۋار.
بۇرۇنلارىدا ئەزازىل مەكرىدىن ھەلقە،
بويۇنلارىدا ئىناد ئىلە كىبرىدىن زۇننار.
ئەدەب رەۋائىھىدىن جانلارىغە يۇزمىڭ ئەلەم،
جۇئەل كەبىكى تاپار ئەترى بۇيىدىن ئازار.
جەمائەتىكى، مەئارىف ئىلىگە ئەزتەھى دىل،
ئەداۋەتۇ ھەسەدۇ كىن ئۆلەرغەدۇر ھەنجار.
بولۇرمۇ مۇنچە ساۋۇقلار ئارا تۇرۇپ مۇمكىن،
زۇلالى فىكرىنى ئاقتۇرماق، ئەي سەخا كىردار.
بۇ دەمكى ئەسدى نەسىمى بەھارى ئاتىفەتىڭ،
بولۇپ قۇۋاغە مۇھەررىك نېچۈككى بادى بەھار.

كۆر ئەمدى چەشمەئى تەبئىم نېچۇك ئاقار ئولمش،
قەلەم ئولۇپ ئاڭا مىيزاب، سەفھەلەر ئەنھار.
ياشاپ ھەر ئۆستەڭ بويىدە سەد ھەزار شەجەر،
ئاچىلمىش ھەر شەجەر ئۈستىدە گۈنا-گون ئەزھار.
سۆزۈم تەرانەسى ئەزبەسكى مۇمكىن ئېرمەستۇر
يېتۇشمەك ئاخىرىغە تىل ئەگەرچە بولسە ھەزار.
ئۈمىدكى تەگرىدىن ئولكىم يارۇتسە ئىككى كۆزۈم
ۋىسالىڭ ئەنجۇمەنى ئىچرە كۆرسەتىپ دىيدار.
تۆمۈرچى باغىدە تۈزسەك نىشىمەن مەخسۇس،
بولۇپ تۈن ئايدىڭۇ سۆھبەتدە بولماسە ئەغيار.
قۇيۇپ پىيالەگە ساقى شەرابى رەيھانى،
ئۆرۈپ نەۋاغە مۇغەننى دەف ئىلە چەڭۇ سەتار.
ئۇ قىلسە بادەسى بىرلەن سىنى سۇرۇر ئىلە جۇفتە،
بۇ قىلسە نەغمەسى بىرلەن مىنى نىشات ئىلە يار.
مۇڭ ئولساق ئىككىمىز ئانداقكى قالمايىن ئەسلا،
كۆڭۈلدە زەررەچە پىنھان دىيلگۈلۈك ئەسرار.
مۇۋەددەتىڭ ئارا فاتىلغىمدىن ئەيلەرمەن،
بۇ نەۋئ نەغمەسەرالىق نىچۈككى مۇسقار.
ئەلەيكە ئەلفۇ سەلامىن مۇئەتتەردىن ۋەبنەيك،
ۋە مەن لەدەيكە مىنەس-سامىئىنە ۋەلھۇززار.
ئەدامە دەۋلەتەكۇم رەببۇنا ۋە ئەبقاكۇم،
مۇكەررەمىنە بىمەرريد-دۇھۇرى ۋەلئەئسار⑧.

⑨2

خىزمەت چاغىدۇر چابۇك ئول ئەي قاسىدى دانا،
بول بادىيە پەيما.
تا كاشغەر ئولغۇنچە ساڭا مەنزىلۇ مەئۋا،
كەز ئۆلكەۋۇ سەھرا.
يەتكۇر ژۇرەكىمدىن ھەمە يارالى ۋەفاغە،
شەۋق ئىلە سەلامىم،
ھەم قەلبى پەيامىمنى ئوشۇل بەھرى سەفاغە،
ئول گەۋھەرى يەكتا.
ئەبدۇلۋەلىخان بايكى ئەلدىن ئۆچ ئالۇردا،
ھەم ۋەقتى مۇرۇۋۋەتە
ئۆتكۇر تىلى كەسكىن قىلىچۇ ئىلىكى دەريا،

ھەر بىرىدە يەكتا.
ئۇل كۈنكى يىراق قىلدى مېنى چەرخى مۇشەئىبەد،
قۇربىلىق چەمەنىدىن،
ئاھىم چاقىنۇ ياشى ئىدى ھامۇن ئارا گويا،
دەريا ـ دەريا.
ئەۋۋەلقى قۇناغىم ماڭا ياپچان ئىدى مەنزىل،
يازمىش ئىدىم ئاندە،
بىر نامەئى قاسىركى ئىدى زىمنىدە ئىملا،
ئەھۋالى سەراپا.
ئىككىنچى كۈنى يېڭىھىسار ئولدى مەقامىم،
پىشىن چاغى ئىردى،
ئاڭلاندىكى مەنسۇرخان ئول ھەزرەتى ۋالا،
بارمۇندە مۇھەييا.
ئەلقىسسە، چۇن ئول ھەزرەتە دۇچار ئولە قالدىم،
تۇتتى مېنى مەھكەم،
دەپكىم: «قويۇپ ئىردىم كىشىكىم، كەلسە مەبادا
ئول داموللا،
ئىلتىلىق ئانى سايغانغەكى بەش ـ ئالتە كۈن ئاندە،
مېھمانىمىز ئولغاچ،
يانسۇن بولۇبان زىۋەرى ئىززەتلە مۇھەللا،
خۇش ۋەقتى مۇسەففا.
ئەكنۇنكى كۆرۈشدۇك سىزە يوق ئەمدى ئىجازەت،
ھىچ بولماغانىدە،
بىر تۇن تۇنەمەي بىرگە تۈزۈپ سۇھبەتى ھۇ ـ ھا،
مۇمكىن ئەمەس ئەسلا...»
كامىلغە باقىپ يالبارىپ ئايدىمكى «ئەي ئەفەندى،
قۇتقار مېنى مۇندىن،
كىم لايىق ئەمەس رەقس ئىلە سالماقغە ئەلالا،
مىلق شور ئىلە غەۋغا»
چۇن بولدى ئىجازەت ماڭا ئول ھەزرەتى پىردىن،
چابۇك ئولە قاچتىم،
ئانداقكى قەفەسدىن بوشاغان مۇرغى خۇش ئاۋا،
يا بۇلبۇلى گويا.
چۇن يايدى ئۇچۇنچى كۈنى سىمۇرغى فەلەك بال،
ئالەمغە ساچىپ نۇر،

تاڭ نۇرى بىلەن تەڭ ياسادۇق مەھفە ئويىنى،
ھەمچۈنكى زەرىن مەئۋا.
يول ئۈستىدە كىردۇك يانا ياركەندغە تەگرۇ،
ھىچ ياقدە باقماي،
ئوق سىنمادى، ئات ئاقسامادى ياپمادى ئەسلا،
يەر يۈزىنى يەلدا.
ئىڭشار ئىدى سەۋتىمنى گەھى جىننۇ مەلائىك،
قۇرئان ئوقۇسام،
دەشت ئىچرە گەھى ئويىنار ئىدى گۈنبەدى خۇزرا،
چەكسەم ئاھۇ ـ ۋا.
بىر بەندەمەن ئازادكى، دىلىنى خۇش ئېتەر چاغ،
ئەل بىرلە ئىشىم يوق،
جاھىل دېسە جاھىل مەنۇ موللا دېسە موللا،
قىلمام ئاكا پەرۋا.
يازغۇم يەنە ئەھۋالۇ ۋەقايىتىنى مۇفەسسەل،
قويماي بىرىنى،
ئىنشائەللاھۇ تەبارەك ۋەتەئالا⑩
يۇرتۇمدە تۇتۇپ جا.

⑪3

ئول تەڭرى ئاتى بىلەن بۇ تەھرىر،
كىم ئاندىن ئېرۇر زەبانغە تەقرىر.
تەقرىرىنىڭكىم زەبانلار ئاندىن،
تەھرىرلەرۇ بەيانلار ئاندىن.
ھەر بۇدكى بۇ جەھاندە مەۋجۇد،
ئاندىن تاپىبان ۋۇجۇدغە ھەم بۇد.
بەل مەۋجۇدۇ ۋۇجۇد ھەم ئەۋۋەل،
مەشھۇدلەرۇ شۇھۇد ھەم ئەۋۋەل.
ھەم ئاندىن لەۋھ ئىچرە نەقش ئېرۇر فاش،
ھەم ئولدۇر لەۋھۇ نەقشۇ نەققاش.
ھەرچەند بۇ سۆز ماڭا ھەق ئېرمەس،
لېكىن ئەسلىندە ناھەق ئېرمەس.
قىلماس بۇ سۆزگە ئاقىل ئىنكار،
چۈنكىم سەنەدۇ دەلىل ئاڭا بار.

رەۋسەن دىدى خالىققۇل ـ مەلائىك،
ئۆز تەنزىلىدە كۇللۇشەي ھالىك (12).
ئول كۇللىئى مۇمكىناتى ئەفراد،
دەپ فەھم قىلىش ئوشۇلدۇر ئىلھاد.
ياقىلسە كىشى ھۇلۇل مەنسۇب،
تەگرىغە بولۇر بۇ سۆزدە مەئيۇب.
نيكىم دىسە خالىققۇس ـ سەمانى،
مەۋجۇد ئولۇ مۇمكىناتى فانى.
ئەشيا بولۇبان ئاڭا مەزاھىر،
ھەر شەيدە ئانىڭ بىر ئىسمى زاھىر.
بىرنى ئۆزىگە قىلۇر ئۇ مەفتۇن،
ۋەسلى شەۋقىدە ئانى پۇرخۇن.
بىرنى قىلۇر ئول ھەۋەسدە غافىل،
بىرنى نادانۇ بىرىنى ئاقىل.
سۇبھانە ئەللاھ قەددىرۇ دانا،
ھەر ئىشنى قىلۇرغە ئول تەۋانا.
ئول قۇدرەتى ئالدىدە كۆپ ئاسان،
جەمئى ئەزدادۇ تەقلىبى ئەئيان.

× ×

بەس مەن كەبى بىر شىكەستە بالى،
ھىجران يۇكى ئىلە قەددى دالى.
بىچارەئى ناتەۋانى مەھزۇن،
غەم ناۋەكى بىلە باغرى پۇرخۇن.
ياپماقلە باشىغە پەردە قايغۇ،
ئالەمكى بولغان ئاڭا قاراڭغۇ.
تاڭ يوق گەر ئولسە لۇتفىدىن شاد،
بولسە دىلى ئەلەمدىن ئازاد.
غەم زۇلمەتىدىن تاپىپ رەھالىق،
شەمس بىرۇر ئاڭا رەۋشەنالىق.
يەئنى بۇ كىتابى شەۋق مەزمۇر،
ئولماقلە ئول ئافتابە مەنزۇر.
ئول بەدرى سىپىھر ئىلمۇ ئىرفان،
شەمسۇددىن شەمسى فەخرى دەۋران.
ئەللامەئى بىمەسىلى كامىل،
فەزل ئىچرە مۇشارىبىل ـ ئەنامىل.
ھەم ئىلم ئىچىندە دەستگاھى،
ھەر فەندە مەھارەتى كەماھى.

تەفسىردە دەرلەر ئانى بىشەك،
قازىيۇ ⑬ زەمەخشەرىيلە ⑭ هەم تەك.
ئەخبارىنى ئىبتەردە ئىخراج،
ئۇستاد ئاڭا مۇسلىم ئىبنى هەججاج ⑮.
ئەتكەندە مەئانى ئىچرە جەۋلان،
سەككاكىي ⑯ دەرلەر ئانى ئەقران.
تەدقىق گەھىندە دەرلەر ئانى
يارىيۇ ئەغيار مىر سانى ⑰
گەرفارسى ئىچرە ئاچسە مۇشكىل،
هەيرەت قالىپ رەۋانى بىدىل ⑱.
تەئرىخدە هەم ئاڭا چاكەرى دۇن،
جۇرجى زەيدۇنۇ ⑲ ئىبنى خەلدون ⑳.
تىزغاندا لۇئالىقى رۇباىئىي،
مىڭلارچە فۇزۇلىيۇ ㉑ نەۋائىي ㉒.
فىقهىدە مۇجتەهىد ئىبتىپ ئەدە،
قازىيۇل - ئىسلام ئەبۇ مۇهەممەد ㉓
ئىشقىيەدە دەپ زەرىفى كامىل،
زىدنا، يا زەل - فەتا، ۋە ئەتۇىل ㉔.
قانۇن ئارا قىلسە گەر تەغەلغۇل
زىھ ساهىبىغە كىبتەر تەسەلسۇل
هەيئەتدە چۇ قىلسە سەيرى ئەفلاك،
بۇ رەيهان ㉕ سىينەسىن ئىبتەر چاك.
تەمسالۇ مەماسەۋۇ هىكەمدە،
بۇ تەييىب ㉖ ئاندىن ئىبردى غەمدە.
ئەشكال چىبنەرگە ئاچسە پەرگار،
ئۇقلىدوس ㉗ ئولۇر مۇتىمى ناچار.

× × ×

ئەي، كاشكى ئول ئەدىبى دانا،
تەرك ئەتسە رۇسۇمى ئەهلى دۇنيا.
ئىززەت ئىلە كەچسە ماهۇ سالى،
تەئلىق ئولۇر ئىبرسە ئەقدى هالى.
هەمرازى ئاڭا مەلەك ئولۇردى،
هەم خانە ئانا فەلەك ئولۇردى.
قىلجۇملە ئەگەرچە دەرسى هەم بارە
هەئىنغە ئەمىس ۋەلى سەزاۋار.

تەكرار تاپىپ ئانىڭدا ھەردەم،
«شەمسىيە①» ۋۇ ھاشىيە②» ۋۇ«سۇللەم ③».
سۇللەملەر ئىرۇر ھەممە سەلالىم،
سۇللەمدە كىشى تۇرارمۇ سالىم.

× × ×

سۇبھانەللاھ ئەجەب زەمان بۇ،
سۇببۇھىيلەرغە دەۋرى زىيان بۇ.
كەس ئولغۇچى ياخشى ئۆزرە ناكەس،
دەريا سۇيى ئۆزرە ئۆيلەكىم خەس.
فەزلى فۇزەلاغە بىر مۇئىن يوق،
جەھل ئەھلىنى خار ئېتەر مۇھىن يوق.
مىلك ئىبۇە ھۇنەر بۇ يەردە بىر پۇل،
جاھىل ئازادۇ ئەقل ئېلى قۇل.
دۇنيا ئېلى ئالدىدە ھۇنەرۋەر،
فازىلۇ قەدرى مۇھان - مۇھەققەر.
كىم مۇشرىك ئىچىندە، ئول پەيەمبەر،
يا خارىجى ئىت قاتىدە ھەيدەر.

× ×

مەندىن سوراساڭ ئەگەر سەن ئەھۋال،
بۇدۇر رەۋىشىمدىن قۇلاق سال.
ياراندىن رىشتە ئۈزگەنىم يوق،
ئەغيار ئىلە ساز تۈزگەنىم يوق.
باشىمدە پەدەر قۇچاقدە فەرزەند،
دىل رىشتەسى ئانىڭگە سەخت پەيۋەند.
بەيتۇل - ھەزەن ئىچرە ئۆزلەت ئەتتىم،
مىڭ شۇكرىكى شاھلىققە يەتتىم.
ئۇقبا ھەم ئولۇر ئىسە بۇ يەڭلىغ،
بۇ تەنىم ئىرۇر تىلىمدە تاتلىغ.
گەر ئاندە ئىشىم نىگۇن بولسە ناگاھ،
بۇ خۇشلۇقتىن نەئۇزى بىللاھ.

× ×

ئەي كىشۋەرى فەزل ھۇكمىرانى،
ئىقلىم سۇخەنى جەھانىستانى،
رىفئەت ئارا ئاسمانچە قەدرىڭ،

ۋۇسئەتدە جەھان ـ جەھانچە سەدرىك،
ئەيلەپ ئەدەبىلك دەرىك سەۋابىت،
سەييارەمۇ خىدمەتىگدە سابىت.
فىكرىڭ چەمەنىغە رەۋنەقۇ ئاب،
بەزمەكدە ئىكىن فەلەكدە مەھتاب.
خىلۋەتگەھىگە ھەمىشە ۋارىد،
خامە تۇتۇپ ئىلكىدە ئوتارىد.
ئوينىاپ غەزەلىڭغە رەقسى مەۋزۇن،
رەققاسەئى خۇش ئەدايى گەردۇن.

× ×

شەۋق ئىلە سورايمەن سەندىن ئەھۋال،
پۇرسىش ئېتەمەن ھەم ئاندە ئەشغال،
سىھھەت نىچۇكۇ دىلىڭمۇ دىلشاد،
خۇش ۋەقتىمۇ ۋەقتىڭ، ھۇزۇرىڭ ئاباد؟
تەدرىسغە كۆپمۇ ئىشتىياقىڭ،
تەئلىق ئارا تىزمۇ بۇراقىڭ؟
يارانلار ئىلە نىچۇكدۇر بەزمىڭ
گۇمراھلار ئىلە قىزىقمۇ رەزمىڭ؟
گاھى سالىبان تۇمەنغە زەۋرەق،
پايىگدىن ئېتەرمۇسەن سۇيىن شەق؟
گۈللەرغە قىلۇرمۇسەن نەزەرە،
چەشمىڭ تىكىلۇرمۇ گۈلئۇزارە؟
ھەرچەندكى بولساڭ ئاندە دىل شاد،
بۇ خەستەنى ھەم قىلۇرمۇسەن ياد؟
بىر تىلنى ئەگەر مىڭ ئەيلەسەممەن،
مەدھىگنى دەۋاملىق كۆيلەسەممەن.
مىگدىن بىرى ھەم ئەدا بولالماس،
ئىستەكىنى بۇ ھەم رەۋا قىلالماس.
مەن ئەمدى ئاچاي دۇئاغە قولنى،
تەڭرىمدىن تىلەپ ئۆمىد يولۇمنى.
يا رەب، ئاڭا لۇتفۇڭ ئەيلە ھەمراھ
فەزلۇ كەرەم ئەيلە ئاڭا ھەرگاھ.
دەۋران ساڭا يار ياۋەر ئولسۇن،
ئىقبال ئىشىكىدە چاكەر ئولسۇن.
فەزلىڭ قۇياشى ھەمىشە نۇربار،

ئىلمىك بولۇتى ھەممىشە دۇرباز،
بەرگىل تىلەكىمىنى، يا رەببى، ئامىن،
بۇنىڭغە دېسۇن مەلەكلەر ئامىن.

㉙ 4

نە بەلا ئېرۇر بۇ، يا رەب،
كى بۇ كېچە يوق قەرارىم.
سانىماق فەلەكدە يۇلدۇز،
ئەدەدىنى بولدى كارىم.

قارا تاش باشىمدا پەرقۇ،
قاپاغىمدىن ئۇچتى ئۇيقۇ،
تالان ئەتتى فىكرۇ قايغۇ،
مېڭەم ئىچرە يوقۇ بارىم.

نە كىتاب كۆرگەلى تاب،
نە مۇلك ئولغالى يوق ئەسباب،
نە ئىچەي دېسەم مەيى ناب،
نە قۇچاي دېسەم نىگارىم.

كۆڭۈل ئىچرە بىھەد ئارمان،
غەمۇ فىكرۇ دىنۇ ئەۋتان،
ئۇنۇتۇرغا يوقدۇر ئىمكان،
چىقارۇرغە ئىقتىدارىم.
نە ئۇچاي دېسەم قاناتىم،
نە ياتاي دېسەم سەباتىم،
نە يازاي دېسەم دۇۋاتىم،
نە ياقاي دېسەم فەنارىم.

ھەرەم ئىشىكى تاقاغدە،
ئۇھدۇ ㉚ قۇبا ㉛ ئۇزاغدە،
ھەممە دوستلار ياتاغدە،
بۇ نە يەڭلىغ ئىزتىرارىم.

ھەمە ئۇيقۇ ئىچرە سەرمەست،
مەن ئىگىز ياتىپ گەھى پەست،

يانا ۋەھم ئولۇپ زەبەردەست،
تەگۈ پۈ ئېرۇر شىئارىم.

نە بۇ يەڭلىغ ئاھۇ فەرياد
چېكەر ئېردى قەيسۇ فەرھاد،
ھەمە ئەيش بولدى بەرباد،
كېتىپ ئېلدىن ئىختىيارىم.

مەنۇ ھەزرەتىڭگە ئاھىم،
ساڭا تەلمۇرۇر نىگاھىم،
يوق ئېرۇر مېنىڭ پەناھىم،
سەندىن ئۆزگە كىردىگارىم.

ئۆزۈلەي بۇ ماسەۋادىن،
سۆزۈلەي بۇ دوغ رىيادىن،
تۆزۈلەي ھەممە ھەۋادىن،
بولۇبان ساڭا فىرارىم.

(32) 5

چەپەر سەييارەسى سەۋۋاقى يۈرگىل ئۆيلە سۈرئەتدە،
كى سەيرىڭنى كۆرۈپ باردى سەبا قالسۇن خىجالەتدە.
مەدىنە گۈل زەمىنىدە تۇتۇپ ئارام ئەرز ئەتكىل،
دۇرۇد ئىلە سەلامىم ساھەئى بەيتى نۇبۇۋۋەتدە.
چىقىپ ئاندىن بەيان قىل ئەرزى ھالىم شەرھىنى ئانلار
غەكىم، تۇتمىشلەر ئاندا ئەھلى مەنزىل ئىستىقامەتدە.
خۇسۇسەن ئول ۋەفا كىردار ھاجى.تاشكىم، يوقدۇر
ئانىڭدەك بىر يانا ئازادە مەشرەب بىر ۋىلايەتدە.
يانا ئول ھاجى غازى ساھىبى ئىخلاسكىم، باردۇر
ئاڭا مەخسۇس نىسبەت فەزل ئەھلىغە ئەقىدەتدە.
ئۇ شۇنداق ھاجى زاكىرجان تەقەسسىر ئەتمەمىش ھەرگىز،
بىزە چىن كۆڭلى بىرلە نەزم ئىلە قىلغان نەسىھەتدە.
تىلىمەدىن ئايغىل، ئەي ۋالىدەلەرىم، خەتلەرگە يازمىشسىز،
يېتىشتى ئىلكىمە گۈلدەستە يەڭلىغ ياخشى سائەتدە.
گۆھەر سىلكى كەبى مەنزۇمە بىرلە يوقلامىشسىزلەر،
بىزىڭدەك خەستە ھالىنى بو يەڭلىغ ھالى غۇربەتدە.
سۆيۈندۈم ئانچەكىم ئاچتىم دۇئاغە ئىلكىمى، يا رەب،
تەرەھھۇم قىل بۇلەرغە رەھمىڭگە مۇھتاج ھالەتدە.

ۋەتەنگە يانماق ھەققىدە سۆزلەركىم يازىلمىشدۇر،
بىلۇرمەن گەۋھەرى مەتدەندىن ئارتۇق قەدرۇ قىيمەتدە.
كۆرۈپ باشدىن كەچۈرگەنلەر سۆزى ئىبرەتگە لايىقدۇر،
ئەمەل قىلماق ئاڭا كەۋنەيىن نەفئىدۇر ھەقىقەتدە.
مەدىنە ھەزرەتى لەۋلاك تەختى شاھى قەسرىنىڭ،
مۇئەتتەر سەھنەسىگە ئۆزنى ئالغۇم پات فۇرسەتدە.
فىراغى رەۋزەۋۇ ھىجرانى ئەھباب ئۆرتەدى ئانداق،
كى قىل ئوت ئىچرە قانداق تولغانۇر تۈشكەندە ھىرقەتدە؛
بىھەمدۇللاھكى، ھەججى ئۇمرۇ ئەركانىن ئەدا ئەتدۈك،
مىنادىن مەككەگە تۈشدۈك تۈنۈگۈن ياخشى سائەتدە.
ۋۇقۇف ئەسناسىدە تەڭرى بىشارەت بىرلە ياغدۇردى
بىرئاز يامغۇركى، غەرق ئولدۇق ھەممە دەريائى رەھمەتدە.
كىچىكدى ئەرزى ھالىم ئورتادا بىر نەچچە كۈن، چۈنكىم،
ئىدۈك ھەج بىرلە مەشغۇل ئەرتە - ئاخشام ئانچە ئىجلەتدە.

6

بىشارەت سىزگە، ئەي ئىخۋانى ئىسلام،
كى بولمىش ئىبردىڭىز پامالى ئەۋھام.
بىشارەت سىزگە، ئەي ھەيرەتدە قالغان،
گۇرۇھى دىندارۇ نىكى ئەنجام.
كى بۇ «ئىسلام يولى» چىقمىش ۋۇجۇدە،
بولۇپ يولدىن ئازانلارغە رەھى ئام.
ياقىلمىش ھەر قەدەمدە مەشئەلى نۇر،
چىكىلمىشلەر چىغىر ئۆزرە بۈيۈك تام.
ئۇرۇپ قىرغاغلەرىنە ئۈيلە سەدلەر،
كى چىن دىۋارى ئانىڭ ئالدىدە خام.
سەيىد قاسىم مۇنەۋۋەر فىكر ئولكىم،
قولىدە كىلكى شەمشىر خۇن ئاشام.
بۇ ئەسرىڭ زۇلمەتى ئىچرە قالانلار
غە يەتكۈرمىش بۇ يەڭلىغ ئامى پەيغام.
ھەلۇممۇ نەھۋەنا ئىن تەتلۇبۇر - رۇشدەھ
يائىخۋانەنا، يا ئەھلە ئىسلام
خۇرافى بىدئەتلەر ئول چىغىردىن،
قويۇڭلار بۇ ئوچۇق شۇھراھ ئۆزە گام.
جەددىدى يولدىن ئازغانلار باقىڭلار،

قۇدۇقلارغە، يانىڭلار تىزۇ يىلدام.
كىلىڭلار ھىچ ۋەھشەتسىز بۇ يولنىڭ
سولۇكىنە ئىچىملىك پەرۋاسىز ئەقدام.
بىر ئاز مۇددەتدە مەنزىلغە يېتەرسىز،
تۇتارسىز مەقسەد ئەيۋانىدە ئارام.
كۆرۈپ باشتىن ئاياغ مىڭلارچە تەھسىن،
كى يازدىم شامىلى تەئرىخ بىر نام.
«نە خۇش ئىسلام يولىدۇر (34)» دەپ ئىچۇككىم،
چىقار ئاندىن ھىسابى سال ئىتمام.

(35) 7

كەل، ئەي ساقى، قەدەھكىم بەزمى چاغى،
بۇ كۈن ئاچىلدى دەۋرانىڭ دىماغى.
نەدىن چاپماقدەدۇر بىلدىڭمۇ ئاخىر،
ھەۋادە ئەبرى باران ئارغىماغى.
سەمەندەر رەقس ئىلە ئۇرماق مۇئەللەق،
بۇلۇت ساقىسى سۇنماغلىق ئاياغى.
نىشات ئاساردۇر بۇنلەرغە يەتمىش،
يېڭى مېھمان قۇدۇمىنىڭ سوراغى.
ئۇشۇل سەييىد تۆرە مەھمۇدخانكىم،
ۋۇجۇدى دىنۇ مىللەتنىڭ ياراغى.
باشىنە قوندى بىر دەۋلەت ھۇماسى
ئۇچۇپ نىكبەت ئىلە ئەندۇھ زاغى.
گۇلىستانىندە بىر نەۋرەستە رەيھان،
ئاچىلمىش گۈللارى رەخشەندە فاغى،
ئويىنى قىلدى بىر فەرزەندى مەۋلۇد
مۇنەۋۋەر ئۆيلەكىم بىجەللى چىراغى.
نەجابەت زەككەسى بىرلە ئورالغان،
مۇجەسسەم نۇر باشتىن تا ئاياغى.
مۇئەككەل ئاڭا مەريەمزادەلەردىن،
تونۇ كۈن دايە ئىلكىندە ئوراغى.
سەماۋى نام ئاڭادۇر ئەبدۇقادىر،
نەتاڭدۇر مەنسەبى قۇتب ئولسە داغى.
رەبىئەسسانى ئولدى ئاڭا مەۋلۇد،

زۇهۇرى نۇر پەيران پەير چاغى.
سىيادەتدۇر ئاڭا مەۋرۇس ۋەهبى،
دەخى مەهدى شەرافەتدۇر ياتاغى.
ئىلاها، قىل مۇئەممەر ئۇيلە ئانى،
كى يىللار يەر ئۆزە ئولسۇن قۇناغى.
كۆزى هەق بىن بەسارەتلە ئاچىلسۇن،
دىلى ئىرفانلە، هىكمەتلە دىماغى
شەرابى مىللەتىنك قايغۇسىدە خۇن،
ۋەتەن فىكرىدە زەهر ئولسۇن تاماغى.
ۋەفادارۇ مەكارىم گۇستەر ئانداق،
كى دائىم ئاتەشىن تىغۇ ئوچاغى.
ۋىلادەت سالى تەئرىخىنە كافى
قىلىپ ئايدىم ئاڭا: «ۋەه كۆز قاراغى [36]»
بۇ ئالىي مۇختەسەر تەئرىخ بەسدۇر،
كى سۆزلەر تاتلىغىدۇر قىسقاراغى.

8 [37]

سەيىد مەهمۇدخانكىم فەزل ئىلىندە،
يوق ئىرمىش ئاڭا ئۆز ئەسرىندە مانەند.
كەرەم قىلدى ئاڭا هەق بىر ئوغۇلچە،
دىمە ئوغۇلچە، دەي ئانى جىگەربەند.
بولۇپ هاسىدلارى پامالى ئەندۇه،
ئوشۇنداق دوستلارى مەمنۇنۇ خۇرسەند.
ئۇلار بارى مۇسىبەتدىن تۇرۇشرويى،
بۇلار ئىيدى مەسەررەتدىن شەكەر خەند.
نەسىب ئالماقغە رەسمى تەهنىيەتدىن
ئاڭا پىش ئەيلەدىم ئەفسانەئى چەند.
مۇبارەك باد ئۇچۇن ئىزماقشە تەئرىخ
دىدىممەن: «ئەي ئەجەب بۇ ياخشى فەرزەند»[38]

9 [39]

ئوغۇم، تەلبەم، مۇزۇم مىهنەت كەشىدە سايە پەرۋەردىم،
سەفەر بىرلە هەزەردە هەمدەمۇ هەمراز شاگىردىم.
ۋەفادارىم، خەلىلىم ساف نىيەت ئالىي هىممەتلىك،
قەنائەتدە يىگانە مىهرىبانىم هەم قەدىردانىم.

10

تەجرىبە قىلدىم، نە ياخشى سۆز ئىكەن،
ئادەمىينىڭ ئالدى گۈل كەينى تىكەن.

## ئىزاھاتلار

① بۇ شائىرنىڭ قەشقەردىكى بۇرادىرى ئەبدۇلۋەلىخانىنىڭ ئەۋەتكەن سالامنامىسىغا جاۋابەن ئەۋەتكەن تەشەككۈرنامىسى.

② ئەسلى قول يازمىدا ئاپتور بۇ مىسرانى «نە يەردەكىم ئىشى بەرق تەبەسسۇمىن يورۇتۇپ» دەپ يېزىپ بولۇپ، ھاشىيەگە يۇقىرىقى تېكىستتىكى بويىچە ئۆزگەرتىپ قويغان. بىزمۇ ئۆزگەرتىلگىنىنى ئالدۇق.

③ بۇ مىسرا يەنە بىر قول يازمىدا «خەدەڭگى غەمزەسىدىن سىينەئى زۇھەل ئەفكار» دەپ يېزىلغان.

④ ئەبۇر-رەشاد — ئابدۇۋەلىخانىنىڭ يەنە بىر نامى.

⑤ ئەبۇ ئەلى سىنا — مەشھۇر تىبابەتشۇناس ئالىم ۋە ئەدىب.

⑥ بەھمەنيار — مەشھۇر بىر پەيلاسوپ.

⑦ بۇ سۆز يەنە بىر قول يازمىدا «سۇرەتى» دېيىلگەن.

⑧ سىزگە ۋە سىزنىڭ ئىككى ئوغلىڭىزغا، شۇنداقلا سىزنىڭ ھۇزۇرىڭىزدا بىللە بولۇپ، (بۇ خېتىمنى) تىڭشىغانلارغا مىڭلارچە سالام.

تەڭرىمىز سىلەرنىڭ دۆلەتمەنلىكلارنى ئەبەدىي قىلسۇن. سىلەرنى زامان ۋە ئەسىرلەر ئۆتكەنسېرى ئىززەتلىك قىلسۇن.

⑨ شائىر قەشقەرگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئۇستازلىرى ۋە يار-بۇرادەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، گۇمىغا قايتىشىدا ئابدۇۋەلىخان قاتارلىق بۇرادەرلىرىگە يەكەندىن ئەۋەتكەن مۇستەھزادى.

⑩ ئۇلۇغ تەڭرىم خالىسا.

⑪ شائىرنىڭ قەشقەردىكى دوستى شەمسىددىن داموللا ھاجىمغا گۇمىدىن ئەۋەتكەن سالامنامىسى.

⑫ ھەممە شەيئى يوقىلىدۇ.

⑬ قازى — مەشھۇر تەپسىرچى ئالىم، «تەپسىرى بەيزاۋىي» ناملىق بۈيۈك تەپسىر كىتابىنىڭ ئاپتورى.

⑭ ئەللامە زەمەخشەرىي — ھىجرىيىنىڭ 467-(مىلادى 1075-) يىلىدىن ھىجرىيە 538-(مىلادى 1145-) يىلىغىچە ياشىغان مەشھۇر تەپسىرچى ئالىم ۋە ئەدىب؛ «ئەل-كەششاف» ناملىق كامالەتكە يەتكەن بۈيۈك تەپسىر كىتابىنىڭ ئاپتورى. ئۇنىڭ يەنە «ئەتۋاقۇز-زەھەب» (ئالتۇن ھالقىلار)، «ئەن-نەسايىھۇل-كىبار» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرى بار.

⑮ مۇسلىم ئىبنى ھەججاج — ئاتاغلىق ھەدىسشۇناس ئالىم. ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى ئالتە چوڭ ھەدىسنىڭ بىرى بولغان «سەھىھۇل-مۇسلىم» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى.

⑯ سەككاكىي — تولۇق ئىسمى سىراجىددىن ئەبۇ ياقۇب يۇسۇپ ئىبنى ئەبۇ بەكرى سەككاكىي بولۇپ، مىلادى 1160-يىلىدىن 1228-يىلىغىچە ياشىغان. سەككاكىي

مەشھۇر ستىلىستىكاشۇناس ئالىم ۋە داڭلىق ئەدىب. ئۇ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىلى ئالىملىقتا چاغاتايخانىنىڭ ئوردا مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئۆتكۈزگەن. شۇ مەزگىلدە ئۇ «مىفتاھۇل - ئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. سەككاكىي ئىلىمدا قازا تاپقان، مازىرى ھازىر قورغاستا.

⑰ مىرسانى — مەشھۇر لوگىكا ئالىمى. «ھاشىيە» ناملىق مەنتىق كىتابىغا شەرھ يازغان.

⑱ مىرزا ئەبدۇلقادىر بىدىل — مىلادى 1644 - يىلدىن 1721 - يىلغىچە ياشىغان مەشھۇر شائىر. «دىۋانى بىدىل» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئاپتورى، ئۇنىڭ يەنە بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بار.

⑲ جۇرجى زەيدان — لىۋانلىق مەشھۇر تارىخشۇناس ئالىم ۋە ئاتاغلىق يازغۇچى. ئۇ 1861 - يىلى لىۋاننىڭ بىرۇت شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. 1892 - يىلى مىسىر پايتەختى قاھىرەدە «ھىلال» ژۇرنىلىنى تەسىس قىلغان. ئۇنىڭدا تىل، تارىخقا ئائىت ماقالە ۋە روماتلارنى ئېلان قىلغان. كېيىن ئۇ «ھىلال» نەشرىياتىنى قۇرغان. ئۇ ئەدەب - ئەخلاق ۋە تارىخقا ئائىت نۇرغۇن دەرسلىك كىتابلارنى يازغان.

⑳ ئىبنى خەلدۇن — مەشھۇر تارىخشۇناس ئالىم ۋە تەسەۋۋۇپچى.

㉑ فۇزۇلىي — مۇھەممەد سۇلايمان ئوغلى فۇزۇلىي (مىلادى 1498 — 1556) ئۇلۇغ ئەزەربەيجان شائىرى. ئۇنىڭ «دىۋانى فۇزۇلى»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «بەڭ ۋە بادە» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرى بار.

㉒ نەۋائىي — ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىي (مىلادى 1441 — 1501).

㉓ ئەبۇ مۇھەممەد — ئاتاغلىق فىقھى ئالىمى. ئىمامى ئەزەمنىڭ شاگىرتى. ئۇ ئىمامى ئەزەمنىڭ ئەسەرلىرىگە ئىزاھ يازغان.

㉔ بۇ مىسرانىڭ مەنىسى: يىگىت (قىسمىنى) تېخىمۇ كۆپرەك ۋە ئۇزۇنراق سۆزلەپ بىرىدۇ.

㉕ بۇ رەيھان — ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي (مىلادى 973 — تەخمىنەن 1048) ئوتتۇرا ئاسىيالىق مەشھۇر ئاسترونومىيە ئالىمى، ئاتاغلىق ماتېماتىك ۋە تېبابەتشۇناس. ھىندىشۇناسلىق ۋە يۇنانشۇناسلىق ئىلىملىرىدە كامالەتكە يەتكەن ئالىم.

㉖ بۇ تەيىب — ئەبۇ تەيىب مۇتەنەببىي مىلادى 915 - يىلى كۇفەدە تۇغۇلۇپ، 965 - يىلى پارستىن باغداتقا قايتىش سەپىرىدە ئۆلتۈرۈلگەن بۈيۈك ئەرەب شائىرى. ئۇنىڭ «دىۋانى مۇتەنەببىي» ناملىق مەشھۇر شېئىرلار توپلىمى بار.

㉗ ئوقلىدۇس — ئاتاغلىق گېئومېتىرىيە ئالىمى.

㉘ «شەمسىيە»، «ھاشىيە»، «سۇللەم» — ئىسلام ئەللىرىدە جۈملىدىن ئۇيغۇر كونا مەكتەپلىرىدە دەرسلىك قىلىنغان مەشھۇر مەنتىقە (لوگىكا) كىتابلىرى.

(29) شائىر 1935 - (ھىجرىيە 1354 -)يىلى ھەج قىلىش ئۈچۈن مەدىنىگە بارغىنىدا يازغان مۇرەببەسى.

(30) ئۇھۇد ــ مەدىنىدىكى بىر تاغ.

(31) قۇبا ــ مەدىنىدىكى بىرىنچى قېتىم مەسجىد سېلىنغان ئورۇن.

(32) شائىر 1935 - يىلى ھەج ئۈچۈن مەدىنىدىن مەككىگە كەلگىنىدە، مەدىنىدىكى دوستلىرى تاش ھاجىم، زاكىرجان ھاجىم، غازى ھاجىم قاتارلىقلارنىڭ ئەۋەتكەن مۇھەببەتنامىسىگە جاۋابەن يازغان سالامنامىسى.

(33) ھىجرىيە 1354 - (مىلادى 1935 - 1936 - ) يىلى مەدىنىدە مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇپ قالغان سەيىد قاسىم ئەفەندى «ئىسلام يولى» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ نەشر قىلغاندا، شائىر بۇنى كۆرۈپ يازغان قەسىدىسى.

(34) بۇ يېرىم مىسرادىكى ھەرپلەر ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 1354 - (مىلادى 1935 - 1936 - ) يىلىنى كۆرسىتىدۇ.

(35) شائىر ھىجرىيە 1355 - (مىلادى 1936 — 1937 - يىلى ھەرەمدىن ۋەتەنگە قايتىش سەپىرىدە ھىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىگە كېلىدۇ. ئۇ يەردىكى بۇرادىرى سەيىد مەھمۇدخان ئىمرازىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغىنىدا، ئۇ كىشىنىڭ سەيىد ئابدۇلقادىرخان ناملىق پەرزەنتى تۇغۇلىدۇ. شائىر بۇ قەسىدىنى يېڭى دۇنياغا كۆز ئاچقان ئاشۇ بوۋاقنى مۇبارەكلەپ يازغان.

(36) بۇ يېرىم مىسرادىكى ھەرپلەر ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 1355 - (مىلادىيە 1936 - 1937 - ) يىلىنى كۆرسىتىدۇ.

(37) شائىر بۇ قىتئەسىنىمۇ سەيىد ئابدۇلقادىرخاننىڭ تۇغۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان.

(38) قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەردىكى ھەرپلەر ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 1355 - (مىلادىيە 1936 — 1937 - ) يىلىنى كۆرسىتىدۇ.

(39) شائىرنىڭ ئۆز شاگىرتى ئابدۇلقادىر ھاجىمغا يازغان بېيىتى.

# شەھىدى شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئىرشىدىن راشىدىن
مەتتوختى ئابدۇۋاقى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن:

شائىر مۇھەممەت روزى داموللام (تەخەللۇسى: شەھىدى) 1907 - يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ جىيا يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ دىنىي بىلىمنى ئۆز يېزىسىدا ئالغان بولۇپ، 1918 - يىلى دادىسىغا ئەگىشىپ يەكەنگە بارغان. شۇنىڭدىن باشلاپ 1934 - يىلىغىچە يەكەن شەھەر ئىچىدىكى خانلىق مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇنىڭ ئۇستازى مۇھەممەت سالىھ داموللام (ئەينى ۋاقىتتا يەكەننىڭ قازىسى بولۇپ، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۇيۇقسىز تۇتقۇن قىلىنىپ، كېيىن ئىز-دېرىكى بولمىغان) شائىر ھۇسەيىنخان (تەجەللى) نىڭ شاگىرتى بولۇپ، ئىلىم-بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن تەرەققىيپەرۋەر، ئىلغار پىكىرلىك كىشى ئىدى. بۇ ھال بولغۇسى شائىرغا مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇ ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىپ ئۆگىنىپ ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن. شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بولغان ئابدۇراخمان جامى، نەۋائى، ھۇۋەيدا، خوجا ھاپىز شىرازى ئەسەرلىرى شۇنداقلا مەشرەپ، نەۋبەتى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن بەدىئىي زوق ئېلىپ تۈركىي، پارسى، ئەرەبىي تىللاردا كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرلىرىدا قىسقا ۋاقىت يەكەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنگە كىرىپ تارىخ، جۇغراپىيە، تەبىئەت، ماتېماتىكا پەنلىرىنى ئۆگەنگەن. بۇ ئۇنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتكەن، تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

شائىر 1934 - يىلى 8 - ئايدا ئۆز يۇرتى لوپ ناھىيىسىنىڭ جىيا يېزىسىغا قايتىپ كېلىپ، تاغىسىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى، يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ دەۋىتى بىلەن مەدرىس ئېچىپ، 1958 - يىللارغىچە كۆپلىگەن تالىپ ۋە تالىبەلەرنى ئۆز خىراجىتى بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكى ئۇنى روھىي، جىسمانىي جەھەتتىن تولىمۇ زەئىپلەشتۈرۈۋەتكەنلىكتىن، ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، 1978 -

يىلى 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى 71 يېشىدا دۇنيادىن ئۆتكەن.

شەھىدى شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ماھىر رەسسام ۋە ھۆسن خەت ئۇستىسى ئىدى. ئۇ يەكەن دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقاندا، مەكتەپ دائىرىلىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن لېنىننىڭ رەسسىمىنى چوڭايتىپ سىزىپ، ھەممە كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغان. «مىڭ بىر كېچە» نىڭ ئۆزى كۆچۈرگەن قول يازمىسىغا سىزغان قىستۇرما رەسىملىرى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن سىزىلغان.

شائىر ئۆزىنىڭ تۈركىي، پارسى تىلىدا يازغان شېئىرلىرىدىن «شەۋقى مەسىھا - زەۋقى مەلىھا» ناملىق بىر دىۋان، ئەرەبىي تىلدا يېزىلغان شېئىرلىرىدىن «دىۋانى مۇھەسسە» ناملىق بىر دىۋان تۈزگەنلىكىنى، بۇ ئىككى كىتابنىڭ «ئاپەتلىك يىللار» دا كۆيدۈرۈلۈشتىن ئامان قالغانلىقى ھەققىدە دەلىل - ئىسپاتلار بولسىمۇ، ھازىرغىچە تېپىلمىدى. بۇ جەھەتتە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بىز شائىرنىڭ يېقىندا تېپىلغان، يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئىككى دىۋانغا كىرگۈزۈلمىگەن بىر قىسىم شېئىرلىرىنى نەشرگە تەييارلىدۇق.

## غەزەل دىگەر مەسنەۋىي

ئەجەبكىم دائىما ئەقلىم خەتا كەتكەن كىشىدۇرمەن،
سەۋاب رەئيىم كۆرۈنمەيدۇر بىكا كەتكەن كىشىدۇرمەن.
سىنۇق چىن بەرمىسە ئاۋاز، پۇچۇق چىن بەرمىگەي لۇقمە،
يېسە كۆپ ئاسىي - جافىيلار زەمىن ئۈستىدەكى تۇئمە.
ئەگەر ھەر چەندە غەم تارتسام گۇمانىم يوق كېلىپ نېئمەت،
دېدىم «ئەللاھ»، يېدىم نېئمەت، باشىمغە قويمادى كۈلفەت.
«تەۋەككەلتۇ ئەلەللاھ» دەپ بۇ نالەم بىرۇ بارىمغە،
سەبەب قىلماي ياتىپ مەھمىل تەمامى كارۇ بارىمغە.
ئېنىگچۈن مەن ئەداۋەتلىك، بولۇپ مەللەممۇ دۈشمەنلىك،
ئېنىڭ ئۈستىمغە ھاسىد بار بولۇپ قالدىمكى دۈشمەنلىك.
ئىلاھا تەۋبە قىلدىمكى ئەجەب بەد بەخت ياراتىپسەن،
ساڭا مەن مۇنتەزىر تۇرساممۇ دۈشمەنگە قاراتىپسەن.
ئەگەر چەندىكى بولسامۇ سەبەبدىن ئافەرىنەندە،
ۋە لېكىن خەلق ئەتكۈچى سەن بېرىپ جاننى نەھىس تەندە.
ساڭا قىلغان ئىشەنچىمنىڭ بارى بىكار بولۇپ قالدى،
بۇ ۋەجھىدىن بولۇپ ھەيران دىلىم بىمار بولۇپ قالدى.
ئەزەل كۈندە مېنى بەد بەخت نىشانە ئەيلەگەنمۇسەن،
تەمامەن ئىشلارىم تەتۈر پېشانە ئەيلەگەنمۇسەن.
دىلىمدە غەم، كۆزۈمدە نەم، كېچە - كۈندۈز مۇسىبەتمەن،

ئەگەر سەن سورماساڭ هالىم هەلاكەتلىك مۇرىبەتمەن.
نەچۇك رازى بولاي بول قىسمى بەد بەختلىك ۋۇجۇدۇمدە،
سەئادەت بولماسا رۇھۇمدە، كەلمەيدۇر شۇھۇدۇمدە.
نەفس رۇھۇم، نىجىس جىسمىم كىلىپ كەچ فايدە كەچ نەئلەي
كىشىنىڭ بولماسا بەختى دېگەيلەر ئانى بىتالەي،
پېشانەم تەرتىدۇر دائىم تەمامى ئىشلارىم مەنهۇس،
ئەگەر بارسام ئۇمىد بىرلەن يانىپ كەلگۇم بولۇپ مەئيۇس.
هەيا تارتىپ شەرىئەتدىن، ئۆتەلمەدىم تەرىقەدە،
يۇمۇپ كۆزنى، كېچىپ جاندىن يېتەلمەدىم هەقىقەتكە.
ئىلاها، بەرمەسەڭ تەۋفىق قاچان تاپقۇم هىدايەتنى،
بېرىپ غەيرەت مەن ئاجىزغە قىلىپ لۇتقى ئىنايەتنى.
ماڭا بەرسەڭ هىدايەتنى سەداقەتلىك قىلاي تەۋبە،
دىلىمنى ئەيلەگىن ئاگاه ئۆلۈمدىن كەلغۇچە نەۋبە.

## ئەبياتى مۇخەممەس دەر بەيانى ئەھۋالات

ئەي يارانلار، ئاڭلاڭىز بىر سۆز بەيان كەلتۈرمىشىم،
بار ئىبادەت نۇكتەلىغ مەئنى ئەيان كەلتۈرمىشىم،
ئۈچتى روھۇم پەر ئۇرۇپ رو ئاسمان كەلتۈرمىشىم،
يوشۇرۇپ ئەلدىن ئۆزۈم سىررى نىهان كەلتۈرمىشىم،
زاهىرىم كۈلگەن بولۇپ، ئاهۇ فىغان كەلتۈرمىشىم.

هەر كىشىغە دەرد يەتسە يىغلاماي كۈلگەيمۇ ئول،
تاپماسا لۇقمە هەلال هەرام يىمەي ئۆلگەيمۇ ئول،
نودەئى قەددى ئېنىڭ غەم ئاستىدا سۇلغايمۇ ئول،
چارە تاپماي جانىنى ئىككى تەرەپ بۆلگەيمۇ ئول،
بول سەبەبدىن رەڭگى - رويۇمنى سامان كەلتۈرمىشىم.

يار دەيمەن، يار دەيمەن، كەلمىدى ياردىن ۋەفا،
بەلكى ئاتتى تاش بىلەن تەگدى باشىمغە بىخەفا،
كۆزلەگەن ئەردىم ۋەفاسىن ئانچە قىلدى كۆپ جەفا،
بىسۇ بات ئالەمدە كۆردۈم هەممە ئىشنى بىسەفا،
جۇملەدىن ئىبرەت ئالىپ جاننى هەيان كەلتۈرمىشىم.

يوق ماگا لۇتفى نەزەر هەم ۋەسلىدىن قالدىم يىراق،
ئۇستىغە قورقۇنچى كۆپ قىلسا هەلاك دەردى فىراق،
غەم دەۋاسىن تاپمادىم ئىستەپ بارىپ شامۇ ئىراق.
تاكى تەرياك نۇش ئېتەرمەن ياكى ئىچكەيمەن هەراق،
بىر يولى جاندىن كېچىپ جىسمىم ئەمان كەلتۇرمىشىم.

گۇلئۇزارى دىلبەرىم قىلماي ماگا ئەسلا نەزەر،
بۇ سەبەبدىن هەر زەمان كەلدى ماگا خەۋفۇ خەتەر،
تەلمۇرۇپ قالدىم يولىدا بولمىدى بىر خۇش خەبەر،
ئاخىرى غەمدە ئۆلۈپ قىلسام بۇ دۇنيادىن سەپەر،
زادەراهەل تاپمايىن ئىمان ئاران كەلتۇرمىشىم.

يا ئىلاهى، ئەنتەرەببى، ئەنتە هەسبى، يا غەفۇر،
ئەنتە سەتتارۇل ئۇيۇبۇ ئەنتە ئەللامىن سەبۇر،
رەهىم قىل بىچارە قۇلغە قىلماغىن ئەهلى كۇفۇر،
يەتتە قات ئاسمان ياراتدىڭ، تاپمىدى هەرگىز فۇتۇر،
شەرقى - غەرب مابەينىدە ئالەم جەهان كەلتۇرمىشىم.

هېچ بىدايەت يوق ساڭا، هەرگىز نىهايەت يوق ساڭا،
يوق شېرىكىڭ، بىرلىكىڭغە هەم رەكاكەت يوق ساڭا،
كۇللى شەيئىن هالىكۇن، ئىللا هەلاكەت يوق ساڭا،
بارچە مەخلۇقات فەنادۇر هەم مەلامەت يوق ساڭا،
قۇدرەتىڭنى كۆرسەتىپ دەۋرى زەمان كەلتۇرمىشىم.

مەئرىفەت گۇلزارىدا قەددىڭ ئېرۇر نازۇك نىهال،
چۇن چەرا زاتىڭغە باتىلدۇر ئەگەر قىلسام خەيال،
فەردەئى هۇسنۇڭ قىياسىغە كۆرۇندى بىزەۋال،
ئالەمى قۇدرەتدە بىرسەن هەم قەدىمى بىمىسال،
هېچ تەرەپ قىلماي ئىشارەت لامەكان كەلتۇرمىشىم.

بىچۇنۇ بىشۇبهە دۇرسەن، يوق نەمۇنە شەكلىدىن،
جىسمى سۇرەتدىن مۇنەززەه هەم مۇبەررا شەكلىدىن،
ئېبتىدا يوق، ئىنتىها هەم، بولدى ئىمان شەكلىدىن،
كىمكى شەك قىلسا ساڭا كەچتىم ئۇشۇل ئېشەكلىدىن،
بىئەرەز هەم بىغەرەز هەم بىنىشان كەلتۇرمىشىم.

ئايۇ كۈن يەتتە كەۋاكىب بارچەسى خىزمەتتەدۇر،
ئەلخۇسۇس ئەھلى مۇسۇلمانلار ھەممە ئىززەتتەدۇر،
كىم خۇدانى ياد قىلسا ھەق ئاڭا رەھمەتتەدۇر،
كىم بولۇپدۇر ھەققە مۇنكىر، بو شەقى لەئنەتتەدۇر،
فىكىر قىلسام دۇنيادا ياخشى - يامان كەلتۈرمىشىم.

ئەي ئىلاھا، رەھىم قىلغىن بارچە ئاجىز بەندەگە،
ئۇشبۇلارنىڭ ھۆرمەتىدىن مەن كەبى شەرمەندەگە،
دائىما غافىل يۈرۈپ يۈرگەپ ئۆزۈمنى جەندەگە،
خالىسەن لىللاھ، دىمەي سۈرتۈپ يۈزۈمنى گەندەگە،
مىڭ خىجالەتدە تۇرۇپ ئۆزرى زەبان كەلتۈرمىشىم.

ھەق ھەبىبىڭ ئول مۇھەممەد مۇستەفانىڭ ھۆرمەتى،
ھەم ئەبابەكرى، ئۆمەردەك باسەفانىڭ ھۆرمەتى،
ھەزرەتى ئوسمان ئوشۇل ھىلمۇ ھەيانىڭ ھۆرمەتى،
يار چەھارۇمدۇر ئەلىيۇل مۇرتەزانىڭ ھۆرمەتى،
ھەم ھەسەن بىرلەن ھۇسەيندەك تەۋئەمان كەلتۈرمىشىم.

ئارزۇم ئولدۇر خۇدانى كېچە - كۈندۈز ياد ئېتىپ،
ئۈيۈماي كۈنلەردە مەن بۇلبۇل كەبى فەرياد ئېتىپ،
دۇۋە خەننناس شەررىدىن يالغۇز خۇداغە داد ئېتىپ،
قىل خەلاس مەن بەندەنى غەم - قايغۇدىن ئازاد ئېتىپ،
چۈن ئەقىدەم بىرلە يىغلاپ ياش رەۋان كەلتۈرمىشىم.

ئەي ئىلاھا، تەۋبە قىلدىم، ئەفۋ قىل جۈرمىم مېنىڭ،
سەھۋۇ غەفلەت بىرلە ئۆتتى كۆپ - تولا ئۆمرۈم مېنىڭ،
بۇ سەبەبدىن غەمدە ھەم، ئاخىر نەدۇر ئەمرىم مېنىڭ،
ئەھلى سالىھلارنى كۆرسەم كەلگۈسى شەرمىم مېنىڭ،
لەرزە ئولۇپ جىسمىم مېنىڭ خەشكى دەھان كەلتۈرمىشىم.

نا ئۈمىد بولما، شەھىدى، ھەقتە ئالا لۇتفىدىن،
خەلق ئېتىپدۇر جۇملە ئىنسانلارنى ئادەم نۇتقىدىن،
يەر - زەمىن، ئاسمان بولۇپدۇر مۇستەفانىڭ تۇفلىدىن،
ئاچ دىلىم قاپقاغىنى بۇ زۇلمى غەفلەت قۇفلىدىن،
دىل چىراغىم قول ئالىپ پايەم رەۋان كەلتۈرمىشىم.

خاتىرىم چاچقۇن بولۇپ كۆڭلۈمدە ئىسيان مەندە بار،
بۇلھەۋەسلىكدە يۈرۈپ كۆپ زۇلم ئىسيان مەندە بار،
قايسى يول بىرلەن كېتەرمەن دەپ بۇ ھەيران مەندە بار،
بۇ جىھەتدىن غەم تولۇپ كۆپمۇ پۇشەيمان مەندە بار،
ئۇشبۇ قورقۇنچىم بىلەن باغرىمنى قان كەلتۈرمىشىم.

ئۆتتى كۈن پەسلى بەھارى كىتپ زەمانە فۇرسەتىم،
بەرقدەك تېز كەتتى ۋەقتىم رەنىدە ئۆرغان مۇھلەتىم،
رېيە ئاسفدەك بوران باستى يورۇتقان ئىشرەتىم،
غەم قاراڭغۇ ئېچرە قالدىم كۆپ بولۇنغان ھەسرەتىم،
نەۋتە جىسمىم تىترەتىپ، بەرگىم خەزان كەلتۈرمىشىم.

ئاھ، نېچۈك ئۆتتى زەمان ۋەقتى فەراغەت فۇرسەتىم،
قىلمايىن ئىخلاس بىلە ئەسلا ئىبادەت بىر قېتىم،
خەلق ئارا مەشھۇر بولۇپ داموللا ھەزرەتدۇر ئاتىم،
قورقىمەن كەلسە ئەجەلدىن ۋەقتى سائەت نەۋبەتىم،
ئۆمر ئۆتۈپ، كۆڭلۈم قارا ھەمچۇن قازان كەلتۈرمىشىم.

يا ئىلاھا، تەۋبە قىلدىم، قىل گۇناھىم مەغفىرەت،
دۇنيادا قىلغان ئىشىمنىڭ ھەممىسىدۇر مەئسىيەت،
قۇلاقىمغە ئالمادىم كىم بەرسە ياخشى مەسلەھەت،
بار ئۈمىدىم ئول خۇدادىن قىلغاي ئېردى مەرھەمەت،
دەپ كېچىپ دۇنيا ئىچىدىن قولغە نان كەلتۈرمىشىم.

شاھى ئەقلىم ئالدىدا ئەممارى نەفسىم بىئەدەب
لىق قىلىپ دۇنيا قوساقتىن پوقىدە قۇتى ئەدەب،
شاھى ئەقلىم ئېيتتى: ئەي نەسىم لەئىمى بىئەدەب،
قانچە قىلساڭ تويماغايسەن بۇ قوساغىن بىغەدەب،
ئەمرى ئەيلەپ نەفسىمە، سۇنغان بويان كەلتۈرمىشىم.

ئەي شەھىدى قالغىن قانداغ بولۇر ھالىڭ سېنىڭ،
قالمىدى سەندە فەقەت ھەر قىسمىلىق مالىڭ سېنىڭ،
خەۋفى ھەسرەت بىرلە ئۆتتى ماھ، روز، سالىڭ سېنىڭ،
ئارقىدا يوق قۇيرۇقۇڭ، ئالدىڭدا يوق يالىڭ سېنىڭ،
شۇ ئۈچۈن يوقتۇر مالىڭ، ئەسكى چافان كەلتۈرمىشىم.

يىمە نامەرد نانىنى ئاچلىقدا گەر چىقسا جېنىڭ،
ئۆتمە نامەرد كۆبرۈكىدىن غەرق ئولۇپ ئاقسا تېنىڭ،
بولما كۇفرى نەفس چۈن گەر مۇشرىكلىك تۆكسە قىنىڭ،
رازى بولغىن ھۆكمى ھەققە بولغۇسى جەننەت سىنىڭ،
بويسۇنۇپ ھەق ئەمرىگە دارۇلجىنان كەلتۈرمىشىم.

ئەي ئىلاھا، رەھىم ئەيلەپ بارچەنى قىلغىن ئەمان،
رەھمەتىڭدىن نائۇمىد ئېرمەس نە ياخشى، نە يامان،
ئاسىيغە پۇشتى پەناھ پەيغەمبەرىم ئاخىر زەمان،
ئول ئەبۇبەكرى، ئۇمەر، ئۇسمان، ئەلى ساھىبقىران
دەپ بۇلارنى دىل بىلەن دوستلۇق نىشان كەلتۈرمىشىم.

تۇشتى ۋەھشەت بۇ دىلىمغە كەلدىمۇ ۋەقتى ئەجەل،
لېك جىسمىم تەندۇرۇسدۇر، بولدىمۇ رۇھۇم كەسەل،
تاپمادى لەززەت تاماغىم گەرچە ئىچسەممۇ ھەسەل،
ئەي ئىلاھىم، بەرمەگىن خەۋفۇ خەتەرنى بىمەھەل
دەپ ئۇمىد بىرلەن تىلەپ يامۇستەئان كەلتۈرمىشىم.

ئۆي-مەئاش، ئولتۇر-قوپاش، يولداش قاشىمدە قاراقاش،
مۇفتەخىرمەن بۇلقەدەرلۇتفى ئەتاغە بىتەلاش،
لېك ۋەسلى بولمادى دەپ ئىز تىرابىم ھەددىن ئاش،
قاندىن ئاقىپدۇر ئېرىقدەك كۆز بۇلاقىدىن بۇ ياش،
خەندە لەب ئەيلەپ كۆزۈم ياش، دىلدا قان كەلتۈرمىشىم.

كىمگە ئېيتاي، كىمگە يىغلاي بۇ خەتەر كارىمنى مەن،
ئاڭلاماس ھېچبىر كىشى ئېيتسام ئەگەر زارىمنى مەن،
كۆپ زەمان بولدى كۆرەلمەدىم بارىپ يارىمنى مەن،
ئەقلۇ ھوشۇمدىن كېتىپ، تاشلاپ تەمام ئارىمنى مەن،
لەيلىغە مەجنۇن بولۇپ بىخانىمان كەلتۈرمىشىم.

كىم تالاشسا بەر ئاڭا ئىككى قوشۇق، ئىككى چۆمۈش،
زور زىيادە زەر بولۇر، ئاخىرقى ئىش كۆزنى يۇمۇش،
ئىبرەت ئالدىم ھەممە ئىشدىن ئورغىلى باردىم قۇمۇش،
جەمئى قىپ ئىككى قولۇم دۇكان ئىبتەرغە زەر-كۈمۈش،
چارە قىپ ئىككى قولۇم ئىشلەپ دۇكان كەلتۈرمىشىم.

لوتى ئېيتتىكى: نە بىلدىمەن بۇ ئۆيدە لۇتى بار،
ئۆردى بىر فەرياد شىرىنچە چە ئاۋاز تۇتى بار،
بولزەمان فەسلى بەھارى ئابى لىنسان ھۇتى بار،
جۇملە جاندارلارغا رەززاق ئالەمى لاھۇتى بار،
ئالەمى ناسۇتىرا رۇھۇلبەيان كەلتۈرمىشىم.

ۋاھ ئەجەب، مەن بولماغان ئەۋۋەلدە خەتمى ۋافىزە،
شۇ سەبەبدىن بەختۇ دەۋلەت بولدى مەندىن نافىزە،
قايتا كەلمەسمۇ قولۇمغە تۇشمە گۇنچە ھافىزە،
ئارى نابىنا يۇرەلمەس يۇرمەگۇنچە خافىزە،
ئاق ـ قاراغە بەرزەخۇن لايەبغىيان كەلتۈرمىشىم.

ئەي شەھىدى، رازى بولغىن كەلسە ھەقدىن ھەر قەزا،
دېدى: ئول پەيغەمبەرىم جائىلقەزا، زاقىلفەزا،
كەڭ جەھان تار بولغۇسىدۇر بەختى قايتقاندىن كەزا،
گاھى دۇشۋارگە ئاسان كەلدى باشىمغە بۇ جەزا،
قىسمەتىم بۇ ماجەرايى ئىمتىھان كەلتۈرمىشىم.

ئەقلىم ئېيتۇر: ئىھتىيات قىل، نەفسىم ئېيتۇر: شاد بول،
نەفس زىننەتنى تىلەيدۇر، ئەقل ئېيتۇر: سادە بول،
ئەۋۋەلى تارتىپ رىيازەت، ئاخىرى ئازادە بول،
ھەققە قۇللۇقنى قىلىپ خەلق ئۈستىدە شەھزادە بول،
بۇ تەرىقە راس تۇرۇپ جان ئەل ئەمان كەلتۈرمىشىم.

ئىشق دەرسىنى ئوقۇپ كەزدىم بەلائى دەشتىنى،
كۆرمەگەندۇر ھېچكىشى مەندەك غەرىب سەرگەشتىنى،
يار ئۈچۈن دەۋزەخ كىرىپ بەرسەم بىھىشتى ھەشتىنى،
ئەژدەرھادەك كۆرۈنۇر كۆرسەم ئەگەر بىر رىشتىنى،
خەلق ئاراسىدا يۇرۇپ دائىم زىيان كەلتۈرمىشىم.

لەيلىنى كۆرمەك ئۈچۈن مەجنۇن كۆزى بولماق كېرەك،
يارنى كەلتۈرمەك ئۈچۈن شىرىن سۆزى بولماق كېرەك،
باغرى تاغنى يارغىلى فەرھاد ئۆزى بولماق كېرەك،
ئىشق ئىلىن كۆيدۇرگىلى ئايدەك يۈزى بولماق كېرەك،
ئىشق ئوتىن ياندۇرغىلى جىسمىم ئوتان كەلتۈرمىشىم.

دەشتى غەم كەزدىم دەۋام ھەم ۋەھشەتى كوھى بەلا،
ئالەمى ھەيرەتدە مەن ئەزھەر تەرەپ كەلدى سەدا،
يەتمەيىن ۋەسلىغە ھىچ غەمدىن بولۇپ باغرىم يارا،
قايسى كۈن بولغايمە ئازاد كەل دەيۈپ قىلسا ندا،
مۈنتەزىرلىقدە يۈرۈپ ئىشرەت ئۈيان كەلتۈرمىشىم.

## دەر بەيانى ئەھۋالات، بەرايى مۈناجات بەقازىيەلھاجات

يائىلاھا، رەھىم ئېتىپ كۆرگىن بۆ ئەھۋالىم مېنىڭ،
كىچە - كۈندۈز غەمدەدۈرمەن كۆپدۈر ئەرمانىم مېنىڭ،
زاھىرىم كۆرگەن كىشى بىلمەيدۈر ئەسرارىم مېنىڭ،
سورماغۇم ھېچكىمسەدىن دەردىمغە دەرمانىم مېنىڭ،
بىر خۇدادىن ئۆزگە يوق ھېچقايسى غەمخارىم مېنىڭ،

ئىشلەمەي دۈنياغە ياكى ئاخىرەتغە ھېچ ئەمەل،
ئېپ زەلالەتدىن مەتائ بەردىم ھىدايەتنى بەدەل،
بۆ تىجارەتدىن ھەيان تاپماي بولۇپدۈرمەن كەسەل،
بۆ سەبەبدىن دىل خەزانىم خالىدۈرمەن كەمبەغەل،
مول ھوسۇل ئالماي فەساد بولدى زىرائاتىم مېنىڭ.

دۈنيادا ئادەم تولا، ھەر قايسىنىڭ كۆڭلى بۆلەك،
شەكلى سۈرەت بىر قىسمدۈر، نۈسخەدە رەڭگى بۆلەك،
چىن كۆڭۈل سادىق كىشىلەر نەفسىنى قىلغاي ئۆلەك،
زىكرى ھەق بىرلەن بولۇپ ئېيتۇر ھەمىشە ھەمدىلىك،
زۇلجەلال ئېيتىپ تىلىم سۆز ئېچرە بۇرھانىم مېنىڭ.

ئەي غەنى، كەلدىم ئىشىكغە شەيئى لىللاھى چىكىپ،
مەن گەدايىنى قوغلاما قەھرىڭ بىلەن تاشنى ئېتىپ،
قايدا بارغۇم سەندىن ئۆزگە يوق ماڭا يارۇ ھەبىب،
كەس باشىم، ئۆلتۈر مېنى، كەتمەسمە دەرگاھدىن يېنىپ،
مەن ئەسىرىڭ ھەرنە قىل، سەن شاھى سۇلتانىم مېنىڭ.

مەن بولاي قۇربان يولۇڭدا بىر نەزەر قىلغىن ماڭا،
شادمان بولغۇم پىدا ياخشى ئەسەر بەرگىن ماڭا،

مەن گەدايمەن غەمدە قالدىم خۇشخەبەر بەرگىن ماڭا،
شاھى زۇلقەرنەيىن بولايىن بەھرۇ بەر بەرگىن ماڭا،
تەركى دۇ نەئلەيىن ئېتىپ يىگانە دەۋرانىم مېنىڭ.

يوق شېرىكىڭ بىرلىكىڭغە، ھەم تىرىكىڭ ئۆلمەگەي،
زاتى پاكىڭدۇر ئەزەلدىن ئەبەد يوق بولماغاي،
ئەيبۇ نۇقساندىن مۇنەززەھ، ھېچ زەۋالىڭ بولماغاي،
مالىكۇل - مۇلكى ئېرۇرسەن ھەم چەرىكىڭ بولماغاي،
بىچۇنۇ بىشۇبھەدۇرسەن، تىڭلا ئەقۋالىم مېنىڭ.

دائىما قىلدىم تەۋەككۇل مەن ساڭا، يازۇلجەلال،
يەتمەدىم مەقسەدىغە ئەسلا بىر قېتىم بولدۇم مەلال،
بارچەلەر بىلدى سەبەبدىن قىلمىدىم مەن ھېچ خەيال،
نەبۇ دۇنيا ئاخىرەتدە تاپمادىم ھەرگىز كەمال،
ئۆشبۇ يەڭلىغ نامۇرادمەن، كەتتى ئىقبالىم مېنىڭ.

خوشلامام ئەغيارلار ھەر چەندە قىلسا ئىززەتىم،
جاھىلان سۆز قىلسالار تاپماس قۇلاقدە لەززەتىم،
ۋاي نەچۇكمەن دۇنيادا كۆردىم ھەممىشە زىللەتىم،
بۇ جىھەتدىن ھېچكىشىغە ئەرزىمەيدۇ رىغبەتىم،
بەس كۆڭۈل، ھەققە قوياي ئول يارۇ ھەمراھىم مېنىڭ.

ساقلاغىن، يا رەببىنا، ھەر بەدنىيەتنىڭ قەستىدىن،
بەندە ئاجىزمەن ھەممىشە ئاسراغىن غەم بەستىدىن،
رەببى نەججىنى ئوقۇيمەن، قىل خەلاس غەم دەستىدىن،
جەمئى ئەۋلادىمنى ساقلا ھەم يامانلار دەستىدىن،
ھەقتە ئالاغە ئامانەت قالدى ئەۋلادىم مېنىڭ.

ئۆيدە ئويلاپ ئولتۇرۇپمەن خەت قەلەم بىرلەن يېزىپ،
تاپمىدىم پىكرىمدە بىر سۆز يەتمەدىم ئەقلىم ئېزىپ،
ئالەمى ھەيرەت ئىچى ۋادى خەيالاتىم كېزىپ،
تەشنەلەب بولدۇم بۇ چۆلدە دۇررى گەۋھەرنى تىزىپ،
قىلماسا ھەق رەھمەتىنى چىققۇسى جانىم مېنىڭ.

قايسى ھالەتدە ئۆلەرمەن دەپ كېلىپ باشىمغە غەم،
دەپ دەۋام ئەلھۇكمىلىللاھ مەن قىلىپ باشىمنى خەم،

ئەينەما تۈۋەللۇ دەپ قويدۇم تەرەپلەرغە قەدەم،
سۈممە ۋەجھۇللاھ ئوقۇپ دىل خانەسىدە دەمبەدەم،
ۋەھۇۋە ھەيىيۇن لايەمۇت دەپ چىقتى ئاۋازىم مېنىڭ.

ھەقتە ئالانىڭ يولىدا جاننى بەرسەم ياراشۇر،
جان نىدۇر بەلكى ئاتا ئىماننى بەرسەم ياراشۇر،
چاپسا جەللاد بىر باشىمنى قاننى بەرسەم ياراشۇر،
مەن ئۆزۈم دەۋزەخ كىرىپ رىزۋاننى بەرسەم ياراشۇر،
ئىشىق ئوتىدا كۆيدۈرۈپ كۆل قىلسە تۆت سانىم مېنىڭ.

مالۇ مۈلك، ئۆيۈ ئاساسىم كەتدى قولدىن، ۋا دەرىغ،
بولدى دۈشمەن ھەر كىشىلەر ئوڭۇ سولدىن، ۋا دەرىغ،
كۆرمەدىم ئەسلا ۋەفا قىزۇ ئوغۇلدىن، ۋا دەرىغ،
كۆرمەدىم مەن ياخشىلىغ ھېچقايىسى يولدىن، ۋا دەرىغ،
بۇ تەرىقە ئۆمرى ئۆتتۈپ قانداغ بولۇر ھالىم مېنىڭ.

ئۈستىمە ھاسىدلىرىم كۆرسە شەماتەت ئەيلەدى،
ئەيب ئەيلەپ ئەل ئارا شەرمۇ خىجالەت ئەيلەدى،
مەن ئەگەر قىلسام سەلام دىلدا ھەقارەت ئەيلەدى،
سۆز غەرەز ئەيلەپ كىنايە كۆپ ئەھانەت ئەيلەدى،
تەئنە تاشىن ئاتدى ھاسىد سىندى دەندانىم مېنىڭ.

ۋا دەرىغا، دەرد بىرلەن مەن ئەدا بولدۇم نېتەي،
مالۇ مۈلك، ئۆيۈ ئاساسىمدىن جۇدا بولدۇم نېتەي،
گۆيىمىياكى ئەل ئارا مىسلى گەدا بولدۇم نېتەي،
نەپرەت ئەيلەپ ئەل مېنى، قەھرى خۇدا بولدۇم نېتەي،
نالە قىلسام بىر خۇداغە يەتمەدى ئاھىم مېنىڭ.

ئەي شەھىدى غەم يېمە دۇنيا ئەزابى ئەندەگى،
ئاخىرەتنىڭكى ئەزابى بولغۇسى شەرمەندەگى،
نېمەچۇن قىلماي خۇداغە كېچە - كۈندۈز بەندەگى،
بۇ سەبەبدىن مەن قىلىپمەن دىلدە كۆپ ئارماندەگى،
بۇ تەرىقە غەمدە قويغان نەفسى ئەممارىم مېنىڭ.

ھېچ ئىشىمغە چارە تاپماي قاتتى بۇ باشىم مېنىڭ،
غەم ئوتىدا كۆيدى باغرىم، ئىچ بىلە تاشىم مېنىڭ،

تۆت تەرەپغە تەلمۈرۈپ كۆزدىن تۆكۈپ ياشىم مېنىڭ،
ئىچكەنىم زەھەر بىلەن زوقۇم بولۇپ ئاشىم مېنىڭ،
تا تەسەللى خاتىرىمغە يوقكى يولداشىم مېنىڭ.

ياغى ياندىن قوپادۇركى، ھەم قەرىنداشىدىن بەلا،
نائىلاج بولدۇم گىرىفتار دەردى غەمگە مۇبتەلا،
دائىما «لاھەۋلە لاقۇۋۋەت» ئوقۇپ «قالۇ بەلا»،
قۇرئان ئىچرە دېدى «ماۋەددەئى» بىلەن «ۋەما قەلا»،
بۇ سەبەبدىن ھەقتەئالا بولدى سىرداشىم مېنىڭ.

چىقمادى دەردىم ئىچىمدىن يىغلاساممۇ زار-زار،
كاشكى رەھىم ئەيلەسە بىچارەلەرغە بىرۇ بار،
بىئەدەبلەر ئالدىدا مۇئمىن قولۇڭنى قىلما خار،
ئول ئەبۇبەكرى بولۇپدۇر مۇستەفاغە يار غار،
چېچىلىپ كۆڭلۈم فەراكەند تۇخمى خەشخاشىم مېنىڭ.

خەلقلەر ئىيد قىلسالار قاچان بولۇر ئىيدىڭ سېنىڭ،
شاھىدىڭ كەلسە شەھىدى شول بولۇر ئىيدىڭ سېنىڭ،
چىقسە جانىڭ بۇ جەسەددىن تۈزەلۇر قەيدىڭ سېنىڭ،
مۇرغى رۇھۇڭ تەن قەفەسدىن ئۇچقۇسى سەيدىڭ سېنىڭ،
بىر يولى تاپقۇم خەلاس يېنىك بولۇپ باشىم مېنىڭ.

ھەركىشىنىڭ دەردى بولسا كۆزلەرىدىن نەم كېلۇر،
شادمەنلىك ئىستىسە كىم ئارقاسىدىن غەم كېلۇر،
دۇنيانىڭ ئەۋزائى كۆپدۇر ساناساڭ بىردەم كېلۇر،
ھەممەنى بىر جەمئى قىپ بىر مەئنىدىن مەدغەم كېلۇر،
تىل يىغىپ دۇنيا سۆزىدىن يوقتۇر ئوخشاشىم مېنىڭ.

يەتمەگەچ ۋەسلىغە مەن كۆڭلۈمدە ئارمان كۆپ-تولا،
تاپمادىم دەرمان ئاڭا ئالەمدە دەرمان كۆپ-تولا،
لېك مەخسەد ئۆزگەچەدۇر، مەندە ھەيران كۆپ-تولا،
قورقادۇرمەنكى نە بولغۇم، مەندە ئىسيان كۆپ-تولا،
دىل قازانىم دولقۇن ئۇردى تۆكۈلۈپ ياشىم مېنىڭ.

غەم بىلەن ئۆمرۈم ئۆتۈپ ئىچكە پۇشەيمان تولدى زىچ،
دۇنيادا مەن بار كىشىلەردەك بولالماي كۆڭلى تىچ،

يا ئىبادەتتىن ھۇزۇر ئالماي ۋە يا دۇنياغە ھېچ،
بىر كۆڭۈل قويماي ياتىپ قاتتىق باشىم ھەم پايى-پېچ،
ئىبرەت ئالغاي ھەركىشىلەر كەلسەگەر قاشىم مېنىڭ.

نەفسى دۇشمەن كۆرسەتىپ خىلۋەت خىيالاتىمنى كاج،
«قورقماغىن سەن، پادىشاھ دىۋانىدىن ئالماس خىراج»—
دەپ خىيانەتكە سۇنۇپ ئىلكىمنى مەن ئەككى غۇلاچ،
تۇتتۇلۇپمەن قەيدى غەمغە، قۇتۇلۇرغە يوق ئىلاج،
بولدى بۇ كەڭرى جەھان گوياكى زىندانىم مېنىڭ.

ئەي مۇھەممەد روزى داموللا، خەيال قىل سەن ئۆزۈڭ،
ئۆمرۈڭ ئۆتتى دۇنيادا يالغانمۇ يا راستمۇ سۆزۈڭ،
لاتەمۇد ئەينەيكەنى قىلدىڭ غەلەت قالاپ كۆزۈڭ،
قارا بولسا، ئەي شەھىدى، بۇ سەبەبدىن ئاق يۈزۈڭ،
نە جەۋاب بەرگۈڭ ھەشەردە سورسا ئول ئاشىم مېنىڭ.

## پەندەئى مەۋئىزە بەرايى ئىنسانى غافىل زاھىل ئاقىل

ئايا ئەي ئادەم ئوغلى، سەن بۇ دۇنياغا كېلىپدۇرسەن،
تەمامى غەم بەلالارنى باشىڭ ئۈستى ئېلىپدۇرسەن.
ياشىڭ گەر كەلسە بەش ياشقە كېلەدۇرسەن ئاياق قاشقە،
قوپاپۇ ئولتۇرۇپ يىغلاپ تۇرادۇرسەن تاياق قىشقە.
ئەگەر ئوندىن ئۆتۈپ ئۆمرۈڭ قاچان كىرسەڭ يانا ئونبەش،
كىچىكلىكتىن كېچىپ ئەمدى خەتالىق ئىشلىرىڭدىن كەچ.
يىگىرمىغە يېتىشىڭ يەتسە يۈگۈرمەسەن خەتا يولغە،
تىلىڭنى ھەم دىلىڭنى راس ئېلىپ بارغىن سەفا يولغە.
ئەگەر كىرسە ياشىڭ ئوتتۇز ھەۋەس ئىشدىن ئۆزۈڭنى تۈز،
سەفا يولنى تاپاي دېسەڭ دىلىڭنى غەيرىلەردىن ئۈز.
ئەگەر قىرىق ياشقا بارغاندا قىرىق كۆڭلۈڭنى قىرغاقدىن،
قۇرۇقدىن ئۆتمەدىڭ ئەسلا قاراقچى كەلسە قىرماقدىن.
ئەگەر ئۆمرۈڭ كېلىپ ئەللىك بولۇپ خەلق ئالدىدا تىللىك،
ئوسارىپ خەلق ئاراسىدا دېگەنىڭ ئارپا نان يەللىك.
يانا ئۆمرۈڭ ئۆزۈن بولدى خەيال قىلدىڭ كىرىپ ئاتمىش،
ئۆتۈپ غەفلەت بىلەن ئۆمرۈڭ تەخى ھەم يۈرەكىڭ قاتمىش.
قاياندا قالدى ئاتمىش ئۈچ ئېتىپ كۆزدىن ياشىم يەتمىش،
قىياس قىلسام بۇ دۇنيادىن ھەمە ياخشى يامان كەتمىش.

ئۆتۈپ ئۆمرۈممۇ يەتمىشدىن يىقىن كەلدى بولۇپ سەكسەن،
ھىدايەت تاپمايىن ئەسلا ھەۋەس يولدا يۈرۈپ سەكسەن.
خەيال چاغلاپ كۆرۈپ باققىن قاچان كىرسە ياشىڭ توقسەن،
قىيامەتنىڭ غەمىن قىلماي ھەمە ئىشىدىن كۆڭۈل توق سەن.
ئەگەر ئۆمرۈڭ ۋەفا ئەيلەپ ياشىڭ راس كىرسە بىر يۈزغە،
خۇداغە شۈكرى قىلغايسەن قولاڭنى سەن قويۇپ يۈزغە،
يەنە يۈزدىن ئۆتۈپ ئۆمرۈڭ ئەگەرچە كىرسە يۈز ئونغە،
ھەۋەس بىرلەن يۈغانلىق قىپ ئۆزۈڭ ئوخشاتمە فىرئەۋنغە.

## غەزەل دىگەر

ئەجەب رەسىمدۇر ئادەمزادەغە،
كۆزى كۆرمەسە كەلمەغەي يادىغە.
سىنى مەن ھەمىشە قىلىپ يادىڭىز،
كۆڭۈل بەرگەن ئىردىم بۇ شەھزادەغە.
ئۇنۇتتۇڭ مىنى قايتا كەلمەس بولۇپ،
ئەيىب تاپسا بولغايمۇ دىل ئازادەغە.
كىچىك باللا ئوينايدۇ تاختا مىنىپ،
يۈگۈرتۈپ ئىتىمنى، مىنىپ خادەغە.
كىلۇر باللا ئالدىمغا يۈلدۈز كەبى،
مىنى ئوخشۇتامدۇر ئۆزىن دادەغە.
قىلۇرمەن دۇئا ئۇشبۇلار ھەققىدە،
تەنۇ جىسىم بىرلەن ئۆي ئابادغە.
سەھەر بۇلبۇلى گۈل ئۈچۈن بىر غەزەل،
ئوقۇپ جەزبى تارتىپ بۇ ئەۋرادەغە.
تىلىمنى تىلىپ مىڭ تىلىم تىلەسەم،
كۆزۈمنى ئويۇپ يىغلاسام شادەغە.
تىلىم قاپقاسىن بەند ئىتىپ، دىل ئۆيۈم،
يورۇتۇپ كۆڭۈل كەلسە ئىجادىغە.
ۋۇجۇدۇم ھەمىشە بولۇپ غەمغە جاي،
نە بولغاي قارايمەنكى ئىرادىغە.
تۈنۈگۈن قاراڭغۇ تۇتۇپ دىل ئۆيۈم،
يورۇغلۇق كىلۇرمۇ بۇ جەمادغە.
تۇشۇپ ئىشقى شىرىن جۇنۇن چۆلغادى،
لەقەب بولدى دىۋانە فەرھادىغە.

يەنە قەيس مەجنۇن بولۇپ يىغلادى،
تۇشۇپ شەۋقى لەيلى بۇ دىل سادەغە.
كېزىپ دەشتى مېھنەتنى سەرسان بولۇپ،
ئەزىز جانىنى بەردى بادىغە.
نەچۇكتۇر ھەياتىم بىلەلمەم ئېنى،
قارامام ئۆيۈ مالۇئەۋلادغە.
خەراب بولدى ھالىم نەزەر قىل ماڭا،
قىلىپ لۇتفى مەندەك دىل ئۇفتادەغە.
كېلىپ تەھارەت ئالسام ئوقۇپ ئەسرنى،
باشىمنى قويۇپ ئۇشبۇ سەججادەغە.
شەھىدى شەھادەتنى تاپقۇك قاچان،
كېچىپ جاندىن كەل شەھرى بەغدادغە.
فەقىرۇ ھەقىر بولۇپ خار ھەم زار،
شەھىدىغە يەتمەس كىشى دادىغە.

## بەياناتى ئەھۋالى مۇسەننىف دەرنەزدەئى مۇكەللىق

بەيان ئەيلەي خەلايىقلار بۇ داموللا ئېتىمدۇرمەن،
بىلىپ مەئنىنى مەن دائىم قىلىپ زۇلمى سىتەمدۇرمەن.
ئەزەلدە بەرمىسە تەۋفىق، قاچان تاپقۇم ھىدايەتنى،
ئەبەددە زارۇ ھەيرانمەنكى كۆز ياشىمدە نەمدۇرمەن.
يازىپمەن نامە ئەئمالىم غەلەت سۆزلەر بىلەن سەھۋە،
خەتالىق خەت قىلىپ ئىلكىم تۇتۇپ كاغەز قەلەمدۇرمەن.
خۇدانى ياد قىلماستىن ھەۋەس ئىشلارنى ئويلاپمەن،
بىھۇدە سەھۋلەر بىرلەن خەتا بابىغە دەمدۇرمەن.
دېدىمكى: كاشكى ئەۋۋەل بۇدۇنيغە كەلمەگەي ئېردىم،
نەچۇك كەلدىم بۇ دۇنياغە باشىم ئۇستىدە غەمدۇرمەن.
ئالىپ مىفتاھ ئىلكىمغە ئاچاي دەپ بابى دەۋلەتنى،
تۇتۇپ غەفلەت بىلەن ئاچقۇ يۇتۇرۋاتقان ئەدەمدۇرمەن.
يۈرۈپ دائىم ھەۋا بىرلەن خەتائى كارھا ئەيلەپ،
ئېغىر يۈك بارھا ئەيلەپ مەنەم ئەمدى نەدەمدۇرمەن.
دېدىم: ئاغزىمدە مەن سوفى خەبەر تاپماي تەرىقەتدىن،
سەۋاب يوللار قايان قالدى خەتا قويغان قەدەمدۇرمەن.
ئۆزۈم ئەھۋالىمە باقسام ھەقىرۇل-ئەھقەردىن ئىنسان،
كى بەلكى جەمئى ئەشيادىن فەقىرۇ خار كەمدۇرمەن.

يانا غەفلەت بىلەن ئۆمرۈم كۆچۈردۈم نەفسى ئەۋۋارە،
بولۇپ دائىم يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن ھەيۋانغە فەمدۇرمەن.
يېمەك ـ ئىچمەك ئىشىم بولدى، تەنۇ جىسمىمنى سەمرۇتدىم،
شۇ ھالەتدە ئۆلۈپ كەتسەم لەھەت قۇرتىغە يەمدۇرمەن.
خۇداۋەندا، خەتاكارمەن، سېغىندىم زاتى پاكىڭغە،
كەچۈرسەڭ جۇرمى ئىسيانىمنى دەپ دەردۇ ئەلەمدۇرمەن.
بېرىپ سەھۋە زەمىن ئۆزرە تېرىپمەن شەھۋە گەندۇمنى،
ئورۇپمەن پىشماغان زەرئىمنى مەن بەيئى سەلىمدۇرمەن.
خىجالەتدىن يۈزۈم ئۆستۈن قىلالماي خەلق ئالدىدا،
قويۇپ كۆزنى قەدەم ئۆزرە باشىم ئالدىدا خەمدۇرمەن.
ئەزەلدىن تاپمادىم ئىقبال، ئەبەدغە قول قۇرۇغ كەتكۈم،
تەمامى ئىشلىرىم مەنھۇس بولۇپ ئىشرەتدە زەمدۇرمەن.
تىنىپ نەفسىم نەفەس ئىچرە پۇشۇلداپ دىل پۇشەيماندىن،
تۇغۇلغان كۈن نەچۈكتىم دەپ ھەمىشە كۆزدە نەمدۇرمەن.
ۋە لېكىن بىر ئىشەنچىم بار، كېچىپمەن بارچە مەقسەددىن،
فەنا ئەيلەپ ھەياتىمنى بەقا ۋەسلىغە رەمدۇرمەن.
بىلا، كەچتىم بۇ دۇنيانىڭ كۆرۈنگەن پاللۇ ـ پۇللۇسىدىن،
يەنە ھەم غاررۇ ـ غۇررۇسىدىن قاچىپ تەركى ھەشەمدۇرمەن.
قۇتۇلدۇم ئىشتىھايىمدىن بۇ نەفسىم ئەژدىھا ئېردى،
پېغىپ مەن دىۋە جەھلىمنى بولۇپ سۇلھى ئامۇمدۇرمەن.
شەھىدى، بولما نائىمساب، تەمامەن ئۆشبۇ سىرداشدۇر،
قەنائەتنى قىلىپ پىشە بولۇپ ئەھلى كەرەمدۇرمەن.
ئۈزۈپ كۆڭلۈمنى دۇنيادىن مەسىھادەك بولۇپ فارىغ،
خۇداغە قۇلچىلىق ئەيلەپ مەنەم سۇلتانى جەمدۇرمەن.

## غەزەلى ئىشقىيات

ئەيكى، مەن تۇرا ئاشىق تۇكى بىخەبەرمانى،
رەفت ھۇش ئەز دەستەم، ماشۇدەم بەھەرمانى.
ئامەدەم بەنەزدى تۇ ئەز بەرايى مۇشتاقى،
تۇ مەرا نەزەر نارى دەر ھۇزۇرى مېھمانى.
مەن ھەقىرى بىچارە ھەد ھەد يەكى پا بۇسەم،
مەن گەدا بەنەزدىتۇ تۇ شەھى سۇلەيمانى.
ھېچ كەس نەمەندى ھەمچۇ تۇكى خۇشرۇيى،
دۇ ھىلالى ئەبرۇيەت، ھەمچۇ بەدرى ئاسمانى.

چەشمە نەۋ بەھارىڭغە مەن نە دەپ بەھا ئايتاي،
لەبلەرىڭ قىزىلگۇلدەك ئابدانە رۇممانى.
مەن كۆرۈپ بەلەند قەددىڭ بويلاسام بويام يەتمەس،
ئويلادىمكى مىسلىڭ يوق، ئاھ، سەن قويمانى.
قاش ئاتىپ قۇززەھ ياسىن، تەگدى تىيرى مىژگانى،
چاك ئېتىپ تىلىپ باغرىم تاپمادىم چە دەرمانى.
داغى ھەسرەتىم كۆپدۇر يەتمەدىم مۇرادىمغە،
يار كويىدە ئۆلگەنىنىڭ يوقتۇر ئەسلا ئەرمانى.
مەن ئالىپ قەلەم كەتمەن كۆز سۈيۈم ئاقىزماقغە،
سەن تۇتۇپ يۈزۈڭ پەردە سۆز قىلۇرسە كەتمانى.
ئىن دۇ چەشمى مەستانەت، كافىران بەرەھمەنەندە،
كافىران چەممدانەند، شىۋەئى مۇسۇلمانى.
كىم ئەزەلدە مەي ئىچكەي، جىسمى جانىدىن كەچكەي،
يۈز ئۆگۈرسە يارىدىن يوقتۇر ئانى ئىمانى.
زاغ قونۇپ لەبى ئۆزرە ئابىئى ھەيات ئىچكەي،
تامدى قەترى چېھرىغە بىر خىلالى نورمانى.
لەبلەرىڭ زىلالىدىن جانىمە ھەياتلىق بەر،
خىزمەتىڭدە تۇرغايمەن ھەرنە قىلكى فەرمانى.
ياد ئېتىپ سېنى شەبدە، مۇنتەزىر بولۇپ ھەفتە،
ئايدە كۆرمەدىم سەفدە، يىل توشۇپ بەدەل مانى.
مەن كەسەل فىراقىڭدە تىشلارىڭ شىفاسىن بەر،
سەن تەبىبى ھازىقسەن، چۇن ھەكىمى لوقمانى.
ھەققىگە دۇئا ئەيلەي چەشمى بەد بەلاسىدىن،
سۇبھى شام تىلاۋەتدە مۇسھەفىكى ئۇسمانى.
تۇشتى شەۋقى كۆڭلۈمگە، زەۋقىدە بولۇپ بىخۇد،
ياش ئاقىپ كۆزۈمدىن جار ھەمچۇ بەھرى ئۇممانى.
مەن ئۆزۈمنى بىلمەيمەن يول يۈرۈشتە مەستانە،
كۆرسە سۇرەتىم ئاخۇن، دەيدۇ خەلق رەسمانى.
يار كويىدا دىۋانە، ئەقلۇ ھۇشدىن بىگانە،
مەن بولۇپ چۇ فەرۋانە كۆيسە كۆھنە خىرمانى.
ھېچقاچان تەقابىل يوق ئايىنىڭ نۇرىغە يۇلدۇز،
سەن ئېرۇرسە رۇھانى، مەن غەلىزى جىسمانى.
بىر كۆنى غۇرۇر بولدۇم يار لۇتق قىلغان چۇن،
چالغۇ ئۇردى ئىقبالىم، ئەمدى بار پۇشەيمانى.
كېچە بولسا ياد ئەتكۈم تۈشكە كىرسە مەھبۇبۇم،

دەپ ئەگەرچە شەيتانى ياكى بولسا رەھمانى.
ئەنفە ھەدبە تاغىغە تۈشتى نۇر تولۇن ئايدىن،
قۇل ئىرۇر ساڭا ئاخىر ھۇر بىرلەغىلمانى.
لائىلاھە ئىللەللاھ، ئەھمەدى نەبىيۇللاھ،
كۇللۇھۇم تىفەيلىڭدۇر يەر زىمىنۇ ئاسمانى.
مەن ساڭا بولاي قۇربان، چۈن شەھىدى ئۆلگەيمەن،
مەن ئەمەس ساڭا مەنزۇر رەد قىلۇرسە جەرمانى.
ئايرىلدىم ئەداۋەتدە، دەئۋام بار قىيامەتدە،
سورسە ھەق ئەدالەتدە قىلمىغايمە گۇمانى.

## غەزەلى ئىشقىيات

قويسام قەدىمىم يولغە يۇرمەكغە قالىپدۇرمەن،
بولسا مۇلاقات يارىم كۆرمەكغە قالىپدۇرمەن.
ئەرزىمنى دېسەم باشدىن، دەردىم تولادۇر چاشدىن،
ئوت تۈشتى قارا قاشتىن، كۆيمەكغە قالىپدۇرمەن،
ئاھ ئۇرارمەن ھەر بارە، باغرىمدا بولۇپ يارە،
ئىشىق يولىدا ئەۋۋارە ئۆلمەكغە قالىپدۇرمەن.
ھىجران شامالى ئۇردى، بەرگى تېنىم ھەم قۇردى،
ھەسرەتدە يۈزۈم سۇلدى بولمەكغە قالىپدۇرمەن.
كىم بولسا چىرايلىغراق، ئايدەك يۈزى ھەم بىھراق،
غۇنچە لەبى شىرىنراق، سۆيمەكغە قالىپدۇرمەن.
ياد ئېتىمەن يارىمنى، ئىشتكەيدى ئاھ-زارىمنى،
تاشلاپ نامۇس-ئارىمنى تۇرمەكغە قالىپدۇرمەن.
رەھم ئەتمەسە گەر ھېچكىم، بۇ ھەياتىمدىن كەچكۇم،
مۇھەببەت شەربەتىن ئىچكۇم، كۇلمەكغە قالىپدۇرمەن.
ئالدىم ئىلكىمغە پىيالە، كۆڭلۇمغە كېلىپ خەيالە،
ۋەقتىم بولدى ھەيالە، سورمەكغە قالىپدۇرمەن.
لېكىن باغرىم بولدى كەباب، رەھىم قىلىپ ئالسا سەۋاب،
چالسا قولىدا راۋاب، زەخمەتكە قالىپدۇرمەن.
زۇلفى تارىسىن كۆرگەچ، دىل بولدى خەرابەئاچ،
جانىمنى قىلىپ تاراچ، ئۈزمەكغە قالىپدۇرمەن.
ئىشىق ئوتىدا كۆيگەنىمەن، كۆڭلۇمدە ھەم ئۆلگەنىمەن،
مەھبۇبنى بارىپ سۆيگەنىمەن، بىلمەكغە قالىپدۇرمەن.
بولسامدى ئىشق شەھىدى يول بەرىسىدى رەشىدى،
بىمەقسەدچە رەسىدى كەلمەكغە قالىپدۇرمەن.

## دىگەرى غەزەلى ئىشقىيات

ۋەقتى تەرەبدە كەلدى كۆڭلۈمگە بىر خەيالە،
نۇش ئەيلەدىم شەرابى، ئىلكىم ئالىپ پىيالە.
شۈكرى تىلىمغە لەززەت بەردى شەكەر يىمەسمەن،
فىكرىدە مەن ھەمىشە بىخۇدۇ بىمەجالە.
ياد ئەيلەدىم تىلىمدە، سابىت تۇتۇپ دىلىمدە،
مەخپى ئوقۇپ سىفاتى ئەۋاز بىرىپ مەقالە.
مەۋج ئۇردى ئوت يۈرەكدە، شۇئلە بىرىپ جەمالى،
زار يىغلادىم ھەمىشە كۆرمەك ئىكەن مەھالە.
شول ھالەتىمدە كىردى دەربازىدىن خىرامان،
مەئشۇقەلىق يۈزىدىن تۇتتى كىلىپ سەقالە.
كەتدىمكى ئۆزلۈكۈمدىن بىخۇد بولۇپ ۋۇجۇدۇم،
ھەم تەلپۈنۈپ بۇ جىسمىم بەريان بولۇپ تەھالە.
ئەيب ئەيلەمەڭ، يارانلار، يوق مەندە ئىختىيارى،
سالمىش ئەزەلدە تەقدىر-قىسمەت ماڭا بۇ ھالە.
كەتسەم كىرەك ئەبەدغە شول ھالى شۈرىشىمدە،
دەئۋا قىلىپ ھەشەردە قىلسام كىرەك جەدالە.
مۇندىن بۆلەك سۆزۈم يوق ھەرچەندە مەنئ قىلسە،
بىدىل بولۇپ يۈرۈپمەن يوللاردا لائۇبالە.
باردىم يولىدا ھەيران ئىستەپ ئانىڭ ۋىسالى،
كەلسە قولۇمغە مەقسەد كىردىم ھەزار سالە.
كەچتىم تەمام مۇراددىن، باشقا ھەۋەس كىرەكمەس،
جۈملە قىلىپ سۆزۈمنى يىغسام تىلىم كەلالە.
گۇفتارى شەرت ئىكەندۇر شەرئى يولىدا يۈرسە،
شەرت بولمىدى بۇ يولدا رەفتاردۇر ھەۋالە.
ئەرزىمنى قايتاباشدىن ئېيتسامچۇ قارا قاشدىن،
قاتتىغكى باغرى تاشدىن، يازدىمكى بۇ رىسالە.
بولدۇم شەھىدى ئىشقى خۇنى كەفەنچە لازىم،
كىم ئۆلسە جەڭدە بولماس قىساس ئۈچۈن قەتالە.
زاھىد، ماڭا نەسىھەت قىلساڭ ئەگەر ۋەسىيەت،
ئالمام سۆزۈڭ قۇلاقغە قويغۇم قەدەم زەلالە.
ئەۋۋەل تۈزەت ئۆزۈڭنى، قىلغۇم قەبۇل سۆزۈڭنى،
يۇمغىن ئىككى كۆزۈڭنى بەرسۇن خۇدا كەمالە.
ئۇجبۇرىيا ئەمەسدۇر، بىھۇدە سۆز دىمەسدۇر،

قىلغان سۆزى ھەقىقەت كۆپ ياخشىغە دەلالە.
بولسە ئەگەر تەئامى شەك ـ شۇبھەدۇر يىمەسمەن،
لوقمە قىلىپ ھەرامنى يۇتسام ئانى ھەلالە.
ئىشقىدا مەن ئەدائى، كويىدا مەن گەدائى،
تارتىپ دەۋام سەدائى شەيدا بولايمۇ ۋالە.
كۆرمەكگە مۇنتەزىرمەن، شەۋقىدە مۇفتەخەرمەن،
جەۋلانە كەلسە مەھبۇب سۆيسەم لەبى ئەسالە.
دامولla دەر خەلايىق، يوق مەن بۇنىڭغا لايىق،
ئەكسىنچە سۆزلەسەممۇ بولماس ماڭا مەلالە.
كىم دوستىدۇر، كىم دۇشمەن بىلمەم ئانىڭ ئەساسى،
يۈز بىرلە يۈز قاراشىپ قىلغان ئىدى سوئالە.
ئىشقى تۇشۇپ كۆڭۈلگە دىۋانە قىلدى شەۋقى،
زەۋقىدە مەن ئۆلەيمۇ بولماس ئىسە ۋە بالە.
مەن بولمايىن غەرەزبىن، ھەققانە سۆز ئېيتارمەن،
خالىس بولۇپ ۋۇجۇدۇم قەتئى نەزەر نەۋالە.
ساتسامچۇ دىنۇ ئىمان قىلسام ئانى ھەدىيە،
شايەدكى لۇتفى ئەيلەپ قىلغاي ئىدى ئەقالە.
ئىشقىدا جان كۆيەدۇر، كۆڭلۈم مېنىڭ ئۇيادۇر،
پەرۋانەغە قارايمەن، يوق قىلدى ئوت شەمالە.
ھىلىيە قىلىپ لىباسىم چىقسام تەفەررۇج ئەيلەپ،
مەھبۇبغە ئۈز كۆرۈنسەم دەپ ئەھلىدەك جەمالە.
شەھىدى ئىشتى بولسام، كىم بولغۇسى ھىمايىم،
بولماس قىساس دىيەت ھەم قىلغاي ئېنى جەلالە.
ھەر چەندە زار قىلسام بولماس مېنىڭ مۇرادىم،
ئۆمرۈم ئۆتۈپ بەھۇدە كەتسەم ئەگەر ھەمالە.
تۈتتى ھەۋەس دىلىمنى مايىل بولۇپ سۇرەتكە،
ھۇسنا فەرەسلىكىمدىن دىلبەر تۇتۇپ جۇئالە.
خەۋفىم تولا، يارانلار، كۆڭلۈمدە غەم تولادۇر،
قىلسام نەچۇك ئىلاجى، بولسا ماڭا ئەمالە.
ئەللاھۇممەسەللى ئەلا سەييىدىنا مۇھەممەد،
سۇممەس ـ سەلامۇ ئەلا ئەسھابىھى ۋە ئالە.
بۇ بەكرىدۇر ئۇمەر ھەم ئۇسمانى باھەيانى،
مەھبۇب تۇتۇپ ئەلىنى يەتسەم ئىدى ۋىسالە.
باشىڭ كۆتەر، شەھىدى، سەن ياتما غەفلەت ئىچرە،
قىلغىن مەدەد بۇلارغە، كۆرسەم ئىدى جەمالە.

فۇجۇر ئىشىلىق، شەھىدى، ئەللاھ كەردىم ئۆزى بارە
ھەقىقە سىخىن دەۋامى ھىچ يەتمەسۇن زەۋالە.

**ئەبياتى مۇخەممەس دەربەيانى ئەھۋالات**

ئەي فەلەك چەرخىڭ بۇزۇق، كىملەرگە خار قىلدىڭ مېنى،
مەيلى بارۇ مەيلى يوققە ئىنتىزار قىلدىڭ مېنى،
رەغمى ئەنى ئەيلەپ مېنى، كۆپ بەد قىمار قىلدىڭ مېنى،
تۈت تەرەپدىن ئەسر ئەيلەپ تار ـ مار قىلدىڭ مېنى،
مەززەكەز غەمدە قويۇپ ۋەقتىمنى تار قىلدىڭ مېنى.

ھەر كۈنى مىڭ مەررە ئۆلگۈم ھەم تىرىلگۈم مىڭ قېتىم،
چىقماسە ئەسلا بۇ جان، تارتىپ ئەزابى كۆلفەتىم،
ئۆيدە بولسامۇ كۆرەرمەن كۆپ جەفايى مېھنەتىم،
خەلق ئويلاپ ئايتادۇر دامۇللا ئاخۇندۇر ئاتىم،
لېك بىخىسلەت يۈرۈپ ھەم بىقەرار قىلدىڭ مېنى.

ئويلاسام كەلمەس مۇرادىم، قانچە قىلسام ئىزتىراپ،
تۈشتى ئوت جىسمىم، كۆيۈپ باغرىم، بولۇپدۇرمەن كەباب،
ئەل خەلايىق بىلمىكى بول قىسمىلىق ھالىم خەراب،
دەرد دىل بىرلەن چاقىرسام بەرمىدى ئەسلا جەۋاب،
بۇ تەرىقىدە ھەقارەت بىرلە خار قىلدىڭ مېنى.

كىچە ـ كۈندۈز غەمدەدۇرمەن، كىم سورار ھالىم مېنىڭ،
ئۆتتى بىھاسىل بۇ ئۆمرۈم ماھۇروز، سالىم مېنىڭ،
ئۇشلاسام كەتتى قولۇمدىن دەۋرى ئىقبالىم مېنىڭ،
تاشلادى دەشتى بەلاغە نەفس بۇ زالىم مېنىڭ،
ئەقلى ھۇشۇم يوق قىلىپ بىئىختىيار قىلدىڭ مېنى.

خارلىقمنى بىلدۇرۇپ يۈردۈم يولدا دەر بەدەر،
چۈن گەدايى مەستەمەندەم يەتتى مەنگە دەردسەر،
تاپمىدىم دەرمان ئاڭا بولدى ھەمىشە كۆپ زەرەر،
ئەيب نۇقسانىم تولادۇر، كۆرسە ھەر كىم تەۋبەدەر،
فاش ئېتىپ ئەيبىمنى ئەلغە ئىشتىھار قىلدىڭ مېنى.

چىقتى رەسۋايىم مېنىڭ خەلق ئالدىدا يوقتۇر يۈزۈم،
يالبارىپ داد ئەيلەسەم قىلماس نەزەر، ئۆتمەس سۆزۈم،
ئـاھ ـ ۋاھ تارتىپ زەبانىم، تۆككۈسى ياشنى كۆزۈم،
بۇ تەرىقى بىرلەبەن بولدۇم بەلا ئىچرە ئۆزۈم،
كۆزغە ئىلماس كىشىلەرغە شەرمىسار قىلدىڭ مېنى.

بىر مەسەل باردۇر خەلايىق ئاڭلاڭىز قەندىن لەزىز،
«سۇ كەلتۇرگەن خار بولغاي، كوزە سۇندۇرغان ئەزىز»،
ئاڭلاماس جاھىل ئۇچۇن قىلغان سۆزۈمغە ۋاي ئىسىز،
ئاڭلاغاي ئۇشبۇ سۆزۈمنى كىم بولۇر ئەهلى تەمىز،
شۇكرى قىلغۇم بەندەئى پەرۋەردىگار قىلدىڭ مېنى.

دەۋلەت ئىشكىن ئاچقالى ئىلكىمغە مەن ئاچقۇ ئالىپ،
بابى نىئمەت ئالدىدا غەفلەت بىلەن ئۇخلاپ قالىپ،
تۇشتىمۇ ئاچقۇ قولۇمدىن، ئالدىمۇ ئوغرى كېلىپ،
بۇ سەبەبدە باش قېتىپ، ئىيتماي سۆزۈمنى تارتىلىپ،
يۇتتۇرۇپ ئاچقۇنى تاپماي بىبىكار قىلدىڭ مېنى.

ئۇشبۇ دۇنياغە كېلىپ ئالدىم بەلانى باشىمە،
غەم ئوتىدە كۆيدى باغرىم ھەم ئىچىمۇ تاشىمە،
زاھىرىم كۈلگەن بىلەن زەھەر ئۇشۇپدۇر ئاشىمە،
ئۇشبۇ غەمدە چىقسە جانىم كىم كېلەدۇر قاشىمە،
بۇ غەرىبلىقدە كۆرۈپ نامۇسۇ ئار قىلدىڭ مېنى.

ئاھ ھەسرەتكى ماڭا، ئول بىۋەفانىڭ يارىمەن،
كۆپ جەفاسىن تارتىمەن، يارنىڭ يولىغە بارىمەن،
مۇنتەزىرمەن كويىدە، بىر كۆرمەكىمغە زارمەن،
نە ئىلاج قىلغايمە گەر رەھم ئەتمەسە بىچارىمەن،
بۇ ھەلاكەت كوچاسىدە خار ـ زار قىلدىڭ مېنى.

مەن ساڭا ئاشىق ئېرۇرمەن، سەن ماڭا مايىل ئەمەس،
سېنى دەپ قان يىغلاسام سەندىن مۇراد ھاسىل ئەمەس،
دەردۇ غەم باردۇر باشىمدا، ھېچقاچان زايىل ئەمەس،
خەبەرىڭ بار، مەندە ئەھۋاللار ساڭا ھايىل ئەمەس،
قايغۇ نەخچىرگاھىدە قىيناپ شىكار قىلدىڭ مېنى.

خەۋف ئېتىپ قورقما شەھىدى، چۈن ئەزەل ئوت تاشلادى،
كۆيدى باغرىم چۈن كەبابدەك بۇي ئالۇرغە باشلادى،
شۇئلە ئۇرۇپ ئوت شىش ئەيلەپ كۆز بۇلاقىم ياشلادى،
يۈز تەلا ئەيلەپ يۈزۈمدىن سۇ ئىقىشقە باشلادى،
نۇش ئېتەرغە شەربەتىڭدىن جان نىسار قىلدىڭ مېنى.

بويى ـ قەددى دىلبەرىمنى ياد ئېتەرمەن دائىمەن،
قەد ئەكۈنۇ قائىدەن، ئەۋقەد ئەكۈنۇ قائىمەن،
كۈنتۇ قەد مۇستەيقىزەن ئەۋكۈنتۇ قەتتۇ نائىمەن،
ئەيىۋھەل ھۇسسادۇ ئىخسائ لاتەكۈنلى لائىمەن،
دىل تونۇرىم ئوت ئالىپ لەيلۇ نەھار قىلدىڭ مېنى.

ماڭا دەرد بەردىڭ خۇدا، جانىمغە دەرد بەردىڭ خۇدا،
شۇنچە دەردنى ئاز كۆرۈپ دەرد ئۈزرە دەرد بەردىڭ خۇدا،
ئۈشبۇ دەرد بىرلەن ئۆلۈپ كەتسەم نەچۈك بولغۇم ئەدا،
ئۈشبۇ دەردە چىقسا جانىم قىلمە ئىماندىن جۇدا،
ئەۋۋەل ـ ئاخىر دەرد بىلەن جانىمنى بار قىلدىڭ مېنى.

خاتىمە كارىم نەچۈك بىلمەسمەن ئەسلا ئېنى،
ھەم مۇقەددەمدە نەچۈكدى بىلمىگەن ئەسلا ئېنى،
ئورتاسىدا قانداغ ئۆتتۇم كۆرمەدىم ئەسلا ئېنى،
ئارى، ھەيۋاندەك يېمەك ـ ئىچمەك بىلىپ ئەسلا ئېنى،
ئاچ قوساقىم تولغازىپ مىسلى تاغار قىلدىڭ مېنى.

ھەر كىشىنىڭ كۆڭلىدە بىر نەچچە قىسمى فىكرى بار،
بەئزىلەرنىڭ خاتىرىدە بىر خۇدانىڭ زىكرى بار،
بەئزىلەر فاسىد خەيالدە ھىيلە بىرلەن مىكرى بار،
بەئزىلەر شۈكرى قىلۇر، بەئزى بۇ دۇنيا سىكرى بار،
فەرق ئەتمەككە بۇ ئىشنى ئىفتىقار قىلدىڭ مېنى.

دوستلارىم مەندىن زېرىكتى دۈشمەنىم سەن ھەم زېرىك،
بىر مەسەل باردۇر ئېشەنگەن تاغدا ھېچ ياتماس كېيىك،
ھەقتەئالاغە ئىشەنگۈم، يوق ئاڭا ھەرگىز شېرىك،
ئۆلگەنىمدە ئول كىفىلدۇر ياكى بولسامۇ تىرىك،
ئۈشبۇ يەڭلىغ سۆزلەتىپ ئەھلى شىئار قىلدىڭ مېنى.

ھەقتەئالا سەنئىتىنى ياد ئەتكۈم ھەر زەمان،
قۇدرەتىدىن خەلق قىلدى ھەم زەمىنۇ ئاسمان،
خەلق ئېتىپدۇر ئىنسى ـ جىننى خاھى ياخشى خاھ يامان،
مۇستەفانىڭ ھۆرمەتىدىن بەندەلەرنى قىل ئامان،
تىلۇ دىلنى راست تۇتۇپ قەلبىمنى جار قىلدىڭ مېنى۔

ئەي شەھىدى، سەبر قىل ھاسىدلارنىڭ قىلسا ئىزا،
تىلدا دوستلۇق، دىلدا دۇشمەن كىشىدىن بولغۇم بىزا،
كىم ھەرامزادە ئاڭا بەرسۇن خۇدا شەررەل جەزا،
بولما ھەرگىز ئەي يارانلار ھېچكىشىغە ناسەزا،
مەرتىبەمدىن نەقل ئەيلەپ خەرسەۋار قىلدىڭ مېنى۔

ئەي شەھىدى، قىلماغىن ئەسلا شىكايەت دەھرىدىن،
بول رىزا ھەق ئەمرىگە كەچكىن بۇ نەفسىڭ بەھرىدىن،
بەلكى قورقۇپ تەۋبە قىلغىن ھەقتەئالا قەھرىدىن،
قۇربى ھەق بولماس ساڭا كەچمەي بۇ دۇنيا مېھرىدىن،
تەسدىق ئەيلەپ مۇستەفاغە يارغار قىلدىڭ مېنى۔

## غەزەل دىگەر

ئانامدىن تۇغۇلۇپ بىلدىم بولۇپ ئۆي ئىچرە بىچارە،
نەسىب بولماي بۇ دۇنيادىن بولۇپ ئۆي ئىچرە بىچارە۔
ئۇزۇپ كۆڭلۈمنى ئالەمدىن، كېتەرمەن ئاخىرەت ئۆيگە—
دېيىۇپ، شۇنداغ خەيال چاغلاپ بولۇپ ئۆي ئىچرە بىچارە۔
دېدىم بەئزى، بۇ دۇنيانى مۇسىبەت خانەسىدۇر بۇ،
ئالىپ تاشلاپ قولۇمدىن مال، بولۇپ ئۆي ئىچرە بىچارە۔
ۋە گاھى مال ۋەفا قىلماس دېدىم مالغە نەزەر قىلماي،
يۇمۇپ كۆزنى بۇ دۇنيادىن بولۇپ ئۆي ئىچرە بىچارە۔
كۆڭۈل بۆلمەي تىجارەتكە ئىش ئوقەت قىلمادىم ئەسلا،
بولۇپ تەڭلىك تولا كۈنلەر بولۇپ ئۆي ئىچرە بىچارە۔
كىشىلەر كەلسە قاشىمغە تۇتۇپ كۆڭلۈمنى كۆپ ۋەھشەت،
چىقالماي قارشى ئېلىپ يانىغە بولۇپ ئۆي ئىچرە بىچارە۔
كۆرۈپ باقسام ۋۇجۇدۇمنى ئەزەلدىن بار بۇ بەد بەختلىك،
ئەبەددە ئىش نەچۇك بولغاي بولۇپ ئۆي ئىچرە بىچارە۔
سەۋاب يولنى تاپالمايمەن، خەتا يولدىن چىقالمايمەن،

بولۇپ ناچار ھەممە ئىشلار بولۇپ ئۆي ئىچرە بىچارە.
ئۆزۈم ياخشى بولاي دەيمەن، ئاساسىم ياخشى ئەرمەسدۇر،
ئىنىڭ چۈن تۇرمۇشۇم ناچار، بولۇپ ئۆي ئىچرە بىچارە.
ھەممەدىن بۇ ئەجەبدۇركى مىنى نەفس ئەيلەدى مەغرۇر،
تاپالماي پايدالىق يولنى بولۇپ ئۆي ئىچرە بىچارە.
مىنىڭ تاپقان گىپىم شۇلدۇر «ماشا ئەللاھ ئۆزى بار» دەپ،
بىرەرمۇ مەقسەدىمنى دەپ بولۇپ ئۆي ئىچرە بىچارە.
شەھىدى يەتمىسە مەقسەدغە قانداغ بولغۇسى ھالى،
بولۇرمۇ نا ئۈمىد ھەقدىن بولۇپ ئۆي ئىچرە بىچارە.

ۋەدىشەرناھ

**مىن بەقىيەتىل قەسىدەتىللەتى قەد زىكرەتى قۇل تەنزىرۇتەقرەڧ**

مەن بىل تىرىكمەن، ئاخىر ئۆلەرمەن،
ئەۋۋەلدە يىغلاپ، كىيىن كۈلەرمەن،
بۇزغانلىرىمنى تۈزۈپتۇرلەرمەن،
قىممەت بەھاغە مىلىڭ جاننى تويلاپ.

ۋاي - ۋاي ئوقۇيمەن، نىمە بۇ ۋاي - ۋاي،
دۇنيانىڭ كارى كۆرمىگەنە ھاي - ھاي،
فەقىر گەدايدۇر، زەردانى باي - باي،
دەيدۇر خەلايىق بۇ سۆزنى ئاڭلاپ.

دىدىمكى: ئارى، باي بىرلىسا ھەركىم،
ئۇلۇغ ئىشىدۇر بىلمەڭ بۇدۇركىم،
قوالغە ئالىپ پوق ئىچىنى يەركىم،
فەرق ئەتمەيىن سۆز ئاغزىدا ئوينىاپ.

تەۋبە قىلىڭلار، ئىككىنچى سىزلەر،
مۇنداغ خەتا سۆز ھىچ قىلماڭىزلەر،
بىدئەت ئورۇنغا ھەم كەلمەڭىزلەر،
ئەمگەك قىلىڭلار كۆپ ياخشى ئىشلەپ.

تارتسا رىيازەت، تاپقاي ھەلاۋەت،
قىلسا جەھالەت، تاتقاي خىجالەت،
ھەق ئىشقا بىزنى ئەيلەڭ دەلالەت،
شۇنىڭ بىلەن بىز ھادىيۇ ئەسۋاب.

يۈلغىل دىلىڭدىن ئەسلى خىيانەت،
بولسا خىيانەت چوڭ بىر جىنايەت،

تەۋفىقنى تەڭرىم قىلسا ئىنايەت،
مۇقىم تۇتۇپ دىل كۆر يەتتە تەخراپ.
ئۇقۇپ ھەمىشە قىلغىل تەلاۋەت،
مۇسھەف ئىچىدە يۈزمىڭ جىلاۋەت،
باردۇر قاراپ كۆر مۇندا ھەلاۋەت،
كىچە ۋە كۈندۈز ئايەتكە قالاپ.

تىل زىكرى قىلسۇن، دىل فىكرى قىلسۇن،
جىسمىم - تەنىم ھەم مىڭ شۈكرى قىلسۇن،
ئىككى ئاياغىم ھەم سەبرى قىلسۇن،
قەدەم يۈكىنى ئۈستىگە يۈكلەپ.

بارغاي ھەمىشە خىزمەتكە جارى،
تىزلىك ئاياغىم ئىش ئۈستىكارى،
بەرگەي ھىدايەت ئول بىرۇ بارى،
تەڭرى تەئالا زاتى ئىرۇرتاب.

تەڭرىمنى زىكرى تىللاردە مەزكۇر،
ئالسا نەسىبە نۇرى ئەلانۇر،
جەمئى گۇناھلار بولغۇسى مەغفۇر،
تەڭرىمنىڭ لۇتفى دەرياغا ئوخشاپ.

ئاقغاي ئۇلۇغ سۇ رويى زەمىنغە،
يەسىرغە كەلگەي ئاقىپ يەمىنغە،
ئەمر ئەيلەدى ھەق رۇھۇل - ئەمىنغە،
جەمئى جەھاننى قىلماققە سىراب.

غۇت ئولسا ھەر كىم رەھمەتگە چومغاي،
گەۋھەرنى تاپسا ئاغزىنى يۇمغاي،
لەززەت تاتىپ ئول ئاغزىنى شۇمغاي،
خاس بولغۇسىدۇر خىلۋەتكە ھەم باپ.

كۆپ ۋەقتى ئۆتتى، بىلمەي يۈرۈپمەن،
كىم ئۆز كۆرۈنسە شۇنى كۆرۈپمەن،
تارىخقە قالاپ كۆڭلۈم ئويۇپمەن،
ئەللاھ ئۆزى بار چۇن زار يىغلاپ.

پۇشمان قىلۇرمەن تۇغۇلغانىمغە،
ئاقۇ قارانى تونۇلغانىمغە،
نەۋا تاپالماي يوقۇلغانىمغە،
قانداغ ئىرادە، قانداغ قازا دەپ.

# ھۆۋەيدا شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: جاپپار ئەمەت

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

XVII ئەسىر ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان خوجا نەزەر غايىب نەزەر ئوغلى — ھۆۋەيدانىڭ شېئىرلىرى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە خېلى ئۆزۈندىن بېرى تونۇش. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر خەتتاتلىرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ قولدىن-قولغا ئۆتۈپ ئوقۇلۇپ كەلگەن. «كىتابى ھۆۋەيدائى چىمىيانى» ناملىق دىۋانى ئۇيغۇر مەدرىسلىرىدە ئەدەبىي دەرسلىك بولۇپ كەلگەن، بىر قىسىم غەزەللىرى ئۇيغۇر ھاپىزلىرىنىڭ ھۆكمەتلىرى ئارقىلىق خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان.

خوجا نەزەر غايىب نەزەر ئوغلى ھۆۋەيدا XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇغۇلۇپ ھىجرىيەنىڭ 1194-يىلى (مىلادى 1780-يىلى) ۋاپات بولغان. «ھۆۋەيدا» — ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى بولۇپ، «ئاشكارا، ئوچۇق، بەلگىلىك» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئۇنىڭ قەيەردە تۇغۇلغانلىقى توغرىسىدا بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار بار. شائىر ئۆز دىۋانىنىڭ 128-بېيتىدىكى بىر غەزىلىدە:

خاجە نەزەر ئاسىيغا قويدۇم ھۆۋەيدانى لەقەب،  
بول غەرىبى مۇستەمەندنى شەھرى چىمىياندىن تىلە.

دەپ يېزىپ، ئۆز يۇرتىنىڭ ئۆزبېكىستاننىڭ پەرغانە ئوبلاستىدىكى «چىمىيان» دېگەن جاي ئىكەنلىكىنى بىلدۈردۇ. شائىرنىڭ چەۋرىلىرىدىن بولغان سالاھىددىن ۋە مىرزا ھاكىم ئىبنى مىرزا ئۇممىدىلەر دىۋاننىڭ 155-بېتىگە قوشۇمچە قىلغان. شائىرنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدىكى مەرسىيەسىدە:

ئاتى خاجەم نەزەر، ئەمما تەخەللۇس،  
ھۆۋەيدادۇر بەشېئىرى نامۇرادى.  
ئاتاسىن ئاتلارى غايىب نەزەردۇر،  
ئېرۇر ئوشدىن بۇلارنىڭ ئەسلى زادى.

دەپ يازىدۇ. دېمەك، شائىرنىڭ ئاتىسى ئوشىدىن بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا قەشقەردىكى ھىدايىتۇللا ئىشان (ئافاق خوجا) بىلەن مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق بولغان، بىر مەزگىل ئۇنىڭغا مۇرىت بولۇپ، كېيىن ئوشتىن چىمىيانغا كۆچۈپ بېرىپ ئۆمرىنى ئىشانلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن. دىۋانىنىڭ 174—175- بەتلىرىدە مۇنۇلار زىكىر قىلىنىدۇ: «ھىدايىتۇللا خاجەم ئەئنى جەنابى ھەزرەتى ئافاق خاجەم نەفەس تەبەررۇكلەرى ئىشان ھۇۋەيدانىڭ ئاتىلىرى غايىب نەزەر سوفىخە جارى بولۇپ، ئىسمەندىن پەرزەند تەۋەللۇد قىلسە ئاتىنى خاجە نەزەر قويى، مېنىڭ نەزەردىم ئاندادۇر، دەپ ئىلتىفاتى بىغايەت قىلىپ، ئول جەنابىنىڭ ئوغۇللارى ھەزرەتى خاجەم پادىشاھنىڭ نەزەر ۋە نەفەسلەرىنى تاپقان.» دېمەك، ئافاق خوجىنىڭ ھۇۋەيداغا ئىسىم كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتقا ئاساسەن، بەزىلەر ھۇۋەيدانى قەشقەردە تۇغۇلغان دەپ پەرەز قىلىدۇ. ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىچىدىن چىققان سىددىق، سالاھىددىن ساقىب، ئەزىزىددىن ۋىسالى قاتارلىق شائىر ۋە تەرجىمانلارنىڭ يەكەندە ياشاپ ئۆتكەنلىكىمۇ بۇ پەرەزنى تولۇقلايدۇ.

شائىرنىڭ «كىتابى ھۇۋەيدائى چىمىيانى» ناملىق دىۋانى ئۇنىڭ چەۋرىلىرى سالاھىددىن ۋە مىرزا ھاكىم ئىبنى مىرزا ئۇمىدىلەر تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، 1909 - يىلى تاشكەنتتە تاش مەتبەئە بىلەن بېسىلغان. دىۋانغا شائىرنىڭ 351 غەزەل، 28 رۇبائى، 41 تۆتلىك، 3 مۇخەممەس، 1 مۇسەددەس، 1 مۇسەممەن، 2 مۇستەھزاد ھەمدە مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان بىرقانچە ھېكايەت، دىداكتىك داستانلىرى كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى چوڭقۇر لىرىك پىكىر ۋە قايناق ھېسسىياتقا تولغان بولۇپ، ھەققانىيەت، ئادالەت، ئىنسانپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق، مەرىپەتپەرۋەرلىك قايىلرى بىلەن سۇغۇرۇلغان، ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا ئىنساننىڭ شەخسىي ئەركىنلىكى، روھىي گۈزەللىك ۋە پاكلىق، مۇھەببەت ۋە دوستلۇق، ۋاپادارلىق ۋە مېھرىبانلىق، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيۈش قاتارلىق خىسلەتلەرنى ئىپادىلەپ، كىشىلەر قەلبىگە ئىستېتىك زوق بېغىشلايدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى دىنىي ئۆلىما ۋە ئىشان بولۇش سۈپىتى بىلەن كىشىلەرنى ئاخىرەت ئۈچۈن تائەت - ئىبادەت قىلىشقا، يامان ئىشلاردىن قول ئۈزۈشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئىلگىرى شائىرنىڭ ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن بىر تەرەپلىمە ھالدا باھا بېرىلگەچكە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى «سوفى — ئىشانلار دەستۇرى»، «تەركى دۇنيالىقنى تەرغىپ قىلىدۇ» دەپ قارالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئەمەلىيەت مۇنداق ئۇقۇمىنەزەرلەرنىڭ بىر تەرەپلىمە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شۇڭا ئۇنىڭ نامى ئۆزبېك كلاسسىكلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

تۆۋەندە ئۇنىڭ مول ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە بىر قىسىم غەزەللىرى رەتلىنىپ، نەشرگە بېرىلدى.

كىشىگە ئىشق تەگسە بولغۇسىدۇر ئاڭا غەم پەيدا،
ۋە لېكىن بولماغاي بىدەردلەر كۆزىدە نەم پەيدا.

سەھەر دەردلىك كىشىنى كۆزىغە ئۇيقۇ بولۇر ئاچچىغ،
بولۇر بىدەردلەرغە خابى شىرىن سۇبھىدەم پەيدا.
خۇدانى زىكرىنى قىلغىل تۈنۈگۈن ياتمىغىل زىنھار،
فەراغەت بىرلە ياتقانلار قىلالماس بىر دىرەم پەيدا.
ياتارنى، خۇشلامە چەندان ياتارسەن يەر ئاراسىدە،
خۇداغە يىغلاغىل بولماي ساڭا خابى ئەدەم پەيدا.
ئەگەر ياخشى ئەمەل قىلساڭ سەۋاب ھاسىل بولۇر، لېكىن،
سىتەم قىلساڭ بولۇر ئەلبەتتە ئالدىڭدە سىتەم پەيدا.
جەھان بىر مەھزى ھەسرەتخانەدۇر ھەسرەتتە ئەل كەتتى،
كۆزۈڭدىن ئەشكى ھەسرەتنى قىل ئەمدى دەمبەدەم پەيدا.
بۇ دۇنيا راھەتىنى ئەي ھۇۋەيدا، ئىختىيار، ئەتمە،
كى ھەر راھەت ئاراسىندە بولۇر ئەلبەتتە غەم پەيدا.

× ×

ئول يارى مېھرىبانغە كۆپ ئەيلەدىم تەۋەللا،
يۈزدىن نىقاب ئال دەپ مەن ئەيلەيىن تەماشا.
ئالدى نىقاب يۈزىدىن بىر پەرتەۋى كۆڭۈلغە،
تۈشكەچ شۇئائە ئاندىن بولدى جەھان ھۇۋەيدا.
تاپتىم ھەياتى جاۋىد مانەندى خىزرۇ ئىلياس،
ئىشقى تەجەللى نۇرى قىلغاچ دىلىم مۇسەففا.
ئىشق مەكتەبى قۇرۇلغاچ تەكرار زۇلفىن ئەتتىم،
قاشى، قارا كۆزىدىن بەردى سەبەقنى موللا.
لەۋھىمغە يەتمىش ئىبردى ئول كاتىبى كەرامىن،
جەۋرۇ جەفا مەلامەت ھەم كاھىشى بۇ دۇنيا.
ئىككى رەقىب نىگارا، سەندىن مېنى ئايىردى،
بىرىسى ئەھل ئەۋلاد، بىرىسى مېھرى دۇنيا.
بىردەم تىرىكلىكىڭنى بىل مۇغتەنەم ھۇۋەيدا،
ئىشقى سەنەمنى دائىم كۆڭلۈڭگە ئەيلەگىل جا.

× ×

باغ ئارا كۆرسەتمەدىڭ گۈلدەك جەمالىڭدىن ماڭا،
شەممەئى يەتكۈرمەدىڭ بۇيى ۋىسالىڭدىن ماڭا.
ئەيلەدىم قەددىڭ نىھالىنى نىشان دىل باغىدە،
تەگمەدى بىر مېۋەئى نەۋبەر نىھالىڭدىن ماڭا.
ۋادىئى غەمدىن كېلىپ مەن تەشنەلەب مەجنۇن كەبى،
بەرمەدىڭ بىر قەترەئى ئابى زىلالىڭدىن ماڭا.

سۇرمەئى چەشم ئەيلەسەم تاپىمام ئىزىڭنى گەردىنى،
بولمادى ھەرگىز مۇيەسسەر پايمالىڭدىن ماڭا.
بول ھۆۋەيداغە مۇيەسسەر بولسە دۇنيا مۈلكەتى،
ئايتادۇر: «ئۆزگە كىبرەكمەس زۇلفى خالىڭدىن ماڭا.»

× ×

يار دىمەڭلار، دوستلار، ئىرۇر بۇ جانىمغە بەلا،
بىر قاراپ ئالدى كۆڭۈلنى دىلبەرى قاشى قارا.
ئەقلۇ ھۇشۇم ئالدى، كەتتى، تەلبە ئەيلەپ ئەل ئارا،
ۋە نىچۈك ئافەت ئىرۇر سالدى ماڭا بۇ مەجەرا.
غەمزە ئوقى بىرلە دىلبەر قاشى ياسىنى قۇرۇپ،
سينەنى سەد پارە ئەيلەپ، ئەتتى باغرىمنى يەرا.
مەن نىچۈك تاقەت قىلاي مۇنداغ جەفالىق يارغە،
ھەسرەتىمدە ئاھ تۇرۇپ بولدى ئەلف قەددىم دۇتا.
كۆرمەدىم ئالەمدە مۇنداغ دىلبەرى زالىم سىفەت،
يا فەرەڭگىزادەدۇر، بىلمەم، ئىرۇر قانداغ بەلا؟
ئەي ھۆۋەيدا، يارنىڭ دەردىدە يىغلاپ زار-زار،
كوچاۋۇ بازارلاردە قىلماغىل شەرمۇ ھەيا.

× ×

نىگارا، ساڭا جان بەرمەي بولۇرمۇ ماڭا جان پەيدا؟
كۆلۈپ ئايدىكى: «جان بەرمەي بولۇر جانان قاچان پەيدا؟
جەفاۋۇ جەۋر چەكمەي، كىم بولۇپتۇر يارغە ۋاسىل،
جەفاسىن چەكمەگۈنچە بولماغاي بىر پارچە نان پەيدا.
ئىشكىڭدە ياتىبدۇر پۇشتە-پۇشتە كۇشتەئى ئاشىق،
سىنىڭدەك بولمىغاي ئاشىق كۇشى ساھىبقىران پەيدا.»
ئەجەب قاتتىغ كۆڭۈلمۈكسەن، كىلىپ ئاشىق سەرى رەھمىڭ،
دىمەسسەن «بول غەرىب كويۇم ئارا بولدى قاچان پەيدا؟»
كۆرۈپ ئايىنەدە نەۋبەر خەتىڭنى بولماغىل مەغرۇر،
مۇبادا بولمىغاي بۇ سەبزەئى خەتغە خەزان پەيدا.
كويۇڭدىن كەلمەس، ئەي يارىم، نەسىمى ئاشنالىقدىن،
يۈرەكدە بولماغۇنچە غۇنچەدەك زەردابۇ قان پەيدا.
كۆڭۈلنىڭ باغىدا مىھرىڭ گۈلىنى پەرۋەرىش قىلدىم،
بولۇرمۇ ھىچ گۈل، ئەي نازەنىن بىباغىبان پەيدا؟
ھۆۋەيدايى غەرىبىڭ ھەسرەتۇ دەردىڭ بىلە يىغلاپ،
قىلۇر ھەر سۇبھىدەم بۇلبۇل كەبى ئاھۇ فىغان پەيدا.

× ×

ئىشقىنى مەنسۇبەسىن مەجنۇن ھەيراندىن تىلە،
لەيلىدەك خالى سىيەھ زۇلفى پەرىشاندىن تىلە.
نە سورارسەن ئاشكارا ئول سەنەمنى دەردىنى،
كەل شەبى خىلۋەت ئىچىندە ئاھۇ ئەفغاندىن تىلە.
ھەر نىچۆك نادان تەبىبدىن سورما دەردىڭغە دەۋا،
ئىزلەگىل ھازىق تەبىب، دەردىڭغە دەرماندىن تىلە.
ھەر تىكەندە تازە گۈل، ھەر بەھرىدە يوقتۇر سەدەف،
گەۋھەرى قىيمەت بەھالى بەھرى ئۇممانىدىن تىلە.
نە بىلۇر زاغۇ زەغەن رەفتارى گۈل ئىشق قەدرىنى،
بۇلبۇلى ئاشۇفتەنى قەدرى گۈلىستاندىن تىلە.
لەززەتى دۇنيانى خۇشلار، نە بىلۇر تەن ئۆزگەنى،
زەۋقى شەۋقى يارنى دىل ئۆيىدە جاندىن تىلە.
لەئلى مەقسەت ھەر قايۇ تاغدىن تاپىلماس ئىستەسەڭ،
ئۇر رىيازەت مىتىنىن كۆھى بەدەخشاندىن تىلە.
خاجە نەزەر ئاسىيغە قويدۇم ھۇۋەيدانى لەقەب،
بۇ غەرىبى مۇستەمەندنى شەھرى چىمياندىن تىلە.

× ×

دەردۇ غەمغە ھەرگىز قىلمە دەۋا ھۇۋەيدا،
ئىچكىل مەيى مۇھەببەت بىمۇددەئا ھۇۋەيدا.
زۇھد ئىلە قىلما تەقۋا، مەيخارەلىق شىئارەت،
مەيخانەدە مۇقىم ئول، قىلمە رىيا ھۇۋەيدا.
ئىشقى مۇھەببەت ئىچرە ئۆلدۆك مۇبارەك ئولسۇن،
شەرتى مۇھەببەت ئولدۇر، بولماق فەنا ھۇۋەيدا.
مىلك ئەقبەئى پۇر ئاشۇب ئىشقىك يولىدە باردۇر،
يا ھادىيەل — مۇزەللىن دەر ئەھدىنا ھۇۋەيدا.
ھەيرەتدە مەن، نىگارا، يوق قولدە ئىختىيارىم،
سەرمايە يوق قولۇمدە غەيرىي رىزا ھۇۋەيدا.
گەرتەۋفى كەئبە قىلماق، ئەي كۆڭلۇم، ئىستەر ئىسەڭ،
قىل تەۋفى كەئبەئى دىل، ئەي پارسا ھۇۋەيدا.
ئىشقىدە بىر سەنەمنى دىۋانە بولماسىدى،
ۋەسفىغە قىلماس ئىردىم تىل ئاشنا، ھۇۋەيدا.

× ×

قول سالىب كەلدى سەنەم بىر - بىر باسىب،
بىلىغە خەنجەر ھەمايىلدەك ئاسىب.
ئايدىم: ئەي جانىم تەسەددۇقدۇر ساڭا،
باش كىبرەك بولسا رىزامەن ئال كىسىب.

ئۆلدۈرۈر بولساڭ مەنى بىچارەنى،
زۇلفى زەنجىرلىك بىلەن ئۆلدۈر ئاسىپ.
خاھى ئۆلدۈر، خاھى كۆيدۈر، ئەي پەرى،
قىلماغىل ئەمما يۈزۈڭدىن بىنەسىپ.»
كۆلدى ئايدى: «بۇ كېچە خىلۋەتدە مەن،
شۇم رەقىبلەر بىلمەسۇن بارغىل بۇسىپ.»
بول ھۇۋەيدايى كۆرۈڭ بىبەختىنى،
بارغالى قويماس رەقىبلەر يول توسىپ.

× ×

كۆرمەسەم دىلبەر يۈزۈڭنى بولدى ئەھۋالىم خەراب،
رەھم ئېتىپ كەلسەڭ نە بولغاي خەستە ھالىمنى سوراب.
ھالى بىمارۇ غەرىب سورماق سەۋابى بىئەدەد،
ئېرمىش ئەي يارىم، ساڭا ھەرگىز كېرەكمەسمۇ سەۋاب؟
سايەئى غەمدە قالىپمەن كۆلفەتىمدۇر بىھىساب،
تەگمەدى مەن زەررەنى باشىغە ھەرگىز ئافتاب.
تالىئى بەختى زەبۇنۇمدۇر نىتەي، ئەي دىلرەبا،
كەلمەدىڭ ئايا نېچۈكسەن، دېپ مېنىڭ ھالىم سوراب.
ئاھ ئۇرسام سەقفى گەردۇنغە تېگەر ئاھىم ئوتى،
شىددەتىمدىن ئوت چىقىپ ئەيلەپ سەرا يىغلار سەھاب.
قىل ھەزەر ئاھىم ئوتىدىن، ئەي نىگارا نازەنىن،
بولسە جەۋشەن يەرۇ كۆك ئاھىمغە قىلماس ھېچ تاب.
نەچچە يىلدۇركىم، نىگارا، ئاستانەڭ ياستانىپ،
سۆپۈرۈپ مىژگان بىلەن، سەپتىم كۆزۈم ياشىدىن ئاب.
قىلمادىڭ ھېچ لايىقاتى خىزمەتىمىڭ، ئەي ماھ روي،
ئارى - ئارى باقمادىڭ بىتالىئىمدىن ھېچ باب.
ئەي ھۇۋەيدا، يۈرمەدىڭ سەن بىردەمى بىغەم بولۇپ،
خاتىرىڭ بولدى سەرەنجام ئاقىبەت بولغۇڭ تۇراب.

× ×

قاشىڭغە سەجدە قىلدىم مىسلى مىھراب،
قارا زۇلفۇڭغە قويدۇم جاننى چىرماب.
كۆزۈڭنىڭ غەمزەسى تىيرى بەلائىي،
سەفەر قىلسام ئاڭا جان تۇتىمغاي تاب.
خەدەڭگى كىرپىكىڭدۇر خەنجەرى تىيز،
قويار ھەردەم مېنى قانىمغە بۇلغاب.
نىگاھىڭ مىسلى ئاھۇي رەمىدە،
يانىپ بىر باقىشىڭدىن بولدى دىل ئاب.
يۈزۈڭ گۈل، لەبلەرىڭ لەئلى بەدەخشان،

سۆزۈڭ شىرىنلىقى ئىچىدىن ئالۇر ئاب،
دەھانىڭ غۇنچەئى گۈل، تىشلارىڭدۇر،
قەدىڭدۇر سەرۋ، رەفتارىڭ ئىرۇر ئاب.
ئەلىفدەك قامەتىڭنى، ئەي نىگارىم،
سەلامىڭ «لامئەلىف» دەك سالدى تولغاب.
سىنىڭدەك نازەنىنغە بول ھۆۋەيدا،
ئىچىڭ جان بەرمەسۇن، ئەي دۇررى ناياب.

× ×

ناگەھان ئەقلىمنى ئالدى بىر پەرى تەرسا كېلىپ،
تەلبە ئەيلەپ ئەل ئارا ئول شوخى بىپەرۋا كېلىپ.
كۆرۈنۈپ ئەۋۋەل ئۆزى، سۆڭرە ياشۇندى پەردەغە،
دىل ئالىپ بىر شىۋەدە قىلدى مېنى رەسۋا كېلىپ.
ئۆيدە مەن، ياباندا مەن ئىرمەس خەيالىمدىن يىراق،
كۆرۈنۈر جانىم كۆزىدە دىلبەرى بەرجا كېلىپ.
سۇدىن ئايرىلغان بەلىقدەك ياتەمەن باشىم ئۇرۇپ،
سورمادى ھالىمنى ئول بىرەھم، بىپەرۋا كېلىپ.
قالمادى سەبرۇ قەرارىم بىر زەمان ئولتۇرغىدەك،
قىلدى سەرگەردان ھۆۋەيدانى ئۇشۇل بەرنا كېلىپ.

× ×

بەرمە دىل دۇنيايى دونغە باغۇ بوستانىن كۆرۈپ،
ئىبرەت ئالغىل بارچەنى جايى گورىستانىن كۆرۈپ.
ھىچ كىشىگە قىلغانى يوقتۇر ۋەفا بۇ روزگار،
دىنۇ دىل بەرباد بەرمە، كاخۇ ئەيۋانىن كۆرۈپ.
جۇملەسىن ھەسرەت بىلەن تاشلاپ كېتەرسەن ئاقىبەت،
كۆپ سۆيۈنمە دۇنيانى مالى فەراۋانىن كۆرۈپ.
دۇنيا مانەندى ئۆلۈمسە تىشلەپ ئۆتتى نەچچە ئىت،
تىشلەيۇ سەن ھەم ئۆتەرسەن ئەمدى قالغانىن كۆرۈپ.
بۇ ئۆلۈدىسىنى تالاشىپ، بىر-بىرىنى تىشلەشىپ،
ئۆتتىلەر كۆرمەي ۋەفاسىن، كاھىشى جانىن كۆرۈپ.
«مەن سىنىڭ» دەپ ۋەئدە بەرگەن نەچچەلەرغە بۇ پەلىدە
يوق ۋەفاسى بىلدىلەر گۈل ئەمدى يالغانىن كۆرۈپ.
تالىبى دۇنيا ھۆۋەيدا، بولمىغىل، بول ھەق تەلەب،
يۇم كۆزۈڭنى دۇنيادىن، تاڭلا پۇشايمانىن كۆرۈپ.

× ×

ئەي بەرادەرلەر، مەن ئۆلسەم يىغلىماڭ ئىززەت قىلىپ،
ساقلىماڭ، بارۇر يېرىمغە يول بېرىڭ سۇرئەت قىلىپ.
بۇساغا ئاستىغە تاشلاڭ، خار ئېتىپ ئاسى تەنىم،
ئايتىڭىز: «نېگە خۇداغە ئۆلمەدىڭ تائەت قىلىپ؟»
ئاسى تەنغە يۇماغان بۆز ھەيفدۇر قىلماڭ كەفەن،
ئەيلەڭىز ئەسكى چاپانىمنى كەفەن رىغبەت قىلىپ.
ئېپ سالىپ سۆدرەڭ ئاياغىمدىن لەھەدكە بارغۇچە،
كىم مېنى كۆرسە خۇداغە يىغلاغاي ئىبرەت قىلىپ.
شۇملۇغۇڭدىن بىز قۇتۇلدۇق دەپ ھەمە پىرۇ جەۋان،
تابۇتۇمنى ئارقەسىدىن تاش ئاتىڭ كۈلفەت قىلىپ.
بول ھۆۋەيدا گەرچە ئاسىيدۇر خۇدا دەرگاھىدە،
قول ئاچىپ ئەيلەڭ دۇئا، رەھمىغە سىز شەفقەت قىلىپ.

× ×

ئەي سېنى ئىشقىڭ بىلەن دىۋانە بولدۇم ئاقىبەت،
شەمئى ھۇسنۇڭ ئۈستىدە پەرۋانە بولدۇم ئاقىبەت.
تۈشتى كۆڭلۈم ئىچرە دەردىڭ تەلبەلەردەك، ئەي پەرى،
كۈللى ئالەمدىن كېچىپ، بىگانە بولدۇم ئاقىبەت.
ئاي جەمالىڭ شەۋقى بىرلەن غەم شەرابىدىن ئىچىپ،
بىلمەدىم جانۇ جەھان، مەستانە بولدۇم ئاقىبەت.
تەلبەئى ئىشقىڭ بولۇپ ئەيبۇ قەباھەت سۆزلەدىم،
ئەلگە كۈلكۈ بازىئى تىفلانە بولدۇم ئاقىبەت.
قاي كۈنى سۆيدۇم سېنى كەتتى كۆڭلۈمدىن شادلىق،
تۈنۈكۈن غەم خەيلىغە ھەمخانە بولدۇم ئاقىبەت.
ئەلۇ يۇرتۇمدىن كېچىپ ئۈزلەت نىشىنلىق خو قىلىپ،
چۇغز يەڭلىغ ساھىبى ۋەيرانە بولدۇم ئاقىبەت.
ۋالەھۇ ھەيران، سەراسىمە بولۇپ، ئەي جانۇدىل،
بىلمەيىن ئەيلەر ئىشىم ھەيرانە بولدۇم ئاقىبەت.
دىل بېرىپ ساڭا ھۆۋەيدا، كۆرمەيىن دىل جەمئىنى،
چۈن خەزان يافراغىدەك ھەريانە بولدۇم ئاقىبەت.

× ×

زىلەيخائى زەمان ئىشق ئافەتى دەۋراندۇرۇر ئول شوخ،
مەلاھەت مىسرى ئىچرە يۇسۇفى كەنئاندۇرۇر ئول شوخ.
ئۆتتۈپدۇر بۇ جەھاندىن شېرىنۇ، ئۇزراۋۇ ھەم لەيلى،
ئۇلاردەك نازەنىن سىيمىن بەدەن چىمياندۇرۇر ئول شوخ.

كىلەدۇر قول سالىپ بىر - بىر باسىپ مەستانە - مەستانە،
ئەجايىپ نازەنىن شىرىن لىقا جاناندۇرۇر ئول شوخ.
كىيىپدۇر خىلئەتى گۈلگۈن سالىپ تارتقۇ ياراشۇققە،
باشىدە دانە - دانە گەۋھەرى غەلتاندۇرۇر ئول شوخ.
ھۇۋەيدا ئۈشبۇ ھالەتنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ قالدى،
دېدى: «كۆڭلۈمگە جەننەت ھۇرى ياغۇلماندۇرۇر ئول شوخ.

× ×

ئاشىقى سادىقىنى قىلغان ئاھۇ ئەفغانى لەزىز،
ئىشق ئوتىدا كۆيگەن ئەلنى باغرى بەريانى لەزىز.
كۆيدۈمۈ ياندىم فىراقىڭ ئوتىدا، ئەي نازەنىن،
رەھم قىل مەن خەستەغە، ئەي لەئلى خەندانى لەزىز.
جەننەتۇ ھۇرىڭ كىرەكمەسدۇر ماڭا، تاكۆرمەسەم،
گۈل يۈزۈڭنى ئاندا ئەي كويى گۈلىستانى لەزىز.
ھەجر سەھراسىدە مەن ھەيرانۇ سەرسان، تەشنەلەب،
قەترەئى تۈتمە دەرىغ، ئەي ئابى ھەيۋانى لەزىز.
ئەي سەبا، يەتكۈر سەلامىمنى ئۇشۇل جانانەغە،
بىر - بىر ئەيلەي رازى دىل، ئەي شەرھى ھىجرانى لەزىز.
ئىستەدىم ئەرزۇ سەماۋاتى ئەلادىن تەئسىرى،
ھاشەلىللاھ، ئولسە سەندىن غەيرى جانانى لەزىز.
كۆپ پەرى ئىشقۇ ھەۋاسىدە، ھۇۋەيدا، بار ئىدىم،
تاپمادىم سەندىن، نىگارا، غەيرى بىر جانى لەزىز.

× ×

سىنى لەيلى ئايا دىلبەر، مىنى مەجنۇن گەدا دەرلەر،
گەدالارنى تەرىقى ئىشق ئىچىدە پادىشا دەرلەر.
قايۇ ئاشىق تاپىپدۇر بۇ جەھان مۈلكىدە راھەتنى،
ئانىڭ ئۈچۈن بەلانى ئىشق خەيلىغە رەۋا دەرلەر.
ئەگەر تىيرى بەلا كەلسە ئاچىپ كۆكسىن سىپەر ئەيلەپ،
تۇرۇرلار ئۆترۇغە ھەردەم نە كەلسە مەرھەبا دەرلەر.
بەلاۋۇ مىھنەتى دۇنيا نەسىبى بولدى ئاشىقنى،
ئەزەلدىن مەرد ئاشىقنى بەلالارغە رىزا دەرلەر.
بۇ ئىشقىنىڭ دەردىغە، ئەي دوستلار، ھەرگىز دەۋا يوقتۇر،
تەمامى دەردلەرغە ئىشق دەردىنى دەۋا دەرلەر.
ھۇۋەيدا، دۇنيادىن بىئىشق ئۆتكەرمە ھاياتىڭنى،
نەچەكۈن ئىشق ھاسىل قىل، بۇ ئۆمرى بىۋەفا دەرلەر.

× ×

سېنى ھەجرىڭدە، ئەي دىلبەر، ئەجايىپ خەستە ھالىم بار،
يۈرەكىم قۇۋۋەتى كەتتى، يۈرەرگە نە مەجالىم بار؟
يىگىتلىك قايتا كەلسە، كاشكى تارتسام سېنى دەردىڭ،
قېرىپ مەن قۇۋۋەتىم كەتتى ئەجەب كارى مەھالىم بار.
مۇرادىم نەخلى ھەرگىز بەرمەدى، بەرمەن نېتەي ئەمدى،
كۆرۈڭ بىتالئىمنى بىسەمەر زايە نىھالىم بار.
باشىڭدىن ئۆرگىلەي، يارىم، مېنىڭ ئالدىمغە كەلسەڭچۇ،
چىقارغە جان ياۋۇشتى بىر ئاغىز سەنگە سۇئالىم بار.
ئۆلەرمەن بىگۇمان ئەمدى مېنى كۆمگىل يولۇڭ ئۈزرە،
باسارسەن دەپ مەزارىمنى ئۆتەردە بۇ خەيالىم بار.
مېنىڭ دەردىم بىلەن ئۆلگەن ھۇۋەيدانى مەزارى دەپ،
دۇئادە ياد ئېتەرسەن دەپ، ساڭا كۆپ ئېھتىمالىم بار.

× ×

دىلبەرا ماڭا سېنىڭدەك يارۇ جانان قايدەدۇر؟
ساڭا ھەم مەندەك ئەل ئىچرە زارۇ ھەيران قايدەدۇر؟
يۈرەكىم بولدى جەراھەت، باغلادى زەردابۇ، قان،
سەن كەبى مەرھەم قىلغۇر يارى قەدىردان قايدەدۇر؟
خەستەۋۇ بىمار ئولۇپ يولۇڭدە ياتسام مۇردەۋار،
سورغۇچى ھالى غەرىبىن مەرھەمى جان قايدەدۇر؟
ئەرز ئېتەي دادىمنى ساڭا، ئەي پەرى دادىمغە يەت،
كىشۋەرى ئىشق ئىچرە ساڭا ئەدل سۇلتان قايدەدۇر؟
لۇتف ئېتىپ، جانا، كۆتەر ئايدەك جەمالىڭدىن نىقاب،
كۆرگەلى ھۆسنىڭنى مەندەك زار ھەيران قايدەدۇر؟
غۇنچە يەڭلىغ قان يۇتۇپ، ئىشقىڭ بىلەن خامۇش مەن،
بول ھۇۋەيدادەك ساڭا باغرى تولە قان قايدەدۇر؟

× ×

بىخەبەرلىق بىرلە ئۆتتى نە قىلاي ئەييامى ئۆمر،
ۋەقتى خۇفتەن بولدىيۇ ھەم قارشۇ كەلدى شامى ئۆمر.
ساچ ئاقاردى، كۆز ياشاردى، ۋادەرىغا، ۋادەرىغ،
نە تەرىقە بىرلە ئۆتتى نەقىلاي مادامى ئۆمر.
ئۆمر دامىنى قويۇپ، قىلدىم ھەۋەسنى سەيدىنى،
خالى قىلدى، ئەي بەرادەرلەر كۆرۈڭلار دامى ئۆمر.
خانەئى خىشتىنەدەك بىلدىم ئۆمۈر مەئمۇرەسىن،
كۆندە بىر خىشتىن ئەجەل ئالغاچ تۈگەندى تامى ئۆمر.

ئۆمر نەخلىغە كىلىپ تەگدى ئەجەلنى سەلقىنى،
پىشمايىن بولدى خەزان بول مىۋەھايى خامى ئۆمر،
شەربەتى دۇنيانى، ۋەقتى نۇش ئېتەردە، دوستلار،
بۇ قولۇمدىن تۇشتىۋ سىندى، كۆرۈڭلار، جامى ئۆمر،
سۇچ ئاقاردى بىلمەدىڭ، سارغاردى تۇشتى تىشلادىڭ،
بۇ نىشانى مەرگ دەپ بەردى ئۆلۈم پەيغامى ئۆمر،
تۇت ياقاڭنى تەۋبە دەپ، دائىم خۇداغە يىغلاغىل،
كەلگۈسى دەپ بۇ ئۆلۈمنى ئەرتە يا ئاقشامى ئۆمر،
تاڭلا ئول شاھى ئەجەل دىبسە نە كەلتۈرۈڭ ماڭا،
فىسقۇ ئىسيان بىرلە ئۆتسە نە دېگۈم مادامى ئۆمر،
يارغە ئىلتىسەڭ، ھۇۋەيدا، تۇھفەئى ئاھى سەھەر،
بەرگۈسى ھۇرۇ قۇسۇر تاڭلا ساڭا ئىنئامى ئۆمر،

× ×

سىنى ۋەسلىڭ يەقىن ئانداق كۆزۈم ئاقۇ قاراسىدۇر،
مىنى سەندىن يىراق سالغان بۇ نەفسىمنى بەلاسىدۇر،
نەزەر گاھىڭ ئىدى يارىم مىنى ئائىنەئى كۆڭلۈم،
قارا قىلغان قارا كۆڭلۈم گۇناھىمنى قاراسىدۇر،
سىنى ۋەسلىڭغە ھەر چەند جەھد ئەيلەپ يېتەئالماسمەن،
ئاياغىم باغلاغان زەنجىر ئولۇپ دۇنيا ھەۋاسىدۇر،
نە تەدبىرۇ ئىلاج ئەيلەي، ئارا يوللاردە قالدىممەن،
ئاداشتۇرغان يولۇمدىن روزگارىم ماجەراسىدۇر،
كىمە داد ئەيلەيىن، يارىم، كۆرۈپ رەھم ئەتمەسەڭ ھالىم،
يۈرەكىم شەرھە - شەرھە خەنجەرى ھىجران ياراسىدۇر،
مۇبادا گەر قەدەم قويساڭ مىنى بەيتۇلھەزانىمغە،
ئىزدىڭنى تۇپراغى جانىم كۆزۈمنى تۇتىياسىدۇر،
جەمالىڭنى كۆرۈبان داد دەپ، جان بەرسەم ئەرزاندۇر،
سىنى بىر تارە مويۇڭ ئىككى ئالەمنىڭ بەھاسىدۇر،
مەئازەللاھ، غەلەت ئايدىم، بەھاسىز بىبەھا ئىركەن،
يانىپ بىر باقىشىڭغە يۈز تۈمەنمىڭ جان فىداسىدۇر،
مۇشەققەتلىك ئىكەن سەۋدايى ئىشق، مەن ئۆزگەسىن ئايتماي،
بۇ سەۋدانى ھۇۋەيدا، جاندىن ئۆتمەك ئىپتىداسىدۇر،

× ×

سىنى ئىشقىڭدىن، ئەي دىلبەر، ئەجايىب كاربارىم بار،
يۈرەكىم قۇۋۋەتى كەتتى، يۈرەرگە نە مەدارىم بار،
تاپار رەۋزانە كۆڭلۈم يارۇ دوستلارنى كۆرۈپ تەسكىن،

كېچە سەيياره‌لەر يەڭلىغ نە ئارامۇ قەرارىم بار،
مېنى ئەفئى يىلان چاقتى، كۆزۈمنى ئۇيقۇسى كەتتى،
تاڭ ئاتقۇنچە يۇرەرمەن، نە ياتار، نە ئولتۇرارىم بار؟
مەنى بىچارە بۇلبۇلغە تەرەھھۇم ئەيلەگىل، ئەي، گۇل،
كېچەدىن تا سەھەر غەم شاخىدە فەريادۇ زارىم بار.
ئايا بادى سەبا، يەتكۇر، غۇبارى كوي يارىمدىن،
كۆزۈمغە سۇرمە ئەيلەي دەپ، ئاڭا كۆپ ئىنتىزارىم بار.
هۇۋەيدانى مەزارىغە بارىپ يارىم تەماشا قىل،
ئۇنۇپدۇر لالەئى ھەسرەت، خەزان بولماس بەھارىم بار.

× ×

نىگارا، ئىككى ئالەمدە سېنىڭدەك دىلرەبا يوقتۇر،
فىراقىڭ ئوتىدا مەندەك ئەسىرۇ مۇبتەلا يوقتۇر.
بەلالەرغە دۇچار ئولدۇم ۋىسالىڭ ئىزلەبان تۈن - كۈن،
مېنىڭدەك ئەل ئاراسىدە گىرىفتارى بەلا يوقتۇر.
ئۆزۈڭدىن ئۆزگەنى ھەرگىز ۋەفايى تاپمادىم ئەسلا،
مەنى مىسكىن بەلاكەشغە سېنىڭدەك با ۋەفا يوقتۇر.
جەمالىڭنى تىلەپ، ئەي گۇل، نەۋاۋۇ نالەلەر قىلغان،
گۇلىستاندە مېنىڭدەك بۇلبۇلى شىرىن نەۋا يوقتۇر.
كۆيۈپ كۈل بولدۇمۇ ئەسلا يانىپ بىر كەلمەدىڭ يارىم،
سېنىڭدەك كۆڭلى قاتتىغ رەھم كەلمەس پۇرجەفا يوقتۇر.
يۈز ئۆگۈرمە، مەنى مىسكىندىن، ئەي يارى قەدىردانىم،
كويۇڭنى ياستانىپ بولغان مېنىڭدەك زىرى پا يوقتۇر.
باشىم بىرلە يۇرۇپ خىزمەت قىلاي دەرمەن بەھەم بولسە،
نىگارا، كويۇڭ ئىچرە ئۆزگە ھەرگىز مۇددەئا يوقتۇر.
كويۇڭ دەرۋازەسى يۇرسە كۆزۈمنى كاسەسى ئىچرە،
ئەگەر بىر يول يۈزۈڭ كۆرسەم مېنىڭدەك پادىشا يوقتۇر.
رەقىبى رو سىيەھ قويماس جەمالىڭغە نەزەر سالسام،
نېچۈك ئەيلەيكى، ئەي دىلبەر، جەفاكەشغە ۋەفا يوقتۇر.
ئېرۇرسەن پادىشاھى ھۇسن، ئىشىكىڭدە هۇۋەيدادەك،
يۈزۈڭنى كۆرگەلى مۇشتاق، ئەي گۇلرۇخ، گەدا يوقتۇر.

× ×

دەردى يوق بىدەرد كىشىلەر دەرد قەدرىن نە بىلۇر،
دۇنيادە نامەرد كۆپدۇر مەرد قەدرىن نە بىلۇر.
زەئفەران بولدى چىرايىم يار ئۈچۈن، ئەي دوستلار،
بىلمەگەنلەر بۇ چىرايى زەرد قەدرىن نە بىلۇر.

جان ئۈزۈپ جاننى ئۆلادىم كاكۆلى جانانەغە،
فەھمى يوق بىغەملەر پەيۋەند قەدرىن نە بىلۇر.
ئاز ئىرۇر جانانەغە سەرف ئەيلەسەم مەن مالۇ جان،
قىلماغان نادان كىشى جان مەرد قەدرىن نە بىلۇر؟
يىغلادى ھەر چەند ھۇۋەيدا، بىلمەدى ئەل قەدرىنى،
تۇشمىگەن دەرد باشىغە بادەرد قەدرىن نە بىلۇر.

× ×

يىگىتلىكتە مەي ئىچمەكلىك نەخۇش بەخت - سەئادەتدۇر،
قەرىلىق مەۋسۇمى مىھنەت، يىگىتلىك ۋەقتى راھەتدۇر.
گۈلىستان مەۋسۇمى بولدى، مەي ئىچمەكنى غەنىمەت بىل،
تىرىكلىك كۆپ ئەمەس بىر كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە سائەتدۇر.
كەل ئەي ساقى، كەتۇر جامى پەيا - پەي بادەنى ساف ئەت،
يۈرۈتكىل كاسەئى دەۋران، بۇ دەملەر ھەم غەنىمەتدۇر.
دەلۇ تەنبۇرۇ بىنەي بادە ئىچمەك ئانچە خوپ ئىرمەس،
قىل، ئەي مۇترىب، غەزەلخانلىق بۇكۈن ئەييامى ئىشرەتدۇر.
گۈلىستانلار ئاراسى بەرگلەرنى ياستانىپ ياتىپ،
تەماشايى چەمەن ئەيلەپ، مەي ئىچمەك خۇش نازاكەتتۇر.
تىرىكلىكنى غەنىمەت بىل، مەي ئىچ ئۆمرۈڭنى خۇش ئۆتكەر،
تىپىپ ئۆت دۇنيا مالىنى ھەمە رەنجۇ فەلاكەتدۇر.
ھۇۋەيدا، تەۋبە قىلمە بادە ئىچمەكدىن قىرىدىم دەپ،
مەي ئىچمەكلىك قىرىغاندا غىزايى روھى راھەتدۇر.

× ×

ئاھ، ئۆلۈم باغرىمغە قويدى يۈز تۈمەنمىڭ داغلار،
قەترە - قەترە سۇ بولۇپ ئاقتى يۈرەكدىن ياغلار.
ناگەھان تەن باغىغە يەتسە زىمىستانى ئەجەل،
جان دەرەختىدىن تۆكۈلگەي ھەر تەرەپ ياپراغلار.
مالۇ مۈلكۈڭغە قۇۋانمە، ئەي ئەقلسىز ئادەمى،
ناگەھان كەلسە ئەجەل قالغاي بۇ مۈلكۈ باغلار.
دۇنيا مالىنى يىغارسەن تويمىغاي چەشمى ھەرىس،
كاسەسىغە تولماغۇنچە گورئارا تۇپراغلار.
ئەلگە زىرەكلىك قىلۇرسەن يەتمەس ئەقلىڭ فەتھىغە،
تاڭلا بولغاندە قىيامەت تەلبە بولغاي ساغلار.
سايەئى رەھمەت تىلەر بولساڭ قىيامەت دەشتىدە،
كىم ئالۇر ھەق رەھمەتىنى تۈن كىچە ئويغاغلار.

تەۋبە دەپ ئۆشلا ياقاڭنى، ئەي ھۆۋەيدا، يىغلاغىل،
زەررەچە يوقتۇر گۇناھىڭ ئالدىدە بۇ تاغلار.

× ×

سەھەرلەردە مىنىڭ ھالىمغە مۇرغانى چەمەن يىغلار،
فىغانىمدىن سەبا يىرتىپ قىزىل گۈل پىرەھەن يىغلار.
جىگەر ئۆدى كۆيۈپ دۇدى بەيابان كەردىغە تۇشسە،
ئۆشالدى قەدرى مۇسكىم دەپ غەزالانى خوتەن يىغلار.
يۈرەكدە ئاتەشىن دەردىن ئالىپ بارسام لەھەد ئىچرە،
قىيامەت تاڭى ئاتقۇنچە كۆيۈپ گورۇ كەفەن يىغلار.
سىنى دەردىڭ بىلەن يىغلاپ فىغانۇ نالەلەر قىلسام،
كىچىپ پەرزەندۇ مالدىن بولۇپ ئەل بىۋەتەن يىغلار.
تاپالماي تىۋەنى مەقسەد ئۆۋىسىن جان ئېرۇر ھەيران،
چىدالماي جۇستجويىمغە بەيابانى قەرەن يىغلار.
سەھەرلەر يۇسۇفىم دەپ ئاھ ئۇرسام پىرى كەنئاندەك،
فىغانىمدىن فىغان ئەيلەپ كۆيۈپ بەيتۇل-ھەزەن يىغلار.
ھۆۋەيدا زار يىغلاپ، يار دەپ يۈزلەنسە سەھراغە،
بۇياپ لالە كۆزۈم قانىغە گۈلگۈن پىرەھەن يىغلار.

× ×

دىلبەرا، كويۇڭدا يۈرگەن ئاشىقىڭ بىسياردۇر،
كىم مىنىڭدەك كىچە-كۈندۈز مۇبتەلائى زاردۇر؟
بىر سەگى بىمار يەڭلىغ ئاستانەڭ ياستانىپ،
ئاي يۈزۈڭغە كىم مىنىڭدەك ئىنتىزارۇ زاردۇر.
ئۆلتۈرۈر ھەم كۆيدۈرۈر گەر مەقسەدىڭ بولسە سەنەم،
ھەر جەفا قىلساڭ نىگارىم ئاشىقىڭ تەييار دۇر.
سىلكىنىپ ئۆيدىن چىقىبان بىر قىيا كۆزۈڭ سالىپ،
بۇ غۇلامى زەر خەرىدىم دىمەكىڭ دەركاردۇر.
بىر نىگاھىڭگە، نىگارا، جان تەسەددۇقتۇر سىنى،
نە ئېمىش بىر جان، تۈمەنمىڭ جان ساڭا ئىساردۇر.
ھەر تەرەپ بارسام جەمالىڭ شەۋقىدە كۆڭلۈم ئارا،
بولسە سەھرالار ماڭا ھەمخانە ۋۇ بازاردۇر.
كىمكى ساڭا ئاشىق ئولمىش، ئەي نىگارى نازەنىن،
مىھنەتۇ، رەنجۇ مۇشەققەت ئول كىشىغە باردۇر.
ئۆلۈمە بەرسۇن، ئۆلۈم كەلمەس ھۆۋەيداغە نە دەپ،
جان بىرىپ كۆرسەم يۈزىن ئالەم نەخۇش گۈلزاردۇر.

× ×

ئايماغىل سىرىڭنى سەن ھەر كىمگە، سىرداش ئۆزگەدۇر،
دەردى يوق بىدەردەغە مۇڭ ئايما، مۇڭداش ئۆزگەدۇر.
ھەمرەھى قابىل بىلە يۈر، بىر قەرىشلىق بولسە يول،
يۈرمەگىل ناجىنس بىرلە، يولدا يولداش ئۆزگەدۇر.
قولدا مالىڭ باردە يارۇ بەرادەر خىيش كۆپ،
ئارى باش ياستۇقغە يەتكەندە قارىنداش ئۆزگەدۇر.
بارچە يىغلار ئاھ دەپ، دەردلىق كىشىدۇر بەلگۈلۈك،
دىل كۆيۈپ، كۆزدىن تۆكۈلگەن دەردلىق ياش ئۆزگەدۇر.
ئەي ھۇۋەيدا، بەرمە دىل ھەر بىۋەفانى يار دەپ،
ئىككى ئالەم باۋەفا يارى قارا قاش ئۆزگەدۇر.

× ×

بەيابانلارغا چىقسام ئاھ ئۇرۇپ جۈملە گىيا يىغلار،
فىغانۇ نالەشىمدىن تاغلار ئەيلەپ سەدا يىغلار.
سەنەمنى دەردى تۈشسە كۆڭلۈم ئىچرە بەرقى رەخشاندەك،
كۆيۈپ جانىم، بۇلۇت ئاھىم قىلىپ كۆكدە نەۋا يىغلار.
سەنى نادان تەبىب ئايتمە، بۇ دەردىڭغە داۋا قىل دەپ،
داۋاغە يۈز ئەگەر ئۇرسەم، كۆرۈپ دەردىم داۋا يىغلار.
بولۇر دەردىم مىنىڭ دەپ، ئەلغە شايەد ئانچە سەبر ئەتتىم،
قىلالماي سەبرۇ تاقەت سەبرىمە سۇبھۇ مەسا يىغلار.
ھۇسەينى ۋەقتى ئېردىم مەن، شەھىد ئەتتى يەزىدى ئىشق،
قىزىل قانىم كۆرۈپ ھالىمغە دەشتى كەربەلا يىغلار.
كېزىپ سەھراغە يۈرسەم، لەيلى دەپ مانەندەئى مەجنۇن،
كۆرۈپ ھالىم ھەمە جانلار قىلىپ ۋاھەسرەتا يىغلار.
يۈرۈسەم كوھبە كوھ يىغلاپ سەنەمنى دەردىنى ئايتىپ،
ھەمە ئالەم ياقا يىرتىپ سەمەكدىن تاسەما يىغلار.
مەيى دەرد نەشئەسىن بىلمەس، ھۇۋەيدا ھەر نېچۈك ئادەم،
ئەگەر چەندىكى يىغلار نەشئەسىز بادى سەبا يىغلار.

× ×

ئايا، ئەي شامىمە نەمئى شەب ئەفرۇز،
سىنى ئىشقىڭدە قىلدىم جانۇ دىل سوز.
يۈرۈپدۇرمەن سىنى دەپ تەلبەلەردەك،
يامان - ياخشىغە كۈلكۈ ھەم بولۇپ سۆز.
خەلايىقلار ئارا شەرمەندەلەردەك،
بولۇپ، ئەلگە باقارغە مەندە يوق يۈز.

مېنى كۆرگەچ كۈلەر ھەر قايسى مەۋجۇدە،
مەلاھەتلەر قىلىبان كېچە-كۈندۈز.
بەلالارغە دۇچار ئولدۇم سېنى دەپ،
ئايا ئەي دىلبەرى، شېرىن قارا كۆز.
سېنى ئىشقىڭ مېنى كۆڭلۈمدە بولسە،
غەمىم يوق كۈللى ئالەم قىلسەلەر سۆز.
بولۇر كۆرسەم تەجەللىسى جەمالىڭ،
ماڭا ھەركۈن بەھارۇ ئىيدۇ نەۋرۇز.
فەلەكنى كۆيدۈرۈر ھەممەتلى ئاشىق،
سەھەرلەردە ئۇرۇپ ئاھى جىگەر سوز.
ھۆۋەيدا ھەركىشىنى دوست تۇتاي دەر،
ئانى بىھىممەتىدىن يات بولۇر ئۆز.

× ×

يولۇقتى تۈن ئاراسىدە كۆزۈمغە دىلرەبا يالغۇز،
كۈلۈپ باقىپ، قاشىن قاقىپ، قىلىپ ئۆتتى ئىما يالغۇز.
ئاياغى نەقىشغە سۇرتۇپ يۈزۈم، بوسۇ كەنار ئەيلەپ،
غۇبارى راھىدىن قىلدىم كۆزۈمغە تۇتىيا يالغۇز.
مېنى ئەھۋال دەردىمدىن باسىپ ئەلبەتتە ئايغايسەن،
سەنەمنى ئالدىغا بارساڭ، ئايا بادى سەبا يالغۇز.
ياتىپدۇر گۇشەئىمدە يار-يار دەپ بىر غەرىبى زار،
باشىن يەرگە ئۇرۇپ يىغلار دىگىل ئەيلەپ نەۋا يالغۇز.
شىكەستە مۇزتەرىب ئەھۋال دەردىمدىن بەيان ئەتكىل،
ئانى كۆڭلىغە شايەد رەھىمىنى سالغاي خۇدا يالغۇز.
سېنى ھۆسنى كەمالىڭغە ھۆۋەيدايى غەرىب مىسكىن،
قىلۇر دىگىل سەھەرلەردە ئاچىپ ئىلكىن دۇئا يالغۇز.

× ×

تۈن ئاقشام كەلدى كۈلبەمغە نىگارى مېھرىبان يالغۇز،
ئالىپ بۇقەد جەمالىدىن ئۆزىن قىلدى ئەيان يالغۇز.
كۈلۈپ ئاھىستە-ئاھىستە كېلىپ ئۇيقۇدىن ئويغاتتى،
«سەھەر بولدى ياتۇرسەنمۇ؟» دىدى شېرىن زەبان يالغۇز.
قولۇمدىن ئۇشلابان ئايدى: «نە ھالىڭ كەچتى يازۇ كۈز،
كۆيۈپ ھەجر ئوتىدە بولغان، ئايا ئەي ناتەۋان يالغۇز».
ئۆزۈمدىن باردىم ئول سائەت، يۈرەكدە قالمادى ھالەت،
قىلالمادىم ئاڭا ئەھۋالى دەردىمدىن بەيان يالغۇز.
يانىمدا ئولتۇرۇپ چەندان، تەرەھھۇم بىرلە سۆز قاتتى،
بىرەلمەدىم جەۋاب ئاڭاكى لال ئولدى زەبان يالغۇز.

كېلىپ ھالىمغە لەۋ ئاچتىم، قولۇمغە كاسەنى بەردى،
مەي ئىچ دەپ ئول پەرى كەتتى، بولۇپ يولغە رەۋان يالغۇز.
ھۇۋەيدايى غەرىبىن ئول پەرى شىردىن سۆزى بىرلەن،
يۈرەكىمغە سالىپ ئوت ئۆرتسەدى جانۇ جەھان يالغۇز.

× ×

يارىم يۈزىغە ھىچ كىشى باقىپ قارايالماس،
كۆزى قاماشىپ يۈزىنى ھەرگىز كۆرەيەلمەس.
ئوتدەك تۇتاشىپ شۇئلەئى ھۇسنى بۇ جەھانغە،
تەپتىغە ئانى بەلكى سەمەندەر چىدايالماس.
يۈزىنى كۆرۈپ بولدى خىجىل ئاي بىلە كۈن،
ھۇسن مۇلكىتىدە يۈسۈف ئانىڭدىن بولالايالماس.
كۆرسەڭ قەددىنى راست ئىرۇرمىش ئەلفدەك،
مانەندى ئانى سەرۋۇ سەنەۋبەر بولالايالماس.
نەرگىسلەرى ئاھۇيى خوتەندەك چۈرمىدە،
قاش ئەگمەسىغە يايى مۇشابىھ بولالايالماس.
مۇنداق سەنەمى دىلبەرى مەھۋەشغە ھۇۋەيدا،
كۆڭلىنى بىرىپ ئەمدى ئوتىغە چىدايالماس.

× ×

بىۋەفا يارغە كۆڭۈل بەرگەن كىشى ئادەم ئەمەس،
مىھنەتۇ، جەۋرۇ جەفا ئاندىن زەمانى كەم ئەمەس.
دائىما رەنجۇ مۇشەققەت ئول كىشىنى باشىدە،
بارچە بولغاي شادۇ خەندان، ئول كىشى بىغەم ئەمەس.
تىل ئۇچىدە كال بىرىپ ئايتۇر ساڭا دىلدارمەن،
زەررە غەم كەلسە باشىڭغە لەۋزەئى ھەمدەم ئەمەس.
رازى دىلنى ئايتمائىل ھەركىمنى سەن مەھرەم بىلىپ،
بولماسە ئەھلى مۇھەببەت دەردىڭە مەھرەم ئەمەس.
ئەي ھۇۋەيدا، بىۋەفانى يار دەپ بەرمە كۆڭۈل،
ئاقىل ئىرسەڭ سەن ئەگەر ئۇشبۇ نەسىھەت كەم ئەمەس.

× ×

سەنەمنى دەردىنى دەپتەر قىلىپ خەتكە پىتىپ بولماس،
ئانى ئەسرارىنى بىغەھملەرگە شەرھ ئېتىپ بولماس.
جۇدالىق خەنجەرى بىرلە يۈرەكىم چاك - چاك ئولدى،
يۈرەك زەخمىن ئاچىپ بىدەردلەرغە كۆرسەتىپ بولماس.
فەلەكنى ئەختەردىن قىلسە بولۇر دەرلەر ھىسابىنى،
يۈرەكىم زەخمىنى ھەرگىز ھىسابىنى بىلىپ بولماس.

ئەلەم تارتىپ، يۈرەك كۆيمەي قېرا كۆزدىن تۆكۈلمەس ياش،
قازاننى ئاستىغە ئۆت ياقماغۇنچە قايناتىپ بولماس.
ھۆۋەيدا، ھەر ئىشىكىم بىمۇشەققەت بولماغاي ھاسىل،
مۇشەققەت تارتماغۇنچە يار ۋەسلىغە يېتىپ بولماس.

× ×

ئاي يۈزۈڭنى نۇردىغە شەمئى شەبىستان ئوخشاماس،
كۆزلەرىڭنى شوخلىغە مىررىخۇ چولپان ئوخشاماس.
سىلكىنىپ بىر-بىر باسىپ كىرسەڭ گۈلىستانلار ئارا،
قامەتىڭنى نەخلىغە سەرۋى خىرامان ئوخشاماس.
گەر تەبەسسۇم ئەيلەسەڭ گۈلشەندىكى گۈللار ئارا،
لەبلەرىڭنى رەڭگىغە گۈل بەرگى رۇممان ئوخشاماس.
كاكۈلىڭنى بۇيىغە شەرمەندە ئىبرۇر مۇشكى چىن،
تىشلەرىڭغە گەۋھەرى دەريايى ئۇممان ئوخشاماس.
بول ھۆۋەيداغە باقىپ بىر-بىر تەكەللۇم ئەيلەسەڭ،
نەرمۇ شىرىن سۆزىڭگە تۇتىئى خۇشخان ئوخشاماس.

× ×

بارساڭ، ئەي بادى سەبا، ھالىمنى قىل يارىمغە ئەرز،
مەن غەرىبۇ خەستەدىن يارۇ جەفاكارىمغە ئەرز.
گۇشەئىدە يار-يار دەپ بىرغەرىبلىك قان يۇتۇپ،
ياتەدۇر دەپ زار يىغلاپ، قىل سىتەمكارىمغە ئەرز،
كېچەۋۇ كۈندۈز ئىبرۇرمەن تەشنەئى ئابىھەيات،
خىزردەك مەيگۇن لەبى ئىلە شەكەر بارىمغە ئەرز.
ئەمدى دەردىدىن ئۆلەرمەن، يوق ئۇمىدى سىھھەتىم،
چۇن دەمى ئىيسا كەلامى دۇررى شەھۋارىمغە ئەرز.
كۆز ئۇچى بىرلە باقىپ، ھەر گۇشەدە قانىم تۆكۈپ،
غەمزەسى جەللاد يەڭلىغ كۆزى خۇنخارىمغە ئەرز.
بىر كۆيۈپ ئۆلسەم، قۇتۇلسام كاشكى پەرۋانەدەك،
كۈندە يۈز كۆيدۈرگۈچى قىل شەمئى رۇخسارىمغە ئەرز.
كويىدە مىسكىن ھۆۋەيدانى فەراۋان يىغلاتىپ،
ھىچ ھالىن سورماغان قىلغىل جەفاكارىمغە ئەرز.

× ×

ئەي سەنەم، ۋەسلىڭنى ئىزلەپ دەر بەدەر سالدىم سوراغ،
بارچە ئايدى، ئول ساڭا جاندىن يەقىندۇر سەن يىراغ،
ۋالەۋۇ ھەيران بولۇپ سۆزلەر سۆزۈمنى بىلمەيمەن،
تاپمادىم قايدە بارىپ كىمدىن سورارىمدىن ياراغ.
كىمگە ئايتىپ، كىمگە يىغلاي داد دەپ ئىشق دەردىنى؟

يۇرەكىمدىن قەترە-قەترە يار-يار دەپ سىزدى ياغ.
تاپمادىم بەھر ئىلە بىر ئىزلەپ سىنى ئەرزۇ سەما،
قالمىدى مەن يۇرمىگەن يەر، تاغۇ تۇز ھەم باغۇ راغ.
ئەي فىراقىڭ ئوتىغە كۆيمەككە تابىم قالمادى،
ھالى دىلنى كىمگە دەپ، كىمدىن سىنى ئەيلەي سوراغ.
ئىستەدىم جان شەھرىنى، ئاندىن سوراپ تاپدىم ئىزىڭ،
ئايدىلار يارىڭ يەقىن ئەمما ئانى يولى يىراغ.
ئۇشبۇ ھەسرەت بىرلە ئۆلسە، بول ھۇۋەيدايى غەرىب،
قالغۇسى كۆڭلىدە ئارمان، لالەدەك باغرىدە داغ.

× ×

كۆرگەلى ھۇسنۇڭنى جانا، تۇرفە زار ئولدۇم دەرىغ،
چۇن قەفەسدە تۇتى يەڭلىغ ئىنتىزار ئولدۇم دەرىغ.
تەلبەلەردەك ھەر تەرەپ ئىفتانۇ ھەيران يۇگۇرۇپ،
گويى-چەۋگان خوردە يەڭلىغ بىقەرار ئولدۇم دەرىغ.
ئاتەشى ئىشقىڭ بىلە ئىچىمدەدۇر بەرقى جۇنۇن،
ئەشكى رىزان يۇگۇرۇپ، ئەبرى بەھار ئولدۇم دەرىغ.
ئىشق بازارىدە قىلدىم غەم مەتائىدىن خەرىد،
زەرشۇناسلار قاتىدە ئېئتىبار ئولدۇم دەرىغ.
تاپمادىم بىر ھەمدەمى دەردىمنى ئىزھار ئەتكۇدەك،
قىسسەئى پۇرغۇسسەدە لەيلۇ نەھار ئولدۇم دەرىغ.
نىم بىسمىل مۇرغىدەك باشىم ئۇرۇپ تاك ئاتقۇچە،
جان ئۇزۇپ دەردۇ غەمىڭدە خارۇ زار ئولدۇم دەرىغ.
بىر نەزەر قىلساڭ نە بولغاي مەن غەرىبى خەستەغە،
كىم ھۇۋەيدا ئاھ تارتىپ، بىقەرار ئولدۇم دەرىغ.

× ×

ئەي مەھى نامېھرىبانىم نالەئى زارىمغە باق،
ھەم خەزان ياپراغى يەڭلىغ زەردى رۇخسارىمغە باق.
لالەۋۇ گۇل بىرلە خۇن ئالۇدە بولدى نەۋبەھار،
دىمەگىل يەرنى يۇزىنى چەشم خۇنبارىمغە باق.
ئەي سىنى ئىشقىڭدە جانا، لەھزە-لەھزە قان يۇتۇپ،
غۇنچەدەك كۆكسۇمدەكى زەرداب ئىلە خارىمغە باق.
ھىچ زالىم تاپمادى مەزلۇم ئاھىدىن ئامان،
قىل ھەزەر، ئەي نازەنىن، ئاھى شەرەر بارىمغە باق.
ئەيكى دەپسەن بول ھۇۋەيدانى ماڭا بىئېتىقادە،
ئەي مەھى نامېھرىبانىم نالەئى زارىمغە باق.

× ×

ھېچكىم ئىشق ئوتى ئىچرە مەن كەبى كۆيگەنى يوق،
ئۆشبۇ ئوتقە، دوستلار، كۆيمەكلىكىمنى سانى يوق.
نەچچە مۇددەتلەر ئېرۇر ئىشق ئوتى تۈشتى كۆڭلۈمە،
قىلمىدىم بىر زەررە زاھىر ھېچ كىشى بىلگەنى يوق.
ئىشقنى ھەر چەند پىنھان ئەيلەسەم دىل مۇلكىدە،
ئاشكارا بولمايىن، ئەي دوستلار، ئىمكانى يوق.
غەم سەھابىدىن تۈشۈپدۇر جان ئۆيىگە بەرق ئىشق،
يۈرەكىمدە شورىسى بىردەم قارار ئالغانى يوق.
تاپۇرەك كۆيمەي قارا كۆزدىن تۆكۈلمەس قەترە ياش،
ئول كىشىنى دەردى يوقدۇر نالەۋۇ ئەفغانى يوق.
بولماسا ئول تەن ئارا ئىشقى مۇھەببەت زەررەئى،
سۈرەتى دىۋار ئېرۇر، بىلگىل ئۆتەننى جانى يوق.
ئول نىگارۇ نازەنىننى ئىشقى بىرلە ھەر سەھەر،
كور بولسۇن ئول كىشىنى دىدەئى گىريانى يوق.
ئەي ھۇۋەيدا، جەھد ئېتىپ ئەمدى كېتەر فىكرىنى قىل،
ھېچ كىشى بۇ دۇنيادە تۇرماقغە جا ئالغانى يوق.

× ×

ھېچ كىشگە سۆزلەمەسدىم داد ئەتدۈردى فەلەك،
كۆپ خەلايىق ئالدىدە فەرياد ئەتدۈردى فەلەك.
ئەرز-ھالىم ئايتقۇدەك بىر يارۇ ھەمدەم تاپمادىم،
شاد كۆڭلۈمنى نېتەي ناشاد ئەتدۈردى فەلەك.
مەن غەرىبۇ خەستەنى ھەردەم فىراق ئوتى بىلەن،
كۆيدۈرۈپ كۆككە كۈلۈم بەرباد ئەتدۈردى فەلەك.
سالدى كۆڭلۈم سەيدىغە ھەرلەھزە غەم شەھبازىنى،
غەمنى مەن بىچارەغە سەييياد ئەتدۈردى فەلەك.
ئەي ھۇۋەيدا، بولما گول بۇ چەرخى كەجرەفتارغە،
لەھزەدە يۈز شىيۋەلەر بۇنياد ئەتتۈردى فەلەك.

× ×

ھۇش كەتتى، ئەقلىم ئازدى، قالمادى تابىم مېنىڭ،
يار-يار دەپ ئاقتى كۆزدىن ئەشكى خۇنابىم مېنىڭ.
تەن سىزىپ، ئەي دوستلار ھەم رەكدەكى قانىم قۇرۇپ،
قالمىدى كۆزدىن چىقارغە قەترەئى ئابىم مېنىڭ.
قىسسەئى پۇرغۇسسەدە ئاۋارە بولدۇم ئاقىبەت،
كەلمەدى ھالىم سوراپ، بىر يار ئەھبابىم مېنىڭ.

غەم فۇزۇن ھالىم زەبۇن، قىسسەئى دەردىم ئۇزۇن،
رەھم قىل، ھالىمغە باق، ئەي شاھى نايابىم مېنىڭ.
ھەجر ئاشىم، غەم قۇياشىم مۇنىسىمدۇر دەردى ئىشق،
ھەسرەتۇ خۇنى جىگەردۇر بادەئى نابىم مېنىڭ.
ئىشق كەلدى، كەتتى ئەقلىم، قاچتى مەندىن جۇملە ئەل،
يوقدۇرۇر دەرد ئايتقۇدەك بىر يار ئەھبابىم مېنىڭ.
دىلدە دەردىم، ئاھى سەردىم، رويى زەردىمنى كۆرۈپ،
رەھم قىل، ئەي نازەنىن، چەشمى شەكەر خابىم مېنىڭ.
ئۆلگۈچە بولدى ھۆۋەيدا دەرماگا ئۆيقۇ ھارام،
بولمىغاي كۆرمەي سىنى ئارام ئىلە خابىم مېنىڭ.

× ×

مەن بولۇرمەن رۇزىبىد ھەيرانى رۇخسارىڭ سىنىڭ،
جان فىدا قىلماسمۇ ئاشىق كۆرسە دىيدارىڭ سىنىڭ.
كاكۇلىڭ بىر تارەسى ئەقلىمنى ئالدى چىرماشىپ،
دىنۇدىل بەرباد قىلدى زۇلفى زۇننارىڭ سىنىڭ.
جىلۋە بىرلە ناز ئەيلەپ تولغانىپ قىلساڭ سەلام،
ۋەھ مىنى دىۋانە قىلدى قەددۇ رەفتارىڭ سىنىڭ.
ئوسمەۋۇ ئەڭلىك ئۇپا قويماق نە ھاجەتدۇر ساڭا،
ئافتابۇ مەھ ئەمەسمۇ ئەكسى رۇخسارىڭ سىنىڭ.
قامەتىڭنى ئايتسالار چۇن تۇبىدۇر يا سەرۋ دەپ،
ئۇشبۇ سۆزدىن، ئەي سەنەم، كەلمەسمۇدۇر ئارىڭ سىنىڭ؟
بول ھۆۋەيدا ئايتەدۇر سەندەك گۈلى بىخارىنى،
تاپمىدىم ئەسلا قىلىپ مەن سەيرى گۈلزارىڭ سىنىڭ.

× ×

گۇنبەزى دەۋۋار ئىچىندە ئۆرگۈلۈر باشىم مېنىڭ،
يار ۋەسلىغە يېتەلمەي تۆكۈلۈر ياشىم مېنىڭ.
يۇرەمەن گىريانۇ نالان دەر بەدەر دىۋانەدەك،
ھېچ ھالىم سورمادى يارى قارا قاشىم مېنىڭ.
بارچە بىلدى ھالى دەردىم، بىلمەدىڭ ھالىمنى ھېچ،
سورمادىڭ ئايا نېچۈك سەن دەپ باغىر تاشىم مېنىڭ.
سەدقەئى دەردىڭ قىلۇرمەن دۇنيانى ئەيشى خۇشىن،
ئەيش ئىرۇر خابۇ خەيال دەرد يولداشىم مېنىڭ.
بۇ غەرىبلىق شەھرىدە مۇھتاج ئەمەسمەن خۇشىغە،
كۆلفەتىڭ بولدى ئاغا، دەردىڭ قېرىنداشىم مېنىڭ.
قاي كۆلى بەردى كۆڭۈل ساڭا ھۆۋەيدا، ئەي پەرى،
ھېچ فارىغ بولمىدى غەمدىن غەرىب باشىم مېنىڭ.

× ×

فىراقىڭ دەشتىدىن كەلدىم نىگارا قەترە سۇ بەرسەڭ،
نە بولغاي تەشنەغە ئابى زىلالىڭدىن بەھەم كۆرسەڭ.
غەرىبۇ خاكسارۇ بىنەۋا مىسكىن گەدادۇرمەن،
سەۋاب ئېرمەسمىدۇر مەيگۇن لەبىڭدىن جۇرئەئى بەرسەڭ.
قىزىل گۈلدەك يۈرەكىم ھەر تەرەپ سەد پارەلەر بولدى،
قاشىڭ قاقىپ، كۈلۈپ باقىپ، چەمەندە غۇنچەدەك كۈلسەڭ.
غەرىبنى كۆڭلىنى بۇزماق گۇناھى بىسەدەد ئېرمىش،
كەفارەت بولمىغاي يۈز كەئبەنى قاتىپ بەنا قىلساڭ.
ھۇۋەيدا، سەن گەدا بولساڭ، نىگارىڭ پادشا بولسە،
يېتەرمۇ سەن فەلەكنى بامىغە يۈز نەردبان قويساڭ.

× ×

داد- داد دەپ يىغلاسام كىمگە يېتەر دادىم مېنىڭ،
كىم- ئىشىتكەي بۇ زەمانە ئاھۇ- فەريادىم مېنىڭ؟
قۇمرى يەڭلىغ تەشنەلەپ غەم چۆلىدە قالدىم ئازىپ،
ئۇت قولۇمدىن يولغە سال، ئەي سەرۋى، ئازادىم مېنىڭ.
بۇزدى كۆڭلۈم كىشۋەرىنى غارەت ئەيلەپ فەۋج ئىشق،
كەل ئەمرى مېھرىبانىم ئەيلە بۇنيادىم مېنىڭ.
تا جەمالىڭ كۆرمەگۈنچە، ئەي جەفاگەر دىلبەرىم،
شادلىقنى كۆرمەگەي بۇ تەبىئى ناشادىم مېنىڭ.
غەم بەيابانىدە كۆڭلۈم نەخلى ئېردى تەشنە لەب،
قىلمادىڭ ئەي بىمۇرۇۋۋەت خىزر ئابادىم مېنىڭ.
قويماغىل غەم ئىلكىدە دائىم ھۇۋەيدانى كەرۇ،
كەل قاشىمغە، قىل تەرەھھۇم ئەيلە ئازادىم مېنىڭ.

× ×

مەلاھەت باغىدە جانا لەبىڭ غۇنچە، يۈزۈڭدۇر گۈل،
بولۇپمەن ئاشىقى ھۇسنۇڭ، مەنى دىۋانەئى بۇلبۇل.
تەماشالار قىلىپ ھەردەم تەجەللىيۇ جامالىڭغە،
مىسالى مەست بۇلبۇلدەك قىلۇرمەن نالەئى غۇلغۇل.
مېنى بەختىم بېرىپ يارى چۇ بولسام ۋەسلىڭە ۋاسىل،
قىلىپ خىزمەت ئىشىكىڭدە بولۇر ئېردىم ساڭا مەن قۇل.
قاراڭغۇچە قىلىپ جىلۋە ئەگەر شەمئى رۇخۇڭ يانسە،
قىلۇر ئېردىم ئۆزۈمنى كۆيدۈرۈپ پەرۋانە يەڭلىغ كۈل.
كىشى جانانە دەپ جاندىن گۈزەر قىلسا نە ئېرمىش جان؟
ھۇۋەيدا، جان سۈچۈك دەپ ئايتماغىل جان بەرمەكىم مۇشكۈل.



# «تۈركى تىللار دىۋانى» ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ مۇقەددىمىسى

## روبېرت دانكوف، جامېس كېللى

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئامىنە ئابدۇراخمان

«تۈركى تىللار دىۋانى»نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى 1982 - يىلى ئامېرىكىدا ھارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

بۇ نەشرىنىڭ تىتول بېتى تۆۋەندىكىچە:

شەرق تىللىرى ۋە ئەدەبىياتلىرىنىڭ مەنبەلىرى، 7. نەشر قىلغۇچى شىناسى تېكىن، گۆنۈل ئالپاي تېكىن. تۈركچە مەنبەلەر، مەھمۇد ئەلكاشغەرى «تۈرك دىئالېكتلىرى لۇغىتى» (دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك)، تەھلىل، تەنقىدىي تېكىست، ئىنگلىزچە تەرجىمە، ئىندېكسلەر روبېرت دانكوف، جامېس كېللىلەرنىڭ. I قىسىم (جىلد) بېسىلغان ئورۇن: ھارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى مەتبەئەسى.

تۆۋەندە بىز «دىۋان»نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە روبېرت دانكوف بىلەن جامېس كېللىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان مۇقەددىمىنىڭ مېنىڭ ياردىمىمدە ئامىنە ئابدۇراخمان تەرىپىدىن ئىشلەنگەن ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى سەل قىسقارتىپ كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىمىز.

بۇ مۇقەددىمىدە «دىۋان» ئەتىقىقاتىدا كېيىنكى يىللاردا ئېرىشىلگەن بىرمۇنچە يېڭىلىقلار تونۇشتۇرۇلغان ۋە بىرمۇنچە يېڭى كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ كۆز قاراشلاردىن بەزىلىرىگە قوشۇلالمىساقمۇ، ئەمما تەنقىدىي تېكىست، دىۋانىنىڭ تۈزۈلۈش تەرتىپى ۋە فونېتىك تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى بىرمۇنچە تەتقىقات نەتىجىلىرى بىزنىڭ «دىۋان» تەتقىقاتىمىزغا مەلۇم يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ دەپ ئويلايمەن. بۇ مۇقەددىمىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە ئىنگلىزچە نەشرىدە ئىشلىتىلگەن ترانسكرىپسىيە ئورنىغا «دىۋان»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە ئىشلىتىلگەن ترانسكرىپسىيە ھەرپلىرىنى قوللاندۇق. ترانسلىتېراتسىيە ئورنىغا «دىۋان» دىكى ئەسلى ئەرەبچە يېزىلىش شەكلىنى ئالدۇق.

ئىبراھىم مۇتىئى

# نەشرىيات مۇقەددىمىسى

## 1. يازما نۇسخا ھەققىدە ئىزاھات، ئىلگىرىكى نەشرلىرى ۋە لۇغەتلەر

بۇ ئەسەرنىڭ بىردىنبىر يازما نۇسخىسى ئىستانبولدىكى مىللەت گېنەل(باش) كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىدۇر. (ئەلى ئەمىرى، ئەرەبچە №4189)، ئۇ كۆنچە قارا تېرە مۇقاۋىلىق بولۇپ، بۇ مۇقاۋا يىگىرمىنچى ئەسىرگە تەئەللۇقتۇر. قەغىزى شەرق ئۇسلۇبىدىكى قېلىن ئاق-سېرىق قەغەز بولۇپ، بەزى يەرلىرى ئەمىلەك ۋە ئوكسىدلىنىش نەتىجىسىدە سۇس جىگەررەڭ بولۇپ قالغان. بەزى ۋاراقلىرىنىڭ كېسىلگەن ۋە يىرتىلغان جايلىرىغا تار قەغەز پارچىلىرى چاپلىنىپ تۈزىتىلگەن. بەزى بەتلەرنىڭ تاشقىرىغا چىقىپ كەتكەن جايلىرى باشقا بەتلەرگە تىنىق قىلىپ قاتلاپ قويۇلغان. بەتلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كۆلىمى 239 × 165 مىللىمېتىر؛ ھەر بىر بەتنىڭ خەت يېزىلغان قىسمىنىڭ كۆلىمى 175 × 115 مىللىمېتىر، ھەر بىر بەتكە 17 قۇر خەت يېزىلغان. پۈتۈن تېكىست روشەن ۋە ئېنىق خەتتى نەسخ بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ھەممە ھەرپلەرگە سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان دىئاكرىتىك بەلگىلەر (ھەرىكىلەر) قويۇلغان. تولۇق ئاساس بىلەن شۇنى ئېيتالايمىزكى، بۇ ھەرىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ۋە بىر قىسىم تۈزىتىشلەر كېيىنكى ئادەملەر تەرىپىدىن قويۇلغان. ۋاراقنىڭ چېتىگە ۋە قۇر ئارىلىرىغا يېزىلغان تۈزەتمىلەر كېيىنكى ئادەملەرنىڭ قەلىمىگە خاستۇر. تىنتولدا خېلى ئۇزۇن بىر ئىزاھات بولۇپ، ئۇ گەرچە ئەسلى تېكىست بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، ئەمما ئەسلى تېكىستكە ئوخشاش قەلەم بىلەن يېزىلغان. كىتابنىڭ خاتىمىسىدە ئاپتور بۇ ئەسەر ھ466/م 1074-يىلى يېزىلدى (بۇ ھ469/م 1077-يىلىنىڭ خاتا يېزىلىشى بولسا كېرەك) دەپ يېزىپ قويغان. ھازىر ساقلىنىۋاتقان قول يازما ھ664/م 1266-يىلى ئاپتورنىڭ ئۆز قول يازمىسىدىن كۆچۈرۈلگەن. پۈتۈن قوليازما 319 ۋاراق، 638 بەتتۇر. بەت نومۇرى XX ئەسىرگە تەئەللۇق. يازما نۇسخىنى تۈپلىگەندە 463—464-بەتلەر بىلەن 477—478-بەتلەردىن ئىبارەت ئىككى ۋاراق باشقا ئورۇنغا تۈپلىنىپ قالغان.

بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى نەشرى كىلىسلى رىفئەت تەرىپىدىن ئۈچ توم قىلىپ نەشر قىلىنغان (بىرىنچى نەشرى 1917—1919-يىللىرى نەشردىن چىققان.) بۇنىڭغا ھېچقانداق تەقرىز ياكى ئىزاھات بېرىلمىگەن.

كارل بروكېلماننىڭ سۆزلۈكى( MPW 1928-يىل). كارل بروكېلمان ئەسلى يازما نۇسخىنى كۆرەلمىگەچكە بۇ سۆزلۈكنى پۈتۈنلەي دىۋاننىڭ (ئەرەبچە) بىرىنچى نەشرىگە ئاساسلىنىپ تۈزۈپ چىققان. شۇڭا ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق خاتالىقلىرىدىن باشقا يەنە بىرىنچى نەشرىدە كەتكەن ھەرپ خاتالىرىمۇ شۇ پېتى ساقلانغان.

بىسىم ئاتالاي تەرىپىدىن دىۋاننىڭ ئۈچ توملۇق تۈركچە تەرجىمىسى (تەرجىمە

1934-1941-يىلى)، بىر تومۇلۇق فاكسىمىل نۇسخىسى (تىپىكباسما 1942-يىل) ۋە ئىندېكسى (دىزىن 1943 يىل) نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن، دىۋان تەتقىقاتىدا ناھايىتى زور ئىلگىرىلەش بولدى. بىسىم ئاتالاي نەشرى دىۋاننىڭ ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن خېلى تولۇق نەشرىدۇر. ئەمما بىسىم ئاتالاي بەزى چاغلاردا ۋە بىر-بىرىگە زىت ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەندە ئەسلى نۇسخىغا مۇراجىئەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ھاللاردا ئاددىيلا دىۋاننىڭ بىرىنچى (ئەرەبچە) نەشرىگە ئاساسلانغان. يازما نۇسخىنىڭ فاكسىمىل (سۈرەتكە ئېلىپ بېسىلغان) نۇسخىسىنىڭ بىرمۇنچە جايلىرى ئوچۇق ئەمەس، ئاسان ئوقۇغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاراقنىڭ چېتىگە يېزىلغان ماتېرىياللار قىرقىپ تاشلانغان.

ئاتالاينىڭ ئەمگىكى دىۋاننىڭ ئەسلى يازما نۇسخىسىغا ئاساسەن تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغان ئەرەبچە ئىندېكس (دېلىچىن 1957-يىل) بىلەن تولۇقلاندى. لېكىن ئۇنىڭدا تۈركى سۆزلەرنىڭ يېزىلىش فورمىسى (دىۋاننىڭ) ئەسلى نۇسخىسىغا ئوخشاش ئېلىنماي، (تۈركچە) تەرجىمە نۇسخىسىدىكىگە ئوخشاش ئېلىنغان. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىندېكس (دىزىن)دىمۇ سۆزلەر دىۋان تەرجىمىسىدىكىگە ئاساسەن ئېلىنغان. شۇڭا بۇلاردىن پايدىلانغاندا ئەسلى يازما نۇسخىغا سېلىشتۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈردۇر.

مۇتەللىپوف تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان دىۋاننىڭ ئۆزبېكچە تەرجىمىسىگە كەلسەك، ناھايىتى روشەنكى ئۇ ئاساسەن بىسىم ئاتالاي تەرجىمىسىنى ئاساس قىلىپ ئىشلەنگەن.

سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان «قەدىمكى تۈركى سۆزلەر لۇغىتى» (ДТС 1969-يىل) دىۋاندىكى ھەممە سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدا كەلتۈرۈلگەن نەقىللەرنىڭ كۆپچىلىكى دىۋاننىڭ تۈركچە تەرجىمىسىدىن ئېلىنغان. ئەلۋەتتە، ئايرىم جايلاردا مۇنداق نەقىللەرنىڭ ئەسلى يازما نۇسخىدىن ئېلىنغانلىرىمۇ بار. بۇ لۇغەت ئاساسەن بىر توپلامدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ماتېرىياللار پۈتۈنلەي دېگۈدەك دىۋاننىڭ تۈركچە تەرجىمىسىگە ئاساسلانغان.

لېكىن، گ. كلاۋسوننىڭ لۇغىتى (ED 1972-يىل)نى ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ لۇغەت بىسىم ئاتالاينىڭ ئەسەرلىرىدىن كېيىن دىۋان تەتقىقاتىدىكى بىرىنچى مۇھىم تەرەققىياتقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. كلاۋسون بۇ لۇغىتىدە دىۋاننىڭ فاكسىمىل نۇسخىسىدىكى ئەسلى تېكىستىنى نەقىل كەلتۈرگەن (گەرچە بۇنىڭدا دىۋاننىڭ تۈركچە تەرجىمىسىدىكى توم ۋە بەتلەر كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ). بۇنىڭدا ئۇ ئومۇمەن ھەر بىر مۇھىم سۆزگە بېرىلگەن ئىزاھاتنى ئەرەبچە پۈتۈن تولۇق ئالىدۇ، بەزىدە باشقا مىساللارنى ياكى بۇ سۆزنىڭ دىۋاندا كۆرۈلىدىغان ھەممە شەكىللىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى ئۇ ئۆز ئەسىرىدە سۆزلەرنىڭ تارىخىي پرىنسىپ ئاساسىدىكى توغرا تەلەپپۇزىنى تىكلەشكە تىرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ بىروكېلمان سۆزلۈكى، دىۋاننىڭ تۈركچە تەرجىمىسى ۋە قەدىمكى تۈركى سۆزلەر لۇغىتى (ATC) دىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىشنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئەمما

كلاۋسون بۇ جەھەتتە ئانچە ئىزچىل ئەمەس. ئۇ كۆپ چاغلاردا ئەرەبچە سۆزلەرنى خاتا نەقىل كەلتۈرىدۇ ۋە خاتا تەرجىمە قىلىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، كلاۋسون لۇغىتىنىڭ ئەھمىيىتى شۇنىڭدىكى، ئۇ دىۋاندىكى ھەممە لېكسىكولوگىيىلىك ماتېرىياللاردا دۇچ كېلىدىغان مەسىلىلەرنى قاراپ ئۆتۈشنى كۆزدە تۇتىدۇ.

## 2. بۇ نەشىرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تەرجىمە پرىنسىپى

تۆۋەندىكى پرىنسىپلار دىۋاننىڭ توغرا ۋە مۇكەممەل تېكىستى ۋە تەرجىمىسىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، تەتقىق قىلغۇچىلارنى توغرا ۋە ئىشەنچلىك ئاساس بىلەن تەمىنلەش مەقسىتىدە ئىشلەپ چىقىلدى.

(1) ئورىگىنالغا ئىمكان قەدەر يېقىن قىلىش، تەنقىدىي شەرھ بېرىش. ئەسلى يازما نۇسخىنىڭ ئەڭ ئوچۇق فاكسىمىلىنى ئاساس قىلغان ھالدا دىۋاننىڭ توغرا تېكىستىنى تىكلەپ چىقىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا سۆزلەرنىڭ ئەسلى ئەرەبچە يېزىلىشىنى بېرىش زۆرۈر بولماي قالىدۇ. مۇنداق تەنقىدىي شەرھ تەرجىمىگە ھاشىيەدە بېرىلگەن ئىزاھاتتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. دىۋاندىن كەلتۈرۈلگەن بارلىق نەقىللەر يازما نۇسخىنىڭ بەت نومۇرى بىلەن كۆرسىتىلدى. ئىنگلىزچە تېكىستە بارلىق تۈركچە ماتېرىياللارنىڭ چوڭ ھەرپ بىلەن بېسىلغان ترانسلاتراتسىيىسى ۋە كىچىك ھەرپ بىلەن بېسىلغان ترانسكرىپسىيىسى بېرىلدى. بۇنداق قىلىش ئەسلى ئورىگىنال بىلەن تەرجىمىنى سېلىشتۇرۇشقا ئوڭايلىق يارىتىدۇ. تۈركى سۆزلەرنىڭ تەبىرىنى بەرگەندە بىز ئەرەبچە تۈپ سۆز ۋە ئىبارىلەرنىمۇ① بەردۇق. بۇنداق قىلىش بىزنى تۈپ ئىندېكستا سۆزلەرنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈش ئاساسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

① ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ ھەرىكىسى ئەنئەنىۋى ئۆلچەملەرگە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا «خاتا» ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇلار ئەرەبچە (تۈركچىگە قارىمۇ قارشى) لېكسىكوگرافىيىلىك ئىپتىدائى ماتېرىياللاردۇر. مەسىلەن: «ئەينۇلە»نىڭ ئەرەبچىسى «آجاش» شەكلىدە ھەرىكىلەنگەن، ۋەھالەنكى، كلاسسىك ئەنئەنە بويىچە بۇ سۆز «اِجاش» دەپ ھەرىكىلىنىشى كېرەك ئىدى، تاۋۇزنىڭ ئەرەبچىسى دىۋاندا «بَطّخ» شەكلىدە ھەرىكىلەنگەن، «بِطّخ» دېيىلمىگەن. قۇرۇق مېۋىنىڭ ئەرەبچىسى «فَلِق» شەكلىدە ھەرىكىلەنگەن، «فِلِق» دېيىلمىگەن. تۆمۈرچىنىڭ بولقىسى دىۋاندا ئەرەبچە «فُطِس» شەكلىدە ھەرىكىلەنگەن، «فِطِّيس» دېيىلمىگەن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش. شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، ئەرەبچە سۆزلەردىكى ھەرىكىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ئەسلى كۆچۈرگۈچىنىڭ ياكى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بولماستىن، بەلكى كېيىنكى ئادەملەر تەرىپىدىن قويۇلغاندۇر. بۇ ھەقتە «سىياھنىڭ رەڭگى ۋە كېيىنكىلەرنىڭ قەلەم ئىزلىرى» دېگەن ماۋزۇغا قاراڭ.

(2) تۈركچە ماتېرىياللارنى ئېنىق تۈرغۈزۈشنىڭ ئۇسۇلى. دىۋاننىڭ بۇ نەشرىدە ئەسلى تېكىست ئۈستىدە ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئاساسىغا قۇرۇلغان مېتودولوگىيە پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىندى («سىياھنىڭ رەڭگى ۋە كېيىنكى قەلەم ئىزلىرى»، «ئىملا خاتالىرى»، غەلىتە يېزىلغان سۆزلەر ۋە تېكىستتىكى كىرگۈزۈلگەن تۈزىتىشلەر» دېگەن ماۋزۇلارغا قارالسۇن). مۇشۇ پرىنسىپقا ئەمەل قىلىنغاچقا، بىز نۇرغۇن كۆچۈرمە خاتالىرىنى ۋە كېيىنكىلەرنىڭ قەلىمىگە ئائىت خاتالىقلارنى تېپىپ چىقالىدۇق ۋە تۈزىتەلىدۇق.

(3) ۋاراقنىڭ چېتىدىكى ئىندېكىستىن پايدىلىنىش. بۇ ئۆز ئىچىگە: سۆزلەم قىلىپ ئېلىنغان سۆز (يەنى ئىسىم ۋە پېئىللارنىڭ تومۇرلىرى، بۇلار دىۋاندا ئىشلىتىلگەن سۆز تىزىش سىستېمىسى تەرتىپىدە بېرىلدى)، دىئالېكت ماتېرىياللىرى (بۇنداق ماتېرىياللار «D» ھەرپى بىلەن كۆرسىتىلدى)، گرامماتىكىلىق ماتېرىياللار (بۇلار «G» ھەرپى بىلەن كۆرسىتىلدى)، شېئىرلار (بۇلار «V» ھەرپى بىلەن كۆرسىتىلدى)، ماقال-تەمسىللەر (بۇلار «P» ھەرپى بىلەن كۆرسىتىلدى)، ناملار، بۇلار ئۆز ئىچىگە شەخس ناملىرى ۋە جۇغراپىيىلىك ناملارنىمۇ ئالىدۇ (بۇلار «N» ھەرپى بىلەن كۆرسىتىلدى.) مۇنداق ئىندېكس تۈزۈشتىن مەقسەت كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى ھەر خىل مەخسۇس تېمىلار ۋە مەخسۇس ماتېرىياللارغا جەلىپ قىلىشتىن ئىبارەت. مۇنداق ماتېرىياللارنىڭ زور كۆپچىلىكى مەزكۇر ساھەلەرگە خاس ئىندېكىسلاردا بېرىلگەن (مەسىلەن، دىئالېكتلار ئىندېكسى، (ناملار ئىندېكسى دېگەندەك.)

(4) ئىندېكس. ئاساسىي ئىندېكستا دىۋاندا ئۇچرايدىغان تۈركچە سۆزلەرنىڭ ھەممە شەكىللىرى بېرىلدى ۋە بىر تومۇردىن كەلگەن ھەرقانداق بىر سۆزنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك ۋە سېمانتىكىلىق مۇناسىۋەتلىرى كۆرسىتىلدى. ناملار ئىندېكسىدا بارلىق سۆزلەر مەنە تۈرلىرى بويىچە گۇرۇپپىلاشتۇرۇلۇپ، سۆزلەرنى ئۇقۇملار بويىچە ئىزدەپ تېپىشقا ئاسانلىق تۇغدۇرۇلدى. بۇلار خاس ئىسىملار، يەر ناملىرى ۋە ئەرەبچە نەقىللەر ئىندېكسلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دىئالېكتلار ئىندېكسىغا دىۋاندا ئۇچرايدىغان ھەممە دىئالېكتلارغا ۋە سۆزلەرنىڭ دىئالېكتولوگىيىگە مۇناسىۋەتلىك ۋارىيانتلىرىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلاندى، ماقال-تەمسىللەر ۋە شېئىرلارنىڭ گرامماتىكىلىق ئىندېكسى ۋە گرامماتىكىغا ئائىت بايانلاردا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دىۋاندا بايان قىلغان ھەممە گرامماتىكىلىق ماتېرىياللىرى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلدى. يازما نۇسخىدا يىغىنچاقلانغان بارلىق تۈركچە ماتېرىياللارغا ترانسلىتېراتسىيە (چوڭ ھەرپ بىلەن) ۋە ترانسكرىپسىيە (كىچىك ھەرپ بىلەن) بېرىلدى. ترانسلىتېراتسىيە ئەرەبچە ھەرپلەرنىڭ لاتىن ھەرپلىرى بىلەن ھەرپمۇھەرپ كۆچۈرمىسىدىن ئىبارەت. ترانسكرىپسىيە بولسا مەھمۇد قەشقەرى تەسۋىرلەپ بەرگەن تىلنىڭ بىز تولۇق ئىشەنگەن فونېتىكا سىستېمىسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدا خۇددى بىز ئىملا قائىدىسىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، بەزى فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇم چەكلىمىلەرمۇ بار (بۇ

ھەقتە فونېتىكا ۋە |d, ḏ| |ë| ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەرگە قارالسۇن)① (بۇ ترانسكرىپسىيىدە)بولۇپمۇ سوزۇق تاۋۇشلار جەھەتتە خېلى زور دەرىجىدە تارىخىي پرىنسىپ ئاساس قىلىندى (يەنى سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇشى تارىخىي پرىنسىپ بويىچە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى — ت)

ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار مەسىلىسىگە كەلسەك، بىز يازما نۇسخىدا ئانا ھەرپلەر بىلەن كۆرسىتىلگەن ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەينەن كۆرسىتىپ ئۆتتۇق (يەنى، سوزۇق تاۋۇش ئانا ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن بولسا، بىز ئۇنىڭ ئۈستىگە سوزۇقلۇق ئالامىتى قىلىپ بىر سىزىقچە قوشۇۋالدۇق. بۇ ھەقتە فونېتىكا قىسمىغا قاراڭ.) لېكىن بۇ نۇرغۇن ئەھۋاللاردا ئۇزۇن سوزۇقلۇقنى كۆرسەتمەي، تەكىتلەشنى كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. تېكىستتا قىسقارتىلغان ياكى قوشۇلغان سۆزلەرنى ترانسكرىپسىيىدە تىرناق ئىچىدە بەردۇق.

ئەسلى تېكىستتا (يازما نۇسخىدا) سۆزنىڭ ئاخىرىسىغا قويۇلغان تۇرغۇچ ئالامىتى (O) نى بىز ھەممە يەردە ساقلاپ قالدۇق. بۇ خىل تۇرغۇچ يالغۇز سۆز ۋە جۈملە ئاخىرىسىدىلا كەلمەي، باشقا جايلاردىمۇ كېلىدۇ. ئەرەبچىدە مىسال بىلەن ئىزاھلاشنى كۆرسىتىدىغان «يقال» (يۇقالۇ) سۆزىنى بىز قوش بايان ئالامىتى (:) بىلەن ئىپادىلىدۇق. ئەرەبچىدە شېئىرلارنى كۆرسەتمەكچى بولغاندا ئىشلىتىلگەن «قال» (قالۇ) دېگەن سۆز ئورنىغا بىز V (شېئىر) دېگەن بەلگىنى قوللاندۇق.

بىزنىڭ بارلىق ئىنگلىزچە تەرجىمىمىز تۈركچىنىڭ تەرجىمىسى ئەمەس، بەلكى ئەرەبچىنىڭ تەرجىمىسى. مەھمۇد قەشقەرى تۈركچىدىن بىۋاسىتە تەرجىمە قىلغان جايلارنى بىز ئىنگلىزچىدە قوش تىرناق ئىچىدە بەردۇق. ئەگەر تەرجىمە تۈركچىنىڭ بىۋاسىتە تەرجىمىسى بولماي ئاپتور تەرىپىدىن قىلىنغان ئىلاۋە بولسا بىز بۇلارنى تىرناق ئىچىدە بەردۇق. قەشقەرى تەرجىمىدە قىسقارتىپ ئالغان ياكى تولۇق بەرمىگەن جايلارنى بىز تولۇقلاپ تەرجىمە قىلغان بولساق ئۇنىمۇ تىرناق ئىچىدە بەردۇق②.

تىرناق ئىچىدە بېرىلگەن ئىلاۋىلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭكى، مەھمۇت قەشقەرى بەرگەن ئىزاھاتلارنىڭ ھەممىسىنى

① بۇ يەردە شۇنى ئىقرار قىلىشىمىز كېرەككى، بىز بۇ جەھەتتە كلاۋسون ئەپەندىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە زاكاۋىتىگە قايىلمىز. لېكىن، شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتمەي بولمايدۇكى، بەزى مىساللاردا بىز كلاۋسوننىڭ تەرجىمىسىگە مۇخالىپلىقمۇ قىلدۇق.

② بەزى سۆزلەردە مەھمۇد قەشقەرى تۈركچە سۆزنى ئەرەبچە سۆز بىلەن ئىزاھلاپ، ئاندىن بۇ ئەرەبچە سۆزگە تەبىر بېرىپ، بۇ ئىزاھنى «وَهُوَ» (ۋەھۇۋە) سۆزى بىلەن ئايرىپ كۆرسىتىدۇ. مۇنداق ئەھۋاللاردا بىز بىرىنچى ئىزاھاتنى ئاساسىي ئىزاھات قىلىپ، ئاندىن ئاپتور بەرگەن تەبىرنى بەردۇق. مەسىلەن: 33-بەتتىكى «irk» دېگەن سۆزگە «الضان» دەپ مەنە بېرىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا «تۆرت ياشلىق قوي» دەپ تەبىر بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئەرەبچە تولۇق تەبىر «الضان من الغنم وهو اذا طعن فى الرابعة» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ.

بىز قىسقارتىمدۇق. تىرناق ئىچىدە قوش تىرناققا ئېلىپ قويۇلغان گۇمان ئالامىتى بىز تەرەپتىن قويۇلغان. بۇ ئالامەت تۈركچە سۆزنىڭ تەلەپپۇزى، مەنىسى ياكى ئەرەبچە سۆزنىڭ مەفھۇمى ھەققىدىكى گۇمانىمىزنى بىلدۈرىدۇ.

دىۋاننىڭ باشقا قىسىملىرىدىكى ئېھتىياجى ئىزاھاتلار تىرناق ئىچىدە بېرىلىپ، بەتنىڭ چېتىدە بېرىلگەن ئاساسىي ئىندېكسقا دەسلەپ ئۇچرىغاندىلا كۆرسىتىپ ئۆتتۇلدى.

ھاشىيە ئىزاھاتلىرىنىڭ نومۇرى يازما نۇسخىنىڭ ھەر بىر بېتى ئۈچۈن يېڭىدىن باشلىنىدۇ. ھاشىيە ئىزاھاتلىرى ئۆز ئىچىگە ئەرەبچە تېكىستقا بېرىلگەن تەقرىز خاراكتېرلىك چۈشەندۈرۈشلەرنى، بەزىدە تەقرىز خاراكتېرىدىكى ئەسلەتمىلەرنى ئالىدۇ.

يازما نۇسخىنىڭ ھەر بىر يېڭى بېتىنىڭ مەزمۇنى باشلانغاندا، مۇناسىۋەتلىك توم ۋە ئۇنىڭ فاكسىمىل نۇسخا ۋە تۈركچە تەرجىمە نۇسخىسىدىكى بەت نومۇرى كۆرسىتىپ ئۆتتۇلدى.

«تۈرك» («turk») سۆزى «تۈرك» («türk») شەكلىدە يېزىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ (ئوغۇزتۈركمەنلەرگە قارىمۇقارشى قويۇلغان) مەلۇم دىئالېكتىلار گۇرۇپپىسىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇرۇلدى.

قۇرئان (قىسقارتىپ Q بىلەن ئېلىنىدى) دىن ئېلىنغان تەرجىمىلەر ئا.ج ئاربېرىنىڭ قۇرئان تەرجىمىسى (نيۇيورك، 1955-يىل) دىن ئېلىندى.

3. ئومۇمىي مەلۇمات: ئاپتور، تېتول، مۇندەرىجە. 1917-يىلدىن ئىلگىرى ئىستانبۇلدا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ بىردىنبىر يازما نۇسخىسى دۇنياغا مەلۇم بولدى. «دىۋان» نەشر قىلىنىش نەتىجىسىدە ئىلىم دۇنياسى ئوتتۇرا ئەسىر تۈرك دۇنياسى ھەققىدە ناھايىتى مول تىل ۋە ئېتنوگرافىيە ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىن قىلىندى①.

«دىۋان» نىڭ ئاپتورى مەھمۇد ئىبن ھۇسەيىن ئىبن مۇھەممەت بولۇپ، «قەشقەرى» (الكاشغرى)② دېگەن تەخەللۇس بىلەن مەشھۇر. ئۇ XI ئەسىرنىڭ ئاۋۋالقى يېرىمىدىكى مەلۇم بىر ۋاقىتتا... دۇنياغا كەلگەن. مەھمۇد قەشقەرى شۇ دەۋردە مەركىزىي ئاسىيا ۋە ماۋەرائۇننەھرگە ھۆكۈمران بولغان قاراخانىلار

① كلىملى رىفئەت 1945-يىلى «يېڭى ساباھ» گېزىتىدە (9-ئاينىڭ 30-كۈنى، 10-ئاينىڭ 4، 7، 11، 14، 18-كۈنلىرىدىكى سانلىرىدا) ئەمىرى ئەپەندىنىڭ «دىۋان» يازما نۇسخىسىنى قانداق سېتىپ ئالغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنى قانداق نەشر قىلدۇرغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن، بۇ مەلۇمات م. شاكىر ئۈلكۈ تاشىرىنىڭ «قەشقەرى مەھمۇد» ناملىق ئەسىرىنىڭ (ئىستانبۇل. 1946) 39 — 62-بەتلىرىدە تولۇق تېكىستى بىلەن بېرىلگەن.

② ئاپتورنىڭ نامى دىۋاندا قانچە قېتىم تىلغا ئېلىنغانلىقى توغرىسىدا نامىلار ئىندېكسىغا (XI قىسىم) قاراڭ. الكاشغرى دېگەن تەخەللۇس دىۋاننىڭ تېتول بېتىدىلا ئۇچرايدۇ...... ئاپتورنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئومېلىيان پرىتساكنىڭ تۈركىيات مەجمۇئەسىنىڭ X سان (1951/1953) 243 — 246-بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان «مەھمۇد قەشقەرى كىمدۇر؟» دېگەن ماقالىسىغا قاراڭ.

سۇلالىسى جەمەتىگە مەنسۇپ①.
قەشقەرى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا
ئۇزۇن يىل كېزىپ يۈرگەن، خۇددى ئۇ-
نىڭ ئۆزى ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك «ئۇلارنىڭ
شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن - ئاياغ
كېزىپ» چىققان، «ئۇلارنىڭ شىۋىلىرى
ۋە قاپىيىلىرىنى» ئۆگەنگەن. (يازما نۇسخا
3 - بەت). قەشقەرى كلاسسىك ئەرەب ئە-
دەبىياتى بويىچە يۈكسەك تەلىم ئالغان
ئېسىلزادە مۇسۇلمان بولۇشى بىلەن ئۆز
يۇرتىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئەنئەنىلىرىنى ۋە
سارايلاردىكى ئىسلام ئەنئەنىلىرىنى پىششىق
بىلىدۇ. ئۇ بۇ ئەسەردە كېيىنكىلەرنىڭ
(ئەرەبلەرنىڭ) تىلى بىلەن ئاۋۋالقىلارنى
(تۈركى خەلقلەرنى) چۈشەندۈرۈشنى مەق-
سەت قىلىدۇ. XI ئەسىرنىڭ ئىككىنچى
يېرىمىدا بارغاندا تۈركلەر ئىسلام دۇنيا-
سىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بىر تەبىقى-
گە ئايلانغانىدى. بۇ دەۋر خۇددى قەش-
قەرى كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك «تەڭرى
دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇر-
غان ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈس-
تىدە چۆرگىلەتكەن» دەۋر ئىدى (يازما
نۇسخا 2 - بەت). «دىۋان» خەلىپە ئەلمۇق-
تەدى (1075 — 1094) گە تەقدىم قىلىن-
غاچقا ئۇنىڭ (ئاپتورنىڭ) بىۋاسىتە مەق-
سىتى باغداتتىكى ئابباسىلار ئوردىسىغا
تۈرك تىلىنى، شۇ جۈملىدىن سەلجۇقى
فېئوداللىرىنىڭ تىلى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى-
نى چۈشەندۈرۈش بولسا كېرەك.
كىتابقا نام قىلىپ ئېلىنغان «دىۋان»
دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئەڭ ياخشىسى
«ئېنسىكلوپېدىيىلىك سۆزلۈك» دەپ چۈ-
شەنسە ئوبدان بولار. ئالدى بىلەن بۇ
ئەسەرنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا تۈركى تىل-
لارنىڭ دىئالېكتولوگىيە ۋە لۇغەتشۇناسلىق
قائىدىلىرى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈلىدۇ. بۇنىڭ-
غا يەنە بىر پارچە دۇنيا خەرىتىسى ئىلا-
ۋە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەرقايسى
دىئالېكت گۇرۇپپىلىرىنىڭ① جۇغراپىيىۋى
ئورنى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. «دىۋان» تې-
كىستىنىڭ زور كۆپچىلىكى لۇغەتتۇر. ئۇ
ناھايىتى مۇرەككەپ نەمۇنە سىستېمىسى-
دىن تەركىب تاپقان. «دىۋان» ئۆز دەۋ-
رىدىكى ناھايىتى زور بىر ئەرەب تىلى
لۇغىتىنى ئۈلگە قىلىپ تۈزۈلگەن. ئاپتور
ئۆزى تەسۋىرلىگەن تىلنى «تۈركى» دەپ
ئاتايدۇ (بۇ كىتابتا بىز بۇنى «تۈركى»
دەپ تەرجىمە قىلدۇق). ئۇنىڭدا ئاساسەن
قارا خانىلار قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى چىگىل
قەبىلىسىنىڭ تىلى ئاساس قىلىپ ئېلىنغان.

① بۇ ھەقتە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» (يېڭى نەشرى) دىكى «ئىلىك خانىلار»
(بوسۋورتېس)، «الكاشغرى» (هازاي) دېگەن ماددىلارغا قاراڭ.
② مۇقەددىمىسىنىڭ كۆپ قىسمى كارل بروكىلمان تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ «كوما
ئارخىۋىم» ژۇرنىلى I·I (1921 - يىل) 26 — 40 - بەتلەردە ئېلان قىلىنغان. ماقالىنىڭ ماۋزۇ-
سى «مەھمۇد ئەلكاشغەرى XI ئەسىردىكى تۈركلەرنىڭ تىلى ۋە ئەنئەنىلىرى توغرىسىدا»
دېگەندىن ئىبارەت. خەرىتە يازما نۇسخىنىڭ 22 — 23 - بەتلىرىگە قىستۇرۇلغان. بۇنىڭ
بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن ئا. ھېرمانىنىڭ «تۈركچە دۇنيا خەرىتىسى (1076 - يىللىرىدىكى)
توغرىسىدا» نامىدا «ئىماگو مۇندى» دېگەن مەجمۇئەنىڭ 21 — 28 - بەتلىرىدە ئېلان قىلىن-
غان ماقالىسىغا (1935 - يىل) قاراڭ.

بەزى سۆزلەرگە «خاقانىيە»① تىلى دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. بۇ «قاراخانىلار تۇردىسى» غا خاس سۆزلەر دېگەنلىك بولسا كېرەك. شۇنىڭدەك باشقا دىئالېكت گۇرۇپپىلىرىمۇ ئۆزىگە خاس ئىبارىلەر بىلەن پەرقلەندۈرۈلگەن. بولۇپمۇ قەشقەرى ئىككى مۇھىم دىئالېكتلار گۇرۇپپىسىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. بۇلار «تۈركلەر» (بۇ ئۆز ئىچىگە چىگىل، توخسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ئالىدۇ) ۋە «تۈركمەنلەر» ياكى «ئوغۇزلار» (بۇنى ئوغۇزىيە دەپ ئاتايدۇ. قىپچاق ۋە باشقا قەبىلىلەرمۇ كۆپىنچە مۇشۇ تۈركۈمگە كىرگۈزۈلىدۇ). كېيىنكىلەر ئوغۇز قەبىلىرىدىن بولغان قىنىقلارغا كىرىدىغان سەلجۇقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇ نەرسە ئېنىقكى، قەشقەرى قەبىلىلەرنىڭ تەركىبى ھەققىدە بەرگەن كۆپچىلىك ماتېرىياللار ئاساسەن ئوغۇز قەبىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

قەشقەرى يەنە نۇرغۇن جۈملىلەر، ماقال-تەمسىللەر ۋە شېئىر-بېيىتلارنى مىسال كەلتۈرۈپ، بۇلارنى سۆزلەرنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلغان، بۇنىڭدا ئۇ ئەرەب لۇغەتشۇناسلىرىنى② ئۆزىگە ئۈلگە قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتور لېكسىكىلىق ماتېرىياللارنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈشتە ئالاھىدە بىر يول تۇتقان. يەنى بىر خىل قوشۇمچىلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنى بىر يەردە بەرگەن. بۇ ھال قەشقەرىگە كىتابنىڭ مەلۇم جايلىرىنى گىراماتىك بولۇپمۇ مورفولوگىيىلىك ئىزاھاتلار بىلەن بېزەشكە ئىمكانىيەت ياراتقان. بۇنىڭدا بولۇپمۇ دىققەتكە ئەرزىيدىغىنى I-جىلدنىڭ 4-قىسمى (يازما نۇسخا 279 — 304-بەتلەر) دا ئۇزۇندىن ئۇزۇن بايان قىلىنغان پېئىللار سىستېمىسى ھې-

① بۇ ھەقتە كارل بروكىلماننىڭ «Donum Natalicum Schrijnen» ژۇرنىلىدىكى «Hof Sprache in Altturkistan» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىغا قارالسۇن، (1929-يىل 7-222-بەتلەردە.

② بۇ يەردە ئەرەب لۇغەتشۇناسلىرى دائىم ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان بېدۇئىنلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىلەن باشقا قەبىلە سۆزلىرىنى ئىزاھلاش ئۇسۇلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەرەب تىلشۇناسلىرى بولۇپمۇ قەدىمكى شېئىرلارنى ئىزاھلىغاندا مۇشۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پ. فوچېكنىڭ ئارابىيە، ئۈچىنچى توم، Din, zu (پارىژ 1955-يىل) 46-بەتكە قارالسۇن.

دىۋاندىكى شېئىرلار توغرىسىدا كارل بروكىلماننىڭ «Altturk estanische Volkspoesie» ماۋزۇلۇق ماقالىسىغا قارالسۇن. بۇ ماقالىنىڭ بىرىنچى قىسمى Asia Major, Probeband (ھىرىسنىڭ تۇغۇلغان يىلى خاتىرىسىگە بېغىشلانغان سان 1923-يىل) 1-22-بەتلەردە، 2-قىسمى I.Asia Mjor (1924-يىل) 22 — 44-بەتلەردە ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدەك ئى. ۋ. ستېبلېۋانىڭ «XI ئەسىردىكى تۈركى شېئىر فورمىلىرىنىڭ تەرەققىياتى» (موسكۋا 1971-يىل) دېگەن ماقالىسىغا قارالسۇن. ماقال-تەمسىللەر توغرىسىدا كارل بروكىلماننىڭ «Altturkstanische Volks Weisheit» دېگەن ماقالىسىغا قارالسۇن.

«Ostasiatische Zeitschrift» ژۇرنىلى VIII، (1920-يىل) 50 — 73-بەتلەر ۋە ف. بىرتەكىننىڭ «ئېسكى تۈرك ساۋلارى» (قەدىمكى تۈرك ماقال-تەمسىللىرى) دېگەن ماقالىسىغا قارالسۇن. ئەنقەرە (1944-يىل).

سابلىنىدۇ①. مۇقەددىمە قىسمىدىكى دىئالېكت ماتېرىياللىرى، لۇغەتنىڭ ئۆزى ۋە گىراممانىكا ھەققىدىكى قوشۇمچە ماتېرىياللار، جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلار بىزگە XI ئەسىردىكى تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئەھۋالى ۋە تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇق تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

دىۋاندىكى تىلغا ئائىت بولمىغان ماتېرىياللار، بولۇپمۇ ئېتنوگرافىيە ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت ماتېرىياللار بەك مۇھىم. مەسىلەن، ئوغۇز قەبىلىلىرى ۋە ئۇرۇقلىرى ھەققىدىكى بايانلار (يازما نۇسخا 40 — 41-بەتلەر) ۋە 12 مۇچەل كالېندارى توغرىسىدىكى مەخسۇس بايانلار (يازما نۇسخا 173 — 175-بەتلەرگە قاراڭ)، ئېغىز ئېتىمولوگىيىسىگە ئائىت مۇھىم ئاتالغۇلارنى شەرھىلەيدىغان ماتېرىياللار ئەنە شۇنداق. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيەتلىرىگە ئائىت داستانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك (بۇ ھەقتە يازما نۇسخىنىڭ 622 — 625-بەتلىرىدە «تۈركمەن» دېگەن سۆزگە بېرىلگەن ئىزاھاتقا قاراڭ②. بۇندىن باشقا يەنە جەمئىيەت تەشكىلى ۋە ئائىلە قۇرۇلمىسىغا ئائىت ماتېرىياللار، دورىگەرلىك رېتسېپلىرى، خەلق تېبابىتىگە ئائىت مەلۇماتلار، ئاۋام ئېتىقادى ۋە ئۆرپ-ئادەتلەرگە تەئەللۇق مەلۇماتلار بار③.

ئوتتۇرا ئەسىر تۈرك دۇنياسى ھەققىدىكى بۇ بىرىنچى قول ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى ئۆز دەۋرىدىكى «بىۋاسىتە كۆزەتكۈچى» بىر مۇتەخەسسىس تەرىپىدىن توپلانغان. بۇ مۇتەخەسسىس ئۇلارنى تۈركلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تەڭرى تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكىگە ئىشىنىپ، تۈرك بولمىغان مۇسۇلمانلارنىڭ تۈرك قېرىنداشلىرىنىڭ تىلى ۋە ئەنئەنىلىرىنى چۈشىنىش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ توپلىغان. خۇددى ئىسلام دۇنياسىنىڭ دەسلەپكى ئەسىرلىرىدىكى ئەرەب فىلولوگلىرىغا ئوخشاش مەھمۇت قەشقەرى تۈركلەرنىڭ تىلى، شەجەرىسى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى رەتلەش ۋە بايان قىلىشتا تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان.

① بۇ قىسىم كارل بروكېلماننىڭ «Kelete Szemle» مەجمۇئەسىنىڭ XVII سانىدا (1918 — 1919-يىل) 29 — 49-بەتلەردە ئېلان قىلىنغان «مەھمۇد قەشقەرى تۈركچە پېئىللار توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇلغان. قەشقەرى (يازما نۇسخا 18-بەتتە) ئۆزىنىڭ «كتاب جواهرالنحوفى لغات الترك» (تۈركىي تىللار گىراممانىكىسىنىڭ جەۋھەرلىرى) دېگەن كىتابىنىمۇ يازغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ. ئەپسۇسكى بۇ ئەسەر بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

② ر. دانكوۋنىڭ «Humaniora Islami» مەجمۇئەسىنىڭ I (1973-يىل) 233 — 44-بەتلەردە ئېلان قىلىنغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈركتىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن رىۋايىتى» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

③ بۇ ھەقتىمۇ ر. دانكوۋنىڭ «ئوسمانلى ئارخىۋى» نىڭ IV تومى (1972-يىل) 23 — 43-بەتلەردە ئېلان قىلىنغان «قەشقەرى تۈركلەرنىڭ قەبىلە ۋە ئۇرۇقچىلىق تەشكىلاتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىغا قاراڭ. يەنە شۇ ئاپتورنىڭ JAOS نىڭ 95.1 سانىدا (1975) 68 — 80-بەتلەردە ئېلان قىلىنغان «قەشقەرى دىنىي ئېتىقاد ۋە خۇراپىي كۆزقاراشلار ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

## 4. ئەسەرنىڭ يېزىلىش ۋاقتى

قەشقەرى دىۋانىدا تۆۋەندىكى تۆت ئورۇندا يېزىلىش ۋاقتى ھەققىدە بېشارەت بېرىپ ئۆتىدۇ:

(1) خەلىفە ئەلمۇقتەدىرغا تەقدىم قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن (يازما نۇسخا 3- بەت). ئىسلام مەنبەلىرىدىن بىزگە مەلۇمكى، ئەلمۇقتەدى ھىجرى 467- يىلى شەئبانىنىڭ 13- كۈنى (مىلادى 1075- يىل، ئاپرېل) تەختكە ئولتۇرۇپ، 487- يىل، مۇھەررەم (1094- يىلى فېۋرال) دا ۋاپات بولغان.

(2) كالېندار (تەقۋىم) ھەققىدىكى مۇھاكىمىدە «بارس» دېگەن سۆزلەمگە بېرىلگەن ئىزاھاتقا قاراڭ. (يازما نۇسخا 174- بەتنىڭ ئاخىرىدا): «بۇ كىتابنى يازغان يىلىمىز تۆتيۈز ئاتمىش ئالتىنچى يىلنىڭ مۇھەررەم ئېيى (بۇ مىلادى 1073- يىلى سېنتەبىر-ئۆكتەبىر ئايلىرىغا توغرا كېلىدۇ) بولۇپ، يىلان يىلى كىرگەنىدى. بۇ يىل ئۆتۈپ تۆتيۈز ئاتمىش يەتمىشىنچى يىلغا (ۋاراقنىڭ چېتىگە باشقا بىر ئادەم 67 دەپ تۈزىتىپ قويغان) قەدەم قويغاندا، ئات يىلى كىرگەنىدى.»

(3) 513- بەتتىكى «نەك» دېگەن سۆزگە بېرىلگەن ئىزاھاتتا: «بۇ كىتابنى يازغان ۋاقتىمىز (تۆتيۈز) ئاتمىش توققۇزىنچى يىلى — نەك يىلىدۇر.» دېيىلگەن (بۇ يىل نەك ياكى يىلان يىلى بولىدۇ).

(4) خاتىمە قىسمىدا (يازما نۇسخا 638- بەتنىڭ تۆتىنچى قىسمىدا) «كىتابنى 464- يىلى جۇمادەل ئۇۋۋەلنىڭ باشلىرىدا يېزىشقا كىرىشكەن (بۇ 1072- يىلى يانۋارنىڭ 25- كۈنى چارشەنبىگە توغرا كېلىدۇ) تۆت قېتىم قايتا يېزىپ، تۈزىتىپ، تەھرىرلەپ، 466- يىلى جۇمادەل ئاخىرنىڭ 10- كۈنى دۈشەنبە تۈگەتتىم. (بۇ 1074- يىلى 10- فېۋرالغا توغرا كېلىدۇ)».

بۇنىڭ 2- ماددىسىدىكى زىددىيەتنى ئەخمەت زەكى ۋەلىدى (توغان) ھەل قىلدى ①. ئۇنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتۈشىچە يىلان يىلى ئەمەلدە 464- يىلى باشلىنىدۇ. ئات يىلى 470- يىلىدۇر. بۇنداق بولغاندا «466» دېگەن رەقەم 469 نىڭ خاتا يېزىلغانلىقىدۇر. 469- يىلىنىڭ مۇھەررەم ئېيى، مىلادى 1076- يىلىنىڭ 8-، 9- ئايلىرىغا توغرا كېلىدۇ. ۋاراقنىڭ چېتىدىكى ئاتالمىش تۈزىتىش، يەنى 69 نى 70 دەپ تۈزىتىش، بىرىنچى خاتالىق ئاساسىدا قىلىنغان مېخانىك «تۈزىتىش» بولۇپ، بۇ خاتا.

ئۇۋىس بازىن توغان ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە ھەققىدە بەك ماھىرانە بىر شەرھىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى ②. بازىننىڭ ئېيتىشىچە، «466 مۇھەررەم» دىۋاننىڭ دەسلەپ يېزىلغان ۋاقتىنىڭ بىر ئىزى ئىكەن، 466- يىلى مۇھەررەم خۇددى يۇقىرىدا 4- ماددىدا كەلتۈرۈلگەن

① ئە. ۋەلىدى (توغان) نىڭ «ئاتىمىز» مەجمۇئەسىنىڭ 1932- يىلى 16- سانىدا 77-، 78- بەتلەردە ئېلان قىلىنغان ماقالىسىگە قاراڭ.

② بازىن «قەشقەرى دىۋانىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى توغرىسىدا» «Acta orientalia» مەجمۇئەسى، ۋېنگرىيە 7 (1957- يىل) 21-، 25- بەتلەر.

«خاتىمە» دىمۇ بار. بازىن «466» بىلەن «469- يىللار» دىۋانىنىڭ قەشقەرى تەرىپىدىن تۆت قېتىم يېزىشىنىڭ ئاۋۋالقى ئۈچىنچى قېتىمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، شۇڭا بۇ يەردە دېيىلگەن «466» يىل دىۋان ئەمەلدە تاماملانغان 476 نىڭ كۆچۈرمە خاتالىقى بولسا كېرەك. بۇ ھەقتە بازىننىڭ نۇقتىئىنەزەرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: 466- يىلنىڭ دىۋاننى يېزىپ تاماملىغانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇددىتى بولالماسلىقىنىڭ ئىككى سەۋەبى بار: بىرىنچىدىن، بۇ ۋاقىت چوقۇم 469- يىلدىن كېيىن بولىدۇ. چۈنكى بۇ يىل دىۋاننىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. ئاپتور بۇ كىتابىنى مۇشۇ يىلى يازغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ (يۇقىرىقى 2-، 3- نۇقتىلار) ئىككىنچىدىن، ۋاقىت (تاماملانغان ۋاقىت) چوقۇم 467- يىلدىن كېيىن بولۇشى كېرەك. چۈنكى 467- يىلى مۇقتەدى تەختكە چىققان (يۇقىرىقى بىرىنچى نۇقتىغا قاراڭ). 466- يىلى يىلان يىلى بولغانلىقتىنلا خاتىمىدىكى 469 - يىلنىڭ كۆچۈرمە خاتالىقى بولالمايدۇ. قەشقەرى كىتابىنى 469- يىلدىن ئىلگىرى يېزىشقا كىرىشكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەن. ئۇ بۇ ئەسەرنى رەجەب ئېيىغا كەلگەندىلا يېزىشقا باشلىغان. ①

بازىننىڭ خاتىمەدىكى 466- يىلنى 476- يىل دەپ تۈزەتكىنىنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ يەردىكى ئاي ۋە كۈنلەر بايان قىلىنغان جۈملە مۇنداق ئوقۇلغان (638:15): «يوم الاثنين العاشر من جمادى الاخرة سنة ستة و ستين». بازىن بۇنىڭ مەنىسى «466- يىلنىڭ 12- جۇمادەل - ئاخىرە دېگەندىن ئىبارەتلىكىنى بىلىدۇ. ئەمما ئۇ بۇنى «يوم الاثنين العاشر من....» دەپ ئوقۇش لازىم دەپ قارايدۇ. بۇ گەپ بويىچە بۇنىڭدىكى «يوم الاثنين» نى پەقەت دۈشەنبە دەپ ئوقۇشلا مۇمكىن. «العاشر» 10- كۈنى دېگەن بولىدۇ. خورونولوگىيىلىك كالېندار جەدۋىلىنى تەكشۈرۈپ كۆرسەك 10- جۇمادەل - ئاخىرە 466 - ۋە 469- يىللارنىڭ دۈشەنبە كۈنى ئىكەن. (474، 477، 482 - يىللاردىمۇ شۇنداق) ئەمما 476- يىلى بۇ كۈن چارشەنبە ئىكەن.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك، خاتىمەدىكى 466- يىل 469- يىلنىڭ كۆچۈرمە خاتاسىدۇر (ئۆتىنچى نۇقتىدا كۆرسىتىلگەندەك) ۋاقىت تەھلىلى بويىچە قارىغاندىمۇ 466- يىل 469- يىلنىڭ كۆچۈرمە خاتاسى (ئىككىنچى نۇقتىغا قاراڭ). 174:14-17 بەتلەردىكى مۇجمەل ئىبارىلەرنى تۆۋەندىكىچە چۈشىنىش كېرەك: «بۇ كىتابىنى يېزىشقا كىرىشكەن ۋاقتىمىز 466 - يىلنىڭ مۇھەر-

① بۇنىڭدا جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى كالېندارى ئاساس قىلىنغان. (ل. بازىننىڭ «ئوتتۇرا ئەسىردىكى قەدىمكى تۈرك كالېندارى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ. «Lille» مەجمۇئەسى 1974 - يىل 554 - بەت) قەشقەرىنىڭ بۇ يىل بېشى نورۇزدىن باشلانغان دېگەن سۆزىدىن گۇمانلىنىشنىڭ ئورنى يوق. (يازما نۇسخا 175- بەت نورۇز) ئۇ دەۋاتقان ۋاقىت 469- يىلى 15- شەئبان — 14- مارت بولسا كېرەك. ۋىستېنفېلى - ماھلېر، 39- بەتتىكى ماتېرىيالغا ئاساسەن مۇلاھىزە قىلغان (توغان 78 - بەتتە نورۇزنى = مارت، 22- مارت، يەنى 469 - يىلنىڭ 23- شەئبانى دەپ خاتا قىلغان).

رەم ئېيى ئىدى. مۇشۇ يىل تۈگەپ 470- يىلى باشلانغاندا يىلان يىلى باشلىنىدۇ» ئەسلى تېكىستنى مۇشۇنداق تۈزىتىپ ئوقۇساق ئەسلى- تېكىستتىكى زىددىيەت تولۇق ھەل بولىدۇ.①

بۇ مۇلاھىزىمىز توغرا بولغاندا دىۋاننىڭ خاتىمىدە كۆرسىتىلگەن يېزىلىپ بولغان ۋاقتىنى 469- يىلى جۇمادەل- ئاخىرەنىڭ 10 - كۈنى (1077- يىلى 1- يانۋار) دەپ تۈزەتكەن ياخشى.

| ھەپتىنىڭ كۈنلىرى | مىلادىيە | ھىجرىيە | ئىزاھات |
| --- | --- | --- | --- |
| چارشەنبە | 1072- يىلى 25- فېۋرال | 464 - يىل جۇمادەل ئەۋۋەلنىڭ 1 - كۈنى | كىتاب يېزىشقا باشلىغان |
| | 1073- يىلى 14- مارت | 465 - يىلى 2 - رەجەب | كالا يىلى |
| | 1073- يىلى سېنتەبر ئۆكتەبر | 466 - يىلى مۇھەررەم | 469 - يىلىنىڭ خاتا يېزىلىشى |
| دۈشەنبە | 1074 - يىلى 2 - فېۋرال | 466 - يىلى جۇمادەل- ئاخىرەنىڭ 10- كۈنى | بۇمۇ 469 - يىلىنىڭ خاتا يېزىلىشى بولسا كېرەك |
| | 1075 - يىلى 4- ئاپرېل | 467- يىلى شەئبانىنىڭ 13 - كۈنى | ئەلمۇقتەدىنىڭ تەختكە چىققان ۋاقتى |
| | 1076- يىل 14- مارت | 468- يىلى شەئبانىڭ 5 - كۈنى | بۇ لەھەك يىلى |
| | 1077- يىلى 14- مارت | 469 - يىل شەئبانىڭ 15 - كۈنى | بۇ يىلان يىلى |
| | 1078- يىلى 14- مارت | 470 - يىلى شەئبانىڭ 26- كۈنى | بۇ ئات يىلى |
| | 1076- يىلى ئاۋغۇست- سېنتەبر | 469 - يىلى مۇھەررەمگە توغرا كېلىدۇ | |
| دۈشەنبە | 1077 - يىلى 9- يانۋار | 469 - يىلى جۇمادەل- ئاخىرەنىڭ 10 - كۈنى | بۇ كۈننى ئاخىرقى تەھرىر كۈنى دېسەك بولىدۇ |

① شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك، ئىسلام ئىنسىكلوپېدىيىسىدىكى «الكاشغرى» دېگەن ماددىدا (گ. ھازاي IV توم 699 - بەت) خاتىمىدىكى يىل 1094 476/(!) دەپ يېزىلغان.

| | | | |
|---|---|---|---|
| چارشەنبە | 1083- يىلى 25- ئۆكتەبىر | 476 - يىلى جۇمەدەل - ئاخىرەنىڭ 10 - كۈنى | |
| جۈمە | 1083- يىلى 27- ئۆكتەبىر | 476 - يىلى جۇمادەل - ئاخىرەنىڭ 12 - كۈنى | بۇ بازىنىڭ كىتاب پۈتكەن يىل ھەققىدىكى پىكرى |

## 5. تىتول بەت

تىتول بېتىدىكى يەرسىلەرنىڭ (يازما نۇسخا 1-بەت) ھېچ بىرسى قەشقەرنىڭ ئەمەس، شۇڭا بىز ئۇنى ئاساسىي تېكست تەرجىمىسى قاتارىغا كىرگۈزمىدۇق. ئەمما بۇ بەتتىكى ماتېرىياللار ئەسلى تېكستنىڭ تارىخىنى ئېنىقلاشقا نۇرغۇن پايدا يەتكۈزەلەيدۇ. تا مۇشۇ كۈنگىچە بۇ ماتېرىيال ناتوغرا چۈشىنىلىپ كەلمەكتە، شۇڭا بۇ بەت ھەققىدە تەلتۆكۈس مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇ بەتنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى قۇرىدا ئەسەرنىڭ ماۋزۇسى ۋە ئاپتورى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ تامامەن كۆچۈرگۈچىنىڭ قەلىمىدىن چىققان.

ئەسەر ماۋزۇسى بىرىنچى قۇردا بولۇپ بۇنىڭ تولۇق تېكستى: «كتاب ديوان لغات الترك» دېگەندىن ئىبارەت.

ئىككىنچى قۇردا «تاليف محمود ابن الحسين ابن محمد الكشغري رحمة الله» (مۇھەممەد ئوغلى ھۇسەيىننىڭ پەرزەنتى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەسىرى، ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) دېگەن سۆزلەر يېزىلغان.

ئاندىن ئىككى قۇر بوش قالدۇرۇلۇپ 15 قۇرلۇق بىر ئۇزۇن تېكست يېزىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ بەتتىكى ئومۇمىي قۇرسانى 17 بولۇپ، باشقا بەتلەردىكى قۇر سانىغا تەڭلەشكەن.

قەلەم ئىزىدىن قارىغاندا، بۇ سۆزلەر يازما نۇسخىنىڭ باشقا قىسىملىرىنى كۆچۈرگەن ئادەم قەلىمىدىن چىققان (پەرقى پەقەت ئىشلەتكەن قەلىمى سەل ئىنچىكىرەك). شۇنداق پەرەز قىلىش مۇمكىنكى، كۆچۈرگۈچى ياكى ئۇنىڭ ھامىيسى بۇ بەتتىكى سۆزلەرنى پۈتۈن ئەسەرنى كۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن يازغان ۋە ئۇنىڭ ھەجمىنى قالغان بەتلەرنىڭ ھەجمىگە مۇۋاپىق كەلتۈرۈشكە تىرىشقان (بۇ بەتتىكى تېكستنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە تۆۋەندە توختىلىمىز).

بۇ بەتتە ئىككى جايدا كېيىنكىلەر تەرىپىدىن ۋاراق چېتىگە يېزىپ قويۇلغان سۆزلەر بار. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ۋاراقنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بوشلۇقتا، 2-قۇر بىلەن 3-قۇر ئارىلىقىدا بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى

مەزكۇر تېكىستنى ئىزاھلاشتىن ئىبارەت①. ئىككىنچىسى بەتنىڭ ئۈستىدىكى بوش جايىدا بولۇپ، «(بۇ كىتاب) مۇھەممەد ئىبن ئەھمەد كاتىپ دەرەيياغا خاسدۇر، تەڭرىم ئۇلار (ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن) نى ئەپۇ قىلغاي» دېگەن سۆزلەردىن ئىبارەت. ئاندىن بىر ئاز بوش جاي قالدۇرۇلۇپ «س» ھەرپى يېزىلغان (بۇ «سەنە»ـ يىل دېگەن سۆزگە ئىشارەت بولسا كېرەك). ناھايىتى روشەنكى بۇ كىتاب ساھىبىنىڭ كىتابقا ئىگىدارلىق قىلىش ئىمزاسىدۇر. بۇ سۆزلەرنىڭ خېتى مەزكۇر بەتتىكى ئۇزۇن تېكىستنىڭ ۋە يازما نۇسخىنىڭ خېتىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ (دىققەت: ئاخىرقى «ھ» ھەرپى الله شەكلىدە يېزىلغان)، كىتاب ساھىبىنىڭ مۇشۇ سۆزلىرى يېنىغا «بالقاهرة» (قاھىرەدە) دېگەن سۆز يېزىلغان. بۇ سۆزنىڭ ئاستىدا «سنة» («يىل») دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرىسىغا 803 (بۇ مىلادى 1400 - 1401 يىلغا توغرا كېلىدۇ) دېگەن سۆز يېزىلغان. بۇ يەرگە بۇنىڭدىن ئارتۇق نەرسە يېزىلمىغان، ئەگەر يېزىلغان بولسا، ئۇنى تونۇۋالغىلى بولاتتى.

كىلىسلى رىفئەت (بىلگە): بۇ دەرەييانىنى مۇھەممەد ئىبن ئەھمەد ئىبنى سۇلايمان ئەلئەنسارى ئەددەمەشقى ئەددارانى، ھ 745-810 (م. 1344-1407) ② نىڭ نەق ئۆزىدۇر دەيدۇ.

بۇ پىكىر تامامەن توغرا.

رىفئەت يەنە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇكى، بۇ دەرەييانىسى / دارانىسى تىتول بەتتىكى تېكىستنىڭ ئاپتورى دېيىشكە ھېچقانداق ئاساس يوق.

ئىتتور روسىمۇ تىتول بەتتىكى بۇ تېكىست ھەققىدە بىر ماقالا يازغان. ③ بۇ ماقالىدە رىفئەتنىڭ تېكىست مەزمۇنى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشنى يەنە بىر

① بۇ ئۇزۇن تېكىست: «لا ينبغى أن يعرج على من يقول ...» دېگەن سۆزلەر بىلەن باشلانغان. مۇشۇ قۇرلارنىڭ چېتىگە يېزىلغان سۆز بولسا: «بمعنا لا ينبغى أن يعتمد على من يقول الى آخرة». دېگەندىن ئىبارەت.

② «ديوان لغات الترك» نىڭ بېشىدىكى ماقالە، تۈركىيات مەجمۇئەسى VI (1936-39) 355-360. رىفئەت بۇ ھەقتىكى مەلۇماتنى ئەسئەد ئەفەندىنىڭ 2196 نومۇرلۇق 213 بەتلىك قول يازمىسىدىكى ئەبۇلئابباس مۇھەممەد ھىبەتۇللاھ ئەنتاقىنىڭ ھ 1200 (مىلادىيە 1785-1786-) يىلى يېزىلغان «ھەددىقەتۇر-رىياھىن» ناملىق ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈرىدۇ. ئەسسەقاۋى (902/1496-1497) تەرىپىدىن تۈزۈلگەن مەشھۇر شەخسلەر لۇغىتى «ئەددەۋئۇللامى» (قاھىرە 1354—1935. VI توم 1031 № 310-312- بەتلەر) دىمۇ بۇ ئادەم ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن، سەقاۋىنىڭ يېزىشىچە ئىبن كاتىپ دارراۋى بەك قابىل، ناتىق ئادەم ئىكەن. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىسىدا بىر كىنايە سۆزلەپ قويۇپ دەمەشقتە تۇرالماي قېچىپ كەتكەن. كېيىن قاھىرەدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، سۈرىيىنىڭ بايسان شەھىرىگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ ھىجرىيە 811- يىلى (مىلادى 1408- يىلى) رەبىئول- ئەۋۋەل. سەفەر ئايلىرىدا ۋاپات بولغان.

③ «دىۋانۇ لۇغاتىت ـ تۈرك» يازما نۇسخىسىدىكى بىر ئىلاۋە ھەققىدە» ج خرستوماتىيىسى» (پراگا، ئانىر نەشرىياتى)، 280—284- بەتلەر.

قەدەم ئىلگىرىلەپ تولۇقلىدى. ئۇ رىفئەتنىڭ بۇ سۆزلەرنىڭ ئاپتورى مۇھەممەد ئىبن ئەھمەد دەرەيىيانى دېگەن كۆز قارىشىنى تامامەن قوبۇل قىلىدۇ ۋە گەرچە مەن بۇ يەردىكى يىل، ئاي، كۈن ئاستىغا يېزىلغان ئىمزانى كۆرەلمىگەن بولسامۇ دەپ ئىلاۋە قىلىدۇ (بەللى!) بۇ سەۋەپ ھەقىقەتەن توغرا، ئىمزا، يىل، ئاي، كۈنىنىڭ ئاستىدا ئەمەس بەلكى يۇقىرىدىكى ئاق جايدا، ئەمەلىيەتتە ئۇ بۇ يەردىكى تېكىست بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز، بۇ ئەھۋالنى روسى 1924- يىلى يازما نۇسخىنى كۆرگەندە چوقۇم كۆرگەن، لېكىن 30 يىل ئۆتۈپ بۇ ماقالىنى يازغاندا بۇنى ئۇنتۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا رىفئەتنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇغاندا ئۇ خاتا چۈشىنىپ قالغان.

رىفئەت بىلەن روسلار ئەرەبچە تېكىستنى ئىزاھلاپ ئۆتكەن، بەزى جايلارنى سەل ئۆزگەرتكەن، بولۇپمۇ روسىي بۇنىڭدا بەزى خاتالىقلارغا يول قويغان...

بىزگە مەلۇم بولغاندەك، روسمۇ رىفئەتكە ئوخشاش بۇ تېكىست تەخمىنەن ھىجرىيە 803- يىل، (مىلادى 1400 - 1401- يىلى) قاھىرەدە يېزىلغان دەپ پەرەز قىلىدۇ. بىز بولساق بۇ تېكىست ھىجرىيە 644- يىلى (مىلادى 1265-1266 - يىلى) دەمەشقتە يېزىلغان دەپ پەرەز قىلىمىز. بۇ تېكىست ئاساسىي تېكىستنى كۆچۈرگۈچى كاتىپ تەرىپىدىن يېزىلغان (گەرچە مۇشۇنداق قىلىش زۆرۈر بولمىسىمۇ). بۇ كاتىپ ئۆز ئىسمىنى دىۋاننىڭ خاتىمە قىسمىغا يېزىپ قويغان (يازما نۇسخا 638- بەت). ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى، مۇھەممەد ئىبن ئەبى بەكر ئىبن ئەبىلفاتىھ بولۇپ ئەسلى يۇرتى ساۋا، كېيىن دەمەشقتە ياشىغان. دىۋاننىڭ بىرىنچى ۋارىقى كۆپ قېتىم قول تەگكەن بولغاچقا بۇ تېكىستنىڭ تۆۋەن تەرىپى ئۇپراپ تونۇغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن. بىز بۇ يەردە ئەسلى تېكىستنى پۇختا كۆزىتىش ئاساسىدا بۇ تېكىستقا ترانسكرىپسىيە بېرىپ (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە ئەسلىنى ئالدۇق ـــ ت) قايتىدىن تەرجىمە قىلدۇق. چاسا تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان جايلار ئوقۇغاندا ئانچە ئىشەنچ قىلالمىغان جايلاردۇر. بىزنىڭ كۆپچىلىك كۆز قاراشلىرىمىز كىلىسلى رىفئەت بىلەن ئوخشايدۇ.

لا ينبغي ان يعرج على من يأول ان هذا الكتاب بلغة التركمان فان هذا القائل غير عارف بلغة ولا بلغة التركمان أيضا والذى يدلك على جهله بالتركمانية هو ان يحضر من يعرف التركمانية و يقرا عليه من ألفاظه فان أنكرها وقال ليس هذا بكلامنا عرفت ان القائل انه بلغة التركمانية جاهل بالتركمانية على ان اللفظ القفجاقية اذا نطقت بها التركمان لا يخرجها ذلك عن كونه قفجاقية وقد وقع ذلك فى ألفاظ كثيرة استعملها التركمان والقفجاق [بصيغة] واحدة واما ما يدل على جهله بالقفجاقية واشعارها وامثالها ان غالب من يجيء من تلك البلاد يجيء صغيرا ومعلوم ان الصغير لا يحيط بلغة قومه لا ولا الكبير ايضا لان رأينا كثيرا ممن يولد فى بلاد العرب و يشتغل بالعلم تمر عليه الألفاظ الكثيرة من العربية لا يعرف لها معنى حتى يتطلبه فى الكتب لا بل قد يسمع الحافظ من الكتاب العزيز [لا يعرف لها معنى] حتى يتطلبه فى الكتب ايضا ولعمرى اذا سالت كثيرا من المستعربين بل من الفقهاء عن قوله [عز وجل] فضحكت فبشرناها باسحاق وعن قوله عز وجل و [sic] تبنون بكل ريع اية تعبثون لايعلم [ان الضحك الحيض] وريع المكان المرتفع والاية

العلامة و امثال هذا كثير واذا كان التفسر ((التفسر؟) قد وقع في [معاني] الفاظ كتاب الله عز وجل مع ان الله تعالى حض على تدبره ومعرفته فما بالك بلغة قوم اخر [...؟ (مع انى)] تاملت مصنفات كثيرة في التركية مع علمي باللسان فلم ار اجمع منه ولا اكثر [ايقان ...] ولا يعرف قدره الا من كان متميزا في لغة الترك. فرحمة الله [مألفه] و جاوز عنه.

**يۇقىرىقى تېكستنىڭ تەرجىمىسى:**

«بىز بۇ كىتاب (دىۋان) تۈركمەن تىلى ئاساسىدا يېزىلغان دېگەن پىكىرگە قوشۇلمايمىز. تۈرك تىلىدىنمۇ، تۈركمەن تىلىدىنمۇ بىخەۋەر ئادەملەرلا شۇنداق دېيىشى مۇمكىن.

ئەگەر بىز تۈركمەن تىلىدىن خەۋەردار بىر ئادەمگە بۇ كىتابتىكى سۆزلەرنى ئوقۇپ بەرسەك، ئۇ ئادەم «بىز تۈركمەنلەر مۇنداق دېمەيمىز» دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى سۆزنى قىلغۇچىلارنىڭ تۈركمەنلەرنى بىلمەيدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكى ئايان بولۇپ چىقىدۇ.

بىر سۆزنىڭ تۈركمەنلەردىمۇ قىپچاق تىلىغا ئوخشاش ئىشلىتىلىشىگە قاراپلا ئۇ سۆزنى قىپچاقلارنىڭ سۆزى ئەمەس، دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى نۇرغۇن سۆزلەر تۈركمەنچە بىلەن قىپچاقچىدە ئوخشاش شەكىلدە ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ مەزكۇر ئادەمنىڭ قىپچاقلارنىڭ تىلى، شېئىر-بېيىتلىرى ۋە ماقال-تەمسىللىرىدىن بىخەۋەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ ئادەملەر بۇرۇنقى يۇرتلىرىدىن ياش ۋاقتىدا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ياش بىر ئادەمنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ تىلىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتىشى ناتايىن، ئەمەلىيەتتە بەزى چوڭ ئادەملەرمۇ شۇنداق بولىدۇ. بىز دائىم شۇنداق ئەھۋاللارنى كۆرىمىزكى، ئەرەب ئەللىرىدىن كېلىپ مەخسۇس تىل بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىرمۇنچە ئادەملەرمۇ بەزىدە ئۆزلىرى ئەزەلدىن چۈشەنمەيدىغان بەزى ئەرەبچە سۆزلەرگە دۇچ كەلگەندە مۇنداق سۆزلەرنى لۇغەتلەردىن ئاختۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇلا ئەمەس، ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرى دائىم ئوقۇيدىغان قۇرئان كەرىمدىكى بەزى ئىبارىلەرنىمۇ چۈشەنمىگەنلىكىدىن لۇغەت ئاختۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، نۇرغۇن يەرلىك ئەرەبلەردىن ھەتتا ئالىملاردىن كالامۇللادىكى مۇنۇ بىر ئىبارىنى، يەنى «فضحكت فبشرناها باسحاق» (قۇرئان 11-سۈرە، 71/74 ئايەتلەر) دېگەن ئىبارىنى سورىساق، ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ، بىز ئۇلارغا ئىسھاق ھەققىدە بىر سۈيۈنچە ئېيتقاندەك بولىمىز، ياكى: «اتبنون ريع اية تعبثون» (قۇرئان، 26-سۈرە، 128-ئايەت) «سىلەر ھەر بىر ئېگىز جايغا ئويۇن-كۈلكە ئۈچۈن بىر ئالامەت (ئېگىز بىنا) سالامسىلەر؟» دېگەن ئىبارىنى ئېيتساڭ كۈلكە ئاۋازى چىقمايدۇ، چۈنكى «ئەلھەيز» دېگەن سۆز «ھەيز» دېگەنلىك بولىدۇ، «رىيئىن» دېگەن سۆز «ئېگىز جاي» دېگەن بولىدۇ، «ابة» دېگەننىڭ مەنىسى «بەلگە» دېگەن بولىدۇ، مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئەگەر مۇنداق كەمچىلىك (قىيىنچىلىق) لار كالامۇللادىكى سۆزلەرنى [چۈشىنىشتە] كۆرۈلسە، يەنى تەڭداشسىز قەدىرلىك ۋە ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ «كىشىلەر ئۆگىنىڭلار» دېگەن كالاملىرىدا مۇشۇنداق ئەھۋاللار مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندا، باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىدىكى مۇنداق ئەھۋاللاردىن ئەجەبلىنىشنىڭ ئورنى يوق.

مەن تۈركىي تىلدا تۈزۈلگەن نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئوقۇغانمەن، بۇ تىلنى ئوبدان چۈشىنىمەن، ئەمما بۇ كىتابتەك ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغان ھېچبىر كىتابنى كۆرگىنىم يوق، پەقەت تۈرك تىلىنى پۇختا بىلگەن ئادەملا بۇ (ئەسەر) نىڭ قىممىتىنى چۈشىنەلەيدۇ، تەڭرى مۇئەللىپىنى يارلىقىغاي.»

# خوشھال غەرىبى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات

(سوۋېت ئىتتىپاقى)

ئا. جەلىلوپ

XIX ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىر خۇشھال غەرىبىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا ھازىرغىچە ھېچقانداق ئىلمىي ئىش قىلىنمىغان.

غەرىبىي مىراسىنى ئۆگىنىشتە ئەڭ ئاساسىي مەنبە شائىرنىڭ ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى بېرۇنىي نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان شېئىرلار توپلىمىدۇر. بۇ توپلامنىڭ يەنە بىر نۇسخىسى زۇھۇرىددىن مۇھەممەد بابۇر نامىدىكى ئەنجان ئوبلاستلىق كىتابخانىدا، نادىر كىتابلار بۆلۈمىدە ساقلانماقتا. شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدىكى نۇسخىنىڭ مۇقاۋىسى قېلىن كارتون چەمدىن نەقىشلىق قىلىپ ئىشلەنگەن، ئومۇمىي 144 ۋاراقتىن ئىبارەت. كوللىياتنىڭ مۇقەددىمە ۋە خاتىمە قىسمىدا ھەم بەزى شېئىرلىرىدا غەرىبىي ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ شېئىرلار توپلىمى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ، جۈملىدىن خاتىمىدە كوللىياتنىڭ يېزىلغان يىلى ئەبجەد ھېسابىدا تۆۋەندىكى قىتئەدە «بەھالى غەرىبىي» سۆزى يەنى تارىخ ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئۇنىڭدا:

ئەنجامىنى مەكتۇبىمە غۇربەت يېرىدە،
«بەھالى غەرىبىي» تەئرىخى بولدى تەمام①

دەپ يېزىلغان. ئىككىنچى مىسرادىكى «بەھالى غەرىبىي» سۆزى ئەبجەد ھېسابىدا ھىجرىيە 1261-يىل، مىلادى 1845-يىل بولىدۇ. دېمەك، شائىر شېئىرلار توپلىمىنى 1845-يىلى يېزىپ تۈگەتكەن، كوللىياتتىكى مەلۇماتقا قارىغاندا غەرىبىي قەشقەر شەھىرىدە XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇغۇلغان، قەشقەر مەدرىسىدە زامانىنىڭ ئەڭ مەشھۇر دانىشمەنلىرىدىن بىرى مەۋلەۋى خوجا مۇھەممەد ئاخۇنۇمنىڭ دەرسخانىسىدا ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تىببىي ئىلىم، مەنتىق، گرامماتىكا، پەلسەپە پەنلىرىنى، ئىسلام دىنى قانۇنلىرىنى ئۆگەنگەن.

XIX ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن باشلاپ 70-يىللىرىغىچە شىنجاڭدا چىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى مىللىي ئازادلىق قوزغىلاڭلار كەينى-كەينىدىن يۈز بەردى.

قوزغىلاڭچىلار ھەر قېتىمدىلا ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ، خەلققە ئانچە-مۇنچە يېڭىلىقلارنى يارىتىپ بەرگەن بول-

① ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەبۇرەيھان بېرۇنىي نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قول يازمىلار فوندى.

سىمۇ، ئەمما قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن چىڭ ھاكىمىيىتى خەلقنى، بولۇپمۇ قوزغىلاڭ قاتناشچىلىرىنى رەھىمسىز قىرىپ ئۆچ ئالدى. سېلىقلار، باجلار، فېئودال مەجبۇرىيەتلەر كۆپەيدى. بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئاھالىنىڭ بىر قىسمى شىنجاڭدىن قوقان، بۇخارا، خارەزىم خانلىقلىرى ۋە يەتتەسۇ تېررىتورىيىسىگە يۈزلەپ-مىڭلاپ كۆچۈپ ياكى قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بىراق قوزغىلاڭلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇردى.

كۆللىياتنىڭ 1845-يىلى يېزىلىپ بولغانلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ، شائىر ئېيتىپ ۋاتقان قوزغىلاڭ 1825-1827-يىللاردىكى جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭى دېگەن خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن. چۈنكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى-كېيىن 1845-يىلغىچە مۇنچىلىك چوڭ قوزغىلاڭ بولمىغان. دېمەك شائىر 1827-يىلى قوزغىلاڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن، قوقان خانلىقىغا قېچىپ چىققان، ئۇ ئۆز ئەسىرىدە كۆپچىلىك بىلەن جۈملىدىن ئۆز ئۇستازى بىلەن بىللە قېچىپ چىققانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

خۇشھال غەرىبىي پەرغانە ۋادىسىنىڭ كۆپ شەھەر ۋە يېزىلىرىدا مۇساپىرلىقتا ناھايىتى ئېغىر ھايات كەچۈردى.

ئۇچرادىم ئول دەردگەكىم بىدەۋا،
قىلدى مېنى ئۆز ۋەتەنىمدىن جۇدا.
يەنى ئېرۇر ئۆز ۋەتەنىم كاشغەر،
يىللار ئىدى ئول ماڭا جايىم مەقەر.
..........................................
بەس، بۇزۇلۇپ، ۋەيران ئولۇپ كاشغەر،
ئىلكىدە قوپار ھەممە زىرۇزەبەر.
تاراج ئېتىپ نەقد ئىلە مارجانلارىن،
تاراج ئېتىپ بەلكى ئېزىز جانلارىن.
شەھرى ۋىلايەتكە ئانىڭدىن قاچىپ،
چىقتى مۇسلىملار ھەممە مۈلكدىن كېچىپ.
چىقتىم ئۇلار بىرلە كى چىققان چاغى،
چەرخ دىلىم بولسا نى تەن مەرھەمى.
ئۆز ۋەتەنىمدىن چىقىپ ئارام يوق،
بەلكى خۇنى شىمەئى ئاشام يوق.

دەپ ئۆز ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

خۇشھال غەرىبىدىن مىراس بولۇپ يۇقىرىدا ئەسلىتىپ ئۆتۈلگەن «كۈللىيات غەرىبىي» قالغان. بۇ شېئىرلار توپلىمىغا شائىرنىڭ ئارۇز ۋەزنىنىڭ تۈرلۈك بەھرلىرىدە يېزىلغان شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ توپلام 271 غەزەل، 53 مەسنەۋى، 37 رۇبائى، 14 مۇخەممەس، 14 ساقىنامە، 3 مۇستەھزاد، 31 قىتئە، بىر تارىختىن تەشكىل تاپقان.

غەرىبىي شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىنى غەزەللەر تەشكىل قىلىدۇ، غەزەللەرنىڭ نەپىس گۈزەللىكى، يۇقىرى بەدىئىيلىكى ئۇنىڭ لىرىك شائىرلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شائىرنىڭ غەزەللىرى كۆپىنچە مۇھەببەت ماۋزۇسىدا يېزىلغان.

غەرىبىي ئىجادىيىتىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك، ئۇنىڭ ئىجادىدا ۋەتەنپەرلىك غايىسىنىڭ كەڭ يورۇتۇلۇشىدۇر.

ئۆز ۋەتىنى، يارۇ-بۇرادەرلىرىنى سېغىنىپ مۇساپىرلىقتا سەرگەردان ھايات كەچۈرۈۋاتقان شائىر ئانا ۋەتىنىنى چەكسىز ئۇلۇغلايدۇ، ۋەتەن ئىشقىدا، ھەم ئۇنىڭدىن ئايرىلىش ئازابىدا يۈرىكى ئۆرتىنىۋاتقانلىقىنى، ۋەتەننى كۆرۈش ئىشتىياقىدا ئىنتىلىشلىرىنى يارقىن بەدىئىي بوياقلار بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. ئەگەر بىر مەسنەۋىسىدە:

ئۇچرادىم ئول دەردگە كىم بىدەۋا،
قىلدى مېنى ئۆز ۋەتەنىمدىن جۇدا.

دەپ يېزىپ، دۇنيادا ئۆز ۋەتىنىدىن ئۇلۇغ نەرسە يوق، ھېچكىم ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ياشىمىسۇن، چۈنكى دەردىنىڭ داۋاسى يوق، دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى ئالغا سۈرگەن.

كېزەرمەن يولدا ئول ئاھۇ كۆزلۈكنى
نىشان كۆرگەچ،
ئېرۇر سەيياد يەڭلىغ ئەسەر ئاھۇدىن
نىشان كۆرگەچ.
بولۇپ غۇربەت يېرىدە جانىم ئانداغكىم
ۋەتەن كۆزلەر،
چۇ قۇش ئالتۇن قەپەسنى كۆزلەمەس،
ئۆز ئاشيان كۆرگەچ.

دەپ يېزىپ، شائىر ئۆزىنى ئۇتقۇنلۇقتا يۈرگەن، ئالتۇن قەپەزگە چۈشۈپ قالغان قۇشقا ئوخشىتىدۇ.

غەرىبىي شېئىرلىرىدا مەرىپەتنىڭ ئىنسان ھاياتىدا زۆرۈرلۈكى تەشۋىق قىلىنىدۇ. ئۇ، مەرىپەتپەرۋەر شائىر سۈپىتىدە بىر قاتار غەزەللەرنى يارىتىدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ۋەتەنپەرلىك، ئىنسانغا مۇھەببەت، چىن سۆيگۈ، ساداقەت، ۋاپادارلىق، دوستلۇق ۋە ئىلىم-مەرىپەتكە ئوخشاش غايىلەرنى تەرغىب قىلىش، شۇنىڭدەك بىۋاپا يار، ساختا دوستلۇق، مۇناپىق روھانىيلارنى، ئەپسانىۋى ھۆر-پەرى، جەننەت دەپ دۇنيانى تەرك قىلغان زاھىتلارنى تەنقىد قىلىش غەرىبىي شېئىرلىرىنىڭ ئومۇمىي تېماتىكىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ تېماتىكىنىڭ دائىرىسى خۇشھال غەرىبىنىڭ ئىلغار پىكىرلىك شائىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

خۇشھال غەرىبىي ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى نەپىس ۋە بەدىئىي جەھەتتىن يۈكسەك غەزەللىرى بىلەن بېيىتتى. ئالاھىدە تەكىتلەيدىغان ئەھۋال شۇكى، غەرىبىي ئىشقى غەزەللەر بىلەن بىر قاتاردا ئىجتىمائىي غەزەللەرنىمۇ ياراتتى.

غەرىبىي غەزەللىرىنىڭ كۆپچىلىكى كومپوزىتسىيە جەھەتتىن پۇختا ۋە ئىزچىللىق بىلەن يېزىلغان. ئۇ، ئۆز شېئىرلىرىدا مەلۇم بىر تېمىنى ئاساس قىلىپ ئېلىپ، شۇ تېمىنى كەڭ يورۇتۇشقا ئىنتىلىدۇ. بىرىنچى مىسرادا ئېيتقان پىكىر كېيىنكى مىسرالاردا راۋاجلىنىپ بارىدۇ، بىزنىڭ ئېنىقلىشىمىزچە شائىر غەزەللىرىنىڭ كۆپچىلىكى رەمەل، ھەزەج بەھرىلىرىدە يېزىلغان.

شائىر ئۆز ئەسەرلىرىدە مۇرەككەپ ئوخشىتىش، مېتافورىلار ۋە مۇبالىغىلەردىن ماھىرانە پايدىلىنىدۇ.

غەرىبىي غەزەللىرىنىڭ تىلى راۋان، ئوبرازلارغا باي، ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي روھىدىن، شۇ جۈملىدىن ئەسەر تىلىدىن شائىرنىڭ كۆپلىگەن پەنلەرنى ياخشى ئىگىلىگەنلىكى روشەن سېزىلىدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، XIX ئەسىردە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن خۇشھال غەرىبىي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تالانتلىق لىرىك شائىرىدۇر. ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسىنى ئۆگىنىش، كەڭ خەلق ئاممىسىغا تونۇشتۇرۇش، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىغا، ئوقۇش كىتابلىرىغا كىرگۈزۈش كۆز ئالدىمىزدىكى ۋەزىپىلەردۇر.

«سوۋېت ئۇيغۇرشۇناسلىقىنىڭ ئاكتۇئال مەسىلىلىرى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەبجان تۇرسۇن



# ئىرشخان

(داستان)

خەۋەرلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ھېكايە، داستان ئېيتقۇچىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، بەلىخ شەھىرىدە ئىرشخان دېگەن بىر پادىشاھ بار ئىكەن. نەسەبى كەيان شاھلىرىدىن ئىكەن. لەشكىرى ھەددى-ھېسابسىز كۆپ، خەزىنىسى قارۇندىنمۇ زىيادە ئىكەن. ئىززەت-ھۆرمەتتە تەڭداشسىز ئىكەن.

بىر كۈنى كېچىسى پادىشاھ قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدىن ئەنسىرىگەن پادىشاھ ۋەزىر-ئۆمەرالىرىغا:

— ئەي ۋەزىر-ئۆمەرالار، مەن كېچە يامان چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمنىڭ كاپالىتىگە شەھەر خەلقىگە بىر ھەپتە نەزىر بېرەي دەيمەن، — دەپتۇ ۋە جاكارچىلارنى يىغدۇرۇپ شەھەر خەلقىگە جاكار قىلدۇرۇپتۇ.

جاكارچىلار كوچىمۇ-كوچا يۈرۈپ: «ئەييۇھەنناس، ئىشىتىڭلار، ئامۇ خاس، پادىشاھى ئالەم بىر يامان چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىنىڭ كاپالىتىگە پادىشاھ پۈتۈن شەھەر خەلقىگە بىر ھەپتە نەزىر بەرمەكچى بولدى. شۇڭا بىر ھەپتىگىچە ھېچ كىشى ئۆيىگە قازان ئاسمىسۇن، ئوت قالىمىسۇن، تاماقنى پادىشاھنىڭ دەرگاھىدىن يېسۇن، ئۆيىگە مېھمان كەلسە پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا باشلاپ بارسۇن. سەككىز كۈنگىچە بىرەر كىشىنىڭ ئۆيىدىن تۈتۈن چىقسا ئول كىشى ئۆلۈمگە مەھكۇمدۇر»، دەپ پادىشاھنىڭ پەرمانىنى جاكارلاپتۇ.

پادىشاھ شەھەرنىڭ سىرتىغا نەچچە مىڭ ئاق ئۆي، چېدىرلارنى تىكتۈرۈپ، نەچچە مىڭلاپ داش قازانلارنى ئاستۇرۇپتۇ. قوي، كالا، تۆگىلەرنى ھەددى-ھېسابسىز ئۆلتۈرۈپتۇ. شەھەر خەلقى تەرەپ-تەرەپلەردىن توپ-توپى بىلەن كېلىپ پادىشاھنىڭ نەزىرىگە داخىل بولۇپتۇ.

ئارىدىن يەتتە كۈن ئۆتۈپ، سەككىزىنچى كۈنى — نەزىر تامام بولىدىغان كۈنى پادىشاھ ۋەزىر-ئۆمەرالىرى بىلەن چاھارباغدا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىلىرىغا ئاش كەلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ بىر كاپام ئاشنى ئاغزىغا سېلىپ بېشىنى كۆتۈرۈشىگە



بىر قەلەندەرنىڭ تامغا ئېسىلىپ، پادىشاھنى كۆرۈپ ئۆزىنى تامدىن يەرگە تاشلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. پادىشاھ دەرھاللا بىر ياساۋۇلغا «باغ تېمىنىڭ كەينىدە بىر قەلەندەر بار. دەرھال ئالدىمغا ھازىر قىل» دەپتۇ. ياساۋۇل چىقىپ، باغنىڭ ئارقىسىدىن قەلەندەرنى تېپىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. قەلەندەر پادىشاھنى كۆرۈپ قورققىنىدىن سالام قىلىپ بېشىنى سېلىپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئالدىدىكى تاماقنى قەلەندەرگە بېرىپتۇ. قەلەندەر ئاشنى يەپ قورسىقىنى توقلاپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي دىۋانە، سىز زامانىنىڭ ۋەيرانىلىقى، پەلەكنىڭ تەتۈرلۈكىدىن دىۋانە بولغان ئوخشايسىز. ماڭا بېشىڭىزدىن ئۆتكەن-كەچكەنلىرىڭىزنى بايان قىلىپ بېرىڭ، — دەپتۇ. دىۋانە:

— يا پادىشاھى ئالەم، مەن بىر جاھانگەشتە ئادەممەن. مەن كۆرمىگەن ھېچ شەھەر، ھېچ قەلئە ۋە ھېچ يەر قالغان ئەمەس. يەتتە ئىقلىمنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ھەممىنى كۆردۈم. سىز پادىشاھ بولدۇم دەپ باشقا يۇرتلارنى كۆرمەي، پادىشاھلىققا مەست بولۇپ يۈرۈپسىز. ئەل ئىچىدە «يۈرگەن دەريا، ئولتۇرغان بورا» دېگەن ماقال بار. سىزنىڭ بۇنداق پادىشاھلىقىڭىزدىن مېنىڭ جاھاننى ئايلىنىپ يۈرگىنىم زىيادىدۇر، — دەپتۇ.

قەلەندەرنىڭ سۆزلىرى پادىشاھقا تەسىر قىلىپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆڭلىدە جاھانگەشتىلىك ھەۋىسى قوزغىلىپ بىردەممۇ ئارام ئالالماپتۇ. شۇ كۈنى دىۋانىنى ئوردىدا قوندۇرۇپ قاپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ بارلىق ۋەزىر-ئۆمەرالىرىنى جەم قىلىپتۇ:

— ئەي ۋەزىر-ئۆمەرالار، مېنىڭ بېشىمغا جاھانگەشتىلىكنىڭ ھەۋىسى چۈشتى. ھەممىڭلار مەندىن رازى بولۇڭلار! — دەپتۇ. ۋەزىرىنى ئۆز ئورنىغا پادىشاھ قىلىپتۇ. ئۇچىسىدىن پادىشاھلىق كىيىمىنى سېلىپ تاشلاپ ئۈستىگە جەندە، بېشىغا كۇلا كىيىپتۇ. بېلىگە پوتا باغلاپ، قولىغا ھاسىنى ئېلىپ، ئول قەلەندەر بىلەن ئوردىدىن چىقىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ۋەزىر-ئۆمەرا ۋە لەشكەرلىرى پادىشاھنى ئۇزىتىپ چىقىپتۇ.

ئۇلار شەھەردىن چىقىپ ئۈچ تاش① يول يۈرگەندىن كېيىن قەلەندەر:

— يا پادىشاھى ئالەم، مۇنچە كۆپ لەشكەر بىلەن قانداق جاھانگەشتىلىك قىلغىلى بولىدۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— ئەي ۋەزىر-ئۆمەرالار، سىزلەرنى ياراتقۇچى ئاللاغا تاپشۇردۇم، شۇ يەردىن ئارقاڭلارغا يېنىڭلار، — دەپ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، يولغا راۋان بولۇپتۇ.

— پادىشاھ بىلەن قەلەندەر بىر مەنزىل يول يۈرۈپ، بىر ئاچا يولغا كېلىپ قاپتۇ. پادىشاھ ئالدىدا، قەلەندەر كەينىدە ماڭغانىكەن، پادىشاھ بىر يولغا، قەلەندەر يەنە بىر يولغا كىرىپ بىر ھازا يول يۈرۈپتۇ. پادىشاھ قەلەندەردىن سۆز سورىماقچى بولۇپ ئارقىسىغا قارىسا قەلەندەر كۆرۈنمەپتۇ. پادىشاھ ھەيران بولۇپ، ئەتراپقا قارىسا قەلەندەر باشقا يول بىلەن كېتىپ بارغانىكەن. پادىشاھ:

— ئەي قەلەندەر، مەن جاھانگەشتە بولىمەن دەپ پادىشاھلىقىمنى تاشلاپ چىقسام سەن مېنى تاشلاپ نەگە بارىسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. قەلەندەر:

① تاش — ئەينى زامانىدىكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى.

— يا پادىشاھى ئالەم، جاھانگەشتىلىك دېگەن غۇربەتتە ياخشى، ئىككى كىشى بىر يۇرسە جاھانگەشتىلىكنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، — دەپ ئۆز يولىغا مېڭىۋېرىپتۇ. پادىشاھ يەنە ۋارقىراپ:

— ئەي قەلەندەر، ئارقاڭغا يان! مەن سېنى دەپ تاج ـ تەختىمنى، پادىشاھلىقىمنى تاشلاپ، دىۋانە بولسام، سەن مېنى تاشلاپ نەگە بارىسەن؟ — دەپتۇ.

قەلەندەر ئارقىسىغا قاراپ:

— يا پادىشاھى ئالەم «سەنۇبەر گۈلگە نېمە قىلدى؟ گۈل قەھرى زۇلۇم قىلدى» دەپ ئارقىسىغا قارىماي كېتىۋېرىپتۇ. پادىشاھ نائىلاج بولۇپ ئارقىسىغا يېنىپتۇ. ئاچا يولغا كەلگەندە پادىشاھقا ۋەزىر ـ ئۇمەرالار ئۇچراپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرىدىن:

— ئەي ۋەزىر، قەلەندەر «سەنۇبەر گۈلگە نېمە قىلدى؟ گۈل قەھرى زۇلۇم قىلدى» دەپ مەندىن ئايرىلىپ كەتتى. مەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمىدىم. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر:

— يا پادىشاھى ئالەم، بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى يېشىش ئۈچۈن ماڭا بىر يىللىق مۆھلەت بەرسىلە، مەن بىر يىلغىچە يەتتە ئىقلىمنى كېزىپ چىقىپ، بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى تېپىپ كېلەي، — دەپتۇ.

پادىشاھقا بۇ سۆز ماقۇل كەپتۇ. پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ بېرىپ تەختىدە ئولتۇرۇپتۇ. ۋەزىرگە خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى بېرىپ، سەپەر تەييارلىقىنى قىلىشىنى تاپشۇرۇپتۇ.

ۋەزىر خەزىنىگە كىرىپ ئالتۇن، كۈمۈش جاۋاھىرلاردىن ئالماي، قىرىق تۈگمىلىك كۆك چاي ئېلىپ، تۈگىلەرگە ئارتىپتۇ. بىر قانچە خىزمەتكارنى ھەمراھ قىلىپ، سودىگەر قىياپىتىدە شەھەردىن چىقىپتۇ.

ئۇلار ئۈچ ئاي يول يۈرۈپ سېپىلى ئاسمانغا تاقاشقان ھەيۋەتلىك بىر شەھەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ.

ئۇلارغا شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا بىر ئادەم ئۇچراپتۇ. ۋەزىر ئۇ ئادەمدىن:

— بۇ قايسى شەھەردۇر؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەم:

— بۇ شەھەر شەھرى ھىرماندۇر، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ۋەزىر:

— بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەم:

— بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ ئىسمى سەنۇبەردۇر، — دەپ جاۋاب بېرىتپۇ.

ۋەزىر كۆڭلىدە «مەن بۇ ئالەمدە سەنۇبەر دەپ ئىسىم قويغان كىشىنى ئاڭلىغان ئەمەسمەن. بۇ پادىشاھنىڭ ئىسمى سەنۇبەر ئىكەن. قەلەندەر ئېيتقان سەنۇبەر بەلكىم مۇشۇ پادىشاھ بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، شەھەرگە كىرىپ كارۋان سارىيىغا چۈشۈپتۇ.

ئۇلار يۈك ـ تاقلىرىنى چۈشۈرۈپ، ئات ـ ئۇلاغلىرىنى جايلاشتۇرۇپ، ئۇ كېچە سارايدا قونۇپتۇ.

ئەتىسى ۋەزىر ئۈچىسىدىن ۋەزىرلىك لىباسىنى سېلىپ تاشلاپ ئۈچىسىغا جەندە، بېشىغا كۇلا كىيىپتۇ. مۈرىسىگە بىر خۇرجۇن ئارتىپ، خۇرجۇنىنىڭ ئىچىگە كۆك چاينى توشقۇچە قاچىلاپ تاڭ ئېتىشى بىلەنلا پادىشاھ ئوردىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ. ۋەزىر ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا قولىدا تۆمۈر نەيزە ۋە شەمشەر ـ قىلىچلارنى تۇتۇپ، سەپ ـ سەپ بولۇپ تۇرغان باتۇر قاراۋۇللارنى

كۆرۈپتۇ. بۇ يەردىن ئۇچار قۇشلار ئۆتمەسە قاناتسىزلارنىڭ ئۆتۈشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

ۋەزىر بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن ئوردىنىڭ ئالدىغا يېقىن كېلىپ قاراۋۇللارغا سالام قىلىپتۇ. قاراۋۇللار سالامنى ئىلىك ئاپتۇ. ۋەزىر دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، شۇنداق بىر ھېكايە باشلاپتۇكى، ۋەزىرنىڭ ھېكايىسىگە ئاسمانۇ زېمىن ھەيران قاپتۇ.

سەپ - سەپ بولۇپ تۇرغان قاراۋۇللار ۋەزىرنىڭ چۆرىسىگە يىغىلىپ ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپتۇ. ھېكايە ئاخىرلاشقاندا كىچىكىدىن كۆز يېشى قىلىپ باقمىغان زالىملار كۆزىدىن دەريادەك ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ، بەدەنلىرى قوغۇشۇندەك ئېرىپ كېتىپتۇ.

قاراۋۇللاردىن بىرىنىڭ كۆڭلىگە پادىشاھ بەرگەن تونىنى «قەلەندەر» گە دۇئا قىلدۇرۇش ئويى كەپتۇ. يەنە بىرى «بىر تىللايىم بار ئىدى، ئۇنى دۇئا قىلدۇرسام» دېگەن ئويغا كەپتۇ. باشقىلارمۇ بىرەر نەرسىسىنى دۇئا قىلدۇرۇشنى ئويلىرىغا پۈتۈشۈپتۇ.

ۋەزىر ھېكايىسىنى تاماملاپ پۇل تىلەيدىغان ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا خۇرجۇنىنى قويۇپ، قاراۋۇللارغا خۇرجۇنىدىكى چايدىن بىر چاڭگالدىن بېرىپ، خۇرجۇننى بىكارلاپتۇ - دە، ئارقىسىغىمۇ قارىماي كېتىپ قاپتۇ. قاراۋۇللار «بۇ ئاجايىپ قەلەندەر ئىكەن. بىزدىن پۇل تىلىمەكتە يوق، تېخى بىزلەرگە بىر ئۆلۈشتىن چاي بېرىپ كېتىپ قالدى» دەپ ھەيران بولۇشۇپتۇ.

ئىككىنچى دەرۋازىدا تۇرغان قاراۋۇللارمۇ «قەلەندەر» نىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ تۇرغانىكەن، ئۇلار بىرىنچى دەرۋازىدىكى قاراۋۇللارغا:

— ئەي بۇرادەرلەر، بىزلەر بۇ ئىچكىرىكى* دەرۋازىدا كۆڭلىمىز يېرىم تۇرماقتىمىز، ئەگەر ئۇ قەلەندەر كېلىپ قالسا بۇ دەرۋازىدا ھېكايە ئېيتقۇزايلى، — دەپ مەسلىھەت قىلىشىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە دەرۋازا ئالدىدا «قەلەندەر» يەنە پەيدا بولۇپتۇ. قاراۋۇللار ئۇنى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ئىككىنچى دەرۋازىغا ئېلىپ كىرىپ ھېكايە ئېيتقۇزۇپتۇ. شۇ تەرىقىدە ۋەزىر يەتتە كۈندە يەتتە دەرۋازا ئالدىدا ھېكايە ئېيتىپتۇ. كۈندە بىر - بىرىدىن ياخشى چايلاردىن ئېلىپ كىرىپتۇ.

«قەلەندەر» يەتتىنچى كۈنى، يەتتىنچى دەرۋازا ئالدىدا ھېكايە ئېيتىۋاتقاندا ئىچكىرىدىن پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى چىقىپ قاپتۇ. قارىسا بىر «قەلەندەر» ھەدەپ ھېكايە ئېيتىۋاتقان، ئۆز ئۇمەرالىرى ئۇنىڭ چۆرىسىگە يىغىلىپ تۇرغانىكەن. ۋەزىرمۇ بىر چەتتە تۇرۇپ ئۇنىڭ ھېكايىسىنى تىڭشاپتۇ. ھېكايە ئاخىرلاشقاندا ئولتۇرغانلارنىڭ بەدىنى قوغۇشۇندەك ئېرىپ كېتىپتۇ.

ۋەزىر كۆڭلىدە «بۇ ئەسلى كاتتا ئۆتكەن ئادەم ئىكەن. زاماننىڭ رەھىمسىزلىكىدىن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ. بۇ ئادەم ھېكايىسىنى تاماملىغاندا قىرىق - ئەللىك يامبۇغا دۇئا قىلدۇرۇپ ئۇنى قەلەندەرچىلىكتىن ئازاد قىلاي» دېگەننى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

ۋەزىر ھېكايىسىنى تاماملاپ پۇل تىلەيدىغان ۋاقتىدا خۇرجۇنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەممىسىگە بىر چاڭگالدىن چاي بېرىپتۇ. شۇ قاتاردا ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ ئېتىكىگىمۇ بىر چاڭگال چاينى تۆكۈپ

ويۇپ كېتىپ قاپتۇ. بۇ چاي خۇش پۇراقلىق چاي بولۇپ ئىپار پۇراپ تۇرىدىكەن. ۋەزىر «مەن ئۆمرۈم بويى مۇنداق پۇراقلىق چاينى كۆرگەن ئەمەسمەن. بۇ قەلەندەر مۇنداق ياخشى چايلارنى نەدىن تاپقاندۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قەلەندەر بىزدىن پۇل تىلىمەكتە يوق، بىزلەرگە بىر چاڭگالدىن چاي بېرىپ كەتتىغۇ» دېگەن خىيال بىلەن ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ.

ۋەزىر ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇشىغا خاس خىزمەتچىسى كىرىپ پادىشاھنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىپتۇ. ۋەزىر دەرھال بارگاھقا بېرىپتۇ. ئۇ يەردىن پادىشاھنى تاپالماي، چاھار باغ ئىچىگە كىرىپتۇ. ئەسلىدە پادىشاھنىڭ ئاتىسى شاھ خۇرشىددىن قالغان سەككىز پاتمانلىق يەرگە تەڭ كېلىدىغان بىر چاھار بېغى بار ئىكەن. ئۇ باغ جەننەتۇل مەئۋادىن نىشان بېرەركەن. باغنىڭ ئىچىدە بىر بۇلاق بار بولۇپ، بۇلاقنىڭ بىر تەرىپىدە مەرمەر تاشتىن ياسالغان بىر تەخت بار ئىكەن. پادىشاھ ھەر قانداق چاغدا باغقا كىرسە شۇ تەختتە ئولتۇرار ئىكەن. ۋەزىر پادىشاھنى ئىزدەپ شۇ يەردىن تېپىپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي ۋەزىر، بۈگۈن مەن بىئارام بولۇپ تۇرىمەن. شۇڭا سىزنى كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىڭىزنى ماڭا سۆزلەپ بېرەرمىكىن دېگەن ئوي بىلەن چاقىرتقانىدىم، — دەپتۇ. ۋەزىر:

— مەن ئەتىگەن دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىقسام بىر قەلەندەر ھېكايە ئېيتىۋاتقانىكەن. مېنىڭ يەتتە ئىقلىمدا قەدىمىم يەتمىگەن يەر قالمىدى. بىراق مەن ھېچقانداق بىر يەردە مۇنداق شېرىن سۆزلۈك قەلەندەرنى كۆرگەن ئەمەسمەن. بەلكىم شۇ قەلەندەر ئاجايىپ-غارايىپلارنى سۆزلەپ بەرسە كۆڭۈللىرى كۆتۈرۈلۈپ قالارمىكىن؟ — دەپتۇ. پادىشاھ:

— ئۇنداق بولسا شۇ دىۋانىنى تېپىپ كېلىڭلار، — دەپتۇ. ۋەزىر چىقىپ بىر نەچچە خىزمەتچىگە قەلەندەرنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. خىزمەتچىلەر شەھەرگە كىرىپ، تەرەپ-تەرەپنى ئىزدىگەن بولسىمۇ قەلەندەرنى ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. خىزمەتچىلەر قايتىپ كېلىپ ئوڭ قول ۋەزىرگە قەلەندەرنى تاپالمىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپتۇ.

ۋەزىر پادىشاھقا دىۋانىنىڭ تېپىلمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرگە، قەلەندەر يەنە كېلىپ قالسا، ئىچكىرى بارگاھقا ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئەلقىسسە، قەلەندەر ئەتىسى يەنە كەپتۇ. قاراۋۇللار قەلەندەرنى ئىچكىرىكى بارگاھقا باشلاپ كىرىپتۇ. دىۋانە بارگاھقا كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، بارگاھ خۇددى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بارگاھىغا ئوخشاش ئوتتۇز ئالتە پەلەمپەيلىك سېرىق ياقۇتتىن ياسالغان ھەشەمەتلىك تەخت ئۈستىدە پادىشاھ ئەزىم ئولتۇرغان؛ پادىشاھنىڭ ئوڭ سول تەرەپلىرىدە تۆت يۈز قىرىق تۆت تاجدار پادىشاھ ئۆز رەتلىرى بويىچە ئولتۇرغان. توقسان ئالتە لەك لەشكەر ئۆز دەرىجىلىرى بىلەن ئولتۇرۇشقانىكەن. پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىگە ھاڭ-تاڭ بولغان قەلەندەر پادىشاھقا قول قوشتۇرۇپ ھۆرمەت بىلەن تەزىم قىلىپتۇ. پادىشاھ قەلەندەرگە:

— ئەي قەلەندەر، مەن سېنى دۇنيانىڭ ئاجايىپ-غارايىپلىرىدىن سۆزلەپ بېرەرمىكىن دەپ چاقىرتقانىدىم، — دەپتۇ.

«قەلەندەر» ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ شۇنداق بىر سۆز باشلاپتۇكى، ئۇنىڭ شېرىن-شېكەر سۆز-

لىرىدىن ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئۇچار قۇشلارمۇ تەسىرلىنىپ، يېقىملىق ئاۋازلىرى بىلەن چۇر-چۇر سايرىشىپ، بارگاھقا تۆگلۈكتىن ئۇچۇپ كىرىشىپتۇ.

پادىشاھ باشلىق ھەممە كاتتا ئۆلىمالارنىڭ بەدەنلىرى قوغۇشۇندەك ئېرىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ كۆڭلىدە «ئۆمرۈمدە مۇنداق شېرىن سۆزلۈك كىشىنى ئۇچرىتىپ باقماپتىكەنمەن. قەلەندەر سۆزنى تاماملاپ مەندىن نېمىنى تىلىسە ئاغزىدىن چىققاننى بېرەي» دېگەن ئويغا كەپتۇ.

قەلەندەر سۆزنى تاماملاپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي قەلەندەر، مەندىن نېمە تىلەيسەن؟ — دەپتۇ. قەلەندەر:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، مەن ئۆزلىرىدىن «سەنۇبەر گۈلگە نېمە قىلدى؟ گۈل قەھرى زۇلۇم قىلدى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىشنى تىلەيمەن، — دەپتۇ.

بۇ سۆزدىن پادىشاھنىڭ بېشى قېتىپ خىيال دەرياسىغا غەرق بوپتۇ، قەلەندەر بارگاھتىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى قەلەندەر يەنە كېلىپ سۆز باشلاپتۇ. سۆزنى تاماملىغاندا، پادىشاھ قەلەندەردىن: نېمە تىلىكىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ. قەلەندەر:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، مەن سىلىدىن «سەنۇبەر گۈلگە نېمە قىلدى؟ گۈل قەھرى زۇلۇم قىلدى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىشنى تىلەيمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىم تۇرغانلىقى ئۈچۈن، قەلەندەر ساقلاپ تۇرۇپ بېقىپ ئاخىرى بارگاھتىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى قەلەندەر يەنە كېلىپ ھېكايىسىنى تاماملىغاندا، پادىشاھ قەلەندەرگە: نېمە تىلىكىڭ بولسا ئېيتقىن، — دەپتۇ. قەلەندەر:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، مەن پەقەتلا «سەنۇبەر گۈلگە نېمە قىلدى؛ گۈل قەھرى زۇلۇم قىلدى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىشىڭلا تىلەيمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ تەختتىن چۈشۈپ، قەلەندەرنى تەختنىڭ ئارقىسىدىكى بىر ئىشىكتىن باشلاپ كىرىپتۇ. ئەللىك-ئاتمىش ئۆيدىن ئۆتۈپ بىر خاس ھۇجرىغا كىرىپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي قەلەندەر، سەن ئۈچ كۈندىن بېرى ماڭا دۇنيانىڭ ئاجايىپ-غارايىپلىرىدىن سۆزلەپ بەردىڭ، نېمە تىلىكىڭ بار دېسەم، مەندەك پادىشاھتىن شەھەر، خەزىنە تىلىمەستىن، قۇرۇق سۆزنى تىلىدىڭ. ئەگەر باشقا ئادەم شۇنداق دېگەن بولسا، ئاللىبۇرۇنلا بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلغان بولار ئىدىم، چۈنكى «ھەر قانداق كىشى گۈل دېگەن سۆزنى تىلغا ئالسا، ئاغزىغا قوغۇشۇن قۇيىمەن» دەپ پۈتۈن شەھەرگە جاكار چىقارغانىدىم. شۇڭا يىگىرمە يىلنىڭ مابەينىدە بۇ شەھەردە ھېچقانداق كىشى گۈل دېگەن سۆزنى ئاغزىغا ئالالمىغان. سەن نېمە ۋەجىدىن مەندىن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى سوراپ قالدىڭ؟ — دەپتۇ.

ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، پادىشاھقا ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلدۈرۈپتۇ. ئاندىن بەلخ شەھىرى پادىشاھىنىڭ بىر يامان چۈش كۆرگەنلىكىنى؛ چۈشىنىڭ كاپالىتىگە پۈتۈن شەھەرگە نەزىر بەرگەنلىكىنى، پادىشاھنىڭ بىر قەلەندەر بىلەن جاھانگەشتىلىككە چىقىپ كەتكەنلىكىنى؛ ئۇ قەلەندەرنىڭ «سەنۇبەر گۈلگە نېمە قىلدى؟ گۈل قەھرى زۇلۇم قىلدى» دەپ قو-



يۇپ كەتكەنلىكىنى؛ بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى بەلخ شەھىرىدە ھېچكىم بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ سۆزنىڭ جاۋابىنى تېپىش ئۈچۈن پادىشاھتىن رۇخسەت ئېلىپ شەھەرمۇشەھەر ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى سەنۇبەر پادىشاھقا بىر-بىرلەپ بايان قىلىپتۇ. سەنۇبەر پادىشاھ:

— ئەي ۋەزىر، سەن بەلخ شەھىرى پادىشاھىنىڭ ۋەزىرى ئىكەنسەن، مېنىڭ بۇ سىرىمنى خۇدادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. خەير، ئەمدى ساڭا ئىزھار قىلىپ بېرەي! — دەپ ۋەزىرنى يەنە بىر ئىشىكتىن باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇلار يەتمىش-سەكسەن ئۆيدىن ئۆتۈپ بىر ئىشىكنى ئېچىپتۇ. ۋەزىر ئۇ ئىشىكتىن چىقىپلا بىر تۈپتۈز سەھنىنى كۆرۈپتۇ. سەھنە ناھايىتى چىرايلىق زىلچە-گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر راۋاق بار ئىكەن. ئۇ راۋاقنىڭ ئىچىگە ئىككى ئالتۇن تەخت ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئالتۇن تەختنىڭ بىرى قۇرۇق، يەنە بىرىدە بىر سېرىق ئىت ياتقانىكەن. ئىتنىڭ ئالدىدا ئىككى ئاي سۈپەتلىك كېنىزەك تۇرغان بولۇپ، بىرسى قىل يەلپۈگۈچ بىلەن ئىتقا يېپىشقان پاشىلارنى قورۇسا، يەنە بىرى ياغلىق بىلەن ئىتنىڭ تۇمشۇقلىرىنى سۈرتۈپ تۇرغانىكەن.

راۋاقنىڭ سول تەرىپىدە بىر جۈپ ئات باغلاقلىق ئىكەن. پادىشاھ ئۇ يەرگە يېقىن كېلىپ:

— ئەي ۋەزىر، ئۈستۈڭگە قارىغىن، — دەپتۇ. ۋەزىر يۇقىرىغا قارىسا، راۋاقنىڭ بىر تال ياغىچىنىڭ ئۇچىدا بىر تۆمۈر قەپەس ئېسىقلىق تۇرغانىكەن. قەپەسنىڭ ئىچىگە بىر ئاي يۈزلۈك مەلىكە بەنت قى-

لىنغان بولۇپ، مەلىكىنىڭ جامالىدىن ھۆرپەرىلەرمۇ تەپتارتىپ جەننەت ئىچىگە كىرىپ كېتىدىكەن. مەلىكە قەپەسنىڭ ئىچىدە يۇقىرى بەدىنى يالىڭاچ ھالدا ئولتۇرغان بولۇپ، قەپەسنىڭ تۆمۈرلىرى مەلىكىنىڭ بەدەنلىرىگە پېتىپ ئازابلىنىۋاتقانىكەن. ۋەزىرنىڭ مەلىكىگە رەھمى كېلىپ، كۆزىدىن بىئىختىيار ياشلار تۆكۈپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي ۋەزىر، نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن، — دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، شۇنداق گۈزەل مەلىكىگە مۇشۇنداق زۇلۇمنى سالغانلىقىڭىزغا چىدىماي يىغلاۋاتىمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي ۋەزىر، ھېلىقى قەلەندەر ئېيتقان «سەنۇبەر گۈلگە نېمە قىلدى؟ گۈل قەھرى زۇلۇم قىلدى» دېگەن مۇشۇدۇر. بۇ ماڭا زۇلۇم قىلغان. شۇڭا مەن بۇنىڭغا مۇشۇنداق جاپانى سالدىم. ئەمدى مەن ساڭا بۇنىڭ ھېكايىسىنى ئىزھار قىلىپ بېرەي! — دەپ سەنۇبەر پادىشاھ سۆزگە كىرىشىپتۇ.

— ئەي ۋەزىر، بۇ گۈلپەرى يەتتىنچى ئىقلىم — كوھىقاپ پادىشاھىنىڭ قىزىدۇر. مەن بۇ قىزنى چۈشۈمدە كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولغان. نەچچە يىللار چۆل-باياۋانلارنى كېزىپ، نەچچە ئۆلۈملەردىن قۇتۇلۇپ، كوھىقاپقا باردىم. شەھبال ئىبنى شەھرۇققا ئەرز ئەھۋالىمنى يەتكۈزۈپ، قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ، گۈلپەرىنى ئۆز نىكاھىمغا ئېلىپ، شەھرىمگە ئېلىپ كەلدىم. بىر يىلدىن كېيىن ئاتام پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. مەن ئاتامنىڭ ئورنىغا تۆت يۈز قىرىق تۆت شەھەرگە پادىشاھ بولدۇم. گۈلپەرى-نىڭ كۆڭلىنى شۇنداق ئاسرىدىمكى، كىيىمسىز قۇچاقلاپ ياتسام بەدىنى زەخىملىنىپ قالامسۇن دەپ چىرايلىق يىپەكتىن كۆڭلەك كىيگۈزۈپ، كېچىسى كۆڭلەكنىڭ ئۈستىدىن قۇچاقلاپ ياتاتتىم.

بىر كۈنى ئويغىنىپ ئولتۇرۇپ قىزىلگۈلنىڭ كامالچىسى بىلەن بىرنى ئۇرۇپ قويسام ئاغرىپ قېلىپ، ئۈچ ئاي ياتتى. بەش-ئالتە يىل شۇ تەرىقىدە ئۆتتى. ھەر كۈنى ئاخشىمى يېتىپ كۆزۈم ئۇيقۇغا بارا-بارمايلا گۈلپەرى ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كېتىدۇ. مەن ئويغاپ قالىمەن. سەھەردە ئويغانغاندا يېنىمدا ياتقانلىقىنى كۆرىمەن. كەچتە كېلىپ ياتتىمۇ ياكى سەھەردە كەلدىمۇ بىلەلمەي قالىمەن. ئۈچ-تۆت يىل شۇنداق ئۆتتى. بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇنى بىر سىناپ بېقىش قارارىغا كېلىپ يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالدىم. مەلىكە ئورنىدىن قوپۇپ مېنىڭ تونۇمنى ئۈچىسىغا، تاجىمنى بېشىغا كىيىدى-دە، توققۇزلۇق ئاتنىڭ بىرىنى مىنىپ تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ، قىلىچىمنى ئېلىپ بىر ئاتقا مىنىپ ئارقىسىدىن قارا كۆرۈپ ماڭدىم. مەلىكە شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىشى بىلەنلا دەرۋازىۋەنلەر دەرۋازىنى ئېچىپ بەردى. ئۇ شەھەردىن چىقىپ كەتتى. ئارقىدىنلا دەرۋازىنىڭ ئالدىغا مەن كەلدىم. دەرۋازىۋەنلەر مېنى كۆرۈپ تونۇدى. مەن دەرۋازىۋەنلەردىن:

— دەرۋازىدىن چىقىپ كەتكەن كىم؟ — دەپ سورىدىم. دەرۋازىۋەنلەر:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئۈچ-تۆت يىلدىن بۇيان ئۇ كىشى ھەر كۈنى مۇشۇ ۋاقىت بىلەن كېلىدۇ، بىز تېخى ئۇ كى-

شىنى ئۆزلىرى ئوخشايدۇ دەپ دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىمىز. كىملىكىنى بىزمۇ بىلمەيدۇق، — دېدى.

مەن دەرۋازىدىن چىقىپ قارىسام مەلىكە شەھەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى تاغقا قاراپ كېتىۋاتقانىكەن. مەن كەينىدىن قارا كۆرۈپ ماڭدىم. مەلىكە تاغقا يېقىن كەلگەندە ئۇ غار ئىچىگە كىرىپ كەتتى. غارنىڭ ئىشىكى يولغا قارايدىكەن. مەن بىتاقەت بولۇپ غارنىڭ ئىچىگە قارىسام، غار ئىچىدە قىرىق زەڭگى ئولتۇرۇپتۇ. ئوتتۇرىغا بىر شىرە قويۇلغان بولۇپ، ئۇستىدىكى تەخسىلەردە قەنت-ناۋات، كاۋاپلار تىزىلىپتۇ. شىشىلەردە هاراق-شارابلار تۇرۇپتۇ. مەلىكە غارغا كىرىشى بىلەنلا زەڭگىلەرنىڭ چوڭى كايىپ تۇرۇپ:

— ئەي بۇزۇق، بۈگۈن نېمە ئۈچۈن كېچىكىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراق قىلدى.

مەلىكە:

— پادىشاھنى ئۇخلىتالماي كېچىكىپ قالدىم، — دېدى.

زەڭگىلەرنىڭ چوڭى مەلىكىنى بىر كاچات ئۇرغانىدى، مەلىكە يىقىلىپ چۈشتى. بىر ئازدىن كېيىن مەلىكە قاقاقلاپ كۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، زەڭگىنىڭ بويىندىن قۇچاقلاپ يۈزىگە بىر قانچىنى سۆيدى. زەڭگى مەلىكىگە «شاراب تۇتقىن» دەپ بۇيرۇدى. مەلىكە ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلىپ قولىغا پىيالە ئېلىپ، شاراب قۇيدى. بىر قولىغا شاراب، يەنە بىر قولىغا كاۋاپلارنى ئېلىپ، زەڭگىلەرنىڭ ئاغزىغا شارابنى قۇيۇپ، ئارقىسىدىن كاۋاپلارنىمۇ ئاغزىغا سېلىپ قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن زەڭگىنىڭ بويىندىن قۇچاقلاپ سۆيگىلى تۇردى. مەلىكە ھەدەپ زەڭگىلەرگە شاراب ئىچۈرەتتى. مەن غارنىڭ ئالدىغىراق كېلىپ ئاتتىن چۈشۈشۈمگە، مەلىكىنىڭ ئېتى مەن مىنىپ كەلگەن ئاتنى كۆرۈپ قىلىپ كىشنىدى. زەڭگىلەرنىڭ چوڭى ئاتنىڭ كىشنىگەنلىكىنى ئاڭلاپ:

— ئات كىشنەۋاتىدۇ، چىقىپ قاراپ بېقىڭلار! بىرەر كىشى كېلىپ قالغان بولمىسۇن يەنە، — دېدى.

بىر زەڭگى غاردىن چىقتى. مەن دەرھال قىلىچىمنى يالڭاچلاپ ئىشىكنىڭ يان تەرىپىگە ئۆتتۇم. زەڭگى ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىشىغا بىر قىلىچ ئۇرۇپ بېشىنى يەرگە توپتەك چۈشۈردۈم. زەڭگى يىقىلىپ چۈشۈشىگە پۇتىدىن سۆرەپ نېرى ئاپىرىپ تاشلىۋەتتىم. زەڭگىلەرنىڭ چوڭى:

— ئۇ هايال بولۇپ قالدى. سەن چىقىپ قاراپ باق، — دەپ يەنە بىر زەڭگىنى بۇيرۇدى.

مەن ئۇنىمۇ بىر قىلىچ ئۇرۇش بىلەنلا ئىشىنى تامام قىلدىم. شۇ تەرىقىدە قىرىق زەڭگىنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدىم. ئاخىردا زەڭگىلەرنىڭ چوڭى قالدى. بىر ئاز كۈتۈپ تۇرسام غاردىن چىقمىدى، غەزەپ ئوتىدىن ئۆزۈمنى تۇتالماي غارنىڭ ئىچىگە كىردىم.

زەڭگىلەرنىڭ چوڭى مېنىڭ كىرگەنلىكىمنى كۆرۈپ ئورنىدىن چاچراپ قوپتى. ئىككىمىز غارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېلىشىپ قالدۇق. زەڭگىنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ ئۆزۈمنى سىناپ باقسام، زەڭگىگە كۈچۈم يېتىدىغاندەك ئەمەس. دىلىمدا ئاللا تائالاغا مۇناجات قىلدىم. ئاللا تائالا غايىبتىن كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلدى. زەڭگىنى ناهايىتى تېزلا يەڭدىم. مەلىكە زەڭگىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن قوپتى-دە، غارنىڭ بۇلۇڭىدىن بىر خالتا تېرىق ئەكىلىپ پۇتۇمنىڭ ئارىسىغا تۆكتى. مەن

تىپىلىپ يىقىلىشىغا چىراغ ئۆچۈپ ئەتراپ قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتتى.

— ئەي مەلىكە، خەنجىرىمنى ئەكىلىپ بېرىڭ، — دېدى زەڭگى.

مەلىكە خەنجەر تېپىش بىلەن بەند بولۇپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتا تىمىرلاپ ئىزدىشىپ تۇرۇشۇمغا زەڭگى ئۈستۈمدىن سەكرىلىپ چۈشتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ زەڭگىنىڭ مەيدىسىگە مىنىپ تۇرسام مەلىكە قاراڭغۇدا مېنى تونۇيالماي خەنجەرنى قولۇمغا بېرىپ قويۇپلا ئۆزى چىراغ ياققىلى كەتتى. مەلىكە چىراغنى يېقىپ بولغۇچە ئارىلىقتا مەن زەڭگىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ بولدۇم. مەلىكە چىراغنىياندۇرۇپ زەڭگىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى؛ مېنىڭ قولۇمدا خەنجەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ خازان بولغان ياپراقتەك تىترەپ غارنىڭ تېمىغا چاپلىشىپ قالدى. ئارقامغا قارىسام ئەنە شۇ تەخت ئۈستىدە ياتقان ئىت ئارقامدا تۇرۇپتۇ. ئىتنىڭ ئاغزىدا زەڭگىنىڭ ئىككى بۆرىكى تۇرۇپتۇ. ئەسلىدە زەڭگى مېنى بېسىپ مەيدەمگە مىنىۋالغاندا ئىتىم كەينىمدىن كېلىپ زەڭگىنى چىشلەپ بۆرىكىنى ئۈزۈۋالغانىكەن. زەڭگى ئۇنىڭ ئاغرىقىغا پايلىماي ئۈستۈمدىن يىقىلىپ چۈشكەنىكەن. مەن مەلىكىنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقتىم. مەلىكە مىنىپ كەلگەن ئاتقا ئىتىمنى چىقىرىپ، ئۆزۈم مىنگەن ئاتقا مەلىكىنىڭ چېچىدىن مەھكەم باغلىدىم. ئىتىم مىنگەن ئاتنى يېتىلەپ كېچە يول يۈرۈپ ئوردىغا قايتىپ كېلىپ، مەلىكىنى ئاشۇ قەپەس ئىچىگە بەند قىلدىم. مانا بۈگۈن يىگىرمە يىل بولدى.

مەلىكىنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ قىزىنىڭ بىۋاپالىق قىلغىنىنى ئاڭلاپ ھالىدىن خەۋەر ئالمىدى، — دەپ سەنۇبەر پادىشاھ ھېكايىسىنى تاماملاپتۇ. ۋەزىر پادىشاھ سەنۇبەر بىلەن خوشلىشىپتۇ. سارايغا كېلىپ غۇلام خىزمەتكارلىرىنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. نەچچە كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ مىڭ جەبىر-جاپالار بىلەن ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كەپتۇ. پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ كۆرگەن، ئىشىتكەن جىمى ئىشلارنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، سەنۇبەر دېگەن تۆت يۈز قىرىق تۆت شەھەرنىڭ پادىشاھى ئىكەن. خوتۇنى يەتتە ئىقلىم كوھىقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى ئىكەن. خوتۇنىنىڭ ئىسمى گۈلپەرى ئىكەن. گۈلپەرىنىڭ پادىشاھ سەنۇبەرگە قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالماپتۇ. شۇڭا ئۇ قەلەندەر «سەنۇبەر گۈلگە نېمە قىلدى؟ گۈل قەھرى زۇلۇم قىلدى» دېگەنىكەن، — دەپ پادىشاھ سەنۇبەردىن ئاڭلىغان ھەممە ئىشلارنى بىر-بىرلەپ بايان قىپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي ۋەزىر، سەنۇبەر پادىشاھ شۇنداق چوڭ خەزىنىگە، شۆھرەتكە ئىگە تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ خوتۇنى كەچۈرگۈسىز پەسكەشلىك ئىشلارنى قىلىپتۇ. مەن ئاتمىشتىن ئۆتۈپ، يەتمىشكە قەدەم قويدۇم. قىرىق خوتۇنۇم بار. بۇ قىرىق خوتۇن ھەر بۇلۇڭ-پۇشقاقلاردا يېتىپ نېمە ئىشلارنى قىلدۇ، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ. بۈگۈندىن ئېتىبارەن قىرىق خوتۇنۇمنىڭ ھەممىسىنى ئۈچ تالاق قىلدىم، — دەپ پادىشاھلىق لىباسىنى سېلىپ تاشلاپ، دىۋانىلىق لىباسىنى كىيىپتۇ. ئوردىدىن چىقىشقا ھازىرلانغاندا ۋەزىر ئالدىنى توسۇپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئىلگىرى ھېلىقى قەلەندەر بىلەن چىقىپ كەتكەن بول-

نىلا جاھان خەلقى «پادىشاھ جاھانگەشتىلىككە چىقىپ كېتىپتۇ» دەپ قالغان بولاتتى. ئەمدى چىقىپ كەتسىلە جاھان خەلقى «پادىشاھ خوتۇنلىرىنىڭ زۇلمىدىن پادىشاھلىقىنى تاشلاپ قەلەندەر بولۇۋاپتۇ» دەپ مالامەت قىلىدۇ. شۇڭا بۇنىڭ بىردىنبىر چارىسى شەھەرنىڭ ئىچىگە بىر قورغان سالدۇرساق، قورغان پۈتۈپ تەييار بولغاندا شەھەرگە «ھەر كىشىنىڭ خوتۇنى قىز تۇغسا پادىشاھنىڭ بارگاھىغا ئېلىپ كەلسە پادىشاھ شۇنىڭغا چوڭ سوۋغات تەقدىم قىلىدۇ» دەپ جاكارلىساق، كىشىلەر قىز بالىلىرىنى ئېلىپ كەلسە ئانىسى بىلەن ئۇل قورغانغا سولاپ، قورغاندا تەربىيىلىسەك، قىزلار چوڭ بولغاندا ئۇلاردىن بىرىنى ئەمىرلىرىگە ئالسىلا، چۈنكى ئۇنداق قىز ئانىسىدىن باشقا ھېچقانداق كىشىنى كۆرمىگەچكە كۆزى قارىغۇ چوڭ بولۇپ ناھايىتى ئەخلاقلىق، ئەقىدىلىك چوڭ بولىدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرىنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈپ، نىيىتىدىن قايتىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرگە شەھەرنىڭ سىرتىغا بىر قورغان سالدۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر جىمى يۇرتلاردىن ئۇستا تامچى، ياغاچچى ھۈنەرۋەنلەرنى يىغدۇرۇپ ئۈچ يىلدا سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكىنى قىرىق غۇلاچ، كەڭلىكى يىگىرمە غۇلاچ كېلىدىغان بىر قورغان سالدۇرۇپتۇ. قورغانغا بىرلا دەرۋازا بېكىتىپتۇ. قورغان پۈتكەندىن كېيىن پادىشاھقا قورغاننىڭ پۈتكەنلىكىنى مەلۇم قىلىپتۇ.

پادىشاھ قورغاننى كۆرۈپ خۇش بولۇپتۇ. جاكارچىلارنى يىغدۇرۇپ، شەھەرگە جاكار قىلىپتۇ:

— ھەر كىشىنىڭ خوتۇنى قىز تۇغسا پادىشاھنىڭ بارگاھىغا ئېلىپ بارسۇن! پا-

دىشاھ ئۇلارغا سوۋغات تەقدىم قىلماقچى.

ئەلقىسسە، ھەر كىشىنىڭ خوتۇنى قىز تۇغسا پادىشاھنىڭ بارگاھىغا ئېلىپ بارغىلى تۇرۇپتۇ. پادىشاھ قىز تۇغقان ئاياللارنىڭ ئەرلىرىگە ئالتۇن، كۈمۈش سوۋغات قىلىپ، قىزنى ئانىسى بىلەن بىللە قورغانغا سولىغىلى تۇرۇپتۇ. بىر ھەپتىدىلا قورغانغا ئۈچ مىڭ قىز يىغىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئايمۇ-ئاي، ھەپتىمۇ ھەپتە ئوزۇق-تۈلۈكى بىلەن كىيىم-كېچەكلىرىنى تەق قىلىپ بېرىپتۇ. دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىپ ئاچقۇچىنى پادىشاھ ئۆزى ساقلاپتۇ. قورغاننى مۇھاپىزەت قىلىشقا بەش يۈز كىشىنى قويۇپ قىزلارنى تەربىيىلەشكە مەشغۇل بولۇپتۇ.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، ئارىدىن ئون ئىككى يىل ئۆتۈپ ئون ئۈچىنچى يىلغا قەدەم قويغاندا ۋەزىر پادىشاھقا مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، قىزلارنى قورغانغا سولاپ تەربىيىلىگىلى ئون ئۈچ يىل بولدى. قىزلارمۇ بالاغەتكە يەتتى، ئون ئۈچ يىلدىن بۇيان قورغاننىڭ ئىچىدە ئۈچ مىڭ ئايال ئەرسىز قالدى. شەھەردە بولسا ئۈچ مىڭ ئەر خوتۇنسىز قالدى. بۇلارغا ناھايىتى ئۇۋالچىلىق بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا كۆڭۈللىرىگە يارىغان قىزدىن بىرنى ئەمىرلىرىگە ئېلىپ قالغانلىرىنى قورغاندىن چىقىشقا رۇخسەت بەرسەك، — دەپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ سۆزىگە ماقۇل بولۇپ، قورغانغا كېلىپتۇ. پادىشاھ شاھ سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ ۋەزىرگە:

— ھەر قايسى ئاياللار قىزلىرىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ مېنىڭ ئالدىمدىن بىر-بىرلەپ ئۆتسۇن، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

ۋەزىر ھەممە خوتۇنلارغا پادىشاھنىڭ

يارلىقىنى يەتكۈزۈپتۇ. ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرىغا ئۇپپا-ئەڭلىكلەرنى سۈرۈپ، ئۆز قىزلىرىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ پادىشاھنىڭ ئالدىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتتۈشكە باشلاپتۇ. قىزلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىزنىڭ ئاجايىپ خۇلقلىرى بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ ئۇ قىزغا كۆڭلى چۈشۈپ، ئاشىق بىقارار بولۇپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرگە:

— ئەي ۋەزىرىم، شۇ كېلىۋاتقان قىز بولىدىكەن، — دەپتۇ.

ۋەزىر ئۇ قىزنى ئىشارەت بىلەن ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ، قالغانلىرىغا سوۋغا-سالاملارنى بېرىپ قورغاندىن ئازاد قىلىپتۇ. پادىشاھ قورغاندا قىرىق كېچە-كۈندۈز نەغمە-ناۋالار بىلەن توي قىلىپ قىزنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىپتۇ.

پادىشاھ ئون ئۈچ يىلدىن بۇيان قىرىق خوتۇنىنىڭ ئوردىسىنىڭ ئورنىغا يېڭى ئوردا سالدۇرۇپ قويغانىكەن. پادىشاھ يېڭى مەلىكىنى چىرايلىق زىننەتلەنگەن مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن يېڭى ئوردىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئوردىنىڭ ئىچىگە خاھى ئەر، خاھى ئايال، خاھى قىز بولسۇن ئادەم سۈرىتى شەكلىدىكى ھېچقانداق مەخلۇقاتنى كىرگۈزمەپتۇ. ھەتتا پادىشاھ بارگاھقا، شىكارغا چىقار بولسا، دەرۋازىسىغا قۇلۇپ سالىدىغان، كىرگەندە قۇلۇپنى ئۆزى ئېچىپ كىرىدىغان بوپتۇ.

شۇ تەرىقىدە ئىككى-ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ شىكارغا چىقىپ كېتىپتۇ. مەلىكە كۆڭلىدە «مېنىڭ ئېرىمنى پادىشاھ دەيدۇ. لېكىن مەن ئېرىمنىڭ شەھىرىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئېرىمنىڭ شەھىرى زادى قانداق شەھەردۇر. ھەممە ئەركىشى مېنىڭ ئېرىمگە ئوخشاش ئاقساقالمىدۇر ياكى باشقىچىمىدۇر؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئوردىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ ئەتراپقا قاراپتۇ. ئوردىنىڭ ئارقىسىدا بىر كاتتا ئېرىق بولۇپ، ئېرىقتا ماتا توقۇيدىغانلار يىپلىرىنى يۇيۇپ تازىلايدىكەن. ئۇ كۈنى ماتاچى نەسرۇللا ئۇستام ئېرىقتا يىپلىرىنى يۇيۇپ تۇرغانىكەن. تۇساتتىن نەسرۇللا ئۇستىنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈشى مەلىكىنىڭ يەرگە قارىشى بىلەن توغرا كېلىپ قاپتۇ. نەسرۇللا ئۇستا ئوردىنىڭ ئۆگزىسىدە تاڭ نۇرىدەك بىر مەلىكىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈش بىلەن تەڭلا، مەلىكىنىڭ يادەك ئەگىم قاشلىرىدىن ئىشق ئوقى ئېتىلىپ چىقىپ نەسرۇللا ئۇستىنىڭ يۈرەك باغرىغا سانجىلىپتۇ.

نەسرۇللا ئۇستا ھوشىدىن كېتىپ موللاقچى كەپتەردەك يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. شۇ ياتقانچە نامازدىگەرگىچە يېتىپتۇ. ئېرىقنىڭ يۇقىرىسىغا يىپلىرىنى يۇيۇشقا كەتكەن باشقا ئۇستىلار يىپلىرىنى يۇيۇپ، ئېشەكلىرىگە ئارتىشىپ كېلىپ نەسرۇللا ئۇستىنىڭ كۆكرىكىنى يەرگە يېقىپ ياتقانلىقىنى، چىرايىنىڭ زەپىرەڭدەك سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئۇستىلار نەسرۇللا ئۇستىنىڭ يۈز-كۆز، يۈرەكلىرىگە سۇلارنى سېپىپ مىڭ-مۇشەققەتتە ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. ئۇستىلار ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزغان بولسىمۇ، نەسرۇللا ئۇستىنىڭ پۇت-قولىدا ماغدۇرى بولمىغانلىقتىن تۇرالماپتۇ. ئۇستىلار نەسرۇللا ئۇستىنى بىر ئېشەككە مىندۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ پالاس توقۇيدىغان يىپلىرىنى يەنە بىر ئېشەككە ئارتىشتۇرۇپ نەسرۇللا ئۇستىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. نەسرۇللا ئۇستا ئۆينىڭ ئىشىكىنى مەھكەم ئېتىپ، يەرگە سۇ سېپىپ باغرىنى ھۆل يەرگە يېقىپ كۆيۈك ئوتىدا ئاھ ئۇرۇپ ئۈچ

كېچە ـ كۈندۈز يېتىپتۇ. گېلىدىن ھېچقانداق نەرسە ئۆتمەپتۇ.

نەسرۇللا ئۇستىنىڭ بىر قېرى دەللە قوشنىسى بار ئىكەن. ئۇ دەللە قېرى كۆڭلىدە: «بۈگۈن تۆت كۈن بولدى. نەسرۇللانىڭ ئىشىكى ئېچىلمىدى. بۇ ئۇستا سەھراغا چىقسا ئۆيۈمگە قاراپ قويۇڭلار دەپ قويىدىغان، ئۇ ئۇستىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىپ گېلىنى بوغۇپ قويدىمۇ يا ئاغرىپ يېتىپ قالدىمۇ؟ تالا-تۈزگە ھېچ چىقمايدىغۇ؟ مەن ئۇنىڭ ھالىدىن بىر خەۋەر ئېلىپ قوياي» دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ ئۆگزىسىدىن ئۇستىنىڭ ئۆگزىسىگە مۈشكۈلدە چىقىپ ھويلىسىغا چۈشۈپتۇ. ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۇستىنىڭ ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەيدىسىنى يەرگە يېقىپ ياتقانلىقىنى، چىرايىنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— ھەي ئۇستا، ئىشىكنى ئاچقىن، — دەپتۇ. ئۇستا دەللىنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ.

قېرى دەللە ئۇستىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنىڭدىن:

— ساڭا نېمە ئىش بولدى. نېمە ئۈچۈن ئۈچ-تۆت كۈنگىچە تالا-تۈزگە چىقماي ئۆيدە يېتىۋېرىسەن، — دەپتۇ. نەسرۇللا ئۇستا بېشىدىن ئۆتكەننى باشتىن-ئاخىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. قېرى دەللىنىڭ ئۇستىغا رەھمى كېلىپ:

— ئۇستام، مەن سىزنى مەلىكە بىلەن ئۇچراشتۇرسام، يول ماڭغان ئەجرىم ئۈچۈن ماڭا بېرىدىغان بىر نېمىڭىز بارمۇ؟ — دەپتۇ. ئۇستا:

— ئانا، ئەگەر مېنى مەلىكە بىلەن ئۇچراشتۇرسىلا، نەچچە يىلنىڭ مابەينىدە ئوقەت قىلىپ تاپقان ئۈچ يۈز تەڭگە پۇلۇمنى سىلىگە ئاتايمەن، — دەپ ئۈچ يۈز تەڭگە پۇلنى دەللىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

دەللە پۇلنى قولىغا ئېلىپ:

— ئاز بولسىمۇ ئالاي، قالغىنىنى سەن ئۈچۈن خالىسانە خىزمەت قىلىپ قويغان بولاي، — دەپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. قېرى دەللە ئۇستىگە بىر يىرتىق ئەسكى چاپاننى كىيىپ يۈز-كۆزلىرىگە كىرىدىم قىلىپ، چېكىسىنى ئەسكى ياغلىق بىلەن مەھكەم تېڭىپ ئۆزىنى ئاغرىق ئادەم قىياپىتىگە كىرگۈزۈپ پادىشاھنىڭ شىكارغا ئۆتىدىغان يولىغا كېلىپ بىر كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە پۈتۈن بەدەن ئەزايىمنى تىترىتىپ بىچارە قىياپەتكە كىرىپ يېتىپتۇ.

ئۇ كۈنى پادىشاھ شىكارغا چىققانىكەن. نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن پادىشاھ شىكاردىن يېنىپ كۆۋرۈككە كەلگەندە، ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە بىر بىچارە قېرىنىڭ تىترەپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. پادىشاھ كۆڭلىدە «بۇ قېرى بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئوخشايدۇ» دەپ رەھمى كېلىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ بىلەن شىكارغا چىققان ۋەزىر ئىلگىرىكى ۋەزىر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بولغانىكەن. ئۇ ۋەزىر پادىشاھقا:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئۇ قېرى مۇساپىر ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاغرىق ئىكەن. مەلىكەم يالغۇز بولغاچقا ئۇ مۇساپىرنى مەلىكەمگە ھەمراھ قىلىپ قويغان بولسىلا قېرىغا بۇ ئالەملىك، ئۆزلىرىگە ئاخىرەتلىك بولۇپ قالغان بولاتتى، — دەپتۇ.

بۇ سۆز پادىشاھقا ماقۇل كەپتۇ. پادىشاھ بىر ياساۋۇلنى كۆۋرۈك ئۈستى-دىكى قىرىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

ياساۋۇل قىرىنى ئېتىنىڭ كەينىگە مىندۇرۇپ ئوردىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپتۇ. پادىشاھ ئوردىنىڭ دەرۋازىسىنى ئۆزى ئېچىپ قىرىنى ئىچكىرىكى ھەرەمخانىغا باشلاپ كىرىپتۇ. مەلىكە قىرىنى كۆرۈپ:

— ئەي پادىشاھ، بۇ كىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

پادىشاھ:

— مەن سىزگە ھەمراھ ئېلىپ كىر-دىم، — دەپتۇ. مەلىكە:

— ماڭا ئۇنداق ھەمراھنىڭ كېرىكى يوق، نەدىن كەلگەن بولسا، شۇ يەرگە كەتسۇن، كۆزۈم كۆرمىسۇن، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— «بېشى قارىنىڭ بارى ياخشى، بوگۇنى قىچقىرىسا ئەتىسى ھە دېسە نېخى ياخشى» تۇرۇپ تۇرسۇن، — دەپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

مەلىكە دەللىنىڭ قىياپىتىدىن كۆڭ-لى غەش بولۇپ دەللىنىڭ يۈزىگە قارالماپ-تۇ. دەللىنى قوغلىۋېتەي دېسە پادىشاھتىن قورقۇپتۇ. ئاخىرى نائىلاج ئۇ قىرىنى بىر ئۆيگە سولاپ كونا كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ئوردىنىڭ ئارقىسىغا تاشلىۋېتىپتۇ. ئۇ قىرىنى پاكىز يۇيۇندۇرۇپ بىر قۇر يېڭى كىيىم كىيگۈزگەنىكەن، خېلىلا ئوڭشۇلۇق ئايىلكام بولۇپ قاپتۇ. قىرى دەللە ھەر كۈنى مەلىكىنىڭ باش-كۆزىنى سىلاپ بېشىنى باقىدىغان بوپتۇ. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئۇ قىرى دەللە مەلىكىنىڭ بېشىنى بېقىپ ئولتۇرۇپ «ئاھ خۇدايىم» دەپتۇ. مەلىكە:

— نېمە دەردىڭىز بار، نېمە ئۈچۈن خۇدايىمغا ئاھ ئۇرىسىز؟ — دەپتۇ. قىرى دەللە:

— مەلىكەم، مېنىڭ ھېچ دەردىم يوق. ياشلىقىمدىن تارتىپ يەيدىغاننى يەپ، كىيىدىغاننى كىيىدىم، ئوينايدىغاننى ئوي-نىدىم. مېنىڭ ھېچنېمىدە ئارزۇيۇم قالمى-غان، مەن پەقەتلا ئۆزلىرىنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ياشلىق ئۆمۈرلىرىگە ئەپسۇس-لىنىۋاتىمەن، — دەپتۇ. مەلىكە:

— نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئۆمرۈمگە ئەپسۇسلىنىسىز، — دەپ سوراپتۇ. قىرى دەللە:

— ئۆزلىرى ئون گۈللىرىدىن بىر گۈللىرى ئېچىلمىغان ياش غۇنچىگە ئوخ-شايلا، ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرى بولسا سەكسەن، توقساننىڭ قارىسىنى ئالغان ئادەم. بۇ ئۆزلىرىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان ئىش. ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق ياش گۈزەل جامال-لىرىغا يارىشا ئەدىلا بۇرۇتى خەت تارتقان ياش يىگىت بىلەن ئەيش-ئىشرەتتە بول-غان بولسا تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولغان بولات-تى، دەپ ئەپسۇسلاندىم، — دەپتۇ.

مەلىكە:

— ئەمدى ماڭا ئۇنداق سۆزنى قىل-مىغۇچى بولماڭ، ئۇنداق كىشىنى ئېلىپ كىرگەن كۈنى پادىشاھ ئۈچىلىمىزنىڭ بېشىنى كېسىپ تاشلايدۇ، — دەپتۇ

قىرى دەللە:

— ئۇنداق كىشىنى ئېلىپ كىرگەن كۈنى ساقلاش مەندىن، ئويناش سىلى-دىن، — دەپتۇ. مەلىكە:

— ئۇنداق يىگىتنى قانداق ئېلىپ كىرگىلى بولىدۇ، — دەپتۇ. قىرى دەللە:

— پادىشاھ شىكارغا چىقىپ كەتسىلا

ئوردىنىڭ دەرۋازىسىغا قۇلۇپ سېلىپ قويىدىكەن، شۇڭا پادىشاھ شىكارغا چىقار ۋاقتىدا ئاچقۇچنى سورىسىلا، پادىشاھ «ئاچقۇچنى نېمە قىلىسىز، دېسە»، «قېرى دەللە ئۆيىدە بىر تۈگمە مونچىقىم بار ئىدى. ئۇنى ئانامنى كۆرگەن كۆزۈمدە كۆرۈپ ساقلاپ كەلگەنىدىم. شۇنى ئېلىپ كېلىۋالسام. بىر ھاجىتىم بار ئىدى. ئۇ ئىنىم بەش - ئالتە گەز ماتانى زەمزەم سۈيىگە چىلاپ، ماڭا كېپەنلىك قىلىش ئۈچۈن بەرگەنىدى. ئۇنىمۇ ئېلىپ كېلىۋالسام، دەيدۇ» دېسىلە، — دەپتۇ.

ئەلقىسسە، كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى پادىشاھ شىكارغا چىقماقچى بوپتۇ. مەلىكە دەللىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە پادىشاھتىن دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ قاپتۇ. پادىشاھ تاشقىرىغا چىقىپ دەرۋازىغا قۇلۇپ ساپتۇ. دەرۋازا باققۇچىلارغا:

— دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچىنى ئىچكىرىدە قويۇپ چىقتىم. قېرى دەللىنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كېلىۋالىدىغان نەرسىلىرى بار ئىكەن، قېرى دەللە نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىپ ئاچقۇچىنى دەرۋازىنىڭ ئارىسىدىن سۇنۇپ بېرىڭلار، ئىچكىرىگە ئېلىپ كىرىپ كەتسۇن، — دەپ ئېتىغا مىنىپ شىكارغا چىقىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ شىكارغا چىقىپ كېتىش بىلەنلا قېرى دەللە ئاچقۇچنى ئېلىپ چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتۇرۇپتۇ. قۇيۇندەك مېڭىپ نەسرۇللا ئۇستىنىڭ ئۆيىگە كېلىپتۇ ۋە:

— ھەي نەسرۇللا، ئورنۇڭدىن تۇر. ساڭا ياخشى خەۋەر ئېلىپ كەلدىم. مۇرادىڭ ھاسىل بولىدىغان بولدى، — دەپ نەسرۇللانى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ يۇمىلاق سېۋەتنىڭ ئىچىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. نەسرۇللانىڭ بېشىغا كونا كۆڭلەك - تامباللىرىنى يۆگەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى پارچە ئاق ماتانى تۆت قاتلاپ سېۋەتنىڭ ئاغزىنى مەھكەم يېپىپتۇ. سېۋەتنى بېشىدا كۆتۈرۈپ ئوردىنىڭ ئالدىغا بېرىپ دەرۋازىسىنى ئاچتۇرۇپتۇ. دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن دەرۋازىغا قۇلۇپنى سالدۇرۇپ ئاچقۇچنى دەرۋازىنىڭ ئارىسىدىن ئېلىۋاپتۇ. نەسرۇللا ئۇستىنى بىر ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ غۇسۇل تەرەت قىلدۇرۇپتۇ. بىر بوغچىدىن بىر قۇر شاھانە كىيىم ئېلىپ ئۇستىغا كىيگۈزۈپ چىرايلىق بىر يىگىتنىڭ شەكلىگە كەلتۈرۈپتۇ.

دەللە نەسرۇللا ئۇستىنى مەلىكىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. مەلىكە ئۆمرىدە بۇنداق كېلىشكەن ياش ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، خۇشاللىقىدىن ئىچ - ئىچىگە پاتماي قاپتۇ. مەلىكە قېرى دەللىگە تاپا - تەنە قىلىپ:

— مۇنچىلىك ئىشنى بىلىدىغان ئادەم ماڭا نېمە ئۈچۈن بالدۇرراق ئېيتمىدىڭىز، — دەپ نەسرۇللا ئۇستىنى پادىشاھ يېتىپ قوپىدىغان راۋاققا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇ يەردە ئۇستا بىلەن ھەشقىپىچەكتەك چىرمىلىشىپ ئەيش - ئىشرەت قىلىشىپتۇ.

ئەلقىسسە، پادىشاھ شىكاردىن كەلسە مەلىكە نەسرۇللا ئۇستىنى ساندۇققا سولاپ قويىدىكەن. پادىشاھ شىكارغا چىقىپ كەتسە نەسرۇللانى ساندۇقتىن چىقىرىپ راۋاقتا ئەيش - ئىشرەت قىلىشىپ كۆڭۈل ئېچىشار ئىكەن. ئۇلار شۇ تەرىقىدە بىر يىلنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

قازارا كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ

شىكارغا ئاتلىنىپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ پادىشاھنىڭ كۆڭلى غەش بوپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە «ئوردىنىڭ ئىچىدە بىر سىر - ئەسرار باردەك تۇرىدۇ، مەن بۇنىڭدىن بىر خەۋەر ئېلىپ باقاي» دېگەن ئوي كېچىپتۇ. شىكارغا چىقىدىغانلارغا «سىزلەر شىكارغا بارغاچ تۇرۇڭلار، مەن ئارقىڭىزلاردىن يېتىپ بارۇرمەن» دەپ ھەممىسىنى يولغا سېلىپ قويۇپ، ئۆزى ئوردىنىڭ ئارقىسىدىكى بىر تۈپ ئېگىز تېرەككە چىقىپتۇ. تېرەكنىڭ ئۈستىدىن ئوردىنىڭ ئىچىدە يىڭنە ئۇچىنىڭ سۇنۇقىنىمۇ ھەم كۆرگىلى بولىدىكەن. پادىشاھ پەشلىرىنى بېلىگە قىستۇرۇپ، تېرەكنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، ئوردىنىڭ ئىچىگە قارىغۇدەك بولسا ئۆزىنىڭ ئولتۇرىدىغان راۋىقىدا مەلىكە بىر نامەھرەم بىلەن قۇچاقلىشىپ زىنا قىلىشىپ تۇرغانىكەن. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كېتىپتۇ. غەزەپ ئوتىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپتۇ.

شۇ ئەسنادا تېرەكنىڭ تۈۋىگە بىر ئادەم كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئادەم يېنىدىن بىر مىسۋاكنى چىقىرىپ ئايەت ئوقۇپ دەم سالغانىكەن، چىرايلىق بىر چوكان پەيدا بولۇپتۇ. ئۇ ئادەم چوكان بىلەن ئەيش - ئىشرەت قىلىشىپتۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم چوكاننى تېرەكنىڭ تۈۋىدە قالدۇرۇپ، ئۆزى غۇسلى - تەرەت ئالغىلى كېتىپتۇ. ئۇ چوكان ياقىسىدىن بىر يىڭنىنى ئېلىپ ئايەت ئوقۇپ، يىڭنىگە دەم سالغانىكەن ناھايىتى كېلىشكەن بىر يىگىت پەيدا بولۇپتۇ. چوكان يىگىت بىلەن ئەيش - ئىشرەت قىلىشىپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ چوكان يىگىتنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ يەنە بىر ئايەت ئوقۇپ دەم سالغانىكەن، ئاۋۋالقىدەكلا يىڭنە بولۇپ قاپتۇ. يىڭنىنى چوكان ياقىسىغا سانجىپ قويۇپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ھېلىقى ئادەم قايتىپ كېلىپ چوكاننىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ يەنە بىر ئايەتنى ئوقۇپ دەم سالغانىكەن، چوكان شۇ زامان مىسۋاككا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇ ئادەم مىسۋاكنى غىلاپقا سېلىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. بۇ ئالامەتلەرنى كۆرگەن پادىشاھ دەرھال تېرەكتىن چۈشۈپ ھېلىقى ئادەمنى:

— ئەي بۇرادەر، بېرى كەل، — دەپ قىچقىرىپتۇ. ئۇ ئادەم ئارقىغا قاراپ پادىشاھنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

«ۋادەرىغ، پادىشاھ مېنىڭ دەرەخ تۈۋىدە قىلغان ئىشىمنى كۆرۈپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ قورقۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. پادىشاھ ئۇ ئادەمنى باشلاپ ئوردىغا ئېلىپ كىرىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئوردىغا قايتقانلىقىنى بىلگەن مەلىكە نەسرۇللا ئۈستىنى دەرھال ساندۇققا سېلىپ ساندۇقنى سولاپ قويۇپتۇ.

پادىشاھ ھېلىقى ئادەمنى ئۆزى ئولتۇرىدىغان راۋاققا باشلاپ چىقىپ قېرى دەللىگە دەرھال «بىر قازان ئاش تەييار قىلغىن» دەپ بۇيرۇپتۇ. قېرى دەللە ئاشنى تەييار قىلىپتۇ. پادىشاھ دەللىگە ئاشنى يەتتە تەخسىگە بۆلۈپ ئۇسۇشنى بۇيرۇپتۇ. قېرى دەللە ئاشنى پادىشاھنىڭ ھۆكمى بويىچە يەتتە تەخسىگە ئۇسۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىدىكى داستىخانغا قاتار قىلىپ تىزىپتۇ. پادىشاھ «مەلىكىنى قىچقىرغىن» دەپ دەللىنى بۇيرۇپتۇ. قېرى

دەللە مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپ «پادىشاھ سىزنى قىچقىرىۋاتىدۇ» دەپ چاقىرىپ چىقىپتۇ. مەلىكە پادىشاھنىڭ قېشىدا ھېلىقى ئادەمنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ «ۋاي، نامەھرەم كىشى ئىكەنغۇ؟» دەپ ئارقىسىغا يېنىپ كىرىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ مەلىكىگە بىرمۇنچە سىياسەت قىلغانىكەن، مەلىكەم قورقىنىدىن پادىشاھنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

پادىشاھ بىر تەخسە ئاشنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا، ئىككى تەخسە ئاشنى مەلىكىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. يەنە بىر تەخسە ئاشنى قېرى دەللىنىڭ ئالدىغا، ئۈچ تەخسە ئاشنى ھېلىقى ئادەمنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئاندىن پادىشاھ مەلىكىگە قاراپ:

— بۇ بىر تەخسە ئاشنى سەن يەيسەن، يەنە بىر تەخسە ئاشنى يەيدىغان ئادەمنى تاپىسەن، — دەپتۇ.

مەلىكە:

— مېنىڭ بۇ يەردە ئاتا - ئانام بولمىسا مېھمانىنى نەدىن تاپىمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ غەزەپلىنىپ شەمشىرىنى غىلىپىدىن چىقىرىپ مەلىكىنىڭ بېشىغا تەگكۈزگەنىكەن، مەلىكە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىچكىرىگە كىرىپتۇ. ساندۇقتىن نەسرۇللا ئۈستىنى چىقىرىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ، پادىشاھنىڭ قېشىدا ئولتۇرغۇزۇپ، بىر تەخسە ئاشنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

پادىشاھ ھېلىقى ئادەمگە قاراپ:

— بۇ بىر تەخسە ئاشنى سىز يەيسىز، يەنە بىر تەخسە ئاشنى يەيدىغان ئادەمنى ئۆزىڭىز تاپىسىز، — دەپتۇ. ھېلىقى ئادەم كۆڭلىدە «يوشۇرغىنىم بىلەن بولمايدىغان ئوخشايدۇ، ئەمدى يوشۇرسام بولماس» دەپ يېنىدىن مىسۋاكىنى چىقىرىپ بىر ئايەتنى ئوقۇپ دەم سالغانىكەن، ھۆسن - جامالى كېلىشكەن چىرايلىق بىر چوكان پەيدا بولۇپتۇ. پادىشاھ ئۇ چوكاننى ھېلىقى ئادەمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئاندىن پادىشاھ ئىككى تەخسە ئاشنى چوكاننىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— بىر تەخسە ئاشنى سىز يەڭ، يەنە بىر تەخسە ئاشنى يەيدىغان ئادەمنى تېپىڭ! — دەپتۇ.

ھېلىقى ئادەم:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بۇنى مەن مىسۋاك قىلىپ يېنىمدا ساقلىغىلى نەچچە يىللار بولدى. سىلى دېگەن ئادەمنى ئۇ نەدىن تاپىدۇ؟ — دەپتۇ. پادىشاھ ھېلىقى ئادەمگە «سىز بىر ئاز شۈك ئولتۇرۇڭ. ئادەمنى مەن تاپتۇرىمەن» دەپ يېنىدىن شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ چوكاننىڭ گەدىنىگە تەگلەپ تۇرۇپ:

— ئادەمنى دەرھال تاپقىن! بولمىسا كاللاڭنى ئالىمەن! — دەپتۇ. چوكان قورقۇپ - تىترەپ دەرھاللا ياقىسىدىن يىڭنىنى ئېلىپ ئايەت ئوقۇپ دەم سالغانىكەن، شۇنداق كېلىشكەن بىر ياش يىگىت پەيدا بوپتۇ. ھېلىقى ئادەم بۇ ئىشقا ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاپتۇ. پادىشاھ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ قىلىچ بىلەن مەلىكىنىڭ بويىنغا شاپ قىلىپ بىرنى ئۇرغانىكەن، شۇ ھامانلا مەلىكىنىڭ بېشى كېسىلىپ ئۇن قەدەم يەرگە چۈشۈپ سەكرەپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قىلىچ بىلەن نەسرۇللا ئۈستىنى بىرنى ئۇرغانىكەن، قەلەمچە قىلغان قۇمۇشتەك شۇ زامان جان تەسلىم قىلىپتۇ. ئاندىن قېرى دەللىنىڭ بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىلىچ بىلەن تازا كەلتۈرۈپ بىرنى ئۇرغانىكەن، قېرى دەل-

(داۋامى 149 - بەتتە)




(چۆچەك)

قەدىمكى زاماندا، مەلۇم بىر دەريانىڭ ياقىسىدا بىر شەھەر بولغانىكەن. ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى تولىمۇ زالىم ئىكەن. خەلق ئۇنىڭ زۇلمىدىن زار - زار قاخشايدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ھەرەم بېغىدىكى راۋاقتا چىقىپ ئولتۇرسا، بىر قاغا «قاق-قاق» قىلىپ قاقىلدىغىنىچە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ دەرھال ۋەزىر - ۋۇزۇرالىرىنى چاقىرىپ ئۇلاردىن: «قاغا نېمە دەۋاتىدۇ» دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر خىزمەتچىلىرى: «ئەي پادىشاھى ئالەم، سىلى ئەقىل - پاراسەتكە تولغان، بىلىملىك ئادەم. سىلى بىلمىسىلە بىز پەقەت بىلەلمىدۇق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ: «بۇ بىكار تاپچىلارنىڭ دەرھال كاللىسى ئېلىنسۇن!» دەپ بۇيرۇپتۇ. ئاندىن كېيىن ئالىم - ئۆلىمالارنى چاقىرتىپ، ئۇلاردىن سوراپتۇ. لېكىن ئۇلارمۇ پادىشاھنى قايىل قىلغۇدەك جاۋاب تېپىپ بېرەلمەي بېشىدىن ئايرىلىپتۇ. پادىشاھنىڭ بۇ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي پۈتۈن شەھەر بويىچە نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بوپتۇ.

پادىشاھنىڭ مەلىكە مېھرىنىساي ئىسىملىك گۈزەل ۋە ئەقىللىق بىر قىزى بار ئىكەن. مەلىكە دادىسىنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە مېھرىنىساي دادىسىغا: «ئەي دادا، سىز شۇنچە پەم - پاراسەتلىك، بىلەرمەن تۇرۇقلۇق، ئۆزىڭىز جاۋاب تاپالمىغان سوئالغا جاۋاب تاپقۇزىمەن دەپ، پۈتۈن شەھەردىكىلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، بالا - چاقىلىرىنى يېتىم قالدۇرۇپ، شەھەردىكى ئادەملەرنى ئاز قويدىڭىز. ئۇلار سىزدىن بەزدى. سىز ئۇلاردىن ئايرىلىپ قېلىشقا ئاز قېلىۋاتىسىز. ناۋادا كۈنلەر ئۆتۈپ بېشىڭىزغا بىرەر پالاكەت كەلسە، سىزگە كىممۇ كېلىپ ياردەمدە بولار؟» دېدى. قىزىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پادىشاھ قاتتىق خاپا بولۇپ قىزىنى دەرھال ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. بۇ چاغدا بىر ئاق كۆڭۈل ۋەزىر: «ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر بىرەر ئايالنىڭ قېنى تۆكۈلگەن ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى مەلىكىنى زىندانغا تاشلىساق» دەپ پادىشاھقا مەسلىھەت بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ قىزىنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن يېنىپ زىندانغا تاش-

لاپتۇ. لېكىن، ۋەزىر پادىشاھنىڭ مەلىكىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، بىر ساندۇق ياسىتىپتۇ-دە، مەلىكىنى مەخپىي زىنداندىن ئاچىقىپ ئۇنى ساندۇققا سېلىپ دەرياغا ئېقىتىۋەتمەكچى بوپتۇ. مەلىكە ساندۇققا كىرىش ئالدىدا ۋەزىرگە: «ئەگەر مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، بىر كەمبەغەل يىگىتكە تېگىپ ئۇنى دادامنىڭ ئورنىغا پادىشاھ قىلىپ، خەلقنى بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرىمەن» دەپ قەسەم بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە دەريادا بىر نەچچە كۈن ئاققاندىن كېيىن باشقا بىر قوشنا مەملىكەتكە بېرىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا بىر ئوتۇنچى دەريا بويىدا ئوتۇن كېسىۋاتقان بولۇپ، دەريادا ئېقىپ كېلىۋاتقان ساندۇقنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، يۈگۈرگەن پېتى بېرىپ ساندۇقنى قىرغاققا چىقىرىپتۇ. لېكىن ئاغزىنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ساندۇقنى كۆتۈرۈپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ ساندۇقنى ئاچقۇزۇپ قارىغۇدەك بولسا، ساندۇق ئىچىدە ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، دۇنيادا تەڭدىشى يوق بىر گۈزەل ساھىبجامال ياتقۇدەك. پادىشاھ بۇ قىزنى كۆرۈپ ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. بىرقانچە كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھ مەلىكىنى چاقىرتىۋېلىپ ئۇنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىش توغرىسىدىكى تەلىپىنى ئىزھار قىپتۇ. مەلىكە: «ماقۇل، ئەمما مېنىڭ شەرتىم بار. ئالدى بىلەن مەن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنى بىلىۋالاي. مېنىڭ مەن ئېقىپ كەلگەن دەريا بويىغا بېرىپ كېلىشىمگە رۇخسەت قىلغايسىز» دەپتۇ. پادىشاھ بۇ شەرتكە دەرھال كۆنۈپتۇ. ھەم مەلىكە مېھرىبانىنى بىرقانچە كېنىزەك بىلەن مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ دەريا بويىغا ئۇزىتىپتۇ. مەلىكە دەريا بويىغا بارغاندىن كېيىن دەرياغا قاراپ ئەل-يۇرتنى سېغىنىپتۇ ھەم كۆڭلىدە «مەن ئەسلىدە بىر كەمبەغەل يىگىتكە تېگىپ، دادامنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ خەلقنى ئازاب-كۈلپەتتىن قۇتۇلدۇرىمەن، دەپ قەسەم ئىچكەن تۇرسام، ئەمدى پادىشاھقا خوتۇن بولسام قانداق بولىدۇ» دەپ ئويلاپ ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپتۇ. بۇ چاغدا دەريادا بىر يوغان بېلىق ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغانىكەن، مەلىكە بېلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بىللە بارغان كېنىزەكلەر چۇقىرىشىپ يۈگۈرگەن پېتى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ، مەلىكە مېھرىبانىنىڭ دەردىدە تاج-تەختىنى تاشلاپ سەرگەردان بولۇپ، مەلىكىنى ئىزدەپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇ دەريانىڭ بويىدا بىر بېلىقچى بولۇپ، بالىسى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

بىر كۈنى بېلىقچى بوۋاي ئەتىگەندىلا دەرياغا تور تاشلىغانىكەن، يوغان بىر بېلىق تورغا ئىلىنىپ چىقىپتۇ. بېلىقچى بوۋاي خۇشال بولۇپ، بېلىقنىڭ قورسىقىنى يارسا، ئىچىدىن ھېلىقى ساھىبجامال مەلىكە چىقىپتۇ. قارىسا قىزنىڭ جېنى بار ئىكەن. بېلىقچى بوۋاي مەلىكىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ ياخشى بېقىپتۇ. قىز كۈندىن-كۈنگە ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپتۇ. بوۋاي ھەر كۈنى ئوغلى بىلەن بىللە دەرياغا تور تاشلاش ئۈچۈن كېتىدىكەن. مەلىكە بولسا، بوۋاي بىلەن ئوغلى كەلگۈچە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ مەززىلىك تاماقلار بىلەن ئۇلارنى خۇشال-

خۇرام كۆتۈۋالىدىكەن. ئەمما مەلىكە ھەر-
گىز زۇۋان سۈرمەيدىكەن. شۇنداقتىمۇ بىلىق-
چى بوۋاي مەلىكىنى ئۆز قىزىدەك ياخشى
كۆرىدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ
بىر كۈنى مەلىكە مېھرىنساي تۇيۇقسىزلا: «ئەي
بوۋا، ئوغلىڭىزغا دېسىڭىز، مېنى ئۆز
ئەمرىگە ئالسا» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بو-
ۋاي ھەيران بولۇپ، «ئەي قىزىم، مەن
قول ئىلكىمدە يوق كەمبەغەل بېلىقچى
مەن. سىزنى ئوغلۇمغا ئېلىپ بەرگۈدەك
بىساتىم يوق. بۇنىڭغا قانداق قىلىمىز؟»
دەپتۇ. مەلىكە بوۋاينىڭ غەم-قايغۇسىنى
يوقىتىش ئۈچۈن دەرھال «بوۋا ئۇنداق
دېمەڭ، سىلەر نېمە كىيسەڭلار مەنمۇ
شۇنى كىيمەن، سىلەر نېمىنى يېسەڭلار
مەنمۇ شۇنى يەيمەن» دەپتۇ. مەلىكىنىڭ
بۇ سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەن بوۋاي، ئوغ-
لىنى بىلەن مەلىكىنىڭ نىكاھىنى ئوقۇپ،
ئاددىي-ساددا توي قىلىپ قويۇپتۇ. شۇ-
نىڭدىن كېيىن ئۇلار ناھايىتى خۇشال-
خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. بىر
كۈنى مەلىكە مېھرىنساي قولىقىدىكى ھال-
قىسىنىڭ بىر پېيىنى بوۋايغا بېرىپ: «مۇ-
شۇ ھالقىنى شەھەرگە ئەكىرىپ، سېتىپ
كېلىڭ» دەپتۇ. بوۋاي مەلىكىنىڭ دېگىنى
بويىچە ھالقىنى ئېلىپ شەھەرگە قاراپ
يول ئاپتۇ. بوۋاي شەھەرگە كىرگەندىن
كېيىن ھېلىقى ھالقىنى يېنىدىن چىقى-
رىشىغا ئۇرغۇن كىشىلەر بوۋاينى ئارىغا
ئېلىۋېلىپ «بۇنداق گۆھەر ھالقا پەقەت
پادىشاھنىڭ سارايلىرىدىلا لايىق ئىكەن»
دەپ ھالقىنى ماختىشىپ سودا تالىشىشقا
باشلاپتۇ. دەسلەپ 10 تىللا دەپتۇ، كېيىن
100 تىللا دەپتۇ. ئاخىرى 1000 تىللا-
غا چىقىپتۇ. بوۋاي مىڭ تەسلىكتە ئا-
دەملەر توپىدىن ئايرىلىپ، 1000 تىللانى
قويىنىغا سېلىپ خۇشال-خۇرام ئۆيىگە
قايتىپ كەپتۇ. مەلىكە، بوۋايدىن ئەھ-
ۋالنى ئاڭلاپ خۇشال بوپتۇ. بۇ ھالقىنى
مەلىكە مېھرىنسايىنىڭ دادىسى ئۆز خەزىنە-
سىدىكى ئەڭ قىممەتلىك گۆھەردىن كۆز
قويدۇرۇپ ياسىتىپ بەرگەنىكەن، بۇنداق
گۆھەردىن دۇنيادا ئىككىنچىسى يوق ئى-
كەن. ئەنە شۇ 1000 تىللاغا تامچى، يا-
غاچچى، نەققاش ۋە تۆمۈرچى ئۇستىلارنى
چاقىرتىپ دەريانىڭ قىرغىقىغا، خۇددى
دادىسىنىڭ تەختىگە ئوخشاش راۋاق سال-
دۇرۇپتۇ ھەم ئۆزىنىڭ رەسىمىنى راۋاق-
نىڭ دەرۋازىسىغا چاپلاپ قويۇپتۇ. ئارى-
دىن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ.
بىر كۈنى مەلىكىنىڭ ئىشىق-پىراقىدا
سەرسان بولۇپ يۈرگەن ھېلىقى پادىشاھ،
مەلىكىنى ئىزلەپ بۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ.
قارىغۇدەك بولسا دەرۋازىدا مەلىكە مېھرى-
ساينىڭ سۈرىتى چاپلاقلىق تۇرغۇدەك.
شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ خۇددى گۆھەر
تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ، دەرۋازىۋەن-
گە يېلىنىشقا باشلاپتۇ: «بۇ مەلىكە مې-
نىڭ قولۇمدىن قېچىپ كەتكەن. مەن ئۇ-
نى مىڭ تەسلىكتە ئىزدەپ تاپتىم. مېنى
كىرگۈزۈۋەتسەڭلار» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. لېكىن
دەرۋازىۋەن: «سەن كىم؟ بىز سېنى تو-
نۇمايمىز» دەپ كىرىشكە رۇخسەت قىلماپ-
تۇ. بىراق پادىشاھ كەتكىلى زادىلا ئۇنى-
ماي دەرۋازىۋەنلەرگە ھەيۋە قىلىپ قى-
لىچ ئويناتقىلى باشلاپتۇ. مەلىكە بۇ
ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن پادىشاھ-
نىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بېرىپتۇ. پادىشاھ
كىرىپلا مۇغەممبەرلىك بىلەن مەلىكىگە
«يۈزۈڭنى ئاچ! سەن مېنىڭ» دەپ قىلى-
چىنى يالىڭاچلاپتۇ. لېكىن مەلىكىنىڭ
ئادەملىرى چاققانلىق بىلەن پادىشاھنى

باغلاپ، پۇت ـ قولىغا كىشەن سېلىپ زىندانغا تاشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، بىر كۈنى مەلىكە يەنە بىر قۇلىقىدىكى ھالقىسىنى ساتتۇرۇپ گۈزەل مەنزىرىلىك بىر شەھەر سالدۇرۇپتۇ ھەم بۇ شەھەرگە «شەھىرى ئاۋات» دەپ نام قويۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى باشقا بىر يىراق مەملىكەتنىڭ پادىشاھى سەيلە ـ ساياھەت قىلىپ بۇ گۈزەل شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇ بۇ شەھەرنى كۆرۈپ: «بۇ نېمىدېگەن ئۆكتەملىك، مېنىڭ شەھىرىمگە ئوخشاش شەھەر سالدۇرغان زادى كىمدۇ؟...» دەپ خاپا بوپتۇ. ئۇ دەرۋازىدىكى سۈرەتنى كۆرۈپ مەلىكىگە ئاشىقى بىقارار بوپتۇ ۋە ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش نىيىتىگە كەپتۇ. ئەمما، مەلىكە بۇ پادىشاھنىڭ يامان نىيىتىدىن بىخەۋەر بولغاچقا، پادىشاھنىڭ شەھەرگە كىرىشىگە رۇخسەت قىپتۇ. پادىشاھ قىزنى كۆرۈپلا: «مېنىڭ ئەمرىمگە ئۆتسىڭىز...» دەپ داۋراڭ سېلىشقا باشلاپتۇ. مەلىكە دەرھال: «مېنىڭ ئېرىم بار. سىزنىڭ تەلىپىڭىز شەرىئەتكە دۇرۇس كەلمەيدۇ»، دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ: «مەن بىر پادىشاھ تۇرۇقلۇق سېنى ئەمرىمگە ئالالمايمەنمۇ» دېگىنىچە قىلچىنى يالىڭاچلاپتۇ. مەلىكە مۇلايىملىق بىلەن پادىشاھتىن: «شاھىم سىلىنىڭ نەچچە خوتۇنلىرى باركىن؟» دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ كۆرەڭلىك بىلەن: «100 خوتۇنۇم بار» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، مەلىكە: «تەقسىر، سىلىنىڭ يۈز خوتۇنلىرى تۇرۇقلۇق شۇلارنىڭ ئۈستىگە يەنە مېنى خوتۇنلۇققا ئالماقچىمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، مەلىكىگە ئېتىلىپتۇ. بىراق مەلىكىنىڭ خىزمەتچىلىرى پادىشاھنىڭ پۇت قوللىرىغا كىشەن سېلىپ زىندانغا تاشلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەل ـ جامائەت مەلىكىنىڭ باتۇرلۇقىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنى «پادىشاھ» قىلىپ تەيىنلەپتۇ.

مەلىكە تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن قوشۇن تۈپلاپ دادىسىنىڭ شەھىرىگە قاراپ ئاتلىنىپتۇ. مەلىكىنىڭ قوشۇنى دادىسىنىڭ شەھىرىگە بارغاندىن كېيىن دادىسى ئۆزىگە قارشى قوشۇن كېلىۋاتقانلىقىنى، لېكىن ئۇلار قايسى پادىشاھنىڭ قوشۇنى ئىكەنلىكىنى بىلمەيلا ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشقىلى قوشۇن چىقىرىپتۇ. لېكىن ئۇلار مەلىكىنىڭ قوشۇنىغا تەڭ كېلەلمەي مەغلۇپ بوپتۇ. شەھەردە پادىشاھقا يار ـ يۆلەك بولغۇدەك بىرەر ئادەم چىقماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە دادىسىنىڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئېرىنى دادىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ قىلىپ تەيىنلەپتۇ. ئاندىن كېيىن ھېلىقى زىندانغا تاشلانغان ئىككى پادىشاھنىڭ شەھىرىنىمۇ ئىشغال قىپتۇ، ئاخىر مەلىكە ئۆزى «شەھىرى ئاۋات» قا، ئېرى ئۈچ شەھەرگە پادىشاھ بولۇپ، ئەلنى ئادىل سوراپتۇ. ئەل پاراۋان، مەملىكەت قۇدرەت تېپىپتۇ. خەلقلەر بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەھەممەت ھۇشۇر، رەتلىگۈچى: تۇرسۇن مۇللامەت

# تەدبىرلىك سوتچى

(چۆچەك)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر باي ئۆتـكەنىكەن. ئۇنىڭغا ئىككى ئاغىنىسى دائىم يار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ يىراق بىر شەھەرگە سەپەرگە چىقماقچى بولۇپتۇ ۋە ئۈچ كۈن تەييارلىق قىلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار بىر نەچچە كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن بۇلارغا ھاردۇق يېتىپ دەم ئالماقچى بولۇپتۇ-دە، بىر يەرگە كېلىپ چۈشۈپتۇ. باي يېتىپلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

— ئاغىنە، — دەپتۇ ئىگىزرەك بىرى يېنىدىكى ھەمراھىغا، — بىز باينى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئۇنىڭ ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى بۆلاپ كېتەيلى.

— نېمە؟ — دەپتۇ ھەمراھى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، — ئۇ بىزگە نېمە قىلغان، نېمىشقا شۇنداق قىلىمىز؟

— نېمىشقا دەمسەن؟ باي سېنى ھېچقانداق قىلمىغان بىلەن سېنىڭ ئىنىڭنى خورلاۋاتىدۇ. مېنىمۇ ھېچقانداق قىلمىغان بىلەن باينىڭ بالىسى ھەمىشە مېنىڭ بالىلىرىمنى بوزەك قىلىدۇ، — دەپتۇ ئىگىزرەكى.

— سېنىڭ ئۆلتۈرگۈڭ بولسا ئۆزۈڭ ئۆلتۈر، مەن بۇ ئىشقا ئارىلاشمايمەن، — دەپتۇ پاكاررىقى.

— مەن ئۆلتۈرىمەن، مەن مانا مۇشۇنداق پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئۇنىڭ بىلەن ئاغىنە بولغانمەن! — دەپتۇ ئىگىز بويلۇق كىشى.

ئۇلار نۇرغۇن تالاش-تارتىش قىلغاندىن كېيىن ئاخىر باينى ئۆلتۈرمەكـ



چى بولۇپتۇ ۋە باينى باغلاپ بولغاندىن كېيىن ئويغىتىپتۇ-دە، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئىش قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. باي بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن قورقۇپتۇ ۋە ئۇلاردىن بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپتۇ، لېكىن ئۇلار دېگىنىدىن يانماپتۇ. باي بۇلارنىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىنى بىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— سىلەر ئامان قىلىپ يۇرتقا قايتساڭلار ئۆيۈمگە كىرىڭلار. ئۆيدە ھامىلدار ئايالىم قالغانىدى. بۇ چاغقىچە ئۇنىڭ كۆزى يورۇدى. شۇڭا بالىغا ئىسىم قويغان بولسۇن ياكى قويمىغان بولسۇن سىلەر بارغاندىن كېيىن ئايالىمغا ئېيتىپ بالىنىڭ ئىسمىنى «دەرد» قويۇڭلار، — دەپتۇ. باينىڭ ئىككى ئاغىنىسى بۇ تەلەپنى ئورۇنداشقا ۋەدە بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار باينى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى تەڭ بۆلۈشۈۋاپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن يىل چەت-ياقىلارنى ئايلىنىپ يۈرگەندىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار باينىڭ ئۆيىگە كىرىپ باينىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئايالىغا يەتكۈزۈپتۇ. باينىڭ ئايالى ئۈچ ياشقا كىرىپ قالغان ئوغلىنىڭ ئىسمىنى «دەرد» دەپ ئۆزگەرتىپتۇ.

بالا ھەش-پەش دېگۈچە يەتتە ياشقا كىرىپتۇ. ئوقۇتۇش ئۈچۈن مەدرىسكە بېرىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ مەكتەپتىن يېنىپ كەلسە ئانىسى نان يېقىۋاتقانىكەن. ئۇ ھويلىسىغا كىرىپلا:

— ئانا ماڭا نان بەر، — دەپ نان سوراپتۇ.

ئانىسى ئۇنىڭغا بىردەم تۇرۇپ تۇرۇشنى ئېيتقانىكەن «دەرد» يامانلاپ كېتىپتۇ.

ئانا بالىنىڭ يىراق يەرگە كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ:

— دەرد، توختا، دەرد، توختا!... دەپ بالىنى قوغلاپ كوچىغا چىقىپتۇ.

دەل شۇ پەيتتە پادىشاھ بۇ جايدىن ئۆتۈپ قاپتۇ.

ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئالىيلىرى، بىر ئايال «دەرد، دەرد، توختا!» — دەپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە ئېيتىدىغان دەردى بار ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا قارىسا راست دېگەندەك، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن بىر ئايال ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقۇدەك. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئاتنىڭ بېشىنى ئايال تەرەپكە بۇراپتۇ-دە، ئايالغا يېقىنراق كەلگەندىن كېيىن:

— نېمە دەردىڭ بار؟ ئېيتقىن، — دەپ سوراپتۇ.

ئايال ئالدىكى ئادەمنىڭ پادىشاھ ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە تەزىمدىن كېيىن بولغان ئىشلارنى پادىشاھقا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— بالا دېگەننىڭ ئېتىمۇ «دەرد» بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ئايالدىن.

ئايال ئېرىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە شۇنداق ئات قويغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ ئوردىسىغا قايتىپ كەپتۇ. ئەمما، بايا ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن ئىشلار

ئۇنىڭ قاللىسىغا كىرىۋاپتۇ. «بىر ئادەم بىكاردىن-بىكار ئۆلۈپ كېتەمدۇ؟ بالىنىڭ ئىسمى نېمە ئۈچۈن «دەرد» قويۇلۇپ قالدۇ؟ ئايالىنىڭ ماڭا ئېيتمىدىغان دەردلىرى زادى يوقمىدۇ؟» دەپ، ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ھېچبىر قارارغا كېلەلمەپتۇ ۋە پادىشاھ ئاخىر بۇ ئىشنىڭ سىرىنى يەشمەك بولۇپ، ئايالىنىڭ ئۆيىگە بۇ ھەقتە ئېنىقراق بىر ئاساسقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئوردا خادىملىرىدىن ئىككى كىشىنى ئەۋەتىپتۇ. كەلگەن كىشىلەر ئايالدىن ئەمەلىي ئەھۋالنى سورىغانىكەن، ئايال ئۇلارغا:

— بالىنىڭ ئاتىسى ئىككى ئاغىنىسى بىلەن سەپەرگە چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. كېيىن ئۇ ئىككى ئاغىنىسى كېلىپ ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بالىنىڭ ئىسمىنى «دەرد» قويدۇم، — دەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئوردا خادىملىرى بايىنىڭ ئىككى ئاغىنىسىنىڭ بار-يوقلۇقىنى سورىغانىكەن، ئايال ئۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان جايىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار بايىنىڭ بۇ ئىككى ئاغىنىسىنى ئوردىغا ئەكىلىپ سوراق قىپتۇ.

— مەن سەگىسدەپ كېلەي دەپ قونالغۇمىزدىن يېرىم چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئورمانلىققا كەتتىم. قايتىپ كەلسەم ئۇلار يوق، — دەپتۇ ئېگىز بويلۇق ئاغىنىسى.

سوتچى پاكار بويلۇق ئاغىنىسىنى سوراق قىپتۇ. ئۇ:

— ئۇلار مېنى يول بويى چەتكە قېقىپ ماڭدى. ئاچچىقىمغا پايلىماي مەن كېتىۋەرگەنىدىم، — دەپمۇ ۋە يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە بايىنىڭ ئېگىز بويلۇق ئاغىنىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، بىللە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

سوتچى بۇلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىنىڭ باش-ئاخىرى ھېچ قولاشمايۋاتقانلىقىنى: ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ گېپىنىڭ بىر يەردىن چىقمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بايىنىڭ مۇشۇ ئىككىسىنىڭ بىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپتۇ. ئاندىن ئىككىسىنى بىر يەرگە ئولتۇرغۇزۇپ بايىنىڭ ئېگىز بويلۇق ئاغىنىسىگە قاراپ:

— ئورمانلىققا بېرىپ كەلسەڭ، ئۇلار ئىككىسى يوق، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بۇ سوئالنى ئاڭلاپ بايىنىڭ پاكار بويلۇق ئاغىنىسىنىڭ جان-پېنى چىقىپتۇ ۋە ھاپىلا-شاپىلا:

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، مەن ئۇلاردىن ئايرىلىپ كەتكەنىدىم. ئۇلار ئىككىسى قالغان، — دەپتۇ.

— توختا! — دەپتۇ سوتچى پاكار بويلۇقنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — سەن بۇلاردىن ئايرىلىپ كەتكەندە باي ساڭا بىرەر-يېرىم ئېغىز گەپ قىلمىغانمۇ؟

— گەپ قىلمىغان، — دەپتۇ پاكار بويلۇق.

— ئۇنداق بولسا سەندە گۇناھ يوق ئىكەن، — دەپتۇ سوتچى، ئاندىن ئېگىز بويلۇققا قاراپ:

— ساڭىمۇ بىر نەرسە دېمىگەنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئېگىز بويلۇق گەپ قىلمىغان دېسەم قۇتۇلىدىغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلاپتۇدە:

— گەپ قىلمىغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سوتچى ئۇنىڭ چىرايىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ:

— بالامنىڭ ئېتىنى «دەرد» قويۇن دېگەن ۋەسىيەتىنى كىم قىلغان، كىمگە ئېيتقان؟ — دەپ سوراپتۇ.

پاكار بويلۇقنىڭ كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ، ئېگىز بويلۇققا قاراپتۇ. ئېگىز بويلۇق تىتىرەشكە باشلاپتۇ ۋە:

— بۇنى... بۇنى...دەپ تىلىنى چاينىاپتۇ.

— بۇ سۆزنى باي ساڭا، سەن ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن ئېيتقان، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سوتچى.

ئېگىز بويلۇق، پاكار بويلۇق ئاغىنىسىنى سىردىمىزنى پاش قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ، ئەمدى ئېيتمىسام بولمىغۇدەك، — دەپ ئويلاپتۇ ۋە:

— شۇنداق، — دەپ بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

سوتچى پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ ئىشىدىن رازى بولۇپ ئۇنى «تەدبىرلىك سوتچى» ئىكەنسىز دەپ ماختاپ كېتىپتۇ. ئاندىن ئېگىز بويلۇقنى دارغا ئېسىشقا، پاكار بويلۇقنى قاراپ تۇرۇپ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

ئەسلى باي ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن، ئايالىم مەن ئۈچۈن ئەرزىيەت ئېيتىپ بارغاندا «دەرد» دېگەن ئىسىمنىڭ پايدىسى بولۇپ قالار دەپ بالىنىڭ ئىسمىنى «دەرد» قويۇپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۇچتۇرپان ئاقتۇقاي يېزىسىدىن ياقۇپ تاش (78 ياش)

---

(بېشى 141 - بەتتە)

لە ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە بولۇپ يەرگە يىقىلىپ قانغا مىلىنىپ يېتىپتۇ. ئاندىن بۇ جەسەتلەرنىڭ پۇت - قولىدىن تارتىپ سۆرەپ يىراققا تاشلىۋېتىپتۇ. پادىشاھ قايتىدىن داستىخان سېلىپ بىر تەخسە ئاشنى ئېلىپ كېلىپ، قىلىچنى ھېلىقى ئادەمنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ:

— ئەي بۇرادەر، كۆزۈڭگە كۆرسىتىپ قويدۇم. بۇ ئىككىسىنى ئۆلتۈرەمسەن ياكى گۇناھىنى كەچۈرەمسەن، ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى، — دەپ ئالدىدىكى ئاشنى يېيىشكە باشلاپتۇ.

ھېلىقى ئادەم غەزەپتىن ئاچچىقىنى باسالماي قىلىچنى ئېلىپ ئىككىسىنىڭلا بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپتۇ. ئاندىن بىر تەخسە ئاشنى ئېلىپ كېلىپ پادىشاھنىڭ قېشىدا، ئولتۇرۇپ ئىككىسى بىرلىكتە تاماقلىنىپتۇ. تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن پادىشاھ، بۇ شۇم يەلەكتىن زارلاپ پادىشاھلىق لىباسىنى سېلىپ تاشلاپ، ئۇستىگە جەندە، بېشىغا كۇلا كىيىپتۇ. بېلىگە سەللىسىنى پوتا قىلىپ باغلاپ يېنىغا شەمشەرنى ئېسىپتۇ. قولىغا ھاسىسىنى ئېلىپ ھېلىقى ئادەم بىلەن قەلەندەر قىياپىتىدە بولۇپ ھېچقانداق ئىنسېجىنغا بىلىندۇرمەي ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.



# ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى

### سىزگە شاگىرتلىققا بىرەيمۇ؟

بىر كىشى ئوغلىنى تۆمۈرچىگە شاگىرتلىققا بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قولى ئەگرى قوشنىسى:

— تۆمۈرچىلىك ئېغىر ئىش، بالا يانچىلىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاسانراق پۇل تاپىدىغان ھۈنەرگە بەرسەڭلار بولمامدۇ؟ — دەپتۇ.

بۇ گەپكە بالىنىڭ دادىسى تەنىلىك كۈلۈپ:

— بەللى، ئانداقتا سىزگىلا شاگىرتلىققا بەرمەيمۇ؟ — دەپتۇ.

### بازارغۇ قىزىدى

بازاردىن يېنىپ چىقىۋاتقان بىر كىشىگە يولدا بىر پاھىشىۋاز ئادەم يولۇقۇپ قاپتۇ-دە، چاقچاق قىپتۇ:

— ھە ئاغىنە، بۈگۈنكى بازار قىزىدىمۇ؟ سەتەڭلەر خېلى كىرىپتىمۇ؟

— بازارغۇ قىزىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بازاردىن قايتقان كىشى، — ئەمما سىزنىڭ قىزىڭىزدىن سەتەڭرەك ھېچكىم كىرمەپتۇ.

### چاپما كېسەكنىڭ شەرتى

بىر ئادەمنى بىر توپ كىشى ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ، ئۇنى پاھىشە قىلدى دەپ ئەيىبلەپتۇ-دە، جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. ھاكىم جاۋابكاردىن بۇ سۆزنىڭ راست-يالغانلىقىنى سوراپتۇ، ئۇ كىشى خىجىللىق بىلەن يەرگە قاراپ تۇرۇپتۇ، ھاكىم خىزمەتكارلىرىغا يىگىتنى دەرەخكە باغلاشقا بۇيرۇپتۇ-دە، دەۋاگەرلەرگە:

— بۇ پاھىشىۋازنىڭ جىنايىتى ئۈچۈن ھەممىڭلار قولۇڭلارغا بىر تالدىن تاش ئېلىپ، بۇنى چاپما-كېسەك قىلىڭلار، ئەمما شەرت شۇكى، كىم ئۆمرىدە بىرەر قېتىم پاھىشە قىلمىغان ياكى نامەھرەمگە قارىمىغان بولسا، — دەپتۇ.

ھاكىمنىڭ سۆزى تۈگىگۈچە ھېلىقى دەۋاگەرلەرنىڭ ھەممىسى بىر-بىرلەپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

### سەن ئۆزىڭغا ئوخشايسەن

بىر كىشىنىڭ ئاچچىقى بەكمۇ يامان ئىكەن. بىر قېتىم ئۇ كىشىنىڭ مۈشۈكى داستىخان يېنىغا كەپتىكەن، ئۇ كىشى:

— پەش دېدىم بىر، پەش دېدىم ئىككى، پەش دېدىم ئۈچ، — دەپلا مۈشۈكنى بوغۇزلاپ تاشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئايالى «بۇنىڭ ئاچچىقى كەلسە مېنىمۇ بوغۇزلاپ تاشلايدىغان ئوخشايدۇ» دەپ قورقۇپ ئۇنىڭدىن خېتىنى ئاپتۇ ۋە باشقا بىراۋغا تېگىۋاپتۇ.

ئايالنىڭ كېيىنكى ئېرى ياۋاش كىشى ئىكەن. بىر قېتىم ئۇ ئايالنىڭ ھازازۇللۇقىدىن جىلى بولۇپ ئولتۇرسا داستىخان يېنىغا مىياڭشىپ مۈشۈكى كەپتۇ. ھېلىقى كىشى دەررۇ:

— پەش دېدىم بىر...، — دەپتىكەن، ئايال قېتىغا كىرمىگەن ھالدا:

— سەن مىس-مىسچۇ، ئۇنى ھەرگىزمۇ دورىيالمايسەن، — دەپ مۈشۈكنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

## تەڭپۇڭلاشۇن دېدىم

بىر دەۋادا قازى ئۆزىگە نەپ بەرگەن تەرەپكە ھەددىپ يان بېسىۋېرىپتۇ. چەتتە قاراپ تۇرغانلاردىن بىرى قوش مۇشتچىلىك تاشنى ئاپتۇ-دە، قازىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپتۇ.

— بۇ نېمە قىلىق؟ — دەپ غەزەپلىنىپتۇ قازى. ھېلىقى كىشى:



— قارىسام بىر تەرەپكىلا قىيسىيىپ كېتىپ بارىسىز. ئوڭ-سولىڭىزنى تەڭپۇڭلاشۇن دېدىم، — دەپتۇ.

## ئامىتى بار دەيدۇ

بىر كىشىدىن باشقىلار سورىدى:

— ئوردا ئەمەلدارىنى ئەرەبلەر نېمە دەيدۇ؟

ئۇ كىشى جاۋاب بەردى:

— نېمە دەيتتى، «ئامىتى بار» دەيدۇ.

## ئۆزۈممۇ بىلەلمەي تۇرىمەن

بىر يازغۇچى كەسىپدىشىدىن:

— يېقىندىن بېرى بېسىلغان ئەسەرلىرىڭىزدىن ئۆزىڭىزچە قايسىسى ياخشى چىققاندەك تۇرىدۇ، — دەپتۇ. كەسىپدىشى:

— ھەممىسىگىلا تەھرىرنىڭ قولى تەگكەچكە، قايسىسىنىڭ ياخشىلىقىنى ئۆزۈممۇ ئايرىيالماي تۇرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## مېنىڭ يۈزۈم قالمىدى

بىر شائىر ئاغىنىسىنىڭ دائىم ناخشىنى بۇزۇپ ئېيتىدىغانلىقىغا كايىپ، توغرا ئېيتىشقا سۆيلەيدىكەن. بىر ئاخشىمى ئۇ ئۆيدە ئولتۇرسا ھېلىقى ئاغىنىسى يەنە بۇزۇپ ئېيتقان پېتى ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. شائىر ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئاغىنىسىنى توختىتىپتۇ-دە:

— بۇنىڭدىن كېيىن ناخشا ئېيتقۇچى بولما، — دەپتۇ.

— نېمىشقا؟ — دەپتۇ ئاغىنىسى چۈشەنمەي.

— نېمىشقا بولاتتى، — دەپتۇ شائىر

چۈشەندۈرۈپ، — سەن تالادا ناخشا ئېيتىپ ئۆتسەڭ، ئۆيدە مېنىڭ يۈزۈم قالمايدىكەن.

**بىكاردىن سەكسەن خالتا دېمەپتىكەن-دە!**

بىر كىشى بازاردىكى دورىپۇرۇشتىن دورا ئاپتىكەن، بىر تەڭگىگە ئىككى چىمدىملا دورا يۆگەپ بېرىپتۇ.

— بىر تەڭگىگە كەلگىنى مۇشۇما؟ — دەپتۇ ئۇ كىشى ھەيران بولۇپ، — نېمانچە قىممەت بۇ!

— بالام، دورا دېگەن قانچە ئاز بولسا شۇنچە شىپا قىلىدىغان نەرسە، مەن تېخى سىزگە جىق بەردىم، — دەپتۇ قېرى دورىپۇرۇش.



— مۇنداق دېسلە، دورىنى مۇشۇنداق چىمدىپ بېرىپ ئاۋۇتقاچقا، خالتىلىرى سەكسەنگە يېتىپتىكەن-دە! — دەپ دورا ئالغان كىشى كېتىپ قاپتۇ.

**قايسىنىڭغا تۇرىسىلەر**

ئىككى سودىگەر بازاردا سوقۇشۇپ قېلىپ، كاللا-مولىلاق بولۇپ كېتىپتۇ. باشقىلار ئاجراتقانىرى ئەدىشىپتۇ. شۇ چاغدا توپ ئىچىدە تۇرغان بىر قىزىقچى ئادەم ۋارقىراپتۇ:

— خالايىق قايسىڭ مەن بىلەن دو تىكىسەن، قېنى قايسىنىڭغا دو تىكىسەن؟ قارا تۇماقىمۇ ياكى بۆكچانىمۇ؟

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ، دو تىكىشىپ ئويناydىغان بۇ ئىت تالاشتۇرۇشمىدى؟ — دەپتۇ ھەيران بولغان كىشىلەر.

ھېلىقى قىزىقچى دەرھال جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئىت بولمىسا بۇلار ئاجراتقانىرى ئۆرەدىشىپ كېتەتتىمۇ؟

**ئېچىق بېشىدا ئېشەك باردەپ ئاڭلاپ**

بىر ئادەم ئېچىق بېشىدا بىر ئاقساقال بىلەن سۇ تالىشىپ يولسىزلىق قىلىپتۇ. بوۋاي:

— بالام، مەن قېرىپ قالغان ئادەم، سەن بولساڭ ياش، ئانداق قىلما، سۇنى مەن باشتا ئېچىۋالاي، — دەپتىكەن، ھېلىقى ئادەم بېشەملىك قىلىپ:

— كىم سېنى ساقىلىڭنى بىر باغ بېدىدەك چۇگالاشتۇرۇپ سۇ ئاچقىلى چىق دېدى، ئۈزۈڭدە ياشراق بىرى يوقمىدى؟ — دەپ بوۋاينى رەنجىتىپتۇ.

— ياشلاردىنمۇ بار ئىدى، — دەپتۇ بوۋاي ئالدىرىماستىن، — بىراق ئېچىق بېشىدا ئاچ قالغان ئېشەك بار دەپ ئاڭلاپ، بۇ بېدىنى ئالايىتەن ئۆزۈم ئەكىلىۋىدىم.

**نى سوغۇقلارنى دالاندا ئۆتكۈزۈۋەتتىم**

بىر باي يىلىلقچىسىنىڭ ئېتىغا خۇشتار بولۇپ قېلىپ، ئاتنى قولغا كىرگۈزۈش يولىدا يازىچە قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالماپتۇ. قورساقتىن قىسىپتۇ، قەرزلىرىنى سۆيلەپ ئۇنىدۇرۇۋاپتۇ. بىراق

دېھقان باينىڭ زىنتىغا تەگكەندەك ھەر-
قانچە قىينالسىمۇ ئاتنى قولىدىن زادىلا
چىقارماپتۇ.

كەچكۈزدە باي يەنە يىللىقچىنىڭ
ئۆيىگە كېلىپ، ئاتنى بەرمىسە، ئۆيىدىن
قوغلاپ چىقىرىپ، ئۈستى ئۆرۈلۈپ چۈش-
كەن ئەسكى دالان ئۆيگە چىقىرىپ قويى-
دىغانلىقىنى پۈرىتىپتۇ-دە، يىللىقچىدىن:

— ھە، قانداق؟ بۇ يىل قىشنى سا-
رايدا ئۆتكۈزەمسەن ياكى دالاندىمۇ؟ —
دەپ سوراپتۇ. يىللىقچى:

— يازچە بوپكەتكەن نى قارا سو-
غۇقلارنى دالاندا ئۆتكۈزۈۋەتتىم، بۇ قىش-
نىڭ سوغۇقى نېمىدى، بولىدى، دالاندا
ئۆتكۈزەي! — دەپتۇ.

## ئۆزى تاشقا ئۆرۈۋالدى

بىر ئادەمنىڭ باشقىلارغا ئاتقان تې-
شى يولدا كېلىۋاتقان بۆلەك بىر كىشى-
نىڭ بېشىغا تېگىپ يېرىۋېتىپتۇ، جېدەل
ئۈستىگە كېلىپ قالغانلارنىڭ بىرى تاش
ئاتقان ئادەمنى ئەيىبلەپتۇ:

— قاراپ تۇرۇپ نېمىشقا بىگۇناھ
بىراۋنىڭ بېشىنى يېرىۋەتتىڭىز؟

— ھوي بۇرادەر، گەپنى ئۇقۇپ
سۆزلەڭ، — دەپتۇ. تاش ئاتقان كىشى، —
مەن تاشنى بۇنىڭ بېشىغا ئاتقىنىم يوق،
بۇنىڭ ئۆزى مەن ئاتقان تاشقا قارشى
كېلىۋېرىپ، ئۆزى بېشىنى يېرىۋالدى.

## ياخشى تىلەك

بىر ئاق كۆڭۈل ئادەم يول بويىدا
ئاتلىنىپ ئولتۇرغان تىلەمچىگە خېلىلا
نۇرغۇن سەدىقە بېرىپتۇ-دە، ئۇنىڭدىن
ئۆزىگە بىر دۇئا قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. تى-
لەمچى شۇ ھامان چىن كۆڭلى بىلەن قو-
لىنى كۆتۈرۈپ، «ئىلاھا، بۇ كىشىنى
قىرچاڭغۇ قىلغايسەن» دەپ دۇئا قىپتۇ.
سەدىقە بەرگۈچى ئەجەبلىنىپ:

— ھوي، نېمىشقا بۇنداق دۇئا قى-
لىسىز، — دەپ سوراپتۇ.

تىلەمچى:

— دۇنيادا تاتلىنىشتىن زىيادە لەز-
زەت بارلىقىنى ئەسلا كۆرمىدىم، بىلمى-
دىم، شۇڭا بۇ لەززەتتىن سىزنىمۇ بەھ-
رىمەن بولسۇن دېدىم، — دەپتۇ.

## سىزنىڭ بىلىدىغانلىقىڭىزغا كىم كېپىل؟

ھېچقاچان كىتاب ئوقۇپ باقمىي-
دىغان بىر ئادەم، كىتابنىڭ گېپى بولۇ-
ۋاتقان بىر سورۇندا بىر كىتابنى قولىغا
ئاپتۇ-دە، يېنىدىكىلەرگە:

— مۇشۇ كىتابنى ئوقۇساڭلار نۇر-
غۇن نەرسىلەرنى بىلىۋېلىشىڭلارغا مەن
كېپىل، — دەپ ماختىنىپتۇ.

— ئۆزى سىزنىڭ بىلىدىغانلىقىڭىزغا
كىم كېپىل؟ — دەپ سوراپتۇ سورۇندى-
كىلەردىن بىرى.

## شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچكىم قالمىدى

ئىككى جەمەتتىن بولغان ئىككى ئا-
دەم بىر-بىرى بىلەن گەپ تالىشىپ قاپتۇ:

— ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى
بىزدىن چىققان، — دەپتۇ بىرىنچى كىشى.

— توغرا، ھەممىسى چىقىپ كەتكەن-
لىكىدىن، ھازىر ئىچىڭلاردا ھېچكىم قالما-
دى ئەمەسمۇ! — دەپتۇ ئىككىنچى كىشى.

## مېنىڭ قانۇنۇم مانا مۇشۇ!

بىر كىشىنىڭ مەنئى قىلىنغان ئىشلار بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى بىلىدىغان بىرى ئۇنىڭغا:

— ھەي بۇرادەر، ئەمدى ئېھتىيات قىلىۋىراق ئوقەت قىلغىن. ھازىر بىرمۇنچە يېڭى قانۇنلار چىقتى، ئاڭلىشىمچە، بىر مۇنچىلار سېنى ئاشۇ قانۇنلار ئاساسىدا جازالاپ بەرسۇن دەپ شىكايەتمۇ قىلىپ يۈرگۈدەك، — دەپ نەسىھەت قىلىپتىكەن، ھېلىقى كىشى بىپەرۋالىق بىلەن:

— خاتىرىڭنى جەم قىل، مەندە ھەرقانداق قانۇنغا تاقابىل كېلەلەيدىغان بىر قانۇن بار، — دەپ يانچۇقىدىن بىر توپ پۇلنى ئېلىپ كۆرسىتىپتۇ؛ ئاندىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — كۆردۈڭمۇ، مانا مېنىڭ ۋاقتى كەلسە شىكايەتچىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ تۆھمەت ئىكەنلىكىنى مۇشۇ قانۇن بىلەن ئىسپاتلاپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

## ئاڭلىدىم، كۆرمىدىم

بىر ناتىق ئۇزۇندىن-ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلەپ، بىر مەھكىمە خىزمەتچىلىرىنىڭ قەبىھلىكىدىن شىكايەت قىپتۇ. قايتقان چاغدا بىراۋ ناتىقتىن:

— سىز دېگەن مەھكىمە قايسى مەھكىمە؟ ئېيتىڭنى دەپ بەرسىڭىز ئىكەن، — دەپ سوراپتۇ.

— بىلمەيمەن، ئۆزۈم كۆرمىدىم، باشقىلاردىن ئاڭلىۋىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## كېيىن ئاقارتىۋېتىمەك

بىر ئادەم قوشنىسىنىڭ يېڭى سېلىنۋاتقان ئۆيىنى كۆرگىلى كىرىپ:

— ئۆيىڭىز پۈتۈن قاپتۇ-ھە؟ — دەپ زوقلىنىپتۇ.

— خۇدا بۇيرۇسا، — دەپتۇ قوشنىسى، — ئەمدى ئاقارتىشلا قالدى. ئاۋۋال ئاقارتىمەن-دە، كېيىن تاملارغا رەسىم سىزدۇرۇۋېتىمەن.

قوشنىسى دەپتۇ:

— ئەڭ ياخشىسى ئاۋۋال رەسىم سىزدۇرۇپ، ئاندىن ئاقارتىۋېتىڭ.

## خوتۇنىدىن لەت بولغان ئەر

بىر ئەر-خوتۇن دەرۋازا ئالدىدا ئولتۇرسا، كوچىدىن بىر ئېشەك ئۆتۈپ قاپتۇ، ئېرى خوتۇنىغا چاقچاق قىلىپ:

— نەزەر سالغۇدەك بولسام، بۇ سېنىڭ بىلەن بىر تۇغقانىڭ باللىرىدەك كۆرۈنىدىغۇ، — دەپتۇ.

— راست ئېيتىسىز، — دەپتۇ خوتۇن، — مېنىڭمۇ ھېچنېمەڭ يوق، سىز يېتىمكەنسەن دەپ ئېلىۋىدىڭىز، شۇنىڭدىن بۇيان سىزنىڭ تۇغقانلىرىڭىزنى ئۆز تۇغقىنىمدەك بىلىپ، كۆڭلۈمنى تۇق تۇتۇپ كېلىۋاتىمەن، تارتىنماڭ، بۇمۇ سىزنىڭ تۇغ-



قىنىڭىز بولسا، ماڭا يېتى يوق.

لەت بولغان ئەر نېمە دېيىشىنى بىلمەي قاپتۇ.

## ئەڭ خاتىرجەم يەر

بىر رەسسام دالىغا سۈرەت سىزغىلى چىقىپتۇ. بىر چاغدا پادىشاھ ئەسكەرلىرى ئۇ تۇرغان يەرنىڭ يېنىغىلا كېلىپ، نىشان تىكلەپ، ئوقىيا ئاتقىلى تۇرۇپتۇ. رەسسام پەلكۈچ-بوياقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، خەۋپسىرەپ بىر چەتكە چىقىپ تۇرۇپتۇ، ئۇ شۇ تەرىقىدە يېرىم سائەتچە كۆزەتسە، ئېتىلغان ئوقلارنىڭ بىرسىمۇ نىشان تەرەپكە بارماي، ھەر تەرەپكە ئۇچۇپتۇ، شۇ چاغدا رەسسام:

— بولدى، خاتىرجەم يەرنى تاپتىم، — دەپتۇ-دە، دەررۇ نىشان تاختىنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ، بەھۇزۇر رەسىم سىزىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

## ئىشلەتمىگەچكە تولىدۇ

مەھەللە دوقمۇشىدا پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغان كىشىلەردىن بىرى مەلۇم باينىڭ گېپىنى قىلىپ:

— بۇ ئادەمنىڭ ئەقلى قالتىس كۆپكەن، خۇدايىم بەرگەن ئادەمگە پۇلنىمۇ، ئەقلىنىمۇ قوشلاپ بېرىدىكەن-دە! — دەپ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي باينى ماختىغىلى تۇرۇپتىكەن، سورۇندىكىلەردىن باشقا بىرى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپتۇ:

— بۇرادەر، شۇنىمۇ بىلمەمسىز، خۇدايىم ئەقىلنى ھەممە ئادەمگە تەڭ بەرگەن، بىراق سىزنىڭ ئۇ بېيىڭىز ساپلا خىزمەتكار، مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ئەقلىنى ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ ئەقلىنى ئىشلەتمىگەنىدىن كېيىن، ئەقلى ئايىنىپ تولىدۇ-دە!

## خەلقنى قۇرۇتۇپ بولغاندىن كېيىن...

پادىشاھ شەھەرنىڭ چېتىگە چوڭ بىر دارىلئاجىزىدىن سالدۇرۇشقا باشلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر نە-نەلەردىن كېلىپ تاماشا قىلىشقىلى تۇرۇپتۇ. تاماشا قىلغۇچىلارنىڭ بىر توپى دارىلئاجىزىنىڭ كۆلىمى، كەڭلىكى، ئۆيلىرىنىڭ جىقلىقى ھەققىدە پاراڭ سېلىشىپ، پادىشاھنى ئادالەتلىكتە ماختىغىلى تۇرغانىكەن، شۇ شەھەرنىڭ ئاھالىلىرىدىن بىرى ئۇلارنىڭ گېپىنى بۆلۈپ:

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىلەر، پادىشاھنىڭ زۇلمى پۈتۈن خەلقنى ئۆي-ۋاقا، ئوزۇق-تۈلۈكتىن مەھرۇم قىلىۋەتكەن تۇرسا، دارىلئاجىزىدىن سالدۇرۇشتىن باشقا نېمە ئىلاجى بار، — دەپتۇ.

## تونۇسىڭىز بەرمەيتتىڭىز

بىر يىگىت بازاردا باي قىياپىتىدىكى كىيىنگەن ئادەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— بەش تەڭگە پۇل ياردەم قىلىسىلا ئىكەن، — دەپ سوراپتۇ.

— مەن سېنى تونۇمىسام، قانداقلارچە پۇل بېرىمەن، — دەپ ھەيران بوپتۇ باي.

— بەللى، بەرسىڭىز مۇشۇ تونۇماس چېغىڭىزدا بېرىڭ، — دەپتۇ يىگىت دەررۇ، — ئەگەر تونۇسىڭىز جەزمەن بەرمەيسىز.

## ئۈزىڭىزنىلا دوراپتۇ

بىر ئادەم مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئالدىدا، جامائەتكە ماختىنىپ پاراڭ قىپتۇ:

— خۇداغا مىڭ قەتلى شۈكرى، بالىلىرىم خۇددى ئۆزۈمدەكلا زېرەك، ئاقىل، ئەدەبلىك چوڭ بولدى...

— توغرا ئېيتتىڭىز، — دەپتۇ جامائەت ئىچىدىن بىرى ھېلىقى ئادەمنىڭ پارىڭىنى بۆلۈپ، — بالىلىرىڭىزنىڭ ئەخلاقىي-پەزىلىتى خۇددى ئۆزىڭىزنىڭكىدەك بولغىنىغا گۇمانىمىز يوق، قاچان سىزنىڭ ئىشىكىڭىز ئالدىدىن ئۆتسەك، بالىلىرىڭىزنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئەڭ ئىپلاس سۆزلەردە تىللىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايمىز.

## چىراي ۋە ئەقىل

پادىشاھنىڭ مەلىكىسى شەھەردىكى ئاياللارنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرۇپ قويماي زىياپەتكە چاقىرىپتۇ. ئاياللار ھەممىسى يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن مەلىكە مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ، يۈزىدىن چۈمبىلىنى ئاپتۇ، ئۇ سەتلا بىر خوتۇن ئىكەن.

زىياپەت تارقىغاندىن كېيىن، كەلگەن ئاياللارنىڭ ئىچىدە ئۆز چىرايىغا تەمەننا قويۇپ يۈرگەن بىر ئايال مەلىكىگە ئۆزىنىڭ خاس گېپى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ، مەلىكە ئىجازەت بېرىپتۇ.

— مۇھتەرەم خېنىم، خۇدايىم ھەممىمىزنى يارىتىپ، ھۆسن-جامال تارقاتقاندا ئۆزلىرى نەدە قالغان ئىدىلە؟ — دەپتۇ ھېلىقى ئايال مەلىكىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ. مەلىكىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

— بۇ چاغدا خۇدايىم ئىككىنچى بىر تەرەپتە ئەقىل تەقسىم قىلىپ بېرىۋاتاتتى. مەن شۇ ياققا كېتىپ قالغان ئىكەنمەن، — دەپتۇ.

## بۆغىلارنىڭ جاۋابى

ئۈۋچىنىڭ ئىككى تايغان ئىتى خوجايىنى كۆرسەتكەن بۆغىلارنى يېرىم كۈنگىچە قوغلاپ، زادىلا يېتەلمەپتۇ، بىر چاغدا تايغانلارنىڭ بىرى:

— ھەي بۆغىلار، بىزمۇ ئۆلگۈدەك ھاردۇق، سىلەرنىڭمۇ ماغدۇرۇڭلار قالمىدى، توختاڭلار، سىلەردىن سورايدىغان بىر سوئالىمىز بار، — دەپتۇ، بۆغىلار توختاپ:

— قېنى سورا! — دەپ قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىشىپتۇ.

— يۈگۈرۈشكە كەلگەندە بىزدىن يۈگۈرۈك ھايۋان يوق ئىدى، ئەجەبا، بۈگۈن سىلەرگە زادىلا يېتەلمىدۇققۇ، بۇ-



نىڭ سىرى نەدە؟ — دەپ سوراپتۇ با-
يىقى تايغان.
بۇغىلاردىن بىرى كۆلۈپ قويۇپ، جاۋاپ بېرىپتۇ:
— بۇنىڭ سىرى شۇ يەردىكى، بىز ئۆز ھاياتىمىزنى، بالىلىرىمىزنى، جېنىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يۈگۈردۇق ھەم يۈگۈرىمىز، سىلەر بولساڭلار ئۆۋچىنىڭ بەرگەن ئەسكى تەگىنىدىكى يۇندا-چاقنى ھەم كۆلدە-كۆمەچلىرى ئۈچۈن يۈگۈردۈڭلار ھەم يۈگۈرىسىلەر، سىر ئەنە شۇ يەردە، — دەپتۇ.

## بۇلبۇل بىلەن تۇتى

تۇتى بۇلبۇلنى كىشىلەرنىڭ بەكمۇ ماختاپ، ئارزۇلاپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تارلىقى كەپتۇ-دە، بۇلبۇلدىن سوراپتۇ:
— نېمىشقا سەن سەت بولساڭمۇ خەقلەر سېنى ماختايدۇ، مەن شۇنچە چىرايلىق، ھەرقانداق نەرسىنى دورىيالايمەن، بىراق خوجايىنىم مېنى زادىلا ياقتۇرمايدىغۇ؟
بۇلبۇل جاۋاپ بېرىپتۇ:
— گەپ سەت-چىرايلىقلىقتا ئەمەس، ھەممىنى دورىيالاشتىمۇ ئەمەس، گەپ ئۆزىنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىشتا.

## ئەڭ قورقماس

بىر سودىگەر خىزمەتكارلىرى بىلەن سەپەرگە چىقىپ، بىر ئورمانلىق يېنىدا چېدىر تىكىپ تۈنەپ قاپتۇ. كېچىدە ئۇلار غىزا يېيىشىۋاتسا چېدىر ئالدىدا ۋەھىمىلىك چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، سودىگەر چېدىرنىڭ بۇلۇڭىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ-دە، بىر تەرەپتىن:
— قايسىڭ جايىڭدىن مىدىرلىمىساڭ مۇكاپات بېرىمەن، — دەپ ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن چىرقىراش ئاۋازى بېسىلىپتۇ. سودىگەر ئۆزىنى بىر ئاز تۇختىتىۋېلىپ، ئەتراپىغا قارىغۇدەك بولسا، خىزمەتكارلىرىنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك بۇلۇڭ-بۇلۇڭلارغا مۆكۈنۈۋالغان، پەقەت بىر خىزمەتكارلا جايىدىن مىدىرلىماي ئولتۇرغانىكەن.



— يارايسەن، خىزمەتكارلىرىمنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قورقماس باتۇرى سەن ئىكەنسەن، ئېيت، مۇكاپات ئۈچۈن نېمە تەلەپ قىلىسەن؟ — دەپتۇ سودىگەر ھېلىقى خىزمەتكارغا.
— تەقسىر، ماڭا پەقەت يەڭگۈشلۈۋالىدىغانغا بىرلا تامبال بولسا بولاتتى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ خىزمەتكار.

## خوتۇندىن قورقمايدىغان ئادەم بارمۇ؟

خوتۇندىن بەكمۇ قورقىدىغان پادىشاھ، ئۆز ئەيىبىنى يېپىش ئۈچۈن «دۇنيادا خوتۇندىن قورقمايدىغان ئادەم يوق» دېگەن بەھس ئۈستىدە ۋەزىر بى-

لەن تالىشىپ قاپتۇ. ئاخىر ئۇلار پۈتۈن شەھەردىكى ئەركەكلەرنى يىغىپتۇ-دە:

— قايسىڭلار خوتۇنۇڭلاردىن قورقمايسىڭلار، مۇشۇ دەرۋازا ئالدىدىن ئۆتۈڭلار! — دەپ جاكارلاپ، ئۆزلىرى بىر چەتتە بايقاپ تۇرۇپتۇ. ئۆتۈش كەچكىرگىچە داۋاملىشىپتۇ. ئاخىر بىرلا ئادەم دەرۋازا ئالدىدىن ئۆتمەي، جايىدا تۇرۇۋېرىپتۇ.

— قانداق شاھىم، خوتۇنىدىن قورقمايدىغان بىرەر كىشى بولسىمۇ بارمىكەن؟ — دەپتۇ خۇشال بولغان ۋەزىر.

— ئالدىرىما، — دەپتۇ پادىشاھ ۋە ھېلىقى ئادەمنى ئالدىغا چاقىرتىپ سوراپتۇ، — سەن نېمىشقا دەرۋازىدىن ئۆتمىدىڭ؟ قارىغاندا خوتۇنۇڭدىن قورقمايدىغان ئوخشىمامسەن؟

— ۋاي پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم، — مەنمۇ بايىلا ئۆتەتتىم، بىراق خوتۇنۇم «كۆپ ئادەملەر كېتىۋاتقان تەرەپكە ماڭما» دېگەچكە جايىمدا تۇرۇپ قالدىم.

## ھېلىمۇ يېرىلىپ كەتمەپتۇ

بىر يازغۇچى ئايالىغا:

— بۈگۈن بېشىمنىڭ خىزمىتى بەكمۇ جىق بولدى، — دەپ ھال ئوقۇپتۇ.

— بىرەر گېزىت ياكى ژۇرنال ئۈچۈن ماقالە يازغانسىز تايىنلىق؟ — دەپ سوراپتۇ خوتۇنى.

— ياق دەپتۇ يازغۇچى، — بازارغا چىقىپ، ۋەقەلىك ئىزلىدىم. بىرەر سائەت ئىچىدە بىرەر يۈزچە ۋەقەنى كۆردۈم ۋە ئاڭلىدىم. شۇنىڭ قايسىسىنى يېزىپ، قايسىسىنى قويۇشۇمنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدىم.

ئايالى چۆچۈپ:

— يائاللا، بىرەر سائەتتە شۇنچە ۋەقەنى كۆرۈپ-ئاڭلاپ، ھېلىمۇ بېشىڭىز يېرىلىپلا كەتمەپتۇ، — دەپتۇ.

## راھەت ئۇيقۇ

ئۇيقۇسى قاچىدىغان بىر ئادەم تېۋىپتىن:

— راھەت ئۇخلاش ئۈچۈن قانداق ياتسا بولىدۇ؟ — دەپ مەسلىھەت سورىغانىكەن. تېۋىپ:

— قايسى يېتىشىڭىزدا راھەترەك ئۇخلىسىڭىز، شۇ يېتىشتا ئۇخلاڭ، — دەپتۇ.

— مەن ھەر تۈرلۈك يېتىپ باقتىم، ئەمما ھېچبىر راھەتلىنىپ ئۇخلىيالمىدىم، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم يەنە تەرسالىق بىلەن. تېۋىپ:



— ئۇنداق بولسا، گۆرگە كىرگۈچە سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ، تازا راھەت ئۇيقۇنى شۇ يەردە ئۇخلايسىز، — دەپتۇ.

رەتلىگۈچى: تېيىپجان ھادى، ماخمۇت مۇھەممەت

# ئاتا-بوۋىلار نەسىھەتلىرىدىن

## سالاملىشىش قائىدىسى

تونۇش ياكى ناتونۇش ئىككى كىشى بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، ئۆزئارا سالاملىشىشلىرى ئىنتايىن زۆرۈر. تونۇشلار ئۇچراشقاندا پەقەت سالاملىشىپلا قالماي، بىر-بىرىنىڭ ھال-ئوقەتلىرىنىمۇ سوراشلىرى لازىم.

بىر كىشى ئىككىنچى كىشىگە سالام بەرسە، ئۇنى دەرھال ئىلىك ئېلىپ، سالامنىڭ جاۋابىنى بەرگەي. سالامنى تولۇق «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»، دەپ ئېيتقاي. «ئەسسالام ئەلەيكە» دېيىش توغرا ئەمەس. «سالام ئەلەيكوم» ياكى «سالام» ياكى «ئەلەيكەس سالام» ياكى «سالام بەردۇق» دېيىشكە بولمايدۇ. سالامنىڭ جاۋابى «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» بولۇپ، بۇنى «ئەلەيكۇم سالام»، «ئەلەيكەس سالام» ياكى پەقەت «ئەلەيكۇم»، دەپلا قويۇش توغرا ئەمەستۇر. «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» — ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «سىزگە تىنچ-ئامانلىق بولسۇن»، دېمەكتۇر. «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» بولسا «سىزگىمۇ تىنچ-ئامانلىق بولسۇن» دېگەن سۆزدۇر.

سالاملاشقاندا باشنى ئەگمەستىن، ئىككى قولنى كۆكرەككە قويۇپ سالام بېرىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. نۇرغۇن ئادەمگە ئۇچرىشىپ قالغان كىشى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئايرىم-ئايرىم سالام بېرىپ يۈرمەي، ھەممىگە قاراپ بىرلا سالام بەرسە شۇ كۇپايە قىلىدۇ. ياش جەھەتتە كىچىك كىشى يېشى چوڭغا، مېڭىپ كېتىۋاتقان كىشى ئولتۇرغان كىشىگە سالام بېرىشى لازىم. كەمسىتىپ، كۆزگە ئىلمىغاندەك، ھىجىيىپ سالام بېرىش ئەدەبسىزلىك. سالام سەممىي بولسۇن. سالام ئالغان كىشى بېشىنى قىمىرلىتىپلا قويماسلىق كېرەك. سالامنىڭ جاۋابىنى ھۆرمەت بىلەن تەلتۆكۈس ئاڭلىتىپ دېيىش كېرەك. ئەگەر بىر كىشى تونۇشىنى يىراقتىن كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىش ئىلاجىنى قىلالمىسا، شۇ جايدا تۇرۇپ، قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، سالام ئىشارىسىنى بەرسە بولىدۇ.

قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە، قولىنىڭ ئۇچىنىلا بېرىپ سالاملىشىش ئەدەبسىزلىك بولىدۇ. بۇنداق قىلىش سالام بەرگەن كىشىنى كەمسىتكەنلىك، ئۇنى كۆزگە ئىلمىغانلىق بولىدۇ. ئۇزاقتىچە بىر-بىرى بىلەن كۆرۈشمىگەن كىشىلەر قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشلىرى كېرەك.

## كوچا-كويدا ئۆزىنى تۇتۇش

كوچىدا ئەدەب بىلەن يۈرۈش،

كىيىملىرىگە مەينەت نەرسىلەرنىڭ يۇقۇپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىش لازىم. ئاغزىنى ئېچىپ، كۆرۈنگەنلا نەرسىگە هاڭۋېقىپ يۈرۈش ياخشى ئەمەس. بازاردا ۋە ئادەملەر كۆپ يىغىلغان جايلاردا ئېھتىيات بىلەن مېڭىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. بىپەرۋالىق بىلەن چامداپ باشقىلارنىڭ پۇتلىرىنى دەسسىۋېلىش ياكى باشقىلارنى ئىتتىرىپ، سوقۇۋېتىش، شۇنىڭغا ئوخشاش نالايىق هەرىكەتلەر بىلەن باشقىلارغا ئازار بېرىش ياخشى ئەمەس. ئەگەر ئىككى ئەر كىشى ياكى ئىككى ئايال ئۆز-ئارا سۆزلىشىپ تۇرغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈش تەربىيىسىزلىك هېسابلىنىدۇ.

ئەگەر يولدا قېرى بوۋاي-مومايلار كېتىۋاتقان بولسا، هۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ كەينىدە مېڭىش لازىم. ئىشى ئالدىراش بولۇپ قالسا، ئۇلاردىن چەتنەپ، يانداپ ئۆتۈپ كېتىش كېرەك.

ئادەملەر ئۆتۈشۈپ تۇرغان يول ئۈستىدە سۆزلىشىپ تۇرۇۋېلىپ، يولۇچىلارغا دەخلى قىلىش توغرا ئەمەس، چەترەك جايدا تۇرۇپ سۆزلىشىش لازىم. يول ئۈستىدە پۇتلىشىپ تۇرغان تاش، تىكەنگە ئوخشاش نەرسىلەرنى كۆرگەندە، ئۇلارنى چەترەك يەرگە ئېلىپ تاشلىسا، باشقا يولۇچىلارغا پايدىلىق ئىش قىلغان بولىدۇ. كۆرۈنگەنلا يەرگە تۈكۈرۈش، مىشقىرىش ۋە مەينەت نەرسىلەرنى تاشلاش تەربىيىسىزلىك هېسابلىنىدۇ. كوچىدا ياشانغان كىشىلەر، ئاجىز ئادەملەر ياكى كىچىك بالىلار ئۇچراپ قالسا، ئۇلارغا ياردەملىشىش كېرەك. ئۇلارنىڭ يۈكلىرى بولسا، دەرهال قولىدىن ئېلىپ ياردەم بەرگەن كىشى ناهايىتى ئالىيجانابلىق قىلغان بولىدۇ. يول ياقىسىدا دەم ئېلىپ ئولتۇرغان كىشى ئەدەب-قائىدىگە رىئايە قىلىشى لازىم. يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان خوتۇن-قىزلارغا چېقىلىش، مەسخىرە قىلىش ئەدەبسىزلىكتۇر. بىرەر كىشى يېنىغا كېلىپ ئولتۇرسا ئەدەب دائىرىسىدە چىرايلىق سۆزلىشىپ ئولتۇرۇش كېرەك. ئىغۋا، پىتنە-پاساتلاردىن تىلىنى يىغىش لازىم. بىرەر كىشىنىڭ تېيىلىپ ياكى پۇتلىشىپ كېتىپ يىقىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسە، دەرهال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش كېرەك.

هەممە ئادەمگە سەن ياخشى قىلىق قىل،
تىلىڭنى خۇش، چىرايىڭنى ئىللىق قىل.
نېچۈك سۆز بولسا سەن ياخشى ئىشىتكىن
قۇلاقىڭغا قىلىپ هالقا بىكىتكىن.

## رۇخسەت سوراش ئەدەبلىرى

بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشۈش ۋە بىرەر ئىش توغرىسىدا سۆزلىشىشنى خالىسىڭىز، ئىشىكتىن كىرگۈچە ئىشىكنى چېكىپ ئۆي ئىگىسىدىن رۇخسەت ئېلىڭ. ئۈن-تىنسىز هېچقانداق شەپە چىقارماي ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىش ئەدەبسىزلىك ۋە تەربىيىسىزلىك هېسابلىنىدۇ. ئاۋۋال ئىشىكنى ئاستىراق چېكىڭ، ئۆيدىن هېچقانداق ئاۋۇش چىقمىسا، بىر ئازدىن كېيىن يەنە چېكىڭ. ئەنە شۇنداق ئۈچ قېتىم چېكىلگەندىن كېيىنمۇ ئۆيدىن جاۋاب بولمىسا، ئۆيدە ئادەم يوقلۇقى ياكى ئۆي ئىگىسى هېچكىمنى قوبۇل قىلىشنى

خالىمايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭلاشقا بۇنداق ئەھۋالدا ھەدەپ ئىشكنى تاراقلىتىۋەرمەي، ئارقىڭىزغا قايتىڭ.

ئەگەر ئۆي ئىگىسى ئىشىكنىڭ ئۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ «سىز كىم؟» دەپ سورىسا، «مەن» دەپلا جاۋاب بەرمەي، ئۆز ئىسمىڭىزنى تولۇق ئېيتىشىڭىز كېرەك. ئۆي ئىگىسى ئىشىكنى ئاچقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن نېمە ئىش توغرىلىق كەلگەنلىكىڭىزنى ئۇنىڭغا دەڭ. چىرايىڭىز ئوچۇق، سۆزىڭىز مۇلايىم بولسۇن.

ئەگەر ئۆي ئىگىسى ئۆيگە كىرىپ سۆزلىشىشنى تەكلىپ قىلسا، ئۇنىڭغا ماقۇل بولۇڭ. ئىشىڭىز بەك ئالدىراش بولسا، ئۆزرە ئېيتىپ، ئۇنىڭ تەكلىپى ئۈچۈن رەھمىتىڭىزنى بىلدۈرۈڭ. ئۆي ئىگىسى ماقۇل كۆرسە، شۇ يەردىلا مەقسىتىڭىزنى دەڭ. كېرەكلىك جاۋابلارنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ رۇخسىتى بىلەن خوشلىشىپ قايتىڭ.

## مېھماندارچىلىق ئەدەبلىرى

ئەگەر ئۆيىڭىزگە بىرەر ئادەمنى تەكلىپ قىلغان بولسىڭىز ياكى چاقىرمىغان بولسىڭىزمۇ، كۆڭلى تارتىپ، سىز بىلەن بىر ئاز سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇش مەقسىتىدە ئۆيىڭىزگە مېھمان بولۇپ كەلگەن بولسا، سىز ئۇنى خۇش خۇي قارشى ئېلىپ، ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىڭ. سالام بېرىپ كۆرۈشۈڭ، يوقلاپ كەلگىنى ئۈچۈن مىننەتدارلىقىڭىزنى بىلدۈرۈڭ. ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، تۆرگە ئولتۇرغۇزۇڭ. ئەھۋال سورىشقاندىن كېيىن، دەرھال داستىخان سېلىپ، تاماق كەلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىڭ. ناننى يېتەرلىك قىلىپ ئۇشتۇڭ. كۆپ ئۇشتۇپ قويسىڭىز، نان ئىسراپ بولىدۇ، ئىسراپخورلۇقتىن ساقلىنىڭ. مېھمانغا: «قېنى مەزەلەرگە بېقىڭ» دەپ تەكلىپ قىلىڭ ۋە ئاۋۋال ئۆزىڭىز باشلاپ بېرىڭ. مېھماندىن ئاۋۋال قولىڭىزنى تائامدىن تارتىۋالماڭ، ئاز-ئازدىن بولسىمۇ، بىرلىكتە يېگەچ تۇرۇڭ. بولمىسا مېھمان خىجىل بولۇپ قېلىپ تاماقتىن قولىنى تارتىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

مېھماننى «قېنى ئېلىڭ، يەڭ» دەپ ھەددىدىن زىيادە قىستاۋەرمەڭ، ئۈچ قېتىم تەكلىپ قىلسىڭىز كۇپايە قىلىدۇ. داستىخانغا قويۇلغان تاماق ئاز بولسا، ئۆزىڭىز ئاز-ئاز ئېلىپ، كۆپىنى مېھمانغا يېگۈزۈڭ. مېھمان تويۇپ، تائامدىن قول تارتقاندىن كېيىن، دەرھال قولىغا سۇ قۇيۇپ، پاكىز لۆڭگە بېرىڭ. مېھمان بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭ روھىي ھالىتىگە دىققەت قىلىپ سۆزلەڭ. ئۇنىڭ روھىي ھالىتى كۆتۈرەلمىگۈدەك سۆزلەر ئاغزىڭىزدىن چىقىپ كەتمىسۇن. بولمىسا بەزى سۆزىڭىز ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن. مېھمان ئالدىدا ئائىلە ئەزالىرىڭىزنىڭ بىرىنى دۆشكەللەپ، قاتتىق سۆزلەرنى قىلماڭ، مېھماننىڭ كۆڭلىگە ھەر خىل ئويلار كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. مېھمان كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرسا، ئۇنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا سالامەتلىك تىلەپ خوشلىشىڭ، يەنە كېلىپ تۇرۇشىنى سەمىمىيلىك بىلەن ئۆتۈنۈڭ.

ئەگەر سىز كۆپ كىشىنى مېھمانغا چاقىرسىڭىزمۇ ئوخشاشلا يۇقىرىدا ئېيتىلغان مېھماندارچىلىق ئەدەبلىرىگە رىئايە قىلىڭ، قولىڭىزدىن كېلىشىچە ئۇلارنى خۇش قىلىشقا تىرىشىڭ.

## مېھماننىڭ ئىززىتى

ئەگەر سىزنى ھۆرمەتلەپ توي، زىياپەت، مەرىكىلەرگە چاقىرسا، چوقۇم بېرىڭ. بىرەر زۆرۈر ئىشقا تۇتۇلۇپ قېلىپ، بېرىشقا مۇمكىن بولماي قالسا، ئۆزرە ئېيتىپ كەچۈرۈم سوراڭ ۋە ئۆزىڭىزنى ھۆرمەت قىلىپ چاقىرغانلىقى ئۈچۈن رەھمىتىڭىزنى ئېيتىڭ.

تەكلىپ قىلىنمىغان بىرەر كىشىنى توي، زىياپەتكە ھەرگىز بىللە ئېلىپ بارماڭ. توي، زىياپەتكە بېرىشتىن ئاۋۋال ئازراق بىر نەرسە يەۋېلىڭ. ئۇ يەردە ئاچكۆزلۈك قىلىپ، تاماقنى ھەدەپ يەۋېرىش ئەيىب سانىلىدۇ. ساھىبخان داستىخانغا نېمە كەلتۈرسە ئۇنى ئېتىراز بىلدۈرمەي يەڭ، داستىخانغا قويۇلغان نازۇنېمەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى ساھىبخاننىڭ رۇخسىتىسىز ئۆيىڭىزگە ئېلىپ كەتمەڭ، بۇنداق قىلىش ئۇيات ئىش.

مېھمانلاردىن ئاشقان تاماقلارنى تەۋەررۈك دەپ زورلاپ بىر-بىرىگە يېدۈرۈش بولمىغان قىلىق، بۇنداق ئىشتىن ساقلىنىش كېرەك. زىياپەت تۈگىگەندىن كېيىن، ئەزمىلىك قىلىپ، سۆزلىشىپ ئولتۇرۇۋەرمەي، ساھىبخانغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۆيىگە قايتىشقا ئىجازەت سوراش كېرەك.

## سۆھبەتلىشىش ئەدەبلىرى

توي، زىياپەت، مەرىكە قاتارلىق سورۇنلارغا بېرىپ، سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغان ئادەملەر ئارىسىغا كىرىسىڭىز، تۆۋەندىكى سۆھبەت ئەدەبلىرىگە رىئايە قىلىڭ:

ئولتۇرغانلارنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن ئالدى بىلەن بەدىنىڭىزنى ۋە كىيىملىرىڭىزنى پاكىز ۋە رەتلىك تۇتۇڭ. ئاغزىڭىزدىن سامساق ياكى خام پىياز پۇراپ تۇرمىسۇن. سۆھبەتداشلار ئارىسىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇلارغا سالام بېرىپ كۆرۈشۈڭ. بىرلا قېتىم بېرىلگەن سالام شۇ جايدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە تېگىل بولىدۇ. ئۆزىڭىزدىن چوڭلارنىڭ يۇقىرىسىغا چىقىپ ئولتۇرماڭ. ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىغا رۇخسەتسىز كىرىپ ئولتۇرۇۋالماڭ. سىزدىن يۇقىرىراق ئولتۇرغان ئادەم سىرتقا چىقماقچى بولۇپ قالسا، ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ يول بېرىڭ. ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ قېتىپ ئولتۇرۇۋېلىشتىن ساقلىنىڭ. يانپاشلاپ ياكى پۇت-قوللارنى خالىغانچە سوزۇپ ئولتۇرۇش ئەدەبسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

ئولتۇرغانلارنىڭ سۆھبىتىگە ئارىلىشىشنى خالىسىڭىز، ئەپلەشمەيدىغان قىلىقلاردىن ساقلىنىڭ. چوڭ-كىچىكلەرنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ ياش ۋە دەرىجىسىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىڭ. قاپىقىڭىزنى تۈرۈپ، خىڭىلداپ سۆزلىمەڭ. مۇئامىلىڭىز خۇش خۇي، چىرايىڭىز ئىللىق، سۆزىڭىز شېرىن ۋە مۇلايىم بولسۇن.

مۇبادا چۈشكۈرمەكچى بولۇپ قالسىڭىز، ئېغىز-بۇرنىڭىزنى قول ياغلىقىڭىز بىلەن تۇتۇپ، ئاستىراق چۈشكۈرۈڭ. ئولتۇرغان كىشىنى ئىشقا بۇيرۇماڭ. باشقىلاردىن يېشىڭىز كىچىكرەك بولسا، مىزا كەلتۈرۈلگەندە دەرھال ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، خىزمەت قىلىشقا تۇتۇنۇڭ. ساھىبخانغا

ياردەملىشىڭ. لېكىن قىلغان خىزمىتىڭىزنى مىننەت قىلماڭ.

سۆھبەت ۋاقتىدا، مۈگدەپ ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ. سۆزلىگەندە باشقىلارغا سۆز بەرمەي، ئۆزىڭىزنى بىلەرمەن كۆرسىتىپ، ھەددەپ سۆزلەۋەرمەڭ. بىرەيلەن سۆزلەۋاتقاندا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ئارىسىغا سۆز قىستۇرماڭ. ئۇ كىشى سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، زۆرۈر بولسا، سۆھبەتداشلارنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئاستا ۋە مۇلايىم قىلىپ سۆزلەڭ. ھەددىدىن زىيادە كۆپ سۆزلەپ، ئەزمىلىك قىلىپ تۇرماڭ، سۆزىڭىز قىسقا، مەنىلىك بولسۇن. بولمىسا، مېھمانلار زېرىكىپ قالىدۇ. ھەر قانداق كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭ، غەيۋەت سۆزلەرگىمۇ قۇلاق سالماڭ. سۆزلەۋاتقان چېغىڭىزدا باشقىلارنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك، كۆرسەتكۈچ بارمىقىڭىز بىلەن جونۇپ تۇرۇپ سۆزلىمەڭ. سۆھبەتداشلىرىڭىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە تەگمەڭ. ئۇلارنىڭ دىلىنى ئاغرىتماڭ. بىر كىشىنىڭ سۆزلىگەن سۆزىگە نارازىلىق بىلدۈرمەكچى ياكى ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇمچە سۆز قىلماقچى بولسىڭىز ئەدەب - ئەخلاق دائىرىسىدە سۆزلەڭ.

ھەممە نەرسىگە قاقاقلاپ كۈلۈۋەرمەڭ. سۆھبەتداشلارنى زاڭلىق قىلماڭ. ئۇلارنى لەقەملىرى بىلەن چاقىرماڭ. بولمىسا، ئاخىردا كۆڭۈلسىزلىك چىقىشى مۇمكىن. باشقىلارنىڭ قېشىدا يېنىڭىزدىكى كىشى بىلەن پىچىرلىشىپ سۆزلەشمەڭ. بۇنداق قىلسىڭىز باشقىلارنىڭ كۆڭلىدە گۇمان تۇغۇلۇشى مۇمكىن.

### يېمەك - ئىچمەك ھەققىدە

تاماقنى ۋاقتى - ۋاقتىدا، ئۆلچەملىك يېيىشكە ئادەتلىنىڭ. زورلاپ بەك كۆپ يەۋالسىڭىز، ھەزىم قىلالماي ئاۋارە بولۇپ قالىسىز، ھەتتا ساقسىز بولۇپمۇ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

بېلىقنى، ئاچچىق - چۈچۈك نەرسىنى، تۇخۇمنى، گۆشنى سۈت بىلەن يېمەڭ. شۇ قاتاردا سۇرگۆش بىلەن يېڭى گۆشنىمۇ قوشۇپ يېيىشكە بولمايدۇ. سېسىغان ۋە ئېچىپ قالغان تاماقنى يېيىشتىن ساقلىنىڭ. بىرەر سورۇندا ئولتۇرغىنىڭىزدا تاماق يېيىشكە توغرا كېلىپ قالسا، پېشقەدەم كىشىلەر تاماققا قول ئۇزاتمىغۇچە سىز ئالدىراپ قول ئۇزاتماڭ. تاماقنى ئۆز ئالدىڭىزدىن ئېلىپ يەڭ. ناننى ئىككى قولىڭىز بىلەن سۇندۇرۇپ، قولىڭىزغا تاماقتىن يۇققان ماينى ھەرگىز نانغا سۈركىمەڭ. تاماقنى ئالدىراپ - سالدىراپ يېمەڭ. تاماقنى ئوبدان چايناپ، ئاستا يۇتۇڭ. ئاغزىڭىزنى ھەددىدىن زىيادە يوغان ئېچىپ ۋە شالاپلىتىپ تاماق يېيىشتىن ساقلىنىڭ.

ئاغزىڭىزدا چايناۋاتقان تائامنى يۇتۇپ بولماي تۇرۇپ تاماققا قول ئۇزاتماڭ. ئاغزىڭىزغا تەگكەن تائامنى، چىشلىگەن گۆشىڭىزنى يېيىلمىگەن تاماققا قوشۇپ قويماڭ. قولىڭىزنى تاۋاق ياكى چىنىگە سىلكىمەڭ. داستىخاندا تۇز، ئاچچىقسۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بولسا، قولىڭىزدىكى يەۋاتقان نەرسىنى ئۇلارغا تەگكۈزۈپ، چىلاپ يېمەڭ. قوشۇق بىلەن ئۇلاردىن خالىغىنىڭىزچە ئېلىپ، تامىقىڭىزغا سېلىپ يەڭ. قولىڭىزغا قوشۇق ئېلىپ تاماق يېمەكچى بولسىڭىز، قوشۇققا تاماقنى بەكمۇ جىق تولدۇرۇپ ئالماي، يېرىمراق ئېلىڭ. ئېلىۋاتقان سۇيۇق يا-

كى قويۇق تاماق داستىخان ياكى كىيىملىرىڭىزگە تۆكۈلۈپ-چېچىلىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىڭ. قوشۇقتىكى تاماقنىڭ يېرىمىنى يەپ، يېرىمىنى تاۋاققا قايتۇرۇپ تۆكمەڭ، ئاغزىڭىزغا سىغقۇدەك ئېلىڭ. ئاغزىڭىزنى تاماق ئۇسۇلغان قاچىغا زادى يېقىن ئەكەلمەڭ. قوشۇقنى تاماق بىلەن قوشۇپ ئاغزىڭىزنىڭ ئىچىگە تىقماڭ.

داستىخانغا كەلتۈرۈلگەن مېۋىلەرنى يېمەكچى بولسىڭىز يېگەن مېۋىلىرىڭىزنىڭ شاكال ۋە ئۇچكىلىرىنى يېيىلمىگەن مېۋىلەرنىڭ ئۈستىگە تاشلىماي، بىر بوش قاچا ئىچىگە تاشلاڭ.

## ئەر-ئاياللىق ئەدەبلىرى

ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئىناق ئۆتۈشى ئائىلە ئۈچۈن بەخت-سائادەت كەلتۈرىدۇ، ئائىلە ئەزالىرى ئۈچۈن راھەت ۋە پاراغەت ئىشىكىنى ئاچىدۇ. ئەگەر ئاتا بىلەن ئانا تەرتىپلىك، ئەدەبلىك، بىر-بىرىگە خۇش مۇئامىلىك بولسا، بالىلىرىمۇ ئۇلاردىن ئۆلگە ئېلىپ، شۇنداق تەربىيىدە ئۆسىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، تەرتىپسىز، ئۇرۇشقاق ئاتا-ئانىنىڭ بالىلىرى ئۆزلىرىگە ئوخشاش بولۇپ يېتىشىدۇ. ئەر ۋە ئايال بۇنىڭغا دىققەت قىلىشى كېرەك.

بەزىدە ئائىلىدە ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئۈستىدە كېلىشەلمەسلىك ئەھۋاللىرى بولۇپ قالىدۇ. ئاتا-بوۋىلىرىمىز: «ئۇرۇش-جېدەل كۆپ بولىدىغان ئۆيدە بەرىكەت بولمايدۇ، ئەر ۋە ئايالنىڭ جېدىلى داكا ياغلىق قۇرۇغىچىلا بولسۇن»، دەپ ئىنتايىن توغرا ئېيتقان. «تاما-تاما كۆل بولۇر» دېگەندەك، ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار بارا-بارا چوڭىيىپ، كۆڭۈلسىز ۋەقەلەرگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ئىستىقبالىنى ياخشى چۈشەنگەن ئەر-ئايال ئەنە شۇنداق كىچىك، ئەھمىيىتى يوق مەسىلىلەر ئۈستىدە چىققان جېدەللەرگە يول قويماسلىقى كېرەك.

ئەر مۇنۇنى ئېسىدىن چىقارماسلىقى كېرەك: ئايال ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بىر زات. ئۇنىڭ خىزمىتىنى كۆرمەسلىك، تەقدىرلىمەسلىك ئىنساپ ۋە مۇرۇۋۋەتتىن كۆز يۇمغانلىق. ئايالنىڭ تۇغۇت مەزگىلىدە چەككەن ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەيلۇق. بالىنى دۇنياغا كەلتۈرۈش ئايال ئۈچۈن يا ئۆلۈم يا كۆرۈم دېمەكتۇر. ئامان-ئېسەن كۆزى يورۇپ، بوۋاقنى قۇچىقىغا ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى بېقىپ تاكى ۋايىغا يەتكۈزۈپ بولغۇچە ئايال كىشى ئاز ئازاب چېكەمدۇ؟ ھۆرمەتلىك ئانىنى ھەرقانچە ھۆرمەتلىسەك، يەنىلا ئازلىق قىلىدۇ. شۇڭلاشقا بىر دانىشمەن: «جەننەت ئانىنىڭ ئايىغى ئاستىدۇر» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

تەربىيە كۆرگەن، ئەدەبلىك ئەركەك ئۆز ئايالىنى دائىم ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەيدۇ، ئايالى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلىدۇ. ئايالى ۋە بالىلىرىغا ئوچۇق چىراي ۋە شېرىن سۆز بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىنىشتە تەڭلىكتە قالدۇرمايدۇ، تۇرمۇشنى ياخشى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. تاپقىنىنى بىھۇدە يەرلەرگە سەرپ قىلماي، پەقەت ئائىلىسى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ئوتۇن يېرىش، سۇ ئەكىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئېغىرراق

ئۆي ئىشلىرىدا ئايالغا ياردەم بېرىدۇ. تەربىيە كۆرگەن، ئەدەبلىك ئەر كەچقۇرۇن ئىشتىن قايتقاندا كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرمەستىن، ئۇدۇل ئۆيگە قايتىدۇ. ئايالنىڭ ئاتا-ئانا، ئاكا-ئۇكا ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلار بىلەن باردى-كەلدى مۇناسىۋەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئايالنىڭ بىرەر ئىشىدىن نارازى بولسا، ئۇنىڭغا نارازىلىقىنى مۇلايىملىق بىلەن بىلدۈرۈپ، نەسىھەت قىلىدۇ. ئەگەر ئانىسى بىلەن ئايالى يەنى قېيىن ئانا بىلەن كېلىن ئوتتۇرىسىدا كېلىشەلمەسلىك بولسا، ھەر ئىككىسىگە نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشمەسلىكنى تۈگىتىشكە تىرىشىدۇ.

ئەمدى ئائىلىدە ئايالنىڭ ۋەزىپىسىگە كەلسەك، ئەقىللىق، تەدبىرلىك ئايال مۇنۇ ئىشلارغا رىئايە قىلسا، ئۆزى، ئېرى، بالىلىرىنىڭ راھەتتە ئۆتۈشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

ئەر دائىم ئۆزى، ئايالى ۋە بالىلىرىنىڭ پاراغەتتە ياشاش يوللىرىنى ئىزدەيدۇ، ئائىلىسىنىڭ مەئىشەت جەھەتتىن قىسىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھاردىم-تالدىم دېمەي ئالدىراش ئىشلەيدۇ، بۇ يولدا ھەر تۈرلۈك مۇشەققەتلىك ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئېرىنىڭ خىزمەتلىرىنى ھەققىي كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھۆرمەت ۋە ئىززىتىنى قىلغان ئايال ئەلنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولىدۇ.

ئەقىللىق، نومۇسچان ئايال ئېرىنىڭ خۇشلۇقىمۇ قايغۇسىمۇ ئورتاق بولىدۇ. ئېرى ئەتىگەندە ئىشقا ماڭغاندا ئۇنى شېرىن سۆز، خۇش مۇئامىلە بىلەن ئۇزىتىپ قويىدۇ، ئىشتىن قايتقاندىمۇ يەنە شۇنداق گۈزەل مۇئامىلە بىلەن قارشى ئالىدۇ. ئېرىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ ۋاقتى-ۋاقتىدا يۇيۇلۇپ، پاكىز تۇرۇشىغا دىققەت قىلىدۇ، تاماقنى دەل ۋاقتىدا تەييارلاپ، ئېرى ۋە بالىلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ خۇشال-خۇرام غىزالىنىدۇ. تاماق ۋاقتىدا قاپىقىنى تۈرۈپ، بالىلىرىنى ئۇرۇپ، ئېرىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەيدۇ.

«ئەرنى ئەر قىلىدىغانمۇ خوتۇن، ئەرنى يەر قىلىدىغانمۇ خوتۇن» دېگەندەك، ئەدەبلىك، ئەخلاقلىق ئايال ئېرىنىڭ تاپقىنىنى تېجەپ ئىشلىتىدۇ. بەتخەجلىك قىلمايدۇ، قانائەتلىك بولىدۇ. بالىلىرىنىڭ تەربىيىسىگە كۆپ كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئېرىنىڭ مەسلىھەتىسىز بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلمايدۇ. ئەرزىمەس نەرسىلەرنى باھانە قىلىپ، ھە دېسىلا ئېرى بىلەن جېدەللەشمەيدۇ. ئېرىدىن بىرەر سەۋەنلىك ئۆتتۇلسە، مۇلايىملىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى شۇ ئىشىدىن قايتۇرىدۇ. ئېرىگە دائىم مۇھەببەت ۋە سادىقلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئېرىنىڭ ئاتا-ئانا، ئاكا-ئۇكا ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ھۆرمەت قىلىدۇ. ئېرىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقىنى ياكى دوستلىرى كەلسە، ئوچۇق چىراي بىلەن قارشى ئالىدۇ.

مانا شۇنداق پەزىلەتلەرگە ئىگە بولغان ئۆي خوجايىنى — ئايال ئېھتىرام ۋە ئالقىشقا ئېرىشىدۇ!

## ئاتا-ئانا ۋە پەرزەنت بۇرچى

ئاتىنىڭ بالىلىرىغا مۇھەببىتى چەكسىز، چۈنكى ئۇ بالىلىرىنى ئۆز سۆرىتىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخا دەپ بىلىدۇ. ئەسلىدە ئاتىنىڭ بۇ تەسەۋۋۇرى توغرىدۇر.

بالا ئاتىنىڭ بىر قىسمىدۇر، مىجەز-خۇلۇق، چىراي قاتارلىق جەھەتلەردە بالا ئاتىغا ئوخشىشىدۇ. شۇڭلاشقا ئاتا ئۆز بالىسىنىڭ تەربىيىسىگە بەكمۇ دىققەت قىلىدۇ. ئۆزى ياقتۇرىدىغان پەزىلەتلەرنى بالىسىغا سىڭدۈرۈشكە، بالىسىنى ئۆزىدىنمۇ مۇكەممەل قىلىپ يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىدۇ. شۇ مەقسەتتە ھەرقانداق مۇشەققەتكە چىدىيالايدۇ. بالىسى توغرىلىق باشقىلاردىن: «تەربىيىلىگەن ئاتاڭغا رەھمەت»، دېگەن سۆزنى ئاڭلىسا، خوش بولىدۇ، پەرزەنتى ئارقىلىق كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىشنى خالايدۇ. نەۋرە-چەۋرىلەر كۆرۈپ، نەسلىنىڭ داۋاملىشىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

بالىنىڭ ھاياتىغا سەۋەب بولىدىغان بىرىنچى قۇۋۋەت — ئانا جىسمىدىكى قاندۇر. بوۋاق شۇ قان بىلەن ئوزۇقلىنىپ، ھاياتىنى ساقلايدۇ. بالا بىرىنچى سۆزنى ئانىدىن ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تىلنى «ئاتا تىلى» دېمەستىن «ئانا تىلى» دېيىشتىكى ھېكمەتمۇ ئەنە شۇنىڭدىدۇر. دېمەك، بالىنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈشتە ئاتىغا قارىغاندا ئانا كۆپرەك ھەسسە قوشىدۇ. ئانىنىڭ بالىغا بولغان مۇھەببىتى ئاتىنىڭكىدىن ئۈستۈن بولىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ، كىچىك بالىلار ئاتىدىن كۆرە ئانىسىغا ئامراق بولىدۇ. ئانا بالىسى ئۈچۈن ھەتتا ئۆزىنى پىدا قىلىشقىمۇ تەيياردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دانىشمەنلەر «ئانىنىڭ ھەققى ئاتىنىڭ ھەققىگە قارىغاندا ئىككى ھەسسە كۆپرەك»، دېگەن. ئەي سۆيۈملۈك ئوغۇل، قىزلىرىمىز! سىزنىڭ دۇنياغا تۆرىلىشىڭىزگە سەۋەبچى بولغان، تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن ئاتا-ئانىڭىزنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىڭ، ئىززەت-ھۆرمەتلىرىنى قىلىڭ. ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، رازىلىقىنى ئېلىڭ، ئاچچىق-زەردە سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ دىلىنى ئاغرىتىشتىن ساقلىنىڭ. ئۇلارغا بولغان مۇھەببىتىڭىزنى تىل ۋە باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىزھار قىلىڭ. نەسىھەتلىرىنى بىجاندىل قوبۇل قىلىپ، ئەمەلدە كۆرسىتىڭ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن دائىم خەۋەر ئېلىپ تۇرۇڭ، ھېچ نەرسىگە تەلمۈرتۈپ قويماڭ. ئۇلار سىلەرگە ھېچقاچان يامانلىق تىلىمەيدۇ. سىلەرنىڭ بەخت-سائادەتلىك بولۇپ، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشۈڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دېگەن سۆزلىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار. سىز ئاتا-ئانىڭىزغا قانداق مۇئامىلىدە بولسىڭىز، كېيىن ئۆز بالاچاقىڭىزدىن شۇنداق مۇئامىلىگە ئىگە بولىسىز. چۈنكى ئۇلار سىزدىن ئۆلگە ئالىدۇ. بۇنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ. بەزىدە ئاتا-ئانىڭىز ئوقۇشماسلىقتىن تەربىيىدە ئەدەبكە خىلاپ ھالدا تەتۈر سۆزلەپ قويۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى سەۋرچانلىق بىلەن، مۇلايىم سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرۈڭ. قاتتىق مۇئامىلە قىلماڭ، ئۇلارنىڭ مۇبارەك دىللىرىنى ئاغرىتماڭ. ئاتا-ئانىڭىزنىڭ مەسلىھەتى ۋە رازىلىقىنى ئالماي ئىش قىلماڭ.

بىر دانىشمەننىڭ شاگىرتى ئۇستازىدىن:

— ئاتا-ئانام ۋاپات بولۇپ كەتكەن. ئەمدى قانداق قىلسام ئۇلارنىڭ قەرزىنى ئادا قىلغان بولىمەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئاتا-ئاناڭنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇندا، ئۇلارنىڭ ئەل-ئاغىنە، دوستلىرىنى ھۆرمەت قىل، ئاكا-ئۇكا، ئۇرۇق-تۇغقان

لىرىڭنى سۆي، قولۇڭدىن كېلىشىچە ئۇلارغا ياردەم قىل، ياخشىلىق قىل. ئۆز-ئۆزۈڭ قائىدە-يوسۇن، ئەدەپ دائىرىسىدىن چەتنىمە! — دېدى دانىشمەن.

پەرزەنت ۋايىغا يېتىپ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرگۈچە، ئاتا-ئانىنىڭ قولىدا ئامانەتتۇر. كىچىك بالا گۆھەرگە ئوخشاش ئاپئاق، مومغا ئوخشاش يۇمشاق بولۇپ، ھەرقانداق شەكىلگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانا ئۆز بالىلىرىنى كىچىكىدىن باشلاپ ئەدەپ-ئەخلاق، قائىدە-يوسۇنلارغا ئويغۇن ھالدا تەربىيىلەشلىرى كېرەك.

بىرى قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى سوقراتتىن:

— سىز چوڭلاردىن كۆرە ياشلارنىڭ تەربىيىسىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىسىز. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

سوقرات ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ياشلار دەرەخنىڭ ياش نوتىسىغا ئوخشىشىدۇ. ئۇنى قاياققا تولىساڭ شۇياققا ئېگىلىدۇ. مېنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىمنى خۇددى تاشقا ئويغاندەك كۆڭۈللىرىگە مەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇۋالىدۇ. شۇڭلاشقا مەن ئۇلارنىڭ تەربىيىسىگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىمەن.

بالىلارغا ئەدەپ-ئەخلاق، تەرتىپ-قائىدىلەرنى ئۆگىتىشتە ئۇلارنى ئۇرۇش، ئەيىبلەپ سۆكۈش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. ياخشى ئىش قىلسا، ئۇنى ماختاش، ئەركىلىتىش، ئۇلاردىن بىرەر يامان ئىش كۆرۈلسە، ئۇنداق ئىشقا ئۆزىڭىزنىڭ نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ، نەسىھەت قىلىش، قىلغان ئىشىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش. كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئەيىبىنى ئېچىپ بالىنى ئىزا تارتقۇزماسلىق. نەسىھەتنى خالى جايدا قىلىش. بالا ئاتا-ئانىدىن ئۆلگە ئالىدۇ. قائىدە-يوسۇنلۇق ئاتا-ئانىنىڭ بالىلىرىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش بولۇپ ئۆسىدۇ. ئائىلىدىكى جېدەللەر بالىلارنىڭ روھىغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. شۇڭا ئائىلە ئەزالىرى جېدەلدىن ساقلىنىپ، تىنچ، ئىناق ئۆتۈشى كېرەك.

بالىلىرىڭىز ۋايىغا يەتكەندە ئوغۇلنى ئۆيلەش، قىزنى تۇرمۇشقا چىقىرىش كېرەك. بۇ ئىنتايىن ئېغىر ۋە جىددىي مەسىلىدۇر. بۇنىڭدا غايەت ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈش كېرەك. ياشلار ئەقىلدىن كۆرە ھېسسىياتقا كۆپرەك بېرىلىدۇ. شۇڭلاشقا بالىلىرىڭىز يېڭى ھاياتقا قەدەم قويغاندا ئۇلارغا ئۆزىڭىز باشلامچىلىق قىلىش، بۇ ئىشنى يالغۇز ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە، ئۆز ئىستەكلىرىگىلا تاشلاپ قويماسلىق.

## تەلىم ۋە تەربىيە ھەققىدە

ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىق بولۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلارنىڭ ياردىمىگە موھتاجدۇر. مۇئەللىم مەنىۋى ئاتا-ئانىدۇر. بۇ مۆھتەرەم ئاتا-ئانا، مەنىۋى پەرزەنتلىرى بولغان ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل، پىكىر-ئىدراكلىرىنى ئۆستۈرۈشكە، ئۇلارنى ئەدەپ-ئەخلاق جەھەتتە كامالەتكە يەتكۈزۈشكە تىرىشىدۇ. مەنىۋى پەرزەنتلىرىنى مۇكەممەل بىر ئادەم قىلىپ يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى

سەرپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلار ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئۇلارنىڭ قىلغان خىزمىتى تەقدىر ۋە ئالقىشقا ئىگىدۇر.

بىرى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىندىن:

— كىمنى كۆپرەك ياخشى كۆرىسىز، ئاتىڭىزنىمۇ ياكى ئۇستازىڭىزنىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئىسكەندەر ئۇنىڭغا:

— ئاتامنىمۇ، ئۇستازىمنىمۇ ئوخشاشلا ياخشى كۆرىمەن. ئاتام مېنىڭ دۇنياغا كېلىشىمگە، ئۆسۈشۈمگە سەۋەبچى بولغان بولسا، ئۇستازىم پەزىلەتلىك بولۇپ يېتىلىشىمگە سەۋەبچى بولدى. شۇڭا بۇ ھەر ئىككى تەربىيىچىمگە بىر خىل قارايمەن. بۇ ئىككى مۆھتەرەم زاتقا تەڭ مۇھەببەت بىلەن ئېھتىرام بىلدۈرىمەن، — دېدى.

ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپتە ياكى ئادەملەر ئارىسىدا ئۆزىنى قانداق تۇتۇشلىرى، ئوقۇغۇچىلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشلىرى لازىم؟ ھەممىدىن ئاۋۋال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى ئەدەب-ئەخلاقتا ئوقۇغۇچىلارغا نەمۇنە بولۇشى لازىم. تەلىم-تەربىيىنىڭ قائىدە-قانۇنلىرى بويىچە ئوقۇتقۇچى ئوچۇق چىراي، شېرىن سۆزلۈك، چىقىشقاق، مۇلايىم، كەمتەر بولۇشى شەرت. ئوقۇغۇچىلارغا قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنىڭ زېھنىغا تېگىش تەلىم-تەربىيە نۇقتىسىدىن ئالغاندا توغرا ئەمەس. ئوقۇتقۇچىلاردىن تەلىم-تەربىيىنىڭ يېنىكىدىن ئېغىرىغا، ئوچۇقتىن مەجھۇلغا، يەنى ئوچۇق كۆرۈنمەس تەرىپىگە، يېقىندىن يىراققا دېگەن قائىدىلەرگە ئاساسلىنىپ دەرس بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەر بىر ئوقۇتقۇچى ئۆز شاگىرتلىرىنىڭ روھىي ھالىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ ئۇلارنى چۈشىنىشى لازىم.

ھەقىقىي ئوقۇتقۇچىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئالىم ۋە دانالار يېتىشىپ چىقىدۇ.

## ئاتا نەسىھىتى

بىر دانىشمەن ئوغلىغا مۇنداق نەسىھەت قىلدى:

— بالام، خەلقنىڭ ئۆزۈڭگە غەمخورلۇق قىلىشىنى خالىساڭ، ئاۋۋال ئۆزۈڭ خەلققە غەمخور بول. ئۆز ئەمگىكىڭنىڭ زايە بولماسلىقىنى تىلىسەڭ، خەلقنىڭ ئەمگىكىنى زايە قىلما. ئابرويلۇق بولۇشنى ئىزدىسەڭ، كەمتەر بول. باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قېلىشنى خالىمىساڭ، يۈرۈش-تۇرۇشۇڭنى تۈزەت. قەدىر-قىممىتىم ئاشسۇن دېسەڭ، باشقىلارنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىل. كۆپچىلىكنىڭ ئۆزۈڭگە دوست بولۇشىنى ئىزدىسەڭ، ئادەملەرگە قولۇڭ ۋە تىلىڭ بىلەن ئازار بەرمە. ئىززەت-ھۆرمەت ئىگىسى بولۇشنى خالىساڭ، مۇمكىن قەدەر مېلىڭنى نامراتلاردىن ئايىما. مۇكەممەل بىر ئادەم بولۇشنى ئارزۇ قىلساڭ، ئۆزۈڭگە يارىمىغان بىر ئىشنى باشقىلارغا راۋا كۆرمە. دىلىڭ رەنجىپ، سەپرايىڭ ئۆرلەشنى خالىمىساڭ، جاھىل، رەزىل كىشىلەر بىلەن گەپ تالىشىپ يۈرمە. غەمسىز بولاي دېسەڭ، ھەسەتخور بولما. قايغۇ-ئەلەمدىن يىراق بولۇشنى ئىزدىسەڭ، قولۇڭدىن چىقىپ كەتكەن نەرسە ئۈچۈن ھەسرەت چەكمە. ئەل-ئاغىنەڭنىڭ كۆپىيىشىنى خالىساڭ، خۇش خۇي، شېرىن سۆزلۈك بول، ھېچكىمگە ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت ساقلىما. سىرىڭنىڭ ئاشكارىلىنىپ

قىلىشىنى خالىمىساڭ، سىرىڭنى دوستۇڭغىمۇ ئېيتما.

## سەۋر قىلىش ھەققىدە

سەۋر — تۇرمۇشتا ئۇچرايدىغان ھەرخىل قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش، ئاڭلىغان بولمىغۇر سۆزلەرگە، بېشىغا كەلگەن قايغۇ ـ ھەسرەتكە تاقەتسىزلىك قىلماي، چىداملىق بولۇشتۇر. سەۋرچانلىق يولىنى تۇتقان ئادەم مۇراد ـ مەقسەتكە يەتمەي قالمايدۇ. قايغۇ ـ ھەسرەت قىلتىقىغا ئىلىنىپ قالغان كۆڭۈل سەۋر قولىدا ئازادلىققا ئېرىشىدۇ. سەۋر بەخت ـ سائادەت ئىشىكىنى ئاچىدۇ.

بېيىت:

كىشىنىڭ غەم ئاراگەر بولسا سەبرى،
ئۇنىڭ بولغاي ئاخىر مەقسەد نەسىبى.

سەۋر ھەققىدىكى سۆز زېرىكىشلىكتەك تۇيۇلسىمۇ، ئاخىردا مۇراد ـ مەقسەتنى ھاسىل قىلىپ، شادلىق بەخش ئەتكۈچى يولداشتۇر. سەۋر جۇدالىق تۈنىدەك قاراڭغۇ ۋە ئۇزۇن بولسىمۇ، ئاخىر ۋىسال تېڭىدۇر. بېيىت:

ئەگەر ھىجراندا چەكسە زەخمەتۇ رەنج،
نەسىب بولغاي نىھايەت بىھساب گەنج.

بىر بىچارە يىگىتنىڭ كۆڭۈل قۇشى بىر گۈزەلنىڭ ئىشقىغا گىرىپتار بولۇپ قالدى، ئەمما يىگىت تۆھمەت بىلەن زىندانغا تاشلاندى. ئۇ زىنداننىڭ ھەرخىل ئازابلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، كۆڭلىدىكى يوشۇرۇن سىرىنى زادى ئاشكارىلىمىدى. بىر كۈنى مىرشاپلار ئۇنى زىنداندىن سۆرىگىنىچە خەلق توپلانغان مەيدانغا ئېلىپ چىقتى ۋە يەرگە دۈم ياتقۇزۇپ، كالتەك بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى قىزىل قانغا بويالدى. ئەمما بۇ بىچارە يىگىت بىر قېتىممۇ «ۋايجان» دېمىدى، ئىقرارمۇ قىلمىدى. مىرشاپلار ئۇنى شۇنچە ئۇرۇپمۇ ئىقرار قىلدۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن ئاخىر ئۈمىدسىزلىنىپ يىگىتنى قويۇۋەتتى.

زالىم، رەھىمسىز مىرشاپلار كەتكەندىن كېيىن، جاپاكەش يىگىت ئاغزىدىن پارچە ـ پارچە قىلىنىۋېتىلگەن بىر دانە كۆمۈش تەڭگىنى چىقاردى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. يىگىت ئۇلارغا:

— مىرشاپلار مېنى ئازابلاۋاتقان ۋاقىتتا مېنىڭ مەشۇقۇم مەيداننىڭ بىر چېتىدە مېنىڭ ئەھۋالىمغا سەپسېلىپ قاراپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭدىن خىجىل بولۇپ، ئازاب ـ ئوقۇبەتكە چىدالماي ئاھ ـ ۋاھ دەپ زارلىنىشنى خالىمىدىم. سەۋر قىلىپ ئازابقا چىدىدىم. قاتتىق ئازابلىنىشىمدا مۇشۇ تەڭگىنى كۈچەپ چىشلىدىم، شۇنىڭ بىلەن تەڭگە چىشلىرىم ئارىسىدا پارچىلىنىپ كەتتى. ھەممە ئازابقا چىداپ، سىرىمنى ساقلىدىم...— دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ چاغدا قىز كىشىلەر توپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئاشىقىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ بېشىنى يۆلەپ تىزىغا ئالدى. مۇلايىم سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ يارىلىرىغا مېھىر ـ شەپقەت مەلھىمىنى قويدى. زەئىپلەشكەن تېنىگە يېڭىدىن جان كىرگۈزدى. ئاشىق سەۋر ـ تاقەت قىلىپ، ئۆز مەشۇقىنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشىپ، ئويلاپمۇ باقمىغان پاراغەتكە يېتىشتى.

(ئاخىرى 35 ـ بەتتە)

# چاغاتايچە لۇغەت

## ت

تۈزگۈچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

**تا** [تا] (پ) 1 › تا، تاكى:

تا سەفەر قىلماققە ئەزم، ئەي ماھتابان، ئەيلەدىڭ،
ئىلچىلىككە ئىلچىنى گۇياكى زىندان ئەيلەدىڭ.
— قەلەندەر.

2 › - غىچە، - گىچە:

كىمسە گەر ئىشكىڭنى ياستانماقدىن ئولمىشتۇر مەلۇل،
ھەجرىلە تا رۇزى مەھشەر قىلمە ھىرماندىن خەلاس.
— ئەرشى.

**تائات** [طاعات] (ئە) [بىرلىكى: تائەت] «تائەت» كە قاراڭ.

**تائەبەد** [تاابد] (پ + ئە) ئەبەدىي، مەڭگۈ:

تا ئەبەد مەردۇدۇ مەلئۇن ئەيلەبان،
ئىبرەتۇ ئافاقۇ گەردۇن ئەيلەبان.
— نەۋائى.

**تائەت** [طاعت] (ئە) [كۆپلۈكى: تائات] ئىتائەت قىلىش، بويسۇنۇش؛ تائەت ئىبادەت، دىنىي بۇيرۇقلارنى بەجىرىش:

زاھىدلەرنىكى، تائەتۇ تەقۋاسىدۇر رىيا،
كەلسە قولىغە ھەرنە ئاڭا بولسە مۇددەئا.
— سەبۇرى.

**تاب I** [تاب] (پ) 1 › تاقەت، چىدام؛ كۈچ، قۇۋۋەت، مادار، قۇدرەت:

تاب كەلتۇرمەس نەزەر ھۇسنى جەھان ئاراسىغە،
ياشۇرۇن كۆپ پەردە كەينىدىن قارالى ئۆزگەچە.
— ئەرشى.

يۇرەدۇرمەن چىمەندە زارى يىغلاپ،
كۆڭۈلدە سەبر يوق، جىسمىمدەدۇر تاب.
— خىرقەتى.

تابۇ تەۋان — قۇۋۋەت، دەرمان؛

**تابۇ تەۋانالىغ** — قادىرلىق، قۇدرەتلىك؛

2 › ئېشىلىش، تولىشىش، بۆكۈلۈش:

قۇش بالاسى ئاشيان ئۈزرە يىلان كۆرگەچ كەبى،
خاتىرى شەيداۋۇ زۇلفى تابىدىن غەۋغانى كۆر.
— ئەرشى.

**تاب ئاچىلماق** — تارقالماق (ئېشىلگەن نەرسە ھەققىدە)؛

**تاب بەرمەك** — 1 › يىپ ئەشمەك؛ بۆكمەك؛

2 › كۆچمە م: يەڭمەك؛

**تاب تاپماق** — جىپسىلاشماق، چىرماشماق؛

**تاب ئۇزماق** — چىرمالماق، تولغانماق، بۇرالماق؛

**رىشتە تاب** — ئېشىلگەن، ئېشىپ پىشۇرۇلغان يىپ، «رىشتە» گە قارالسۇن؛

3 › نۇر، تاۋلىنىش؛ ئىسسىقلىق، ھارارەت، ئىسسىتما:

تاپىپ ئايتەك يۈزى كۈن تابىدىن تاب،
تۇتۇپ كۆزلەرى ياش ئورنىدە خۇناب.
— لۇتفى.

ھەر يۈرەكنىڭ ئىشق ئوتىنىڭ سوزىشىدىن تابى بار،
سىخ بىلە پىشقان كەبابدەك سىچقىراپ خۇنابى بار.
— گۇمنام.

**تاب سالماق** — ئىسسىتماق، قىزىتماق؛

**جەھانتاب** — ئالەمنى يورۇتقۇچى، غايەت قىزدۇرغۇچى.

**تاب II** [تاب] (پ) تەك:

كافىر ئەھلى تاب كېلەلمەسلەر ئانىڭ بىر تىغىغا،
قاتىلۇ جەللاد ئاتالغان نۇرى ئىمانىم كېلۇر.
— موللا بىلال.

**تابان I** [تابان] تاپان، پاشنا.

**تابان II** [تابان] (پ) نۇر، يورۇق، يارقىن، پارلاق، يالتىراق؛ شولا:

قايسى بەزم ئولمىش مۇنەۋۋەر بەرقەدىڭدەك شەمئىدىن،
قايسى شەمئىنىڭ شۇئلەسى رۇخسارى تابانىڭچە بار؟
— گۇمنام.

تەخت ئۈزە چىقىپ، ئەي جان، بىزگە ھۆكم سۇلتان قىل،
تىيرە تۈن ئاراسىدا گۈل يۈزۈڭنى تابان قىل.
— موللا بىلال.

**بەرقى تابان** — پارلاق چاقماق، يالتىراق چاقماق؛

**تابان ئەختەر** — يورۇق يۇلتۇز؛

**خۇرشىدى تابان** — قۇياش نۇرى، قۇياشنىڭ شولىسى؛

لەبلەرىڭغە باردۇرۇر لەئلى بەدەخشان ئىھتىياج.

ئارەزىڭنى كۆرگەلى خۇرشىدى تابان ئىھتىياج.
— قەلەندەر.

ماھى تابان — ئاي نۇرى؛
مىھرى تابان — «خۇرشىدى تابان» غا قاراڭ:
يۈزمۇ بۇ يا مىھرى تابان يا يادى بەيزامۇدۇر،
يا كۆڭۈللەر كۆزگۈسى يا بىر گۇاى ھەمراھىدۇر.
— ئەرشى.

**تابە** [تابه] (پ) تاۋا، لەبس (نان، قۇيماق قاتارلىقلارنى پىشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسە)

**تابەدان** [تابدان] (پ) تۈڭلۈك، ئىشىك رۇجىكى.

**تابەقەننەئۇلۇ** [ طابق لنعل] (ئە) ماس كەلدى، ماسلاشتى.

**تابەكەي** [تابکی] (پ) قاچانغىچە:
كائىناتى بى مەدارنىڭ ئىچىدە تابەكەي،
بەرقى يەڭلىغ ئۆتكەرۇرمەن ھەيف ئۆمرۇمنى ئەبەس.
— زەلىلى.

**تابەندە** [تابنده] (پ) تاۋلانغۇچى، پارلىغۇچى، نۇر تارقاتقۇچى:
گويا يۈزىدىن ئاچتى سەنەم گوشەئى بۇرقەئ،
تابەندە بولغۇن كېچە ئەجايىب قەمەر ئىشق.
— زەلىلى.

**تابدار** [تابدار] (پ) 1) چىدامىلىق، سەۋرچان؛ 2) پۇختا، چىڭ، مۇستەھكەم؛ 3) پارلاق، يالتىراق؛4) دولقۇنسىمان، ئورالغان، يۆگەلگەن، چىرماشقان، 5) بۇدۇر، بۇژغۇن:
بىنەفشە تابدارۇ بەرگى سۇنبۇل ھەم پەرىشاندۇر،
كۆتۈرمەي گۈل يۈزىدىن پەردەئى بادى سەبا ئاخىر.
— زەلىلى.

**تابسىز** [تاسز] چىدامسىز، تاقەتسىز:
جىسمى گۈلگۈن، كۆڭلەكى گۈل ئۈزرە گۈل،
كۆرمەگىدىن تابسىز يۈزمىڭ كۆڭۈل.
— نەۋائى.

**تابناك** [ تابناک] (پ) نۇرلۇق، پارلاق؛ مۇنەۋۋەر.

**تابۇت** [طابوت] (ئە) تاۋۇت، جىنازا:
كى تابۇتلارنىڭ ئالىپ مىخلارىن،
نە مىخلارنى ئالدىم تۆمۈر سىخلارىن.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تابۇتپوش** [ابوت فوش] (پ) تاۋۇت ئۈستىگە يېپىلىدىغان يوپۇق.

**تابۇغ** [تابوغ] ئىبادەت قىلماق، باش ئەگمەك، تىزۇنماق.

**تابۇق** [تابوق] 1› بويسۇنۇش، ئىتائەت؛ 2› ھۇزۇر؛ خىزمەت:

نىسار ئەفشان قىلىپ دۇررى جەۋاھىر،
تابۇقدا قىلدىلار ئىخلاس زاھىر.

— لۇتفى.

**تابۇق ئەتمەك** — «تابۇق ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
**تابۇق ئەيلەمەك** — تەزىم قىلماق، يۈكۈنمەك؛
**تابۇق تىلماق** — «تابۇق ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

**تابۇلغە** [تابولغە] دوبۇلغا.

**تابۇلغۇ** [تابولغو] «تابۇلغە» گە قاراڭ.

**تابىئ** [تابع] ‹ئە› [كۆپلۈكى: تەبەئە، تەۋابىئ، تابىئىن] باشقىلارغا ئەگەشكۈچى، بويسۇنغۇچى؛ تەۋە، تەۋەلىكى:

شاھىكى بولسە تابىئىدە نەچچە كىشىۋەرى،
تەييار بولسە نەزدىدە يۈز لەكچە لەشكەرى.

— سەبۇرى.

**تابىئ بولماق** — ئەگەشمەك، بويسۇنماق؛
**تابىئى شەرئى نەبى** — پەيغەمبەر شەرىئىتىگە تەۋە.

**تابىستان** [تابستان] ‹پ› ياز.

**تابىستانى** [تابستانى] (پ) يازلىق، يازغا تېگىشلىك؛ يازدىكى.

**تابىش** [تابش] (پ) 1› نۇر، پارلاقلىق، يالتىراقلىق؛ 2› تەپتى، ھارارىتى؛ 3› ئىسسىقلىق، ھارارەت؛ 4› كۆچمە م: كۈچ، مادار، قۇۋۋەت:

قىزارتۇر ئوت يېقىن بولغان كىشىنى،
قۇيارمۇ سالمايىن ئوت تابىشىنى.

— خىرقەتى.

**تاپاك** [طاپاك] تىپىرلاش، بىزەۋىتە بولۇش.

**تاپان** [تاپان] «تابان I» گە قاراڭ.

**تاپۇ** [تاپو] ئىتائەت، سەجدە قىلىش، باش ئېگىش؛ ئەگىشىش.

**تاپىرجىمەك** [تاپىرجيماك] ھەرىكەتلەنمەك، قىمىرلىماق، تىپىرلىماق.

**تاپىنماق** [تاپينمق] تىزۇنماق، باش قويماق، سەجدە قىلماق.

**تاتار** [تاتار] «مۇشك» كە قاراڭ؛
**مۇشكى تاتار** — تازا ۋە ئەڭ خۇشبۇي ئىپار.

**تاتلاماق** [تاتلاماق] 1› تاتىلىماق؛ 2› ئاغدۇرماق (يەرنى)، ئارىلاشتۇرماق.

**تاتماچ** [تاتماچ] «تۇتماچ» قا قاراڭ.

**تاتماق** [تاتماق] تېتىماق، تېتىپ باقماق:

ئوخشاماس كەئىغە شەمسى كەيفىكى فەيزى مەسىھ،

لامەكان سەير ئۇلغۇسى بۇ نەشئەدىن تاتغان گەدا.
— ئەرشى.

ئاران قويدى ئىسە تاتماغە قۇرسەت،
تاتار ـ تاتماسدىن يىغدى سۇفرەنى ىەت.
— لۇتفى.

**تاتۇ** [تاتو] تاي، تايچاق؛ قەشقەر ئىتى.

**تاتۇرماق** [تاتورماق] 1) تارتقۇزماق، تارتقۇزۇپ قويماق؛ 2) تىتىتماق.

**تاج** [تاج] (پ) شاھلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق بەلگىسى بولغان، قىممەت باھالىق تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن باش كىيىم:
كۆرۈپ ئانچە ياخشى سىپاھۇ جۇنۇد،
باشىغە بىلىپ تاج دۇررى شۇھۇد.
— ئا. نەزارى، ن. زىيائى.

**تاجى دەۋلەت** — دۆلەت تاجىنىڭ ئىگىسى:
تاجى ـ دەۋلەت، تەخى نۇسرەت بىرلە بولغايسەن مۇدام،
كۆز قاراقىدەك سەرىرى ئىززەت ئۆزرە پايدار.
— تەجەللى.

**تاجانماق** [تاجانماق] 1) باش تارتماق، قايتۇرماق، رەت قىلماق؛ 2) غۇرۇرلانماق، كىبىرلەنمەك.

**تاجدار** [تاجدار] (ئە + پ) «تاجۋەر» گە قاراڭ:
قىلىپ تاجىمىز ھەممىنى تاجدار،
كى دۇرلەر بىلەن ئەيلەدۇك گۇشۋار.
— غەرىبى.

**تاجدە** [تاج دە] (ئە+پ) تاج بەرگۈچى؛ كۆچمە م: زور ۋە قۇدرەتلىك پادىشاھ

**تاجىخۇرۇس** [تاج خروس] (ئە + پ) تاجىگۇل.

**تاجىر** [تاجر] (ئە) [كۆپلۈكى: تۇججار] سوددىگەر، تىجارەتچى:
ئاتام تاجىر ئىردى بەغايەت غەنى،
مۇسافىرلىق ئىردى ئۇلارنىڭ فەنى.
— ئا. نەزارى، ن. زىيائى.

**تاجۋەر** [تاجور] (ئە + پ) تاج كىيگەن، پادىشاھ، تاجدار.

**تار** [تار] (پ) 1) يىپ؛ ئارقان؛ تالا؛ 2) تار (سازنىڭ تارى):
ھەقىقەت ئەھلى تەئرىق ئەتمەيىن فەھم ئەيلەگەي بىردەك،
مۇغەننى ئەرغەنۇن تارىنى نەچچە زىر ـ بەم چەكتى.
— ئەرشى.

3) چاچ، كىرپىك تالاسى:
ھۇما گەر ئۇستىخانىم كۆرسە كىرپىك تارى دەپ باقماس،

قاچان ئالەمدە مۇلداغ ئىردى جىسمى ناتەۋان پەيدا،
— ئەرشى.

4) شام پىلىكى؛ 5) ئۈزۈش؛ 6) قاراڭغۇ؛ 7) ھەسەت، ئىچى تار-
لىق؛ بەسلەشمەك؛ 8) تار («كەك» نىڭ قارشىسى)؛
ئىككى غۇنچەڭ ئىرمەس ئەي گۈلچېھرە تەڭ،
ئاغزىڭ ئەسرۇ تار، كۆڭلۈڭ ئەسرۇ كەڭ.
— نەۋائى.
زۇلمۇ سىتەمنى زۇلفۇڭغۇ كافىر كۆزۈڭگە ئۆگرەتىپ،
بۇ كەڭ جەھاننى سەن ماڭا بىر تار زىندان ئەيلەمە.
— سەككاكى.

9) تور؛
دەردىدىن چىقار جانىم، ھىجۇر ئارا يىقىلدىم كىم،
ئەنكەبۇتنىڭ تارى چىرماشىپ ئاياغىمغە.
— مەھزۇن.

**تارمويى** — چاچ تالاسى:
گاھى سۇفىلاردەك ئەيلەسەم ھەق،
ھەر تار مويۇم دېمىش ئەنەلھەق.
— موللا سالىھ.

**تارۇپۇد** — ئۈرۈش، ئارقاق:
لەشكەرى شەيتان ھۇجۇم ئەتكەندە كۆپ بەردى شىكەست،
تارۇ پۇدى خىرقە دۈشمەنگە سىپاھىگدۇر سىنىڭ.
— زەلىلى.

**تارى ھەيات** — تىرىكلىك يىپى، جان، نەپەس: تىرىكچىلىك:
ئۈرۈپ شەمئ ئوتىغا گاھى قاناتىن،
ئۆزەي دەپ دۇنيادىن تارى ھەياتىن.
— خىرقەتى.

**شەبى تار** — قاراڭغۇ كېچە:

**مۇھەببەت تارى** — مۇھەببەت رىشتىسى، مۇھەببەت يىپى:
جەھاندا بىر مېنىڭدەك يانە زارۇ بىنەۋا يوقتۇر،
مۇھەببەت تارىغە دائىم ئەسرۇ مۇبتەلا يوقتۇر.
— ئەرشى.

**مىكرى تارى** — قىلتاق يىپى (مىكرى قىلتىقىنىڭ يىپى):
مىكرى تارىدىن يۈزىگە سالىبان تۇرلۇك تۈگۈن،
ئۆزىگە ئازادەلەر قەيدىنى مۇئتاد ئەيلەمىش.
— ئەرشى.

**تاراج** [تاراج] (پ) 1) بۇلان، تالان-تاراج:

ئەرشى، يارىلىق نەقەدى ئىمانىمنى تاراج ئەيلەدى،
نېگە بەس ئول شوخ زالىم نامۇسۇلمان بولماسا.
— ئەرشى.

2) كۆچمە م: ئىشغال، ئىشغال قىلماق:
كۆڭۈل ئىقلىمىنى تاراج ئېتەرمەن بولماسۇن غاپىل،
جۇنۇندىن پارە بولغان خىرقەنىڭ تارى سىپاھىمدۇر.
— زەلىلى.

**تاراج قىلماق — بۇلىماق، تالان - تاراج قىلماق.**

تاراغ [تاراغ] تاغاق

تارام [تارام] پارچە، بۆلەك، ھەسسە

تارەك [تارك] باشىلىق تۆپە قىسمى، باش؛
**تاجى تارەك — باش ئۈستىگە قويۇلغان تاج.**

تارەم I [طارم] 1) ئۈستى گۈمبەزلىك ئېگىز ئۆي، گۈمبەز؛ قۇببە؛ 2) كۆچمە م: كۆك، ئاسمان؛
**تارەمى ئەئلا — كۆچمە م: كۆك، ئاسمان؛**
**تارەمى مىنۇ — كۆچمە م: كۆك، ئاسمان.**

تارەم II [طارم] «تارەم I» گە قاراڭ.

تارتار I [تارتار] يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش، كۆككە كۆتۈرۈلۈش، يۈكسىلىش:
شۇئلە تارتار بۇ كېچە ئاھىم فەلەككە، يا مەگەر،
شەمئى نەزرى ئېلتەدۇر ئىيسا پەيەمبەر سارى بىل.
— «لۇغەتى چاغاتاي»دىن.

تار - تار II [تار تار] (پ) تالا - تالا، تارقاق:
بىراۋ قىلدى نەسساجلىق ئىختىيار،
يازىپ ئەبرەشىم ئەيلەدى تار - تار.
— غەرىبى.

تارى [طارى] (ئە) تۇساتتىن كۆرۈنۈش، كۇتۇلمىگەندە پەيدا بولۇش:
**تارى بولماق — تۇساتتىن پەيدا بولماق، كۆرۈنمەك؛**
**تارى قىلماق — كۆرسەتمەك، پەيدا قىلماق.**

تارىق [تارىق] تېرىق (دان)؛
**تارىق - تارىق — كۆچمە م: ئۇششاق.**

تارىقماق [تارىقماق] زېرىكمەك، سىقىلماق:
مەن قۇشى دۇرمەن چەمەندىن چىقماغان،
دەشتۇ ۋادى سەيرىدىن تارىقماغان.
— «لۇغەتى چاغاتاي»دىن.

تارىماق [تارىماق] چاچماق، سەپمەك؛ دارىماق؛ پەيدا بولماق:
فىسق تۇخمىن نەفس ئارا ئۈلكىم تارىر،

سۇۋ ئارا ھەر غۇتەكىم، ئۇردى ئاردر.
— نەۋائى.

تارىپ تۇخمى كىننى بولۇپ يانە غەش،
مېنى ئۆلتۈرەرگە قىلىپدۇر كەڭەش.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تازە** [تازه] (پ) يېڭى:
ئول ئاي ھايات چەشمەسىدىن تازە جان قىلۇر،
ھەرلەھزە قاشى ياسى ماڭا قەسدى جان قىلۇر.
— گۇمنام.

چىرايلىق، يېقىملىق:
ئەگەر رەقىبەتلىكىم ۋەسلىن تىلەپ ھەر چەند ھەۋا قىلدىم،
كۆرۈپ بىر تازە گۈل زەۋقىدە بۇلبۇلدەك نەۋا قىلدىم.
— ئەرشى.

پاك، پاكىزە، ساپ، تازا؛ ئازادە:
يۈزۈڭنى قىلۇر تازە كۆزۈم ياشىيۇ ئاھىم،
گۈل تازە بولۇر تاپسە بەلى ئابۇ ھەۋانى.
— سەككاكى.

**تازە تاپماق** — روھلانماق، جانلانماق:
تازە تاپىپ تەندە دىلۇ جان، ھەيات،
يول يۈرۈدۈك تا تەرەپى قۇم رەبات.
— زەلىلى.

**تازە جانلىق** — يېڭىدىن جانلانغان؛ روھلىنىپ كەتكەن؛
**تازە دەملىق** — يېقىملىق سۆزلۈك.

**تازەلىغ** [تازەلیغ] يېڭىلىق، ياشناپ تۇرغانلىق.

**تازي** [تازی] (پ) 1) ئەرەب ئەرەبىي، ئەرەبچە، ئەرەب خەلقىگە ۋەئەرەب، جىنسىغا ئائىت؛ 2) ئەرەبىي ئات، ئەرەب ئارغىمىقى، چاپقۇر ئات تۇلپار؛ 3) ئوۋ ئىتى.

**تازيانە** [تازيانه] (پ) قامچا:
ھەر شۇئلەكى ئاھىم ئوتىدىن زەبانەدۇر،
ئەھلى جۇنۇنغە شۇئلە ئەمەس تازيانەدۇر.
— زەلىلى.

**تازيانە چەكمەك** — قامچا ئۇرماق، قامچىلىماق.

**تاس I** [تاس] داس، جام.
ھەۋادىس راھىغە ئەل دۇشى ئۇچۇن،
فەلەكنى تاس ئەيلەپ، مېھرىنى كاس.
**تاسى نىگۇن** — كۆمتۈرۈلگەن داس؛ كۆچمە م: ئاسمان، كۆك؛

فەلەك تاسى ـ كۆچمە م: كۆك، ئاسمان.

**تاس II** [طاس] «تاس I» گە قاراڭ.

**تاسباز** [طاس باز] (پ) ئەيرەڭۋاز، كىچىك جاملارنى ئىشلىتىپ ئويۇن كۆر-سەتكۈچى سېھىرگەر.

**تاسكەش** [طاس كش] (پ) 1) قولغا سۇ قويغۇچى، ئاپتۇۋىچى؛ 2) هاممال.

**تاش** [تاش] 1) تاش؛ 2) سەككىز چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى مۇساپە؛ 3) تاشقىرى، تاشقى:

تاۋۇشكىم ئۆي تاشىدىن كەلسە دەرمەن: باغرى تاشىمدۇر،
ئىشكىدىن سايە كىرگەچ ساغىنۇرمەنكىم، قۇياشىمدۇر.
— نەۋائى.

**تاغىتماق** [تاغىتماق] يەلپۈتمەك، يېلىدۇرماق:

سەبا زۇلفۇڭنى تاغىتتى ئەگەر هالى خەيالىمدە،
يازىلدى ئەژدەها بولدى، ئۇرالدى ئەھرەمەن بولدى.
— سەككاكى.
ئەي هۇسن گەنجى، بۇ زەئىف كۆڭلۈمنى ۋەيران ئەيلەمە،
يۈز ئۆزە زۇلفۇڭ تاغىتىپ، ئۆمرۈم پەرىشان ئەيلەمە.
— سەككاكى.

**تاغى** [طاغى] (ئە) هەددىدىن ئاشقۇچى؛ ئىسيانچى، قوزغىلاڭچى؛ بويسۇن-تولغۇچى.

**تاق I** [طاق] (ئە) ئىشىك ۋە بىنالارنىڭ ئۈستىدىكى، ئېگىز قىلىپ يېرىم دائىرە شەكلىدە ئىشلەنگەن جاي؛ گۈمبەز:

تائەت بىلە تا بولماسا ئىيسايى مۇجەررەد،
قويماس قەدەمىن كۈنگرەئى تاقى زەبەرجەد.
— زەلىلى.

مېھراب، ئەگچىلەرنىڭ ئۆيىسىدىكى قايرىلما قىسمى:

مۇئەززىن كەئبە تاقى ئۆزرە گۈلباڭگى سەمەد ئۇردى،
بەرەھمەن دەير ئايۋانىدا ئاھەڭگى سەنەم چەكتى.
— نەۋائى.

كۆچمە م قاش ئەگمىسى:

ئوقتەك بويۇمىز ئەگىلدى ياتەك،
ئول فىتنەلىك ئىككى تاقىڭىزدىن.
— لۇتفى.

تاقى ئەبرۇ ـ قاش ئەگمىسى؛ ئەگمە قاش:

يوق ئىردى سەجدە گاهىم ئىچرە تاقى ئەبرۇيۇڭ،
قاشىڭ كۆرۈنسە ئەمازىم بارى تەزا قىلايىن.
— گۇمنام.

تاقى ئەفلاك ــ ئاسمان يۈكسەكلىكى:

كۆك تاقى ــ كۆك (ئاسمان) گۈمبىزى، ئاسمان (ئاسماننىڭ گۈمبەز شەكلىدە كۆرۈنۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ).

**تاق II** [طاق] 1› تاق، يالغۇز، يەككە، يېگانە، بىردىنبىر؛ 2› ئەرسىز ياكى خوتۇنسىز كىشى تۇل ياكى بويتاق):

قىش كۈنىدە ئالما، چىلان تاقىدۇر،
مېۋە مەھەللىدە چىرە تاقىدۇر.
ــ زەلىلى.

قاچان بولغاي سېنىڭدەك يارى بىھراق،
ياراتىپدۇر سېنى ھەق ھۆسن ئارا تاق.
ــ خىرقەتى.

تاقى ئافاق ــ دۇنيادا يەككە ـ يېگانە.

**تاقاشماق** [تاقاشماق] تەگلەشمەك، بەسلەشمەك:

قاچان كۈن چىقسا ئاي، ئەختەر ئۆزىنى ئاشكار ئەتمەس،
ئانىڭدەك دىلبەرىم بىرلە قايۇ خۇبلار تاقاشىبدۇر.
ــ گۇمنام.

**تاقاۋۇتقە** [تاقاووتقە] تاقا، ئات تاقىسى.

**تاقەت** [طاقت] (ئە) كۈچ، قۇۋۋەت، چىدام، بەرداش، سەۋر:

كۆرمەسەم بىردەم ئانى ئارامۇ تاقەت يوق ماڭا،
نەۋبەتى قىلسام جانىم باشىغە ئىسار ئالدىدا.
ــ نەۋبەتى.

**تاقچە I** [تاقچە] 1› ئۆي تەكچىسى؛ 2› ئۇۋا؛ كاتەك.

**تاقچە II** [طاقچە] «تاقچە 1» گە قاراڭ.

**تاقىيە فۇرۇش** [تاقيەفروش] (پ) دوپپىچى.

**تاڭ** [تانگ] 1› ئەتىگەن، سەھەر، سەھەر ۋاقتى:

ئەي ۋاي، قاچان شامى فىراقىڭ تاڭى ئاتقاي،
كىم بولدى ماڭا ئۇشبۇ يارۇق دۇنيا قاراڭغۇ.
ــ ئەتائى.

2› ئەجەبلىنىش، ھەيران قېلىش:

ھەرنەچە زەخمىم ئارا بولغانسارى ئۇريان سۆڭەك،
تاڭ قالۇر ئالەم ئېلى جىسمىمدە بۇ كۈلكۈ كۈرۈپ.
ــ ئەرشى.

تاڭ يېلى ــ تاڭ شامىلى، سەھەر شامىلى:

كۆر نەزاكەت گۈل كەبى تاڭ يېلىمدىن گۈلبەرگىمىم،
مەيلى رەفتار ئەيلەسە زاھىر قىلۇر يۈزدە ئەرەق،
ــ ئەرشى.

**تاڭلا** [تانكلا] ئەتە، ئەتىسى:

چىقار تاڭلا شاھى بۆتى قاشىغە،
خەبەر ھەم بىرۆرلەر قارى ـ ياشىغە.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تاڭلاغى** [تانكلاغى] ئەتىكى، ئەتىگە (ئەتىكى كۈنگە) تېگىشلىك.

**تاڭلالىق** [تانكلالىق] ئەتىلىك، ئەتىگە (ئەتىكى كۈنگە) تېگىشلىك.

**تاڭلاماق** [تانكلاماق] 1) تاڭلىماق، قۇلاق سالماق، ئۇقماق؛ 2) ئەجەبلەنمەك، ھەيران قالماق، تاڭ قالماق.

**تاڭىرغاماغ** [تانكيرغاماغ] تېڭىرقىماق:

ئىلكدىن ئۇچقىنىب بالىقنى سالدى،
تاڭىرغاب بارماغىن تىشلەدى قالدى.
— لۇتفى.

**تاڭىزغاماق** [تانكيزغاماق] ئەجەبلەنمەك، تاڭ قالماق.

**تالاز** [تالاز] بوران، قۇيۇن.

**تالغاماق** [تالغاماق] تاللىماق، ئاجراتماق، پەرق قىلماق.

**تالغۇم** [تالغوم] دولقۇن، مەۋج، قاينام.

**تالۇن** [تالون] تولۇن، تولغان:

سەمەندى نەقش پايىن يەر ئۆزە كۆرگەچ بەدەل قىلمان،
تالۇن ئاي شۇئلەلىغ چولپان ۋە يا كۆكدە قۇياش ئولسۇن.
— ئەرشى.

**تالىھ** [طالح] (ئە) يامان، ياۋۇز.

**تالىئ** [طالع] (ئە) 1) كۆتۈرۈلگۈچى، چىققۇچى، كۆرۈنگۈچى (كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇز ھەققىدە):

فەلەكدىن مىھرى ئەنۋار بولدى تالىئ،
قاراڭغۇلۇقنى كۆزدىن قىلدى راجىئ.
— لۇتفى.

2) بەخت، ئىقبال، قىسمەت؛ تەلەي:

بەختى قاچقان بولماسام ھەم تالىئىم شۇم بولماسا،
بولغاي ئىردىمۇ بۇ كۈن روينى ئانارىمدىن جۇدا.
— موللا بىلال.

سەرنەۋشتىم ئىردىمۇ يا تالىئىمنىڭ دونلۇغى،
بۇ ھەمە مەھرويلاردىن بىر دەۋايى تاپمادىم.
— ئەرشى.

**تالىئ بولماق** — چىقماق، كۆرۈنمەك.

**تالىب** [طالب] (ئە) تەلەپ قىلغۇچى، ئىزلىگۈچى؛ خالىغۇچى، ئاختۇرغۇچى؛ تالىپ؛

ئىلاھا خىرقەتىمنى ئەيلە تالىب،
ۋىسال ئىستەرگە قىل ئىشقىنى غالىب.
— خىرقەتى.

**تالىب بولماق** — ئىستىمەك، خالىماق؛
**تالىبى ئىلىم** — ئوقۇغۇچى، ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى.

**تالىقماق** [تالىقماق] تالجىقماق (ئۈزۈلۈپ قالماق)، ئاغرىماق، كېسەل بولماق.

**تام** [تام] (ئە) 1 › تولا، تولۇق، پۈتۈن؛ 2 › كەمچىلىكسىز.

**تامات** [طامات] (ئە) بىھۇدە، ئۇتتۇرۇقسىز سۆزلەر، لاپ.

**تامشالماق** [تامشالماق] تەمشەلمەك، ئۈرۈنماق؛

بى ۋاپادۇر، ئەي قەلەندەر، بۇ جەھان، تامشالماغىل،
قالغۇسىدۇر نىچە قىلساڭ باغىيۇ ئەيۋان سەرا.
— فەلەندەر.

**تامغا** [تمغا] تامغا، مۆھۆر، نىشانە، بەلگە.

**تامغاچى** [تمغاجى] 1 › تامغا باسقۇچى، مۆھۆردار؛ 2 › ئاتقا تامغا سالغۇچى؛
3 › باج ئالغۇچى، باجگىر.

**تامغە** [تمغه] «تامغا» غا قاراڭ.

**تامۇغ** [تاموغ] دوزاخ؛

بولۇر كۇفرى ئەھلى ئېھىشتىدىن يىراق،
تامۇغدا مۇئەببەد چېكەر ئېھتىراق.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تامەئ** [طامع] (ئە) تاماگەر، بىراۋدىن بىرەر نەرسە ئۈمىد قىلغۇچى، بىراۋ-نىڭ نەرسىسىگە كۆز تىككۈچى.

**تامىئە** [طامعه] (ئە) «تامىئ» قا قاراڭ.

**تامىزماق** [تامىزماق] تېمىتماق، تامغۇزماق؛

ئۈرۈپ جانىغە نەيزە گۈل تىكەندىن،
تامىزىپ قەترە-قەترە قان بەدەندىن.
— خىرقەتى.

**تانۇغ** [تانوغ] گۇۋاھ، شاھىد؛ بەلگە، نىشانە، ئىسپات، دەلىل؛
**يالغان تانۇغ** — يالغان گۇۋاھ.

**تانۇغلۇغ** [تانوغ لوغ] گۇۋاھلىق؛ بەلگىلىك.

**تانۇق** [تانوق] «تانۇغ» قا قاراڭ.

**تانۇقلاماق** [تانوقلاماق] مۇۋاپىق كۆرمەك، ئېتىراپ قىلماق؛ ئىشەنمەك.

**تانۇماق** [تانوماق] تونۇماق، بىلمەك، ئۇقماق؛

قىلۇر ئېردىم ئانداغ ئاڭا ئىزتىراب،
تانۇي دەپ بۇ جانىنىڭ يۈزىگە قاراب.

— ئا. نىزارى، ن. نىيائى.

**تائىماق** [تائىماق] «تائۇماق» قا قاراڭ.

**تائۇن** [طاعون] (ئە) ۋابا:
تائۇن مەرەزى — ۋابا كېسىلى.

**تاۋاچى** [تواچى] پادىشاھنىڭ بۇيرۇق ۋە تاپشۇرۇقلىرىنى تېگىشلىك يەرلەرگە يەتكۈزگۈچى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى ئەمەلدار.

**تاۋشالىماق** [تاوشالماق] ئېزىلمەك، يانجىلماق، زەئىپلەشمەك، كېسەل بولماق؛ دەردلىمەك:
تاقەتىم گەر قالمادى تارتارغە مېھنەت تاغىنى،
نە ئەجەب بۇ يۈكنى گەر ئەفلاك چەكسە تاۋشالۇر.
— نەۋائى.

**تاۋۇس** [طاوس] توز:
كى تاۋۇس پەردىن قىلىپ يەلپۈگۈچ،
نە پەردىن كى زەردىن قىلىپ يەلپۈگۈچ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تاۋۇس پەيكەر — توز شەكىللىك، گۈزەل كۆرۈنۈشلۈك.

**تاۋۇشقان** [تاووشقان] توشقان.

**تاۋۇشماق** [تاووشماق] 1) توشماق، كامالەتكە يەتمەك؛ ئاخىرىغا يەتمەك؛ 2) سەكرىمەك، يۈگۈرمەك، تېز ماڭماق.

**تاۋۇق** [تاووق] توخۇ:
مۇرغ، تاۋۇقتەك ئېرۇرمەن چۈن سېنىڭ ئىشقىڭدا كىم،
بۇ غەرەزدىن تەلپىنۇرمەن ئاي يۈزۈڭدەدان كۆرۈپ.
— موللا بىلال.

**تائىب** [تائب] (ئە) تۆۋە قىلغۇچى، تۆۋە قىلغان:
تائىب بولماق — تۆۋە قىلماق.

**تائىر** [طائر] (ئە) «تايىر» غا قاراڭ.

**تائىفە** [طائفە] قەبىلە؛ كىشىلەر توپى، گۇرۇھ:
خۇبانى جەھان تەلبە كۆرۈبان قاچادۇرلار،
ئادەم ئەمەس ئول تائىفە گوياكى پەرىزاد.
— زەلىلى.

**تاياغ** [تاياغ] تاياق، كالتەك؛ چىۋىق.

**تاياغلاماق** [تاياغلاماق] ئۇرماق، تاياق سالماق.

**تاياق** [تاياق/ تاياق] «تاياغ» قا قاراڭ:
ئۇرۇپ ئېردىم ئانىڭ باشىغە تاياق،
جەھەننەمگە قويدى بۇ كەمپىر ئاياق.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تايىب** [تائب] (ئە) «تائىب» قا قاراڭ.

**تايىر** [طاير] (ئە) 1) قۇش؛ 2) ئۇچقۇچى؛
**تايىرى دەۋلەت** — دۆلەت قۇشى؛
**تايىرى قۇدس** — كۆچمە م: روھ، جان؛
**ئوق تايىرى** — كۆچمە م: ئېتىلغان ۋە ھاۋادا كېتىۋاتقان ئوق.

**تايىي** [طابى] (ئە) تاي ناملىق قەبىلىگە مەنسۇپ.

**تە** [ت] ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ بەشىنچى ھەرپى ۋە ئۇنىڭ ئاتىلىشى:
«تە» تۇلان ئايدەك يۈزۈڭگە بەندەمەن، شاھى جەھان،
تاقەتىم يوق تەلمۇرۇپ، ئارزۇم قانارىم سەنمۇ سەن؟
— موللا سالىھ.

**تەئادۇل** [تعادل] (ئە) بىر-بىرىگە تەڭ كېلىش، باراۋەرلىك، تەڭلىك؛
**تەئادۇل ئەتمەك** — باراۋەر قىلماق، تەڭ قىلماق.

**تەئادىي** [تعادى] (ئە) ئۆزئارا دۈشمەنلىشىش، دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك.

**تەئارۇز** [تعارض] (ئە) ئۆزئارا قارشىلىشىش، زىددىيەت، قارشىلىق.

**تەئاشۇق** [تعاشق] (ئە) بىر-بىرىگە مۇھەببەت باغلىماق، بىر-بىرىنى ياخشى كۆرمەك.

**تەئاقۇب** [تعاقب] (ئە) ئىز بىسىپ كېلىش، كەينىگە كىرىش، بىر-بىرىنى ئازا-رەت (تەقىب) قىلىش سۈرگۈنىشىش.

**تەئالەللاھ** [تعالى الله] تەڭرى، بىرلا ئاللا:
ئۇلۇغ زاتىدۇرۇر بىچۇن، بى مىسل،
تەئالەللاھ، ئاندىن بارچە ئەسفەر،
— ئەرشى.

**تەئام** [طعام] (ئە) يېمەكلىك، تاماق:
تەئامىنى ئالدىم يېدىم ئەندەكى،
كېتىپ ئەقلۇ ھۇشۇم ھەمە تەندەكى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەئەب** [تعب] (ئە) مۇشەققەت، قىيىنچىلىق:
مەن ئولسام فەرەھلىك بىلە رۇز-شەب،
ساڭا يەتسە مۇنداقكى رەنجۇ تەئەپ.
— ئا. نىزارى.
يۈرۈپ سال ئارا چۈن قىرىق رۇز-شەب،
بۇ مۇددەتدە يەتمەي ئاڭا ھېچ تەئەب.
— ئا. نىزارى.

**تەئەب تارتماق** — قىينالماق.

**تەئەبناك** [تعبناك] (ئە+پ) 1) مۇشەققەتتە قالغان، قىينالغان؛ 2) مۇشەق-قەتلىك، قىيىن.

**تەئەججۇب** [تعجب] (ئە) ھەيران قىلىش، ئەجەبلىنىش:
ئايا بۇلبۇلكى، زار ئەيلەك بۇ تويكى بولدى شاھانە،
تەئەججۇب ئەيلەگىز ئىشق ئىچرە قىلغان كار بارد ھە.
— ئا. نىزارى.

**تەئەججۇب ئەنگىز** [تعجب انگيز] (ئە + پ) كىشىنى ھەيران قالدۇرماق، ئەجەبلەندۈرـ دىغان.

**تەئەددۇب** [تعدب] (ئە) ئەدەبلىك، تەرتىپلىك، ئەخلاقلىق:
كى مەكتەپكە بەردى ئانى ئىلم ئۈچۈن،
تەئەددۇب، تەۋازۇئ بىلە ھىلم ئۈچۈن.
— ئا. نىزارى.

**تەئەددۇد** [تعدد] (ئە) ساناق؛ سانىلىش، سانى كۆپىيىش؛ كۆپەيتىش.

**تەئەددى** [تعدى] (ئە) زۇلۇم قىلىش، تاجاۋۇز قىلىش؛ ھەددىدىن ئېشىش.

**تەئەددى پىشە** [تعدى پيشه] (ئە + پ) زۇلۇم قىلغۇچى، تاجاۋۇز قىلغۇچى.

**تەئەررۇز** [تعرض] (ئە) 1) تېگىش، تاقىلىش؛ 2) قارشىلىق كۆرسىتىش؛
تەئەررۇز قىلماق — ‹1› تەگمەك، تاقالماق؛ ‹2› قارشىلىق قىلماق.

**تەئەززۇم** [تعظم] (ئە) ئۇلۇغلىنىش، كىبىرلىنىش، ئۆزىنى چوڭ كۆرسىتىش.

**تەئەسسۇف** [تأسف] (ئە) ئېچىنىش، ئەفسۇسلىنىش؛ كۆيۈنۈش:
كۆرۈپ رەڭگى رۇيۇم تەئەسسۇف قىلىپ،
ئالىپ باردى ئۆيگە تەكەللۇف قىلىپ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەئەسسۇف يېمەك — ئېچىنماق، ئەپسۇسلانماق.

**تەئەششۇق** [تعشق] (ئە) ئاشىق بولۇش، ئاشىقلىق، سۆيۈش:
تەئەششۇق قىلىپ ساقىنى دىلفىگار،
كەرەم ئەيلە ساغەر قىلاي جان نىسار.
— ئا نىزارى، ن. زىيائى.

**تەئەققۇل** [تعقل] (ئە) ئەقلىگە كەلتۈرۈش، ئەقىل يۈرگۈزۈش:
تەئەققۇل ئەيلەمەك — ئەقلىگە كەلتۈرمەك، ئەقىل يۈرگۈزمەك؛
تەئەققۇل قىلماق — «تەئەققۇل ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

**تەئەللۇق** [تعلق] (ئە) 1) ئالاقە، باغلىنىش، مۇناسىۋەت؛ تەۋە، ئىگىلىك، تېـ گىشلىك:
فەرەڭگە تەئەللۇق، ھەۋاسى بەلەند،
بار ئېردىكى شاھى بەسى ئەرجۇمەند.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) مال - دۇنيا، بايلىق:
قىلىپ يولدا ئانچە تەمەللۇقلاردىن،

ئالىپ كەلدى بارچە تەئەللۇقلاردىن.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەئەللۇل** [تعلل] (ئە) 1) ئىللەتلىنىش، كېسەل بولۇش، يۇقۇملىنىش؛ 2) باھا-
نە قىلىش، سەۋەب كۆرسىتىش؛

تەئەللۇل قىلماق — باھانە قىلماق.

**تەئەللۇم** [تعلم] (ئە) ئۆگىنىش، بىلىم ئېلىش.

**تەئەممۇل** [تأمل] (ئە) چوڭقۇر ئويلاش، دىققەت بىلەن پىكىر قىلىش، مۇلا-
ھىزە يۈرگۈزۈش:

گۈلۈستان ئىرەمنى تەئەممۇل قىلىپ،
يۈرۈپ سۇ ئىچىدە تەۋەككۈل قىلىپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەئەممۇلسىز** [تأمل سىز] ئويلانماستىن، مۇلاھىزىسىز.

**تەئەننى** [تانى] (ئە) ئاستىلىق، سۇسلۇق، بىرەر ئىشتا تېز بولماي، سۇس،
ئاستا ۋە ئېغىرلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىش:

تەئەننىلەر ئەتتى يەنە لاچەرەم،
كى رۇمغە ئەزىيمەت قىلىپ بىشەكەم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەئەھھۇد** [تعهد] (ئە) ئەھد قىلىش، زىممىسىگە ئېلىش، سۆز بېرىش؛

تەئەھھۇد ئەتمەك — ئەھد قىلماق، سۆز بەرمەك؛

تەئەھھۇد قىلماق — «تەئەھھۇد ئەتمەك» كە قاراڭ.

**تەئەھھۇل** [تأهل] ئۆيلىنىش، خوتۇن ئېلىش.

**تەئەييۇن** [تعين] (ئە) بەلگىلىك بولۇش، كۆزگە كۆرۈنۈش؛ ئېنىقلىنىش؛ ئاشكارا
بولۇش؛ شۆھرەتلىنىش:

ئەدەمى تەئەييۇن — «ئەدەم» گە قاراڭ.

**تەئەييۇنات** [تعينات] (ئە) [بىرلىكى: تەئەييۇن] بارلىق، مەۋجۇدات، دۇنيادا بار
نەرسىلەر؛ «تەئەييۇن» غا قاراڭ.

**تەب** [تب] (پ) ئىسسىتما، بەزگەك:

ئەزابىڭدىن ئېتىپ خەۋف، ساھىبى تەبدەك كى تىترەرمەن،
بۇ ۋەجھىدىن بولۇپتۇركىم، چىرايىم ھەم سامان يەڭلىغ.

— موللا بىلال.

ساھىبى تەب — بەزگەك، كېسەلمەن.

**تەبار** [تبار] (پ) قېرىنداش، ئەۋلاد؛ نەسل،
نەسەب؛

خىش تەبار — قېرىنداش، ئۇرۇق.

**تەبان** [تبان] تۆلەم، تاۋان، ئىشتىراپ.

**تەباھ** [تباه] (پ) خاراب، بۇزۇق، ۋەيران؛

ئەمەسدۇر ئۇستۇخانى خەر ئىتنىڭ ئاستىدا سۆدرەلگەن،
غەمنىڭ رەنجى بىلە ئۆلگەن مىنىڭ جىسمى تەباھسەدۇر.
— گۇمنام.

تەباھ بولماق — خاراب بولماق، بۇزۇلماق؛
تەباھ روزغار — تۇرمۇشى بۇزۇلغان.
فېئلى تەباھ — بۇزۇق ئىش، قىلىق؛
كىردىگارا، لۇتۇف ئېتىپ قىلغىل گۇناھىمنى كەرەم،
كۆپ يازۇقلار ئەيلەگەن فېئلى تەباھىمنى كەرەم.
— ئەرشى.

تەبايىئ [طبايع] (ئە) [بىرلىكى: تەبىئەت] «تەبىئەت» كە قاراڭ؛
چۈن كۇدۇراتى تەبايىئدىن نېچۈك بولغاي خەلاس،
ئەۋلىيا ئەشكىدە تا سۆزى گۇدازى بولماسا.
— زەلىلى.

تەبەئە [تبع] (ئە) تەۋە كىشىلەر، قاراشلىق كىشىلەر.
تەبەر I [تبر] (پ) پالتا؛
ياساپ ئوغرىغە بەلكى تىغۇ تەبەر،
سىنىڭ خەنجەرىڭ بىرلە تامنى تېشەر.
— غەريبى.

تەبەر II [طبر] (پ) «تەبەر I» گە قاراڭ.
تەبەر جىنگى [تبرچنگی] (پ) ئاي پالتا.
تەبەرخۇن I [طبرخون] (پ) 1) چىلان، چىلان دەرىخى؛ 2) كۆچمە م: قىزىل رەڭلىك.
تەبەرخۇن II [تبرخون] (پ) «تەبەرخۇن I» گە قاراڭ.
تەبەررا [تبرا] (ئە) چەتلىشىش، يۈز ئۆرۈش، ئۆزىنى قاچۇرۇش؛
تەبەررا ئەيلەمەك — چەتلەشمەك، يۈز ئۆرۈمەك، ئۆزىنى قاچۇرماق.
تەبەررى [تبری] (ئە) «تەبەررا» غا قاراڭ.
تەبەسسۇم [تبسم] (ئە) مىيىقىدا كۈلۈش؛
ئول پەرىزادىم ماڭا باقىپ تەبەسسۇم ئەيلەدى،
ئىلتىفات ئەتتى قۇلىغە، ئەي رەقىبلەر سىز ئۆلۈڭ!
— قەلەندەر.

تەبەق [طبق] (ئە) 1) تاۋاق، ئاياق؛
بۇ يەڭلىغ تەبەقدە غىزالار يېدۇك،
ياراتقان خۇداغە سەنالار دېدۇك.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) قات، قەۋەت؛
ئەشك دۇررىن تىزغالى جىسمى ئۆزرە كۆزلەر ھىكمەتى،

گويىيا كەۋكەب ساچىلغان يەر ئۆزە يەتتى تەبەق.
— ئەرشى.

**تەبەقات** [طبقات] (ئە) [بىرلىكى: تەبەقە] قاتلاملار، قەۋەتلەر، دەرىجىلەر.

**تەبەقچى** [طبقچى] تاۋاق (تاماق) توشۇغۇچى.

**تەبەه** [تبه] (پ) «تەباھ» قا قاراڭ.

**تەبەھكار** [تبه كار] (پ) جىنايەتچى، گۇناھكار، يولدىن ئازغان، يامان ئىشلارنى قىلغۇچى:

دېدى: تاجىر ئىبرەھەس بۇ ئەيياردۇر،
قەۋافىل ئىچىدە تەبەھكاردۇر.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئەگەرچە بۇ بەندەڭ گۇنەھكاردۇر،
يۈتتۈرگەن يولنى، تەبەھكاردۇر.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەبباخ** [طباخ] (ئە) ئاشپەز، يېمەكلىك پىشۇرغۇچى.

**تەبخ** [طبخ] (ئە) پىشۇرۇش، يېمەكلىك پىشۇرۇش.

**تەبخالە** [تبخاله] (پ) ئۇچۇق.

**تەبخى** [طبخى] (ئە) پىشۇرغۇچى، يېمەكلىك پىشۇرغۇچى، «تەبباخ»قا قاراڭ.

**تەبدىل** [تبديل] (ئە) ئالماشتۇرۇش، ئۆزگەرتىش:

ھۆسنى گۈل يەڭلىغ قىزارماي زەھر ھىجران سالقىنى،
زەئفىرانغە تەبدىل ئەيلەب كاھىشى جانىمۇ ئېكەن.
— گۇمنام.

**تەبرىز** [تبريز] (پ) ئىراندىكى بىر شەھەرنىڭ نامى:

بىر شىر مەرتنى بار دەپ ئىشىتتىم،
تەبرىز ئىچىندە ئىسمى خۇدا داد.
— موللا بىلال.

**تەبل** [طبل] (ئە) كاتتا ناغرا، دۇمباق:

گەرچە ئەل ساڭا قاقار مېھرۇ مۇھەببەت تەبلىنى،
گۈلشەنىڭدە يوقتۇرۇر ئەسرار مەندەك بۇلبۇلۇڭ.
— قەلەندەر.

**تەبلەك** [طبلك] (ئە + پ) كىچىك ناغرا

**تەبۇغ** [تبوغ] «تابۇق» قا قاراڭ:

كۆز ياشى يىغلايۇ تۆشەيىن دەر ئاياغىڭە،
بىلمان نەدۇر تەبۇغدە، بۇ سائىل سەۋالىنى.
— سەككاكى.

**تەبۇق** [تبوق] «تابۇق» قا قاراڭ.

**تەبئ** [طبع] (ئە) تەبىئەت، مىجەز، خاراكتېر، تالانت:

تۇرفە سۇنئى ئىلاھىدۇر كۆك چاي،
تەبىئىنىڭ جىلۋەگاھىدۇر كۆك چاي.
— ئەرشى.

مەندە تەبئى شائىرى يوقتۇر نىشانى ئاشىقى،
ھەرنە فەيزى تاپمىشەم مەن مەھرەمى ئەسرارىدىن.
— ئەرشى.

بىتتەبئ — ئۆز خاھىشى بىلەن؛
تەبئ ئەھلى — شائىر، سەنئەت ئەھلى؛ زەكىي كىشىلەر؛
ئۆرۈج ئەيلەر فەلەككە زارلىقدىن يىغلاغان ياشىم،
تەماشا قىلغالى تەبئ ئەھلىگە پەۋۋاردۇر كۆڭلۈم.
— مەھزۇن.

تەبئى ئاجىز — خاراكتېرى بوش؛
تەبئى سەلىم — ساق تەبىئەت، ساپ خاراكتېر؛
تەبئى مۇلايىم — بىرەر نەرسىنى تېز ئۆگىنىدىغان، زېھنى راۋان؛
تەبئى نامەۋزۇن — كېلىشمىگەن خاراكتېر، شېئىر ئېيتىشقا لاياقەتسىز؛
شوخ تەبئى — شوخ تەبىئەتلىك؛
بىلىڭ ئارمانىدا مەندە نىچۇككىم قالمادى دەرمان،
كى سەندەك شوخ تەبئى شوخ جەۋلانىدىن ئايرىلغاچ.
— ئەرشى.

تەبئپەرەست [طبع پرست] (ئە + پ) شېئىرغا بېرىلگەن، شائىر.
تەبىئەت [طبيعت] (ئە) خاراكتېر، خۇلق، پەيل، ئەتۋار، مىجەز.
تەبىب [طبيب] (ئە) تېۋىپ، دوختۇر؛
يۇرۇپ سوردۇم تەبىبلەردىن: «نەدۇر بۇ دەردىمە دەرمان؟»
تەبىب ئايتۇركى: «ئەي نادان، بۇ دەردى بىداۋا دەرلەر».
— زەلىلى.

تەبىيرى [تبيرى] (پ) دۇمباق، ناغرا؛
تەبىيرى بىھەشتى مەيدان دىۋانى سۇخەندۇرمەن،
كۆڭۈلدىن ماسەۋا قەتئ ئەتكەلى تىغى دۇدەم تەنھا.
— زەلىلى.

تەپ [تب] «تەب» كە قاراڭ.
تەپانچە I [تپانچە] (پ) شاپىلاق، تەستەك.
تەپانچە II [طپانچە] (پ) «تەپانچە I» گە قاراڭ.
تەتار [تتار] «تاتار» غا قاراڭ.
تەتەببۇئ [تتبع] (ئە) [كۆپلۈكى: تەتەببۇئات] بىرەر نەرسىنىڭ ئارقىسىغا (ئىزىدا) چۈشۈش، ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش، ئىزلاش؛ تەتقىق قىلىش، مۇھاكىمە قىلىش؛

تەتەببۇئ ئەيلەمەك — ئەگەشمەك، ئىزىدىن بارماق، تەكشۈرمەك؛
تەتەببۇئ قىلماق — «تەتەببۇئ ئەيلەمەك» كە قارالە:
خاجە سەلمانىنىڭ قەسىدەسىغە تەتەببۇئ قىلىبدۇر.
— نەۋائى.

تەتەممە [تتمه] (ئە) ئاخىرلىشىش، تۈگەللىنىش، تۈگەش.

تەتبىق [تطبيق] (ئە) سېلىشتۇرۇش؛ مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، ئۇيغۇنلاشتۇرۇش؛
تەتبىق قىلماق — سېلىشتۇرماق، مۇۋاپىقلاشتۇرماق.

تەتمىم [تتميم] (ئە) «تەتەممە» گە قارالە.

تەتۋىل [تطويل] (ئە) سوزۇش، ئۇزارتىش.

تەتىممە [تتمه] (ئە) داۋامى، قالغان قىسمى.

تەجاھۇل [تجاهل] (ئە) خۇپسەنلىك قىلىش، بىلمەسلىككە سېلىش.

تەجاۋۇز [تجاوز] (ئە) ئۆتۈش، چېگرادىن ئۆتۈش؛ تاجاۋۇز؛
تەجاۋۇز ئەيلەمەك — ئۆتمەك، چېگرادىن ئۆتمەك، تاجاۋۇز قىلماق.

تەجەددۇد [تجدد] (ئە) يېڭىلىنىش.

تەجەررۇد [تجرد] (ئە) ئالاقىسىزلىق، چەتلىنىش، ھەممە نەرسىدىن كېچىشە يالغۇزلۇق.

تەجەررۇئ [تجرع] (ئە) غورتۇلداپ ئىچىش.

تەجەززى [تجزى] (ئە) ئۇششاق بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈش؛
جوزئى تەجەززى پەزىر — پارچىلىنىشچان، بۆلۈنىدىغان بۆلەك.

تەجەللى [تجلى] (ئە) كۆرۈنۈش، جىلۋىلىنىش؛
پەرتەۋى ھۇسنى تەجەللى يا يەدى بەيزا ئېرۇر،
كەئبەئى كويىنى كۆركىم لامەكان ئىماسى بار.

تەجەللىيات [تجليات] (ئە) [بىرلىكى: تەجەللى] كۆرۈنۈشلەر، جىلۋىلىنىشلەر.

تەجەممۇل [تجمل] (ئە) بېزەك، زىننەت، پەرداز:
سۇلەيمان ھەشمەتى، دارا تەجەممۇل شاھى ئالەم سەن،
زىھى شەمشىرى ئەدلىڭ مەۋجىنى ئابى رەۋان دەرلەر.
— زەلىلى.
تەجەممۇل ئەھلى — دۆلەتمەنلەر، زىبۇ زىننەتلىك كىشىلەر.

تەجدىد [تجديد] (ئە) يېڭىلاش، يېڭىدىن پەيدا قىلىش.

تەجرىد [تجريد] (ئە) ئارتۇقچە نەرسىلەردىن خالى بولۇش، چەتلىشىش، ئاجراش، يەككىلىك تەنھالىق:
يەتكۈرۈر بىللاھ مەقامى فەقرىگە تەجرىدلىك،
بولماغىل ھۇرانى جەننەت بىرلە ھەرگىز ئىزدىۋاج.
— زەلىلى.
تەجرىد ئەھلى — ئارتۇقچە نەرسىلەردىن ئۆزىنى خالى قىلغان كىشىلەر:

قەبۇلدۇر، نە يەتنى بەسكى سور دەپ،
ئانك رەددىدە تەجرىد ئەھلى بىھەد.
— ئەرشى.

**تەجنىس** [تجنيس] (ئە) 1) ئەدەبىياتتا ئومونىملار (شەكىلداش سۆزلەر) ئارقىلىق سۆز ئويۇنى قىلىش، تۇيۇق؛
تەجنىسى تام — تولۇق تەجنىس: ئومونىملارنى شېئىر قاپىيەلىرىدە ئىشلىتىش؛
2) مۇزىكىدىكى ئەڭ ئېغىر ۋە مۇرەككەپ كۈيلەردىن بىرى.

**تەجھىز** [تجهيز] (ئە) 1) جاھازلاش؛ 2) تەييارلاش، مېيىتنى يەرلىككە قويۇش ئۈچۈن تەييارلاش.

**تەجاھىل** [تجاهل] (ئە) نادان، جاھىل دەپ ھۆكۈم قىلىش؛ نادانلىققا تەن بېرىش.

**تەجۋىز** [تجويز] (ئە) ماقۇل كۆرۈش، راۋا كۆرۈش، ئىجازەت؛
تەجۋىز ئەتمەك — راۋا كۆرمەك، لايىق تاپماق.

**تەجۋىف** [تجويف] (ئە) بىرەر نەرسىنىڭ ئىچىنى كاۋاك قىلىش؛
تەجۋىف سالماق — كاۋاك قىلماق.

**تەخەششۇئ** [تخشع] (ئە) كەمتەر، كەمتەرلىك، كىچىك پېئىللىق؛ ئەدەبلىك، تاۋازۇلۇق؛ تەكەللۇپ؛
ياساۋۇل ئايدى ئولدەم تەزەررۇئ بىلە،
قىلىپ كۆپ تەمەللۇق، تەخەششۇئ بىلە.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەخەلخۇل** [تخلخل] (ئە) بۆلۈنۈش، بۆلەكلەرگە ئاجرىتىش، بىر - بىرىدىن جۇدا بولۇش؛
تەخەلخۇلپەزىر — ئاجرالغان، ئاجرىلىدىغان؛
تەخەلخۇل تاپماق — بۆلۈنمەك، ئاجرالماق، جۇدا بولماق.

**تەخەللۇت** [تخلط] (ئە) 1) ئارىلاشتۇرۇش، بىرىكتۈرۈش؛ 2) ئۈچرىشىش، يېقىنلىشىش.

**تەخەللۇج** [تخلج] (ئە) 1) قورقماق، چۆچۈمەك؛ تەمتىرىمەك، ھودۇقماق؛ 2) ھەيران قالماق، تاڭ قالماق.

**تەخەللۇس** [تخلص] (ئە) 1) خالاس بولۇش، قۇتۇلۇش؛ 2) تەخەللۇس (ئۆز ئىسمىدىن باشقا ئىشلىتىدىغان يەر نامىنى قوللىنىش).

**تەخەللۇف** [تخلف] (ئە) 1) خىلاپلىق قىلىش؛ 2) ئىختىلاپ، نامۇۋاپىقلىق، توغرا كەلمەسلىك؛ 3) ئارقىدا قېلىش.

**تەخەللۇق** [تخلق] (ئە) 1) مىجەز، خۇلق؛ 2) سالاپەت، سىپايە؛ كەمتەر.

**تەخەللۇل** [تخلل] (ئە) 1) ئىناقسىزلىق، كېلىشەلمەسلىك، چىقىشالماسلىق.

**تەخەييۇل** [تخيل] (ئە) خىيالغا كەلتۈرۈش، خىيال قىلىش؛

تەخەييۇل ئاماق ــ خىيال قىلماق، خىيالغا كەلتۈرمەك.

**تەخت** [تخت] (پ) پادىشاھنىڭ مۇراسىملاردا ئولتۇرىدىغان مەخسۇس ئورۇندۇقى، تەخت:

كى ئۇچجار بەچچە چ... ...ختكە،
سەزاۋەر بولدى ئۇلۇغ بەختكە.

ــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەختە** [تخته] تاختا، دوسكا؛ پارچە:

ۋەقتىڭ ئولسۇن خۇشكى مەيدەك، تۈھپە قىلغان بزۆرەق،
بىر قارا چايى مۇئەنبەر تەختەسىدۇر خۇشگۇۋار.

ــ تەجەللى.

تەختە كەمىر ــ كىگىز پارچىسى؛

تەختەيى رەھل ــ رەھال (پالچى) لارنىڭ مەخسۇس تاختىسى (پالچىلار پال ئاچقاندا ئۇنىڭدىكى چېكىت ۋە سىزىقلارغا قاراپ ئىش كۆرىدۇ).

**تەختەسەڭ** [تخته سنگ] (پ) 1› تاشتاختا، تاختا تاش؛ 2› قىرغاق.

**تەخت پا** [تختپا] (پ) 1› تەختنىڭ پۇتى؛ 2› تەختنىڭ تاستى:

ئانىڭ تەخت پايىن يۈزۈمگە سۈرۈپ،
يۈزۈم يوقتى بەلكى كۆزۈمگە سۈرۈپ.

ــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەختگاھ** [تختگاه] (پ) تەخت قۇرۇلغان جاي، پايتەخت، پادىشاھ ياشايدىغان شەھەر، پادىشاھ سارىيى.

**تەختگىر** [تخت گير] (پ) 1› تەخت ئالغۇچى؛ 2› كۆچمەم: كۈچلۈك پادىشاھ؛ مۇستەقىل پادىشاھ.

**تەخسىس** [تخصيص] (ئە) مەخسۇسلاش؛ تەيىنلەش، بەلگىلەش؛ بېكىتىش:

كلشىكىم قىيامەتنى تەخسىس ئېتەر،
ئۆزىن كۇفر ئىلىگە تەشخىس ئېتەر.

ــ ئا. نىزارى.

بەتەخسىس ــ خۇسۇسەن.

**تەخفىف** [تخفيف] (ئە) 1› يەڭگىللىشىش؛ ئاجىزلىشىش؛ 2› ئازىيىش، كەمىيىش:

تەخفىف ئەيلەمەك ــ يەڭگىللەتمەك.

**تەخلىس** [تخليص] 1› خالاس قىلىش، قۇتقۇزۇش؛ 2› تازىلاش:

تەخلىس بەرمەك ــ قۇتقۇزماق؛ تازىلىماق.

**تەخلىئ** [تخليع] (ئە) سىلىش؛ سالدۇرۇۋېلىش (كىيىمنى).

**تەخمىر** [تخمير] (ئە) كىرىشتۇرۇش، ئارىلاشتۇرۇش، خېمىر قىلىش:

تەخمىر ئەيلەمەك — كىرىشتۈرمەك؛ خېمىر قىلماق.

**تەخمىنشۇناس** [تخمين شناس] (ئە + پ) تەخمىن قىلغۇچى؛ ھېسابلاپ چىققۇچى؛

نەزمۇ نەسرىدىم كاتىبى تەخمىنشۇناس،
يازسا يۈز مىڭ بەيت ئەگەر ئەردى قىياس.
— نەۋائى.

**تەخۋىف** [تخويف] (ئە) قورقىتىش؛ تەھدىد؛
تەخۋىف ئەتمەك — قورقۇتماق.

**تەدارۈك** [تدارك] (ئە) 1) ئورۇنسىز (خاتا) كەتكەن نەرسىنى ئورنىغا كەلتۈرۈش، تولۇقلاش؛ 2) ئىلاج، چارە.

**تەدبىر** [تدبير] (ئە) تەدبىر، چارە، ئۇسۇل، ئامال؛ پىلان، لايىھە؛

بۇ تەدبىرنى ئايتىپ مەنى ئامەغە،
داغى چۇلغاغايكىم ياڭى جامەغە.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەدرىج** [تدريج] (ئە) ئاستا - ئاستا، ئاستىلىق، تەدرىجىي.

**تەدقىق** [تدقيق] (ئە) پارچىلاپ، ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈش.

**تەدۋىر** [تدوير] (ئە) 1) قورشىماق، مۇھاسىرە قىلماق، ئورىماق؛ 2) ئايلانماق، پىرقىرىماق، ئايلاندۇرماق، پىرقىراتماق.

**تەدۋىن** [تدوين] (ئە) 1) تۈپلەش، جەملەش؛ 2) شېئىر ۋە باشقا ئەسەرلەرنى تۈپلەپ، تەرتىپلەپ كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈش، دىۋان تۈزۈش؛
تەدۋىن قىلماق — تۈپلەپ تەرتىپلىمەك، تۈپلىمە ھالىتىگە كەلتۈرمەك.

**تەر** [تر] (پ) 1) ھۆل؛ نەم، تەر؛

تۇرۇپ ئېردىم ئاندا ئاقىپ تەرلەدىم،
بۇ ھالەتنى كۆردى بۇرادەرلەرىم.
— ئا. نىزارى.

2) يېڭى، ساپ، تازا؛ 3) ئۇچار قاناتلار؛
تەر ئەيلەمەك — 1) ھۆل قىلماق، ھۆللىمەك؛ 2) ئۇيالدۇرماق؛ ئۇيالدۇرۇپ تەرلەتمەك؛
تەردامەن — كۆچمە م: گۇناھكار، يارىماس ئىشلارنى قىلغۇچى؛
تەرۇ تازە — ياشنىغان، يېڭىلانغان، گۈللىگەن:

تەرۇ تازە بولدۇم بەغايەت سەمەن،
كى ئامادە ئەيلەپ قويارغە كەمەن.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەرۇ تازە ئەيلەمەك — ياشناتماق، گۈللەتمەك.

**تەرازۇ** [ترازو] (پ) 1) ئۆلچەم، ئۆلچەش ئەسۋابى؛ 2) ھەق، ھەققانىي، توغرا؛

يۇزۇڭنى تۇتتۇم ئارتۇق ئايۇ كۈندىن،
«كىشىنىڭ كۆزىدۇر ئارى تارازۇ».

— لۇتفى.

**تەرازىي** [تراضى] (ئە) بىر - بىرىدىن رازى بولۇش، شاد بولۇش، خۇشاللىنىش؛
**تەرازىي قىلماق** — رازىلاشماق.

**تەراش** [تراش] (پ) 1) يونۇغۇچى، تاراشلىغۇچى؛ 2) قىرىندا؛
**خارا تەراش** — تاش يونۇغۇچى.

**تەراكىب** [تراكيب] (ئە) [بىرلىكى: تەركىب] «تەركىب» كە قاراڭ.

**تەراكىمە** [تراكمه] (ئە) [بىرلىكى: تۈركمەن] تۈركمەنلەر.

**تەرانە** [ترانه] (پ) 1) ناخشا؛ ئاھاڭ؛ مۇقام:
مۇغەننى ئەيلەگەچ مۇنداق تەرانە،
چەمەن چەكتى شەرابى ئاشىقانە.

— زەلىلى.

2) سۆزلىمەك:
دېدىمكى: بۇ قىزغە فەسانە قىلاي،
كۆڭۈل خاھىشىنى تەرانە قىلاي.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3) سايرىماق:
تەرانە بىرلە كېلىپ گۈلغە ھەر سەھەر بۇلبۇل،
فىراق خارىنىڭ ئازارىنى بەيان قىلادۇر.

— مەھزۇن.

4) ئەرۇز ئىلمىدا رۇبائىي ۋەزنىنىڭ نامى؛
**تەرانە تۈزمەك** — ناخشا ئېيتماق، كۈيلىمەك؛
**تەرانە چەكمەك** — «تەرانە تۈزمەك» كە قاراڭ؛
**تەرانە سۈرمەك** — كۈيلەپ ئوقۇماق؛ سۆزلىمەك.

**تەرانغۇ** [ترانغو] تاغتېرىكمگە ئوخشاش بىر تۈرلۈك ياۋايى دەرەخ.

**تەراۋەت** [طراوت] (ئە) يېڭى، تازا، ساپ، پاكىز؛ ساپلىق، يېڭىلىق؛
بەھارى ئارەزىڭ تاپتى تەراۋەت ئەمدى خەت چىقسۇن،
بە رەڭگى ئەرغۇۋانى ياسۇمەن ئەلبەتتە - ئەلبەتتە.

— زەلىلى.

**تەراۋىش** [ترآوش] (پ) سىزىپ چىقىش، تېمىش؛
**تەراۋىش ئەتمەك** — «تەراۋىش ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
**تەراۋىش ئەيلەمەك** — سىزىپ، تېمىپ چىقماق.

**تەرەب** [طرب] (ئە) خۇرسەن، شاد، خۇشال:
خۇشال، ئول رىندكىم ئۇمر ئەساسى يوقلۇغىن بىلگەچ،

تەرەپ جامىن تەرەننۇم زەۋقى بىرلە دەم - بەدەم چەكتى.
— ئەرشى.

تەرەب ئەنگىز — شادلىق كەلتۈرگۈچى؛
تەرەب ساغەرى — شادلىق پىيالىسى، خۇشچاقچاقلىق؛
تەرەب شەمئىن — خۇشاللىق شېمى، چىرىغى:
زەمانە قەسد بىرلە باغلادى بەل،
تەرەب شەمئىن ئۆچۈردى فىتنەلىك ئەل.
— لۇتفى.

**تەرەبخېز** [طرب خيز] (ئە + پ) شادلىق قوزغىغۇچى، خۇرسەن قىلغۇچى.

**تەرەبفەزا** [طرب فزا] (ئە + پ) شادلىقنى ئاشۇرغۇچى، شادلاندۇرغۇچى.

**تەرەبلىق** [طربلىق] خۇرسەنلىك، شادلىق، خۇشاللىق.

**تەرەبناك** [طربناك] (ئە + پ) خۇرسەن، خۇرسەنلىك بىلەن:
مەي تۇتۇپ ساقى بۇ كۈن كۆڭلۈم تەرەبناك ئەيلەمىش،
بادە ئىچكەن شوخلاردەك داغى چالاك ئەيلەمىش.
— ئەرشى.

**تەرەددۇد** [تردد] (ئە) بىرەر مەسىلىدە بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرۇش، ئىككىلىنىش:
سەفەرنىڭ ئىشىنى تەرەددۇد قىلىپ،
ئىتى ھەم بۇرادەرلەرىنى ئالىپ.
— ئا. نىزارى، ن. زديائى.

**تەرەششۇھ** [ترشح] (ئە) 1) سۇيۇقلۇقنىڭ سىزىپ ئېقىشى؛ 2) كۆچمە م: بىرەر يوشۇرۇن نەرسىنىڭ بىلىنىپ قېلىشى؛
تەرەششۇھ ئالماق — 1) سىزماق؛ 2) بىلىنىپ قالماق.

**تەرەففۇئ** [ترفع] (ئە) يۇقىرى كۆتىرىلىش، يۇقىرىلاش، يۈكسىلىش.

**تەرەققۇس** [ترقص] (ئە) ئۇسسۇل؛ تولغىنىش؛ تەۋرىنىش؛ قوزغىلىش، چاچراش:
باقىپ ھەرسە ھەريان تەفەھھۇس قىلىپ،
كېلىپ خەشمى ئانداغ تەرەققۇس قىلىپ.
— «لۇغەتى چاغاتاي» دىن.

**تەرەككۇب** [تركب] (ئە) بىر نەرسىنىڭ باشقا بىر نەرسە بىلەن بىرىكىشى؛ بىر-نەچچە ماددىنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولۇش.

**تەرەنجەبىن** [ترنجبين] (پ) يانتاق شېكىرى، تەرەنجۇبىل.

**تەرەننۇم** [ترنم] (ئە) [كۆپلۈكى: تەرەننۇمات] كۈيلەش، قوشاق قېتىش؛ ساي-راش؛ يېقىملىق سۆزلەش:
خۇشا، ئول رىندكىم ئۇمر ئەساسى يوقلۇغىن بىلگەچ،
تەرەب جامىن تەرەننۇم زەۋقى بىرلە دەم - بەدەم چەكتى.
— ئەرشى.

تەرەننۇم ئەيلەمەك ــ كۈيلىمەك؛ سايرىماق؛ چىرايلىق سۆزلىمەك؛
تەرەننۇم تۈزمەك ــ «تەرەننۇم ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

**تەرەننۇمگەر** [ترنم كر] (ئە + پ) چالغۇچى، سازەندە، كۈيلىگۈچى، قوشاقچى.

**تەرەھھۇم** [ترحم] (ئە) رەھىم قىلىش؛ غەمخورلۇق، مەرھەمەت:

ماڭا تەرەھھۇم ئېتىپ بەرمەسە مۇرادىمنى،
قىيامەت ئولسا سېنىڭ ياقاڭدا دۇر بىلەكىم.
ــ گۇمنام.

تەرەھھۇم ئەيلەمەك ــ رەھىم قىلماق.

**تەربىيە** [تربيع] (ئە) 1 › تۆتكە يەتكۈزۈش، تۆتلۈك قىلىش؛ 2 › تۆتكە بۆلۈش؛ 3 › قەدىمكى ئاسترونومىيەدە ــ بىر پىلانېتىنىڭ باشقا بىر پىلانېتا بىلەن توقۇنۇشىشى.

**تەرجۇمە** [ترجمە] (ئە) بىر تىلدىن ئىككىنچى تىلغا ئاغدۇرۇش، تەرجىمە:

كىم، بۇ دەفتەرغە بېرىپ تەۋفىق ھەق،
تەرجۇمە رەسمى بىلە يازسام ۋەرەق.
ــ نەۋائى.

**تەرجىھ** [ترجيح] (ئە) بىر نەرسىنى ئىككىنچى بىر نەرسىدىن ئارتۇق كۆرۈش؛
تەرجىھ ئەيلەمەك ــ ئۈستۈن (يۇقىرى) كۆرمەك؛
تەرجىھ تاپماق ــ ئۈستۈن (يۇقىرى) بولماق؛
تەرجىھ قىلماق ــ «تەرجىھ ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

**تەرجىئ** [ترجيع] (ئە) قايتۇرۇش، تەكرارلاش.

**تەرخان** [ترخان] 1 › سېلىقتىن ۋە ئەيىبلىنىشتىن ئازاد قىلىنغان؛ ئىمتىيازلىق كىشى؛ 2 › شۇنداق ئىمتىيازغا ئىگە بولغان مەنسەبدار.

**تەرداماغلىق** [تردامانيق] كۆچمە م: ئىپلاسلىق، بۇزۇقلۇق، ئەخلاقسىزلىق.

**تەردامەنلىق** [تردامن لىق] «تەرداماغلىق» قا قاراڭ.

**تەردىد** [ترديد] (ئە) رەت قىلىش، قايتۇرۇش؛ قەتئىي بىر پىكىر قىلماسلىق.

**تەررار** [طرار] (ئە) ئوغرى، يانچۇقچى:

مېنى ئۇچراتماغىل ئول زاھىدى تەررار زەھرىگە،
كۆڭۈل ئەھلىن بەلايى ناگەھاندىن ئاسراغىل، يا رەب.
ــ ئەرشى.

**تەرراھ** [طراح] (ئە) 1 › نەقىشلىگۈچى، نەققاش، بىنالارنى بېزىگۈچى؛ 2 › ئارخىتېكتور.

**تەرراھلىق** [طراح لىق] 1 › نەققاشلىق؛ 2 › ئارخىتېكتورلۇق.

**تەررە** [تره] (پ) تاماققا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل كۆكتات («تەرۋە تازە/ تەرۇ تازە» شەكلىدىمۇ كېلىدۇ).

**تەررە فۇرۇش** [تره فروش] (پ) كۆكتاتچى.

تەرز [طرز] (ئە) ئۇسۇل، چارە؛ يوسۇن، شەكىل:
ئانى شاھەنشەھ بىلىك كۆرگەچ زۇمۇرەد تەخت ئۆزە،
بىر گەدا تەرزىدە گۈلخەن ئىچرەدۇر جويەندەسى.
— ئەرشى.
سەبا ئۇشبۇ ساڭا بۇ قۇلنىڭ ئەرزى،
بىلۇرسەن جۇملە ئىشنىڭ ھەرنە تەرزى.
— خىرقەتى.

**تەرس** [ترس] (پ) قورقۇش، قورقۇنچ، خەۋپ، ۋەھىمە.

**تەرسا** [ترسا] (پ) خرىستىئان، نەسرانىي، ئىساۋىي (ئىسا دىنىدىكى):
كۆپ مۇسۇلماندىن قويۇپ تەرسا بولۇرنى قاۋلاساڭ،
سەن بۇ كۇندىن سۇڭرە ھىچ زۇلفۇڭنى زۇننار ئەيلەمە.
— سەككاكى.

**تەرسان** [ترسان] (پ) قورقۇش، ۋەھىمە قىلىش:
ھەر كىشى ھەق قەھرىدىن تەرسان بولۇر،
ئول كىشىدىن بارچە خەلقلەر زان بولۇر.
— خەراباتى.

**تەرسكار** [ترسكار] (پ) پەرھىز تۇتقۇچى، ئۆزىنى ساقلىغۇچى.

**تەرسناك** [ترسناک] (پ) 1) قورقۇنچلۇق؛ 2) قورقۇنچاق.

**تەرسىئ** [ترصيع] (ئە) 1) قىممەت باھا تاشلار بىلەن بىرەر نەرسىنى زىنەتلەش، بېزەش؛ 2) شېئىردا بىرىنچى مىسرا بىلەن ئىككىنچى مىسرا بىر - بىرىگە ئاھاڭداش، ۋەزىنداش ۋە قاپىيداش قىلىپ كەلتۈرۈش.

**تەرغىب** [ترغيب] (ئە) قىزىقتۇرۇش، ئۈندەش، رىغبەتلەندۈرۈش.

**تەرفىھ** [ترفيه] (ئە) تىنچلىق، خاتىرجەملىك، ئاسايىشلىق.

**تەرفىھ** [ترفيع] (ئە) يۇقىرى كۆتىرىش، يۈكسەلدۈرۈش؛ مەرتىۋىسىنى ئاشۇرۇش؛

**تەرق** [طرق] (ئە) 1) ئۇرماق، سوقماق؛ 2) ھۇجۇم قىلماق، زەربە بەرمەك:
زۇلفى سىلسىلىنى ئول ئاي يۈزىگە نىقاب ئېتەر،
غەمزە قولىغا ئالمايىن نازۇ كەرەشمەدىن تەرق.
— زەلىلى.

**تەرك I** [ترک] ئۇرۇشتا باشقا كىيىلىدىغان مىس ۋە تۆمۈر قېتىشمىلىرىدىن ئىشلەنگەن باش كىيىم.

**تەرك II** [ترک] (ئە) تاشلاش، تاشلىۋېتىش؛ ۋاز كېچىش؛ قارىماي قويۇش؛
يوقۇ بارىن تەرك قىلماي يار تاپماق يوقدۇرۇر،
تۇرفەدۇركىم بۇ زەماندىن ئىزدەر ئەل خاھ ئۆزگەچە.
— ئەرشى.

جەفا تەركىن تۇتۇپ، ئەي چەرخى زالىم، بىر تەرەھھۇم قىل،
جەھان كۆل بولغىدەك بولدى مېنىڭ ئاھۇ پىغانىمغە.
— ئا. نىزارى.

**تەركى ئەدەب** — ئەدەب (ئەخلاق) قا زىت قىلىنغان ئىش-ھەرىكەت؛
**تەركى خاب** — ئۇيقىنى تاشلىماق؛
كىشىكىم تەشنە كۆرسە ئول پەرىنى، جىلۋەگەر يۈزمەس،
نېگە ئەرشى كەبى تا روزى مەھشەر تەركى خاب ئەيلەب.
— ئەرشى.

**تەركى دۇنيا** — دۇنيا ئىشلىرىدىن ۋاز كېچىپ، يەككە ھالدا تائەت-ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇش؛
**تەركى ھۇش ئەتمەك** — «تەركى ھۇش ئەيلەمەك» كە قاراڭ:
قويۇپ لەبىمنى مەي ئۆزرە تەركى ھۇش ئەتتىم،
تۈشۈپ ئاياغىغە سەرمەست ئەجز پەرۋەر ھەم.
— سەبۇرى.

**تەركى ھۇش ئەيلەمەك** — ھوشىدىن كەتمەك، ھۇشىنى يوقاتماق.

**تەركىب** [تركيب] (ئە) بىرىكتۈرۈش؛ بىرىكمە، تەركىب:
ۋۇجۇدى مەجمەئۇل-بەھرەين رەھمەتىدىن تاپىپ تەركىب،
بىجىز لۇتفۇ شەفائەت ئىستەسەڭ يوق ھەر قايان ئاندا.
— ئەرشى.

**تەرلىك** [ترلىك / تېرلىك] ئىچ كۆڭلەك.

**تەرھ** [طرح] (ئە) 1› تاشلاش، ئېلىپ تاشلاش:
چەككەندە نەققاشى قەزا ئول سەرۋ گۇلرۇخ سۈرەتىن،
گويا بېگەنمەي تاشلامىش تەرھ ئەيلەپ ئاي-كۈن ھەيئەتىن.
— نەۋائى.

2› قۇرۇلغان بىنا؛ 3› قۇرۇلۇشى، تۈزۈلۈشى، قۇرۇلۇش ۋە ئىمارەتلەرنىڭ پىلان-خەرىتىسى، لايىھە:
يوق پەرىلەر ئىچرە جانا سەن كەبى شىرىن دەھەن،
كۆزلەرىڭ تەرھىغە نەچۈك ئوخشاتاي نەرگىسنى مەن.
— گۇمنام.

4› تەرتىپ، تۈزۈم؛
**تەرھى ئەجەب** — ئاجايىپ بىنا لايىھىسى؛
**تەرھى ئەجەب سالماق** — ئاجايىپ لايىھە تۈزمەك، ئاجايىپ ئىش قىلماق؛
**تەرھى تەئەب** — قىيىنچىلىق، مۈشكۈللۈك؛
**تەرھى رەقەم قىلماق** — لايىھە سىزماق.

**تەرۋىج** [ترويج] (ئە) راۋاجلاندۇرۇش؛ قىممىتى ۋە ئەتىۋارىنى ئاشۇرۇش.

**تەرۋىھ** [ترويح] (ئە) خۇش بۇي قىلىش؛ راھەتلەندۈرۈش، دەم بېرىش.

**تەرىد I** [طريد] (ئە) 1› خىتاب؛ نەرە، سۈرەن، شاۋقۇن؛ 2› كۆچمە م: قاتتىق ھۇجۇم:

تەرىد ئەتكەچ قويۇنتەك ھەملە قىلدى،
بۆلۈتتەك گۆكرەدى، ئوتتەك چاقىلدى.
— لۇتفى.

تەرىد ئەتمەك — «تەرىد ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
تەرىد ئەيلەمەك — قاتتىق ھۇجۇم قىلماق.

**تەرىد II** [ثريد] (ئە) توغرام، توغرالغان نان؛
تەرىد قىلماق — توغرىماق، توغراپ يۇمشاتماق (ناننى).

**تەرى** [طرى] (ئە) 1› يېڭى؛ 2› كۆچمە م: گۈزەل، تازا.

**تەرىق** [طريق] (ئە) [كۆپلۈكى: تۇرۇق] 1› يول، ئىز؛ 2› ئۇسۇل، يوسۇن، قائىدە، رەسىم؛ 3› مەسلەك؛ 4› ۋاستە، سەۋەب.

بۇ خىلۋەت بەزمىدە مەھجۇر بولماغلىق تەرىقىدە،
بەنى بولغاي ھەمان ئاندا، ۋەلى بولغاي ھەمان ئاندا.
— ئەرشى.

ساھىب تەرىق — مەلۇم بىر مەسلەككە ئىگە كىشى (سوپىيلىقتا)؛
ھەمتەرىق — يولداش، ھەمراھ.

**تەرىقەت** [طريقت] (ئە) ئۇسۇل، يول، مەسلەك، سوپىيلىق يولى؛
تەرىقەت ئەھلى — سوپىيلار.

**تەرياق** [ترياق] 1› ئەپيۇن؛ 2› زەھەر قايتۇرۇش دورىسى.

**تەرياك** [ترياك] «تەرياق» قا قاراڭ:

ئەيلەمىش دەم سەرد ئىتىپ گەر چەرخى مۇستەغنا مېنى،
ساقى ئوتلۇغ مەي ئانىڭ دەفئىگە تەرياك ئەيلەمىش.
— ئەرشى.

**تەزەررۇئ** [تضرع] (ئە) يېلىنىش، يالۋۇرۇش:

بۇ دەريا لەبىگە كېلىپ شاھىزاد،
تەزەررۇئلار ئەتتى، قىلىپ ھەقق4ە داد.
— ئا. نىزارى.

تەزەررۇئ ئەتمەك — «تەزەررۇئ ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
تەزەررۇئ ئەيلەمەك — يالۋۇرماق، يېلىنماق، ئىلتىجا قىلماق.

**تەزەرۋ** [تذرو] (ئە) قىرغاۋۇل، ياۋا توخۇ:

بارۇر تەرفى چەمەنگە سەيرئۈچۈن بىر شوخ رەئنايى،
خىرامىدىن سالىپ كىبكۇ تەزەرۋ ئىچرە غەۋغايى.
— زەلىلى.

**تەزەلزۇل** [تزلزل] (ئە) 1) قىمىرلاش، تىترەش؛ 2) ئەھۋال ئۆزگىرىش؛ 3) ھولۇقۇش؛

**تەزەلزۇل تاپماق** — قىمىرلىماق؛ تىترىمەك.

فەلەكدە مېھر گۇلشەن ئىچرە گۇلالار يافراغىن ناگەھ،
تەزەلزۇل ئىچرە سالدى ئارەزىنى پىچتاب ئەيلەب.

— ئەرشى.

**تەزەللۇل** [تذلل] (ئە) ئۆزىنى خار تۇتۇش، ئۆزىنى پەس (تۆۋەن) تۇتۇش.

**تەزەللۇم** [تظلم] (ئە) زۇلۇمدىن شىكايەت قىلىش، زۇلۇمدىن زارلىنىش؛ داد - پىغان:

بۇ سۇگ ئىچرە ناكەس تەزەللۇم قىلىپ،
ماڭا باقتى ئول شۇم تەكەللۇم قىلىپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**ئەھلى تەزەللۇم** — زۇلۇمدىن پەرياد قىلغۇچىلار، مەزلۇملار؛

**تەزەللۇم ئەتمەك** — «تەزەللۇم ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

خەلق ھالىغە تەرەھھۇم ئەيلەبان،
دىلبەرىغە كۆپ تەزەللۇم ئەيلەبان.

— نەۋائى.

**تەزەللۇم ئەيلەمەك** — زۇلۇمدىن شىكايەت قىلماق، داد - پىغان كۆتۈرمەك.

**تەزەۋۋۇج** [تزوج] (ئە) جۈپ بولۇش، ئۆيلىنىش.

**تەزكىر** [تذكير] (ئە) خاتىرىگە كەلتۈرۈش، ئەسلەش، زىكر قىلىش.

**تەزكىرە** [تذكره] (ئە) 1) خاتىرە، ئەسلەش، ئەسكە ئېلىش ئۈچۈن ۋاستە بولغۇچى يازما قەغەزلەر؛ 2) خاتىرىنامە؛ 3) كۆچمە: شائىرلار، ئالىملارنىڭ تەرجىمھالى ۋە ئەسەر نەمۇنىلىرىدىن تۈزۈلگەن توپلام.

**تەزمىن** [تضمين] (ئە) بىراۋنىڭ مەلۇم بىر شېئىرىنىڭ ئايرىم مىسرالىرىنى ئۆز شېئىرى ئىچىگە كىرگۈزۈش؛ نەقىل كەلتۈرۈش.

**تەزھىب** [تذهب] (ئە) زەرلەش، ھەل بېرىش، ئالتۇن يالىتىش، ئالتۇن قاپلاش، ئالتۇن بىلەن نەقىشلەش.

**تەزۋىج** [تزويج] (ئە) ئۆيلەندۈرۈش؛ نىكاھ.

**تەزۋىر** [تزوير] (ئە) ئالداش؛ ھىيلە، مىكىر:

بۇ ئالەم زالىدىن تۇتقىل كەنارە،
ئېرۇر تەزۋىرى ئانىڭ بىشۇمارە.

— ئەرشى.

**تەزئىف** [تضعيف] (ئە) بىرنى ئىككى قىلىش (بىرنى ئىككىگە كۆپەيتىش)، ئىگىكى باراۋەر قىلىش؛

تەزئىق ئولماق ــ ئىككىگە كۆپەيمەك؛ ئىككى باراۋەر بولماق.

**تەزيىن** [تزيين] (ئە) زىننەتلەش، بېزەش:

قاچان ئولسە ئول ھەم بۇ ئايىن بىلە،
بىرەۋ ئولتۇرۇپ تەخت تەزيىن بىلە.

ــ ئا. نىزارى.

ئاسمان تەزيىن ــ ئاسمانغا ئوخشاش بېزەلگەن، ئاسماندەك بېزەلگەن؛
تەزيىن بەرمەك ــ زىننەتلىمەك، بېزىمەك؛
تەزيىن تاپماق ــ زىننەتلەنمەك، بېزەلمەك.

**تەسامۇھ** [تسامح] (ئە) ئۆزىنى ئاڭلىغانغا سېلىش.

**تەسانىف** [تصانيف] (ئە) [بىرلىكى: تەسنىق] «تەسنىق» كە قاراڭ.

**تەساھۇل** [تساهل] (ئە) بىپەرۋالىق، بىخەستەلىك، سەل قارىماق، ئېتىبارسىزلىق:

خەت يازۇرغە بۇ تەساھۇل بائىسى سەئىدىن ئېدۇر،
قىلدى كاغەزنى قارا دەپ خاندىن ئىشتتىڭمۇ جار.

ــ تەجەللى.

**تەسەددۇق** [تصدق] (ئە) سەدىقە قىلىش، بىرەر نەرسىنى سەدىقە يولى بىلەن باشقىلارغا بېرىش؛

تەسەددۇق قىلماق ــ سەدىقە قىلماق، سەدىقە قىلىپ بەرمەك.

**تەسەررۇف** [تصرف] (ئە) [كۆپلۈكى: تەسەررۇفات] 1› ئۆز ئىختىيارىغا ئېلىش، ئىگىلەش؛ 2› شېئىردا ئايرىم سۆزلەرنىڭ گراممatik شەكلىنى شائىر ئۆز رايىچە ئۆزگەرتىش:

يۈز تۈمەن ئەرمان زىمىنىكىم مېنىڭ كۆڭلۈم ئېرۇر،
دەرت ئاڭا ساھىب تەسەررۇف، غەم ئۇنىڭ ئورتاغىدۇر.

ــ تەجەللى.

**تەسەلسۇل** [تسلسل] (ئە) زەنجىر ھالقىلىرىغا ئوخشاش بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ كېتىش، ئارقىمۇئارقا تىزىلىش:

سېنىڭ زاتىڭ تەسەۋۋۇردىن مۇنەززە،
ساماۋاتىڭ تەسەلسۇلدىن مۇنەززە.

ــ خەراباتى.

**تەسەللۇف** [تصلف] (ئە) ماختانچاقلىق، ئۆزى بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلىمەن دەپ دەۋا قىلىش، بىلەرمەنلىك قىلىش.

**تەسەۋۋۇر** [تصور] (ئە) بىرەر نەرسە ياكى ھادىسىنىڭ سۈرىتىنى خىيالىغا كەلتۈرۈش، زېھنىدە گەۋدىلەندۈرۈش:

لەبلەرىڭ كەيفىيەتىن ھەردەم تەسەۋۋۇر ئەيلەسەم،
ئىچەرەم خۇنابە ھەسرەت گاھى ھەم گۈلگۈن شەراب.

ــ ئەرشى.

تەسەۋۋۇف [تصوف] (ئە) سوپىلىق، سوپىزىم.

تەسبىھ [تسبيح] (ئە) تەسۋى:

زاھىدىكىم كۆردى زۇلفۇڭ كۇفرىن ئىماندىن كېچىپ،
بوينىدا تەسبىھنى بىلگە زۇننار ئەيلەدى.
— سەككاكى.

تەسبىھۇ نەماز — تائەت - ئىبادەت قىلماق، ناماز ئوقۇماق:
تەكيە گاھى زاھىدان گەر بولسا تەسبىھۇ نەماز،
مۇستەھەققە لۇتفى ئەيلەيدۇر خۇدايى ئاشىقان.
زەلىلى.

تەسبىھى يۇسىر — دېڭىزدا ئۆسۈدىغان بىر تۈرلۈك ئۆسۈملۈكتىن ئىشلەنگەن تەسۋى.

تەسخىر [تسخير] (ئە) 1) ئىستىلا قىلىش (ھەربىي كۈچ بىلەن)، بېسىۋېلىش، قولغا ئېلىش، ئىگىلەش:

كىشۋەرى ئالەمنى شەھلەر ئەل بىلە تەسخىر ئېتەر،
شەھرى دىل ئالماققە دىلبەرنىڭ سىپاھى ئۆزگەدۇر.
— گۇمنام.

2) ئىلىندۇرۇش، رام قىلىش؛ 3) ماقۇل كەلمەك، تەسلىم بولماق؛
تەسخىر بولماق — «تەسخىر ئەيلەمەك» كە قاراڭ:
مەگەركىم ئول پەرى تەسخىر بولغاي،
زىلەيخا بىرلە يۇسۇف بىر بولغاي.

— ازۇتفى

تەسخىر ئەيلەمەك — رام قىلماق، قولغا ئالماق؛ تەسلىم قىلماق، ماقۇل كەلتۈرمەك.

تەسرىھ [تصريح] (ئە) ئوچۇق ۋە ئېنىق ئىپادىلەش؛
تەسرىھ ئەيلەمەك — ئوچۇق ئىپادىلىمەك، ئېنىق سۆزلىمەك.

تەسفىيە [تصفيه] (ئە) ساپلاشتۇرۇش، تازىلاش، روشەنلەشتۈرۈش، تىندۇرۇش؛
تەسفىيە تاپماق — ساپلانماق، روشەنلەشمەك.

تەسكىن [تسكين] (ئە) توختىتاش؛ توختىتىش، تىنجىتىش؛ ئارام:
ۋائىزا، مەنگە ئەتمەگىل ئىلتىپ پەرى ئەيلەپ جۇنۇن،
يوق بۇ دەۋر ئوتىغە تەسكىن يا كۆڭۈل سەۋداسىغە.
— موللا سالىھ.

تەسكىن بەرمەك — ئارام بەرمەك؛
تەسكىن تاپماق — توختىماق، ئارام ئالماق، ئارام تاپماق:
بۇ سۆزدىن تاپتى بۇلبۇل كۆڭلى تەسكىن،
تىكەنگە رەشكىدىن كىم ئەيلەدى كىن.
— خىرقەتى.

تەسكىن تۇتماق — بىر يەردە تۇرماق، تىنچلانماق.

**تەسلىم** [تسليم] (ئە) تاپشۇرۇش؛ بىرەر پىكىرنى قوبۇل قىلىپ كۆنۈش؛ بويسۇنۇش؛ تەن بېرىش، قايىل بولۇش:

ئىرۇر ئالتىنچىنىڭ مەنىسى تەسلىم،
ئەگەر ئالساڭ دىلۇ جان بىرلە تەئلىم.
— خىرقەتى.

**تەسمىيە** [تسميه] (ئە) ئات (ئىسىم) قويۇش، نام قويۇش، ئاتاش؛
تەسمىيە ئىلماق — نام قويماق، ئاتىماق.

**تەسنىف** [تصنيف] (ئە) [كۆپلۈكى: تەسانىف] 1) تۈرلەرگە ئاجرىتىش، كلاسسىفىكاتسىيە؛ 2) بىرەر ئەسەر يارىتىش؛ 3) مۇزىكىدا بىرەر كۈي يارىتىش.

**تەسۋىر** [تصوير] (ئە) سۈرەتلەش، بىرەر نەرسىنىڭ سۈرىتىنى سىزىش ياكى خىيالىغا كەلتۈرۈش.

**تەشەببۇھ** [تشبه] (ئە) ئوخشاشلىق، ئوخشاپ قېلىش.

**تەشەددۇد** [تشدد] (ئە) شىددەتلىنىش، قاتتىقلىشىش، قاتتىقلىق پەيدا قىلىش؛ ئېغىرلىشىش.

**تەشبىئ** [تشبيع] (ئە) 1) تولماق، لىق تولماق، قاپلىماق؛ 2) تويماق، تويۇنماق.

**تەشبىھ** [تشبيه] (ئە) 1) ئوخشىتىش، دوراش، تەقلىد قىلىش؛ 2) ئوخشىماق، ئوخشىشىپ كەتمەك، ئوخشاپ كەتمەك؛ 3) خۇددى شۇنداق، شۇنداق؛
تەشبىھ ئەتمەك — ئوخشاتماق.

گۈلىدۇر كىم قىزىل ساچباغ ئۇچىغا سەرنىگۈن ئەيلەپ،
ئۆزىن تەشبىھ يۈزۈڭگە ئەيلەمەكلىك بىرلە ئاسقاندۇر.
— گۇمنام.

**تەشت** [طشت] (پ) لىگەن؛ ئىدىش؛
زەررىن تەشت — ئالتۇن لىگەن.

**تەشخىس** [تشخيص] (ئە) تونۇۋېلىش، ئاجرىتىۋېلىش، ئېنىقلاش؛ كېسەللىكنى ئېنىقلاش، دىئاگنوز قويۇش:

كىشىكىم قىيامەتنى تەخمىس ئېتەر،
ئۆزىن كۇفر ئىلىگە تەشخىس ئېتەر.
— ئا. نىزارى.

**تەشدىد** [تشديد] (ئە) 1) شىددەتلەندۈرۈش، ئېغىرلاشتۇرۇش؛ 2) ئۆزۈك تاۋۇشلارنى ئىككى قېتىم قايتىلاپ (تەكرارلاپ) ئوقۇش؛ ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ تەكرار ئوقۇلۇشىنى كۆرسىتىدىغان دىئاكرىتىك بەلگە

**تەشرىھ** [تشريح] (ئە) 1› چۈشەندۈرۈش، ئۇقتۇرۇش، ئىزاھلاش، شەرھلەش؛ تەھلىل قىلىش.

**تەشرىپ** [تشريف] (ئە) ئۇلۇغلاندۇرۇش، شەرەپلەندۇرۇش؛ مەرھەمەت قىلىپ كېلىش:

مەگەر تەشرىپ ئەتسە، ئەرشىيا، سال پەردەسىدىنكىم،
كۆزۈڭ مەئۇالار ئەيلەپ مەسنەدى شاھانە ئاندىن كۆب.
— ئەرشى.

**تەشرىپ ئەتمەك** — مەرھەممەت قىلىپ كەلمەك؛
**تەشرىپ كەلتۈرمەك** — «تەشرىپ ئەتمەك» كە قاراڭ.

**تەشرىفات** [تشريفات] (ئە) پادىشاھ تەرىپىدىن بىرەر كىشىنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن بېرىلگەن ئۇستىباش.

**تەشنە** [تشنه] (پ) 1› ئۇسساماق، ئاغزى قۇرۇماق، چاڭقىماق؛ 2› تەشنا بولماق؛ ئارزۇ قىلماق، ئىنتىزار بولماق، سېغىنماق:

قوپۇپ ناننى ئالدىم تۇمەن شۈكرى دەپ،
بەسى تەشنە بولدۇم قۇرۇق ناننى يەپ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەشنەلەپ** [تشنه‌لب] (پ) ئۇسساش، تەشنا، چاڭقاش:

ھەركىم ئىردى تەشنەلەب نۇش ئەيلەدى،
سۆز دېمەكدىن تىلىنى خامۇش ئەيلەدى.
— نەۋائى.

گۇمنام ئەگەرچە تەشنەلەب يانسا بۇ چەشمە سارىدىن،
بولماسا گەر قەترە نەسىب، بارما دېگەنچە بارادۇر.
— گۇمنام.

سېغىنىش ئارزۇ، ئىنتىزارلىق:

مەن شەرابى لەئلىدىن سەرشاردۇرمەن، ئەيى رەقىب،
سەن يۈرۈرسەن تەشنەلەب ئىچمەيى مەيى رۇخسارىدىن.
— ئەرشى.

**تەشنىئ** [تشنيع] (ئە) مالامەت قىلىش؛ ئەيىبلەش.

**تەشھىر** [تشهير] (ئە) شۆھرەتلەندۈرۈش، مەشھۇر قىلىش ھەممىگە بىلدۈرۈش.

**تەشھىز** [تشحيذ] (ئە) ئۆتكۈرلىتىش، بىلەش، چاقلاش؛
**تەشھىز خاتىر** — خاتىرىسىنى، زېھنىنى ئۆتكۈرلىتىش.

**تەشۋىر** [تشوير] (ئە) 1› دولقۇن؛ 2› پالاكەت.

**تەشئىر** [تشعير] (ئە) چاچ، ساقال قويۇش.

**تەغار I** [تغار] چوڭ يۇمىلاق ئىدىش، چوڭقۇر كۈپ.

**تەغار II** [طغار] «تەغار I» گە قاراڭ.

**تەغارە** [تغاره] «تەغار I» گە قاراڭ:

تەرەب ۋەقتىنى، ئەرشى، مۇغتەنەم بىل،
سۇمۇر گەردۇنغە ئۆلچەپ بىر تەغارە.
— ئەرشى.

**تەغارى I** [تغارى] «تەغار I» گە قاراڭ.

كەتۈر، ساقى، تەغارى بەھرى تىمسال،
قەدەھ كىشتىسىن ئول مەي بەھرىغە سال.
— نەۋائى.

**تەغارى II** [طغارى] «تەغارى I» گە قاراڭ.

**تەغافۇل** [تغافل] (ئە) 1 › بىلمەسلىككە سېلىش، كۆرمەسلىككە سېلىش؛ 2 › بى پەرۋالىق، بىخۇدلۇق، بىخەستىلىك:

ئەيلەپ ئىستىغنا ئۆتۈنسەڭ مەن گەدانى تاڭ ئەمەس،
كىم تەغافۇل كىشۋەرىدە سەن قاراخان ئەي نىگار.
— تەجەللى.

زەنجىرى تەغافۇل — غاپىللىق زەنجىرى:

چۇ شەب رەڭ ئەژدەھادەك ھەلقە قىلدىڭ چىنى كاكۇل سەن،
ھەمايىلدار ئېتىپ گوياكى زەنجىرى تەغافۇل سەن،
— زەلىلى.

**تەغايى** [طغايى] تاغا (ئانىنىڭ ئاكا ياكى ئۇكىسى).

**تەغەللۇب** [تغلب] (ئە) يەڭمەك، غەلىبە قىلماق؛ بويسۇندۇرماق، بېقىندۇرماق، ئىستىلا قىلماق.

**تەغەننى** [تغنى] (ئە) 1 › كۈيلەش؛ ناخشا، ناخشا ئېيتىش؛ 2 › بېيىش.

**تەغەييۇر** [تغير] (ئە) ئۆزگىرىش، باشقا تۈسكە كىرىش؛ بۇزۇلۇش؛

تەغەييۇر تاپماق — ئۆزگەرمەك.

**تەغرىب** [تغريب] (ئە) سۈرگۈن قىلماق؛ قوغلاپ چىقارماق، ھەيدىمەك.

**تەغلىت** [تغليط] (ئە) تەشۋىشلەنمەك؛ 2 › خاتالاشماق.

**تەغلىز** [تغليظ] (ئە) 1 › قويۇقلاشتۇرماق، زىچلاشتۇرماق: 2 › كۆچەيتمەك؛ چوڭقۇرلاشتۇرماق؛ 3 › قوپاللاشتۇرماق، يىرىكلەشتۈرمەك؛ دارتىملاپ تىللىماق.

**تەغيىر** [تغير] (ئە) ئۆزگەرتىش:

ياراغ ئولدۇركى ئاتلانساق بۇ شەبگىر،
قىلىب باشدىن ئاياغ تونلارنى تەغيىر.
— لۇتفى.

تەغيىر ئەتمەك — ئۆزگەرتمەك؛
تەغيىر تاپماق — ئۆزگەرمەك؛

تەغيىر قىلماق — «تەغيىر ئەتمەك» كە قاراڭ.

**تەف** [تف] (پ) ئىسسىقلىق، بەزگەك.

**تەفاخۇر** [تفاخر] (ئە) پەخىرلىنىش؛

تەفاخۇر قىلماق — پەخىرلەنمەك.

**تەفاسىر** [تفاسير] (ئە) [بىرلىكى: تەفسىر] تەفسىرلەر؛ «تەفسىر» گە قاراڭ.

**تەفاۋۇت** [تفاوت] (ئە) ئايرىماق، پەرق؛

كارۇ بارى دەھىر ئارا يوقدۇر تەفاۋۇت، ئەي خىرەد،
غەم يىمە كۆپ، غەم غۇبارىدىن ئۆزۈڭ مەسرۇر تۇت.
— ئەرشى.

تەفاۋۇت ئەيلەمەك — ئايرىماق، پەرقلەندۇرمەك.

**تەفەررۇج** [تفرج] (ئە) سەيلە، تاماشا، كۆڭۈل ئېچىش؛

تەفەررۇج گاھى سۈنبۈلنى قىلغالى بىلدىم كەۋاكىبدىن،
مەشائىل ياندۇرۇپ تۈن كېچەلەردە گۈنبەزى خۇزرا.
— زەلىلى.

**تەفەررۇس** [تفرس] (ئە) پاراسەت بىلەن بىلىۋېلىش، بايقىۋېلىش.

**تەفەرئۇن** [تفرعن] (ئە) ئادەتتىن تاشقىرى كىبىرلىنىش، تەكەببۇرلىنىش.

**تەفەققۇد** [تفقد] (ئە) 1) يوقالغان نەرسىنى ئاختۇرۇش، سۈرۈشتۈرۈش؛ 2) مېھرىبانلىق، مېھرىبانچىلىق كۆرسىتىش.

**تەفەھھۇس** [تفحص] (ئە) [كۆپلۈكى: تەفەھھۇسات] ئەتراپلىق تەكشۈرۈش، سۈرۈشتۈرۈش، ئاختۇرۇش؛

باقىپ ھەرسە ھەريان تەفەھھۇس قىلىپ،
كېلىپ خەشمى ئانداغ تەرەققۇس قىلىپ.
— ئا. نىزارى. ن. زىيائى.

تەفەھھۇس ئەيلەمەك — سۈرۈشتۈرمەك، تەكشۈرمەك.

**تەفەھھۇم** [تفهم] (ئە) ئۇقماق، چۈشەنمەك، بىلمەك، ئۆزلەشتۈرمەك؛ چۈشىنىشلىك، ئېنىق.

**تەفەئئۇل** [تفأل] (ئە) 1) تەخمىنلەش؛ پال كۆرۈش، پال ئېچىش؛ 2) ياخشىلىققا ئۆرۈش.

**تەفتىك** [تفتيك] 1) قوي يۇڭى (باھاردا قىرقىلغان پاكىزە يۇڭ)؛ ئىنچىكە قىل؛ تىۋىت.

**تەفرىھ** [تفريح] (ئە) خۇرسەن قىلىش، شادلاندۇرۇش؛

قارا ئەنگۇر ئابىدىن ئەتكەن مۇئەنبەر بادەنىڭ،
ئۆزگە بىر تەئسىرۇ خاسى، باشقا بىر تەفرىھى بار.
— تەجەللى.

تەفرىھ ئەتمەك — شادلاندۇرماق.

**تەفرىت** [تفريط] (ئە) 1) بىرەر ئىشقا سۇسلۇق بىلەن قاراش، نورمال ھەرىكەتتىن ئارقىدا قېلىش، كەمچىلىك سادىر قىلىش؛ 2) نورمالسىزلىق.

**تەفرىد** [تفريد] (ئە) يالغۇزلۇق، يەككىلىك، ئۆزىنى دۇنيادىن چەتتە تۇتۇپ، يالغۇزلۇقتا ياشاش.

**تەفرىق** [تفريق] (ئە) 1) ئايرىش، بۆلۈش؛ 2) ئايرىلىش، بۆلۈنۈش؛ 3) پەرقلىنىش.

**تەفرىقە** [تفرقه] (ئە) ئايرىلىش؛ پەرىشان بولۇش؛ ئاجرىتىش.

**تەفزىھ** [تفضيح] (ئە) بىراۋنىڭ ئەيىبىنى ئاشكارىلاپ رەسۋا قىلىش، شەرمەندە قىلىش.

**تەفزىل** [تفضيل] (ئە) ئاشۇرۇش، ئەۋزەل بىلىش.

**تەفسان** [تفسان] (پ) ناھايىتى قىزىق، ناھايىتى ئىسسىق، تاۋلانغان.

**تەفسىدە** [تفسده] (پ) قىزىغان، ئىسسىق، قايناق، قىزغىن.

**تەفسىر** [تفسير] (ئە) [كۆپلۈكى: تەفاسىر] 1) شەرھ، ئىزاھ، بىرەر تېكىستنىڭ مەنەسىنى ئېچىش؛ 2) قۇرئان ئايەتلىرىنى ئىزاھلاش ۋە شۇ توغرىدا يېزىلغان كىتاب:

سۇرەئى ئىشقىڭنى تەفسىر ئەتكەلى بار كىمدە تىل،
مەكتەبى خامۇشلۇقتە كىردى ئەربابى بەيان.
— ئەرشى.

**تەفسىل** [تفصيل] (ئە) بىرەر نەرسىنى ئەتراپلىق، ئوچۇق ۋە ئېنىق بايان قىلىش، كېڭەيتىپ سۆزلەش؛
تەفسىل ئەيلەمەك — كېڭەيتىپ سۆزلىمەك.

**تەفھىم** [تفهيم] (ئە) چۈشەندۈرۈش، ئاڭلىتىش.

**تەفۋىز** [تفويض] (ئە) تاپشۇرۇش، ئىشنى باشقىلارغا يۈكلەش؛
تەفۋىز ئەتمەك — تاپشۇرماق.

**تەقابۇل** [تقابل] (ئە) 1) ئۇچراشماق، يولۇقماق؛ 2) قارىمۇقارشى؛ 3) سېلىشتۇرماق، تەڭلەشتۈرمەك.

خىتا ئىقلىمى گەرچە مۇرغىزارى ھۇسن دەيدۇرلەر،
خۇتەن رەئنالارىغە، ئەي كۆڭۈل، قىلما تەقابۇل سەن.
— زەلىلى.

**تەقازا** [تقاضا] (ئە) خالاش، ئىستەش، تەلەپ قىلىش؛
تەقازا قىلماق — ئىستىمەك، خالىماق، تەلەپ قىلماق.

**تەقەببۇل** [تقبل] (ئە) قوبۇل قىلىش؛
تەقەببۇل ئەيلەمەك — قوبۇل قىلماق؛
تەقەببۇل تىلىماق — «تەقەببۇل ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

**تەقەددۇم** [تقدم] (ئە) ئىلگىرىلەش، مۇقەددەم بولۇش:

كۆن تۇرسا دائىم، ئولماسا پىنھان، ماڭا قاراپ،
كۆز تىيرەلىككە قالغۇسى تەقەددۇمۇڭ.

— گۇمنام.

**تەقەررۇب** [تقرب] (ئە) يېقىنلىشىش.

**تەقەييۇد** [تقيد] (ئە) باغلىنىش.

**تەقبىھ** [تقبيح] (ئە) يامانلىققا تارتىش، يامانلاش.

**تەقتىئ** [تقطيع] (ئە) 1› كېسىش؛ بۆلەكلەرگە بۆلۈش، پارچىلاش؛ 2› شېئىردا مىسرالارنى ئايرىم بۆلەكلەرگە ئاجرىتىپ، ۋەزنىنى ئۆلچەش.

**تەقدىر** [تقدير] (ئە) 1› پەرەز، ئېھتىمال، ھال؛ 2› باھالاش؛ 3› پېشانىدىن كۆرۈش.

قاچان ۋابەستە ئولغۇم رىشتەئى ئىشقىڭغە ئۆزلۈكدىن،
ماڭا لېكىن ئەسىر ئولماق چۇ تەقدىرى ئىلاھىمدۇر.

— ئەرشى.

**تەقدىس** [تقديس] (ئە) پاك، مۇبارەك ۋە قۇتلۇق ھېسابلاش مۇقەددەس ساناش، ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك دەپ بىلىش.

**تەقدىم** [تقديم] (ئە) 1› بىرەر نەرسىنى بىرسىگە بېرىش؛ 2› بىرسىنى ئىككىنچى بىرسى بىلەن تونۇشتۇرۇش؛

تەقدىمۇ تەئخىر — ئالدى - كېيىن، مۇقەددەم - ئاخىر.

**تەقرىر** [تقرير] (ئە) قارار قىلىش؛ مەقسەتنى (ئاغزاكى) ئاڭلىتىش، بايان قىلىش:

جەفا مەكتۇبىنى ھىجران ئېلىگە شەرھ ئېتە ئالماي،
تىلىم تەقرىر ئېتەرگە ئاجىز ئولدى ھەم قەلەم تەنھا.

— زەلىلى.

**تەقرىر ئەتمەك** — «تەقرىر ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛

**تەقرىر ئەيلەمەك** — سۆزلىمەك، تىلغا كەلتۈرمەك:

رويى زەردۇ ئاھى سەردىم كىمگە تەقرىر ئەيلەيىن،
ئۆزدە بۇ سۇرەت ئولغاچ رازدارىمدۇر چىلىم.

— ئەرشى.

**تەقسىر** [تقصير] (ئە) [كۆپلۈكى: تەقسىرات] كەمچىلىك سادىر قىلىش؛ كەمچىلىك، نۇقسان:

ئەرشىنى مەھجۇردىن ئۆتتى نېچۈن تەقسىرلەر،
ۋەسلىڭە، ئەي شاھى خۇبان، بىر زەمان مەھرەم ئەمەس.

— ئەرشى

**تەقسىر ئەتمەك** — «تەقسىر ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

**تەقسىر ئەيلەمەك** — كەمچىلىك سادىر قىلماق؛ بىر ئىشنى ئاخىرغا

يەتكۈزەلمەسلىك؛
تەقسىر قىلماق — «تەقسىر ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

**تەقسىرات** [تقصيرات] (ئە) [بىرلىكى: تەقسىر] كەمچىلىكلەر، نۇقسانلار.

**تەقلىل** [تقليل] (ئە) ئازايتىش؛ كېمەيتىش؛
**تەقلىل قىلماق** — ئازايتماق، كېمەيتمەك.

**تەقۋا** [تقوى] (ئە) دىندارلىق، پەرھىزكارلىق؛
**تەقۋا ئەھلى** — تەقۋادار كىشى.

**تەقۋى** [تقوى] (ئە) «تەقۋا» غا قاراڭ:

تەقۋى ئەيلەپ دەير ئارا يول تاپمادۇق، كەل، ئەي رەفىق،
مەست ئولۇپ مەيخارەلەر يەڭلىغ بارالى ئۈزگەچە.
— ئەرشى.

**تەقۋىم** [تقويم] (ئە) 1) توغرىلاش، تىكلەش؛ 2) بىرەر نەرسىنىڭ سۈرىتى،
3) پىلانىتلارنىڭ ھال ۋە ھەرىكەتلىرىنى كۆرسەتكۈچى يىللىق جەدۋەل، كالېندار، توپلام.

**تەقۋىيە** [تقويه] (ئە) «تەقۋىيەت» كە قاراڭ:

قىلسە كۆز غارەت كۆڭۈلنى، يۈز قىلۇر ئۆرتەرگە جەھد،
زۇلف ئاڭا تەقۋىيە ئەيلەپ جىسمى دالى ئۆزگەچە.
— ئەرشى.

**تەقۋىيەت** [تقويت] (ئە) قۇۋۋەتلەش، قۇۋۋەت بېرىش، كۈچەيتىش؛ ياردەم بېرىش.

نەچە كۈن بۇلارنى قىلىپ تەربىيەت،
ساقايدى ياراسى قىلىپ تەقۋىيەت.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەقى** [تقى] تېخى، تېخىمۇ:

ياراشۇر باغ ئىچىگە غۇنچە بۇ گۈل،
تەقى خۇشلۇق باغىشلار ساقىنى مۇل.
— خىرقەتى.

يەنە، يەنىمۇ:

ئول ئاي مانەندى شىرىندۇركى ئارى مەن ئاڭا پەرھاد،
تەقى ئەيلە مېنى ۋامىق، ئول ئايىنى ھەم قىلىپ ئۇزرا.
— موللا بىلال.

**تەك I** [تک] (پ) يورغىلاش، يۈگۈرۈش، چېپىش:

نە مۈمكىن سەئيى ئىلە كويى سارىغە نەچچە ئۆرسام تەك،
تەمەننا ھەلقەسىدۇر ئول قۇياش ئىشكىدە سالىنچەك.
— ئەرشى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)









بسم الله الولی الاقدس






源　泉（布拉克）（维吾尔文）总26期 (پەسىللىك ژۇرنال) (ئومۇمىي 26 - سان) بۇلاق

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھرى جىيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىلدى
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN 65-1003/I
本刊代号：58-108定价：1.90元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋەكالەت نومۇرى: 108 - 58 باھاسى: 1.90 يۈەن



1989
2
بۇلاق



شائىر موللا بىلال بىنى موللا يۇسۇف

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
پەسىللىك ژۇرنىلى


10 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 27 - سان

1989

باش مۇھەررىر: ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن.
مۇھەررىرلەر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن، يالقۇن ئىسمائىل.

---

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇرېشىت ئىسلام، ئابدۇسالام ئابباس، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، تېيىپجان ئېلىيوپ، رەھمەتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەييۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەمتىمىن يۈسۈپ، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، مەھەممەت رېھىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇلاق

1989 - يىل 2 - سان

## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«قىسسەسۇل - ئەنبىيا» دىن ........ رەبغۇزى (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەرىدە ئىمىن
«دىۋانى فۇتۇھى» دىن ........ (28)
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابدۇقەييۇم خوجا، ئابلەت ئابلىز
ئىسمائىل ھاجى شېئىرلىرىدىن ........ (50)
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: مەتقاسىم ئەكرەم، تۇرسۇننىياز كېرەم

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

ھۈسەينىي غەزەللىرىدىن ........ ھۈسەيىن بايقارا (63)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇكېرىم مەخسۇت

### مەشھۇر كلاسسىكلار

ئابدۇراخمان جامى ........ شىرىن قۇربان (78)

### ئەدەبىي مۇھاكىمە

دىلئارامۇ دىلئارايۇ دىلئاسا ........ غۇلام كەرىموۋ (82)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: تۇرسۇنمۇھەممەت ساۋۇت

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


دەللە ۋە مۇختار (داستان) ........................................ (97)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: جۈنەيد بەكرى

تەلۋە كۆيئوغۇل (چۆچەك) ........................................ (124)

رەتلىگۈچى: ئايگۈل مۆيەدىن

قۇندۇز ۋە يۇلتۇز (چۆچەك) ........................................ (129)

رەتلىگۈچى: مەتسىدىق ئىمىن

ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر ........................................ (141)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ھاكىم مۇسا

رىۋايەتلەر ........................................ (159)

رەتلىگۈچى: ئابدۇساتتار ھامىدىن

* *

چاغاتايچە لۇغەت «ت» ........................................ (162)

تۈزگۈچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

قەدىمكى تۈرك پۈتۈكى — «مايىترى سىمىت» ............ق. ماھمۇدوۋ، ق. سادىقوۋ (206)



رەسسام: مەھەممەت ئايۇپ.

خەتتات: نىيازكېرىم شەرقى

تىتول ۋە مۇندەرىجە نەقىشلىرىنى ئىشلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى.

مۇقاۋىدىكى فوتو سۈرەتلەرنى ئىسامىدىن ھاجى قايتا تارتقان.

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدىكى رەسىم — 1976 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىندى.

2-بېتىدە: شائىر موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ (نازىم). 1976 - يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان «بىلال نازىم» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىندى.

3-بېتىدە: 1) فوتوھى دىۋانىنىڭ مۇزېيدىكى قول يازمىسىدىن، 2) فوتوھى دىۋانىنىڭ يەركەندىن تېپىلغان قول يازمىسىدىن، 3) ئىسمائىل ھاجى شېئىرلىرىنىڭ ئەسلى قول يازمىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەتلەر.

4-بېتىدە: «چاھار دىۋان» نىڭ باش بېتى 1982 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرىگە ئىشلەنگەن رەسىملەر» ناملىق ئەلبومدىن ئېلىندى

# «قىسەسۇل ئەنبىيا»دىن

رەبغۇزى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەردە ئىمىن

## ئىسھاق ئەلەيھىسسالام قىسسىسى

بۈۋى سارە بىر يۈز ئوتتۇز ياشقا كىرگىچە پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەچكە ئۆزىنىڭ بۇندىن كېيىن بالا تۇغۇشىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەنىدى.

بىر كۈنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

— ئەي بۈۋى سارە، تەڭرى سىزگە بىر پەرزەنت ئاتا قىلماقچى. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئىسھاق قويارسىز، — دەپ بىشارەت بەردى.

بۈۋى سارە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئاخىرى ئۇ ھامىلدار بولدى ۋە بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن يەڭگىدى.

بۇ كېچىسى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە، ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا مىڭ تال يۇلتۇز چۈشكەنمىش. ئۇ ھەيران بولۇپ: «بۇ نېمە ئالامەت؟» دەپ سورىسا، تەڭرىدىن: «ئەي ئىبراھىم، ئىسھاقنىڭ ئەۋلادىدىن مىڭ پەيغەمبەر ياراتماقچىمەن» دېگەن نىدا كەلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تولىمۇ خۇشال بولغان ھالدا «ئەي تەڭرىم، ئىسھاققا بۇنداق ئۇلۇغ ئىنايەتنى قىلغۇدەكسەن، ئىسمائىلغا نېمە بېرىسەن؟» دەپ سورىدى. تەڭرىدىن: «ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادىدىن بىر بۈيۈك پەيغەمبەر ياراتماقچىمەن. بارلىق مەخلۇقات ۋە مەۋجۇداتلارنى ئەنە شۇ پەيغەمبەرنىڭ سەۋەبىدىن ياراتتىم...» دېگەن خىتاب كەلدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ كۆرگەن چۈشىگە ۋە تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىغا تۈمەن-تۈمەن شۈكرىلەر ئېيتىپ، مىڭ قوي، يۈز تۆگە ۋە يۈز كالىنى قۇربانلىق قىلىپ سەدىقە بەردى.

ئىسھاق ئەلەيھىسسالام چوڭ بولدى. ئۇنىڭ قەددى-قامىتى، ساقال-بۇرۇت ۋە يۈز-كۆزلىرى ئاتىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاش ئىدى. ئاتا-بالا ئىككىسىنى ھەرگىز ئايرىغىلى بولمايتتى. شۇڭا خەلقلەر بۇ ئاتا-بالىنىڭ بىرەر بەلگىسى بولغان بولسا ياخشى بولاتتى، دېيىشەتتى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ:

— ئەي تەڭرىم، مېنىڭ ئىسھاقنىڭ ئاتىسى ئىكەنلىكىمنى خەلقنىڭ ئايرىۋېلىشى ئۈچۈن مەندە بىرەر بەلگە بولغان بولسا ياخشى بولاتتى، — دېدى. شۇ زامان ئۇنىڭ ساقىلى ئاقىرىپ كەتتى. شۇ-

ئا ساقال چىقماق شىست ئەلەيھىسسا-
لامدىن قالدى، ئاقارماق ھەزرىتى ئىب-
راھىم ئەلەيھىسسالامدىن قالغان،دېيىشىدۇ.

ئەلقىسسە، ئىسھاق ئەلەيھىسسالام
بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن رەفىقا ئى-
سىملىك بىر قىزغا ئۆيلەنىدى. رەفىقا
ھامىلدار بولۇپ ئاي - كۈنى توشتى. ئۇ
يەڭگىيىدىغان چاغدا ئۇنىڭ قورسىقىدىن
ئىككى بالىنىڭ جېدەللەشكەن ئاۋازى
ئاڭلاندى. ئۇلاردىن بىرسى:

— مەن سېنىڭدىن ئاۋۋال چىقى-
مەن، — دېسە، يەنە بىرى:

— ياق، سېنىڭدىن بۇرۇن مەن
چىقىمەن، ئەگەر سەن مەندىن بۇرۇن
چىقماقچى بولساڭ مەن سەن چىققان
جايدىن چىقماي، ئانامنىڭ كەينى تەرى-
پىنى تېشىپ چىقىمەن، — دەيتتى. بۇلار-
نىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانلار ھەيران قېلىشتى.

ئاخىرى ئۇلار بىر - بىرىنىڭ كەي-
نىدىن دۇنياغا كەلدى. «مەن ئاۋۋال چى-
قىمەن» دەپ بەكرەك دەۋا قىلغىنى
كېيىن تۇغۇلدى. ئالدىدا تۇغۇلغىنىغا
غەيز، كېيىن تۇغۇلغىنىغا يەئقۇب دەپ
ئات قويۇلدى.

بالىلار چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەت-
كەندىن كېيىن يەئقۇبنى قوي بېقىشقا،
غەيزنى دېھقانچىلىق قىلىشقا قويدى.

ھەزرىتى ئىسھاق ئەلەيھىسسالام
ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، كېچىلىرى ئۇخ-
لىماي تائەت - ئىبادەت بىلەن مەشغۇل
ئىدى. ئاخىرى كۆزى ئاجىزلىشىپ كەتتى.
ئىسھاق ئەلەيھىسسالام غەيزگە ئامراق
ئىدى، ئانىسى يەئقۇبقا تولىمۇ ئامراق
ئىدى. بىر كۈنى ئىسھاق ئەلەيھىسسالام-
نىڭ ئوغلاق گۆشىنىڭ كاۋىپىنى يېگۈسى
كېلىپ قالدى. ئۇ:

— ئەي غەيز، مېنىڭ ئەۋلادىم-
دىن مىڭ پەيغەمبەر دۇنياغا كەلگۈدەك؛
بۇلاردىن باشقا، نۇرغۇن پادىشاھلار ۋە
نۇرغۇنلىغان باي دېھقانلارمۇ مېنىڭ پۇش-
تۇمدىن ۋۇجۇدقا كېلىدىكەن. مېنىڭ ھا-
زىر ئوغلاق كاۋىپى يېگۈم كېلىۋاتىدۇ.
سەن ماڭا بىر كىيىكنىڭ ئوغلىقىنى
تۇتۇپ ئەكېلىپ پۈتۈن كاۋاپ قىلىپ
بەرسەڭ، مەن ساڭا دۇئا قىلسام، يۇقى-
رىقى بەخت - سائادەت سېنىڭ ئەۋلادىڭ-
غا مىراس قالىدۇ، — دېدى.

غەيز شۇ ئۇمىدۋارلىق بىلەن بايا-
ۋانغا چىقىپ كىيىك ئوغلىقىنى ئوۋلاشقا
ماڭدى.

ئۇلارنىڭ ئانىسى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ
يەئقۇبقا:

— داداڭ غەيزگە ئاشۇنداق دەۋات-
قانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئەمدى سەن بىر
ئوغلاقنى دەرھال ئۆلتۈرۈپ كاۋاپ قىل-
غىن ۋە ئاۋازىڭنى غەيزنىڭكىگە ئوخشاش
چىقىرىپ داداڭغا كاۋاپنى ئاپىرىپ بېرىپ،
ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئېلىۋال، — دەپ ئۆگەتتى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام دەرھال بې-
رىپ بىر ئوغلاقنى ئۆلتۈرۈپ پۈتۈن كا-
ۋاپ قىلىپ دادىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ
كەلدى. ئۇ ئاۋازىنى غەيزنىڭ ئاۋازىغا
ئوخشاش چىقىرىپ سۆزلىگەچكە، دادىسى
ئۇنى تونۇيالماي قالدى. يەئقۇب ئەلەي-
ھىسسالام كاۋاپنى يېگەندىن كېيىن ئۇ-
نىڭغا:

— ئەي تەڭرىم، مۇشۇ ئوغلۇمغا
بەخت - دۆلەتنى ئاتا قىلغايسەن، — دەپ
دۇئا قىلدى. ھەزرىتى ئىسھاق ئەلەيھىس-
سالامنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، بار-

لىق پەيغەمبەرلەر ۋە تاجدار پادىشاھلار ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن ۋۇجۇدقا كەلدى.

ئەلقىسسە، غەيز كىيىكنىڭ ئوغلىقىنى باياۋاندىن مىڭ مۇشەققەتتە تۇتۇپ كاۋاپ قىلىپ ئاندىن ئۇنى ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئەپكەلدى. بۇ چاغدا ئاتىسى:

— ئەي ئوغلۇم، ھېلىلا بىر ئوغلاقنىڭ كاۋىپىنى ئەپكەلگەنىدىڭ. يەنە بىرنى ئەپكەلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، غەيز:

— باياتىن مەن كاۋاپ ئەپكەلمىدىم، مېنىڭ ئەپكەلگىنىم مۇشۇ، — دېدى.

ئىسھاق ئەلەيھىسسالام بىلدىكى، ئالدىدا كاۋاپ ئېلىپ كەلگەن يەئقۇب ئىكەن، ئۇ يەئقۇبقا دۇئا قىپتۇ. ئۇ:

— مېنىڭ دۇئايىمنى يەئقۇب ئاپتۇ، ئەمدى ئاتقان ئوق قايتىپ كەلمەيدۇ... — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان غەيز تولىمۇ پەرىشان بولدى. بۇ چاغدا ھەزرىتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

— قىلغان دۇئايىڭىز ئىجابەت بولدى. غەيزنىڭ ئەۋلادىدىنمۇ بىر مۇرسەل پەيغەمبەر دۇنياغا كېلىدۇ، — دېدى. غەيزنىڭ كۆڭلى بىر ئاز ئورنىغا چۈشۈپ قالدى. ئەمما ئۇ ھەزرىتى يەئقۇبقا شۇنچىلىك غەزەپلەنگەن ئىدىكى، ئۇنىڭ ئاچچىقى پەقەتلا يانمىدى. ئۇ دائىم يەئقۇبنى ئۆلتۈرۈش خىيال - پىكرىدە ئىدى. لېكىن پەيتىنى تاپالماي يۈرەتتى.

بىر كۈنى غەيز يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنى مېھمان قىلىمەن دەپ ئۆيىگە چاقىردى. ئاندىن ئۇنى سۆيۈپ قويىمەن دەپ، بوينىنى چىشلىۋالدى. ئۇ سەھەمىي بولمىغانلىقى ئۈچۈن چىشى يەئقۇبنىڭ بوينىغا پېتىپ قالغان پېتى ئاجرىماي تۆت تال چىشى يۇلۇنۇپ قالدى. غەيز ئۆزىنىڭ قىلغان بۇ قىلىقىغا خىجالەت بولدى. ئاخىرى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ:

— ئەي ئىنىم يەئقۇب مېنىڭ كۆڭلۈمدە ساڭا نىسبەتەن بىر ئاداۋەت بار ئىدى. ئەمدى ئۇ ئاداۋەتتىن كەچتىم. سەندە گۇناھ يوق ئىكەن. مەن ساڭا دۈشمەنلىك قىلىپ ئۆزۈم چىشسىز قالدىم، — دەپ، ئۇرغۇن ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئىسھاق ئەلەيھىسسالام پانىي دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ، باقىي ئالەمگە سەپەر قىلماقچى بولدى. ئۇ ھەزرىتى يەئقۇبقا:

— مەندىن كېيىن قالساڭ بۇ يەردە تۇرمىغىن، شامغا بارساڭ ئۇ يەردە ئىران دېگەن بىر كەنت بار. ئۇ كەنتتە لەييان دەپ بىر ئادەم بار. ئۇ بىزگە تۇغقان كېلىدۇ. سەن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ: «مەن ئىسھاقنىڭ ئوغلى» دېسەڭ، ئۇ سېنى ئۆزىگە بالا قىلىۋالىدۇ ۋە ساڭا ئوبدان قارايدۇ. ئۇ باي ئادەم. سەن مال - دۇنيادىن تەڭلىك تارتمايسەن، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتۈپ بىرقانچە كۈندىن كېيىن يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئىرانغا بېرىپ لەييانىنى تاپتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈردى.

## لۇت ئەلەيھىسسالام قىسسىسى

ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى ئازەر بىلەن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى ھازەر بىر تۇغقان ئىدى. شەيدۇم دېگەن شەھەرنىڭ بىر پادىشاھى

بار بولۇپ، ئۇنى سەندۇم دەپ ئاتىشاتتى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى كەرمىز ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ خەلقى ۋە پادىشاھى ھەممىسى بۇتپەرەس ئىدى. شەھەرنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي باغۇ-بوستانلىق بولۇپ، بۇ باغلاردا يەر يۈزىدە بار بولغان مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. نازۇ-نېمەتلىرى ھەددى-ھېسابسىز ئىدى. تەڭرىنىڭ پەرمانى بىلەن شۇنداق قاتتىق سوغۇق بولدىكى، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى ئۈششۈپ كەتتى. كاپىرلار مېۋىلەردىن مەھرۇم قالدى.

تەڭرىدىن لۇت ئەلەيھىسسالامغا:

— بۇ كاپىرلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغىن. سېنى ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلدىم. سەن ئۇلارغا «لائىلاھە ئىللەللاھۇ لۇت رەسۇلۇللاھ» دېگەن سۆزنى تەلىم بەرگىن، — دېگەن پەرمان كەلدى.

ھەزرىتى لۇت ئەلەيھىسسالام تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كاپىرلارغا نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلسا، بۇ بەدبەخت كاپىرلار ئۇنىڭغا ھەددىدىن زىيادە يامانلىق قىلاتتى. چۈنكى شەيتان لەئىن كاپىرلارنى بۇتقا مايىل قىلاتتى. بۇ ھارامزادە كاپىرلارنىڭ كۆڭلى شەيتاننىڭ دالالىتىگە مايىل بولۇپ، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلمايتتى. شەيتان بىر دىۋىنى ئەپكىلىپ بۇتنىڭ ئىچىگە سولىدى. دىۋە بۇتنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ سۆزلىسە كاپىرلار «بىزنىڭ تەڭرىمىز سۆزلەۋاتىدۇ» دەپ ناھايىتى زور ئەقىدە-ئىخلاس قىلاتتى.

— بىر كۈنى دىۋە بۇتنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ:

ئەي بەندىلىرىم، سىلەر مەندىن كۆڭلۈڭلارنى ئۈزۈپ، لۇتنىڭ سۆزىگە كىرمەڭلار. سىلەرگە ئاچچىقلاپ سوغۇق ئەۋەتتۈردۈم، ھەممە مېۋىلىرىڭلار يوق بولدى. ئەمدى بولسىمۇ ماڭا ھەقىقىي ئىشەنسەڭلار، ئەقىدە قىلساڭلار سىلەرگە شەپقەت قىلىمەن، — دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان كاپىرلار خۇشال بولۇشۇپ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى.

ئەلقىسسە، لەنەتگەردى شەيتان كىشىلەرنىڭ بېشىغا كىرىپ، مېۋىلەرنى ئىرغىتىپ يەرگە تۆكۈپ قوياتتى. باغ ئىگىسى مېۋىلەرنى كىم ئىرغىتىپ تۆكۈۋەتكىنىنى بىلەلمەي ھەيران قالاتتى. بىر كۈنى شەيتان ياش ۋە چىرايلىق بىر ئوغۇل بالىنىڭ سۈرىتىگە كىرىپ، يامان بىر باغۋەننىڭ بېشىغا كىردى. باغۋەن ئۇنى كۆرۈپ تۇتىۋالدى. بۇ چاغدا شەيتان:

— مەن بۇ يەرگە ماكانلاشتىم. ئەمدى ھېچيەرگە بارمايمەن. ئەگەر مېنى چوقۇم كېتىسەن دېسەڭ، ماڭا خوتۇن بول، يا مېنى خوتۇن قىلغىن، — دېدى. ھېلىقى ئادەم يىگىت سۈرىتىدىكى شەيتاننى ئامال قىلىپ كەتكۈزۈش مەقسىتىدە ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆندى ۋە ئۇنى خوتۇن قىلدى. ئاندىن ئۇ بۇ توغرىلىق باشقا كىشىلەرگە «بۇ ئايال كىشىدىن ياخشى ئىكەن...» دېگەندەك ئىپلاس سۆز-چۆچەكلەرنى تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شەھەر خەلقى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ بۇ قەبىھ، پاسكىنا ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇرۇغۇن ئەرلەر بۇزۇلۇپ كەتتى.

بىر كۈنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ لۇت ئەلەيھىسسالامغا:

— تەڭرى سېنى بۇ شەھەرنىڭ خەل-

قىنى ئىمان - ئىسلامغا دەۋەت قىلسۇن دېدى، — دەپ پەرمان يەتكۈزدى.

لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى خوتۇنى ۋە ئۈچ قىزى بارئىدى. ئۇ پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن كۆچۈپ، ئىتتىنى ئەگەشتۈرۈپ ھېلىقى شەھەرگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار شەھەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن چەترەك بىر جايغا چۈشتى.

بۇ شەھەرنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرى چىرايلىق يىگىت ئىزدەپ يۈرۈشەتتى، بۇلار لۇت ئەلەيھىسسالام چۈشكەن جايغا كېلىپ قالدى. لۇت ئەلەيھىسسالام تولىمۇ چىرايلىق ئىدى. ھېلىقى ئادەملەر لۇت ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپلا ئۇنى تۇتماقچى بولۇشتى. ھەزرىتى لۇت بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۆگىسى بىلەن ئىتتىغا بىرلا ئىشارەت قىلىۋىدى، تۆگىسى بىرمۇنچە كاپىرلارنى تېپىپ، چىشلەپ ئۆلتۈردى. ئىت ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسىنى تالاپ ئۆلتۈردى. بىرمۇنچىسى ئاران قېچىپ قۇتۇلدى. ئۇلار ئۇدۇل پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ يۈز بەرگەن ۋەقەنى بايان قىلدى، پادىشاھ ئۆزىنىڭ ۋەزىرىگە بەش يۈز ئادەمنى قوشۇپ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئۇلار بېرىپ لۇت ئەلەيھىسسالامدىن:

— سىز نېمە ئادەم؟ — دەپ سورىدى. ئۇ:

— مەن تەڭرىنىڭ پەيغەمبىرىدۇرمەن. سىلەرگە تەڭرىنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىنى تەرغىپ قىلغىلى كەلدىم، — دېدى.

ۋەزىر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ خەۋەر قىلدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا لۇت ئەلەيھىسسالام يېتىپ كەلدى ۋە تەڭرىنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزۈپ ئۇلارغا نۇرغۇن نەسىھەتلەرنى قىلدى. بۇ چاغدا پادىشاھ:

— ئەي لۇت، ئۆزۈڭنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر گۇۋاھچىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. لۇت ئەلەيھىسسالام:

— مېنىڭ بۇ يەردە تۆگەم بىلەن بىر ئىتتىمدىن باشقا ھېچنېمەم يوق. تەڭرىم سۆزۈمنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھچى بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا تىل بەرسە ئەجەب ئەمەس، — دېدى. شۇ ھامان تۆگە بىلەن ئىت ئىككىسى يېتىپ كىرىپ:

— ئەي كاپىرلار، تەڭرى بىر ۋە باردۇر. ھەزرىتى لۇت بەرھەق پەيغەمبەردۇر. بىزمۇ «لائىلاھە ئىللەللاھۇ لۇت رەسۇلۇللاھ» دەپ ئىمان كەلتۈرىمىز، — دېيىشتى. بۇنى ئاڭلىغان كاپىرلار ھەيران قېلىشىپ:

— بىز ھازىرغىچە بۇنداق ۋەقەنى كۆرمىگەن ئىدۇق. ئىشقىلىپ بۇ ئادەم جادۇگەر ئىكەن، — دېيىشتى ۋە بۇ ئەھۋالنى پادىشاھقا يەتكۈزدى. پادىشاھ لۇت ئەلەيھىسسالامغا:

— ئەي لۇت، سەن پۇل - مال ئۈچۈن ياكى ئوقەت ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلغان بولساڭ كېرەك. ياخشى ھۈنىرىڭ بار ئىكەن. سەن ئەمدى مېنىڭ قېشىمدا تۇرۇپ قالغىن. مەن ساڭا مال - دۇنيا بېرىپ، ئىززەت - ھۆرمىتىڭنى قىلىمەن، — دېدى. لۇت ئەلەيھىسسالام:

— مەن سېنىڭ پۇل - مېلىڭ ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىڭگە ھاجىتىم ئەمەس، — دېدى ۋە ئۇلارغا يەنە ۋەز - نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى. كاپىرلار ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، ئۇنى مەسخىرە قىلىشىپ

تېخىمۇ يامان ئىشلارنى قىلىشاتتى. لۇت ئەلەيھىسسالام ئاخىرى ئامالسىز قېلىپ تەڭرىگە مۇناجات قىلدى:

— ئەي تەڭرىم، بۇ كاپىرلارغا نەسىھەت قىلغانسېرى يامانلىقنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى. ئەمدى قانداق قىلىمەن؟

— ئەي لۇت، قىرىق يىل سەۋر قىلغىن، شۇ ۋاقىت ئىچىدە ئىمان - ئىسلامنى يەنە قوبۇل قىلمىسا ئۇ چاغدا ئۇلارغا بالا ئەۋەتىمەن، — دېگەن خىتاب كەلدى تەڭرىدىن.

ئەلقىسسە، بىر كېچىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام چۈشىدە لۇت ئەلەيھىسسالامنى كۆردى. ئۇ «لۇت كاپىرلارنىڭ ئارىسىدا قانداق ئەھۋالدا ياشاۋاتقاندۇ» دەپ غەم قىلىپ يۈرگەنىدى.

ئۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە ھەركۈنى روزا تۇتاتتى ۋە ئۆيىگە مېھمان كەلمىگۈچە ئىپتار قىلىپ تاماق يېمەيتتى، ئەمما توققۇز كۈندىن بۇيان ئۇلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلمىگەنىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ:

— ئەي تەڭرى، مەندىن نىمە خاتالىق ئۆتتى، ماڭا نىمىشقا مېھمان ئەۋەتمەيسەن؟ — دېدى، شۇ چاغدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

— ئەي ئىبراھىم، تەڭرىم لۇتنىڭ غېمىنى سەنچىلىك يېمەسمۇ؟ سەن ئۇنىڭ غېمىنى يېگەنلىكىڭ سەۋەبىدىن ئۆيۈڭگە مېھمان كەلمىدى، — دېدى.

ئەتىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە ساھىبجامال تۆت نەپەر ياش يىگىت كىرىپ كەلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن تۆرگە باشلىدى ۋە بۈۋى سارەگە:

— بۇ مېھمانلارغا ئۆزۈڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسەڭ بىلەن زىياپەت بەرسەڭ بولاتتى، — دېدى. بۈۋى سارە:

— مەن مۇشۇ پاقلاننى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن. شۇنى ئۆلتۈرۈپ مېھمانلارنى كۈتۈۋالايلى، — دېدى.

بۈۋى سارە بۇ پاقلانغا شۇنچىلىك ئامراق ئىدىكى، ئالتۇن - كۈمۈشتىن بويىنىغا ھالقا سېلىپ، ئۆزىنىڭ بالىلىرىدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنۈپ باقاتتى.

ئۇلار بۇ پاقلاننى سويۇپ، قازانغا سېلىپ پىشۇرۇپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقتى. مېھمانلارنى غىزاغا تەكلىپ قىلغاچ ئۆزلىرى گۆشنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. ئەمما قارىغۇدەك بولسا مېھمانلار يېمەي ئولتۇرۇشاتتى. مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ زورلىۋىدى، ئۇلار:

— بىز يېمەك - ئىچمەكتىن خالىي كىشىلەرمىز، — دېيىشتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— سىزلەر كىم بولىسىزلەر؟ — دەپ سورىۋىدى، ئۇلار:

— بىز جىبرىئىل، مىكائىل، ئىسراپىل ۋە ئەزرائىل ئەلەيھىسسالاملار بولىمىز. بىزنى تەڭرى «سىلەر ئىبراھىمنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بېرىڭلار، چۈنكى توققۇز كۈندىن بېرى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلمىگەچكە ئىپتار قىلماي ئاچ ئولتۇرۇشۇپتۇ. سىلەر بارساڭلار ئۇلار تاماق يېسۇن» دەپ پەرمان قىلدى، شۇڭا كەلدۇق، — دېيىشتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىنى سورىۋىدى، ئۇلار:

— ئەمدى ئۇنىڭغا ياردەمگە بارىمىز. ئۇ كاپىرلارنىڭ شەھىرىنى يەر بىلەن يەكسەن قىلىۋېتىشكە تەڭرىدىن پەرمان بولدى. لۇتنى بالا-ۋاقىسى بىلەن ئۇ شەھەردىن چىقىرىۋېتىمىز، — دېگەن سۆزلەرنى قىلدى.

بۇ تۆت پەرىشتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن خوشلىشىپ، لۇت ئەلەيھىسسالام تۇرغان شەھەرگە قاراپ ماڭدى. ئۇ شەھەرنىڭ ئارىلىقى ئون كۈنلۈك مۇساپە ئىدى، ئۇلار بىر سائەتتە يېتىپ باردى. بۇ كاپىر پادىشاھقا بەش شەھەر تەۋە ئىدى.

بۇ چاغدا لۇت ئەلەيھىسسالام ئېتىزلىققا چىقىپ كېتىپ ئۆيىدە قىزلىرى قالغانىدى. تۆت پەرىشتە تۆت ياش يىگىتنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ:

— بىز بۇ يەرگە مۇساپىر بولىمىز. بىزنى قوندۇرۇپ قالساڭلار بولماسمۇ، — دېدى. قىزلاردىن بىرى ئىشىككە چىقىپ:

—ھازىر ئۆيدە ئەر كىشى يوق. بىردەم ساقلاپ تۇرسىڭىزلار ئاتام قايتىپ كېلىدۇ، — دېدى.

بىرئازدىن كېيىن لۇت ئەلەيھىسسالام يېتىپ كېلىپ ئۇلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. ئۇ «بۇ چىرايلىق مۇساپىر يىگىتلەر ماڭا مېھمان بولۇپ كەپتۇ. لېكىن بەتقىلىق كاپىرلار بۇلارنى كۆرۈپ قالسا بۇلارغا يامان نىيەتتە بولۇشى مۇمكىن» دېگەن غەم-ئەندىشىدە بولدى. ئۇ قىزلىرىغا دەرھال ئۇلارنى يوشۇرىدىغان جاي تەييارلاشقا بۇيرۇدى. شۇ ئارىدا بىرقانچە ئىپلاسلار بۇ تۆتەيلەننىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ قېلىپ يېتىپ كەلدى. لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىۋىدى، ئۇلار:

— ئەي لۇت، ئۆيۈڭگە كەلگەن مېھمانلارنى بىزگە قوشۇپ قويساڭ، ئۆيىمىزگە ئاپىرىپ قوندۇرايلى، — دېدى، لۇت ئەلەيھىسسالام:

— بۇلار مېنىڭكىگە مېھمان بولۇپ كەپتۇ، شۇڭا ئۇلارنى مەن ئۆزۈم ئۇزىتىمەن، — دېدى.

كاپىرلار لۇت ئەلەيھىسسالامنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ماقۇل قىلالماي ئاخىرى زورلۇق قىلىشقا باشلىدى. لۇت ئەلەيھىسسالام ئۆيىگە كىرىپ ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئۇلارنى بۇ ئىشتىن ياندۇرۇش ئۈچۈن يالۋۇردى. ئۇ ئەبلەخلەر ئۇنىماي ئۆكتەملىك بىلەن:

— ئەي لۇت، سەن ھەرقانچە يالۋۇرغىنىڭ بىلەن بىز ئۇنىمايمىز. بىزنىڭ ئادىتىمىز ۋە بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئۆزۈڭگە مەلۇم. بىز ئۇ يىگىتلەرنى ئاپىرىپ قىلىدىغىنىمىزنى قىلماي قويمايمىز، — دېدى.

لۇت ئەلەيھىسسالام تولىمۇ تىت-تىت بولۇپ كەتتى ۋە:

— ئەي تەڭرىم، بۇ ئىپلاسلار مېنىڭ مېھمانلىرىمغا يامان نىيەتتە بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر كۈچۈم يەتكەن بولسا ئۇلار بىلەن جەڭ قىلغان بولاتتىم، — دەپ زارلاندى. بۇ ئارىدا لۇت ئەلەيھىسسالام ئۈچ قېتىم تالاغا چىقىپ كىردى. ئۇ ھەر قېتىم تالاغا چىقسا كاپىرلار ئۇنىڭغا ئىزا-ئاھانەت قىلىپ ئازابلايتتى. ئۆيىگە كىرگەندە ئۇ مېھمانلارغا ئۆزرە ئېيتاتتى.

لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ خىجالەتچىلىكتە ۋە ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا

قالغانلىقىنى كۆرگەن بۇ تۆت پەرىشتە ئاخىرى ئۆزلىرىنى ئاشكارىلاپ:

— ئەي لۇت، بىز تەڭرىگە ئەڭ يېقىن بولغان تۆت پەرىشتەدۇرمىز. سىزنى بۇ لەنىتىلەرنىڭ يامانلىقىدىن قۇتقۇزغىلى كەلدۇق. تەڭرى ئۇلارغا بالا-قازا ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، — دېدى. لۇت ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە قاچان بالايىئاپەت كېلىدىغانلىقىنى سورىدى. پەرىشتىلەر:

— سەھەردە كېلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

ھېلىقى بىر توپ ئىپلاسلار تاخىرى تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ئۇلارنى ئېلىپ چىققىلى دېيىشىپ تۇرغاندا تاڭ سۈزۈلۈپ قالدى. ئۇلار:

— تاڭ ئاتقاندا نۇرغۇن ئادەم بىلەن كېلىپ قىلىدىغىنىمىزنى قىلىمىز، — دېيىشىپ قايتىشتى.

لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن ئون يەتتە ئادەم مۇسۇلمان بولغانىدى. ئۇلارغا ئىككى ئايالى ۋە ئۈچ قىزىنى قوشۇپ شەھەرنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقتى. مىكائىل ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى باشقا بىر جايغا ئاپىرىپ قويدى. ئاندىن تۆت پەرىشتە كاپىرلارنىڭ بۇ شەھەرلىرىنىڭ ئەتراپىنى قىرىق گەز يىراقلىقتىن ۋە قىرىق گەز چوڭقۇرلۇقتىن قومۇرۇپ كۆتۈرگەن پېتى ئېگىزگە ئەپچىقىپ دۈم كۆمتۈرۈپ تاشلىدى. ھازىرغىچە تۆۋەنگە قاراپ چۈشۈۋاتقانمىش. قىيامەت كۈنى يەرنىڭ تېگىدىكى دوزاخقا يېتىپ چۈشەرمىش. تەڭرى بۇ توغرىلىق «بىزنىڭ (جازالاش) ئەمرىمىز چۈشكەندە، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق (يەنى كۆمتۈرۈۋەتتۇق)، ئۇ يۇرتلارغا بىز ئۈستى-ئۈستىلەپ ساپال تاشلارنى ياغدۇردۇق.»① دېگەنىدى.

بۇ شەھەرلەر ھىجاز بىلەن شامنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى. مەككە-مەدىنىگە بارىدىغانلار شۇ يەردىن ئۆتەتتى. ھېلىقى شەھەرنىڭ ئورنى چوڭقۇر ھەم قاراڭغۇ بولۇپ، ھەر خىل قورقۇنچلۇق ئاۋازلار ۋە ئوتلار چىقىپ تۇراتتى. ئۇ يەرگە يېقىنلاشقاندا كىشىنىڭ يۈرىكى ئېچىپ، ئىختىيارسىز تۆۋە-ئىستىغپار ئوقۇشاتتى.

تەڭرى ھەرقانداق كاپىرلارغا غەزەپلەنسە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ھالاك قىلىسىمۇ، شەھەرلىرى ساق قالاتتى. ئەمما بۇ شەھەرلەرنىڭ نام-نىشانىسى قالمىدى. تەڭرىنىڭ بۇنداق قاتتىق غەزەپلىنىشىدىكى سەۋەب شۇكى، شۇ كۈنلەردە ماۋەرائۇننەھىردە قەھەتچىلىك بولۇپ، خەلقلەر ئاچارچىلىقتا چىدىسماي تەرەپ-تەرەپكە چىقىپ كەتتى. ئۇلاردىن بىرمۇنچىسى كاپىرلارنىڭ مۇشۇ شەھەرلىرىگە كېلىشكەنىدى. شەھەر خەلقى «بۇ كەلگەندىلەر بىزنىڭ ئاشلىقلىرىمىزنى يەپ تۈگەتسە بىز قانداق قىلارمىز؟» دەپ غەم-ئەندىشىدە قالدى. بۇ چاغدا شەيتان ئۇلارغا:

— ئۇلارنى بۇ شەھەرگە يېقىن يولاتمايدىغان بىر ئامال بار. بۇ يەرگە كەلگەن ئادەملەرنىڭ بىرىنى سىلەر بەش-ئونغىلار بىرلىشىپ كەينى-كەينىدىن بو-

① «قۇرئان كەرىم» 11-سۈرە، 82-ئايەت.

زەك قىلساڭلار شۇ چاغدا ئۇلار ھەممىسى قاچىدۇ ۋە ئىككىنچىلەپ بۇ ياققا قەدەم باسمايدۇ، — دەپ ئۆگەتتى.

كاپىرلار شەيتاننىڭ دېگىنى بويىچە ئەڭ ئىبلاس قىلىقنى قىلىپ تەڭرىنىڭ قاتتىق غەزىپىگە ئۇچرىدى ۋە ھەر ئىككى دۇنيادا قارا يۈز بولدى. تەڭرى بۇ توغرىلىق قۇرئاندا «سىلەر ھەقىقەتەن قەبىھ ئىش قىلىۋاتىسىلەر، سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن بىرسىمۇ مۇنداق قەبىھ ئىشنى قىلغان ئەمەس»① دېگەنىدى. قۇرئاندا يەنە بىر جايدا «سىلەر ھەقىقەتەن لىۋاتە قىلامسىلەر؟ يوللارنى توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلامسىلەر؟ سورۇنلىرىڭلاردا ئوپئوچۇق يامان ئىشلارنى قىلىۋېرەمسىلەر؟»② دېگەن.

ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دائىم تەڭرىگە ئىبادەت قىلىپ يىغلىسا ئاۋازى ئون پەرسەڭ يەرگىچە ئاڭلىناتتى. بۇنى ئاڭلىغانلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىبادەت قىلىۋېتىپتۇ، دەپ بىلەتتى. بىر كۈنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— ئەي تەڭرىم، قىيامەتتە بارلىق ئۆلۈكلەرنىڭ چىرىگەن گۆشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، توپىغا ئارىلىشىپ كەتكەن سۆڭەكلىرىنى يىغىپ ئۇلارنى ئەسلى شەكلىگە كەلتۈرۈپ قايتا جان بېرىپ تىرىلدۈرىمەن دەيسەن. شۇ ئىشىڭنى ماڭا كۆرسەتسەڭ، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ خەلقلەرگە بىلدۈرسەم، — دەپ تەڭرىگە مۇناجات قىلدى. تەڭرىدىن:

— ئەي ئىبراھىم، ئۇنداق بولسا سەن بىر توز، بىر قاغا، بىر ئۆردەك ۋە بىر خورازنى تۇتۇپ كېلىپ ئۆلتۈرگىن، ئاندىن ئۇلارنى يۇڭداپ، گۆشىنى ئايرىپ، چانىغىن، ئۇستىخانلىرىنى پارچىلاپ ئارىلاشتۇرۇۋەت. ئەڭ ئاخىرىدا بۇلارنى تۆتكە بۆلۈپ ئايرىم-ئايرىم قويۇپ، ئۆزۈڭ ئۇلارغا قاراپ ئولتۇرغىن ۋە مېنىڭ قۇدرەت كامالىمنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگىن، — دېگەن خىتاب كەلدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۆت تۈرلۈك جانىۋارنى تېپىپ كېلىپ ئۆلتۈردى ۋە يۇقىرىقىدەك قىلىپ تۆتكە بۆلدى، تۈك-پەيلىرىنىمۇ ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. شامال ئۇ پەيلەرنى ئۇچۇرۇپ كەتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قاراپ ئولتۇرۇۋىدى، سۆڭەك، گۆشلەر ئاستا-ئاستا مىدىراپ بىر-بىرىدىن ئايرىلىشقا باشلىدى. بىر سائەتكە قالماي تۆت جانىۋارنىڭ ئەسلى شەكلى بارلىققا كەلدى. شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن پەيلەر ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. بىسىر تال تۈكمۇ بىر-بىرىگە ئالمىشىپ قالمىدى. ئاندىن ئۇلارغا جان كىرىدى. ئۇلار «لائىلاھە ئىللەللاھۇ ئىبراھىم خەلىلۇللاھ» دەپ ئىمان كەلتۈرۈپ ھەر بىرى بىر تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى.

بۇ تۆت جانىۋارنى ئۆلتۈرۈپ قايتا تىرىلدۈرۈشنىڭ سەۋەبى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: توز ھەممىدىن ياسانچۇق ئىدى، خوراز شەھۋەتپەرەس ئىدى، ئۆردەكنىڭ نەپسى يامان، قاغا نىجاسەتكە ئامراق ئىدى. ئەگەر ئادەم بالىسىمۇ شۇلاردەك بولۇپ قالمىسۇن، نەپسى ئۈچۈن ئۆزىنى بۇلغىمىسۇن، دەپ شۇنداق قىلدى.

① «قۇرئان كەرىم» 29 - سۈرە، 28 - ئايەت.

② «قۇرئان كەرىم» 29 - سۈرە، 29 - ئايەت.

## ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن بۇۋى سارەنىڭ ۋاپاتى

بۇۋى سارە بىر يۈز ئوتتۇز يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ئالەمدىن كەتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەئزۇر دېگەن قىزغا ئۆيلىنىپ ئۇنىڭدىن ئالتە باللىق بولدى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى تەڭرىنىڭ پەرمانى بىلەن جان ئالغۇچى پەرىشتە ئەزرائىل بىر قېرى بوۋاينىڭ سۈرىتىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ سەدىقە سورىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىپ ئالدىغا غىزا كەلتۈردى. بوۋاي غىزانى قولىغا ئالسا قوللىرى تىترەپ ئاغزىغا ئاپىرالمايتتى. بۇنى كۆرگەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالدىڭىز؟— دەپ سورىدى. بوۋاي:

— بەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ قېرىپ كەتكەچكە مۇشۇنداق بولۇپ قالدىم،— دەپ جاۋاب بەردى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ:

— ئەگەر ئادەم قېرىسا مۇشۇنداق ئەھۋالغا قالىدىغان بولسا، مېنىڭ جېنىمنى تېزرەك ئالغىن،— دەپ يالۋۇردى. شۇ ھامان ئۇنىڭ روھ قۇشى بەدەن قەپىزىدىن پەرۋاز قىلىپ چىقتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا بىر يۈز يىگىرمە ياشتا ئىدى. بۇ ھوشۇر ئايىنىڭ يىگىرمە ئىككىسى پەيشەنبە كۈنى ئىدى. ئۇنى مەككىگە دەپنە قىلدى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام دادىسىدىن كېيىن ئەللىك يىل ئۆمۈر كۆردى.

تەڭرى قۇرئان كەرىمدە «(ئى مۇھەممەد!) كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ئىسمائىل (نىڭ قىسسىسى)نى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە راستچىل، ھەم رەسۇل، ھەم پەيغەمبەر ئىدى»① دېگەندى.

## يەئقۇب ئەلەيھىسسالام قىسسىسى

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام لەيياننىڭ قېشىغا باردى. لەييان ئۇنىڭدىن:

— سەن نەدىن كەلدىڭ؟ كىمنىڭ ئەۋلادى بولىسەن؟— دەپ سورىدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام:

— ئىسھاقنىڭ ئوغلى، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ نەۋرىسى بولىمەن،— دەپ جاۋاب بەردى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان لەييان خۇشال بولۇپ:

— مېنىڭ تۇغقىنىم ئىكەنسەن. مېنىڭ ئوغلۇم يوق، ئىككى قىزىم بار، بىرىنى ساڭا بېرەي. سەن ماڭا ئوغۇل بولۇپ مېلىمنى بېقىپ بەرگىن،— دېدى.

لەييانىڭ چوڭ قىزىنىڭ ئېتى لىيان بولۇپ، بويى ئېگىز ھەم يوغان، ئۆزى ناھايىتى سەت، كالامپاي بىر قىز ئىدى. كىچىكىنىڭ ئېتى راھىلە ئىدى.

① «قۇرئان كەرىم» سۈرە مەريەم، 54 ـ ئايەت.

ئۇ چىرايلىق، خۇش خۇي، قەددى - قامىتى كېلىشكەن قىز ئىدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام راھىلەنى ياخشى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنى ئېلىش ئۈمىدىدە ئۇلارنىڭ قويلىرىنى يەتتە يىل باقتى.

بىر كۈنى لەيبان «راھىلەنى ساڭا بېرىمەن» دەپ تەييارلىق قىلىپ يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ تويىنى قىلدى. ئۇ ھۇجرىسىغا كىرگەندىن كېيىن قارىغۇدەك بولسا راھىلە ئەمەس، ئۆزگە نىكاھ قىلىپ بەرگىنى لىيان ئىكەن. ئۇ خاپا بولۇپ قېيىن ئاتىسىنىڭ ئالدىغا باردى، ۋە:

— مەن راھىلە ئۈچۈن خىزمىتىڭىزنى قىلغانىدىم. ئەكسىچە ماڭا لىيانىنى بېرىپسىز. بەرسىڭىز راھىلەنى بېرىڭ، بولمىسا يەتتە يىل ئىشلىگەن ھەققىمنى بېرىڭ، — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ لەيبان:

— ئەي يەئقۇب، ياتلار ئۇنى سەت دەپ ئالمىسا، سەن تۇغقىنىم تۇرۇپ يارىتمىساڭ، ئەمدى ئۇنى كىمگە بېرىمەن؟ ئەگەر راھىلەگە كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قالغان بولسا، يەنە بىر نەچچە يىل قوي باقساڭ ساڭا ئۇنىمۇ بېرەي، — دېدى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام يەنە ئىككى يىل قوي باقتى. لەيبان راھىلەنىمۇ ئۇنىڭغا ئېلىپ بەردى. چوڭ قىزىغا مۇلھەمە ئىسىملىك كېنىزەكنى، كىچىك قىزىغا زۇلفە ئىسىملىك كېنىزەكنى قوشۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ يەئقۇب ئەلەيھىسسالام تۆت خوتۇنلۇق بولدى. چوڭ ئايالىدىن يەھۇدا ۋە شەمئۇن ئاتلىق ئىككى ئوغۇل تۇغۇلدى. راھىلەمۇ يۈسۈف بىلەن ئىبىن يەمىنىنى تۇغدى. مۇلھەمە تۆت ئوغۇل، ئىككى قىز، زۇلفەمۇ تۆت ئوغۇل ئىككى قىز تۇغدى. ھەممىسى قوشۇلۇپ ئون ئىككى ئوغۇل، تۆت قىز بولدى. ئۇلار چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، مال - چارۋىلىرى، ئات - يىلقىلىرى كۆپىيىپ كەتتى. باللىرىدىن بىرمۇنچىسى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولدى.

ئاخىرى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام يەنە ئۆز يۇرتىنى سېغىنىپ بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ كەنئانغا كۆچۈپ باردى.

غەيز بۇ يەردىكى بىر سەھرادا ياشاۋاتقانىدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇنى تېپىپ شەھەرگە ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ يېنىدىن ئۆي - جاي قىلىپ بەردى. بىرقانچە ۋاقىت ئۇلار بىللە ئۆتتى. بىر كۈنى غەيز:

— بۇ يۇرتتا نەچچە يىلدىن بېرى مەن تۇردۇم. سىلەر مۇساپىر بولۇپ باشقا جايلاردا يۈردۈڭلار. ئەمدى بۇ يەردە سىلەر ئاتا - بوۋىلىرىمىزغا دۇئا قىلىپ، ئۇلارنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەڭلار، — دەپ ئۆزى شامغا كۆچۈپ كەتتى.

ھەزرىتى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ناھايىتى كۈچلۈك ۋە قۇۋۋەتلىك ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىگە تولىمۇ ئىشىنەتتى. بىر كېچىسى پەرىشتە ئوغرى سۈرىتىدە بولۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇلار ئۆزئارا خېلى قاتتىق ئېلىشتى. ئاخىرى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆڭىكى زەخىملىنىپ ئاغرىپ يېتىپ قالدى. شۇ چاغدا ئۇ: «مۇشۇ كېسەلدىن ساقاي-

سام، يېمەك - ئىچمەكتىن بىرناز ئۈزۈنى تارتاي» دەپ ئويلىدى ۋە شۇندىن كېيىن تۆگە سۈتى بىلەن تۆگە يېغىنى ئىستېمال قىلماس بولدى.

بەيتۇللاغا ھەر كېچىسى يەتتە يۈز چىراغ يېقىلاتتى. بۇ چىراغلار تاڭ ئاتقۇچە يېنىپ تۇراتتى، بىر كۈنى بىرسى كېلىپ بارلىق چىراغلارنى ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام «بۇ چىراغلارنى كىم ئۆچۈردىكىن» دەپ ئەتىسى كەچتە ماردى. بىر چاغدا كىمدۇر بىرى كېلىپ چىراغلارنى بىر باشتىن ئۆچۈرۈشكە باشلىدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بېرىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى. ئۇلار بىرپەس قاتتىق ئېلىشقاندىن كېيىن يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇنى يىقىتىپ قولىنى باغلىدى. بۇ بولسا لەنتى شەيتان ئىدى. شۇنڭغىچە ھېچكىم شەيتان بىلەن ئېلىشىپ غەلىبە قىلالمىغانىدى.

ئەلقىسسە، شەدداد دېگەن كاپىرنىڭ ئوغلى ئەملاق پادىشاھ ئىدى. ئۇ «مەن خۇدانىڭ ئوغلى» دەپ يۈرەتتى. بىر كۈنى ئۇ ئوردا بەگلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىر شەھەر بىنا قىلماقچى بولدى. ئۇ شەھەر سېپىلىنىڭ ئورنىنى قىرىق گەز قازدۇرۇپ، ئۇ يەرگە تاش تۇشقۇزدى ۋە ئۈستىگە قايتا سېپىل سالدۇردى. سېپىلنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوردا سالدى. ئوردىنىڭ تاملىرىنى ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن نەقىشلەپ، لەئل - زەبەرجەدتىن كۆز قويدۇردى. بۇ شەھەر پۈتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا «قەترام» دەپ نام بەردى. شەھەردە باغۇ - بوستانلارنى، ئايۋان-سارايلارنى بىنا قىلدى، بۇ شەھەرنىڭ قىرىق دەرۋازىسى بار ئىدى. دەرۋازىلارنىڭ بىرى سۇمبۇلدىن، بىرى ئۈددىن، بىرى يىل چىشىدىن، بىرى ئالتۇندىن، بىرى كۈمۈشتىن...دېگەندەك ھەر بىر دەرۋازا بىر تۈرلۈك ئېسىل ماتىرىيالدىن ياسالغانىدى، بۇ دەرۋازىلارنى ئۆز نامى بىلەن ئالتۇن دەرۋازا، كۈمۈش دەرۋازا دەپ ئاتايتتى. ئوردىغا ئېگىزلىكى قىرىق گەز كېلىدىغان بىر راۋاق سالدۇردى. بۇ راۋاقنى «جاھاننەما» دەپ ئاتايتتى.

بىر يىلى كەنئاندا قەھەتچىلىك بولۇپ، خەلقلەر ئاچارچىلىقتا قالدى. قەترام شەھىرىدە بولسا مولچىلىق ئىدى. ھەزرىتى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئون ئوغلىنى ئۇ شەھەرگە ئاشلىق ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. پادىشاھ ئۇلارنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ ئۇلارنى ئالدىغا چاقىرتىپ ئادەم ئەۋەتتى. يەھۇدا كەلگەن ئادەمگە:

— بىز تەڭرىنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن كەلدۇق. ئىشىمىزنى بىر تەرەپ قىلىپ ئاندىن بارايلى، — دېدى. پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەتىسى يەنە ئادەم ئەۋەتتى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى ئاخىرى ئەملاقنىڭ ئالدىغا باردى. ئەملاق قارىغۇدەك بولسا بىربىرىدىن چىرايلىق، قەددى-قامەتلىك كېلىشكەن بەرنا يىگىتلەر ئىكەن. پادىشاھ ئەملاق ئۇلارنى ئىززەت، ئىكراملار بىلەن قارشى ئالدى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسلى نەسەبلىرىنى سورىدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى ئۆزلىرىنىڭ نام-نەسەبلىرىنى بىرلەپ بايان قىلىپ بەردى. پادىشاھ ئەملاق:

— سىلەر ئېسىلزادىلەردىن ئىكەنسىلەر،

ماڭا سىلەردەك يارۇ ھەمدەم كېرەك ئىدى. مەن سىلەرگە كۆيۈئوغۇل بولۇشنى خالايمەن. سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارنى بىر شەھەرگە باشلىق قىلىپ، مال-مۈلۈك ۋە ئىززەت-ھۆرمىتىڭلارنى زىيادە قىلاي،— دېدى.

— بۇ ئىشلارغا بىز بىر نېمە دېيەلمەيمىز. سىزگە ئاتام ئۆزى جاۋاب بەرسۇن،— دېيىشتى ئاكا-ئۇكىلار.

ئەملاق ئۇن تۆگىگە بۇغداي، ئەتلەس ۋە كىيىم-كېچەكلەرنى ئارتىپ بەردى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا مەخسۇس ئۇن پاتمان ئىپار، ئۇن پاتمان كافۇرنى خالتا قىلىپ بەردى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى بىردىن ياخشى ئاتقا مىندۈرۈپ يولغا سېلىپ قويدى.

ئوغۇللار يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەملاقنىڭ ئەۋەتكەن خالتىسىنى بەردى ۋە ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاتىسىغا سۆزلەپ بەردى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلى غەش بولۇشقا باشلىدى. ئۇ «ھېچقانداق پەيغەمبەر ئۆز قىزىنى كاپىرغا بەرگەن ئەمەس. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك» دەپ غەمكىن بولۇپ ئولتۇرغىنىدا، ئەملاقنىڭ ئەلچىسى يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەملاق ئەۋەتكەن نامىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. خەتتە:

«مەنكى پادىشاھ ئەملاق شۇنى تەلەپ قىلىمەنكى، يەئقۇب ماڭا قىزىنى بەرسە، مەن ئۇنىڭغا قۇچاق-قۇچاق ئەتلەس، سەرلەپ ئالتۇن-مەرۋايىتلارنى ئىنئام قىلىمەن. ئەگەر سۆزۈمنى قوبۇل قىلمىسا، شەھىرىگە ئوت قويۇپ، مال-مۈلكىنى ئولجا قىلىپ، خوتۇنلارنى تۇل، باللارنى يېتىم قىلىمەن، ئۇنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىمەن. ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، ئۇنىڭ تەڭرىسى بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم...» دېگەن سۆزلەردىن ئىبارەت ئىدى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بۇ خەتنى كۆرگەندىن كېيىن ناھايىتى پەرىشان بولدى ۋە ئوغۇللىرىنى يېنىغا يىغىپ، ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلەشتى، يەھۇدا:

— بىز قانچە غەم قىلغىنىمىز بىلەن باشقا ئامالىمىز يوق. تەڭرىنى ياد ئېتىپ تۇرساق ئۆزى ئاسان قىلار،— دېدى، ئۇلار ئەملاقنىڭ ئەلچىسىدىن مۇنۇ مەزمۇندا خەت ئەۋەتتى:

«مەنكى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامدىن بۇ دۇنيا ئاخىرەتتە لەنەتكەردى بولغان ئەملاققا سۆزۈم شۇكى، ھېچقانداق پەيغەمبەر كاپىرغا قىز بەرگەن ئەمەس. ئەگەر سەن مۇسۇلمان بولۇپ ئىمان ئېيتساڭ، ھازىرقى دۆلىتىڭدىن ئۇن ھەسسە دۆلەتمەن بولىسەن، ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىپ، ھۆر-غۇلمانلار بىلەن راھەتتە ياشايسەن. مەنمۇ ساڭا قىزىمنى بېرىمەن. ئۇنىڭغا ئۇنىمىساڭ قولىڭدىن نېمە كەلسە شۇنى قىلغىن».

ئەملاقنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىسى بۇ خەتنى ئاپىرىپ ئۇنىڭغا بەردى. ئەملاق خەتنى ئوقۇپ قاتتىق غەزەپلەندى ۋە تەرەپ-تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ لەشكەر يىغدى. ئۆزى پىلغا مىنىپ، تۇرغۇن لەشكەرنى باشلاپ كەنئانغا يېتىپ كەلدى.

ھەزرىتى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئوغۇللىرىنى يىغىپ ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىۋىدى، ئۇلار:

— بۇنىڭ لەشكىرى بەك تۇرغۇن ئىكەن. ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەسمىزمىكىن

دېيىشتى.

ھەزرىتى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ:

— بىز ئاجىز كېلىپ قالدۇق، ئەي تەڭرىم، بىزنى كاپىرلاردىن قۇتقازغىن، دېدى، شۇئان جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

— ئەي يەئقۇب قورقمىغىن، تەڭرى «مەن يەئقۇبنىڭ پەرزەنتلىرىنى كاپىرلارغا تۇتتۇرمايمەن، ئۇلار قورقماي ئەملاقنىڭ ئالدىغا چىقىپ جەڭ قىلسۇن. مەن ئۇلارغا غەلىبە-نۇسرەت ئاتا قىلىمەن» دەپ پەرمان قىلدى، — دېدى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بۇ خەۋەرنى ئوغۇللىرىغا دېدى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىر تۇرلۇك جەڭ قورالى تۇتقۇزدى. بۇ ئاكا-ئۇكا ئون يىگىت ,تەڭرىنىڭ پەرمانى بىلەن ئەملاقنىڭ ئالدىغا چىقىپ، جەڭگاھنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇردى. ئەملاق بۇلارنى كۆرۇپ:

— بۇلار يەئقۇبنىڭ ئوغۇللىرى ئىكەن، بەلكىم ئەلچىلىككە كەلگەن بولسا سۆزىنى ئاڭلاپ بېقىڭلار، — دەپ ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلار كەلگەن كىشىگە:

— بىز يولدىن ئېزىپ كەلگەن كاپىرلارنى راست يولغا كىرگۈزگىلى كەلدۇق. ئەگەر ئۇنىمىسا ئۇلارنى بىراقلا ھالاك قىلىمىز — دېدى. ئەملاق بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۇلارنى مەسخىرە قىلدى ۋە تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

يەھۇدا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ نەئرە ئۇرۇپ ۋاقىرىدى. ئاندىن باشقا ئىنىلىرىمۇ تەڭ نەرە تارتىپ ۋارقىراشتى. ئۇلارغا ئاسماندىكى پەرىشتىلەرمۇ قوشۇلدى.

بۇ ھەيۋەتلىك ئاۋازلاردىن ئون مىڭ كاپىرنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلدى. ئەملاق بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يىگىرمە تۆت مىڭ لەشكەرنى ئېلىپ كېلىپ سەپ تارتىپ تۇردى. بۇ قېتىم شەمئۇن باشلاپ نەئرە تارتتى. ئۇنىڭغا ئاسماندىكى پەرىشتىلەرمۇ قوشۇلۇپ نەئرە تارتتى. بۇ چاغدا ئاسمان-زېمىن لەرزىگە كەلدى. كاپىرلار «ئاسمان يىقىلىپ چۈشۈۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ، قورقۇشۇپ تۇرغىنىدا، ئاسماندا بىر پارچە بۇلۇت پەيدا بولۇپ، ئوت چاقناتقان پېتى كاپىرلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتتى.

ئەملاق بىر قانچەيلەن بىلەن قېچىپ شەھەرگە كىرىۋالدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ شەھەرگە كىردى ۋە:

— ئەي بەدبەخت، تەڭرىنىڭ بىرلىكىگە قايىل بولۇپ ئىمان كەلتۈرگىن، بولمىسا شەھىرىڭنى ۋەيران، ئۆزۈڭنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىمىز، — دېۋىدى، ئەملاق:

— ئەي پەيغەمبەرزادىلەر، ئەمدى نېمە قىلساڭلار سىلەرنىڭ ئىختىيارىڭلاردا. مېنىڭ ھېچقانداق ئامالىم يوق، — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى ئۇنى باغلاپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىمانغا دەۋەت قىلىپ نەسىھەت قىلدى. ئەملاق:

— مېنى قويۇۋەتسەڭلار، قايتىپ بېرىپ بالا-چاقام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن ئىمان ئېيتسام، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا قانچە ۋاقىت مۆھلەت سورايسەن، — دېۋىدى، ئەملاق:

— ئون يىللىق مۆھلەت سورايمەن، — دېدى.

ئۇنى قويۇۋەتتى. بۇ كاپىر ئون يىلغىچە زور تىرىشچانلىق بىلەن مال-دۇنيا يىغدى ۋە بارلىق كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ لەشكەر توپلىدى. بۇ لەشكەرلەرنى ناھايىتى تەجرىبىلىك يىگىرمە تۆت نەپەر سەردار باشقۇراتتى.

ئون يىل مۆھلەت توشقاندا، ھەزرىتى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام يەھۇدانى ئەملاقنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى، ئۇ بېرىپ:

— ئەي بەدبەخت، ئون يىل ئامانلىق تىلىۋىدىڭ، ئون يىلىڭ توشتى. ئەمدى مۇسۇلمان بولارسەن، — دېۋىدى، ئەملاق:

— ئەپسۇسكى، سەن ئاتاڭنىڭ ئالدىدىن ئەلچى بولۇپ كەلدىڭ. ئەلچىنى ئۆلتۈرۈش ياخشى ئەمەس، بۇرۇن مەن بىلمەي قاپتىمەن، سىلەر جادۇگەر ئىكەنسىلەر، ئەمدى مەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئامالىنى تاپتىم. سەن ئاتاڭغا بېرىپ ئېيتقىن، قىزىنى ماڭا بەرسۇن، بولمىسا مېنىڭ لەشكەرلىرىمگە تەڭ كېلىشنىڭ ئامالىنى قىلسۇن، — دېدى.

يەھۇدا قايتىپ كېلىپ ئاتىسىغا بولۇپ ئۆتكەن گەپ-سۆزلەرنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ:

— ئەي ئۇلۇغ تەڭرىم، سېنىڭ پەرمانىڭ بىلەن كاپىرلارنى ئىمان-ئىسلامغا دالالەت قىلسام ئۇنىمايۋاتىدۇ. قانداق قىلىمەن؟ — دېدى. بۇ چاغدا جەبرىئىل ئەلەيھىسسالام يېتىپ كەلدى ۋە:

تەڭرىدىن «يەئقۇب كاپىرلاردىن ھەرگىز قورقمىسۇن. مەن ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن» دېگەن پەرمان كەلدى، — دېدى.

ئەملاق يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ لەشكەر بىلەن كەنئانغا قاراپ يولغا چىقتى. كەنئانغا ئىككى كۈنلۈك يول قالغاندا تەڭرىنىڭ پەرمانى بىلەن بىر پارچە ئوت پەيدا بولۇپ كاپىرلارنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئۇلارنىڭ ھەممە مال-مۈلكى ۋە لەشكەرلىرى قوشۇلۇپ كۆيۈپ تۈگىدى. پەرىشتىلەر تەڭرىنىڭ پەرمانى بىلەن ئۇلارنىڭ شەھىرىنى كۆتۈرۈپ قىرىق گەز ئېگىزلىككە ئېپچىقىپ، دۈم كۆمتۈرۈپ يەرگە ئۇرۇۋەتتى، ھەممىسى تۇپراقنىڭ ئاستىدا قالدى.

## ئەييۇب ئەلەيھىسسالام قىسسىسى

ئالتە مىڭ جۈپ قۇرتقا يەم بولغاندا «ھەقىقەتەن مېنى بالا (يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى①» دەپ پەرياد قىلغان، تەڭرى ئۇنىڭ ھەققىدە «بىز ئەييۇبنى ھەقىقەتەن سەۋرچان بايقىدۇق، ئۇ نېمىدېگەن ئوبدان بەندە» ② دەپ ماختىغان ۋە تەڭرىنىڭ «ئۇنىڭغا

① «قۇرئان كەرىم» 21-سۈرە، 83-ئايەت

② «قۇرئان كەرىم» 38-سۈرە، 44-ئايەت.

رەھىم قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئائىلىسىنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر باراۋەرنى زىيادە ئاتا قىلدۇق (يەنى ئۇنىڭ ئۆلگەن بالىلىرىنىڭ ۋە يوقالغان ماللىرىنىڭ ئورنىغا بىر ھەسسە كۆپ مال بەردۇق)»،① دېگەن كارامىتى بىلەن خۇشال بولغان ـ ھەزرىتى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامدۇر.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى مەۋسۇف، ئۇنىڭ دادىسى راۋاج، ئۇنىڭ دادىسى غەيز، غەيزنىڭ دادىسى ئىسھاق نەبىيۇللا، ئۇنىڭ دادىسى ئىبراھىم خەلىلۇللاھدۇر.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام رۇم ۋىلايىتىدە ياشايتتى. ئۇنىڭ ئايالى رەھىمە ھەزرىتى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىبراھىمنىڭ قىزى ئىدى.

بۇ شەھەردە بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ ئادەم كېسەل بولۇپ يول ياقىسىدىكى بىر تامنىڭ تۈۋىدە يېتىپ قالغانىدى. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ بەدەنلىرى تېشىلىپ سېسىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ ئادەم ياتقان تامنىڭ كەينىدىكى قورۇنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭغا:

— ئۇزۇندىن بۇيان بۇ يەردە يېتىپ بەكمۇ سېسىتىۋەتتىڭ، ئەمدى باشقا يەرگە بېرىپ ياتساڭچۇ، — دېدى. بۇ چاغدا بۇ يەردىن ھەزرىتى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. كېسەل ئادەم ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا:

— مەن مۇشۇنداق ئېغىر كېسەل تۇرسام، مېنى بۇ يەردىن كەت دەۋاتىدۇ، مېنىڭ ئورنۇمدىن تۇرغۇدەك ماجالىم يوق، — دەپ دادلىدى.

① «قۇرئان كەرىم» 21 ـ سۈرە، 84 ـ ئايەت

ھەزرىتى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا

— راست دەيدۇ، ئەمدى باشقا بىر جايغا بېرىپ ياتساڭچۇ، — دېدى.

كېسەل ئادەمنىڭ بۇ گەپتىن قاتتىق كۆڭلى ئاغرىدى ۋە تەڭرىگە يالۋۇرۇپ.

— ئەي تەڭرىم، سېنىڭ پەيغەمبىرىڭ ماڭا رەھىم قىلمىدى. مېنىڭ مۇشۇ ھالىمنى (كېسىلىمنى) ئۇنىڭغىمۇ سالساڭ، — دېدى.

ئەلقىسسە، ھېلىقى ئادەمنىڭ كېسىلى ساقىيىپ كەتتى. بۇ چاغدا ھەزرىتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ.

— ئەي ئەييۇب، ئۇ كېسەل ئادەمگە نېمىشقا رەھىم ـ شەپقەت قىلمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

بۇ گەپتىن ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا تەڭرىنىڭ نارازى بولغانلىقىنى بىلدى ۋە دەرھال كېسەل ئادەمنى ئىزدىدى، ئەمما تاپالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قانداق جايدا بىرەر كېسەل ئادەم بارلىقىنى ئاڭلىغان ھامان ئۇنى ئەپكېلىپ باقاتتى. قېرى ـ ئاجىزلارغا خەير ـ ساخاۋەت قىلاتتى. ئۇ باي ۋە دۆلەتمەن ئىدى. ھەرقانداق ئادەمگە قولىدىن كەلگەن ياخشىلىقنى ئايىمايتتى. ھەر كۈنى كەمبەغەل ـ دىۋانىلەرنى تويغۇزمىغىچە ئۆزى تاماق يېمەيتتى. ئۇ ھەممىشە ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇپ، تەڭرىنى بىردەم يادىدىن چىقارمايتتى. ئۇ قۇرتلارنىڭ دەردىگە سەۋرى قىلىپ چىداپ ئاخىرى پەيغەمبەرلىك دەرىجىسىگە يەتتى.

تەڭرى پەرىشتىلەرگە:

— ئەي پەرىشتىلەر، قاراڭلار، ئەي-

يۈپ ھېچقانداق ۋاقىتتا مېنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ، — دەيتتى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھەزرىتى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ناھايىتى باي كىشى ئىدى. ئۇنىڭ بەشيۈز جۈپ قوشقا قاتىدىغان ئۆكۈزى بار بولۇپ، ھەر بىرى بىر ئۆيلۈك قۇلنىڭ قولىدا ئىدى. تۆتيۈز قۇلى مىڭ تۆگە، مىڭ خېچىر بىلەن سودىگەرچىلىك قىلاتتى. مال-دۇنياسى ھەددى-ھېسابسىز ئىدى. ئۇنىڭ قويلىرىنىڭ ئارىسىدا قىرىق مىڭ قارا كۆز قوچقىرى بار بولۇپ، باشقا قويلىرىنىڭ ھېسابى يوق ئىدى. ھەزرىتى ئەييۇبنىڭ يەتتە ئوغۇل، ئۈچ قىزى بار ئىدى. ئۇ تەڭرىنىڭ قۇللۇقىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز باش كۆتۈرمەي ئىبادەت قىلاتتى. بۇنىڭغا شەيتاننىڭ ئىچىدىكى ھەسەت ئوتى قوزغىلىپ چىدىيالماي قالدى ۋە:

— ئەي تەڭرى، ئەييۇبقا سەن مال-دۇنيانى كۆپ بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ، بولمىسا ھەرگىز بۇنچىۋالا ئىبادەت قىلمىغان بولاتتى، — دېدى. تەڭرىدىن:

— ئەي مەلئۇن، ئەييۇبنىڭ مال-مۈلكىنى سېنىڭ ئىختىيارىڭغا تاپشۇردۇم، — دېگەن پەرمان كەلدى. لەنىتى ئىبلىس ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ماللىرىنىڭ ئۈستىگە بىرىپ بىردەم ئۇرغانىدى، ئاغزىدىن بىر پارچە ئوت چىقىپ پۈتۈن مال-چارۋىنى كۆيدۈرۈپ تۈگەتتى.

قويچىلار كېلىپ يۈز بەرگەن ئەھۋالنى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا مەلۇم قىلىۋىدى، ئۇ:

— تەڭرى ئۆزى بەرگەننى ئۆزى ئېلىۋالسا مەيلى ئەمەسمۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. تۆگىچىلەر كېلىپ.

— تۆگىلەر ھەممىسى ئۆلۈپ كەتتى، — دېدى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغىمۇ:

— تەڭرى نېمىنى خالىسا، مەن شۇنىڭغا رازى، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئەلقىسسە، ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق مال-مۈلكى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن يوقالدى ئۇ ھەممىگە سەۋر قىلىپ، رازى بولدى.

شەيتان يەنە:

— ئەييۇب ھەممىگە سەۋر-تاقەت قىلسىمۇ پەرزەنتىگە چىدىمايدۇ، — دېدى.

— ئۇلارنىمۇ خالىغىنىڭنى قىل، — دېدى تەڭرى:

بىر كۈنى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە باللىرى بىر ئۆيدە ئولتۇرۇشاتتى. تۇيۇقسىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ ئۇلارنى ئۆي بېسىۋېلىپ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتتى. بۇ چاغدا شەيتان يۈگۈرگەن پېتى ئەييۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— باللىرىڭنى ئۆي بېسىپ ئۆلدى، — دەپ خەۋەر قىلدى.

— ئۇلار تەڭرىنىڭ خاھىشى بويىچە قازا تاپقان. بولمىسا بىمەجەل بىر تال قۇرتمۇ ئۆلمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ھەزرىتى ئەييۇب.

لەنىتى شەيتان ئەييۇبنىڭ بۇنچىۋالا سەۋرچانلىقىغا قاراپ ئامالسىز ئېھۋالدا قالدى، چۈنكى ئۇنى ھېچقانداق قىلىپ نارازى قىلالمىغانىدى. ئۇ ھېچقاچان مۇنچىلىك جاپا-مۇشەققەت تار-

تىپ ئىزاغا قالمىغانىدى. ئۇ يەنە:

— ئەي تەڭرى، ئەييۇب ھەممىگە سەۋرى-تاقەت قىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ بەدىنىنىمۇ مېنىڭ ئىختىيارىمغا قويساڭ، ئۇنىڭغا قانداق قىلاركىن، — دېدى.

— ئۇمۇ سېنىڭ ئىختىيارىڭدا بولسۇن، — دېدى تەڭرى.

ھەزرىتى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇرغانىدى. ئۇنىڭ بەدىنىگە قىچىق ئولاشتى ۋە ئۇ يەرلەر قاپىرىسىپ چىقتى. قاپارغان جاي تېشىلىپ ئۇ يەردىن ئىككى تال قۇرت پەيدا بولدى. ئۇ قۇرتلار كۆپىيىپ بىر دەمدە ئالتە مىڭ جۈپ قۇرت يامراپ چىقىپ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدەنلىرىنى يېيىشكە باشلىدى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ.

— ئەي تەڭرىم، مېنى بۇ قۇرتلارغا يەم قىلىپسەن، ئەمما ئۇلار مېنىڭ كۆزلىرىمنى يېمىسە، سېنىڭ سۈنئىڭنى كۆرۈپ تۇرسام، يۈرىكىمنى يېمىسە، ھايات ياشىسام، تىلىمنى يېمىسە ساڭا زىكرى-سانا ئېيتىپ تۇرسام ياخشى بولاتتى، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن قۇرتلار ئۇنىڭ بەدىنىنى يېسىمۇ ئۇنىڭ كۆزىنى، يۈرىكىنى ۋە تىلىنى يېمىدى.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ 40 ئايالى بار ئىدى. ئۇ كېسەل بولۇپ قالغاندىن كېيىن 39 خوتۇنىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن خېتىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى. يالغۇز رەھىمەلا ئۇنىڭ يېنىدا قالدى.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدەنلىرى غالۋىرنىڭ تۆشۈكلىرىدەك تېشىلىپ كەتكەن بولۇپ، بۇياقتىن كۈن چۈشسە، ئۇ تەرىپىتىن يورۇقى كۆرۈنەتتى. ئاخىرى ئۇ سېسىپ پۇراپ كەتتى.

بۇ چاغدا شەيتان كوچىمۇ-كوچا يۈرۈپ:

— ئەي خالايىق، ئەييۇبنى چەت ياقىمغا قوغلاڭلار. بولمىسا كېسىلى سىلەرگىمۇ يۇقسا سىلەرمۇ ئۇنىڭدەك بولۇپ قالىسىلەر، — دەپ جار سالاتتى. خەلق ھەزرىتى ئەييۇبنى ياتقان جايىدىن قوغلاشقا باشلىدى. ئايالى رەھىمە ئۇنى يۈدۈپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى ۋە بىر تاغقا ئەپچىقىپ قويدى. ئۆزى شەھەرگە كىرىپ باشقىلارنىڭ نېنىنى يېقىپ، تاماقىنى ئېتىپ بېرىپ، ئىش ھەققىگە بەرگەن ئازراق نەرسىنى ئۆزىمۇ يەپ، ھەزرىتى ئەييۇبقىمۇ ئەپچىقىپ بېرىپ تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلىدى. لەئىنتى ئىبلىس بۇنىڭغىمۇ چىدىماي شەھەر خەلقىگە:

— ئەي خالايىق، قۇرۇت يەپ ياتقان ئەييۇبنىڭ خوتۇنىنى ئۆيۈڭلەرگە يولاتماڭلار. ئۇ ئېرىنىڭ قان يىرىڭىنى تۇتقان پاسكىنا قولى بىلەن سىلەرگە ئاش-تاماق ئېتىپ بەرسە، ئۇ كېسەل سىلەرگىمۇ يۇقسا قانداق قىلىسىلەر، — دەپ پىتنە-پاسات تارقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن رەھىمەنى ھېچكىم ئۆيىگە كىرگۈزمىدى.

ھەزرىتى ئەييۇبتىن بەزى ئادەملەر:

— سىز بۇنچىۋالا جاپاغا گىرىپتار بولغۇدەك نېمە گۇناھ قىلغان ئىدىڭىز؟ — دەپ سورىسا ئۇ:

— بۇ جاپا ۋە ئازاب تەڭرىنىڭ ماڭا بەرگەن ياخشىلىقى. مەن يەتمىش يىللىق ئۆمرۈمنى تولىمۇ راھەت-پاراغەت ۋە ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن ئۆتكۈزگەنىدىم. بۇ جاپانى يەتمىش يىل تارتسام ئوبدان بولاتتى، — دەپ ئويلايمەن، — دەيتتى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ بەدىنىدىن بىر تال

قۇرت يەرگە چۈشۈپ كېتىۋىدى، ئۇ ئۆزى ئېلىپ ئورنىغا سېلىپ قويدى.

بىر كۈنى شەيتان كېلىپ:

— ئەي ئەييۇب، ئەجەبمۇ يامان كۈنگە قاپسەن. تەڭرىدىن تىلىسەڭ ساقىيىپ كەتمەسسەنمۇ؟ — دېۋىدى، ھەزرىتى ئەييۇب:

— كېسىلىمنىڭ ساقىيىشى بىلەن كارىم يوق، تەڭرىنىڭ خالىغىنى بويىچە ئىش بولسا بولدى، — دەپ جاۋاب بەردى. شەيتان قاتتىق خاپا بولۇپ كېتىپ قالدى.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ رەھىمەگە تولىمۇ ئىچى ئاغرىتتى. بىر كۈنى ئۇ:

— ئەي رەھىمە، سەنمۇ مەندىن ئايرىلىپ ئۆز جېنىڭنى جان ئەتكىن، — دېۋىدى، رەھىمە يىغلاپ كەتتى ۋە:

— ئەي ئەييۇب سېنىڭ راھىتىڭنىڭ پەيزىنى سۈرگەن چاغلاردا سەن بىلەن بىللە ئۆتكەنىدىم، ئەمدى جاپا-مۇشەققەتتە قالغاندا سېنى تاشلاپ ھەرگىزمۇ كەتمەيمەن. ئەگەر ئۆلۈپ قالساڭ سېنى يەرلىكىڭدە قويغاندىن كېيىن ئاندىن نەگە كەتسەممۇ كېتەرمەن، — دېدى. ھەزرىتى ئەييۇب بۇ سۆزدىن ناھايىتى خۇشاللىنىپ ئۇنىڭدىن رازى بولدى.

بىر كۈنى رەھىمە شەھەرگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى، شەيتان بىر مويسىپىتنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى ۋە:

— ئەي رەھىمە، مەن ئۇستا تىۋىپ. مېنى ئېرىڭنىڭ قېشىغا باشلاپ بارساڭ ئۇنى داۋالاپ باقاي، — دېدى. رەھىمە ئۇنى باشلاپ ھەزرىتى ئەييۇبنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ:

— مېنى كىشىلەرنىڭ داۋالىشى ھاجەتسىز. تەڭرىنىڭ ئىنايىتى ماڭا داۋا بولىدۇ، — دېدى. شەيتان ئىزا تارتقىنىچە كېتىپ قالدى.

يەنە بىر كۈنى رەھىمە شەھەرگە ماڭغىلىۋاتاتتى، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

— مېنىمۇ ئاپىرىپ بىر يول ياقىسىدا ياتقۇزۇپ قويساڭ، ئۆتكەن-كەچكەنلەر ئىچ ئاغرىتىپ سەدىقە بېرەرمىكىن، — دېدى. شۇزامان جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئۇنىڭغا:

— ئەي ئەييۇب، پەيغەمبەرلەرگە سەدىقە ھارام. تەڭرى ئەۋەتكەن جاپا-مۇشەققەتكە سەۋر قىلساڭ، شۇ ساڭا غىزا بولىدۇ، — دېدى.

رەھىمە شەھەرگە ئىش ئىزدەپ كىرسە ئۇنى ھېچكىم يېقىن يولاتمايدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى ئۇ يېگۈدەك بىر نەرسە تاپالماي بېشى قېتىپ تۇراتتى. بىر ئايال رەھىمەنىڭ بوستان چاچلىرىنى كۆرۈپ ئۇنى ئالدىغا چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەي چوكان، چېچىڭنى كېسىپ بەرسەڭ مەن سېتىۋالاي، — دېدى.

رەھىمەنىڭ ئون ئۆرۈم چېچى بار بولۇپ، ئىككى ئۆرۈمى ئالدىدا، سەككىزى كەينىدە تۇراتتى، ھەزرىتى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ھەرقېتىم نامازغا قوپماقچى بولسا، رەھىمەنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ تۇرغان ئىككى ئۆرۈم چېچىغا ئېسىلىپ قوپاتتى. ئۇ شۇنچىلىك زەئىپلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ نامازنى ھەرگىزمۇ ئولتۇرۇپ ئوقۇمايتتى.

ھېلىقى ئابال رەھىمەنىڭ ئىككى تال چېچىنى كېسىۋېلىپ ئىككى نان بەردى. بۇ چاغدا شەيتان رەھىمەدىن بۇرۇنراق ھەزرىتى ئەييۇبنىڭ قېشىغا يېتىپ بېرىپ ئۇنىڭغا:

— ئەي ئەييۇب، رەھىمەنى شەھەردە كۆردۇم. ئۇنى كىشىلەر تۇتۇۋېلىپ چېچىنى كېسىۋەتتى، — دېدى.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى غەزەپلەندى ۋە «ئۇنى چوقۇم يۈز تاياق ئۇرىمەن» دەپ قەسەم قىلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئىككى تال قۇرت يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ بۇ قۇرتلارنى ئېلىپ بەدىنىگە سېلىپ قويدى. ھېلىقى ئىككى قۇرت ھەزرىتى ئەييۇبنىڭ بەدىنىگە شۇنداق قاتتىق بىر نەشتەر ئۇردىكى، ئۇنىڭ ئازابىغا چىدىيالماي ۋارقىراپ كەتتى ۋە نالە قىلىپ:

— ئەي ئۇلۇغ تەڭرىم، بۇ ئىككى قۇرتنىڭ چىشلىگىنىگە پەقەتلا تاقەت قىلالمىدىم، — دەپ يىغلىدى. ھەزرىتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئۇنىڭغا:

— يەتتە يىلدىن بۇيان ئالتە مىڭ تال قۇرت تەڭرىنىڭ پەرمانى بىلەن يېگەچكە، ئۇنىڭ ئازابىدىن تەڭرى ئۆزى ساقلىغانىدى. ئەمدى تەڭرى قۇرتلارنى «يەرگە چۈشكىن» دەپ پەرمان قىلغاندا سەن ئۇنى ئېلىپ ئورنىدا قويۇپ قويدۇڭ. بۇ سېنىڭ ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن بولدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئازابىغا تاقەت قىلالمىدىڭ، — دېدى.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ يىغلىدى.

بۇ چاغدا ھەزرىتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام جەننەتتىن بىر دانە ئانار بىلەن بىر دانە بېھى ئېلىپ كەلدى. ھەزرىتى ئەييۇب ئانارنى يېگەنىدى، ئازراق قۇۋۋەت ھاسىل بولدى، بېھىنى يېۋىدى كۆڭلى ئېچىلدى، ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئۇلار بىرنەچچە قەدەم مېڭىشىغا بەدىنىدىكى قۇرتلار ھەممىسى يەرگە تۆكۈلۈپ سەكرەشكەنىدى، ئۇ يەردىن ئىككى دانە بۇلاق ئېچىلدى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بىر بۇلاقتا بەدەنلىرىنى يۇدى، يەنە بىر بۇلاقنىڭ سۈيىدىن ئېلىپ ئىچتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاش ساقىيىپ، بەدىنىگە ماغدۇر كىردى. ئاندىن ئۇ ئېگىز بىر جايغا چىقىپ ئولتۇردى. بۇ چاغدا رەھىمە ئۇنىڭ ياتقان جايىغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا ھەزرىتى ئەييۇب يوق. ئۇ پەرياد ئۇرۇپ يىغلىدى ۋە:

— ئەي بىچارە، زەئىپ ئەييۇب! سېنى قايسى بۆرىلەر يەپ، قايسى ئىتلار تالاپ كەتتى؟ ئاھ، مەن سېنىڭ بىلەن بىللە بولغان بولسام، مېنىمۇ بىللىلا ئېلىپ كەتسە بولماسمىدى. — دەپ زار-زار قاخشىدى. بۇنى كۆرگەن ئەييۇب ئەلەيھىسسالام:

— ئەي رەھىمە، مەن بۇ يەردە، تەڭرىم ماڭا سالامەتلىك ئاتا قىلدى، — دېدى. ئاندىن رەھىمەنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىسا دېگەندەك ئۇنىڭ ئىككى ئۆرۈم چېچى يوق تۇراتتى. «بايامقى ئادەمنىڭ دېگىنى راست ئىكەن-دە» دەپ ئويلاپ تۇرۇۋىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

— ھەي ئەييۇب، رەھىمەدە ھېچقانداق گۇناھ يوق. ساڭا بۇ گەپنى دېگەن شەيتان ئىدى، — دېدى. ئەييۇب ئەلەي-

ھىسسالام بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى، ۋە:

— مەن ئۇ گەپكە ئىشىنىپ كېتىپ «رەھىمەنى يۈز تاياق ئۇرىمەن» دەپ قەسەم قىلىپ قويۇپتىمەن. ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ — دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

— يۈز تال بۇغداي باشىقىنى بوغۇپ، ئۇنى بىرلا ئۇرسىڭىز، شەرت ئادا بولىدۇ، — دېدى.

ئاندىن تەڭرىدىن:

— ئەمدى بېرىپ بالا-چاقا، مال-مۈلكۈڭنى تاپشۇرۇۋالغىن، — دېگەن پەرمان كەلدى.

ھەزرىتى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۆيىگە بېرىپ تەڭرىگە شۈكرى قىلىپ ئولتۇرۇۋىدى، قويچىلار:

— قويلار تىرىلىپ قالدى، — دەپ كېلىشتى. تۆگىچىلەر كېلىپ:

— تۆگىلەر تىرىلدى، — دەپ خەۋەر قىلدى. ئاندىن كېيىن ئوغۇل-قىزلىرى تىرىلىپ كەلدى. ئەييۇب ئۇلار يوقىلىپ كەتكەندىمۇ شۈكرى قىلغانىدى، ئۇلار ھەممىسى ئالدىغا قايتىپ كېلىۋىدى، يەنىلا تەڭرىگە شۈكرى كەلتۈردى.

ھەزرىتى ئەييۇبنىڭ بەدىنىدىكى قۇرتلار يەرگە چۈشكەندىن كېيىن تەڭرىنىڭ پەرمانى بىلەن ئۈجمىنىڭ يوپۇرمىقىنى يەپ يىپەك پەيدا قىلدى. پىلىدىن چىققان يىپەك ئادەملەرگە زىننەت بېرىدىغان ئېسىل كىيىم-كېچەكلەرگە ئىشلىتىلىدىغان بولدى.

ھەزرىتى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام كۆردىكى، ئۇنىڭ مال-مۈلكى بۇرۇنقىدىن يۈز ھەسسە كۆپىيىپ كەتكەنىدى. ئوغۇل-قىز پەرزەنتلىرىمۇ ئۆلۈپ كەتكىلى يەتتە يىل بولغان بولسىمۇ، خۇددى يەتتە يىل بۇرۇنقى ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش تىرىلىپ جەم بولدى. ئۇلار بىر قانچە يىل بىللە ھايات كەچۈرگەندىن كېيىن ھەزرىتى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بۇ پانىي ئالەمدىن باقىي دۇنياغا كېتىپ قالدى.

## شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قىسسىسى

ۋەھاب ئىبنى مۇنەببىھنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام جەمئىي پەيغەمبەرلەرنىڭ خاتىپى. ئۇ ناھايىتى يۇقىرى مەرتىۋىلىك، خۇش خۇي ۋە شېرىن سۆز كىشى ئىدى، دېيىلگەن. قۇرئاندا «ئەيكىلىقلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى. ئۆز ۋاقتىدا شۇئەيب ئۇلارغا ئېيتتى: سىلەر (ئاللادىن) قورقمامسىلەر؟ مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە سادىق پەيغەمبەرمەن①» دېيىلگەن. يەنى ئەيكى دېگەن خەلقلەر ھەزرىتى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى تولىدىن-تولا رەنجىتتى. ھەزرىتى شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

— بۇتتىن يېنىپ، مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە قايىل بولۇڭلار. شەيتان سىلەرنى يامان يوللارغا باشلاۋاتىدۇ. ئۇ تەڭرىنىڭ دۈشمىنى. كىمكى ئۇنىڭ يولىغا كىرسە دوزاخقا چۈشۈپ، ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە گىرىپتار بولىدۇ. تەڭرىنىڭ بىرلىكى ۋە بارلىقىغا ئىشىنىپ، ئىمان ئې-

① «قۇرئان كەرىم» 26 سۈرە، 176 - 177 - 178 - ئايەتلەر.

لامغا كىرسەڭلەر قىيامەتتە جەننەتتە ھەر خىل شېرىن مېۋىلەرگە، لەززەتلىك تائاملارغا ۋە تۈرلۈك نازۇ - نېمەتلەرگە ئېرىشىسلەر. ھۆر - غۇلمانلار بىلەن جەننەتنىڭ ھەۋزى كەۋسەرلىرىدىن ئىچىپ، ئەيش - ئىشرەت، ئىززەت - ھۆرمەتكە ئىگە بولىسلەر. ئەگەر شەيتاننىڭ يولىغا كىرسەڭلەر دوزاخقا چۈشىسلەر. ئۇ شۇنداق بىر جايكى، يېمەك - ئىچمەكى ۋە ئازاب - ئوقۇبىتى ھەممىسى ئوتتىن بولىدۇ. بۇ ئازابلارنىڭ ئاچچىقى مىلىڭ يىلدىمۇ بېسىلمايدۇ. ئۇ يەردىن ھېچيەرگە قېچىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ چاغدا ھەرقانچە پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. يىلان - چايانلارنىڭ نەشتەر ئۇرۇشلىرىدىن بىردەممۇ ئارام ئالغىلى بولمايدۇ. ئۇ جايدىن قۇتقۇزۇپ ئېلىشىمۇ ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، — دەپ يۈز مىڭلارچە نەسىھەت قىلدى، كاپىرلار بۇ نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئەكسىچە ھەزرىتى شۇئەيبقا مىڭلارچە كۇلپەت ۋە ئاھانەتلەرنى ياغدۇراتتى. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ:

— ئەي تەڭرىم، بۇ كاپىرلارغا شۇنچە نەسىھەتلەرنى قىلساممۇ ھېچقايسىسى تەسىر قىلمىدى، قانداق قىلارمەن، — دېدى، ھەزرىتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام دەرھال يېتىپ كەلدى ۋە:

— ئەي شۇئەيب، سىز بالا - چاقىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزنى چەتكە ئېلىڭ، بۇ كاپىرلارنى ھالاك قىلماقچىمىز، — دېدى.

ھەزرىتى شۇئەيب ئەلەيھىسسالام بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ، شەھەردىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىققا چىقىپ كەتتى. ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام شۇنداق ھەيۋەتلىك ئاۋازدا بىر ۋارقىرىدىكى، بۇ ئاۋازنىڭ دەھشىتىدىن كاپىرلارنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ ھەممىسى ئۆلدى. شەھەر - دالىلاردا يۈرگەن مال - ۋارانلىرى ۋە كېرەكلىك نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسى قىرىلىپ كەتتى. تەڭرى قۇرئاندا: «بىزنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش) پەرمانىمىز چۈشكەن چاغدا، شۇئەيبنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلارنى مەرھەمەت قىلىپ قۇتقۇزدۇق ①» دېگەن. ئاندىن تەڭرى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا:

— ئەي شۇئەيب، ئەمدى ئۆز تائىپىلىرىڭنى ئېلىپ مەدىنىگە بارغىن، — دەپ پەرمان قىلدى. بۇ يەردىكى كاپىرلار باشقىلاردىن ئاشلىق ئالسا چوڭ قاچىدا ئۆلچەپ ئالاتتى. باشقىلارغا ساتقاندا كىچىك قاچىدا كەملەپ ساتاتتى. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

جىڭ - تارازىلارنى توغرا ئىشلىتىڭلار، مەن بولسام سىلەرنى ھەقىقەتكە باشلىغۇچى پەيغەمبەردۇرمەن، — دەپ نەسىھەت قىلسا، ئۇلار:

— ئاشلىق ئۆزىمىزنىڭ، ئۇنى قانداق ئالىمىز، قانداق ساتىمىز، بۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىشى. سېنىڭ نېمە چاتىقىڭ؟ ئەمدى سېنى بۇ شەھەردىن قوغلىمىساق بولمىدى. سەن تولا گەپ قىلما، — دەپ بىلجىرلىشاتتى. ھەزرىتى شۇئەيب:

— مەن سىلەرگە تەڭرىنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈۋاتىمەن. ئەمما سىلەر ماڭا دۈشمەنلىك قىلساڭلار تەڭرىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايسىلەر، — دېسە كاپىرلار ئۇنى مەسخىرە قىلىشىپ، ھەرگىز قولاق

① «قۇرئان كەرىم»، 11 - سۈرە، 94 - ئايەت.

سالمايتتى.

بىر كۈنى ھەزرىتى جىبرىئىل كېلىپ:

— ئەي شۇئەيب، ئۆزۈڭگە ئەگەشكەن ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىڭ بولسا ئۇلارنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ كەتكىن، — دېدى.

ئەلقىسسە، بۇ شەھەرگە قەھەتچىلىك بالاسى كەلدى. خەلق نېمىلا يېسە ھەرگىز قورسىقى تويمايتتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاچارچىلىقتا ئۆلدى. يېمەك - ئىچمەك، ئاشلىق - زىرائەتتىن بەركەت كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بىر كۈنى شەرق تەرەپتە بىر پارچە بۇلۇت پەيدا بولۇپ بۇ كاپىرلارنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە ئوت ياغدى. ھەممە ئادەم كاۋاپ بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ نەسلى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتتى.

ئاندىن ھەزرىتى شۇئەيب ئەلەيھىسسالام تەڭرىنىڭ پەرمانى بىلەن مەدىنىگە كېلىپ يەتتە يىل تۇردى. ئۇ كېچە-كۈندۈز تائەت - ئىبادەت قىلىپ تولا يىغلايتتى. بىر كۈنى ھەزرىتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئۇنىڭغا:

— ئەي شۇئەيب، نېمىشقا مۇنداق يىغلايسەن؟ ئەگەر تەڭرىدىن جەننەتنى تىلەپ يىغلىساڭ، تەڭرى جەننەتنى ساڭا ئاتا قىلىدى. ئەگەر دوزاختىن قورقۇپ يىغلىساڭ، دوزاخنى ساڭا ھارام قىلدى، — دېدى. ھەزرىتى شۇئەيب:

— ياق، مېنىڭ دوزاختىن قورقۇنچۇم يوق. پەقەت «تەڭرىنىڭ جامالىنى كۆرەلەيمەنمۇ - يوق» دەپ ئويلاپلا يىغلايمەن، — دېدى. بۇ چاغدا تەڭرى خىتاب قىلىپ:

— ئەي شۇئەيب، مەن ساڭا بارلىق پەيغەمبەرلەردىن بۇرۇن دىدارىمنى كۆرسىتىمەن، — دەپ ۋەدە قىلدى.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۇنچىلىك خۇشال بولدىكى، كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ يايراپ كەتتى.

بىرقانچە ۋاقىتلاردىن كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالام فىرئەۋندىن قېچىپ مەدىنىگە كەلدى. ئۇ يەردە بىرنەچچە يىل تۇرغاندىن كېيىن ئۇ يەنە مىسىرغا قايتىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى شۇئەيب ئەلەيھىسسالام يەنە ئون يىل ئۆمۈر كۆردى. بىر كۈنى جان ئالغۇچى پەرىشتە (ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام) كېلىپ ئۇنىڭ روھ قۇشىنى بەدەن قەپىزىدىن چىقىرىپ تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا ئۇچۇرۇۋەتتى. «بىز ئەلۋەتتە ئاللانىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللانىڭ بەندىلىرىمىز). چوقۇم ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز»①



① «قۇرئان كەرىم»، 2 - سۈرە بەقەرە 156 - ئايەت.

# «دىۋانى فۇتۇھى»دىن

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابدۇقەييۇم خوجا
ئابلەت ئابلىز

مۇھەررىردىن: فۇتۇھى — خوجا جاھان ئەرشى دەۋرىدە يېتىشىپ چىققان تالانتلىق ۋەتەنپەرۋەر شائىرلىرىمىزدىن بىرى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئەرشى دىۋانىنىڭ ئاخىرىغا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ قول يازمىنىڭ بىر نۇسخىسى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانغان. يولداش ئابدۇقەييۇم خوجا مۇزېيدىكى قول يازمىغا ئاساسەن فۇتۇھى شېئىرلىرىنى نەشرگە تەييارلىغانىدى. ئۇنى نەشرگە بېرىش ئالدىدا، يەكەندىن يولداش ئابلەت ئابلىز ئەرشى ۋە فۇتۇھى دىۋانلىرىنىڭ يەنە بىر قول يازمىسىنى خەۋەر قىلدى. شۇڭا بىز مۇزېيدىكى قول يازمىغا كىرگۈزۈلمەي قالغان شېئىرلارنى ئابلەت ئابلىز ئەۋەتكەن نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاپ ئېلان قىلدۇق.

## غەزەللەر

ئوينىشىپ ئول شوخ كۆزلەر گۈل كەبى رۇخسار ئارا،
ئۆيلەكىم ياتقان كىيىكلەر پۈتراشۇر گۈلزار ئارا.
خەستە جانىم نەقدىنى تاراج ئەيلەر كۆزلەرىڭ،
بىر دىرەم يەڭلىغ تالاش ئولغاي ئىككى ئەييار ئارا.
چىرماپ ئالدى خەستە كۆڭلۈمنى قاتار كىرپىكلەرىڭ،
تاڭ ئەمەس گەر غۇنچە ئۇتسە جەرگە تۈزگەن خار ئارا.
ئىشتىلارىڭ باغرىم تالاشورلار كۆڭۈل مەنۋاسىدا،
ئۆيلەكىم سەۋدايى گۈل قىلغايلار ئەل بازار ئارا.
مەخفى ئەيلەر ناتەۋان كۆڭلۈم ئارا نەقدى غەمىن،
ئەل ياشۇرغاي ئۆيلەكىم مالىن بۇزۇق دىۋار ئارا.
نېچە ھىجراندىن ئەزابۇ دەھردىن يەتسۇن سىتەم،
كۆرمەگەي، يارەب، كۆزۈم، يارىب يۈزىن ئەغيار ئارا.
بادە ئىچكىلىكىم، ئەزەلدىن كەلدى ئەمرى ئىشرە بۇ،
تەشنە لەب ئۆلمە فۇتۇھى كۆلبەئى خۇممار ئارا.

× ×

دۇرجی لەئلىڭدىن تەبەسسۇم سەربە ئۇرغان چاغ ئارا،
یاشىنغان هەر غۇنچەلەر یاشۇندىلار یاپراغ ئارا.
ئاھ ئۇرۇپ قان یىغلارەم یۈز تاب بىرلە رەشكىدىن،
چۈنكى كىردى تابلىغ زۇلفۈڭ قىزىل ساچباغ ئارا.
گەر كۆزۈڭ جەللاددەك جان چەكمەك ئىزدەر شادمەن،
جان بېرۇر یەڭلىغ مەسىھا لەئلىڭ ئۆلگەن چاغ ئارا.
گەر كۆزۈڭ گەۋھەرلەرىن مەھزۇن كۆڭۈل گەۋھەر نې تاڭ
گەۋھەرىن ئاسرار كىشىلەر یاشۇرۇر تۇپراغ ئارا.
دەرد ئېتەر داغىمە گەر كىرپىكلەرىڭ یاد ئەیلەسەم،
قەتل ئېتەرگە تاڭ ئەمەس زۇلم ئۆلسە كۆپ تىرناغ ئارا.
داغلىق كۆڭلۈم ئىلە قانلىغ یاشىمدىندۇر نىشان،
لالە ئېككەن ئەل كەمال ئېرمەس مەسەللىك باغ ئارا.
دەۋر ئېلى بىرلە، فۇتۇھى، جان قۇشىنىڭ سایرىشى،
تۇتمىش گویا ئېرۇر بىر نەچچە ئەسكى زاغ ئارا.

× ×

پۇتمەگەن بىر غۇنچە ھەم ئاغزىڭ كەبى دەۋران ئارا،
قامەتىڭدەك سەرۋ یوقتۇر رەۋزەئى رىزۋان ئارا.
خىفچەئى گۇلدىن دېسەم نازۇك قەددىڭنى خۇب ئەمەس،
رىشتەئىمدۇركىم [بویۇڭ] پىنھان ئەلفدەك جان ئارا.
ئەنبەرىن قاشىڭمۇدۇر یا چەرخ ئۆزە قەۋسۇ قۇزەھ،
یا ھىلالى ئېید ئېرۇر بۇ ئىلگۇن ئەیۋان ئارا.
دانەئى خالىڭنى كۆرگەچ یەر تۇتار كۆز مەردۇمى،
تۇرفەدۇركىم سەید قىلغای دام كۆرمەي دان ئارا.
یۈز ئۆزە مەڭزىڭ قىزىل، مەڭزىڭ ئۆزە تەم ـ تەم ئەرەق،
ئۆیلەدۇر كىم ئۇنجۇ تۆشكەي قارغە یىگەن قان ئارا.
چاكلىك كۆڭلۈم ئارا ئىشقىڭ ئۆيىن یاشۇرماغىم،
زەرنى تۆككەنلەر ئېرۇر زەر مەستلەر ھەمیان ئارا.
سەكرەتۇر جانىمنى بۇلبۇلدەك فىغان ئەیلەر كۆڭۈل،
گۇلئۇزارىم بادى پایىن سەكرەتىپ مەیدان ئارا.
ئەي فۇتۇھى، فانى بول، تا بار ۋۇجۇددىن ئەسەر،
قەدر بىلمەس كىمسەگە بۇ چەرخى كەج گەردان ئارا.

× ×

تىكەرمەن یاغلىقىڭنى كۆز سەۋاددىن مەداد ئەیلەپ،
یاسارمەن خامە كىرپىك ئىڭنەسىدىن ئېئتىقاد ئەیلەپ.

رەسۇل ئەتتىم كۆزۈمنىڭ مەردۇمىن مۇنداغ خەيال بىرلە،
تۆزۈمنى ئىشق ئەھلى شاھى، سەن شاھى قۇباد ئەيلەپ.
ئىپەك جان جەۋھەرى تارىدىن ئەيلەپ ئاندا جان چەكتىم،
ئىكى جان بەخش لەئلىڭ سۇرەتىن ھەرلەھزە ياد ئەيلەپ.
يازىپمەن قامەتىڭ سەرۋىڭ كەپى پايىڭغە سۇرەتي دەپ،
قويى ئول سەرۋدىن مۇڭلۇغ كۆزۈم شەكلىن سەۋاد ئەيلەپ.
بۇ ياغلىق پۈتكۈچە ئەشكىمنى ساچتىم كۆڭلۈم ئۆرتەنگەچ،
چېكىپ ئاھىم يېلى گەردىمنى كۆككە گەردى باد ئەيلەپ.
چېكىپ زۇلفى پەرىشانىڭ پەرىشان ئەيلەدى كۆڭلۈم،
لەبىڭدەك غۇنچەلەر سىزدىم ھەزىن كۆڭلۈمنى شاد ئەيلەپ.
فۇتۇھى قايسى تىل بىرلە سېنىڭ ھەمدىڭ بەيان قىلسۇن
كى گۇستاخ ئولدى بۇ دەم ئۆز سۆزۈڭگە ئېتىماد ئەيلەپ.

× ×

ئاھكىم، كۆڭلۈمنى ئالدى قامەتى زىبىبا يىگىت،
ئاغزى گويا غۇنچەۋۇ يۈزى گۈلى ھەمرا يىگىت.
ئەشكدەك بىر يەردە تۇرماس جىلۋە ئەيلەپ ھەر تەرەف،
نىچۈن ئەتمەس بىر كۆزى كۆز مەردۇمىن مەئۋا يىگىت.
جىلۋە كۆرگۈزگەچ خىجالەتدىن گۈلى رەئنا ئەمەس،
بولدى رۇخسارى قىزىل سارىغ بۇ رەڭ رەئنا يىگىت.
جان ئىلە دىن نەقدىنى ئاسرارغە يوقدۇر تاقەتىم،
بىر كۆزى ئۆلتۈرسە ئەيلەر بىر كۆزى ئەھيا يىگىت.
نەچچە يالبارسام مەنى مەھزۇنغە پەرۋا ئەيلەمەس،
يوقتۇرۇر دەھر ئىچرە مۇنداغ شوخ بىپەرۋا يىگىت.
رەھم ھەرگىز قىلمادى كۆڭلۈمنى ئالغاندىن بېرى،
كۆڭلى قاتتىغ، تاش باغىر ئافاق ئارا يەكتا يىگىت.
ئەي فۇتۇھى، جانۇ دىل بىرلە ئانىڭ مۇئتادى بول،
دېسە مۇئتادىم سېنى يۈز شۈكر ئەت زىبىبا يىگىت.

× ×

كۆكۈل پەريادلار ئەيلەر يۈزۈڭنى ناگەھان كۆرگەچ،
چېكەر تۈرلۈك فىغان ئانداغكى بۇلبۇل گۈلىستان كۆرگەچ.
كۆزۈڭ ئويناشماقى ئەكسىن كۆرۈپ كۆزگۈدە ئانداغكىم،
كىيىكلەر پۈتراشۇر سۇ ئىچرە ئۆز ئەكسىن ئەيان كۆرگەچ.
كۆكۈل مەئۋاسىدا جاتۇتماغى مەھۋەشلەرنىڭ يادى،
ئېرۇر ئانداغكى قۇشلار مەسكەن ئەتكەي ئاشيان كۆرگەچ.

كۆڭۈللەر پۇتراشۇر باغ ئىچرە كۆرگەچ قامەتىڭ نەخلى،
ئانىڭدەككىم سۆيۈنگەي قۇمرىلەر سەرۋى رەۋان كۆرگەچ.
كۆزۈڭ ئىشق ئەھلىنى كۆرگەچ تەغافۇل ئەيلەر ئانداغكىم،
ياشۇنغاي غارەت ئەيلەرگە قاراقچى كارۋان كۆرگەچ.
سارىغ چىھرەم كۆرۈپ ئول گۈل كۈلۈمسۈپ ئىلتىفات ئەيلەر،
ئانىڭدەككىم تەرەب يۈزلەنگەي ئەلگە زەئفەران كۆرگەچ.
يۈز ئۆزرە ئەگمە قاشىڭغە مىسال ئەتمەك قاچان بولغاي،
فەلەك بىرلە ياڭى ئاينى قۇياش بىرلە قىران كۆرگەچ.
قۇياش كۆك ئەشھەبىدىن ئۆزىنى تاشلاپ تەۋاف ئەيلەر،
سەمەندىڭ نەقشى پايىنى يەر ئۆزرە ناگەھان كۆرگەچ.
فىراقىڭدىن تەنىم ئۆزرە يۈزۈم سارغارماغى گويا،
ئىرۇر بەرگىكىم ئول شاخ ئۆزرە سارغارغاي خەزان كۆرگەچ.
فۇتۇھى ئانچە بولمىش ئاتەشىن، لەئلىڭ ھەۋاسىدىن،
سەمەندەردەك ئۆزىن پاك ئۆرتەگەي، ئوت ھەرقايان كۆرگەچ.

× ×

ئەي، جەمالىڭ تابىدىن كۈن زەررەدەك بىتابدۇر،
كاكۇلۇڭ سەۋداسىدىن سۈنبۈلدا پىچۇتابدۇر.
نالە ئەيلەر جان قۇشى ئەفغانى گۇمان ئەيلەر مەگەر،
قامەتىڭ سەرۋىنى سۈنبۈلدەك ساچىڭ چىرمابدۇر.
خىزرۋەش خەتتىڭ ھەياتىم تازە قىلسە، نى ئەجەب،
چۈنكىم ئول لەئلىڭدىن، ئىچكەن سۇ بىلە سىيرابدۇر.
مايىل ئىرسە كىرپىكىڭ قاشىڭ سارى، ئىرمەس ئەجەب،
چۈنكى ئوقلار سەجدەگاھىغە قاشىڭ مىھرابدۇر.
غۇنچە ئىرمەس لەئلىگۈن، لەئلىڭنى كۆرگەچ باغ ئارا،
ناخۇنى ھەسرەت بىلە گەردۈن يۈزىن تىرنابدۇر.
تاكى ئول گۈلگۈن قەبا كۈلبەمغە كىرگەچ كەچقۇرۇن
تاڭغە تەگرۇ خەستە جىسمىم گويىيا سىيمابدۇر.
بىر كۆزى ئۆلتۈرسە، بىر كۆز تىرگۈزۈر، يۈز شۇكركىم،
رەھىم ئىتىپدۇر بىركۆزى، بىر كۆز ئەگەر سىينابدۇر ①.
ۋايكىم، ئول بىۋەفاغە، رەھم قىلماس② ئىچەكىم،
نالە ئەيلەپ جان ئىلە كۆڭلۈم كۆزۈم يىغلابدۇر.
ئىزدەسەڭ راھەت، فۇتۇھى، فەقر كويىن قىل مەقام،
كىم گەدالارغە كۆلىدىن بىستەرى سىنجابدۇر.

① بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان قول يازمىدا «قىيىنابدۇر» دېيىلگەن.
② بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «كەلمەس» دېيىلگەن.

× ×

بىنا گۆشۆگىنى كۆرگەچ يۈز ياشۇرمىش بارچە دىلبەرلەر،
ئانىڭدەككىم سەبۇھ ئولغاندا ئۆچكەي شەمئى ئەنۋەرلەر.
زىھى لەئلىڭ بىلە دۇر تىشلارىڭ كۆرگەچ خىجالەتدىن
ياشۇندىمىش بەرگ ئارا غۇنچە، سەدەفلەر ئىچرە گەۋھەرلەر.
ئېرۇر گۇل دەۋرىدە غۇنچە، يۈز ئۆزرە يا ئىككى لەئلىڭ
ئېرۇر يا شۇئلەلىغ ئوت ئىچرە پەيدا نەچچە ئەختەرلەر.
لەبىڭ خەت زاھىر ئەتسە، ئەي پەرىۋەش، بولماغىل غەمگىن،
نەخۇشدۇر ئابى ھەيۋان تەگرەسىدە ئۇنسە ئەنبەرلەر.
يامان كۆز تەگمەسۇن ھۇسنۇڭگە دەپ قىلمىش قەزا گويا،
توقۇز ئەفلاكنى مۇجمەر پىسەند ئورنىغە ئەختەرلەر.
رەقەم قىلسام كۆيەر يۈز پىچ ئىلە، ئوتلۇغ يۈزۈڭ ۋەسفىن،
ئوت ئۆزرە قىل مەسەللىك سەفھەئى كاغەزدە مەستەرلەر.
نەزاكەتدىن تەكەللۇم زاھىر ئەيلەر ئىككى لەئلىڭدىن،
سۇچۇكلۇكدىن ياپۇشمىش يا مەگەر بىر-بىرگە شەككەرلەر.
نىگارىم ۋەسفىنىڭ مىڭدىن بىرى ھەرگىز تەمام ئولماس،
سىياھى بەرۇ بەھر ئولسە، فەلەك ئەۋراقى دەفتەرلەر.
ئەمەس كىرپىك، كۆزۈم دەۋرىدە مىژگانىڭ خەيالىدىن،
قاراغىم ئۆزرە سانچىلمىش ئىتىك بىر نەچچە نەشتەرلەر.
فەنا جامىنى نۇش ئەتسەم ئەزەل ساقىيسى ئىلكىدىن،
تەجەررۇد پىشەمۇ ھەمسۇھبەتىم بولسە قەلەندەرلەر.
نې تاڭ بىر لەھزەدە ئىسيان خەسۇ خاشاكى ئۆرتەنسە،
فۇتۇھى ئوتلۇغ ئاھىدىن ھەزەر [ئەيلەر] سەمەندەرلەر.

× ×

ئەي، سىغاتىڭ بەھرى بەس بىھەد ئېرۇر ھەم بىكەنار،
ماسىۋا ئېرمەس سىپىنىڭ زاتىڭ مەسەللىك پايدار.
زاھىرۇ باتىنمۇ سەنسەن، ئەۋۋەلۇ ئاخىرمۇ سەن،
بىزگە غەفلەتدىن ئەمەستۇر زاتى پاكىڭ ئاشكار.
غەمدە سارۇلغان كۆڭۈل شاد ئولدى لۇتفۇڭدىن يەنە،
گۇل توزۇپ، گۇل فەسلىدە گويا ئاچىلدى نەۋبەھار.
يا رەسۇلۇللاھ، تىفەيلىڭ بولدى بارچە كائىنات،
ئايەتى لەۋلاك ئېرۇر شاھىد ئاڭا، ئەي كامكار.
يۈزۈ زۇلفۇڭدىن قەسەملەر ياد ئەيلەپ زۇلجەلال،
نازىل ئولدى سۇرەئى «ۋەللەيلى» بىرلە «ۋەننەھار»
«ئەييۇھەل مۇززەممىل» ئولدى زاتى پاكىڭغە نىدا،

رەھمەتەن لىل ئالەمىن ھەم ياد قىلدى بىرۇبار،
تاكى ئولتۇرىالى شەفائەت ئەھلى ئۇزرە، ئەي شەفىئ،
قىلماغايسەن مەن كەبى ئاسى قۇلۇڭنى شەرمسار.
ئەۋۋەلا بۇ يەكرى شەرئى دىنغە تەسدىق ئەيلەدى،
ئىردى ھىجرەت چاغىدا ھەزرەتكە تەنها يارغار.
ئەدل بابىدا ئىرۇر فارۇقى يەكتايى جەھان،
بولمايىن ئول بولمادى دىنى مۇھەممەد① ئاشكار.
سەبقەتۇللاھ ۋەسفى نې ھاجەتكى زىننۇرەين ئىرۇر،
مەنبەئى ئىلمۇ ھەيا كانىيۇ ساھىبى ۋىقار.
ئايدىلا ھەزرەت نە خۇشكىم شاھى ھەيدەر ساندا،
لافەتا ئىللا ئەلى لاسەيفى ئىللا زۇلفىقار.
زەھر ئىچىپ تاپتى شەھادەت ھەزرەتى شاھى ھەسەن،
بائىس ئولدى بۇ شەھادەتكە يەزىدى خاكسار.
ھەزرەتى شاھى ھۇسەين ئولدى شەھىدى كەربەلا،
ئەھلى بەيت ئولدى جەۋارىجلار ئاراكىم خارۇ زار.
يەتمەس ئىردى بۇ ئىكى شەھزادەغە مۇنچە ئەلەم،
مۇندا كۆپ ھىكمەتنى زاھىر ئەيلەدى پەرۋەردىگار.
بىرى ئولكىم تاكى ئۇممەتلەرغە ئۇ بولغاي شەفىئ،
بىرى بولدىلار بۇ ئالەمدە شەھىدى نامدار.
ئالىمۇل-غەيب ئولدۇرۇر، ۋەللاھۇ ئەئلەم بىس-سەۋاب،
ئۆزگە ھىكمەتلەرنى نې بىلگەي مېنىڭدەك بىمەدار.
تا مۇشەققەت چەكمەيىن ئەيشى تەرەب مۇمكىن ئەمەس،
غەم بىلەن راھەتنى تەۋئەم خەلق قىلدى كىردىگار.
غەمدە سارۇلغان كۆڭۈل شاد ئولدى ئۇتغۇڭدىن يەنە،
گۈل توزۇپ كۈز پەسلىدە گويا ئاچىلدى نەۋ بەھار.
ئەرشىيا، شاھا، شەھەنشاھا، ساڭا غەم يەتمەسە،
بولماس ئىردى دىنى ئىسلام ئاشكار، ئەي شەھرىيار.
ئەي فۇتۇھى، ۋاقىف ئول، ئۆز ھالىڭە شۇكر ئەتمەگەچ،
نەچچە كۈن بولدى كۆزۈڭگە تۇتىيا يارۇ دىيار.

× ×

جىلۋە ئەيلەپ بەزم ئىچرە بەرقدەك پەرران ئۇسۇل،
كۆڭلۇم ئۆرتەر، نەيلەگەيمەن، ئافەتى دەۋران ئۇسۇل.
ئىگەرى سايىچىپ، كىيمىن يانچىپ خىرام ئەتكەن چاغى،
كىمىسىك ئىلە تاۋۇسنى ئەيلەر بەسى ھەيران ئۇسۇل.

① بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «شەرئى دۇھەممەد» دېيىلگەن.

قول سالىپ ئىلكىن چىكىپ، ساپچىپ ماڭىپ، يار تارتىبان،
تىيرى ئىشقىن كۆكرەكىمدىن ئۆتكەرۈر پەرران ئۇسۇل.
چەۋرۇلۇپ هەۋۋاله يەڭلىغ مەجلىس ئىچرە هەر تەرەف.
جانغە ئوت ياقىپ قىلۇر كۆڭلۈمنى سەرگەردان ئۇسۇل.
گۈل مەسەللىك گۈل چاغى گۈلگۈل يانىپ گۈلشەن ئارا،
ئەيلەدى كۆڭلۈم قۇشىن بۇلبۇل كەبى نالان ئۇسۇل.
خەستەئى مەهزۇن كۆڭۈلگە بۇ ئۇسۇل نى ياقماغاي،
ئاتەشى ئىشقىن بارى ئەل كۆڭلىگە ياقغان ئۇسۇل.
سايغالىپ بىر قول كۆتەرمەي بار ئۇسۇلچىلار قاچار،
كۆرمەگەي ئالەم ئىلى مۇنداغ يەنە چاققان ئۇسۇل.
گەر ئاياغىغە ياشىن قويسە نىتالك رەققاسلار،
رەقس شەهرىگە ئىرۇر بىشۇبهە ئول سۇلتان ئۇسۇل.
بۇ ئۇسۇل ۋەسفىنى تىل بىرلە نىچۇك ئەيلەي ئەدا،
بىر ئاياغ ئورنىچە يەردە يۈزچە ئايلانغان ئۇسۇل.
ئەيلەدىم بۇ بىر ئۇسۇل ئىسمىن ئۇسۇل، ئەي دوستلار،
نىگەكىم بىر شوخنىنك بولماس بۇ رەك سامان ئۇسۇل.
بۇ ئۇسۇل نەززارەسى بىهەددۇ بىپايان ئەمەس،
يارەب ئىهسان ئەيلەگىل بىهەددۇ بىپايان ئۇسۇل.
بۇ ئۇسۇل مۇهتاجىنىك مۇهتاجى بولساك فەخر بىل،
ئەي فۇتۇهى، بۇ ئۇسۇل ئىرمىش شەهى شاهان ئۇسۇل.

× ×

كىزەرمەن ۋەسلىك ئىزدەپ يىللار ئولمىش دەربەدەر هەريان،
جۇنۇن سەهراسىدىن مەجنۇن مەسەللىك بىخەبەر هەريان.
يۈزۈڭنى ياد ئىتىپ فۇرقەت تۈنىدە ئوتلۇغ ئاهىمدىن،
ئەمەس ئەنجۇم، فەلەك تاقىدا بەند ئولمىش شەرەر هەريان.
يۈگۈرماقدىن تالمقدىمكى نەچە سىيمابدەك سەيرئاب،
ئىدىنكىم جىلۋە ئەيلەپ ئات ئۆزە ئول سىيمبەر هەريان.
سارىغ چىهرەم بىلە قانلىغ ياشىمغە كۆلمە، ئەي زاهىد،
نىگارىم باشىدىن هەردەم ساچارمەن لەئلۇ زەر هەريان.
لەبىنك سەرچەشمەسىدىن غافىل ئىردى تەشنەلەب كۆڭلۈم،
نىشان بەلگۈردى خەتتىڭدىنكى فۇتى نىلۇپەر هەريان.
شەفەق ئەرمەس فەلەك ئۆزرە قۇياشىم پەردەگە كىرگەچ،
چىكەر ئاهىم يىلى كۆز يولىدىن خۇنى جىگەر هەريان.
نە كۈن ئول ئىردىكىم قاشىڭدا چىن كۆردۈم بۇ نى كۈندۈر،
تەبەسسۇم مەۋجى ئىردى لەبلەرىڭدە سەربەسەر هەريان.

مىڭ ئۆچۈنلىك ئاۋۋەلقى كۆز ئاتتى لەيلىمۇلۇك كەلتۈرۈپ بىسمىل،
ماڭا مەيلى مىڭ ھەزار ئۇرۇندا يەتكەن نى شەكەر ھەرىيان.
يۈرەكنى چاك ئېتىپ سانسىز تىككەن باغرىمغا سانجىلغان،
مىنىڭ ھالىمغا باقماي كۆزلەرىڭ قىلغاچ نەزەر ھەرىيان.
جەمالىڭ تالىئىكىم تاپمادى ھەرگىز خەبەر ئاندىن،
خەيال ئەلچىسىدىن گەرچە ئىبەردىم كۆپ خەبەر ھەرىيان.
ئۆيالىپ قۆمرىدىن سەرۋى چەمەن گۈلبەرگىدەك تىترەر،
چەمەندە سەرۋى ئازادىمنى كۆرگەچ جىلۋەگەر ھەرىيان.
فۇتۇھى قۇلغە، ئەي شەھ، گاھى-گاھى ئىلتىفات ئەتكىل،
ساچىپ تۇتى كەبى كۆڭلۈمگە لەفزىڭدىن شەكەر ھەرىيان.

× ×

لەبىڭ ياددا گۈلگۈن مەي ئىچىپ مەستانە بولمىشمەن،
جۇنۇن شەھرىدە رەسۋالىق بىلە ئەفسانە بولمىشمەن.
پەرى پەيكەر نىگارى لەيلى يەڭلىغ جىلۋەگەر كۆرگەچ،
ياقامنى چاك ئېتىپ مەجنۇن كەبى دىۋانە بولمىشمەن.
جەمالىڭ شەمئىغە، ئەي گۈل، نەسىم ئەتمەكنى① ياد ئەيلەپ،
باشىڭدىن ئۆرۈلۈپ بۇلبۇل كەبى پەرۋانە بولمىشمەن.
بىرەۋ ئىشقىمنى تەرك ئەيلەپ ئىدىم يۈزۈمىڭ جەفا تارتىپ،
گىرىفتارى سىتەم، ۋەھكىم، بىرەۋگە يانە بولمىشمەن.
كۆلاھى زەرنى باشىڭ ئۈزرە كۆرگەچ ئۇتلۇغ ئاھىمدىن،
چېكىپ زەرردىن ئەلەم باشىم ئۈزە شاھانە بولمىشمەن.
جۇنۇن دەشتىدە مەجنۇندەك كىيىكلەر ھەمدەمىم بولمىش،
نەدىنكىم شەھر ئېلىدىن ئەسرۇ كۆپ ئەفسانە② بولمىشمەن.
قەدىم دالۇ كۆزۈم پۇرنەم سىرىشكىمنى ساچىپ ھەرىيان،
ۋەفا سەندىن تۇتارغە دامى سۇدى دانە بولمىشمەن.
فىگار ئەيلەپ تېنىمنى تىيرى ئىشقىڭ، ئەي قارا كاكۇل،
ساچىڭ سەۋداسىدىن، ۋەھكىم، ئەجايىب شانە بولمىشمەن.
ئىچىمدە تامغە-تامغە داغى ئىشقىڭ نەقدىنى ئاسراپ،
ئىچىمدىن چاك-چاك بولغان بۇزۇق ۋەيرانە بولمىشمەن.
فۇتۇھى قۇلغە، ئەي شەھ، شەككەردىن لەفزىڭ گەزەك قىلغىل،
لەبىڭ ياددا گۈلگۈن مەي ئىچىپ مەستانە بولمىشمەن.

① بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «ئەسەكنى» دېيىلگەن.
② بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «بىگانە» دېيىلگەن.

× ×

قاشىڭ ئاستىدا قارا خالىڭ ئەمەس قىلغان كەمىن،
سەجدەگاھ ئەتمىش سۆۋەيدايى كۆڭۈل ئانىڭ خەمىن.
كۆلمۈسۈپ تۇرغان لەبىڭ ئىيساغە نې تەشبىھ ئېتەي،
كىم قاچان بولغاي ئانىڭ كۆلكۈسى مۇنداغ شەككەردىن.
نې قىلاي يۈز ئۆزرە لەب، لەب ئۆزرە خەتتىڭ يادىدىن①،
زۇلمەت ئىچرە خىزر② سۈيىن، باغ ئارا گۈل خىرمەنىن.
غۇنچە بىرلە گۈلنى يۈزۈ لەئلىگە نې ئوخشاتاي،
غۇنچە ئېرمەس لەئلىگۈن، گۈل رەڭگى ئېرمەس ئاتەشىن.
چەرخ ئۆزە ئەنجۇم ئەمەس بىر كۈن جەمالىڭنى كۆرۈپ،
جەمئ قىلمىش ئۆمر ئىچى سىدقىڭ ئۈچۈن دۇررى سەمىن.
نېچە كىم③ كويۇڭدا ياستاندىم ۋىسال ئۈممىدىدە،
ئانچە كۆردۈم يۈز جەفاۋۇ جەۋر ئەمدى قايتايىن.
ئويناشۇر ئول شوخ كۆز جانىمنى سەكرەتمەك ئۈچۈن،
سەيد ئىلە سەيياددەك ئاڭا ئويۇن ماڭا قىيىن،
رىز - رىز ئولمىش كۆڭۈل ئەمدى ۋىسال ئولسە نې سۇد،
دەمبەدەم يەتكەچ كەتاندەك كۆڭلۈمە ئول مەھ جەبىن.
زاھىدا كۆرسەڭ مېنى مەيخانە ئىچرە قىلمە ئەيب،
كىم ئاڭا④ يەكساندۇرۇر دەيرۇ ھەرەم ئول كۇفر دىن.
ئەي ئەجەل جان چەكمەگىل ئول ناۋەك ئاتماسدىن بۇرۇن،
گەر فۇتۇھى ئۆلسە ئۆلسۈن بولماسۇن جانان غەمىن.

× ×

نەسىمى لۇتف ئەسكەچ گۈل ئاچىلمىش بۇ چەمەن ئىچرە،
ئېرۇر بۇلبۇلدىن ئارتۇق ئىشق ھەم بۇ ئەنجۇمەن ئىچرە.
ئەمەسدۇر مەھۋەشىم ئىڭنى قىزىل ياخۇد سارىغ رەڭگىن،
لەتافەت ۋەجھىدىن جىسمى سىغىپدۇر نەستەرىن ئىچرە.
ئۆزى چاھ ئىچرە تۈشتى كۆڭلەكى ھەم قانغە بۇلغاندى،
سېنىڭ بىرلە ئۆزىن يۈسۈفتەك ئەتكەچ پىرەھەن ئىچرە.
ساچىڭ ۋەسلىنى ئىزدەپ تاپماغاي جۇز پىچۇتاب ئەتمەك،

---

① بۇ مىسرا يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «نې قىلاي لەئلى لەب ئۆزرە خەتتى ئەيىنىڭ يادىدا» دېيىلگەن.
② بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «چەشم» دېيىلگەن.
③ بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «نەچچە كۈن» دېيىلگەن.
④ بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «ماڭا» دېيىلگەن.

بىرەۋكىم ئۆمر ئىچى جەھد ئەيلەگەي ھەرلەھزە تەن ئىچرە،
فۇتۇھى ھەرنىچە مەيلى مەزار① ئەتمىش نە باك ئۇلغاي،
كى بەند ئولمىش ھەقىقەت تارى پۇدىدىن رەشەن ئىچرە.

× ×

خەستە جانىم سەدقە بولسۇن لەئلى شەككەر خاسىغە،
تەلبە كۆڭلۈم ھەم فىدا بولسۇن كۆزى يەغماسىغە.
قۇشقە ئانداغكىم يىلان ئەفسۇنى تەئسىر ئەيلەگەي،
تەلپىنۇر كۆڭلۈم قوشى ئول كاكۇل ئەژدەرھاسىغە.
ماھ نەۋ قەددىن خەم ئەتمىش چەرخ ئۆزە ئەيلەپ ھەۋەس،
تاكى بولغاي نەئل ئاتىنىڭ رەخشى فەلەك فەرساسىغە.
قىل ھەزەر خۇنىن كۆزۈمدىن قورقەرەم نازۇك تېنىڭ
غەرقە بولغاي تاكى ئاتىڭ ئاتەشىن دەرياسىغە.
مۇنچە يۈزمىڭ ئالەم ئەھلى ئولجە بولسە نې ئەجەب،
گەزلەپ ئاتسە② كىرپىك ئوقىنى ئەگەر قاش ياسىغە.
مەن نىچۈك دەيكىم، دىبە ئالمان نىگارىم بەزمىدە،
پەردەئى جانىم مۇناسىبدۇر قەدەھ پالاسىغە.

× ×

نې ئۆچۈن گەر مەھدىن ئىرەمش③ مەھۋەشىم بىباكرەك،
ھەركىبچە مەھزۇن كۆڭۈل ئىرمىش كەتاندىن چاكرەك.
گۈل يۈزۈڭ گۈل-گۈل يانۇر چاغ بارچە ئەل قولدۇر ساغا،④
غەم چاغى بىر بۇلبۇلۇڭ يوق بارچەدىن چالاكرەك⑤.
ياد ئېتىپ كۆڭلۈم يۈزۈڭ، خۇنىن نىچە⑥ شاداب ئىسە،
نەچچە كۆن شەبنەم تۆشەر گۈل بەرگىدىن نەمناكرەك.
پاك ئىشق ئويناپ نەچە يىل چەكتى مەجنۇن غەم يۈكىن،
كىم يوق ئېردى لەيلىدىن دەھر ئىچرە دامەن چاكرەك.
ئەي فۇتۇھى، بۇ سەھەر كۆي ئىستەر ئېرمىش چابۇكۇم،
باش ئالىپ مەيدانغە بارغىل بارچەدىن چالاكرەك.

① بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «مەجاز» دېيىلگەن.

② بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «ئالسە» دېيىلگەن.

③ بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «ئىرمەس» دېيىلگەن.

④ بۇ مىسرا يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «گۈل يۈزۈڭ كۈل - كۈل يانۇردا بارچە ئەل بۇلبۇل ساغا» دېيىلگەن.

⑤ بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «بەندەدىن غەمناكرەك» دېيىلگەن.

⑥ بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «نې تاڭ» دېيىلگەن.

× ×

تەبئى يۇقلار تەۋرىدىن ئۆلگۈنچە قاچقان ياخشىراق،
ياستانىپ تەبئ ئەھلىنىڭ ئىشكىدە ياتقان ياخشىراق.

دەردى يوق داناۋۇ ئاقىل نەچچە گۈلدەك ئاچىلۇر،
دەردىدىن پەژمۇدە بولغان گولۇ نادان ياخشىراق.
قەدىر دان ئېرمەس كىشىلەر بەزمىدە① ئىچكۈنچە مەي،
ھەجرىدە خۇدابەتى ھەسرەتنى يۇتقان ياخشىراق.
گەرچە سۇد ئەھلى تەكەللۇف بىرلەدۇر ئاراستە،
بىتەكەللۇف فەقر ئېلىدىن سەرۋ چەندان② ياخشىراق.
ئەھلى دۇنيا بەزمىدە ئىچكەن شەرابى نابدىن،
ئىت يالاغى ئىچرە ئىچكەن قىبقىزىل قان ياخشىراق.
گەرچە يوق شەۋكەت ئىلىغە نالەدىن پەريادى چەك،
بەسكى تاۋۇسى چەمەندىن مۇرغى خۇشخان ياخشىراق.
ئىلكىگە تەسبىھ ئالىپ قىلغان رىيالىغ زۇھددىن،
مەي ئىچىپ زۇننار ئاسىپ كەلتۈرگەن ئىمان ياخشىراق.
ئەي فۇتۇھى، تۇرماغىل كۆپ بۇ ۋەفاسىز دەھردە
يول باشىدا تۇرغۇچە مەنزىلگە يەتكەن ياخشىراق،

× ×

بۇلبۇلى مىسكىندىن ئۆزگە كىم قالۇر بۇ باغدە،
گۈل كۆچۈپ بۇلبۇلنى تاشلاپ ئەزم قىلغان چاغدە.
تۇرفەكىم مەجنۇنى بىدىل مەسكەن ئەيلەر باغ ئارا،
لەيلى چەككەي پۇيەلەر گەھ دەشتۇ گاھى تاغدا.
لالەگۈن خەد بىرلە خالىڭدىن جۇدا ئەيلەپ مېنى،
قويماغىل قانلىغ كۆڭۈلنى لالە بىرلە داغدە.
تابلىغ زۇلفۇڭ بىلە لەئلىڭ مەيىدىن ئاجراسام،
تاڭ ئەمەس ئاغزىم قۇرۇپ، قالسە ئىچىم تولغاغدە.
ئاجراشىپ تۇشدە بۇ كۈن، بۇ كۈنگە تەگرۇ لالمەن،
نې كېچەر ھالىم مېنىڭ بولسام ئەگەر ئويغاغدە.
ۋاي، لەئلىڭدىن جۇدا بولماققە كىرسەڭ باغ ئارا،
ياشۇنۇر ھەردەم يۈزى گۈل غۇنچەسى ياپراغدە.
زار جىسمىمدىن كۆڭۈل نەقدىنى ئالغاچ ئەزم قىل،
ئانى تۇپراغدىن كۆتەرگىن قالماسۇن تۇپراغدە.

① بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «ۋەسلىدە» دېيىلگەن.
② بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «ئەھلىدىندۇ چەندان» دېيىلگەن.

جىنس ئەمەس ھەمراھ ئىلە ھالىڭ نە كەچتى، قورقارەم،
كۆرمەدىم جۇز مۇزتەرىبلىغ سۇ تۆكۈلگەن ياغدە.
بۇ غەزەلنى پاك تەبئ ئەل كۆرسە گەر ئەلبەتتە دەر:
«نالەئى بۇلبۇل قاچان بولغاي زەغەن يا زاغدە.»
بىلمەن، ئايا، نې ئىكەن ھالى ئۆزۈمدىن ئۆزگەنى،
گۈل كۆچۈپ، بۇلبۇلنى تاشلاپ، يولغە كىرگەن چاغدە.
خاھ تۇرغىل ـ تۇرماغىل سەن، خاھى بارغىل ـ بارماغىل،
ئەي فۇتۇھى، چارە يوقتۇر بىر كۈنى بارماغدە.

× ×

نې ئەجەب فەرھاددىن بولسام مەنى زار ئۆزگەچە،
چۈنكى شىرىندىن ئىرۇر ئول شوخ ئەييار ئۆزگەچە.
دىمە، ئەي ناسىھ، ئول ئاينىڭ ئىشقىدىن تانغىل، مېنى،
زۇلفى تارىدا ئىرۇر كۆڭلۈم گىرىفتار ئۆزگەچە.
يىغلاشۇرلار ھالىمە مەجنۇن بىلە ۋامىق مەگەر،
لەيلىيۇ ئۇزرادىن ئىرمىش ئول ستەمكار ئۆزگەچە.
ئاغزى يادىدىن ئۆزۈمدە گاھ بارمەن، گاھى يوق،
چۈنكى ئاغزى يوقتۇرۇر، گەر بولسە ھەم بار ئۆزگەچە.
نې تىرىكمەن نې ئۆلۈك ئاز لۇتف ئىلە كۆپ جەۋرىدىن،
خۇبلاردىن لۇتفۇ قەھرى ھەم بۇ مىقدار ئۆزگەچە.
مەيگە رەھن ئىستەپ چىقار چاغ رىندلەرغە كۆرۈنۈر،
شەيخ ئىگنىدە رىدا باشىدا دەستار ئۆزگەچە.
فەخر ئېتەر ئادەم دەمىڭ ھەركىمگە ئادەم زىيۋەرىدىن،
كىم ياسانچۇق ئۆزگەچەۋۇ سادە پۇركار ئۆزگەچە.
شامى غۇربەتدە ئۆلۈپ بارسام دەمىڭ ئاندىن خەبەر،
كىم ھەزىن جانغە يېتەر بۇ سۆزدىن ئازار ئۆزگەچە.
ئىشق ئارا يۇزمىڭ بەلاۋۇ جەۋر يەتسە دەھردىن،
ئەي فۇتۇھى، قىلماغىل كۆڭلۈڭنى زىنھار ئۆزگەچە.

× ×

كىمنى دەي، بىداد ئېتەي، ئول شوخ دىلبەردەككىنە،
كۆزى قاتىل، قاشى يا، مىژگانى خەنجەردەككىنە.
ئارەزى دەۋرىدە ھەريان زۇلفى گويا گەنج ئۈزە،
گەۋھەر ئاسرارىغە تۇرغان ئىككى ئەجدەردەككىنە.
تىشلارىڭ دۇردانەسى كۈلگەن چاغىڭ گويا بولۇر،
ئابى ھەيۋان ئىچرە تۇشكەن نەچچە گەۋھەردەككىنە.
ۋائىمزا، دەۋزەخ ئەزابىدىن مېنى قورقۇتماكىم،

ئىشىق ئاتەشگاھىدا بولدۇم سەمەندەردەككىمنە.
ئىشق ئوتىغە بەسكى خۇ قىلدىڭ كىچىكلىك چاغىدىن،
ئوتدىن ئۆزگە مۇنىسىم يوقتۇر سەمەندەردەككىمنە.
خانى ۋەسلىڭدىن تەمەئ ئەيلەپ ھەيات ئىمكانىچە،
ياستانىپمەن ئاستانىڭنى قەلەندەردەككىمنە.
ھەجر ئوتى نىشىن ئۆنۈتقۇم تاتسام ئاز نۇشى لەبىن،
پاك ئولۇپ دۆزەخدە ئىچكەن ئابى كەۋسەردەككىمنە.
رۇھپەرۋەر نۇكتە ئايتۇردىن ئەجەب يوق، كۆك ئۆزە،
قويسە گەر مەھزۇن قەدەم ئىيسا پەيەمبەردەككىمنە.
قاشلارىڭنى سەفھەئى ھۇسنۇڭدە ئەيلەرمەن گۇمان،
مىسرەئى بەرجەستە تەھرىرى مۇكەررەردەككىمنە.
جىسىم ئارا كۆڭلۇم ھەرارەتدىن بۇ نەۋئ ئولمىش گەدا،
ئىلتىكەي ۋەيرانەگە خەس ئۆزرە ئەخگەردەككىمنە.
يۈزۈ زۇلفۇڭنىڭ مىسالىن تاپمادىم، مەن ئايۇ يىل،
گەرچە كەزدىم مەشرىقۇ مەغرىب قەلەندەردەككىمنە.
ئارەزىڭ ئەترافىدا كۆردۇم قۇلاقىڭ زۇلف ئارا،
كېچە ئاي دەۋرىدە تۇرغان نەچچە ئەختەردەككىمنە.
ئول مەسىھ ئەنفاسىدىن بولمىش فۇتۇھى بەھرەۋەر،
سۆزدە جان بەرسە نې تاڭ ئىيسا پەيەمبەردەككىمنە.

× ×

كۆرگۈزۈر كىم چىنى چىن قاشى ھىلالى ئۆزگەچە،
ئول سىتەمگەرنىڭ مەگەر بولمىش خەيالى ئۆزگەچە.
يۈزىگە كۆز تىك باقالماس ئەمدى، ئەي جانۇ كۆڭۈل،
كۆرسەك ئول مەھۋەش يۈزىن ئەمدى① قارالى ئۆزگەچە.
بەلۇ ئاغزى ۋەسفىدە گەرنۇكتە سۇرمەن ئەيب ئەمەس،
كىم مۇھەببەت دەفتەرىنىڭ قىلۇ قالى ئۆزگەچە.
لەبلەرىنىڭ شەھدىدىن ئالماقىغە گەر قەسد ئەتمەسە،
ياشۇنۇر نې ۋەجھىدىن خەت ئىچرە خالى ئۆزگەچە.
باغ ئارا نازۇك قەدىغە گۈلۇ② سەرۋ نوخشار، ۋەلېك،
جىلۋە ئەيلەر قامەتى ئۆزرە جەمالى ئۆزگەچە.
ئاچىلاماي گۈل غۇنچەسىن لەئلىغە تەشبىھ ئەيلەمەڭ،
كىم ئىرۇر ئول لەب سۈچۈك لەئلى مەقالى ئۆزگەچە.

① بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «كۆرسەك ئول مەھۋەش يۈزىن ناگەھ، بارالى ئۆزگەچە» دېيىلگەن.

② بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «نەخلى» دېيىلگەن.

رىندەلەر جەمشىد جامىن نې ئۈچۈن قىلسۇن ھەۋەس؛
مەي ئىچەرگە زەرف ئېرۇر سىنغان سەفالى ئۆزگەچە.
زۇھد ئەل يەڭلىغ پارىپ مەيخانەدە يول تاپمادۇق،
مەي ئىچىپ، ئەي دوستلار، بۇ كۈز① بارالى ئۆزگەچە.
ئەي فۇتۇھى، ئەرشتى كامىل پەناھىڭە ساغىن،
دەھرنىڭ شەكلىنى كۆركىم بولدى ھالى ئۆزگەچە.

× ×

بىر كىچىك دىلبەر كۆرۈپمەن قامەتى نازۇككىنە،
غۇنچە لەب، پەيۋەستە ئەبرۇ، قىرقىزىل ئۈڭلۈككىنە.
گەرچە ياشىدۇر كىچىك، شىرىن لەبى ئەسرۇ سۈچۈك،
ھەر باقىشدا كۆزىنىڭ ئىماسى بىر تۇرلۇككىنە.
ئەشكدەك بىر پەردە تىنىماس جىلۋە ئەيلەپ ھەر تەرەف،
قىرمىزى كۆڭلەك ئىچىدە تور تۈشۈك بۆركالۇككىنە.
كۈلمۈسۈپ بىر كۈن ماڭا دېدى: «ساڭا رەھم ئەيلەگۈم»
كۆزىدىن بىلدىمكى ئېرمىش ۋەئدەسى ئۆترۈككىنە.
دائۇمىد ئېردىم بۇ يالغان ۋەئدەسىدىن ئەسرۇ كۆپ،
ياش بالالار ئىچرە كۆردۈم ناگەھان ئۇسرۇككىنە.
ئىختىيار ئەتتىم ئاياغىن ئۆپكەلى، قىلماي قەبۇل،
سەسكەنىپ قاچتى سەمەندىن سەكرەتىپ چابۇككىنە.
چۈنكى كۆردۈم مۇنچە مەكرۇ شىيۋەلەر، ئاندىن دېدىم:
ئەي فۇتۇھى، ئۇن چىقارماي ئەمدى بولغىل شۇككىنە.

× ×

ئەي نۇش لەب لەبىڭ مەيىدىن بىرلا سىپقاراي،
بوغزۇم تۇتۇپ قاچانغىچە ئالدىڭدا يالباراي.
مۇشكىن ساچىڭنى مۇمكىن ئەمەستۇر غەزالى چىن،
كىرپىك تاراغى بىرلە ئەگەر دېسەكىم تاراي.
كۆڭلۈمدە ئىشق مەخفى ئۈچۈن مەن يارانمادىم،
چاك ئەيلەبان بۇ خەستە كۆڭۈل سىينەسىن ياراي.
ئەيلەپ ئۈمىد ئاتىڭ ئىزىنىڭ گەردى سۈرمەسىن،
سىزدى كۆزۈم قاراسى بولۇڭغا قاراي-قاراي.
بىر يولى بەر كۈفى بىلە بادەڭنى، ساقىيا،
بىر يولى دەھر رەنجىدىن ئۆزۈمنى قۇتقاراي.
بۇ كۈن كويىدا ھۇسن زەكاتىن بېرۇر ئېمىش،
جانۇ كۆڭۈل، بارىڭلا سىلەر، مەنمۇ ھەم باراي.

① بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «ئەمدى» دېيىلگەن.

گەرم ئۇلماغىل مەگەر ئىشتىپدۇرۇر شىكارغە،
سەھرا سارى فۇتۇھى شىتاب ئەتتى ئالداراي.

× ×

بىر غەممم بار زاھىر ئەتسەم دەھرۇ ئەفلاك ئۆرتەنۇر،
گەر نىھان ئەتسەم ئىچىمدە جانى غەمناك ئۆرتەنۇر.
گەر ئەيان ئەتسەم بۇ مۇھلىك غەمنى زاھىر بەزم ئارا،
غەم ئوتىدا جامى مەي ھەم بەزم ئىلى پاك ئۆرتەنۇر.
ئاسراي-ئاسراي جان ئىلە كۆڭلۈم بۇ غەمنى، دوستلار،
ئوت تۇتاشقاندەك بولۇپ چۇن خارۇ خاشاك، ئۆرتەنۇر.
كىمسە گەر بۇ غەمنى زاھىر ئەيلەمەكنى ئىزدەسە،
بەرق تۇشكەن خۇشەدىن ھەم چۇستۇ چالاك ئۆرتەنۇر.
تەلبەلەردەك نەچچەكىم بىھۇدە سۆزلەر سۆزلەدىم،
ئەيب ئەمەس، ھەردەم بۇ ئۆيدىن فەھمۇ ئىدراك ئۆرتەنۇر.
گەر بۇ غەمنىڭ نەشئەسىدىن بەھرە ئالسە رەشكىدىن،
خۇشەسىن خەس، دانەسىن ئەخكەر بولۇپ پاك ئۆرتەنۇر.
ئەي فۇتۇھى، خەلق تەئنىدىن تولا ۋەھم ئەتمەكىم،
بىر غەممم بار زاھىر ئەتسەم دەھرۇ ئەفلاك ئۆرتەنۇر.

× ×

قەددىڭ نەخلى ئۆزە ھەريان ساچىڭ ساچىلماغى يادى،
كىلۇر كۆڭلۈمگە گويا ئەنبەرىستان ئىچرە شەمشادى.
كۆز ئاچىپ يۇمغۇچە قەتلىمغە چەكتى تىغى كىن گويا،
قاشىڭ يەڭلىغ قىلىچ يوقتۇر كۆزۈڭدەك تۇند جەللادى.
داغى مەكتەبدەۋۇ نەۋ مەشقلىق چاغىدە قۇل قىلدىڭ،
چىقاردىڭ خەت، نە بولغاي ئەمدى بەرسەڭ خەتتى ئىرادى.
جەفاۋۇ جەۋر تەئلىمىن بىرۇر يارىم پەرىلەرغە،
ۋەفاۋۇ مىھر بابىدا بۇلاردۇر ئانىڭ ئۇستادى.
قەددىڭ نەخلىنى جىسمىم پىچتابى بىرلەكىم كۆرسە،
دىگەيكىم ئىشقىپىچان چىرمانىغلىق سەرۋى ئازادى.
قاشىغە يالاپ ئىردى كىرپىك ئوقىن جان پىدا قىلدىم،
ئاتاي دەپ چاغلانىپ جانىمنى ئالدى تۇرفە سەييادى.
ئەگەرچە كوھكەن ئاشىق ئىسە تىرناغ ئىدى مەسكەن،
قۇيۇندەك ئىشقىنىڭ دەشتىدە يوق مەن كىرمەگەن ۋادى.
ئۆلۈپ ۋەسلىڭ مۇيەسسەر بولسە گەر، ئۆلتۇرسە ئۆلتۇرسۇن،
فىراق ئەييامىيۇ ھىجران جەفاسى، ھەجر بىدادى.

ئەگەر ۋەسل ئىزدەر ئىرسەڭ دەير پىرىغە مۇرىد ئولغىل،
قاچان ئىشىق ئەھلىغە لايىق، فۇتۇھى، شەيخ ئىرشادى.

× ×

بىر سۇچۇك سۆزلۆك پەرىۋەش كۆرمىشىم نازۇككىنە،
زۇلم پىشە، جەۋر ئايىن كۆزلەرى ئۇسرۇككىنە.
ھەرنەچە تىرگۇزسە لەئلى كۆزى ئويناپ جان ئالۇر،
قايسى بىرسىن ئايتايىن ھەرقايسى يۈز تۇرلۇككىنە.
نالە ئەيلەپ زار بۇلبۇلدەك زارىقتى جانى غەم،
رەھم قىل جانىمغە، ئەي گۇلى قايىغ بۆركلۇككىنە.
مەدەنى تەبئى فۇتۇھى ئىرۇر تىغى دۇدەم،
فەقر ئولماقدا نە مۇمكىن بول سەن ئەمدى شۇككىنە.

× ×

كۆڭۇلنى تۇتى كەبى سايراتۇر قەلەندەر ئوغۇل،
لەبىيۇ ئاغزى نەمۇدۇر قەند بىرلە شەككەر ئوغۇل.
ئۆزىنى فەقر لىباسىندا كۆرگۇزۇر گەرچە،
ۋەلى ئانىڭ كەبى يوق دەھر ئارا سىتەمگەر ئوغۇل.
ھەلاك ئىتەر مىنى ھەردەم نىگاھى تىغى بىلە،
كۆزىمۇ قاتىل ئانىڭ كىرپىكىمۇ خەنجەر ئوغۇل.
مۇيەسسەر ئولماسا لەئلى ئاياغىغە ئۆپەيىن،
قەبۇل قىلسە ئەگەر قامەتى سەنەۋبەر ئوغۇل.
چەمەن نىگارلارىن نەيلەيىن ئەگەر بولسە،
بىنەفشە خەت يۈزى گۇل، سەرۋى قەد، سىيمەنبەر ئوغۇل.
نە خۇشكى گەرچە ئىرۇر ھۇسن ئەھلىنىڭ شاھى،
لىباسى فەقرنى ئەيلەر ئۆزىگە بىستەر ئوغۇل.
فۇتۇھى كۆڭلىنى قىلمىش جەمالىغە كۆزگۇ،
نە ئەيب ھۇسن ئىلىگە بولسە گەر ئىسكەندەر ئوغۇل.

## مۇخەممەسلەر

ھەزىن كۆلبەمغە ئول مەھۋەش تۇن ئاخشام ناگەھان كەلدى،
تەجەللى پەرتەۋى رۇخسارى تابىدىن ئەيان كەلدى،
كۆڭۇل ئۆيىگە دەھر ئىچرە تاپىلماس مىھمان كەلدى،
سۆيۇنگىل، ئەي كۆڭۇل، ئاخىركى جىسمىڭ ئىچرە جان كەلدى،
قۇۋان، ئەي جانى مەھزۇنىم، ھەياتى جاۋىدان كەلدى.

چەمەن سارى ئول ئاي كەتتى، كېتەر چاغ خەيرى باد ئەتتى،
كېتەردىن بولمادى مانىئ كۆكۆل ھەر نەچچە داد ئەتتى،
مەگەر بىلمەدىكى ئول دىلبەر بۇ مەھزۇن قۇلنى ياد ئەتتى،
سەفەردىن ئول پەرى يەتتى مەنى مەھزۇننى شاد ئەتتى،
كۆكۆلدىن ئەسكى غەم كەتتى تەن ئىچرە ياكى جان كەلدى.

كى ئەي شەيخى زەمانە، تەرك قىلغىل ئىختىلافىڭنى،
يىغىشتۇر بۇ مەھەل، ئەي زاھىدى يەخ، لافى قافىڭنى،
تەفاخۇر قىلمە، ئەي ھاجى، ھەرەم ئىچرە تەۋافىڭنى،
خىرەد يىغ بۇ مەسافىڭنى، تەھەممۇل قوي كەزافىڭنى،
ۋەرەئ تەرك ئەيلە لافىڭنىكى ئاشۇبى جەھان كەلدى.

كۆكۆل باغىغە كەلمىش ئول قەدى مەۋزۇن ئەمەن ئاگەھ،
كى قىلمىش فىتنەلىغ قاشى مېنى مەفتۇن ئەمەن ئاگەھ،
كېلىپدۇر ياشۇرۇن ئول شەھ، مەنى مەجنۇن ئەمەن ئاگەھ،
نىھان كەلگەچ، بۇ ئىشلاردىن مەنى مەھزۇن ئەمەن ئاگەھ،
پەرى ئېرمەس ئېسە، بەس، ۋەھ، نېچۇك كۆزدىن نىھان كەلدى.

ۋىسال ئەۋجىدە يارىمدىن ھەم ئايرىلماغلىقىم بىلدىم،
كېيىنكىم ھەجر تىغىدىن تېنىمنى شانەدەك تىلدىم،
بۇ يەڭلىغ دەردۇ غەم بىرلە ئانىڭدىن ئاخىر ئايرىلدىم،
دەمىكىم ئاندىن ئايرىلدىم كۆكۆلنى ھەمرەھى قىلدىم،
بۇ كۈن كەلدى كۆكۆل، بىلدىمكى ئول نامېھرىبان كەلدى.

زەمانە رەھم كۆرگۈزدى مېنىڭ مۇھلىك زەمانىمغە،
ھەۋادىس رەھمى كەلدى كۆزدىن ئاققان قەترە قانىمغە،
تەرەھھۇم ئەيلەدى گەردۇن كۆكۆل ئاتلىغ يامانىمغە،
فەلەك باقتى فىغانىمغە، ئەجەل رەھم ئەتتى جانىمغە،
خەزانلىغ بوستانىمغە گۈلى باغى جەنان كەلدى.

فۇتۇھى، بەزمى ئىشرەت تۈز، كېلىپ، ئەي مۇغبەچە، مەي سۈز،
مېنى قىلما خىجىل بۇ كۈز، ئەگەر ئەگرىمەنۇ گەر تۈز،
قۇياشدەك جامىنى يەتكۈزكى بولغاي بىر كېچە كۈندۈز،
مۇغەننى، بىر نەۋائى تۈز، نەۋائى، نەغمەئى كۆرگۈز،
ئاياقچى، ئامسە، تۇت تولقۇزكى دارايى زەمان كەلدى.

× ×

باغبان باغ ئىچرە ھەيران، مېھربانىم كەلدىمۇ،
گۈلنى پايئەنداز ئېتەر، شاھى جەھانىم كەلدىمۇ،
جان ياسار كۆڭلۈم ئۆيىنى، مېھمانىم كەلدىمۇ،
گۈل ساچار يەل باغ ئارا، سەرۋى رەۋانىم كەلدىمۇ،
جان ئېسى گۈلدىن كېلۇر، ئارامى جانىم كەلدىمۇ.

جانۇ كۆڭلۈم كەتمىش ئېردى باقمايىن ئەھۋالىمە،
فۇرقەت ئىچرە ئەگمە قەددىن زاھىر ئەتكەن دالىمە،
جانسىز ئېردىم جان كېتىپ، جان كەلدى جىسمى جانىمە،
بىخۇد ئېردىم ئەتكەلى كۆڭلۈم چۇ كەلدىم ھالىمە،
ئايتىڭ ئول ئەۋۋارەئى بىخانۇمانىم كەلدىمۇ.

شەمئ ئۆزە چۆرگەنگەلى پەرۋانەدۇر پەرۋانەغە،
ھىندلار جاندىن كېچەر گەر كىرسە ئاتەشخانەغە،
مەستلەر رەھن ئەيلەگەي يۈز جاننى بىر پەيمانەغە،
قالمىش ئېردى خەستە جان كىرگەندە مەن مەيخانەغە،
ئاڭلامانكىم، ئول زەئفى ناتەۋانىم كەلدىمۇ.

خۇبلار كەلدى دېمەك ئىشق ئوتىدا كۆيدۈرگەلى،
جان قۇشىنىڭ كامىغە شەمشىرى ئەبرۇ سۇرگەلى،
ئايتماڭ ھۇرۇ پەرى كەلدى جەفا يەتكۈرگەلى،
دېمەڭىزكىم كەلدى مەھۋەشلەر سېنى ئۆلتۈرگەلى،
مۇنى دەڭكىم قاتىلى نامېھربانىم كەلدىمۇ.

جانغە يەتكۈردى مېنى ھەجرىدە بىر شوخى مەلىھە،
جان ئەگەر بەرمەس ماڭا لەئلى لەبىدىن ئول فەسىھە،
خىزر سۈيىدىن تىرىلمەكلىك ماڭا ئېرمەس سەھىھە،
ھەجرىدىن ئۆلدۈم دېمەڭكىم، باشىمە كەلسە مەسىھە،
ئايتىڭ ئول ئاسايىشى رۇھى رەۋانىم كەلدىمۇ.

كويۇڭ ئىچرە ئىشق ئېلى لەئلىڭ زىلالىدىن تىرىك،
يۈز قويارمەن يۈز ئىشىككە لېك ئاچىلماس بىر ئىشىك،
ئاشىقى سادىقنى مەردۇد ئەيلەمەس ئەھلى بىلىك،

كويۇڭا ئۆششاق كەلگەندىن خەبەر تۇتتۇڭ ۋەلىك،
دېمەدىڭ «ئول زار بىنامۇ نىشانىم كەلدىمۇ.»

زاھىدا، مەيخارەلىك قەدرىنى ھەرگىز بىلمەدىڭ،
كەفش ئىلە دەستارىنى مەيغە گەرەۋ ھەم قىلمادىڭ،
ئىشق تىغىدىن فۇتۇھىدەك يۈرەكنى تىلمادىڭ،
زۇھد كويىغە كۆڭۈل بىرلە دىبدىڭكىم كەلمەدىڭ،
ئەي نەۋائى، نەچچە ئايتىپ ئول يامانىم كەلدىمۇ.

× ×

نە كۆن بولغايكى جا قىلسام ئاڭا كۆزلەر قاراغىدە،
ياراپ قويسە ساچىن كۆز مەردۇمى كىرپىك تاراغىدە،
ۋەلى رەفئى ھىجاب ئولماس ماڭا ئول شوخ ياساغىدە،
نە خۇش بولغاي ئىكەۋلەن مەست بولساق ۋەسل چاغىدە،
قولۇم بولسا ئانىڭ بويىنىداۋۇ ئاغزىم قۇلاغىدە.

سۆيۈپ گەھ لەئلى خەندانىن مۇيەسسەر ئەيلەسەم پات - پات،
ئاغىزدا ئابى ھەيۋانىن مۇكەررەر ئەيلەسەم پات - پات،
داغى جانسىز تېنىم جانىن مەكۆررەر ئەيلەسەم پات - پات،
تۇتۇپ گاھى زەنەخدانىن مۇكەررەر ئەيلەسەم پات - پات،
كۆرۈپ گۈللار ئاچىلغان بادەدىن رۇخسارى باغىدە.

دەمى گىريان كۆزۈ مۇڭلۇغ كۆڭۈل ئەييارىم ئىگنىدە،
تۆكۈپ ئەشكىمنى دەۋرىندە بىردىكىم يارىم ئىگنىدە،
بىرى ئول ئەشكىدەك ھالىن تۆكۈپ مەككارىم ئىگنىدە،
دەمى ۋەسل ئىچرە ۋالەلىغ بىلە رۇخسارىم ئىگنىدە،
يەنە بىر دەم نىيازۇ ئەجز ئىلە باشىم ئاياغىدە.

كىشى ۋۇسلەت تۇنى زەھرى ئەجەلنى تاتسە ھەم خۇشدۇر،
مەتائى ۋەسلىگە جانلار ئۇقۇدىن ساتسە ھەم خۇشدۇر،
ئەجەل ئوقىن قەزا سەييادى جانغە ئاتسە ھەم خۇشدۇر،
نە كەلسە تاڭلا كەلسۇن بىر كۆن ئۇسرۇك ياتسە ھەم خۇشدۇر،
كىشى گۈل چاغى بىر گۈل خىرمانىن تارتىپ قۇچاغىدە.

قاچان گەردۇن ماڭا بىر لەھزە راھەتنى رەۋا كۆرگەي،
مېنىڭ كۆڭلۈم بىلە ئول ئايغە ئۇلفەتنى رەۋا كۆرگەي،

فەلەك زالى ھەزىن جانىمغە راھەتنى رەۋا كۆرگەي،
ماڭا دەۋران قاچان بىر لەھزە ئىشرەتنى رەۋا كۆرگەي،
كى ئۆرگەتمىش مىنى ئۆرتەرگە ھەجران دەرد ـ داغىدە.

كۆڭۈل سەن كىمسەنۇ دەۋلەت مىنى بىلمەسمۇسەنكىم، ئايت،
ھەزىن جان كىمسەنۇ راھەت مىنى بىلمەسمۇ سەنكىم، ئايت،
فوتۇھى، سەن كىمۇ ۋەھدەت مىنى بىلمەسمۇسەنكىم، ئايت،
نەۋائى كىمسەنۇ ئىشرەت مىنى بىلمەسمۇسەنكىم، ئايت،
ئەگەر قان ئىچسە ھەم ياشى كۆزۈنۈر ئۆز يالاغىدە.

× ×

يىقىلدى كوھى غەم باشىمغە غەمخارىمدىن ئايرىلغاچ،
قاراڭغۇ بولدى ئالەم ماھى تابانىمدىن ئايرىلغاچ،
تۈشۈپمەن دەردۇغەم ۋادىسىغە يارىمدىن ئايرىلغاچ،
يىقىلدىم يەرگە باشىم بىرلە سەردارىمدىن ئايرىلغاچ،
يۈرۈرمەن دەربەدەر ھەيران نىگەھدارىمدىن ئايرىلغاچ.

كۆرۈك، ئەي دوستلار، ئەمدى قالىپدۇرمەن فىراق ئىچرە،
ئۆلۈكدەك يوق مەجالىم تەبرەگۈنچە ئىشتىياق ئىچرە،
سىنى بىر كۆرمەدىم، كەزدىم يۈرۈپ شامۇ ئىراق ئىچرە،
ئەگەر تاپسام سىنى باستۇرغاي ئىردىم مەن قاراق ئىچرە،
قىلۇرمەن ئاھۇ ئەفغانلاركى دىلدارىمدىن ئايرىلغاچ.

دەرىغاكىم، يەنە بىر كۆرگەي ئىردىم مىھرىبانىمنى،
تەسەددۇق ئەيلەگەي ئىردىم ئاڭا جانۇ جەھانىمنى،
ئىزىغە كۆز سۈرۈپ كەتكەي ئىدىم تاشلاپ مەكانىمنى،
فەلەك قەسرىدىن ئۆتكەزگەي ئىدىم ئوتلۇغ فىغانىمنى،
قىلۇرمەن نالەۋۇ فەرياد گۈلزارىمدىن ئايرىلغاچ.

رەقىبى رو سىيەھ ئول كۈن جۇدا قىلدى نىگارىمدىن،
ئىرىك ئايرىغۇچە مۇنداغ ئايىرغاي ئىردى جانىمدىن،
جۇدالىق جەھتىدىن ئەمدى بولۇپمەن تەشنە قانىمدىن،
پىدا ئەيلەيكى جانىمنى خەبەر تاپسامكى يارىمدىن،
ياتىپمەن چالمەدەك جانسىزكى جانانىمدىن ئايرىلغاچ.

غەنىملەر بىرلەشىپ كويۇڭدا قىلدىلار ماڭا تۆھمەت،
نىگە قان يىغلاماي، يارىم قىلۇر غەيرى بىلە ئۈلفەت،

ماڭا تەقدىردىن قىسمەت ئىكەن ھىجران بىلە فۇرقەت،
ئىنايەت ۋەقتىدۇر، يا رەب، مېنىڭ ھالىمغە سەن رەھىم ئەتكىن
يۇتۇردۇم راھى ۋەسلىڭ ماھى تابانىدىن ئايرىلغاچ.

سېنىڭ يولۇڭداقى زۇلمۇ سىتەم ئاشىقغە راھەتدۇر،
بەلاۋۇ رەنجۇ مىھنەت كەلسە تالىبغە ئىنايەتدۇر،
بەلاغە سەبر قىلماي نالە قىلماغلىق قەباھەتدۇر،
بۇ يولنىڭ شەرتى ئەۋۋەل ھىممەتتۇ تائەت، قەنائەتدۇر،
سەدەفدەك پارە كۆڭلۈم دۇررى غەلتانىمدىن ئايرىلغاچ.

ھۇزۇرى سۆھبەتىڭدىن بىر دەمى ئايرىلماغان بولسام،
ۋىسالىڭ دەۋلەتى قەدرىنى ئەگەرچە بىلمەگەن بولسام،
جەمالىڭ شەمئىدىن پەرۋانەدەك ئۆرۈلمەگەن بولسام،
فىراقىڭ ئانچۇنان بەردى سەزا گەر بىلمەگەن بولسام،
قارارىدى روزگارىم گەۋھەرى كانىمدىن ئايرىلغاچ.

بەلا دەشتىدە قالغان قۇللارىم بارمۇ دېسەڭ ناگاھ،
دېگىل تاشقە ئۇرۇپ باشىن فىراقىڭدا قىلۇرلار ئاھ،
مەبادا ئىلتىفات ئەيلەپ ۋىسالىڭ سارى بەرسەڭ راھ،
ھىدايەت تاپغۇسى ھەر كىم تۇمەننىڭ تالىبى گۇمراھ،
قالىپ زۇلمەت ئارا ھەيرانكى ئەنۋارىمدىن ئايرىلغاچ.

كۆزۈمدىن غايىب، ئەمما مەئنىدە كۆڭلۈمدە سەن ھازىر،
نېچۈك غايىب، دەيىن، جانا، ئېرۇرسەن ھازىرۇ نازىر،
خەتا ئىسيانىمىز كۆپتۇر سېنىڭ ئالدىڭدا، ئەي قادىر،
ئەجەب ئېرمەسكى ئەفۇ ئەتسەڭ ئېرۇرسەن ساتىرۇ غافىر،
بولۇپمەن كافىرى ئىشقىڭكى ئىمانىمدىن ئايرىلغاچ.

ئىلاھا، رەھم قىل ئەمدى بەسى زارۇ زەئىف ئولدۇم،
مۇنافىقلارنىڭ ئىلكىدە قالىپ خارۇ زەئىف ئولدۇم،
رىزامەن مۈلكۈ مال ئالغانىغە چۈنكىم نەھىف ئولدۇم،
فىغانۇ ھەسرەتا، ئايرىپ قالىپ بىكەس غەرىب ئولدۇم،
مەسىھانىڭ ئېسى زارى شەھەنشاھىمدىن ئايرىلغاچ.

## رۇبائىيلار

خۇش ئول كىشىكىم ئىلكىدە چىنى بولسە،
ئول چىنى ئىچىدە چايى چىنى بولسە.
چايجۇش مۇزەيىيەن كۆتەرىپ ئىلكىدە،
قايناتقۇچ بىر ئافەتى چىنى بولسە.

× ×

خۇش ئول كىشىكىم تەبئى سەلىمى بولسە،
چايجۇش ئىلە چاي داغى چىلىمى بولسە.
نە ئەيب ئەگەر مەقامى بولسە گۈلخەن،
ئىگىنىدە ئانىڭ قارا كەلىمى بولسە.

× ×

خۇش ئول كىشىكىم بولسە ئەگەر ئازادە،
پەيمانە، چىنىسى بولسە چايىيۇ بادە.
چايجۇش سەبۇھ بولسە بۇ زەررىن مەيگە،
ساقىسى ئانىڭ بولسە فەرەڭىزادە.

× ×

خۇش ئول كىشىكىم جايى ئىرۇر ۋەيرانە،
شىرىن سەنەمى ئاللىدەدۇر مەستانە.
بىر ئىلكىدەدۇر بادە مەسەللىك چايى،
بىر ئىلكىدە ھەم چىنى كەبى پەيمانە.

× ×

ئول بەزم نە خۇش جامى سۇبۇھى بولسە،
بۇ بەزم ئىبلىنىڭ بادە فۇتۇھى بولسە.
چايجۇش چىلىمۇ جايى ئەگەر بولسە بەھەم،
ئەيشۇ نەزاكەتى فۇتۇھى بولسە.

× ×

زىيبا قەدىڭىز نەخلى ئىرۇر تۇرفە نىھال،
يادەك قاشىڭىز قەۋسۇ قۇزەھ بەلكى ھىلال.
گىيسۇلارىڭىز يۈزىڭىز دەۋرىندە،
كۆرگەن كىشى دەر:بۇ يەڭلىغ ئولماسمۇ جەمال

## مۇھەببەتنامە

ئەي يارى قەلەندەرى پور ئازار،
مۇندىن تولا ئەيلەمە مىنى زار،
ئول تەلبەگە بولدى بەزم ئىچىدە،
مۇزتەر كۆرۈبان ئۆزۈمنى ناچار.
پەرۋانەسى بولدى تەلبە كۆڭلۇم،
چۇن شەمئ كەبى يۈزۈڭ نەمۇدار.
جان بەخش ئىرۇر ئەگەرچە لەئلىڭ،
جانىمغە ئىرۇر كۆزۈڭ سىتەمكار.
ئەغيارغە ئەيلەبان نەزارە،
جانۇ يۈرەكىمگە قاقما مىسمار.
مەندىن يەنەدىن كۆڭۈل ساۋۇتقىل،
ۋەسلىڭ چاغىدۇر ئۇلار ساڭا يار.
سەندىن مىنى ئەيلەسە جۇدا ھەم،
يۈز جەۋر بىلە بۇ دەھرى غەددار.
يادىڭنى قىلاي ھەرىفى مەجلىس،
فىكرىڭنى ئىتەي كۆڭۈلگە مۇنىس.



# ئىسمائىل ھاجى شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: مەتقاسىم ئەكرەم
تۇرسۇننىياز كېرەم

ئاسمانلار تاشلادى يەر سەھنەسىگە قارلىق،
كەلتۈرۈپ ھەر قەترەسى فەرمانى ھەقدىن يارلىق.
يەر بىساتىنى قىلىپ ئاق پاختە كافۇر ئايەتى،
قارە يەرنى سۈبھى باستى قار نەمەس شۇڭقارلىق.
دەم سالىپ ئىسرافىل ئالەم يەرنى قەبر ئەيلەپ ئىدى،
نەفخى سانى بولدىمۇ خەلق ئولدى يەردە بارلىق.
يا قىيامەت سالدىمۇ ئەتلەس زېمىننىڭ ئۈستىگە،
مۇردەلەر زاھىر بولۇپ پەيدا ئېرۇر گۈلزارلىق.
ۋەھ ئەجەب مۇزدىن چىقار مۇزلۇغ سۇ ئوتنى مۇزلاتۇر،
تاڭ يوق دەۋزەخ ئوتىن مۇزلاتسا بۇ گۈلنارلىق.
غالىبەن ھەق كۆرسەتۇر قۇدرەتلەردىن قىش كۈنلەرى،
ياز كۈنى يەڭلىغ ھەرارەت ئوت ئېرۇر دىلدارلىق.
گەر قانات سالسە بۇلۇتلار سايەسى ئوت بەرق ئۇرار،
مەھۋ ئېتەر مۇزدەك ساۋۇقنى كۆكرەكى سەييارلىق.
قار ياغىپ قارلىق زېمىنغە قارەلىقنى تاشلادۇق،
تا كۆڭۈلنىڭ قارەسى ئاقلىقنى قىلسە زارلىق.
يارەب ئۆز فەزلىڭ بىلە ياغدى بۇلۇتتىن ئاق لىباس،
قارە قىلمە ئاقنى تا ئىلياس ئېرۇر غەمخارلىق.
خىزرنىڭ رەفرەفلەرى دەۋرانىنى قىلدى قاپقارا،
قارەسىدىن كۆز قاراسى كۆرسەتۇر ئەنۋارلىق.
ھاجى ئىسمائىل تۇرۇپ باران تۆكۈلگەن چەرخدە،
قار ـ يامغۇر ۋەسفىن ئەتتى قولغە ئال نەززارلىق.

× ×

ياخشى خۇيلارنى كۆرۈپ فەرخۇندەلىكدە بۇ كۆڭۈل،
يۈز تەئەسسۇفلار قىلىپ شەرمەندەلىكدە بۇ كۆڭۈل.

ئادەتى خۇشدۇر ئەجەب خۇرشىد ئارا تەلئەتى،
ئىنتىزار ئولدى تولا دەرماندەلىكدە بۇ كۆڭۈل.
بەس ئۇلۇغ ئالى گۆھەر سۇبھى سەئادەت ئەختەرى،
مۇنتەزىر كەۋكەب كەبى تا بەندەلىكدە بۇ كۆڭۈل.
ئەي مۇھەممەدلىك نىياز بولسۇن نەۋازىڭ سەرفەراز،
ناز-نىئمەتلەر سارى گۇيەندەلىكدە بۇ كۆڭۈل.
لۇتف ئاسارىڭ تولا قىلدىڭ مەكارىملىق بەلىغ،
بارىكەللاھ يۈز تۈمەن خانەندەلىكدە بۇ كۆڭۈل.
مەن نىچۈك مەدھىڭ قىلاي ۋەسفىڭ مەلائىك زىيۋەرى،
هۆكمىران بول تائەبەد سازەندەلىكدە بۇ كۆڭۈل.
مەملىكەت خاقانى رۇم بولسۇن مۇسەخخەر ھەم مۇتىئ،
يۈزلەرىڭگە تەلمۈرۈپ بىنەندەلىكدە بۇ كۆڭۈل.
ھەمىشەلىق ئەيلەشىپ سۇلتانى ئەئزەم قاشىغە،
دائىم ئولتۇرماق ئۈچۈن خاھەندەلىكدە بۇ كۆڭۈل.
كىم تەجەللى دىلبەرىڭ ئىردى مۇقىم ھويلۇڭ بىلە،
كەئىس گىر بوستانىدە جۇيەندەلىكدە بۇ كۆڭۈل.
قۇتبى ئالەم سەييىدى ئەۋلادى ئالى مۇستەفا،
ئولتۇرۇر تەسنىمدەك ئەرماندەلىكدە بۇ كۆڭۈل.
كۆپ خىجىل پەيكلەر بىگى قىلغان نەۋازىش فەزلىدىن،
نەفسى ئىسمائىل كەبى فەيۋەندەلىكدە بۇ كۆڭۈل.

× ×

كۆرۈپ ئىنئام ئىھسانىڭ كۆڭۈل مىڭ شادلىق ئەيلەر،
هۆكۈم ئىكرامىڭدىن كۆرگەچ مۈلك ئابادلىق ئەيلەر.
فەرىشتە خۇي ئەۋسافىڭ فەلەكنىڭ سەفھەسىن تۇتمىش،
سىپىنىڭ تەرزى سىياقىڭدىن ئىرەم بۇنيادلىق ئەيلەر.
رەئايا خۇررەمۇ خۇرسەند سىپىنىڭ دەۋران چەرخىڭدىن،
ھەدائىق گۈلىستانلىقدە بەھى شەمشادلىق ئەيلەر.
تەئالەللاھ ئەجەب بەرنا سىپىنىڭ تەقۋىم ئىدراكىڭ،
دىلۇجان مەركەزى ئىچرە رەۋان بىھزادلىق ئەيلەر.
نىياز ئىردىڭ مۇھەممەدلىك مۇھەببەت بوستانىغە،
تەرەبدىن روھ رەيھانلار ھەزىن فەريادلىق ئەيلەر.
خىجىل لۇتفى كەرامىڭدىن كۆزى نەززارە ئىسمائىل،
سۆزى فەيزى تەجەللىدۇر ئۈمەم مۇنقادلىق ئەيلەر.

× ×

زىھى مەزاھىر ھۇسنۇڭكى گەنج ئولۇپ ئىزھار،
گۆھەرنى كانىدە كۆرسەتتى نەقد خىزمەتكار.

بۆ بەيئ ئىچرە بەها بولدى مۇشتەرى مىرريخ،
كۆن ئىستەپ ئۆزدگە خۇرشىد خۇ فەرىشتە نىگار.
هەزار گۆنەگۆن زەهرە ئەندەلىب يەڭلىغ،
ئەتارۇد قۇمرى ئاۋازى بۇلبۇل ئىلە دۇچار.
تۇرۇپ بۇ ئەرسەئى دىلبەند ئەرجۇمەند ئىچىدە،
سەهىفەئى خەد ئىدىرىسۇ مۇسهەفى گۇلزار.
رەمىدە خاك زەبەرجەدغە لەئل تابانىڭ،
بەهارىم ئەشكىنى ئاختۇردى چەشم گۇل رۇخسار.
قاچانغە ياشۇرۇر ئىزهارىكى نىهان ئەي دىل،
كۆڭۆل هەمىشە غەمىڭ سىينەسىدە بەرخۇردار.
ۋۇجۇد ئائىنەسىن ئەكس نەقش ئىلە تۇزدى،
كەمال تافتى مەگەر جۇدىلە هۇۋەلغەففار.
فەرىشتە كويۇڭە نەززارە ئافەرىن خانىدۇر،
يولۇڭدە شەهپەر ئىدى رەفرەفى سەرىشتەئى كار.
مەن ئەرچە خەستە دىلۇ بىكەسۇ گۇنەهكارەم،
ئىدىڭ شەفيئ سەخى ئەي مۇشەففەئى سەردار،
يىبەر بۇراق ئىزىدىن چەشمەئى ئۇزارىمغە،
كى تا كۆزۇم قاراقى سۆزلەسۇن بولۇپ ئەنۋار،
قۇرەيش جانىبىدىن ياش تۆكەر بەهار كەبى،
نەسىم مەردۇمىكىم ئارەزىلە يىغلادى زار.
دىماغ چىهرەسىدىن خەندە قىلدى گۇلشەنى قۇدس،
قاراغ كىرفىك ئىلە رەۋشەن ئەيلەي دىيدار.
تىلۇ دەهەن جىگەرىم تامغاق ئىلە تاپتى لىسان،
قولۇ پۇتۇم سىنىڭ ئالدىڭدا خاك بىمىقدار.
جەهان فەلەكدەكى تا تاپسا جان ئىلە ئارام،
ئىرۇر ساڭا بۇ كەمىنە كەمىنەئى دىلدار.
مەلەك كى بولسا سەر ئەفكەندە بەندە فەرمانى،
ماڭا نەهەدكى بولا ئالغامەن مۇهەققەق يار.
باشىم فىدايى گەرىبان دامەنىڭ بولسۇن،
ئىدىڭ ئۆزۆڭ تەن ئىسمائىلغە بائىسۇ دەربار.

× ×

قامەتىڭ ئالدىدا تۇبى تۇردى خامۇشى دەرەخت
كىم ئىرۇر فىرروخ كەمالىڭ رىفئەتى تەخت ئىلە بەخت،
بەخت دەۋلەتمەندكىم گەردۇننى ئەيلەر پايمال،
قەدرىڭ ئول دەمدە ئىدى پەرۋەردەئى بازۇيى سەخت.

جۈرم زاتى سەھۇ ئەگەر ئادەمنى ئىسيان خاكىدە،
كۆردىيۇ فەرياد ئېتىپ ئاھ ئۇردى ھىجرەتىن نىفەست.
سەنىىزدىن رۇھۇلقۇدۇس بىرلەھزە ھەم جان تاپمادى،
ئۇمرۇمە شەۋقىڭ دەمى رەيھان سۈيلە بەردى رەخت.
مەن كىمۇ مەدھ ئەتكەمەن ۋەسفىنىڭىم ئەۋسافىدە،
ھەلئەتا دىلبەرلىغى قۇرغۇزدى بەرگىلە دەرەخت.
كۆرمەدى چەشمى فەلەك ئانىڭ كەبى دىلدارىنى،
دىيدەئى ئەشك ئۆزرە مىلك ئەلتاف ئىلە رۇخسارتەخت.
ئەرش ئەئزەم كىم ھەمە كۆكنى تۇتار ئەنگۇشتىدە،
كۆرسەتۇر ئۆز رەسىمدىن تەرزى سەمەندى مىھر سەخت.
دۇرجى ئىسمائىلكى بۇ ئاھەڭىدىن ئىزھار ئېتەر،
مۇژدەئىدۇركىم سالۇر كىرفىڭ خەتى بۇلبۇلغە رەخت،

× ×

ياغىلدى قارى بەھار تۇستىخان ئۇستىگە،
يايىلدى فەيزى نىسار دوستىخان ئۇستىگە.
تۆكۈلدى بادى سەبا ئافتاب راھەتىدىن،
ئوقۇلدى لۇتفى سۇخەن دەرسخان ئۇستىگە.
تورۇلدى باغ ـ راۋاق ئەنجۇملە كەۋكەبى تاق،
سىپەھرى شەھرلەرى ھەفتىخان ئۇستىگە.
ئالىندى مۇشتەرى ئول بەزم ئارا مەھى خۇرشىدە
فەلەك مەلەكلەرىدىن سەفھىخان ئۇستىگە.
سالىندى ئەرش ئەزىم سۇنبۇل ئەختەرى سايە،
يايىلدى خەتم نىگىن شەھرىخان ئۇستىگە،
مۇسەللى رۇھ قۇدس باغىبان ساھەتىلە،
سەلام ئەنجۇمىدىن راستىخان ئۇستىگە.
پەيام پەيكەرىدىن ھەمد سارىغە سەلەۋات،
نۇزۇل بولسۇ رەھىق مۇفتىخان ئۇس ـ تىگە.
سەببە مىھرى ھەدائىق سەۋايىھى بەرەكات،
مىھاد سۇندۇس ئەھدى بىسخان ئۇستىگە،
.... قەدر جەلالەت ھەياتى ئۆمرى خىزىر،
ھىسان مۇھسىن ئوشۇل سەبزەخان ئۇستىگە.
ۋۇجۇھى كەئبە مۇئەززەم سۇجۇد قىبلە نەماز،
نەۋازىلىغ لەبى ئىدرىس ئۇخان ئۇستىگە.
سەلامىدىن مۇسۇلمان سەلىم ئىسمائىل،
قويۇلدى مۇئمىن ئىبلى چۇن شۇ خان ئۇستىگە.

× ×

مېنى مەنئ ئىلدى رەقىبلەر يۈزى،
كۆرەلمەي جەمالىڭنى تۈن - كۈندۈزى.
كېچە تاڭ ئېتىپ سۈبھى سادىقىغىچە،
كۆرەر ئېردى شامىم ئۈزۈنىڭ يۈزى.
ۋىسالىڭ مېنى ئەلدىن ئەيلەپ يىراق،
فىراق ئىچرە تاشلاپ قاراغىڭ كۆزى.
ئەجەب سەنكى قىلدىڭ جەفانى تولا،
ۋەفانى يوق ئەتتىڭ فەلەك يۈلدۈزى.
بۇچەرخى سىتەمكارە سالدىڭ مېنى،
ئەلەمدە يوق ئەيلەپ سىتەم نەۋ رۇزى.
ماڭا ھەيف قىلدىڭ ھەردى ئەھلىنى،
بۇ رەڭ ئەيلەمەك بەدنەمانىڭ سۆزى.
قاچانغە قويارسەن جەفا شىۋەسىن،
ۋەفادار بول سۈبھىنىڭ كۈندۈزى.
دەرىغ ئەتتى ئىسمائىل ھاجى سېنى،
تۈت ئانىڭ قولىن تاكى تاپسۇن ئۆزى.

× ×

ئەي سەفھە رۇخسارىڭ ئىرۇر دەھر ئىچرە مېھرى ئافتاب،
سالىمىش خىجالەت سارىدىن ھەركېچە باشىغە نىقاب.
نەززارەئى خۇرشىدغە باقماقغە يوقدۇر تاقەتى،
رۇھى رەۋاندەك ئىترەشۇر بۇرجى مەدارىدىن ماھتاب.
رەئيىڭ سەۋاب ئولسۇن قەۋم تەبلىغ رەئبى مۇستەقىم،
خۇلقىڭ بەسى زىبىبا ئەزىم تەلئەت قەمەر ھۆسنۇ سەۋاب.
كەۋكەب رەفىئ ئەفزۇن تەرەب شايەستە بول فەۋقەششەرەف،
مۇكرەم زەۋى ئىززەت تەرەف ۋەللاھۇ ئەئلەم بىسسەۋاب.
سەييارەلەر بولسۇن فەراھ سابىت سەبىھ قارى سەراھ،
تابولغۇچە ھەيھەل سەلاھ پەيكى ئەمىن ئەمنۇ كىتاب.
بولسام كەرەك نەزرەت ۋۇجۇھ، نەززارەغە ئەينى سۇجۇھ،
ئول ۋەقتىدە خۇررەم بولۇپ دېسەم بۇدۇر فەرخۇندە باب.
ئەبۋاب لۇتف ئاممزەمەن ئەرباب قۇدس ئارىزمەن،
ئەھباب خۇش مەھمىزمەن تىيرى كەمان فەلكۇلھىجاب.
ئىسمائىل ئول كۈندىن كۆرۈپ ئېردى نىگىن رەڭگىن ۋۇجۇھ،
سالدى بۇ كۈن بەرگى سەمەن ئۆزرە سەنەۋبەردىن نىقاب.
ئەييامى ئۆمرۈڭ شاد بول بىغەم سەلىم ئاباد بول،

ئىسلام ئارا ئاباد بول فەتھۇ زەفەر نۇسرەت شىهاب.

× ×

ئەي قاراغىلىق ئايەتى رۇخسارىلىق ئىلە خۇش سىياق،
ئۆرگەتۇر مۇھسىن كەرەم رەئىيات ئىهسان ئىتتىفاق.
مەشق ئىتەردە قامەتىلىق تەقۋىمىنى مۇشكىن رەقەم،
ئەھسەنى سەفهەلجەمىل تەرزىلە تەرتىب ئىشتىياق.
شەۋقىلىق ئانداغكىم بۇراق سەيياهلارى رەفرەف كەبى،
ئەنجۇمى تارەم سىپەھر سەيرىگە ئەيلەب ھەم سەباق.
تۇردى سىناﺋ قۇشلارى فەرۋاز ئىتەرگە تەلپۇنۇر،
تۇرغالى دارىلقەرار ئىسلام ئىلىلە بىر تەباق.
مۇرغى زەرىرىن ئەندەلىبى بۇلبۇل ئىلە مىهرىلىك،
قۇللەئى دىۋان خىتامى زور زەردىن ياخشىراق.
ياغدۇرۇر فەيزىلىق رەۋاھى لۇتفىلىغ باراندىن،
مىلىق سەلام فەزلى بەھاران سارى يۈز مىلىق شەۋق...①
بول سەلامەت ئەسر بىرلە دەھر تابولسە بەھىج،
ئۆمرۈلىق ئۆتسۇن ئەھلى بەيتىلىك سۆزلەرىدەك كۆز - قۇلاق.
دۇررى مەكنۇن تىب مەۋزۇن سەندىن ئىستەرىم سەبىھ،
بەھرى مەمنۇن كۇنلەردە كىچە يەڭلىغ بولسە ساق.
شۇكرى لىللاھ ھەقتەبارەك قويدى مۇئمىن مۇستەقىر،
ئەھلى سۇننەت فىرقە ناجى ممللەت ئەفۋاجى رەۋاق.
ئەھدى «تاھا» مەھدى «ياسىن» خىزر ئىلياس پەيكەرىلىك،
سۇھبەت ئانداغ فەيزىلىغ فەزلىلىك فەراۋان خور بۇلاق.
ناز تەلئەتلىك نەۋازىلىك ئەتمەش ئەفلاكىنى تەراز،
رەسمىلىك ئىهسانلىغ كەرەم جۇدىنى ئەيلەرسەن بۇراق.
تۇردى ئىسمائىل يولۇڭدە مۇنتەزىر نەززارەلىغ،
مەجد تەلئەتلىك مۇجەللى لۇتفىدىن سۆزلەر ۋەراق.

× ×

قايىسى دىلبەر شەفقەتى مىهرى ھۇمايۇنۇڭچە بار،
قايىسى مادەر ئۇلفەتى فەيزاب گەردۇنۇڭچە بار.
قايىسى باغدە سەن كەبى ئەفسەھ بەلاغەت پۇرسەۋاب،
راست قامەت ئەرئەرۇ شەمشاد مەۋزۇنۇڭچە بار.
قايىسى ئىهسان ھۇسنىدۇر مۇھسىن سەۋابىلىك سارىغە،
ئىهتىياج ئەيلەر ئاڭا مۇشتاقى مەمنۇنۇڭچە بار.
قايىسى خۇبلا زاھىر ئەتتى پۇر جەمىللىق يۈزىنى،

① بۇ مىسرانىلىق ئاخىرىدىكى قاپىيە قول يازمىدا ئۆچۈپ كەتكەن.

قەدر ـ قىممەت ردفئەتلە بۇرجى كانۇنۇڭچە بار،
قايسى ئەختەر كەۋكەبىدۇر بەدرىلك ئوخشە فەتھياب،
نۇسرەت ئىلە خۇش خىرامان دۇرجى ئاخۇنۇڭچە بار.
قايسى كۇنلەر جۇمئە يەكشىنبە قەدرى تاپتى مۇجتەمىئ،
قايسى ئەييام ئافتابى ۋاج مەيگۇنۇڭچە بار.
قايسى ئانام ئىچرە سەندەك كۆرسەتىلدى نۇرى ھەق،
قايسى باغنىڭ سەرۋى، ئەرئەر تاجى مەفتۇنۇڭچە بار.
يوق سەن ئوخشە قاف تەلئەت قىرەۋاندە مەجلىك،
قايسى مەھمۇد زورى شەۋكەت ھەمد مەكنۇنۇڭچە بار.
كۆز ـ قۇلاق شىنۋالقىنى كۆردى ئىسمائىل سۆزى،
قايسى سۆزنىڭ خوبى قۇربەت دىن مەئمۇنۇڭچە بار.

× ×

كەلدى فىردەۋسنىڭ باغىنى كۆرگەلى تاغ تۇرلارى،
كۆزلەرىنى سۇرمەكىچۇن مەقدەمىڭ مەھجۇرلارى.
كۆز قاراغىنىڭ مۇددەئاسى مىھرى تەلئەت يۇزلەرىڭ،
ئاشكار ئەت نازىر ئولسۇن دىيدەئى بىنۇرلارى.
ئەي سەباھەت گۇلبەنىنىڭ پۇر سەۋابلىغ ساھەتى،
بول سەلامىنىڭ سۆزلەرىدە شەھدلىك مەشكۇرلارى.
دوستلار نەززارە ياران مۇنتەزىر خۇبان نەزەر،
ئىنتىزار ئولدى شەكەرلەب دىل جىگەر مەزكۇرلارى.
قىل تەفەررۇج ئاستانىڭ گۇشەسىنىڭ دۇرجىنى،
بۇرجى كەۋكەب ئەختەرىنىڭ مۇھسىنى مەۋفۇرلارى.
ئەفزۇن ئەتكىل مىھرىبانلىغ فەيز فەزلىڭ ۋەجھىدىن،
تۇردى بولماققە مۇقەررەب دەھرنىڭ مەئمۇرلارى.
ئەسرنىڭ ئەييامى فۇرخەند تۇرسۇ ئانامىڭ مىخام،
قەدرى ھىممەت رەفرەفىنىڭ ئايەتى مەستۇرلارى.
بەرقى خاتىق ئىيردى ئىسمائىلغە ئاسار يىراق،
سۇبھى سادىق مەتلەئىنىڭ شۇھرەتى مەشھۇرلارى.

× ×

كۆزلەرىم نەززارەلىغ قەدرى جەمالىڭ كۆرگەلى،
پۇر شۇكۇھ ھەيبەتلىغ ئىسلام ئىلە بىللە يۇرگەلى،
ئافتابىڭ ئەختەرى سالمىش باشىم ئۆزرە تۇلۇئ،
باش ـ ئاياغ كەۋكەب سەباھەت سارى دەۋران سۇرگەلى.
قامەتىڭگە كىيچە ـ كۇندۇز كىرفىك ئوخشە تەلمۇرۇپ،
مۇنتەزىر مەن لۇتفۇ فەزلۇ فەيزدىن بىلدۇرگەلى.

شەمئدەك خۇرشىدى تابان سۈنبۈلۈك فەرخۇندەسى،
پەيكەرى پەيكى بەلىغ يەتكۈردى خوش ئولتۇرغالى.
ئەدنىنىڭ شەمشاد بەرگى ئەرئەر ئىلە سەرۋگۇل،
بوستانىڭ ئادەتىدۇر خۇيىدىن كۆرگۈزگەلى.
تەلئەتىگدۇر نەجمى سابىت بىرلە سەيدى ئەنجۇمەن،
بادى تەسنىم مىشكى مەختۇم نەفەسا يۈرگۈزگەلى.
... فىردەۋس ئالەم ئارا مۇھسىن ئەئلام ھۇسىدىن،
قىلدى ئەنجۇم سايەسىنى مىھردە كۈلدۈرگەلى.
شاد بول فەيزى ھەدائىق بولسە تا مەمنۇن فەلەك،
يارەب ئەفزۇن قىل سەلامىڭ خوش بەيان ئۆتكۈرگەلى.
مۇسلمانلىغ رەسمىن ئىسمائىل تۇتۇپدۇر فەرق سەر،
مۇئمىن ئەھلى بىرلە ئۆەردىن سىدقىلە پۈتكۈرگەلى.

× ×

دوستلۇق تەرزىنى قويدى ھۇسنى زىيبا خىسلەتىڭ،
پۈتكۈرۈر ئالەم ئىشىنى مۇھسىن ئەشيائ شەفقەتىڭ.
باغلار بۇلبۇل شەكەرلىك تۈرى سىنائ تاغىدە،
تۇرغۇزۇر ئەبرۇيى تابان قەدرى ئەلۋان ئۇلفەتىڭ.
مۇنچەلى يافراغلارىدىن لۇتفى سۇبھانەللەزى،
يەتكۈرۈر ئىھسان فەراھەت چەرخى دەۋران سۈننەتىڭ.
كۆڭلۈمە راھەت سەباھەت سالمى ئىسلام سەلام،
بىلدۈرۈر ئىمان ئىلىغە ئىلم بەرنا مىللەتىڭ.
ئاھ مۇشكىن سازلىغىدىن خەتم «ياسىن» كەۋكەبى،
كەلتۈرۈر فەلەك مەلائىك ئەنجۇم ئەختەر تەلئەتىڭ.
رۇھ راھەت شەھپەرىلە باغى رىزۋان كەۋسەرىڭ،
سىپقارۇر رەيھان فەرادىس سۇھبەتىنى فۇرسەتىڭ.
مىۋەلەر يافراغلارىدە شاخداكى ۋەقۋاق كەبى،
سايراشۇر نەخلى ھەدائىق خىزر رەفرەف ئىززەتىڭ.
مەزھەبى ئىسمائىل ئىسلام ئەھلى ئىمانغە سەلام،
يۈرگۈزۈر مۇئمىنلىكىدە ئىلمى فۇرقان سەۋلەتىڭ.

× ×

ئەي ئەئلەمى قارغالىق زەمانە،
فوسكام ساڭا بولسۇ ئاشيانە.
ھەر چەندىكى زور قىلدى چەرخىڭ،
تەقدىرغە يوق ئىكەن بەھانە.
كۆرمەك سىنى بولمادى مۇيەسسەر،
قەسد ئەيلەدى نەچچە شامىيانە.

لېكىن تەلەبىڭ كويۇڭغە مەشغۇل،
پات فۇرسەت ئولۇرمىز ھەمزەبانە.
دەۋران ساڭا قىلسۇ سەجدەئى شۇكر،
ئادەملىغىڭ ئولدى مەگەر مانە.
فەييياز سىنى فەزىلەتىدىن،
خەلق ئەيلەدى ئەختەر جەھانە.

جانىمنى قويۇپ باشىم يۈزىدە،
ياشىمنى قىلاي ساڭا رەۋانە.
ۋەھھاب ساڭا مۇيەسسەر ئەتتى،
ئەنۋائ كەرەم نەۋال خانە.
تەھقىق ئىدى پەيامى سىدقىڭ،
كويۇڭغە قەدەم قويار فىغانە.
ئافىيەت ئىلە سەلامەت ئولغىل،
تا يۈرسە سەھەردە كارۋانە.
سۆزۈڭچە ئەجەب ھەرارەتى دىل،
شەۋقىڭچە تەرەب گۈل چىغانە.
كەئس گەۋھەردىن شەرابى رەيھان،
جامىڭنى قىلىپ دىماغ شانە.
جانانەئى تۇبۇد تەجەللى،
دەر ھەردۇ جەھان چۇ كامرانە.

دانىشۋەرى ئافتاب دەۋلەت،
ئىشىكىڭدە مۇقىم ئولۇنسۇ دانە.
ئان نەخلى شىناۋەرى مۇسا،
يافراغىدە تۇرسۇ جاۋىدانە
مازاغ سىفەت ئەيان بەيانىڭ،
دۇنيانى تۇتار ئەجەب نىھانە.
ئەفسۇسكى مەن ۋەتەندە مەۋقۇف،
ئالەم ساڭا سوقتى شادىيانە.
بولسام ئىدى رۇزۇ شەب قاشىڭدە،
ۋەسلىڭنى كۆرۈپ چەرب لىسانە.
ھەر نەۋئىدە بولسە مىڭ تۈمەن شۈكر،
ياردىم سەنۇمەن ساڭا بەيانە.
ئىسمائىل ئىرۇر ئۇممىد غەزار،
نەززارە قىل بولاي يىگانە.

× ×

ئەزىزى ئەرجۇمەندىم بول سەلامەت تاكى دەۋران بار،
مۇسەخخەر بولسۇ ئالەم روزىگارىڭ فەررۇخ ئىستىزھار.
تەمامى مىھر، كەۋكەب ئاستانىڭغە غۇلام ئولسۇن،
مۇتىئ ئولسۇن جەمىئى قەرغەلىق ئالدىڭدە فەرماندار.
جەھان ئارام تاپسۇن شەرئى غەررالىق تەرىقىڭدىن،
ھەقىقەت شاھبازى بولسۇ فىرقىڭدە ئەلەم سەردار.
مەكاردىم ئىردى ئەۋۋەل جۇدلىغ ئىكرام ئاداتىڭ،
كەرامەت تەختى بىرلە بەخت تۇتسۇن ۋەقتىڭ ئىستىبشار.
بەلەند قىلدى فەلەكنىڭ سانىئى قەدرى سىياقىڭنى،
ئۇلۇغلۇق جادەسىدە بەرقەرار ئولغىل نىكۇ كىردار.
كۆرەر مىھىر ئوخشە كۆزنىڭ نۇرىنى قەمران ئىسمائىل،
مۇنەۋۋەر بولسۇ ھۇسنۇڭ بول يۈزۈمنىڭ كۆزىگە ئەنۋار.

× ×

بار ئىردى قارغالىق مەۋزۇئىدە بىر مەردى خۇش رەفتار،
ساباھەت رەزم ئىچىدە ساھەتى مەردۇم ئارا گۇفتار،
قىلىۇردى خوب مەرغۇب ئەل ئىشىنىڭ ئىستىلاھىنى،
مۇبارەك نامى فەرجام قابىس ئاخۇند باي بەلەند ئاسار،
بەناگەھ چەرخى گەردۇن قىلدى دەۋران ئىنقىلابىنى،
كى تا ھاسىد غەرىقى غەم بىلە پەيۋەستەدۇر دىلدار،
قۇتۇلدى فەزئ ئەكبەر خەۋفى ۋەھشەت جايى مەھزۇندىن،

دۇخۇل ئولدى نەئىمى جەننەتۇلمەئۋادە ئىستىقرار،
ئىلاھا تا ئەبەد فەرخۇندە قىل ئىمانى ئىسلامىن،
سەلامەت قىل فەراھەت ئۆزرە تۇرسۇن دىلبەرى شەھۋار،
ئىدى لازىم بارىپ خىزمەتدە تۇرماق كېچە ـ كۈندۈزلەر،
ۋەلى مانىئ بولۇندى كۆرمەكىم گۈلدەك قەدىن ناچار،
قىلىپ بادى سەبانى پەيكەرى رەھۋار خۇش رەۋشەن،
ئىبەردىم قاسىدىلە بەرگى زەيتۇن ئاتەشى گۈلنار،
يېتىپ گۈلدەستەدەك جان ئىلە تۇتسۇ راھى كەۋسەرنى،
تەجەللى زىبۋەردىن تازە تۇرمەش يار ئارىق گۈلزار،
ئەدەدسىز شەھرى شىرىن شۇكر تەۋھىد فەزل قىل، يارەب،
تەھىييەت خاجەسىكىم جەھد قىلمىش مەنبەئى نەززار،
فەراۋان قىل سەلامۇ رەھمەت ئەربابى سەلامەتكىم،
سەلام ئىلە خەۋاتەم مىشك قويمىش نافەئى تاتار،
مۇسەللا قىل خۇدايا ئەھلى ئالەمنى سەلام ئىلە،
كەما ئەسنەيتە بىلۆەسفى ۋە ئەسمائۇس ـ سەلام ئابار،
كەۋاكىب، مېھر، خۇرشىد ساھەتى رىزۋان، ياسۇبھان،
قىلۇردى ھاجى ئىسمائىل سەباھەت قابىس ئاخۇند يار،

× ×

سەلام ئەيلەر سەنەۋبەر قامەتىڭ ئايدەك جەمالىڭغە،
قويۇپدۇر باشىنى خۇرشىدى خاۋەر خەتتۇ خالىڭغە،
كۆتەرمىش چەرخىنى لۇتفىلە فەيزى قۇدسى مەھتابىڭ،
ئاقارمىش سەلسەبىلدىن ھەۋزدەك جويى رەۋانىڭغە،
خەمىدە ئاسمان ئەنجۇم تۆكەر مىژگان ئىلە ژالە،
ھەمىدە خىسلەتۇ پەيكى رەۋان خۇلقۇ فەئالىڭغە،
ھەمايىل قىلدى ئادەم كويى سەگبانلىقنى دەربانىڭ
شەمايىل شۆھرەتىڭدۇر كۆرسەتۇر دەربان خەيالىڭغە،
ھەۋادىن يەرسارى ئەزم ئەتتىكىم بادى سەبا يەڭلىغ،
شامالدىن يەتكۈرۈر پەيغامىنى ئالى جەنابىڭغە،
ئاقار سۇدەك تۆكۈلمىش قەترەئى رەھمەت سەھابىدىن،
چەمەننى گۈلشەن ئەيلەر چېھرەۋۇ زۇلفى سىياھىڭغە،
كۆيەر جىسمۇ ۋۇجۇدۇم ھەجر ئوتىدە ئاتەشىن دەۋزەخ،
ئاگا يەتكۈر رىياھىن بۇيى تا يەتسۇن رەۋاھىڭغە،
چى غەم ئەزھەۋلى مەھشەرگەر تۇغەممخارى كۈنى بەرمەن،
تۇئى رۇھۇلقۇدۇس ئىيساغە دەم، مۇسا كەلامىڭغە،
تەجەللى پەرتەۋىدىن كۆرسەتۇر، يوقسە بۇ ئىسمائىل،
قاچان شېئر ئايغالى قۇۋۋەت تاپار روھى رەۋانىڭغە،

× ×

ئەي فەئالەت خۇشكۆارۇ پۇر شەكەر قەندۇ نەبات،
شاخى ئەرئەر مىدەمەد گۈلگۈنەئى شىرىن ھەيات.
كۆرمەەمىش چەشمى سىپىھرى سەن كەبى خۇرشىدنى،
شەمئىدەك رۇخسارە بەدرى ماھى شەئبانىدىن ئۇقات.
ئاستانىڭغە ساغىنىمىش جانۇدىل بىرلە سەفى،
تاپتى ئۇل ۋەقتىدە بۇزمىك خەۋف ئىلە غەمدىن نىجات.
كۆرسەتۇر ئەفلاك زۇلفى سۇنبۇل ئەفشانىدىن خەبەر،
چۇن مەلەك شەھپەر قاقىپ رەفرەف قوپارمىش رايھات.
ھۇسنى زاتىڭدىن فەلەكدە شەئشەئە بەرقى بۇراق،
ئەي بۇراقىڭ نەئلىسى كۆز كاسەسىن قىلدى فۇرات.
سايە سالغانىدەك ھۇمايۇن شاھبازى باشەسىن،
باشىم ئۆزرە ئافتابىڭدىن تۇشەر لەمئى سىفات.
شىۋەئى غەمزە ئىلە ئەيلەرسەن باغىرنى چاكۇچاك،
ئاھەنىن كىرفىك تۆكەر ئۇقنۇم جەيھۇندىن لۇغات.
كۆز ئۇچىدىن قاشى ياسى ئاتتى پەيكان ئوقلارىڭ،
دىل ـ جىگەرنى نىشى پەيكەردىن جەراھ ئەتمىش ئۇيات.
مەنبەئى ئادابىدىن يەنبۇئى مەھمىل قافىلە،
ھەر زەمان ئىسار ئىتەر گەردى بەيابانىدىن نەبات.
جىلۋە قىلغانىدەك سەما ئۆزرە تەجەللى تا، زەمىن،
چىھرەئى ئىسمائىل ئولدى زەئفەران، قىل خۇش نەشات.

× ×

كىچە تۇتتى جەھاننى سۇبھى خۇرشىدىڭ كۆرەرمەنمۇ؟
نىچە ئۆتتى زەمان يۇز ئانچە تەمجىدىڭ كۆرەرمەنمۇ؟
ھەۋەس تۇتتى كۆڭۈلنى زۇلفى سەۋدايىڭ خەيالىدەك،
سەۋادۇل ـ ۋەجھ ئولۇپ ئىشق ئىچرە تەھجىدىڭ كۆرەرمەنمۇ؟
تەماشايى چەمەندىن مەقسەد ئولدۇك كۆز قاراغ ئوخشە،
نىگىنى لەئلىدىن تابەندە تەنكىدىڭ كۆرەرمەنمۇ؟
سۇكۇنەت ئەيلەدىم بەيتۇل ـ ھەزەندە يۇز تەئەسسۇفدىن،
جەمالى يۇسۇفۇ تەبشىرۇ تەئمىدىڭ كۆرەرمەنمۇ؟
تۇرۇپ ئەيۋانى دەۋران ئىچرە ئافىيەت پەرىشانىدىن،
غەمى پەيۋەستە ئەبرۇ چەشمى ناھىدىڭ كۆرەرمەنمۇ؟
بۇ غەفلەتلىك زەمانە ئاخىرىدە فەيزى شەمشىدىن،
خۇرۇشان مىغى زۇلمەت تىغى فەرشىدىڭ كۆرەرمەنمۇ؟
يىتەر ئەفلاك ئارا بادى سەبادەك ئاتەشىن ئاھىڭ،

غۇبارى خاكدىن كەيۋانى تەئمىدىك كۆرەرمەنمۇ؟
چۆمۈپ غەۋۋاسدەك تۇفانغە لۇئلۇ مەقسەدى بىرلە،
بۇ يولدە مىھرىدەك رۇخسارە تەسۋىردىك كۆرەرمەنمۇ؟
تەجەللىدىن شىھابى نەجمى ساقىب شۇئلە سالغاندا،
نىتاك ئىسمائىل ئول ئەنۋارى تەمھىدىك كۆرەرمەنمۇ؟

× ×

هەۋايى تابى رۇخىڭ لەھزە ـ لەھزە شەمئى سالۇر،
بۇ شەمئى بىلە كۆڭۈلدىن قاراڭغۇلۇقنى ئالۇر.
كۇنەش كەبى قەمەر ئەيلەر شۇئائى مىھرىڭدىن،
فۇرۇغ بىرلە بۇ ئالەم تەھەييۇر ئىچرە قالۇر.
هۇمايى شەھپەرى تۇشتى سىپىھر تابىشىدىن،
بۇ تابىش ئىلە جەھانىنىڭ كۆزىگە ئوق قادالۇر.
تۇرۇج ئاخشامى يەڭلىغ بۇراق رەفرەفدىن،
سالۇر باشىمغە تەجەللى شىھاب زىيۋەر ئولۇر.
خەمىدە قامەتىم ئىستەر سەنەۋبەرىڭ نەخلىن،
رىيازى رەۋزەئى رىزۋان سەلامغە يىغىلۇر.
باغىرنى چاك قىلۇرمەن ئۇزارۇ خالىڭ ئۇچۇن،
گۇل ئوخشە خەندە ئېتىپ تا رىياھى بۇي كېلۇر.
هەۋايى دىيدەلەرىمدىن سىرىشكى ئىسمائىل،
تەجەللى لۇتف ئىلە شايەد مېنى بۇ كويغە سالۇر.

× ×

بەختۇ سەئادەتى ئەزەل گەر مەنگە بولسا يارغار،
قىلغاي ئىدىم تەھىييەتىم يار كويغە بىشۇمار،
زاۋىيەئى ئىبادەتىم بولغاي ئىدى نەسىمى گۇل،
مەسجىد بورىياسالۇر ئېردى باشىمغە گۇشۋار.
ئەيشى سەفا تەرەب قىلۇر ئېردى چەمەن بېھىشت ئارا،
ئىشرەتىمە تەبەسسۇمى كەلتۇرۇر ئېردى رۇزگار.
هەيف ئەمەس ماڭا هەردى ئەيلەسە زۇلم هەم سىتەم،
تاڭلا قىيامەت ئالغۇسى زالىمى قەهرى كىردىگار.
مەهۋ بولۇر فەلەكدەكى ئەنجۇمۇ ئافتابلار،
سۇرنى هەشىر قىلماقى ۋەقتىدە هۇرسەدەم بەهار.

× ×

كەلدى قاشىمغە بىر كۇنى جاندىن ئەزىز مۇكەررەمىم،
سوردى تەلەتتۇف ئىلە ئول ۋەقتىدە هالى مەهرەمىم.
سۆزلەدى نۇتقى ۋەجھىدىن كامۇدەهانۇ لەبلەرىم،
دېدى، سەلامەت ئولدى بۇ مەركەز ئارا ئۇممىدۇ بىم.

ئشقى مەجازىدىن مەلۇل بولدى تەنى غەربى ھال،
ھەق تەلەبىدە جان بىرۇر ئاشىقى قۇللەئى رەمىم.
ئازەرى بۇتپەرەستىدىن ئۆزگەنىپ ئەھلى چىن ئىلى،
قىلدى سەنەمنى جان ئارا ئالى ئەساكىرى كەردىم.
كۇسۇ رەھىل ئەگەر سەدا قىلسە سىپىھر ئاراسىغە،
قالغۇسى گەردى خاك ئارا مەجمەئى دوستى ئەدىم.
مەنگى ئەجەلنىڭ ئىلكىدە زەۋقى شەراب ئىچىپ تۇرۇپ،
مەستلىغىمدە كۆزلەرىم كۆردى سىراتى مۇستەقىم.
مەھۋەشى رۇزگارىمە ئىبنى خەلىل بولۇپ رەفىق،
كەئبە تامىدە راستلادى سەڭگى سىيەھنى بىجەرىدىم.

× ×

مىنى فىراقىدا كۆيدۇردى ھىجرەتى قاراقاش،
ئەلەمدە غەمزەدە قىلدى مۇھەببەتى قارا قاش.
بەھار گۇلشەنىمە يەلپۈنۈردە بادى سەھەر،
سىتەمدە قويدى مىنى قەدرۇ قىيمەتى قارا قاش.
ھەۋايى ئەنجۇمەنى ئەندەلىبۇ بۇلبۇلنى،
قەرارسىز قىلىپ ئۆلتۈردى نەكھەتى قارا قاش.
تەبەسسۇم قىلىشۇر ھۇر ئەينۇ ئىنسۇ پەرى،
ئانىڭ ئۇچۇنكى چىرايلىغدۇر ئىشرەتى قارا قاش.
تەمامى يىل ئانىڭ ئەۋسافىدىن سىفات ئولسە،
ئەداسى ئاخىر ئەمەس ئالى ھىممەتى قارا قاش.
ئىلاھا ھەشرىدە بول ئىنتىقامىمە ۋالى،
گۇنەھسىز ئەيلەدى رەنجىدە زىينەتى قارا قاش.
ئۇمىدۇ بىم ئىلە كەلتۈردى يۈز تەمام كىشى،
قىلۇرمۇ دەپ نىگەھى چەشمى دەۋلەتى① قارا قاش.
مۇھەممەدى ئەرەبى قاب قەۋسى ئەبرۇ كەمان،
ھەلاك ئېتەر ھەممەنى تىيرى ھەزرەتى قارا قاش



① بۇ سۆز ئەسلى قول يازمىدا «غەيرەتى» دەپ ئۆزگەرتىپ قويۇلغان.

# ھۈسەيىنىي غەزەللىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇكېرىم مەخسۇت

ھۈسەيىن بايقارا — تىمۇر نەسلىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى مىرزا مەنسۇر مىرزا بايقارانىڭ ئوغلىدۇر. ھۈسەيىن بايقارا 1438 - يىلى ھىراتتا تۇغۇلغان. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ بوۋىسى ۋە ئاتىسى تىمۇردىي ھۆكۈمدارلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولغان. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئاتىسى غىياسىددىن كىچىك ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئاتىسى غىياسىددىن مەنسۇر بىلەن ئېمىلداش بولغان. ھۈسەيىن بايقارا بىلەن ئەلىشىر نەۋائىي ياشلىقىدىن تارتىپلا يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان. ئۇلار بىر مەزگىل بىرگە ئوقۇغان، بىرگە تەربىيىلەنگەن.

ھۈسەيىن بايقارا ياش ۋاقتىدىن باشلاپ سارايى خىزمىتىگە كىرگەن. تىمۇرىي مىرزىلىرىنىڭ ئۆزئارا تالاش - تارتىشلىرى، كۈرەشلىرى ۋە جەڭلىرىگە قاتناشقان. ئۇ شاھلىق تەختىنى ئۆز قولىغا ئېلىش ئۈچۈن كۆپلىگەن كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، 1469 - يىلى مارتتا ھىرات تەختىنى ئىگىلەپ، پادىشاھ بولغان. شۇ يىل ئاپرېلدا ئەلىشىر نەۋائىي سەمەرقەنتتىن ھىراتقا قايتىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئومۇمەن ئۇنىڭ سىياسىي ۋە ئەدەبىي پائالىيىتىدە ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىجابىي بولغان مۇھىم تەرەپلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ زامانىسىدا ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئىشتىراكى ۋە تەشەببۇسى بىلەن بىر نەچچە يىللار جەريانىدا مەملىكەتتە تىنچلىق (پىرىنسىپسىز ئۆزئارا فېئودال ئۇرۇشلاردىن خالىي بولغان ھالەت) مەۋجۇت بولدى. ئورغۇنلىغان جايلار ئاۋات قىلىندى. ئىقتىساد، سودا - سېتىق، ھۈنەرۋەنچىلىك جانلاندى. مەدەنىي ھايات تەشكىل قىلىندى. پەن، سەنئەت، ئەدەبىيات راۋاجلاندى. بۇ دەۋردە مەملىكەت پايتەختى ھىرات ئىلىم - پەن، سەنئەت ۋە ئەدەبىياتنىڭ شەرقتىكى داڭلىق مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغانىدى.

سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئۆز زامانىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تەخەللۇسى ھۈسەيىنىي ئىدى.

بىزگىچە ئۇنىڭ بىر دىۋانى يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ھەممە غەزەللىرى بىر خىل ۋەزىندە يېزىلغان. بۇنداق ئەھۋال ھېچقانداق شائىردا كۆرۈلمىگەن. بۇنىڭ سەۋەبى تېخىچە ئېنىقلانمىغان. ھۈسەيىنىي شېئىرلىرىنىڭ كۆپى ئوبرازلارنىڭ گۈزەللىكى، ئىچكى كەچۈرمىلەرنىڭ جەزىبىدارلىق بىلەن ئىپادىلىنىشى، ئۇسلۇبىنىڭ راۋانلىقى بىلەن

كۆزگە تاشلىنىپ تۇردۇ. ئۇنىڭ تۈركىي تىلدا يېزىش ئۈچۈن پەرمان چۈشۈرگەنلىكىمۇ تاسادىپىي ئەمەس. بۇ شۇ زامان ۋە شارائىتتا نىسبەتەن زور سىياسىي ۋە مەدەنىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

ئومۇمەن شەرق ئەدەبىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ۋە تۈرك ئەدەبىي تىلىنىڭ بېيىشىدا ھۇسەيىن بايقارانىڭ رولى ۋە خىزمىتى ئاز ئەمەس. بۇنى نەۋائى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئېتىراپ قىلغاندەك، ئۆز زامانىنىڭ تارىخچىلىرىمۇ كۆپ قېتىم مۇبالىغىلەشتۈرۈپ يازغانىدى. نەۋائى «مەجالىسۇن - نەفائىس» ئەسىرىنىڭ ئاخىرىدا ھۇسەيىنىي ئىجادىيىتىگە بېغىشلاپ مەخسۇس بىر باب (8 - باب) يازغان ۋە ئۇنىڭ غەزەللىرىدىن نۇرغۇنلىغان بېيىتلارنى كەلتۈرۈپ، بەدىئىي قىممىتىنى تەرىپلىگەن.

× ×

ۋەھكى، كۆڭلۈم نالەسى ھەردەم بۇزۇلغان جان ئارا،
گوييا بىر چۇغز ئېرۇر فەرياد ئېتەر ۋەيران ئارا.
ھۇققەئى لەئلىڭ ئاراسىدا ئېرۇرمۇ دۇر تىشلىڭ،
يا ئېرۇر ئول ژالەكىم بولغاي گۈلى خەندان ئارا؟
ھەر كىشى كۆرسە پەرىلەر ئىچرە سەن كۆز مەردۇمىن،
بىر پەرىنى جىلۋە قىلغان ساغىنۇر ئىنسان ئارا.
ئانچە قان تۆكتى كۆزۈم ھەجرىڭدە، ئەي كۆز مەردۇمى،
ئەمدى كۆز ئاچسام كۆرەرمەن ئالەمىدۇر قان ئارا.
سەيل كەلسە ژالە بىرلە ئوخشاتۇرمەن ئاڭا كىم،
كۆزلەرىمنىڭ ئاقى ئاققان دىدەئى گىريان ئارا.
ئىستەگەچ مەجرۇھ كۆڭلۈمدىن ئوقىنى، رەشكىمدىن،
تاپماسۇن دەپ ياشۇرۇپمەن سىينەئى بىريان ئارا.
ئىككى قاشىڭنىڭ خەيالى مۇتتەسىل كۆڭلۈمدەدۇر،
بىر دىلاۋەردەككى سالمىش ئىككى يا قۇربان ئارا.
ھەجر گىردابىدا غەرق ئولدۇم كەمەندى ۋەسل ئىلە
چىگ مىنىدكىم، قالمايىن بۇ بەھرى بىپايان ئارا.
كەلدى ئىشقىغە ئىلاج ئەتمەككە بىر كۆن پىرى ئىشق،
ئەي ھۇسەينىي، كۆيدى ئۇشبۇ شۇئلەئى سوزان ئارا.

× ×

ئوتقا ياقغىل سەرۋنى ئول قەددى رەئنا بولماسا،
يەلگە بەرگىل گۈلنى ئول رۇخسارى زىبا بولماسا.
سەرۋ بىرلە گۈل تەماشاسىغە مەيلىم يوقتۇرۇر،
باغ ئارا ئول سەرۋى گۈلرۇخدىن تەماشا بولماسا.
نېگە سەفلەر چەكتى مىژگاندىن، ئەگەر جان مۈلكىغە،
كۆزلەرىڭنىڭ مەيلى ھەر دەم قەتلۇ يەغما بولماسا.

بولماغاي ئىردى جۇنۇن دەشتىدە سەرگەردانلىغىم،
زۇلفى پىچۇ تابىدىن باشىمدا سەۋدا بولماسا.
گەۋھەرى مەقسۇد تاپماق مۇمكىن ئىرمەس، ئەي كۆڭۈل،
كۆز ياشىڭ تاۋەسل ئۇممىدى بىرلە دەريا بولماسا!
ساقىيا، مەي تۇتكى ھەجر ئەندۇھىدىن بولمان خەلاس،
ھەر دەم ئىلكىمدە لەبا ـ لەب جامى سەھبا بولماسا.
ئەي ھۇسەينىي، بادە ئىچسەم يار ئىلىدىن تەگدۇرۇر،
بولسا ئابى خىزرۇ ئۇمرى جاۋىدان يا بولماسا.

× ×

بولدى گۇل ۋەقتىيۇ مەن دەردۇ غەمىگە مۇبتەلا،
ئىشق ئوتىدىن لالەدەك باغرىمدا يۈز داغى بەلا.
ھالى زارىن سەن كەبى سۇلتاندىن ئايرۇ تۇشكەلى،
ياپراق ئىرمەس گۇلدەكىم يۈزتىل بىلە ئەيلەر ئەدا.
مەن بىلۇر ئىردىمكى، يوقتۇر ئىنتىها ئىشقىمدا ھىچ،
تا گۇلى ۋەسلىڭ بىلە قىلدىم مۇھەببەت ئىبتىدا.
لالەدەك مەي جامىنى تۇتغىل غەنىمەت گۇل چاغى،
خاسەئىكىم ئىشرەت ئۇردى بۇلبۇلى بىدىل سەدا.
گەر ھۇسەينىي تاپمادى بەرگى جەمالىڭ باغىدىن،
بۇ چەمەندە، ئەي گۇلى نەۋرەس، ساڭا بولسۇن بەقا.

× ×

تا تۇشۇپتۇرمەن سىرىشكىم بەھرىدىن گىردابىدا،
زۇلفىدەك سەرگەشتە جىسمىم بولدى پىچۇتابىدا.
تا ئىككى قاشىڭ سارى مايىل ئىرۇر سوزان كۆڭۈل،
ئۇيلەدۇركىم، شىشەئى شەمئ ئاسىلۇر مىھرابىدا.
تەرلەگەن مەھۋەش يۈزۈڭنىڭ ئۇيلە لۇتفى باركىم،
كۆرمەدۈك ئول خوبلۇق ھەرگىز گۇلى سىيرابىدا.
لەئل ئىرۇر ئىككى لەبىڭ سۆز رىشتەسىن ئۆتكۈزگەلى،
ھۇفت ئىرۇر ئاغزىڭكى، زاھىر بولدى لەئلى نابىدا.
زۇلفىدىن لەئلىڭ سىرى خالىڭدۇر ئوغرى ھىندۇيى
كىم شەكەر ئىستەر ئوغرىلىق ئەيلەگەي مەھتابىدا.
جان بېرىپ ئەبنايى دەۋراندىن ۋەفا كۆز تۇتماكىم،
يوقتۇرۇر بۇ شىيۋە نى مەھبۇبۇ نى ئەھبابىدا.
ئەي ھۇسەينىي، جان بىرۇر تۇزگەچ مۇغەننى شەددى رۇھە
رۇھى قۇدسىي فەيز ياشۇرمىش مەگەر مىزرابىدا.

× ×

زەررە يەتكىلمىغ ئەيىب ئەمەس كۆڭلۈمگە تۈشسە ئىزتىراب،
مېھرى رۇخسارىغە چۈن ھەرلەھزە كۆزگۈرۈر ھىجاب.
كۆڭلەكى گۈلگۈنمۇدۇر ياگۈل يۈزىنىڭ ئەكسىدۇر،
يا قۇياشنىڭ تابىدىن گەردۇن ئۈزە كۆيمىش سەھاب.
تامسا باغرىم قانى ئوقىدىن، چىقار كۆڭلۈمدىن ئاھ،
دۇد ئولۇر چۈن قانىنى ئوت ئۆزرە تامىزسا كەباب.
رىشتەئى جانىم ئوزالۇر زۇلفى سارى مەيل ئېتىپ،
گەرچە كۆپرەك قىسقارۇر ھەر نەچچە رىشتە تاپسا تاب.
ئايتسام، ئەي ئۆمر، بارۇردا شىتابىڭ نې ئىدى،
ناز ئىلە دەركىم: ئەجەب يوق ئۆمر ئىشى بولماق شىتاب.
ساقىيا، ھىجران خەراب ئەتمىش مېنى، تولدۇر قەدەھ،
چۈن خەراب ئولماق كېرەك بارى بولاي مەستى خەراب.
ئەي ھۈسەينىي، ئۆيلەكىم ۋەسل ئولدى جەننەت، دوستى ھۆر،
ھەجرى ھەم دەۋزەخدۇرۇر شەۋق ئوتىدىن ئاندا ئەزاب.

× ×

قايسى جەننەت سەبزەسى خەتتى نەمۇدارىچە بار،
يا مەسىھا نۇتقى ئول لەئلى شەكەر بارىچە بار.
ئاسىھا، جەننەت ئۈممىدى بىرلە بارمەن كويىدىن،
كىم مەنى مەھزۇنغە يۈز فىردەۋس گۈلزارىچە بار.
ئابى ھەيۋان گەر رەۋانۇ رۇھ پەرۋەردۇر مەسىھ،
نې نۇ رەفتارىيۇ ئول جانبەخش گۇفتارىچە بار.
ئەي مۇسەۋۋىر، نەچچە رەڭ ئامىزلىقدا قايسى رەڭ،
لەئلىنىڭ شىنگەرفى ياخۇد خەتتى زەڭگارىچە بار.
دىبە بولغايكىم نەزەر فەننى بىلمەس زەررەئى،
كىمكى ئايىنى دەر ئانىڭ خۇرشىدى رۇخسارىچە بار.
بۇزما ئاشىق كۆڭلىنى، بىللاھكى، ئىشق ئەتۋارىدا،
ھېچ جۇرم ئەھلى مۇھەببەت كۆڭلى ئازارىچە بار.
ئىشق ئارا مەجنۇن ھۇسەينىي بىرلە قىلماس بەھسكىم،
نې ئۆزى بار ئانچە، نې يارى ئانىڭ يارىچە بار.

× ×

شۈكرىلىللاھكىم، جەمالىڭدىن كۆزۈم رەۋشەندۇرۇر،
خەستە كۆڭلۈمگە ۋىسالىڭ گۈلبۇنى مەسكەندۇرۇر.
ئوتلۇغ ئاھىمدىنكى ھەجرىڭ ئىچرە چەكتىم شۇئلەلەر،
شەمئى ئىقبالىم بۇ كۈن ئول شۇئلەدىن رەۋشەندۇرۇر.

دۇرفىشان كۆزۈم جەۋھەرىنىڭ ئەكسىدىن،
گەر بۇرۇن دۇرجى گۆھەر ئېردى بۇ كۈن مەھزۈندۈرۈر.
نە ئۈچۈن گۈلدەك ئاچىلماي بەزمى ئىشرەت ئىچرەكىمىم،
مەجلىسىم شەمئى بۇ كۈن ئول سەرۋى سىيمىن تەندۈرۈر.
ئەشك ئىلە ئىشرەت گۈلىن ئاچتىڭ يەنە ئىشىق ئىلكىدىن،
ئەي ھۈسەينىي، ساڭا يۈز تەھسىنۇ مىڭ ئەھسەندۈرۈر.

× ×

گۈل يۈزى ئەتراپىدا ئول لالەئى ئەسفەرمۇدۇر؟
يانىدا زۈلفىمۇدۇر ياكاكۇلى ئەنبەرمۇدۇر؟
لالەئى ئەسفەرمۇ دەي ئول ئاي يۈزىنىڭ دەۋرىدە،
يا قەمەر دەۋرىدە كۆرگۈزگەن ئۆزىن ئەختەرمۇدۇر؟
لەئلىدىنمۇ ھەرزەمان زاھىر بولۇر شىرىن سۆزى،
يوقسە گۈل ياپراغىدىن بولغاي ئايان شەككەرمۇدۇر؟
ئارەز ئۆزرە ھەر تەرەفمۇ كۆز ئاچىپسەن ناز ئىلە،
يا ئاچىلغان ھەر سارى گۈلزار ئارا ئەبھەرمۇدۇر؟
دەھر ئىچىگە ئافەتى تۈشمىش، قىيامەت بولدىمۇ؟
ياكى چىققان بەزمىدىن مەست ئول پەرى پەيكەرمۇدۇر؟
لەئلى مەيدىن جان تاپىپمەن، ساقىيا شەرھ ئەيلەسەم،
بادە قۇتى رۇھدۇر يا ئۆزگەچە جەۋھەرمۇدۇر؟
ئەي ھۈسەينىي، بارچە ئىششاق ئىچرە سەن-سەن بىمەۋا،
ھالىڭە ناسازلىقلار قىلغان ئول كافەرمۇدۇر؟

× ×

قان كۆرۈپ ئەشكىمىنى كۆڭلۈم نالەسىنى سورماغىز،
چاك ئولۇپ كۆكسۈم جىگەر پەركالەسىنى سورماغىز.
ئەزم ئېتىپ ئول غۇنچەئى خەندان ئەدەم گۈلزارىغە،
يۈز سارى ئاچقان سىرىشكىم لالەسىنى سورماغىز.
چۈنكى باردى ياشىم ئەمدى كۆز ئاقىدىن قەترەلەر،
تامغانىن ھەر يان كۆرۈپ غەم ژالەسىنى سورماغىز.
تىيرە كۆڭلۈمدە يۈزىن، كۆزۈمدە دەردىن كۆرگەن ئەل،
غەم تۈنىدە ئاي مىھنەت ھالەسىنى سورماغىز.
ھەجرىدە كۆرگەن ھۈسەينىينىڭ فىغانىن، دوستلار،
يۈسۈف ئۈچۈن پىرى كەنئان نالەسىنى سورماغىز.

× ×

بەئدەزىن، ئەي ھۈسىن ئەھلى، ئەلنى شەيدا قىلماغىز،
بىۋەفالىق ئەيلەبان ئالەمگە رەسۋا قىلماغىز.

ئاڭلاڭ، ئەي ئەھلى ۋەفا، گەر ئۆلسەڭىز تارتىپ جەفا،
بىۋەفالاردىن ۋەفارەسمىن تەمەننا قىلماڭىز.
مەن ئەسىرى ئىشقىمەن، غەۋغا نېدۇر ئۇششاق ئارا،
ئەي رەفىقى پەندگو، ئايتىشلىكى غەۋغا قىلماڭىز.
مەن ئۆلەر ھالەتتىمەن، ئەي يار كويى ئىتلارى،
ئەيلەمەڭ غەۋغا، مېنىڭ سىررىمنى ئىفشا قىلماڭىز.
ئوت تۇشۇپدۇر دەشت ئۆزە ئاھىمدىن، ئەي ئەھلى تەرەب،
لالەزار ئەيلەپ تەسەۋۋۇر ئەزمى سەھرا قىلماڭىز.
سىررىن ئەلگە ئاشكار ئەيلەپ كىشىگە ئىشق ئارا،
زىنھار ئۆز سىررىڭىزنى ئاشكارا قىلماڭىز.
بىر نەفەس جانان بىلەن تاپمىش ھۇسەينىي خىلۋەتى،
بارىڭ، ئەي جانۇ كۆڭۈل، بىردەم ئەلالا قىلماڭىز.

× ×

ۋەھ، نە ھالەتدۇركى مەن ھەر نەچچە كۆرگۈزسەم نىياز،
ئەي مەھى بەد مېھر، سەندىن زاھىر ئولماس غەيرى ناز.
كىمگەكىم بەردىم كۆڭۈل، ۋەھ، دۇشمەنى جاندۇرماڭا،
بولماسۇن ھېچكىمگە مەندەك ئىشق ئارا سوزۇ گۇداز.
تالىئىم زەئفىدىن ئولغاي قاچماغىڭ مەن تەلبەدىن،
يوق ئېسە نېگە پەرى مەجنۇندىن ئەيلەر ئېھتىراز.
يوقتۇرۇر ئىشق ئەھلى ئىچرەمەن كەبى رەسۋا يانە،
كۆرگۈزۈپ كۆپ مېھر يارىغا، ۋەفاسىن كۆرگەن ئاز.
نېچەكىم كۆردۈڭ جەفا مېھرىڭنى ئەفزۇن ئەيلەدىڭ،
ئەي ھۇسەينىي، يوقتۇرۇر ئالەمدە سەندەك ئىشقباز.

× ×

ۋەھكى، ئىشقىڭدىن جەھان ئىچرە فىغانىمدۇر مېنىڭ.
بارچە كويۇ كوچەدە بۇ داستانىمدۇر مېنىڭ.
رەئدۇ بەرق ئېرمەس بۇلۇت ئىچرە كۆرۈنگەن ھەر تەرەف،
بىر قۇياش ھىجرانىدا ئوتلۇق فىغانىمدۇر مېنىڭ.
خەلق داغى ئاشكارا بولسا نەسۇد، ئەي كۆڭۈل،
ئولكى يەتمەي قالغۇچى داغى نىھانىمدۇر مېنىڭ.
جىسمىم ئارا بۇ خەستە جاندىن كەلمەگىل ھەر دەم بەتەڭ،
كىم بىر-ئىككى كۈن بۇ ئۆيدە مېھمانىمدۇر مېنىڭ.
ئۆمر ئۇچۇن قىلسام دۇئاسىن، قىلماغىل يارەب قەبۇل،
چۈن ھەياتىم ئىستەمەس شۇخىكى جانىمدۇر مېنىڭ.
خۇن فىشان كۆزۈمدە قەددىڭنىڭ خەيالى بۇتكەلى،

جۇيبار ئەتراپىدا سەرۋى رەۋانىمدۇر مېنىڭ.
ئاھى خۇنابىمنى لەھنى بارە ئەيلەپدۇر گۇمان،
ئول جەفاچى ئەھدى يالغان بەدگۇمانىمدۇر مېنىڭ.
ياردىن جۇز ياخشىلىق كەلمەس ۋە لېكىن ئالىدا،
زۇلمىغە بائىس كۆڭۈل ئاتلىغ يامانىمدۇر مېنىڭ.
گەر كۆڭۈلسىزلىكدىن ئۆلسەم ئەيب قىلمە، ئەي ھۇسەين،
ۋەھ نېتەي، بەرمەس كۆڭۈلكىم دىلىستانىمدۇر مېنىڭ.

× ×

نېتتى بىر باقماق ئىلە كۆڭلۇمنى خۇرسەند ئەيلەگىل،
ھەجر تارىن بىر زەمان ۋەسلىڭغە پەيۋەند ئەيلەگىل.
ئۇچماسۇن ھۇركۇنچىلىك كۆڭلۇم قۇشى ۋەھ-ۋەھ ئانى،
دانەئى خالۇ كەمەندى زۇلف ئىلە بەند ئەيلەگىل.
بىر ئاچىغ سۆز بىرلە جانىمنى قىلىپسەن تەلخكام،
خەستە جانىمنىڭ ئىلاجى بىر شەكەر خەند ئەيلەگىل.
يا رەب، ئول يۈزنى يىراق سالما كۆزۈمدىن، يا ئاڭا
مۇنچە گۇللاركىم ئاچىلمىش، بىرنى مانەند ئەيلەگىل.
يار جەۋرىدىن ۋەفا ئۈستىگە كەلمىش، ئەي كۆڭۈل،
قىلماسۇن دەپ ئۆزگە ئانى ئەھدۇ سەۋگەند ئەيلەگىل.
تەلبەرەپ قالغان كۆڭۈل رەھم ئەيلەمەس پەندىمنى ھىچ،
ئانى لۇتف ئەيلەپ، تەبىبا، قابىلى پەند ئەيلەگىل.
ئەي ھۇسەينىي، گەر ئۆزۈلسە كۆڭلۈڭ ئول مەھپارىدىن،
ئانى تىغى قەتل ئىلە پەركەندۇ پەركەند ئەيلەگىل.

× ×

مەن ھىلال ئولدۇم غەمىڭدىن، سەن قۇياشسەن، ئەي سەنەم،
يوق ئەجەب گەر بولسا، مەندىن كەمىلىكۇ سەندىن كەرەم.
باغ ئارا خاشاك ئەلدىن ھەر تەرەپ مەيل ئەيلەسە،
سايەسىنى ئەيلەمەس باشىمدىن ئانى سەرۋ كەم.
چۇن غەمۇ فەريادۇ ئەفغانى ئېرۇر گۇل شەۋقىدىن،
ھەر نىھال ئۈزرە ئەگەر بۇلبۇل نەۋا تارتار نەغەم.
ھەر قايان سەير ئەتسە پەرۋانە شەبىستان سەھنىدە،
يار بۇ رەۋشەنكىم، چېكەر شەمئ ئوتى كۆڭلىدىن ئەلەم.
كۆزۈ زۇلفۇڭ بىرلە ئاغزىڭ سىررىنى ئىلتۇر جان ئارا،
گەر ھۇسەينىي دەردى ئىشقىڭ يولىدا بولسا ئەدەم.

× ×

زۇلفى ئىچرە گۇل، گۇل ئىچرە لەئلى خەنداندۇر نىھان،
تۈندە مېھرۇ مېھر ئارا سەر چەشمەئى جاندۇر نىھان.

تىيرە كۆڭلۈم ئىچرە جانپەرۋەر لەبىڭ پىنھانلىقى،
زۇلمەت ئىچرە ئول سىففەتكىم ئابى ھەيۋاندۇر نىھان.
غۇنچە ئىچرە ئۈيلەكىم ھەريان نىھان بولغاي تىكەن،
ھەجىر ئوقىدىن كۆڭلۈم ئىچرە ئانچە پەيكاندۇر نىھان.
ئەھلى دىن ئىچرە، مۇسۇلمانلار، نىتىپ پەيدا بولاي،
كىم بۇزۇق كۆڭلۈم ئارا بىر نامۇسۇلماندۇر نىھان.
سورما، سوزى بىرلە ئەفغانىڭ قايان پىنھان ئېرۇر؟
جانىم ئىچرە سوزى، كۆڭلۈم ئىچرە ئەفغاندۇر نىھان.
دەۋر ئاياغىنى، ساقىيا، بىردەم ئىلىكدىن سالماكىم،
كۆڭلۈم ئىچرە بىر نەچە ئەندۇھى دەۋراندۇر نىھان.
گەر ھۇسەينىي ئىيدگاھدا ئاھ چەكتى شۇكركىم،
غەيرىدىن دۇد ئىچرە ئول خۇرشىدى رەخشاندۇر نىھان.

× ×

ئىشىق ئارا ھېچكىم مېنىڭدەك زارۇ شەيدا بولماسۇن،
بولسا ھەم ۋەھ مەن كەبى مەھجۇرى رەسۋا بولماسۇن.
ھېچ كىشى ئىشىق ئىچرە مەندەك بولماسۇن كۆڭلى شىكەست،
ئەھلى ھۇسن ئىچرە سېنىڭدەك كۆڭلى خارا بولماسۇن.
جەۋرۇ بىدادىڭنى مۇھلىك ئىستەرەم جانىمغەكىم،
ھېچكىمگە ئىشقى ئول ئايىنىڭ تەمەننا بولماسۇن.
ھەرزەمان كۆرمەككە ئول ئارەزنى يوقتۇر تاقەتىم،
ئىشىق ئارا ھېچكىم مېنىڭدەك ناشكىبا بولماسۇن.
خەستە كۆڭلۈم رەشكىدىن بىھالمەن ئول كوي ئارا،
ئايتىڭىز مەن ئاندا ئېركەن چاغدا پەيدا بولماسۇن.
كويىدا شەيدا كۆڭۈل فەرياد قىلما بەئەزىن،
كېچە يۈ كۈندۈز ئويۇر ۋەقتىدە غەۋغا بولماسۇن.
يار مۇستەغنىدۇر ئانداقكىم، قاشىدا تەڭدۇرۇر،
گەر ھۇسەينىي بولسا ئانىڭ ئاللىدە يا بولماسۇن.

× ×

سېنى كۆرگەچ دەر ئىدىم چىققاي فىغان جاندىن بۇرۇن،
چىقماسۇن دەپ رەشكىدىن جان چىقتى ئەفغاندىن بۇرۇن.
نامەئى شەۋقىن تاشىغە يازماسام ئاتىن، نە ئەيب؟
ئەل كۆزى تۈشمەس چۇ مەزمۇنىغە ئۇنۋاندىن بۇرۇن.
ئەۋۋەل ئول يۈز جىلۋە قىلدى، سوڭرە زاھىر بولدى خەت،
گۈل زۇھۇرىدىن، ئەي كۆڭۈلكىم، كۆردى رەيھاندىن بۇرۇن.
سورماغىمغا گاھ كېلۇر ئول ئاي خەدەڭىن چەكمەگىز،

چىقماغاي جان تاكى ئول كەلگۈنچە پەيكانىدىن بۇرۇن.
ۋەھ نە ھالەتدۇركى، يۈز شەمشاد قەد چىقسا پەرى،
ئۆچراماس كۆزۈمگە ئول سەرۋى خىرامانىدىن بۇرۇن.
رەھم قىلىكىم، بار ئىكەندۇر ئاشىقۇ مەئشۇقى ھەم،
مەن گەدايى دەھرۇ سەن ئاشۇبى دەۋرانىدىن بۇرۇن.
دىمەكىم ئىشقى ئەزەلدىن قىسمەت ئولمىش جانىمە،
ئەي ھۆسەينىي بۆ نەسىب ئولمىش ساڭا ئانىدىن بۇرۇن.

× ×

ئەي ۋىسالىڭ خەستە كۆڭلۈم مەھرەمى ئارامىجان،
ئۆلمەدىم ھىجران ئىلىدىن مەن، قاتىق جانلىق يامان.
دەرد ئىلە ھەردەم ساچارمەن لەئلىنى ئەشك ئورنىغە،
ئىككى ئالەم ئىچرە يوقدۇر كۆزلەرىمدەك بەھرۇ كان.
گەر فىراقىڭ مىھنەتى بۆدۇر مەنى بىچارەغە،
تاپماغايسەن بۆ مەنى دىلخەستەدىن نامۇ نىشان.
ھەر قاچان چىقساڭ خىرامان قەددۇ ئاغزىڭنى كۆرۈپ،
ئاھ بىرلە تەڭ چىقار ئولدەم بەدەندىن ئۆشبۇجان.
ئاقىبەت بىر كۈن ھۆسەينىينى جەفا تىغى بىلە،
«قەتل قىلغۇمدۇر» دىدىڭ، ئەي دوست، بىسمىللاھ رەۋان.

× ×

ئەي سىنىڭ جادۇ كۆزۈڭ سەرفىتنەئى ئاخىر زەمان،
لەبلەرىڭدۇر خەستە كۆڭلۈمگە ھەياتى جاۋىدان.
ئەي قۇياش يۈزلۈك سەنەم، ھالىم كۆرۈپ رەھم ئەيلەكىم،
يەتتى كۆككە ھەر نەفەس ھەجرىڭدە فەريادۇ فىغان.
ئەل ئاراسىدا نىچە سىررىمنى پىنھان ساقلادىم،
بۆ سارىغ يۈز ئاشكارا ئەيلەدى سىررى نىھان.
گەر خەيالىڭ بولسە مىھمان كۆڭلۈم ئۆيۈندە دەمى،
ئەيلەگەي يۈز سارى ھەردەم كۆزلەرىم گەۋھەر فىشان.
دىدىم: «ئەي جان، دەردىمە ۋەسلىڭ بىلە بىر چارە قىل،»
كۈلۈپ ئايتۇر: «ئەي ھۆسەينىي، تۆتما مەندىن بۆگۈمان».

× ×

ئول قۇياشكىم ئاي يۈزۈڭنىڭ دەۋرىدە قىلمىش قىران،
بارچە مەھۋەشلەر ئاراسىندا ئىرۇر ساھىبقىران.
مۆئجىزىدۇر كەھكەشان، ئەنجۈمدۇر ئانىڭ ئىنجۈسى،
كۆرمەدى يۈز كۆز بىلە گەردۈن مىنىڭدەك بىر قىران.
ئىنجۈدىن ئول شاھدۇركىم ئەيلەدى پامال ئانى،

يا سۇرەيیادۇر ئاياغىن ئۇپكەلى كەلمىش رەۋان.
گۇل يۇزۇڭ دەۋرىدە تۇزگەن ئىنجۇلار ئېرمەسكى بارە
قەترە گۇللار ياپراغى ئۇستىدە شەبنەمدىن ئەيان.
بار ئىكەن ئول مەھجەبىن يۇزىندە تەرنىڭ قەترەسى،
يا قەمەر ئەتراپىدا كۆرگۆزدى ئەنجۆمدىن نىشان.
كۆرگەچ ئول مەھۋەش قىرانىن كۆزلەرىم تۆكتى سىرىشك،
بارماغىن بوغماق ئەجەپ، ئاي هالە باغلانغان زەمان.
ئەي هۇسەينىي، يەتتە كەۋكەبدە تەمەننا باركىم،
تەۋرەگۆچى باشىدا تۇتقايلار ئىنجۇدەك مەكان.

× ×

خەتتىنىڭ تارى تۇشۇپتۇر لەئلى مەيگۇن ئۇستىنە،
ئۇيلەكىم جان رىشتەسى بىر قەترەئى خۇن ئۇستىنە.
تىشلارى ئۇستىدە هەركىم لەئلىنى كۆرگەچ دېدى،
بەرگى گۇلدۇركىم تۇشۇپتۇر دۇررى مەكنۇن ئۇستىنە.
خالىنىڭ هەردەم خەيالى تەلبە كۆڭلۇمدە ئېرۇر،
زاغلار ئاندافكى غەۋغا قىلدى مەجنۇن ئۇستىنە.
ئايتقاي سەرۋ ئۆزرە گۇل پەيۋەند قىلمىش باغبان،
كىمكى كۆرسە ئارەزىڭ ئول قەددى مەۋزۇن ئۇستىنە.
ياكى ئايىنىڭ سەمەندى نەئلىدىن كەلدى نىشان،
ئول قۇياش رەخشان مەگەر سەكرەتتى گەردۇن ئۇستىنە.
مەيگە خىرقەم رەهنۇ مەن مەخمۇر، نەتتى مەيپۇرۇش،
يانە بىر پەيمانە هەم بەرسەڭ بۇ مەرهۇن ئۇستىنە.
سەيلى ئەشك ئىچرە، هۇسەينىي، چۇن كۆرۇنمەس ئىستەسەڭ،
كىم كۆرۇنگەي تۇشسە بىر خاشاك جەيهۇن ئۇستىنە.

× ×

نۇقتەئى خالىڭ ئەجەب ئول لەئلى خەندان ئۇستىنە،
كىم بولۇر بىر قەترە دائىم ئابى هەيۋان ئۇستىنە.
هەجرىڭ ئوقى تا تىكىلمىش كۆڭلۇمە، ئەي قاشى يا،
لەئلگۇن ئەشكىمگە ئوخشار خارى مىژگان ئۇستىنە.
ناۋەكىڭغە باقكى داغى هەسرەتىمدىندۇر نىشان،
جەۋهەرىكىم كۆرۇنەر پولاد پەيكان ئۇستىنە.
ئەي سەبا، قانلىق كۆزۇمگە كويىدىن يەتكۇر غۇبار،
رەسم ئېرۇر تۇپراق تۆكمەك دائىما قان ئۇستىنە.
ئىشق تىغىدىن بۇزۇغ كۆڭلۇمدە ئېردى چاكلار،
ۋەهكى بولدى هەر سارى ئول داغى هىجران ئۇستىنە.

لەئلى سىيرابىڭ غەمىدىن ناتەۋان جىسمىم ئارا،
مىسلى خاشاكىكى تۈشكەي ئابى ھەيۋان ئۈستىنە.
ئەي ھۆسەينىي، يار كەلگەچ نەقدى جان ئەيلەر نىسار،
ئەل ساچىق ساچقان كەبى دىلخاھ مىھمان ئۈستىنە.

× ×

ئۇل زۇمۇرەد خەتكى چىقمىش لەئلى خەندان ئۈستىنە،
سەبزەئىدۇركىم تۈشۈپتۇر ئابى ھەيۋان ئۈستىنە.
بۇرقەئىن ئالغاچ قەدۇ رۇخسارىدىن قالدىم ئەجەب،
گۇل ئاچىلماغ تۇرفەدۇر سەرۋى خىرامان ئۈستىنە.
زەئفىم ئانداقتۇركى بىر-بىردىن تۆكۈلگەي پەيكەرىم،
قونسا قۇش ناگاھ مىنى مەجنۇنى ئۇريان ئۈستىنە.
ھەجر ئوتىدىن بىر شەرەر ئالەمنى ئۆرتەر، ئەي تەبىب،
مەرھەمىڭ نە نەفئى قىلغاي داغى ھىجران ئۈستىنە.
شەك ئەمەسكىم سەيردىن قالغاي تەھەررۇك ئەيلەمەي،
قويسەلەر ناگاھ غەمىمنى چەرخى گەردۇن ئۈستىنە.
چەرخ زۇلمىدىن بۇزۇغ جىسمىم ئىرۇر يەر بىرلە تەڭ،
ۋەھ، بەلا تاشى نەچە ياغقاي بۇ ۋەيران ئۈستىنە.
چۇن ھۆسەينىي، يۈز ئاياغ خۇناب كۆزىدىن تۆكەر،
سەن داغى يەتكۈر ئاياغ بۇ چەشمى گىريان ئۈستىنە.

× ×

ئاھكىم، بولدۇم يەنە ئىشق ئىچرە شەيدا ئۆزگەچە،
ئەقلى ھۇشۇمدىن جۇدا، خەلق ئىچرە رەسۋا ئۆزگەچە.
ۋەھم ئىتەر ئىردىم بەلايى ھەجردىن يۈز ۋايكىم،
جانىمە تۈرلۈك بەلالار بولدى پەيدا ئۆزگەچە.
ھۇشۇ ئەقلىم تاپتىلار تاراجكىم، ئىشقۇ فىراق،
سالدى كۆڭلۈم كىشۋەرى مۈلكىگە يەغما ئۆزگەچە.
بولسە ھالىم ئۆزگەچە ئەيب ئەتمەگىز، ئەي دوستلار،
كىم تۈشۈپتۇر دىلبەرىم باشىغە سەۋدا ئۆزگەچە.
يار بولسە ئۆزگەچە، ۋەھ، ئىختىيارى باردۇرۇر،
بولماغۇمدۇر مەن ۋەفا بابىدا قەتئا ئۆزگەچە.
بۇ چەمەن رەئنالارىنىڭ جىلۋەسى بىر نەۋئ ئەمەس،
ھەم گۇل ئەيلەر ئۆزگەچە، ھەم سەرۋى رەئنا ئۆزگەچە.
ئەي ھۆسەينىي، ئافىيەت كويىدا مەسكەن تاپماغۇڭ،
ئۆزنى بۇ ئاشۇفتەلىكدىن قىلماغۇڭ تا ئۆزگەچە.

× ×

ۋاي، يۈزمىلك ۋايكىم، سەرۋى رەۋانىم باردىلا،
سەبرۇ هۇشۇم مۇلكىدىن ئارامى جانىم باردىلا.
رىشتەئى جانىم بىلە ۋەسلى ئانىڭ پەيۋەند ئىدى،
جاۋىدان فۇرقەت كېلىپ پەيۋەندى جانىم باردىلا.
كىم بىلە ئەنگىزى مېهر ئەتكەيمەن ئەمدى، ئەي كۆڭۈل،
چۈنكى مېهرەنگىز ئوتلۇغ مېهرىبانىم باردىلا.
سورما جانىم هالىدىن، داغى جەهان ئىقبالىدىن،
ئەي رەفىقى مېهرىبان، جانۇ جەهانىم باردىلا.
ناتەۋان بولسام غەرىب ئېرمەس ئانىڭ هىجرانىدىن،
نە ئۈچۈنكىم ئول غەرىبى ناتەۋانىم باردىلا.
گەرچە ئىستەپ تاپمادىم لېكىن كۆزۈمدىن بارغالى،
ئانى ئىستەپ يۈز سارى ئەشكى رەۋانىم باردىلا.
ئەي هۇسەينىي، هەجرىدە تاپسام هەلاكى جاۋىدان،
قىلماغىل هەيرەت هەياتى جاۋىدانىم باردىلا.

× ×

هۇسن ئىلە سەن كامىلۇ شىرىنۇ لەيلى شۆهرەتى،
ئىشق ئارا مەن زار ئولۇپ، فەرهادۇ مەجنۇن تۇهمەتى.
ئافىيەت چاغى فەراغەت ساغىنۇر ئېردى كۆڭۈل،
ئىشق ئارا بەلگۈردى، ۋەھ - ۋەھ ئول فەراغەت مېهنەتى.
ئىشق تىغىدىن تەنىمدە يۈزتۈمەن داغى ئەلىف،
بىر گەدا يەڭلىغكى تۆش - تۆشدىن كېسىلمىش كىسۋەتى.
ئاھ ئوتى ئۆرتەپ تەنىم ئىشقىڭدا پېچۈتاب ئىلە،
ئول سەبەبدىن بولدى گويا بەرق يەڭلىغ هەيئەتى.
ئىشقىدا جانىمنى ئال، جىسمىمنى كۆيدۈر، ئەي ئەجەل،
يەلگە ساۋۇرغىلكى ئىشق ئەهلىنىڭ ئولسۇن ئىبرەتى.
ئەي هۇسەينىي، دەرئىدىم ئىشقىڭنى پىنهان ساقلامەن،
بىلمەدىمكىم، ئەيلەمىش، كۆز ياشى ئالەم شۆهرەتى.

× ×

ئىشقىڭ ئوتى جىسمۇ جانى ناتەۋانىم ئۆرتەدى،
تۇرفە ئوت ئېردىكى پەيداۋۇ نىهانىم ئۆرتەدى.
روزىگارىم ئەيلەدى خالىڭ سەۋادىدەك قارا،
روزىگارىم خۇد نە بولغاي خانۇمانىم ئۆرتەدى.
سورسەلەر ئەهباب كۆڭلۈم كۆيگەنىن ئايت، ئەي سەبا،
كىم، ئانى بىر خۇر دە ماهى خۇردەدانىم ئۆرتەدى.

ئۇتلۇغ ئەھۋالىمنى كۆرگەن خەلق كۆيدى سەربەسەر،
كۆرمەگەننى ھەم ئىشىتكەن داستانىم ئۆرتەدى.
نىچەكىم ۋەسلى نىھالىن جان ئارا ئەكتى كۆڭۈل،
ھەجر ئوتى بىرلە ئانى سەرۋى رەۋانىم ئۆرتەدى.
يەتتى كۆككىم، زاھىر ئەيلەر جىسمىمدا گۈل رەڭگىنى،
ئەي ھۇسەينىي، بارچەسىن ئۇتلۇغ فىغانىم ئۆرتەدى.

× ×

غەم يىمە مەجنۇن كۆڭۈلكىم، دىلرەبايىڭ كەلگۈسى،
بەزمى ئەيشىڭ تۈزگۈچى ئىشرەت فەزايىڭ كەلگۈسى.
ئەيلەگىل پەرۋاز، ئەي شەھبازى قىممەتكىم، بۇ كۈن،
تايىرى قۇدس ئاشيانىدا ھۇمايىڭ كەلگۈسى.
تىيرە شاھى‌ھەجرىدە كۆپ قالما تاڭكىم، مىھر، ئىلە،
سۇبھى دەۋلەتدەك چىقىپ تابەندە ئايىڭ كەلگۈسى.
غەم يىمە لەب تەشنە ھىجران دەشتىدە ھەيران قالىپ،
كىم زۇلالى ۋەسل ئىچەرگە رەھنەمايىڭ كەلگۈسى.
ئەي ھۇسەينىي، قىلماغىل ئىشرەت نەۋاسىنكىم، بۇ كۈن،
كىم گۈلىستانى نىشاتىڭدا نەۋائىڭ كەلگۈسى.

× ×

ئىشقىم ئوتىدىن كىيىپ، مەجنۇن بىر ئۇچقۇن ئىستەدى،
ئال، دىيدىم سۇنغاچ ئىلىك، باشدىن - ئاياغىن ئۆرتەدى.
چۈن ئىشىتتى ۋامىقۇ فەرھاد، مەجنۇن كۆيگەنىن،
كىيىبان كۆرگەچ ئىكەۋ ھەسرەت ئالاردا چۆركەدى.
قالمادى ئول ياركويىندا يىرى قان بولماغان،
ئىتلارى مەجرۇھ جىسمىمنى چۇ ھەريان سۆدرەدى.
خەستە كۆڭلۈم تىلماغىلكىم، قالمادى تىغى ئائىڭ،
گەرچە ھىجران قۇشلارىغا بىر - بىر ئانى توغرادى.
نې غەمىڭ چىقتىيۇ نە ئەغيار مىھرى تاپتى يول،
ناۋەكىڭ پەيكانى تا كۆڭلۈم شىكافىن تۆكرەدى.

## مۇخەممەسلەر

ئولكى جانىم گۈلشەنىدە بار ئىدى خۇررەم بەھار،
ئەيلەر ئىردى غۇنچەئى خەندانىدىن گەۋھەر نىسار،
خارى ھەجرىدىن تاپىپ ئىردى ئەمان، جانى فىگار،
غۇنچەئى خەندان بارىپ كۆڭلۈمدە قالدى خار - خار،
تىنماغۇر جانىمغە ئانسىز دۇنيادا بارى نە بار.

دەھر بوستانىنى سەنسىز كۆزگە ئىلماس بۇ كۆڭۈل،
باغ سەيرى دەردىنىڭ ئارامى بىلمەس بۇ كۆڭۈل،

سەرۋ بىرلە لالە سارى مەيل قىلماس بۇ كۆڭۈل،
سەرۋ قەددى لالە رۇخلاردىن ئاچىلماس بۇ كۆڭۈل،
ۋاھ نېتەيكىم، دەھر باغى ئىچرە يوق ئول گۈل ئۇزار.

ئول جىگەر پەرگالەسى ۋەھكىم تىلەپ مەندىن فەراغ،
ناتەۋان كۆڭلۈمگە قويدى فۇرقەتى داغ ئۈزرە داغ،
لەھزە ـ لەھزە شەۋقى بەزمىدە چىكەر ئىردىم ئاياغ،
ۋەسل جامىدىن ئاچىلۇر ئىردى كۆڭلۈم باغ ـ باغ،
ۋاي، يۈزمىڭ ۋايكىم، ئول مەي ئىرۇر قىلمىش خۇمار.

ئەيكى، يۈز پەركەندلىغ باغرىمگە بىر پەركەند ئىدىڭ،
بەلكى ھىجران چاكى قىلغان زەخمىمە پەيۋەند ئىدىڭ،
كۆڭلۈمە دەرمەنكى، چۇن ۋەسلىغە ھاجەتمەند ئىدىڭ،
قايداكىم كۆرسەڭ ئانى كۈلمەك بىلە خۇرسەند ئىدىڭ،
ئەكسىن ئەيلە، ئەي كۆڭۈل، ھەر يەردە يىغلا زار ـ زار.

گۈل كەبى رۇخسارىڭگە ھەردەم ھەۋا ئەيلەي دېدىم،
شەۋقىدە ئاشۇفتە بۇلبۇلدەك نەۋا ئەيلەي دېدىم،
ھەجرۇ غەم زەخمىغە ۋەسلىڭدىن دەۋا ئەيلەي دېدىم،
ۋەسل ئارا ھەردەم ساڭا جانىم فىدا ئەيلەي دېدىم،
نېچۇن، ئەي ئارامى جانىم، ئەيلەدىڭ مەندىن كەنار.

مەن غەنىمەت تۇتمىش ئىردىم ئول سۇمەنبەر ۋەسلىنى،
ئەيلەدى مەندىن جۇدا چەرخى سىتەمگەر ۋەسلىنى،
سەئيى ئىلە مۇمكىن ئەمەس قىلماق مۇيەسسەر ۋەسلىنى،
ئەي كۆڭۈل، تۇتغىل غەنىمەت شاھ مۇزەففەر ۋەسلىنى،
كىم، ئۆتۈپدۇر دۇنيادا مۇنداغ بەلالار بىشۇمار.

ۋەھكى، دەۋران زۇلمىدىن قالدىم ئەجەب ماتەم ئارا،
تۇشمەگەن بۇ نەۋ بىر ماتەم بەنى ئادەم ئارا،
ئەي ھۇسەينىي، يارسىز سەن نەيلەگۈڭ ئالەم ئارا،
ھەجرىدىن نالەپ نەۋائىمدەك تۇمەنىمىڭ غەم ئارا،
قوپ ئەدەم سەرمەنزىلى ئەزمىن قىلىپ، كىبىنچە بار.

× ×

لەئلى جان بەخشىندىن ئابرۇ ئابى ھەيۋاننى نېتەي،
ھەردەم ئەر يۈزجان بىرۇر جانانەسىز جاننى نېتەي،
گەر ئەمەس مەنزۇر يۈزۈڭ، ھۇرۇ غىلماننى نېتەي،

گۈلشەنى كويۇڭدىن ئايرۇ باغى رىزۋاننى نېتەي،
باشىمە گەر گۈل ساچار سەنسىز گۈل ئەفشاننى نېتەي.

ھەجر ئەندۇھىدا تا گۈلشەن ئارا قىلدىم گۈزەر،
سەرۋ بويى قامەتىڭنىڭ نەخلىدىن بەردى خەبەر،
لېكىن ئانىڭ ۋەسلىدىن نە بەھرە تاپتىم، نە سەمەر،
نەخل قەددىڭ چۈن ئەمەس گىريان كۆزۈمدە جىلۋەگەر،
جۇيبار ئەتراپىدا سەرۋى خىراماننى نېتەي.

جىسمۇ جاننى ئىستەمەن، بىللاھكى، جانانىدىن جۇدا،
كۆرسەڭ ئول مەھۋەشنى ھالىم ئەرز ئېتىپ ئېلت، ئەي سەبا،
لېك زىنھار ئالىدە بۇ نەۋئ قىلغايسەن ئەدا،
ئول ئىتىگگە بولماسا تۈئمە نەۋالىڭدە فىدا،
زەئفلىك پەيكەرنى نەيلەي، ناتەۋان جاننى نېتەي.

بىردەم، ئەي ئەھباب، ھەر سارى قاشىمدىن كەتمەگىز،
ھەرنەكىم دەرمەن مۇۋەججەھ بولماسا ئىشتىتمەگىز،
بۆكى دەرمەن چېھرىدىن قاندىغ ياشىم ئارىتماگىز،
لەئلگۈن ئەشكىم لەبى ھىجرانىدا ئەيب ئەتمەگىز،
كۆز يولىدىن تۆكمەيىن باغرىمدىكى قاننى نېتەي.

بۇ ئەجەبدۇركىم، ساڭا مەئلۇم بولمايدۇر بۇ سىر،
كىم ئېرۇرمەن لەئلى شەۋقىدىن ئۆلۈمگە مۇنتەزىر،
گەر سۈيۈگدىن ھەر نەفەس يۈزجان بەرسەڭ بارمۇ زىر،
زۇلمەتى ھەجرىدە چەشمەڭ ۋەسفىن ئەتمە، ئەي خىزىر،
مەنگى ئۆمرۈمدىن تويۇپمەن، ئابى ھەيۋاننى نېتەي.

سۆز ئىلاجىمدىن دېمە، ئەي بەھرى ئىشق ئىچرە غەرىق،
كىم بولۇپتۇر دەپ غەمىڭدىن داغ ئىلە جىسمىم ھەرىق،
گەر ماڭا بارسەن مۇھىببۇ مۇشفىقۇ يارۇ شەفىق،
داغىمە مەرھەمنى كۆپ تەكلىف قىلما، ئەي رەفىق،
تۇتتۇم ئول داغىم ئوڭالدى، داغى ھىجراننى نېتەي.

تا ئايىردى مەندىن ئول مەھۋەشنى چەرخى كەج نىھاد،
ئەي ھۇسەينى تەلبە كۆڭلۈم بولمادى ھەر لەھزە شاد،
ئاقىبەت چۈن تاپمادىم ئول شوخ ۋەسلىدىن مۇراد،
ياردىن ئايرۇ بۇزۇغ كۆڭلۈمگە قىلدىم خەيرىباد،
ئەي نەۋائى، ئۇيلە گەنج ئولماي بۇ ۋەيراننى نېتەي.

1959 – يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئۆزبېك ئەدەبىياتى» نىڭ 1 – تومىدىن.

# ئابدۇراخمان جامى

شىرىن قۇربان

## 1 . جامىنىڭ ھاياتىدىن قىسقىچە مەلۇمات

نۇرىددىن ئابدۇراخمان جامى (1414 - 1492 - يىللار) مۇتەپەككۇر شائىر، ھۇرىيەتپەرۋەر، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى، مەشھۇر سوفىزم يولباشچىسى ۋە پەيلاسوپىدۇر. ئۇنىڭ مول ئەدەبىي ئىجادىيىتى XV ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىجتىمائىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن كۆرۈنۈشىدۇر.

جامى خۇراسان (ھازىرقى ئىران دائىرىسىدە) نىڭ جام دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ئىسپاھان شەھىرىدىن ئىدى. ئۇ كىچىك چېغىدا دادىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەينى زامانىدىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان ھىرات شەھىرى (ھازىرقى ئافغانىستان دائىرىسىدە) گە كېلىپ ماكانلاشقان. جامى دەسلەپتە نىزامىيە مەدرىسىدە تاجىك تىل - ئەدەبىياتى بىلەن ئەرەب تىلىنى ئوقۇغان. كېيىن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ جەمئىي يەتتە قېتىم ساياھەتكە چىقىپ، ھەمەدان، كوردىستان، باغدات، مەككە، دەمەشىق، تەبرىز، ئىران ھەم ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپلىگەن جايلىرىغا بارغان. ئۇ يەرلەردە ھەر ساھە، ھەر تەبىقە كىشىلىرى بىلەن ئۇچراشقان، دانىشمەنلەرنى زىيارەت قىلغان. يازغۇچى، شائىرلار بىلەن كۆپ قېتىم ھەمسۆھبەت بولغان ۋە ئاتاقلىق سوفىستلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغان. ئۇزۇن يىللىق ساياھەت جەريانىدا ئۇ تىل - ئەدەبىيات، پەلسەپە، ئىلاھىيەت، تارىخ، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ دائىرىلىك بىلىملەرگە، مول ماتېرىياللارغا ئىگە بولغان.

جامى ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتچىسى. ئۇ سوفىزم ئەقىدە - تەلىماتلىرىنى كەڭ تەشۋىق - تەرغىب قىلغانلىقى، بۇ ھەقتە كۆپلىگەن دەستۇرلارنى يازغانلىقى سەۋەبلىك پۈتۈن ئىسلامىيەت دۇنياسىدا كاتتا شۆھرەت قازانغان. ئۇ قېيىن ئاتىسى سەدىرىددىننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن سوفىزمنىڭ يولباشچىسى بولغان. شۇڭا ئۇ 58 يېشىدا بىر قېتىم مەككىگە تاۋاپقا بارغاندا، يول بويى يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ، ھەر ساھە خەلقىنىڭ دەبدەبىلىك قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن.

جامى يەنە ئەلىشىر نەۋائى (1441-1501 - يىللار) نىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق خۇراسان شاھى ھۈسەيىن بايقارا (1469 — 1506 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان) بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان.

جامى ياشىغان دەۋر چىڭگىزخان ھۆكۈمرانلىقى يوقىلىشقا يۈزلىنىپ، تېمۇرىلەر ئوتتۇرا ئاسىيا سەھنىسىگە چىققان بىر شارائىتقا توغرا كېلىدۇ. تېمۇرىلەر دەۋرىدە ۋەزىيەت بىرقەدەر ئوڭشىلىپ، مەدەنىيەت يېڭىباشتىن جانلىنىشقا باشلىغان، ھىرات، سەمەرقەند، بەلخ قاتارلىق شەھەرلەردە بىر قىسىم ئالىم، يازغۇچى ۋە سەنئەتكارلار بارلىققا كەلگەنىدى.

يۇقىرىدىكى تۇرلۇك ئوبيېكتىپ ئامىللار ئابدۇراخمان جامىنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن تەتقىقاتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

## 2. جامىنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، جامى ھەرقايسى پەنلەرگە ئائىت جەمئىي 100 پارچىغا يېقىن چوڭ - كىچىك ھەجىمدىكى ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر جامىدىن كېيىن توپلىنىپ، «كۇللىياتى جامى» نامى بىلەن دۇنياغا تارالغان.

جامىنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن تۆۋەندىكىلەر بار:

ھەفت ئەۋرەڭ — («يەتتە تەخت») «خەمسە جامى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ نىزامى گەنجەۋى، خىسرەۋ دېھلەۋى خەمسىلىرىدىن كېيىن، شەرق خەمسىچىلىكى تارىخىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان 3 - خەمسە، يەنى جامى خەمسىسىنى كۆرسىتىدۇ.

«ھەفت ئەۋرەڭ» — لەيلى - مەجنۇن»، «ئىسكەندەر نامى»، «يۇسۇپ - زلەيخا»، «سەلامان - ئەبسال»، «ئالتۇن ئاچقۇچ»، «ھۇرلەر سوۋغىسى»، «ئىخلاسمەنلەر تەسۋىيسى» دىن ئىبارەت يەتتە چوڭ داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«لەيلى - مەجنۇن» مۇھەببەت داستانى بولۇپ، ئۇنىڭدا لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ مۇھەببەت قىسسىلىرى ئارقىلىق، ئۆز دەۋرىدىكى فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى قاتتىق ئەيىبلىنىدۇ.

«ئىسكەندەرنامە» داستانىدا شائىر پادىشاھى ئىسكەندەرنى ئادىل شاھلارنىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، غايىۋى گۈزەل جەمئىيەتنىڭ كۆركەم خەرىتىسىنى شەكىللەندۇرگەن.

«سەلامان ۋە ئەبسال» داستانىدا شائىر سەلامان بىلەن ئەبسالنىڭ مۇھەببەت تراگېدىيىسىنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن سۈرەتلەپ بەرگەن.

«يۇسۇپ - زلەيخا» — «خەمسە جامى» ئىچىدىكى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ۋە شائىرغا شانۇ - شەۋكەت ئېلىپ كەلگەن لىرىك مۇھەببەت داستانى. بۇ داستاننىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى، شائىر «قۇرئان» ۋە «ئىنجىل» دىكى قىزىقارلىق ھېكايىلارنى سۆزلەش ئارقىلىق رېئال جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك زىددىيەتلىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. يەنە بىرى، داستاننىڭ ۋەقەلىك لىنىيىسى مۇرەككەپ ۋە مەنتىقىلىق، پېرسوناژلىرى كۆپ، بەدىئىي سەنئىتى ئۆزگىچە بولۇپ، ئوقۇغاندا كىشىگە بىر خىل گۈزەللىك تۇيغۇسىنى بېغىشلايدۇ. داستان-

نىڭ يەنە بىر مۇھىم خاسلىقى شۇ يەردىكى، باش پېرسوناژ يۇسۇپ بىلەن زىلەيخانىڭ كەچۈرمىشلىرى زىددىيەتلىك بولسىمۇ، شائىر ئاخىرىدا ئەپچىل بەدىئىي ماھارەت ئارقىلىق بۇ ئىككى شەخسنى ئويلىمىغان يەردە ئۇچراشتۇرىدۇ. داستان يۇسۇپ بىلەن زىلەيخانىڭ جۈپلىشىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ نۇقتا رېئال تۇرمۇشتا كىشىگە ئىلھام ۋە ئۈمىد بېغىشلايدۇ.

سوفىستىك داستانلاردىن جامىنىڭ «ئالتۇن ئاچقۇچ»، «ھۆرلەر سوۋغىسى»، «ئىخلاسمەنلەر تەسۋىيسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. بۇ داستانلاردا ئاساەن تەسەۋۋۇپنىڭ پەلسەپىۋى ئەقىدە ـ تەلىماتلىرى ئوخشىمىغان جەھەتلەردىن يورۇتۇپ بېرىلگەن. شۇڭا بۇ ئۈچ داستان سوفىزمچىلار ئارىسىدا غايەت زور تەسىر قوزغىغان.

«باھارىستانى جامىي» ــ جامىنىڭ «باھارىستان» ناملىق نەسرىي ئەسىرى ئوبزورچىلار تەرىپىدىن XV ئەسىر نەسرچىلىقىنىڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ تەرىپلىنىدۇ. بۇ ئەسەر مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن سەئدى شىرازىنىڭ «گۈلىستان» ناملىق داڭلىق ئەسىرىگە تەقلىد قىلىنىپ يېزىلغان.

«ئۇلۇغلار تەرجىمىھالى» ــ بۇ سوفىزم ئېقىمى تارىخىدىكى 600 دىن ئارتۇق مەشھۇر سوفىستلارنىڭ تارىخىي پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى سوفىزم ئېقىمىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىيات جەريانى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

«ھىرات تارىخى» ــ بۇ جامىنىڭ تارىخىي ۋە بەدىئىي ئەسىرى بولۇپ، بۇنىڭدا ئاپتور ھىرات شەھىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى، قەدىمكى تارىخىي تەرەققىياتى، ھىراتتا يۈز بەرگەن زور تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا شەرھلەنگەن.

جامىنىڭ يەنە «مۇزىكا ھەققىدە رىسالە» ۋە «شېئىرىيەتنامە» قاتارلىق مۇھىم نەزەرىيىۋى ئەسەرلىرى بار، بۇلار كلاسسىك مۇزىكا ۋە كلاسسىك شېئىرىيەت تەتقىقاتىدا مۇھىم نەزەرىيىۋى قىممەتكە ئىگە.

«ئەۋلىيا شائىر» دەپ سۈپەتلەنگەن جامىنىڭ نەچچە ئون مىڭ مىسرالىق رۇبائىي، غەزەل، قەسىدە ۋە مەسنەۋىسىنىڭ بارلىقى كىشىلەرگە ئايان. ئۇ ھەقتە بۇ يەردە توختالمايمىز.

3. جامى ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

جامى ئىجادىيىتى روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە، تېماتىك مەزمۇن جەھەتتىن قارىغاندا، جامىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى پەلسەپىۋى بەدىئىي ئەسەرلەر ۋە سوفىستىك بەدىئىي ئەسەرلەر دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ پەلسەپىۋى بەدىئىي ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ شېئىرلىرى مول تەسەۋۋۇرغا، چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەزمۇنغا ئىگە. ئۇنىڭ لىرىكىلىرىدا ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات تولىمۇ يالقۇن

لۇق ۋە ساپ بولۇپ، كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ، ئۇ رېئال تۇرمۇشنى، ھەرخىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تولىمۇ ئوبرازلىق ھالدا ئىپادىلىگەن. بىزنىڭ ماقالىنىڭ بېشىدا جامى ئىجادىيەتلىرىنى XV ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا جەمئىيىتى رېئال مەنزىرىسىنىڭ بىر پۈتۈن كۆرۈنۈشى دېيىشىمىزنىڭ ئاساسىمۇ مانا مۇشۇ يەردە.

گەرچە جامى ئەسەرلىرىدە ئۇنىڭ ئىدىيىۋى چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن بەزى سوفىزىملىق تەركىدۇنياچىلىق ئامىللىرى بەلگىلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتكەن بولسىمۇ، ئاساسىي جەھەتتىن ئالغاندا يەنىلا شۇ دەۋرنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك، خەلقچىلىق، گۈزەل ئەخلاق ئىدىيىلىرى چاقناپ تۇرىدۇ.

بەدىئىي جەھەتتىن، جامى ئەسەرلىرى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا، روشەن تىل سەنئىتىگە ئىگە.

جامىنىڭ تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلىرى XV ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئەينىكى. كىشىلەر بۇ ئەينەكتىن جامى ياشىغان دەۋرنىڭ رەڭگارەڭ مەنزىرىسىنى كۆرۈۋېلا قالماستىن، يەنە شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، تەپەككۇر ئۇسۇلى، ئەدەبىيات - سەنئىتى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قارىشى، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئېڭىنى كۆرەلەيدۇ ياكى تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، جامى ئەسەرلىرى بەلگىلىك تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

جامى ئىجادىيىتىنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى، مەسىلەن، ئۇنىڭ ئىجادىيەتتىكى بەدىئىي ماھارىتى، يەنى ئۇسلۇبى، ئوبراز يارىتىشى، تىل سەنئىتى قاتارلىقلار بۈگۈنكى كىشىلەر ئۈچۈنمۇ بىر ئۈلگە، ئۇنىڭغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشقا، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ بېيىتىشقا بولىدۇ.

## 4. جامى ئىجادىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى

جامى پارس - تاجىك خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىپتىخارى ۋە پەخرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە مىللەت، دۆلەت، دىن چېگرىسىدىن ھالقىغان دۇنياۋى شائىر ۋە مەدەنىيەت ئەربابى. خۇددى «تەپەككۇر ئەينىكى» ناملىق ئەدەبىي ئاللانىملارنىڭ ئاپتورى شىرخان روكى كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك: «جامى ھاياتىدا 99 پارچە كىتاب يازغان. بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسى ئىران، تۈرك ۋە ھىندى دانىشمەنلىرىنىڭ بىردەك ماختىشىغا سازاۋەر بولغان.»

جامىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت يولى ۋە ماھارىتى شەرق مۇسۇلمان مىللەتلىرىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ نۇقتا ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھاسىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. جامى ۋاپاتىدىن كېيىن، ئەلىشىر نەۋائى ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن جامىغا ئاتاپ مەخسۇس كىتاب يازغان. نەۋائى مەزكۇر كىتاب ۋە «خەمسە نەۋائى» نىڭ «ھەيرە-

(ئاخىرى 161 - بەتتە)

# دىلئارامۇ دىلئارايۇ دىلئاسا

(ئەلشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە» سىدىكى ئاياللار دۇنياسى)

غۇلام كەرىموۋ

ئەلشىر نەۋائىي ئاز ئادەملەرگە مۇيەسسەر بولىدىغان پەۋقۇلئاددە زور بەدىئىي تالانت ئەقىللەر ھەيران قالىدىغان ئاجايىپ مېھنەت، قابىلىيىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب، گۈزەل ئوبرازلار دۇنياسىنى يارىتىشقا تىرىشتى. ئەلشىر نەۋائىي ياراتقان دۇنيا كىشىلىرى جىسمانىي جەھەتتىن گۈزەل، مەنىۋى جەھەتتىن باي، گارمونىك راۋاجلانغان كامالەت ئىگىلىرىدۇر.

ئۇلار ئەقىل - ئىدراك، ئىنساپ - ئادالەت ئۆلچەملىرىگە ئاساسلانغان ھايات ئۈچۈن كۈرەش قىلىدى. بۇ كامالەتلىك ۋە بەختلىك ئىنسانلار قوشۇنىنى ئەرلەر قاتارىدا ئاياللارمۇ زىننەتلەپ تۇرىدۇ. ئۇلار يەر شارىنىڭ تۈرلۈك رايونلىرىدا ياشىغۇچى خەلقلەرگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۆزىدە ھەقىقىي ئىنتېرناتسىئونالىق خاراكتېرنى مۇجەسسەملەشتۈرگەندۇر. ئەرمەن مەلىكىسى، چىن سودىگىرىنىڭ قىزى، ئىران شاھىنىڭ مەھرەمى، ئەرەب قەبىلىسىنىڭ ئاددىي ۋەكىلى، ھىندى گۈزىلى قاتارلىق تۈرلۈك خەلق ۋە ئەللەرنىڭ ۋەكىللىرىدۇر. ھەر بىر پورتېرېتنىڭ ئۆزىگە خاس قىياپىتى، ھۆسىن - جامالى بار. داڭلىق رەسسام ئىجادىيىتىدە بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان ئىككى سۈرەت ئۇچرىمىغىنىدەك، ئەلشىر نەۋائىي ياراتقان پورتېرېتلاردىمۇ ئوخشاشلىق كۆرۈنمەيدۇ. ھەر بىر ئوبراز ئۆزىگە خاس بەلگىسى ۋە خاراكتېر خاسلىقى بىلەن بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ تەبىئىي ۋە قانۇنىي ئىدى. ئەلشىر نەۋائىيدەك بۈيۈك سەنئەتكار ئۇستاز سۈنئىيلىكنى ياقتۇرمىغىنىدەك، تەكرارلىققا، ئوخشاشلىققا، تەقلىدكىمۇ يول قويمايدۇ. نەۋائىي ئەسەرلىرىدىكى ئاياللار دۇنياسىنىڭ تەسۋىرى، ئۇنىڭ بەدىئىي تالانت تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان داھىيانە سەنئەتكار ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. كېلىڭ ئەمدى، بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ ئىجادىيىتىنى تەرىپلەش ئۈچۈن سۆزنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىگە تەن بېرىپ، ئۇ سىزغان ئاجايىپ پورتېرېتلار بىلەن تونۇشۇشنى باشلايلى.

# شىرىن

(«پەرھاد ۋە شىرىن» داستانى)

بۇ ئەرمەن مەلىكىسى ئۆز گۈزەللىكى، باي مەنىۋى دۇنياسى ۋە ئۇلۇغۋارلىقى بىلەن ھەرقانداق قەسىرگە ھۆسن قوشىدۇ ۋە بۇ پورتىرىتلار سېپىنىڭ بېشىدا تۇرۇشقا لايىق.

شىرىن ھوشيار، ناھايىتى زېرەك، جەزىبدار قىز. ئۇ ئەرمەن يۇرتىدا ياشاپ، پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىنى، ئەقىل - ئىدرىكىنى مەملىكەتنى ئاۋات، خەلقىنى پاراۋان قىلىش ئۈچۈن سەرپ ئەتكەن. ئەرمەن مەملىكىتىدە مەشھۇر بولغان ئۆرتۇ دۆلىتىنى بەرپا قىلغان. ئاتا - بوۋىلىرىمۇ ئۆز ۋاقتىدا سۇ ئۈچۈن مەردلەرچە كۈرەش ئېلىپ بارغانلار ۋە تارىختا «سىمىرەمىدە ئېرىقى» دەپ نام ئالغان قانالنى قازغانلاردۇر. شىرىن ئۆرەرتۇ پادىشاھلىرىنىڭ مۇناسىپ مىراسخورى سۈپىتىدە تاغلار ئېشىپ، قانال قازدۇرۇپ يۇرتنى ئاۋات، خەلقنى پاراۋان قىلىش يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن. شىرىننىڭ قىلغان ھەرىكەتلىرى، كۆرسەتكەن تەدبىرلىرى بىكار كەتمىدى. سۇ ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان خەلق كۈرىشى زور غەلىبە بىلەن تاماملاندى. ئېرىق پۈتۈپ سۇ باشلاش مۇراسىمىغا يىغىلغان خالايىق، تېزلىك بىلەن ئېقىۋاتقان سۇغا ئەگىشىپ خۇشاللىقىدىن تۇۋلىشىپ، ئېرىق ياقىلاپ توغان بېشىغا كېلىشىدۇ. بايرام تۈسىنى ئالغان بۇ تەنتەنىدە ئېرىققا «نەھرۇل ھايات» («ھاياتلىق دەرياسى»)، قەسىر ئالدىغا قېزىلغان سۇ ئامبىرىغا «بەھرۇن نەجات» («نىجاتلىق دېڭىزى») دېگەن نامنى قويۇش بىلەن تاماملىنىدۇ. بۇ تەنتەنىدىكى خەلق كۈچىنى كۆرگەن مېھىنبانۇ شىرىندىن خۇرسەن ۋە مەمنۇن بولىدۇ.

شىرىننىڭ ئىككىنچى مۇھىم پائالىيىتى ئەرمەن خەلقىنىڭ مەدەنىي ھاياتىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن باغلىقتۇر. ئۇ ئومۇمەن، ھاياتنىڭ كۆركەم، شادخۇرام بولۇشىغا ئىنتىلىدۇ. تۇرمۇش پاراۋان بولۇش بىلەن بىرگە گۈزەل، جەزىبدار، قىزىقىش قوزغىيالايدىغان بولۇشى ھەمدە بەخت - سائادەتلىك ئۆتۈشى كېرەك.

ئەلشىر نەۋائىي يورۇق ۋە نۇرلۇق ھايات ھەققىدىكى ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەرمەن مەلىكىسى شىرىن ئوبرازىدا بېرىشكە ھەرىكەت قىلدى. شىرىننىڭ بەختى شۇنداق ئىدىكى، ئۇ مېھىنبانۇدەك مەرىپەت ھامىيسى، ئىلىم - مەرىپەت تەرەپدارى بولغان ھۆكۈمران سارىيىدا ياشىدى. شىرىن ئۆز ئەتراپىغا ئۆتمۈشتىكى مەشھۇر شەخسلەرگە ئوخشاش ئىلىم - پەن ئەھلىلىرىنى توپلايدۇ، ئىلمىي، ئەدەبىي مۇنازىرە ۋە مەجلىسلەرنى ئېچىپ، ئەھمىيەتلىك سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. مېھىنبانۇ سارىيى ئۆزىنىڭ مەنىۋى ھاياتى بىلەن ئەرەب خەلىپىلىكى دەۋرىدە تەسىس ئېتىلگەن باغدات ئاكادېمىيىسىنى ئەسكە سالىدۇ. شىرىن ۋە مېھىنبانۇ باش بولغان ساراي، جاھا-

لەت ۋە خۇراپاتتىن ئانچە-مۇنچە يىراق ھالدا شاد-خۇرام ۋە يارقىن ھايات كەچۈرىدۇ. ئۇنىڭدا ياشىغۇچى ئىنسانلار بولسا ئەپسانىۋى، ئىدېئال جەمئىيەت ئوبرازلىرىغا ئوخشاش پاك ۋە يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ. ئۇلار شىرىن باشچىلىقىدىكى سۆھبەتلەردە دانىشمەنلىكنى كەسىپ ئەتكەن.

ئەلىشىر نەۋائى شىرىن ھەرىمىنى تەشكىل قىلغان بۇ دانىشمەن قىزلارغا نام بېرىپ، ئۇلارنىڭ پائالىيىتىگە يۇقىرى باھا بېرىدۇ ۋە ئاپىرىن ئوقۇيدۇ:

دىلئارامۇ دىلئارايۇ دىلئاسا،
گۈلئەندامۇ سۈمەنبۇيۇ سۈمەنسا.
پەرى چېھرە پەرىزادۇ پەرىۋەش،
پەرىپەيكەر زىھى ئون ئىسمى دىلكەش.
چۇ ئەۋرۇلدى لەبالەب دەۋر ئاياغى،
قىزىدى بەزم يەگلىغ ئەل دىماغى.

بۇ نۇرلۇق ۋە زوق-شوخقا تولغان مەشغۇلاتتىن، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقىنىمىزدا «ئەلنىڭ دىمىغى قىزىغان» ئىدى، ئۇلار ئىلھامبەخش ھاياتتىن مەست ياشايتتى.

شىرىن ئوبرازى شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان ياشاپ كەلگەن. ئۇلۇغ فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ئەسىرىدە شىرىن ئوبرازى بار. XII ئەسىردىكى نىزامى يازغان «خەمسە» ئەسىرىدە، شىرىنغا مەخسۇس داستان بېغىشلانغان. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى ئۆزىنىڭ «خەمسە»سىدە، شىرىن نامى بىلەن مەخسۇس مۇستەقىل سيۇژېتلىق ئەسەر يازغان. لېكىن ئەلىشىر نەۋائىغىچە بولغان شىرىن ئوبرازلىرى پەرھاد بىلەن ئەمەس، ساسانىي ھۆكۈمدارى خۇسرەۋ پەرۋىز بىلەن باغلانغان ھالدا تەسۋىرلەنگەن. ئەلىشىر نەۋائى ئوبراز ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، كونا سيۇژېتقا يېڭى ئىدىيە، يېڭى مەزمۇن قوشۇپ «تاش چوقۇغۇچى» پەرھاد بىلەن شىرىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى تەسۋىرلەيدۇ.

شىرىن ئۆزىنىڭ ئىشق دەردىنى ئادەملەردىن يوشۇرمايتتى. بەزى ئاياللارغا ئوخشاش، بۇ سۆيگۈسىدىن ھېيىقمايتتى. ئەكسىچە ئۇنىڭدا دەۋا ئىزدەپ، پەرھادنىڭ قۇچىقىغا تەلپۈنەتتى:

كۆيۈپ ھەجر ئوتىدىن جانۇ كۆڭلۈم ھەم،
نې كۆيمەككىم، بولۇپ يۈز قەتلە كۆل ھەم.
ئىچىمگە شۇئلەئى ئىشقىڭ تۇتاشىپ،
تۇتاشىپ دېمەكىم، باشىمدىن ئاشىپ...

ئەپسۇسكى، شىرىننىڭ ئىشق جامىدىن مەي ئىچىپ، مۇھەببەتلىك ئۇچرىشىشلاردىن لەززەتلىنىپ، بەختىيارلىق ھاياجىنىدا ياكى قاتتىق ھاياجان ئىچىدىكى بەختىيارلىقتا شاد-خۇرام ھايات كەچۈرۈشى ئۇزاققا سوزۇلمايدۇ. «كاج پەلەك» نىڭ گەردىشى ئۇنىڭ بېشىغا كەينى-كەينىدىن كۈلپەت تاشلىرىنى ياغدۇرۇشقا باشلىدى. مۇسىبەتلىك قارا كۈنلەرنى كەلتۈردى. بىرىنچى جىددى تەشۋىش شۇ بولدىكى، ئىران شاھى خۇسرەۋ ئەرمەن ئۆلكىسى تەۋەسىگە قوشۇن تارتىپ كەلدى. شىرىنگە ۋە شىرىننىڭ ئەل-يۇرت مۇستەقىللىكىگە جىددىي تەھدىت سالدى. شىرىننىڭ تەشۋىشلىك، خەۋپلىك كۈنلىرى باشلاندى. شىرىن ھاياتىنىڭ ئەرمەن يۇرتىغا خىسرەۋ كەلگىچە بولغان دەسلەپكى دەۋرى، پەرھاد بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرى قانچىلىك شادلىق، خۇرسەنلىك،

نۇرلۇق بولسا، ئۇنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرى شۇنچىلىك قايغۇلۇق ۋە پاجىئەلىك ئىدى.

شىرىن ھەر كۈنى تاڭ ئېتىشىنى بىتاقەت ۋە ھاياجان ئىچىدە قارشى ئالاتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە قۇياشمۇ كۆك ئۈستىگە قانغا بۇلىنىپ كۆتۈرۈلگەندەك تۇيۇلاتتى. شىرىننىڭ خۇسرەۋ قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى قۇرغان مۇداپىئەسى تەشۋىشلەردىن خالىي ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقىرەك شۇم خەۋەرمۇ تارقالدى: «مېھىنبانۇ سارىيىغا شىرىن ئۈچۈن خۇسرەۋدىن ئەلچىلەر كېلىپتۇ...» بۇ كۈتۈلمىگەن شۇم خەۋەردىن شىرىن ئەس-يادىنى يىغىپ ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن دەھشەتلىكرەك يەنە باشقا خەۋەر يېتىپ كەلدى: «خۇسرەۋ قوشۇنلىرىنىڭ يولىنى توسۇپ، قورغان مۇداپىئەسىدە تۇرغان پەرھاد مەككار خۇسرەۋنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپتۇ ۋە ‹سەلاسىل دىيۇ› قەلئەسىگە زەنجىر بىلەن بەنت قىلىنىپتۇ...»

پەرھاد ھالاكىتى توغرىسىدىكى شۇم خەۋەر چاقماق تېزلىكى بىلەن تارقىلىپ، شىرىننىڭ قۇلىقىغا بېرىپ يەتتى...

مەنىۋى دۇنياسى پەرھادتىن كۆپ پەرق قىلمايدىغان دۇنيانى پەرھادتەك چۈشەنگەن شىرىننىڭ بۇ پاجىئەلىك ۋەقەلەردىن قانداق ئەھۋالغا چۈشۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس، شىرىن بۇ ئەھۋالدىن خامانغا ئوت چۈشكەندەك لاۋۇلداپ ياندى. ئۇنىڭ كۆكسىدىن ئېتىلىپ چىققان «پەرياد، پەرھاد!» سۆزلىرى ھەممىنى لەرزىگە سالدى. شىرىننىڭ نالە-پەريادىدىن بارچە خالايىق غەمكىن ئىدى. بولۇپمۇ مېھىنبانۇ تەشۋىشتە نېمە قىلارىنى بىلەلمەس ئىدى. مېھىنبانۇ شىرىننىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەيتتى. شىرىننىڭ غەم-قايغۇغا چىدىماي ئۆزىگە شىكەستە يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقاتتى. يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان پالاكەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە، مېھىنبانۇ شىرىننىڭ مەھرەملىرىنى كۆپەيتتى. ئۇنىڭدىن پات-پات ئۆزى خەۋەر ئېلىپ تۇردى. بۇ تەدبىرلەر شىرىننىڭ دەردىگە دەۋا بولماس، ئەھۋالىنى يېنىكلىتەلمەس ئىدى. شىرىننىڭ ئەھۋالى كۈنسايىن ئېغىرلاشماقتا، كۆيۈپ كاۋاپ بولۇشقا، يېنىپ كۈل بولۇشقا يېقىنلاشماقتا ئىدى. شىرىننىڭ پۈتۈن خىيال-پىكرى پەرھادتا ئىدى. ئۇ نە باغ سەيلىسىدىن بەھر ئالسۇن ۋە نە تاغ ھاۋاسى كۆڭلىنى ئاچسۇن، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سۇدىن ئايرىلغان بېلىقنىڭ ئوبرازى گويا تەقدىر ھۆكۈمىگە ئوخشاش كەتمەي تۇرۇۋالغانىدى. ئۇ يول يۈرگەن چاغلىرىدىمۇ ئىختىيارسىز ھالدا «بېلىق ھالى نە بولغاي، سۇدىن ئايرۇ...» دېگەن مىسرالارنى پىچىرلاپ ئوقۇپ، ئۆزىچە تەكرار قىلاتتى. سۇدىن ئايرىلغان بېلىقتەك، يارى پەرھاد كويىدا غەم-ئەلەم قوينىدا تەلپۈنەتتى. ئىزتىراپلىق ۋە ئىنتىزارلىق ئىچىدە تىنىم تاپمايتتى...

بۇ خۇسۇستا، شىرىننىڭ جامالىغا بىردەك كۆزى چۈشۈپ قالغانلار ئىچىدە خۇسرەۋنىڭ ئوغلى شىرۇيە شىرىنگە ئاشىق بىقارار بولۇپ قالدۇ. خۇسرەۋنىڭ شىرىنگە خېرىدار ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار بولغان شىرۇيە، شىرىننىڭ ئۆگەي ئانىلىقتىن كۆرە ئۆزىگە خوتۇن بولۇشىنى ئەۋزەل كۆرىدۇ ۋە ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ، شىرىنگە خېرىدار ئىكەنلىكىنى

ئېلان قىلىدۇ. ئەمدى شىرىن ئۈچۈن ھەممىسى، خۇسرەۋمۇ، شىرۇيەمۇ بەرىبىر ئۇنىڭ كۆڭلىگە يات ئىدى. ئۇ شىرۇيەنىڭ تەلىپىگە رازىلىق بىلدۈرۈپ، يالغۇز بىرلا شەرت قويىدى: «تاغۇ-تاشلار ئىچىدە قېپقالغان پەرھادنىڭ جەسىتىنى كەلتۈرۈپ، قارا كېيىپ ئەلنىڭ ئادىتىچە ماتىمىنى تۇتۇپ، ئۆز قولۇم بىلەن دەپنە قىلسام، كېيىن تەقدىر پېشانەمگە نېمىنى يازغان بولسا شۇنى كۆرۈشكە رازىمەن.»

پەرھادنىڭ جەسىتى ئەرمەن قەلئەسىگە كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالىشىش ئۈچۈن، پەرھادى ئالدىغا كىرىشتىن ئاۋۋال مېھىنبانۇغا مۇراجىئەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ مېھمانىم كەپتۇ. سىزلەردىن ئىلتىماسىم شۇكى، مېنى ئۇنىڭ بىلەن بىر مەھەل يالغۇز قالدۇرۇڭلار. ئۇ جاپاكەش يارىم مېنىڭ يولۇمدا جان بەردى. ئەمدى ۋاپادارلىق نۆۋىتى ماڭا كەپتۇ!»

مېھىنبانۇ شىرىننىڭ ئاخىرقى ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى يالغۇز ۋىدالىشىش ئۈچۈن پەرھاتنىڭ جەسىتى يېنىغا كىرگۈزدى.

شىرىن ئىشىكنى ئىچكىرىدىن تاقاپ پەرھادنىڭ بېشىغا كېلىپ، پەرھادنىڭ ئويغانماس ئەبەدىي ئۇيقۇدا تىنچ ياتقانلىقىنى كۆردى...شېرىن يۈزىنى يارى يۈزىگە، كۆكسىنى يار كۆكسىگە يېقىپ، كۆڭلىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن دەردلىك بىر «ئاھ!» چىقاردى-يۇ، دۇنيادىن كۆز يۇمدى.

ئەلىشىر نەۋائى شۇ ئورۇندا جاھان ئەدەبىياتىدا كەڭ تارقالغان بىر ئەنئەنە— ئۆلۈمنى ئۇيقۇ بىلەن قىياس قىلىش ئەنئەنىسى بىلەن بىرنەچچە مىسرا شېئىر يازىدۇ ۋە شۇ شېئىر ئارقىلىق شىرىن پاجىئەسىگە خاتىمە ياسايدۇ.

كۆڭۈلدىن شۇئلەلىك ئاھى چىقاردى،
كۆزى ھەمخابەدەك ئۇيقۇغە باردى.
نە ئۇيقۇ، كىمسە ئاندىن قانماس ئۇيقۇ،
قىيامەتكە دېگىن ئويغانماس ئۇيقۇ.
بۇ بولسا ئۇيقۇ، ئويغانماق نە يەئنى،
مۇنىڭدەك ئۇيقۇدىن قانماق نە يەئنى.

مېھىنبانۇ جاندىن ئەزىز جىيەنى شىرىندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ ئاھۇ-پىغان بىلەن كۆز يۇمدى. شۇنداق قىلىپ داستاننىڭ ئاساسىي قەھرىمانلىرى— پەرھاد، شىرىن ۋە مېھىنبانۇلار كەج رەپتار (تەتۈر ئايلانغۇچى) پەلەكنىڭ زۇلمى ئاستىدا ھالاك بولدى.

داستان ۋەقەلىرىنىڭ بۇنداق پاجىئەلىك ۋە ماتەملىك سەھنىلەر بىلەن ئاياغلىشىشى، ئەلىشىر نەۋائىغا مۇتلەق ياقمايتتى. لېكىن، نېمە ئامال، ۋەقەلەر راۋاجى، ئوبرازلارنىڭ مەنتىقىسى شۇنىڭغا ئېلىپ كەلدى. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئىجادى — ئېستېتىك پرىنسىپلىرى بۇنداق خاتىمىنى قوبۇل قىلالمايتتى. پۈتۈن ئۆمرىدە ھاياتنى، ھايات گۈزەللىكلىرىنى كۈيلەپ كەلگەن ئەلىشىر نەۋائى ئۆز ئىنتىلىشلىرىگە ئېستېتىك زوقىغا ماس كېلىدىغان خاتىمە يېزىشقا تىرىشتى. ئۇ ئۇزاق ۋاقىت ئىزدىنىپ، يەنى ئۆز تەدبىرى بىلەن ئېيتقىنىمىزدا، «دەھر ئەۋراقىن» (جاھان سەھىپىلىرىنى) ۋاراقلاپ ئاختۇرغاندىن كېيىن، ئۆلۈمدىن ئەمەس، ھايات ئەنئەنىسىدىن دېرەك بەرگۈچى شۇنداق بىر رىۋايەتنى تاپتى:

پەرھادنىڭ يېقىن دوستى، ماچىن خاقانىنىڭ سەركەردىسى بەھرام، پەرھادنى يوقلاپ ئەرمەن ئۆلكىسىگە كېلىدۇ. شاپۇردىن ھەقىقىي ئەھۋاللارنى ئۇقۇپ، پەرھادقا تەزىيە بىلدۈرىدۇ. شىرۇيەنى جازالاپ يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. خۇسرەۋ ۋەيران قىلغان يەرلەرنى يەنە ئاۋات قىلىپ، ئەرمەن ئۆلكىسىدە ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ئورنىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قەھرىمانى، خوتۇن - قىزلار دۇنياسىنىڭ ئالىيجاناب ۋە شۆھرەتلىك تىپى بولۇپ قالغان شىرىننىڭ باشلىغان ئىشلىرى ئەۋلادلار تەرىپىدىن داۋام ئەتتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئەزىز نامى كىشىلەر قەلبىدە ۋە كىتابلار سەھىپىلىرىدە ئەبەدىي ساقلىنىپ قالدى.

# لەيلى

## («لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى)

ئەلىشىر نەۋائى «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىدىكى ۋەقەلەرنى بايان قىلىشقا كىرىشىشتىن ئاۋۋال، باھار پەسلىدىكى بىر چىمەنزار باغ تەسۋىرىنى بېرىدۇ. بۇ باب پەقەت تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ باھار مەۋسۇمى تەسۋىرىگە بېغىشلانغان، ئەڭ جانلىق ۋە نادىرانە نەمۇنىلىرىدىن بىرىدۇر. نەرگىس، سەۋسەن، نەسرىن، لالە، بىنەپشە ۋە باشقا ھەرخىل گۈللەر بىلەن بېزەلگەن، ئېرىقلاردا سۇلار شىلدىر - شىلدىر ئېقىپ تۇرغان، يېقىملىق باھار شامىلى كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان بۇ گۈلشەنگە ھەرقانداق ئادەم كىرسە، كۆڭلى يايراپ راھەتلىنىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى تەسۋىرلەۋاتقان بۇ ياشلار، يەنى گۈلشەنگە ئويۇن - كۈلكە بىلەن يېيىلغان بۇ «گۈرۈھى چالاك» (يۈگرۈك بالىلار) — مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. لەيلىنىڭ كېسەلدىن قوپۇپ كېلىشى شەرىپىگە مۇدەررىس شاگىرتلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەم ئېلىشقا قويۇپ بەردى. مەكتەپ بالىلىرى ناھايىتى خۇشال بولۇشۇپ، قى - چۇ، شاۋقۇن - سۈرەن سېلىشىپ باغ سەيلىسىگە كەتتى. ئەنە شۇنداق تەبىئەت ئويغانغان مەۋسۇمدە — باھار پەسلىدە، گۈزەل چىمەنزار قوينىدا لەيلى بىرىنچى قېتىم قەيس بىلەن ئۇچراشتى...

ھاياتنىڭ ئۆزى مۇھەببەتكە چىللايتتى. ھەرقانداق ياش يۈرەك ئۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىدىن، شادلىق ئۇرغۇپ تۇرغان چېھرىلىرىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى، خەندان ئۇرۇپ تۇرغان تەبىئەتكە پەرۋاسىز قارىيالمايتتى.

باھار پەسلىدىكى رەڭمۇرەڭ گۈللەر بىلەن تولغان بۇ چىمەنزار، مۇھەببەت داستانىنىڭ مۇقەددىمىسى بولسا، ۋەقەلەر تۈگۈنمۇ ئەنە شۇ گۈزەل گۈلزار قوينىدا سادىر بولدى. لەيلى دوستلىرى ئافرىدىن تەرىپلىرىنى ۋە

مەيتۇن قىلغۇچى ماختاشلىرىنى ئاڭلىغان ياش يىگىتتىن — قەيستىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى. قەيس ئۇنىڭغا سېھىرلىك بىر مەيتۇن قىلغۇچى بولۇپ كۆرۈنەتتى. ھەرقانچە ئۆزىنى تارتاي دېسىمۇ، ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ قالاتتى، قارىغانسېرى قارىغۇسى كېلەتتى، ئاللىقانداق ناتونۇش ھېسسىياتلار قاينىمىغا چۆكۈپ قالاتتى.

باقاي دېسە داغى قۇۋۋەتى يوق،
باقماي دېسە داغى تاقەتى يوق.
كۆز ئۇچى بىلە باقىپ چۇ گاھى،
جاندىن چېكىپ ئانداق ئۇتلۇغ ئاھى.

لەيلىدە قەيسكە نىسبەتەن تۇغۇلغان دەسلەپكى ئىللىق تۇيغۇلار نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان قارىمۇ قارشى كەيپىياتنى ئەلىشىر نەۋائى شۇنداق تەسۋىرلەيدۇ. لەيلى ئۆزىنىڭ ناتونۇش تۇيغۇلىرىدىن ئۆزى چۆچۈيتتى. قەيسنىڭ جامالىغا دادىللىق بىلەن قاراشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. قارىماي دېسە بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ياش مەسۇمە قىز لەيلى بىر نەچچە ۋاقىت دوستلىرىدىن ئوغرىلىقچە خەۋپسىرەپ كۆز قىرى بىلەن قەيسنى كۆزىتىپ يۈردى-دە، ئاخىرى گۈللەر ئارىسىدا مەيۇس ھالدا ئولتۇرغان قەيسنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن مۇراجىئەت قىلدى:

كى ئەي تۇرفە يىگىت، نە ھالەتىڭ بار،
نې نەۋئى غەمۇ مەلالەتىڭ بار.
كىم شادلىغىڭ يوق ئۆزگەلەردەك،
ئابادلىغىڭ يوق ئۆزگەلەردەك...
بۇ ھەم ساڭا قايدىن ئولدى ھادىس،
كىم بولدى بۇ شىددەتىڭگە بائىس؟!

لەيلىنىڭ مېھرىبانلىقلار بىلەن قەيستىن ھال-ئەھۋال سورىشى، ياشلار كۆڭلىدىكى يوشۇرۇن سىرلار پەردىسىنى ئارىدىن كۆتۈرۈۋەتتى. ھەرئىككى يۈرەكتە باھار شەبنەملىرى بىلەن ياشىرىپ چىققان مۇھەببەت بىخلىرى ئوچۇق ۋە ئاشكارا يۈز كۆرسەتتى. ئارىدىكى ئىشق يالقۇنى ئەلەڭگۈشكە باشلىدى.

بۇ يەرگە كەلگەندە ئەلىشىر نەۋائى چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە بولغان خاراكتېرلىك بىر ئىبارە ئىشلىتىدۇ. بۇ ئىبارە تۆۋەندىكى مىسرالار ئىچىدە كېلىدۇ:

بىلدىكى گەر ئەتمەس ئىشىگە چارە،
ئول ھال ئولۇر ئەلگە ئاشكارە.
ئەل سالشەلەر ئىزتىراب ئاراغە،
بىر نەۋئى چۈشەر ھىجاب ئاراغە.

بۇ يەردىكى ئەرەبچە «ھىجاب» سۆزى ئارىلىقنى توسۇپ تۇرىدىغان پەردە مەنىسىدە بولۇپ، يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان مۇھەببەت توقۇنۇشىدىن، يېتىپ كېلىۋاتقان بەختسىزلىكلەردىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى، ھەقىقەتەنمۇ سۆيگۈ-مۇھەببەت مەنئى قىلىنغان ئەركىن، ئازاد ئىنسانىي تۇيغۇلار رەت قىلىنغان ئاشۇ جەمئىيەتتە ھەربىر كىشى ھۆكۈمران ئۆرپ-ئادەتلەرگە سۆزسىز بويسۇنۇشى شەرت. ئەكسىچە ئەھۋالدا ئارىلىق بۇزۇلىدۇ. ئوتتۇرىغا «ئىزتىراب»① چۈشىدۇ. ئارىلىقنى كۆزگە كۆرۈنمەس پەردە — «ھىجاب» قاپلايدۇ. «ئادەتكە خىلاپ» دەپ قارىلىدىغان بۇ ئىش تۈپەيلى ھۆكۈمران ئۆرپ-ئادەت بىلەن ئوتتۇرىدا ھاسىل بولىدىغان مانا شۇ «ئىزتىراب»، «ھىجاب» لەيلى بىلەن

① ئىزتىراب (ئە) — قاتتىق ھاياجان، روھىي ئېزىلىش، سىقىلىش، بىتاقەت قىلماق.

قەيسىنىڭ كۆڭلىنى تەشۋىشكە سېلىپ تۇراتتى.

ئەلىشىر نەۋائىي لەيلى قىياپىتىدە XV ئەسىر تارىخىي شارائىتىدىكى شەرق قىزلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازىنى ياراتتى. لەيلى تودۇرلىرىدا ئەرەبىستان دەشتلىرىنىڭ نەپسى سېزىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدى، تەبىئىتى ۋە خاراكتېرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلەر قىزىدۇر. تۈركىي خەلقلەر قىزلىرىغا خاس بولغان شەرمى-ھايا، نازاكەت، ئىپپەت، مۇلايىملىق ۋە مېھرىبانلىقتەك خىسلەتلەر لەيلىنىڭ تۇغما پەزىلەتلىرىدۇر. بۇ ئالىيجاناپ پەزىلەتلەر ئۇنىڭ خاراكتېرىغا شۇنچىلىك سىڭىپ كەتكەنكى، ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىدە، ھەربىر قەدىمىدە پاكلىق، سەمىمىيەت روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئەلىشىر نەۋائىي داستانلىرىدا جانلانغان بەزى قەھرىمانلاردىن لەيلىنى قىياس قىلىش كۇپايە. مەسىلەن: شىرىننى ئالايلۇق، شىرىندە پاك سۆيگۈ بار. ئۇ ئىلمىي پىكىر قىلىدۇ ۋە ئويلايدۇ. شۇنداقلا ئۆز سۆيگىنىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىدۇ، كۈرەش قىلىدۇ، ئۇنى ياۋۇز كۈچلەردىن قويدايدۇ. لەيلىدە بولسا XV ئەسىر قىزلىرىغا خاس بولغان باشقىچە خۇسۇسىيەتلەرنى كۆرىمىز. لەيلىدىمۇ پاك سۆيگۈ بار، ئۇمۇ پىكىر قىلىدۇ، ئويلايدۇ. لېكىن، ئۇ ئۆز سۆيگۈسى يولىدا ئاكتىپ كۈرەش ئېلىپ بارمايدۇ. شىرىندە پائالىيەت ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى ھاياتىنىڭ كۈرەش تۇمانلىرىنى ئىجادچانلىق پەزىلەتلىرىنى، مەرىپەت-مەدەنىيەت ئۈچۈن ئىنتىلىش خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىي شىرىن ئارقىلىق كامالەتكە يەتكەن، جانلىق، تېتىك ھاياتنى تەشكىل قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭدىن زوقلانغۇچى ئايال ئوبرازىنى ياراتتى. لەيلى ئارقىلىق بولسا XV ئەسىر ھاياتىنىڭ باشقا تەرەپلىرىنى، يەنى، فېئوداللىق ئاسارەت، ئۆرپ-ئادەت، ناچار ئادەت كۈچىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئوخشاش سەلبىي، قالاق تەرەپلەرنى ۋە شۇ قەبىھ قائىدە-يوسۇنلارنىڭ قۇربانى بولغان ئادەملەرنىڭ قىياپىتىنى سىزىپ بېرىدۇ. شىرىندە يارقىن رەڭدارلىق ۋە كۈرەشچانلىق كۆزگە ئاشكارا تاشلىنىپ تۇرىدۇ. لەيلىدە بولسا كۆزىتىش ۋە روھىي ھېس-تۇيغۇلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت ئۇنىڭ خاراكتېرىدا غەم-قايغۇ، نالە-پىغانلارنىڭ شۇ قەدەر كەڭ ۋە چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. لەيلى مەجنۇنغا يازغان بىر خېتىدە ئۆزىنىڭ «مىسكىن»، «زەئىپ»، «ئاجىز»، «چارىسىز» ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ تۆۋەندىكىدەك زارلىنىدۇ:

سەنسىزكى غەمدىن دەمى كەم ئېرمەس،
سەندىن گەر ئېرمەس كۆپۈ كەم ئېرمەس.
سەن تارتمىيان ئاھى ئاتەشئالۇد،
مەن ئوت ياقىبان چىقارمايىن دۇد...

بۇ مىسرالاردا ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ھايات كەچۈرۈۋاتقان شەرق ئاياللىرىنىڭ ئەركىسىز ئوبرازى، مەزلۇملار مەزلۇمەسى بولغان ھوقۇقسىز ھاياتى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. لېكىن فېئودال ھاكىمۇتلەقلىق ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇر بولغان كۈچسىز ۋە ھوقۇقسىز بۇ قىز پەۋقۇلئاددە ئىرادىگە ئىگە ئىدى.

ئۇنىڭ كونا، چىرىگەن ئۆرپ-ئادەتلەرگە نەپرىتى، ھايات ھەققىدىكى پارلاق ئۈمىد-ئارزۇلىرى، ئۇنىڭدىكى ئېتىقادنى كامالەتكە يەتكۈزدى، ئىرادىسىنى مۇستەھكەملىدى.

ئىشقى-مۇھەببەتنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولغان لەيلى ۋاپادارلىق ۋە ساداقەتنىڭ مۇجەسسەم ھەيكىلىدۇر. بۇ ھەيكەلنى ئەلىشىر نەۋائى ئاپئاق قاردەك مەرمەردىن ياسىدى ۋە جۇشقۇن ئىجادىي فانتازىيىسىدە پەرۋىش قىلىپ، ئۇنىڭغا جان بېغىشلىدى. سۈتتەك پاك، بىغۇبار لەيلى ئاخىرقى نەپىسىگىچە، يەنى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆز ساداقىتىدىن ئېغىشماي دۇچ كەلگەن مالامەتلەرگە چىداپ، تەنها ياشىدى. لەيلى ھاياتىنىڭ بىردىنبىر شوئارى ياكى يېگانە مەزمۇنى يارىغا ۋاپادارلىق، ئۆز ئېتىقادىغا ساداقەت ئىدى. بۇ يولدا قانداق جاپا چەكمىسۇن قانداق قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىمىسۇن، ئۇنىڭغا لەيلى زور چىدام ۋە قانائەت بىلەن بەرداشلىق بېرىپ كەلدى.

لەيلى ئۆزىنى بەرگلىرى يۇلۇنۇپ سورۇلغان گۈلگە، شاخ-شۇمبىلىرى كېسىلگەن سەرۋى دەرىخىگە، ئىككى تاش ئارىسىدىكى مەجرۇھتىلگەن ياقۇتقا ئوخشىتىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى ئاجايىپ پوئىتىك ماھارەت بىلەن تەسۋىرلىگەن لەيلىدىكى بۇ زور ئىرادە، پىداكارلىق، مەقسەت يولىدىكى زور چىدام ۋە غەيرەت قاتارلىقلار شۈبھىسىزكى، ئاپىرىدىن ئېيتىشقا ۋە ئۈلگە ئېلىشقا سازاۋەر ئىدى. نەۋائى تەسۋىرلىگەن ئايالار دۇنياسىدا ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب پەزىلەتلىرى بىلەن يورۇق يۇلتۇز كەبى چاقناپ تۇرغان لەيلىگە ئوخشاش ئايالار، بىزنىڭ زامانىمىزدىمۇ يوق ئەمەس. ئۇلار لەيلىنىڭ مۇناسىپ مىراسخورلىرى سۈپىتىدە دەۋرىمىزنىڭ كۆركى بولۇپ ياشاپ، خەلقىمىزنىڭ ئېزگۈ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئۆز يۈرەكلىرىدە كۆز قارىچۇقىدەك ساقلاپ كەلمەكتە. خەلقىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى پەزىلەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بىر ئايال تىپىنىڭ ئوبرازىنى شائىر ئابدۇللا ئارىپوۋ «ئايال» ناملىق ئەسىرىدە شائىرانە مىسرالار ئارقىلىق كۈيلىدى. بۇ مەڭگۈلۈك تېما ئەدەبىياتىمىزدا ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ غالىبانە ھاياتىي كۈچىنى داۋام ئەتتۈرۈپ كەلمەكتە. شائىر زۇلفىيە شېئىرلىرىدا بۇ تېما ئاجايىپ رەڭلەردە خىلى ۋاقىتتىن بۇيان تاۋلىنىپ، جۇلالىنىپ كەلدى. ئۇنىڭ «سوراق قىلدى شائىرنى شېئىرىم» ناملىق ئەسىرىدە ھىجران پاجىئەسىنى ۋىسال ئۈمىدى بىلەن يېڭىش تېمىسى يۈكسەك ئاھاڭلار بىلەن كۈيلىنىدۇ.

لەيلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تەپسىلىرەك بىلىش، ئۇنىڭدىكى مۇھەببەتنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى چۈشىنىش جەھەتتىن «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىڭ ئاخىرقى بابلىرىدىن بىرى ناھايىتى مۇھىمدۇر. ئۇ — لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ سەھرادا، قاراڭغۇ تۈندە ئۇچرىشىشلىرىغا بېغىشلانغان باب، لەيلى ئىبن سالامنىڭ چاڭگىلىدىن ئامان-ئېسەن چىقىپ سەھرا تەرەپكە يۈزلەنگەن بىر ۋاقىتتا، مەجنۇن نەۋفەلنىڭ قىزى بىلەن ئاكا-سىڭىللىققا پۈتۈشىدۇ. ۋە چىمىلدىقتىن چىقىپ، ئۇمۇ سەھرا تەرەپكە يول ئالىدۇ. سەھ-

رادا، قاراڭغۇ تۈن قوينىدا ئىككى ۋاپادار يار بىر-بىرىگە دۇچ كېلىدۇ.

لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ قاراڭغۇ تۈندە ئۇچرىشىش كۆرۈنۈشىنى ئەلىشىر نەۋائى ئاجايىپ سەنئەتكارانە ماھارەت بىلەن، ئەينى زامانغا نىسبەتەن چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەزمۇن بىلەن سىزىدۇ.

كىتابخان قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرگۈچى بۇ ئۇچرىشىش مەنزىرىسى، پەقەت «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن شەرق ئەدەبىياتىنىڭ مىسلىسىز بەدىئىي ئابىدىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر مىسراسى، ھەربىر بېيتى شېئىرىيەتنىڭ بىباھا دۇردانىسى سۈپىتىدە ئالاھىدە دىققەت ۋە ئېتىبار بىلەن ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ لەيلى بىلە مەجنۇننىڭ ۋىسالىغا مۇيەسسەر بولۇشلىرىنى كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن «بىر سەدەپ ئىچىدىن ئورۇن ئالغان ئىككى مەرۋايىت»، «بىر ئاسمان بۇرجىدا تۇغقان ئىككى قۇياش»، «بىر شاختا ئېچىلغان ئىككى گۈل»، «بىر كۆز چانىقىغا جايلاشقان ئىككى قارىچۇق» قاتارلىقلارغا ئوخشىتىپ ئالقىشلىشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر ھەم ئەڭ جىددىي سەۋەبى بار ئىدى. گەپ شۇنىڭدىكى، بۇ ئىككى ئىشق ئىگىسىنىڭ ۋىسالغا ئېرىشىشىنى پۈتۈن كائىنات، ئاسمان تەبرىكلەپ، پەلەك مەدەتكارلىق كۆرسەتتى، ھەتتا «نەيرەڭۋاز زامان» («زەمانەئى مۇشەئبىد») بولسا ئۇلارنى يامان كۆزلەردىن ساقلاپ، ئاپەتتىن قوغداپ تۇراتتى. بۇلا ئەمەس، ئىككى ياشنىڭ غايەت مىسلىسىز تىنچلىقى ۋە جەمئىيەتلىكىنى بوزماسلىق ئۈچۈن، ئاسايىشلىق نەپەسلىرىگە توسقۇنلۇق قىلماسلىق ئۈچۈن پۈتۈن تەبىئەت، قۇرت-قوڭغۇزلاردىن تارتىپ، پۈتۈن مەۋجۇدات ھەرىكەتتىن توختىغانىدى، بۇ ئىككىيلەننىڭ ھۆرمەت ئېھتىرامى ئۈچۈن تۇرغان يېرىدە قىمىر قىلمايتتى. ئەلىشىر نەۋائى ياراتقان بۇ كۆي — ئىنسان مۇھەببىتىنىڭ شادىيانىسى ۋە مەدھىيىسى ئىدى.

ئەلىشىر نەۋائى بەزىبىر تەتقىقاتچىلار ئېيتقاندەك، «ئىلاھىي» ياكى «سوفىيانە مۇھەببەت» نىڭ ھېچقاچان قۇلى بولۇپ قالمىغان. ئۇ لەيلى ۋە مەجنۇن ئوبرازلىرىدا رېئال ئىنسانىي سۆيگۈنى، تولۇق مەنىدىكى ھاياتىي مۇھەببەتنى كۈيلىگەن، ئۇلۇغلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن داستان ۋەقەلىرىنىڭ خاتىمە قىسىملىرىدا سۆيۈشكە يار ئوبرازى، تەبىئەت بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. تەبىئەتمۇ ئۇلارنى ئۆز ئەزاسىدەك قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋىسالىنى تەبرىكلەيدۇ ۋە قۇتلۇقلايدۇ. ئەلىشىر نەۋائى ھەيران قالارلىق چوڭقۇر بەدىئىي ئىدراك ۋاسىتىسىدا تەبىئەت گارمونىيىسى بىلەن ئىجتىمائىي كومپلېكت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى روشەن سىزىپ كۆرسەتتى. ئىجتىمائىي مۇھىت داستان ۋەقەلىرىدىكى پاجىئەنى خاتىمىگە يېتەكلىگەن بىر ۋاقىتتا، تەبىئەت ئۇنى بەختىيارلىق گارمونىيىسى بىلەن تەبرىكلەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ «تەبىئەت بالىلىرى»غا ئايلانغان لەيلى ۋە مەجنۇنلار ماددىي بارلىقنىڭ ئاجرالماس بىر بۆلىكىگە ئايلىنىدۇ. سوفىزىملىق ئىدېئالىستىك شەرھ-

لەردىن تامامەن خالىي بولىدۇ. ماتېرىيالىستىك پانتېئىزىم چىقىپ تۇرغان «ئىنسان — تەبىئەت» دىن ئىبارەت ھەل قىلىنىشى زۆرۈر بولغان نەزەرىيە مەسىلىسىنى، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ شېئىرلىرىدا بۇنداق ھەل قىلىنىشى، شۈبھىسىز ئۇنىڭ گۇمانىستىك پەلسەپىسىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ. «ئىنسانىيەت — تەبىئەت» بىرلىكى، «مەۋجۇدات بىردەكلىكى» توغرىسىدىكى بۇ گۇمانىستىك پەلسەپىسىنى تەكىتلەپ، لەيلى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا تۆۋەندىكىدەك ئۇلۇغ ئوپتىمىستىك قارىشىنى ئالغا سۈرگەندى:

گۈل بارسە چەمەنگە بولماسۇن دەرد،
كۆك باتسا فەلەككە ئەتمەسۇن گەرد.

ھايات بىرلىكى ۋە ئەبەدىيلىكى توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى تەلىمات «خەمسە» ئىچىدىكى داستانلارنىڭ ھەممىسىدە تەكىتلىنىدۇ ۋە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئەلىشىر نەۋائى «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا، يۇنان ھۆكۈمالىرى تىلىدىن ئىسكەندەرنىڭ ئانىسىغا نەسىھەت قىلىپ، شۇ ئىلغار پىكىرنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ، تۆۋەندىكى مىسرالارنى يازىدۇ:

گۆھەر چۆمسە دەرياغا بولسۇن ھەيات،
قۇياش پاتسا گەردۇنغە يەتسۇن سەبات.

دەر ھەقىقەت، ئەلىشىر نەۋائى ئارزۇ قىلغاندەك گۈل سولاشقان بىلەن چىمەنزار ھېچقاچان دەردكە ئۇچرىمايدۇ. قۇياش پاتقىنى بىلەن پەلەكنىڭ يۈزىنى داغ قاپلىيالمايدۇ. ھايات ئەبەدىي، ھەممە ۋاقىت ياپيېشىل كۆكىرىشنى، ئالغا بېسىشنى تەرك قىلمايدۇ.

# دىلئارام

(«بەھرام — دىلئارام» داستانىدىن)

ئىسمى جىسمىغا تولىمۇ ماس كەلگەن دىلئارام ھەم ئاجايىپ ھۆسن بىلەن، ھەم خۇش ئاۋازى — كۈيلىرى بىلەن ھەم يېقىملىق، سېھىرلىگۈچى مۇزىكىسى بىلەن دىلغا ئارام بېغىشلايدىغان، كىشىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن ئېتىدىغان گۈزەل ئايال. دىلئارامنىڭ تۇزدەك جامالى، بۇلبۇلدەك ئاۋازى بار. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، دىلئارام ئۆز كۈيلىرى بىلەن جاھانغا ئوت يېقىپ، ئەلنى ئەقلىدىن ئازدۇرۇپ دىۋانە قىلغاندا، ئۇنىڭ خۇش ئاۋازىغا قەقنۇس قۇشمۇ مەھلىيا بولۇپ ئۇچۇشتىن توختاپ، ئېيتقان قوشىقىغا جور بولۇپ «داستانىنەۋازلىق» قىلىشارمىش.

ئەلىشىر نەۋائى بۇ ئەپسانىۋى قۇش — قەقنۇسنى بىكارغا تىلغا ئالمايدۇ. داستاندا مۇھىم ئورۇن تۇتقان مۇھەببەت ۋە مۇزىكا دېتاللىرىنى يورۇتۇشتا بۇ ئەپسانىۋى قۇش بىلەن باغلىق بولغان رىۋايەت ئۆزىدە ئىنتايىن زور ۋە مۇھىم مەنىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن.

قەقنۇس يۇنانچە سۆز بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ قۇشنىڭ تۇمشۇقىدا 360 تەك تۆشۈكچە بار ئىمىش. ئۇ سايرىغاندا شۇ تۆشۈكلەرنىڭ ھەر بىرىدىن ھەر خىل ئاۋاز چىقىپ، ئاجايىپ مۇڭلۇق كۈي ھاسىل بولارمىش. ئەپسانىلەرگە قارىغاندا، ھۆكۈمالار مۇزىكىنى شۇ قەقنۇس قۇشىنىڭ سايرىشىدىن ئالغان ئىمىش.

قەقنۇس يەككە-يېگانە ياشايدۇ. مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق چۆپتىن خامان ياساپ، ئۆزى ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، شۇنداق زوق-شوخ بىلەن سايرايدۇكى، هارارىتىدىن خامانغا ئوت كېتىدۇ. شۇ ئوتتا ئۆزى كۆيۈپ كۈل بولىدۇ. ئاخىرىدا كۈلدىن بىر تۇخۇم پەيدا بولىدۇ. شۇ تۇخۇمدىن يەنە بىر قەقنۇس قۇشى چىقىدۇ. بۇ قەقنۇس هەم ئانا قەقنۇس قۇشتەك، مىڭ يىل ياشاپ، خامان ئۈستىدە كۆيۈپ كۈل بولىدۇ. بۇ كۈلدىن پەيدا بولغان تۇخۇمدىن چۈجە چىقىپ، ياش قەقنۇس دۇنياغا كېلىدۇ. شۇ تەقلىدتە مۇزىكىنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى بولۇپ قالغان بۇ ئەپسانىۋى قۇش، دۇنيادا نام-نىشانسىز يوقىلىپ كەتمەيدۇ. ئۆزىنىڭ نادىر ئوبرازى بىلەن ئىنسانلارغا راهەت بېغىشلاپ، مۆجىزىلىك هاياتىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ.

بۇلبۇل ناۋاسى، قەقنۇس نەغمىسى، دىلئارامنىڭ سازى ۋە كۈيلىرىنىڭ هەممىسى، شاه بەهرامنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن خىزمەتكە تەييار ئىدى. بەهرام قەسىر ئايۋىنىدا ئولتۇرۇپ مەي ئىچىدىكەنۇ، قۇلىقى دىلئارامنىڭ ناۋاسىدا ئىكەن. مەي ئىچكەچ دىلئارامنىڭ ناۋاسىنى ئاڭلايدىكەنۇ، كۆڭلى دىلئارامنىڭ جامالىدا ئىكەن. شاه بەهرام ئۆز دىلئارامى بىلەن، ئۇنىڭ سازى ۋە ناۋاسى بىلەن كېچە-كۈندۈزنى تاشۇنداق ئەيش-ئىشرەتتە ئۆتكۈزىدىكەن.

ئەسەردە كۈيلەنگەن مۇهەببەت هەم شېرىن هايات خاتىمىسى ئوپتىمىستىك روھ بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. داستاننىڭ ئاساسىي سىيۇژېتىدىكى بەهرام ۋە دىلئارامنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىمۇ، يەتتە ئىقلىم يولىدىن كېلىپ ئەپسانە سۆزلىگەن مۇساپىرنىڭ هېكايىلىرىدىمۇ مۇهەببەت شۇنداق ئوپتىمىستىك خاتىمە بىلەن يەكۈنلىنىدۇ. «پەرهاد ۋە شېرىن» داستانىنى ئەلىشىر نەۋائى «مېهنەتنامە»، «پىراقنامە» دەپ، «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنى «ماتەمنامە» دەپ ئاتىغان بولسا، «سەبئەئى سەييارە» داستانىنى مانا شۇ كۈيلەنگەن قۇۋناق ۋە بەختىيار مۇهەببىتىنى كۆزدە تۇتۇپ «زەۋقناك هەڭگامە» («قىزىقارلىق هېكايە») دەپ ئاتايدۇ.

داستاننىڭ ئاخىرقى بابلىرىدىن بىرىدە «سۆز غايەتى ۋە نەزم هېكايەتى» توغرىسىدا سۆزلەپ كېتىۋېتىپ، داستان ۋەقەلىرى بىلەن تونۇشقان كىتابخاننىڭ كۆڭلى خۇشال، زېهنى پاك بولۇشى ۋە زوقلىنىشىنىڭ مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ:

هەر كىشىكىم ئوقۇردا بۇ خامە،
تەبئىغە گەرم بولسا هەڭگامە.
تەبئى گەر سافۇ زېهنى پاك ئولغاي،
شەك ئەمەستۇركى زەۋقناك دولغاي.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاه بەهرام ئوۋغا ئاتلىنىپ، بۇ ئوۋ تاماشىسىغا گۈزەل يارى دىلئارامىنىمۇ بىرگە ئېلىپ بارىدۇ. مانا شۇ ئوۋ پەيتىدە شەرق ئەدەبىياتىدا كەڭ شۆهرەت قازانغان ۋە «سەبئەئى سەييارە» داستانى ۋەقەلىرىنىڭ تۈگۈنى — (ئېكسپوزىسىيە) بولۇپ قالغان ۋەقە سادىر بولىدۇ.

ئوۋ تازا قىزىغان پەيتتە يىراقتىن

بىر گور (ياۋا ئېشەك) نىڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىغا بەھرامنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ زوقلانغان ھالدا دىلئارامغا قاراپ: «ئېيتىپ باقە، شۇ ياۋا ئېشەكنى قايسى خىل ئۇسۇلدا ئوۋلىشىمنى ئىستەيسەن؟» دەيدۇ. دىلئارامۇ بۇ خۇشاللىق كەيپىياتتىن پايدىلىنىپ، «مەن شۇنى خالايمەنكى، ئاۋۋال بىر ئوق بىلەن ئالدىنقى ئىككى پۇتىنى چۈشە، ئاندىن يەنە بىر ئوق بىلەن بويىنىنى بوغۇزلا» دەيدۇ. بەھرام خۇددى گۈزەل دىلئارام بۇيرۇغاندەك قىلىپ، ياۋا ئېشەكنى ئاۋۋال چۈشەيدۇ. ئاندىن بويىنىنى بوغۇزلايدۇ. ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىدىن ئۆزى پەخىرلىنىپ، «قانداق؟» دېگەن مەنىدە دىلئارامغا نەزەر تاشلايدۇ. دىلئارام شاھ بەھرامنىڭ ماھارىتىنى يۇقىرى باھالاش، ماھارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشنىڭ ئورنىغا ئاددىي ـ ساددىلىق قىلىپ، «بۇ مەشق (ۋەرزىش) نەتىجىسىدۇر» دېگەن مەزمۇندا مۇنداق دەيدۇ:

...«ھەر كىم بىر ئىشنى ۋەرزىش ئېتەر،
ئىش كەمالىنى كۆرنى يەرگە يېتەر؟...»

دىلئارامنىڭ بۇ ئىلتىپاتسىز مۇئامىلىسىدىن، سوغۇق جاۋابىدىن شاھ بەھرام غەزەپكە كېلىپ ئۇنى قەتلە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. لېكىن ئوردا ئەمەلدارلىرى ئارىغا چۈشۈپ «خوتۇن كىشىنىڭ قېنىنى تۆكۈشنىڭ ياخشى ئەمەس»لىكىنى ئېيتىپ، جازانى يېنىكلىتىشكە مۇۋەپپەق بولىدۇ. ئۇلار دىلئارامنى سۇسىز ۋە گىياھسىز دەشت ـ باياۋانغا ئاپىرىپ، ئىككى چېچى بىلەن پۇت ـ قولىنى مەھكەم باغلاپ تاشلىۋېتىپ كېتىدۇ. كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇۋلاشتا سىرتماقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن ئۇنىڭ گۈزەل ئۇزۇن چاچلىرى ئاقىۋەت ئۆز ھالاكىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى، بەھرام بولسا دىلئارامنىڭ ئىلتىپاتسىز سوغۇق مۇئامىلىسىنىڭ ئەلىمىدە كەچتە مەي ئىچىپ، پۈتۈن كېچىنى مەي كەيپى بىلەن ئاچچىق ئازابىدا تولغىنىپ ئۆتكۈزدى.

ئەلىشىر نەۋائىي، ھاكىممۇتلەق (يېگانە ھۆكۈمران) بولغان شاھلارنىڭ قەھرى ـ غەزىپى گوياكى ئەجدىھانىڭ ئاپىتى بىلەن تەڭ ئىكەنلىكى ھەققىدە توختىلىپ، شاھ بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ھايات كەچۈرۈش، ئەجدىھا ئاغزىدا ھايات كەچۈرۈش بىلەن باراۋەردۇر، دېگەن پىكىرگە كېلىدۇ:

جەھان گەنجىغە شاھ ئېرۇر ئەجدىھا،
كى ئوتلار ساچار قەھرى ھەڭگامىدە.
ئانىڭ كامى بىرلە تىرىكلىك ئېرۇر،
مەئاش ئەيلەمەك ئەجدىھا كامىدە.

بەھرام ئەتىسى، مەي كەيپى تارقاپ جاھىللىقتىن قايتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىدىن ئەپسۇسلاندى. دىلئارامنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. لېكىن پۇرسەت ئۆتكەن، دىلئارام ئۆز جايىدىن غايىب بولغانىدى.

ئاياغ ـ قوللىرى باغلانغان دىلئارامنى ئادەمزات يوق دەشت ـ باياۋانغا تاشلاپ كېتىشكەندىن كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەر، دىلئارامنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەقدىرى مەسىلىسى يەنە مۇزىكا بىلەن باغلىق بولۇپ، قەقنۇس ئەپسانىسى ئېپىم زوتى تەسىرىدە راۋاجلانغانلىقىنى كۆرىمىز،

دىلئارامنىڭ نەسلى - نەسەبى تازا ئېنىق مەلۇم ئەمەس. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ خەۋەر بېرىشىگە قارىغاندا، ئۇ چىندىكى ئۆزئارا ئۇرۇشلار دەۋرىدە، ئىككى خان ئوتتۇرىسىدا بولغان جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن قىز بولۇپ، چىن سودىگىرى تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان ۋە «ئاسراندى قىز» سۈپىتىدە ئۇنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغانىدى. تەبىئەت ئىنئام قىلغان گۈزەللىك، ئۆز ئىقتىدارى تالانتى بىلەن مۇزىكا ساھەسىدە ئېرىشكەن ماھارىتى ئۇنىڭ ئەل - يۇرت ئارىسىدىكى ئابرويىنى ۋە شۆھرىتىنى ئاشۇردى. «نەۋاساز» گۈزەل قىز مەشھۇر بولدى. ئۇنىڭ شۇ پەزىلىتى ئاۋۋال رەسسام مانىنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق سۈرىتىنى، كېيىن ئۆزىنى شاھ بەھرامنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى.

چىندىن دىلئارامنى كۆرۈش ئۈچۈن كېلىۋاتقان ئاتىسى، بەختكە يارىشا دەشت باياۋاندا چالا ئۆلۈك ياتقان قىزىغا دۈچ كەلدى. كۈتۈلمىگەن بۇ تاسادىپىيلىقتىن ھەيران قالغان چىن سودىگىرى ئۆز ئادەملىرى بىلەن دىلئارامنى ئورىۋالىدۇ ۋە دورا - دەرمانلار بىلەن ئۇنى پەرۋىش قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئالەمگە مەشھۇر چىن تېبابىتىنىڭ مۆجىزىلىك شىپا بەخش دورا - دەرمانلىرىنىڭ تەسىرىدە، دىلئارام كۆپ ئۆتمەي ئىلگىرىكى ئەسلىگە كېلىدۇ ۋە مېھرىبان ئاتىسى بىلەن مۇزىكا بەزمىلىرى ئۆتكۈزۈپ بىر نەچچە زامان خۇشال ھايات كەچۈرىدۇ. تەبىئىيكى، دەشت - باياۋاندا ئۇچراشقان سەپەر ئەھلى بىلەن دىلئارام ئالدىدا ئەمدى قاياقا بېرىش تېپىشمىقى تۇراتتى. ئىرانغا بەھرام ھۇزۇرىغا باراي دېسە، بىر قېتىم غەزەپكە ئۇچراپ ھەيدەلگەن يەرگە نېمىدەپ بېرىش مۇمكىن؟ ئارقىغا چىنغا قايتىشمۇ ھەم مۇۋاپىق ئەمەس، ئەل ئارىسىدا ئۆز ئابرويى بىلەن ياشاپ كەلگەن سودىگەر ئىران شاھىغا ئۆزىتىلغان قىزى دىلئارامنىڭ ھالىتىنى ئادەملەرگە نېمىدەپ چۈشەندۈرىدۇ؟ قانداق ئىزاھلايدۇ؟

خۇلاسە قىلغاندا، زور بىر سېپىل ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ تۇراتتى. كېڭەشتىن كېيىن ئاسىيانىڭ قەدىمىي ئاۋات ۋە كۆركەم ئۆلكىسى مەشھۇر خارەزىم ۋادىسىغا بېرىش ماقۇللاندى.

خارەزىمدا دىلئارامنىڭ مۇزىكىسىنى ياخشى كۆرىدىغانلاردىن بىرى ئىرانغا بېرىپ، يەتتىنچى كېچىدە شاھ بەھرامغا «دىلئارام قىسسىسى» نى سۆزلەپ بەرگەندە، يوقاتقان يارىنىڭ خەۋىرىنى ئالغان بەھرام، تېزلىك بىلەن ئادەم تەشكىللەپ خارەزىمگە ئەۋەتتى ۋە دىلئارامنىڭ كېلىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ، ئۇنىڭ بىلەن تېپىشتى ۋە ئىلگىرىكىدەك مەي بەزمىلىرىدە ساز - ناۋالىرىنى ئاڭلاپ، ئەيش - ئىشرەت بىلەن شېرىن ھايات كەچۈردى.

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ پۈتۈن ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى دەۋرىدە ئەڭ مۇھىم مەسىلە، جەمئىيەت ئىدارىسىنى ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ئاساسىغا قۇرۇلغان تۈزۈم شەكلىدە تاكامۇللاشتۇرۇش، ئىنسانلار ھاياتىنى بەختلىك ۋە پاراۋان قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەلىشىر نەۋائى بۇ ھاياتىي ئاكتۇئال ۋە زۆرۈر زامانىۋى مەسىلىلەرگە «سەبئەئى سەييارە» داستانىدىمۇ مۇھىم ئورۇن ئاجرىتىدۇ. داستاننىڭ ئاساسىي قەھرىمانى بەھرام ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي سىياسىي ئىدىئاللىرىنى ئىپادىلىگۈچى ئوبراز سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ ۋە تەرىپلىنىدۇ.

داستانىنىڭ باش قىسمىدا بەھرام زۇلۇم بىلەن ۋەيران بولغان ئۆلكىنى ئاۋات قىلغۇچى، ئېزىلگەن ۋە ئاياغ-ئاستى قىلىنغان يۇرت ئەلنىڭ بېشىنى سىلىغۇچى ئادالەتلىك، ئىنساپلىق پادىشاھ سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. بەھرام ئەلىشىر نەۋائى تەسەۋۋۇرىدىكى پادىشاھلىق ھاكىمىيىتىنىڭ تىپىك نامايەندىسى ۋە سىمۋولى ئىدى. ئۇنىڭ ئادالەتلىك ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە «جاھان جەننەتكە ئوخشاش» ئاۋات بولدى.

لېكىن بەھرام خەلق ئالدىدىكى ئۆز بۇرچىنى، مەملىكەت، ۋەتەن ئالدىدىكى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئاخىرىغىچە ئاقلىيالمىدى. ئۇ ئەيش-ئىشرەت يولىغا كىرىپ، ئۆز شەخسىي مەنپەئىتى، ھۇزۇر-ھالاۋىتى بىلەن ئاۋارە بولۇپ كەتتى. بۇنىڭ شۈبھىسىز جاۋابكارلىقى ۋە جازاسى بار ئىدى. بۇ مەزگىلدە مەملىكەت باش پاناھسىز، دۆلەت ئىشلىرى تەرتىپسىز، رەتسىز بولۇپ قالغانلىقىنى ئەلىشىر نەۋائى مۇنداق تەسۋىرلەپ كۆرسەتتى:

مۇلك ئىشى زەبتۇ رەبتسىز بولدى،
سەلتەنەت ئەمرى زەبتسىز بولدى.

بۇ ئىش ئاقىۋەتسىز ئۆتۈپ كەتمەيتتى ئەلۋەتتە. بەھرامغا «پادىشاھلىق مەنسىپى»نى بەرگەن تەقدىر، بۇ مەنسەپتىن ئەلگە نەپ، مەملىكەتكە پايدا بولمىغاچقا ئۇنى قاتتىق جازالىشى ۋە ئۆز قەھرى-غەزىپى ئاستىغا ئېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى ھەم شۇنداق بولدى. بەھرامنى پۈتۈن ئوردا خادىملىرى بىلەن بىرگە ئوۋ مەيدانىدا يەر يۇتتى.

ئەلىشىر نەۋائى بەھرامنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى تەسۋىرلەشتە ئۆز دەۋرى چۈشەنچىلىرى دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىپ، «چەرخى كەبۇد» («كۆك پەلەك») دېگەن ئىبارىنى ئىشلەتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئازغۇن، ساتقىن بەھرامنى جازالىغۇچى غەيرى تەبىئىي كۈچ مانا شۇ «چەرخى كەبۇد» ئىدى. بەھرامغا زور ھوقۇقلار بېرىپ، ئىمتىيازلىق شەخسكە ئايلاندۇرۇپ قويغان «چەرخى كەبۇد» بۇ بېرىلگەن ھوقۇقلاردىن ئەلگە پايدا بولمىغاندىن كېيىن، ئۇنى بىر نەپەستە جازالاپ، يەر قەھرىگە تارتىشقىمۇ قادىر ئىدى:

ئەيشلەر ساز ئەيلەدى پەيۋەست،
كى سەلاتىندىن ئەلگە بەرمەدى دەست.
مۇنچە كامىنكى، بەردى چەرخى كەبۇد،
ئۇيلە بىر دەمدە ئەيلەدى نابۇد.
كى بولۇپ دەھر نائۇمىد ئاندىن،
ئەسەرى قالمادى پەدىد ئاندىن.

بەھرام تەقدىرى ئەمىر ھۆكۈمرانلىرى، يەنى شاھلىرى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش، تەنبىھ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ سىياسىي ھايات ھەققىدىكى پىكىر، ئەلىشىر نەۋائى ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان نەزەرىيىۋى تەلىمات ئىدى. XV ئەسىر شارائىتىدا ئىجتىمائىي سىياسىي ھاياتتىكى شۇ زور كۈرەشلەر ۋە ھاياتىي مەسىلىلەر بىرىنچى ئورۇندا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئەلىشىر نەۋائى بىچارە دىلئارامنىڭ شۇ كۈرەشلەرنىڭ قۇربانى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ بىغۇبار پاك كۆڭلى شۇ كۈرەشلەر دولقۇنىدا ھالاك بولدى. لېكىن ئۇنىڭ ھەمسايىسى بولغان قەقنۇس ئۆزىنىڭ گۈزەل سەنئىتى، مۇزىكا ئاھاڭلىرى بىلەن بىرگە ھېلىمۇ تىرىك، ئەبەدىيلىككە مەنسۇپ بولغان پېتىچە قالدى.

«شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلىنىڭ 1988-يىل 2-سانىدىن ئېلىندى.
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: تۇرسۇنمۇھەممەت ساۋۇت.

# دەللۋە مۇختار

(داستان)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: جۇنەيد بەكرى

سۆز خامىنىنىڭ باشاق تەرگۈچىلىرى شۇنداق نەقىل كەلتۈرۈدۇكى، قەدىمدە پادىشاھ ھارۇن رەشىت زامانىدە باغدات ۋىلايىتىدە ئەبۇ جەئپەر ئىسىملىك مەشھۇر ۋە مۆتىۋەر بىر سودىگەر بار ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ھامىلدار بولغانلىقى بىلىندى. توققۇز ئاي، توققۇز كۈن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن تۇغۇت ئانىلىرى ھەرقانچە سايە-سەۋەبلەرنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن تۇغۇتىدىن ھېچ بىر ئەسەر كۆرۈنمىدى. شۇنداق قىلىپ ئون ئۈچ يىل ۋاقىت ئۆتۈپ ئون تۆتىنچى يىلغا قەدەم قويدى. بۇ ئايالنىڭ قورسىقى كۈندىن-كۈنگە يوغىناشقا باشلىدى. ئەبۇ جەئپەر ئەھۋالدىن كۆپ غەم-ئەندىشىلەر قىلىپ، ئاخىر مۇنداق قارارغا كەلدى: باغدات ۋىلايىتىدىكى بارلىق مۇنەججىم-رەممالارنى ۋە پالچى-دۇئاخانلارنى يىغىپ، ئۇلارغا نۇرغۇن خەير-ئېھسانلار بېرىپ، بۇ سىرنى ئۇلارغا بايان قىلدى.

ئۇلار بۇ ئىشقا ھەيران بولغان ھالدا تەپەككۇرغا چۈشتى. ئۇلار ھەر بىرى ئۆز ئىلىملىرىنىڭ دەرياسىغا شۇڭغۇدى-دە، بىردەمدىن كېيىن ھەممىسى بۇ ئىش توغرىسىدا ئورتاق خۇلاسىگە كېلىشتى. «ھەي ئەبۇ جەئپەر، — دېيىشتى ئۇلار، — ئون تۆت يىل توشقاندىن كېيىن ئايالىڭ بىر قىز تۇغىدۇ، ئۇ قىز ھۆسن-جامالدا دۇنيادا يەككە-يېگانە بولۇپ، بىر كۆرگەن كىشى ئۇنىڭغا مەھلىيا بولىدۇ-دە، ئىككىنچى كۆرمەك ئارزۇسىدا كوچا-كويلاردا سەرگەردان بولىدۇ. ئۇ قىز بۇ قەدەر گۈزەل ھۆسن-جامال بىلەنلا قالماي، يەنە ھىيلە-مىكىردىمۇ شەيتانغا دەرس ئۆتكۈدەك دەرىجىدە كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ. ئۇ قىز باغدات ۋىلايىتىگە پىتنە-پاسات ئوتلىرىنى شۇنداق ياقىدۇكى، ئۇنىڭ مىكرى بىلەن خاراب بولمىغان بىرمۇ ئۆي ۋە زۇلمى بىلەن ياشقا تولمىغان بىرمۇ كۆز قالمايدۇ. ئۇنى ئىككىنچى دەججال دېيىشمۇ بولىدۇ. ئۇ قىز ئانىسىدىن تۇغۇلۇشىدىلا ھەممە چىشلىرى تولۇق بولىدۇ، ھەممە سۆزلەرنى سۆزلىيەلەيدۇ. ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەرتەرەپكە مېڭىپ ئويناپ كۈلىدۇ. تاماق تەلەپ قىلىپ ئۆز قولى بىلەن يەيدۇ. بۇنىڭ بۇ ئەپتى ۋە قىلىقىدىن شەيتانمۇ پاناھ تىلەيدۇ. ئۇنىڭ نەيرەڭلىرى بىلەن پۈتۈن باغدات ۋىلايىتى ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ، باغداتلىقلارغا ھەر تۈرلۈك بالايىئاپەتلەر كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى تا-

لان ـ تاراج قىلىنىپ، ھەرقايسىسى بىر
پارچىدىن نانغا زار ۋە موھتاج بولىدۇ.
قىسقىسى، ئۇ قىز ئالەمگە مۇشۇ تەرىقىدە
پىتنە ـ پاساتلارنى سېلىپ، يېشى يەت ـ
مىشكە يەتكەندە، ئاخىر بىر مۆمىنىنىڭ
قولىدا ھالاك بولىدۇ ـ دە، جىنى جەھەن ـ
نەمگە تاپشۇرۇلىدۇ.»

مۇنەججىملەر ۋە قۇرئەندازلار بۇ
سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز
جايلىرىغا راۋان بولۇشتى. ئەبۇ جەئپەر
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆپ غەم ـ ئەندىشى ـ
لىك خىياللاغا چۆكۈپ كۆڭلىنى ھېچ بىر
يەرگە توختىتالمىدى. ئاخىر ئۇ: «ھەر ـ
نېمە بولسا، خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن
بولمامدۇ؟» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى
بەردى.

ئون تۆت يىل توشقاندىن كېيىن
ئۇنىڭ خوتۇنى بىر قىز تۇغدى. خۇددى
مۇنەججىملەر كىتاب ھۆكمى بىلەن ھۆ ـ
كۈم قىلىپ ئېيتقىنىدەك، ئۇ بالا تۇغۇلغان
ھامانلا ئويناپ ـ كۈلۈپ، ھەرخىل سۆزلەرنى
سۆزلەپ، ھەر تەرەپكە مېڭىشقا باشلىدى.
تاماق تەلەپ قىلىپ، ئۆز قولى بىلەن
يېدى. ئۇ قىزنىڭ ھۆسن ـ جامالىنى كۆر ـ
گەن كىشىنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭ چېچىنىڭ
سىرتمىقىغا باغلىنىپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئە ـ
قىل ـ پاراسىتىگە ھەرقانداق ئادەم ھەي ـ
رانلىق بارماقلىرىنى تەئەججۇپ چىشلىرى
بىلەن چىشلەيتتى. ئەبۇ جەئپەر بۇ با ـ
لىغا «دەللە» دەپ ئات قويدى. بىرنەچچە
كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنى مەكتەپكە
بەردى. ئۇ قىزنىڭ زېھنى ئۆتكۈر بول ـ
غانلىقتىن، ئاز ۋاقىت ئىچىدە ھەممە ئى ـ
لىمگە ماھىر ۋە ھەر بىر پەنگە كامىل
بولۇپ چىقتى. بولۇپمۇ مۇزىكا ئىلىمىگە
جان پىدا قىلىپ ماھارەت ئىگىلىدى. قو ـ
لىغا ساز ئېلىپ چالىدىغان بولسا، ئاسماندا
زۆھرە يۇلتۇزىنى خىجالەتتە قالدۇرۇپ،
ئاڭلىغانلارنى ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتەتتى.
ئۇ قىز شۇ قەدەر خۇش ئاۋاز ئىدىكى،
قۇرئان تىلاۋەت قىلسا سەھرادىكى
بۇغا ـ ماراللار ۋە ھاۋادىكى ئۇچار قۇش ـ
لارمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشاتتى ـ دە،
ئۆزلىرىنىڭ پايدا ـ زىيىنى ۋە خېيىم ـ خە ـ
تەرلىرىنىمۇ ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمەيتت ـ
تى. ئۇ قىز ھەييارلىق پېنى بىلەن مەك ـ
كارلىق ئىلمىگە شۇنداق ئالىم ئىدىكى،
ئۇنىڭ بۇ ھەقتە باشقىلاردىن تەلىم ئې ـ
لىشقا قىلچىمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇ
نەچچە خىل پىرقە، نەچچە خىل قەۋملەر ـ
نىڭ تىلىنى شۇ قەدەر پىششىق بىلەتتى ـ
كى، ھەرقانداق قەۋم، ھەرقانداق



پىرقە بىلەن سۆزلەشسە ئۇلارنى ساراسىمىگە سېلىپ قوياتتى. شۇنداقلا يەنە ئۇنىڭ تارىخ، ئالگېبرا، ھېساب قاتارلىق پەنلەردە تەڭدىشى يوق ئىدى.

بۇ قىز بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ كامالەتكە يەتكەن ھۆسن-جامالىنىڭ داڭقى تەرىپى ئەتراپلارغا تارقىلىپ شۆھرەت قازاندى. ھېسابسىز نەۋقىران يىگىتلەر ئۇنىڭ گۈزەل چاچلىرىنىڭ قىلتىقىغا تۇتقۇن بولۇپ، سانسىزلىغان شېرى مەردلەر مىڭ-مىڭلاپ ئەرز-ئىلتىماسلار بىلەن ئۇنىڭغا تەلەپ قويۇپ، جان پىدا قىلسىمۇ، قىلچە نەزەرىگە ئالماستىن مۇنداق دەيتتى: «مەن ئادەتتىكى كىشىلەرنى جۈپلۈككە قوبۇل قىلمايمەن. ھەرقانداق كىشى ئىلىم-ھېكمەتتە، گۈزەللىك ۋە پەزىلەتتە، ئەقىل-پاراسەتتە ۋە ھىيلە-مىكرى قاباھەتتە ئۆزۈمدىن يۇقىرى تۇرالىسا، مەن شۇ كىشىنى ئۆزۈمگە جۈپ قىلىمەن.»

ئۇ لەنىتى مۇشۇ سۆز بىلەن يىگىرمە ياشقا كىردى. شام شەھىرىدىن مۇختار ئىسىملىك بىر يىگىت ئۇنىڭ گۈزەللىك داڭقىنى ئىشىتىپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولدى. نەچچە كۈن ئازاب-مۇشەققەتلەر بىلەن باغدات شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، كارۋان سارىيىغا چۈشتى. سەپەر ھاردۇقلىرىنى چىقارغاندىن كېيىن، بىر قارارغا كەلدى-دە، بىر تەدبىرلىك مەككار كەمپىرنى تېپىپ، ئۇنىڭغا: ئۆز سىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى، ئۇنىڭغا «ئەگەر سەن مېنىڭ مەقسىتىمنى ھاسىل قىلىپ ئەبۇ جەئپەرنىڭ قىزى دەلىلىنىڭ ۋەسلىگە يەتكۈزسەڭ، ھەرقانداق مەقسىتىڭ بولسا، مەن ئۇنى ئورۇندايمەن.» دېدى. كەمپىر مۇختاردىن بۇ سۆزنى ئىشىتكەن ھامان ھىيلە-مىكرى لىچىكىنى بېشىغا ئارتىپ، چارە-تەدبىر ھاسىسىنى قولىغا ئېلىپ، دەللاللارنىڭ رەسمىيىتى بىلەن دەلىلىنىڭ بارگاھىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردىكى رەڭمۇرەڭ بوياقلار بىلەن بېزىلىپ نەقىشلەنگەن شاھانە ئىمارەتلەر ھەرقانداق غەمكىن دىللارنىمۇ شاتلاندۇراتتى. مەككار كەمپىر بۇلارنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق ئىچىدە قەيەرگە بېرىشىنى بىلمەي تۇرغىنىدا كاتتا بىر قەسىردە ئولتۇرغان پەرى سۈپەت بىر قىزغا كۆزى چۈشتى. بۇ قىزنىڭ نۇرلۇق چىرايى ئالدىدا ئاپتاپمۇ خىرە ئىدى. كەمپىر بۇ قىزنىڭ دەلىلە ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇ ھامان دەلىلىنىڭ كۆزىمۇ كەمپىرگە چۈشتى. كەمپىر قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. ئاندىن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى. بېيىت:

نېسىۋە ئالمىغاندۇر ھۇش، سائادەت، ئەقلۇ ئىدراكتىن،
سېنى كۆرگەن ھامان كىمكى يۈزىنى سۈرمىسە يەرگە.
قويۇپ باش ئاستانەڭگە دىلۇ جانىدىن ئېلىپ قولغا،
مۇرادىنى بېرەر، مەقسەت ئېتەكىنىڭ تۇتقۇچى ئەرگە.

كەمپىر ئۇنىڭدىن كېيىن مۇختارنىڭ سۆزىنى دەلىلىگە يەتكۈزدى. دەلىلە بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ھامان خۇددى چاچتەك چېچىلىپ:

— ھەي كەمپىر، مەن ئادەتتىكى قىزلاردىن ئەمەس، ھەييارلىق ۋە مەككارلىقتا ماھىرمەن، ئەگەر ھەرقانداق كىشى ھەييارلىق پىشىمدە ۋە مەككارلىق ئىلى

ىمدە ئۆزەم بىلەن باراۋەر، بەلكى مېنىڭدىن ئۈستۈن تۇرىدىكەن. ئاشۇنداق كىشىگە نىكاھلىنىمەن. ئەگەر ئۇنداق كىشى يوق بولسا، بۇ دۇنيادىن بويتاق ھالدا، يەككە-يېگانە كېتىشنى خالايمەن. سەن بېرىپ مۇشۇ سۆزۈمنى ئۇ يىگىتكە ئېيتقىن. مۇنداق پايدىسىز ساراڭلىقنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتسۇن،— دېدى.

كەمپىر دەللىدىن بۇ نائۈمىد جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى مەيۈسلەنگەن ھالدا مۇختارغا يەتكۈزدى.

— ھەي موما، غەم يېمە، — دېدى مۇختار زور ئىشەنچ بىلەن، — دەللىنىڭ شەرتلىرى باشقىلارغا مۈشكۈل بىلىنسىمۇ، مەن ئۈچۈن ئاسان. ھەييارلىق ئىلمى ۋە مەككارلىق پېنىدە دەللىنىڭ ئۇستازى مېنىڭ شاگىرتىممۇ تەڭلىشەلمەيدۇ. ئەمدى سەن ماڭا يول باشلاپ دەللىنىڭ بارگاھىغا ئېلىپ بارغىن، بۇنىڭ ئىلاجىسىنى ئۆزۈم قىلىمەن.

مۇختار بۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ، نەپىس ماللار ۋە قىممەت باھالىق جاۋاھىرلارنى ئېلىپ، كەمپىر بىلەن بىللە دەللىنىڭ تۇرالغۇسىغا باردى. كەمپىر ئاۋۋال كىرىپ دەللىگە مۇختارنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. دەللە كىرىشكە رۇخسەت قىلدى. ئاندىن مۇختار كىرىپ، ئەكەلگەن سوۋغا-تۆھپىلىرىنى دەللىنىڭ ئالدىغا قويدى. دەللە مۇختارنى كۆرگەن ھامان، ئىشق ئوقى ئۇنىڭ جىسمىنى تېشىپ ئۆتۈپ، يۈرىكىگە سانجىلدى-دە، مۇختارغا ئاشىقى شەيدا بولدى. بېيىت:

ئاسمان ھەم يەردە بولسا ھەر نېمە،
كەھرىۋادەك ئۆز خىلىن تارتار ھەمە.

دەللە مۇختارغا ئىشارەت قىلىپ زەر تۇشەكلەر ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى. زىياپەت تۈزۈلۈپ تائامدىن كېيىن دەللە مۇختارغا خىتاب قىلىپ:

— ئەي يىگىت خۇش كەپسىز. بۇ يەرگە كېلىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟— دېدى.

مۇختار جاۋابىغا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى. بېيىت:

چاچلىرىڭ تارى ئىشقىم قوزغالماققا سەۋەبتۇر،
كۆڭلۈمنىڭ مەيلى ساڭا سەۋەبسىز ئەمەس جانان.

مۇختار شۇنداق قىلىپ ئۆز مۇددىئاسىنى ئىزھار قىلدى. دەللە بۇنىڭ جاۋابىغا مۇنداق دېدى. بېيىت:

كەچ نېسۋەڭدىن ئەگەر شىر بولمىساڭ، جاڭگالدا شىر
نەچچە باتۇرلارنى قانغا بويىدىلەر بىرمۇ بىر.

دەللە يەنە:

— مەن بۇ شەھەردە ھەييارلىق بىلەن مەشھۇرمەن، سەنمۇ مەككارلىق ئىلمىدە ماڭا ئوخشاش كامالەت ھاسىل قىلغان بولساڭ، ۋىسالىم مېۋىسىدىن روھىي ئوزۇق ئېلىپ مۇرادىڭغا يېتىسەن. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ھىجرانىم تىغى بىلەن جاراھەتلىنىپ، ئەزىز ئۆمرۈڭنى بەربات قىلىسەن،— دېدى.

مۇختار ئېيتتىكى:

— ھەي نازىنىن ئەگەر مېنىڭ ھەييارلىقىمنى سىناپ كۆرمەكچى بولساڭ، ئەتىلىككە سەراپلىق بازىرىغا بارغىن. مەن ھۈنەرلىرىمدىن مىڭدىن بىرىنى شۇ

يەردە كۆرسىتىمەن.

دەللە مۇختارنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ئاندىن مۇختار دەللىدىن رۇخسەت سوراپ، ئۆزى چۈشكەن سارايغا كەلدى-دە، نەپسىنىڭ قايىنمىدا سەرگەردان بولغان كەمپىر مەلئۇننى ئىنئام ئىھسانلار بىلەن خۇشال قىلىپ يولغا سالدى.

ئەمدى ئاجايىپ ھېكايەت ۋە غارايىپ رىۋايەتنى بەتخۇلق مۇختارنىڭ نەيرەڭۋازلىقى بەتقىلىق دەللىنىڭ نەزەرىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ جۈپلۈككە قوبۇل قىلىنغانلىقىدىن ئاڭلاڭ:

مۇختار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دەللە ئۇنىڭ ئىشقىدا بۇ كېچىنى قانداق ئۆتكۈزۈپ تاڭ ئاتقۇزۇشنى بىلەلمىدى. كۆزىگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمەستىن، كېچىنى ئويغاق ھالدا ئۆتكۈزدى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن نەپىس كىيىملەر بىلەن جابدۇنۇپ، ئۆزىنى زىبۇ-زىننەتلەر بىلەن بېزىدى، بېشىغا زەر رومىلىنى ئارتىپ، يۈزىگە قارا چۈمبەلنى تارتىپ، بارگاھىدىن چىقتى-دە، سەرراپلار رەستىسىگە كېلىپ، مۇختارنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇردى.

بىردەمدىن كېيىن، قىممەت باھا كىيىملەرنى كىيگەن، بېشىغا كەشمىرچە سەللە ئوراپ، سودىگەر يىگىتلەر سىياقىدا ياسانغان مۇختار تەكەببۇرانە قەدەملەر بىلەن يېتىپ كەلدى-دە، بىر سەرراپنىڭ دۇكىنىغا كىردى. ئۇنىڭ قىياپىتىنى كۆرگەن سەرراپ تەمەگەرلىك بىلەن تەزىم قىلىپ:

— ھەي ئەزىز مېھمان، مەن ئورۇنداپ بېرىدىغان نېمە خىزمەت ۋە تاپشۇرۇقلىرى باردىكىن؟ — دېدى.

— مەندە مۇنچىلىك مىقداردا كۈمۈش بار ئىدى، — دېدى مۇختار سەرراپقا، — خالىغىنىڭىز بويىچە باھاسىنى ئېلىپ، شۇنى ماڭا تىللا(1)غا ئالماشتۇرۇپ بەرسىڭىز، سەپەردە ئېلىپ يۈرۈشۈمگە ئاسان بولاتتى.

ئۆزىنىڭ پالاكەت توزىقىغا چۈشۈپ قېلىشىنى بىلمىگەن بىچارە سەرراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، بىر خالتا تىللا ئەكىلىپ، مۇختارنىڭ ئالدىغا تۆكتى ۋە ئۇنىڭغا:

— ئوغلۇم، بۇ تىللادىن ئۆزىڭىز ئالماشتۇرماقچى بولغان كۈمۈشىڭىزنىڭ باھاسىغا تەڭ كەلگۇدەك مىقداردا ئېلىڭ. ئالماشتۇرۇش ھەققى ئۈچۈن ئۆزىڭىزنىڭ ھىممىتىچە مۇۋاپىق كۆرگىنىڭىزنى بېرەرسىز، — دېدى-دە، ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولدى.

مۇختار بۇ تىللالاردىن ئۆزى خالىغىنىچە ساناپ ئېلىپ، تارازىغا سالدى-دە، نەچچە مىسقال ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن يانچۇقىدىن بىر بوش ھەمياننى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا تاللىغان تىللالارنى سېلىپ ئاغزىنى مەھكەم باغلىدى. ئاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ھېچنېمىنى كۆرمىگەن كىشىدەك بىپەرۋا ھالدا يۈرۈپ كەتتى. بۇ ئىشقا ساراسىمە بولغان سەرراپ:

— ھەي ئوغلۇم، قەيەرگە بارىسىز؟ — دەپ توۋلىدى.

(1) تىللا — ئالتۇندىن سوقۇپ ياسالغان پۇل (ئېغىرلىقى 3.5 گىرامدىن 4.5 گىرامغىچە كېلىدۇ.)

مۇختار:

— ئىككىمىز سودىدا كېلىشەلمەگۈدەكمىز. باشقا كىشى بىلەن سۆزلىشىپ باقاي، — دېدى.

— ئانداق بولسا، — دېدى سەرراپ، — مېنىڭ تىللالىرىمنى نەگە ئاپىرىسىز؟ تاشلاپ كېتىڭ.

— نېمىشقا ماڭا بۇنداق بۆھتان چاپلايسەن؟! — دېدى مۇختار غەزەپ بىلەن، — تۆھمەت قىلىش ئۈچۈن ساڭا مەندىن بۆلەك ئادەم تېپىلمىدىمۇ؟ ياكى مېنى مازاق قىلىۋاتامسەن؟!

ئۇلارنىڭ شۇ يوسۇندا باشلىنىپ بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان جەڭگى-جېدەللىرىنى كۆرۈپ بازاردىكى كىشىلەر يىغىلىشتى. كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سەرراپنىڭ سۆزىنى «يالغان» دېيىشەتتى. بېيىت:

ياش يىگىت بىلەن كىشى جەڭگى جېدەل
قىلسا ئەگەر،
سۆزى گەرچە بولسىمۇ راست ئەلگە يالغان
بىلىنەر.

ئەلقىسسە، مۇختار بىلەن سەرراپنىڭ جاڭجاللىرى ھەددىدىن ئېشىپ بىر-بىرىنىڭ ياقىسىدىن قاماللاشقان پېتى خەلىپە ھارۇن رەشىتنىڭ ئوردىسىغا ئەرزگە كېلىشتى. ھارۇن رەشىت ئۇلاردىن ۋەقەنىڭ سەۋەبلىرىنى سورىدى.

مۇختار يىغلاپ تۇرۇپ:

— ھەي پادىشاھى ئالەم، پېقىر شام ۋىلايىتىدىن كەلگەن بىر مۇساپىرمەن. بۇ شەھىرىڭىزگە، ئەزبىرايى خۇدا، سودىگەرچىلىك ئۈچۈنلا كەلگەنىدىم. بىر-مۇنچە تىللالىرىم بار ئىدى، ئۇنىڭغا كۈمۈش سېتىۋالماق بولۇپ، مۇشۇ نائىنساپ سەرراپنىڭ دۇكىنىغا كەلگەنىدىم. لېكىن كۈمۈشلىرىنى كۆرۈپ ياقتۇرمىدىم. ئورنۇمدىن تۇرغان ھامان، بۇ مۇتىھەم مېنىڭ ئېتىكىمگە ئېسىلدى-دە، «ئالتۇنلىرىمنى قەيەرگە ئاپىرىسەن؟» دەپ پېقىرغا تۆھمەت قىلدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئالتۇن ئۆزۈمنىڭكى ئىدى. مەن ئۇنى شام ۋىلايىتىدىن تارازىدا تارتىپ ھەم بىر-بىرلەپ ساناپ، ھەميانىمغا سېلىپ ئەكەلگەنىدىم. ئەگەر بۇ تىللالار بۇ قارا يۈز سەرراپنىڭ بولسا، قېنى، بۇ تىللالارنىڭ سانىنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى ۋە قانچە مىسقال ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ باقسۇنچۇ؟ — دېدى.

ھارۇن رەشىت مۇختاردىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ سەرراپقا قارىدى.

— ھەي جاھان پاناھ، دۆلىتىڭىز زىيادە بولسۇن، — دېدى سەرراپ ئالاقزادە بولغان ھالدا، — مەن بۇ ھارامزادە، تېگى پەس بەدرەكنىڭ بۇنداق خىيانەتكار ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي، ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، كۆپ تىللالارنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويۇپ، ئۆزۈم باشقا ئىشقا مەشغۇل بولغانىدىم. تىللالارنىڭ ۋەزنى ھەم سانىنى ئۆزى ھېسابلاپ ئايرىۋالغان تۇرسا، ئۇ ئايرىۋالغان تىللالارنىڭ مىقدارىنى مەن قانداق بىلەلەيمەن؟!

مۇختار دەرھال سۆزگە لوقما سېلىپ:

— بۇ سەرراپنىڭ يالغانچىلىقى ئۆزىنىڭ دەۋاتقان سۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئەجەبا، قولىدا ئالتۇن-كۈمۈشى بولسۇنۇ، ئۇنىڭ ھېسابىنى بىلمەيدىغان بۇ قانداق ئادەم؟ ھېلىمۇ خۇداغا شۈكرى، ئۇنىڭ مۇشۇ سۆزى بۆھتان قىلغانلىقىغا گۇۋاھتۇر، — دېدى.

— ھەي يىگىت، — دېدى ھارۇن



رەشىت مۇختارغا سوئال قويۇپ، - تىللانىڭ ۋەزنى بىلەن سانىنى تۈزۈك بىلەمسەن؟

— ئەلۋەتتە بىلىمەن. ۋەزنى ئىككى يۈز مىسقال، سانى ئۈچ يۈز قىرىق تىللا، — دېدى مۇختار.

ھارۇن رەشىت ياساۋۇلغا:

— تارازا بىلەن تارتىپ، ساناپ باققىن، — دېدى.

ياساۋۇل ساناپ ۋە تارتىۋىدى، مۇختارنىڭ دېگىنى راست بولۇپ چىقتى. ھارۇن رەشىت سەرراپقا قاتتىق دەككە بېرىپ، تىللانى مۇختارغا بۇيرۇپ بەردى.

بۇ ۋەقەنى باشتىن - ئاياغ كۆرگەن دەللە ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، كۆڭلىدە: «ھەرقانداق ھەييارلىق ۋە مەككارلىقمۇ بۇنىڭدىن زىيادە بولماس، بۇ يىگىت مېنىڭ ئېرىم بولۇشقا لايىقكەن» دەپ ئويلىدى. ئاندىن بۇ ئىككىسى بىر-بىرى بىلەن قول تۇتۇشۇپ، دەللىنىڭ قورۇسىغا كېلىپ، قازىنىڭ ئىجازىتى بىلەن نىكاھلاندى. بۇ ئىككى زىيانداش شۇ يوسۇندا ئەيش-ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى.

ئەمدى ھېكايەتنى بۇ ئىككى بەتقىلىق مەخلۇقلاردىن تۆت يىل ئىچىدە يەتتە قىز پەرزەنت ۋۇجۇدقا كېلىپ، ئۇلارنى يەتتە ئوغرىغا بەرگەنلىكى ۋە بۇلارنىڭ ئون ئالتە نەپەر بولۇپ، پۈتۈن باغدات ۋىلايىتىگە غەلۋە-غەۋغا ئوتلىرىنى تۇتاشتۇرغانلىقىدىن ئاڭلاڭ:

ئەلقىسسە، بۇ ئىككىسى بىر-بىرى بىلەن ئەر-خوتۇن بولۇشۇپ، ئۆمۈر ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. شۇ يىلى دەللە ھامىلدار بولۇپ بىر قىز تۇغدى. ئىككىنچى يىلى ئىككى قىز تۇغدى. ئۈچىنچى يىلى ئۈچ قىز تۇغدى. تۆتىنچى يىلى يەنە ھامىلدار بولۇپ، بىر قىز تۇغدى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىي يەتتە قىز بولدى. ئىككىسى ئۇلارنى تەربىيىلەپ ئۆستۈردى. بۇ قىزلار بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، ئۇلار ھۆسن-جامالدىمۇ كامالەتكە يېتىپ، شۇ قەدەر داڭ چىقاردىكى، بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر بۇلارغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ، ھەر تەرەپتىن ھەددى-ھېسابسىز تەلەپكارلار كېلىشكە باشلىدى. لېكىن ئىككىسى بۇ قىزلارنى ھەرقانداق ئابرويلۇق كىشىلەرنىڭ ئەخلاقلىق پەرزەنتلىرىگە بېرىشكە كۆڭۈلشمەستىن، «ئىتنىڭ چىشىغا ئېشەكنىڭ گۆشى» دېگەندەك يەتتە نەپەر بەتقىلىق ئوغرىنى تېپىپ، شۇلارغا نىكاھلاپ بەردى.

شۇنىڭدىن باشلاپ، ھەر كۈنى كەچ كىرگەندە، مۇختار بۇ يەتتە ئوغرىغا باش بولۇپ، باغدات خەلقىنىڭ ئۆيلىرىنى تالان-

تاراج قىلىشقا باشلىدى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن دەللە يەتتە قىزىنى باشلاپ، مەھەللىمۇ مەھەللە يۈرۈپ، ھەممىگە پىتنە-غەۋغالار سېلىپ، كۆيدۈرگىلىك قىلاتتى. لېكىن كىشىلەرنىڭ گۇمانلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەر ئايدا ماكانلىرىنى يۆتكەپ تۇراتتى.

بىر كۈنى دەللە ھەييارلىق پىتنە-پاساتلىرىنى تېرىشقا قەدەم قويماق بولۇپ، ئالدامچىلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، بېشىغا مەككارلىق رومىلىنى ئارتىپ، پۇتىغا ھىيلىگەرلىك كەشىنى كىيىپ، بىر قولىدا ياش نوتىدىن ياسالغان ھاسا، يەنە بىر قولىدا كەھرىۋا تەسۋىسىنى تۇتۇپ، سوپى خوتۇنلار سىياقىدا ياسىنىپ، كوچا ۋە بازارلارنى كېزىپ يۈرەتتى. ئۇ كېتىۋاتقىنىدا توساتتىن پەلەككە باش سوزغان بىر ئالىي ئىمارەت كۆرۈندى. بۇ خوجا سېلىم باغدادى دېگەن سودىگەرنىڭ قورۇسى ئىدى. بۇ كىشى ئۆز ۋاقتىدا باغداتنىڭ ئابرۇيلۇق زاتلىرىدىن ئىدى. بۇ كىشى ۋاپات بولۇپ، بىر قىزى قالغان. بۇ قىزنىڭ ئىسمى سىتتى بولۇپ، سايىبجاماللىقتا تەڭدىشى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئېرى سودا-تىجارەت ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپ كەتكەنىدى. سىتتى پاك، دىيانەتلىك، ئىپپەتلىك ئايال ئىدى. دائىم ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتاتتى. تەگرىنى بىر دەممۇ يادىدىن چىقارمايتتى.

بەتخۇي دەللە سىتتىنىڭ قورۇسىغا كىرىش مەقسىتىدە، ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. بىرىنچى دەرۋازىدىن كىرىپ، ئىككىنچى دەرۋازىغا قەدەم باسقاندا، خىزمەتكارلار كىرىشكە رۇخسەت قىلمىدى. دەللە ئىلاجسىز شۇ يەردە ئولتۇرۇپلا قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ چىرايلىقلىقىدىن سىتتىنىڭ خىزمەتكارلىرى يىغا-زارە قىلىشقا باشلىدى. ئاخىرى دەللىنىڭ پالاكەت كەلتۈرگۈچى ئاۋازى سىتتىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى-دە، كېنىزەكلىرىگە:

— قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقان قانداق ئادەمكەن؟ ئاۋازى جانغا ھالاۋەت ئىكەنغۇ، ئۇنى چاقىرىڭلار ئىچكىرىگە كىرسۇن، — دەپ بۇيرۇدى.

كېنىزەكلەر دەللىنى تەكلىپ قىلىپ، سىتتىنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كىردى. دەللە سىتتىنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭ ھۆسن-جامالىغا ھەيران بولۇپ، كۆڭلىدە: «بۇ بېھىشتى رىزۋاندىن كېلىپ قالغان ھۆرمۇ نېمە؟ نېمە بولسا بولسۇن، ئەمدى مۇرادىمغا يەتتىم» دەپ ئويلىدى-دە، ئۇنىڭ



يېنىغا بېرىپ سالام قىلدى. سىتتى قارىھۆدەك بولسا، بىر قولىدا ھاسا، بىر قولىدا تەسۋىي تۇتقان بىر نۇرانە ئايال، بۇنى كۆرگەن سىتتى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئىخلاس بىلەن تەزىم قىلدى-دە، ياخشى جايدىن ئورۇن كۆرسەتتى.

— ھەي ئانا، — دېدى سىتتى ئۇنىڭغا، — نەدىن بولىسىز، نېمە ئىش قىلىسىز؟

بۇ بىكار تەلەپ دەللە شۇ ھامان ئالدامچىلىق يىغىسىنى باشلاپ:

— ھەي جان-جىگەر پەرزەنتىم، مەن مۇشۇ شەھەردىن بولىمەن. ھەج قىلىش ئۈچۈن ھەرەمگە بارغانىدىم، مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە قايتىپ كەلدىم. كاشكى، يولدا ئۆلگەن بولسام بۇ يەرگە كېلىپ، مۇنداق غەم-ئەلەملەرگە دۇچار بولماستىم، — دېدى-دە، ياش تۆككەن پېتى قۇرئان ئوقۇشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ قۇرئاندىن بىر-ئىككى پارە ئوقۇغاندىن كېيىن، سىتتى بۇ بەدبەختنىڭ يىغىسىغا تاقەت قىلالمىدى.

— ھەي ھاجى ئانا، — دېدى ئۇ، — مۇنداق يىغلىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئېيتىڭ، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلاي. ئەگەر غەم-ئەندىشەڭ پۇل-دۇنيادا بولسا، خالىغىنىڭچە ئىنئام قىلاي؛ باشقا جەھەتتە ھاجىتىڭ بولسىمۇ، ماڭا ئېيتقىن، بىر ئىلاجى قىلاي، — دېدى.

دەللە يىغلاپ تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى. بېيىت:

چۈشتى جىسمىم ئىچرە ئوت، ئېيتاي دېسەم كۆيگەي تىلىم،
گەر قىلاي پىنھان دېسەم، قانداق قىلاي، كۆيگەي دىلىم.

سىتتى ئۇنىڭ بىر مەخپىي سىرى بارلىقىنى سېزىپ، ھەممە كېنىزەكلىرىنى ئۆزگە يارىشا بىر ئىشلارغا بۇيرۇۋېتىپ، ئۆينى خالىي قىلدى. ئاندىن:

— ھەي ئانا، ئەمدى سىرىڭىزنى ماڭا ئېيتقىن، قولۇمدىن كېلىشىچە ھاجىتىڭدىن چىقىمەن، — دېدى.

دەللە يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتتىكى:

— ھەي جېنىم قىزىم، سىرىمنى سىزگە ئاشكارىلاشقا ئۇيۇلىمەن. لېكىن بايان قىلماسلىققا ئىلاجىمۇ يوق.

— ھەي ئانا، تېزرەك ئېيتساڭچۇ، مېنى ئۇتلۇق ئاھلىرىڭ بىلەن كۆيدۈرۈۋەتتىڭغۇ! — دېدى سىتتى تەقەززا بولۇپ.

— جېنىم قىزىم، — دېدى دەللە نەيرەڭۋازلىقىنى باشلاپ، — مېنىڭ بىر ئوغلۇم بار. جاۋاھىرپۇرۇشلۇق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. جاۋاھىر بازىرىدا دۇكىنى بار. ھۆسن-جامال، قەددى-قامەت جەھەتتە بۇ شەھەردە ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان يىگىت يوق. بەش-ئون كۈن بولدى، ئوغلۇمنىڭ كېچىلىرى ئۇخلىماققا تاقىتى يوق، كۈندۈزلىرى ئولتۇرماققا چىدامى يوق بولۇپ قالدى. دائىم ئاھ ئۇرۇپ، كۈندىن-كۈنگە زەپىراندەك سارغىيىپ كېتىپ بارىدۇ. تېۋىپ-ھېكىملارنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ كۆرسەتسەم، تومۇرىنى كۆرۈپ، ئويلىنىپ، دېدىكى: «ئوغلۇڭدا ئىشق دەردىدىن ئۆزگە كېسەل يوق.» ئۇلاردىن بۇنىڭ ئامالىنى سورىسام، ئۇلار: «بۇنداق كېسەلگە مەسرۇقىنىڭ يۈزىنى كۆرسەتمەكتىن باشقا ئىلاج يوق» دېيىشتى. ئوغلۇمدىن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى ۋە كىمگە كۆيۈپ ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى سورىدىم. ئوغلۇم يىغلاپ تۇرۇپ: «ھەي ئانا، مېنى نېمىشقىمۇ

توغقان بولغىيتتىڭ؟ بۇ كۆلپەتلىك جا-
ھانغا كەلمىگەن بولسام، بۇ بالا - قازالار
بېشىمغا كەلمىگەن بولاتتى» دېدى. ئان-
دىن شۇنداق ئېچىنىشلىق ئاھ ئۇردىكى،
بۇنىڭغا چىدىماستىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم
لەرزىگە كەلدى. «بىر كۈنى، — دېدى
ئوغلۇم يىغا ئارىلاش سۆزىنى داۋام قى-
لىپ، — تىجارەت ھەلەكچىلىكى بىلەن پا-
لانى جايدىكى، ھامامنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ
كېتىۋاتسام، توساتتىن ھامام ئىشىكىدىن
زىلۋا بىر قىز چىققىتى - دە، كەكلىكتەك
سىلىق چامداپ مەن تەرەپكە يۈزلەندى.
مەن ئۇنىڭ تۇبى① دەرىخىدەك كېلىشكەن
بوي - تۇرقىغا، توزدەك چىرايلىق يۈرۈش-
لىرىگە مەھلىيا بولۇپ، ئەس - ھوشۇمنى
يوقاتتىم. بۇ تەرەپكە نېمىشقا كەلگەنلىكىم
ۋە قەيەرگە بارىدىغانلىقىمنىمۇ ئۇنۇتقان
ھالدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ ئاي
يۈزلۈك ماڭا بارغانسېرى يېقىنلاپ كەل-
دى. شۇ ئەسنادا شامال تۇيۇقسىزلا كۈ-
چىيىپ، ئۇ قىزنىڭ يۈزىدىن چۈمبەلنى
سەللا كۆتۈرۈۋەتتى، كۆزۈم ئۇنىڭ بەرق
ئۇرۇپ ئېچىلغان گۈلدەك چىرايىغا چۈشۈپ
قالدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ يادەك ئەگمە
قاشلىرىدىن ئىشق ئوقى كېلىپ كۆكسۈمدە
ئورۇنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆز خا-
ھىشىمنىڭ تىزگىنىنى قولدىن بېرىپ قوي-
دۇم - دە، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇ قىزنىڭ
ئىزىغا چۈشتۈم. ئۇنىڭ قايسى چىمەننىڭ
گۈلى ۋە قايسى بوستاننىڭ كۆچىتى ئى-
كەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، خۇددى ئۇنىڭ
سايىسىگە ئوخشاش كەينىدىن قالماي
ئەگىشىپ ماڭدىم. بىر پەيتتىن كېيىن ئۇ
خوجا سېلىم باغدادىنىڭ قورۇسىغا كىرىپ
كەتتى - دە، گويا بۇلۇت ئارىسىغا مۆكۈن-
گەن قۇياشتەك كۆزۈمدىن غايىب بولدى»
دېدى. «ئوغلۇم، ئۇنداق بولسا، ئۇ خوجا
سېلىم باغدادىنىڭ قىزى بولسا كېرەك.
سەن سەۋر قىلىپ تۇرغىن. مەن سېنى
ئۇ قىزنىڭ ۋىسالىغا چوقۇم يەتكۈزىمەن»
دەپ، بىر - ئىككى ھەپتىگىچە ئۇنىڭ كۆڭ-
لىنى سۆيۈندۈرۈپ تۇرغانىدىم. بىراق
بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى، ئۇنىڭ ئىشتىياق-
تىن تاقىتى تاق بولۇپ، ئۆزىنى ھالاكەت
گىردابىغا تاشلاشقا ئاز قالدى. قىزىم،
سەن بېرىپ بىر نەپەسلىك دىدارىڭنى
ئايىماي، ئوغلۇمنى شاد - خۇرام قىلىپ،
پېقىرنىڭ دۇئاسىنى ئالساڭ، چۈنكى ئۇ
ناتاۋاننىڭ دەردىگە سېنىڭ دىدارىڭدىن
باشقا داۋا يوق، — دېدى.

غۇنچە بوي سىتتى قىلىقسىز دەللە-
دىن بۇنداق نومۇسسىز گەپلەرنى ئاڭلىغان
ھامان ئىپپەت يۈزىسىدىن تاقەت قىلالمى-
دى.

— ھەي ئۇياتسىز، — دېدى ئۇ غەزەپ
بىلەن، — مۇشۇنداق ناشايان ئىشنى مېنىڭ-
دەك ئاجىزەگە راۋا كۆرۈپ، پاك ئېتىكىمى-
نى گۇناھدارلىق پاتقاقلىرى بىلەن بۇل-
غىماقچى بولۇپسەن، بۇنداق قىلىشقا خۇ-
دادىن قورقمامسەن؟! مەن سېنى تېخى
پاك، خۇداگوي ئاياللاردىن ئىكەن دەپ،
سارىيىمغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىپتىمەن.
بۇنداق پاسىقلاردىن ئىكەنلىكىڭنى بىلگەن
بولسام، بۇياققا يول بېرىش ئۇياقتا تۇر-
سۇن، ئۇنىڭنى ئاڭلاشنىمۇ خالىمىغان
بولاتتىم.

— ھەي پاك ئىنسان، — دېدى دەللە
يىغلاپ تۇرۇپ، — بىر دەملىك دىدارىڭنىمۇ

① تۇبى — جەننەتتىكى بىر گۈزەل دەرەخ.

ئاشۇ ناتاۋاندىن يىراق تۇتۇۋاتىسەن، رەھىم-شەپقەتلىك تەڭرىنىڭ كەچۈرۈۋۈم قىلىشىدىن زادى ئۈمىدىڭ يوقمۇ؟ گەرچە ئوغلۇم ساڭا نامەھرەم بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ساڭا ھاجەتمەندۇر. بىر پەسلىك چىرايىڭنى كۆرسىتىپ قويۇش بىلەنلا ئوغلۇم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ھاجىتى راۋا بولىدۇ. باشقىلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن گۇناھىنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىن زىيادە ساۋابى بولسا ئەجەب ئەمەس؛ ئەگەر ساۋابى بولمىغان تەقدىردىمۇ، شۇ سەۋەب بىلەن ئۆتكۈزگەن گۇناھىنى تەڭرى كەچۈرۈۋۈم قىلسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

شۇنداق قىلىپ، بۇ شۇم دەللە ھىيلە-نەيرەڭلەر بىلەن ئېزىقتۇرغۇچى سۆزلىرى ئارقىلىق سىتتىنىڭ كۆڭلىنى ئازراق مايىل قىلدى. بېيت:

بىر نەپەستە گۇناھكار قىلۇر شەيتان مىڭ ئەرنى،<br>
لېكىن ھىيلە-مىكىردە خوتۇنلار ئاڭا ئۇستاز.

دەللىنىڭ ئوقۇغان ئەپسۇنلىرى سىتتىغا تەسىر قىلىپ:

— ھەي ئانا، ئوغلۇڭ بىچارە ھەققەتەن دىدارىمغا مۇيەسسەر بولۇشنىلا ئىستىسە، سېنىڭ دۇئايىڭ ئۈچۈن بۇ گۇناھنى قىلىشقا رازىمەن، — دېدى.

— ھەي نازىنىن، ئوغلۇم بىچارە پەقەت سېنى كۆرۈش بىلەنلا قانائەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئارتۇقى ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى، — دېدى دەللە.

سىتتى:

— ئۇنداق بولسا، سەن مۇشۇ دەرۋازىدىن چىقىپ پالانى دوقمۇشتا مېنى كۈتۈپ تۇرغىن، مەن باشقا ئىشىكتىن چىقىپ بارىمەن، — دەپ، دەللىنى يولغا سالدى. ئاندىن ئۆزى قىممەت باھا كىيىملەرنى كىيىپ ياسىنىپ، بېشىغا زەر رومىلىنى ئارتىپ، گويا ئارچا دەرىخىگە جان كىرىپ ماڭغاندەك، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، يولغا چىققانىدى، ئۇنى كۆرگەن كىشىلەر ئەقلى-ھوشىنى يوقىتىپ قويۇشتى.

ئەلقىسسە، سىتتى ۋەدىلەشكەن ئورۇنغا يېقىنلاپ بارغان ھامان، لەنەتگەردى دەللە ئورنىدىن تۇرۇپ، جاۋاھىر بازىرى تەرەپكە يول باشلاپ ماڭدى. جاۋاھىرپۇرۇشلار كوچىسىغا يېتىپ كەلگەندە، دەللە سىتتىغا:

— ھەي گۈزىلىم، سەن مۇشۇ يەردە ئازراق دەم ئېلىپ تۇرغىن، — دېدى. ئاندىن يىراقتىكى بىر دۇكاندا تىجارەت ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان چىرايلىق بىر يىگىتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئاشۇ ياش جاۋاھىرپۇرۇش مېنىڭ ئوغلۇم بولىدۇ، مەن بېرىپ ئۇنىڭغا خەۋەر قىلاي.

سىتتى ئۇ يىگىتنى كۆرۈش بىلەنلا ياقتۇرۇپ قالدى-دە، كۆڭلىدە ھازىرلا بېرىپ يۈرەك ئارزۇلىرىنى قاندۇرغۇسى كەلدى.

ئەلقىسسە، دەللە ھېلىقى جاۋاھىرپۇرۇش يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام قىلدى. جاۋاھىرپۇرۇش بۇ ئاجىز ۋە نۇرانە ئايالنى كۆرۈپ:

— ھەي ئانا، ماڭا بۇيرۇيدىغان نېمە خىزمىتىڭىز بولسا ئېيتىڭ، — دېدى.

— ھەي ئوغلۇم، مەن بىچارە ئايالنىڭ كۆز قارىچۇقى بولغان ئاشۇ بىرلا يالغۇز قىزىمدىن باشقا، بۇ دۇنيادا ھېچ

كىمىم يوق. ئۇنىڭ بىر چاغلاردا سىنىڭ چىرايىڭغا كۆزى چۈشۈپ قالغانكەن. ساڭا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. شۇندىن بۇيان كېچىلىرى ئارامى يوق، كۈندۈزلىرى چىدامى يوق، دائىم يىغلىماقتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. ئاخىرى ئىلاجىسىز ئۇنى بۇ يەرگە كەلتۈردۈم. لېكىن دۇكىنىڭغا كىرىشكە ئىزا تارتىپ چىرايىڭغا يىراقتىن تەلمۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى دەللە سىتتىنى كۆرسىتىپ، ئاندىن يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىرەر خالىي ئورۇننى تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرەر سائەت سۆھبەتلىشىپ قويساڭ قانداق؟ ئەگەر شۇنداق قىلغان بولساڭ ئۇنى بەكمۇ خۇشال قىلاتتىڭ.

جاۋاھىرپۇرۇش زەر روماللىق قىزنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە: «خۇتۇن كىشىلەر قوپۇپ ئەرلەرگە تەلەپ قويۇۋاتسا ئېتىراز بىلدۈرۈش ئوغۇل بالىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن جاۋاھىرلىرىدىن ھەميانىغا بىر ئاز قاچىلاپ، قىز ۋە دەللە بىلەن ماڭدى. جاۋاھىر بازىرىدىن چىقىپ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، دەللە بىر ساددا چىراي ئۇشتىگەرنىڭ بىر ئازادە دۇكاندا ئولتۇرغانلىقىنى، بۇ دۇكاننىڭ ئۈستىدە بالىخانىسى بارلىقىنى كۆردى-دە، جاۋاھىرپۇرۇش بىلەن سىتتىنى مۇشۇ ئورۇندا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئۇشتىگەرنىڭ يېنىغا بېرىپ يېلىنىشقا باشلىدى:

— ھەي يىگىت، بىر ھاجىتىم بار ئىدى، ياردەم قىلارسەنمۇ؟ — دېدى دەللە ئۇنىڭغا.

ئۇشتىگەر قارىسا، پاك، دىيانەتلىك، تەقۋادار سوپى قىياپىتىدىكى بىر ئايال تۇرغان، شۇ ھامان ئۇ دەللىگە سالام قىلىپ:

— ھەي ئانا، قانداق ھاجىتىڭىز بولسا ئېيتىڭ. قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن، — دېدى.

— ئاشۇ ئۇدۇلدا تۇرغان ئاجىز قىز مېنىڭ قىزىم، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ياش يىگىت مېنىڭ كۈيئوغلۇم، — دېدى دەللە سىتتى بىلەن جاۋاھىرپۇرۇشنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا كىچىككىنە بىر گەپلەر بىلەن كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەنىدى، بۈگۈن قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يەنە ياراشتى. ئۆيىمىز شەھەرنىڭ سىرتىدا ئىدى، يېتىپ بېرىپ بولغۇچە ھاۋانىڭ ئىسسىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئوخشايمىز. بىردەم ھاردۇقىمىزنى ئېلىۋېلىشىمىز ئۈچۈن دۇكىنىڭدىن ئورۇن بەرسەڭ، ئۇلارمۇ بىردەم ئارام ئېلىۋالسا.

— باش ئۈستىگە، — دېدى ئۇشتىگەر دەللىنىڭ تەلىپىنى جان-دىل بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئاندىن يەنە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى. بېيت:

نەزەر گاھىڭ ئۈچۈن مەنزىل قىلىپ كۆزۈم راۋاقىنى،
كېلىپ ئولتۇر كەرەم ئەيلەپ، ئۆزۈڭنىڭ ئۆيىدۇر بۇ جاي.

ئۇشتىگەر بالىخانىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، رەڭمۇرەڭ قىممەت باھا تۆشەكلەرنى سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنى باشلاپ قويۇپ، ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولدى.

دەللە قىز بىلەن يىگىتكە:

— ھەي گۈزەل بىر جۈپلەر، ھاۋا بەك ئىسسىپ كېتىۋاتىدۇ، كىيىملىرىڭلارنى يېشىۋېتىپ بەھۇزۇر ئولتۇرۇڭلار، بەدەنلىرىڭلار شامالدىن راھەتلەنسۇن، — دېدى.

جاۋاھىرپۇرۇش بىلەن سىنتى تاشقى كىيىملىرىنىڭ ھەممىسىنى سېلىپ ئىشىك يېنىدا قويۇپ قويۇشتى. جاۋاھىرپۇرۇشنىڭ كىيىمى بىلەن بىللە قويغان ھەميانىدا قىممەت باھالىق جاۋاھىرلار بار ئىدى. سىنتىنىڭ كىيىم-كېچىكى ۋە ئۇنىڭدىكى ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ قىممىتىمۇ جاۋاھىرپۇرۇشنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. بۇ ئىككىسى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، يېنىكلىگەندىن كېيىن، ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ھالدا، بىر-بىرىنىڭ چىرايىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن قاراقچى دەللە ھەر ئىككىسىنىڭ كىيىملىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئالدى. ئاندىن تۇيدۇرماستىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، تاشقىرىغا چىقتى-دە، بالىخانا ئىشىكىنى مەھكەم تاقاپ، ئۇشتىگەرنىڭ قېشىغا چۈشتى.

— ھەي ئۇستام، — دېدى دەللە ئۇشتىگەرگە، — ئەگەر كۆڭلىڭىزگە كەلمىسە مۇشۇ ئاقچىنى ئېلىپ، ئاشخانىدىن ئازراق تاماق ئېلىپ كەلسىڭىز ھەممىمىز بىللە ئولتۇرۇپ، سۆھبەتلەشكەچ غىزالانساق بوپتىكەن.

ئۇشتىگەر:

— جان-دىلىم بىلەن خىزمىتىڭىزدە بولىمەن، — دېدى-دە، دەللىنىڭ قولىدىن تۆت-بەش تەڭگىنى ئېلىپ، دۇكىنىنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى.

دەللە شۇ ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇشتىگەرنىڭ دۇكىنىدىكى بارلىق ماتالىرىنى قويماي ئېلىپ، تاشقىرىغا چىقتى-دە، ئىشىككە قۇلۇپ سالدى. ئاندىن ئېلىپ چىققان ماتالىرىنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈتكەپ كېتىشنى بىلمەي بېشى قېتىپ تۇرغىنىدا، قېچىر مىنىپ كېلىۋاتقان بىر كىراكەشكە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇنى چاقىرىپ:

— ھەي قېرىنداش، مۇشۇ دۇكاننىڭ ئىگىسى مېنىڭ ئېرىم بولىدۇ. ئۇ پالانى يەردىكى بولاقتا ماتا يۇيۇۋاتىدۇ. بۇ ماتالارنىمۇ شۇ يەرگە ئاپارماقچى ئىدىم. يەنە دۇكان ئىچىدە ئاپىرىشقا تېگىشلىك ئىككى بۆلەك يۈك بار. قېچىرىڭنى كىرا قىلامسەن؟ — دېدى.

— ئەلۋەتتە كىرا قىلىمەن، — دېدى كىراكەش.

دەللە دېدىكى:

— كىرا پۇلىغا قانچە ئالىسەن؟

كىراكەش:

— ھەي ئانا قانچىلىك بېرىشنى ئۆزەڭ بىلەرسەن، — دېدى.

دەللە يانچۇقىدىن بىر تەڭگە پۇلنى چىقىرىپ كىراكەشكە بەردى، دۇكاننىڭ ئاچقۇچىنىمۇ ئۇنىڭغا بېرىپ، ئېلىپ چىققان ماتالارنى ۋە سىنتى بىلەن جاۋاھىرپۇرۇشنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى قېچىرغا يۆختىلاپ ئارتتى. دەللە كىراكەشكە:

— مەن بۇ ماللارنى بولاق بېشىغا ئاپىرىپ قويۇپ كېلىپ، قالغىنىنى يەنە ئېلىپ بارىمەن، ئاڭغىچە سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن، — دېدى. ئاندىن قېچىرغا ئارتقان مالنىڭ ئۈستىگە مىنىپ، يولغا چۈشتى. دەللە شۇ ماڭغىنىچە ئۆيىگە كېلىپ خاتىرجەم ئولتۇردى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى ئىككى كەلىمە ئىبرەتلىك سۆزنى ئۇشتىگەر بىلەن كىراكەشنىڭ ھېكايىتى ۋە گۈل يۈزلۈك سىنتى بىلەن دىلى سۇنۇق جاۋاھىرپۇرۇشنىڭ خىجالىتىدىن

ئاڭلاڭ.

ئەخمەق كىراكەش بىر تەڭگىنىڭ تاماسىدا قىچىرىنى ھېچقاچان مەۋجۇت بولمىغان بۇلاق بېشىغا ئەۋەتىپ قويۇپ، ئۆزى ئىنتىزارلىق كوچىسىدا كۈتۈپ تۇرۇپ قالدى. بالىخانىدا قالغان جاۋاھىرپۇرۇش بىلەن سىتتىي بىر-بىرى بىلەن ئەيش-ئىشرەتكە مەشغۇل بولۇپ، كۆڭۈل ئارزۇلىرىغا قېنىشتى. بىر سائەتتىن كېيىن، سەل خاتىرجەمسىزلەنگەن جاۋاھىرپۇرۇش سىتتىغا:

— ھەي جېنىم، ئانىڭىز قەيەرگە كەتتىكىن؟ بۇ يەردە قەپەزگە چۈشكەن قۇشتەك ئولتۇرۇۋېرىشىمىز مۇۋاپىق ئەمەس،— دېدى.

جاۋاھىرپۇرۇشتىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان سىتتىي ھەيران بولۇپ:

— ھەي جېنىمنىڭ راھىتى، ئۇ ئايال سىزنى «ئوغلۇم» دەپ تونۇشتۇرغانىدى، بۇ سۆزىڭىزدىن قارىغاندا، ئۇ سىزنىڭ ئانىڭىز ئەمەس ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى ئۇ خوتۇننىڭ ئالدامچى ئىكەنلىكىنى بىلدى-دە، ساراسىمىگە چۈشۈپ كىيىملىرىگە قارىسا ھېچ يەردە يوق. ئۇنى دەللەنىڭ مەككارلىق بىلەن ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغان بۇ ئىككى بىچارە ئاخىر، «خەير، بولغۇلۇق بولدى. بۇ يەردە تۇرۇۋېرىپ خەلق ئارىسىدا شەرمەندە بولۇشىمىز ياخشى ئەمەس، نېمە بولسا بولسۇن، ئۆز ماكانىمىزغا قايتۇۋالايلى» دېيىشىپ، بېرىپ ئىشىكنى تارتىۋېدى، ئىشىك ئېچىلمىدى. ئىشىك سىرتىدىن قۇلۇپلانغانىدى. ئۇلار ئىشىكنى بۇزۇپ چىقىپ كېتىشنىڭ مەسلىھىتىدە تۇرغىنىدا، ئۈشتىگەر كېلىپ قالدى.

دۇكىنىغا قۇلۇپ سېلىنغانلىقى ۋە ئاچقۇچىنى ناتونۇش بىر كىشىنىڭ تۇتۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئۈشتىگەر ھەيران قالدى.

— سېنىڭ دۇكىنىمغا ئۆزەڭچە قۇلۇپ سېلىپ ئولتۇرۇشقا نېمە ھەققىڭ بار؟!— دېدى ئۈشتىگەر غەزەپ بىلەن.

— ھەي ئەخمەق،— دېدى كىراكەش ئاندىن بەكرەك ۋارقىراپ، — مۇنداق پوپۇزىلىرىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ قىچىرىغا ئاسانلا ئىگە بولۇۋېلىشقا ئالدىراۋاتامسەن؟! خوتۇنۇڭ ماتالىرىڭنى «بۇلاق بېشىدا ماتا يۇيۇۋاتقان ئېرىمنىڭ قېشىغا ئاپىرىمەن، دۇكاندا يەنە ئىككى بۆلەك يۈك بار، قايتىپ كېلىپ ئۇنىمۇ ئاپىرىمەن» دەپ، قىچىرىمنى كىرا قىلىپ، يېنىڭغا كەتكىنىگە تېخى يېرىم سائەتمۇ بولغىنى يوق، تېنىۋالماقچىمۇسەن؟!

ئۈشتىگەرنىڭ ئەرۋاھى ئۇچقان ھالدا كىراكەشنىڭ قولىدىن ئاچقۇچىنى يۇلۇپ ئېلىپ، دۇكىنىنى ئاچتى. دۇكاندا ئەسكى بورىدىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىغانىدى. ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ئۈشتىگەر بىچارە كىراكەشنىڭ يۈزىگە بىر تەستەك ئۇردى-دە:

— تېزدىن مېنىڭ ماتالىرىمنى ئېلىپ كەل، بولمىسا، مىڭ جېنىڭ بولسىمۇ مېنىڭ قولۇمدىن تىرىك قايتالمايسەن! — دېدى.

بۇنىڭغا چىدىمىغان كىراكەش ئۈشتىگەرنىڭ يۈزىگە ئون تەستەك ئۇردى:

— دەرھال مېنىڭ قىچىرىمنى تاپ، بولمىسا، ئون مىڭ جېنىڭ بولسىمۇ، قولۇمدا ساق قالمايسەن،— دېدى ئۇ ئۈشتىگەرگە غەزەپ بىلەن، — خوتۇنۇڭنى

قېچىردىمغا مىندۈرۈپ قاچۇرۇۋېتىپ، ئاندىن ماڭا ئىزا - ئاھانەت قىلىشقا كەلدىڭمۇ؟! ياكى كىشىگە مۇشۇنداق تۆھمەت قىلسام قېچىردىنى تاشلاپ قاچىدۇ دەپ ئويلاۋاتامسەن؟!

ئۇلارنىڭ غەلۋە - ماجىرالىرى چەكتىن ئاشتى. بۇ ۋارقىراش - جارقىراشلارنى ئاڭلىغان خالايىق تەرەپ - تەرەپتىن يىغىلدى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ياقىلىرىدىن قامالاشقان پېتى بالىخانىغا چىقتى - دە، سىنتىي بىلەن جاۋاھىرپۇرۇشقا ۋارقىرىدى:

— ھەي يارىماس چۆپرەندىلەر، ھەرقايسىڭىنىڭ ئانىسى بىزنى خانىۋەيران قىلىۋېتىپ قېچىپتۇ، ئۇنى نەگە قاچۇرۇشتۇڭ؟!

سىنتىي بىلەن جاۋاھىرپۇرۇش بۇ رەسۋاچىلىقتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي، باشتىن ئۆتكۈزگەن ۋەقەلەرنى يىغلاپ تۇرۇپ بايان قىلىشتى. كىشىلەر بۇ ئىككىيەننىڭ سۆزىدىن بۇ ماجىرالارنىڭ ھەممىسى دەللىنىڭ ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى بىلىشتى.

دەللە ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇختارغا بايان قىلدى. مۇختار خۇشال بولۇپ، بېشىغا يوغان ئاق سەللە ئوراپ، ئەللە تونىنى كىيىپ، سومە ئىچىدە ئىتتىكاپتا ئولتۇرىدىغان شەيخلەرنىڭ سىياقىدا ياساندى. ئاندىن خوتۇنىنىڭ تىرىغان غەۋغالىرىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن بازار تەرەپكە قەدەم قويدى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، ئۈشتىگەرنىڭ دۇكىنىغا يېتىپ كەلدى. مۇختار ئۇ يەردە، سىنتىي بىلەن جاۋاھىرپۇرۇشنى خەلق ئارىسىدا شەرمەندە بولغىنى ئۈچۈن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، نالە - زار قىلغان، ئۈشتىگەرنى ماتالىرىنىڭ قايغۇسىدا ئوغىسى قاينىغان، كىراكەشنى قېچىرىدىن ئايرىلىپ قالغىنى ئۈچۈن ياش تۆكۈۋاتقان ھالدا كۆرۈپ، قىن - قىنىغا سىغمايۋاتقان كۈلكىسىنى مىڭ تەستە بېسىۋالدى، ئاندىن خالىس ئادەم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ كۆپچىلىككە سىنتىي بىلەن جاۋاھىرپۇرۇشنى كۆرسىتىپ:

— بۇ بىچارە قىز - يىگىتنىڭ خەلق ئارىسىدا بۇنداق تۇرۇۋېرىشى مۇۋاپىق ئەمەس، — دېدى - دە، ئۇلارنى ئۆز ئورنىغا كەتكۈزۈۋېتىپ، ئۆزىمۇ بىر تەرەپكە جۆنەپ كەتتى.

جاۋاھىرپۇرۇش، ئۈشتىگەر ۋە كىراكەش قاتارلىقلار مەككار دەللىنىڭ دامىغا چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئەھۋالدا قالغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق غەزەپكە كەلدى. ئۇلار ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، دەللىنى قولغا چۈ-



شۇرۇش قارارىغا كېلىشتى. ئۇلار ھەر كۈنى كوچىمۇ كوچا، مەھەللىمۇ مەھەللە يۈرۈپ دەللىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار شۇ يوسۇندا بىر يىل ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن دەللىدىن ھېچبىر ئۇچۇر ئالالمىدى.

ئەمدى قايغۇ - ھەسرەتلىك ھېكايەتنى بىچارە كېراكەشنىڭ قولىدىن چىقىرىپ قويغان قېچىرىنى تېپىۋېلىش ئۈمىدىدە، خام تەمەلىك بىلەن يەنە شۇ مەككار دەللىنىڭ ھىيلە - مىكىر تورىغا چۈشۈپ، ئوتتۇز ئىككى چىشىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن ئاڭلاڭ.

ئەلقىسسە، ئىككىنچى يىلغا قەدەم قويغاندا، دەللە يەنە ئالدامچىلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، ئۆيىدىن چىقتى. ئۇ كوچىغا چىقىپ «بۈگۈن ئوۋنى قايسى تەرەپتىن ئوۋلىسام بولاركىن» دېگەن خىيال بىلەن، رەستىمۇ - رەستە ئايلىنىپ، بىر دوقمۇشقا كەلگەندە، تۇيۇقسىزلا كېراكەش ئۇچراپ قالدى. كېراكەش ئۇنىڭ دەللە ئىكەنلىكىنى بىلگەن ھامان، ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى:

— ھەي لەنىتى، ئۆزەڭنىڭ ماڭا قىلغان - ئەتكەنلىرىڭنى بىلەمسەن؟! — دېدى كېراكەش غەزەپ بىلەن، — بىر يىلدىن بېرى سېنى ئىزدەپ يۈرۈپ پۇتلىرىمنىڭ ماغدۇرى كەتتى. بۇ قېتىم قېچىرىمنى تېپىپ بەرمەي تۇرۇپ مېنىڭدىن قۇتۇلمەن، دەپ خام خىيال قىلما.

— ھەي مەرد يىگىت. گۇمان بىلەن مۇنداق ئىشنى قىلمىغىن، — دېدى دەللە يەنە ئالدامچىلىقىنى باشلاپ، — مەن سەن دېگەن ئۇنداق ئاياللاردىن ئەمەس، ئۇ خىلدىكى يامان ئاياللاردىن مەنمۇ ھەزەر قىلىمەن. يۈزۈمنى يۆگەپ ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرىدىغان ئىپپەتلىك ئايالمەن. زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن نائىلاج كوچىغا ئاندا - ساندا چىقىپ قالىمىسام، كۆپ ۋاقىتلاردا بىھۇدە سىرتقىمۇ چىقمايمەن. كوچا كېزىپ يۈرىدىغان خوتۇنلارنى كۆرسەم ئەيىب كۆرىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچنېمىگە ئېھتىياجىم يوق زەردار ئايالمەن.

دەللە مۇنداق ئېزىتقۇ سۆزلىرىنى قانچە كۆپ ئېيتقان بولسىمۇ، كېراكەش ئۇنى ئەسلا قوبۇل قىلمىدى. دەللە نائىلاج ئۇنىڭغا:

— ھەي ئوغلۇم، ئاۋازىڭنى پەسرەك قىلغىن، خالايىقتىن خىجىل بولىمەن. مېنىڭ ئار - نومۇس پەردەمنى يىرتمىغىن. مەن مال - دۇنياغا نەزىرىمنى سالمايمەن، قېچىرىڭنى كىم ئالغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ پۇلىنى مەن بېرەي. ماڭا ئاتا - ئانامدىن ئۈچ چاكار بىلەن ھېسابسىز ئالتۇن - كۈمۈشلەر مىراس قالغانىدى. لېكىن مەن «مال - دۇنيا دېگەن نىجىسقا قولۇمنى بۇلغاپ يۈرەرمەنمۇ» دەپ، پۇل - ماللىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ ئۈچ نەپەر چاكىرىمغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزەم كېچە - كۈندۈز تائەت - ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن. مەن ھازىر سېنى چاكارلىرىمنىڭ قېشىغا ئاپىراي، ئۇلار ساڭا خالىغىنىڭچە پۇل مال بەرسۇن، ماڭا ئاخىرەتلىك بولار، — دېدى.

بىچارە كېراكەش خۇشال بولۇپ، كۆڭلىدە «بۇنداقمۇ ساخاۋەتلىك مەرد ئايال بولىدىكەن» دەپ ئويلىدى:

— ھەي ئانا، — دېدى ئۇ ئىلگىرى قىلغان مۇئامىلىسىگە پۇشايمان قىلىپ، — مەن سىزنى دەللە دەپ گۇمان قىپتىمەن، ئەپۇ

قىلدىڭ. دەللىمۇ ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل
قىلغان بولۇپ:
— ھەي ئوغلۇم، بۇ قىلغان ئەدەپ-
سىزلىكلىرىڭ ئۈچۈن سەن ئەيىبلىك ئەمەس،
چۈنكى ئىنسان دېگەندىن بۇنداق سەۋەن-
لىكلەر دائىم ئۆتۈلۈپ تۇرىدۇ. سەن ماڭا
قانداق مۇئامىلە قىلغان بولۇشىڭدىن قەت-
ئىينەزەر، ئۇنى سەن بىلىپ تۇرۇپ قىلمى-
غان بولغاچقا، ئۇنى مەن ئەپۇ قىلىمەن،—
دېدى.

دەللە شۇنداق گەپلەر بىلەن كىراكەشنى
ئاخىر بازارنىڭ سىرتىدىكى بىر چەت
جايغا ئېلىپ چىقتى. ئۇ يەردە بىر تېۋىپ
بار ئىدى، ئەتىياز پەسىللىرىدە كىشىلەردىن
قان ئېلىپ داۋالاش بىلەن مەشغۇل بولسا،
قالغان ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىدا چىش ئاغرى-
قىغا دۇچار بولغانلارنىڭ چىشلىرىنى تارتىپ
قويۇش بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. ئۇنىڭ
ئۈچ نەپەر خىزمەتكارى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ
ئەپت-بەشىرىسىدىن دېۋىلەرمۇ قورقۇپ،
تەگىرىدىن پاناھلىق تىلەيتتى. دەللە كىرا-
كەشنى باشلاپ تېۋىپنىڭ دۇكىنىغا يېقىن-
لاپ كەلگەندىن كېيىن، كىراكەشكە:

— ئوغلۇم، سەن مۇشۇ يەردە ئازراق تە-
خىر قىلىپ تۇرغىن، مەن دۇكاندا پۇل
بارمۇ-يوق بېرىپ ئۇققۇشۇپ كۆرەي،
ئەگەر يوق بولسا، چاكارلىرىم ئۆيدىن
ئېلىپ بەرسۇن، ئەگەر بار بولۇپ قالسا،
شۇ يەردىنلا ئېلىپ قايتىمەن-دە، يولۇڭ
قىسقىرايدۇ،— دېدى.

دەللە شۇنداق قىلىپ كىراكەشنى
بىر دوقمۇشتا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى
تېۋىپنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ، ئېگىلىپ تەزىم
قىلدى، تېۋىپ كۆز ئالدىدا بىر ئاجىز
نۇرانە ئايالنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ،
دەرھال ئۇنىڭ سالامىغا جاۋاب قايتۇردى.

— ھەي ئانا، خۇش كېلىپسىز،— دې-
دى تېۋىپ دەللىگە،— نېمە خىزمەت بىلەن
بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟

— ھەي ئۇستام، بۇ دۇنياغا كېلىپ،
پەقەت بىرلا ئوغلۇم بار ئىدى. ئۇ مەن ئۈچۈن
كۆزقارىچۇقۇمدەك ئەزىز ئىدى. ئۇنىڭ ئاغزىغا
يەل يارىسى چىقىپ، قىلغان سايە-سەۋەب-
لەردىن ھېچبىرى مەنپەئەت قىلمىدى.
يارىسى كۈندىن-كۈنگە يامانلاشتى.
ئاخىر تېۋىپ-ھۆكۈمالارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ
باردىم. ئۇلار: «بۇنىڭ بارلىق چىشلىرىنى
دەرھال تارتقۇزۇۋەتمىسەڭ، بۇ كېسەل
ئۇنىڭ كۆزىگە تەسىر قىلغاندىن كېيىن كور
قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ تەسىرى نېرۋىسىغا
يەتسە، سەزگۈسىگە نۇقسان يېتىپ، ئەقلى-
دىن ئېزىپ كېتىدۇ. بەلكىم سەۋدايى بولۇپ
قالايمىقان سۆزلەشكە باشلىشى ۋە ئۆزىنى
نابۇت قىلىشى مۇمكىن» دېيىشكەندى. بىراق
مەن ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىگە پىسەنت
قىلماي، بىپەرۋالىق قىپتىمەن. ئاخىر
تېۋىپلارنىڭ دېگىنىگە ئوخشاشلا، ئوغلۇم
ئەقلى-ھوشىدىن ئېزىشقا باشلىدى. ھەر
كىشىگە ھەرقىسما قالايمىقان، بىھۇدە سۆز-
لەرنى قىلىپ، بەزىلەرگە «پۇلۇمنى بەر» دېسە،
بەزىلەرگە: «قېچىرىمنى قايتۇرۇپ بەر» دەيدۇ،
بەزىدە ھەتتا، مېنىڭ ئۆز ئانىسى ئىكەنلى-
كىمنىمۇ ئىلغا قىلالمايدۇ. ھېكىملەرنىڭ
سۆزىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىر ھېكمەت ئىكەن-
لىكىنى ھېس قىلدىم-دە، بۇ ئىشنى كې-
چىكتۈرگىنىمگە كۆپ ھەسرەت-نادامەت-
لەرنى چېكىپ، ئاخىر ئوغلۇمنى ھۇزۇرىڭىز-
غا ئېلىپ كەلدىم. ھۆكۈمالارنىڭ سۆزى
بويىچە ئۇنىڭ ھەممە چىشلىرىنى تارتىۋەت-
سىڭىز، بەلكىم سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ

قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى دەللە كۆزىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ، ئاندىن يانچۇقىدىن بىر تەڭگە پۇلنى ئېلىپ، تېۋىپقا ئۇزىتىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن ئوغلۇمنى بىر باھانە بىلەن بۇيەرگە ئېلىپ كىرەي، سىز خىزمەتكارلىرىڭىزغا بۇيرۇق قىلىپ ئوغلۇم ئىشىكتىن كىرىش بىلەنلا، ئۇنىڭ ھەر قانداق ئاھۇ-پەريادلىرىغا قۇلاق سالماي، پۇت-قوللىرىنى مەھكەم باغلىتىپ ئۇنىڭ بارلىق چىشلىرىنى بىرىنىمۇ قالدۇرماستىن پاك-پاكىز سۇغۇرۇپ تاشلىسىڭىز، بەلكىم كەرىمى كەڭ تەڭرىم سىزنىڭ سەۋەبىڭىز بىلەن ئوغلۇمغا تەلتۆكۈس شىپالىق ئاتا قىلسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

ئاقچا مۇھەببىتى بىلەن ئەقلىدىن ئازغان نادان تېۋىپ، دەللە ئېيتقان بۇنداق قانخورلۇقنى ماقۇل بولدى:

— ھەي ئانا، ئوغلۇڭنى ئېلىپ كىرگىن، ئەمرىڭنى دېگىنىڭدىن زىيادە قىلىپ ئورۇندايمەن، — دېدى ئۇ دەللىگە.

— ئۇستام، ئوغلۇمنى ئېلىپ كىرەي، بىراق مەن بۇ ئىش ئۈستىدە تۇرالمايمەن، ئوغلۇم ئاغرىق دەستىدىن نالە-پەرياد كۆتۈرسە، مەن ئانا بولغۇچى قانداقمۇ چىدىيالايمەن؟ — دېدى دەللە كۆزلىرىدىن تارام-تارام تاش تۆكۈپ.

تېۋىپ ئۇنىڭغا:

— سېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشۇڭنىڭ ھاجىتى يوق، ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ، كېتىپ قالساڭمۇ بولىدۇ، — دېدى.

دەللە كۆڭلىدە: «تەدبىرىم ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى» دەپ، خۇشاللىقتىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا كىراكەشنىڭ يېنىغا كەلدى-دە:

— يۈر، ئۇ يەردىن خالىغىنىڭچە پۇل ئالغىن، — دېدى.

يوق پۇلنى ئېلىپ، چىقمىغان چىشلىرى بىلەن تاناۋۇل قىلىش ئۈمىدىدە تۇرۇۋاتقان بىچارە كىراكەش ئۆزىنىڭ خام تەمەلىكى تۈپەيلىدىن، خاتىرجەملىكىنى قولدىن بېرىپ، ئاغزىدىكى چىشلىرىنىڭمۇ خۇددى قېچىرىغا ئوخشاشلا بەرباد بولۇشىنى نەدىن بىلسۇن، ئۇ خۇشال ھالدا دەللىگە ئەگىشىپ، تېۋىپنىڭ دۇكىنىغا كىردى. دەللە تېۋىپقا ئىشارەت قىلىپ، قويۇپ ئۆزى كېتىپ قالدى. تېۋىپنىڭ ھېلىقى دېۋە سۈپەت ئۈچ خىزمەتكارى كىراكەشنى كۆرگەن ھامان ئېتىلىپ كېلىپ، بىرى قولىدىن، بىرى پۇتىدىن، يەنە بىرسى بېشىدىن قاماللاپ، يەرگە باستى، ئۇلار كىراكەشنىڭ نالە-پەريادىغا قىلچە قۇلاق سالماستىن، ئۇنىڭ پۇت-قولىنى شۇنداق چىڭ باغلىدىكى، ھەتتا قىمىرلاشقىمۇ ماجالى قالمىدى. كىراكەش ئاخىرى ئىشنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، يېلىنىشقا باشلىدى:

— ھەي ئاغىنىلەر، — دېدى ئۇ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈپ، — مېنى قويۇپ بېرىڭلار، بولدى قېچىرىمدىن كەچتىم.

تېۋىپ ۋە چاكارلار ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ساراڭلىق دەپ بىلىپ، بىر-بىرىگە قاراپ كۈلۈشۈپ قويدى. ئاندىن قولغا ئامبۇر ئېلىپ ئۇنىڭ چىشلىرىنى بىر-بىرلەپ يۇلۇشقا باشلىدى.



ھەممە چىشلىرىنى قويماي تارتىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنى باغلاقتىن بوشىتىپ، قويۇپ بەردى. كىراكەش بىچارە ئۆزىنىڭ بۇنداق ئېغىر كۈنگە قېلىپ، بىجىرىم چىشلىرىدىن ئايرىلىپ، كوماك بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، چەكسىز قايغۇ - نادامەتلەرنى چېكىپ، زار - زار يىغلىدى. ئۆزىنىڭ ساددىلىقى تۈپەيلىدىن مەككار دەللىنىڭ سۆزىگە كىرىپ، ئىككىنچى قېتىم ئالدانغانلىقى ئۈچۈن، مىڭ - مىڭلاپ ھەسرەتلەندى، تۇمەنلەپ ئەپسۇسلاندى. ئەمما، بولغۇلۇق بولۇپ بولغاندا، قىلغان پۇشايمان پايدا بەرمىگەچكە، ئۇنىڭ چىشسىزلىقتىن ماكىلداپ قالغان ئېغىزلىرى ئورنىغا كەلمىدى. ئۇ بىچارە مىڭ تەسلىكتە ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ھەپتىگىچە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. بۇ ۋەقە پۈتۈن باغداتقا پۇر كەتتى. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر ھەيران-ھەس قالدى. لەنەتگەردە دەللە ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئالتە ئايغىچە تاشقىرىغا چىقماستىن ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى.

ئەمدى گەپنى بەتقىلىق مۇختاردىن ئاڭلاڭ.

ئەلقىسسە، مۇختار ھەر كېچە ئارام ئالماستىن باغدات خەلقىنىڭ ئۆيلىرىنى ئوغرىلىقچە تالان - تاراج قىلاتتى. بىر-كېچىسى ئۇ شۇ يوسۇندا كېتىۋاتقىنىدا، ھارۇن رەشىتنىڭ بارگاھىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. قاراۋۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئۇيقۇدا كۆرۈپ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلدى - دە، ئاۋايلاپ چامداپ، پادىشاھنىڭ شەربەتخا-نىسىغا كىردى. ئۇيەردە قىممەتتى بىر مەملىكەتنىڭ خىراجىتىگە تەڭ كەلگۇدەك بىر ئالتۇن جام بار ئىدى. مۇختار بۇنى كۆرۈپ: بۇگۈن باشقا ئۆيلەرگە كىرىپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەي، مۇشۇ ئولجىنىلا ئېلىپ، بولدى قىلاي - دە، بىر كېچىنى ئارامى خۇدا ئۆتكۈزەي» دەپ ئويلاپ، ئالتۇن جامنى ئېلىپ، خاتىرجەم ھالدا ئۆيىگە كېلىپ، ئارام ئالدى. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندىن كېيىن بۇ خەۋەر پادىشاھ ھارۇن رەشىتنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. پادىشاھ بارلىق شەربەتچىلەر ۋە خىزمەتچىلەرنى يىغدى. ئۇلارنى زۇلۇم بىلەن شۇنداق قاتتىق قىيىن - قىستاقلارغا ئالدىكى، ئۇچ كىشى بۇ ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمەي ھالاك بولدى. لېكىن جام تېپىلمىدى. پادىشاھ ئاخىر: «كىمكى ئاشۇ ئالتۇن جامنىڭ ئۇچۇرىنى يەتكۈزسە، ئۇ جامنى ئاشۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە ئىنئام قىلىمەن» دەپ پۈتۈن مەملىكەتكە جاكار چىقاردى.

ئەلقىسسە، بۇ ھادىسە يۈز بېرىپ، ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ھىندىستان سودىگەرلىرى ئىراق تەرەپكە يول ئالدى. ئۇلار كېلىپ دەجلە دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا چۈشتى. دەللىنىڭ قىزلىرى بۇلارنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئاتىسى مۇختارغا:

— ھەي ئاتا، دەريا ياقىسىغا كارۋانلار كېلىپ چۈشۈپتۇ. بېرىپ بىزگە ئۇلارنىڭ نەپىس تاۋارلىرىدىن ئەكىلىپ بەرسىڭىز، — دېدى.

مۇختار قىزلىرىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان سودىگەرلەر سىياقىدا ياسىنىپ، ھېلىقى ئالتۇن جامنى قولىغا ئېلىپ، دەجلە بويىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە ھارۇن رەشىتنىڭ باجگىرلىرى سودىگەرلەردىن باج ئېلىۋاتاتتى. مۇختار بۇ ھالنى كۆرۈپ بىر بۇلۇڭدا بىر ئاز يوشۇرۇنۇپ ئارام ئالدى. سودىگەرلەر باجگىرلارنىڭ غەلۋە-غوۋغاسىدىن خالاس بولغاندىن كېيىن، مۇختار ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، ئالتۇن جامنى قوينىدىن چىقاردى. شۇ ئەسنادا ھارۇن رەشىتنىڭ شەربەتچىلىرىدىن بىرسى پادىشاھقا قەنت-ناۋات ئېلىش ئۈچۈن يېتىپ كەلدى-دە، كۆزى ئالتۇن جامغا چۈشۈپ قالدى. شەربەتچى دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ جامنى مۇختارنىڭ قولىدىن غەزەپ بىلەن يۇلۇپ ئالدى:

— بۇ جام پادىشاھنىڭ شەربەتخانىسىدىن يوقىلىپ، بۇنىڭ كاساپىتى بىلەن ئۈچ ئادەم ھالاك بولغان، سەن بۇنى قەيەردىن ئالدىڭ؟! — دېدى ئۇ مۇختارغا قەھرى بىلەن ۋارقىراپ.

مۇختار ئۆكمەستىنلا:

— تولۇق باھاسىنى تۆلەپ سېتىۋالدىم، — دېدى.

— بۇنى ساڭا كىم ساتقان، — دېدى شەربەتچى، — ساڭا جان لازىم بولسا، تېز ئېيت، بولمىسا پادىشاھ ھۇزۇرىغا ئۆزۈڭنى ئاپىرىمەن، ئۇ چاغدا مىڭ جېنىڭ بولسىمۇ ھايات قۇتۇلالمايسەن.

— بۇنى ساتقۇچى ناتونۇش ئادەم تۇرسا، مەن ئۇنى نەدىن بىلەي، — دېدى مۇختار.

— ئانداق بولسا، — دېدى شەربەتچى غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ ياقىسىغا قول سېلىپ، — چاپسان مەن بىلەن ماڭ، ئۆزۈڭنى شاھ سارىيىدا كۆرىسەن.

مۇختارنىڭ ھوشى بېشىدىن ئۇچۇپ، شەربەتچىگە:

— ھەي مەرد يىگىت، مەن بىر سودىگەر ئادەم. ھارۇن رەشىتنىڭ ئالدىغا سۆرەپ بارساڭ، ئەلۋەتتە، مېنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆي-ۋاقلىرىمنى تالان-تاراج قىلىدۇ. بۇنىڭ ساڭا ھېچقانچە پايدىسى يوق. ئۇنىڭدىن كۆرە سەن مېنى بۇ پالاكەتچىلىكتىن قۇتقازغىن، مەن ساڭا بۇ ئالتۇن جامنى يەنە بىر ھەسسە ئالتۇن بىلەن قوشۇپ بېرىۋېتەي ۋە باشقا يوللار بىلەنمۇ خىزمىتىڭنى قىلاي، — دېدى.

مۇختاردىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شەربەتچى پادىشاھنىڭ نازۇ نېمەتلىرىنىڭ تۈز ھەققىنىمۇ ئۇنتۇپ، كۆڭلى خىيانەت تەرەپكە مايىل بولدى. بۇ ھەقتە كىشىلەر مۇنداق دېگەن. بېيىت:

كىمكى تۈز ھەققىگە ھۆرمەت قىلمىسا،
ئاقىۋەت بولغاي ئۇنىڭ يۈزى قارا.

شەربەتچى مۇختارغا:

— بۇ جامنى سېنىڭدىن ئېلىپ ئۆيۈمدە
مدە ساقلىسام، ئاقىۋەت بىر كۈنى بىراۋ-
لارنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالسا، بالاغا قالى-
مەن. ئەگەر ئۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا
ئېلىپ بارسام، «بۇنى نەدىن تاپتىڭ؟»
دەپ سورىشى چوقۇم، ئۇنداقتا، مەن نېمە
دەپ جاۋاب بېرىمەن؟ — دېدى.

مۇختار:

— ئانداق بولسا، مەندىن جامنىڭ با-
ھاسىغا تەڭ كەلگۈدەك مىقداردا ئالتۇن
ئالغىن، — دېدى.

دېگىنىڭغۇ دۇرۇس گەپ بولدى، —
دېدى شەربەتچى مۇختارغا، — بىراق بۇ
يەردە بۇ جامنىڭ باھاسىنى توختىتىپ
بېرەلىگۈدەك بىرەر سەرراپ، ياكى زەرگەر
يوق تۇرسا، — دېدى.

— بۇ سودىگەرلەر ئارىسىدا خوجا
سەئىد ناملىق بىر جاۋاھىرپۇرۇش بار. ئۇ
كىشى كۆپ ئىشلارغا ئېپى بار، ھەممە كە-
سىپكە ماھىر ئادەم. ئۇ ھازىر مۇشۇ سودى-
گەرلەرنىڭ باشلىقى. سەن بۇنى شۇ كى-
شىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ: «ھەي خوجا ماڭا
بىر ئاز قەنت-ناۋات لازىم ئىدى. سەن
مۇشۇ جامنىڭ قىممىتىنى باھالاپ بەر-
سەڭ، مەن قەنت-گېزەكلەرنىڭ باھاسى
ئۈچۈن مۇشۇ جامنى بېرىپ ئالارمەن ياكى
بولمىسا، ئالتۇن بېرىپ ئالارمەن» دېگىن.
ئۇ كىشى جامنىڭ باھاسىنى بىر يەرگە
توختىتىپ بەرگەندىن كېيىن قايتىپ كەل،
مەن ساڭا، شۇ باھادا ئالتۇن بېرىمەن ۋە
باشقا نەرسىلەر بىلەنمۇ سېنى خۇشال قى-
لىمەن، — دېدى مۇختار.

شەربەتچى مۇختاردىن بۇ سۆزنى ئاڭ-
لىغاندىن كېيىن ئالتۇن ئېلىشنىڭ ئىنتى-
زارلىقىدا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى.

بېيىت:

بىر قاراپ قويماقنى قارا كۆزىدىن قىلدىم
تەمە،
ئاھ، تەمەنىڭ يۈزىدەك قارايدى يۈزلىرىم
ھەمە.

شەربەتچى مۇختارغا:

— ئانداق بولسا، سەن تەرەپتىن
بىرەيلەن بىللە بارسۇن، — دېدى.

— ئانداقتا، مەن ئۆزەم باراي، — دېدى
مۇختار، — لېكىن مېنىڭ ساڭا ھەمراھ ئى-
كەنلىكىمنى ھېچكىم سېزىپ قالمىسۇن،
سەن بېرىپ خوجا سەئىدكە جامنى كۆرسىتىپ،
باھاسىنى توختاتقاندىن كېيىن، مەن
يېنىڭغا كىرىپ، باھاسىغا يەتكۈزۈپ
ئالتۇن بېرىپ، جامنى شۇ يەردىلا
سېتىۋالاي.

شەربەتچى ئېتىغا مىندى-دە، جامنى
ئېلىپ خوجا سەئىد تەرەپكە ماڭدى. خوجا
سەئىدنىڭ چېدىرى ئالدىغا كەلگەندە ئات-
تىن چۈشۈپ، سالام بىلەن ئىچكىرىگە
كىردى.

— ھەي خوجا، — دېدى ئۇ سودىگەر-
گە، — مەن پادىشاھنىڭ شەربەتچىلىرىدىن-
مەن، پادىشاھلىقتا بىر ئاز قەنت-ناۋات
ئالىمەن، باھاسى ئۈچۈن ئالتۇن بەرسەم-
مۇ بولىدۇ، ئەگەر خالىسىڭىز مۇنۇ جام-
نى بېرەي.

شەربەتچى سۆزلەۋېتىپ، جامنى خوجا
سەئىدنىڭ ئالدىغا قويدى. خوجا سەئىد
دۇنيادا تەڭداشسىز بولغان بۇ ئاجايىپ
ئالتۇن جامنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە: «بۇنى
پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارسام، بۇنىڭ-
دىن زىيادە تۆھپە بولماس» دەپ ئويلىدى-
دە، سېتىۋېلىش قارارىغا كەلدى.

ئەلقىسسە، شەربەتچى مۇختارنىڭ قو-

لىدىن جامنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، مۇختارنىڭ يەتتە ئوغرى كۆيئوغلى ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. مۇختار ئۇلارنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، سودىگەرلەرنىڭ چېدىرىغا باردى. ئۇلار خۇددى بىرەر نەرسە سېتىۋالماقچى بولغان ئادەملەردەك، قىممەت باھا نەپىس رەختلەرنى كۆرۈپ، ياراتماستىن، چېدىرمۇ-چېدىر ئارىلاپ يۈرۈشمەكتە ئىدى. سودىگەر بىچارىلەر تەمەگەرلىك بىلەن ئۇلارغا ئىززەت-ئىكراملار قىلىشىپ كېتىشتى. مۇختار ۋە كۆيئوغۇللىرى شۇ يوسۇندا ئايلىنىپ يۈرۈپ، خوجا سەئىدنىڭ چېدىرى ئالدىغا يېتىپ كەلدى-دە، سالام بېرىپ، ئىچكىرىگە كىردى. خوجا بۇلارنىڭ ناھايىتى كېلىشكەن نۇرانە ئادەملەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھۆرمەت-ئېھتىراملار قىلدى، ئۇلارغا يۇقىرىدىن ئورۇن كۆرسىتىپ ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن خوجا سەئىد مۇلايىملىق بىلەن:

— قەدەملىرىڭىز قۇتلۇق بولسۇن، بىزگە بۇيرۇيدىغان نېمە خىزمەتلىرىڭىز بار؟ — دەپ سورىدى.

— بىزگە بىر ئاز قەنت-ناۋات كېرەك، — دېدى مۇختار.

خوجا ئېھتىرام بىلەن:

— خالىغىنىڭىزلارنى جان-دىل بىلەن ئورۇندايمىز، — دېدى.

بەتئەخلاق مۇختار بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن خوجا سەئىدتىن سورىدىكى:

— ھەي خوجا، ھۇزۇرىڭىزدىكى ئاۋۇ ئالتۇن جام كىمنىڭكى؟

— ئۇنى بىر كىشى ساتماق ئۈچۈن ئەكەلگەنىكەن، — دېدى خوجا سەئىد جاۋابەن مۇختار:

— بۇ ياققا ئېلىڭ، كۆرۈپ باقاي، — دېدى.

— بولىدۇ، كۆرۈڭ، — دېدى خوجا جامنى مۇختارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ.

مۇختار جامنى ئۇياق-بۇياق ئۆرۈپ، كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، خوجا سەئىدكە تۇيۇقسىزلا سوئال قويدى:

— ھەي خوجا، بۇ جام خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ شەربەتخانىسىدىن يوقالغانىدى، سەن بۇنى قەيەردىن ئالدىڭ؟

مۇختارنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشكەن خوجا سەئىد دەرھال شەربەتچىنى كۆرسىتىپ:

— مۇشۇ يىگىت ساتىمەن دەپ ئەكەلگەنىكەن، — دېدى.

مۇختار بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ شەربەتچىنىڭ گەدىنىگە بىر مۇشت ئۇردى-دە:

— ھەي ھارامزادە، بۇ جام ئۈچۈن قانچىلىغان بىگۇناھ ئادەملەر ھالاك بولدى، قانچىلىغان ساپ نىيەت كىشىلەر ئازاب چەكتى!؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

خوجا سەئىد بۇ ئەھۋالغا ھەيران قالدى ۋە مۇختاردىن سورىدى:

— بۇ نېمە ۋەقە؟

— پېقىر سودىگەرلىك ئۈچۈن باغداتتا تۇرۇۋاتقىنىمغا تۆت ئاي بولدى، — دېدى مۇختار ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈۋاتقاندەك قىياپەتتە، — بىر كۈنى كارۋان سارىيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرسام، ھەر تەرەپتىن قىيا-چىيا ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ھەيران بولۇپ، نېمە ھادىسە يۈز بەرگەنلىكىنى بىر كىشىدىن سورىغانىدىم، ئۇ ماڭا: ھارۇن رەشىدنىڭ شەربەتخانىسىدىن بىر دانە ئالتۇن جام يوقىلىپتۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن پادى-

شاھ ئۇرغۇن كىشىلەرگە گۇمان بىلەن شۇنداق قاتتىق ئازابلارنى ساپتۇكى، بۇ سەۋەبتىن ئۈچ ئادەم جېنىدىن ئايرىلىپتۇ، بۇ غەلۋە-غوۋغالار شۇنىڭ ماجىراسى» دېگەنىدى. مانا ئەمدى مەلۇم بولدىكى جامنى مۇشۇ ھارام تاماق شەربەتچىنىڭ ئۆزى ئوغرىلىغانىكەن.

— ھەي يىگىت، سەن بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ — دېدى خوجا سەئىد شەربەتچىگە قاراپ.

مۇختارنىڭ بىردەمدىلا توقۇپ چىققان بۇ نەيرەڭلىرىگە ھەيران بولۇپ، باياتىن بېرى خۇددى يوقاتقان ھالدا، مەڭدەپ قالغان شەربەتچى ئۆزىگە بېرىلگەن بۇ سوئالدىن ھوشىغا كەلدى:

— ئۇ يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، — دېدى شەربەتچى ئۇپۇل-توپۇللا جاۋاب بېرىپ، — بۇ جام ئەسلى ئۇنىڭ قولىدا ئىدى.

— ھەي يىگىت، بۇنداق ناشايان ئىش سېنىڭدەك ئوردا خادىمىغا مۇناسىپ ئەمەس ئىدى، — دېدى خوجا سەئىد شەربەتچىگە.

— شۇ ئەسنادا مۇختار كۆيۈنگۈلىرىغا:

— بۇ ھارام تاماق ئەبلەخنى ئۇرۇڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئۇلار كېلىپ شەربەتچىنى ئارىغا ئېلىپ، شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، بىچارە ساددا شەربەتچىگە ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بولدى. بۇ غەلۋە-غوۋغالار كارۋانلار ئارىسىدا باج ئېلىۋاتقان ھارۇن رەشىت مۇلازىملىرىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. ئۇلار كېلىپ، خوجا سەئىدنىڭ ھۇزۇرىدا يوقالغان ئالتۇن جامنىڭ تۇرغانلىقىنى، شەربەتچىنى بەش-ئالتە ئادەم ئارىغا ئېلىۋېلىپ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. مۇلازىملار ھەممە ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن شەربەتچىگە تىل ھاقارەت ياغدۇرۇپ، قوللىرىنى ئارقىسىغا قايرىپ باغلىدى، جامنى بوينىغا ئېسىپ، پىيادە ھالدا ئوردىغا ھەيدەپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئېتىغا مۇختارنى مىندۇرۇپ، بىللە ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار شەھەرگە يېتىپ كەلگەندە پۈتۈن خالايىق ئۇلارنىڭ كەينىگە چۈشۈپ ئەگىشىپ ماڭدى. ھەممە كىشى شەربەتچىگە تىل-ئاھانەت تاشلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئاتاتتى. ئۆز ئەھۋالىنىڭ قايغۇسىدا گاڭگىراپ، ھەيران-ھەس قالغان بىچارە شەربەتچىنىڭ قۇلىقى خالايىقنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى زادىلا سەزمەيتتى. لەنتى دەللە بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ، يېتىپ كەلدى-دە، مۇختارنىڭ بۇ قىلمىقلىرىغا خۇشال بولۇپ، ئاپىرىنلار ئېيتىپ، قايتىپ كەتتى.



شۇنداق قىلىپ، ئۇلار پادىشاھ ھارۇن
رەشىتنىڭ ئوردىسىغا كىردى. پادىشاھنىڭ
ئۇدۇلىغا كېلىش بىلەنلا، مۇختار يەر سۆ-
يۈپ سالام قىلدى. پادىشاھ ئۇنىڭ سالا-
مىغا جاۋاب قايتۇردى ۋە كۆڭلىدە مۇختار-
نى «ئەجەبمۇ مۇئامىلىسى ياخشى ئادەم-
كەن» دەپ ئويلاپ، يۇقىرى ئورۇنغا ئولتۇر-
غۇزدى. ئاندىن شەربەتچىگە قاراپ غەزەپ
بىلەن:

— ھەي يۈزسىز خائىن، مېنىڭ ساڭا
بەرگەن بەخت ۋە دۆلىتىمدىن نېمە كەم
قالغىنىغا سەن بۇ خىيانەتنى قىلدىڭ؟!—
دېدى.

بۇ پالاكەتچىلىكتىن قۇتۇلۇشقا ھېچ-
قانداق ئامالى قالمىغان شەربەتچى بىچارە
كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ، پادى-
شاھقا ھەممە بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋالنى
بىر-بىرلەپ بايان قىلدى. ئاندىن كېيىن
سۆزنى مۇختار ئېلىپ:

— ھەي ئالەمپاناھ، دۆلىتىڭىز ئەبە-
دى مۇقىم بولسۇن، مېنىڭ بۇ شەھىرىڭىز-
دە تۇرۇۋاتقىنىمغا تۆت ئاي بولدى. يېقىندىن
بېرى خۇراسانغا بېرىشنى نىيەت قىلىپ
تۇرغىنىمدا، دەجلە دەرياسى بويىغا سودى-
گەر چۈشۈپتۇ، دەپ ئاڭلاپ، ئازراق قەنت-
ناۋات ئېلىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە باردىم.
مۇشۇ ھارامخور مۇناپىق شەربەتچى
ئۇ يەردە ئالتۇن جامنى خوجا سەئىد
ئىسىملىك سودىگەرلەر باشلىقىغا ساتماق-
چى بولۇپ تۇرغانىكەن. بۇنىڭدىن ئىككى
ئاي ئىلگىرى جانابىڭىزنىڭ بارگاھىدىن
بىر ئالتۇن جام يوقالغانلىقى قۇلىقىمغا
كىرىپ قالغانىدى، بۇنى كۆرۈپ، دەرھال
شۇ ئىش ئېسىمگە كەلدى. بۇ بەدبەخت
ساتماقچى بولۇپ تۇرغان جامغا پادىشاھ-
تىن باشقا كىشىنىڭ ئىگە بولۇشى مۇم-
كىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم-دە،
شۇنىڭغا ئاساسەن، ئەلگە ئىبرەت بول-
سۇن دەپ ئۇنى تۇتتۇم، — دېدى.

ھارۇن رەشىت مۇختارنىڭ سۆزلىرى-
نى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇلازىملىرىغا
خوجا سەئىدنى كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى.
مۇلازىملار بېرىپ، خوجا سەئىدكە ھارۇن
رەشىتنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزدى. خوجا
سەئىد پادىشاھقا لايىق سوۋغا-سالاملار
بىلەن يېتىپ كېلىپ، ھارۇن رەشىتكە
سالام قىلدى. پادىشاھمۇ ئۇنىڭ سالا-
مىغا لايىق جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن
يۇقىرىدىن ئورۇن كۆرسەتتى. ئاندىن پا-
دىشاھ ئۇنىڭدىن بۇ ھادىسىنىڭ تەپسىلا-
تىنى سورىدى. خوجا سەئىد پادىشاھنىڭ
سوئالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزى كۆر-
گەن ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى. خوجا
سەئىدنىڭ سۆزلىرى مۇختارنىڭ ئېيتقان-
لىرى بىلەن ئوخشاش چىققىنى-دە، پا-
دىشاھ مۇختارنىڭ سۆزلىرىنىڭ راستلىقىنى
جەزملەشتۈردى:

— بۇ تۈزكورنى، — دېدى پادىشاھ
شەربەتچىنى كۆرسىتىپ قەھرى-غەزىپى
تاشقان ھالدا، — دارغا ئېسىپ، بەدەنلىرى-
نى پارە-پارە قىلىپ تاشلاڭلار!

ھۆكۈمنى ئاڭلىغان جاللاتلار دەرھال
ئېتىلىپ كېلىپ، شەربەتچىنى دار تەرەپكە
سۆرەپ ماڭدى، يول بويى زار-زار يىغ-
لاپ كەلگەن بىچارە شەربەتچى دار ئال-
دىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۆز بۇ-
لاقلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياش ئاققۇزغان
ھالدا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى، بېيىت:

كىم خىيانەت قىلسا، ئۇنتۇپ ئىگىسىنىڭ
تۈزىنى،

ئەل ئارا بېشى تۆۋەن بولماق جازاسىدۇر ئۇنىڭ.

ئاندىن كېيىن ئۇ جاللاتقا:

— ھەي بۇرادەرلەر، مېنىڭ سىلەرگە ۋەسىيىتىم شۇكى، پېقىرنى باشقا گۇناھكارلارنى ئاسقانغا ئوخشاش بېشىمدىن ئاسماي، بەلكى پۇتۇمدىن ئېسىڭلار. بۇ ئارقىلىق مەن باشقا گۇناھكارلاردىن پەرق قىلىنىپ تۇراي-دە، خەلق مېنىڭ بىر خائىننىڭ كېيىمىگە كىرىپ، پادىشاھىمىنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلماقچى بولغانلىقىمنى ئاڭلاپ، ئىبرەت ئالسۇن، — دېدى.

جاللاتلار ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن، ئايىغىدىن ئېسىپ بوغۇزىغا پىچاق ئۇردى. بىچارە شەربەتچى بۇ ھىيلە-نەيرەڭلەر بىلەن تولغان دۇنيادىن مەڭگۈگە كۆز يۇمدى.

ھارۇن رەشىد ئۆزىنىڭ «ئالتۇن جامنى كىم تېپىپ كەلسە ئۇنى شۇ كىشىگە ئىنئام قىلغاندىن سىرت، ئۇ كىشىنى يەنە باشقا تەرەپلەردىنمۇ خۇشال قىلىمەن» دېگەن ۋەدىسىگە ئاساسەن، جامنى مۇختارغا بەردى. يەنە ئۇنىڭغا قىممەت باھا تونلارنى كىيدۈرۈپ، يولغا سالدى.

مۇختار جامنى ئېلىپ، يەتتە نەپەر ئوغرى كۈيئوغۇللىرى بىلەن ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. دەللە مۇختارنىڭ قىلغان رەزىللىكلىرى ۋە ھىيلە-مەكىرلىرىگە ئاپىرىن ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ئاغزى تالغۇچە ماختىدى.

ئەمدى گەپنى بەتخۇي دەللىدىن ئاڭلاڭ.

ئەلقىسسە، ئۇ مەلئۇنلارنىڭ بۇ كېچىسى پاراغەت بىلەن ئۆتتى. ئەتىسى لەنەتىگەر دەللە ھەييارلىق بەلبېغىنى بېلىگە باغلاپ، ئۆيىدىن چىقتى. كوچىغا چىقىپ ئازراق يول يۈرۈش بىلەنلا ئۇشتىگەرگە ئۇچراپ قالدى. ئۇشتىگەر دەللىنى كۆرگەن ھامان ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنى مەھكەم تۇتتى.

— ھەي مەككار ئوغرى، — دېدى ئۇشتىگەر غەزەپ بىلەن، — مېنى ۋە باشقىلارنى قانداق بوزەك قىلغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ مانا ئەمدى قولۇمغا چۈشتۈڭ، قولۇمدىن ئاسان قۇتۇلۇپ چىققىنىڭنى كۆرەيچۇ قېنى!

ئۇشتىگەرنىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىنى كۆرگەن دەللە مۇلايىملىق بىلەن:

— ھەي كۆزۈمنىڭ نۇرى ئوغلۇم، مېنىڭدەك ئاجىز ئاناڭغا بۇنداق قوپال گەپلەرنى قىلىشتەك مۇددىئايىڭ نېمە؟ — دېدى.

— قوپال گەپ دەۋاتمىسەڭمۇ تېخى، — دېدى ئۇشتىگەر دەللىنى سىلكىشلەپ، — دۇكىنىمدىن يىگىرمە پوتا بىلەن ئەللىك ماتانى ئوغرىلاپ كەتسەڭمۇ قوپال گەپ قىلمامتىم ئەمەسمە؟!

— راست ئېيتىسەن ئوغلۇم، سېنىڭ ماللىرىڭنى چاقچاق قىلىپ ئېلىپ قويغانىدىم، بۇ ئىشتا مەندە قىلچە يامان نىيەت يوق ئىدى. ھازىرغىچە مەنمۇ شۇ ماللىرىڭنى قانداق قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ غېمىدە يۈرەتتىم. خۇداغا شۈكرى، بۈگۈن ئۆزۈڭ ئۇچراپ قالدىڭ. ماللىرىڭنىڭ ھەممىسىنى بىر ئورۇندا ئامانەت قويغانىدىم، ساق-سالامەت تۇرۇۋاتىدۇ. سەن ھازىرلا مەن بىلەن بېرىپ، ئۇنى ئۆز قولۇڭغا ئالغىن، — دېدى دەللە ئۇشتىگەرگە.

ئۇشتىگەر دەللىگە ھەمراھ بولۇپ

ماگدی. ئىككىسى بىر شىپاخانىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. دەللە ئۆشتىگەرگە:

— هەي جېنىم، سەن بۇ يەردە ئازراق ساقلاپ تۇرغىن، مەن كىرىپ ماللرىڭنى ئاچقىپ بېرەي، — دەپ قويۇپ، ئۆزى ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

دەللە شىپاخانا ئىچىدە ئولتۇرغان بىر ئاق ساقال نۇرانە تېۋىپنى كۆردى-دە، ئۇدۇلىغا بېرىپ، ئېگىلىپ تۇرۇپ تەزىم قىلدى. تېۋىپ ئۇنىڭغا:

— هەي ئاجىز بىچارە، بۇ يەرگە نېمە مۇددىئا بىلەن كەلدىڭ؟ — دېدى.

— هەي هېكمەتشۇناس هېكىم، — دېدى دەللە يىغلاپ تۇرۇپ، — مېنىڭ ئېرىم سارالڭ بولۇپ قالغانىدى. بەش-ئالتە كۈن بولدى، ئۇنىڭ سارائلىقى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ، مەن بىچارىنى قاتتىق هاقارەتلەشكە باشلىدى. هە دېسىلا «كىيىملىرىمنى، ماتالىرىمنى ۋە زەرجىيەكلىك پوتىلىرىمنى بەر» دەپ ماڭا تىل-ئاهانەتلەرنى ياغدۇرۇپ ئازار بېرىدۇ. ئىلاجىسىز ئاخىر ئۇنى ماهىر تېۋىپلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغانىدىم، ئۇلار: «بۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئۇچىسىغا بىرنەچچە دەررە ئۇرۇپ، بېشىنى قىزدىتىلغان تۆمۈر بىلەن داغلىماقتىن باشقا ئامال يوق» دېيىشتى. مەن بىر بىچارە ناتىۋان ئايال تۇرسام، ئۇنداق ئىشلار قانداقمۇ قولۇمدىن كەلسۇن. ئاخىر بېشىم قاتقان هالدا سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كەلدىم. مەن هەققىڭىزدە دۇئا قىلسام، مۇشۇ قىيىنچىلىقتىن مېنى خالاس قىلسىڭىز.

دەللە سۆزلەۋېتىپ بەش تەڭگە پۇلنى چىقاردى-دە، تېۋىپنىڭ ئالدىدا قويدى. تېۋىپ تەڭگىنىڭ خۇشاللىقىدا:

— ئانداق بولسا، بىرەر تەدبىر بىلەن ئېرىڭنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگىن، مەن چارىسىنى قىلاي، — دېدى.

— ئۇنى مەن «ماتالىرىڭ پالان جايدا، مەن بىلەن بارغىن ئېلىپ بېرەي» دەپ، هىيلە ئىشلىتىپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەنىدىم، ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى دەللە.

تېۋىپنىڭ ئۈچ نەپەر خىزمەتكارى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەپتىنى كۆرسە دېۋىمۇ ۋەهىمىگە چۈشەتتى. تېۋىپ بۇ خىزمەتكارلاردىن بىرسىگە تېزلا بۇيرۇدى:

— بۇ ئايالنىڭ ئېرىسىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كىرگىن.

خىزمەتكار كوچىغا چىقىپ، بىر كىشىنىڭ ئىنتىزارلىق ئىچىدە كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— هەي خوجام، ئىچكىرىگە كىرسىلە، — دېدى ئۇنىڭغا خىزمەتكار.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئۆشتىگەر شىپاخانا ئىچىگە كىردى-دە، دەللىگە:

— مېنىڭ ماتالىرىم قەيەردە؟ تېزرەك ئەكېلىپ بەر، — دېدى.

تېۋىپ ئۇنىڭغا:

— ئازراق توختاپ تۇر، ماتالىرىڭنى هازىرلا چىقىرىپ بېرىدۇ، — دېدى-دە، خىزمەتچىلىرىگە ئىشارەت قىلدى.

خىزمەتچىلەر چاقماق تېزلىكىدە ئېتىلىپ كېلىپ، ئۆشتىگەرنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ يەرگە باستى. ئاندىن ئۇنىڭ داد-پەريادلىرىغا قىلچە قۇلاق سالماستىن، كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، پۇت قوللىرىنى چەمبەرچەس قىلىپ باغلىدى. رەزگى دەللە شۇ هامانلا قويرۇقىنى خادا قىلىپ تىكىۋەتتى-دە، ئۆيىگە كېلىپ

پاراغەتلىك تۇرمۇشىنى باشلىدى.

تېۋىپ خىزمەتكارلىرىغا ئۇشتىگەرنىڭ دۈمبىسىگە يۈز دەررە ئۇرۇشنى بۇيرۇدى. شەپقەتسىز خىزمەتكارلار دەررىنى قولىغا ئېلىپلا، «مانا ساڭا ماتا، مانا ساڭا پۇتا» دەپ، بىچارە ئۇشتىگەرنىڭ ئۇچىسىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. تاياق ئازابى ئۇشتىگەرنىڭ سۆڭەك-سۆڭەكىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇرۇلغان دەررىنىڭ سانى يۈزگە يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇشتىگەر بىچارە بۇ دۇنياغا تۆرەلگىنىگە يۈز مىڭ پۇشايمانلارنى قىلدى. قانچە قېتىملاپ ھوشىدىن كەتتى. بەدەنلىرى تىلىم-تىلىم بولۇپ، گۆشلىرى ئېچىلىپ قالدى. دەررە ئۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، خىزمەتكارلار ئوتقا سېلىپ قىزدۇرۇلغان قىپقىزىل تۆمۈرنى ھوشسىز ياتقان ئۇشتىگەرنىڭ بېشىغا نارقا ئارقىدىن يېقىپ داغلىدى. ئاغرىق ئازابىغا چىدىمىغان ئۇشتىگەر جان-جەھلى بىلەن داد-پەرياد كۆتۈردى:

— ھەممە دەۋلىرىمدىن كەچتىم، — دېدى ئۇ ئېچىنىشلىق ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ، — مېنى قىينىماڭلار!

— ھە بەللى، — دېدى تېۋىپ ئۇشتىگەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، — مانا ئەمدى ئەس-ھوشۇڭ جايىغا كەپتۇ. سەۋدايىلىقتىن قۇتۇلغانلىقىڭ ئۈچۈن سېنى تەبرىكلەيمىز.

— ھەي تېۋىپ، — دېدى ئۇشتىگەر، — مەن سەۋدايى ئەمەس، بەلكى پالان يەردىكى ئۇشتىگەر بولىمەن. ھېلىقى خوتۇننىڭ ئىسمى دەللە بولۇپ، ئۆزى مەككارلىقتا ئۇچىغا چىققان بىر يالماۋۇز. ئۇ ھىيلە-نەيرەڭلىرى ئارقىلىق ھەممە ئادەمنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ يۈرمەكتە، مېنىڭمۇ كۆپ مال-مۈلكىمنى ئالداپ ئېلىپ كەتكەنىدى، — دېدى ئۇشتىگەر ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ.

تېۋىپ ئۇشتىگەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى. بولغۇلۇق ئىش بولۇپ بولغانىدى. شۇڭا ئۇلار ئامالسىز ئۇشتىگەرگە بىرمۇنچە ئۆزرىخاھلىقلارنى ئېيتىپ، ئەپۇ سوراپ، ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدى. ئۇشتىگەر ئۆيىگە كېلىپ، بىرنەچچە كۈن ئورنىدىن تۇرالماي ياتتى. ئاندىن كېيىن بولغان ئەھۋالنى كىراكەش بىلەن جاۋاھىرپۇرۇشقا ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان كىراكەش ئۇشتىگەردىن سورىدى:

— ھەي بۇرادەر، ئاغزىڭدىكى چىشلىرىڭ بارمۇ؟

— خۇداغا شۈكرى، بار، — دېدى ئۇشتىگەر.

— ئانداق بولسا، — دېدى كىراكەش ئۇنىڭغا، — سەن ئۆزۈڭنىڭ بۇ ئىشتىن ئاسان قۇتۇلۇپ قالغانلىقىڭ ئۈچۈن خۇداغا يۈزمىڭ شۈكرىلەرنى قىلساڭ بولغۇدەك.

بۇ ئۈچۆيلەن ئاخىر: «دەللىنى قولغا چۈشۈرمىگۈچە ھېچقانداق ئىش قىلمايمىز» دەپ ۋەدىلەشتى.

ئەمدى سۆزنى كىراكەش، جاۋاھىرپۇرۇش ۋە ئۇشتىگەر قاتارلىقلارنىڭ دەللىنىڭ قولىدا قۇل بولۇپ سېتىلغانلىقىدىن ئاڭلاڭ.

(ئاخىرى كېيىنكى ساندا)



(چۆچەك)

زامانىنىڭ زامانىسىدا بىر ئادەمنىڭ بەش قىزى بولغانىكەن. بۇ قىزلارنى بىر-بىرلەپ ياتلىق قىلىپ ئاخىر كەنجى قىزى تولۇنئاي قاپتۇ. تولۇنئاي تولىمۇ زېرەك، دانىشمەن قىز بولۇپ، كۆزلىرى چولپاندەك، يۈزى تولۇن ئايدەك گۈزەل ئىكەن. ئاتا-ئانىسى بەش قىزنىڭ ئىچىدە تۆت قىزىنى بىر سېرى، تولۇنئاينى بىر سېرى كۆرىدىكەن.

قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى، «قىزىمىزنى بىرەر چوڭ باينىڭ بالىسىغا بەرسەك قىزىمىزمۇ راھەت كۆرسە، بىزمۇ يۇرت ئىچىدە ئاتاق-ئابروي قازانساق» دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇ يۇرتتىكى ئەڭ چوڭ باي ئۆزىنىڭ قاۋۇل ئىسىملىك ئوغلىغا تولۇنئاينى سوراپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى باينىڭ ئائىلىسى بىلەن قۇدىلىشىش خۇشاللىقىدا يىگىتنى كۆرۈپ بېقىش ئېسىگىمۇ كەلمەپتۇ ۋە قىزنىڭ رايىغا باقماي ماقۇل بوپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي تولۇنئاينى قاۋۇلغا نىكاھلاپ، قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ.

بىراق قىز بىلەن يىگىت ئوت بىلەن سۇدەك زادى ماسلاشماپتۇ.

ئىسمى-جىسمىغا قىلچە ماسلاشمىغان قاۋۇل تولىمۇ بەغەرەز بولۇپ، تەلۋە، ھورۇن، قورسىقىنىڭ تويغىنىنى بىلمەيدىغان، ئالتىنچى ئايدا چاقىرسا يەتتىنچى ئايدا ھە دەيدىغان، ھوشۇر ئېيىدا مانتا يەپ، سەپەر ئېيىدا كېكىرىدىغان، باغدىن گەپ سورىسا تاغدىن جاۋاب بېرىدىغان، ئەدەب-ئەخلاق، قائىدە-يوسۇنلارنى بىلمەيدىغان گالۋاڭ يىگىتكەن.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. تولۇنئاي ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىگە نالە قىلىپ يىغلاپتۇ، قاخشاپتۇ. ئاخىر تەقدىرگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

تولۇنئاي كۆپ ئەجىر قىلىپ ئېرىگە ئەدەب-ئەخلاق، قائىدە-يوسۇنلارنى ھەتتا ئولتۇرۇپ-قوپۇش، گەپ-سۆز، مېڭىش-تۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىتىپتۇ. ھەر ھالدا خېلى كۆپ ئوڭشالغاندەك قىلسىمۇ، «قان بىلەن كىرگەن خۇي، جان بىلەن چىقىپتۇ» دېگەندەك، يەنىلا دۆتلۈكى تۈگىمەپتۇ.

ھەرقانداق مەرىكە-سورۇنلارغا قاۋۇل قاتنىشىپلا قالسا، مەسخىرە كۈلكىنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قالىدىكەن. ئېرىنىڭ دۆتلۈكى تۈپەيلى تولۇنئايمۇ يەرگە قارايدىكەن. بۇ توغرىلىق دىلى ئازار يېگەن

تولۇنئاي ئېرىنى ھېچ يەرگە بارغۇزماي-
دىغان بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى
كۈيئوغۇل، بالا-چاقىلىرىنىڭ ھەممىسىنى
ئۆز ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپتۇ. بۇ خە-
ۋەرنى ئاڭلىغان تولۇنئاينىڭ بېشىغا غەم
چۈشۈپتۇ. ئۇ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە
ئېرىنى ئاپىراي دېسە، ئۇنىڭ تاقىا-تۇق-
قا سۆزلەپ، باشقا كۈيئوغۇللارنىڭ ئال-
دىدا مەسخىرىگە قېلىشىدىن ئەنسىرەپتۇ.
ئۆزى يالغۇز بېرىشنى بىمەپ بىلىپتۇ،
ھەر ئىككىمىزلا بارماي قويايلى دېسە،
ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆڭلىگە كېلىشىدىن ئەن-
دىشە قىپتۇ.

ئاخىر تولۇنئاي: «ئادەم قۇلاقتىن،
ھايۋان تۇۋاقتىن» دېگەن گەپ بار، مەن
قاۋۇلغا ئەدەب-قائىدىلەرنى يەنىمۇ زېرىك-
مەي-تېرىكمەي ئۆگىتىپ مېھمانغا بىللە
ئاپىراي دېگەن قارارغا كەپتۇ.

ئۇ ئېرىگە:

— ئالدىمىزدىكى ھەپتىدە دادامlar-
نىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارىمىز. سىز مېنىڭ
دېگىنىمنى قىلىڭ، ئەگەر يەنە ئۆزىڭىز-
نىڭ بىلگىنىڭىزنى قىلىپ تاقىا-تۇققا
سۆزلەپ يۈزۈمنى چۈشۈرىدىغان بولسى-
ڭىز ئەمدى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن، —
دەپتۇ.

قاۋۇل:

— خۇدا ھەققى جېنىم خوتۇن، سىز
ماڭا نېمە قىل دېسىڭىز شۇنى قىلىمەن،
سىز نېمىنى ئۆگەتسىڭىز شۇنى ئۆگىنى-
مەن، ئەمدى سىزنى ھەرگىز يەرگە قارى-
تىدىغان ئىشنى قىلمايمەن، — دەپ قاتتىق
ۋەدە بېرىپتۇ ھەم خۇشاللىقىدىن دوپپى-
سىنى ئاسمانغا ئېتىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا مېنىڭ قىلغان
گەپلىرىمنى ئوبدان ئاڭلاپ تۇرۇڭ، —
دەپتۇ تولۇنئاي ئېرىگە قاراپ، — بىز
ئاتا-ئانىلارنىڭ ئالدىغا بارمىغىلى ئۇزاق
بولدى. ئۇلارغا ئازراق سوۋغا-سالام ئالى-
مىز، بۇنى سىز كۆتۈرىسىز. ئىشىكتىن
كىرىشتە بوۋاقتىدەك ئۇسۇپلا كىرمەي
«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ دادام بىلەن
ئاپامغا سالام بېرىسىز. ئۇلار سىزگە جاۋابەن
«ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كېلىڭلار بالىلىرىم
سالامەت تۇردىڭلارمۇ، ئۆي ئىچى تىنچ-
لىقمۇ؟» دەيدۇ، سىز يەنە: «خۇداغا
شۈكرى، ھەر قايسىلىرىنىڭ دۇئاسىنىڭ
بەركاتىدىن ياخشى تۇردۇق دەيسىز.»
دادام بىلەن ئاپام «قېنى ئولتۇرۇڭ
بالام» دەپ ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەرگەن-
دە ئاندىن ئولتۇرىسىز. بىراق ئولتۇردۇم
دەپ يۈگۈرۈپ تۆرگە چىقىپ كەتمەي،
چوڭلار ئولتۇرۇپ بولغاندا ئاندىن مۇ-
ۋاپىق ئورۇندا ئولتۇرىسىز. قائىدە بو-
يىچە ھەرگىزمۇ چوڭلارنى پەگادا قويۇپ
كىچىكلەر تۆرگە چىقىۋالمايدۇ. تۆت ئا-
چامنىڭ ئەرلىرىدىن كېيىن سىز ئولتۇرى-
سىز. چوڭلارنىڭ ئاغزىدىن گەپ تارتى-
ۋېلىپ، ئاقساقاللىق قىلىش ئەدەبسىزلىك
بولىدۇ. چوڭلارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ سۆ-
زى تۈگىمەي تۇرۇپ قوشۇق سالماڭ،
گەپ قىلىش توغرا كەلسە، باشقىلارنىڭ
سۆزى تۈگىگەندە شۇ سۆزگە ماس كەل-
گۈدەك، ئورۇنلۇق گەپنى قىلىڭ، — سو-
رۇننىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈپ
چىرايىڭىزنى تۇرۇۋالماڭ، ئوچۇق-يو-
رۇق كۈلۈپ ئولتۇرۇڭ. سورۇندا باشقىلار-
نىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، ھاڭۋېقىپ، بۇ-
رۇن كوچىلاپ، بېشىنى قاشلاپ ... ئول-

تۈرۈشىنىڭ ھەممىسى بىۋرمە تىلەك بولدۇ...، — دەپتۇ ئېرىدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتقان تولۇنئاي سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئەمدى ئالدىڭىزغا تاماق كەلگەندە قورساقىڭىز ھەر قانچە ئېچىپ كەتسىمۇ تاماققا قىيا كۆزىڭىزنى سالماي چوڭلارنىڭ ئېلىشىنى كۈتۈڭ. تاماق كەلتۈرۈلگەندە دادام - ئاپام تەكەللۇپ بىلەن «قېنى، بالىلىرىم تاماققا بېقىڭلار» دەيدۇ، بۇ چاغدا سىز: «مەرھەمەت، چوڭلاردىن كەلسۇن» دەيسىز. چوڭلار «بىسمىللا» دەپ تاماق يېيىشنى باشلاپ بېرىدۇ. سىز ئاندىن يېيىشكە باشلايسىز. بىراق ئېچىرقاپ كەتكەن بولىدەك باشقىلارنىڭ يېرىمىلاشقىچە سىز قاچىڭىزنى قۇرۇقداپ قويسىڭىز بولمايدۇ... بۇ قېتىم سىز مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلسىڭىز دادام - ئاپاملارمۇ خۇش بولۇپ قالىدۇ، مەنمۇ پات - پات سىزنى بىللە مېھمانغا ئاپىرىمەن، — دەپتۇ تولۇنئاي ئېرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ.

قاۋۇل ئايالىنىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇنداشقا ۋەدە بېرىپتۇ.

— شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي، — دەپتۇ تولۇنئاي ئېرىگە ئىشەنچ قىلالماي، — ئەگەر ئاپام مېھمانلارغا پولو ئەتكەن بولسا ئالدىرىماي بىر كاپام - بىر كاپامدىن يەڭ. ناۋادا مانتا ئەتكەن بولسا، بىرنى بىراقلا ئاغزىڭىزغا سالماي بىر چىشلەم - بىر چىشلەمدىن چاينىپ يەڭ، — دەپتۇ.

قاۋۇل تولۇنئاي ئېيتىپ بەرگەن قائىدە - يوسۇنلارنى بىر ھەپتىگىچە يادلاپتۇ. بىراق تولۇنئاينىڭ كۆڭلى زادى خاتىرجەم بولماپتۇ. ئۇ، ئۇنداق ئويلاپ - بۇنداق ئويلاپ، ئاخىرى تاماق ئالدىغا كەلسە ھەممىنى ئۇنتۇيدىغان تەلۋە ئېرىگە ئۆزى ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ ئويلىغان بىر چارىنى ئۆگىتىپتۇ.

— مەن ئاپامنىڭ «يېڭىنچاقلىقىراق مانتا ئەتسەم بولارمىكىن» دېگىنىنى غىل - پال ئاڭلاپ قېلىۋىدىم. بەلكى بىز بارغاندا مانتا ئېتىپ قېلىشى ئېھتىماللىغا ناھايىتى يېقىن، بىزنىڭ بەلگىمىز چوكا بولسۇن. مەن چوكىنى بىرنى چەكسەم سىز مانتىدىن بىرنى ئالىسىز. چوكا چېكىلمىگىچە ئالمايسىز، — دەپتۇ تولۇنئاي ئېرىگە قايتا - قايتا جېكىلەپ.

بۇ ناھايىتى ئىشەنچلىك چارە بولدى. ئەمدى مەنمۇ خاتىرجەم بولدۇم، دەپتۇ قاۋۇل خۇش بولۇپ.

قاۋۇل بىلەن تولۇنئاي ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بېرىپتۇ. تولۇنئاينىڭ دادىسى، ئاپىسى ۋە باشقا تۇغقانلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئاپتۇ. ئۇلار مېھمانلارنىڭ ئالدى - كەينى يېغىلغۇچە قورۇ ئىچىگە تىكىلگەن ھەر خىل مېۋىلىك كۆچەتلەرنى، رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرنى تاماشا قىلىشىپتۇ. شۇ ئارىدا كۆيئوغۇللاردىن بىرەيلەن قېيىن ئاتىسىغا زوقى كېلىپ:

— دادا سىلىنىڭ قوللىرى گۈلكەن، قىلغان ئەجىرلىرى زايا كەتمەپتۇ، يەنە بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن ئۈزۈم تاللىرى مېۋە بەرگۈدەك دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قاۋۇلنىڭ ئاغزى قىچىشىپ گەپ قىستۇرغۇسى كەپتۇ ۋە:

— دادا ماۋۇ تىكىلگەن كۆچەتلەر يوغىنسا يەنە ئۈچ يىلدىن كېيىن ھارۋىغا چاق بولغۇدەك دەپتۇ. بۇنىڭغا ھەي-

ران بولغان باشقا كۈيئوغۇللار ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ. بىراق قېيىن ئاتىسى قاۋۇلنى ئىزا تارتقۇزماسلىق ئۈچۈن جىم تۇرۇۋاپتۇ.

قاۋۇل يەنە بىر ئازدىن كېيىن:

— دادا، — دەپتۇ يەردە تۇرغان بىر كىچىككىنە تاشنى كۆرسىتىپ، — بۇ تاش يوغىنىسا ئۈچ يىلدىن كېيىن تولۇققا يارىشۇدەك، تاش بولغۇدەك، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ھەممەيلەن ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشۈپتۇ.

قاۋۇل ئۆزىنىڭمۇ باشقىلارنىڭ قاتاردا گەپ قىستۇرغىنىغا خۇشال بولۇپ مەغرۇرانە تۇرۇپتۇ. تولۇنئاي بىچارە بەكلا ئىزا تارتىپ باشقىلار ئالدىدا خورلۇق ھېس قىلىپتۇ. قاۋۇلنى بىللە ئېلىپ كەلگىنىگە ناھايىتى پۇشايمان يەپتۇ.

تاماق تەييار بولۇپ، مېھمانلار تېگىشلىك جايدا ئولتۇرۇشۇپتۇ. تاتلىق-تۈرۈملار بىلەن چاي ئىچىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن چىنە تاۋاقلاردا تۇخشىغان مانتا كەلتۈرۈلۈپتۇ. مانتىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى قاۋۇلنىڭ نەپسىنى غىدىقلاپ، يېگۈسى كېلىپ تاقىتى-تاق بولغان بولسىمۇ تولۇنئاينىڭ چوكا چېكىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپتۇ.

چوكلار بىردىن مانتا يەپ بولغاندىن كېيىن چوكىنىڭ «تاك» قىلىپ چېكىلىشى بىلەن تەڭ قاۋۇل ئالدىراپ كېتىپ مانتىنى ئېلىپ ئاغزىغا موكلا ساپتۇ ۋە چاينىمايلا يۇتۇپتۇ-دە، يەنە قاچان چوكا چېكەركىن دەپ كۆزىنى ئايالىدىن ئۈزمەي قاراپلا تۇرۇپتۇ. تولۇنئاي كېچىكتۈرۈپ يەنە بىر چوكا چاپتۇ. قاۋۇل بايقىدەك چاينىمايلا يۇتۇپتۇ. بۇنداق ئەھۋال بىر نەچچە قېتىم داۋام قىلغاندىن كېيىن قاۋۇلنىڭ بۇ ھەرىكىتى باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ ھەممەيلەن بىر-بىرىگە مەنىلىك قارىشىپتۇ.

شۇ ئەسنادا بايىقى قىزىق كۆرۈنۈشلەرگە دىققەت قىلىپ ئولتۇرغان بىر كىچىك بالا قولىدىكى ئىككى تال چوكىنى رىتىم بىلەن تاۋاققا ئۇرغانىكەن، قاۋۇل — «ئايالىم ئۇرغان چېغى» دەپ ئويلاپ، ئەتراپقا قاراپمۇ قويماي ئىككى قولى بىلەن چوكىنىڭ رىتىمىغا ماسلاشتۇرۇپ كاپۇر-كۇپۇر قىلىپ، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە بىر تاۋاق مانتىنى يەۋېتىپتۇ. چاي كۆتۈرۈپ كىرىۋاتقان تولۇنئاي بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن نومۇس كۈچىدىن يىغلىغان پېتى ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. «ئۆزۈم تاپقان بالاغا نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك تولۇنئاينىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسى نام-شۆھرىتىنى دەپ قىزىنىڭ رايىغا باقماي، بېشىنىڭ ئوبدانلا سۆيى باربىرتەلۋىگە ئايدەك بىر قىزىنى بېرىپ قويغىنى ئۈچۈن ئۆز دەردىنى ئىچىدە بىلىشىپتۇ.

تولۇنئاي شۇندىن بېرى ئېرى قاۋۇلنى ھېچ قانداق يەرگە ئاپارمايدىغان بوپتۇ. ئەمما ئۇ يەنىلا ئېرىگە نىسبەتەن «ئىنسان بولغاندىكىن ئۆگىنىپ قالار» دېگەن ئۈمىد بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، زېرىكمەي — تېرىكمەي ئەدەب-ئەخلاق ئۆگىتىپ يۈرۈپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى تولۇنئاينىڭ دادىسى كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. كۈيئوغۇللار كەينى-كەينىدىن بېرىپ قېيىن ئاتىسىنى يوقلاپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قاۋۇل تولۇنئايغا «مەنمۇ قېيىن ئاتامدىن رازىلىق ئېلىپ كېلەۋالاي» دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. تولۇنئاي:

— ياق، بارماي قويۇڭ. كېسەل كىشىگە گەپ تېتىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دادام سىزنىڭ تاقىتا-تۇققا گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىسا بىر كېسەلى ئىككى بولىدۇ...، —

دەپتۇ ئېرىنىڭ دادىسىنى يوقلاپ كېلىشكە پەقەت قوشۇلماي.

قاۋۇلمۇ باشقا كۈيئوغۇللارغا ئوخشاش قېيىن ئاتىسىنى يوقلاپ، رازىلىق ئېلىپ كېلىشنى بەكمۇ خالايدىكەن. شۇڭا ئۇ تولۇنئايغا يېلىنىۋېرىپتۇ. تولۇنئاي مىڭ تەسلىكتە ماقۇل بوپتۇ، ھەم دادىسىنىڭ قېشىغا بارغاندا قىلىشقا تېگىشلىك گەپلەرنى قاۋۇلغا بىرمۇبىر ئۆگىتىپتۇ. تولۇنئاي:

— سىز دادام ياتقان ئۆيگە كىرىپ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم دادا، ئوبدان تۇراملا، كېسەللىرى قانداقراق؟ بىر ئاز ياخشى بولۇۋاتاملا» دەيسىز، دادام سىزگە جاۋابەن: «خۇداغا شۈكرى، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم» دەيدۇ. سىز «ناھايىتى ياخشى، ھەرنېمە بولسا، شۇنداق بولغاي» دەيسىز. يەنە «دادا سىلىنى قايسى تېۋىپ داۋالاۋاتىدۇ» دەپ سوراڭ، دادام سىزگە جاۋابەن كېسەل كۆرسىتىۋاتقان تېۋىپنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. سىز دادامنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن «پاھ، ئۇ تېۋىپ بەك ياخشى داۋالايدۇ» دەڭ دەپتۇ. سىز يەنە «ئۇ تېۋىپ قانداق دورىلارنى بېرىۋاتىدۇ» دەپ سوراڭ. دادام سىزگە جاۋابەن يەۋاتقان دورىلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، ئاندىن سىز دادامغا «بۇ دورا بەك شىپالىق دورا، داۋاملىق يەپ بەرسىلە» دەپ قويۇڭ. دادام سىزدىن خۇرسەن بولۇپ قالىدۇ. ئۇندىن باشقا ئارتۇق گەپ قىلماڭ، — دەپ جېكىلەپ يولغا ساپتۇ.

قاۋۇل قېيىن ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تولۇنئاينىڭ ئۆگەتكەنلىرى بويىچە:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم دادا، ياخشى تۇرۇپلا، يېقىندىن بېرى كېسەللىرى قانداقراق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئارىدا بىر ئاز ياخشى بولۇپ قالغانتىم، يېقىندىن بېرى ئەھۋالىم ئانچە ياخشى ئەمەس، كۆڭلۈم ھېچ نەرسە تارتمايدۇ، ئۆزۈم كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتىمەن. ماڭا قېرىلىق يەتتىمۇ ياكى ئەجەل يېقىنلىشىپ كېلىۋاتامدۇ بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قېيىن ئاتىسى.

— ناھايىتى ياخشى، ھەرنېمە بولسا شۇنداق بولغاي، — دەپتۇ قاۋۇل يادلىۋالغىنىنى بويىچە.

كۈيئوغلىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان قېيىن ئاتىسىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىگەن ھالدا لېۋىنى چىشلەپ، يۈزىنى تام تەرەپكە ئۆرۈپ جىم يېتىپتۇ.

قاۋۇل يەنە:

— دادا، سىلىنى قايسى تېۋىپ داۋالاۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەزرائىل...، — دەپتۇ قېيىن ئاتىسى زەردە بىلەن.

— پاھ، ئۇ تېۋىپ بەك ياخشى داۋالايدۇ، — دەپتۇ قاۋۇل ۋە يەنە سوئالنى داۋاملاشتۇرۇپ — ئەزرائىل دېگەن تېۋىپ سىلىگە قانداق دورىلارنى بېرىۋاتىدۇ؟

— زەھەر بېرىۋاتىدۇ، — دەپتۇ دادىسى تەنە ئارىلاش ئاچچىقلاپ.

— بۇ دورا بەكمۇ شىپالىق دورا، داۋاملىق يېسىلە، — دەپتۇ قاۋۇل پەرۋايى پەلەك ھالدا.

بۇ تەلۋە كۈيئوغۇلنىڭ گەپلىرى قېيىن ئاتىسىنىڭ يۈرىكىگە ئەجەل ئوقى بولۇپ سانجىلىپتۇ-دە، «يوقال كۆزۈمدىن!» دەپ قاتتىق بىر ۋارقىرىغىنىچە كېسەل مەڭگۈلۈك كۆز يۇمۇپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مۆيدىن ئاخۇن
رەتلىگۈچى: ئايگۈل مۆيدىن

# قۇندۇز ۋە يۇلتۇز



(چۆچەك)

قەدىمكى زاماندا گۆر ئوغلى سۇلتان دېگەن بىر شاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ مەملىكەتنى گۈللەندۈرگەچكە پۇقرالارنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم، تۇرمۇشى باياشات ئىكەن. گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئەۋەزخان ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن ئەقىللىق، ئىرادىلىك ۋە باتۇر بولۇپ ئۆسۈپتۇ. ئەۋەزخاننىڭ قىرىق يىگىتى دائىم ئەۋەزخان بىلەن بىرگە شىكارغا چىقىدىكەن، جەڭ ماھارەتلىرىنى ئىگىلەيدىكەن.

پادىشاھ ئەۋەزخاننىڭ ئون ئالتە ياشلارغا كىرىپ قىران يىگىت بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆيلەپ قويۇش نىيىتىگە كەپتۇ-دە، ئوردا مەسلىھەتچىلىرىنى چاقىرىپ ئۆز پىكرىنى ئېيتىپتۇ. ئوردا مەسلىھەتچىلىرى تۈرلۈك مۇلاھىزىلەرنى قىلىشىپ بىر قانچە قىزلارنى كۆرسىتىشىپتۇ. ئاخىرى بايلىقتا غەنى دەرىجىگە، ئۆلىمالىقتا ۋەلى دەرىجىگە يەتكەن مىرئەلى دېگەن سودىگەرنىڭ گۈلچېھرە ئىسىملىك قىزىنى مۇۋاپىق كۆرۈشۈپتۇ. مەسلىھەت بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، مىرئەلىنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، مىرئەلى بىلەن كېلىشىپ توي تەييارلىقىنى باشلاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەۋەزخان قىرىق يىگىتىنى ئەگەشتۈرۈپ شىكارغا چىقىپتۇ ۋە شىكاردىن قايتىپ گۈلچېھرىنى كۆرۈپ ياناقچى بوپتۇ. ئۇ مىرئەلىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ ھەممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپتۇ. كېيىن قىرىق يىگىتى بىلەن گۈلچېھرە تۇرىدىغان مېھمانخانىغا كىرىپتۇ. ئۇ مېھمانخانا بوسۇغىسىدىن ئوڭ پۇتىنى ئېلىشىغا مېھمانخانىدا قىرىق كېنىزەكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان گۈلچېھرە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئەۋەزخاننىڭ ئالدىغا كەپتۇ، ۋە:

— ماڭا سەندەك گۆدەكلەرنىڭ كېرىكى يوق، ئۆز لايىقىڭنى تاپ! — دەپ ئاھانەت قىپتۇ. ئەۋەزخان، ئالدىدا قىرىق كېنىزەك، كەينىدە قىرىق يىگىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپتۇ. يا ئالدىغا ماڭالماپتۇ، يا كەينىگە يانالماپتۇ. ئاخىرى بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. يىگىتلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ ھوجرىسىغا ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە بولغان ئەھۋالنى شاھقا مەلۇم قىپتۇ. گۆر ئوغلى سۇلتان ئەۋەزخاننى ئالدىغا چاقىرىپتۇ، ئەۋەزخان ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرگەن

پېتى ئايىغىغا يىقىلىپ:
— ئەزىز ئاتا! ماڭا رۇخسەت قىلىڭ، ئۆز لايىقىمنى تاپمىغۇچە بۇ يۇرتتا تۇرمايمەن، — دەپ زار-زار يىغلاپتۇ.

گۆر ئوغلى سۇلتان تەختىدىن چۈشۈپ ئەۋەزخاننىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ ۋە يول تەييارلىقى قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۈچ كۈن يول تەييارلىقى قىلغاندىن كېيىن ئۇنى پۈتۈن شەھەر خەلقى يولغا چىقىرىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. گۆر ئوغلى سۇلتان ئەۋەزخان بىلەن خوشلىشىدىغان ۋاقتىدا:

— ئوغلۇم، ئەر قانىتى ئات دېگەن تەمسىل بار، مانا بۇ ئاتامدىن قالغان دۇلدۇلنىڭ بالىسى، بۇنى ئۆزۈڭ بېقىپ چوڭ قىلغانىدىڭ. يوللار ئۇزۇن، مەنزىل يىراق، سەن بۇ دۇلدۇلنى مىنىپ ئۆز بەختىڭنى ئۆزۈڭ تاپ، ئاتا-ئاناڭنى، تۇغۇلغان ئېلىڭنى ئۇنتۇما، ئامىن ئاللاھۇئەكبەر، — دەپ دۇئا قىلىپ يولغا سېپتۇ.

ئەۋەزخان ئاتىسى بىلەن خوشلىشىپ، دۇلدۇلغا قامچا ئۇرۇپ يولغا چىقىپتۇ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى ئارقىدا قاپتۇ. مېڭىپتۇ-مېڭىپتۇ چۆللەردىن كېيىن سايلار باشلىنىپ جاھان قىزىپ كېتىپتۇ. ئىسسىق ۋە تەشنالىق ئەۋەزخاننىڭ ئىرادىسىنى يېڭەلمەپتۇ. ئۇ چېكى كۆرۈنمەيدىغان سايدا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان ئىكەن، بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزىگە بىر ئاق ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. «ئاھ ... بۇ قانداق ئىش؟ بۇ سايدا ئاق ئۆي نېمىش قىلىدۇ؟ ...» دەپ ئويلاپ ئات چاپتۇرۇپ يېقىنلاپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئىنتايىن چوڭ ئاق سېپىل، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق تۇرغۇدەك. ئەۋەزخان ئات بىلەن دەرۋازىدىن كىرىپتۇ. ئوتتۇرىسى كەڭ كەتكەن تۈپتۈز مەيدان، ئەتراپى بىر قانچە ھۇجرا، دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا چوڭ بىر ئۆي بولۇپ ئىشىكى ئوچۇق تۇرغۇدەك. شۇ ئەسنادا ئاسماندىن بىر كۆك كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ مەيدان ئوتتۇرىسىدا قاراپ تۇرغان ئەۋەزخاننىڭ ئالدىغا چۈشۈپ بىر يۇمىلاپلا ئاجايىپ گۈزەل بىر قىزغا ئايلىنىپتۇ. ئەۋەزخان بۇ قىزنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بوپتۇ. ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەي گۈزەل! مەن بولسام گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئەۋەزخان بولىمەن. مېنىڭ تەشنالىقىمنى قاندۇرۇپ مەن بىلەن بىرگە مېنىڭ يۇرتۇمغا بارسىڭىز قانداق؟ ... — دەپ سۆز تاشلاپتۇ.



پەرى قىز سۆز قىلماپتۇ ۋە دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىسىدىكى ئىشىكى ئوچۇق تۇرغان ئۆيگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئەۋەزخانمۇ دۇلدۇلىنى بىر باستۇرۇپ، ئىككى باستۇرۇپ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا پۈتۈن بەدىنىنى قاپقارا تۈك باسقان بىر تۆمۈرچى ھە دەپ تۆمۈرنى بازغانلاۋاتقۇدەك. پەرى قىز ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ. لېكىن بۇ قارا تۆمۈرچى پەرۋاسىز ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. پەرى قىز تەكچىدە تۇرغان چىلىمنى ئېلىپ تاماكا ساپتۇ ۋە قارا تۆمۈرچىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ. لېكىن تۆمۈرچى يەنىلا قاپىقىنى ئاچماي بىپەرۋا تۇرغۇدەك. ئەۋەزخان بۇ ئىشلارنى كۆرگەندىن كېيىن چىداپ تۇرالماي يەنە:

— ئەي گۈزەل قىز، مەن بولسام گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئەۋەزخان بولىمەن. مەندەك بىر شاھزادە بىلەن بىرگە تۇرك ئېلىگە قايتىسىڭىز قانداق؟ بىزنىڭ يۇرتىمىزغا بارسىڭىز، سىزنى كۆزقارىچۇقۇمدەك ئاسرايتتىم، — دەپتۇ.

قىز يەنىلا سۆز قىلماپتۇ ۋە چىلىمنى تۆمۈرچىگە ئەكىلىپ بەرگەندىن كېيىن ئارقىسىغا يېنىپ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەپتۇ. ئەۋەزخانمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپلا كەپتۇ ۋە يەنە:

— ئەي گۈزەل قىز، مەن بولسام گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئەۋەزخان بولىمەن. بۇنداق چۆلدە يۈرگۈچە بىزنىڭ گۈزەل يۇرتىمىزغا مەن بىلەن قايتىسىڭىز قانداق؟ — دەپ تەلمۈرۈپتۇ. شۇ ۋاقىتتا قىز ئەۋەزخانغا يەر ئاستىدىن بېقىپ:

— ئەي ئەۋەزخان، سىنىڭ ئەھۋالىڭ ماڭا بەش قولدەك ئايان. سەن يەنە ئالتە يىلدىن كېيىن ئۆلىسەن. شۇڭا ئۆز بېشىڭغا بالا تېرىپ تۇل بولۇشنى خالىمايمەن. ئەجىلىڭ توشقۇچە ئۆز يولۇڭغا ماڭ، — دەپتۇ — دە، بىرلا يۇمىلىنىپ كۆك كەپتەرگە ئايلىنىپ پەرۋاز قىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئەۋەزخان ئۇنى كۆزدىن يوقىتىپ قويىمىسام بولاتتى دېگەندەك، كۆك ئاسماندىن كۆز ئۈزمەي تۇرۇپتۇ. تاكى كۆك كەپتەر ئۇپۇق سىزىقىدىن غايىب بولغاندىن كېيىنلا «مەن سىنى قەيەردىنلا بولمىسۇن تاپىمەن» دەپ يولغا چىقىپتۇ. ساي تۈگىسە چۆل باشلىنىپتۇ، چۆل تۈگىسە يەنە ساي باشلىنىپتۇ. دەشتى باياۋان تۈگىمەپتۇ. ئەنە شۇنداق يول يۈرۈپ، تۈپتۈز كەتكەن بىر سايدا ئۇنىڭ كۆزىگە بىر كۆك ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ كۆك ئۆيگە يېقىنلاپ بېرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ناھايىتى چوڭ بىر كۆك سېپىل ئىمىش. ئۇنىڭ دەرۋازىسى تاقاقلىق تۇرغۇدەك. ئۇسسۇزلۇقتا چاڭقاپ كەتكەن ئەۋەزخان دەرۋازىنى قېقىپتۇ. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكى ئېچىلىپ كېلىشكەن بىر قىز چىقىپ دۇلدۇل ئۈستىدە تۇرغان ئەۋەزخانغا سالام بېرىپتۇ. ئەۋەزخان ئۇنىڭغا:

— چاڭقىغان يىگىتكە بىر يۇتۇم سۈيىڭىز بارمىدۇ؟ — دەپتۇ. قىز يەنە تەزىم قىپتۇ ۋە:

— خېنىمدىن سوراي، — دەپ قايتىپ كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي چوڭ دەرۋازا ئېچىلىپ تۆت گۈزەل قىزنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاجايىپ ياسانغان بىر قىز دەرۋازىدىن چىقىپ ئەۋەزخاننىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئەۋەزخانمۇ دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ

ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ؛ قىز ئەۋەزخاننى ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ. بۇلار مېھمانخانىدا قىزىق پاراڭغا چۈشۈپتۇ. قىزلار ئۈزمەي يەل - يېمىش، قەنت - گېزەك، مەززىلىك تائاملارنى توشۇپ ئەۋەزخاننى مېھمان قىپتۇ.

سۆز ئارىلىقىدا قىز ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ چۆللەردە ياشىغۇچى مىرئەرەبنىڭ سىڭلىسى گۈلجامالخان ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كۆڭۈل بەرگەن يىگىتى بىر نۆۋەتلىك ياۋغا قارشى جەڭدە ھالاك بولغانلىقىنى، ھازىر ئۆزى مۇشۇ چۆلدىكى كۆك سېپىلدا ياشاۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئەۋەزخانمۇ ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىپتۇ. ئەۋەزخاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان گۈلجامال ئۆزى بىلگەنلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئەۋەزخان ئۇچراتقان پەرىنىڭ يەتتە تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دېۋىلەر پادىشاھىنىڭ قىزى يۇلتۇز پەرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تەزىم قىلغىنى ئۇ كۆڭۈل بەرگەن قارا دېۋە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ يەنە يۇلتۇز پەرىنىڭ ۋىسالىغا يەتمەك تولىمۇ مۈشكۈل. شۇڭا يۇلتۇز پەرىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا شام شەھىرىنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزى قۇندۇزنى قولغا كىرگۈزۈش ۋە ئۇنىڭ يولىدا بارلىقىنى پىدا قىلىش لازىملىقى ھەققىدە مەسلىھەت بېرىپتۇ. بۇ مەسلىھەتتىن كېيىن ئەۋەزخان گۈلجامالخاندىن قۇندۇزنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئامالىنى سوراپتۇ. گۈلجامالخان دوستانە مەسلىھەت بېرىپ:

— ھازىر شام شەھىرىنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزى قۇندۇزنىڭ ئەقىل - پاراسەت ۋە گۈزەللىكى ھەققىدە پۈتۈن دۇنياغا داڭقى چىقتى. ئۇنى ئېلىشقا ئۇرغۇن ئەلنىڭ شاھزادىلىرى ئەلچىلەر ئەۋەتتى. بۇ ئەلچىلەرگە جاۋاب بېرىش شام شەھىرى پادىشاھىغا قىيىن چۈشكەچكە ئۇ «كىمكى باغداتقا كېلىپ، باغدات بىلەن شام ئارىسىدىكى ئات بەيگىسىگە قاتنىشىپ، بەيگىدە ئۇتۇپ چىقسا شۇنىڭغا قۇندۇز قىزىمنى ياتلىق قىلىمەن» دەپ ئېلان چىقارغان. مۇشۇ ئېلانغا ئاساسەن ھازىر ھەرقايسى ئەللەرنىڭ شاھزادىلىرى باغداتقا قاراپ يولغا چىقتى. شۇ قاتاردا مېنىڭ ئاكام مىرئەرەبمۇ بەيگىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەتتى. ئۇ بەيگىدە چوقۇم ئۇتۇپ چىقىدۇ. ئۇ بەكمۇ مەرد يىگىت. شۇڭا سەن ئۇنىڭ بىلەن دوست بولساڭ، ئۇ بەيگىنىڭ ئۇتۇقىنى ساڭا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. ئۇ پاكار ئەرەب دۇلدۇلغا مىنگەن، بېشىغا كۆك سەللە ئورىۋالغان. ئېسىڭدە بولسۇنكى دوستلۇق ئۈچۈن مېنى ئارىغا سالغىن، — دەپ قىزغىن مەسلىھەت بېرىپتۇ. ئەۋەزخان بۇ بىر كېچىنى گۈلجامالخاننىڭ يېنىدا قىزغىن سۆھبەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، تاڭ سەھەردە يولغا چىقىپتۇ. گۈلجامالخان ئۇنى ئۇزىتىپ ئاق يول تىلەپتۇ.

ئەۋەزخان سايلارنى كېزىپ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپتۇ. باش - ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان تۈپتۈز كەتكەن بۇ چۆلدە ئۇنىڭ كۆزىگە كىچىككىنە بىر قارا نەرسە كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ، دۇلدۇلنى تېزلىتىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەپتۇ. قارىسا ئورۇق جەدە بايتالغا مىنىۋالغان، بېشىدا ئۇزۇن كۇلاھ، ئۈستىدە مىڭ خىل قۇراقتا تىكىلگەن جەندە، قولىدا سەكسەن بىر كۆزلۈك سۇلتا تۇتۇۋالغان بىر دېۋانە ھە دەپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقۇدەك. ئەۋەزخان «ھەر

ھالدا بىر ھەمراھقا يولۇقتۇم، يولدا ھەمراھ بىلەن زېرىكمەي ماڭىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا قاتارلىشىپتۇ ۋە «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىپتۇ. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزى دىۋانىنىڭ چىرايىغا چۈشۈپتۇ. كۆرۈپتۇكى، ئاغزىدا بىر تالمۇ چىشى يوق، ئېڭىكىدە بىرەر تال تۈكمۇ يوق، كۆزلىرىدە تىرىكلىكتىن ئەسەرمۇ قالمىغان، ھازىرلا گۆردىن ئېچىۋالغان مۇردىدەك بىر كۇسا تۇرغۇدەك. ئەۋەزخان ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇلار كېتىۋېتىپ ئەۋەزخان ئۆزىنىڭ گۆر ئوغلى سۇلتانىنىڭ ئوغلى ئەۋەزخان ئىكەنلىكىنى، گۈلچېھرىدىن خاپا بولۇپ يولغا چىققانلىقىنى، يولدا ئاق ئۆيدە يۇلتۇز پەرىنى قاچۇرۇۋەتكەنلىكىنى، ھازىر شام شەھرىنىڭ پادشاھىنىڭ قىزى قۇندۇزنى ئېلىش مەقسىتىدە باغداتتىكى ئات بەيگىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. لېكىن كۇسا زۇۋان سۈرمەپتۇ ۋە ئارىلاپ ئەۋەزخاننىڭ گۈزەل ھۆسنىگە قاراپ قويۇپتۇ. بۇلار ئۈچ كۈن بىرگە يول ماڭغاندىن كېيىن، بىر كۈنى سەھەردە قاتارلىشىپ كېتىۋېتىپ، كۇسا ئەۋەزخاننى ئۆلتۈرمەك بولۇپ ئۇنىڭغا قول ساپتۇ. كۇسىنىڭ يامان غەرىزىنى سەزگەن ئەۋەزخان ئۇنىڭغا بىر خەنجەر ئۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭ جەسىتىنى قۇمغا كۆمۈپتۇ. كۇسىنىڭ دىۋانچە كىيىملىرىنى ئۈستىگە كىيىپ، بايتالنى يېتەكلەپ دىۋانە قىياپىتىگە كىرىپ «باغدات قەيەردىسەن؟» دەپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئۇزۇن ساي ئاخىرلىشىپ دەل-دەرەخلەر كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ. ئەۋەزخان خۇشال بولۇپ «باغداتقا يېقىنلىشىپتىمەن» دەپ، دۈلدۈلنى ئاستىلىتىپ باغدات شەھىرىگە قاراپ مېڭىپتۇ. يولنىڭ ئىككى تەرىپى چاتقاللىق بولۇپ، يول مېڭىش قىيىن ئىكەن. ئۇ كېتىۋېتىپ غەلىتە بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ ئېتىنى توختىتىپتۇ. ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئۇرغۇنلىغان چىۋىنلەرنىڭ غۇڭۇلدىغان ئاۋازلىرى كىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئالدى تەرەپتىن بويىنىغىچە قۇماق باسقان بىر تاز:

— مەن ئات تاپماي قويمايمەن، مەن ئات تاپماي قويمايمەن! — دەپ بېشىغا ئۇرۇپ كېلىۋاتقۇدەك. بېشىغا ھەر بىرنى ئۇرغاندا مىڭلىغان چىۋىن «ۋاژ» قىلىپ ئۇركۈيدىكەن. بېشىدىن قولىنى تارتسا مىڭلىغان چىۋىن «ۋىژ» قىلىپ قونۇدىكەن. ئۇ تازمۇ جىلە بولغان ھالدا ھېچنەرسىگە قارىماي كېلىۋاتقۇدەك. ئەۋەزخان كۆڭلىدە «مەن ئات ئۈستىدە بولغاندىن كېيىن ئۇ تاز يولنىڭ سىرتىغا چىقىپ ماڭا يول بوشىتىپ بېرەر» دەپ ئاستا مېڭىپتۇ. لېكىن ئۇ تازمۇ ئۇدۇل كېلىۋېرىپتۇ. ئىلاجسىز قالغان ئەۋەزخان يولنىڭ سىرتىغا چىقىپ يول بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ھېلىقى تازمۇ ھېچنەرسە كۆرمىگەندەك مېڭىۋېرىپتۇ. تاز ئەۋەزخاننىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئەۋەزخان بىردىنلا ئويلىنىپ قاپتۇ. ئۇ «باغدات شەھىرىگە كىرىشتە بىرىنچى قېتىم يولۇقتۇرغان كىشىم مۇشۇ، بۇنىڭدىن گەپ سورىماي ئۆتۈپ كېتىشىم ياخشى ئەمەس، گەپ سوراپ ئاندىن ماڭاي» دەپ، دۈلدۈلنىڭ بېشىنى تارتىپ توختىتىپتۇ ۋە:

— ھەي تاز سېنىڭ ئىسمىڭ

نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. تاز كەينىگە قارىماستىنلا:

— ھەي قەلەندەر، مېنىڭ ئىسمىمنى سوراپ نېمە قىلاتتىڭ؟ بىلگۈڭ كەلسە ئېيتىپ بېرەي. مېنىڭ ئىسمىمنى بۇ شەھەردىكىلەر چاتاقچى تاز، دەيدۇ، — دەپ قويۇپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئەۋزخان «بۇ تازنىڭ ئىسمىنىڭ چاتاقچى تاز، دەپ ئاتالغىنىدىن قارىغاندا قولىدىن ئىش كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دوست بولايچۇ» دەپ ئويلاپتۇ-دە:

— توختا! سەن ئات تاپماي قويمايمەن، دەيسەن. ساڭا ئات نېمىگە كېرەك بولۇپ قالدى؟ —دەپ سوراپتۇ.

— ھەي دىۋانە، سەن ئالەمدىن بىخەۋەر ئوخشايسەن. ھازىر شام پادىشاھىنىڭ گۈزەل قۇندۇزنى ئېلىش ئۈچۈن باغداتتا ئات بەيگىسى ئۇيۇشتۇرماقچى. مەنمۇ ئەرلىك غۇرۇرۇم بىلەن بۇ بەيگىگە قاتناشماقچىمەن ... — دەپتۇ تاز. ئەۋزخان ئۇنىڭغا:

— كەل. ماڭا بۇ بايتالغا مىنىۋال. بىز دوست بولايلى، —دېگەن ئىكەن، تاز چاققانلىق بىلەن بايتالغا مىنىۋاپتۇ. بۇلار خۇشال ھالدا باغداتقا قاراپ ئات چاپتۇرۇپتۇ. باغداتقا كىرىپ كارۋان سارايغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن چاتاقچى تاز ئەۋزخاننى ھەيدەپ بەيگىچىلەرنى تىزىملايدىغان مىرزىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ ۋە مىرزىغا قاراپ:

— ھەي مىرزا! بىرىنچى نومۇرغا چاتاقچى تاز، ئىككىنچى نومۇرغا قەلەندەر، دەپ يازغىن، — دەپتۇ.

مىرزا بۇلارنى كۆرۈپ يىرگىنىپتۇ ۋە:

— مىرزىخانىدىن چىقىش، شاھنىڭ قىزى قۇندۇزنى سەندەك تاز، دىۋانىلەرگە بەرمەيدۇ، ئۇنى شاھزادىلەر، بەگزادىلەر ئالىدۇ، — دەپتۇ. ئۇنى ئاڭلىغان چاتاقچى تاز غەزەپلىنىپتۇ ۋە بىر مۇشت بىلەن مىرزىنى يىقىتىپتۇ. بۇ خەۋەر باغدات خەلىپىسىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. خەلىپە چاتاقچى تاز بىلەن ئەۋزخاننى ئوردىغا ئەكەلدۈرۈپ سوراق قىپتۇ. چاتاقچى تاز خەلىپە ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ:

— ئەي خەلىپە، سىلىنىڭ چىقارغان پەرمانلىرىدا: «كىمدە كىم بولسۇن، ئات بەيگىسىدە بىرىنچىلىكنى ئالىدىكەن، ئۇنىڭغا شام پادىشاھىنىڭ گۈزەل قۇندۇزنى بېرىمىز» دەپ جاكارلانغان. لېكىن مىرزا پەرمانغا خىلاپلىق قىلىپ بىزنى بەيگىگە تىزىملىماي قوغلىدى، —دەپ ئەرز قىپتۇ.

خەلىپە بۇ تازنىڭ ئەرزىنى قوبۇل كۆرۈپ ئۇلارنى قويۇپ بېرىپتۇ.

ئوردىدىن چىققان چاتاقچى تاز ئەۋزخاننى ئەگەشتۈرۈپ مىرزىخانىغا يەنە كىرىپتۇ. ئۇ يەردە ئۆز ئىسىملىرىنى يازدۇرغاندىن كېيىن قايتىپ چىقىپ ئۇن بەش كۈنگىچە ئۆزلىرى دەم ئالغاچ، ئاتلىرىنى بېقىشقا باشلاپتۇ. ئەۋزخان تۆت ياشار دۇلدۇلنى يۈگەنسىز قويۇۋېتىپتۇ. دۇلدۇل خالىغان جايىدىن ئوت-چۆپ يەپ، قايتىپ كەلگەندە ئەۋزخان تەييارلىغان بوغۇزنى يەپ تۈكلىرى پارقىراپ كېتىپتۇ. چاتاقچى تازنىڭ بايتىلى ئالدىغا ئەكىلىپ بەرگەن يەمنىمۇ يېمەي تۇرۇۋاپتۇ.

ئەتە بەيگە باشلىنىدۇ، دېگەن ئاخشىمى ئەۋزخان چاتاقچى تازنى چاقىرىپ:

— مېنىڭ ئۇيقۇم قاتتىق، ئەتە سەھەردە سەن مېنى ئويغىتىۋەتكىن، — دەپتۇ ۋە قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

چاتاقچى تاز سەھەردە ئويغىنىپ قارىسا ئۇرغۇن بەيگىچىلەر ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقۇدەك، ئۇ ئالدىراپ بايتالنى توقۇپ مىنىپتۇ ۋە بىردىنلا ئەۋەزخاننىڭ ئاخشامقى گېپى ئېسىگە كېلىپ بايتالنىڭ ئۈستىدىن چۈشمەيلا:

— ھەي قەلەندەر تۇر، ھەي قەلەندەر تۇرمامسەن، — دەپ چاقىرىشقا باشلاپتۇ. لېكىن ئەۋەزخان ئويغانماپتۇ. تاز بىر ياقتىن ئاچچىقلاپتۇ، بىر ياقتىن باشقىلارنىڭ كەينىدە قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كېتىپ قاپتۇ. ھەممە بەيگىچىلەر كېتىپ بولغاندىن كېيىن دۇلدۇل كىشنەشكە باشلاپتۇ، لېكىن ئەۋەزخاننى ئويغىتالماپتۇ. ئاخىر دۇلدۇل چىداپ تۇرالماي ئەۋەزخاننىڭ بەلبېغىدىن چىشلەپ تارتىپتۇ. ئەۋەزخان شۇ چاغدىلا چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. ئۇ چاتاقچى تازدىن ئاغرىنغان ھالدا دۇلدۇلغا مىنىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئونىنچى كۈنى بەيگىچىلەرنىڭ كەينىدىن يېتىشىپتۇ. ئۇ توختىماي چېپىپ ئون بەش كۈن بولغاندا چاتاقچى تازنىڭ كەينىدىن يېتىپتۇ ۋە:

— ھەي تاز، دوستلۇقنى بىلمەيدىكەنسەن، مېنى ئويغىتىۋەتسەڭ بولماسمىدى، — دەپتۇ. تازمۇ غەزەپلىنىپ:

— ھەي قەلەندەر، شۇنچىمۇ ئۇخلامدۇ كىشى؟ سېنى ئويغىتىمەن دەپ بەيگىچىلەرنىڭ كەينىدە قالدىم، — دەپ ئەۋەزخانغا يېقىنلاپتۇ. ئەۋەزخان:

— ئۇنداق بولسا تېز ماڭايلى، — دەپ بايتالغا قامچا ئۇرۇپ تاز بىلەن بىرگە يۈرۈپ كېتىپتۇ. بايتال ھەدېگەندىلا دۇلدۇلنىڭ كەينىدە قېلىۋېرىپتۇ. ئەۋەزخان ئىلگىرىلەپ يىگىرمە كۈن بولدى دېگەندە پۈتۈن بەيگىچىلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇ توختىماي دۇلدۇلنى چاپتۇرۇپ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنى ئالدىدا يەنە بىر دۇلدۇلنىڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنى قوغلاپتۇ. يىگىرمە ئۈچىنچى كۈنى دۇلدۇلنىڭ ئارقىدىن يېتىپتۇ. قارىسا پاكار ئەرەب دۇلدۇلغا مىنگەن، بېشىغا كۆك سەللە ئورىۋالغان كىشى ئىكەن. «بۇ جەزمەن كۆك ئۆيدە ئۇچراتقان گۈلجامالخاننىڭ ئاكىسى مىرئەرەب ئىكەن — دە، ئۇنىڭدىن ئۆزۈپ كېتەي» دەپ دۇلدۇلغا قامچا ئۇرۇپتۇ، ئۇ مىرئەرەبنىڭ ئوڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بوپتۇ، لېكىن ئەرەب دۇلدۇلى يولنىڭ ئوڭ تەرىپىنى توسۇپ ئۇنىڭغا يول بەرمەپتۇ. سول تەرەپتىن ئۆتەي دەپ سول تەرەپتىن كەلگەن ئىكەن، ئەرەب دۇلدۇلى يولنىڭ سول تەرىپىنى توسۇپ ئۆتۈشكە يول قويماپتۇ. ئامالسىز قالغان ئەۋەزخان ئەرەب دۇلدۇلنى چىشلەپ يىقىتىشقا ئۆز دۇلدۇلىغا ئىشارەت قىپتۇ. دۇلدۇل ئەرەب دۇلدۇلنىڭ ئارقا پاچىقىنى چىشلەپ ئۇنى يىقىتىپتۇ ۋە ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىپتۇ. لېكىن ئەرەب دۇلدۇلى چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەۋەزخاننىڭ دۇلدۇلىنىڭ ئارقا پۇتىنى چىشلەپ ئۇنى يىقىتىپتۇ ۋە ئالغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئىش بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئەۋەزخاننىڭ دۇلدۇلى زادىلا ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەلمەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەۋەزخان گۈلجامالخاننى ئارىغا سېلىپ دوست بولماقچى بوپتۇ ۋە ئەرەب دۇلدۇلغا يېقىنلىشىپ:

— ئەي دوستۇم مىرئەرەب، سەن بىلەن سىڭلىڭ گۈلجامالنى ئارىغا سېلىپ

دوستت بولۇشنى خالايمەن. دوستلۇق ئۈچۈن بەيگىنىڭ نەتىجىسىنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بەرسەڭ قانداق؟ ... — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مىرئەرەب:

— سىڭلىم گۈلجامالخاننى ئارىغا سالغانلىقىڭ ئۈچۈنلا سېنىڭ بىلەن دوست بولۇپ قالاي. ساڭا ئاق يول تىلەيمەن، — دەپ دۈلدۈلنىڭ بېشىنى تارتىپ ئەۋەزخانغا يول بوشىتىپ ئۇنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپتۇ.

شام شەھەر خەلقى «بەيگىدە كىم ئۇتۇپ چىقىدىكىن» دەپ شەھەردىن ئۈچ كۈنلۈك يولغا چىقىپ تۇرغان ئىكەن. قارىغۇدەك بولسا بېشىدا كۇلاھ، ئۈستىدە جەندە، قولىدا سۇلتا تۇتقان بىر قەلەندەر ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقۇدەك، كىشىلەر ھاڭ-تاڭ قېلىشىپتۇ، ھەر تۈرلۈك گۇمانغا بولۇشۇپتۇ. بەزىلەر «ئېھتىمال بۇ ساراڭ قەلەندەر يېرىم يولدىن سەپكە قوشۇلۇۋېلىپ ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن بولسا كېرەك» دېسە، بەزىلەر «ھەر ھالدا بىرىنچى بولۇپ كەلگەندىكىن چارباغدىكى مېھمانخانىغا باشلاش كېرەك» دېيىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۇنى چارباغدىكى مېھمانخانىغا باشلاپتۇ. ئەۋەزخان كېلىپ يەتتە كۈندىن كېيىن مىرزا پۇتۇن بەيگىچىلەرنى ھەيدەپ دەپتەرنى ئېلىپ كەپتۇ. بۇنىڭدىن بۇ قەلەندەرنىڭ بەيگە تىزىملىكىدە ئىسمىنىڭ بار-يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرگەن ئىكەن، چاتاقچى تاز دەرھال:

— ئەلۋەتتە بۇ قەلەندەرنىڭ تىزىمى بار. ئۇ باشقىلاردىن يېرىم كۈن كېيىن يولغا چىقىپ بىزدىن ئۆتۈپ كەتكەن، — دەپتۇ. مىرزىمۇ شۇ زامان باش لىڭشىتىپ تەستىقلاپتۇ. شام شەھىرىنىڭ پادىشاھى ئۆزىنىڭ بولغۇسى كۈيئوغلىنى كۆرمەكچى بولۇپ خوتۇنى، قىزى ۋە ۋەزىرلىرىنى ئېلىپ چار باغقا كەپتۇ. مېھمانخانا ئىشىكىدىن كىرىپ قارىسۇدەك بولسا بېشىدا كۇلاھ، ئۈستىدە جەندە، قولىدا سۇلتا تۇتقان بىر قەلەندەر ئولتۇرغۇدەك، بۇنى كۆرگەن شاھ گەپ-سۆز قىلماي ئارقىسىغا يېنىپتۇ. لېكىن ئىشىك يوچۇقىدىن كۆز تاشلىغان قۇندۇز، قەلەندەر كىيىمى ئىچىدە ئولتۇرغان شاھزادىنىڭ ھۆسنىگە ئاشىق بوپتۇ. پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ خوتۇنى ئارقىلىق قىزىغا مەسلىھەت سايتۇ. قىز ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ بەيگىدە ئۇتۇپ چىققان كىشىگە تېگىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ قۇندۇزنى ئەۋەزخانغا بېرىپتۇ. نىكاھ بولىدىغان كۈنى ئەۋەزخان قەلەندەرچە كىيىمىنى سېلىۋېتىپ شاھزادىچە ياسىنىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئەۋەزخان ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىپتۇ. شاھ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ ۋە يارلىق چۈشۈرۈپ ئەۋەزخاننى ئوڭ قول ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇلار ئىنتايىن خاتىرجەم كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. ئەۋەزخان بولسا بارغانسېرى خامۇش بولۇپ ئورۇقلاپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قۇندۇز ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ ئاق ئۆيدە يۈلتۈز پەرىنى يولۇقتۇرغانىدىم. ئۇ ماڭا «سېنىڭ پەقەت ئالتە يىللىقلا ئۆم-

رۇك قالدى» دېگەندى، ھازىر تۆت يىل ئۆتتى. يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن مەن ئۆلسەم سەن تۇل بولۇپ قالىسەن. شۇڭا ساڭا ئىچىم ئاغرىپ غەمدىن ئۇرۇقلاپ كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان قۇندۇز ئەۋەزخانغا تەسەللى بېرىپ:

— بۇنىڭغا تولىمۇ ئەندىشە قىلىپ كەتمە، مەن چوڭ ئانامدىن «پەرىنى سۆيگەن كىشى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدىم. مەن يۇلتۇز پەرى بىلەن دوست. ئۇ پەيشەنبە كەچتە مېنىڭ ھۇجرامغا كېلىدۇ. كېچىچە ئويۇن تاماشا بىلەن تاڭ ئاتقۇزىمىز. سەن شۇ چاغدا ئۇنى بىر ئاماللاپ سۆيىۋالغىن، — دەپ ئۆگىتىپتۇ.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپتۇ، پەيشەنبە كەچتە يۇلتۇز پەرى قۇندۇزنىڭ ھۇجرىسىغا كەپتۇ ۋە قۇندۇز بىلەن ئوينىشىپتۇ. پاراڭ ئارىلىقىدا يۇلتۇز قۇندۇزغا:

— سېنىڭ ئېرىڭ ئەۋەزخاننىڭ ئىككى يىللىق ئۆمرى قالدى، شۇڭا ئۇنى ياخشىراق كۈتۈپ كۆڭلىنى ئېلىۋال، — دەپتۇ.

قۇندۇز بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قايغۇغا پېتىپ جىم بولۇپ قاپتۇ. بىلمەزدە سۆز قىلىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلغان يۇلتۇز دوستىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن كېلەر پەيشەنبە كەچتە ئۆزىنىڭ ماكانىغا قۇندۇزنى تەكلىپ قىلىپ كېتىپ قاپتۇ. ھەپتە ئۆتۈپ پەيشەنبىمۇ يېتىپ كەپتۇ. قۇندۇزنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئەۋەزخان قۇندۇزنىڭ كىيىمىنى كىيىپ قۇندۇزنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن بىردىنلا قاتتىق بوران چىقىپ، ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن بىر جۈپ قول كىرىپ ئەۋەزخاننى ئاچىقىپ كېتىپتۇ. بۇ يۇلتۇز پەرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قۇندۇزنى ئەپكېلىش ئۈچۈن كەلگەن دېۋىلەر بولۇپ، ئۇلار ئەۋەزخاننى كۆتۈرۈپ يەتتە تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن يۇلتۇز پەرىنىڭ ماكانىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئەۋەزخان قارىغۇدەك بولسا يۇلتۇز پەرى ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغۇدەك، دېۋىلەر ئەۋەزخاننى تەخت ئالدىغا ئەپكىلىپ يەرگە قويۇپتۇ. ئەۋەزخان يۈزىنى يەرگە چاپلاپ، دۈم يېتىۋاپتۇ. يۇلتۇز پەرى ئۇنى ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىلىپتۇ، لېكىن ئەۋەزخان مىدىر قىلماپتۇ. يۇلتۇز پەرى تەختتىن چۈشۈپ:

— دوستۇم قۇندۇز، ئۆتكەنكى ئولتۇرۇشتا مەن سېنى خاپا قىلىپ قويدۇم، كەچۈرگىن. بۈگۈن سېنىڭ كۆڭلۈڭنى ئالاي، تۇر ئورنۇڭدىن، — دەپ ئەۋەزخاننىڭ بېشىنى شۇنداق يۆلىشىگە، ئەۋەزخان بېشىنى كۆتۈرۈپلا يۇلتۇز پەرىنىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيىۋاپتۇ ۋە قايتا يۈزىنى يەرگە يېقىپ يېتىۋاپتۇ. پەرىلەرنىڭ قائىدىسىدە ئۆزىنى ھەرگىزمۇ ئىنسانلارغا سۆيدۈرمەيدىكەن. شۇڭا يۇلتۇز پەرى غەزەپ بىلەن يېنىدىكى دېۋىگە قاراپ:

— بۇ قۇندۇز ئەدەبسىز بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭدىن بېزدىم، ئۇنى دەرھال ئۆز ھۇجرىسىغا ئاپىرىۋەتكىن، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. دېۋە ئەۋەزخاننى كۆتۈرۈپ ئۆز ھۇجرىسىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. ئىشنىڭ قانداق ئاخىرلاشقىنىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان قۇندۇز ئەۋەزخاننى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەمدى سەن ئۆلمەي ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسەن، — دەپ ئۇنى يېنىشلاپ-يېنىشلاپ سۆيۈپتۇ. ئەۋەزخانمۇ خاتىرجەم

بولۇپ قۇندۇز بىلەن كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى كېچەسى ئەۋەزخان:

— ئاھ...، — دەپتۇ-دە، چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەۋەزخانىنىڭ يېنىدا ياتقان قۇندۇز ئويغاق ئىكەن. ئۇ ئەۋەزخانىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئاھ چېكىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئەۋەزخان مەھبۇبىغا كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ چۈشىدە ئۆز ئېلىگە بارغانىمىش. دادىسى گۆر ئوغلى سۇلتان بىلەن ئانىسى گۈلجاھان تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئاھ چېكىپ:

— ئوغلۇم ئەۋەزخان، قاچان كېلىسەن؟ سېنى قاچان كۆرىمەن؟ سېنى كۆرىدىغان كۈنلەرمۇ بولارمۇ؟ — دەپ زار-زار يىغلاپ قارىغۇ بولۇپ قالغانىمىش. بۇنى كۆرگەن ئەۋەزخان:

— ئاھ ئاتا، ئانا! — دەپ ئۆزىنى ئاتا-ئانىسىنىڭ باغرىغا ئاتقانىمىش.

— سۆيۈملۈكۈم، — دەپتۇ ئەۋەزخان ئايالىغا، — مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمدىن ئاتا-ئانامدىن ئايرىلغىلى ئالتە يىل بولدى. چۈشۈمدە ئاتا-ئانامنىڭ مېنىڭ ئىشتىياقىمدا يىغلاپ كۆزلىرىنىڭ كور بولغانلىقىنى كۆردۈم، رۇخسەت قىلساڭ يۇرتۇمغا بېرىپ ئاتا-ئانامنى كۆرسەم، — دەپتۇ.

— بولىدۇ. مەنمۇ سەن بىلەن بىرگە باراي. ئالدى بىلەن ئاتامدىن رۇخسەت ئالايلى، — دەپتۇ قۇندۇز. ئاندىن ئۇلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۆز تەلىپىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ قىز ئوغۇللىرىنىڭ تەلىپىنى ئاڭلاپ ئۇلارغا رازىلىق بېرىپتۇ ۋە يول ھازىرلىقىنى قىلىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

بۇلار بىر قانچە قېچىر مال-دۇنيالارنى ئېلىپ يولغا چۈشۈپتۇ. ك ,, يوللارنى بېسىپتۇ. بىر كۈنى چۆل-جەزىرىدىكى بىر قونالغۇغا چۈشۈپ قونۇپتۇ.

ئەۋەزخان سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ چېدىر ئالدىغا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلاپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ چېدىردىن كۆز يەتكۈدەك جايدىكى بىر دۆڭدە بىر بايراقنى كۆرۈپتۇ ۋە ھوشيارلىنىپتۇ. شۇ ئەسنادا دۆڭ تەرەپتىن بىر ئاتلىق ئات چاپتۇرۇپ كەپتۇ. ئۇنىڭ بىر قولىدا ئاق بايراق، بىر قولىدا بىر پارچە خەت بارمىش. ئۇ چېدىر ئالدىغا كېلىپ خەتنى ئەۋەزخانىنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ-دە، توختىماستىن ئات چاپتۇرۇپ كېتىپ قاپتۇ. ئەۋەزخان خەتنى ئېلىپ ئوقۇسا، ئۇنىڭدا مۇنۇ سۆزلەر يېزىلغان ئىكەن: «گۆر ئوغلى سۇلتانىنىڭ ئوغلى ئەۋەزخان! سەن مۇندىن ئالتە يىل ئىلگىرى بىزنىڭ شام شەھىرى پادىشاھىنىڭ قىزى قۇندۇزنى ئەپكېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەلچىمىزنى ئۆلتۈرۈپ نەرسىلىرىنى بۇلاپ كەتكەن ئىكەنسەن، شۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالتە يىلدىن بېرى بىر لەك قوشۇنىمىز بىلەن سېنى ساقلاۋاتقانىدۇق. مانا ئەمدى يېتىپ كەپسەن. دەرھال قورالنى تاشلاپ بىزگە ئەل بولۇپ قولۇڭنى باغلاپ ئالدىمىزغا كەل. بولمىسا جەڭگە ھازىرلان». خەتنىڭ ئاخىرىغا شاھىنىڭ مۆھۈرى بېسىلغان ئىمىش.

بۇنى ئاڭلىغان ئەۋەزخان خەتنى كۆتۈرۈپ قۇندۇزنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ ۋە ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. بۇلار ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ جەڭگە تەييارلىنىپتۇ. ئەۋەزخان دۈلدۈلغا مىنىپ شەمشەر دۇبۇلا-

ھەملىرىنى ئېسىپ جەڭگە چىقىپتۇ. ئارىلىقتا قانلىق جەڭ باشلىنىپتۇ.

جەڭ باشلىنىپ يەتتىنچى كۈنى دۈشمەن تەرەپنىڭ لەشكەر باشلىقى ئۆز قوشۇنىنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بارلىق لەشكەرلىرىنى يىغىپتۇ، ۋە:

— ئەي! باتۇرلىرىم، بىز ئازلاپ كېتىۋاتىمىز. بۇ تەرىقىدە ئۇرۇشۇۋەرسەك ئەۋەزخاندىن ئىنتىقام ئېلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۆزىمىز ھالاك بولىمىز. شۇڭا ياخشى تەدبىر كۆرۈشىمىز ئۈچۈن مەسلىھەت بېرىڭلار، — دەپتۇ.

ھەممەيلەن جىم تۇرۇپتۇ، شۇ ۋاقىتتا ئاق ساقال بىر قېرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەۋەزخاننى مەخپىي ئېتىۋېتىش كېرەك، — دەپتۇ. بۇ چارە لەشكەر باشلىقىغا يېقىپتۇ. «ئەۋەزخاننى كىم ئاتىدۇ؟» دېگەندە يەنە ھېلىقى قېرى ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە يەنە قانلىق جەڭ باشلىنىپتۇ. ئەۋەزخان ئات ئويىنىتىپ ئۇلارنى قىرىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار بىردىنلا قېچىشقا باشلاپتۇ. ئەۋەزخان كەينىدىن قوغلاپ مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا بىر چوڭ تاشنىڭ دالدىسىغا مۆكۈنۈۋالغان قېرى ئەۋەزخاننىڭ كەينىدىن ئوق ئۈزۈپتۇ. ئوق ئەۋەزخاننىڭ سول بىلىكىگە تېگىپتۇ. ئەۋەزخان ئات ئۈستىدە يېنىچە بولۇپ قاپتۇ. دۇلدۇل دەل كەينىگە يېنىپتۇ ۋە قۇندۇز تۇرغان چېدىرنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەپتۇ. دەرھال شۇ ۋاقىتتا قۇندۇزنىڭ كۆڭلى بىرەر ۋەھىمە سەزگەندەك سىرتقا چىقىپتۇ. قارىسا ئەۋەزخان دۇلدۇلنىڭ ئۈستىدە يېتىلىپ قالغان، ئۇ ئەۋەزخاننى دۇلدۇل ئۈستىدىن چۈشۈرۈپ چېدىرغا ئەپكىرىپ ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ئۆزى كىيىپتۇ. ئەۋەزخاننىڭ جاراھەتلىرىنى تېڭىپ ئۇنى ياتقۇزۇپ قويۇپ ئۆزى قورال - ياراقلارنى ئېلىپ دۇلدۇلغا مىنىپ دۈشمەن سېپىنى يېرىپ ئۆتۈپ ئەۋەزخاننىڭ ساق ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىپتۇ. ھەر كۈنى جەڭ مەيدانىنى ئايلىنىپ دۈشمەنلەرگە ۋەھىمە سېپتۇ. ئەۋەزخاننىڭ يارىلانغانلىقىغا يەتتە كۈن بولغان كۈنى ئۇنىڭ كېسەللى بەك ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. قۇندۇز نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۈمىدسىز ھالدا چېدىرنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا ئاسماندىن بىر توپ كۆك كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ چېدىرنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ ۋە بىر دەمدىلا بىر توپ قىزغا ئايلىنىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا يۇلتۇز پەرى ئۆزىنىڭ قىرىق كېنىزىكىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەنىكەن.

قۇندۇز يۇلتۇز پەرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىپتۇ. لېكىن پەرى ئىلىك ئالھاي كېنىزەك قىزلارغا ئىشارەت قىپتۇ. قىزلار چۆرىدەپ ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. يۇلتۇز پەرى بولسا توپنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلاپتۇ. قۇندۇز بۇ ئەھۋاللارغا قاراپ زار قاخشاپ يىغلاپتۇ. چۈش بولغاندا يۇلتۇز پەرى بىر ئىشارەت بىلەن قىزلارنى ناخشا ئېيتىشتىن توختىتىپتۇ ۋە قۇندۇزغا قاراپ:

— قۇندۇزئاي، ئاڭلاپ تۇرغىن، ئەۋەزخاننىڭ ئەجەلى توشتى، ئۇ بۈگۈن چۈش ۋاقتىدا ئۆلىدۇ. سەن تۇل بولۇپ دۈشمەنلەرگە ئەسىر بولىسەن. بۈگۈن

سىنىڭ يىغلايدىغان، بىزنىڭ كۈلىدىغان كۈنىمىز. قېنى سەن يىغلا، بىز كۈلەيلى،— دەپ كىنىزەكلەرگە ئىشارەت قىلغىنىكەن، قىزلار ناخشا باشلاپتۇ، يۇلتۇز پەري قاتتىق كۈلۈپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلاپتۇ. قۇندۇزنىڭ يىغىسى ئەۋجىگە چىقىپ ھوشىدىن كېتىشكە ئاز قاپتۇ. چۈش قايرىلىپ كۈن ئېگىلىپتۇ. بۇ چاغدا يۇلتۇز پەري ئىشارەت قىلغىنىكەن، قىزلار توختاپتۇ. يۇلتۇز پەري غەمكىن ھالەتكە ئۆتۈپ قۇندۇزنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە تەزىم قىلىپ:

— ئەي دوستۇم قۇندۇز، سۆيۈملۈك ئەۋزخان ئۆلمىدى. ئۇ ئەمدى ئۆلمەيدۇ. بۇنىڭدا بەلكىم بىرەر سەۋەب بولۇشى مۇمكىن،— دەپتۇ. قۇندۇز يىغىدىن توختاپتۇ ۋە مەردانە ھالدا:

— ئېسىڭدە بارمۇ؟ سەن مېنى كۆھمقاپقا ئېلىپ بارغىنىڭ؟ شۇ ۋاقىتتا سىنىڭ دىۋىلەرنىڭ ئۇقماستىن مېنى ئەمەس، ئەۋزخاننى ئېلىپ بارغان. ئۇ ساڭا ئاشىق بولغاچقا سېنى تەشنالىق بىلەن سۆيۈۋالغان،— دەپتۇ يۇلتۇز پەري كۈلۈمسىرەپ:

— بىزنىڭ ئادىتىمىزدە، پەري قىز ئۆزىنى سۆيگۈچى يىگىتكە چوقۇم تېگىشى كېرەك، شۇڭا ھازىردىن باشلاپ مەن ئەۋزخاننىڭ نىكاھىدا،— دەپتۇ - دە، كىنىزەكلىرىگە كۆھمقاپقا قايتىشنى بۇيرۇپ، ئۆزى چىدىرغا كىرىپتۇ. ئارقىدىن قۇندۇزمۇ كىرىپتۇ. يۇلتۇز بولسا ئەۋزخاننىڭ سول قولىنى ئۆزىنىڭ سول قولىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ، ئوڭ قولىغا ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ ھۈرۈپ، جاراھەتنى سىلىغانىكەن، ئەۋزخان ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئىككى قىز ئۇنىڭ ئالدىدا باش ئېگىپ تۇرۇشۇپتۇ. ئەۋزخان بۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن دۈلدۈلغا مىنىپ دۈشمەن بىلەن ئۈچ كۈن جەڭ قىلىپ يولنى بوشىتىپتۇ ۋە دادىسىنىڭ شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بۇ نۆۋەت سەپەر كۆڭۈللۈك ئۆتۈپتۇ. ئۆز يۇرتىغا بارغاندىن كېيىن شەھەر خەلقى ئۇنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ. ئوردىغا كىرىپ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان دادىسى گۆر ئوغلى سۇلتاننى ۋە ئانىسى گۈلجەھاننى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىپتۇ. گۆر ئوغلى سۇلتان ۋە گۈلجاھان تەڭلا:

— ئاھ بالام، سېنىڭ دەردىڭدە يىغلاپ كۆزلىرىمىز كور بولدى. ئەمدى سېنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇق،— دېيىشىپتۇ. شۇ ھامان يۇلتۇز پەري ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قولىغا ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ ھۈرۈپ پادىشاھ ۋە مەلىكىنىڭ كۆزلىرىنى سىلىغانىكەن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يورۇپ كېتىپتۇ ۋە ئۆزلىرىنى ئەۋزخانغا ئېتىپ ئۇنى باغرىغا بېسىپتۇ. ئاندىن قۇندۇز ۋە يۇلتۇزنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ. گۆر ئوغلى سۇلتان ئوغلى ئەۋزخاننى شاھلىق تەختىگە تەكلىپ قىلىپ:

— سەن ئۆز بەختىڭ يولىدا ئىزدىنىپ، مۇرادقا يەتتىڭ، ئەمدى سېنى خەلق ئارزۇلاۋاتىدۇ. خەلقىنىڭ ئارزۇسى يولىدا ئىزدەن،— دەپتۇ. ئەۋزخان:

— خوپ ئاتا، ئېيتقانلىرى بولسۇن،— دەپ شاھلىق تەختىگە چىقىپتۇ. ئۇ شۇندىن كېيىن ئۆز خەلقىنى باياشات ئەركىن تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئىمىن ئاخۇن، رەتلىگۈچى: مەتسىدىق ئىمىن

# ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر

## جاھىللىقنىڭ ئاقىۋىتى

چۆلدە كېتىۋاتقان ئىككى ئاتلىق كىشىدىن بىرىنىڭ كۆزى ئاجىز ئىكەن. كەچ كىرىپ قالغانلىقتىن ئۇلار بىر دالدىراق جاينى تېپىپ تۈنەپ قاپتۇ. تاڭ ئېتىشى بىلەن ئۇلار يولنى داۋاملاشتۇرماقچى بوپتۇ. يولغا چىقىش ئالدىدا قارىغۇ كىشى قامچىسىنى تاپالماي تەمتىرەشكە باشلاپتۇ. يەردە بىر يىلان سوغۇقتىن تۈگۈلگىنىچە ياتقانىكەن، قارىغۇ كىشى شۇ ئىمجان يىلاننى قامچا دەپ قولىغا ئاپتۇ. ھەمراھى بۇنى كۆرۈپ



— بۇرادەر. قولۇڭدىكى قامچا ئەمەس، زەھەرلىك يىلان. ئۇنى تاشلىۋەت. بولمىسا چېقىپ ئۆلتۈرىدۇ، — دېگىنىچە يۈگۈرۈپ كەپتۇ. قارىغۇ: «بۇرادىرىم بۇ ئەۋرىشىم قامچىنى ئۆزى ئېلىۋالماقچى بولۇۋاتسا كېرەك»، دەپ گۇمان قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— بۇ ماڭا كەلگەن بەخت، مەن كونا قامچامنى يوقىتىپ قويۇۋىدىم، تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ، بۇ ئەۋرىشىم قامچىغا ئىگە بولدۇم. بۇ قامچىنى ھەرگىزمۇ تاشلىۋەتمەيمەن، — دەپتۇ.

ھەي دوستۇم، بۇ يولدا ھەمراھ بولۇپ ماڭغىنىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇنى ساڭا ئاگاھلاندۇردۇم، — دەپتۇ ھەمراھى. ئەمما قارىغۇ كىشى تەرسالىقىدىن يانماپتۇ. بەلكى ھەمراھىنىڭ ياخشى نىيەتلىك سۆزىدىن خاپا بولۇپ:

— بىلىمەن، قامچامغا كۆزۈڭ چۈشۈپ، بۇنى مېنىڭدىن ئېلىۋالماقچى بولۇۋاتىسەن، خام خىيالىڭنى قوي. كارغا كەلمەيدىغان ئەپسانە سۆزلەرنى دەپ يۈرمە، — دەپتۇ.

ھەمراھى سۆزىنىڭ راستلىقىغا قەسەم قىلغان بولسىمۇ، تەرسا قارىغۇ دېگىنىدىن زادىلا يانماپتۇ. كۈننىڭ ئىسسىقى بىلەن ھوشىغا كەلگەن يىلان قارىغۇنىڭ قولىنى چېقىۋېتىپتۇ. يىلاننىڭ زەھىرى قارىغۇنىڭ بەدىنىگە تارىلىپ، قارىغۇ جان ئۈزۈپتۇ.

جاھىللىق ۋە نەپسى بالا قارىغۇنىڭ كۆڭۈل كۆزىنى زەئىپلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئۆلۈم قوينىغا ئىتتىرىپتۇ.

# ئۈچ ئوغۇل

بىر ئادەمنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. كىچىك ئوغلى ئاتا-ئانىسىنىڭ سۆزىدىن چىقماي، ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىدىكەن. ئۇ ئەخلاقلىق، تەرتىپلىك ئىكەن، قالغان ئىككى چوڭ ئوغلى يامان كىشىلەرگە قوشۇلۇپ، بولمىغۇر يوللاردا ماڭىدىكەن. ئاتا - ئانىسىنى رەنجىتىپ، نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمايدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى بىچارە ئانىسى دەرد چېكىپ ۋاپات بوپتۇ. ئاردىن كۆپ ئۆتمەي دادىسىمۇ كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. بوۋاي ئۆزىنىڭ ساناقلىقلا كۈنى قالغانلىقىنى سېزىپ، ئۈچ ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— بالىلىرىم، مېنىڭ ئۆمرۈم ئاخىرلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ. مەندىن كېيىن ئۈچۈڭلاردىن پەقەت بىرىڭلارلا مىراسخور بولىسىلەر، شەھەر قازىسى بىلەن يۇرت چوڭلىرى قايسىڭلارغا مىراسخورلۇقنى ھۆكۈم قىلسا، شۇ ۋارىس بولىدۇ. ئۇلار مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى تېپىپ ھۆكۈم قىلىدۇ دەپ ئويلايمەن.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بوۋاي ۋاپات بوپتۇ. ئۈچ ئوغلى ئاتىسىدىن قالغان مىراسنى تالىشىپ، قازىنىڭ ئالدىغا بېرىشىپتۇ. ئۇلار ئاتىسىنىڭ قىلغان ۋەسىيەت سۆزىنى قازىغا ئېيتىپتۇ. قازى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا قىيىنالغانلىقتىن، ئۇلارغا:

— مەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمايمەن، چۈنكى ئاتاڭلار قايسىڭلارنىڭ مىراسخور بولىدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتمىغان. شەھىرىمىزدە بىر بىلىملىك، دانىشمەن ئادەم بار. شۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئاتاڭلارنىڭ ۋەسىيىتىنى دەپ بېرىڭلار. بۇ مەسىلىنى شۇ دانىشمەنلا ھەل قىلالايدۇ دەپ ئويلايمەن. شۇ ئادەم قانداق ھۆكۈم چىقارسا، مەنمۇ شۇنىڭغا قوشۇلىمەن، — دەپ ئۇلارنى دانىشمەننىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ.

ئۈچ بالا دانىشمەننىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئەھۋالنى دەپتۇ، دانىشمەن بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، غەزەپلەنگەن قىياپەتتە:

— شۇنداقمۇ مۇجمەل ۋەسىيەت بولامدۇ؟ سىلەر قايتىپ بۇنداق تۇترۇقسىز ۋەسىيەت قىلغان ئاتاڭلارنىڭ قەبرىسىنى بۇزۇپ، تۈزلىۋېتىپ، ئاندىن بۇ يەرگە كېلىڭلار، شۇ چاغدا توغرا، ھەققانىي ھۆكۈمنى چىقىرىمەن، — دەپتۇ. ئەتىسى ئىككى چوڭ ئوغلى كەتمەن - گۈرجەكلىرىنى ئېلىپ، كىچىك ئوغلى بولسا قولىغا قىلىچ ئېلىپ قەبرىستانلىققا بېرىپتۇ. ئىككى چوڭ ئوغلى ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى بۇزۇشقا تەمشىلىپتۇ، كەنجى ئوغلى بولسا ئۇلارغا قارشى قىلىچ كۆتۈرۈپتۇ ۋە:



— سىلەر تازىمۇ ئەخلاقسىز، نومۇسسىز ۋە ۋىجدانسىز ئىكەنسىلەر. بايلىقنى دەپ ئۆز ئاتىمىزنىڭ قەبرىسىنى بۇزماقچى

بولۇۋاتىسلەر. مەن بۇنداق ئىپلاسلىقلارغا ھەرگىز يول قويمايمەن، قايسىڭلار قەبرىنى بۇزماقچى بولىدىكەنسىلەر ھەر ئىككىڭلارنى ئۆلتۈرىمەن، مەن مىراستىن كەچتىم، ئۇنى سىلەرلا ئېلىڭلار. ئاتا-ئانىمىز ھايات ۋاقتىدا ئۇلارنى ھۆرمەت قىلمىدىڭلار، مۇبارەك دىللىرىنى ئاغرىتتىڭلار. ئەمدى ئۇلارنى قەبرىدىمۇ تىنچ ياتقۇزمامسىلەر؟ ھەي نومۇسسىزلار، — دەپتۇ.

ئىككى ئاكىسى كەنجى ئىنىسىنىڭ پەيلىدىن قورقۇپ قەبرىگە تېگەلمەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچەيلەن دانىشمەننىڭ ئالدىغا قايتىپ كەپتۇ. ئىككى ئاكىسى ئىنىسى ئۈستىدىن دانىشمەنگە شىكايەت قىلىپ:

— بۇ ئىنىمىز سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىزنى ئورۇندىشىمىزغا يول قويمىدى. قىلىچ كۆتۈرۈپ، ئالدىمىزنى توستى. ئەگەر ئاتىمىزنىڭ قەبرىسىنى بۇزساق، بىزنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تەھدىت سالدى، — دەپتۇ. كىچىك ئوغۇلمۇ ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى بۇزدۇرۇشقا يول قويالمايدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلەپتۇ. بۇ ئۈچ بالىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دانىشمەن ئىككى چوڭ ئوغلىغا خىتاب قىلىپ:

— ئاتاڭلار سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ مىراسخور بولىدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتماي، بىزگە ھاۋالە قىلىپ قالدۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئەمدى يېشىلدى. مەن سىلەرنى سىناش ئۈچۈن ئاتاڭلارنىڭ قەبرىسىنى بۇزۇشقا ئەۋەتكەنىدىم. بۇ ئىككىڭلار ئەسكىلىكىڭلار تۈپەيلىدىن شۇنداق يىرگىنىشلىك ئىشنى قىلىشقا بەل باغلىدىڭلار، ئىنىڭلار بۇنى رەت قىلدى. ھەتتا سىلەرنىمۇ بۇنداق ئىپلاسلىقتىن يېنىشقا دەۋەت قىلدى. ئەمدى سىلەر ئۆزۈڭلار ئىنساپ قىلىپ ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ھەقىقىي مىراسخور كىم بولۇشى كېرەك؟ — دەپتۇ. ۋە كىچىك ئوغلىنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— يارايسەن ئوغلۇم، ئاتاڭنىڭ ھەقىقىي ئوغلى سەن ئىكەنسەن، ئاتا مىراسىغا پەقەت سەنلا ئىگە بولىسەن. بۇ ئىككى يارامسىز ئاكاڭ بۈگۈندىن مەھرۇم قىلىنىدۇ. مېنىڭ ھۆكمۈم مانا شۇ، — دەپتۇ.

ئەتىسى قازى بۇ ئۈچ ئوغۇلنى چاقىرتىپ، دانىشمەننىڭ ھۆكۈمىنى تەستىقلاپ، ئۈچ بالىنىڭ ئاتىسىدىن قالغان مىراسىنىڭ ھەممىسىنى كەنجى ئوغلىغا بۇيرۇپ بېرىپتۇ. يارامسىز ئىككى ئاكىسى ئىنتايىن ئوسال بولغان ھالدا قايتىپتۇ.

## تېپىلغان كوزا

بىر شەھەردە ئىبراھىم دېگەن ئەمگەكچان كىشى بار ئىكەن. ئۇ كېچە-كۈندۈز تىرىشىپ ئىشلەپ، تاپقان پۇلىدىن ئېشىنغىنىنى بىر كوزىغا يىغىپ، ئۇنى بىر چىلان دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كۆمۈپ قويۇپتۇ.

بىر كۈنى ئىبراھىم كوزىدىكى پۇلدىن بىر ئاز ئالغىلى كېلىپ قارىسا، ئۇ يەر باشقىلار تەرىپىدىن كولىنىپ، ھېلىقى كۆمۈلگەن كوزا ئېلىپ كېتىلىپتۇ. ئىبراھىمنىڭ بېشى قېتىپ، قانداق قىلارىنى بىلەلمەي، ئاخىرى ئۆزىنىڭ بىر يېقىن

دانىشمەن دوستىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. دانىشمەن ئىبراھىمنى باشلاپ ھېلىقى كوزا كۆمۈلگەن جايغا كېلىپ، ئۇيان-بۇيان تەكشۈرگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالماي تۇرغاندا، بۇلارنىڭ ئۈستىگە قەلەندەر سۈپەت بىر ئادەم كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن:

— چىلان دەرىخىنىڭ يىلتىزى تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ. بىرەيلەنگە چىلان دەرىخىنىڭ يىلتىزى لازىم بولۇپ، بۇ يەرنى كولىغان. بۇ جەرياندا ئۇنىڭغا كوزا ئۇچرىغان. ئۇ ئالماقچى بولغان يىلتىز بىلەن كوزىنى ئېلىپ كەتكەن، — دەپتۇ. بۇ ئۇچەيلەن سۆزلىشىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە بىر كىچىك بالا كېلىپ قېلىپ، بولۇۋاتقان سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇلارغا:



— بىلدىم، بىلدىم، كوزىنى تېپىش ئاسان. بۇ ئاكام: «چىلان دەرىخىنىڭ يىلتىزى دورا بولىدۇ» دېدى. ئېھتىمال بىر تېۋىپ كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەن بىر كىشىگە چىلان يىلتىزى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇغان، ئۇ كىشى كېلىپ بۇ چىلاننىڭ يىلتىزىنى كولىغان. نەتىجىدە قولىغا چىقىپ قالغان كوزىنى ئېلىپ كەتكەن. ئەمدى سىلەر شۇ يېقىن ئارىدا قايسى تېۋىپ كىمگە چىلان دەرەخ يىلتىزىنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇغانلىقىنى ئېنىقلىساڭلار كوزا تېپىلىدۇ، — دەپتۇ. ئىبراھىمنىڭ دانىشمەن دوستى بۇ دىۋانە سۈپەت ئادەم بىلەن كىچىك بالىنىڭ زېرەكلىكىدىن ھەيران بوپتۇ ۋە ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپتۇ.

دانىشمەن شۇ ئەتراپلاردىكى تېۋىپلاردىن كىمگە قاچان چىلان دەرەخ يىلتىزى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇغانلىقىنى سورۇشتۇرۇپتۇ. تېۋىپلاردىن بىرى:

— ھاجى ھەيدەر دېگەن بىر كىشىگە بۇندىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن چىلان دەرىخىنىڭ يىلتىزىنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇغانىدىم، ئۇ ئېلىپ كەلدى، دورا ياساپ بەردىم، — دەپتۇ ۋە ئۇ ئادەمنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— ئىبراھىم دوستى بىلەن ھېلىقى كېسەل ئادەمنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ ئادەم ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن:

— تېۋىپنىڭ بۇيرۇشى بىلەن چىلان دەرىخى ئىزدەپ، ئاشۇ چىلان دەرىخىگە يولۇقتۇم، ئۇنىڭ يىلتىزىنى ئېلىش ئۈچۈن تۈۋىنى كولاۋاتسام ئىچىدە لىق پۇل قاچىلانغان كوزا ئۇچراپ قالدى. ئۇنى ئېلىپ كەلدىم. ئەگەر ئىگىسى چىقىپ قالسا تاپشۇرۇپ بېرىمەن، دېگەن نىيەت بىلەن ساقلاپ قويدۇم، — دەپتۇ.

ئىبراھىمنىڭ دانىشمەن دوستى:

— ئۇ يەر ۋە ئۇيەردىكى چىلانلار مۇشۇ كىشىنىڭ بولىدۇ. بۇ بىر ئاق كۆڭۈل، كەمبەغەل ئادەم. ساۋاپلىق ئۈچۈن

بولسىمۇ شۇ كوزا بىلەن پۇلنى مۇشۇ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسىڭىز، — دەپتۇ.

ھېلىقى كىسەل ئادەم ئىبراھىمدىن كوزىدىكى پۇل سانى ۋە كوزىنىڭ بەلگىلىرىنى سوراپ، ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كوزا بىلەن پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بىر دانىشمەن — ئالىم كىشى ھەل قىلالمىغان مۇشكۇل مەسىلىنى ئوقۇمىغان بىر ئادەم بىلەن بىر كىچىك بالا ھەل قىپتۇ.

## مېھمان ئەزىز

مۇئمىن ئىبنى زايىد ھاكىمىنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ئۈچ يۈز كىشىنى ئەسىر قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. مۇئمىن ئىبنى زايىد ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ.

ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە بىر ياش بالىمۇ بار ئىكەن، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي ھاكىم، ئۇسساپ كەتتىم، بىر چىنە سۇ بەرگىن، ئۇسسۇز پېتىم ئۆلۈپ كەتمەي، — دەپتۇ.

مۇئمىن ئىبنى زايىد سۇ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. بالا چىنىنى قولىغا ئېلىپ:

— ھەممە ئەسىرلەر ئۇسسۇزدۇر، مەن سۇ ئىچىپ، ئۇلارغا بەرمىسەم، بۇ ئىنساپسىزلىق بولىدۇ. بەرسەم ئۆزۈم ئۇسسۇز قالىمەن ئەلۋەتتە ھەممىمىزنى ئوخشاشلا ئۆلتۈرىسەن، بۇنىڭغا ئىشىنىمىز، مەرھەمەت قىلىپ، ھەممىمىزگە سۇ بېرىشكە رۇخسەت بەرسەڭ، ئۇسسۇزلۇقتا ئۆلمەيلى، — دەپتۇ.

مۇئمىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەممە ئەسىرلەرگە سۇ بېرىلىپتۇ. ئەسىرلەر سۇنى ئىچىپ، تەشنالىقىنى قاندۇرغاندىن كېيىن، ھېلىقى بالا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي ھاكىم، سۇيىڭنى ئىچىش بىلەن ھەممىمىز سېنىڭ مېھمىنىڭ بولدۇق. مېھماننى ئۆلتۈرۈش پەزىلەتلىك كىشىنىڭ ئىشى ئەمەستۇر، — دەپتۇ.

مۇئمىن ئىبنى زايىد بالىنىڭ بۇ چىرايلىق ھەم تەسىرلىك سۆزىدىن زوقلىنىپ، ھەممە ئەسىرلەرنى قو يۇۋېتىپتۇ.



## نادانىنىڭ سۆھبىتى

ئىراق ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرى مەشھۇر بىر ئالىمغا قازىلىق مەنسىپىنى بەرمەكچى بوپتۇ. ئالىم ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلماپتۇ. ھۆكۈمدار ئۇنىڭغا تەن جازاسىدىنمۇ ئېغىرراق جازا بەرمەكچى بولۇپ، ئۇنى زىنداندا قاماشنى بۇيرۇپتۇ.



ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بىر جاھىل، تەلۋە ۋە نادان بىر ئادەمنىمۇ قوشۇپ قاماشنى گۇندىپايغا ئېيتىپتۇ. ئاندىن ئىككى-ئۈچ كۈن ئۆتە-ئۆتمەيلا ئالىم دات-پەرياد كۆتۈرۈپتۇ ۋە ھۆكۈمدارغا:

— تەكلىپىڭىزنى قوبۇل قىلاي، مېنى مۇشۇ جاھىل، تەلۋە ۋە نادان ئادەم بىلەن سۆھبەتداش بولۇشتىن قۇتقۇزۇڭ، — دەپ ئەرز قىپتۇ.

ھۆكۈمدار ئالىمنى ئازاد قىپتۇ ۋە ئۇنى قازىلىق مەنسىپىگە تەيىنلەپتۇ.

## دېھقاننىڭ سوۋغىسى

نەزامۇلمۈلۈك دېگەن ئالىيجاناب ۋە ئادىل بىر ۋەزىر بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئالدىغا بىرى بىرەر سوۋغا ئېلىپ كەلسە، ئۇ سوۋغىنى باشقىلارغا بۆلۈپ بېرىۋېتىدىكەن.

بىر كۈنى ئەتىگەندە بىر دېھقان ئۇنىڭغا ئۈچ دانە تەرخەمەك ئېلىپ كىرىپتۇ. ۋەزىر بۇنى ئۆزى يەۋېتىپ، دېھقانغا مىڭ دىنار پۇل ئىنئام بېرىپتۇ. ۋەزىر بېغىغا دەم ئېلىشقا چىققاندا، ئۇنىڭ بىر كۈتكۈچى مۇلازىمى:

— جانابلىرى، نېمىشقا ئۇ ئۈچ تەرخەمەكنى ئۆزىڭىزلا يەۋالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئادىل ۋەزىر مۇلايىملىق بىلەن:

— ئۇ ئېلىپ كەلگەن تەرخەمەكلەر بەك قىرتاق ئىكەن. ئۇنى باشقىلارغا بەرسەم، ئۇلار ئۇنىڭ تەمىنىڭ يامان، قىرتاقلىقىدىن دېھقاننى يامان سۆز بىلەن تىللاپ قويۇشىدۇ. شۇڭا دېھقاننىڭ دىلى ئازار يېمىسۇن دېدىم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

## ئىككى خىل تەبىر

سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋىي ھەممە چىشى چۈشۈپ كېتىپ كۆرگەن چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. ئۇ دەرھال چۈش ئۆرۈگۈچى بىر مۇنەججىمنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا كۆرگەن چۈشىنى ئېيتىپتۇ ۋە تەبىر بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. چۈش ئۆرۈگۈچى كىشى تەكەببۇر، ئويلانمايلا سۆزلەۋېرىدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇ مەھمۇت غەزنەۋىيگە:

— ئۆزلىرىنىڭ بالا-چاقىلىرى، تۇغقانلىرى سىلىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدۇ. چۈشلىرىنىڭ تەبىرى شۇ، — دەپتۇ. بۇ تەبىر سۇلتانغا ياقمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا جازا بېرىپتۇ. ئىككىنچى بىر چۈش ئۆرۈگۈچىنى چاقىرتىپتۇ. بۇ چۈش ئۆرۈگۈچى تەدبىرلىك، ئېھتىياتچان، دانا كىشى

ئىكەن. ئۇ ئويلىنىۋېلىپ، سۇلتانغا:

— بالا-چاقا، تۇغقانلىرىڭىزدىن كۆرە سىز ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەنسىز، — دەپتۇ.

سۇلتانغا بۇ تەبىر ياققانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىنئام بېرىپتۇ. سۇلتان يېنىدا تۇرغانلارغا:

— ھەر ئىككىلا چۈش ئورۇگۈچىنىڭ تەبىرى بىرلا. پەقەت بىرىنچىسى ئۆزىنىڭ نادانلىقى سەۋەبىدىن ئويلىماي، ئېھتىيات قىلماي، قوپاللىق بىلەن تەبىر بەردى. شۇڭا ئۇنىڭغا جازا بەردىم. ئىككىنچىسى بولسا دانا، ئېھتىياتچان، ئويلاپ سۆزلەيدىغان بولغاچقا ئۇنىڭغا ئىنئام بەردىم، — دەپتۇ.

## ھاتەمنىڭ مەردلىكى

بىر نادان، تەلۋە ئادەم ھاتەمنى تەيگە كۆپ جەبرى-جاپا ساپتۇ. ئاغزىغا كەلگەن يامان سۆزلەر بىلەن ئۇنى ھاقارەتلەپتۇ. ئەقىللىق كىشىنىڭ بىر نادان بىلەن تاكاللىشىپ تۇرۇشىنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ھاتەم گەپ قىلماي جىم ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. ھېلىقى نادان ئادەم تىللاشتىن ھېرىپ، توختىغاندىن كېيىن، ھاتەم ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:



— يەنە دەيدىغانلىرىڭ بارمۇ؟ بولسا ئۆزۈمگە دەپ تۈگەت «ئەقىلسىز، نادان ئادەم ئەدەپسىزلىك قىلسا، ئۇنىڭ بىلەن تېپىشماي، ئەدەبسىزلىكىنى كەچۈرۈشتىن باشقا چارە يوق» دېگەن سۆز بار. شۇڭلاشقا مەن سېنىڭ ھەممە ھاقارەتلىرىڭگە جاۋاب قايتۇرماي جىم تۇردۇم. سېنى ئەپۇ قىلدىم.

## چېقىمچىغا بېرىلگەن مۇكاپات

بۇرۇن بىر ھاكىم ئوۋغا چىقىپ ھەمراھلىرى بىلەن بىر يەرگە چۈشۈپتۇ. ھاكىم ئۆزىنىڭ ئات باققۇچىسىنى يېنىغا چاقىرتىپ:

— مەن ئۇزۇندىن بۇيان سېنىڭ بىلەن بىر قېتىم ئات چاپتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتاتتىم. قايسىمىزنىڭ ئېتىنىڭ يۈگۈرۈك ئىكەنلىكىنى بىر سىناپ باقامدۇق؟ — دەپتۇ. ئات باققۇچى ماقۇل بوپتۇ. ئىككىسى ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە ئۆزلىرى چۈشكەن يەردىن خېلىلا يىراقلاپ كېتىپتۇ. بىر چاغدا ھاكىم ئېتىنى

توختىتىپتۇ ۋە ئات باقارنىمۇ توختىتىپ، ئۇنىڭغا:

— مەن ساڭا بىر سۆزنى ئېيتماقچى بولۇپ، سېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىم. ساڭا ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن بۇ سىرىمنى پەقەت ساڭىلا ئېيتىمەن، بۇنى سەندىن باشقا ھېچكىم بىلمىسۇن، — دەپتۇ.

ئات باقار تەزىم قىلىپ:

— سىز ماڭا ئىشىنىپ، سىرىڭىزنى ئېيتقانىكەنسىز، ئەلۋەتتە ئۇنى ھېچقاچان ھېچكىمگە دېمەيمەن، — دەپ ھاكىمغا ۋەدە بېرىپتۇ. ھاكىم ئات باقارغا ئىشىنىپ كۆڭلىدىكى سۆزىنى دەپتۇ:

— ئىنىمىنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىدىن گۇمانلىنىپ قالدىم. ئۇ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا كېرەك. شۇڭا ئۇنى يوقاتماقچىمەن. بۇندىن كېيىن يېنىمدىن يىراقلاشماي، مېنى قوغداپ يۈر.

ئات باقار ھاكىمنىڭ سىرىنى ساقلاش ۋە ئۇنى قوغداشقا ۋەدە بېرىپ قەسەم ئىچىپتۇ. ھاكىم ئۇ ۋەدىن قايتىپ، ئوردىسىغا كىرىشى بىلەنلا ئات باقار ۋاپاسىزلىق قىلىپ، خىيانەت كوچىسىغا قەدەم قويۇپتۇ. بىر پۇرسەت تېپىپ ھاكىمنىڭ سۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئىنىسىغا ئېيتىپ قويۇپتۇ. ھاكىمنىڭ ئىنىسى بۇ خەۋەردىن خۇش بولۇپ، كەلگۈسىدە ئۇنىڭغا كۆپ ئىنئام بەرمەكچى بولۇپتۇ.

ھاكىمنىڭ ئىنىسى ئۆزىنى ھەر تەرەپلىمە ياخشى تەدبىرلەر بىلەن قوغداشقا باشلاپتۇ. كۆپ ئۆتمەي ھاكىم ۋاپات بولۇپتۇ. بۇ ھاكىم ھېلىقى چېقىمچى ئات باقارنى شۇئان دارغا ئېسىشنى ھۆكۈم قىلىپتۇ. ئات باقار ھاكىمغا ئۆزىنىڭ قىلغان خىزمىتىنى سۆزلەپ نالە-زار قىلسىمۇ،



يېڭى ھاكىم ئۇنىڭغا پىسەنتمۇ قىلماپتۇ ۋە:

— سىرنى پاش قىلىشتىن، چېقىمچىلىقتىن يامانراق گۇناھ يوقتۇر. ئاكام ساڭا ئىشىنىپ سىرىنى ئېيتقان. ئەمما سەن ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىپ، ئۇنىڭ سىرىنى پاش قىلدىڭ، ئۇنى ماڭا چاقتىڭ. ئاكامغا ۋاپا قىلمىغان ئادەم، ماڭا ۋاپا قىلارمۇ؟ مانا ئەمدى چېقىمچىلىقنىڭ جازاسىنى تارت! — دەپ ئۇنى دارغا ئاستۇرۇپتۇ.

## نامرات دەرۋىش ۋە تەكەببۇر قارى

قازىكالاننىڭ مەھكىمىسىگە موللىلار يىغىلىپ دىنىي مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقانىكەن، شۇ سۆھبەت ئۈستىگە كىيمەلىرى يىرتىق بىر كەمبەغەل دەر-

ۋىش كىرىپ، موللا ۋە بايلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

قازى بۇ دەرۋىشنىڭ بۇ زاتلار ئارىسىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ غەزەپلىنىپتۇ:

— هەي دەرۋىش، سەن نېمىشقا موللىلار بىلەن بۇ ئۇلۇغ بايلىرىمىزنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردۇڭ، ئۆز مەرتىۋەڭنى بىلمەمسەن؟ دەرھال ئورنىڭدىن تۇرۇپ پەگا تەرەپتە ئولتۇر، بولمىسا چىقىپ كەت! — دەپتۇ. قازىنىڭ خىزمەتكارى شۇئان كېلىپ دەرۋىشنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ:

— سەن بۇ ئۆلىما، بايلارنىڭ مەجلىسىدە ئولتۇرۇشقا لايىق ئادەم ئەمەسسەن. نېمىشقا ئۆزۈڭنى چاغلىماي ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇرىسەن؟ پاشىنىڭ يولۋاس بىلەن تەڭ كەلگىنى نەدە بار؟ سېنىڭ هېچقانداق ئىلمىڭ يوق بىر دەرۋىش تۇرساڭ، موللا ۋە بايلارنىڭ بۇنىڭدەك بىر ئىلمىي مۇهاكىمە سۆهبىتىگە قانداق قاتنىشالايسەن؟ دەرھال ئورنىڭدىن تۇرۇپ، پەگادا ئولتۇر. بولمىسا سېنى هازىر قوغلاپ چىقىرىمەن.— دەپتۇ.

دەرۋىش هەسرەتلىنىپتۇ. دىلى رەنجىپ، ئىلاجىسىز پەگاغا چۈشۈپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. موللىلار بىر مەسىلە ئۈستىدە بىرلىككە كېلەلمەي، بىر-بىرىنىڭ پىكرىنى رەت قىلىپ، ئاخىرى بىر-بىرىگە خورازلاردەك هۆرپىيىشكە، ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ جېدەل قىلىشقا، ياقا سىقىشىشقا ئۆتۈپتۇ. لېكىن مەسىلە هەل بولماپتۇ. بۇلارغا قاراپ جىم ئولتۇرغان دەرۋىش، بۇلارنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا چىداپ تۇرالماي، ئۇلارنى جېدەلنى توختىتىشقا دەۋەت قىپتۇ ۋە ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ:

گۆرەنلىرىڭلارنى كۆپتۈرۈپ، بىر-بىرىڭلار بىلەن جېدەل قىلىپ مەسىلىنى هەل قىلالمايسىلەر. مەسىلە-دەلىل ئىسپاتسىز هەل بولمايدۇ. مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە لايىق بىلىمىم بار. قېنى سىلەر ئەينى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭلار، مەن ئۆز بىلگىنىمچە جاۋاب بېرىپ كۆرەي.

سۆهبەت ئەهلى جىمىپ، ئوتتۇرىدا تالاش بولۇۋاتقان مەسىلىنى دەرۋىشكە ئېيتىشىپتۇ. دەرۋىش ئۇلارغا يېقىملىق ۋە چىرايلىق سۆزلەر بىلەن قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىپتۇ ۋە مەسىلىنى هەل قىپتۇ. مەجلىس ئەهلى هاياجانلانغىنىدىن دەرۋىشكە رەھمەتلىرىنى ئېيتىشىپتۇ.

تەكەببۇر قازىمۇ دەرۋىشنىڭ ئىلمىگە قايىل بولۇپ، ئۆزىنىڭ يېپەك تونى بىلەن سەللىسىنى دەرۋىشكە سوۋغا قىپتۇ ۋە:

— ئەي دەرۋىش، سېنىڭ قەدرى-قىممىتىڭنى بىلمەپتىمەن. قېنى تۆرگە مەرھەمەت قىلغىن، — دەپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپتۇ.

ئەمما دەرۋىش قازىنىڭ سوۋغىسىنى



قوبۇل قىلماپتۇ. ئۇ قازىغا قاراپ مۇنداق
دەپتۇ:

— تەكەببۇرلۇقتا سەۋەبچى بولىدى-
غان بۇ تون بىلەن سەللە ماڭا كېرەك
ئەمەس. مۇشۇ ئەسكى-تۈسكى كىيىمىم
مېنىڭ ئەقىل-پاراسىتىمنى تۆۋەنلىتەل-
مىگىنىگە ئوخشاش، بۇ يىپەك تون بىلەن
زەر باسقان سەللىمۇ مېنىڭ ئەقىل پارا-
ستىمنى ئاشۇرالمايدۇ. ئەقىل كىيىمدە
ئەمەس باشتا. شۇنداق كىشىلەر باركى،
ئۇلار قىممەت باھا كىيىملەرنى كىيىشىۋې-
لىپ، ئۆزلىرىنى پەدازلىسىمۇ، ئىلىم-
مەرىپەتتىن، ئەدەب-ئەخلاقتىن ئەسلا
خەۋىرى يوقتۇر. ئۇنداق كىشىلەرنى باش-
قىلاردىن يۇقىرى، كونا كىيىملىكلەرنى
تۆۋەن ساناش ئىنسابسىزلىقتۇر. ئەقىل-
ئىدراك ئىگىسى بولۇش ئۈچۈن ئىلىم-
مەرىپەت ئىگىلەش كېرەك. «ئۆزىگە
قارىما، سۆزىگە قارا» دېگەن ھېكمەتلىك
ماقالىدىكىدەك، ئادەمنىڭ كىيىم-كېچەك،
سىرتقى كۆرۈنۈشىگە ئەمەس، ئۇنىڭ ئى-
لىم-بىلىمىگە، ئەقىل-پاراسىتىگە،
سۆزىگە، ئەدەب-ئەخلاقىغا قاراش
كېرەك.

## بىرىگە ئورا كولىساڭ

ئىراننىڭ بىر شەھىرىدە ئۆزىنىڭ ئەسكى
مىجەز-خۇلقى بىلەن نام چىقارغان
ئۇبەيد دېگەن بىر ئادەم بار ئىكەن. ئۇ
ئۆزىنىڭ قىلىقسىزلىقى بىلەن باشقىلار-
نىڭ پاراۋانلىق خامىنىغا ئوت قويۇپ،
ئۆزى يامان ئەخلاق، بۇزۇقلۇقنىڭ ئېگىز-
پەس، ۋەيرانە خارابىزارلىقلىرىدا يۈرىدى-
كەن. مەردلىك ۋە ئىنسانىيەتچىلىك
دەستىخىنىنىڭ نېمەتلىرىدىن ئېغىز
تەگمەيدىكەن. بىراق بۇ نومۇسسىز، ھايا-
سىز ئۇبەيدنىڭ ئىنتايىن گۈزەل، ئەخلاق-
لىق تەربىيە كۆرگەن بىر ئايالى بار
ئىكەن. نائەھلى ئۇبەيد بۇ ئايالىنىمۇ
زادىلا ئوچۇق چىراي، خۇش خۇي، گۈزەل
سۆزلەر بىلەن مۇئامىلە قىلمايدىكەن.
ھەرقانداق شارائىتتا ئايالىغا زەردە بىلەن
جاۋاب بېرىدىكەن. بۇ بىر شائىرنىڭ:

نەسىھەت ئىڭلاماس دىل سەختى مەھجۇب،
① كۆكەرمەس تاشقا يامغۇر ياغسىمۇ كۆپ.

دېگىنىدەك، ئايالىنىڭ ئۇنىڭغا
قىلغان ھەرقانداق نەسىھەتلىرى بۇ
ئەدەبسىز ئادەمگە قىلچىمۇ تەسىر
قىلمايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇبەيد ئۆيىگە
كېلىپ، ئايالىنى سەۋەبسىز ئۇرۇشقا باش-
لاپتۇ. جاھىللىقى بارغانچە ئۆرلەپ، يو-
غان بىر تاشنى ئېلىپ، ئايالىنىڭ بېشىغا
قاتتىق ئۇرۇپتۇ. ئايال شۇ جايدىلا تىن
تارتماي ئۆلۈپتۇ.

بېيىت:

ئەل ئامان، يۈز ئەل ئامان، ناجىنسلاردىن
ئەل ئامان،
ياخشى ئۇلپەتلەر بىلەن بولغىل ھەمە
ئەي جەۋان.

ئۇبەيد ئۆزىنىڭ قىلىپ قويغان
ئىشىدىن قورقۇپ، ئەندىشىگە چۈشۈپ قاپتۇ،

① سەختى مەھجۇب — قاتتىق ئورالغان، قېتىپ كەتكەن، ئۇيۇلتاشتەك، قاتتىق.

ئۇ ئايالنىڭ جەسىتىنى خالىيراق بىر جايغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ئاندىن بېشىدىن كۆپ ئىش ئۆتكەن، تەجرىبىلىك بىر ئادەمنى تېپىپ، بۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلۇش ھەققىدە مەسلىھەت سورىماقچى ۋە شۇ مەسلىھەت بويىچە ئىش كۆرمەكچى بوپتۇ. ئۇ شۇ نىيەت بىلەن كوچىغا چىقىپ، ئەزىم خوجا دېگەن بىر سودىگەرگە يولۇقۇپ قاپتۇ، ئۇنىڭغا سالام بېرىپ ئۇنى توختىتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ پاجىئەنى قانداق قىلىپ يوشۇرۇش ۋە جازالىنىشتىن قانداق قىلىپ قۇتۇلۇش ھەققىدە مەسلىھەت سوراپتۇ. سودىگەر بىر ئاز ئويلىنىپ:

— كېلىشكەن بىر يىگىتنى ئۆيۈڭگە باشلاپ كىر، شۇ ئۆيدە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى ئايالىڭنىڭ جەسىتى بىلەن بىر يەرگە ياتقۇز. ئاندىن ئەتراپتىكى قولۇم-قوشنىلارنى چاقىرىپ: «ئىشتىن قايتىپ كەلسەم ئايالىم بىر ياش يىگىت بىلەن قۇچاقلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ۋىجدانىم ئازابلىنىپ ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈردۈم» دەپ جاكارلا. شۇنداق قىلساڭ خەلق ساڭا ئىشىنىپ قالىدۇ. شۇ چاغدا جازادىن قۇتۇلۇپ قالىسەن، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

سودىگەرنىڭ بۇ ياۋۇز مەسلىھەتى ئۇبەيدكە ياراپتۇ. ئۇ شۇ بويىچە كېلىشكەن بىر يىگىتنى تېپىپ:

— ئىنىم، سىزگە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى. مەن يالغۇز ئولتۇرۇپ زادىلا تاماق يېيەلمەيتتىم. ھازىر تاماقنى تەييارلاپ قويۇپ «كوچىدا كىم ماڭا بىرىنچى بولۇپ يولۇقسا شۇ كىشىنى ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلىمەن» دەپ كوچىغا چىقىۋىدىم، تەلىيىمگە سىز يولۇقتىڭىز، ئۆيۈمگە كىرىپ ماڭا ھەم مېھمان، ھەم ھەمراھ بولۇپ ئاندىن قايتسىڭىز؟ — دەپتۇ.

يىگىت ھەر قانچە ئۆزرىخاھلىق ئېيتسىمۇ، ئۇبەيد زادىلا ئۇنىماي، چاپلىشىپ تۇرۇۋېلىۋاپتۇ. ئاخىرى يىگىت ئىلاجىسىز ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. بەدنىيەت



ئۇبەيد، دەرھال ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ يىگىتنى ئۆلتۈرۈپتۇ. يىگىتنىڭ جەسىتىنى ئايالىنىڭ جەسىتى بىلەن بىر يەرگە ياتقۇزۇپ قويۇپ، قوشنىلىرىغا سودىگەرنىڭ دېگىنىدەك خەۋەر قىپتۇ. بۇ چاغدا سودىگەر ئەزىم خوجا ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە كېتىۋاتقانىكەن، ئۇبەيد ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ:

— مەسلىھەتىڭىز بويىچە ئىشنى پۈتتۈردۈم، — دەپ ھېلىقى يىگىتنىڭ جەسىتىنى كۆرسىتىپتۇ. ئەزىم خوجا دادپەرياد دېگىنىچە ئۆزىنى جەسەتنىڭ ئۈستىگە تاشلاپتۇ. بۇ ئەزىم خوجىنىڭ ئۆز ئوغلى ئىكەن. بەدنىيەت سودىگەر ئۆزىنى ئۇرۇپ، زارلىغىنىچە يىغلاشقا باشلاپتۇ. ئاخىرى ئەلەمگە چىدىماي بىر تاشقا ئۇرۇپ، مېڭىسى چۇۋۇلۇپ ئۆلۈپتۇ.

سودىگەر ئۆزىنىڭ شۇملۇقى بىلەن بەرگەن مەسلىھەتىنىڭ دامىغا ئۆزى چۈشۈپتۇ.

كىمكى كوچا ئۈستىگە قويسا تۇزاق،
ئۆزى سالغاي شۇ تۇزاق ئىچرە ئاياغ.

يىغىلغان كىشىلەر ئۇبەيدىنىڭ ئۆيىـگە باستۇرۇپ كىرىپتۇ. ئۆيدە ياتقان ئۈچ جەسەتنى كۆرۈپ، يىغلىغۇچىلارنىڭ ئاۋازى ئەتراپنى بىر ئاپتۇ. قاتىل ئۇبەيدىنى چەمبەرچەس باغلاپتۇ. ئەھۋالنى شەھەر هاكىمىغا مەلۇم قىپتۇ. هاكىم نەق مەيدانغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇبەيدكە تام قوشنا ئولتۇرىدىغان بىر ئايال ئۆگىلەكتىن ئۇبەيدىنىڭ قىلغان بۇ جىنايەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ گۇۋاھلىق بېرىپتۇ. هاكىم ئۇبەيدىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ، ئۇنى دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىپتۇ.

بېيت:

كىمكى بەدكارۇ بەدخەيال بولسا،
ياخشىلىقنىڭ يۈزىن قاچان كۆرگەي؟

## ياۋۇزلۇقنىڭ جازاسى

ئىسپاھانلىق بىرنەچچە دوستلار سەيلى قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلار بىر يېزىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەكبەر دېگەن بىرى ئۆزىنىڭ بۇرۇن بېشىدىن ئۆتكەن بىر ئىشنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپتۇ:

بىر قېتىم ساياھەتكە چىققان ۋاقتىمىزدا يېنىمدا ئون مىڭ تەڭگە سىڭغان پۇل قاپچۇقۇم بار ئىدى. بىز بىر قونالغۇغا كېلىپ چۈشتۇق. يېنىمدىكى پۇل قاپچۇقىنى ئېھتىيات قىلىپ، ھېچكىمگە تۇيدۇرماي يوشۇرۇن كۆمۈپ قويدۇم. مېڭىش ۋاقتىدا ئالدىراشچىلىقتا ھېلىقى كۆمۈپ قويغان تىللانى ئۇنتۇپ قېلىپ، كېتىپ قاپتىمەن. دەل مۇشۇ يېزىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ قاپچۇق ئېسىمگە چۈشتى. مەن ھېلىقى قونالغۇغا يالغۇز قايتىپ بېرىپ، ھېلىقى جاينى ئاختۇردۇم. كۆمگەن پۇلۇم شۇ بويىچە تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنى ئېلىپ قايتتىم. شۇ ئارىدا كۈن ئولتۇرۇپ، جاھاننى قاراڭغۇلۇق باسقىلى تۇردى. ئالدىمدا بىر يېزا كۆرۈندى. شۇ يەرگە قاراپ ماڭدىم. يېزىدا كىرىشىمگە بىر ئوتتۇرا ياشلىق كىشىگە يولۇقۇپ قالدىم. ئۇ كىشى مېنى تەكەللۇپ بىلەن تۆرگە تەكلىپ قىلدى. دەستىخان سېلىپ تاماق ئېلىپ كەلدى. ساھىبخان بىلەن بىرگە تاماق يېدىم. خېلى ۋاقىتقىچە مۇڭدىشىپ ئولتۇردۇق.

ئۇخلاش ۋاقتى بولغاندا ئۆي ئىگىسى ماڭا: «ئەزىز مېھمان، سىز مۇشۇ ئۆيدە ئۇخلاڭ. ئورۇن-كۆرپە ئاۋۇ تەكچىدە. ئەگەر يېنىڭىزدا ئالتۇن-كۈمۈش قاتارلىق قىممەت باھالىق ئېسىل ماللىرىڭىز بولسا، ماڭا ئامانەت قويۇپ قويۇڭ، مۇبادا ئوغرىلار سىزدە ئۇنداق نەرسە بارلىقىنى بىلىپ قالغان بولسا، بىردەمدىن كېيىنلا بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ» — دېدى.

مەن خالتىمنى ئۇنىڭغا بەردىم.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇ ئەر-خوتۇن ئىككىسى ياتقان ئۆيدىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا نېمىدۇر بىر نەرسە ھەققىدە دەتالاش

باشلاندى. مەن ئۆزۈمچە ئويلىنىپ، ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدىم. تونۇمىغان، بىلمىگەن بىر ئادەمگە شۇنچە ئالتۇننى ئۇتقۇزۇپ قويغىنىمغا پۇشايمان قىلىشقا باشلىدىم. ئاخىرى بولالماي، ئۇي ئىگىسىنى چاقىردىم.

— ھەي ئەزىز بۇرادەر، مەن ئەتىگەن مېڭىپ كېتىمەن، سىزنى ئويغىتىپ ئاۋارە قىلماي، ھېلىقى ئامانەتنى ئۆزۈمگە قايتۇرۇپ بەرسىڭىز، — دېدىم.

ئۇ ئادەم ئامانەتنى شۇ ھامان ئەكىرىپ بەردى.

مەن قاپچۇقنى تەكشۈرۈپ قارىسام، ئەينەن تۇرۇپتۇ. بېسىلغان مۆھۈرۈمۇ بۇزۇلماپتۇ. ئۇي ئىگىسىنىڭ ساپ ۋىجدانلىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدىغان كىشى ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم.

بىر ئازدىن كېيىن ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئۆزئارا جېدەل قىلىشىۋاتقانلىقىنى پەلە ئاڭلاپ قالدىم، بېرىپ ئىشىكتىن تىڭشاپ باقتىم. ئايالى ئېرىگە:

— تازىمۇ نادان، توخو يۈرەك ئادەمكەنسەن، قولۇڭغا شۇنچە بايلىق چۈشكەندە، بىكارغىلا قولدىن چىقىرىۋەتتىڭ. ئۇ بىر مۇساپىر يولۇچى تۇرسا، ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتسەڭ بۇ ئىشنى كىم بىلەتتى؟ — دېدى. ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ماڭا ۋەھىمە چۈشتى. بار-يوقۇمنى يىغىشتۇردۇم-دە، ئۆينىڭ يېنىدىكى بىر تۈپ يوغان دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدىم. شاخ-شۇمبىلار بىلەن ئۆزۈمنى دالدا قىلدىم. ئۇلارنىڭ يىگىرمە ياشلارغا كىرگەن بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ دائىم ئىچىملىكنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئاتا-ئانىسىنى بىزار قىلىدىكەن. شۇ كېچىسىمۇ ئۇ مەست

كەلگىنىچە ھېلىقى مەن ياتقان ئۆيگە كىرىپ كەتتى ۋە مەن ياتقان ئورۇنغا دۈم چۈشكىنىچە ئۇخلاپ كەتتى. پاك، ۋىجدانلىق ئەر ساھىبخانىنىڭ: ئالتۇن-كۈمۈش قاتارلىق قىممەتلىك نەرسىلىرىڭىز بولسا ماڭا ئامانەت قويۇپ قويۇڭ، ئۇنداق نەرسىلەرنىڭ سىزدە بارلىقىنى ئوغرىلار سېزىپ قالغان بولسا، ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ»، دېگەن سۆزلىرى ئاشۇ ئوغلىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئەر-خوتۇن جېدەلدىن توختىغاندىن كېيىن، ئەر ئۇخلاپ قالدى. ئايال ئورنىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، يوغان



بىر پارچە تاشنى قولىغا ئېلىپ، مەن ياتقان ئۆيگە كىردى. ئۆينىڭ قاراڭغۇ بولغاچقا ياتقان ئادەمنى مەن دەپ ئويلاپلا، مەست ياتقان ئوغلىنى قولىدىكى تاش بىلەن بىرنى ئۇرۇپلا ئۆلتۈرۈپ قويدى. ئاندىن ئۇ خاتىرجەم ھالدا مېنىڭ تىللا سالغان قاپچۇقۇمنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇنى تاپالمىغاندىن كېيىن ئېرىنى ئويغىتىپ ئۇنىڭغا:

— يولۇچىنى ئۆلتۈردۈم. تېز ئورنۇڭدىن تۇر، تاڭمۇ يېقىنلاپ قالدى. يولۇ-

چىنىڭ جەسەتىنى بىر يەرگە كۆمۈۋېتەيلى، ئاندىن ئۇنىڭ تىللا سالغان قاپچۇقىنى تاپايلى، — دېدى.

ئېرى ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. خوتۇنىغا لەنەتلەر ئوقۇپ، جەسەتنى ئالغىلى ئۆيگە كىردى، چىراغ يېقىپ، قاراپ ئۆلگۈچىنىڭ يولۇچى ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئايال داد-پەرياد سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى.

بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى كۆرگەن ئېرى خوتۇنىغا:

— ياۋۇزلۇقنىڭ جازاسى مانا مۇشۇ بولدى. بىگۇناھ بىر كىشىنى يىرىقتىش ئۈچۈن دار قۇرغانىدىڭ. ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ ئېسىلدىڭ. ئەمدى زارلىغىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى، — دېدى.

ئايال ئەلەمگە چىدىماي، ئوغلىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن تاشنى ئېلىپ، ئۆز بېشىغا ئۇرۇپ ئۆلۈۋالدى.

ئۆي ئىگىسى مېنى ئىزدەشكە كىرىشتى. مەن دەرەختىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم.

— قەدىرلىك مېھمىنىم، — دېدى ئۇ، — بۇ يۈز بەرگەن مۇدھىش ھادىسىلەر سەۋەبىدىن ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالالمىدىم، ئەپۇ قىلغايسىز. باشقا يەرگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ ياخشى قىپسىز. بولمىسا مېنىڭ ئۇ ياۋۇز ئايالىم ياكى ھاراقكەش ئوغلۇم سىزگە زىيان سالغان بولاتتى.

شۇنداق قىلىپ ئەكبەر بىلەن ھېلىقى ئىنساپلىق ئادەم ئىككىسى شۇنىڭدىن باشلاپ سەمىمىي دوست بولۇپ قېلىشتى.

بېيت:

مەردلەرنىڭ ئىشلارىن ئەندىشە قىل،
تا ئەردىكەن ياخشى ئىشنى پىشە قىل.

## قانائەتنىڭ پايدىسى

بۇرۇن كابۇل شەھىرىدە تۇرىدىغان ئىككى كىشى تۇرمۇشنى ياخشىلاشنىڭ ئىلاجىنى تاپالماي، سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋىدىن ياردەم سوراش مەقسىتىدە غەزنە شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بۇلارغا يولدا بىر ھەمراھ قوشۇلۇپتۇ. بۇ ئىنتايىن قانائەتلىك ئادەم بولۇپ، ئۆز ئەمگىكى بىلەن كۈن كەچۈرىدىكەن، تاپقىنىغا قانائەت قىلىدىكەن. ھېلىقى ئىككى ئادەم بۇ قانائەتچان ئادەمگە نېمە مەقسەت بىلەن غەزنە شەھىرىگە كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇ كىشىنىڭ نېمە مەقسەت بىلەن سەپەرگە چىققانلىقىنى سوراپتۇ. قانائەتچان كىشى ئۇلارغا:

— مەن بىر ياغاچچى، ئۆزۈمنىڭ كەسپىم بىلەن ئىشلەپ تاپقان ھالال پۇلۇمغا قانائەت قىلىمەن، ھېچكىمدىن بىر نەرسە تەمە قىلمايمەن. سۇلتاننىڭ ئىنئام-ئېھسانىغا ئېھتىياجىم يوق. پەقەت غەزنە شەھىرىنى بىر كۆرۈپ كېلىش ئارزۇسىدا سەپەرگە چىقىپ قالدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۇلار غەزنە شەھىرىگە كېلىپ بىر ۋەيرانە جايغا چۈشۈپتۇ. بىر كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپتۇ. ئەتىسى ئىككىيلەن سۇلتاننىڭ ئوردىسىغا كىرىپ، نېمە مەقسەت بىلەن كەلگەنلىكىنى ئىزھار قىلىشىپتۇ ۋە ھېلىقى قانائەتچان كىشىنىڭ

ئوردىدا كېلىشكە ئۇنىمىغانلىقىنىمۇ سۇلتانغا مەلۇم قىپتۇ. سۇلتان ئادەم ئەۋەتىپ، قانائەتچان كىشىنىمۇ چاقىرتىپ كەپتۇ. سۇلتان ئۇلاردىن نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى قايتىلاپ سوراپتۇ. بۇ ئۈچەيلەننىڭ بىرى سۇلتاندىن بىر خالتا ئالتۇن تەلەپ قىپتۇ. ئىككىنچىسى ئۆزىنىڭ تېخىچە ئۆيلەنمىگەنلىكىنى، مۇمكىن بولسا سۇلتان ئۆز ئوردىسىدىكى چۆرە قىزلاردىن بىرسىگە ئۆيلەپ قويۇشنى تەلەپ قىپتۇ. سۇلتان بۇ ئىككىيلەننىڭ تەلىپىگە قوشۇلغاندىن كېيىن، قانائەتچان كىشىدىن:

— غەزنە شەھرىگە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ نېمىشقا مېنىڭ قېشىمغا كېلىشكە ئۇنىمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

قانائەتچان كىشى:

— مەن غەزنە شەھرىگە سەيلە قىلىش ئۈچۈنلا كەلدىم. مەن ئۆز ھۈنىرىم بىلەن كۈن كەچۈرۈشنى خالايمەن، نومۇسۇمنىڭ تۆكۈلۈشىنى خالىمايمەن. سىزنىڭ بېرىدىغان ئىنئام-ئېھسانىڭىز ماڭا لازىم ئەمەس. شۇڭا ھوزۇرىڭىزغا كەلمىگەنىدىم،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. لېكىن سۇلتان مەھمۇت ئۇنىڭغا ئىنئام بەرگەن بولسىمۇ، ئۇنى ئالغىلى ئۇنىماپتۇ. ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ بىرسىگە بىر خالتا ئالتۇن بېرىپتۇ. ئىككىنچىسىگە ئوردىسىدىكى چۆرە قىزلاردىن بىرسىنى نىكاھلاپ بېرىپتۇ. ئۇلار سۇلتاننىڭ ئىجازىتى بىلەن ئۆز يۇرتلىرىغا قايتماقچى بوپتۇ، ئۇلار شەھەردىن چىقىپ، بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، ئالتۇن ئالغىنى ھېرىپ قېلىپ، خالتىنى قانائەتچان كىشىنىڭ بىر ئاز كۆتۈرۈپ مېڭىشىنى ئىلتىماس قىپتۇ...

سۇلتان مەھمۇت قانائەتچان كىشىنىڭ بېرىلگەن ئىنئامنى قوبۇل قىلمىغانلىقىغا ئاچچىقى كېلىپ، خىزمەتچىسىگە ھېلىقى ئۈچ ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قولىدا خالتىسى، يېنىدا چۆرىسى يوقىنى دەرھال ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

سۇلتان خىزمەتچى ئېلىپ كەلگەن باشنىڭ خالتىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، خىزمەتچىگە:

— خالتا ئۆلتۈرۈپسەن، دەرھال بېرىپ، خالتا ۋە چۆرە خوتۇنى يوقنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەل!— دەپ بۇيرۇپتۇ.

بۇ چاغدا چۆرە ئايالى بار كىشى ئايالىنى قانائەتچان كىشىنىڭ يېنىغا قويۇپ، ئاھارەت قىلىشقا يىراقراق يەرگە كەتكەنىكەن، خىزمەتچى كېلىپ، ئۇنى شۇ جايدىلا تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى ئېلىپ كەپتۇ. سۇلتان ھەيران بولۇپ: «خالتىسى ۋە چۆرە ئايالى بار كىشىنى ئۆلتۈرمەي تىرىك تۇتۇپ كەل!» دەپ خىزمەتچىسىگە يەنە بۇيرۇپتۇ. خىزمەتچى قوغلاپ بېرىپ، قانائەتچان كىشىنى تۇتۇپ كەپتۇ.

سۇلتان كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھەمراھلىرىڭغا نېمە بولدى؟— دەپ سوراپتۇ. قانائەتچان كىشى مۇنداق دەپتۇ:

— سىز ئۇلارغا ئالتۇن ۋە چۆرە قىزنى ئاتا قىلدىڭىز، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ جېنىنىمۇ ئۆزىڭىز ئالدىڭىز. مەن سىزدىن ھېچنېمە ئالمىغىنىم ئۈچۈن ساق قالدىم.

سۇلتان ئۇنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ:

— ھەندىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىل! — دەپ ئۇنىڭغا ئىلتىماس قىپتۇ. قانائەتچان كىشى:

— بولدۇ، ئۇنداق بولسا سىزدىن ئۈچ نەرسە سورايمەن. ئاۋال خالتىدىكى ئالتۇنلارغا يەنە بىرئاز ئالتۇن قوشۇپ، ۋاپات بولغان ئىككىيلەننىڭ ئائىلىسىگە ئەۋەتىپ ئۇلاردىن گۇناھىڭىزنى سوراڭ؛ ئىككىنچى، بۇندىن كېيىن ئىغۋاگەرلەرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ بىھۇدە ئادەم ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرمەڭ، ئۆزىڭىزگە ئادالەتلىكنى يېتەكچى قىلىڭ؛ ئۈچىنچىسى، سىزدىن ھېچنەرسە تىلىمەيمەن. ئەگەر رۇخسەت بەرسىڭىز، خوتۇن - بالامنى بۇ غەزنە شەھىرىگە ئېلىپ كېلىپ، ئۆز ھۈنەردىم بىلەن تىرىكچىلىك قىلسام، — دەپتۇ.

سۇلتان مەھمۇت ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ.

— مېنىڭ ئۈچ تەلىپىم بار. سىزمۇ قوبۇل قىلىڭ. بىرىنچىسى، مېنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىمنى كەچۈرۈڭ؛ ئىككىنچىسى، مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىم توغرىلىق ماڭا مەسلىھەت بېرىپ تۇرۇڭ؛ ئۈچىنچىسى، ھەر جۈمە ئاخشىمى مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭ، سۆھبىتىڭىزدىن بەھرىمەن بولاي.

قانائەتچان كىشىمۇ سۇلتاننىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىپتۇ.

بېيىت:

گەر قانائەتلىكنى قىلساڭ ئىختىيار،
بولمىغايسەن دۇنيادا ھېچ خارۇ زار.

## توغرا سۆزلۈك بولۇشنىڭ پايدىسى

قەدىمكى ئەرەب ئەمەلدارلىرىدىن بىرى بولغان ھەججاج بىر كىشىدىن خاپا بولۇپ، ئۇنى قاماپ قويۇپتۇ. ئۇ كىشىنىڭ تۇغقانلىرى ھەججاجنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— تۇغقىنىمىزنى ئەيىبكار ھېسابلاپ قامىغانىكەنسىز، ئۇ بىر دەلدۈش، ساراڭ قېتىش ئادەم، بۇنداق ئادەملەرنىڭ سۆزلىرى ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنىپ كەتمەيدۇ. ئىلاج بولسا تۇغقىمىزنى قويۇپ بېرىشىڭىزنى سورايمىز دېيىشىپتۇ؛

ھەججاج ئۇلارغا:

— سۆزۈڭلار توغرا بولسا، ئۇ تۇغقىنىڭلار ئۆزىنىڭ تەلۋە، ساراڭ قېتىش ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلسۇن، ئاندىن قاماقتىن بوشىتىمەن، — دەپتۇ.

مەھبۇسنىڭ تۇغقانلىرى تۈرمىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا ھەججاجنىڭ شەرتىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ ئادەم ھەججاجنىڭ شەرتىنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ:

— مېنىڭ ئەقلى - ھوشۇم جايىدا، ساق - سالامەت تۇرسام، نېمىشقا تەلۋە ساراڭلىقنى ئۈستۈمگە ئالىدىكەنمەن؟ ھەججاج مېنى نېمە قىلسا قىلسۇن. مەن ئۇنداق شەرتنى ئۈستۈمگە ئالالمايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ھەججاج ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ راست سۆزلۈكى، مۇستەھكەم ئىرادىلىكى ئۈچۈن ئۇنى قاماقتىن بوشىتىپتۇ.

## ساداقەتلىك ئايال

بەسرە شەھرىنىڭ ھاكىمى بىر كۈنى ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ، بېغىغا كىرىپتۇ. باغۋەننىڭ ئىپپەتلىك، نومۇسچان ۋە ئىنتايىن گۈزەل ئايالى بار ئىكەن. ھاكىم بۇ گۈزەل ئايالنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ. بىر ئىشنى باھانە قىلىپ، باغۋەننى ئۇزاق بىر يەرگە ئىشقا بۇيرۇپتۇ. ئاندىن ئايالغا باغنىڭ ئىشىكلىرىنى تاقاپ كېلىشنى ئېيتىپتۇ. ئايال ئىشنى ئورۇنلاپ كەلگەندىن كېيىن ھاكىم:

— ھەممە ئىشىكنى تاقىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئايال پەقەت بىر ئىشىكنى تاقاشقا ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ھاكىم ئۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن، ئايال مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئۇ ئىشىك مېنىڭ ۋىجدانىم ۋە ئېرىمگە بولغان ساداقىتىمنىڭ ئىشىكى ئىدى.

ھاكىم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆپ خىجىل بولۇپ:

— سىڭلىم، مېنى ئەپۇ قىل، — دەپتۇ ۋە قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۇ ئايالدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ.

## تۇز ھەققى

بىر ئوغرى كېچىسى لەخمە كولاپ، پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە كىرىپتۇ. ئۇ يەردىن ئالتۇن ۋە قىممەت باھا گۆھەرلەرنى ئېلىپ قايتىشىدا، خەزىنىنىڭ بىر چېتىدە ئالماستەك يالتىراپ تۇرغان بىر نەرسىگە كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ خەزىنە ئىچىدىكى كېچىنىڭ بۇ قاراڭغۇلۇقىدا ئۇنى پەرق ئېتەلمەي، بەلكىم «گەۋھەرى شەبچىراغ» دېگەن نەرسە مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ، قولىغا ئېلىپ، ئۇنى تىلى بىلەن يالاپ بېقىپتۇ. ئەسلىدە بۇ بىر پارچە ئۇيۇل تۇز ئىكەن. ئوغرى بىردىنلا ئالغان ھەممە نەرسىلىرىنى جاي-جايىغا قويۇپ قويۇپ، خەزىنىدىن ئۆزى كولىغان لەخمە ئارقىلىق قۇرۇق قول چىقىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە خەزىنىچى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ھودۇققىنىچە كىرىپ:

— بۇ كېچىسى ئوغرىلار لەخمە كولاپ، خەزىنىگە كىرىپتۇ، ئەمما ھېچنىمە ئالماي قايتىپ چىقىپ كېتىپتۇ، — دەپ مەلۇم قىپتۇ.

پادىشاھ بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ «لەخمە كولاپ خەزىنەمگە كىرىپ، شۇنچە قىممەت باھا نەرسىلەرنى ئالماي چىقىپ كەتكەن قانداق ئوغرىلاردۇر؟» دەپ ئويلاپ، يارلىق چىقىرىپتۇ:

— خەزىنەمگە لەخمە كولاپ كىرىپ ھېچنەرسە ئالماي چىقىپ كەتكەن ئوغرىلار ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى ئېيتسا، ئۇلارغا جازا بېرىلمەيدۇ.

خەزىنىگە كىرگەن ھېلىقى ئوغرى، پادىشاھنىڭ بۇ ئېلانىنى كۆرگەندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— خەزىنىڭىزگە لەخمە كولاپ ئوغرىلىققا كىرگەن كىشى مەن ئىدىم، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئوغرىدىن سوراپتۇ:

— شۇنچە جاپا چېكىپ، لەخمە كولاپ خەزىنەمگە كىرىپسەنۇ، ھېچنەرسە ئالماي چىقىپ كېتىپسەن. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

— پادىشاھنىڭ تۇزىنى تېتىپ كۆردۇم. تۇز ھەققى ئۈچۈن ھېچنەرسە ئالماي چىقىپ كەتتىم. تۇز ھەققىگە رىئايە قىلماسلىق يارىماس - پەسكەش كىشىلەرنىڭ ئىشى، — دەپ، بولغان ئەھۋالنى تەپسىلىي ئېيتىپتۇ ئوغرى.

پادىشاھ ئوغرىنىڭ بۇ خىسلىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا بىرمۇنچە ئىنئام بېرىپ قايتۇرۇۋېتىپتۇ.

## ھۇقۇشلار سۆھبىتى

قەدىمكى ئىران شاھلىرىدىن ئانۇشىرۋان ياش چاغلىرىدا ئادىل ئەمەس ئىكەن، زۇلۇمغا، جەبىر - جاپاغا يول قويىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ مەشھۇر دانىشمەن ۋەزىرى بوزۇرجمېھر بىلەن بىر چۆلدە كېتىۋېتىپ، بىر يەردە بىر توپ ھۇقۇشلارنىڭ ئىككى سەپكە بۆلۈنۈپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككىسىنىڭ بىر - بىرى بىلەن مۇنازىرىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان ئانۇشىرۋان ۋەزىرى بوزۇرجمېھردىن سوراپتۇ: — سىزنى كىشىلەر تولغان دانىشمەن، ھايۋانلارنىڭ ئەھۋالىنىمۇ بىلىدۇ، دەپ ئېيتىشىدۇ. بۇ قۇشلار نېمە ئۈچۈن ئىككى سەپكە بولۇنۇپ، ئۇلاردىن ئىككىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ نېمە ھەققىدە دە تالاش قىلىشىۋاتىدۇ؟ بوزۇرجمېھر ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

ئىككى تەرەپ بىر - بىرى بىلەن قۇدىلىشىۋاتىدۇ. ئوتتۇرىدا سۆزلىشىۋاتقانلارنىڭ بىرى يىگىتنىڭ، بىرى قىزنىڭ ئاتىلىرى. قىزنىڭ ئاتىسى: «قىزىمنىڭ توپلۇق ھەققى ئۈچۈن قىرىق پارچە يەردىكى خارابىلىقنى بېرىشىڭ كېرەك. ئەگەر سورىغىنىمنى قوبۇل قىلمىساڭ قىزىمنى بەرمەيمەن، سېنىڭ بىلەن قۇدا بولمايمەن» دەيدۇ. يىگىتنىڭ ئاتىسى: «مەن قىزىڭغا توپلۇق بېرىشتىن باش تارتمايمەن، ھازىرچە تۆت پارچە خارابىلىق تەييار. ئۇلارنى ئېلىپ تۇر، ھازىرقى پادىشاھ دائىم ئەيش — ئىشرەت بىلەن بولۇۋاتىدۇ، مەملىكەتنىڭ ھالىدىن خەۋەرسىز. كەمبەغەل بىچارىلەرنىڭ ئەھۋالىغا، دات — پەريادىغا قۇلاق سالمايدۇ. زالىملارنىڭ زۇلمىنى چەكلىمەيدۇ. ئۇ ئادىل پادىشاھ ئەمەس. ئەگەر ئۇ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە بۇ يۇرت پات ئارىدا خارابىلىققا ئايلىنىدۇ. ئۇ چاغدا ساڭا قىرىق پارچە ئەمەس، سەكسەن پارچە خارابىلىقنى بېرىمەن. شۇنىڭغىچە سەۋر قىل» دەيدۇ. قۇدىلاشقۇچىلار ئاشۇ ئىش ھەققىدە دەتالاش قىلىشىۋاتىدۇ.

بوزۇرجمېھرنىڭ سۆزى ئانۇشىرۋانغا قاتتىق تەسىر قىپتۇ. ئۇ ئوردىغا قايتىپ كېلىپ، ئادالەت ۋە ئىنساپنى شۇنداق مۇستەھكەم ئورنىتىپتۇكى، خەلق ئۇنى: «نۇشىرۋان ئادىل» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ھاكىم مۇسا




× ×

ناھايىتى قەدىمكى زاماندا كەلپىن قېلىن جاڭگاللىق ئىكەن. بۇ يەرنىڭ سۇيى مول بولۇپ، ھەرخىل ياۋايى ھايۋانلار ياشايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاتۇشلۇق يەتتە ئوۋچى كەلپىن تاغلىرىدا ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ، بىر بۇلاقنىڭ بېشىغا كېلىپ قاپتۇ ۋە سۇنى بويلاپ كەلپىن ئىچىگە كىرىپتۇ. ئۇلار بۇ يەردە سۇنىڭ موللىقىنى كۆرۈپ ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ. ئۇلار بۇ يەردە كەپە ياساپ ئولتۇرغاچقا، كەپە دېگەن سۆز تەدرىجىي ئۆزگىرىپ ھازىرقى كۈندە «كەلپىن» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

× ×

قەدىمكى زاماندا كەلپىننىڭ ھەممىلا يېرى قېلىن جاڭگاللىق ئىكەن. كەلپىن دەرياسى تولۇپ ئاقىدىكەن. يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن سۈيى كەلگەن چاغلاردا كەلپىن جاڭگاللىقىنىڭ ھەممىلا يېرىنى سۇ بېسىپ كېتىدىكەن. بۇ جايدا كىشىلەر ماكانلىشىپ قالغاندىن كېيىنمۇ يۇرتىنى بىرقانچە قېتىم كەلكۈن بېسىپ كەتكەچكە، «كەلكۈن كېلىدىغان يۇرت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «كەلكۈن يۇرت» سۆزى تەدرىجىي ئۆزگىرىپ «كەلكۈن» گە، كېيىنچە ھازىرقى «كەلپىن» گە ئۆزگىرىپ قاپتۇدەك.

× ×

بۇرۇنقى ئۇلۇغلار يۇرت ئارىلاپ يۈرۈپ كەلپىنگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇلار كۆپىنچە تاغ بويلاپ يول ماڭغانلىقى ئۈچۈن بۇ يۇرتقا «كوھلەب» (تاغ بويىدىكى يۇرت) دېگەن نامنى قويۇپتۇ. بۇ نام ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگىرىپ «كەلپىن» بولۇپ قاپتۇ.

× ×

دىنىي مەزھەبلەر ئارا زىددىيەتلەر كۈچەيگەچ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر خىل مەزھەب ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىپ كەلپىنگە كىرىۋاپتۇ. شۇ مەزھەبنىڭ ئىسمى «كەلپىن» (كلفىن) بولغاچقا بۈگۈنكى كۈندىمۇ شۇ نام داۋاملىشىپ «كەلپىن» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

× ×

ياۋچىلاردا 12 قەبىلە بولۇپ، شۇلارنىڭ ئىچىدە كالىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر قەبىلە بار ئىكەن. ئۇ قەبىلە غەربكە كۆچكەندە مۇشۇ يۇرتقا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن «كالاپان» دەپ ئاتىلىپتۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا پان — سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، قىلغۇچى، ئەتكۈچى دېگەن مەنىلەرنى بىرىدىكەن. شۇڭا «كالاپان» دېگەن قەبىلىنىڭ نامى تەدرىجىي ئۆزگىرىپ بۈگۈنكى كۈندە «كەلپىن» بولۇپ قاپتۇ.

× ×

ئوغۇزخان يۇرت ئارىلاپ يۈرگەن كۈنلەردە قىپچاقلارنىڭ بىر قەبىلىسىگە كەلپىندە تۇرۇپ قېلىڭلار، دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ. بۇ قەبىلە ئوغۇزخاندىن بىزگە بىر نام قويۇپ بەرسىلە، دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. ئوغۇزخان «كەلپەند» (نەسىھەتكە كىرىڭلار) دەپ نام قويۇپ بېرىپتۇ. شۇندىن باشلاپ «كەلپەند» دېگەن سۆز تەدرىجىي ئۆزگىرىپ ھازىرقى «كەلپىن» دېگەن سۆزگە كەپتۇ.

× ×

قەدىمكى زاماندا تومشۇق كونىشەھەر ناھايىتى ئاۋات ئىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ يۇرتتا ئىككى گۇرۇھ پەيدا بوپتۇ. يەنى، ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەر بىلەن كىرمىگەنلەر زىتلىشىپ قاپتۇ. تومشۇق كونا شەھەرگە قامىلىپ قالغانلارنىڭ سۈيى ئۈزۈپ تاشلىنىپتۇ. ئۇلار يۇرتچى مەمەت ھاجىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى كۆلنىڭ تېگىدىن تا تومشۇق كونىشەھەرگىچە يەر ئاستى يولى كولاپ بەزى جايلىرىنى خىش بىلەن قوپۇرۇپ، يەر ئاستى ئۆستىڭى ياساپ سۇنى ئىشلىتىپتۇ. كېيىن قارشى تەرەپنىڭ بېگى بۇ كۆلگە سامان تاشلىتىپ كۆرسە، سامان چۆكۈپ كېتىۋاتقۇدەك. بۇنىڭغا قاراپ بۇ كۆلنىڭ سۈيىنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئاندىن تومشۇق كونىشەھەر سېپىلىگە قامال قىلىنغانلارنى تەسلىم قىپتۇ.

× ×

بۇرۇنقى زاماندا ئارايىماقنىڭ قاششەر دېگەن يېرى چوڭ بىر شەھەر ئىكەن. ئۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىدا غىرۋايىت، ماقىرا، قارا ماستان، دېگەن مەھەللىلەر بار ئىكەن. كېيىن كەلكۈن بېسىپ كېتىپ بۇ شەھەر ۋەيران بولغانىكەن.

× ×

بىر زامانلاردا يۇرت ئىچىدە پات-پات كەلكۈن كېلىپ، كەلپىن خەلقىغە ناھايىتى چوڭ بىئاراملىق كەلتۈرۈپتۇ. سۇنىڭ يۇرتقا زىيان سېلىشىنى توسۇش ئۈچۈن باغلىق يېنىدىكى ياردىن ۋە يۇرتچى ياردىن ئىككى ئۆستەڭ چېپىپ، مازار ئېقىنىدا تۇتاشتۇرۇپتۇ. كېيىنچە بۇ ئۆستەڭلەرنى يار ئېلىپ كېتىپ ھازىرقى يار پەيدا بولۇپ قاپتىكەن.

× ×

قالمىدا بۇۋاقشاھ دەيدىغان بىر ئادەم بولغانىكەن. گەزلىك يېزىسىنىڭ ھەممە يېرى شۇ ئادەمگە تەۋە ئىكەن. ئۇ ئىككى قەۋەتلىك ئىمارەت سېلىپ يۇرت سورىغان ئىكەن. ھەرقانداق ئادەم قارا كۆرۈنگۈدەك يەردىن ئاتتىن چۈشۈپ كەلمىسە ئۇ ئادەم جازالىنىدىكەن. ئۇ ئۇسسۇلچىغا ئامراق بولۇپ، كىم ياخشى ئۇسسۇل ئويناپ بەرسە ئۇنىڭغا بىر چارەكلىك يەر سوۋغا قىلىدىكەن. بۇۋاقشاھ كېسەكنى ناھايىتى چوڭ قۇيدۇرغاچقا، گەزلىك يېزىسىدا ھېلىمۇ چوڭ كېسەكنى «بۇۋاقشاھ چالمىسى» دەيدىغان سۆز بار.

× ×

يۈز نەچچە يىل ئىلگىرى قالمىنىڭ تۇما سۈيى ناھايىتى ئاز ئىكەن. قالمىلىق ئەلى يۈز بېگى دېگەن ئادەم تۇمىنى يوغىنىتىپ، سۈيىنى كۆپەيتىۋاپتۇ. بۇ خەۋەر ئامبالغا يەتكەندە، ئامبال ئەلى يۈز بېگىنى تۇتقىلى چېرىك باشلاپ چۈشۈپتۇ. ئەلى يۈز بېگى ئىنىسىغا: «سەن ئۆلمىسەن، مەنمۇ» — دەپتۇ. ئىنىسى:

«مەن كىچىك بولغاندىن كېيىن مەن ئۆ-
لەي» — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بەگ ئۆگ-
زىگە چىقىپتۇ-دە، ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈپ،
پىچاقتىكى قاننى يالاپ، ئامبالنى قوغ-
لاپتۇ. ئامبال ئېتىغا مىنىپ قېچىپتۇ. كې-
يىن ئامبال ئەلى يۈز بېگىنى تۇيۇقسىز
تۇتۇپ، ئاقسۇغا ئەۋەتىپ ئىككى يىل
سولاپ قويۇپتىكەن.

× ×

ئاق شەھەر ناھىيىتى قەدىمىي
جايمىش. ئىلگىرى بۇ يەرگە كېلىپ ئول-
تۇرغانلار ئاق ئۆي تىكىپ ئولتۇرۇپ يەر
تېرىغان، سېپىل ياسىغان. تۇر سالغان-
كەن. ئۆيلىرى ئاق بولغاچقا ئاق شەھەر
دەپ نام بېرىپتىكەن.

× ×

قەدىمكى زاماندا سامانىيلار دۆلى-
تىدىن ئابدۇل پەتتا سامانىي دېگەن كى-
شى لەشكەر تارتىپ كەلپىنگە كىرىپتۇ.
ئۇلار كەلپىندە ئۇرۇش قىپتۇ. ئۇرۇشتا
ئابدۇل پەتتا سامانىي باشلىق بىرقانچە
لەشكەر بېشى قازا قىپتۇ. ئۇلارنى يۇر-
چى يېزىسىنىڭ هازىرقى خانىقا ئالدىدى-
كى مازارغا دەپنە قىپتۇ. ئۇنىڭ لەشكەر-
لىرى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن
كەلپىن توقايدىن لاي توشۇپ، توققۇز
لەشكەر بېشىنىڭ ھەربىي دەرىجىسى بو-
يىچە توققۇز گۈمبەز ياساپتۇ (بۇ توق-
قۇز گۈمبەز 1953-يىلى چېقىۋېتىلگەن.)
چوڭى ئابدۇل پەتتا سامايىنىيىنىڭ نامىدا
ئىكەن. ئابدۇل پەتتا سامايىنىنىڭ تۇپ-
راق بېشى ھېلىمۇ خانىقا يېنىدىكى ما-
زاردا بارمىش.

× ×

ئىلگىرى يۇرچى يېزىسىنىڭ ئاراي-
ماق، قۇمشېرىق تەرەپلىرىدىكى سايلىق
تاكى دۆڭ سايغىچە ياخشى مۇنبەت يەر-
لەر ئىكەن. بۇنىڭدىن يۈز نەچچە يىل ئىل-
گىرى ئارايماقنىڭ يېرى يۇمىلاق يار-
غىچە تۇتاش بولۇپ، ئۇ يەرلەرگە ئاشلىق
تېرىسا ياخشى ئوخشايدىكەن. كېيىن كەل-
كۈن ئېقىتىپ يۇمىلاق يار پەيدا بولۇپ،
ھازىرقى ھالەتكە كېلىپ قالغانىكەن.

(بېشى 81-بەتتە)

تۇل-ئەبرار» داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە
ئۆزىنىڭ «خەمسە» سى ۋە «چاھاردىۋان»
كىتابلىرىنى يېزىش جەريانىدا جامىنىڭ
كۆپ تەرەپلىمە دوستانە ياردىمىگە ئې-
رىشكەنلىكىنى ئالاھىدە قەيت قىلغان.
ئۇ ھۆرمەت بىلەن جامىنى «ئۇستاز» دەپ
تىلغا ئالغان.

جامى شېئىرلىرى غەربتىمۇ بەلگى-
لىك تەسىر كۆرسەتكەن. گىيوتې ھافىز
غەزەللىرى قاتارىدا جامى شېئىرلىرىدىنمۇ
ئىلھام ئالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «شەرق-
غەرب دىۋانى» دا يولدىشىنىڭ ئوبرازى
بولغان بىر پېرسوناژنىڭ نامىنى جامىنىڭ
«يۈسۈپ بىلەن زىلەيخا» داستانىدىكى
«زىلەيخا»، ئۆز نامىنى بولسا «ھاتەم»
دەپ ئاتىغان.

شىنجاڭ رايونىدىمۇ جامى ھەر
مىللەت ئەدىبلىرى ئارىسىدا چوڭقۇر تە-
سىر قالدۇرغان. ئۇنىڭ شېئىرىي ئەسەر-
لىرى خېلى بىر مەزگىلگىچە، مەدرىسلەردە
نەۋائىي، شەيخ سەئدى، ھافىز شىرازى
شېئىرلىرى قاتارىدا ئوقۇتۇلغان. كېيىنكى
دەۋر ئۇيغۇر شائىر ۋە ئەدىبلىرى جامى
ئەسەرلىرىنىڭمۇئەييەن تەسىرىگە ئۇچرىغان.

# چاغاتايچە لۇغەت

## «ت» ①

تۈزگۈچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

تەكۈ بوي — يۈگۈرۈش:

ئانىڭ نەشئەسىدە تەكۈ پوي تۇراي،
بۇ مەنزىلدىن ئۆزگە ۋەتەندە تۇراي.

— ئا. نىزارى ن. زىيائى.

تەكۈ بوي ئەتمەك — «تەكۈ پوي ئۇرماق» قا قاراڭ؛
تەكۈ پوي ئۇرماق — يۈگۈرمەك، چاپماق؛
تەكۈ تىز — يۈگۈرۈش، چېپىش،
تەكۈ دەۋ — يۈگۈرۈش؛
تەك ئۇرماق — يورغىلىماق، يۈگۈرمەك، چاپماق؛
تىز تەك — چاپار، چاپىدىغان، ئىلدام.

**تەك II** [تك] تەگ، تېگى، تۈۋى، ئاستى:

جەننەت ئەگەر بولسا تەكىدەدۇرۇر،
فەيزى فۇتۇھى جان رەگىدەدۇرۇر.

— زەلىلى.

**تەكاسۇل** [تكاسل] (ئە) سۇسلۇق، پەرۋاسىزلىق.

**تەكاۋەر** [تكاور] (پ) يورغا ئات:

شاھانە نەسىھەتىمدۇر گوياكى نۇش دارۇ،
ئاھىستە سۈر تەكاۋەر ھەر گۈشە داد خاھى.

— زەلىلى.

تەكاۋەر سۈرمەك — ئات سالماق، چاپماق، ئاتلىق كىرىپ كەلمەك.

**تەكە** [تكه] تاغ ئۆچكىسى، تېكە.

**تەكەسسۇر** [تكسر] (ئە) سۇنۇش، قايرىلىش، جاراھەتلىنىش.

---

① بېشى ئالدىنقى سانلاردا.

**تەكەففۇل** [تكفل] (پ) كېپىل بولۇش؛
تەكەففۇل قىلماق — كېپىل بولماق.

**تەكەللۇف** [تكلف] (ئە) 1) ئۆزىنى كۆلپەتكە سېلىش، ئۆزىنى قىيناش، قىيىنىلىش ۋە ئازابلىنىش ئارقىلىق بىر ئىشنى بېجىرىش؛ 2) ھەشىمەت، بېزەك.

تەكەللۇفلار ئەتتى تەۋازۇئ بىلە،
شەھەر ئىچدە تۇشتى تەۋابىئ بىلە،
— ئا. نىزارى.

**تەكەللۇفلىق** [تكلف لىق] ھەشىمەتلىك، بېزەكلىك.

**تەكەللۇم** [تكلم] (ئە) سۆزلەش، پاراڭ سېلىش، سۆزلىشىش:
ئاشىق ئولغان چاغدا ئۆرتەب ئانى بەرباد ئەيلەدىم،
قىلما ئەي ناسىھ، تەكەللۇم يوقۇ بارىمەدىن ماڭا.
— مەھزۇن خوتەنى.

تەكەللۇم ئەتمەك — «تەكەللۇم ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
تەكەللۇم ئەيلەمەك — سۆزلىمەك، سۆزلەشمەك، پاراڭلاشماق؛
تەكەللۇم سۈرمەك — «تەكەللۇم ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
تەكەللۇم كۆرگۈزمەك — «تەكەللۇم ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

**تەكبەند** [تكبند] (پ) 1) كەمەر؛ 2) تۆشلۈك، تۆش تارتقۇ.

**تەكبىر** [تكبير] (ئە) خۇدانى ئۇلۇغلاپ، «ئاللاھۇ ئەكبەر» ئىبارىسىنى ئېيتىش:
كۆرەرلەركىم مەلەك سىيرەت ئىكى پىر،
ئايۇرلار ئاھۇ نالىش بىرلە تەكبىر.
— لۇتفى.

تەكبىرى تەھرىم باغلىماق — نامازدا خۇدادىن باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن كېچىپ، قول قويۇشتۇرماق؛
تۆرت تەكبىرى نەنا — پانىيلىقنىڭ تۆت تەكبىرى؛ كۆچمە م: پانىيلىقنىڭ تۆت يولى.

**تەكزار** [تكزار] ئۆزۈملۈك، ئۈزۈمزار:
ھەر تەرەپىدە چەمەنۇ تەكزار،
لەبالەب ساي ئۆزرە ياتىپتۇر ھەزار.
— زەلىلى.

**تەكزىب** [تكذيب] (ئە) بىراۋنىڭ سۆزىنى يالغانغا چىقىرىش؛
تەكزىب قىلماق — يالغانغا چىقارماق.

**تەكسىر I** [تكسير] (ئە) 1) سۇندۇرۇش، جاراھەتلەندۈرۈش؛ 2) سۇنۇش؛ 3) قىرىش، يونۇش (تاشقا كۆپتۈرمە سۈرەت چىقىرىش ئۈچۈن).

**تەكسىر II** [تكسير] (ئە) كۆپەيتىش.

**تەكفىر** [تكفير] (ئە) كاپىر (دىنغا ئىشەنمىگۈچى) دەپ ھۆكۈم قىلىش.

**تەكفىن** [تكفين] (ئە) مېيىتنى كېپەنلەش.

**تەككە** [تكە] «تەكە» كە قاراڭ.

**تەكمىل** [تكميل] (ئە) كامالەتكە يەتكۈزۈش، كامىل قىلىش، تولدۇرۇش، مۇكەممەللەش.

**تەكيە** [تكيە] (ئە) 1〉 ياستۇق، تەكيە؛ بۆلەنچۈك، تايانچ 2〉 دەرۋىشلەرنىڭ مەخسۇس تۇرار جايى، ئومۇمىي ياتاقخانا؛
تەكيە خارا — تاش ياستۇق، قاتتىق ياستۇق.

**تەكيەدار** [تكيەدار] (ئە + پ) «تەكيە» گە قاراڭ؛

ئەي زەلىلى، تەكيەدارى كىشۋەرى تەن بولماغىل،
كىم سېنى شۈكرى ئەزەلدە خانە بەردۇش ئەيلەمىش.

— زەلىلى.

**تەكيەگاھ** [تكيەگاه] (ئە + پ) 1〉 يۆلەنچۈك، يۆلىنىدىغان جاي؛ تايانچۇق؛ 2〉

كۆچمە م: ياردەم بەرگۈچى، مۇداپىئە قىلغۇچى،
كۇسەندىلىك ئاتى بولدى ئاندىن كوچا،
كۇچادا بولۇر مەنزىلى تەكيەگاھ؛

— موللا شاكىر.

**تەگ** [تگ] «تەك I» گە قاراڭ.

**تەگەرگ I** [تگرگ] (پ) خامىيا.

**تەگەرگ II** [تگرگ] مۆلدۈر.

**تەگرە** [تكرا/تيكرا] ئەتراپ؛

ئانىڭدەك چىرقىراب سەسكەندى ناگاھ،
كىم ئول تەگرەدەگى ئول بولدى ئاگاھ.

— لۇتفى.

تەگرەسىدە — ئەتراپىدا.

**تەگرۈ** [تكرو/تيكرو] ... غىچە، ... گىچە، ... گە، قەدەر؛
ئۇشانغە تەگرۈ — شۇنىڭغىچە.

يار مەلەك خەيلىغە گەردۇن زەۋرەقى نىلىن ئىرۇر،
ھەجرىدىن تا كۆككە تەگرۈ سېلى ئەشكىم بولدى سەت.

— ئەرشى.

**تەگۈرمەك** [تكورماك/تيكورماك] تەككۈزمەك، يەتكۈزمەك؛
كۆز تەگۈرمەك — كۆز يەتكۈزمەك؛ تىكىلمەك، ئىتىبارغا ئالماق.

**تەڭ** [تنگ] (پ) 1〉 تار، قىستاڭ، زىچ، 2〉 بىر ئىشەكلىك يۈك؛ تاي، توپ، بىر باغلام (يۈك)؛ 3〉 تۆش تارتقۇ، تۆشلۈك؛
تەڭ شەرابىغ — مەي كۆتۈرەلمەسلىك، مەيدىن يىقىلىش؛

تەڭ نەفەس — زىققى نەپەس، نەپەس سىقىلىش؛
دىلتەڭ — يۈرىكى، دىلى سىقىق.

**تەڭەشتۈرمەك** [تىنكاشتورماك] تــەڭلەشتۈرمەك.

**تەڭبەستە** [تنگ بستە] (پ) 1› مـۇستەھكەم؛ 2› تۆشىبېغى، تۆش تـارتقـۇسى (تۆشلۈك، كەمەلدۈرۈك) چىلىڭ تارتىلغان (ئات ھەققىدە):

كېچە شەبدىزىن ئەيلەب تەڭبەستە،
ياڭى ئايدىن كېلىپ سەتلىغە دەستە.

— نەۋائى.

**تەڭ-تەڭ** [تنگ تنگ] (پ) تـوپ-تـوپ، تاي-تاي.

**تەڭدىل** [تنگ دل] (پ) يـۈرىكى سىقىلغان.

**تەڭرى** [تنگرى] ئاللا، خۇدا:

دېدى: ئەي شەھەنشاھ گەردۇن نەما،
سېنى تەڭرى قىلمىش مىسالى ھۇما.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەڭباي** [تنگناى] (پ) 1› تار يول؛ 2› بوغۇز، ھەلقۇم.

**تەل** [تل] (ئە) تۆپە، دۆڭ، ئېگىزلىك:

تەرزى قاراساي تۇشۇپ تەل كەبى،
ساي يۈزى چۈن قارا بەخمەل كەبى.

— زەلىلى.

**تەلاتۇم** [تلاطم] (ئە) تۈرۈلۈش، دولقۇنلارنىڭ بىر-بىرىگە تۈرۈلۈشى؛
پۈر تەلاتۇم — دولقۇنلۇق، غايەت زور دولقۇنلۇق.

**تەلاج** [تلاج] (ئە) ئالغاي.

**تەلافى** [تلافى] (ئە) قولدىن كەتكەن نەرسىنى قايتىدىن قولغا كىرگۈزۈش:

نە بولغاي، ئەي سەبا، گەر سائەتى تەركى جەفا تۇتساڭ،
تەلافى كاش يۈز نەۋمىد ئېتىپ بىر مۇددەئا تۇتساڭ.

— سەبۇرى.

تەلافى ئەيلەمەك — قولغا كىرگۈزمەك؛
تەلافى ماقىت — يوقالغان نەرسىنى قولغا كىرگۈزۈش.

**تەلالا** [تلالا] (ئە) 1› ئاھاڭ، كۈي؛ 2› ھايقىرىق.

كى تۇججار بىرلە تاماشا قىلۇر،
ئېچىپ مەينى ئانداغ تەلالا قىلۇر.

— ئا. نىزارى، ن.زىيائى.

**تەلايە** [طلايە] (ئە) قوشۇننىڭ ئىلغار قىسمى، ھىمايىچى ئەترەت.

**تەلە** [تلە] لاي: توزاق

**تەلەب** [طلب] (ئە) سوراش، ئىستەش، خاھىش، مەيل:

ئۈلگۈچە قىلسام تەلەب ۋەسلى مۇيەسسەرمۇ ئىكەن،
ئەسلىنى تاپماق بەسى مۇشكىلكى، ئاسان سۈرەتى.
— ئا. نىزارى.

تەلەب ۋادىيسى — سوپىلىق مەسلىكىدىكى يەتتە ۋادىي (يەتتە دەرىجە) نىڭ بىرىنچىسى.

تەلەبە [طلبه] 1) تەلەپ قىلغۇچىلار؛ 2) تىلەمچىلەر؛ 3) ئىلىم ئالغۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار.

تەلئەت [طلعت] (ئە) يۈز، بەت، چىراي؛ كۆرۈنۈش، ھۆسن، گۈزەللىك؛
بىرىنىڭ ئىككى قاشىدۇر ياڭى ئاي،
بىرىنىڭ تەلئەتىدۇر ئىيدى ئەكبەر.
— ئەتائى.

قەمەر تەلئەت — ئاي يۈزلۈك:
قاشىدا جەۋانى قەمەر تەلئەتى،
بەئەينى پەرىدۇر ئانىڭ خىلقەتى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ماھى تەلئەت — «قەمەر تەلئەت» كە قاراڭ:
كەلگۈسى بىر-بىر بىپسپ ئول ماھى تەلئەت ناز ئىلە،
ھەلقە-ھەلقە چىرماشىپ قەددىدگە گېيسۇيى ھەبىب.
— موللا بىلال.

تەلەتتۇف [تلطف] (ئە) سىلىق ۋە يۇمشاقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئەركىلەش:
دېدىمكى: تەلەتتۇف بىلە باقساڭىز،
مېنىڭدەك غەرىبقە نەزەر قىلساڭىز.
— ئا. نىزارى، ن. زىيارئى.

تەلەززۇز [تلذذ] (ئە) لەززەتلىنىش.

تەلەززۇزات [تلذذات] (ئە) [بىرلىكى: تەلەززۇز] لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر، «تەلەززۇز» غا قاراڭ.

تەلەف [تلف] (ئە) [كۆپلۈكى: تەلەفات] نابۇت، ھالاك، يوق بولۇش؛
تەلەف بولماق — نابۇت بولماق، يوق بولماق، يۈتمەك، تۈگىمەك.

تەلەففۇز [تلفظ] (ئە) سۆزلەش، ئېيتىش، دېيىش.

تەلەققى [تلقى] (ئە) ئېلىش، قوبۇل قىلىش؛
تەلەققى قىلماق — قوبۇل قىلماق.

تەلەممۇز [تلمذ] (ئە) شاگىرتلىق، ئوقۇغۇچىلىق.

تەلەۋۋۇن [تلون] (ئە) 1) رەڭگارەڭ بولۇش، ئۆزگىرىپ تۇرۇش؛ تاۋلىنىش؛ 2) كۆچمە م: تۇترۇقسىز (بولۇش)، ساۋاتسىز (بولۇش).

**تەلەۋۋۇنلۇغ** [تلونلوغ] 1) رەڭگارەڭ، ئۆزگىرىشچانلىق؛ 2) كۆچمە م: ساۋاتسىزلىق.

**تەلەئلۇ** [تلألو] (ئە) پارلاش، پارقىراش، يالتىراش.

**تەلبە** [تلبه] 1) تەلۋە، سەۋدا، مەجنۇن؛ 2) پەرىشان؛ گاڭگىرىغان؛ 3) ئاشىق، مەپتۇن، ئىشققا گىرىپتار بولغان.

زەلىلى تەلبەنى دىلبەر كويىدىن قوغلاغانىڭلار
چۇ بۇتخانە ئىچىدىن كافىرۇ تەرسانى يىغماغلىق.
— زەلىلى.

**تەلبەراي** [تلبەرای] ساراڭلارچە، تەلۋىگە ئوخشاش:

تەلبەراي ئەتتى كۆڭۈل يادى بىلە مەجنۇن كەبى،
ئەيلەدى ئالەم ئىلىدىن بىزنى پىنھان سۇرەتى.
— ئا. نىزارى.

**تەلبەرەتمەك** [تیلبارائماك] سارالىق قىلماق، تەلۋە قىلماق، ئازدۇرماق

**تەلبىس** [تلبيس] (ئە) ھىيلە، مىكىر، نەيرەڭ، يالغان:

بۇ يول ئازغۇرغۇچى كۆرگۈزسە تەلبىس،
ئەجەب يوقتۇركى يولدىن ئازسا ئىبلىس.
— لۇتفى.

**تەلتىف** [تلطيف] ئەركىلەش، ئەركىلىنىش، شىرىن سۆزلەرنى قىلىش؛
**تەلتىفى مەقال ئەيلەمەك** — ئەركىلەپ سۆزلىمەك.

**تەلخ** [تلخ] (پ) ئاچچىق:

ھەممىشە گۈل يۈزدىن تەدبىردىن ئەتكەي،
لەبىدىن تەلخ ئۆمردىن شىردىن ئەتكەي.
— خىرقەتى.

**تەلخ ئەيلەمەك** — ئاچچىققا ئايلاندۇرماق، يېقىمسىز قىلماق؛
**تەلخ گۇفتار** — ئاچچىق سۆزلەش؛
**تەلخ يىغلاماق** — ئەلەملىك يىغلىماق، ئاچچىق يىغلىماق.

**تەلخكام** [تلخ كام] (پ) قايغۇلۇق، قىيىلىپ ئۆتۈۋدىغان؛ ئۈمىدسىز؛
**تەلخكام ئولماق** — قايغۇرماق، قىيىنىلىپ كۈن كەچۈرمەك.

**تەلخىس** [تلخيص] (ئە) يەكۈنلەش، خۇلاسىلەش.

**تەلقىن** [تلقين] (ئە) [كۆپلۈكى: تەلقىنات] 1) تەلىم، بىرەر مەسىلىنى باشقىلارغا ئىنىق قىلىپ چۈشەندۈرۈش، ئىزاھلاش:

ھەۋەس ئەتفالىغە لەۋھى ئارەزىدىنىدۇر سەبەق،
ئايغە تەلقىن ئەيلەگەندەك شۇئلە مىھرى خاۋەرى.
— ئەرشى.

2) مېيىت دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن قەبر بېشىدا ئىمام

تەرىپىدىن «كەلىماتى مەئلۇمە» نىڭ تەكرارلىنىپ كېلىشى

تەلقىن ئەيلەمەك — ئېنىق چۈشەندۈرمەك ئۇقتۇرماق، يادىغا سالماق، ئۆندىمەك؛

تەلقىن ئوقۇماق — چۈشەندۈرمەك، ئۇقتۇرۇلماق، يادىغا سىڭدۈرمەك.

تەلىئە [طليعه] (ئە) قوشۇنىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، يول ئاچقۇچى ۋە دۈشمەننىڭ ئەھۋالى، تۇرغان جايى ھەققىدە مەلۇمات ئېلىپ كەلگۈچى ئەسكەر؛ ئىلغار.

تەمام [تمام] (ئە) 1) ئاخىرلاشماق، تۈگىمەك:

دېدى: خاجە: شاھا، يوق ئېردى بالام،
يېتىشتىكى ئۆمرۈم بولۇرغە تەمام.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ھەممە، ھەممىسى، بارلىقى، پۈتۈنلەي:

ئۇلارنىڭ سۆزىنى تەمام ئاڭلادىم،
كى جانىم قۇلاقى بىلە تىڭلادىم.

— ئا نىزارى، ن. زىيائى.

بار مەلەك نىشانىدۇرلار ئىشق زاتىدىن تەمام،
ئەرشىيا، كەل، جامى مەي ئىچكىل مۇھەببەت سارىدىن.

— ئەرشى.

تەمەتتۇئ [تمتع] (ئە) [كۆپلۈكى: تەمەتتۇئات] بەھرىلىنىش، پايدىلىنىش، مەنپەئەتلىنىش:

تەمەتتۇئ تاپماق — بەھرىلەنمەك، پايدا تاپماق، مەنپەئەت ئالماق.

تەمەسخۇر [تمسخر] (ئە) مەسخىرە قىلىش، مازاق قىلىش:

تەمەسخۇر قىلماق — مەسخىرە قىلماق، مازاق قىلماق.

تەمەسسۇك [تمسك] (ئە) 1) ھۆججەت، ئىسپات؛ 2) تۇتماق، تۇتۇۋالماق، يېپىشماق.

پۈتۈن بىرگە بەرگىل تەمەسسۇك خەتى،
داغى ئاندا تۇشبۇن ئۇلۇغلار ئاتى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەمەللۇق [تملق] (ئە) يېلىنىش، يالۋۇرۇش؛ ساختا تەزىم:

تەمەللۇقدا قىلدىم بۇلارغە سەلام،
كېلىپ ئۇردى بىر كاج مېنى چوڭ ئاغام.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەمەللۇك [تملك] (ئە) ئىگە بولغانلىق، بىرەر مۈلۈكنى ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا ئالغانلىق.

تەمەننا [تمنا] (ئە) تىلەك، ئىستەك، ئارزۇ؛

ئەتائى خۇد قىلۇر ۋەسلىڭ تەمەننا،
ۋەلى مەسكىنگە مۇلكى جەم تاپىلماس.
— ئەتائى.

تەمەننا ئەتمەك — «تەمەننا ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
تەمەننا ئەيلەمەك — ئارزۇ قىلماق؛
تەمەنناي خام — ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئۈمىد، خامتاما.

تەمەۋۋۇج [تموج] (ئە) دولقۇنلىنىش، چايقىلىش؛
تەمەۋۋۇج سالماق — دولقۇنلاندۇرماق، چايقالدۇرماق.

تەمەۋۋۇل [تمول] (ئە) مالدارلىق، بايلىق، باي بولماقلىق.

تەمەئ [طمع] (ئە) 1) خام خىيال، تەمە؛ 2) ئارزۇ، ئىستەك، ئۈمىد (غايەۋى)؛ 3) ئاچكۆزلۈك، نەپسانىيەتلىك، تويماسلىق.
ۋەسلىڭ تەمەئىدە زاردۇرمەن،
سەرگەشتەئى بىقەراردۇرمەن.
— ئەرشى.

تەم - تەم [تم تم] تامچە - تامچە،، قەترە - قەترە:
سەر - بەسەر سۇرئەتىدىن ئول ئارەز ئۈزە تەم - تەم ئەرەق،
نەۋنىھال ئۈستىدە قۇدرەت يېلىدىن شىرىن سەمەر.
— ئەرشى.

تەمسىل [تمثيل] (ئە) مىسال كەلتۈرۈش، ئوخشىتىش.

تەمكىن [تمكين] (ئە) ئېغىرلىق، چىدام؛ ئېغىر تەبىئەتلىك، سۈلەت، ھەيۋەت؛
تەمكىن تاپماق — ئېغىر بولماق، بىر جايدا قارار تاپماق؛
جەلال تەمكىن — ئەزىمەت، سۈلەتلىك، بۈيۈك، ھەيۋەتلىك؛
سىپىھر تەمكىن — ئاسماندەك ۋەزمىن، ھەيۋەتلىك.

تەملىك [تمليك] مۇلۇكلۇك، مۇلۇك قىلىپ بېرىش:
مەغفىرەت گەنجى سەڭا تەملىك ئېرۇر، مانىئ ئەمەس،
ئەيلەسەڭ ئىسيانى كۆپ ئۈممەتكە ھەر مىقدار خەرج.
— نەۋائى.

تەممە [تم] (ئە) ئاخىرلاشتى، تامام بولدى، تۈگىدى (كۆپىنچە كىتابلارنىڭ ئاخىرىغا يېزىپ قويۇلىدۇ)؛
تەممە بىل خەير — ياخشىلىق بىلەن تامام بولدى؛
تەممە چەكمەك — تامام قىلماق، تامام بولدى دەپ يازماق.

تەمھىد [تمهيد] (ئە) 1) يېيىش؛ 2) تۈزۈش، تەرتىپلەش، رەتلەش، تۈزىتىش.

تەمۇز [تموز] (پ) شەمسىيە يىلىنىڭ مارت ئېيىدىن باشلاپ بەشىنچى ئېيىغىچە بولغان ئۈچ ئاينىڭ ئوتتۇرىسى (سەرەتان، ئىيۇل).

**تەمۇغ** [تموغ] «تامۇغ» قا قاراڭ:

كى ئەھلى زوھد قىلۇر تاڭلا ئىشرەتى جەننەت،
تەمۇغ ئارا نەچە مەيخانەلەر بەنا قىلايىن.

— گۇمنام.

**تەمىيز** [تمييز] (ئە) 1) ئاجرىتىش (ياخشىنى ياماندىن)، ئايرىش، پەرق-لەندۈرۈش؛ 2) ئېنىق، روشەن، مەلۇم.

تالىبى ھەقلەرگە بۇ تەمىيزدۇرۇر،
فىل يۈكىغە مورچە كۆپ ئاجىزدۇرۇر.

— خەراباتى.

**تەمىيز قىلماق** — 1) ئاجراتماق، پەرق قىلماق؛ 2) بىلمەك، سەزمەك.

**تەن** [تن] 1) تەن، بەدەن، جىسىم، 2) ئادەم، شەخس:

بۇ سائەت ئىچىندە بەرەھمەن كېلىپ،
مۇنىڭ ئارقاسىدىن نەچە تەن كېلىپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىياتى.

**تەناب** [طناب] (ئە) ئارغامچا؛ تاناب؛ يىپ؛ چۇلۋۇر.

ھەلقە - ھەلقە زۇلفۇڭىز ھەريان پەرىشاندۇر نېتەي،
كىم تەنابى سەيد ئول گىيسۇ ئىكەننى بىلمەدىم.

— گۇمنام.

**تەناسۇب** [تناسب] (ئە) بىر - بىرىگە ماس ۋە ئۇيغۇن بولۇش، كېلىشمەكلىك؛ نىسبەت پەيدا قىلىش.

**تەناقۇز** [تناقض] (ئە) بىر سۆزنىڭ ئىككىنچى سۆزگە قارشى قويۇلۇشى، ئىككى سۆزنىڭ بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى كېلىشى، زىتلىق، ئانتونىملىق.

**تەنان** [تنان] 1) تەنلەر، بەدەنلەر، گەۋدىلەر، جىسىملار؛ 2) ئادەملەر، شەخسلەر، كىشىلەر توپى:

دېدى ئاتلانىپ چىقتى نەچچە تەنان،
باللار بىللە بولدى تافقا رەۋان.

— موللا بىلال.

**تەناۋۇل** [تناول] (ئە) 1) يېمەك، ئىچمەك، ئىستېمال قىلماق؛

كېلۇر ئالدىڭىزغە كى ئاندىن تەئام،
تەناۋۇل قىلۇرسەن ئىشىك تۇرفە خام.

— ئا. نىزارى، ن. زىياتى.

2) ئېرىشمەك.

**تەنەززۇل** [تنزل] (ئە) 1) تۆۋەنلەش، پەسكە چۈشۈش؛ 2) تۆزىنى تۆۋەن

تۇتۇش، كىبىرسىزلىك، كەمتەرلىك:
چۈ مەسئۇد بولماس ئىدى تەندۇرۇست،
تەنەززۇللۇق ئولدى بولۇپ ھالى سۇست.
— ن. زىيائى.

**تەنەففۇر** [تنفر] (ئە) يىرگىنىش، نەپرەتلىنىش.

**تەنەققۇل** [تنقل] (ئە) [كۆپلۈكى: تەنەققۇلات] ئىچىملىك بىلەن بىللە قەنت ـ گېزەك، يەل ـ يېمىش يېمەك؛ زاكوسكا.

**تەنەند** [تنند] (پ) ھۆرۈن، ئىش خوشياقماس.

**تەنەۋۋۇئ** [تنوع] (ئە) تۈرلىنىش، خىلمۇخىل بولۇش، تۈرگە ئايرىلىش.

**تەنەئئۇم** [تنعم] (ئە) نازۇ ـ نېمەتلەر ئىچىدە ياشاش، راھەتتە ياشاش:
ئاۋ ئاۋلاپ، قۇش سالىپ چىرغاپ ھەممىشە،
كېچە ـ كۈندۈز تەنەئئۇم قىلدى پىشە.
— لۇتفى.

**تەنەئئۇمات** [تنعمات] (ئە) [بىرلىكى: تەنەئئۇم] «تەنەئئۇم» غا قاراڭ.

**تەنبەل** [تنبل] (پ) 1) ھۆرۈن، ئىش خوشياقماس؛ 2) كۆچمە م: سېمىز.

**تەنبۇرە** [طنبوره] (ئە) تەنبۇرنىڭ كىچىك بىر تۈرى.

**تەنبۇل** [تنبول] تائامغا سېلىنىدىغان بىر خىل خۇش بۇي ياپراق (ھىندىستاندا ئۆسىدۇ).

**تەنبىھ** [تنبيه] (ئە) ئەيىبلەش، كايىش، تاپا ـ تەنە قىلىش، ئاگاھلاندۇرۇش؛ جازالاش.
بەشىنچى مەنىسىدۇر، ئاڭلا، تەنبىھ،
بارابەر قايدا بولسۇن باغ ئىلە تىھ.
— خىرقەتى.

**تەنپۇش** [تن پوش] (پ) كىيىم، يېپىنچا.

**تەندۇرۇست** [تن درست] (پ) ساغلام، سالامەت؛
**تەندۇرۇست ئولماق** — ساقايماق، تۈزەلمەك.

**تەنزىھ** [تنزيه] يامانلىق ۋە يارىماسلىقلاردىن پاك قىلىش ۋە تازىلاش:
ئىككىنچى مەنىسى تەنزىھدۇر بىل،
كۆڭۈلدىن خار خەشەكنى سەن ئېرىتقىل.
— خىرقەتى.

**تەنسىف** [تنصيف] (ئە) 1) بىرەر نەرسىنى تەڭ ئىككىگە بۆلۈش؛ 2) ھېساب ئىلمىدا بەلگىلىك سانلىق يىرىمىنى بەلگىلەش؛
**تەنسىف قىلماق** — ئىككىگە بۆلمەك، يىرىمىنى ئاجراتماق.

**تەنقال** [تنقال] بەلگىلەنگەن جايغا يىغىلىش تىوغرىسىدا ئەسكەرگە خەۋەر بېرىش ياكى بۇيرۇق قىلىش.

**تەنقىر** [تنفر] (ئە) ئۆيۈش، كولاش؛
تەنقىر ئەيلەمەك ــ كولىماق.

**تەنقىس** [تنقيص] (ئە) كېمەيتىش، ئازايتىش، كەم كۆرسىتىش؛ يېتىشمەسلىك، سىقىلىش؛
تەنقىس بەرمەك ــ سىقىماق، كېمەيتمەك؛
تەنقىس تاپماق ــ تۈگەللەنمەك، تۈگىمەك؛ تۈگەپ قالماق.

**تەنكىر** [تنكير] (ئە) 1) ئېنىقسىز هالغا كەلتۈرۈش؛ 2) ئەرەبچىدە بىرەر ئىسىمنى «نەكرە» يەنى ئېنىقسىز هالغا كەلتۈرۈش (ئىسىم ياكى سۈپەتنىڭ ئالدىغا «ئەل/ال» نى قوشماسلىق).

**تەنگە** [تنكه] تەڭگە، پۇل؛
تەنگەئى بەيئانە ــ زاكالەت، سودا ئۈستىدە ئالدىن بېرىلگەن پۇل.

**تەنگۇداز** [تن گداز] (پ) بەدەننى ئېرىتكۈچى، تەننى قىزدىتقۇچى.

**تەنناز** [طناز] (ئە) نازلىق، كېلىشكەن، گۈزەل، نازىنىن؛
كىمسە هەرگىز كۆرمەگەي بۇ تەرز ئىلە بىر نازلىق،
نازى شىرىن پەردەسىدە قىلغاي ئول تەنناز لىق.
ــ ئەرشى.

**تەنها** [تنها] [بىرلىكى: تەن] 1) يالغۇز، تەنها، يەككە، يېگانە، بىردىنبىر؛ 2) پەقەت، پەقەتلا؛ 3) كىشىلەر توپى.
بادە ئىچتىم زەۋقىدە مەي ئەكسىنى كۆردۈم،
هۆسن باغىدا تەنها ئولتۇرۇر خىرامان قىز.
ــ نەۋبەتى.

**تەنۇرە** [تنوره] (پ) پەرتۇق (تۆمۈرچىلەر كىيىدىغان)؛
چەرمىن تەنۇرە ــ تېرىدىن ياسالغان پەرتۇق؛
تېمۈرچىدىن تىلەب دەم بىرلە كۆرە،
بېلىگە باغلەبان چەرمىن تەنۇرە.
ــ نەۋائى.

**تەنۇمەند** [تنومند] (پ) كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك؛ ساغلام؛ سېمىز، گەۋدىلىك؛
نا تەنۇمەند ــ كۈچسىز، ساقسىز، هالسىز.

**تەنۇر** [تنوير] (ئە) نۇرلانماق، يورۇماق، نۇر چاچماق؛
كۆزۈم تۈشتى ناگاه بۇ تەسۋىرغە،
كى تەسۋىر ئەمەس، بەلكى تەنۇىرغە.
ــ ئا. نىزارى.

**تەنۋىن** [تنوين] (ئە) «ن» لەشتۈرۈش (ئايرىم ئەرەبچە ئىسىملارنىڭ ئاخىرىنى «ن» بىلەن ئېيتىش).

**تەھ** [ته] (پ) تەگ، ئاست، ئەڭ ئاستى، قەۋەت؛

بار ئېردىكى دەريا سۈيى ئانچە ئەۋج،
مېنى تەھكە تاشلاپ ئۆرار ئېردى مەۋج.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەھادى** [تهادی] (ئە) ئۆزئارا سوۋغا ئەۋەتمەك، ئۆزئارا سوۋغا تەقدىم قىلماق.

**تەھارەت** [طهارت] (ئە) 1 › پاكلىق، پاك بولماقلىق، يۇيۇنۇپ تازىلىنىش؛ 2 › ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يۈت، قول، يۈز قاتارلىق ئەزالارنى يۇيۇش.

**تەھاشى** [تحاشی] (ئە) بىرەر نەرسىدىن قورقۇپ چەتلىشىش، چېكىنىش؛ تارتىنىش.

**تەھالۇك** [تهالک] (ئە) 1 › تەشنا بولماق، ئىنتىزار بولماق، ئارزۇ قىلماق؛ بېرىلمەك، ئېزدىمەك؛ 2 › تىرىشماق؛ 3 › جان تىكمەك، جېنىنى ﭬ بارىچە.

**تەھەتتۈك** [تهتک] (ئە) پەردە يىرتىلىش، شەرمەندە بولۇش، رەسۋالىق؛
تەھەتتۈك بولماق — رەسۋا بولماق، شەرمەندە بولماق.

**تەھەررۈك** [تحرک] (ئە) قىمىرلاش، ھەرىكەتلىنىش:

يىگىرمە كۈن ئېچرە بۇ ئەتۋاردا،
تەھەررۈك بىلە يۈردى ئەبھاردا.

— ئا. نىزارى.

تەھەررۈك ئەھلى — ھەرىكەت قىلىپ تۇرغۇچى كىشىلەر؛
تەھەررۈك ئەيلەمەك — قىمىرلىماق، ھەرىكەت قىلماق؛
تەھەررۈك تاپماق — ھەرىكەتلەنمەك.

**تەھەررۈكسىز** [تحرک سز] ھەرىكەتسىز، قىمىرلىمايدىغان.

**تەھەرمۈز** [تحرز] (ئە) ھارامزادىلىك، ئالدامچىلىق، ھىيلىگەرلىك؛ شەخسىيەتچىلىك.

**تەھەسسۈر** [تحسر] (ئە) ھەسرەت چېكىش، ئەپسۇسلىنىش.

**تەھەككۈم** [تحکم] (ئە) 1 › ھۆكۈم يۈرگۈزۈش، زورلۇق بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىش:

ئەل بەختى ئاقلىغى نېتەيىن يەتتى ۋەسلىگە،
بەختىم قارالىغى ماڭا قاتىش تەھەككۈمۈڭ.

— گۇمنام.

2 › غالىب كېلىش؛ 3 › بىرەر نەرسىنىڭ ھۆكۈمىنى خالار-خالىماي قوبۇل قىلىش.

**تەھەممەتەن** [تهمتن] (پ) 1 › باھادىر، پالۋان؛ 2 › رۇستەمنىڭ لەقىمى:

شۇجائەت بابىدا بولساڭ تەھەممەتەن،

بولۇبان زىر دەستىك دىۋە ئەسۋەد.
— ئەرشى.

**تەھەممۇل** [تحمل] (ئە) تاقەت، سەۋر، چىدام، تەمكىنلىك، ۋەزمىنلىك:

تىلەر بولساڭ كۆڭۈل مەقسۇدىنى كۇل،
تەھەممۇل قىل، تەھەممۇل قىل، تەھەممۇل.
— لۇتفى.

**تەھەممۇل ئەيلەمەك** — چىدىماق، تەمكىن بولماق، ئېغىرلىق قىلماق، سەۋر قىلىپ تۇرماق؛
**تەھەممۇل پىشە قىلماق** — تەمكىنلىكنى كەسىپ قىلماق، ئېغىرلىقنى ئادەت قىلماق:

يانا ئەل تىلىدىن ئەندىشە قىلدى،
زەرۇرەتدىن تەھەممۇل پىشە قىلدى.
— لۇتفى.

**تەھەممۇل كۆرگۈزمەك** — «تەھەممۇل ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

**تەھەممۇللىق** [تحمل لق] چىداملىق، سەۋرلىك، ئېغىرلىق، تەمكىنلىك.

**تەھەۋۋۇر** [تهور] (ئە) غەزەپ ۋە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىش، مەسىلىگە چۈشەنمەي تۇرۇپ، بىردەملىككە قىزىشىپ، غايەت ئاچچىقلىنىش، غەزەپلىنىش، ھولۇقۇش:

ئۆتۈپ نەچچە مۇددەت تەھەييۇر بىلە،
تەھەييۇر دىمەنكىم تەھەۋۋۇر بىلە.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەھەييۇر** [تحير] (ئە) ھەيران بولۇش؛ ھەيرانلىق:

قولىن تىشلەدى قىز تەھەييۇر قىلىپ،
ئوقۇغان نەمازنى تەمەسخۇر قىلىپ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەھەييۇرات** [تحيرات] (ئە) [بىرلىكى: تەھەييۇر] «تەھەييۇر» غا قاراڭ.

**تەھبەتەھ** [ته بته] (پ) قاتمۇقات:

غۇنچە يەڭلىغ يۇرەكىمنى تەھبەتەھ قان ئەيلەبان،
مەن يەتىمغە رەھم قىلماي زۇلم بىداد ئەتتىڭىز.
— نەۋبەتى.

**تەھت** [تحت] (ئە) ئاست، تەگ:

ھىچ ئۆزۈيىم خالى ئېرمەس غۇنچە لەئلىك فىكرىدىن،
سۇ شەجەر تەھتىگە يەتسە سەيرى بولغاي شاخۇ رەگ.
— گۇمنام.

تەھتى فەرمانىدە ــ ھۆكۈم ئاستىدا، ئىختىيارىدا، قارمىقىدا؛ تەھتى فەرمانىدە ئالەم كىشۆەرى.
ــ نەۋائى.

تەھتەس - سەرا [تحت الثرى] (ئە) يەر ئاستى:
نەماز ۋاقتىدىن تا بولۇپ چاشتگاھ،
بۆ مەنچىلىك سەپەر قىلدى تەھتەس - سەرا.
ــ موللا شاكىر.

تەھتۇش - شەرىن [تحت الشرىن] (ئە) دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستى:
سىنىڭ بىرلە تامۇغ خۇلد بەرىندۇر،
بىھىشتىم سەنسىزىن تەھتۇش - شەرىندۇر.
ــ لۇتفى.

تەھدىد [تهديد] (ئە) قورقىتىش، دوق قىلىش، تەھدىت؛
تەھدىد ئەتمەك ــ قورقۇتماق، تەھدىت سالماق.

تەھرىر [تحرير] (ئە) يېزىش، ئەسەر يېزىش:
يىراقرادىن تۆرۈپ نەۋرۆزى نەۋشاد،
قىلۇر ھەر نەقشنىڭ تەھرىرىن ئىرشاد.
ــ لۇتفى.
تەھرىر ئەتمەك ــ «تەھرىر ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
تەھرىر ئەيلەمەك ــ يازماق، ئەسەر يازماق.

تەھرىس [تحريص] (ئە) ھېرىسمەن قىلىش، ھېرىسىنى ئويغىتىش، تاما قوزغىتىش؛
تەھرىس ئەيلەمەك ــ ھېرىسمەن قىلماق.

تەھرىك [تحريك] (ئە) ھەرىكەت، ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش، قىمىرلىتىش، قوزغىتىش.

تەھرىكە [تحريك] (ئە) «تەھرىك» كە قاراڭ:
قالىپ تەھرىكەدىن ياتىپ مۆردەدەك،
كۆزدىن ھەر بىرىگە چاتىپ مۆردەدەك.
ــ ئا. نىزارى.
قولى بىرلە سالنى قىلىپ تەھرىكە،
يۈرۈر ئىردى، تۆزدى شامال مەئرىكە.
ــ ئا. نىزارى.

تەھرىم [تحريم] (ئە) مەنئى قىلىش، ھارام قىلىش، قايتۇرۇش، يالدۇرۇش:
سەبا... بۇلبۇلنىڭ كۆڭلىنى گۇلى قەھقەھەدىن تەھرىم قىلىپ، قىزىل گۇل قاشىغە تەكلىف قىلغانى.
ــ خىرقەتى.

**تەھزىپ** [تهذيب] (ئە) تازىلاش، پاكلاش؛ تازىلىق، پاكلىق.

**تەھزىر** [تحذير] (ئە) 1) ھەزەر قىلدۇرۇش، قاچۇرۇش؛ چەتلەشتۈرۈش؛ 2) قورقىتىش.

**تەھزىل** [تهزيل] (ئە) ئاجىز، زەئىپ؛ ئۆۋۆەتسىز.

**تەھسىل** [تحصيل] (ئە) ئوقۇش، بىلىم ئېلىش، بىلىم ھاسىل قىلىش، ئۆگىنىش؛
**تەھسىل** ئەتمەك — «تەھسىل ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
**تەھسىل** ئەيلەمەك — ئۆگەنمەك، ئوقۇماق.

**تەھسىن** [تحسين] (ئە) ئاپىرىن ئوقۇش، تەقدىرلەش، ماقۇللاش، ماختاش:

سەبا ئايدى گۈل بولماس مۇنچە ياخشى،
ئەجەب تەھسىن بۇ گۈلنىڭ تۇرفە نەقشى.
— خىرقەتى.

**تەھسىن** ئەتمەك — «تەھسىن ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
**تەھسىن** ئەيلەمەك — ماختىماق، ماقۇللىماق.

**تەھقىق** [تحقيق] (ئە) 1) بىرەر نەرسىنىڭ ھەقىقىتىنى ئىزدەش، تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش، سۈرۈشتۈرۈش، ھەقىقەتلەش؛ ھەقىقەتەن:

تەھقىقى جەھەننەم بولۇر مەنزىلى،
ئەزابلارنى كۆرگەي بۇ يولنىڭ ئېلى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ھەقىقەتلىك، راستلىق:

ئاغزى تەھقىقدە كۆپىدىن بار ئىدى كۆڭلۈمدە شەك،
ناگەھان شەكدىن چىقاردى لۇتق بىرلە خەندەسى.
— ئەرشى.

**تەھقىق** ئەتمەك — «تەھقىق ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
**تەھقىق** ئەيلەمەك — تەكشۈرمەك؛
**تەھقىق** قىلماق — «تەھقىق ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
ئەھلى **تەھقىق** — ھەقىقەت ئەھلى؛ راستچىللار، راست سۆزلىگۈچىلەر:

يەنە ئول خاتەمى تەينىڭكى دەۋزەخ ئىچرە كۆيمەسلىك،
دېمىشلەر ئەھلى تەھقىقلەر سەخاۋاتى ئېرۇر بائىس.
— موللا بىلال.

**تەھلىل** [تحليل] (ئە) 1) ئانالىز؛ 2) ئېرىتىۋېتىش؛ 3) مۇرەككەپ بىر نەرسىنى بۆلەكلەرگە ئاجرىتىپ تەكشۈرۈش؛ 4) تەڭرىنىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلىش.

**تەھنۇقرە** [تەنقره] (پ) تېگى كۆمۈش، يۈزى ئالتۇن.

**تەھنىيەت** [تهنيت] (ئە) قۇتلاش، تەبرىكلەش، مۇبارەكلەش:

سەرىر ئۆزرە چىقتىم تۇزۇپ سەلتەنەت،

خەلايىق كېلىپ ئەيلەدى تەھنىيەت.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەھۇر** [طهور] (ئە) ناھايىتى تازا، ئىنتايىن پاك:

ئول غار ئىچرە چىلتەندۇر، ئىچكەنلەرى تەھۇردۇر،
كاسەلەرى دۇر دۇرۇر، شەراب ئىچەر ئىردىيا.

— م. نىيازى.

**تەھۇرا** [طهرا] (ئە) «تەھۇر» غا قاراڭ:

تەھۇرا بادەسى — پاكىز شاراب؛ ئۈتكۈر شاراب؛
تەھۇرا شەربەتى — ئەڭ شېرىن شەربەت.

**تەھۋىل** [تحويل] (ئە) 1) بىر نەرسىنى ئۆز ھالىتىدىن باشقا بىر ھالەتكە كەلتۈرۈش، ئايلاندۇرۇش، ئۆزگەرتىش؛ 2) قەدىمكى ئاسترونومىيىدە قۇياشنىڭ بىر بۇرجىدىن باشقا بىر بۇرجىغا ئۆتۈشى.

**تەھۋىلدار** [تحويل دار] (ئە + پ) خەزىنىچى.

**تەھىييات** [تحيات] (ئە) [بىرلىكى: تەھىييە] «تەھىييە» گە قاراڭ:

كى بىر نامەئى يازدى شاھى بۇخار،
كى بىزدىن تەھىييات ھەزاران - ھەزار.

— موللا شاكىر.

**تەھىييە I** [تحيه] (ئە) 1) سالام، دۇئا، ماختاش؛ 2) ئىمرىكلىك (ھايات) بېرىش.

**تەھىييە II** [تهيه] (ئە) ھازىرلاش، تەييارلاش.

**تەۋابىئ** [طوابع] (ئە) [بىرلىكى: تابىئ] ئەگەشكۈچىلەر.

**تەۋاتۇر** [تواتر] (ئە) ئېغىزدىن ئېغىزغا يېيىلىش، تارقىلىش؛ ئاشكارىلىنىش (خەۋەرگە ئائىت).

**تەۋاجىر** [تواجر] (ئە) «تاجىر» غا قاراڭ:

چۇ دەريا سارىغە گۆزەر ئەيلەدىم،
تەۋاجىرنى كۆردۇم نەزەر ئەيلەدىم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەۋاچى** [تەواچى] جارچى، ئېلانچى؛ مۇخبىر.

**تەۋارىخ** [تواريخ] [بىرلىكى: تارىخ] تارىخلار.

**تەۋارۇد** [توارد] (ئە) كەينى - كەينىدىن، ئارقا - ئارقىدىن، ئۈستى - ئۈستىلەپ؛ ئىككى ئىش تەڭ كەلمەك.

**تەۋارى** [توارى] (ئە) يوشۇرۇنماق، مۆكمەك، مۆكۈنمەك.

**تەۋازۇئ** [تواضع] (ئە) 1) ئۆزىنى ئەدەبلىك تۇتۇش، كەمتەرلىك؛ 2) ھۆرمەت، ئىززەت، ئېھتىرام:

ئانىڭ بىرلە ھەمراھ نەچە ئادەمى،

تەۋازۇئدا تۇردى نەچە خادەمى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەۋازۇ ئەيلەمەك — ئۆزىنى ئەدەبلىك تۇتماق، تۆۋەن تۇتماق، ھۆرمەت قىلماق؛

3) كۆچمە م: ئىتائەتمەنلىك، بويسۇنۇش.

**تەۋاف** [طواف] (ئە) زىيارەت؛

تەۋاف قىلماق — مۇقەددەس ھېسابلانغان كىشى، نەرسە، جايلارنى زىيارەت قىلماق.

**تەۋافۇر** [توافر] (ئە) يېتەرلىك، تولۇق، كۆپ، مول؛ باياشات، مولچىلىق، مەمۇرچىلىك.

**تەۋان I** [توان] (پ) قۇۋۋەت، كۈچ، قۇدرەت؛ تاقەت، چىدام.

ناتەۋانا — كۈچسىز، قۇۋۋەتسىز، قۇدرەتسىز.

ناتەۋان جانىمغە جانا ئۇلفەتىڭ دەرمان ئىدى،

ماڭا ئەمدى فۇرقەتىڭدىن نې تەۋان قالدى نې تاب.

— ئەرشى.

ناتەۋان — كۈچسىز، بوش.

**تەۋان I** [توان] «تەبان» غا قاراڭ.

**تەۋانا** [توانا] (پ) كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك، قۇدرەتلىك، ساغلام؛

بىرى ئايتۇركى: ئەي ھەيىۋ تەۋانا،

ئېرۇرسەن بارچە ئەھۋالىمغە دانا.

— لۇتفى.

**تەۋانا پەيكەر** [توانا پيكر] (پ) تېنى قۇۋۋەتلىك.

**تەۋانالىغ** [توانالیغ] «تەۋانا» غا قاراڭ.

**تەۋانگەر** [توانگر] (پ) 1) كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك، قۇدرەتلىك؛ 2) باي؛ دۆلەتمەن، پۇلدار.

بار ئېردىكى ئاندا ئەجەم خەيلىدىن،

غەنىيۇ تەۋانگەر كەرەم خەيلىدىن.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەۋۋاب** [تواب] (ئە) 1) قوبۇل قىلغۇچى، ئەپۇ قىلغۇچى؛ 2) ئاللا، تەڭرى.

**تەۋايىق** [طوايف] (ئە) [بىرلىكى: تايىفە] گۇرۇھلار، قەبىلىلەر، تائىپەلەر.

**تەۋەججۇھ** [توجه] (ئە) 1) يۈزلىنىش، يۈزىنى بۇراش، ئىخلاس؛ ھۆرمەت، ئېھتىرام؛

بەسىر پادىشاھى مىرزەبان پەرزەندى يوق جەھەتىدىن ئۆزلەت ئىختىيار ئەيلەپ، جەناب ھەزرەتى ئىززەتكە تەۋەججۇھ بىرلە يۈز كەلتۈرگەنى، ...

— ئا. نىزارى.

2 ﴾ دىققەت ـ ئېتىبار؛ 3 ﴾ تەگرىگە يالۋۇرۇش، ئىلتىجا قىلىش؛
تەۋەججۇھ ئەتمەك ـــ يۈزلەنمەك، يالۋۇرماق؛
تەۋەججۇھ كۆرسەتمەك ـــ ئىلتىپات قىلماق.

**تەۋەسسۇل** [توسل] (ئە) ۋاسىتە قىلىش، تايىنىش؛ باھانە، سەۋەب.

**تەۋەسسۇئ** [توسع] (ئە) كېڭىيىش، كېڭەيتىش، ئاشۇرۇش.

**تەۋەققۇف** [توقف] (ئە) توختاش، جىم تۇرۇش؛ ئىككىلىنىش:

دېدى: سىزنى چىرلار ئەمىرى زەمان،
تەۋەققۇفنى تاشلاپ بولۇڭلار رەۋان.

ـــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەۋەققۇف ئەيلەمەك ـــ توختىماق، جىم تۇرماق.

**تەۋەققۇئ** [توقع] (ئە) ئۈمىد بىلەن قاراش؛ ئىنتىزار بولۇش:

تەۋەققۇئ ئولدۇر ئەسھابى ھۇنەردىن،
كى چۇن فەيز ئالسالار بۇ مۇختەمەردىن.

ـــ لۇتفى.

تەۋەققۇئ ئەتمەك ـ «تەۋەققۇئ ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
تەۋەققۇئ ئەيلەمەك ـ ئۈمىد بىلەن قارىماق، كۈتمەك، كۆز تۇتماق.

**تەۋەققى** [توقى] (ئە) چېكىنمەك.

**تەۋەككەل** [توكل] (ئە) 1 ﴾ پۈتۈن ئۈمىدىنى تەگرىگە باغلاش، تەگرىنىڭ مەرھەمىتىگە ئىشىنىش؛ 2 ﴾ تەۋەككۈل قىلىش، كۆپ ئىككىلەنمەي قىلىنغان ھەرىكەت.

**تەۋەللا I** [تولا] (ئە) 1 ﴾ يېلىنىپ سوراش؛ يالۋۇرۇش، ئىلتىجا قىلىش؛ ئۈمىد، ئۈمىدلىنىش؛ 2 ﴾ دوست تۇتۇش.

شەھەرگە ياقىن بىر مەكان راستلادى،
تەۋەللا قىلىپ ئۆي سارى باشلادى.

ـــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەۋەللا قىلماق ـــ 1 ﴾ يېلىنماق، يالۋۇرماق؛ ئۈمىد قىلماق؛ 2 ﴾ دوست تۇتماق.

**تەۋەللا II** [تولى] (ئە) «تەۋەللا I » گە قاراڭ.

**تەۋەللۇد** [تولد] (ئە) تۇغۇلۇش، پەيدا بولۇش:

...مۇھەببەتتىن نە ئىشلار تەۋەللۇد قىلۇر...ئول سىرنى ئەيان
ۋە ئول سۆزنى بەيان قىلماق.

ـــ خىرقەتى.

تەۋەللۇد تاپماق ـ تۇغۇلماق.

**تەۋئەمان** [توامان] (ئە) قوشكىزەك، ئىككىزەك:

مېنى ئەل دائىما فەرھاد بىرلە تەۋئەمان كۆرگەچ،

فەلەك بىدادىدىن ناكام كەتكەن بىنەۋا دەرلەر.
— ئەرشى.

**تەۋەھھۇم** [توهم] (ئە) ۋەھىمىگە چۈشۈش، قورقۇش:
كى سابىت تەۋەھھۇم بىلە قىلدى زار،
بولۇپ تەختى پارە ئۆزە بەر قەرار.
— ئا. نىزارى.

تەۋەھھۇم ئەيلەمەك — قورقماق، ۋەھىمىگە چۈشمەك.

**تەۋبە** [توبه] 1) يامان قىلمىشقا پۇشايمان قىلىپ، ئۇنى تەكرارلىماسلىق ئۈچۈن قىلىنغان قارار، بېرىلگەن ۋەدە:
كۇفر زۇلفىدىن يانارغە تەۋبە قەسدىن ئەيلەسەڭ،
كىم بۇ يەڭلىغ تەۋبەلەردىن قىلمە ئىستىغفار بەس.
— ئەرشى.

2) ئەجەبلىنىش، ھەيران قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ:
تەۋبە شىكەن — تۆۋبىسىنى بۇزغۇچى، ۋەدىسىدىن يانغۇچى؛
تەۋبە نەسۇھ — سەمىمى ۋە ھەقىقى تۆۋە.

**تەۋدىئ** [توديع] (ئە) خوشلىشىش، خەيرلىشىش، ۋىدالىشىش؛
تەۋدىئ قىلماق — خەيرلەشمەك، خوشلاشماق.

**تەۋر** [طور] (ئە) 1) يۇسۇن، رەۋىش، ئۇسۇل، تەرز؛ ئادەت، قىلىق، تەرتىپ.
كى بۇ ھەركۇندەكى ئەشئار ئەمەستۇر،
ئانىڭ تەۋرى بىلە گۇفتار ئەمەستۇر.
— لۇتفى.

تەۋر ئەتمەك — بىرەر نەرسىگە ئۆگەنمەك، ئادەت قىلماق؛
تەۋر ۋەزئ — رەۋىش ۋە تۈزۈلۈش.

**تەۋرات** [تورات] (ئە) يەھۇدىلارنىڭ دىنىي كىتابى (مۇسا پەيغەمبەرگە نازىل بولغان، دېيىلىدۇ).

**تەۋرىت** [توريت] (ئە) مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان كىتاب، تەۋرات.
تەۋرىت كەلىمەسىدىن تاپتى تەراۋەت ئىنجىل،
فۇرقانى ئەھمەدىدە ھەرفى زەبۇر ئەمەسمۇ؟
— زەلىلى.

**تەۋزىھ** [توضيح] (ئە) ئىزاھلاش، روشەنلەشتۈرۈش؛
تەۋزىھ بەرمەك — روشەن قىلماق، ئايدىڭلاشتۇرماق، ئىزاھلىماق؛
تەۋزىھ قىلماق — «تەۋزىھ بەرمەك» كە قاراڭ.

**تەۋزىئ** [توضيع] (ئە) تارقىتىش، بۆلۈپ تارقىتىش، تەقسىملەپ بېرىش.

**تەۋسەن** [توسن] (پ) شوخ ئات، ئويناق ئات:
مىندى چۇ تەۋسەن جۇنۇن كۇلدە شەھ سۇۋار ئىشق،

قەتئ بۇ ماسەۋا ئۇچۇن ئىلكىدە زۇلفىقار ئىشق.
— زەلىلى.

**تەۋسەنى تەخەييۇل** — خىيال ئېتى، خىيال.

**تەۋسەنلىغ** [توسن لیغ] كۆچمە م: شوخلۇق، شاشلىق.

**تەۋسىئ** [توسیع] (ئە) كېڭەيتىش؛ كەڭچىلىك، كەڭلىك.

**تەۋسىف** [توصیف] (ئە) سۈپەتلەش، ماختاش:
تەۋسىفى ھۇسنۇڭ تۈگەنمەكلىك مەھال ئېرمىش مەھال،
مېڭىمدىن بىرنى بەيان ئەتسەم بولۇر يۈز مىڭ كىتاب.
— قەلەندەر.

**تەۋف** [طوف] (ئە) ئايلىنىش؛ يۈزىنى سۈرتۈش؛ زىيارەت:
تەۋف قىلىپ ئەرتەسى بولدۇم رەۋان،
بولدى ئەجەب گەرم زەمىنۇ زەمان.
— زەلىلى.

**تەۋفى ۋىدائ** — خەيرلىشىش ۋاقتىدىكى كۆرۈشۈش.

**تەۋفگاھ** [طوف گاه] (ئە + پ) زىيارەتگاھ، تاۋاپ قىلىنىدىغان جاي؛ «تەۋف، تەۋاف» لارغا قاراڭ.

**تەۋفىر** [توفیر] (ئە) ئاشۇرۇش، چوڭايتىش؛ كۆپەيتىش؛ پايدا:
ئالاچۇقنىڭ ئىگەسى ئەردى بىر پىر،
كى دەريادىن چىقارۇر ئەردى تەۋفىر.
— لۇتفى.

**تەۋفىر ئەتمەك** — كۆپەيتمەك.

**تەۋفىق** [توفیق] (ئە) 1) مۇۋاپىقلىنىش، مۇۋاپىقلىق، ئۇيغۇنلۇق؛ 2) ياردەم، مەدەت.
گۇلشەنى تەۋفىقدىن ئالغان نەسىم،
كۆڭلىگە تەئسىر ئېتىپ ئەردى ئەزىم.
نەۋائى.
تۆكۈلدى گۆھەردەك كۆزىدىن ياشى،
بولۇپ تەۋفىق ئاخىر ئانىڭ يولداشى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەۋفىق ئەھلى** — تەلىپىگە يەتكەن، ياخشىلىققا ئېرىشكەن كىشىلەر.

**تەۋق** [طوق] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەتۋاق] 1) گۇناھكارنىڭ بوينىغا جازا تەرىقىسىدە سېلىپ، قۇلۇپلاپ قويۇلىدىغان گۇندا، تاقاق؛ گەدەنلىك؛ 2) كۆچمە: باشقا چۈشكەن ئېغىر تەشۋىش، دەردىسەر؛ 3) قۇشلارنىڭ بوينىدىكى ھالقا شەكىللىك سىزىق؛ قۇشلارنىڭ بوينىغا سېلىنىدىغان تاسما؛ 4) بويۇنغا باغلايدىغان داغ، مارجان يىپى.

گەر تۈشسە سىنىق بەندەلىكنىڭ تەۋقى بويۇنغە،
بولغۇمدۇر بۇ ھالەتدە ئىكى كەۋندىن ئازاد.
— ئەرشى.

**تەۋقى غەبغەب** — ئېڭەك ئاستى گۆشىنىڭ ئايلانمىسى؛
**تەۋقى لەئىن** — لەنەت تاختىسى، تاقىقى، ھالقىسى؛
بوينىنى سۇنماي ئەيان ئەتكەندە تەئىن،
ساللىبان بويىنغە ئانىڭ تەۋقى لەئىن.
— نەۋائى.

**تەۋقىر** [توقير] (ئە) ئىززەتلەش، ھۆرمەتلەش، تەزىم قىلىش.

**تەۋقىف** [توقيف] (ئە) 1 › توختىتىش، توختىتىپ قويۇش؛ 2 › بەند قىلىش.

**تەۋقىف گاھ** [توقيف‌گاه] (ئە+پ) توختىتىپ قويۇش ئورنى، بەند قىلىش ئورنى؛ زىندان.

**تەۋقىئ** [توقيع] (ئە) 1 › شاھنىڭ يارلىقى، بۇيرۇق ۋە پەرمانلىرىغا قويۇلـغان مەخسۇس بەلگە؛ 2 › شۇنداق بەلگە قويۇلغان بۇيرۇق، پەرمان، يارلىق.

**تەۋلە** [طوله] «تەۋىلە» گە قاراڭ.

**تەۋلىيەت** [توليت] (ئە) ۋەقپى يەرلەرنى باشقۇرۇش، مۇتەۋەللىلىك باشقۇرماقلىق.

**تەۋھىد** [توحيد] (ئە) 1 › يەككە دەپ بىلىش، يالغۇزلۇقىغا ئىشىنىش، يېگانە دەپ ھېسابلاش؛ 2 › ھەقىقەتكە يېتىشىش، كىشى روھىنىڭ ئىلاھ، ئىلاھىي روھ بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشى، سوپىلىقنىڭ بەشىنچى دەۋرى:
كىمگە كىم، تەۋھىددىن بەردىڭ كۆشاد،
مىدھەتىدە كۇفر قىلدىڭ ئىتتىھاد.
— نەۋائى.

قىسمى تەۋھىد ئەيلەمەك — ئەزەلدە يەككە قىلىپ ياراتماق:
ھەر كىشىكىم، قىسمى تەۋھىد ئەيلەدىڭ،
بائىسى تەجرىدۇ تەفرىد ئەيلەدىڭ.
— نەۋائى.

بىلۇر مەنسۇر ئەسرارىڭ مەيى تەۋھىد ئىچكەنلەر،
چىقىپ دارى فەناغە دەرگەھى جەببارە ياستانمىش.
— ئەرشى.

**تەۋئ** [طوع] (ئە) رىغبەت، مەيل، خاھىش؛
**تەۋئ ئەيلەمەك** — خالىماق، مەيل (ئىختىيار) قىلماق.

**تەۋىل** [طويل] (ئە) ئۇزۇن.

**تەۋىلە** [طويله] (ئە) ئاتخانا، كاتتا ئاتخانا.

**تەئەب** [تعب] (ئە) 1 › مىجەز، خۇلق، خاراكتېر، تەبىئىي خۇسۇسىيەت؛

2) خاھىش.

**تەئبىر** [تعبير] (ئە) بايان قىلىش، ئىزاھلاش، مەنىسىنى ئېچىش؛
**تەئبىر ئەيلەمەك** — مەنىسىنى ئاچماق، بايان قىلماق.

**تەئبىيە** [تعبيه] (ئە) 1) تۈزۈش، تەرتىپكە سېلىش، جاي-جايىغا قويۇش (سەپ ھەققىدە)؛ 2) پىستىرما، بۆكتۈرمە.

رەۋزەسىدە تەئبىيە قەندەلى نۇر،
رەۋشەن ئېتىپ مىسلى تەجەللى زۇھۇر،

— زەلىلى.

**تەئبىيە باغلىماق** — تىزماق، تەرتىپكە سالماق، بېزىمەك:

تەئبىيە باغلاپ بەسى ئەھلى ھۇنەر،
تاپىپ ئاندىن مۈلكۈ كىشۋەر زىيبۇ زەر.

— نەۋائى.

**تەئتىر** [تعطير] (ئە) خۇش پۇراق قىلىش، خۇش بۇيلاندۇرۇش.

**تەئتىل** [تعطيل] (ئە) بىكار تۇرۇش، ئىشنى ياكى ئوقۇشنى توختىتىش، تەتىل:

كىئۇن تارتىماقىغە بېرىلىك يارغۇچاق،
جۇ تەئتىل قىلسا ئۇرۇڭلار تاياق.

— ئانىزارى.

**تەئتىل ئەيلەمەك** — ئىشنى توختاتماق.

**تەئجىل** [تعجيل] (ئە) 1) ئالدىراش، تېزلەشتۈرۈشكە ئىنتىلىش، سۈرئەتنى تېزلىتىشكە تىرىشىش؛ 2) ھۇلۇقۇش، ھاياجانلىنىش.

سەبا تەئجىل ئېتىپ تا كىردى يولغا،
قىلىپ سۈرئەت قاراماي ئوڭ ۋە سولغا.

— خىرقەتى.

**تەئجىل ئەيلەمەك** — ئالدىرىماق.

**تەئخىر** [تأخير] (ئە) 1) كېچىكتۈرۈش؛ 2) كېچىكىش؛
**تەئخىر ئەتمەك** — كېچىكتۈرمەك.

ئەرشىيا، مەي ئىچ دەما-دەم، قىلماغىل تەئخىر كىم،
«ئەشرەبۇ يا ئەييۇھەلئەتشان» كېلۇر ھەردەم نىدا.

— ئەرشى.

**تەئداد** [تعداد] (ئە) 1) سان، ھېساب، ئەدەت؛ 2) ساناش، ھېسابلاش.

ماڭا قىلغانلارىن تەئداد ئېتەرگە،
يوق ئەختەر، تۆكتى كۆك سەڭگى شۇمارە.

— ئەرشى.

**تەئدىب** [تأديب] (ئە) ئەدەب بېرىش، جازا بېرىش.

**تەئرىز** [تعريض] 1) كىنايە بىلەن سۆزلەش؛ 2) ئېتىراز بىلدۈرۈش.

**تەئرىپ** [تعريف] (ئە) نەرسە، ۋەقە، ھادىسە، چۈشەنچە قاتارلىقلارنىڭ ئىچكى مەزمۇنى ۋە ئېنىق ئىپادىسى، تەسۋىرى، خاراكتېرىستىكىسى:

كېلىپ ئېردى رۇەغە فەرەڭ ئەلچىسى،
بۇ تەئرىفنى ئاڭلاپ كۈلەر ئول بەسى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەئزىب** [تعذيب] (ئە) ئازابلاش، رەنجىتىش.

**تەئزىر** [تعذير] (ئە) كايىش، ئازار بېرىش؛ جازالاش.

**تەئزىز** [تعزيز] (ئە) ئىززەتلەش، ئېزىز كۆرۈش، ھۆرمەتلەش، ئېھتىرام بىلدۈرۈش.

**تەئزىم** [تعظيم] (ئە) ئۇلۇغلاش، ھۆرمەتلەش؛

تەئزىم تاپماق — ئۇلۇغلانماق، ھۆرمەتلەنمەك؛

ئاڭا تەئزىم ئەتتىم قوپۇپ نۇن كەبى،
قىلىب سەيھە ئانداغكى مەجنۇن كەبى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەئزىيە** [تعزيه] (ئە) ماتەملىك كىشىگە تەسەللى بېرىش، ئەھۋال سوراش.

**تەئزىيەت** [تعزيت] (ئە) «تەئزىيە» گە قاراڭ.

بۇرادەرلەر ئانداغ قىلىپ مەشۋەرەت،
تۈگەشتى ئاتاغە تۇتۇپ تەئزىيەت.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەئلىف** [تأليف] (ئە) 1) سازلاش، تەڭشەش؛ 2) تۈزۈش، ئەسەر يېزىش، ئاھاڭ يارىتىش:

دېدى تەئلىف ئەتكىل بۇ يەڭلىغ كىتاب،
خەلايىق دىماغىغە يەتكۈز گۇلاب.

— غەرىبى.

3) ئەسەر؛

سەۋت تەئلىف ئەتمەك — كۈي، ئاھاڭ ياراتماق.

**تەئلىق** [تعليق] (ئە) 1) ئېسىش، ئېسىپ قويۇش؛ ئېسىلىپ تۇرۇش؛ 2) ھۆسن خەتنىڭ بىر تۈرى (خەتتى تەئلىق)؛ تەئلىق نۇسخا.

**تەئلىم** [تعليم] (ئە) 1) ئىلىم؛ 2) ئەدەب - ئەخلاق، تەربىيە؛ 3) تەلىمات، نەزەرىيە؛ 4) كۆرسەتمە، يوليورۇق؛ 5) ئۆگىتىش، بىلىم بېرىش:

قىشلار ئەتفالىغە تۇغدۇرماق بەسى تەئلىم ئېتىپ،
دەرسى سەرد ئەيلەرگە يوقتۇر بۇ كەبى موللا ساۋۇق.

— ئەرشى.

**تەئمىر** [تعمير] (ئە) بۇزۇلغان جايىنى ياساش، ئىمارەت سېلىش، بىنا قىلىش؛

تەئمىر قىلماق ــ بۇزۇلغان جاينى ياسىماق، ئىمارەت (بىنا) قىلماق.

**تەئمىق** [تعميق] (ئە) چوڭقۇر پىكىر قىلىش، ئەتراپلىق ئويلاش، چوڭقۇر تەكشۈرۈش؛
تەئمىق قىلماق ــ چوڭقۇر پىكىر قىلماق، ئەتراپلىق ئويلىماق.

**تەئمىم** [تعميم] (ئە) ئومۇملاشتۇرۇش، كۆپچىلىك ئارىسىغا تارقىتىش؛
تەئمىم ئەيلىمەك ــ ئومۇملاشتۇرماق، تارقاتماق، يايماق.

**تەئمىيە** [تعميه] (ئە) يوشۇرۇن، سىرلىق ھالغا كەلتۈرۈش؛
تەئمىيە ئامىز ــ تېپىشماققا ئوخشاش، سىرلىقراق.

**تەئن** [طعن] (ئە) 1) ئېتىش، ئىرغىتىش (تاش ۋە ئوقنى)؛ 2) تەنە قىلىش، كىشىنىڭ نۇقسان ۋە كەمچىلىكلىرىنى يۈزىگە سېلىش؛
تەئن ئەھلى ــ تەنە قىلغۇچىلار، گەپ ئويناتقۇچىلار.

**تەئنە** [طعنه] (ئە) «تەئن» گە قاراڭ.

فەلەك ئەشكىن تۆكۈپ ھەر سۇبھ ھالىمغە تۇتار ماتەم،
كۇلەر خۇرشىد قىلىپ تەئنە بۇ چىھرە زەئفىرانىمغە.

ــ ئا.نىزارى.

**تەئنە ساز** [طعنه ساز] (ئە + پ) تەنە قىلغۇچى؛ مەسخىرە قىلغۇچى، مەسخىرە قىلىپ كۈلگۈچى.

**تەئۋىز** [تعويذ] (ئە) تۇمار (كۆز تېگىش ۋە باشقا يامانلىقلارنى قايتۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈلگەن دۇئا)؛
تارەدى مويىنى كەلتۈر ئەيلەيىن تەئۋىزگە باغ،
يا ئۆزۈڭ بىلگۈنچە بىر يادنامە كەلتۈرگىل ماڭا.

ــ موللا بىلال.

**تەئۋىق** [تعويق] (ئە) 1) قايتۇرۇش، كېچىكتۈرۈش، مەنئى قىلىش؛ 2) بەند قىلىش.

**تەئۋىل** [تأويل] (ئە) [كۆپلۈكى: تەئۋىلات]
1) سۆزنى ئۆز مەنىسىدىن باشقا مەنىگە بۇراش؛ بايان قىلىش، چۈشەندۈرۈش؛
... ئاتاسى ئوغلىغە ئول سۈرەتنىڭ تەئۋىلىنى ئايتىپ، ئوغلىنى سەفەر ئىشىدىن مانىئ ئەيلەگەنى...

ــ ئا. نىزارى.

2) چۈش ئۆرۈش، چۈشكە تەبىر بېرىش.

**تەئيىد** [تأييد] (ئە) قۇۋۋەتلەش، مۇستەھكەملەش، تەكىتلەش.

**تەئيىن** [تعيين] (ئە) تەيىن، تەيىنلەش، بەلگىلەش:
دېدى: باشلاگىزلار مۇنى ئىچكەرى،
قىلىڭ جاي تەئيىن سارايدىن نارى.

ــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەئىين ئەيلەمەك ـ تەيىنلىمەك، بەلگىلىمەك.

تەي [طى] (ئە) يۇرۇش، كېزىش؛ ئۆتۈش:
ئىكى مۇشفىق يۇرۇپ تەي قىلدىلار يول،
كېتىپ غەم كۆنلەرى چۆللەر بولۇپ گۇل.
ـــ خىرقەتى.

تەي ئەتمەك ـ «تەي ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
تەي ئەيلەمەك ـ يۇرمەك، كەزمەك؛
تەيى ئەرز ـ يەر يۈزىنى ياكى ئۇزاق يولنى ئاز ۋاقىت ئىچىدە كېزىپ چىقىش.

تەير [طير] (ئە) [كۆپلۈكى: تۇيور] 1) ئۇچقۇش، پەرۋاز قىلىش:
سەبا ئېردى جەھان ئىچرە سەبۇك سەير،
قىلۇر ئېردى جەھان گۈلزارىدا تەير.
خىرقەتى.

2) ئۆتۈش، كېزىش:
ئۇل كۆنى يولچاق لەبىنى سەير ئېتىپ،
تاڭلاسى دەريا يۈزىدىن تەير ئېتىپ.
ـــ زەلىلى.

3) قۇش، ئۇچار قانات:
قىلۇر ئېردىم ھەر كۆنى بۇ ئالەمنى سەير،
كېزىب ھەر تەرەفنى ئۇچۇپ مىسلى تەير.
ـــ ئا. نەزارى.

تەير قىلماق ـ ئۇچماق.
مەنتىقۇتتەير ـ «قۇشلار سۆھبىتى» (ئەسەر نامى).

تەيران [طيران] (ئە) ئۇچقۇش، پەرۋاز:
يەتتە ئەئزا جەئفەرى تەيراندەك قىلغىل نىسار،
لالەئى داغدار ئۇندى سەراسەر قانىدىن.
ـــ زەلىلى.

تەيران قىلماق ـ ئۇچماق، پەرۋاز قىلماق:
چۇن نېچە كۇن بۇيلە تەيران قىلدىلار.
ـــ نەۋائى.

تەيلەسان [طيلسان] (ئە) رىدا (باشقا ئارتىپ ياكى بويۇنغا سېلىپ يۇرۇلىدىغان، رومالغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ئۇستىباش):
كىيمىش ئېردى قارا ئەتلەسدىن ھەۋا بىر تەيلەسان،
ئانى مېھر ئەتتى زىيا تىرنىغى بىرلە تار ـ تار.
ـــ تەجەللى.

**تەييار** [طيار] (ئە) ئۇچقۇر، قاناتلىق:
زەلىلى جەئفەرى سادىقنى دەيدۇر مۇرشىدى كامىل،
كى بۇرھانى كەلامىم جەئفەرى تەييار بولغايمۇ؟
— زەلىلى.

**تەييىب** [طيب] (ئە) «تەييىبە» گە قاراڭ.

**تەييىبە** [طيبه] (ئە) 1 › پاك، پاكىز، تازا؛ 2 › ياخشى؛ 3 › خۇشبۇي، خۇشپۇراق؛
چىلتەن ئىدى ھەبىبە، بەرگىل ئاڭا نەسىبە،
بارچە ئەرۋاھ تەييىبە، ئاندا ھازىر ئەردىيا.
— موللا مۇھەممەت نىيازى.

ئەرۋاھى تەييىبە — پاك ئەرۋاھلار.

**توب** [توب] «توپ» قا قاراڭ.

**توبەتو** [توبتو](پ) «توبەرتو»غا قاراڭ.

**توبەرتو** [توبرتو] (پ) قاتمۇقات، ئۇستى - ئۇستىگە؛
غەمى ئىشقىڭ كۆڭۈلدە باغلانىپ ئانداغكى توبەرتو،
بولۇپدۇر كۆڭلۈم ئىچرە بەستە - بەستە غۇنچە، يەڭلىغ قان.
— ئا. نىزارى.

**توبرە** [توبره] تووۇرا:
كى غەلبارغە ئالىپ ئانى تاسقاغىل،
نە قالسا ئانى توبرەغە تاشلاغىل.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**توبۇلغا** [توبولغا] «داۋۇلغا» غا قاراڭ.

**تودە** [توده] (پ) توپ، توپلام، دۆۋە؛ گۇرۇھ:
مەغرۇر نەماز ئولماغىل، ئەي زاھىدى خۇدبىن،
دېھقان سەمەندەر قاشىدا تودەئى خەسدۇر.
— زەلىلى.

**تور** [تور] 1 › قۇش ۋە بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تور؛ 2 › قۇش قونىدىغان ياغاچ، قونداق.

**تورسۇق** [ تورسوق] تۇلۇم.

**تورقە** [تورقه] كەتان ناملىق ماتادىن تىكىلگەن قىممەت باھا كىيىم («كەتان» غا قاراڭ).

**توز** [توز] چاڭ، توزان، غۇبار.

**توزاڭ** [توزانك] يۇمشاق توپا، شورلۇق.

**توس** [توس] 1 › قېيىن ياغىچى، قېيىن ياغىچىنىڭ پوستى؛ 2 › تۇپراق.

**توستەغان** [توستاغان] قىمىز قۇيۇپ ئىچىدىغان ياغاچ كاسا، ئاياق، جام؛ كوزا.

**توسقال** [توسقال] «توسقاۋۇل» غا قاراڭ.

**توسقاۋۇل** [توسقاوول] 1 › يول ئىغىزلىرىدا مەسئۇل قاراۋۇل، كۆزەتچى؛ مۇھاپىزەتچى؛ توسۇپ، تۇتۇپ تۇرغۇچى؛ 2 › مەدەتكار.

**توشۇق** [توشوق] قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ شېئىردىي شەكىللىرىدىن بىرى، قوشاق:

ئاڭلامايىن سۆزدە تويۇق بەھرىنى،
قايسى تويۇق بەلكى توشۇق بەھرىنى.
— «لۇغەتى چاغاتاي» دىن.

**توشۇق** [توشوق] يۇك:

بۇ قالغانلىرى ئىككى يۈزدىن ئوشۇق،
كۆچۈپ ئۆيدىن ئۆيگە توشۇپدۇر توشۇق.
— موللا شاكىر.

**توقۇشماق** [توتوشماق] توقۇنۇشماق، دۈچ كەلمەك؛ تەگمەك.

**تولۇ** [تونك] سوغۇق، قاتتىق سوغۇق؛ مۇز:

ئاھۇ ئەشكىدىن ئېرۇر ئوتتۇ سۇ ئىچرە ئاشىق،
زاھىدا، نې غەم ئاڭا گەر قىزىغ ئولغىل گەر تولۇ.
— نەۋائى.

**تولۇراغۇ** [تونكراغو] قوڭغۇراق:

تولۇراغۇ ئاۋازىدىن مەھمىلدە يار ئولماق كېرەك،
كۆپ نىشات ئاۋەر كېلۇر ئول گۈلئۇزار ئولماق كېرەك.
— «لۇغەتى چاغاتاي» دىن.

**تولۇر** [تونكور] پەرى؛ جىن، ئالۋاستى.

**تولۇز** [تونكوز] 1 › توڭگۇز، چوشقا:

قىز ئايتتى: «بولماسە شەيخى كىبار،
قىل تولۇز كۈتمەكنى بىر يىل ئىختىيار.»
— ئىبنى يۈسۈپ خوتەنى.

2 › تۈركىي خەلقلەر مۆچەلىنىڭ ئون ئىككىنچىسى.

**تولۇلماق** [تونكولماق] ئۈمىدسىزلەنمەك، غەمكىن بولماق، كۆڭلى سۇنماق:

ۋەفا قىلغاي دەبان يۈزمىڭ يۈگۈردۇم،
ۋەفانى كۆرمەدىم، ئەمدى تولۇلدۇم.
— خىرقەتى.

**تولاشىق** [تولاشق] تولغاشقان؛ ئەگرى ـ بۈگرى، ئېگىلگەن، پۈكۈلگەن، تۈگۈلگەن؛ چىرماشقان.

**تولان** [تولان] بەش ياشلىق (بەش ياشار) ئات.

**تولاي** [تولاى] كۆپ، تولا، نۇرغۇن؛ توپلانغان، جەملەنگەن:

ئېرۇرمەن بەندەلەرنى سەرنىگۈنى،

تولاي يارۇ بەرادەرنىڭ زەبۇنى.
ـــ سۇفى ئاللا يار.

**تولغاماق** [تولغاماق] قايرىماق، بۇرىماق، ئەشمەك؛ تولغىماق؛ **باش تولغاماق** ـــ بويۇن تولغىماق، تەكلىپنى رەت قىلماق، باش تارتماق:

شەپەق بىرلە فۇرۇزدىن تولغاماي باش،
تاشىپ ئىش باشىغە ئاقۇ قىزىل تاش.

ـــ «لۇغەتى چاغاتاي»دىن.

**تولغامە** [تولغامە] پىستىرمىدا ياتقان ئەسكەر، بۆكتۈرمە؛ پاناھلانماققە يوشۇرۇنماق.

**تولغاندۇرماق** [تولغاندورماق] ئايلاندۇرماق، چايقالدۇرماق، دولقۇنلاتماق:

چۇن قۇيۇننى دەشت ئارا ئايلاندۇرۇپ،
سۇۋدە ئىگرىمنى داغى تولغاندۇرۇپ.

ـــ نەۋائى.

**تولقاماق** [تولقاماق] دەرد ـ ئەلەم چەكمەك، غەم ـ ئەندىشە قىلماق.

**تولقۇم** [تولقوم] دولقۇن، مەۋج؛ تاشقىن:

ئىشقىم بىر بەھرى بىپايان ئىرۇر، تۇشتىڭ ئاڭا،
نەچچە بىر گىردابى تولقۇملار كۆرەرسەن بىگۇمان.

ـــ «لۇغەتى چاغاتاي»دىن.

**تولۇ** [تولو] كەمچىلىكسىز، پۈتۈن، تولۇق.

**تولۇن** [تولون] تولغان، تولۇق، لىپمۇلىپ:

ئون تولۇن ئاينىڭ قىراغىدىن چۇ ئالدىڭ ئون ھىلال،
كىردى تۈپراغە ھىلال، ئاچتى تولۇن ئايغە جەمال.

ـــ نەۋائى.

**تون** [تون] كىيىم، تون، لىباس:

ئىرۇر سەرگەشتە خاكى تەن ئارا مەھزۇن كۆڭۈل ھەريان،
تون ئەتكەندەك قويۇندىن جىسمىغە مەجنۇنى سەرگەردان.

ـــ نەۋائى.

**تونغۇز** [طونغوز] «توڭگۇز» غا قاراڭ.

**تونلۇق** [تونلوق] تونلۇق، تون كىيگەن.

**تۇبا** [طوبى] «تۇبىي» غا قاراڭ:

سال سايە مىنىڭ باشىمە، ئەي رەشكى سەنەۋبەر،
كىم غەيرەتى تۇبا داغى رىزۋان يېتىلىپسەن.

ـــ لۇتفى.

**تۇبۇچاق** [توبوچاق] يۇگۇرۇك، چاپقۇر ئات.

**تۇبى** [طوبی] (ئە) 1) دىنىي ئېتىقادتا جەننەتتە دەرەخنىڭ دەپ پەرەز قىلىنغان گۈزەل دەرەخ؛ 2) كۆچمە م: كېلىشكەن قامەت.

سايەئى تۇبىيدىن ئارتۇق خۇم تۇبى رىند ئەھلىغە،
دەير ئارا ياتسە تىككەندە جەننەتۇل ـ مەئۋا بىلۇر.
— گۇمنام.

**تۇتەگى** [طوطکی] (پ) يېشىل؛ زەڭگەر؛
تۇتەگى رەڭ — يېشىل رەڭ، سەۋزە رەڭ، زەڭگەر رەڭ.

**تۇتروق** [توتروق] 1) تۇتۇرۇق، تۇتاندۇرۇق؛ 2) ئىشەنچ ـ سۆبات.

**تۇتقۇن** [توتقون] ئەسىر، بەند:

تەلەب قىلدى تۇتقۇننى مەجلىس ئارا،
كى سۆرگەي ئانىڭ بىرلە بىر ماجەرا.
— نەۋائى.

**تۇتماچ I** [توتماج] ئۈنئاش، ئۈگرە ئاش.

**تۇتماچ II** [توتماج] «تۇتماچ I» گە قاراڭ.

**تۇتماق** [توتماق] 1) ئۇشلىماق؛ 2) بەرمەك، تەقدىم قىلماق؛ تۇزاتماق؛ 3) قولغا چۈشۈرمەك، ئەسىر قىلماق، رام قىلماق؛ ئىگىلىمەك، بېسىۋالماق؛ قاپلىماق؛ 4) ھېسابلىماق؛ بىلمەك؛ پەرەز قىلماق؛ 5) قوللىماق؛ قوللانماق؛ 6) ساقلىماق، ئاسرىماق؛ 7) چىمدىماق؛ 8) ئەمەل قىلماق؛ 9) كۆنمەك؛

ئاتىنى تۇتماق — نامىنى ئاغزىغا ئالماق، ئاتىماق، تىلغا ئالماق؛
ئارام تۇتماق — ئارام ئالماق، جىم تۇرماق؛
ئەۋج تۇتماق — كۆتۈرۈلمەك، يۇقىرىلىماق؛
خەبەر تۇتماق — خەۋەر تاپماق، بىرەرسى ھەققىدە دېرەك ئالماق؛
خۇش تۇتماق — شاد قىلماق، شادلىقتا ئۆتكۈزمەك؛
رەنج تۇتماق — كېسەل بولماق؛
قەدەمىنى سابىت تۇتماق — ئەھدىدە مەھكەم تۇرماق؛
ئورنىنى تۇتماق — ئورۇن باسماق، بىراۋنىڭ ئورنىنى باسماق؛
ئورۇن تۇتماق — جايلاشماق، ئورناشماق؛
ۋىساق تۇتماق — جايلاشماق، ئورناشماق؛
ئېتەك تۇتماق — كۆچمە م: 1) بېرىلمەك؛ 2) ئۇستاز، پىر ۋە ئىشانغا ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭ تەربىيىسىگە كىرمەك؛
ياد تۇتماق — ئېسىدە ساقلىماق؛
يول تۇتماق — 1) توسىماق؛
2) يولغا چۈشمەك، يوللانماق.

**تۇتۇق** [توتوق] 1) پەردە، تۇسۇق؛ 2) تۇتۇق.

**تۇتىيا I** [توتيا] (پ) مىسنىڭ دېتىدىن پەيدا بولىغان كىرىستال (قەدىمكى زاماندىكى كۆز ئاغرىقىنىڭ دورىسى):

ئەزەردىن كەتتى ئاتىن ئويناتىپ ئول چابۇكى چالاك،
ئىزىنىڭ تۇفراغىن كۆزۈمگە ئەيلەپ تۇتىيا كەتتى.
— ئەرشى.

**تۇتىيا II** [طوطيا] (پ) «توتىيا I» گە قاراڭ.

**تۇججار** [تجار] (ئە) [بىرلىكى: تاجىر] سودىگەرلەر، تىجارەتچىلەر:

مەتائۇ جەۋاھىر ئالىپ ئاقىلە،
كى تۇججارلاردەك قىلىپ ئامىلە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تۇخم** [تخم] (پ) 1) ئۇرۇق، تۇخۇم؛ 2) مەنبە، نىگىز:

ۋەھشەتىم چۈن قەبر دەھشەت گىردىدىن ھەر باربار،
باۋۇجۇدى تۇخمى تائەتدىن تىجارەت قىلمادىم.
— زەلىلى.

**تۇخمە** [تخمه] (پ) نەسىل، ئەۋلاد، ئۇرۇق.

**تۇخمىيانە** [تخميانه] (پ) دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن بىرىنىڭ ئۇرۇقى.

**تۇد** [تود] ئۈجمە دەرىخى ۋە مېۋىسى.

**تۇر** [طور] (ئە) تۇر تېغى (ئەرەبىستاندا).

**تۇراب** [تراب] (ئە) تۇپراق، يەر:

نەۋائىيا، كېلىبان پىرى دەير ئاچسا ئىشىك،
كۆتەرمە باش ئاياغىدىن باشىڭ گەر ئولسا تۇراب.
— نەۋائى.

**ئەھلى تۇراب** — كۆچمە م: ئۆلگەن، ۋاپات بولغان كىشىلەر.

**تۇربە** [تربه] 1) تۇپراق، يەر؛ 2) كۆچمە م: قەبرە، مازار؛ 3) ئۇلۇغ زاتلارنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان بىنا، مەقبەرە.

**تۇربەت** [تربت] (ئە) «تۇربە» گە قاراڭ.

زەلىلى تۇربەتىمدە مۇتربىا بىردەم تەرەننۇم قىل،
تىرىكلىك نەشئەسىدە ھەمدەمى چاڭۇ رەباب ئېردى.
— زەلىلى.

**تۇررە** [طره] (ئە) كوكۇل، ئۆرۈلگەن چاچ، چاچنىڭ بۇدۇرى:

قەدى شەمشادى شوخى ئەنبەرىن پوشى پەرىزادى،
كى ئاندىن تۇررە سۆزىنى يازارغە شانەدۇر پەيدا.
— زەلىلى.

تۇررەئى پۇرخەم — بۇدۇر كوكۇل، چاچ؛
تۇررەئى سۇنبۇل — سۇمبۇل شاخلىرى:

سەھەركىم، گۈلشەن ئىچرە گۈل ئاچىلغاي،
گۈل ئۈزرە تۇررەئى سۈنبۈل ساچىلغاي.
— نەۋائى.

تۇررەھات [ترھات] (ئە) [بىرلىكى: تۇرھە] تېتىقسىز سۆزلەر، بىھۇدە سۆزلەر.

تۇرشروي [تورش روی] (پ) سۆرۈن چىراي، قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، قاپىقى سېلىنغان.

تۇرغۇ [تورغو] ھۆكۈمنامە ۋە يارلىقتا ئوخشاش ھۆججەتلەرنىڭ ياخشى ۋە ئۈزاق ساقلىنىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا يېپىشتۇرۇلىدىغان داكا، بۆز.

تۇرفە [طرفه] (ئە) يېڭى؛ يېڭىلىق؛ قىزىق، ئەجەبلىنەرلىك، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، ئاجايىپ نادىر؛ كەم ئۇچرايدىغان؛
قوزغالىپ ئەھلى جەھان تۇرلۇك تەماشا ئەيلەگىمىز،
ئوت ساچىپ ئاھىمىدىن ئەيلەي تۇرفە ئاتەشبازلىق.
— ئەرشى.

تۇرفەتۇل — ئەين [طرفةالعین] (ئە) كۆز ئېچىپ يۇمغىچە، دەقىقە، ئەڭ قىسقا مۇددەت؛
تۈشتى ئۇل مەھۋەش يۈزىگە تاكۆز ئاچتىم ھەر كېچە،
ئىستەمەسمەن تۇرفەتۇل ـ ئەين كۆز ئاچماق ئۇيقۇدىن.
— نەۋائى.

تۇرفەراق [طورفەراق] ئاجايىپراق، قىزىقراق.

تۇرناچى [تورناچی] قاتارلىغۇچى، سەپ تۈزگۈچى (قوشۇننى).

تۇرۇر [تورور] «ـ دۇر، ـ تۇر» قوشۇمچىسىنى ئىپادىلەيدىغان (كېسىم بەلگىسى).

تۇرۇق [طرق] يوللار، مەسلەكلەر؛
ئەھلى تۇرۇق — دەرۋىشلەر.

تۇرۇنج [ترنج] (ئە + پ) لىمون (لىمون دەرىخى ۋە مېۋىسى).

تۇرىسىنا [طورسینا] (ئە) «تۇر» غا قاراڭ.

تۇزاق [توزاق] 1) دام، تۇزاق، قاپقان، قىلتاق، 2) كۆچمە م: ھىيلە ـ مىكىر، نەيرەڭ؛
رەفىقسىز كېتەرگە ئېرۇر يول يىراق،
ماڭا بۇ پەرىۋەش بولۇپدۇر تۇزاق.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تۇزلاق [توزلاق] تۇز كانى.

تۇزلۇق [توزلوق] تۇز ئىدىشى، تۇز قاچىسى، تۇز قاپىقى.

تۇش [توش] تەرەپ، ئەتراپ، تامان؛ ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل؛ تۇشمۇتۇشتىن؛ ھەر تەرەپتىن؛

تۇش ـ تۇشدىن ـ ھەر تەرەپتىن، تۇشمۇتۇشتىن؛
تۇشلۇق تۇشى ـ ھەر كىشى ئۆزىچە، ھەر كىم ئۆز ئالدىغا.

**تۇغ** [توغ] بايراق:

غەمدە سارغۇلغان تەنىم گەردىن كۆرۈپ شاشماس كۆزىن،
تۇغ كۆرۈپ ئانداغ كىمىكلەركىم تىكىرقاپ قاراشۇر.
— ئەرشى.

**تۇغدارى** [توغدارى] دۇغداق (بىر خىل قۇش).

**تۇغرا** [طغرا] (ئە) 1) گىرب، دۆلەت نىشانىسى، پادىشاھنىڭ يارلىق، پەرمان ۋە قارارلىرى يېزىلغان قەغەزنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن مەخسۇس بېزەكلىك بەلگە؛ 2) مەكتۇپلارنىڭ تۆپىسىگە يېزىلىدىغان مەخسۇس سۆز؛ 3) كىتابلارنىڭ بېشىغا چۈشۈرۈلگەن سىزىقلىق رەسىم:

خەتى لەۋھى ھۆسنىنىڭ دەفتەرىدە مەتلەئى تۇغرا،
كەلامى «لائىلاھە» سەر «ئىللەللاھ» ئەيان دەرلەر.
— زەلىلى.

تۇغرايى سەئادەت ـ بەخت، ئىقبال بەلگىسى؛
خۇجەستە تۇغرا ـ مۇبارەك (قۇتلۇق) بەلگە.

**تۇغماچ** [توغماچ] تۈركىي ئۇرۇقلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

**تۇغماق** [توغماق] 1) تۇغۇلماق؛ 2) چىقماق، كۆرۈنمەك (قۇياش ۋە ئاي ھەققىدە)

**تۇغۇرماق** [توغورماق] تۇغماق:

جۇنۇن تۇغيانىدىن دىۋانەمەن زەنجىرى يەتكۈزگەي،
مۇرۇۋۋەتتىن چۇ زۇلفى پۇرشىكەن ئەلبەتتە ـ ئەلبەتتە.
— زەلىلى.

**تۇغيان** [طغيان] (ئە) تېشىش، ھاياجانلىنىش، ھەددىدىن ئېشىش، قۇلاق سالماسلىق؛ بويۇن تولغاش؛ قوزغىلىش، ئىسيان كۆتۈرۈش.

**تۇفان** [طوفان] (ئە) 1) كۈچلۈك سۇ تاشقىنى، توپان؛ 2) كۆچمە م: زور غوۋغا، توپىلاڭ؛
بەلا تۇفانى ـ زور ۋە دەھشەتلىك ئاپەت:

قىلدى مەگەر ئول نۇھ سىفەت دەئۋىتى پۇرشور،
تۇفانى بەلا ئىچرە بەناگەھ ئاقا قالدىم.
— ئەرشى.

**تۇفەيل** [طفيل] (ئە) 1) سەۋەب، باھانە، ۋاسىتە؛ 2) چاقىرىلمىغان مېھمان.

**تۇفراغ** [تفراغ] تۇپراق، يەر؛ چاڭ، غۇبار؛

مۇسىبەتلەر يېتىپ ئاخىر ئاتادىن،
قايۇ فەرزەند ساچماي باشقە تۇفراغ.
— ئەرشى.

تۇفراغ ئەجزاسى — تۇپراق زەررىلىرى.

**تۇفراق** [تفراق] «تۇفراغ» قا قاراڭ.

**تۇفۇلىييەت** [طفوليت] (ئە) ياشلىق؛ ياشلىق پەيتى، باللىق؛

يادىمە مۇنداق كېلۇر بۇ ماجەرا،
كىم، تۇفۇلىييەت چاغى مەكتەب ئارا.
— نەۋائى.

**تۇل I** [طول] (ئە) 1) ئۇزۇن، ئۇزۇنلۇق؛ بوي، 2) ئۇزۇن مۇددەت؛
تۇل بەرمەك — سوزماق، ئۇزارتماق؛
تۇل تاپماق — سوزۇلماق، ئۇزارماق؛
تۇلى ئەمەل — بىھۇدە خىيال، بىھۇدە ئۈمىد؛ كۆچمە م: دۇنياغا ھېرىس بولۇش؛
تۇلى دەۋران — ئۇزاق دەۋر سۈرۈش؛
تۇلى ھەيات — ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئۇزاق ياشاش.

**تۇل II** [تول] تۇل (تۇل ئايال)

**تۇلانى** [طولانى] (ئە + پ) ئۇزۇنىسىغا؛ ئۇزۇن تەرەپ، ئۇزۇنچاق.

**تۇلۇئ** [طلوع] (ئە) چىقىش، كۆرۈنۈش (قۇياش، ئاي):

بىلە ئالمان بۇ تۇلۇئ تالېئىمدۇر قايسى كەۋكەبدىن،
جەھان ئىچرە ماڭا ھەرگىز رەفىقۇ ئاشنا يوقتۇر.
— ئەرشى.

تۇلۇئ ئەتمەك — قۇياش ياكى ئاينىڭ چىقىشى، كۆرۈنۈشى.

**تۇمار** [طومار] (ئە) 1) ئۇچ بۇرجەك قىلىپ پۈكلەنگەن نامە، خەت؛ مەكتۇب؛ 2) دۇئا يېزىلغان قەغەز؛

ئىككى جادۇ كۆزلەرىگە ئەھلى ئالەم بەندەدۇر،
ئىسمى ئەئزەم ساچلارى بويىندا تۇمار ئەيلەگەچ.
— نەۋبەتى.

ھەجا تۇمارى — «ھەجا» غا قاراڭ.

**تۇماغە I** [توماغە] يېگىدىن ئۆگىتىلگەن قۇشنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويۇلىدىغان قېپىش تۇماق.

**تۇماغە II** [طوماغە] «تۇماغە I» گە قاراڭ.

**تۇمتەراق** [طمطراق] (پ) 1) تەنتەنە، دەبدەبە؛ شاۋقۇن - سۈرەت؛ 2) چىرايلىق كىيىنىپ يۈرگۈچى؛

سوزى دىل تەقرىر ئېتەر چاغ ئاغزىدىن ئوتلار ساچىپ،
تۇمتەراقى سىينە بىرلە دۇكتەرانىدۇر چىلىم.
— ئەرشى.

**تۇمۇشماق** [تومشماق] دومسايماق؛ شۈمشەيمەك، بىر چەتتە ئۆكسگەن قىياپەتتە

ئۇلتۇرماق.

**تۈنبان** [تنبان] (پ) ئىشتان، شىم.

**تۈند** [تند] (پ) 1› تېز، شىددەتلىك، قاتتىق؛ 2› ئاچچىق؛ غەزەپ؛ غەزەپلىك؛ 3› ئاساۋ، بوي بەرمەيدىغان؛ شوخ؛

**تۈند بادى** — «تۈند سەرسەر» گە قاراڭ.

چەمەن سارىغە ناگاھ تۈند بادى يەتسە قەھرىدىن،
نە قالغاي لالەئى ئەھمەر، نە قالغاي سۈنبۈلى رەئنا.
— زەلىلى.

**تۈند سەرسەر** — قاتتىق بوران، سوغۇق شامال، شىۋىرغان؛

**تۈند سەمەند** — چاپقۇر، تۇسۇن ئات؛

**تۈند سەيل** — كۈچلۈك سەل، قاتتىق سەل (قىيان)؛

**تۈند گىرداب** — شىددەتلىك قايىنام، كۈچلۈك قايىنام؛ ئىلاجىسىزلىق؛

**تۈند مەي** — كۈچلۈك مەي، ئۆتكۈر مەي؛

**تۈند مىزاجلىق** — باشقىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالماقلىق، قەيسەرلىك؛ ئىتتىكلىك؛

**تۈند ئولماق** — غەزەپلەنمەك، ئاچچىقلانماق، قىزىشماق؛

**تۈندۇ تىز** — تېز سۈرئەت بىلەن.

**تۈند باد** [تند باد] (پ) بوران، كۈچلۈك شامال؛ تۈپەلەڭ:

بەھردىن زەۋرەقنى تارتارلار تۇتۇپ ساھىل سارى،
كىم ئانى غەرق ئەتكەلى يەتكۈرمىش ئولغاي تۈند باد.
— نەۋائى.

**تۈندخو** [تندخو] (پ) 1› بىر سۆزلۈك، ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرغۇچى، جاھىل؛ 2› نازۇك تەبىئەت:

كۆردى كىم ئالەمدە مۇنداق قاتىلى يەكتا ساۋۇق،
زىشت رويۇ تۈندخو سەخت بىھەمتا ساۋۇق.
— ئەرشى.

**تۈندلىغ** [تندليغ] تېزلىك، ئىتتىكلىك؛ قوپاللىق، توڭلۇق، سوغۇق مۇئامىلىلىك.

**تۈنقال** [تونقال] «تەنقال» غا قاراڭ.

**تۈھفە** [تحفه] (ئە) [كۆپلۈكى: تۈھەف] تۆھپە، سوۋغا، تارتۇق:

ئەجايىب تۈھفە بۇ مېھمانىغە چۈنكىم شەھ چىكىپ خۇشراق،
يوق ئېرمىش جۇز مەتائى فەقر بەھرى ئەرمۇغان ئاندا.
— ئەرشى.

**تۈھفە چەكمەك** — سوۋغا (تارتۇق) قىلماق؛ تارتۇق تەقدىم قىلماق:

**تۈۋاغ** [تواغ] تۇۋاق:

يۈزۈمدۈرۈر ئەشەبىلىڭ تۈۋاغى،

باشىمدۇرۇر مەركەبىلىك ئاياغى.

— نەۋائى.

**تۆۋۈرلۈغ** [تووراوغ] ئاقىتۆيىنىڭ تۈگىلۈكىگە يېپىلىدىغان كىگىز.

**تۆئمە** [طعمه] (ئە) ئوزۇق، تائام، بىر ۋاقىتلىق يېمەكلىك؛ يەم:

ئىتى ئىچكەن يالاقىدىن ماڭا ھەم تۆئمە يەتكەي دەپ،
تىلەپ كەۋسەر شەرابى زۇھد ئىلى يەڭلىغ خۇمارىم بار.

— گۇمنام.

**تۆيناغ** [تويناغ] (تۇياق) مەنىسىدە («تۆۋاغ» قا قاراڭ):

ئاتىڭدىن تۈش، ئاتىم تۆيناغىنى ئۆپ،
ئۆزۈڭنى بىل، قۇزۇللۇق قىلماغىل كۆپ.

— لۇتفى.

**تۆيناق** [تويناق] «تۆيناغ» قا قاراڭ.

**تۆيۇر** [طيور] (ئە) [بىرلىكى: تەير] قۇشلار:

زەمىنىنىڭ يۈزىن قىلدى جەننەت مىسال،
ۋۇھۇشۇ تۆيۇر تاپتى ئاندىن نەۋال.

— غەرىبى.

**تۆيوغ** [تويوغ] «تەجنىس» كە قاراڭ.

**تۆيۇق** [تويوق] «تۆيوغ» قا قاراڭ.

**تۆپە I** [توپه] تۆپە، ئېگىز يەر:

قوپۇپ، ئەي فەلانى، يېشىپ ئال مۇنى،
تۆپەمىزدە مۇنداغ كېلۇر بىر ئۈنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تۆپە II** [توبه] «توپە I» گە قاراڭ.

**تۆر** [تور] تۆپە، يۇقىرى، يۇقىرى ئورۇن، تۆر (ئۆينىڭ تۆرى):

مەگەركى مەسجىد ئىككەندۇركى، بولدى بۇتخانە،
يۈزۈڭكى، ئىككى قاشىڭدىن تۆرىدەدۇر مىھراب.

— نەۋائى.

**تۆرە** [توره] 1) قائىدە، قانۇن، ئىنتىزام؛ ئادەت؛ 2) ئادەم بويى باراۋېرىدە ياسالغان قالقان؛ 3) خانزادە، پادىشاھزادە، خان ئەۋلادىغا مەنسۇپ كىشى:

تۆرە بارچە قۇللاب ئىلە بەندۇ بەست،
كەمىن ئەيلەبان كەينىدە ئەھلى شەست.

— نەۋائى.

تۆرە ئايىنى — تۆرە ئادىتى، تۆرە بەلگىلىگەن قائىدە.

غەم غىزاسى ئاراسىدە قانى تۆركانە ئاياغ،

تۆره ئايىنى بىلە تامسا توقۇر، ئاقسا ئوتتۇز.
— نەۋائى.

**تۆرتەر** [تورتار] تۆتتىن؛
تۆرتەر مىلك — تۆت مىلك تالدىن.

**تۆرت زىدد** [تورت ضد] تۆت قارمۇ-قارشى ماددا (ئوت، سۇ، هاۋا ۋە تۇپراق):
سۇنئىدىن كۆرگىلكى مۇنداق تۆرت زىدد،
بولۇپ ئىنسان خىلقەتىدە مۇتتەهىد.
— نەۋائى.

**تۆرت ئۇنسۇر** [تورت عنصر] «تۆرت زىدد» گە قاراڭ:
تۆرت ئۇنسۇر، يەتتى كۆك ئالتى جىهات،
نادىرۇ ئالىي ئەساسى كائىنات.
— نەۋائى.

**تۆرمە** [تورما] ئىنچىكە يۇڭدىن توقۇلغان تون؛
تۆرمە تون — يۇڭدىن تىكىلگەن تون، چاپان.

**تۆرمەك** [تورماك] يىغماق، ئورىماق؛ ياپماق.

**تۆزمەك** [توزماك] چىدىماق، بەرداشلىق بەرمەك، تاقەت قىلماق:
كۆڭۈلگە شەمئى جەمالىڭ سالىبدۇرۇر بىر ئوت،
كى تۆزمەگەي ئاڭا پەرۋانە بەل سەمەندەر هەم.
— نەۋائى.

**تۆشە** [توشه] ئوزۇق-تۈلۈك؛ يول (سەپەر) ئوزۇقى:
مۇسافىرانى خوتەندىن دۇئا تىلەيدۇرمەن،
ئەدەم يولىدا نە تۆشە، نە بىر ئولاغىم بار.
— زەلىلى.

**تۆشەك** [توشك] 1) ياستۇق، تەكيە؛ 2) ئورۇن-كۆرپە:
بۇ بەخمەل تۆشەكدە ياتىپدۇر بىر ئىت،
تۇرار خىزمەتىدە بەش-ئالتە يىگىت.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تۆكە** [توكا] قەبرە، گۆر؛
تۆكە تاشى — قەبرە تېشى (ئۆلگەن كىشىنىڭ كىملىكىنى خاتىرىلەپ، ئۇنىڭ نام-ئەمەلىنى يېزىپ قەبرە ئۈستىگە ئورنىتىلغان تاش).

**تۆكۈز** [توكوز] تەلتۆكۈس؛ تولا:
كى تەييار بولدى كىبمە يەتتە يۈز،
بەش-ئون كۈن ئىچىدە بارىسى تۆكۈز.
— ئا. نىزارى.

**تۆگۈلمەك** [تونكولماك] قايتماق، بەزمەك، تەزمەك، ئۈمىد ئۈزمەك؛ تۆگۈلمەك، سوۋۇماق.

تۆبەن [توبن] تۆۋەن، پەست، تەگ:
سالىپ ئەلچى لەھزە باشىنى تۆبەن،
دېدىكىم نە تەدبىر دەيىن سىزگە مەن.
— ئا. نەزارى، ن. زىبائى.

تۈرك [ترك] 1) تۈرك، تۈركىي خەلق؛ 2) كۆچمە م: شوخ، گۈزەل.
كىم كۆرسە ئانىڭ يۈزىنى ئايتۇر:
نە تۈرفە ئېرۇر بۇ تۈرك بالاسى.
— سەككاكى.

تۈركى ئەنجۇم — قۇياش؛
تۈركى خوتەن — «تۈركى خىتا» غا قاراڭ؛
تۈركى خىتا — كۆچمە م: 1) گۈزەل؛ 2) قۇياش؛
تۈركچە خەت — «تەئلىق»؛
تۈركى چىن — «تۈركى خىتا» غا قاراڭ؛
تۈركى فەلەك — كۆچمە م: مارس پلانېتاسى؛
تۈركى ھىجاز — ھۈزنىكىنىدىكى بىر كۈي نامى.

تۈركانە [تركانه] تۈركلەرچە، تۈركلەرگە خاس، تۈركلەرنىڭكىدەك، تۈركىي ساددا؛
تۈركانە ئاياغ — تۈركلەر ئادەتچە ئىچىلىدىغان مەي، تۈركلەرچە مەي ئىچىش؛
تۈركانە ساز — تۈركچە ساز (چالغۇ)، تۈركچە كۈيلەش.

تۈركتاز [ترکتاز] (پ) ئات سېلىپ، تۇساتتىن باستۇرۇپ كېلىش، تالان قىلىش ۋە تالان قىلغۇچى:
ئات ئاياغىدا قالۇر فەرھاد-مەجنۇن خۇبلاشىپ،
ئىشق مەيدانىدا قىلساڭ نەچچە تۈركتازلىق.
— ئەرشى.

تۈركتاز ئەيلەمەك — 1) تالان قىلماق، تالىماق؛ 2) كۆچمە م: ھۇجۇم قىلماق:
نازەنىن چۈن كەلدى ئەيلەب تۈركتاز،
ئەيلەبان ئۇل خەستەغە زاھىر نىياز.
— نەۋائى.

تۈركگۈي [ترکی گوی] (شېئىر ۋە قوشاقلارنى) تۈرك تىلىدا يازغۇچى، تۈرك تىلىدا سۆزلىگۈچى.
تۈرمەك [تورماك] «تۆرمەك» كە قاراڭ.
تۈز [توز] 1) توغرا، تۈز، كېلىشكەن؛ 2) تەكشى يەر، دالا؛
تۈز بولماق — توغرا بولماق؛

تۆزلەنمەك ــ مۇۋاپىقلاشماق، كېلىشمەك.

**تۆزرەك** [توزراک] 1) توغرىراق، راستراق؛ 2) تەكشىرەك، تۆزراق.

**تۆزلۈك** [توزلوک] توغرىلىق، ھالاللىق.

**تۆزمەك** [توزماک] 1) تۆزمەك، تۆزەتمەك، توغرىلىماق؛ بىنا قىلماق، ياراتماق؛

يۈز جەفاۋۇ جەۋر ئەسبابىن تۆزەر، كۆركىم، بۇ دەھر،
خاتىرىم خۇررەملىغىن ھەر لەھزەكىم ياد ئەيلەمىش.
ــ ئەرشى.

2) كېلىشتۈرمەك؛ 3) سازلىماق؛ تەرتىپكە سالماق؛ تەييارلىماق؛
ئەنجۈمەن تۆزمەك ــ مەجلىس قۇرماق؛
مەئاش تۆزمەك ــ تىرىكچىلىك قىلماق، ھايات كەچۈرمەك.

**تۆزۈك** [توزوک] تۆز، تۈپتۈز:

چۇ مەسئۇدنى غەم خەيلى ئەتتى زەبۇن،
تۆزۈك قەددى كۆكدىن بولۇپ سەرنىگۇن.
ن. زىيائى.

**تۆزۈكلۈك** [توزوک لوک] ياخشىلىق، توغرىلىق، دۇرۇسلۇق.

**تۆشلەنمەك** [توشلانماک] ئۆدۈلمۇئۆدۈل كەلمەك، دۇچ كەلمەك.

**تۆشمەك** [توشماک] يۈز بەرمەك، كەلمەك:
ئاچچىغ تۆشمەك ــ ئاچچىق بولماق؛
ئەگرى تۆشمەك ــ ناتوغرا ئورۇنلاشماق؛
پىسەندە تۆشمەك ــ ماقۇل بولماق؛
شىگۇفت تۆشمەك ــ ھەيران بولماق؛
مەست تۆشمەك ــ مەست بولماق؛

**تۆگەن** [توکان] داغ؛ ئىز، بەلگە؛ جاراھەتنىڭ دېغى؛
تۆگەن قۇيدۇرماق ــ داغلىماق، تۆمۈرنى قىزدىتىپ، تامغا قىلىپ باسماق؛
تۆگەن ئۆرتەمەك ــ «تۆگەن قويدۇرماق»قا قاراڭ.

**تۆگەنمەك** [توکانماک] تاماملانماق، تۆگىمەك، پۈتمەك، ئاخىرىغا يەتمەك:

تىلەپ ئول گۇلنى ياشىم ئاققۇزۇپ مەن،
تۆگەندىم رەشك دەردىدىن سىزىپ مەن.
ــ خىرقەتى.

**تۆگۈشمەك** [توکوشماک] باغلاشماق، تۆگۈن قىلىشماق:
سۆز رىشتەسىن تۆگۈشمەك ــ سۆزنى بىر يەرگە قويماق، بىر قارارغا كېلىشمەك، گەپ بىرىكتۈرۈشمەك.

**تۆگۈن** [توکون] تۆگۈن، ھالقا:

سۇنۇق كۆڭلۈم ئۆزارىڭ شەۋقىدىن تاپمىش تۆگۈنلۈككىم،

ھىلال ئانداغكى ئولمىش مىھرىدىن ئون تۆرت كۆنلۆك مەھ.

— ئەرشى.

تۆگۈنگىنە [توكون كنە] تۆگۈنچە، كىچىككىنە تۆگۈن.

تۇمەن [تمان] 1) ئون مىڭ؛ 2) يېزا، رايون؛

يۈز تۇمەن ۋاي — مىڭ ئەفسۇس.

تۈن [تون] كېچە؛

مۇسىبەتلەركى سالدى كۆڭلۈمە ھىجران تۈنى گەردۈن،

يۈزى بىھەد يارالىغ بۇ كۆڭۈلدىن ھەم خىراش ئولسۇن.

— ئەرشى.

تۈن ئاقشام — كەچقۇرۇن؛

تۈن پەردەسى — تۈن قاراڭغۇلۇقى؛

تۈن مۈشكى — «تۈن پەردەسى»گە قاراڭ.

تۈنقاتار [تونقاتار] پادىشاھ تۇرغان جاينىڭ تۈن قاراۋۇلى، كېچىلىك قاراۋۇل.

تۈنمەك [تونمك] تىنماق، تىنچلانماق، تىنجىماق، توختىماق.

تېپۈك [تيپوك] 1) تېپىش، تېپىك؛ تەپكۈ؛ 2) قىزدل، تەپ (بىر خىل بالىلار كېسەللىكى)؛

تاپىپ تەسكىن جەفاكارلار ھۇجۇمى،

تېپۈكدىن تىنسا كۆڭلۈم مەرزۇ بۇمى.

— نەۋائى.

تېپىنگۈ [تيپينكو] ئۈزەڭگە:

شەھسەۋارىمىنىڭ ئاياغىن ئۆپكەلى رازى دۇرۇر،

ئاي بىلە كۈن ھەر بىرىسى بىر تېپىنگۈ ئورنىدا.

— نەۋائى.

تېشە [تيشە] (پ) مىتىن:

تاغ ئۈزرە چىقىپ ئېردى تاماشا بىلە شىرىن،

كۆرگۈزدى نەۋا نالەسىدىن تېشەئى فەرھاد.

— زەلىلى.

تېشەۋەر [تيشەور] (پ) 1) ياغاچچى؛ 2) كۆچمە م: تاش كەسكۈچى؛

كېزەر ئېردى باقىپ ھەر يىمىشەۋەرنى،

كى كۆردى نەچچە چابۇك تېشەۋەرنى.

— نەۋائى.

تېك [تيك] 1) جىم؛ 2) پەقەت؛ يالغۇز، بىرلا، تاق (جۈپنىڭ قارشىسى)؛

تىك تۇرماق — جىم تۇرماق.

**تىكەن** [تیکون] ...، گىچە، قەدەر:

مىنىڭ بۇ خەستە جانىمغە سىنىڭ دەردىڭ ئېرۇر مەرھەم،
قىيامەتكە تىكەن ھەرگىز بۇ دەردىمغە داۋا قىلماس.
— سەككاكى.

**تىگەن** [تیکون] «تىكەن»گە قاراڭ.

**تىڭىز** [ تینکیز ] دىڭىز:

ئۆزىنى تىڭىزغە ئۇرۇپ ئاقىبەت،
ئۆزىن سۇ يۈزىدە سۇرۇپ ئاقىبەت.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تىڭەشتۇرمەك** [تینکیشتورماک] «تەڭەشتۇرمەك» كە قاراڭ:

چۇن ئانىڭ بىرلە تىڭەشتۇردى ئۆزىن،
نالە قىلدى ئەشكبار ئەيلەب كۆزىن.
— نەۋائى.

**تىب** [طب] (ئە) 1) تىبابەت، مېدىتسىنا، داۋالاش:

ھەزرەتى نۇھدەك ئۆمىر كۆرسە بىراۋ ئول ھەم نېدۇر،
تىب ئارا خەلقى جەھانىڭ بولسەلەر لوقمانى ھېچ.
— موللا بىلال.

2) يېقىملىق پۇراق؛ پاكىزلىك، پاكلىق؛
تىب ئىلمى — تىبابەت ئىلمى.

**تىترەتمەك** [تیترأتماک] تىترەك، بەزگەك كېسلى.

**تىترەگۈچ** [ تیتراکوچ] كېلىنلەرنىڭ بېشىغا سانجىپ قويۇلىدىغان بىزەك، جىغا:

ئول بۇتى چابۇكسەۋار ئولغاچ سەمەندىن سەكرەتۇر،
تىترەگۈچ باشىغە سانجىپ ئالەم ئەھلىن تىترەتۇر.
— ئەرشى.

**تىر** [تیر] (پ) 1) ئوق، كامان ئوقى، يا ئوقى؛
2) ئاتارۇد (مېركۇرىي) پىلانېتىسى؛
3) ئۇزۇن، تىك ياغاچ، ماچتا (كېمە ۋە باشقىلارنىڭ).

**تىراز** [طراز] (ئە) 1) بىزىگۈچى؛ ياراتقۇچى؛ 2) يىپەك جىيەك؛ 3) زىننەت، بىزەك، نەقىش؛ 4) ئۇسلۇب، رەۋىش، تەرز؛
شەمئى تىراز — شامدەك، شامغا ئوخشاش، شامسىمان:

گۈلمۇ ھەم سەن، غۇنچەۋۇ ھەم سەرۋى ناز،
بەزمى ئۇششاق ئىچرە ھەم شەمئى تىراز.
— گۇمنام.

تىرەندازلىغ [تراندازلىق] مەرگەنلىك.
تىردان [تىردان] (پ) ئوقدان.
تىش [تيش] چىش:

ئارەزى شەمس يا قەمەر، تىشلارى دۆرر يا گۆھەر،
خەفچەئى گۆلمۇدۇر بۇ يا كۆرسەم ئانىڭكى قامەتى.
— ئەرشى.

تىش بىرىكتىمەك — جەزم قىلماق؛ ئەستايىدىل كىرىشمەك، نىيەت قىلماق؛
تىش قىرچىللەتماق — 1) چىش غىچىرلاتماق؛ 2) كۆچمە م: غەزەپلەنمەك؛
تىشنى بەغرىگە بىرىك قىلماق — چىشىنى چىشىغا قويماق؛
تىش ئۇرماق — چىشلىمەك؛
تىش ئىرجەيتماق — ھىجىيىپ كۈلمەك.
تىفل [طفل] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەتفال] 1) بالا، گۆدەك؛ 2) ياش، بويىغا يەتكەن؛

جەفا تىغىنى دەۋران تىفل، ئەي ئەھباب، بىلمەيكىم،
نە تەنھا شىرى نەرگە ئۆردى فىل ئۆزىگە ھەم چەكتى.
— ئەرشى.

تىفلۋەش [طفلوش] بالا تەبىئەت، نازۇك، نازىنىن، گۆزەل.
تىلا [تلا] (ئە) پارلاقلىق.
تىلاۋەت [تلاوت] (ئە) ئوقۇش، ئاۋاز چىقىرىپ قىرائەت قىلىش.
تىلسىم [طلسم] (ئە) تىلسىم، جادۇ.
تىلسىمات [طلسمات] (ئە) تىلسىماتلار، جادۇلار:

ئىرۇر بۇ شەھەرنىڭ ئىچى تىلسىمات،
كىشى كىرسە ھەرگىز تاپالماس نىجات.
— ئا. نىزارى. ن. زىيائى.

تىلمىز [تلميذ] (ئە) [كۆپلۈكى: تەلامىز] 1) شاگىرت، ئوقۇغۇچى؛ 2) تەۋە، ئەگەشكۈچى.
تىلۇك [تيلوك] 1) كىسىك، تىلىنغان؛ 2) يىرتىق.
تىم I [تيم] (پ) ئۈستى يېپىلغان بازار، رەستە؛ كارۋان ساراي.
تىم II [نيم] تامچە، قەترە.
تىمار [تيمار] غەم، قايغۇ، غۇسسە.
تىمتەراق [طمطراق] دەبدەبە؛ زەرەر:

چۇ بۆرىدىن قويغە يەتسە تىمتەراق،
ئول شۇباندىن ئاندا بىر ئىت ياخشىراق.
— نەۋائى.

تىمچە [تیمچه] (پ) تامچە.

تىمسال [تمثال] (ئە) [كۆپلۈكى: تەماسىل] 1› سۈرەت، رەسىم؛ 2› مىسال؛ ئوخشاش؛ 3› تەسۋىر؛ يولىيورۇق، پەرمان.

تىمساھ [تمساح] تىمساھ (يۇلتۇز نامى).

تىن [تین] ھالاۋەت؛

تىن تاپماق ـ تىنچىماق، تىنىماق

تىھى [تهی] (پ) خالى، بوش؛ بەھرىسىز.

تىۋە [تیوه] تۆگە؛

سەلاتىن رۇسۇمى بىلە شىيۋەنى،
تۈزۈپ راست قىلدى نەچە تىۋەنى.
— ئا. نىزارى.

تىي [تی] توختىماق، بەس قىلماق؛

تىيەرمەن ئاھۇ ئەشكىمنى ئۆلۈس بىدادىدىن يۇقسە،
ئالۇر دادىم ئالاردىن ئۇشبۇ سەرسەر بىرلە تۇفانىم.
— نەۋائى.

تىيىب [طیب] (ئە) «تىب»قا قاراڭ.

تىيىبەت [طیبت] (ئە) ياخشىلىق، خۇش تەبىئەتلىك؛ خۇش ھىدلىق.

تىير [تیر] (پ) «تىر»غا قاراڭ؛

قولۇمغە ئالىپ مەن چۇ تىيرۇ كەمان،
بۇلار بىرلە بولدۇم پىيادە رەۋان.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تىيرى بەلا ـ بالا ئوقى؛

شەھادەتگاھى كۆڭلۈم ئۆزرە يۈز تىيرى بەلا تەگدى،
سىپاھى غەم نە بىلگەيلەركى فەتھى جامە بىلمەيدۇر.
— زەلىلى.

تىيرە [تیره] (پ) 1› قاراڭغۇ؛ قارا؛ 2› غەم ـ غۇسسىلىك؛ قايغۇلۇق؛ 3› خىرە، نۇرسىز؛

جەھانغا شەمئى تولسا، چىقسىمۇ كۈن تىيرەلىك كەتمەس،
بۇ رەڭ ئالەمغە، ئەي گۇمنام، جانان نۇرى تۇتاشىپتۇر.
— گۇمنام.

تىيرە ئەختەر ـ بەختسىز، تەلەيسىز؛
تىيرە ئەنجۇم ـ خىرە يۇلتۇزلۇق؛
تىيرە ئەۋقاتلىق ـ غەم ـ غۇسسىلىك، قايغۇلۇق، بەختسىزلىك؛
تىيرە بولماق ـ قارايماق؛
تىيرە تۇتماق ـ قاراڭغۇلۇقتا قالدۇرماق؛

تىيرە تۇفراق ــ قارا يەر؛
تىيرە جەبىن ــ خىرە يۈزلۈك؛
تىيرە چاھ ــ قاراڭغۇ زىندان؛
تىيرە خاك ــ قارا تۇپراق؛
تىيرە دۇد ــ قارا تۈتۈن؛
تىيرە راي ــ يامان نىيەتلىك، قارا پىكىرلىك؛
تىيرە رو ــ قارا يۈزلۈك؛
تىيرە روز ــ قايغۇلۇق؛
تىيرە روزگار ــ بەختى قارا؛ بەدبەخ؛

نىگە يادىدا، ئەرشى، روزگارىڭ بولماسۇن تىيرە،
زىبىەسىكىم دەھر ئارا ئانداق كۆزۈ قاشى قارا يوقتۇر.
ــ ئەرشى.

تىيرە روي ــ نادان كالتە پەم؛
تىيرە زات ــ جاھالەتتە، قاراڭغۇلۇقتا قالغان كىشى؛
تىيرە شام ــ قاراڭغۇ كىچە؛
تىيرە گەرد ــ قويۇق چاڭ، توزان؛ قاراڭغۇلۇق؛
تىيرە مىزاج ــ قاراڭغۇلۇقنى خالىغۇچى؛
تىيرە نىھاد ــ غەملىك، يامان تەبىئەتلىك؛ كۆڭلى قاراڭغۇ؛
تىيرە ھال ــ يامان ئەھۋال.

**تىيرەڭ** [تيرنگ] چوڭقۇر، تىرەن.

**تىيردان** [تيردان] (پ) «تىردان»غا قاراڭ.

**تىيرى باران** [تيرباران] (پ) ئوق يامغۇرى؛ ئوق ياغدۇرۇش:

تىيرى بارانى مەلامەتكە ھەدەف بولدى باشىم،
باشنى باشقۇرماق بەسى مۈشكۈلكى بۇ باران بىلە.
ــ ئا. نىزارى.

**تىيرى دەۋران** [ تيردوران] قاراڭغۇ زامان:

تەزەللۇم تىيرى دەۋراندىن، قۇتۇلماي ئاھۇ ـ ئەفغاندىن،
تويۇپمەن يار ئۆچۈن جاندىن كى باقماڭ ئىنتىزارىمغە.
ــ ئا. نىزارى.

**تىيز پەي** [تيزپي] (پ) يۈگۈرمەك، ئىلدام؛ چاپقۇر.

**تىيزتەك** [تيزتك] (پ) چاپقۇر، ئىلدام.

**تىيز تۈند** [تيزتند] (پ) تىز سۈرئەت، تىز سۈرئەت بىلەن، ئاھايىتى چاپسان، چاپسانلا:

گاھى بولغاي تىيزۇ تۈند رەھمانغە قۇل،
گاھى بولغاي تىيزۇ تۈند شەيتانغە قۇل.
ــ خەراباتى.

**تېزرەۋ** [تیزرو] (پ) يۈگۈرۈك، چاپقۇر.

**تېزكوش** [تیز کوش] (پ) تېز ھەرىكەت قىلىدىغان، چاققان.

**تېز گەرد** [تیز کرد] (پ) تېز يۈرگۈچى، چاپقۇر:

تا نىچە مەنىڭ يىل سىپىھرى تېز گەرد،
جەھدۇ جىد بىرلە بولۇپ گېتى نەۋەرد.
— نەۋائى.

**تېز ھۇش** [تیزهوش] (پ) ھوشيار، پەملىك.

**تېغ** [تیغ] (پ) 1) قىلىچ، خەنجەر، پىچاق؛ 2) چوققا؛ 3) نەشتەر:

بۇجان باشىغە، ئەي زالىم، دەمى تېغىڭ تەمەننادۇر،
زىبەس جان باشىغە مىئراج تىغىڭغە قىدا بولماق.
— ئەرشى

**تېغى كىن** — ئاداۋەت، دۈشمەنلىك قىلىچى، نەپرەت خەنجىرى؛

قاراقچىغا تەييار ئىتىپ تېغى كىن،
كى تۇججار يولىدا تۇتارلار كەمىن.
— غەرىبى.

**تېين** [طین] (ئە) لاي.

**تېينەت** [طینت] (ئە) خاراكتېر، خۇلق، تەبىئەت، پېئىل، يارىتىلىش؛

ئىشتىلدى ئانداغ ئۇلۇغ تېينەتىڭ،
داغى مەئلۇم ئۇلدى يەنە سىيرەتىڭ.
— ئا. نىزارى. ن. زىيائى.

**ئارىغ تېينەتلىغ** — پاكىزە تەبىئەتلىك.

# قەدىمكى تۈرك پۈتۈكى — «مايترى سىمىت»

ق. ماھمۇدوۋ، ق. سادىقوۋ
(سوۋېت ئىتتىپاقى، ئۆزبېكىستان فىلولوگىيە پەنلىرى كاندىداتلىرى)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن قەدىمكى تۈركىي ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدىن بىرى «مايترى سىمىت» نەشر قىلىندى (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت»، 1، 1988 - يىل). ئەسەرنى ئىسرائىل يۈسۈپ، ئابدۇقېيۇم خوجا، دولقۇن قەمبىرىلەر نەشرگە تەييارلىغان. فىلولوگىيە پەنلىرى كاندىداتى ئاسىم باقىيوۋ ئۈشبۇ كىتابنى ئۈرۈمچىدىن كەلتۈرۈپ، بىزگە (كىتاب بىلەن) تونۇشۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

× ×

«مايترى سىمىت» بىزگە مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىمكى تۈركىي يازما يادىكارلىقى بولۇپ، ئۇنى قەدىمكى تۈركىي بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى سەھنە ئەسەرلىرىدىن بىرى دېيىش مۇمكىن(قەدىمكى تۈركلەردە بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن بۇنىڭدىن باشقا سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ بولغانلىقى تەبىئىي). ئەسەر 27 بۆلۈم (پەردە)دىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر قايسىسىدا دەسلەپ ۋەقە ئورنى تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قەھرىمانلار سۆھبىتى دىئالوگ شەكلىدە بايان قىلىنىدۇ. كەلگۈسى بۇرخان (بۇت) مايترىنىڭ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق بۇددىزم ئېتىقادلىرى تەرغىپ قىلىنىدۇ، ياشلارغا ئۆگۈت بېرىلىدۇ. ئەسەردە يەنە قەدىمكى تۈرك بۇددىستلىرىنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرى، دۇنيا قاراشلىرى ئەكس ئېتىلگەن. «مايترى سىمىت» بەدىئىي ئەسەر بولۇشى بىلەن بىرگە قەدىمكى تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ ھەم ئاجايىپ نەمۇنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«مايترى سىمىت» ئەسلىدە ئەنەتكەك (سانسكرت) تىلىدىكى ئەسەر بولۇپ، ئەنەتكەك تىلىدىن توخرى تىلى (ئىرانىي تىللىرىدىن بىرى)گە، ئۇنىڭدىن كېيىن پرتاناراكشىتى ئىسىملىك كىشى قەدىمكى تۈركىي (ئۇيغۇر) تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ ھەقتە ئەسەرنىڭ ئۆزىدە ھەم مەلۇمات بېرىلگەن. لېكىن قايسى دەۋردە تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

ئەسەردە ئۇنىڭ نامى «مايترى سىمىت نوم بىتىگ» دەپ كۆرسىتىلگەن. ئۇنى قىسقىچە «مايترى سىمىت» (مايترىنىڭ بۇرخان (بۇددا) بىلەن ئۇچرىشىشى) دەپ ئاتاش مۇمكىن.

ھازىرغىچە ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن يەتتە خىل نۇسخىسى مەلۇم بولۇپ، نېمىس ئالىمى ئا. ف. گاباتىن 1957—1961 - يىللىرى بۇ ئە-

سەرنىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ فوتوسىنى نەشر قىلدۇرغان. ئەسەر ھەققىدە چەت ئەللەردە بىرقانچە ئىلمىي ماقالىلەر ھەم ئېلان قىلىنغان.

«مايترى سىمىت»نىڭ بىزگە مەلۇم بولغان نۇسخىلىرىنىڭ ئەڭ مۇكەممىلى 1959-يىلى قۇمۇل ئەتراپىدىن تېپىلدى. ئۇنى يەھيا رېھىم ئىسىملىك چارۋىچى مال بېقىپ يۈرگەن چېغىدا تېپىۋالغان. كىتاب كىگىزگە يۆگەلگەن ھالدا قىيا تاشلار ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويۇلغان ئىكەن. كىگىز بىلەن بىرگە ئۇنىڭ بىرقانچە ۋاراقلىرى چىرىپ، تىتىلىپ كەتكەن. ھازىر بۇ نۇسخا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئەسەر 293 ۋاراق (586بەت) بولۇپ، قەغىزى قارامتۇل سېرىق رەڭدە، ئۆلچىمى 47.5×21.7 س م. ھەرقايسى بەتتە 30—31 قۇرغىچە تېكىست ئوڭدىن سولغا قارىتىپ كۆچۈرۈلگەن. قول يازمىدا ئۇنىڭ كۆچۈرۈلگەن يىلى يېزىلمىغان. خەت رەتلىك كورسىۋ*) شەكلىدە بولۇپ، بۇ نۇسخىنى تۈركىي خەلقلەر قەدىمكى خېتىنىڭ ئاجايىپ ۋە نادىر يادىكارلىقى دېسە بولىدۇ.

ئەسەر تىلى ئورخۇن — يېنىسەي يادىكارلىقلىرى تىلىغا يېقىن. پىكرىمىزنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن مۇھىم خاراكتېرلىك خۇسۇسىيەتلەرنى كۆرسىتىمىز:

ئەسەر تىلىدا سۆز ئوتتۇرىسىدا كەلگەن سانار — جاراڭلىق ئۈندەشلەردىن كېيىن جاراڭسىز تاۋۇشلار كېلىدىغان ئەھۋالمۇ بار. مەسىلەن، قىلتى — قىلدى؛ بولتى — بولدى؛ قاتارلىقلار.

چۈشۈم كېلىشىنىڭ —دىن قوشۇمچىسىدىن تاشقىرى قەدىمكى تۈركىي تېكىستلەردە قوللىنىلغان —غ، —گ قوشۇمچىلىرىمۇ كەڭ قوللىنىلغان. يۆنىلىش كېلىشىنىڭ قوشۇمچىسى —غا، —قا، —گە، —كەدىن تاشقىرى قەدىمكى —غارۇ، —گەرۇ شەكلىمۇ بار.

ئەسەردە ۋاسىتە كېلىشىنىڭ قوشۇمچىسى ھەم مەۋجۇت. ئۇ —دىن قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان (ساۋىن — سۆزى بىلەن).

سۈپەتداشنىڭ —داچى، —تاچى؛ —غما؛ —دوق — تۇق قوشۇمچىلىق شەكلى ھەم ئۇچرايدۇ. پېئىلنىڭ I شەخس ئىستەك رايى — ئالىم قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان. ئۆزلۈك ئالماش — «ئۆز» بىلەن بىرگە «كەنتۇ» سۆزىدىن ئىبارەت.

تەرتىپ سانىنىڭ ھازىرقى ىنچى قوشۇمچىسى ئورنىدا ئەسەر تىلىدا —ىنچ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: تۆرتۈنچ قاتارلىقلار. مۇھىم خۇسۇسىيەتلەردىن يەنە بىرى شۇكى، ئونىڭدىن يۇقىرى تەركىبلىك سانلار تەرتىپى ھازىرقىدەك ئەمەس. بەلكى ئەكسىچە: يەنى ئاۋۋال بىرلىك ئېيتىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز نۆۋىتىدە كېلىۋاتقان سان دېيىلىدۇ: بەش يىگىرمىنچ (15—)، توققۇز ئوتتۇز (29)، بەش قىرق (35)غا ئوخشاش.

ھازىرغا قەدەر پېئىلنىڭ كېلىدىغان زامان قوشۇمچىسى «—غاي» XI ئەسىردە پەيدا بولغان دەپ قارالغان ئىدى، (دەسلەپ بۇ قوشۇمچە —غا شەكلىدە بولغان)، ئەسەر تىلىنى كۆزىتىش «—غاي»نىڭ تېخىمۇ قەدىمكىرەك دەۋرلەردە مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇھىمى، ئەسەر لېكسىكىسى ناھايىتى باي، ئۇنىڭدا قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئىجتىمائىي مەدەنىي ھاياتىنىڭ بىرقانچە ساھەلىرى ئۆز ئەكسىنى تاپقان. شۇنىسى ئېنىقكى، ھازىرقى ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىن ئۆزلەشكەن سۆزلەر ئورنىدا زامانىدىكى ئەسلى تۈركىي سۆزلەر قوللىنىلغان. دادىل ئېيتىش كېرەككى، قەدىمكى تۈركىي تىل ھەر قانداق پىكىرنى ئىپادىلەشكە قادىر بولغان باي تىل ئىدى. ئەسەر لېكسىكىسى بۇ پىكرىمىزگە نەق دەلىل بولالايدۇ. شۇڭا تۆۋەندە ھازىرقى ئەدە-

*كورسىۋ — يازما ھەرپكە ئوخشايدىغان باسما ھەرپ.

بىز تىلىمىزدا ئۇچرىمايدىغان، لېكىن ئەسەر تىلىدا كەڭ قوللىنىلغان سۆزلەردىن مىسال كەلتۈرمەكچىمىز:

ئاۋۇن — دۇنيا، ئاغى — قىممەتلىك بۇيۇم،
باشتېئىقى — دەسلەپكى، بىلگە — دانا،
بۇدۇن — خەلق، ئىگ — كېسەل،
ئېرۇ — ياخشى، ئەد — تاۋار — مال-دۇنيا،
ئەمچى — تېۋىپ، ئەت ئۆز — تەن، ئۆز،
ئەۋ — ئۆي، كۆكۈز — كۆكرەك،
قالىق — ئاسمان، قارشى — ساراي،
ئۆد — ۋاقىت، ئۆكۈز — دەريا،
ئۇدچى — پادىچى، سۇ — قوشۇن،
تامۇ — دوزاخ، تىگىن — شاھزادە،
يالاۋاچ — ئەلچى ۋە باشقىلار.

ئەسەرنىڭ تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنغان دەۋرى ھەققىدە تۈۋەندىكى مۇلاھىزىنى دېيىشكە بولىدۇ. IX ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يىمىرىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن تۇرپاندا قوچو ئۇيغۇر دۆلىتى مەيدانغا كەلدى. بۇ دۆلەت ئىدىقۇتلار دۆلىتى دەپ ئاتالدى. ئىدىقۇتلار دەۋرىدە بۇددا دىنى كەڭ تارقالغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۈركىي تىلدا بۇددىزمغا مەنسۇپ ئەسەرلەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەنلىكى مەلۇم. ئەسەردە ئىدىقۇتلار دۆلىتى تەركىبىگە كىرگەن ئون ئۇيغۇرلار تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن بىز بۇ بەدىئىي ئەسەرنى XI ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن دەپ قارايمىز، ئەسەر تىلىنىڭ قەدىمىيلىكىمۇ بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ.

قۇمۇل نۇسخىسىنىڭ خېتىگە كەلسەك، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ قەدىمكى ھەرپ شەكىللىرى ئەكس ئەتكەن. بۇ ھەرپ شەكلى سوغد يېزىقىغا ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن، مەزكۇر نۇسخا ھەم شۇ دەۋرلەردە كۆچۈرۈلگەن، دېگەن خۇلاسىگە كېلىشىمىز مۇمكىن.

«مايتىرى سىمىت»نىڭ شىنجاڭ نەشرى ئۇنىڭ قۇمۇل نۇسخىسى ئاساسىدا تەييارلانغان. ئۇشبۇ نەشرگە ئەسەرنىڭ دەسلەپكى بەش بۆلۈمى* كىرگۈزۈلگەن. نەشردە دەسلەپ ئۇيغۇر تىلىدا كىرىش سۆز، ئاندىن تېكىست، ترانسكرىپسىيىسى، ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمىسى، بىر بۆلۈك سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك ئىزاھى، گرامماتىك كۆرسەتكۈچ بېرىلگەن. نەشردە يەنە خەنزۇچە كىرىش سۆز، ئەسەرنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى ۋە ئىزاھلار ئورۇن ئالغان. بۇلاردىن تاشقىرى ئەسەر تېكىستىنىڭ قىسقىچە لۇغىتى تۈزۈلگەن. لۇغەتتىكى سۆزلەر ترانسكرىپسىيە، ھازىرقى ئۇيغۇرچە ۋارىيانتى ۋە خەنزۇچە تەرجىمىسى بىلەن بىرگە بېرىلگەن. شۇنىڭدەك، نەشرگە بەش بۆلۈمنى*) تەشكىل قىلغۇچى 63 ۋاراق (126 بەت)نىڭ فاكسىمىلى ھەم ئىلاۋە قىلىنغان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىسلامغا قەدەر ھەم يۈكسەك مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى ۋە بىر ئەمەس، بىرقانچە مۇكەممەل يېزىقلىرى بولغان. ئۇلار ئارىسىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى ئاز ئەمەس. پەنىمىز ئالدىدا قەدىمكى تۈركلەر تەرىپىدىن ئورخۇن-يېنىسەي، ئۇيغۇر، مانى ۋە باشقا يېزىقلاردا پۈتۈلگەن يادىكارلىقلارنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋەزىپىسى تۇرۇپتۇ. بۇ يادىكارلىقلار بارچە تۈركىي خەلقلەر قاتارىدا بىز ئۆزبېكلەرنىڭ ھەم مىراسىمىزدۇر. ئۇلار ئەدەبىياتىمىز، مەدەنىيىتىمىز تارىخىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەھمىيەتلىكتۇر. ئۇيغۇر دوستلىرىمىز قەدىمكى تۈركىي يېزىقىدىكى ئۇشبۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاپ خەيرلىك ئىش قىلدى.

«ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى» گېزىتى (ئۆزبېكچە) نىڭ 1989-يىل 6-يانۋار سانى 3-بېتىدىن ئېلىندى.

تەييارلىغۇچى: ئابدۇقەييۇم خوجا

*ماقالىدە، «4 بۆلۈمى كىرگۈزۈلگەن» دېيىلگەن، تۈزىتىلدى. (ت)
* ماقالىدە، «4 بۆلۈمنى» دېيىلگەن، تۈزىتىلدى.(ت)





بسم الله الرحمن الرحیم



قاشینگ رخساری تا باندور سیا قینگ قیلدی دیوانه — قد فرخنده شیرین خو گوزل نی قیلدی پروانه

لبینگ شهددین شکر بیلگیلیغ توکار ابر بهاراندین — تو رار لؤلوی مرجاندیک سبیح اطوار مردانه

حیوة خضر سالمیش دور سلام ادریس الیاسین — فتوت لیک علم بردار شکوه اسرار جویانه

ایدینگ بو عصر نینگ دهری چمن ده عنبرستاندیک — آچیلغان انجمن سوسن کبی هشیار دردانه

علو همت لیغینگ صیتی توتوبدور مرکز افلاک نی — ملائک لار ایدی بیکر جهان جانینگ غه دورانه

ثنا ایلاب تحیت لار سنا احباب صبح و شام — نجوم آنده ستایش آسمانلار ایچره خوش خوانه

سلامت قیل فراوان عافیت اندوه غم لاردین — دمادم شاد لیغدین یارب افزون بولسو جانانه

سلام تیکور سلیم نینگ سالمیله تا که دوران چرخ — قدم قویسه عوالم اوستیکه اسلام مهمانه

مبارک طلعتیدین اوقولور انجام اسماعیل — نظرده منتظر دور آیت قرآنده قرآنه




源　泉（布拉克）（维吾尔文）总27期 (پەسىللىك ژۇرنال) بۇلاق (ئومۇمىي 27 - سان)

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جىيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىلدى
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN 65-1063/I
本刊代号：58-108 定价：1.90元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋەكالەت نومۇرى: 58—108 باھاسى: 1.90 يۈەن





زاکرجان خالمحمت اوغلی فرقت

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى پەسىللىك ژۇرنىلى

10 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 28 - سان

باش مۇھەررىر: ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن.
مۇھەررىرلەر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن، ياقۇپ ئىسمائىل.

---

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇرىشىت ئىسلام، ئابدۇسالام ئابباس، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، تېيىپجان ئېلىيوپ، رەھمىتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەييۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەمتىمىن يۈسۈپ، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، مەھەممەت رېھىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇلاق

1989 - يىل 3 - سان


## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


پەرھاد ۋە شىرىن........... موللا سىدىق يەركەندى (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

ئىسمائىل ھاجى شېئىرلىرىدىن.................................... (34)

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: مەتقاسىم ئەكرەم، تۇرسۇنىياز كېرەم


### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


فۇرقەت شېئىرلىرىدىن ........................................ (80)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قادىر ئەكبەر


### مەشھۇر كلاسسىكلار


پەرىدىن ئەتتار ...........................شىرىن قۇربان، مەدەلىخان (93)


### ئەدەبىي مۇھاكىمە


ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا يېڭى كىرگەن دەۋردىكى ئىسلام مەدرىسىلىرى...... (97)

.............................................ئىبراھىم مۇتىئى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

دەللە ۋە مۇختار (داستان) ............................................ (113)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: جۈنەيد بەگرى
ئابلا موللام (داستان) ............................................ (142)
رەتلىگۈچى: ئابلىمەت ئىسمىن
گۈلچېھرە (چۆچەك) ............................................ (151)
رەتلىگۈچى: مۇھىددىن سابىت
ئاتا - بوۋىلار نەسىھەتلىرىدىن ............................................ (168)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ھاكىم مۇسا

*            *

چاغاتايچە لۇغەت «ج» ............................................ (180)
تۈزگۈچى: ئابلىمەت ئەھەت

رەسسام: مەھەممەت ئايسۇپ.
خەتتات: نىياز كېرىم شەرقى.
مۇقاۋا ۋە مۇندەرىجە نەقىشلىرىنى ئىشلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى.
مۇقاۋىدىكى فوتو سۈرەتلەرنى ھىسامىددىن ھاجى قايتا تارتقان.
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ليۇ پېيچىڭ.

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدىكى: رەسىم — 1976 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىندى.

2 - بەتتە: مەشھۇر شائىر زاكىرجان خالمۇھەممەت ئوغلى فۇرقەتنىڭ يەركەندىن تېپىلغان ئەينى ۋاقىتتىكى فوتو سۈرىتى.

3 - بەتتە: ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان موللا سىدىق يەركەندىنىڭ «پەرھاد ۋە شىرىن» ناملىق ئەسىرىنىڭ قول يازمىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەتلەر ۋە ئىسمائىل ھاجى شېئىرلىرىنىڭ ئايرىم بەتلىرىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەتلەر.

4 - بەتتە: ئاتاقلىق شائىر فىردەۋسى. 1979 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «فىردەۋسى شاھنامەسىدىن» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىندى.

# پەرھاد ۋە شىرىن

موللا سىدىق يەركەندى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

مۇھەررىردىن: «نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگ» ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي مىراسلاردىن بىرى. بۇ ئەسەر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە» سى ئاساسىدا تالانتلىق ئەدىب ۋە يازغۇچى موللا سىدىق يەركەندى تەرىپىدىن ھىجرىيە 1228 - (مىلادى 1813 - ) يىلى نەسرىلەشتۈرۈلۈپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن. ئاپتورنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە بۇ ئىشقا ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى يەكەننىڭ ھاكىم بېگى مىرزا مۇھەممەت ھۇسەيىن بەگنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن كىرىشكەن. ئاپتور يەنە بۇ ئەسەرگە ئىككى خىل ئىسىم قويغانلىقىنى، يەنى بۇ ئەسەر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە» سىنى نەسرىلەشتۈرۈش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى «نەسرى خەمسە» دەپ ئاتىغانلىقىنى؛ ئەسەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۈچۈن ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلغان مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگكە بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن، بۇ ئەسەرنى «نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگ» دەپ ئاتىغانلىقىنى ۋە ئۇ ئىسمىدىن ئەبجەد ھېسابى بويىچە ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن.

«نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگ» كە نەۋائىي «خەمسە» سى ئىچىدىكى «بەھرام - دىلئارام»، «پەرھاد - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن» ۋە «سەددى ئىسكەندەر» قاتارلىق تۆت داستان نەسرىلەشتۈرۈلۈپ كىرگۈزۈلگەن. «ھەيرەتۇل - ئەبرار» داستانىنىڭ ئورنىغا، نەۋائىينىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى بولغان «مەنتىقۇت - تەير» (قۇشلار تىلى) داستانى كىرگۈزۈلگەن.

موللا سىدىق يەركەندى «خەمسە» نى نەسرىلەشتۈرۈشتە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ يۈكسەك ئىستىداتى ۋە زور ئىجادىي مېھنىتىگە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قاراپ، ئەسەرنىڭ ئەسلى ئىستىلىنى ئىلاجىنىڭ بارىچە ساقلاپ قالغان. شۇ ئاساستا يەنە «خەمسە» نىڭ تىلى، قۇرۇلمىسى ۋە تەپسىلات تەسۋىرلىرىنى نەسرى ئەسەرلەرنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، ئىجادىي يۇسۇندا يېزىپ چىققان.

«پەرھاد - شىرىن» قىسسىسى «نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگ» ئىچىدە

بىرقەدەر زور سالماقنى ئىگىلىگەن ۋە سەنئەت جەھەتتىمۇ ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇرىدىغان مۇھىم ئەسەر. بۇ قىسسىدە خوتەن شاھزادىسى پەرھاد بىلەن ئەرمەن مەلىكىسى شىرىن ئوتتۇرىسىدىكى پاك ۋە گۈزەل مۇھەببەت رىۋايىتى ئاساسى لىنىيە قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ سۆيگۈ-مۇھەببەت يولىدا باشتىن كەچۈرگەن ئاجايىپ-غارايىپ سەرگۈزەشتىلىرى نەسرى تىل بىلەن ئىنتايىن تەسىرلىك بايان قىلىپ بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئەينى ۋاقىتتا چىن ۋە خىتاي نامى بىلەن ئاتالغان جۇڭگونىڭ غەربىي دىيارى (يەنى شىنجاڭ) زور ئىشتىياق بىلەن كۈيلەنگەن. بۇ قىسسە ئۆزىنىڭ تەسىرچان ۋە قىزىقارلىق ۋەقەلىكى، گۈزەل تىلى ۋە رەڭگارەڭ بەدىئىي ۋاسىتىلىرى بىلەن كىتابخانلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزدىكى ناھايىتى مۇھىم تېمىلاردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئەسەرنىڭ يەشمىسى «نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگ» نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان قول يازما نۇسخىسى ئاساسەن نەشرگە تەييارلىنىپ، ژۇرنىلىمىز سەھىپىسىدە تونۇشتۇرۇلدى.

* *

سىرلار مەنىلىرىدىن خەۋەر بەرگۈچىلەر، يۇشۇرۇن ئىزلاردىن نەقىل كەلتۈرگۈچىلەردىن بىرى، ئىشق-مۇھەببەت سەھىپىلىرىنىڭ، مېھرى-شەپقەت يېزىقلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمدارى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ كۆڭۈللەرنى شادلاندۇرغۇچى يېقىملىق قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى، ئىنسان ۋە ھاياتلىقنى پەرۋىش قىلغۇچى [پەرۋەردىگار] ئۆزىنىڭ ئەزەلدىكى خاھىشى، ئەبەدى ئىرادىسىدىن ھاياتلىقنىڭ نەپىس شايىسى ئۈستىگە سەنئەتكار سۈپىتى بىلەن قەلەم تارتىپ، چىن مۇلكىنىڭ گۈزەل جامالىنى تەسۋىرى قۇدرىتى بىلەن شۇنداق بېزىدىكى، چىننىڭ گۈزەل مەشۇقلىرى ئۇنىڭدىن رەشىك قىلىپ، گوياكى چىننىڭ تام سۈرەتلىرىدەك قېتىپ قالدى.

چىن مۇلكى جەننەت كۆزىنىڭ قارىسىغا ئوخشايتتى. يەتتە ئىقلىمدا ئۇنىڭدەك گۈزەل مەنزىرىلىك شەھەر يوق ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ بۈيۈك، شان-شەۋكەتلىك بىر خاقانى بار ئىدى. ئۇنىڭ مەملىكىتىنىڭ كۆلىمىگە ئىككى ئالەم تەڭلىشەلمەيتتى. ھاكىمىيەت مەرتىۋىسى يەتتە ئاسماندىن يۇقىرى ئىدى. لەشكەرلىرىنىڭ مىقدارى يەر يۈزىدىكى قۇم كۆكتىكى يۇلتۇزلاردىن كۆپ ئىدى. بايلىقى قارۇننىڭ خەزىنىسىدىن ئارتۇق ئىدى. كۆككە تاقىشىپ تۇرغان ھەشەمەتلىك قەسىرىنىڭ قاراۋۇللىرى چەت ئەل خانلىرىنىڭ دەرىجىسى بىلەن تەڭلىشەتتى. خاقانى چىن ئالدىدا باشقا مەملىكەتلەرنىڭ شاھلىرى مۇغال قۇللاردەك قول باغلاپ تۇراتتى. مەرھەمەت دەرياسى ئۇممان دەرياسىدىن چوڭقۇر، مۇرۇۋۋەت جاۋاھىرى

كانلاردىن كۆپ، بەلكى تەسەۋۋۇردىن ئارتۇق ئىدى. ئۇ خاقانلار بەزمىسىنىڭ يېگانىسى ئىدى. دەۋر ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى شۇنداق يۇقىرى قىلغانىدى.

خاقانى چىننىڭ تەختى-تاجى گۆھەر-ياقۇتلار بىلەن بېزەلگەن بولسىمۇ، ئۇ، باشقا بىر گۆھەرگە ئېھتىياجلىق ئىدى. مۇراد يېشىدىكى مىڭلىغان گۈللەردىن بەھرىمەن بولسىمۇ لېكىن، ئۆزگە بىر گۈلگە ئارزۇمەن ئىدى. ئۇنىڭ ھۆسنى-جامالىدىن گۈزەللىك يېشىپ تۇراتتى. چېھرىسىنىڭ يورۇقلۇقىدىن ئىككى دۇنيا روشەنلىشىپ كېتەتتى، ئەمما ئۇنىڭ كۆزىدىن قارىچۇقى ئۇچۇپ كەتكەنىدى. ئۇ داۋاملىق: «باقاسىز جاھاندىكى ئارزۇ-تەلەپ قەسرىنىڭ ئاساسى ۋە قۇرۇلمىسى ئاجىز بولۇپ، ئەبەدىيلىك بىناسى بىلەن قارىسىمۇ قارشىدۇر، چۈنكى بۇ، ئۆزگىرىپ تۇرغۇچى جاھان تۈرلۈك ھادىسىلەردىن خالى ئەمەس. گەرچە كىشى مىڭ يىل پادىشاھ بولۇپ، جاھان مۈلكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلسىمۇ، ئاخىرى ئۆلۈم قەدەھىنىڭ شارابىنى ئىچەر ۋاقتىدا ئۆمرى بىر نەپەسچىلىك تۇيۇلمايدۇ. ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەلەك جاھانىنىڭ باقاسىز تۈپرىقىنى تەۋرەتكەن چاغدا، تەختى-مەرتىۋىسى كۆككە يەتكەن پادىشاھ بىلەن، بىر تۈپ يۇلغۇننىڭ ئاستىدا پاناھلىنىپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن گادايىنى تەڭلەشتۈرۈپ قويىدۇ. مەرتىۋىسى كۆككە يەتكەن تاجىدار شاھ بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ پەرزەنتتىن ئىبارەت گۆھەر بىلەن كۆزى روشەنلەشمىسە، ئۇنىڭ ھېچقانچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ. نەزمە:

ئاتا بولسا سەدەپ، پەرزەنتى گۆھەر،
ئۈزۈك بولسا ئانا، پەرزەنتى جەۋھەر.

ئەگەر دەريادا سەدەپلا بولۇپ، ئۈنچە-مەرۋايىت بولمىسا، ئۇنىڭ سۈيى ئاچچىق بىلىنىدۇ. بۇ خىل دەريا ئۆزىنىڭ دەھشەتلىك دولقۇنلىرى بىلەن مەرۋايىت ئورنىغا كۆپۈك چاچرىتىپ، قىرغاقتا قۇرۇق سىزىقلارنىلا قالدۇرىدۇ. بوستانلاردا گۈزەل سەرۋى دەرىخى بولۇپ، ئۇنىڭ مېۋىسى بولمىسا، كىشىلەرگە ھېچقانچە پايدىسى يەتمەيدۇ. بۇ خىل مېۋىسىز دەرەخ ئوتۇن ھېسابلىنىدۇ. كۆكتىكى بۇلۇت يەرگە يېغىن تۆكمىسە، ئۇ قېلىن تۈتۈندىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. چاقماقنىڭ نۇرى ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، بىر پەستىن كېيىن ئۇنىڭ نۇرىدىن قىلچە ئەسەر قالمايدۇ، ئەمما، ئۆچكەن ئوتنىڭ چوغى قالسا، ئۇنى ياندۇرۇش ئاساندۇر.

مەن گوياكى ئاشۇ گۆھەرسىز دەرياغا ياكى تاشنى-تاشقا ئۇرغاندا كۆرۈنگەن چوغسىز ئوتقا ئوخشاپ قالدىم. بۇ ئوتتىن باغرىمدا ئېغىر دەردلەر پەيدا بولدى. چۈنكى، چىن مۈلكىگە خاقان بولۇپ، ئۇزۇن يىللار ھەسرەت چېكىپ-قان يۇتۇپ، بۇ ئۆزگىرىشچان پانى دۇنيادىن كەتكەندە، ياتلار كېلىپ، تەختىمدە ئولتۇرغۇسى؛ زېمىنىمگە ئاياغ قويۇپ، لەشكىرىمگە قول سۇنغۇسى؛ قەسىر-بارگاھىمدا ئارام ئېلىپ، پارلاق زامانەمنى قاراڭغۇلاشتۇرغۇسى؛ كۆپ رەنجۇ-مېھنەتلەر بىلەن يىغقان خەزىنەمگە ئىگە بولغۇسى. ۋا دەرىغا! ئەپسۇس دەيمۇ! نومۇس؟ دەيمۇ؟!

ئەي قادىر ئىگەم! مېنى سەن ئوغۇلسىزلىق دەرد-ئەلىمىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتقۇزغۇچىسەن. بۇ مۇشكۇلۇمنى

ئاسان قىلىپ، بىر ئوغۇل پەرزەنت بىلەن كۆزۈمنى يورۇتقايسەن!» — دەپ مۇناجات قىلاتتى. ئۇنىڭ دائىم سۆزلەيدىغىنى شۇ ئىدى، بۇ ئارقىلىق ئۇ تەڭرىدىن بىر ئوغۇل پەرزەنت بېرىشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ كۆز ياشلىرىدىن ھەر تەرەپكە گۆھەرلەرنى چاچاتتى، ئەمما ئۆز كۆزىگە باشقا بىر گۆھەرنى ئىزدەيتتى. بۇ مەقسىتى ئۈچۈن ئالتۇن كۈمۈشلەرنى چېچىپ، ئاجىزلارغا خەير-ساخاۋەت قىلاتتى؛ تۇغۇلسىزلارغا يار-يۆلەك بولۇپ، ئاتىسىزلارغا ئاتىدارچىلىق قىلاتتى. ئۇ مۇشۇنداق خەير-ئېھسانلار ئارقىلىق تەڭرىدىن بىر ئوغۇلغا ئاتا بولۇشنى تىلەيتتى. ئەمما ئۇ، تەقدىر بىرەر ئىشنى ئىرادە قىلسا ئۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى سەزمەيتتى. بۇ ئالەمدە ھەرقانداق كىشى بىرەر مۇددىئادىن مەنپەئەت كۆرەي دېسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كۆرەلمەيدۇ. ئادەتتە گۆھەر قىزىلگۈل رەڭگىدە، ياقۇتتەك تاۋلىنىپ كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنى قولغا ئالغاندا، قولنى ئوت بولۇپ كۆيدۈرىدۇ. بۇ زامان ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن سېرىق رەڭلەر، كۆزگە ئالتۇن ياپراقلاردەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇ قول بىلەن تۇتقۇچىغا ئوتنىڭ شولىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھەركىم ئۆز ئارزۇسىدىن بەھرىمەن بولغانلىقىنى بىلەلمىسە، بۇ ئۇنىڭ تەقدىرىنىڭ قىسمىتىگە قايىل بولغانلىقىدۇر.

ئەلقىسسە، خاقانىنىڭ دۇئاسى ئىجابەت دەرگاھىغا يېتىپ، مەقبۇل بولدى. ئۇنىڭ تىرىكچىلىك كېچىسىدە بىر ئاي تۇغۇلدى. ئاي ئەمەس، بەلكى ئالەمگە زىننەت بەرگۈچى نۇرلۇق قۇياش كۆز ئاچتى، ئۇنىڭ مۇراد بېغىدا ئوتقاشتەك بىر گۈل ئېچىلىپ، ئۇنىڭ خۇرسەنلىك دىمىقىغا ئەتىر پۇراقلىرىنى چاچتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ گۈل ئەمەس، خاقانىنىڭ جېنىغا چۈشكەن دەرد-ئەلەم شولىسى ئىدى. نەزمە:

بېغىدا چوغ كەبى بىر گۈل ئېچىلدى،
ئەمەس گۈل، بەلكى دەردتىن ئوت چېچىلدى.

دەۋران ئۇ بۈيۈك خاقانىنىڭ قولىغا پەرزەنت ئۈزۈكىنى سالدى، لېكىن ئۇنىڭغا ياقۇتتىن ئەمەس، ئوتتىن كۆز ئورناتتى. بۇ ئۈزۈكنىڭ ئىچى دەرد-ئەلەمدىن قىزدىغان، ئۇنىڭ سىرتقى يۈزلىرىدە بولسا سۆيگۈ-مۇھەببەت سىرلىرى يېزىلغانىدى. ئۇنى ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك دېگەندىن كۆرە، كېچىنى يورۇتقۇچى مەرۋايىت، بەلكى جاھاننى ئۆرتىگۈچى گۆھەر دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئۇنىڭ بېلىرى ۋاپا تەسىرى بىلەن ئىشلەنگەن، ئۇنىڭ كۆكسى بولسا تەسىرى قازا نەققاشلىرى تەرىپىدىن ئىشلەنگەنىدى. بۇ ئوغۇلنىڭ كۆزلىرىدە ياش قىيانىنىڭ ئالامەتلىرى بولۇپلا قالماي، ھەربىر چىقارغان نەپەسلىرىدىمۇ ئاھ-نالە ئۇتتۇنلىرىدىن خەۋەر بېرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا مۇھەببەت نۇرى نامايان، چىرايىدا ۋاپا نىشانى ئوچۇق ۋە ئايان ئىدى. پەلەك ئۇنى «دەرد ئەھلىنىڭ پادىشاھى» دەپ ئاتىسا، پەرىشتىلەر «دەرد ئوتىنى تونۇپ يەتكۈچى» دەپ تەرىپلىگەنىدى. ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن گويا سىياۋۇش ئوت ئىچىدە تۇغۇلغاندا ۋاپا ئەھلى ئارىسىدا خۇشاللىقتىن ئىقاس-چۇقان كۆتۈرۈلۈپ، بىر-بىرىنى تەبرىكلەشكىنىگە ئوخشاش، ئىشق ئەھلىگە تەرەپ-تەرەپتىن ئوت تۇتاشتى. ئاتىسى بۇ يېڭى تۇ-

خۇلغان گۈھەرگە نەزەر تاشلىغىنىدا، ئۇ
سەدەپتەك ئاغزىنى كۆلكە ئۇچۇن ئېچىپ،
ئالەمگە شۇ قەدەر جاۋاھىراتلارنى چاچتى-
كى، بۇ ئىشتىن بارلىق جاۋاھىرلارنى
ساقلىغۇچى دەريا ۋە كانلار غەمگە چۆش-
تى. پادىشاھ بۇ تويغۇلىنىڭ تويغۇلۇقىنى
بىلەن تامامى خالايىققا بازارلارنى زىننەت-
لەپ ياساپ، چىن دۆلىتى ئۇچۇن تۆھپە
ئىزھار قىلىش چاقىرىقى چىقاردى. پۈت-
كۈل بازار ۋە دۇكانلارنى بېزەپ، ئۇنى
گۈزەل ۋە قىممەت باھا تاۋارلار بىلەن
تولدۇردى. شۇ تەرىقە زىبۇ زىننەتلەر بى-
لەن كۆڭۈل قويۇپ ياساش ئارقىلىق پۈت-
كۈل چىن مەملىكىتى گويا چىن سۈرەت-
خانىسىدەك ھالەتكە كەلتۈرۈلدى. خالا-
يىقلار نېمە قىلسا، تەرگەشمەيدىغان، دىيا-
مان قىلىنىشقا دېيىشمەيدىغان بولدى.
ئۇزاق دەۋرانلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن
بۇ كونا ئالەم يېڭى مەرىكە تۈزۈپ، شۇن-
داق بىر بايرام ياسىدىكى، ئۇنىڭ ئەترا-
پىنى بۇ يېشىل رەڭلىك ئاسمان گۈمبى-
زى مۇھايىزەت قىلىپ تۇراپ تۇراتتى.
بۇنداق بەزمىنى كەيانى پادىشاھلىرىمۇ
كۆرمىگەن، بەلكى بۇ يۈزلىگەن شادلىق
ۋە ياخشىلىقلارنىڭ بىردىنىمۇ نىشان تاپ-
مىغانىدى. بۇ شاھىنىڭ پەلەكتەك كەڭ
داستىخانلىرى چەك - چېگرىسىز، ئۇنىڭ
ئۈستىدە قۇياش گىردىسىدەك نانلىرى
ھەددۇ ھېسابسىز ئىدى. مەملىكەت خەلقى-
نىڭ ھاجىتى راۋا قىلىنىپ، ئۈچ يىللىق
باج - خىراجەت ئەل زىممىسىدىن كۆتۈرۈل-
دى. خەلقلەر شاد - خۇراملىقتىن بىردەم-
مۇ ئارام ئالماي، خۇشاللىق زەربىسىدىن
بەدەنلىرىنى ئاسرىغان ھالدا بايرام قى-
لىشماقتا ئىدى. شاھ ئەلنىڭ شادلىق

سۈرەنلىرىنى ياڭرىتىشىنى كۆزلەپ، ئۆز
ئېلىدىن جاپا - مۇشەققەتلەرنى يوقاتقانى-
دى. خالايىقنىڭ شاد - خۇراملىقى ۋە ئەيە-
شى - ئىشرەتى ئۈچۈن ھېسابسىز خەزىنە
دەپىنلەرنى ئايىماستىن سەرپ قىلىپ،
شادلىق مەنزىللىرىنى تۈزۈپ بەرمەكتە
ئىدى. خالايىق مەي - شارابلارنى ئىچى-
شىپ، ئاشۇ ھارارەتلىك قىزىل سۇ ئارقى-
لىق غەم - قايغۇلىرىنى كۆڭۈللىرىدىن
يۇيۇپ تازىلىماقتا ئىدى. نەزمە:

قەدەھ سۇن ساقى، ياڭراتىمىز ئۈچۈن ئۇن،
ماڭا تۇتقىن تولا بىر جامى گۈلگۈن.
مېنى چىن ئەھلى ئوخشاش مەيپەرەست قىل،
تولا چىنچە قەدەھلەر بىرلە مەست قىل.

* *

مەنىلەر سىرلىرىدىن ئۆچۈر بەتكۈزگۈ-
چىسى رىۋايەتچىلەر ۋە يوشۇرۇن ھېك-
مەتلەردىن بىشارەت بەرگۈچى ھېكايەت-
چىلەردىن بىرى، ئاشۇ مېھرى - مۇھەببەت
سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى ۋە سۆيگۈ - سا-
داقەت مەكتۇپلىرىنىڭ ئاپتورى، مەنىۋى
دۇنيانىڭ سۇلتانى، ھېكمەت ئا-
لىمىنىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى مىرزا ئەلى-
شىر (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)
بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە غارايىپ تەسىر-
لىك قىسسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ھەقىقىي ياراتقۇچى بولغان تەڭرى
خاقانغا بىر پەرزەنت ئاتا قىلغاندىن
كېيىن، خاقان بۇ ھەدىيىدىن شاد - خۇرام
بولۇپ، بۇ پەرزەنتنىڭ ھۆسنى جامالىدىن
كۆڭلى سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ ئېتىنى قويۇشقا
تەييارلاندى. شۇ چاغدا بۇ پەرزەنتنىڭ
چىرايىدىن شۇنداق بىر شاھانە ئالامەت
كۆرۈندىكى، ئۇنىڭدىن ئايىمۇ ھارارەت
ئېلىپ، نۇرلىناتتى. يۇزىدىكىلارچە ھىم-
مەت ۋە ئىقبال دۆلىتى ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ

تۇراتتى. خاقانغا ئۇنىڭ فەرسايەسىدىن①
زىيبۇ زىننەت يۇزلەنمەكتە ئىدى.
ئىشق ئۇستازى بۇ بىشارەتلەرنى ئەڭ بۇ-
رۇن سېزىۋالدى - دە، «فەرسايە» سۆزىدىن
«ف، ر» نى، «ھىممەت» تىن «ھ» نى،
«ئىقبال» (اقبال) دىن «ا» نى، «دۆلەت»
تىن «د» ھەرپلىرىنى ئايرىۋېلىپ، بۇ
جاۋاھىرلارنى بىر - بىرىگە بىرىكتۈرۈپ،
«فەرھاد» (فرهاد) دېگەن ئىسىمنى تېپىپ
چىقتى. نەتىجىدە بۇ شاھزادىگە پەرھاد
دەپ ئات قويدى. ئاندىن دەرھال ئۇنى ئېپىز
ۋە ئەۋرىشىم شايىلارغا ئوراپ، قىممەتلىك
جاۋاھىراتلار بىلەن زىننەتلەنگەن بۆشۈك-
كە تۆپتۈز قىلىپ ياتقۇزدى. ھېچ ئاتا ئۆز
پەرزەنتىگە بۇ خىلدا ئىسىم قويۇپ باق-
مىغانىدى. ئۇنىڭ پاك خۇسۇسىيەتلىرىنى
كۆرۈپ يەتكەن ئىشق ئۇستازى ئۇنى دا-
نىشمەن پەرھاد (فرهاد) دەپ ئاتىدى.
بۇ ئىسىمنى يەنە تۆۋەندىكى بەش تۇر-
لۇك ئالامەتتىن ئالدى: «ف» ھەرپى
«فىراق» سۆزىنىڭ، «ر» ھەرپى «رەشك»
(كۈندەشلىك، ئازاب) سۆزىنىڭ، «ھ» ھە-
رپى «ھىجران» سۆزىنىڭ، «ا» ھەرپى
«ئاھ» (اه) دېگەن سۆزنىڭ، «د» ھەرپى
پى «دەرد» سۆزىنىڭ باش ھەرپلىرىدىن
يالغۇز ھالدا ئايرىۋېلىندى. ئىشق ئۇس-
تازى بۇ جەۋھەرلەرنى بىر - بىرىگە قوش-
قاندى «فەرھاد» (فرهاد) ئىسمى كېلىپ
چىقتى. ئىشق ئۇستازى پەرھادنى زار -
زار يىغلاتقان ھالدا، جاپا - مۇشەققەت
بۆشۈكىگە باغلاپ بەند قىلدى. ئۇنىڭ
ئورنىنىڭ بۆشۈك ئىچىدە بولغانلىقى گو-
يا بەخت - دۆلەت قۇشى بول-
غان ھۇما قۇشىنىڭ ئارامگاھى

قەپەس ئىچىدە بولغىنىدەك بىر
ئىش ئىدى. پەلەك كېلىنچىكى
گويا بۇ شاھزادىگە ئىنىك ئانا بولغاندەك
كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر
ئېلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۆشۈكى ئەترا-
پىدا چىن ۋە خىتاينىڭ كاتتا دۆلەت ئەر-
بابلىرى ۋە رەئىسلىرى شېرىن - شېكەر
تىللىرىنى ئىشقا سېلىپ، سۆيگۈ - مۇھەب-
بەت ئەپسانىلىرىدىن ھېكايە ئېيتىشاتتى.
ھەمىسى ئۆز كۆزلىرىدىن ئۇيقۇنى قاچۇ-
رۇشقان ھالدا، ئۇنىڭغا ئۇيقۇ كەلتۈرۈش
ئۈچۈن ناۋا مۇقامىنى ئېيتىپ ناۋا قىلى-
شاتتى. ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى باشقا
باللارغا ئوخشىمايتتى، كۆزلىرىگىمۇ ئاسان
ئۇيقۇ كەلمەيتتى. ئىنىك ئانا ئۇنىڭ
جىسمىغا قۇۋۋەت بولسۇن دەپ، ئېغىزىغا
سۈتنى ساغاتتى. لېكىن ئاغرىق كىشىگە
بادام شېرىسىنى ھەرقانچە ئىچۈرسىمۇ
شىپا ۋە ساغدۇر ھاسىل قىلالمىغىنىغا
ئوخشاش، ئىنىك ئانىنىڭ سۈتى شاھزا-
دىگە ھېچبىر قۇۋۋەت ۋە مەنپەئەت بېرەل-
مىدى. ئەگەر ئىشق ئانىسى ئۇنىڭغا بىر
تامچە سۈت ئىچۈرسە، ئۇنىڭ ھەربىر
تامچىسى سۆيگۈ - مۇھەببەت دەسمايىسى
ئۈچۈن بىردىن گۆھەر بولاتتى. ئۇ بەر-
گەن ھەربىر تامچە سۈت شاھزادە ئۈچۈن
بىردىن مەنە ۋە ھېكمەت دۇردانىسى ئىدى.
سۆيگۈ ئانىسىنىڭ ھەربىر تامچە سۈت
بېرىشىنى سەزگەندە، ئۇ ئىمكانىيەتنىڭ
بارىچە ئىنتىلىپ گويا چۆمۈلىدەك ئىمزا-
لىناتتى. شاھزادە بۇ ئىمزادىن ئۆزىگە
يولۋاس بالىسىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدەك
قۇۋۋەت تاپاتتى. ھەركىمگە سۆيگۈدىن
قۇۋۋەت يەتسە، ئۇ كىشى سۈت ئىچسە
گۆھەر، قان يۇتسا ياقۇت بولىدۇ.

① فەرسايە — پارلاقلىق، سۈلەت، ھەيۋەت، ھەشەمەت.

كۈنلەر شۇ يوسۇندا ئۆتۈپ پەرھاد بىر ياشقا كىردى. ئۇنىڭ بېشى گۆھەردىن زىننەتلەنگەن شاراپەتلىك تاجغا يەتتى. ئۇ بۆشۈكنى تاشلاپ، بەخت سائادەتلىك قەدەملىرى بىلەن ئۆمىلەپ مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ پاك گۆھەرنىڭ يېشى ئۈچكە يەتكەندە، ئىشىق ئەپسانىلىرىدىن سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ تۇرىدىغان ئورنىمۇ ئىشىق ھۇجرىسىدىن ئىبارەت بولدى. شۇنىسى ئاجايىپ ئىدىكى، ئۇ ئۈچ ياشقا كىرگىنىدە ئون ياشقا كىرگەن بالىدەك كۆرۈنەتتى. ئەل بۇ ئىشتىن ھەيران، پەلەك بىلەن قۇياش بۇ ئەھۋالدىن سەرگەردان بولماقتا ئىدى. ئاتىسىمۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران بولسىمۇ، ئەمما بۇنداق بولۇشىنى مۇۋاپىق ھېس قىلاتتى، خاقان ئۇنىڭ بەستلىك قامىتىنى كۆرگىنىدە «جەڭ ئىشلىرىغا لايىق ئادەم بولىدىغان بولدى» دەپ قارايتتى.

خاقان بۇ ئوغۇلنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن شۇ قەدەر دانىشمەن بىر ئالىمنى تاپتەكى، بۇ ئالەمدە ئۇنىڭ بىلىمگە تولغان ئىچكى دۇنياسى جاھاندەك كەڭ ئىدى. ئاسترونومىيە جەھەتتە ئاسمان مۇشكۇللىرى ئۇنىڭغا ئاسان ئىدى. بەلكى ئۇنىڭ ئۆتكۈر زېھنى ئالدىدا پەلەك مۇشكۇلگە قالاتتى. ئۇنىڭ يولى قۇياش كەبى رەۋشەن، قەلبى بولسا ئۇنىڭدىنمۇ پارلاقراق ئىدى. ھەرقانداق چىگىش ۋە مۇشكۇل ئىلىملەرمۇ ئۇنىڭ بىلىمى ئالدىدا ئايان ۋە ئاسان بولاتتى. ئۇ تەپەككۇر تۇلپارىنى پەلەكىيات مەيدانىغا چاپتۇرغىنىدا، ئاسمان بۆلەكلىرىنىڭ ۋاراقلىرىنى بىر-بىرلەپ ئاختۇرۇپ چىقاتتى. ئىلمىي ھېكمەتتە ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەربىرىنى نەچچە قىسمىغا بۆلۈپ كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ دىققەت نەزەرى ئالدىدا ئىنچىكسىز بىر چېكىتمۇ كاتتا بىر جىسىمدەك ئېنىق نامايان بولاتتى. ئىلمىي تەبىئىي، ئىلمىي رىيازى ۋە ئىلاھىيەت ئىلىملىرىنىڭ قائىدە-قانۇنلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا ئېلىپبەدەك روشەن ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە يۇنان ھېكمىتى ھېچنەرسە ئەمەس ئىدى. ئارىستوتېل ئۇنىڭ بىر شاگىرتىنىڭ باراۋىرىدە ئىدى. ئالەم دانىشمىنى بولغان بۇ زات شاھزادىنى ئۆز مەجلىسىنى يورۇتقۇچى چىراق دەپ بىلىپ، ئۇنى شاگىرت قىلىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى ۋە ئۇنى تەربىيەلەشنى قاتتىق تەكىتلىدى. شۇنداق قىلىپ گويا قۇياش پەلەك ئالدىدا مەنزىل ئۆتكەندەك شاھزادە بۇ بۈيۈك ئالىمنىڭ مەجلىسىدىن ئورۇن ئالدى.

ئەلقىسسە، ئۇستاز ئېلىپبەدىن تەلىم بېرىش ۋاقتىدا، باشلىنىشىنى شۇنداق مەنە بىلەن باشلىدىكى، شاھزادە ئېلىپتىن ئەلەم (الم) نى، بەدىن بالاقازانى چۈشەندى. ئۇ گۈل يۈزلۈك سەرۋى ئەبجەد ئۆگىنىشكە كىرىشكەن كۈندىن باشلاپ تاكى ئۈچ ئاي توشقانغا قەدەر بولغان قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە تولۇق ساۋاتلىق بولدى. بۇ دولھوسۇللۇق بىر يىلدا ئۇ «قۇرئان» نى ئاساسەن يادقا ئېلىپ بولدى. شاھزادە ئۈچۈن ھەرقانداق ساۋاقنى بىر قېتىملا كۆرسە، ئۇ ۋاراقنى ئىككىنچى قېتىم ئېچىش ھاجەتسىز ئىدى؛ ھەرقانداق تەلىم-تەربىيىنى بىر قېتىم ئوقۇسىلا، ئۇنىڭ كۆڭۈل بەتلىرىگە يېزىلىپ، جان سەھىپىلىرىگە نەقىشلىنىپ مەڭگۈ ئۆچمەس بىر كىتابقا ئايلىنىپ كېتەتتى. ئۇ ھەرقانداق گۈزەل

ئەخلاق ۋە ئەدەپ خىسلەتلەر ھەققىدىكى دەرسلەرنى ئوقۇغىنىدا بارلىق سەھىپىلەرنى قويماي يادقا ئالاتتى؛ ئاشىقلىق ماقالىلىرىنى كۆرگىنىدە كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، ھالى خارابلىشاتتى؛ ئىشقى مۇھەببەت بايانلىرىنى تەكرار قىلىپ ئوقۇغىنىدا نالە-زارى تېخىمۇ كۈچىيەتتى؛ ئاشىقلارنىڭ غەم-قايغۇلىرى ھەققىدە ئوقۇغىنىدا غەمگە چۆكەتتى، دەرد-ئەلەم سەۋەبىدىن ياقا يىرتىپ نالە قىلغانلار ھەققىدە دەرس ئوقۇغىنىدا شاھزادە ئۆز ياقىسىنى يىرتىپ يىغلايتتى. ئەگەر بىرەرسى ئۇنىڭغا مۇھەببەت ھەققىدە ئازراقلا رىۋايەت سۆزلەپ بەرسە، بۇخىل روھى كېسەل ئۇنىڭغا گويا يۇقۇملۇق كېسەلدەك تېز ۋە قاتتىق تەسىر قىلاتتى. ئۇ ئاشىقلارنىڭ كۆڭلى جاراھەتلەنگەنلىكىنى بىلسە، زار-زار يىغلايتتى، ئەگەر كىشىلەرنىڭ كۆزىدە ياش كۆرۈپ قالسا، شاھزادە ئاندىن بەكرەك نالە-زار قىلىپ ياش تۆكەتتى. ئۇستاز شاھزادىدىكى بۇخىل ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، ھەيرانۇھەس قالدى. بۇ دانىشمەن ئالىم ھەر سائەتتە يۈزمىڭ تەپەككۇرلار بىلەن چارە ئىزدەيتتى. پەرھادنىڭ ئاتىسى ئوغلىنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن ھەيران ئىدى؛ بىچارە ئانىسىنىڭمۇ پىكىر-يادى مۇشۇ ئىشتا ئىدى. ئۇستاز بۇ ئىشنى چۈشەندۈرۈپ: «كىچىك بالا دىگەننىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق بولىدۇ» دەيتتى. ئەمما پەرھادنىڭ ئاتا-ئانىسى بۇنىڭغا قايىل بولماي: «ئەجەبا، باشقا بالىلارنىڭ ئەھۋالى مۇنداق ئەمەسقۇ؟!» دىيىشەتتى. بۇ ئىشقا شۇ يوسۇندا ھەر بىر ئادەم بىر قىسما تەبىر بېرىشىپ، تەڭرىنىڭ يەنە قانداق قىسمەتلىرىنىڭ يۈز بېرىشى ھەققىدە پاراڭلىشاتتى.

ئەلقىسسە، بۇ ئاجايىپ ۋە غارايىپ ۋەقەلەر خەلق ئارىسىدا پاش بولۇپ، تارقىلىپ كەتتى. پەرھاد ئون ياشقا كىردى. ئۇ جاھاندا تېخى ھېچكىم شۇغۇللىنىپ باقمىغان ئىلىملارنى تەتقىق قىلىپ ھەققىتىگە يەتمەي قويمىدى. ئۇنىڭ ئالتۇن بويلىرى ئون باھارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋاقتىدا ئۆزىدە يىگىرمە ياشلىقلارنىڭ قەددى قامىتىنى يېتىلدۈردى. ئۇ پۈتكۈل ئىلىملەرنىڭ ھەممە كىتابلىرىنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ھەربىي ئىلىمگە كۆڭۈل باغلاپ، باتۇرلۇق-قەھرىمانلىق پەنلىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى، بۇ جەھەتتىنمۇ ئاز ۋاقىت ئىچىدە شۇنداق ماھىر بولۇپ يېتىشتىكى، ھەرقانداق قەھرىمانلىق ۋە پەھلىۋانلىق ھۈنەرلىرى ئۇنىڭدىن مانا مەن دەپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ ئوقيانى قولىغا ئېلىپ شۇنداق تۈزەتتىكى، ئوقيانى شەرقتىن غەربكە قەدەر تارتىپ يايىنىڭ ئىككى بېشىنى بىر قىلاتتى؛ قارا تۈندە ئۇنىڭ كامان ئوقىغا پەلەك نىشان بولاتتى، ئۇ ئوق ئۆزگىنىدە پەلەك تۆركى (قەھرىمانى) بولغان مىررىخ (مارس) يۇلتۇزىمۇ ۋەھىمە تارىلىرىنى ئېچىپ، ئۆز ئەتراپىغا تۇسۇقلارنى ياساپ مۇداپىئەگە ئۆتەتتى. ئۇنىڭ قىلىچىنىڭ زەربىسى ئالدىدا ھورمۇز① قىرغىنىمۇ سۇغا پېتىپ، غىلاپ شەكلىدىكى قولتۇققا ئايلىنىپ قالغاندى. بەلكى تاغلارمۇ قاتتىق تاشلاردىنمىز دېمەستىن، چاك-چاك يېرىقلارنى ھاسىل قىلىپ، ئۇنىڭ قىلىچى ئۈچۈن غىلاپ بولۇشقا مەجبۇر ئىدى.

① ھورمۇز — ئىران لەۋھەسىدىكى دېڭىز قولتۇقى رايونى.

ئۇ گۈرزىسى بىلەن ئىلبىرس ئېغىغا زەربە بەرسە، ئۇنىڭ زەبىتىدىن تاغ تاشلىرى بۇغداي ئۇنىدەك يۇمشاپ، چاڭ - توزانلىرى كۆك يۈزىنى قاپلايتتى؛ نەيزىسىنى پەلەك ھەربىكىدەك چاقنىغان پىرقىرىتىشتا كىرىشكىنىدە، توختىماي ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەلەك ئۆزىگە قالغان تۇتۇشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇنىڭ نەيزىسىنىڭ بىر ئۇچىچى، يەر ئاستىدىكى بېلىققا① سانجىلسا، يەنە بىر ئۇچى ئاسمان يۈزىگە ئۆرۈلەتتى. بۇ سەرۋى بويلۇق شاھزادە ئېتىنى چايتۇرۇپ، مەيدان ئامان يۈرۈش قىلغىنىدا بۇ ئالەم مەملىكىتى تاكى قۇياشقا قەدەر پاتىپاراق بولۇپ كېتەتتى. ئۇ ئۆزى مىنگەن تۇلپارنىڭ سۇرئىتى بىلەن پەلەكنىڭ ئۇچىۋۇر ئېتىنى كېيىن قالدۇرۇپ بەھرامدەك پالۋانلارنىڭ بوينىغا سالما سالاتتى. ئۇنىڭ ئالتە قىرلىق گۈرزىسىدىن يەتتە قات ئاسمانغا ئاپەت يېتەتتى؛ خەنجىرىنىڭ ۋەھىمىسىدىن ھۇتنىڭ②يۈرىكى سۇ بولاتتى. ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچى يولۋاسنىڭ بويىنىنى ئۈزەتتى. بۇ يولۋاستەك باتۇر يىگىتنىڭ ئالدىدا نەچچىلىگەن يولۋاسلار ئاجىز بولۇپ قالاتتى. رويىنتەندەك مەشھۇر قەھرىمانلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن قول سىقىشسا، ئۆز قولىنىڭ قاتتىق ئاغرىپ كەتكىنىدىن ئىڭراپ تاشلايتتى. پەرھاد بۇ قەدەر يۈكسەك ئىلىمى ئىقتىدارى، بۇ قەدەر تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرىتى ۋە زەبەردەست قەددى - قامىتى بىلەن يەنە ئۆزىنى ئىلىمىيە ئوقۇيدىغان بالىلاردىن تۆۋەن تۇتاتتى. تامامى پادىشاھلار ئۇنىڭ قەسرى ئالدىدىكى گاداي ئىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنى گادايلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى تۇپراقتەك پەس ۋە ئاجىز بىلەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە پادىشاھلىق بىلەن گادايلىق تەڭ، بەلكى گادايلىق ئارتۇقراق ئىدى. كىشىلەر شاھزادىنى تەرىپلەپ: «ئۇنىڭ كۆڭلى ۋە كۆزلىرى پاك دېيىشەتتى، ئۇنىڭ سۆز ئىبارىلىرى، بەلكى پۈتكۈل ۋۇجۇدىنىڭ ھەممىسى پاك ۋە غۇبارسىزدۇر. بۇنداق پاك سۈپەتلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم لايىق ئەمەس» دېيىشەتتى. خالايىق ئۇنىڭغا توختىماي دۇئا قىلىشاتتى. ئۇنىڭ تەرىپىگە ئەگەر تۇساتتىنلا بىر سوغۇق شامال كېلىپ قالسا، پۈتۈن چىن مەملىكىتىنىڭ خەلقى سوغۇق ئاھ ئۇرۇپ، پۈتكۈل ئەسلى - ۋەسلىنى، بەلكى جېنىنى قۇربان قىلىشقا تەييار ئىدى. پەرھادنىڭ ئاتىسىمۇ ئۇنىڭغا دەرت - ئەلەم يېتىپ قالمىسۇن دەپ، ھەر كۈنى خەزىنىلەرنى بېشىدىن ئۆرۈپ سەدىقە قىلاتتى. لېكىن پەرھاد بىر زەررە دەردنى كۆرۈپ قالغۇدەك بولسا، خەزىنىلەرنى خەجلەپ ئۇنىڭغا خىرىدار بولاتتى. ئۇنىڭ ئىچى ۋە تېشى، كۆڭلى ۋە كۆرۈنۈشى دەرد - ئەلەمگە ئەسىر بولغان ھالدا يېشى ئون ئۆتكەيەتتى. نەزمە:

ئۆزات، ساقى، شارابى دەردۇ غەمنى،
كۆڭۈل چۈنكى تولا تارتتى ئەلەمنى.

* *

سىرلار مەنبەلىرىدىن خەۋەر بەرگۈچى رىۋايەتچىلەر ۋە يوشۇرۇن سىرلاردىن نەقىل كەلتۈرگۈچى ھېكايەتچىلەردىن بىرى، ئاشۇ مېھرى - شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ

---

① قەدىمكى رىۋايەتلەردە دېيەرلىك ئاسماندىن بىر مۆكۈز بىر مۈڭگۈزدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، مۈڭگۈزنى بولسا بىر دانە بېلىق كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ» دېيىلىدۇ.

②ھۇت 1) چوڭ بېلىق. ئەمەلدا 2) قەدىمكى ئاسترونومىيەدە ئون ئىككى بۇرجنىڭ ئەڭ ئاخىرى؛ شەمسىيە ھېسابىدىكى ئاي ئىسمى (فېۋرال ۋە مارت ئارىسىغا توغرا كېلىدۇ)

ۋە سۆيگۈ مۇھەببەت مەكتۇپلىرىنىڭ مۇئەللىپى ھېكمەت ئالىمىنىڭ سۇلتانى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ئەزەل بىناكارى ئىككى ئالەم قەسىرىنى بىنا قىلىش ۋاقتىدا لايىھىسىنى مۇنداق تۈزدى: خاقانغا پەرزەنت مۇرادى ھاسىل بولۇپ، شادلىق بەزمىسىدە ئارام ئالدى، ئۇنىڭ بەزمە گۈللىرى ئېچىلىپ گۈلشەن ھاسىل بولدى. خاقانىنىڭ ھاياتلىق كېچىسىدە پەرھادتىن ئىبارەت بىر شام پارلىدى، ئۇنىڭدىن تارالغان جانغا ئوت سالغۇچى ئۆتكۈر شولىلار دىللارغا ھۇزۇر بېرەتتى. ئۇ شامنىڭ ئوتى گاھ ئۆتلۈق ئەلەڭگە تىللىرىنى ئاسمانغا سوزسا، گاھى دانە-دانە ياشلىرىنى يۈزلىرىگە تۆكەتتى. ئۇنىڭ ھەر بىر تامچە كۆزيېشى بىر دانە مەرۋايىت ئىدى. ئىشقى مۇھەببەت پەرھادنىڭ يۈزىگە قاراپ مەخپىي ھالدا: «چىرايىڭنى زەپىرەڭدەك سارغايتىمەن» دېسە، غەم يۈكى ئۇنىڭ قەددى-قامىتىگە قاراپ: «ئېلىپتەك بويۇڭنى دالدەك ئېگىمەن» دەيتتى. سۆيگۈ ئەپسانىسى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ: «ساڭا بىردەممۇ ئۇيقۇ بەرمەيمەن» دېسە، دەرد-ئەلەم ئۇنىڭ كۆڭلىگە قاراپ: «بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى بۇ كۆڭۈل ئۆيىدىن تۇغ تارتىپ ھاۋاغا چىقىمەن» دەپ تەھدىت سالاتتى. بۇ ئۆزگىرىشچان پەلەك بىرەر ھادىسىنى پەيدا قىلاي دېسە، ئۇنىڭ ئالامەتلىرىنى بۇرۇنراق كۆرسىتىپ قويىدۇ. ئۇ ئەگەر كىشىنىڭ بەدىنىگە ھارارەت پەيدا قىلماقچى بولسا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ رەڭگىنى زەپىرەڭدەك سارغايتىدۇ. ئەگەر بىروغا تەقدىردىن بالاقازا يۈزلەنسە، ئاۋۋال ئۇنىڭ ئەھۋالى ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ. پەرھادقا كەلگۈسىدە ھېسابسىز دەرد-ئەلەملەر كېلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ بايرام كۈنلىرىمۇ ئەلەملىك ئىدى. كىشىلەر ھەرقاچان ئەيش-ئىشرەت ئۈچۈن جاملىرىنى گۈلرەڭ شارابلار بىلەن تولدۇرۇپ، ماھىر سازەندە ۋە خۇشناۋا غەزەلخانلار كۆڭۈلگە شادلىق بېغىشلىغۇچى غەزەللەرنى توۋلاپ، تەرەپ-تەرەپتە بەزمە تۈزگىنىدە، ئەل بۇ شاۋقۇن-سۈرەندىن ھېسابسىز شاد-خۇراملىققا چۆمەتتى، ئەمما، پەرھادنىڭ بولسا شاد-خۇراملىقى دەرد-ئەلەمگە ئۆزگىرەتتى. ئاشۇ بەزمىلەردە ئەگەر مەجنۇننىڭ كەچمىشى ھەققىدە سۆز بولۇپ قالسا، پەرھاد قايغۇغا چۆكەتتى. ئەگەر بىرەرسى غەم ھەققىدە ئازراقلا رىۋايەت سۆزلەپ قالسا، بۇ غەمكىن شاھزادە تېخىمۇ غەمكىن بولۇپ كېتەتتى. ئۇ سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە ئاشىقلىق سۆزلىرىنى ئاڭلىغىنىدا، كۆزلىرىدىن ئاققان ئىككى دەريانى تىزگىنلىيەلمەي قالاتتى. خاقان پەرھادنىڭ بۇ ھالىتىدىن خەۋەر تاپقىنىدا چوڭقۇر خىياللارغا چۆكەتتى. «بۇ پەرزەنتىم دائىم غەمدىن ئازاد بولمىدى، بىر نەپەسمۇ شادلانمىدى. بۇ ئاھۇ-پىغاننىڭ ۋەجى ۋە بۇ يىغا-زارىنىڭ سەۋەبى نېمە؟» دەپ، سوغۇق ئاھ تارتاتتى.

چىن مەملىكىتىدە دۇنيادىن تېپىش مۇمكىن بولمىغان خىلمۇخىل ئاجايىپ-غارايىپ نەرسىلەر، گۈزەل ۋە نازۇك مەشۇقلار، ئىنتايىن چاققان ۋە ئەپچىل ھۇ-

نەرۋەنلەر، بىۋاپا پەلەكتەك ماھىر ئويۇنچىلار، كۆك شاھمات تاختىسىدىن قۇياش ئۇرۇقى (پىگورىسى)نى ئوغرىلىۋالغۇچى ھەييارلار، تۈننى يورۇق، كۈننى قاراڭغۇ قىلالايدىغانلار، سۇدىن ئوت ياندۇرۇپ، ئوتتىن سۇ ئالغۇچىلار، ئىچىدە ئوت كۆيۈپ شولا چىچىپ تۇرغۇچى ئاتەشدانىنىڭ تېگىدە سۇزاپ ئۇرۇقنى بىخلاندۇرۇپ، كۆكەرتەلەيدىغانلار، ئۆمۈچۈك تورىغا تۆمۈرچىنىڭ سەندىلىنى ئاسالايدىغان كىشىلەر، بەلكى بۇلاردىمۇ ئاجايىپ-غارايىپ نەيرەڭۋاز سېھىرگەرلەر ھەددى-ھېسابسىز ئىدى. خاقان بۇلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، پەرھادنى ھەر كۈنى ئۇلارنىڭ مەشرىپىگە قاتناشتۇردى. ئۇلارمۇ سېھىرگەرلىك ۋە نەيرەڭۋازلىق ھۈنىرىنى يۈز ھەسسە زىيادە كۆرسىتىشكە باشلىدى. شاھزادە پەرھاد ئۇلارنىڭ ھۈنىرىنى چوڭقۇر تەپەككۇر بىلەن كۆزىتىپ، ئەھۋالىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ، سىرىنى ئېچىۋېتەتتى. شاھزادە بۇ ئاجايىپ ھۈنەرلەرنىڭ سىرىنى سېزىۋېلىپ، بىردەم شادلىناتتى-دە، ئاندىن كېيىن بۇ ئىشلارنىڭ ھېچ بىر ئەجەبلەنگۈدەك يېرى قالمايتتى. ھەر قانداق مۇشكۇلنىڭ سىرى ئېچىلىپ كەتسە، مۇشكۇل بولالمايدۇ.

چىن مەملىكىتىنىڭ خانى بولغان بۇ جاھانگىر پادىشاھ بۇ تەدبىرلەر بىلەنمۇ كۆتكەن مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن، چارە-ئامال تاپالماي ناھايىتى تىت-تىت بولدى. ئۇ ئويلاپ-ئويلاپ، يەنە بىر ئىش قىلىشنى خىيالىغا كەلتۈردى: «تۆت چوڭ قەسىر ياساتقۇزاي، ئۇنىڭدا تۆت پەسىلنىڭ ھاۋاسى ۋە رەڭگى نامايان بولسۇن. شاھزادە پەرھاد ھەر بىر پەسىلدە ئۆزىگە مۇناسىپ بولغان قەسىردىن ئورۇن ئېلىپ شادلانسۇن، ئۇ قەسىرلەردە ئەيش-ئىشرەت سورۇنلىرىنى تۈزۈپ، تىنىق ۋە تازا شارابلارنى ئىچىپ پاراغەت بىلەن ئۆتسۇن. بۇ قەسىرلەر شۇنداق ياسالسۇنكى، ھەر بىر قەسىرنىڭ ئەتراپىدا راھەتلىك باغ بىنا قىلىنسۇن، ئۇ باغنىڭ ھەربىر گۈلى گوياكى كېچىنى يورۇتقۇچى چىراغدەك جۇلالىنىپ تۇرسۇن. دانالار ھەربىر پەسىلنىڭ رەڭگى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگىلەپ قەسىرنىڭ رەڭگى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ شۇنىڭغا مۇۋاپىقلاشتۇرسۇن. باھار پەسلىدە ئولتۇرىدىغان قەسىرنىڭ ئاساسىنى قۇرۇپ، پۈتۈشى بىلەنلا، ئۇنىڭ ھەممە جايلىرى گۈل-چېچەكلەردىن بېزەلسۇن. ھەر بىر گۈل گويا بىر گۈل يۈزلۈك مەشۇقتەك ئۇ قەسىرنىڭ يۈزىنى گۈل رەڭگىدە قىلسۇن. يەنە بىر قەسىرنى ياز پەسلىگە ئوخشىتىپ تۈزسۇن. ئۇنىڭ ئىچىدە يازنىڭ بارلىق نازۇ-نېمەتلىرى ۋە باغۇ-بوستانلىرى ئورۇن ئالغان بولسۇن. بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ رەڭگى ياز پەسلىدە يېشىل بولغىنىدەك، بۇ قەسىرمۇ يېشىل رەڭدە تەييارلانسۇن. يەنە بىرى قىشلىق قەسىر بولسۇن. ئۇ قەسىرنىڭ ھەممە يېرى خىتاينىڭ كافۇر رەڭگىدىكى ئاپئاق ئۇپپىلىرى بىلەن سىرلاپ قار-مۇز رەڭگىگە ماس قىلىنسۇن. يەنە بىر قەسىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كۈز پەسلىنىڭ رەڭگىدە، زەپىرەڭدەك بولسۇن، ئۇنىڭ ھەممە جايلىرىنى زەرگەرلەر تىللا ۋە ئالتۇنلار ئارقىلىق زىننەتلىسۇن. بۇ پەلەك مىسال تۆت قەسىرنى بىنا قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن تۆت پەسىل نامايان قىلىنسۇن، بۇ قەسىرلەر گوياكى چىن سۈرىتىدەك نەپىس

ۋە گۈزەل قىلىپ تەييارلانسۇن. ئۇنىڭدىن
جەننەتنىڭ شاد ـ خۇراملىقى ئايان قىلىن ـ
سۇن. ئۇ قەسىر ئىمارەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى
پىردەۋس جەننىتىنىڭ بىنالىرىدەك ئورۇن ـ
لاشتۇرۇلسۇن. ئۇ يەرنىڭ ھۇر ـ غىلمان ـ
لىرى خىتاي ۋە چىنىنىڭ نازىنىن مەشۇق ـ
لىرىدىن بولسۇن. بۇ نازىنىنلار گويا جەن ـ
نەتۇل ـ پىردەۋستىكى ھۇر ـ پەرىلەردەك
جىلۋىلىنىپ تۇرسۇن. شەكسىزكى، بۇلار ـ
دىن شاھزا پەرھاد ھوزۇر ئېلىپ، ئىل ـ
ۋەتتە شاد ـ خۇرام بولىۋېرىسۇن». خاقان
يۇقىرىقىدەك ئوي ـ خىياللارنى كۆڭلىدىن
ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، بۇ ھەقتە پەرمان
چۈشۈردى. بۇ پەرمانغا بىنائەن بارلىق
ھۈنەرۋەنلەر يىغىلدى. ئۇستازلار كېلىپ
لايىھەنى تۈزۈپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا
ھەربىر ھۈنەرۋەن ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسە ـ
تىپ، شادلىق ئىزھار قىلىشقا باشلىدى.
تاشچىلار ئويۇل تاشلارنى يونۇپ، بىر
پەستىلا گۈللەرنىڭ ياكى ھايۋاناتلارنىڭ
ھەيكىلىنى تەييار قىلىشاتتى. نەققاشلار
كۆكۈللەرنى مەھلىيا قىلغۇدەك نازۇك نە ـ
قىشلەرنى چېكىپ، بىردەمدىلا بىر قەسىرنى
گۈلشەنگە ئايلاندۇرۇۋېتەتتى؛ ئۇلار ئاز
پۇرسەت ئىچىدىلا يۈز قەسىرنىڭ ئىشىنى
پۈتكۈزەلەيدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرەت ـ
تى. ھېسابسىز ئاجايىپ ـ غارايىباتلار
يۈزگە چىقىپ، كۆپلىگەن نەپىس سۈرەت
شەكىللىرى مەيدانغا كەلمەكتە ئىدى. ھەر
دەقىقىدە بىر شەكىل كۆزگە چېلىقسا كۆز
يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا يەنە باشقا
بىر شەكىل نامايان بولاتتى. ئۇ يۈز قىسما
شەكىللەر نامايان بولغاندا، ئۇنى ياساۋات ـ
قانلارمۇ يۈز خىل مەشغۇلاتلارنى كۆرسەت ـ
مەتتى. ئۇلار بۇ شەكىللەرنى ياسىماقچى

بولغاندا بىر تۈرلۈك سەنئەتكارلىقتا مەش ـ
غۇل بولسا، ياساپ پۈتكۈچە بولغان ئارى ـ
لىقتا يەنە باشقا خىل ئۇستىكارلىقنى بى ـ
لەن پەيزى قىلىشاتتى. بۇ ئىشلارغا ھەر ـ
بىر ھۈنەرۋەننىڭ تەبىئىتى. كۆنۈپ كەت ـ
كەن بولۇپ، ئۇنى ئۆگۈنۈشلۇق پۈتكۈزۈشتە
شەك يوق ئىدى. خاقان بۇنداق بۈيۈك
ئىمارەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش قۇدرىتىگە
ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن كۆڭلى سۆيۈنۈپ
چەكسىز شادلاندى.

خاقاننىڭ ھۇزۇرىدا پەرخۇندە دەس ـ
تۇر دەپ ئاتىلىدىغان بىر ۋەزىر بار ئىدى،
ئۇنىڭ بەرىكەتلىك ئائىدە تۈزلىمىرىنىڭ
شاراپىتىدىن مەملىكەت ئاۋات، ئەل ئىش ـ
لىرى تەرتىپلىك ئىدى. بۇ مەملىكەت شە ـ
ھەرلىرى بۇ ۋەزىردىن ئۆزگىچە ھۆسىن ۋە
زىننەت تاپاتتى. شۇڭا خەلق ئىچىدە
ئۇ «مۈلكئارا» (دۆلەتكە زىننەت بەرگۈچى)
دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى. شاھ
ئۆزى خالىمىغان ئىشنى بۇ ۋەزىرگە بۇي ـ
رۇمايتتى ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالماي
ھېچ ئىش قىلمايتتى. ئۇ پەرھادقا كى ـ
چىك ئاتا بولۇپ كەلگەندى. پەرھادمۇ
ئۇنى ئۆزئاتىسىدەك كۆرەتتى. پەرھادنىڭ
پاراكەندە ئەھۋالى ۋە ئاللايىمقان ھالەت ـ
لىرىدىن رەنجىگەن ئاتىسى كۆپ ئوي ـ
خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەندىن كې ـ
يىن، خىلۋەت ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۆزىنى
ئەلدىن پىنھان قىلدى. ئاندىن ۋەزىر
مۈلكئارانى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزى ئوي ـ
لىغان ئالىي قەسىرلەر، ھۆرى غىلمانلار ۋە
باغ ـ بوستانلار ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر ـ
لىرىنى ۋە بارلىق ئوي ـ خىياللىرىنى تەپ ـ
سىلىي سۆزلەپ بەردى. خاقان مۈلكئاراغا
دۇئا قىلىپ:

— ھەي پەرخۇندە دەستۇر، ئەمدى سېنىڭ مۇبارەك پەم-پاراسىتىڭگە ئايان بولمىغان ھېچ ئىش قالمىدى. ھازىردىن باشلاپ كېرەكلىك ئىشقا تېز تۇتۇش قىلماق كېرەك، — دەپ بۇيرۇدى.

مۇلكئارا پەرماننى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خاقانغا خۇشال ھالدا تەزىم بەجا كەلتۈردى. شاھ ئالدىدىن قايتىپ چىقىپ ئۆز ھۇجرىسىدا خۇشال-خۇرام ئولتۇرۇپ، كېرەكلىك ئەسۋابلارنى توپلاشنىڭ پىلانىنى تۈزدى. نەزمە:

ماڭا سۇن، ساقى، جامىڭ بىرلە، مەيزاپ
كى بۇ سائەتتە تەييار بولدى ئەسۋاب.
بۇ ئاسمان يەتتە قەسىردۇر ۋاپاسىز،
جاھانىنىڭ تۆت پەسلىدۇر باقاسىز.

* *

مەنىلەرسىرلىرىدىن خەۋەر بەرگۈچى رىۋايەتچىلەر ۋە يوشۇرۇن ئىزلاردىن بىشارەت بەرگۈچى ھېكايەتچىلەردىن بىرى، ئاشۇ مېھرى-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ ۋە سۆيگۈ-مۇھەببەت مەكتۇپلىرىنىڭ مۇئەللىپى، ھېكمەت ئالىمىنىڭ ھۆكۈمرانى، مەنىۋى دۇنيانىڭ خاقانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نىڭ بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە غارايىپ تەسىرلىك قىسسىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ.

ئەلقىسسە، بۈيۈك خاقان مۇلكئاراغا پەرمان قىلىپ:

— تۆت قەسىر بىنالىرىنى گويا دۆلەت تۈزۈلمىسىگە ئوخشاش ئورۇنلاشتۇرغىن، — دېدى.

مۇلكئارا بۇ پەرماندىن سۆيۈنۈپ، ئاتلاندى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئىقبال ھەشەمىتى گويا دۆلەت ئەركانلىرىغا ئوخشاش قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇراتتى. ھېسابسىز ئالىملار ئۇنىڭ ئىزەڭگۈسى ئەتراپىدا ھەمراھ بولۇپ، سانسىزلىغان دانا بىناكارلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، شاد-خۇرام ھالدا ئىشنى باشلىدى. ئۇلار چىن شەھىرىنىڭ ئەتراپىنى بىر-بىرلەپ كېزىپ چىقىپ، تۆت ئورۇننى تاللىدى. بۇ جايلارنىڭ سۈيى، ھاۋاسى ۋە گۈزەل مەنزىرىلىرى جەننەت ھۇزۇرىدىن نەمۇنە كۆرسىتەتتى؛ شۇنداقلا، ھەر بىر پەسىلگە مۇۋاپىق كېلەتتى. بۇ ئورۇنلار شاھزادىنىڭ ئارامگاھى بولۇشقا ھەققەتەن لايىق ئىدى. مۇلكئارا تاملارنىڭ يۈزىنى كۆرسىتىپ، ھەر بىر تامغا تۆت بۈيۈك جەدۋەل سىزىقلىرىنى تارتىشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن باغلارنىڭ پىلانلىرى ۋە قەسىرلەرنىڭ لايىھىلىرى تۈزۈلۈپ پۈتتى. پەرمان چۈشۈرۈش جەھەتتە نۆۋەت دارادىن ① ئۆتۈپ، مۇلكئاراغا يەتكەنىدى.

چىن ھەملىكىتىدە تەڭداشسىز ئىككى ئۇستاز بار ئىدى. بۇ ئىككىيلەن قوشكېزەك قېرىنداشلارغا ئوخشايتتى، بىرىنىڭ لەقىمى بانى، يەنە بىرسىنىڭ لەقىمى مانى ئىدى. كىشىلەر بۇلاردىن بىرىنى كۆرسە، يەنە بىرسىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتى. چىن ھەملىكىتىدە بانى بىنالارنى ياساپ پۈتكۈزسە، مانى كېلىپ، ئۇ بىنالارغا نەققاشلىق بىلەن زىننەت بېرەتتى. بانىنىڭ بىناكارلىق كەسپىدە شۇ قەدەر ماھارىتى بار ئىدىكى، ئۇنى تەرىپلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلاتتى. ئۇ كۆككە تاقاشقان بۈيۈك قەسىرلەرنىڭ لايىھىسىنى تۈزگەندە، كۆرگۈچىلەر تاڭدەك قېتىپ قالاتتى. ئۇنىڭ ماھارىتى ئالدىدا سۇ ئۈستىگە گۈمبەز قۇرۇش، سۇدىن كۆۋرۈك چە-

① دارا — قەدىمكى ئىران شاھلىرىدىن بىرى.

قارغاندەك ئاسان ئىدى. ئۇ ھەرقانداق بىر قەسىرنى بىنا قىلسا، ئۇ بىنا يىقىلىپ چۈشۈشتىن ئاسمان قەسىرىدەك ئازاد ۋە مۇستەھكەم بولۇپ چىقاتتى. ئۇ بىنا ياسىسا، توپىسىنى تاشتەك چىڭ، ھاكلىرىنى پولاتتەك مۇستەھكەم قىلىپ پۈتكۈزەتتى.

مانى شۇنداق ماھىر نەققاش ۋە رەسسام ئىدىكى، بۇ ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەلەكنىڭ نەقىشلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا تام نەقىشلىرىدەك ئايان ئىدى. ئۇ بۇ ئالەم دائىرىسىنى سىزسا، ئۇنىڭ سىزىقلىرى جەدۋەل (سىزغۇچ) ئۇتقاندەك تۈز، چەمبىرى پەركار (سىركول) دا سىزغاندەك توغرا چىقاتتى. ئەگەر ئۇ جانسىزلارغا سۈرەت زىننىتىنى بېرىشكە باشلىسا، سىزغانلىرى كىشىگە گويا سۈرەتكە ئېلىنغان تىرىك جاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇنىڭ قەلىمىنىڭ كۆلەڭگىسىدىن ھاسىل بولغان گۈزەللىكنى باشقا يۈزلىگەن قەلەملەرمۇ سىزىپ بېرەلمەيتتى. ئەگەر ئۇ بىرەر كىشىگە چۈشىدە قەلەم بەرسە، ئۇ كىشى ئۇيقۇسىدىن تەڭداشسىز ئۇستاز بولۇپ ئويغىناتتى.

يەنە بىر ئۇستاز بار ئىدى، ئۇنىڭ ئەپچىل ۋە چەبدەسلىكى پەلەك ھەرىكىتىدەك چاققان، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ نازۇكراق ئىدى. ئۇ دائىم ئويۇل تاشلار لەشكىرى بىلەن جەڭ قىلىپ، قاتتىق تاشلارنى بويسۇندۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى «تاش كېسەر قارەن» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇنىڭ مىتىنىنىڭ ئۇچى قاتتىق تاشلارنى تېشىپ، گۈلشەندەك نازۇك پەنجىرىلەرنى ئاچاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مىتىنى بىلەن پۈتۈن ئۆمۈر بويى مۇشۇ ھۈنەر سەھىپىسىدە قەلەم تەۋرىتىپ كېلىۋاتاتتى. يەنە نۇرغۇنلىغان تەڭداشسىز ئۇستازلار بار ئىدىكى، ئۇلاردەك ھۈنەرۋەنلەرنى جاھان ۋە زامان كۆرۈپ باقمىغانىدى.

دانىشمەن مۇلكئارا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ھەر قايسىسىنىڭ ئەھۋالى ۋە ھۈنەرلىرىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا شاھزادىنىڭ كەيپىياتى سەۋەبىدىن خاقاننىڭ بۇيرۇغان پەرمانلىرىنى بىر-بىرلەپ يەتكۈزدى. ۋەزىر ئۇلارغا گۈزەل جەننەتتەك تۆت باغ قۇرۇلسۇن، تۆت قەسىر جەننەت بېغىدەك زىننەتلەنسۇن. شاھزادە پەرھاد تۆت پەسىلدە ئۇ يەردە ئارام ئالسۇن. ئۇنىڭ كۆڭۈل قۇشلىرى ھەر بىر باغ ئىچىدە رام بولسۇن» دەپ، ھەممە باغ ۋە قەسىرلەرنىڭ سۈرەت، نەقىشلىرى ۋە رەڭلىرىنى تولۇق سۈپەتلەپ چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ لايىھىسىنى بۇنداق تۈزمەك كېرەك، بۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى مۇنداق ئىشلىمەك كېرەك ...» دەپ تەپسىلىي جېكىلىگەندىن كېيىن سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا خەزىنىلەرنى توختىماستىن تاش-تۇپراقتەك ئۆكۈۋەتتى. بارلىق ئۇستازلار ئۆز ھۈنەرلىرىگە تەييار بولۇپ، ئىش باشلاش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. مۇلكئارامۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى سۆيۈندۈرۈپ، قۇرۇلۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى توپلاشقا كىرىشتى. ئالدى بىلەن بۇ تۆت ئىشنىڭ تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈش ئۈچۈن ھېسابسىز نۇرغۇن ماتېرىياللارنى بۇيرۇدى. ھەر بىر ئىشنى باشلاش ئۈچۈن كارۋانلاردىن يۈز كىشى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، ھەر يۈز كىشىنىڭ ئەتراپىدا مىڭلاپ ھۈنەرۋەن تەييار بولۇپ تۇرۇشاتتى. خىش ۋە تاشلارنى توشۇش ئۈچۈن

پىل ۋە ھارۋىلارنى راسلاپ، شۇنداق تۇتۇش قىلدىكى، ئۇلار چىن مەملىكىتىنىڭ ئىچى ۋە تېشىدىكى بارلىق كۆكۈل مەيدانلار ۋە خارابىلارنى قاپلىدى. ئۇلاردىن پۈتكۈل تاغۇ سەھرالارغا شاۋقۇن-سۈرەن چۈشتى. ئېغىر يۈكتىن پەلەككە ئېغىر كۆلپەتلەر يەتتى. بىر تاغنىڭ ئۈستىگە يۆلىگەن تاش كەسكۈچىلەر چىقىپ، ھەر بىر ئىشنىڭ ئۈستىگە مىڭلاپ ھۈنەرۋەنلەر ئولتۇرۇپ ئىشقا تۇتۇش قىلدى. بۇ ئېغىر تاشلار يۈكى ئاستىدا ئاسمان چەمبىرىدەك ھارۋىلار ئايلىنىپ، يۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلار شەپەق چۆككەندىمۇ، تاڭ يورۇغاندىمۇ ئىشتىن باش تارتماي، شەپەقتەك قىزىل ۋە سۈبھىدەك ئاق تاشلارنى ئىش ئورنىغا توشۇماقتا ئىدى. رەندىلەرنىڭ دولقۇنى ۋە ئاۋازىدىن دېڭىز ھاسىل بولغان بولۇپ، گويا ھەر بىر دېڭىز تۆت قىرلىق دولقۇنلارنى ياساپ شاۋقۇن سېلىۋاتقاندەك ئىدى. ياغاچچىلار ئۇد ۋە سەندەل ياغاچلىرىنىڭ ئارىسىدا گوياكى مال بىلەن تولغان دۇكاندا ئولتۇرغان سودىگەرلەردەك كۆرۈنمەي قالاتتى. ھەرىلەر تاش ۋە ياغاچچىلارنى خۇددى سەندەل ياغىچىنى كەسكەندەك كېسەتتى. ھەرە كېپەكلىرى گويا قىش كۈنىدىكى قاردەك توختىماستىن يېغىپ تۇراتتى. لاي ئەتكۈچىلەرنىڭ سۇ توشۇيدىغان سوغىلىرى پەلەك بىلەن باراۋەر ئىدى. لاي سۇنغۇچىلار ۋە كەتمەن تۇتقۇچىلار پالچىق ئىچىگە پېتىپ قېلىپ، ئاسمان گۈمبىزىدەك راۋاقلارنىڭ ئۈستىدە لاي سۇنۇشنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ئۇستازلارغا قاراپ ۋارقىرايتتى. ئىش بۇيرۇغۇچىلار توختىماي «ھاي، ھۇي» دەپ، تېز بولۇشقا قىستار، ئىش قىلغۇچىلارمۇ ئارام تاپماستىن ئىشلەپ تۇرار ئىدى. بۇ ئىشتىن پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە سۈرەن-چۇقان چۈشۈپ، ئىنسانىيەت بولسا جىمى ئالەمگە شاۋقۇن-سۈرەن سالماقتا ئىدى. ئىش بۇيرۇغۇچىلار ئىش ئۈستىدە شۇنداق ئايلىنىپ يۈرەتتىكى، ئۇلارنىڭ ئىزتىراپلىرى سەۋەبىدىن يەتتە قات ئاسمانمۇ خۇددى سىركولدەك ئايلانماقتا ئىدى. ئۇستازلار ئىشلەپ ھارماس، بىر دەم ئارام ئالماس ئىدى.

بۇ ئىمارەتلەرنىڭ ئىشلىرى ئورۇنلىشىپ تۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىشلارنى شاھزادىگە بىر-بىرلەپ بايان قىلدى: «شۇنداق بىر ئالىي قەسىر بىنا قىلىندۇكى، جەننەتۇل-مەئۋا ئۇنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇپ، ئەل كۆزىدىن غايىب بولدۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر گۈمبىزى ئالدىدا ئۇپۇق گۈمبىزى كۆرۈنمەي قالدۇ. پۈتكۈل ئالەمدە بۇ قەسىرلەرنىڭ تەڭدىشى يوقتۇر». ئۇلار شۇ يوسۇندا ھېسابسىز تەرىپ، تەۋسىپلەرنى قىلغانلىقتىن شاھزادىنىڭ بۇ ئىمارەتلەرنى كۆرۈشكە ھەۋىسى ئاشتى. ئۇ ئاتلىنىپ، سەھرا تەرىپىگە شۇنداق راۋان بولدىكى، گويا پەلەك ئارغىمىقىغا مىنگەن ئايدەك يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈز نەپەر ئاي يۈزلۈك خۇش خۇي يىگىت ئاتلارغا مىنىشىپ، خۇددى ئاي ئەتراپىدىكى يۇلتۇزلاردەك بىللە يۈردى. پەرھاد ئېتىنى توختىماستىن سۈرۈپ يېتىپ بارغىنىدا، شۇنداق بىر قىيامەتنى كۆردىكى، پۈتكۈل ئالەم خەلقىغە ئاجايىپ بىر ھاياجان چۈشۈپ، يېمەك-ئىچمەك، راھەت ۋە ئۇيقۇنى ئۇنۇتقان ھالدا ئىشلىمەكتە ئىدى. ئىمارەتلەرنىڭ ئۈستىگە قويىدىغان بىنا تاشلىرىنى شۇنداق ئېگىز كۆتۈرۈشمەكتە ئىدىكى، بۇ ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەلەك ھەر

نەپەستە «ئېھتىيات قىلىڭلار!» دەيتتى.
ئاسمان گۈمبىزىگە تاقاشقان ئېگىز
جازىلارنى باغلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۇس-
تازلار زوھەل يۇلتۇزىدەك قونۇپ ئولتۇ-
رۇپ ئىشلەۋاتاتتى. بىنالارنىڭ ئۈستىگە
ئېگىز گۈمبەزلەر چىقىرىشقان بولۇپ، ئاس-
مان گۈمبىزى ئۇنىڭغا قىلىپ بولۇپ تۇ-
راتتى. ئۇستازلار بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ ئۆ-
زىنى ئۇنتۇغان، باشقا ھەممە ئىشلارنى
ئېسىدىن چىقىرىشقانىدى. شاھزادە بۇ ئاجا-
يىپ-غارايىپ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، ھەيران-
لىق ئىچىدە بارماقلىرىنى چىشلىگەن ھال-
دا قېتىپ قالدى. ئۇ ھەر بىر ھۈنەرنى
كۆرگىنىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ بۇ ئاجايىپ
ئىشلارغا ئاپىرىن ئېيتاتتى. ھەر بىر ھۈ-
نەرۋەننى كۆرگىنىدە ئۇلارنىڭ غارايىپ
ئىشلىرىغا قىزىقىپ قالاتتى. ئۇستازلار ھەر
تەرەپتە تاشلارنى كېسىپ پارە-پارە قى-
لىشماقتا، ئۇلارنىڭ كەكىسى ئالدىدا قارا
تاغلار گويا پىچاق ئالدىدىكى سېرىق ياغ-
دەك ئىدى. يەنە بىرىنىڭ ئالدىدا قارا
تاشلار مومدەك بولۇپ، ئۇنى ھەرقانداق سۈ-
رەتكە كەلتۈرۈۋېرەلەيتتى. يەنە بىرسى
قاتتىق تاشلارنى خۇددى يۇمشاق ياغاچنى
يونىغاندەك يونۇپ، تۈگرۈك قىلىش ئۈچۈن
پىل پۇتى شەكلىدە ياساپ، نەقىشلەۋا-
تاتتى.

ئۇستازلارنىڭ ئارىسىدا نەقىش باغلى-
غۇچى بىر ئۇستاز بار ئىدى. ئۇنىڭ پۈت-
كۈل نەقىشلىرى گويا ھېيلىدەك كۆرۈنەت-
تى. ئۇ نەققاشلىقتا تەڭداشسىز كىشى
بولۇپ، تاشلارنى نەپىس سۈرەتلەرگە ئاي-
لاندۇرۇۋېتەتتى. ئۇ تۆمۈر قەلىمىنى تاش
ئۈستىدە ھەر تەرەپكە ھەرىكەتلەندۈرسە،
بەئەينى ئۇپراقنى سىزغاندەك سىزىقچە-
لارنى پەيدا قىلاتتى. قەلىمىنى ئوينىتىپ
يۈز خىلدىكى نەقىش ۋە تەسۋىرلەرنى يا-
راتقىنىدا مانىمۇ كۆرۈپ ھەيران قالاتتى.
شاھزادە ئۇ دانىشمەننىڭ ئىشلىرىنى كۆر-
گەندىن كېيىن، بىر پەس ئۇنى تاماشا قىلغۇ-
سى كەلدى. شاھزادىنىڭ ئاتتىن چۈشكەنلى-
كىنى كۆرگەن ئۇستاز دەرھال ئەسۋابلىرى-
نى ئىشقا سېلىپ، شاھزادە ئولتۇرغۇدەك
بىر تاشنى تەخت قىلىپ ياساپ بەردى.
شاھزادە ئۇنىڭ ئۈستىدە بەختلىك ھال-
دا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، سۆز باشلىدى:

— ھەي دانىشمەن ئۇستاز، بۇ ئاجا-
يىپ ھۈنىرىڭدىن بىر بابىنى بايان قىلغىن.
بىزگە ھۈنىرىڭنىڭ بىر تارمىقىنىڭ سىرى
ئايان بولۇپ قالسۇن. ھۈنەرلىرىڭنىڭ ئەھ-
ۋالى بىلەن ئىسمىڭنىمۇ بايان قىلغىن.
قاتتىق تاشلارنى كەكە بىلەن مومنى يونۇ-
غاندەك يونۇۋاتىسەن. پەقەت كۆرۈپ باق-
مىغان ئىشلارنى قىلىۋاتىسەنكى، ئەقىل ۋە
ئىدرەك ئۇنىڭغا ئاجىزدۇر. ئەگەر قاتتىق
ياغاچلارنى پىچاق بىلەن يونۇسا ئۇنىڭ
بىسى ھەرىدەك بولۇپ قالىدۇ. ئەسۋابلى-
رىڭنى قانداق سۇ بىلەن سۇغارغانىدىڭ،
ئۇنىڭدا ئويۇل تاشلارنى يونۇساڭمۇ، سايمان-
لىرىڭ بىر زەررە زەرەرگە ئۇچرىمايۋا-
تىدۇ، بۇ قانداق كارامەت؟ ئاۋۇ قەلىمىڭ-
مۇ قارا تاشلارنى كېسىۋاتىدۇ. ئۇنىڭمۇ
سىرىنى ئېيتىپ بەرگىن.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان دانىشمەن
نەققاش يەر سۆيۈپ تەزىم بىجا كەلتۈر-
گەندىن كېيىن، سۆزىنى ياخشى دۇئالار
بىلەن باشلىدى:

— ئەگەر ئالەمنىڭ ھاۋادىسلىرى
كوھىقاپتەك بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئاسايىش-
لىق تېپىپ، غېمىڭنىڭ بېشىنى بەخت-

ئىقبالىنىڭ تېشى بىلەن چېقىپ، دۈشمىنىڭگە قاتتىق تاشلارنىڭ زەخمىتىدىن نېسىۋە بېرىپ، مۇشەققەت تېغىدا ئاۋارە قىلغايسەن. ئاۋۋال ئېتىمنى سوراپ ئاندىن ھۈنىرىمنى سورىدىڭ. ئىسمىمنى قارەن دېيىشىدۇ. ئىشىم ئوچۇق-ئاشكارا تۇرۇپتۇ، مانا قولۇمدا كەكە، ئالدىمدا ئۇيۇل تاشلار. ئۇنى مىتىن ۋە كەكە بىلەن ھەرقانچە يونۇساممۇ ئەسۋابلىرىم سىنمايدۇ. بۇ ئەسۋابلارنى سۇغىرىشتا ئاجايىپ بىر ھالەت باركى، ئۇنىڭدىن باشقىلارنى خەۋەردار قىلالمايمىز. ئۇستاز ئۇنى سۇغىرىپ يۈز يىلغىچە ئۇيۇل تاشلارنى ياكى پولاتنى يونۇسىمۇ، ئەسۋابلىرىنىڭ سىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەيدۇ. بەلكى ئۇپراپمۇ قالمايدۇ. خىتاي ئۇستىلىرى بۇ ھۈنەرنى ئىجاد قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئالەم خەلقىدىن ھەر ئىشتا ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن ئۇلارمۇ مەن بىلگەننى بىلمەيدۇ ۋە مەن قىلغاننى قىلالمايدۇ.

ئۇستاز بۇ ھېكمەتلەرنى بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، شاھزادە بۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغلىدى:

— مەن سېنىڭ بۇ ئىشىڭنى بەكمۇ ياقتۇرۇپ قالدىم، — دېدى ئۇ ئۇستازغا، — شۇڭا بۇ ئىشقا مېنىڭ كۆز ئالدىمدىلا مەشغۇل بولۇپ ھۈنەر قىلغىن. سەن تاشلارنى گاھ يونۇپ، گاھ نەقىشلەپ تۈگەتكەن، مەن ئولتۇرۇپ بىر-بىرلەپ كۆزىتەي.

ئۇ ھۈنەرۋەن ئۇستاز بېشى ئاسمانغا تاقاشقان تاشلارنى تەييار قىلدى. شاھزادىنىڭ كۆڭلىنىڭ بۇ مەشغۇلاتقا باغلىنىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، تاش يونۇش ۋە نەقىش ئويۇشقا كىرىشتى. ئۇ كەكىسىنى تاشلارغا سالغاندا شاھزادە ئاپىرىنلار ئېيتىپ، ھەيرانلىق ئىزھار قىلاتتى. شاھزادە شۇنداق قىلىپ تاكى كۈن تاشلار دۆۋىسى ئىچىدە ئۆزىنى يوشۇرغانغا قەدەر بۇ ئىشقا مەشغۇل بولدى. ئاندىن ئاتلىنىپ، شەھەر تەرەپكە گويا قۇياش تاغ ئارقىسىغا يۈزلەنگەندەك يۈرۈپ كەتتى. نەزمە:

ماڭا سۇن، ساقى، بىر رەڭگىن شارابنى،
كۆڭۈلگە غەم تېشى سالدى ئازابنى.
شۇ سەل غەم خارىنى ① دىلدىن سۈپۈرسۇن،
ئەمەس غەم خارى، بەلكى تاشنى سۈرسۇن.

* *

سىرلىق مەنزىلەردىن خەۋەر بەرگۈچى ۋە رىۋايەتلەردىن نەقىل كەلتۈرگۈچىلەردىن بىرى، سۆيگۈ داستانلىرىنىڭ، مۇھەببەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

شاھزادە تاش كېسىش مەيدانىدىن نامازشام ۋاقتىدا ئوردىغا قايتىپ كەلدى. تاشچىلىق ھەۋىسى ئۇنىڭ قەلبىنى ئەسىر قىلغانىدى. توختالغان ئەقىل ھەر قانچە ھۈنەر ۋە پاراسەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەۋەس گۆدەكلىرىنىڭ ئىلكىدە ئاجىزدۇر.

تۈن قارا تاغدەك ئاغدۇرۇلدى. جاھاننى يورۇتقۇچى قۇياش تاغلارغا يالقۇن چېچىپ، ئاسماننى مەرمەر رەڭگىگە كىرگۈزۈپ، پەلەكنىڭ چوققىسىغا مىندى.

شاھزادە ئاتلىنىپ تاش كېسىش مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. ھۈنەرۋەنلەر جىددىيلىشىشكە، ھودۇقۇشقا

① خار — تىكەن.

باشلىدى. ئۇ ھەر بىر ھۈنەرۋەننىڭ ماھارىتىگە چوڭقۇر نەزەر سالاتتى، سۆھبەتلەشكەندە ھەر بىر ھۈنەرۋەننىڭ ئۆز ئىرمىنى بويىچە سۆزلەپ ئۆتەتتى. ئۇلارمۇ شاھزادىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۆز ئىشىنى تېخىمۇ تېز ئىشلەشكە كىرىشەتتى.

شاھزادە ھۈنەرۋەنلەردىن بەھرىلىنىپ، قارەن تەرەپكە ماڭدى. ئۇ قارەننىڭ ئالدىغا كېلىپ، قارەن تاشتىن ياساپ بەرگەن تەخت ئۈستىدىن ئورۇن ئالدى.

قارەنمۇ ھېلىقى يالتىراپ تۇرغان تاشنى يونۇشقا باشلىدى. ئۇ تۆمۈرچى ئۇستىنى كەكە، مىتىن ياساپ بېرىشكە بۇيرۇدى. تۆمۈرچى ئۇستا كېلىپ ئىشقا تۇتۇش قىلدى. ئۇنىڭ تاۋلىغان تۆمۈرى گوياكى بەدەخشاننىڭ ياقۇتىدەك، بەلكى شەپەقتەك يالتىرايتتى. ئۇستا ئۇنىڭدىن خىلمۇخىل ئېسىل ئەسۋابلارنى ياسىدى. لېكىن، قارەن بۇ ئەسۋابلارنى ئۆزى سۇغاردى، ئاندىن تاشلارنى يونۇپ، ياساشقا باشلىدى. شاھزادە قارەننىڭ ھەر بىر ئىشىغا يوشۇرۇنچە كۆز سېلىپ، ئاشكارا ۋە مەخپىي ھۈنەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىۋالدى. ئۇ قارەنگە ئوخشاش ماھارەت بىلەن تاش يونۇشقا كىرىشتى. بارا - بارا قارەندەك ئۇستىلاردىن يۈزلەپ كىشلەر پەرھادقا شاگىرت بولدى. شاھزادە كىشلەرنىڭ گەپ - سۆزىدىن ئەندىشە قىلىپ بەزىدە يوشۇرۇنچە كەكىنى قولىغا ئالاتتى. بەزىدە ئاشكارا ھالدا شۇنداق كامالىغا يەتكۈزۈپ ئىشلەيتتىكى، ئۇنىڭ بىر كۈندە قىلغان ئىشىنى باشقا ئۇستىلار بىر ئايدا ئاران تۈگىتەلەيتتى. شاھزادە ھەر كۈنلۈكى شۇ خىل مەشغۇلاتلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاخىرى ھۈنەردە كامالەتكە يەتتى.

ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپ، جەننەتتەك ئالىي تۆت قەسىر قەد كۆتەردى. قارەن بۇ ئىمارەتلەرنىڭ تاشقى قىسمىغا ئۆزىنىڭ سەنئەتسازلىق ماھارىتىنى ئىشلەتتى. ئىچكى قىسمىغا مانى نەققاشلىق قىلدى. ئۇ ھەر بىر خانىنى شۇنداق تەسۋىرى نەقىشلەر بىلەن بېزىدىكى، ئېيتقاندىن يۈز ھەسسە ئارتۇق ئىدى. نەققاشلار تەسۋىرگە قەلەم تارتقاندا، ئىش بۇيرۇغۇچىلارمۇ ئىختىيارسىز نەققاشلارغا ئايلىنىپ قالاتتى. مانى قايسى بىر سۈرەتنى سىزسا، پەرھاد ئۆزىنىڭ نەققاشلىق قەلىمى بىلەن شۇ سۈرەتنىڭ يۈزىنى ئېچىپ، تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋېتەتتى. پەرھاد بۇ ھۈنەرنى ناھايىتى ئاز ۋاقىت ئىچىدە ئۆگىنىپ ئالدىكى ئۇ سىزغان تەسۋىرى نەقىشلەرنى باشقا ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك سىزالمايتتى.

ئەلقىسسە، بۇ قەسىرلەر پۈتكۈچە شاھزادە قەسىرنىڭ ئىچى - تېشىغا تاشچىلىق ھەم نەققاشچىلىق قىلدى. ئۇستازلار ۋە كامالەت ئىگىلىرىنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى يۈزەگە چىقسا، پەرھاد ئۇنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، شۇ ھۈنەرنىڭ ئۇستىسى بولۇپ چىقاتتى.

ئالىي قەسىرلەر پۈتكەندىن كېيىن،
جەننەت مىسال باغلارمۇ ياسالدى.

«ئەتىيازلىق قەسىر»، شۇنداق زىننەتلەندىكى، ئۇنىڭ ئىچى - تېشى قىزىل گۈل رەڭگىدە بولۇپ، [illegible]ەتلىرىمۇ

گۈلدەك چىراي ئاچقانىدى. ئىشرەت گۈلزارلىرىغا گۈل رەڭگىدىكى چىرايلىق گىلەملەر سېلىنىپ، گۈلرەڭلىك نەپىس شايىلاردىن كۆرپە-ياستۇقلار تەييارلانغانىدى. قەسىرنىڭ ئىشىك، دېرىزە، تۈڭلۈك، بوسۇغىلىرىمۇ قىزىلگۈل رەڭگىدە سىرلانغانىدى.

«يازلىق قەسىر» يېشىل رەڭدە زىننەتلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ رەڭگىگە يېشىل ئاسمانمۇ ھەيران قالاتتى. قەسىر ئەتراپىدىكى چىمەنلىكلەردە ياپيېشىل ئۆسۈملۈكلەر ۋە قارىغاي، سەرۋى دەرەخلىرى ئۆسكەن ئىدى. بۇلبۇل ۋە تۇتىلار بۇ يەرگە ماكانلىشىپ، ئۈستىگە يېشىل شايىدىن كىيىم كىيىپ، ناۋا قىلىشاتتى. يېشىل رەڭلىك يىپەك كۆڭلەكلەرنى كىيگەن مەشۇقلار بوستانلاردا يېشىل قەدەھلەرنى مەيگە تولدۇرۇپ، بىر-بىرىگە تۇتۇشاتتى. بۇ قەسىرنىڭ چوڭ تاشلىرى ئورنىغا زەبەرجەد قويۇلغانىدى. ئۇششاق تاشلىرى ئورنىغا زۇمرەت چېچىلغانىدى. بۇ پەلەككە ئوخشاش قەسىرنىڭ ئىچى-سىرتى يېشىل رەڭلىك ئىدى. قەسىر ئۈستىدىكى گۈمبەز تاۋلىنىپ تۇرغان يېشىل قۇرام تاشقا ئوخشايتتى، گۈمبەزنىڭ سىرتى يېشىل چىنىگە ئوخشاش كاھىشلار بىلەن زىننەتلەنگەنىدى، ئىچىگە يېشىل گىلەم، ئەتلەس، كىمخابلاردىن بىسات سېلىنغانىدى. قەسىردىكى سەرۋىلەر، گىياھلار ئىشرەت ئۈچۈن يول كۆرسەتكۈچى خىزىردەك رەھنىما ئىدى.

«كۆزلۈك قەسىر» نىڭ رەڭگى كۆز پەسلىدىكى يوپۇرماقلاردەك سېرىق ئىدى. ئۇنىڭ بەزمىلەرنى جانلاندۇرغۇچى پەلەككە تاقاشقان گۈمبىزىگە زەر ھەل بېرىلىپ، سەنئەت قەلىمى بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. قەسىرنىڭ ئىچى-تېشىغا تىللا سۈيى يۈگۈرتۈلگەنىدى. ئىچىدىكى سۈرەتلەرنىڭ تەسۋىرى جانلىق، سىرتىنىڭ شەكلى قۇياشتەك نۇرلۇق ئىدى. قەسىردە ئالتۇن خىشلاردىن ياسالغان بىر كۆل بولۇپ، ئۇ سېرىق مەي بىلەن توشقۇزۇلغانىدى؛ كۆلدىكى مەي يالتىراپ، قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆرسىتەتتى. كۈز ياپراقلىرى كۆلگە سېرىق گۈلدەك چۈشۈپ تۇراتتى. قەسىردىكى ئايىيۈزلۈك كېنىزەكلەر ئاشىقلارنىڭ سارغايغان چىرايىدەك قەھرىۋا رەڭلىك كىيىملەرنى كىيگەن بولۇپ، ئۇلار قۇياشتەك جىلۋىلىنەتتى. ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىدىن جاھانغا غەۋغا چۈشەتتى.

«قىشلىق قەسىر» شۇنداق نۇرانە ئىدىكى، گويا ئاققا-ئاق قوشۇلغاندەك ئىچى-سىرتى مەرمەردىن، بەلكى ئاق قاشتېشىدىن ياسالغانىدى. بۇ قەسىرنىڭ كۆلى كۈمۈشتەك ياكى سىمابتەك يالتىرايتتى. بۇ قەسىرنىڭ راۋىقىمۇ كۈمۈش بىلەن سىمابتىن ياسالغان گەج بىلەن سۇۋالغاچقا، گويا مەشۇقنىڭ كۆزىنىڭ ئېقىدەك كۆرۈنەتتى. قەسىردىكى كىيىم-كېچەك ۋە ئورۇن-كۆرپىلەرمۇ ئاق يىپەك رەختلەردىن تىكىلگەنىدى. بۇ خۇددى چىنىنىڭ ئاپئاق چىنىلىرىدەك نەقىشلىنىپ، قەسىرگە زىننەت بەرگەنىدى. ھەر بىر قەسىر كۈمۈش تەنلىك خىتاي مەشۇقلىرى بىلەن نۇرلانغانىدى،

ئۇلار ئاق شايىدىن كىيىملەرنى كىيگەن ھالدا كۈمۈش يوپۇرماقتەك جىلۋىلىنەتتى. قەسىردىكى كۆللەر سەدەپتەك كۆرۈنەتتى، ئېرىقلاردىن كۆلگە قۇيۇلۇۋاتقان سۇلار ئۈنچىلەرنى ھاسىل قىلاتتى.

شۇنداق قىلىپ چىن سۈرەتلىرىگە ئوخشاش تۆت قەسىر مەيدانغا كەلدى، بۇ قەسىرلەر جەننەتكە ئوخشايتتى. قەسىرنىڭ ئايۋانلىرى پەلەكتەك، رەسىملىرى پەلەكتىكى قۇياشتەك چاقناپ تۇراتتى. ئۇ رىۋايەتلەردىكى باغى ئېرەمدەك زىننەتلەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئالىيلىقى بەيتۇلھەرەمدىن بەلگە بېرەتتى.

ئەلقىسسە، ۋەزىر مۇلكئارا ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بۇ مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى تاماملاپ، خاقاننىڭ بارگاھىغا كەلدى. خاقانغا بۇ زور قۇرۇلۇشنىڭ جەريانىنى، ئىشلەنگەن ھۈنەر-سەنئەت ئەھۋالىنى بىرمۇبىر بايان قىلدى.

خاقان قەسىرلەرنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئوڭ يېنىغا شاھزادە پەرھادنى، سول يېنىغا ۋەزىر مۇلكئارانى ئېلىپ، تەنتەنە بىلەن يولغا راۋان بولدى.

ئاۋۋال بىرىنچى قەسىرگە كىردى، بۇ ئالىي جەننەتتەك قەسىرنى كۆزدىن كەچۈردى. باغدا بولسا قەسىردىكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئاجايىپ-غارايىپلارنى كۆردى. ئىككىنچى قەسىرنى باقىي جەننەتتىنمۇ غارايىپراق ھېسابلىدى. ئۈچىنچى قەسىر ئالدىنقى ئىككى قەسىردىنمۇ ئارتۇق ئىدى. تۆتىنچى قەسىرنىڭ گۈزەللىكىنى كۆپ مۇلاھىزە قىلدى. بۇ تۆت قەسىرنى بىر-بىرىدىن خوپ ۋە مەرغۇپ كۆردى. بۇلارنى تەرىپلەشكە ئەقىل ئاجىزلىق قىلاتتى. دانالارنىڭ پەم-پاراسىتى بۇ يەردىكى گۈزەللىكلەر ۋە ئاجايىباتلار ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا ئىقرار بولدى. بىر قەسىرنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرگەن كىشى يەنە بىرىنى كۆرۈپ، پىكىر-مۇلاھىزە قىلغىنىدا، ئالدىنقى قەسىر ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كېتەتتى.

خاقان تۆت قەسىرنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ھۈنەرۋەن-ئۇستىلارغا ئۇلار ئويلىغىنىدىن يۈز ھەسسە ئارتۇق ئىنئام بەردى. بۇ قەسىرلەر، باغلار ۋە ھۈرلەر شاھزادە پەرھادقا تاپشۇرۇلدى.

بۇ ئاجايىپ ئىشتىن كېيىن، ۋەزىر مۇلكئارانىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىناۋىتى ئاۋۋالقىدىن مىڭ ھەسسە ئاشتى. خاقان مۇلكئاراغا:

— ھەربىر پەسىلدە بىر قەسىردە ئۈچ ئايدىن كاتتا بەزمە ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق قىلىنغاي، ھەر پەسىلنىڭ مەززىسى ۋە ھاۋا-كىلىماتى بۇ قەسىرلەردە بەزمە قىزىتىشنىڭ تەقەززاسى بولغاي، — دەپ پەرمان قىلدى.

دانا ۋەزىر مۇلكئارا پادىشاھنىڭ پەرمانى بىلەن بىر يىللىق ئەيش-ئىشرەتنىڭ پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشتى. پىلاندا، ھەر قەسىردە ئۈچ ئايدىن بەزمە قىلىش، مېھمانلار ئۈچۈن ھەر كۈنى يۈز ئات ۋە مىڭ قوي ئۆلتۈرۈش، بەزمىدە سازەندىلەر سازلىرىنى ئەڭ شوخ ئاھاڭلارغا تۈزۈش، يوللارغا خىتاي تاۋارلىرىدىن پايانداز سېلىش، بەزمىگە لايىق ئەڭ

ئېسىل شارابلار، مېۋە-چېۋىلەر ۋە داستىخانلانى تەييارلاش قاتارلىق ئىشلار بەلگىلەندى. ۋەزىر مۈلكىمارا خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، پىلان بويىچە تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلدى. نەزمە:

كەل، ئەي ساقى، شارابى چىننى كەلتۈر،
ماڭا مەشۇقى رەنا چىننى كەلتۈر.
كى قىلدى شاھى چىن مەي بەزمىگە جەزم،
ياسايلى باغدا بىز شاھانە بىر بەزم.

* *

سىرلار مەنىلىرىدىن خەۋەر بەرگۈچىلەر، يوشۇرۇن ئىزلاردىن نەقىل كەلتۈرگۈچىلەردىن بىرى، ئىشق-مۇھەببەت سەھىپىلىرىنىڭ، مېھرى-شەپقەت يېزىقلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى يېقىملىق قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

ئەلقىسسە، گۈللەرنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، گۈلشەننىڭ يۈزى قىزىل رەڭ ئالدى. خاقان گۈل رەڭلىك قەسىر تەرىپىگە قەدەم قويدى. قەسىر ئىچىگە نەپىس توقۇلغان گۈلرەڭلىك گىلەملەر سېلىندى ۋە قىزىلگۈل رەڭگىدىكى ھەيۋەتلىك بىر تەخت قويۇلدى. خاقان تەخت ئۈستىدىن ئورۇن ئالدى ۋە شاھزادىنى ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىلدى. تەختنىڭ يېنىغا قىزىل كۆرسى قويۇلدى، بۇ كۆرسى ۋەزىر مۈلكىمارغا ئارامگاھ بولدى. ئىچىلگەن مەينىڭ تەسىرىدىن ئۇلارنىڭ يۈزى قىزىل گۈلدەك ئېچىلدى.

بەزمىنىڭ ھەمسۆھبەتلىرى ئىچىدە چىن مەملىكىتىنىڭ گۈل يۈزلۈك گۈزەللىرىدىن يۈز قىز بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كىيگەن كىيىملىرى قىزىلگۈل رەڭگىدە ئىدى. گۈليۈزلۈك ساقىيلار گۈلرەڭلىك قەدەھلەردە مەي تۇتاتتى. ئاشىقلار بولسا مەينى بىر تامچە قالدۇرماي سۈمۈرەتتى. سازەندىلەر گۈل پەسلىدىكى بۇلبۇللاردەك ناۋا قىلاتتى. بەزمە ئەھلى، گوياكى شەپەق نۇرىغا غەرق بولغاندەك گۈل ياپراقلىرى ئارىسىغا چۆكەتتى.

خاقان شاھزادە پەرھادنىڭ گۈل رەڭ مەينىڭ تەسىرىدە قىزارغان گۈلدەك رۇخسارىغا قاراپ، كۆزىدىن خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكەتتى. پەرھادنىڭ بېشىدىن ئاتىلىق مېھرى بىلەن بەزىدە گۈللەرنى چاچسا، بەزىدە ئۈنچە-ياقۇتلارنى چاچاتتى. پۈتۈن بەزمە ئەھلى پەرھادنىڭ شەيداسى بولدى. بۇ بەزمىنىڭ تەرىپ-تەۋسىپى پۈتۈن چىن مەملىكىتىگە يېيىلدى.

شۇنداق قىلىپ، بەزمە ئەھلى قىزىل رەڭلىك قەسىردە گۈللەرنى چېچىپ، باش كۆتەرمەي ياقۇت رەڭلىك مەيلەرنى ئىچىپ، ئۆزگىرىپ تۇرغۇچى دەۋرنىڭ باھار پەسلى ھېسابىدا ئۈچ ئاينى ئۆتكۈزدى.

ئەلقىسسە، گۈلشەندە تۇيۇقسىز شامال پەيدا بولۇپ، چىمەنلەرنى گۈللەردىن خالى قىلدى. گۈللەر تۇپراق ئاستىغا يوشۇرۇندى. دەرەخلەر يېشىل ياپراقلارغا پۈركەندى. چىمەنلەر يېشىل تون كىيىپ، يېشىل گۈلشەن نامايان بولدى. چىمەنلىكتە تۈپ-تۈز ئۆسكەن سەرۋى دەرەخلەر بار ئىدى، بۇ دەرەخلەر پەرھادنىڭ بەرگە چۈشكەن تۈپ-تۈز سايىسىگە ئوخشايتتى. ھەر بىر سەرۋى دەرىخى پەرھاد-

نىڭ كېلىشكەن قامىتىنىڭ سىيماسى ئىدى. سەرۋى دەرىخىنىڭ ياپراقلىرى تۇۋتى قۇشنىڭ قانىتىدىن دېرەك بېرەتتى. دەرەخلىرى جەننەتتىكى تۇزنىڭ سۈرىتىنى كۆرسىتەتتى. ئەگەر دەرەخ تۇز سۈپەتلىك بولمىغىنىدا، ئۇخلىغان چېغىدا نېمە ئۈچۈن بىر پۇتىنى قانىتىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېلىپ، بىر پۇتلۇق بولۇپ قالىدۇ؟ ھەشقىپىچەك ئۇياتتىن ماغدۇرسىزلىنىپ، شاخلارنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىدۇ. يېشىل چىمەنلىكنىڭ ئىچىدىكى ئېرىقلار كۈمۈش سىزىقتەك كۆرۈنىدۇ. سۈلۈق مېۋىلەرنىڭ رەڭگى ئەينەكتەك يالتىرايدۇ. ئۇنىڭ يالتىراق سۈيى باغنىڭ رۇخسارىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەلقىسسە، بۇ پەسىلدە جاھان زىننەتلىنىپ، تەبىئەت يېشىللىققا پۈركەندى. خاقان شاھزادە پەرھاد بىلەن يېشىل گۈلشەن تەرىپىگە قەدەم تاشلاپ، چىرايلىق مايسىلارنىڭ ئۈستىدە مەي بەزمىسىنى تۈزدى. ئاسمان گۈمبىزىدەك يېشىل قەسىردە شاراب ئىچىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ رەڭگەر دۇنيانى ئۇنۇتتى. يەپەكتىن تىكىلگەن نەپىس كىيىملەرنى كىيىپ، چىنىنىڭ ھۆكۈمدارلىق ئورنى بولغان تەختىنىڭ ئۈستىدىن ئورۇن ئالدى. يېشىل ياپراقلار ئىچىدە دەرەخ بولغاندەك، كۈمۈش تەنلىك نازىنىنلار يېشىل كىيىملەر بىلەن ياساندى. يېشىل قەدەھلەرگە تولدۇرۇلغان قىپقىزىل مەي، كۆكۈش ئاسماندىكى لالە رەڭلىك شەپەقنى ئەسلىتەتتى. يېشىل كىيىملەر بىلەن ياسانغان گۈزەل ساقىيلار قەسىردىكى مېھمانلارغا بۇ قەدەھلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە چېپىشاتتى. مەي

كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ يالقۇنلۇق تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىغاندا ئۇلارغا «قۇرسى كەشىنىز» دورىسى ئارام بېرەتتى. شۇنداق ئېسىل ئاتامىلار بىلەن تولغان ھەشەمەتلىك داستىخانلا راسلاندىكى، ئۇنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

شۇنداق قىلىپ يېشىل قەسىردە مەي ئىچىش بىلەن ئۈچ ئاينى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈشتى.

ئەلقىسسە، كۈز پەسلى يېتىپ كەلدى. پەلەكنىڭ ئالتۇنرەڭلىك قۇياشى دەرەخ ياپراقلىرىنى قەھرىۋادەك سارغايتتى. قەھرىۋا رەڭگىدىكى «كۈزلۈك قەسىر»گە كىرىش پەيتى كەلدى. تەبىئەتنىڭ ساپ-سېرىق چاغلىرى باشلىنىپ، ياپراقلارمۇ قەھرىۋاغا ئوخشاپ قالدى. ياق، ئۇنى «قەھرىۋا» دېمەك، بەلكى ئۇ پەلەكنىڭ ئالتۇن چاچقۇچى ئاپتىپىدۇر. چىنارلارنىڭ ئۈستىدىن شامال ئېسىپ ئۆتۈپ، ئەتراپقا گۈل ۋە ياپراقلارنى چاچتى. بۇ ھال خۇددى ئوت ئۇچقۇنلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن يەنە ئۇنىڭ ئاسماندىن گۈل تاجلىرى ياغقاندەك ئۇچقۇنىنىڭ پەسكە چېچىلىپ چۈشكىنىگە ئوخشايتتى. تاڭ شامىلى چىقىپ، سۇ ئۈستىگە ياپراقلارنى چاچتى. سۇنىڭ دولقۇنى ئۈستىدە ئېقىۋاتقان بۇ ياپراقلار ئالتۇندەك تاۋلىناتتى. دەرەخلەردىن تۆكۈلگەن ياپراقلار ھاۋادا ئالتۇن ۋاراقلاردەك ئۇچۇشاتتى. سارغىيىپ قالغان ياپراقلار ئارىسىدا ئولتۇرغان قارغىلار سېرىق لالىگە چۈشكەن قارا داغدەك كۆرۈنەتتى. تېرەكلەرنىڭ ئالتۇندەك سارغىيىشى رەيقان كېسەلىدەك ئاغرىققا گىرىپتار بولغىنىنى كۆرسىتەتتى. چىمەنلىكتىكى ھەر بىر دەرەخ سېرىق قۇشنىڭ

تۆلكەي بولغىنىغا ئوخشايتتى. كۆز شامىلى دەرەخلەرنى ئىغاڭلاتقاندا تۆكۈلگەن سېرىق ياپراقلار دەرەخ ئۈستىدىن ئۈركۈپ ئۇچقان قۇشلارنىڭ قانات قېقىشىنى ئەسلىتەتتى. قۇيۇن كەلگەندە ياپراقلار مەجنۇنى سەرگەرداندەك ئايلىناتتى.

خازان نەققاشى كېلىپ، باغلاردىكى يوپۇرماقلارغا ئالتۇندەك ھەل بەردى.

ئەلقىسسە، ئۇ قەسىر ئالتۇن رەڭلىك قۇياشتەك تاۋلىناتتى. خازان بولغان يوپۇرماقلار قۇياش ئەتراپىدىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشايتتى. بۇ خازان پەسلى گوياكى قۇياش بىلەن يۇلتۇزلاردەك جىلۋىلىنىپ جاھانغا يۈز ئاچتى.

خاقان بىلەن شاھزادە شۇنداق پەسىلدە بۇ ئەيش-ئىشرەت ئورنىنى كۆڭۈل ئېچىش ئورنىغا ئايلاندۇردى. سارغۇش نەپىس يىپەك ماللاردىن كىيىم كىيدى. تىللا سۈيىدەك سارغۇش مەيلەرنى ئۇزۇن بويۇنلۇق شىشىلەرگە تولدۇردى. بۇ ئالى قەسىر ئالتۇندىن، كۆرپە-ياستۇق، پاياندازلىرى ئالتۇندىن، قەدەھلەرمۇ ئالتۇندىن ئىدى. نەزمە:

ئۆي ئالتۇن، كۆرپە ئالتۇن، تامى ئالتۇن،
مەي ئالتۇن، كوزا ئالتۇن، جامى ئالتۇن.

بۇ قەسىر ئالتۇن ھەل بىلەن زىننەتلەنگەن، يۇلتۇزدەك گۆھەرلەر بىلەن يالتىرىتىلغانىدى. شۇڭا ئالتۇن قەسىر كۆزلەرنى چېقىپ، قۇياش نۇرىنىڭ ئالتۇن تالالىرىدەك جىلۋىلىنەتتى.

سازەندىلەر تىللا رەڭلىك راۋاق ئىچىدە يېقىملىق ناۋا چېكەتتى. سازەندىنىڭ ناۋاسى جانلارغا راھەت بەخش ئېتەتتى. بۇ بەزمىنىڭ مېۋىلىرى ئىچىدە ھەتتا ئەپلىسىن بىلەن لىمونمۇ بار ئىدى. بەھى بۇلارنى كۆرگەچ پۈتۈن تارتقان جاپاسىنى ئۇنۇتتى. بۇ بەزمە ھەر قانداق خۇشاللىق بەزمىسىنىڭ قائىدىسىدىن ئارتۇق، مىقدارىدىن زىيادە ئىدى.

بۇ قەسىردە لەشكەرلەر بىلەن بىللە ئۈچ ئايغىچە مەي ۋە مۇزىكا بىلەن ئەيش-ئىشرەت قىلدى. بۇ بەزمىنى تولۇق ئىزھار قىلىشقا قەلەم ئاجىزلىق قىلىدۇ.

ئەلقىسسە، سوغۇق شامال دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى پۈتۈنلەي سورۇپ كەتتى. سىمابتەك ئېقىۋاتقان سۇلار مۇزلاپ، مەرمەرگە ئايلاندى. ھاۋا بۇلۇتتىن ھەشەمەتلىك تون كىيدى. بۇلۇت سىماب چېچىپ، يەرگە پاي انداز سالدى. زىمىستان ئۇستىسى كېلىپ، سۈزۈك سۇنىڭ باللىرىغا كۈمۈش مۇزدىن ئوقۇش تاختىسى ياساپ بەردى. شۇ كۈنلەردە ئەگەر بۇلۇتتىن بىر تامچە سۇ تامسا، سوغۇقنىڭ شىددىتىدىن يەرگە ئۈنچە بولۇپ چۈشەتتى. ئېرىقلاردا ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئاغزىدىن تۆكرۈكى مۇزلاپ، خەنجەرگە ئوخشىغىنىدا، پەلەكمۇ قاراڭغۇ كېچىلەرنى كۆمۈر قىلىپ، ئۇنىڭغا شەپەقتىن ئوت ياقاتتى ۋە تاڭ شامىلى بىلەن ئۇنى يەلپۈپ، قەددىنى ئېگىپ ئىسسىناتتى. ئايمۇ ھەر تۈندە بۇلاقلارغا مۇز تۆكەتتى. بۇلاقتىن ئەتراپقا چاچرىغان تامچىلار يۇلتۇزغا ئوخشاپ قالاتتى.

سۇمۇ يەر يۈزىنى ئەينەكتەك قىلىۋېتەتتى، بۇ ئەينەك چىنىنىڭ ئەينىكىگە ئوخشايتتى. سوغۇق ئوتنىڭ تەبىئىتىدىكى ھاراھەتنى يوقاتقاچقا، ئۇنىڭ بىرەر نەرسىنى كۆيدۈرۈشكە مادارى قالمايتتى. ھېقىقەتتە ئوخشاش سوغۇقنىڭ شىددىتىدىن قىزىل چوغ قىزىلگۈلدەك كۆرۈنەتتى. تاختا تاشلار قىرودىن ئۈستىگە نېپىز كىيىم كىيەتتى. كەمبەغەللەر ئالقىنىنى ئاغزى بىلەن ھورداپتتى، ئىككى تىزىنى كۆكسىگە مەھكەم باساتتى. قوللىرىنى قولتۇقىغا تىقىپ ئىككى يەلكىسىنى قۇلىقىدىن ئاشۇراتتى. قۇياش ئۆز تەبىئىتىدىن ئەسەر تاپالماي جاھانغا نۇر ئورنىغا كافۇر چاچاتتى. سوغۇق كافۇر ۋە بىللۇر بىلەن پۈتۈن جاھاننى ئاقارتتى. تەبىئەتكە «ئاس» بىلەن «قاقىم» نىڭ ئاپئاق تېرىسىدىن جۇۋا كىيدۈرۈپ، يۇلتۇزلاردەك بىر بەزمىنى تەييارلىدى ۋە جەمئىيىتىنى ھۆكەر يۇلتۇزدەك يىغدى. بەزمە ئىپتىقىنىمىزدىن يۈز ھەسسە ئارتۇق تەييارلاندى. بۇ يەردىكى ئەيش-ئىشرەتنى ھەرقانچە شەرھلىگەندىمۇ يۈزنىڭ بىرىنى ئادا قىلغىلى بولماس.

ئەيش-ئىشرەت بىلەن ئۈچ ئاينى شۇ يوسۇندا ئۆتكۈزۈپ، تۆت پەسلنى تۆت قەسىردە قىزغىن بەزمە بىلەن چىقاردى.

بۇ ئىشلاردىن مەقسەت، مەي ۋە ئەيش-ئىشرەت ئارقىلىق شاھزادە پەرھادنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش، ۋاقتىنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈشكە يېتەكلەش ئىدى. لېكىن، شاھزادە پەرھاد ئۆزىنىڭ ھالىتى ۋە ئادىتىنى ئۆزگەرتمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ تەقدىر يېزىقى ئۆزگەرمىگەنىدى. ئۇ، مۇغەننىلەردەك جاننى ئازابلىغۇچى مۇڭلۇق سادا بىلەن دەردلىك نالە-پەريات چېكەتتى. ئەگەر بىرەر كىشىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىسا، ئۇمۇ بىللە قوشۇلۇپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئەلدىن خالى بولمايتتى. ئوتلۇق دەردتىن تۈتۈن چىقىرىپ، سوغۇق ئاھىدىن تۆمۈرنى ئوتتەك تاۋلايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئەلنىڭ قايغۇسىدىن غەملىك ئىدى. بۇلۇت قىرغاقلىرىدىكى چاكىنى كۆرسە ئۇنىڭ كۆكسىمۇ چاك بولاتتى. بىرەرسى ئىشق-مۇھەببەتتىن ھېكايە سۆزلىسە، ئېسىدە ساقلاپ، ئۇنىڭدىن بەلگىلەرنى تاپاتتى. ئەگەر بىرسى يار ۋىسالىدىن شادلانسا، كۆڭلى ئەلەمدىن ئازاد بولاتتى. ئەگەر ھىجرانلىقتىن ئىزاھات ئاڭلىسا، كۆزىدىن قان تۆكۈپ زار-زار يىغلايتتى.

خاقان ئۆزىنىڭ تەدبىرىگە ۋە پەرھادنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ «شۇنچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ تاپقان چارە-تەدبىرلەر بىكار كېتىپتۇ، ئەھۋال قىيىن بولدى» دەپ ھەيرانلىقتا بېشى ئايلىناتتى. نەزمە:

قەدەھ تۇت ساقى، كۆپ ھەيران ئېرۇرمەن،
قەدەھ ئايلانكى سەرگەردان ئېرۇرمەن.
كۆڭۈلگە ئىشق ئوتى سالغاچ شەرارە،①
ئاڭا يوق مەي-شارابتىن ئۆزگە چارە.

* *

سىرلار مەنىلىرىدىن خەۋەر بەرگۈچىلەر، يۇشۇرۇن ئىزلاردىن نەقل كەلتۈرگۈچىلەردىن بەرق، ئىشق-مۇھەببەت سەھىپىلىرىنىڭ، مېھرى-شەپقەت يېزىقلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمدارى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈل-

① شەرارە — ئۇچقۇن، يالقۇن.

لەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ يېقىملىق قىسسەدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

ئەلقىسسە، خاقان بۇ ئىشتا ھەرقانچە قىلىپمۇ چارە تاپالماي، ئۆزى بىچارە بولۇپ قالدى، يەنە بىر ئامال ئويلاشقا باشلىدى: «پەرھاد ۋايىغا يەتكەن، دانىشمەن ۋە باتۇر يىگىت بولۇپ يېتىلدى. ئۇ چىن مەملىكىتىنىڭ خاقانلىقىغا لايىق، بەلكى، جاھاننىڭ سۇلتانلىقىغا مۇناسىپ. تەڭرى ئۇنىڭ زاتىغا بۇ ئىشنى مۇناسىپ ئاتا قىلدى. ھەربىر ھۈنەردە كامالىغا يەتتى. ئۇ، پۈتۈن ئەيىپلەردىن خالى. ئۇنىڭدا يىغى-زارىدىن باشقا ھېچقانداق نۇقسان يوق. بىرەر كىشى شاھلىققا سازاۋەر بولسا، ئۇ، خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن تەڭرىنىڭ سايىسى بولغۇچىدۇر. شۇڭا سەلتەنەت تەختىمنى ئۇنىڭغا تاپشۇرسام ئارمانىم قالمايتتى» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى.

خاقان دۆلەت ئەربابلىرى ۋە رەئىسلىرىنى چاقىرىپ، ئۆزى سەلتەنەت تەختى ئۈستىگە چىقتى. پەرھادقا ئۆز يېنىدىن ئورۇن بەردى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ سۆزگە تىل ئاچتى:

— تەڭرى ماڭا شاھلىقنى ئاتا ئەيلەپ خىتاي ۋە چىن مەملىكىتىگە ھۆكۈمران قىلىپ، توغرا يول كۆرسەتتى. نەگە قەدەم قويسام، شۇ يەرگە شاھلىق قىلىپ، ئىمكانىيەتتىن تاشقىرى كامال تاپتىم. قىلغان ئىشىم ئويلىغىنىمدىن ئارتۇقراق بولدى. خىيالىمۇ كەلتۈرگىلى بولمايدىغان مەقسەتلەرگە يېتىپ، ئەقىل يەتمەيدىغان ئەيش-ئىشرەتلەرنى قىلىپ ئۆتتۈم، ھەربىر تەلەپتىن كۆڭلۈم قانائەتلەندى. ئوردىغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ، بارگاھىمغا ۋارىس بولىدىغان بىر پەرزەنتتىن ئۆزگە ئارزۇيۇم يوق ئىدى. ھەمىشە ئارزۇ بىلەن غەمكىن ئىدىم. پەرزەنت تەلىپىدە سەجدىدىن باش كۆتۈرمەي، تەڭرىگە يىغلايتتىم. ئەلھەمدۇلىللاھ، ئىستىكىم ھەل بولۇپ، ئىقبال يۈزلىنىپ، سەن بىلەن كۆزۈمنى يورۇتتۇم. تەڭرىگە شۈكرى! سېنى ئارزۇ قىلغىنىمدىن مىڭ ھەسسە زىيادە كۆردۈم. شاھلىققا لايىق ھەممە ئىش سېنىڭ ئالدىڭدا مەۋجۇتتۇر. ئەمدى، يېشىم ئەللىك يىلنى كېزىپ ئۆتۈپ، ئاتمىش يىلنىڭ چېگرىسىغا كېلىپ قالدى. ئىشلىرىمغا ئەقىل كۆزى بىلەن قارىساڭ، كۈندىن-كۈنگە ئەھۋالىم تۆۋەنلەشتى. قېرىلىق ئەيىبىنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ. قېرىلار يىگىتلىكنى ھەۋەس قىلسا، خىجالەتچىلىك زاھىر بولىدۇ. ساقالنىڭ ئاقلىقى — ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسىدۇر. ئۇ ھاياتلىق مايسىسىغا قىرو چۈشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەكچىمەنكى، يىگىتلىكنىڭ راھىتى كۆپتۇر. قېرىلىقنىڭ مۇشەققىتى ئېغىرراقتۇر. ماڭا بىر قىيىن ئىش يۈزلەندى. ئۆمرۈمنىڭ قىسقىلىقىدىن ئەپسۇسلانىمەن، لېكىن، شۈكرى قىلىمەن. چۈنكى، تەڭرى ئۆز ھىدايىتى بىلەن ماڭا تەڭداشسىز بىر ئوغۇلنى ئاتا قىلدى. ياشلىقىمدا خىتاي ۋە چىن شەھەرلىرىگە خاقان قىلىپ، قېرىغىنىمدا سەندەك ئوغۇلنى بارگاھىمغا ۋارىس ئەيلىدى. قۇياش چىققاندا ئاسماندا ئاينىڭ بولۇشى ھاجەتسىز. ئەگەر باغدا بىر چىنارنىڭ سايىسى كەم بولسىمۇ، چىرايلىق سەرۋى دەرىخى كۆكلىسىلا، باغنىڭ گۈزەللىكى ئېشىۋېرىدۇ. مېنىڭ ھاياتلىق كۆچىتىمگە سەندەك بىر پەرزەنت ئۇلانسا، ئۆلۈمدىن ۋەھىمە قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇ، ئۆلۈم ھېسابلانمايدۇ. ئۆمۈرگە ئىشەنچ يوق. كىشى ئۆزىنىڭ ئۆلۈدىغان ۋاقتىنى بىلمەيدۇ. ياشلار قېرىشنى ئۈمىد قىلسا بولىدۇ. لېكىن، قېرىلار يەگىتلىككە قايتىشنى ئۈمىد قىلالمايدۇ. قېرىلىق — دەرمانسىزلىقتۇر، كۆڭلىدە كۆپلىگەن ئارزۇ-ئارمانلار بولسىمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدۇ. سېنى بۇرۇنراق تەختكە ئولتۇرغۇزسام، گويا ئۆزۈم يەگىتلىك دەۋرىمگە قايتىپ، تەختتە ئولتۇرغاندەك بولاتتىم. سېنى مۇئەييەن ھالدا ئورنۇمغا تەيىنلەپ شاھلىقىمنى ساڭا تۇتسام، مەملىكەت، تەختى-سەلتەنەت، لەشكەر ۋە خەزىنىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى سەن بىلەن زىننەتلىسەم، ئارمانىم يوق. سەن مەملىكەتنىڭ ۋە خەلقنىڭ ھامىيسى بولۇشقا لايىق. سەن شاھ بولۇپ، مېنى قۇللۇققا قوبۇل قىلساڭ، سەن ئاتا بولۇپ، مېنى ئوغۇل ھېسابلىساڭ، يۇقىرىقى ئۈمىدىمنى يەردە قويمىساڭ، مەن سېنىڭدىن رازى بولىمەن، — دەپ، بىر قەدەھ شارابنى شاھزادىغا تۇتتى.

شاھزادە خاقانىنىڭ بۇ ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى ئاڭلاپ، شۇنداق بىر ئوتلۇق ئاھ چەكتىكى، ئۇ چەككەن ئاھنىڭ تۈتۈنى پەلەككە يەتتى ۋە بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەردىن باغرى ئېزىلىپ، زار-زار يىغلاپ، ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى، ئۇ كۆككە قاراپ:

— ئەي تەڭرىم! بۇ شاھلارنىڭ شاھى بولغان خاقانىنىڭ تەخت مەرتىۋىسىنى ئۇزاققىچە يۇقىرى قىلغايسەن. لەشكەرلىرىنى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردىن زىيادە قىلغايسەن. شادلىق بېغىنى ياشنىتىپ، ھايات گۈلىنى چېچەك ئاتقۇزغايسەن. قولىدىن كەيانىلار جامىنى چۈشۈرمەي، ھايات سۇيىدەك سۇزۇك مەي بىلەن ئۇنى تولدۇرغايسەن، — دەپ خىتاب قىلدى. شاھزادە يەنە بالىلىق مېھرى بىلەن خاقانغا:

— ئارزۇلىرىڭىزغا جاۋابەن ھالىمنى ئېيتەشقا ھەددىم يوق. بۇ مىسكىن جىسمىم يەر بىلەن يەكسان بولسىمۇ، بىر-ئىككى ئېغىز ئەرز ئېيتماي ئىلاجىم يوق. بېرى، ئۆمۈرگە ئىشەنچ يوق. ياشلىق ۋە قېرىلىق تەقدىر ئالدىدا باراۋەردۇر. دۇنيادىكى ھەممە مەۋجۇدات ئەبەدىيلىككە ئىگە ئەمەس. شام ئۆزىنىڭ نۇرى بىلەن بەزمىلەرنى زىننەتلىسىمۇ، لېكىن شامال ئالدىدا ئاجىزدۇر. بوستاندا ئېچىلغان گىياھلار ئۆسسىمۇ ئاخىر يوقالماي قالمايدۇ. لېكىن، باغلاردىكى سەرۋى دەرەخلىرى يىللار بويى ياشناۋېرىدۇ. دەشت-چۆللەردىكى يۈز مىڭلىغان پاشىلار بوران چىققاندا يوقىلىدۇ. لېكىن، ئىلبىرىس تېغى ئۆز ئورنىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋېرىدۇ. كېپەكلەرنىڭ تەپەككۇرىمۇ كېپەكلەرچە بولىدۇ. چوڭلارنىڭ تەپەككۇر-قىياسلىرى ئۇلۇغدۇر. ئىككىنچىسى، پاشا يۈز يىل ئۆمۈر كۆرسەمۇ، پىلنىڭ كۆتەرگەن يۈكىنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ئالەم شاھتىن خالى ئەمەس، لېكىن كۆرۈنگەنلا كىشى شاھ بولالمايدۇ. قۇياش غەربكە پېتىپ دىدارىنى يوشۇرسا، تۇمەنمىڭلىغان زەررىلەر يىغىلىپمۇ قۇياشنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، — دېدى.

شاھزادىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، خاقانىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مېھرى-مۇھەببىتى تېخىمۇ كۈچەيدى. خاقان:

— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى! يۈز مىڭلىغان جاندىن، بەلكى، ھاياتلىق سۈيىدىنمۇ لېزىزراق سۆزلەرنى قىلدىڭ. بۇ سۆزلەر بىلەن تىلىڭدىن ئالەمگە گۆھەرلەر

چاچتىڭ. لېكىن، مېنىڭ ناتاۋانلىقىمنىڭ سەۋەبكارى سەن. بۇنداق جاۋاب بېرىشىڭنى ئۈمىد قىلمىغانىدىم. ئەگەر مېنى خوشال قىلاي، ئۆمۈر بويى مۇرادىڭنى هاسىل قىلاي دېسەڭ، ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلغايسەن، — دېدى.

شاهزادە ئاتىسىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، خاقاننىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىشنى زۆرۈر تاپتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، خاقانغا چوڭقۇر تەزىم بەجا قىلدى. ئاتىسىنىڭ قايغۇلۇق كۆڭلىنى خۇشال قىلدى. ۋە:

— ئەي شاهلارنىڭ شاهى، مەملىكەتنىڭ پاناهى، هېكمەتلىك سۆزلىرىڭىز توغرىسىدا مۇلاهىزە يۈرگۈزۈشكە هەددىم يوق. لېكىن، بۇ ئۇلۇغۋار ئىشنىڭ ئالدىدا ئاجىز بولغانلىقىم تۈپەيلىدىن ئۆزرە ئېيتقانىدىم. بۇ ئۇلۇغۋار ئىشتىن هازىرغىچە خەۋەرسىز ئىدىم. كۆڭلىرىم ئەيش-ئىشرەت پاراغەتتە ئۆتكەنىدى. ئەمدى، بىر-ئىككى يىلغىچە مەرهەمەت قىلىپ مۆهلەت بەرسىڭىز ئۆزۈمنى خىزمىتىڭىزگە لايىقلاشتۇرسام، هەمىشە يېنىڭىزدا تۇرۇپ، شاهلىق سەنئىتىنى كۆزەتسەم ۋە ئۇنىڭدىن خەۋەردار بولسام، ئالدى بىلەن ياخشى-يامان ئىشلارنى تۇتۇپ، كىچىك ئىشلارنى بۇرۇنراق ئورۇنداپ، ئاندىن كېيىن چوڭراق ئىشلارغا كىرىشسەم ياخشىراق بولغۇسىدۇر. بۇ جاهاندا هەر كىشى ئۆز كەسپىنى مەشق قىلىش ئارقىلىق كامالىغا يېتىدۇ. ئەگەر ئۆز ئىشىغا ئادەتلىنەلمىسە ئۇنىڭغا هەممە ئىش مۈشكۈل بولغۇسىدۇر. ماڭىمۇ مەشق قىلىش پۇرسىتى مۇيەسسەر بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق هۆكۈم قىلسىڭىز ئىجرا قىلىش ئاسان بولىدۇ، —

دېدى.

شاهزادىنىڭ بۇ يېقىملىق سۆزلىرىدىن خاقان ناهايىتى خۇشال بولدى. نەزمە:

كەل، ئەي ساقى، ماڭا تۇت جام شاهى،
ئۇ بولغاي غەم سىپاهىنىڭ پاناهى.
قەدەم شاهلىقتىن ئارتۇقتۇر ئۆزۈمگە،
قىلاي زۇلم ئەلگە قىلغۇنچە ئۆزۈمگە.

* *

سىرلار مەنىلىرىدىن خەۋەر بەرگۈچىلەر، يۇشۇرۇن ئىزلاردىن نەقىل كەلتۈرگۈچىلەردىن بىرى، ئىشق-مۇهەببەت سەهىپىلىرىنىڭ، مېهرى-شەپقەت يېزىقلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ هۆكۈمدارى هەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ يېقىملىق قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

ئەلقىسسە، خاقان شاهزادىنىڭ بۇ سۆزىدىن ئارزۇسىغا جاۋاب تېپىپ، خۇشال هاياتىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ، سۆيۈنگەنلىكىدىن چىن مەملىكىتىگە سىغماي قالدى. شاهزادىغا ناهايىتى كۆپ ئېتىبار قىلىدىكى ئۇنىڭ چېكىگە كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. گويا پۈتۈن جاهان ئۇنىڭغا پىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا جېنىنى بېغىشلايتتى. خاقاننىڭ شاهزادىغا زوقى كېلىپ، ئۇنىڭ بېشىدىن ئۈنچە-ياقۇتلارنى چاچتى. شاهزادە ئۈنچە-مەرۋايىتقا غەرق بولدى. خاقان شاهزادىنىڭ كۆڭلىنى مال-دۇنياغا مايىل قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئىلكىدىكى خەزىنىلەرگە باشلاپ كىردى. بۇ خەزىنىلەر يۈزلىگەن كانلاردىنمۇ ئارتۇق ئىدى. خەزىنىدىكى قىممەت باهالىق ماللار، گۆهەر-ياقۇتلار هېسابسىز ئىدى. خەزىنىدە شاهقا مەنسۇپ قىرىق ئۆي بولۇپ، بۇ ئۆيلەر-

نىڭ ھەر بىرىدە قىرىق خۇمدىن ئالتۇن بار ئىدى. بۇ خەزىنىلەردىن ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلار مەلۇم بولاتتى. يەنە بىر خۇم ئالتۇن بار ئىدى، بۇ ئالتۇن مۇمدەك يۇمشاق ئىدى. ئۇنىڭدىن قول بىلەن ھەرقانداق نەرسىنىڭ شەكلىنى ياسىغىلى بولاتتى. يەنە قىرىق ئۆي، ھەر ئۆيدە قىرىق تىگىقتىن نەپىس يىپەك ماللار بار ئىدى. يەنە سەنئىتىگە كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئاجايىپ-غارايىپ بۇيۇملار كۆزنى چاقنىتىپ تۇراتتى. بۇ يورۇق دۇنيا ھىلىغىچە بۇنداق نەرسىلەرنى كۆرمىگەنىدى. خەزىنىدىكى بۇيۇملارغا چىپىكىلگەن تەسۋىرىي سۈرەتلەردىن يۈزلىگەن پەرى يۈزلۈكلەر نامايان بولاتتى. ئۇنىڭ ھۆسنىگە كۆڭۈللەر شەيدا بولاتتى. كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ھېسابىنى بىلگىلى بولمايتتى. بەزى كىيىملەرنى ھۈنەرۋەن ئۇستىلار پىچماي، تىكمەي تەييارلايتتى. بۇ كىيىملەر شۇنچىلىك نەپىس توقۇلغان ئىدىكى، ئۇنى كىيگەن گۈزەللەرنىڭ جىسمى سىرتىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پاتمان-پاتمان ئىپار-زەپەر، مىشكى-ئەنبەرلەر بار ئىدى. خرۇستال ۋە قاشتېشىدىن ياسالغان تۈرلۈك چىنە-قاچىلار بار ئىدى. ئۇنىڭ ھەر بىرىنى بىر شەھەرنىڭ بېجىنى سەرپ قىلىپ، تەييارلىغانىدى. شاھزادە خاقان بىلەن يۈز خەزىنىدىكى بۇ مال-دۇنيالارنى كۆرۈپ ھەيرەتتە قالدى. شاھزادە بۇلارغا قاراپ، بەزىدە تەبەسسۇم قىلىپ بېشىنى ئىغىتاتتى.

بۇ جايدىكى تاماشا ئاخىرلاشاي دېگەندە خرۇستالدىن ياسالغان ئاجايىپ بىر ساندۇققا شاھزادىنىڭ كۆزى چۈشتى. ئۇ خەلقنىڭ كۆڭلىدەك سۈزۈك ئىدى. بۇ خىل ساندۇقنى ياساش ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاجايىپ بىر سۈرەت كۆرۈندى. بۇ چېگىش بىر سىرنىڭ بەلگىسى ۋە يۈزلىگەن ئاپەتنىڭ قەلئەسى ئىدى. قەلئە ئىشىكى بىر قەلئە ئىگىسى تەرىپىدىن مۇستەھكەم بېكىتىلگەن. ئاپەت قەلئەسىنىڭ بېكىتىلگىنى ئەۋزەل ۋە ئۇنىڭ سىرلىرىنىڭ مەخپىي بولغىنى ياخشىراق. شاھزادە بۇ سۈرەتنىڭ ئاجايىپ تۈزۈلۈشىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا جان-دىلى بىلەن مايىل بولۇپ، خاقاندىن:

— ئەي ئاتا، بۇ ساندۇقتا نىمە سىر بارلىقىنى ماڭا بايان قىلغايسىز، ئۇنىڭ ئاچقۇچى قەيەردە بولسا دەرھال تاپقۇزۇپ قۇلۇپىنى ئېچىپ كۆرسەتكەيسىز، — دېدى.

خاقان شاھزادىنىڭ تەلىپىنىڭ مەنىسىگە چۈشىنىپ، شاھزادىغا مادارا بىلەن تۆۋەندىكىچە ئۆزرە ئېيتتى:

— ئەي ئوغلۇم، بۇ ساندۇقنىڭ سىرىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئاچقۇچى يوق، قۇلۇپ ئېچىلمايدۇ. ئۇنى ئېچىش نىيىتىدىن كەچ. بىز بۇ ساندۇقنى قانچە قېتىم كۆرگەن بولساقمۇ، ئۇنىڭ ھەققىتىنى بىلگەن ئەمەسمىز.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شاھزادىنىڭ ساندۇقنى ئېچىش ئىستىكى تېخىمۇ كۈچەيدى:

— ئادەمىزات تەپەككۇر قىلىپ تىرىشسا، ھەرقانداق ئىشنى بىلەلەيدۇ. مۇشكۇل ئىشلار ئىلىم-پەن ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ھەل بولغۇسىدۇر. بۇ ئىشنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى بىلىپ، مۇئەييەنلەشتۈرمىگىچە خاتىرجەم بولالمايمەن. كۆڭلۈممۇ ھەرگىز ئارام تاپماس.

خاقان قانچە ئۆزرىلەرنى ئېيتىپ،

شاھزادىنى بۇ ئىشتىن توسقانسېرى ئۇنىڭ ئەۋرىسى تېخىمۇ كۈچىيىۋەردى. خاقان ھەر قانچە قىلىپمۇ راستلىقتىن باشقا چارە تاپالماي، ساندۇقنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىشقا پەرمان قىلدى. ساندۇق ئېچىلدى. ئۇنىڭدىن يالتىراپ تۇرغان بىر ئەينەك چىقتى، ئۇ روشەنلىكتە شەرق قۇياشىغا ئوخشايتتى، ئۇ، شەرق قۇياشى ئەمەس، بەلكى ئىسكەندەر ئەينىكىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. گويا ئۇ سەدەپ ئىچىدىكى ئاپئاق مەرۋايىتتەك، پەلەك ساندۇقىدىكى پارلاق قۇياشتەك روشەن ۋە يارقىن ئىدى. بىر دانا ئىلىم ئىگىسى بۇ ئەينەكنى پىلانلىغاندا، ئۇنىڭ ئارقىسىغا بىر مەخپىي سىرنى يېزىپ قالدۇرغانىدى. بۇ «ئايىنەئى گېيتى نەما» (جاھاننەما ئەينىكى)، «ئايىنەئى ئىسكەندەر» (ئىسكەندەر ئەينىكى) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئەينەكنى ئىسكەندەر رۇمنىڭ جاھان ئەھلىگە بىر يادىكارلىق قالدۇرۇش ئىستىكى بىلەن چۈشۈرگەن پەرمانى بويىچە ئەفلاتۇن بىلەن ئەسىرداش بولغان ئاسترونوم، پەيلاسوپ، جاھان ئىشلىرىدىن خەۋەردار تۆتيۈز ئالىم ياخشى سائەتتە ئىش باشلاپ، نەچچە يىل جاپا-مۇشەققەت چېكىپ ياساپ چىققانىدى. بۇ ئەينەك بىر تىلسىم بولۇپ، بۇ تىلسىمدا جاھاننىڭ سىرلىرى يوشۇرۇنغان. كىمىكى ئۇنى ئېچىشقا تىرىشسا، ئەينەكنى دەرھال قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ نۇرلۇق يۈزىگە كۆز تاشلىسا، پۈتۈن ئۆمرىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلار ئۇنىڭدا ئايان بولاتتى، غايىب سىرلار ئاشكارا بولاتتى، لېكىن، ئۇنى ئېچىش مۇشكۈل ئىدى. ئېچىشنى تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ جىسمى ئۆرتىلىپ، مۇشەققەت يې-

ئەتتى. ئەگەر كىشى ئۇنى ئېچىشقا قەتئىي نىيەت قىلسا، بۇ تېپىشماقنى تېپىشنىڭ يولى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت بولاتتى:

يۇنان مەملىكىتى ھېكمەت بىلەن زىننەت تاپقان سائادەتلىك مەملىكەت ئىدى. كىمىكى دانا، ئالىم بولۇپ، ئىلىم-پەننىڭ ھەممىسىگە كامىل بولسا، ئۇ، ئەلۋەتتە يۇنان مەملىكىتىنىڭ زېمىنىدىن بولاتتى. ئۇ جاينىڭ تاشلىرى ئىلىم ئەھلىنىڭ بېشىدىكى تاجىسىغا قويۇلغان گۆھەر، گىياھلىرى بارلىق كېسەللىكلەرنىڭ داۋاسى بولاتتى. يۇناننىڭ شىمال تەرىپىدە ھەيۋەتلىك بىر تاغ بولۇپ، ئۇنىڭ چوققىسى كۆككە تاقىشاتتى. يۇنان تەرىپىگە قەدەم قويغان كىشى ئىختىيارلىق تىزگىنىنى تاغ تەرەپكە تارتىپ ماڭغىنىدا، تاغقىچە ئۈچ مەنزىلنى كېزىپ ئۆتەتتى، ئۈچ مەنزىلنىڭ ھەر بىرىدە بىر ئاپەتكە يولۇقاتتى. ئاۋۋالقى مەنزىلدىكى ئاپەت — تەڭرىنىڭ قەھرىدىن يارىتىلغان ئەجدىھا ئىدى. ئىككىنچى مەنزىلدىكى ئاپەت — زۇلۇم-ستەمدىن ئۆزگە خۇسۇسىيىتى بولمىغان ئەھرەمەن ناملىق دەھشەتلىك دىۋە ئىدى. ئۈچىنچى مەنزىلدە ئاجايىپ بىر تىلسىم بار ئىدى. بۇ تىلسىمنى ئېچىش ئالدىنقى ئىككى ئاپەتنى يېڭىشتىنمۇ مۇشكۈل ئىدى. بۇ ئۈچ مەنزىلدىن ئۆتكەن كىشى تۆتىنچى مەنزىلگە يېتەتتى. بۇ مەنزىل يۇقىرىدا ئېيتىلغان تاغ ئىدى. بۇ تاغدا ھېجران كېچىسىدەك بىر قاراڭغۇ غار بار ئىدى. غاردا سوقرات ئىسىملىك بىر ئالىم ياشايتتى. بۇ ئالىم شۇ ئەسىرنىڭ يېگانىسى ئىدى. بەلكى، ئۇ زامانىنىڭ بۇقراتى ئىدى.

(داۋامى 79 - بەتتە)

# ئىسمائىل ھاجى شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: مەتقاسىم ئەكرەم، تۇرسۇننىياز كېرەم

* *

لۇتفىدىندۇر جانۇتەندىن بىزگە جانان مېھرىبان،
ئۆزگەسى نامېھرىباندۇر - ئۆزگەسى نامېھرىبان.
فەزلىدىن قىلدى مۇقەييەد زۇلفى سۇنبۇل سارىغە،
لەيلىگە ئانداغكى مەجنۇن بولدى شەيدا مېھرىبان.
باشىمىزغە سايە يەڭلىغ زىيۋەرى خۇرشىدنى،
قويدى بەدرى چېھرە يەڭلىغ شەمئۇرەتنا مېھرىبان.
ھاشەلىللاھ تالپىشىدىن نەھسىلىك يۈز كەلتۈرۈپ،
بولماسۇن، يا رەب، ماڭا ھەرگىز ئۆزى نامېھرىبان.
بەندە بولدۇم گېيسۇيىغە بەندەلىكدىن يوق ئەسەر،
لېك لۇتفىڭدىن ئېرۇر تەجزۇ تەۋانا مېھرىبان.
تەندە تاقەت، دىلدا راھەت، تىلدا تائەت، نىلدا بەت،
رەبتى زىيبا، غەبىتى يەلدا، زەبتى سىما مېھرىبان.
كۆرسەتۇر ھەردەم تەجەللى تۇردىن لەمئى شىھاب،
تاكى ئىسمائىلغە دىلبەر بولسا شۇئلا مېھرىبان.

* *

كەلدى ھەقدىن خەلقغە پەيغەمبەرى،
ئالەمى ئەفلاكنىڭ سەر دەفتەرى.
تەلئەتىدە جىبرەئىل ھەيرانۇ زار،
ئاجىزۇ بېچارە مىسكىن قەيسەرى.
پاك دامەن مەريەمۇ ئىيسا سۈرۈش،
ئەنفەسى مۇسا تەكەللۇم شەھپەرى.
زاھىر ئەيلەپ قەدرىنى شەققۇل - قەمەر،
گۆرسەتىپ رۇخسارخۇرشىد خاۋەرى.
كىردى ئىسكەندەر، خىزىر زۇلماتقە،
كۆردى ئاندە نۇر تولۇپ ئايدىن نارى.
كۆپ تەئەججۇبدىن دىدى، ئالماس مۇنى،
ئالسا قويماس ھېچكىم بۇ گەۋھەرى.

خىزر قاشىغه كىلىپ مۇسايى تۇر،
بولدى تابىغ ھەرنەكىم فەرمانبەرى.
تاپتى مەقسۇدۇ مۇرادىن بىر يولى،
ئانداكىم مۇساغه بولدى رەھبەر.
تا قىيامەت كەھكەشانى چەرخدىن،
كەم ئەمەس سەييارەلەرنىڭ ئەختەرى.
ئاسمان تا يەر بىلە بولسە رەۋان.
تۆكسۇ ئەرش ئەيۋانى باران جەۋھەرى.
تا زەمىندىن بائىسى ئالەم كىلىپ،
زاھىر ئەتكۇنچە ئۇلۇغلۇق ئەفسەرى.
ھەر قاچان مەغرىبدىن ئولسا خۇر پەيدە،
بىشەك ئول ئاياتى روزى مەھشەرى.
ھەر مەھەل بولسا ئەلامەتدىن ئەسەر،
ئول مەھەلدۇر ئاسمانلارنىڭ يەرى.
ئاندا بۇ ئىسمائىل ھاجى داد ئىيتەر،
ئىشتۇر مەھشەردەكى ئىنسۇ پەرى.

*　　　*

جەھانغه تەلئەتى رۇھۇل-ئەمىننىڭ ئەختەرى كەلدى،
فەلەكدىن يەرگە زىيبا سۇرەتۇ سۇرەتگەرى كەلدى.
زەمىنۇ ئاسمان نەقشى نىگىنى بىرلە فارمانبەر،
ئانىڭدىن شىمەئى خەلقى ئەزدم سەردەفتەرى كەلدى.
سىتارە مەدھ ئىيتىپ سەييارەلەرسىلكىدە سەرگەردان،
سىپىھرى چەرخى ئەتلەس ئەۋجىنىڭ غارەتگەرى كەلدى.
نەئىمۇ ھۇرئەينۇ خۇلد زىيبالىغ سىياقىدىن،
تەھىيەت شۇكر ئىيتىپ بەتاغه بىر پەيغەمبەر كەلدى.
بۇراقى ھەفتى كىشۋەر رەفرەفى ئەفلاك جانىلە،
ئىتائەت جانىبىغه گۇيىيا ئىنسۇ پەرى كەلدى.
ئىجابەت قىلغۇچى قىلغان دۇئاۋۇ ئەرزى ئەھۋالات،
مۇجىبى ئەھلى تەھقىق دەئۋەتى خىلۇەتگەرى كەلدى.
قىزارغان يۈزلەرىم رۇخسارىغه لەئلى بەدەخشاندىن،
تۆكۈپ ئەبرى بەھاران مۇژدەنى مۇستەبىشەرى كەلدى.
ئۇزارىدىن قىزىلگۈل زاھىر ئەتتى بەرگى ياپراغىن،
خەرىدار ئولغالى باغى قەباغە مۇشتەرى كەلدى.
لەبىمنى لەبگە پەيۋەند ئەيلەسەم، يا رەب، ئىچۈك بولغاي،
بىھىشتۇ ئاسماندىن بىر ئەجايىپ سەرۋەرى كەلدى

نەسىمى گۈلشەندىن ئەنجۇمەن رەيھان مۇئەتتەردۇر،
دىماغىم قۇببەسىگە قىبلەئى بەھرۇ بەرى كەلدى.
كەمالى مەئرىفەتتىن تەرزۇ تەقۋىمى مۇھەممەددۇر،
مۇھەببەتلىك ساردىن قىيمەتى سىيمۇ زەرى كەلدى.
تەئالەللاھكى، بولسام لايىقى ئەۋسافى زىكرۇللاھ.
سىفاتى رەھمەتەن لىلئالەمىن ئالەم سارى كەلدى.
ئەبۇبەكرۇ ئۇمەردىن سۈگرە ئۇسمان ھەم ئەلى مەھمۇد،
ھەسەننىڭ قاشىغە زۇھرا ھۇسەينۇ قەمبەرى كەلدى.
تەجەللى نۇرى مۇسا بىر كۈنى ئىسمائىل ھاجىغە،
دىدى: ئەي نۇرى دىيدە تەرجۇمانىنىڭ گەۋھەرى كەلدى.

* *

گۇمەنى قىيمەتلىك ئەتتى كاشغەر تۇفراغلارى،
پەرقۇمىزگە سايە سالدى ئۇستۈن ئارتۇچ تاغلارى.
بىر ئۆزۈن سەھرائىدى قۇملۇق، تىكەنلىك، ئەسكىلىك،
ھالىيا جەننەتنى شەرمەندە قىلىپدۇر باغلارى.
مۇتتەسىل بۇلبۇل گۈل ئۈستىدە تەرەننۇم ئەيلەشۇر،
ياشۇرۇپ گۈل غۇنچەسىنى ئەنجۇمەن ياپراغلارى.
قۇملۇقى فىردەۋسى ئەئلاغە مۇشابىھ كۆرسەتىپ،
قۇدسى خاكىغە مۇبەددەلدۇر زەمىن ئويغاغلارى
كۆز قاراغىنى خىجىل ئەيلەر بۇ كۈندە بارەھا،
لالە رۇخسارىغە ئورناشتى قاراڭغۇ داغلارى،
چىرماشىپ ئۇششاقى مەھزۇنلار كەبى ئىشق ئەھلىگە،
ئاشىقى سادىقنى پەيۋەستە قىلۇر تىرناغلارى.

* *

چەمەننى قىلدى خەزان گۈلئۇزار چۇلاڭ قاش،
ئانىڭ ئۇچۇنكى چەمەندۇر بەھار چۇلاڭ قاش.
گۈلۇ چەمەن شەككەردىن لەفزىدىن ئالۇر لەززەت،
فەلەكنى مەھۋ قىلۇر گۇفتىگار چولاڭ قاش.
دىماغ ئەقلۇ خىرەد دانىشىلە نادانىدۇر،
قىلۇر سۇرۇش ئىلىن بىقەرار چولاڭ قاش.
بۇلۇتغە ئاب خىزر تۈشتى بەھرۇل - ھەيۋاندىن،
تەمام جانلىغ ئۇچۇن مىشكىسار چۇلاڭ قاش.
جەسەدى بەشەرنى نەسىمى بىھىشتىدىن سۇغارىپ،
رەۋانى جىسمىغە ئەيلەر نىسار چۇلاڭ قاش.

سىتارەلەر فەلەكى ئىچىرە ناپەدىد بولۇر،
چىراكى مەزھەرى ھەقدۇر ئۇزار چۇلاك قاش.
سىياقى ئەرش ئەزىمىنىڭ مىزاجىغە تەشبىھ،
قاراغى شەمئىنى ئەيلەر نىگار چۇلاك قاش.
رەۋاقى چەرخگە خۇرشىد ئىرۇر سىپەھدارى،
ئىرۇر كەمىنەئى بىچارە زار چۇلاك قاش.
سەلام قىل مەلەكۇت ئوخشە ھاجى ئىسمائىل،
كى جان بىرۇر ساڭا بۇ كامكار چۇلاك قاش.

*　　　　　　*

رەۋان ئەتىمىش كىتابەت خاتىمىلە شەھدى گۇلقەندى،
بەجايىكى ئىرۇر شىرىن شەكەر بارى سەمەرقەندى.
مۇتالىئ قىلدىمۇ مەكتۇبىدىن بولدۇم ئاڭا ۋاقىف،
مۇقەففادۇر قەۋافى مەجمەئى شەھزادە خوقەندى.
مۇھەييا لازىمىگدۇر قاف مۇجمەل قافىلە مەھمىل،
بارىلدى ئاستانىڭ سارىغە ئەزم ئىلە خۇرسەندى.
ئىلاھا، تا ئەبەد فەرخۇندەلىكدە ئۆتسۇ دەۋرانىڭ،
بىساتى ئەيشى راھەت ئەفزۇن ئولسۇن جەيشى گۇلخەندى.
ئەزەلدىن تار قىسمەت نىسبەتىلىك ئەبدۇلئەزىزخاندۇر،
ئەسەلدىن بار كىسۋەت سۇندۇسى تەرفى سەمەرقەندى.
قىزىل ياقۇتدەك چىھرەڭغە شەھلا دانەئى رۇمان،
ئانارانەدەك قىزارسۇن ئارەزىڭ لەئلى گۇھەربەندى.
تەلەبكار ئولسۇن ئەيياملىق مەدەدكارۇ سەرەنجامىڭ،
ياشارسۇن بەختى فەرجامىڭ، ئايا شەھزادە خۇقەندى.
تەجەللى شىۋەسىدەك نەزمۇ ئەنزامىڭنى ئىسمائىل،
مۇئەززىنخانەدىن ئازان قامەت توي يارقەندى.

*　　　　　　*

شاھباز ئوخشە شىكار ئەيلەپ ھۇمايۇن فەرفەرى،
تۇشتى ناگەھ سايەسى مەجمۇئى قەسرى قەرقەرى.
قاش ياسىدىن كەمان ئەيلەپ خەدەڭگى دىلدۇزى،
تىير پەيكان ئوقلارىدىن تاشلار ئىردى تەرتەرى.
سەيد قىلغاندەك كەبۇتەر نىم بىسمىل پاي كۆپ،
بالۇ پەرنى جۇنبىش ئەيلەر قان ئاقىزدى جەر-جەرى.
مەنزىل ئەتتى دىلكۇشالىق مەھفىل ئۆززە تۆرت كىچە،
شۇئلەسىدىن ئەيشلىغدۇر راھى رەيھان تەرتەرى.

خۇش مۇسەففا چاسەگاھى نافەسارۇ تاقەكار،
ئۆد يابۇ كامرانلىغ رامى زىبىا ئەرئەرى.
ھۇش دانا مەسلەھەتدىن تەئلىم ئەيلەر داستان،
ئەدن كەۋسەر زەمزەم ئوخشە مىيزبانلىغ مەرمەرى.
فۇرقەتىلە ۋەسلۇ فەرھۇ تەرھۇ شەرھۇ ئىستىراھ،
زەۋقۇ شەۋقۇ نەۋقۇ بەۋقۇ ئەۋقۇ ئەيىۇق سەرسەرى.
بەرگى نەخلى باسۇمەنسا يەتكۈرۈر ئافاقغە،
مەۋق ئىسمائىل نىداسى نە تەباقغە كەركەرى.

*　　*

مىھرىلىك ئىستەر مىھرىدىن ئىزھارىلىك نۇشبۇ ئافتاب،
مىھرىبانلىغ كۆرسەتۈر مىھرىڭىدىن ئەي خۇرشىد ياب.
مىھرى گەردۈنكىم ئىرۇر ئەختەرشۇناسى ھۇر ئەين،
ئەينى مىھرىلىك ئەختەرى خۇرشىدىن ئەيلەر كامىاب.
مىھر رۇخسارىلىك قاشىلىك مىژگانلاردىن گۈلشەن قىلۇر،
كىرفىكىلىك ئەندامىمە مىھرىدىن چىكەر ئۇممۇل-كىتاب.
مىھرىسان كۆرگۈزمەدىلىك مىئراج شامىن سۇبھىدەك،
مىھر رۇھۇل-قۇدس نەر مىسباھدۇر فەيزۇل-مەئاب.
مىھرىلىك ئارتۇق مىھرىكىم تەشكىم سۇبى زاھىر قىلۇر،
مىزھ ىلىك ھەققۇل-يەقىن مەنزىلگەھىلىك فەتھۇل-لۇباب.
مۇھر نەقشىلىك ھۆكمىدىن فەرمان تۇتار ئەرشى ئەزىم،
مىھرى لۇتفىلىك فەزل ئىتەر فەرقىمغە ئەي رۇزى سەۋاب.
مىھرى تابى ئارەزىلىك تەسخىمى مىھرىلىك كۆرسەتۈر،
ئۆيلەكىم مىھرىلىك تۆكەر كۆز ياشىدىن فەسلۇل-خىتاب.
مىھرىبانلىغ ۋەجھىدىن ئىسمائىل ئاھەڭ ئەيلەدى،
ئەي مۇسەۋۋەر قامەتىلىك ۋەللاھۇ ئەئلەم بىس-سەۋاب.

*　　*

ئەي رۇھى رەۋانى ئەقلۇ ئىدراك،
ئەي دانىشى ئەرجۇمەندى لەۋلاك.
بول بۇ فەلەك ئىچرە دەست بازۇ،
دەھرىلىك دىبۇ سىنى مائەرەفناك.
سال فەرقىمە چادرى شەبىڭنى،
تا كۆرمەسۇن ھاسىدانى بىباك.
ياپغىل ماڭا مەغفىرەت لىباسىن،
تا يادىلىك ئىتەي بولۇرغە مەن پاك.
پاكىزەئى خۇلقۇ ئەرجۇمەندىلىك،
يادىلىك تەلەبىدە مازە كەرناك.

خۇيۇڭغە فىدا جەمىئى ئالەم،
بويۇڭغە پۇتۇلدى ماشەكەرناك.
گۈلدەستەئى ئەنبەردىن نىگارىلىك،
كۆرسەتتى گۈلۇ سەمەنى غەمناك.
لېكىن سىنىلىك ئىلەدۇر بەھارىم،
ئەسرىلىك سىنى كۆرمەسۇن ئەلەمناك.
سۆزلەردە تىلىمغە بۇلبۇلۇمسەن،
ئەفۇ ئەت كەرەمىڭدە مائەبەدناك.
ئىسمائىل نەۋھى شۇد پەرىشان،
جەمئ ئەت ئانى ئەي ھەبىبى مىسۋاك.

* *

قاراڭغۇ كېچەمىزنىڭ شەب چىراغى،
كۆزىمىز ياشىنىڭ ئەقلۇ دىماغى.
سىپېھر ئەختەرلەرى كويۇڭدا دەۋران،
بۇ دەۋران ئىچرە سەن كەۋكەب قاراغى.
قاراغىم قان تۆكەر ئەشكى جىگەردىن،
خىجىل شەرمەندەدۇر گۈلشەننى داغى.
فىغانىم ئاھىدىن دەۋزەخ ھەراسان،
بۇ زار باتىلنى بۇ ھەقلىقنى چاغى.
قۇلاغىم گۆشەسى سەييارەدۇركىم،
پەدىد ھۇر دەير چەشمىم (نىلىڭ) چاناغى.
سەلامەت خاتىر ئول داروس-سەلامدا،
ساڭا داروس-سەلام قويسۇن يەراغى.
نە دەپ ھۇسنۇڭ مېنى قىلدى ھۇسەينى،
ئېرۇرسەن ئەنجۇمى ساقىب بۇلاغى.
تەرەھھۇم قىل ماڭا، ئەي رەھمانى ھەق،
كى بۇ زەررە ئۈمىد ئەيلەر فەراغى.
مەئىشەت ۋەھمىدىن ئىسمائىل ھاجى،
تۇرۇپ مەردانەلىك ئەتتى سوراغى.

* *

ئەي سۆز يۈزىمە تاشلا ھىجابى سۇخەنىمنى،
فەرخۇندە تۇت ئەي سەرۋى بۇ خاكى بەدەنىمنى.
تاشلاپ سىتەمى شەمزەدە دۇنيانى كۆڭۈلدىن،
خۇش تۇت مېنىڭ ئەيۋانۇ سارايى ۋەتەنىمنى.
قويغىل مېنى كويۇڭدا سىپېھر ئەنجۇمى يەڭلىغ،
كۆرسۇن ھەمە ئەل مەكتەب لەھنى زەقەنىمنى.
ئۇششاق سېنىڭ يادىڭ ئىچۇن ئىشققە گىرىفتار،
مەئشۇق بولۇپ ئۆرگەت ماڭا نەزم ئەدەنىمنى.
تۇبى سېنىڭ ئالدىڭدە خەسۇ خارى گۈلىستان،
رۇھۇل-قۇدۇس ئانداغكى دېدى بارچە فەنىمنى.
يا رەب، ساڭا مەھمۇد چەمەنى گۈلشەنى فىردەۋس،
يەتكۇر ماڭا ھەر لەھزە دەمى خەيرى زەنىمنى،
تا ئەرش ئېرۇر شەرئىڭە مۇشتاق جانىمدىن،
بول يارۋەرىم تاشلاما بۇ مەستكەنىمنى.
ئىسمائىل ئانىڭ بەندەئى فەرمان ئەسىرىدۇر،

فەرمانىمە قىل بارچە ئەناسۇر بەدەنىمنى.

*   *

ئەشق ئىچىپ ئاقىبەتىم ئىشققە گىرىفتار ئولدى،
ئاشىققە ئىشق كىبىي غۇنچەئى گۇلزار ئولدى.
دانەئى جەۋكە شاخى قىلدى ئانى گۇندەم گۇن،
كۆك ئىگىنگە ياپانىپ ئۇيقۇدا بىدار ئولدى.
دۇش بۇلبۇلكى تۇرار گۇل يۈزىگە نەززارە،
تۇتىئى ھىند كەبى مۇندە پەدىدار ئولدى.
مەھۋەشىم سەڭگى دىلۇ باغرى قارا، كۆڭلى پۇتۇن،
فىتنە سالىپ بۇدىلى ئەجزۇ نىگۇنسار ئولدى.
ھاجى ئىسمائىل ئانىڭ قەتلىلە ئەھيا بولمىش،
جايى فىردەۋسى كىبىي ئالدىدا ھۇشيار ئولدى.

*   *

كىلىڭ مۇندا تەسنىم رىزۋانلاردم،
ئىقامەت قىلىڭ ھۇر ۋىلدانلاردم.
تۆكۈك بەھرى ھەيۋان سۈيىن چەشمەلەر،
ئىچىپ قانسۇ جامى نىگەھبانلاردم.
ئالىڭ كوزەئى مىشكدىن كەئسەنى،
ئەنىسىم بولۇڭ ياخشى مىھمانلاردم.
بولۇپ سەدرى مەجلىس مەلەك فەۋجىغە،
كۇلۇپ ئاچىلىڭ رۇھى رەيھانلاردم.
مۇسۇلمان تۇرۇپ دىنى سابىت بىلە،
ئەيىن ئولتۇرۇڭ مىھرى تابانلاردم.
بۇ ئىسمائىلى ناتەۋان زارىنى،
كۆرۈڭ زەررەچە ئەھدۇ پەيمانلاردم.

*   *

قايدىن تاپاي ۋىسالىڭى غەمخارلىق قىلاي،
بىرلەھزە ھەمدەم ھەمقەدەم دىلدارلىق قىلاي.
بادى سەھەركى گۇلشەن رىزۋان ئاڭا غۇلام،
تەسنىمى ھۇرى ئەيىن ئۈچۈن ھۇشيارلىق قىلاي.
ئەيىۇق مىھرى زۇھرەئى ئەفلاكدىن نىشان،
دەۋرى زۇھەلدە بىردەمى پەركارلىق قىلاي.
مىرىخۇ مۇشتەرىكى ئول ئەينۇل-ھەياتدۇر،

لىغ ئۆزرە جانىنى تۇتتۇرۇپ جانبازلىق قىلاي.
بۇيى ئەتارۇد ئىلە گۈل سۆزلەر پۈتاغىدىن،
شەققۇل قەمەردە ئاسىم سالارلىق قىلاي.
جىبرىل دوستۇ مۇشفىق ئىدى كۆز قاراغىدىن،
خەيرۇر - رەفىق دوست ئىلە سىردارلىق قىلاي.
ما ئانكى بولسا دەھر بۇدۇنياۋۇ ئاخىرەت،
تىببۇن - نەبەۋە تىنەتۇل - ئەھبابلىق قىلاي.
ئىسمائىل ئەيىنى زۇلمەت ئارا جەھلىدىن ئايدى:
جەھلۇ زۇلمۇ ۋەسفىلە ئەشئارلىق قىلاي.

* *

ھەمدۇللا، ئەتا قىلدى رىيازۇ ھەۋزى گۈلبانلار،
فەراغەت قىلماغىچۈن تەبئى نازۇك ئەسىل مىھمانلار.
چى سەنئەت سانئى تەييار قىلدى مىۋۇلىك ئەشجار،
ۋەرەق زار نەرگىسۇ نەسرىن، سىمەنبەر ئىشقىپىچانلار.
بەنا قىلدۇردى تەختى ئىنبىساتۇ خۇررەمۇ شادى،
ئانى مىشمىشۇ قەزىب ئىلە نەتۇرلۇك جايى خەندانلار.
ئەتائى بىنىھايەتدۇر تەقى ھەرنەۋئى بۇلبۇلدەك،
قىلۇر نەغمە سۇفۇرا، قۇمرى، زۇر زۇر، كەبك دەررانلار.
سالىنسە سۇفرە تەخت ئىچرە بىرىپىدۇر يۈز تۈمەن نىئمەت
تەمام بولماس بۇنىئمەت شۇكرى تاكىم ئۆتسە دەۋرانلار.
ئۇمىددىم ھەزرەتى بارىغە شايەد تاڭلا ھەم بەرگەي،
رەسۇل ھۇرمەتلەرىدىن شەرق بولغاي ھۇرى رىزۋانلار.
ئىلاھا بەرقىدەك رەھمەت نۇزۇل ئولغاي بۇ ئايۋانغە،
سەلامەت قىل ھەمە ئافاتىدىن تا بولسا كەيۋانلار.

* *

ۋەھ ئەجەب، زىيبا ئىكەن بۇ جايى ئەيش ئىچرە مەكان،
ھەۋزى راھەت، رەۋزى جەننەت ئوخشە نەفھى سۇنبۇلان.
ۋىردى ئەسفەر ئىچرە تۈرلۈك نۇزھەت ئەتمىش جىلۋەسى،
چەھار ئەتراپى سۇمەنگۈل، ئەنبەرىن، نەرگىس نىشان.
ناگەھانى ھەر ئەزىزى ئۆلتۇرۇلسە تەخت ئۆزە،
گۈييا تەفرىھى دىلنى تىل قىلىپ بولماس بەيان.
سىيبۇ زەردالۇ بىلە شەمشادى، ئەرئەردىن نىھال،
ھەرتەرەف ئەيۋان ئىچىگە بەرگلەر بولمىش رەۋان.
سەھنى كەمژدرى ياپۇرماقى نەزاكەت مىۋەسى،

چەھار سۇففە باغ ئىچرە تۇرماغىچۈن مىھمان.
كۆپ ئۆمرىدىم تاڭلا جەننەت باغلارىدىن ھەم نەسىبە
قىلسا تەڭرىم نى ئەجەب جاھى نەبى ئاخىر زەمان.
شەرق ئۇرىدىن بۇ كەۋنەيىن ئىچرە بەرخوردار قىل،
بەرق رەخشانغە دەلىلىم قىل ئانى ھەردەم رەۋان.

* *

مەھزۇز ئىدى دىللار بۇباغ ئىلە بوستاندىن،
قىلغىل تولا فەزلىڭدىن نۇزھەتدە گۈلىستاندىن.
ھەر شاخ ئۈزەدە گۈللار، ھەرگۈل ئۈزە بۇلبۇللار،
يۈز سەۋتۇ سەدائ بىرلە ئەفرۇزى خۇجەستاندىن.
نەرگىس بىلە نەسرىندە ئەنبەرۇ سىمەنبەردەك،
مەشامىغە ئەتىرلەر ياغسۇن ئەتىرىستاندىن.
پەيدان بولۇپ ئۆرەمىش سەرۋىغە ئەجەب ئىشقى،
بۇ ئىشقىدە رەڭگارەڭ گۈل چىقتى گۈلىستاندىن.
تا ئۆمر بەقا بولسا مىھمانى ئامان بولسا،
ئولتۇرسا بۇ باغ ئىچرە تارۇزى شەبىستاندىن.
شەرق ئولغىچە نەۋرۇزى بولسامىكى فىيرۇزى،
يا رەب، كەرەمىڭدىن قىل ۋەزنىم سەقەلىستاندىن.
بەرق ئەھلى قىلىپ شايەد ئەسھابى يەمەن ئىچرە،
قىلسە نى ئەجەب پەيرەۋ ئەھمەد ئەرەبىستاندىن.

* *

فەلەك ھەمىشە رىكابىڭدە پايمال ئولسۇن،
دەرەختىڭ ئەرئەرى ئازادە بەركەمال ئولسۇن.
فەرىشتە سۇبھۇ سەھەر ئەتسۇن ئۆزىنى رىفتارىڭ،
قارا كېچە چىراغىڭ دۇدىلە مىسال ئولسۇن.
بىھىشت باغچەلەرى خەندەدىن تەبەسسۇم ئېتەر،
سىنىڭ خۇيۇڭغە سىھى سەرۋ ئىئتىدال ئولسۇن.
نەسىم ھۇر بەردىن بۇيى گۈلنى سەبزە قىلۇر،
ساڭا كۆك ھۇللەسى شايەستە خۇش مەقال ئولسۇن.
ھەۋايى دەۋلەتىڭ ئادەمدىن ئالدى دەرس سەبەق،
سەفىنە نۇھ دۇئاگۇيى قىيلۇ قال ئولسۇن.
خەلىلۇ ھۇد يول ئۈستىدە سالمۇزۇل ئەۋقات،
تىجارەتىڭ قەدەمى مۇشتەرى، نەۋال ئولسۇن.
كەلىمۇ خىزر شۇئەيب ئىلە بوادى ھەمگۇفتار،

زەبۇر نەقشى سۇلايمانغە پەررۇ بال ئولسۇن.
مەسىھ غايەتى يولداشلىق ئىلە مەريەمدىن،
رەفىق ئۆمرلىك ئايىنىغە ھىلال ئولسۇن.
چىراغ دىيدەئى شەبرەك ئەيلەسۇن گۈلگۈن،
بەھارلىك ئەنبۇمىغە قەمبەرلىك ھىلال ئولسۇن.

*　　　　*

جەمالىڭىز كەبى ئاي رەۋشەناسى كەم بولغاي،
يۈزۈك زىياسىغە ئەسھاب ھۇسنى خەم بولغاي،
باغ ئىچرە ئالماۋۇ رەيھان گۈل ئىرۇر پەيدا،
لەتافەتىڭدە بۇ رەيھان گۈل ئەدەم بولغاي.
ھەزار شەۋقى مۇھەببەت دىلىمدە جا بولدى،
ئۈمىد ئولكى ۋىسالىڭ ماڭا بەھەم بولغاي.
خەيال بىلە ۋىسالىڭ ئەگەر ئىسە مۇمكىن،
گەدائى ئاجىزەغە مىسلى جامى جەم بولماي.
ۋەلى بۇ كۆز بىلە ۋەسلىڭغە يەتكەلى بولماس،
بىھىشت باغىدا دىدارىڭىز ئەتەم بولغاي.
قىيامەت سەھنىدە گەر بولماسا شەفىئ ئەھەد،
تەمام ھەسرەتۇ ئەندۇھ، دەردۇ غەم بولغاي.
فەراغەت ئىچرە ياتىلىك رەۋزە ئىچرە ئەنۋەرخان،
رەسۇلنىڭ دۇشمەنىگە يۈز تۈمەن ئەلەم بولغاي.

*　　　　*

ۋەسلىڭغە يەتكەلى ماڭا بولسا ئىدى مەجال،
قىلسام تەسەددۇق ھەرنەكى باردۇر قولۇمدا مال.
سۇرەتدە ئىفلىدۇر بەشەرىيەت جەمالىڭىز،
ھۇرى-پەرىدە ئۇشبۇ جەمال بولماقى مەھال.
ئەندۇھۇ دەردۇ ھەسرەت بىھەد نەدامەتا،
ياغدى باشىمغە تۈشتى ھەۋەس ماڭا ئۇشبۇ قىيلۇقال.
ئەي كاشكى، كۆرسەم ئىدى ئاي جەمالىنى،
بولماس ئىدى زەئىف كۆڭۈل ھىچ ۋەقىت مەلال.
شەمشاد، سەرۋىدەك ئىدى ئازادە قەددىڭىز،
خەم بولدى ئۇندەك يوقالىپ كەتتى يالۇبال.
نەشتەر مىسالى كىرپىكى مىھراب قاشلارىڭ،
ياقۇتدەك ئۇزارى ئىدى كۆزلەرى غەزال.
ئەنۋەر جەمالىڭىزچە ئەجەب بىزدىيا بولۇپ،

فەرزەند سەن كەبى ماڭا بولغايمۇ بىمسال.

* *

مېنى ھەرارەتى ئىشقىڭدە مۇبتەلا قىلدىڭ،
فىراق مېھنەتۇ دەردىڭدە پۇرجەفا قىلدىڭ.
ھىمايەت ئەيلەمەدى لۇتف جۇد ئېھسانىڭ،
ئەلەمنىڭ ئاتەشى داغىڭغە ئاشنا قىلدىڭ.
مۇسەللەم ئولدى مەكارىم خۇيۇڭغە بەرنالىق،
كەمالى شەۋق ئۇزارىڭغە دىلفەزا قىلدىڭ.
دىماغىم ئىچرە تۇشۇپدۇر قەدىڭ سىياقىدىن،
نىھال قامەتىڭ ئۇسلۇبىغە نەۋا قىلدىڭ.
ئەگەرچە دىدەئى بىناغە سۇرمەدان ئېردىڭ،
ۋەلى قاراغى كۆزۈڭ ئىچرە جا بەجا قىلدىڭ.
مۇئاشىرەتدە تەلەبكار دىل جىگەرلەرنى،
يولۇڭغە مۇنتەزىر ئولماقىغە مۇددەئا قىلدىڭ.
يېگانە ئېردىڭۇ يەكتايى فەرد كەلمىشسەن،
توقۇز فەلەكدە سەككىز باغقە مۇتتەكا قىلدىڭ.
نەسىمى گۇلشەنىڭ ئىسمائىل ھاجىنى چىقارىپ،
غەزالى چىن كەبى سەھراغە نافەسا قىلدىڭ.

* *

ئەي بۇراقىڭ ئىزلارى چەشمى قاراغىمغە بۇلاق،
رەفرەفىڭ بەزمىدە ئەزمى ئەيىش ئېتەر گەردۇن تەباق.
مەۋج مەيدانىڭدا رۇھۇل - قۇدس ئاجىز مىسلى مور،
ئەۋجى تۇغرائىڭدا مېئراجىڭ شەبىستانى رەۋاق.
سەيرئېتەر توققۇز فەلەك فەرمانىڭ ئىلە روزۇ شەب،
ئەنجۇمى سەييارەلەر سەيياھدۇر سابىت سىياق.
ماھى تابىڭدۇر قاراڭغۇ كېچەمىز، ئەي شەمئى نۇر،
ئافتابىڭدىن فۇرۇغ ئىلتەر جەمئى جۇفتۇ تاق.
سايەبانىڭدۇر ئەلەمدارۇ جەمئى كۇنفەكان،
تەختۇ بەختۇ، ئىززەتىڭ بەردى سۇلايمانغە قاراق.
شەممەئى ۋەسفىڭنى قىلسا گەر ئەيان ئەختەرلەردىڭ،
ئاسمان يەرنى قىلۇر زىرى نىگىنىڭدىن سىياق.
«ۋەززۇھا» ئاياتىڭ ئاسارى نەسىمى جىبرەئىل،
«ۋەلقەمەر» ئەتۋارىڭ ئەسرارىغە سالدى ئىشتىياق.
زەۋقى ھىجرانىڭ ۋىسالى جانىمە سالدى سۇرۇش،
شەۋقىدىن ئىسمائىل ھاجى دادئېتەرلەر مۇشتاراق.

*

تاكى جان باردۇر جەھانبان بول،
ساھىبى بەختۇ بەدر تابان بول.
يەتمەسۇن دەھردىن ساڭا ئازار،
ئۆشبۇ ئەسر ئەھلىگە نىگەھبان بول.
ئاسمانۇ زەمىن ئەنا سۇرىغە،
بائىسۇ ئەرجۇمەندى سۇلتان بول.

*

كەۋكەبى ئافتاب نۇرىستان،
مەلەكۇت ئىچرە ئەختەرىستان بول.
شاھلار بەندە خاكى راھىڭغە،
پادىشاھلارغە ئەمر ـ فەرمان بول.
ئاتەشۇ ئابۇ بادۇ خاكىغە،
ئادەمۇ رۇھۇ قۇدسى يەزدان بول.

*

غەرىبلىقدە مۇسافىر بولدى بىر كۇن ماھى تابانىم،
جەمالى سالدى ئالەم ئەرسەسىگە ئاھۇ ئەفغانىم.
قەدى مەۋزۇن كەمالى دىلفەرىب ئېردى قىلىپ ئىشۋە،
ئەتارۇد چاكەر ئولدى، مۇشتەرى قۇل، زۇھرە دەرمانىم.
مەلاھەتلىكدە گويا ئاسمان تۇردى خىجىللىقدە،
ساباھەت مېھرىبانلىغ يۇزىدىن بولدى زەرەفشانىم.
سىياقىدىن ئىدى شەرمەندە خۇرشىدى فەلەك گەردۇن،
قاشى كىرفىك ئۇچىدىن ئوق ئاتىپ قەتل ئەتتى سۇلتانىم.
بەناگەھ بۇ ۋىلايەت سارى تۇشتى سايەسى كۇندەك،
كۆزىدىن غەمزە ئېتەر ھەرتارە زۇلفى ئۆزرە جانانىم.
جىگەر ئوتلۇغ يۇرەكتىن خۇن تۆكۇپ رۇخسارىگە يىغلاپ،
ھەمە داغۇ فىراقىدىن سۆزلەدى كام ئىلە دەندانىم.
ھەيا ئەيلەپ سۆزۇمنى سەمئىگە قىلدىم ئەيان ھالا،
كى شايەد رەھم قىلسە، نې ئەجەب، فەرخۇندە مېھمانىم.
ئەگەر قىلسا تەرەھھۇم ۋەسلىدىن تايسام يوق ئارمانى،
قىلۇر ئەلبەتتە خەتنىڭ ئارقاسىغە خەت نىگەھبانىم.

*

ئەي مېھر فەلەك قۇياشى سانجۇ،
بول ئارەزىم ئۆزرە ئافىيەت جۇ.
سەندىن ماڭا كەلمەدى سەلامىڭ،
مەنگە ئولدى شەكەر كەبى كەلامىڭ.
قىلغىل مېنى سۇبھۇ شامدا ياد،
تا قىلغۇچە مەن يۇزۇڭنى ئىسناد.
تۇردۇم ساڭا ئىنتىزارە ئەيلەپ،
ئولتۇردۇم يولغا نەززارە ئەيلەپ.
ئەي ئىسمىڭ ئەداسىدىن، سەلىمە،

*

ئوتۇڭ چوغىدا كۆيەر ھەلىمە.
سەندىن ماڭا فۇرقەتۇ ئەلەمدۇر،
سىينەمدە ھەمىشە غۇسسە ـ غەمدۇر.
مەندىن ساڭا يۇز تۇمەن تەھىييەت،
ئادا بۇ سەلامۇ ئادەمىيەت.
بول خۇررەمۇ ئافىيەتۇ سەلامەت،
فەرخۇندەۋۇ شادۇ سەرۋ قامەت.
ھەق قىلسە سېنى ئەمانۇ مەھفۇز،

لۇتفىدىن بەھرىمەندۇ مەھزۇز،
ئەلقىسسە بەيان قىلاي سۆزۈمنى،
يولۇڭغا فىدا قىلاي ئۆزۈمنى.
بارماقىغە رەددۇد ئەيلەپ ئېردىم،
كۆرمەككە يۈزۈڭنى پەيلەپ ئېردىم.
مەنگۈ ئەتتى مېنى سىپەھرى تارەم،
بارماقىقا ئىجازە بولمادى ھەم.
ئاخىر بۇ رەقەمنى قىلدىم ئېرسال،
مەكتۇب كەلامىغە قۇلاق سال،
تۇرشىل ھەمە ۋەقت شادۇ خۇررەم،
تەبئىڭغە يېتىشمەسۇن بەسى غەم.
ھەق ئاسراسۇ ئىككىمىزنى ھەردەم،
قىلسۇن مەمنۇنۇ ھەم مۇكەررەم.
تا بولسا جەھاندا خەتتۇ خالىڭ،
فەرخۇندەلىك ئولسۇ ماھۇ سالىڭ.

*　　*

فۇرقەتىڭدە كۆز ياشىم يامغۇر سۇيىغە تۆكتى ئاب،
ھەجرى شەۋقىڭ بىر يولى قىلدى ۋۇجۇدۇمنى خەراب.
ئەي قاراڭغۇ كېچەنىڭ خۇرشىدە ئاتەش پارەسى،
شەمئى رۇخسارىڭ ئوتى نەمرۇد ئوتىغە بەردى تاب.
كۆزلەرىم نەززارە بىر كۆرمەككە ھۇسنۇڭ باغىنى،
قايسى كۈن بولغاي مۇيەسسەر خالۇ خەت زەررىن رىكاب.
گاھ-گاھى تۈش كۆرۈپ خۇشنۇد ئولۇرمەن ۋەسلىدىن،
ئوريغانىپ باقسام جىگەر باغرىم بولۇر ئوتدە كەباب.
مەن خەيال ئەتسەم سېنى كۆڭلۈمدە ئويىنار قامەتىڭ،
لېكىن ئۆز ھالىمغە كەلسەم تاقەتىم يوق نەمخاب.
گەر بەيان ئەتسەم شەرار ئۆرغان ئوتىڭدىن زەررەچە،
يەتتە چەرخى ئاسمانىنى كۆيدۈرۈپدۇر ئافتاب.
گۈلغە بۈلبۈل ھەرنىچە ھالىنى ئىزھار ئەيلەسە،
گۈل كەرەشمە نازىدىن ئەيلەر خىجالەت مىشكىناب.
گۈل كەبى بۈلبۈلغە دىلدار ئولغىل، ئەي سەرۋى رەۋان،
تا دىلىم بولسۇن فەرەھناكۇ كۆڭۈل تاپسۇن خۇشاب.
مەن بولۇپ پەرۋانە شەمئىڭغە ئورۇپ قۇربان بولاي،
ياد قىل سەن ھەم مېنى، ئەي باغرى قاتتىمغ، ئوت قالاب.

1930 - يىلى 4 - ئاينىڭ 19 كۈنى.

*　　*

ئەۋنى لۇتفى زاھىر ئەيلەر جۇملە ئەشيانى ۋۇجۇد،
نۇرى لەۋلاكى بىلەن ئافاق ئارا تاپتى ۋۇجۇد.
بەھرەۋەر بولدى بۇ رەھمەتدىن دەتارۇ زەررەلەر،
ئەرشۇ فەرشۇ سىڭگۇ رەڭگۇ ئەيلەدى ۋاجىب ۋۇجۇد.

رەڭ بەرەڭ تۈتمۇ تەنۇ شاخى ياپۇرماق مېۋەلەر،
مەززەۋۇ تەبئۇ شەكىل ئىسمۇ نەفائىھ مىسلى دۇد.
بەئزەنىڭ ئىسمىنى نەچچەند نەۋئى قىلدى تەسمىيە،
يەر غۇبار ئالۇدە، ئەفلاك نىلدەك بولدى كەبۇد.
نەجمى ماھۇ شەمسىنى رەۋشەن قىلىپ لامىئ ئىلۇر،
بەھرىدە مەرجانۇ ياقۇت تاغدا تاپتى ۋۇجۇد.
دىنۇ ئائىن نەۋئۇ نەۋئۇ ھەرفى ئاۋاز جىنسۇ جىنس،
مىللەتۇ سۇننەت تەرىقۇ رەسم ھەم گەبرۇ جۇھۇد.
قۇدرەتىڭنى ھېچ ئاقىل بىلمەگەي بۇ دۇن ئارا،
ئاسى ئىسمائىلنى، يا رەب، ئەيلەگىل ئەھلى سۇئۇد.

* *

ھەي-ھەي، نە ئەجەب كۆكدىن يامغۇرى ياغار ئولدى،
گۇياكى بۇلۇت خەيلى سەل كەلگەلى غار ئولدى.
ئالەم ئىدى لەب تەشنە، گۇل بەرگى قۇرۇغلۇقدا،
بۇلبۇلغە خۇش ئەلھانلىق يامغۇرى دۇچار ئولدى.
خارۇ خەسى سەھرالار قىشلىق كەبى تۇرغاندا،
باران تۆكۈلۈپ يەرگە قىش ۋەقتى بەھار ئولدى.
باغۇ گۇلۇ رەيھانلار پەژمۇردە بولۇپ ئىردى،
دىل خەستە رىياھىنغە سۇ قەترەسى يار ئولدى.
ھەق جۇنۇ كەرەم ئەيلەپ ياز فەسلىنى بار ئەتدى،
شەبنەم تۆكۈلۈپ بۇلبۇل مىنقارى ھەزار ئولدى.
بۇ نېئمەتى رەھمانغە ھەمد ئىلە تەشەككۇرلۇق،
ئاۋازى دەرەختلەرنىڭ بەرگىدە چالار ئولدى.
مىڭ شۇكرى خۇدا بەردى رەھمەت بىلە يامغۇرنى،
مەجمۇئەئى ئىنسۇ جىن رىزقىلە تۇرار ئولدى.
ئىسمائىل زەمزەمىنىڭ كۆز ياشىدە ئەرش ئەئزەم،
بەتھايى ھەرەم ئۆززە ھەرلەھزە باقار ئولدى.

* *

ئەي مۇئمىنۇ مەدەدى ئەھلى دىيارى قاراقاش،
ۋەي دەلىرۇ يۈرەكۇ ھىممەتدارى قاراقاش.
جۇملە ئافاق ئىبەرۇر گەردۇ غۇبارىدىن سەلام،
ئەي مۇسەللەم، ھەمە ئەفلاكە نىگارى قاراقاش.
ساڭا تىل تامغاق ئىلە ئابى دەھەن قۇل بولسۇن،
لەبۇ دەندانىدىن ئىبتەر شۇكرى نىسار قاراقاش.

يەتتە ئىقلىم ئەھلى كەلتۈرسۇن ئىشىكىڭغە خىراج،
مەملەكەت ئىنسۇ پەرى بولسۇ شىكارى قاراقاش.
ئاسمان قويسۇ ئاياغىڭغە باشىنى ھەممە ۋەقت،
كى بەلەند مەرتەبەدۇر سەھنۇ كەنارى قاراقاش.
دوستلارىڭ شادۇ ھەمە دۇشمەنىڭ ئولسۇن مەقھۇر،
تا قىيامەت ساڭا قۇل بولسۇ بەھارى قاراقاش.
مەتلەئول ـ فەجرىدە سۇبھى سەھەرىڭ بولدى پەدىدە
مىھر تابانىڭ ئىتەر لەيلۇ نەھارى قاراقاش.
باغى فىردەۋس سىنى ئالسۇ قولىغە يۈگۈرۈپ،
تەختى پايىڭغە قويۇپ باشىنى يارى قاراقاش.
نەجمى خۇرشىد ھەمە دەم تاپتى زىيا شەمئىڭدىن،
يارۇتۇپ زۇلمەتى شەبدىزىنى بارى قاراقاش.
ھەق ئەرىز ئەيلەدى جىسمىڭنى مەھى تاباندىن،
ھۆكمىران ئەتتى رەئىييەتكە مەدارى قاراقاش.
ئەرەبۇ رۇمى ئەجەم مۇشكى خوتەندىن گەپ ئۇرار،
چىن ئىدى نافە ئۇچۇن بۇلبۇل ھەزارى قاراقاش.
يوق ساڭا ئىنسۇ پەرى ئىچرە شەبىھۇ مانەند،
يۇسۇفى مىسرى ئىدىڭ تۇردى قەرارى قاراقاش.
ھەمە ھالەتدە دۇئا قىلدى ساڭا ئىسمى سەلاھ،
بول سەلامەتلىك ئىلە، بولسە غۇبارى قاراقاش.
يا رەب، ئەت ھاجىبۇ ھەزرەتنى ئامانۇ ئافىيەت،
تا ئامان تۇرسا سىپىھر ئىچرە شۇمارى قاراقاش.
ھاجى ئىسمائىل ئەگەرچەند ئىرۇر كۆزدىن ئۇزاق،
لىك جان ئىچرە تۇتار ئەھلى دىيارى قاراقاش.
«فەسەيەكفىيكۇ ھۇمۇللاھۇ» دىدى ھەزرەتى ھەق،
ھەق رەسۇل ئىردى مەلاھەت گەردارى قاراقاش.
تاڭ سەھەر چىقتى فەلەكدىن قەدەمى روھى قۇدۇسە
دىدى يۇسۇفكە فىداخەددۇ ئۇزارى قاراقاش.
مۇلەكا، پادشەھا! تۇت مەلەكۇت ئۆزرە سەبان،
زىللى خۇرشىدى كەبى ئەيلە سەۋارى قاراقاش.

* *

خەيالىڭ ئالدى كۆڭۈل باغىدىن قەرارىمنى،
خەمىڭ تۇنىدە كۆزۈم توتتى روزگارىمنى.
قاچانغىچە مىنى ھەجرىڭ ئوتىدا داغلارسەن،

نەزەرگە ئائىنە قىلماي رۇخى ئۇزارىمنى،
ئۇممىدى ۋەسلى ئۇززۇن مۇددەت ئولدى زاھىر ئەمەس،
مەگەر ئۇنۇتتى سىياقىلىك كەممىنە زارىمنى.
ئىگىل فەلەك سۇتۇنىدىن زەمىن مەھەللەسىگە،
تەرەھھۇم ئىلە ئالىپ قولدەكى تۇمارىمنى.
ئەگەرچە دىيدەئى مازاغىدىن قۇياش كۆكەرۇر،
سىتارە خىرمەنىدە ياد قىل كەنارىمنى.
كۇلۇپ سۇرۇرۇ مۇفەررەھ بولۇپ بەشاشەتدە،
تەئەممۇل ئەيلە مېنىڭ خەس كەبى بەھارىمنى.
يەتىمغە مەرھەمەت ئەتمەك سېنىڭ خاسىگىدۇر،
بەنى نەجارغە ئەۋەتكىل دەرەختى بارىمنى.
مۇھەممەدا، ساڭا ئەركىن غۇلامدۇر مەنكىم،
فەلەك فەرىشتەلەرى نەقىش قىلدى كارىمنى.
ئىلاھا رەھمەتىڭ ئامۇ خاس ئۇچۇن نىئمەت،
نەئىمى شىر دىلان قويدى زۇلفىقارىمنى.

*

ئۇشبۇدۇر بىزگە ئەجرى ھەق ساردىن،
ئەيلەگەن سەئيىمىز شۇكرىلەردىن.
كىم بۇ تەرزىدە ھېچ جەزا بولماس،
مۇنچە ئالىيلىقىلە جا بولماس.
قايسىدۇر بۇ دىگەن تىرازۇ رۇسۇم،
بىلگىل، ئەي نۇرى دىيدەئى مەئسۇم.
دىنى ئىسلام ئىلە خۇداۋۇ رەسۇل،
بارچە دىن بەرگەزىدەۋۇ مەقبۇل.
مۇنىڭ ئىلە جەھاندا سەلمان بول،
مۇئمىنۇ مۇتتەقى مۇسۇلمان بول.
ئۇشبۇدۇر بىزگە ھەق ساردىن ئەجر،
بۇ مۇھەققەق بولۇر يارۇغلاسە فەجر.
فەجر ۋەقتىدە سۇبھى سادىق ئولۇر،

*

تاڭ يارۇغلۇقدا ھەق مۇھەققىق ئېرۇر.
ھەق مۇھەققىق ئولۇپ سورۇلسە ھىساب،
رۇزى مەھشەر ئولۇر بىل، ئەي ئەھزاب.
ھەشرى ئولغاچ كىتابۇ مىزاندىن،
كەلگۇسى نامەلەر گەردىباندىن.
ياخشىغە ئوڭ قول ئىلە ئالدىدىن،
كافىر ئەلگە چەپ ئىلە ئارقىدىن.
ئاسىلۇر گەردەنغە نامە ئەمەل،
سۇد قىلماس ئۇكۇندە تەۋلى ئەمەل.
قىل بىزنىڭ نامەمىزنى چۇن ئەبرار،
ۋەقتىنا رەببەنا ئەزابەننار.
ھەبلىئەيمانىنا كىتابى كەردم،
ھۇرمەتى ھەزرەتى رەئۇفۇر-رەھىم.

*

*

كېلىڭ ئىشرەت مەھەللىغە ھەمە ئەتراfدىن جانلار،
تۇرۇڭ خۇررەم فەرەھ ئارايىشى خۇرشىد دانلار.
ئاچىلدى غۇنچەئى تەسنىمى گۇلگۇن دەم [illegible]،
سېچەكلەردىن تەبەسسۇم كۆرسەتىپ ھ[illegible] ئ[illegible]لمانلار.

تەرەب ساز ئولدی بەرگی ئافىيەت ئۆزرە نەسمەی جان،
دەفۇ، چەڭگو، دۇتارىيۇ سىتارىدىن غەزەلخانلار.
مۇغەننى لەھنى داۋۇدى ئىبرۇر مۇترىب فەلەك چەرخى،
مەقامى ئاشىقانە رەقس ئېتەر ئەفلاكى دەۋرانلار.
ئەتارۇد نەغمەسىغە زۆھرە مەست ئولغان كىشى يەڭلىغ،
ئۇسۇل ئەيلەپ سەمائۇ ئەقلىدىن تۆكمىش زەرەفشانلار.
قەمەر باشىغە ئەتلەس چادىرىدىن پەردە يۆرگەپدۇر،
مىرىخۇ مۇشتەرى تەھسىن ئېتىپ كۆرسەتتى دەندانلار.
زۇھەل تەختى كارامەت ئۆزرە مەخمەلدىن قارا كىيمىش،
مەسەررەت بەزمىدە رەقسان بولۇڭ ياقۇتۇ مەرجانلار.
زەمىنى رۇمى قەيسەر، چىنى خاقان، مىسر ئىسكەندەر،
ئىشىكدە تەلمۇرۇپ ياشىن تۆكەر كۆڭلى پەرىشانلار.
بەھارى ئەنجۇمەن گۈل بۇيى بۇلبۇلنى قىلىپ ۋالە،
فىغان ـ ھەسرەت بىلە شامۇ سەھەر بولدى خۇش ئەلھانلار.
بۇ يەڭلىغ سۆھبەتى دىلكەشنى كۆردى ھاجى ئىسمائىل،
دېدى: يا رەب، سەن ئەتكىل مەغفىرەتلىك ئەھلى ئىمانلار.

* *

باغۇ بوستان بۇلبۇل ئاۋازى بىلە مەرغۇبدۇر،
ھەممەمەك بولماقغە دانىشمەندۇ ئاقىل خۇبدۇر.
سەرۋ ئازادى ئۇچۇن ئەرئەر قىلۇر جانىن فىدا،
ئىككى دەردمەند رازى دىل بولماقلارى مەتلۇبدۇر.
سايەبانى ئەرش ئۇچۇن جەننەت تەممەننا ئەيلەمىش،
كىم بىھىشت ئاراسى كەۋسەر بەھرىدىن مەسكۇبدۇر.
دەۋلەتۇ بەختى مۇزەففەردۇر سۇلەيمان تەختىدىن،
مەسنەدى دەۋرى زۇھەل ئىقبالىدىن مەھبۇبدۇر.
زىكرۇ فىكرى ئىلە مۇرىد ئولغان كىشى تاپمىش مۇراد،
ئاقىبەت مۇرشىد، مۇرىد ھەر ئىككىسى مەنسۇبدۇر.
جىسمۇ تەن يەڭلىغ كېچە ـ كۈندۈز جەسەدنى شاد ئېتەر،
سۇبھۇ شامى دىلرەبا رۇخسارىچۇن مەكتۇبدۇر.
قۇتبۇ غەۋس ئەبدال ئۇچۇن بولمىش نەقىبى روزگار،
ھەم نەجىبى ئەھلى لۇبنان خەلقى ئۇچۇن يەئقۇبدۇر.
كىمكى قۇربى ھەققنى ئەيلەر ئارزۇ لازىم ئاگاھ،
بىر ئەزىزنىكىم نىھانى زاھىرىدىن خۇبدۇر.
يا رەب، ھەركىم بولسا مۇئمىن ئەفۇ قىل ئىسيانىنى،

كىم خەتانى ئەفۋ قىلماق سىككەئى مەزرۇبدۇر،
رەببەنا ئەغفىرلىي جەمىيئەن ئەنتە غەففارۇ غەفۇر،①
مەغفىرەت قىلماق خەيالىڭ باغىدا مەتلۇبدۇر،
ھاجى ئىسمائىل ھەرەمنىڭ سايەسىدە تەلمۇرۇر،
دىن ئىبراھىم جەھانىڭ ئەينىدىن مەھجۇبدۇر،

* *

قاشىمغە بىر كۆنى دىلدارۇ مېھرىبان كەلدى،
كۆڭۈلنى ئالغالى خۇشخۇي ھۆكمران كەلدى.
رەۋانىم ئالدىپۇ قويماي قەرارۇ تاقەتۇ ھۇش،
تەنىم ئاراسىغە خۇرشىدى ئاسمان كەلدى.
بەھارى ئىشرەتىم ئابادلىقدە ئەيش كۆرۈپ،
بۇ چەرخ دەۋر فەلەك ئىچرە سايەبان كەلدى.
سەدا چىكىپ گۈلى ھىكمەت سەفالى بۇلبۇلدەك،
گۈلابى شىشەغە ئاۋازلىغ فىغان كەلدى.
ئىدىم غەرىبى ۋەتەن ئۆز دىيارۇ مۇلكۈمدە،
ئەنىس ئۇلۇغە مۇھىببى دوست جاۋىدان كەلدى.
رەقىب ۋەسل ئىلە خۇرسەندۇ مەن ۋىسالىغە زار،
دەرىغۇ دەردكە دەۋران بەسى يامان كەلدى.
ھەيات ئۆمرىمە ئەييامى دەھرى خۇشنۇددۇر،
چىراكى دەھرى ئەسرىمغە بىر زەمان كەلدى.
سىرىشتە ئەيلەدى بۇرجى زۇھەلنى ئىسمائىل،
قۇلىغە دۇرجى سەھەر چۇن دەم ھىسان كەلدى.

* *

جەراھەت ئەيلەدى داغىڭ مېنىڭ دىماغىمنى،
دىماغىم ئىچرە ئورۇنلاتتى كۆز قاراغىمنى.
ۋۇجۇدۇم ئولدى ئەدەم داغى ئىشتىياقىڭدىن،
رەۋانىم ئەيلەدى ھەجرىڭدە تۇھفە داغىمنى.
بەھار مەۋسۇمى گۈلگۈن يۈزۈڭنى سەير قىلۇر،
ئاچىلدۇرۇپ ماڭا كۆرسەت ھەۋايى باغىمنى.
قاچانغىچە سېنىڭ ئاستىدە كۆڭۈلۈڭ ئالمىشدۇر،
مېنىڭ بۇ زار بۇزۇق خەستە قول - ئاياغىمنى.

① ئەي رەببىمىز، سەن مېنى پۈتۈنلەي مەغپىرەت قىلغىن، سەن كۆپ ئەپۇ قىلغۇچى ۋە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن.

يولۇڭغە كىرفىكۇ قاشىمنى رەھگۇزار قىلاي،
كىلۇر ئىسەك ئەگەر ئالماقغە شاخ پۇتاغىمنى.
ماڭا نەسىمى سەھەردىن قاچان كىلۇر قەدەمىڭ،
جانىم چىقارغە ياۋۇشتى يارۇت چىراغىمنى.
خۇداغە داد قىلۇرمەن قىيامەت ئولغاندا،
ئەگەر تەرەھھۇم ئىتىپ بەرمەسەڭ قۇلاغىمنى.
ساڭا مۇيەسسەر ئىرۇر مەقسەد زەمىنۇ زەمان،
ئىنايەت ئەيلە ماڭا ئۇشبۇ دەم سوراغىمنى.
رەۋان ئىرۇر مەلەكۇت ئالەمى جەنابىڭدىن،
كويۇڭدا شەرھى قىلاي سىينەئى قۇچاغىمنى.
نەۋا قىلۇر چەمەنۇ ئەندەلىب ھۇسنۇڭ چۇن،
فىدايىڭ ئەيلەسەم ئىردى سەدايى زاغىمنى.
فىغانۇ بۇلبۇلۇ گۇل تەلئەت ئىلە ھەمرەڭدۇر،
نىچۇنككى چىھرەئى ئىسمائىل ئالدى چاغىمنى.

* *

ئەي ئافتابى تەلئەتىڭ ئالدىدا نە رەۋاق،
توققۇز فىتىر نان كەبى تۇردى قاراۋۇ ئاق.
قۇرسى قەمەر يۇزۇڭنى شۇئائىغە تەلمۇرۇر،
خۇرشىد، زۇھرە غەمزەسى ئالدىڭدادۇر فۇتاق.
ئىقبال مۇشتەرى ئەمەس يالغۇز زۇھەلغە يار،
مىررىخ تىغى كۆزلەرىڭ زەخمىدەدۇر قاداق.
كىلكى ئەتارۇد ئالدى قەلەمدانىنى ئىلكىگە،
كاغەز يۇزىنى خالۇ خەتىڭدىن قىلىپ ۋىساق.
ئىقلىمى تۇركۇ ھىندىيۇ رۇسۇ فەرەڭ، چىن،
دەرگەھىڭ ئىلە تۇرغالى مۇشتاقۇ مۇشتاق.
بەھرى قوباۋۇ نىلى ئىسكەندەر، فىراتۇ بەلخ،
كۆز ياشىدىن يولۇڭغە سۇ ساچتى بولۇرغە ساق.
دەريايى ھەفتگانە ئىرۇر يەتتە مىڭ ئارىق،
ھەر بىر ئارىقدا خىزر سۇيى ئاقتۇرۇر ياساق.
يا رەب، نىچۇك مۇئامىلەلەر بولدى جانىمە،
جانىمغە خىزر قىلدى نىدا زالىكەل - فىراق.
نامۇس جىبرەئىل ئىدى ئافاق پەيكەرى،
قامۇس نۇقتە ھەرفىدىن فەيدادۇر ئىشتىياق.
ئىسمائىل ئۇشبۇ قىتئەدە نەزم ئەتتى نەسرىنى،
ئاياتى بەيىنات ئاڭا تاقىنى قويدى تاق.

*　　　*

قاشىڭنى ئەبرۇ كەمان دېمەكىم خىجالەتدۇر،
كەمانۇ كىرافىكىنىڭ ئاتماقىغە ياخشى ئالەتدۇر.
قاپاغىنىڭ ئالدىدا كۆز چەشمەسى خىزر سۇيىدۇر،
يۇزۇڭدەكى خەدۇ خالىڭ جەھانغە رەئىيەتدۇر،
قۇلاغىنىڭ ئۆزرە فەلەك ھەلقەسى مۇزەييەندۇر،
سۆز ئاڭلاماقىغە بۇ تىلغان ئەجەب رەۋايەتدۇر،
بۇرۇن دىماغ ئىلە ئەفلاك ئۆزرە نىگەھباندۇر،
لەسىمى بادى سەھەرلەرغە گۇل ھىمايەتدۇر.
لەبىڭدە قەندۇ شەكەر شەرمناك ئولۇپ سۇ بولۇر،
كى شەھد تاتلىغى تامغاق بىلە ئىنايەتدۇر.
تىشىڭ لۇئالى گەۋھەرگە بەردى قىيمەتۇ قەدر،
بەھاسى جەۋھەرى مىينادە بىنھايەتدۇر.
كەلامىڭ ئالدىدا مۇسا سۆز ئايتا ئالمايدۇر،
دەمى مەسىھ ساڭا دېدى: بۇ كىفايەتدۇر.
نەفەس نەفىسى مەلەكۇت ئالەمىدە جىبرائىل،
ستايىشىڭنى ئوقۇپ دېدى: ئۇشبۇ غايەتدۇر.
قەلەم كەمىنە ئىبرۇر ئۇتق سۆزلەرىڭ ئىچىدە،
سۆزۇڭدەكى ئەسەرىڭ جۇملەغە سەرايەتدۇر.
رەقەم چېكىپ ۋەرەق ئۇستىگە دۇش ئىسمائىل،
دېدى ھەۋايى قەددىڭ ئارەزىمغە ئايەتدۇر.

*　　　*

قوشتاغداكى مېھرىبان گۇلىستانىمغە،
بۇلبۇلنىڭ گۇل ئۇستىدەكى بوستانىمغە.
بۇ بەندەئى زار ئىسسەلاھ جانىبىدىن،
ئاغاز دۇئا سەلام چەمەنىستانىمغە.
ھەرلەھزە كۆڭۈل يولۇڭغەدۇر نەززارە،
نەتسۇن بۇ يۇرەك يىغلاماي ئاستانىمغە.
ئەي جانى ئەزىز، كويۇڭغە قۇربان ئولايىن،
باقىغىل بۇ مېنىڭ ئوتدەكى فىستانىمغە.
ئەفسۇردەئى نەئلى خاكپايىڭدۇرمەن،
رەفرەفنى چاپىپ كەل ئەرەبىستانىمغە.
تا ئانكى دەبىرى ئىشتىياقىڭ بولايىن،
مۇشتاق تەردىن شەۋق خۇجەستانىمغە.

يا رەب، فەلەكى ئەتزەم ئاڭا بولسۇ مۇسەخخەر،
رام ئولسۇن ھەمە ياز زىمىستانىمغە.
ئەيىۋق مۇتىبئ ئولسۇنۇ فەرمانلە ئاھەڭ،
تەھسىن قىلىپ ئاشۇبى شەبىستانىمغە.
ئىسمائىل ئەگەر بولسا تۆمۈر ئىلە مۇنەققەش،
بىشەك پۈتۈلۈر نەقشى گۈلىستانىمغە.

*

يۈسۈف ھاجىم جەنابى ئالىيغە،
ھاجى ئىسمائىل ئەيلەدى مەنزۇم.
كىم بارىپ كۆرمەكىم زەرۇر ئىدى،
لىك ۋەقت ئولدى تەڭگىدىل مەئلۇم.
ئەرز ھالىمنى شەرھى قىلماقغە،
يەتتە دەريا سۈيى ئىرۇر مەئدۇم.
قىسسەئى نالە زارىمە باقىل،
كۆيدۈرۈر ئامىلە بۇراقى سەمۇم.
ئافتابىڭغە يەتمەسۇن ئاسىب،
چەرخ دەۋران كويۇڭدا قىلسۇ ھۇجۇم.
كىچە ـ كۈندۈز ئەمىنە ئالەم بول،
ئۆلەمالار تۇرۇپ مىسالى رۇقۇم.
مۇشتەرى زۇھرە تۇتسۇ فەرمانىڭ،
تىغى بەھرام ئىتىپ زۇھەلنى ئۇلۇم

*

توختى، ئەي مېھرىبان شىرىنگۈي،
تاقىلاي سىيرەتىڭ كەبى خۇشخۇي.
ئاسمان يارۇ ياۋەرىڭ بولسۇن،
يەر يۈزى مېھرى خاۋەرىڭ بولسۇن.
دوستلار دەۋلەتىڭنى ياد ئەتسۇن،
ئىززەت ئۈستىدە ئىن يەكاد ئەتسۇن.
دۇد قىلسۇن سىپەند دانەسىنى،
تەگمەسۇن كۆز دەپ ئالتۇنخانەسىنى.
ئوقۇشۇپ سۇبھو شام خۇشلۇغىنى،
كۆتەرىپ سەرفەرازلىق تۇغىنى،
زۇلمەتىن زۇلجەلالى ۋەلئىكرام،

*

مېھرىبانلىق ئەتارۇد ئەتسۇن پاش،
مېھرىدىن چاك ئىتىپ قەمەر ھەلقۇم.
ھەلقىمە مەخرەجى كەرامەت بول،
ئادەم ئولسۇن سىنىڭ كەبى مەفھۇم.
ئەھەدا، بەندەئى كەمىنە ئىدىم،
كەمتەرىدىن غۇلام ئىدى مەكتۇم.
مۇستەھىق قىل ئىنامى ئەتزەمغە،
كىم ئىدى مەزھەبى شەرىئەت رۇم.
ھۇققەئى كەۋكەبى سۇلەيمانى،
سالدى سەلمان باشىغە ياخشى رۇسۇم.
رەسمۇ خىزىۋىنى تۇتسۇ رۇھۇل ـ قۇدۇس،
ئادەتىڭ جانىمە ئىرۇر مەئسۇم.
بەندەلىك زاھىر ئەتتى ئىسمائىل،
گۇشەئى خاتىرىدەدۇر مەرھۇم.

*

ئۈممىتى جىبرەئىل ئەلەيھىسسەلام.
ئافىيەت خاھۇ روزگار ئەتسۇن،
دىل كۇشالىقدە يار غار ئەتسۇن.
تۆرت ئۇنسۇر رەفىقۇ يار ئولسۇن،
ئالتە ئەترافدىن چاكار ئولسۇن.
پەنجەئى شىرمەرد سالسۇ زەفەر،
يەتتە ئەنزاغە بولغىل ئەڭگۇشتەر،
سەككىزىنچى فەلەك مەقامىڭ ئولۇپ،
توققۇز ئەفلاكدىن سەلامىڭ ئولۇپ.
مولاخانىمغە ئافەرىن ئوقۇسۇن،
خەتتى ئەمىن ئىسا خېنىم ئوقۇسۇن.

*　　　　　*

سەلام بولسۇ ساڭا، ئەي جەمايىلىڭ مەۋفۇر،
سەلاتىڭ ئۈشبۇ جەھاننى قىلۇر ئەلەم مەشكۇر،
نەزارەلىك بولۇپ ھەردەم ئۈلۈغ جەباھەتىغە،
يۈزۈڭدە كىرفىكۇ قاشىڭ سەلام پەيكەرى ھۇر،
ھەنۇز مىللەت ئىلە بولۇرغە سۈننەت ئۆچۈن،
جەمائەت ئولدى بۇ دەۋران شۈكۈھىڭ ئۆزرە بىلۇر،
كىيىپ لىباسى مۇلەۋۋەن جەسەدغە سەترە قىلىپ،
قوپۇپ نەمازغە جەمئ فەراز سالى شۇھۇر،
دۇئاغە قول كۆتەرىلسە كۆزدە ياشى رەۋان،
ۋەجھى نازى مۇزەججەد نەۋاز ھىممەت زور،
نەۋدى مۇجەججەتى بۇرھان سەئدى ھاجى رەسۇل،
سەئادەتىڭ بۇ سەرايىغە ئېچىگە فەرروخ نۇر،
مەقامىڭ ئېردى خەلىلىنىڭ جەلىل قەدرى بىلە،
جەمىل سەفىھىلىقادىن كۆرۈپ تۇرۇپ مەئمۇر،
تۇرۇلسۇ مالۇ مەتائىڭ ئامانلىغ ئىسلامدا،
بەھالىغ ئېردىڭۇ فەزلىڭ ئېرۇر لۇئالىمى تۇر،
تەجەللى دوستىڭڭ ئولسە مەھەللە سىدقىڭغە،
ئىمارەتىڭ ئىدى ئەتلەس بازارى بىرلە شۇئۇر،
كىتاب يازدى سەلاملىغ خۇيۇڭغە ئىسمائىل،
خىتابى خۇتبەئى جۇمئە دېبىرلىڭ ئولسۇن خۇر،

*　　　　　*

ئەي شەكەر تەبەسسۇمىڭ بىلە قىلغىل مېنىڭ سارى نەزەر،
پەيك ئەتلەس سەندۇسىڭ بەرسۇن سەلىم يەڭلىغ خەبەر،
ئەدنى باغىدا تۇرۇپ دارول-قەرار ئوخشە نەئىم،
خىزرۇ ئىلياس دەرگاھىدىن ئەلەمدەك جىلۋەگەر،
تەلئەتىڭ سالىبىش فەلەك خۇرشىدغە مۇدھامەتان،
كۆزلەرىڭ نەززاخەتان ئەئيانىلە نەجمى قەمەر،
سۇھبەتىڭ ھەفتۇم تەبەق سۇنبۇللارى مەشاتەسى،
كەۋكەبىڭ ئەختەر سەئىد نىكۇ خىسال خۇشخۇ سىيەر،
مۇسەددەق ئۇمرۇڭ تۇتار ئەفلاكنى سەفھول-جەمىل،
مەنبەئى ئىلمۇ ئەدەب مەكتەبلەرى ئالى گۆھەر،
مۇھسىنات ئول ھالدا تۇرسا ھەۋاسىن ئەبقەرى،
سالمۇل-ئىمان بولۇپ ئىسلامغە يەتكۈرگىل گۈزەر،

پاك دىل خۇررەم بولۇپ تۇرسام نەمازدەك باۋۇزۇ،
قەئدەئى ھەمدۇ شەھادەتلىك سەلامىم تاڭ سەھەر.
رۇھدەك پەرۋاز ئېتىپ فىردەۋس ئىچىدە بەرقۋار،
دەم سالىپ گەردۇن شاخىغە تىرگۈزۇلسە مىلك شەھەر.
نەزمى تەھرىر ئەتتى ئىسمائىل مۇقەررەر ئۆمرىلىك،
رەھمەتىڭدىن تۇدى نەززارە يۇلۇڭغا شەب قەدەر.

*　　　*

مىنىڭ فەرقىمغە ئىقبالى فەلەك مەلكى نۇزۇل ئەتتى،
مەلائىك ئەنجۇم ئافاقى دۇئايىمنى قەبۇل ئەتتى.
قەدەم باشىغە تاج ئۇخشە ئەناسىر ئەسرنىڭ دەھرى،
ئەلەم پەيكەر سەباھەتدىن كەلام ئىلە ۋۇسۇل ئەتتى.
فەزايىللىغ ھەۋاسىن خۇنھاجىدىن بەھىج ئارا،
سەبا ئەرئەر بەھارىنى سەنەۋبەردىن فۇزۇل ئەتتى.
دەمى ئىلياسۇ خۇزرائ پۇش ئەدەب دانىش نەزەر بەردۇش،
سەلام ئەتۋار مەشھۇرلار سىنىن ئۆمرۈم فۇسۇل ئەتتى.
تەئالەللاھ ۋۇجۇھىدىن خىجىل گەردۇن بۇ رىفئەتدە،
كىتابەت لەۋھى مەھفۇزدىن تەھىيەت ھەمد ئۇشۇل ئەتتى.
سەلىم ئەھلىيۇ شەئبانلىغ لەيالى قەدر ئىيد ئەييام،
قۇئۇدى شەھد ھەجج ئەكبەر كۆكۈل رىزۋان دۇخۇل ئەتتى.
بەھارىستاندا ھاجى مەۋلەۋى ئەبدۇلجەلىل بۇلبۇل،
قاناتلىغ قەمئە بىرلە مەسكەنىن پەيكى رەسۇل ئەتتى.
بەنا قىلغان مەھەل ئىبراھىم ئىسمائىل مەقامىنى،
مەجىد مەھمۇد تەلئەت شەيخ فەرجامىم كۇھۇل ئەتتى.
فەراھەت بەرقى ئۆتمىش يولۇڭە شەرقى سەئادەتدە،
سەھەر زۇلكەفلى مەختۇم بەدر سىيمايى ھۇلۇل ئەتتى.

*　　　*

خۇش سەياھەت تەلئەتى پەيكەر كەمىن پەيكانلارىڭ،
ساھەتى فەرخۇندە ئەييام راھەتى ئەيقانلارىڭ.
جەبھەئى خۇرشىد ئارا كەۋكەبى قەمران سەنائ،
سەفھەئى ئانامۇ زىيبا زىيۋەرى سۇلتانلارىڭ.
رەۋزەئى رىزۋانۇ كەۋسەر بۇقئەئى سىدقى بەشەر،
بىھجەتى ئۆمران فۇتۇۋۋەت سەۋلەتى ئەئلانلارىڭ.
مۇتتەكى سۇندۇس ئارائىك مۇھتەۋى فەلەك مەلەك،

مۇنجەلى ئەھسەن قەۋائىم كاتىبى غۇلمانلاردىڭ.
جىلۋەئى لۇتفى ھۇمايۇن مۇھتەشەم قەلەمۇن شىيۋەن،
فەرھەتى ئاكامى رۇنۇن شەۋكەتى رىزۋانلاردىڭ.
قىلمىش ئىردى سۇلنەتىمىڭ يۇسۇفنى ئەلۋان فەزل ئىلە،
فەيزىگە يەئقۇبنى سالمىش مۇنتەزىر ئىھسانلاردىڭ.
ئەسر ئىچىنى پۇر تۇتۇپدۇر گەردىشى دەھرىدىڭ سىپىھر،
مەھدى مەريەم ئەھدى ئادەم مىللەتى دەۋرانلاردىڭ.
ئەي مۇئەززەم كۇيى ئەفخەم بۇيى ئەنجۇم خۇيى شەھر،
قەدرى شەئبان ئىيد شەۋۋال دەرسەخان دىۋانلاردىڭ.
تۇتتى ئەۋزائى كەۋاكىب كەۋكەب ئىسمائىل سەلىم،
سالىم ئولسۇن تائەبەت، ئامىن، سەلام ئىمانلاردىڭ.

*

قاش ئىرىقدىن سۆزلەشۇر قىرىق قاراقلار،
پەيكانلارى سەنەۋبەر تاقى رەۋاقلار.
مۇھتاج ئىكەن شەۋقىدىن سىلقىن بۇراقلار،
رەفرەف سۇندۇس ئىستەبرەق شامۇ ئىراقلار.
سەفىھە ئەندام، شەكەرخۇ، سەبىھە ئەتباقلار،
مەكارىم رەۋ كەرامەت نەسرىن ئۇفاقلار.
مۇشەررەفدۇر نەفائىس تەسنىم سىياقلار،
سابىق قەۋىم سەئادەت سائىق ئافاقلار.
فۇتۇۋۋەتلىك بۇرۇجۇ خۇرشىد ۋەراقلار،
سەباھەتلىك سەرايىھ نەخلۇ قاۋاقلار.
سەنا ئايتۇر سەنائى زەيتۇن سەباقلار،
ھەممد ئولمىش فەرائىس مەجىد ئۇششاقلار.
نىزام ئولۇپ ئەھسەنى تەقۋىم باشاقلار،
ئەئلام ئىتىپ نۇسرەتى فەتھىن رىشاقلار.
ئىسمائىل ئۇستىگە ساقىپ بايراقلار،
مۇھتەرەم زىلالۇ خەلىل، ئىسھاقلار.
سەلام ئايتۇر سەلمى ئىمان ئىرفاقلار.

* *

ئىردىڭ تۇفەيلى كائىنات ئەي كاتىبى لەۋھى قەلەم،
ھۇسنۇڭ بەسى فەرخۇندەفەر فەزلى ئەلەم فەيزى رەقەم.
ھەسنانى شەھرى زەنجەبىل سادابى مىھرى سەلسەبىل،

ئابى رەۋان بادى نەبىل نارى كەلىم خاكى ئۆمەم.
كەۋكەب سىيەر دەۋران سىپەر سەييارە سابىت مۇستەقىر،
شەمسۇز-زۇھا بەدرۇد-دۇجا كەھفۇل-ۋەرا سەھفى كەرەم.
تۇبا سەنائى ئۈمەردىمەن ھەمدۇ سەنائى باسەلام،
ئىسلام ۋەلئىمان خۇش گۇفتار باتەۋزى شمىيەم.
قامەت نىگۇ قىيمەت ئەمىن ئامىن دىمىش خۇزراڭ مەتىن،
نۇرۇل-ھۇدا قەۋلى مۇبىن نەجمى سەرا شەمئى زەلەم.
خۇلقىلك ئىبرۇر فەۋزى ئەزىم فەزلۇ شەرەف دۇررى نەزىم،
مائى مەئىن تەرفى ھەكىم بەھرى شىفائ ھەملۇ ھىلەم.
مەۋفۇردۇر كەۋكەب نۇجۇم، نەخلى شەجەر شاخى تىمەك،
مەھدى كەلىم، ئەھدى نەسىم رەبتى سەلىم، زەبتى ھەرەم.
خەيرى شۇھۇر رەمەزان شەرىف، شەئبان ئىيد شاھىد زەرىف،
زۇلقەئدەئى ھەججى كىبار مۇھەررەم سەفەر ئىيسايى دەم.
فەسلى بەھار ئەۋۋەل جۇماد ئاخىر رەجەب فەرخۇندە شادە
قەدرى سەلام فەررۇخ نەھاد خۇرشىدلىقا قۇمران قەدەم.
ئىسمائىل ئول ئەتۋارىلە سالىمىش جۇناھ بەرق ئۈستىگە،
شەھپەر زەبەرجەد خۇش سەببە دەستى سەلاھ سىما قىيەم.

*  *

دوستلارىم قىلماق مەلامەت دۇشمەنىم شاد ئولماسۇن،
بەدنىيەتلەر مۇددەئاسى ھەرگىز ئاباد ئولماسۇن.
قىلدىلىق ئەۋۋەل ئاشنالىق تەرزىدىن ھۇسنۇس-سەۋاب،
تائەبەدغە تەگرۇ زايىل زەررە بەرباد ئولماسۇن.
شەھرى رەمەزان، قەدر شەئبان ئىيد شەۋۋال، قەئد شۇكرە
ھەججى ئەكبەر، مىھرى ئەنۋەر، بەدرى ناشاد ئولماسۇن.
رەجەب ئەئزەم ئەجەب زەمزەم، فەسلى جامىد ھەر بەھارە
مەھدى مەريەم، ئەھدى ئادەم، سەندەك ئىرشاد ئولماسۇن.
جان ئىچىدە رۇھ ئىردىلىك جىسم ئىچىندە لاجەۋەرد،
ئەرشى تەختىلىك، فەرشى بەختىلىك لەھزە بىياد ئولماسۇن.
ئىسمى ئەئزەم تاجى دىباج نەمەجى ئىسمائىل كەبى،
بەھجەت ئەفزا دەرگەھىڭدە ئەسلى بۇنياد ئولماسۇن.

*  *

سەۋاب خەيرى قىلۇر كار خۇش بىنەخلى نەبات،
سەلام مىھرى قەمەر كەۋكەبى جەزىل سىفات.

فەراھى رۇھى قۇدس ساھەتى رىيازى مەلەك،
سەبىھى ئۇفۇق فەلەك بەھر سەئيى ۋەفق ھەيات.
جەمىل سەفھەتى فەر جەبھەتى جەلال سىپىھر،
مەدائىقى گۈل ئەنبەر ئەتارۇدى ئايات.
نەۋىد تەلئەت ئەھسەن قەۋىم زەيتۇن رەڭ،
لۇئالى قەد مەرجان نەۋادىرى كەلىمات.
لەتائىف رۇخى ئادەم شەھا پەرىشى جىبرىل،
شۇھۇد سەجدەئى مەريەم شەۋاھىدى دەرەجان.
دەبىرى مۇنشىئى ئارەم قەدرى ئىقرارەم،
قەرارى مەبنىئى ئالەم فەرايىھى سەفاھەت.
نىيازى ناز نەۋازۇ نەمازۇ شەھىبەر باز،
ھۇمايى ئەشھەبى ساقىب زەلىلى شەھرى فۇرات.
سەلىمى سالىمى ئىسلام قۇتۇفى قۇللەئى قاف،
كەلىمى ئەسىرى ئەناسىر ئەمىنى دەھرى نىيات.
نىياتى ھۇججەتى ئىھرام تەۋافى بەيتى ھەرام،
ھەرىمى ئالى مۇھەررەم رەبىئى ئەھلى بەرات.
خۇتۇتى سىككەئى زەررىن سىمابى ئەرشى بەرىن،
ھۇبابى ئەنجۇمى «تاھا» ئۇقۇد ھۇسنى سەبات.
سەياھى بەرقى سەباھەت فەراھى ئىسمائىل،
مۇھەللا ئىردى مۇجەللى تەجەللى مەزھەرى زات.

*

ئايا خۇسرەۋى ساھىبقىران خەلق،
سىنىڭ بىرلە فەررۇخ مەگەر قارغەلىق.
قاچانكىم ۋۇجۇدۇڭ بولۇپ ھۆكمىران،
مۇتىبە ئولدى ئەرشىغە رۇھى رەۋان.
تۇرۇپ دەھرى ئىشكىڭدە قۇللار كەبى،
مۇسەخخەر چەمەن ئىچرە گۈللار كەبى.
دۇئا بىرلە مەشغۇل ئىرۇر سۇبھۇ شام،
سەنا شۇكرى ئېتىپ ھەردەم ئەيلە سەلام.
كېچە سەن بىلە شەمئىن ئەتتى فۇرۇغ،
سەھەر قەندىلى كۈننى قىلدى يارۇغ.
زەمىن يۈزىنى گۈلىستان ئەيلەدى،
فەلەك ئۆزىنى بوستان ئەيلەدى.
يەر ئۈستىگە بولدۇڭ شەھى بىنەزىر،

*

كۆك ئەھلى سىنى ئۆزگە قىلدى زەمىر.
ئىسمىغ سەن بىلە يازنى بەخت ئەيلەدى،
ساۋۇق قىش كەبى مۇزنى تەخت ئەيلەدى.
ھەماناكى قويدۇڭ بەھار ئىچرە باغ،
ئاچىلىپ گۈلى بۇلبۇل ئەيلەر فەراغ.
خەرىفى زىمىستاندە توزدى گۈلى،
قايانغا بارۇر ئەندەلىب بۇلبۇلى.
يۈرۈپ چەرخ يەڭلىغ بۇ دەۋران ئارا،
تۆكەر كۆز ياشىنى قىلىپ ماجەرا.
بولۇپ ئىنسۇ جىن بارچە خەيلىڭ سىنىڭ،
يەرۇ ئاسماندۇر ئىفەيلىڭ سىنىڭ.
مەلەك ھەر مەھەل بولدى يارۇ نەدىم،
فەرىشتەلەر ئولدى رەفىقى قەدىم.

رىشايا بولۇپ خىزمەتىڭدە ئەسىر،
زەمان ئەھلىغە سەن بولۇپ دەستىگىر.
قولۇڭغە ئالىپ سەلتەنەت تەختەرى،
باسىپ مىھرىدىن نەقش ئەنگۈشتەرى.
چىقار خەلقىنى جۇملە ھاجاتىدىن،
ئۈمىد ئىلە قىلغان مۇناجاتىدىن.
جەھان ئەھلىگە جان بىلە يار بول.
جەھان تاكى بار ئەسرۇ دىلدار بول
سېنى كۆرسە ھەركىم بولۇپ شادمان،
تاپىپ قايغۇ - ھەسرەت، ئەلەمدىن ئەمان.
سېنىڭ ياخشى خۇيۇڭنى ياد ئەيلەسۇن،
كۆڭۈلنىڭ بەھارىنى شاد ئەيلەسۇن.
سەن ئىلە ئوقۇپ ئىسمى ئەئزەمنى خۇش،
چىقارسۇن دەمى ئەرشى ئەئزەم خۇرۇش.
بۇ ئەسىر ئىچىدە ئەيشى ئىبتىپ ئۆمر كۆر،
قىيامەت كۈنى ئىشرەت ئەيلەپ سۈرۈر.
تەفەررۇج قىلىپ سەنگە ئالەم ھەمە،
ئاياغىڭدە بولسۇن مۇسەللەم ھەمە.
سېنى جاندىن ياخشىراق ئاسراسۇن،
كۆز ئىچرە مۇنەۋۋەر قاراق ئاسراسۇن.
مۇھەممەد نىياز بەگ ئاتىڭ سەر فەراز،
خەلايىققە قىلدىڭ مۇدامەت نەۋاز.
نەۋازدىڭ تولا كامرانلىغ كۆرۈپ،
نىياز ئەھلىگە ياخشىلىق كۆرگۈزۈپ.
سېنىڭ بىرلە خەتم ئولدى ئۇشبۇ سۆزۈم،
قاراغىڭغە ئىسمائىل ھاجى كۆزۈم.

* *

ئەسسەلام ئەي گۈلى بوستانۇ تەرەبساز گۈمە،
ئەندەلىبى چەمەنۇ بۇلبۇلى تەنناز گۈمە.
بول سەلامەت ھەمە دەم دەھرىنىڭ ئافاتىدىن،
ئافىيەت خۇررەم ئولۇپ سەر فەراندار گۈمە.
يەتمەسۇن جىسمى ۋۇجۇدۇڭغە زەرەر خەۋفۇ رىجا،
ساقلاسۇن ھەق سېنى ئەي ھۇققەئى دەمساز گۈمە.
فەلەكۇل - ئەرشى ئاياغىڭدە تۇرۇپ شامۇ سەبا،
قىلسۇن ئابادلىك ئۈچۈن سەئيى خۇش ئاۋاز گۈمە.
ئاسراغىل، ئەي سەمەدى ۋاجىب تەئزىم فەررۇخ،
شادمان ھاجىيۇ بەگلەرنى قىشۇ ياز گۈمە،
يارەب، ئەۋۋەلدە ئۆزۈڭ ئەيلەدىڭ ئىزھارى ۋۇجۇد،
تا ئەبەد تۇرسۇ ئەمان شىنەباڭۇ ھەمراز گۈمە.
مۇستەفا ھۇرمەتىدىن بول ئاڭا يارۇ رەھبەر،
ھەم نىگەھدار بول، ئەي بائىسى ئەنجاز گۈمە.
يۇسۇفى مىسرىنى ئانداغكى ئەزىز ئەيلەپ ئىدىڭ،
قىل مۇكەررەم مۇنى، ئەي مەزھەرى غەمماز گۈمە.

* *

كۇفرى زۇلف ئىلە يۈرەرگە ئەھلى ئىمان ياخشىراق،
سۇبھى رۇخسارىغە خۇرشىدى خۇش ئەلھان ياخشىراق.
ئەلنى بۇھتاندىن مەلامەت ئەيلەگەن غەيبەت ئىمىش،

غەيبەت ئەتكەندىن بۇرەلق تەلقىنى ئايغان ياخشىراق.
ھەرنە پىنھان ـ ئاشكارا بارچەسى مەئلۇمدۇر،
رازدان ئەسراردىن ھەمراز سۇبھان ياخشىراق.
كۈندۈزى شۇئلە ئەيلەمىش فەرق ئۆزرە مىھرى ئافتاب،
كېچە يولداش ئولغالى پەيكى سۇلەيمان ياخشىراق.
باقامەن نەززارە ئېتىپ گەردۇن گىرايىش دەۋرىگە،
بارچەدىن دەرد ئەھلىگە دەرمانى دەۋران ياخشىراق.
جەننەتۇل ـ فىردەۋسنى كەزدىم ۋىسالىڭ ئاختارىپ،
ۋەسل ئېلىگە سوز ئىلە غەمناكۇ ھىجران ياخشىراق.
سايراشۇر بۇلبۇل كەبى گۈلرۇخنى ياد ئەيلەپ جەھان،
بۇ جەھان ئەھلىگە گۇيا تەندەكى جان ياخشىراق.
جاننى جانانغە سىپارىش قىلكى مۇلك ئانىڭدۇرۇر،
بىتەكلۇف بارچەدىن مۇلكى نىگەھبان ياخشىراق.
ئافىيەت ئىستەر كىشى تا ئاقىبەت تاپغاي مۇراد،
جانۇتەن تەسلىم قىل سىدق ئىلە قۇربان ياخشىراق.
تابۇ ئىسمائىل تەجەللىدىن قىلۇر لۇتفى سۇخەن،
قىل تەقى «يا رەببەنا» ئەفزۇنۇ تابان ياخشىراق.

*        *

غۇنچەدۇر بۇ ئەنجۇمەن گۈلشەندەكى نەۋرەستەدەك،
خارۇ خەس بۇنياد ئېتىپدۇر شاخنى گۈلدەستەدەك.
ئافتابىڭ شۇئلەسى پەرتەۋ سالۇر كەۋكەپ سىپىھر،
نەجمى ساقىب كۆرسەتۇر كەيۋاندە ئاتەش بەستەدەك.
ئەي سۇلەيمان ھەشمەتىڭ ئەفلاكىنى خاتەم بىلە،
سەيد قىلمىش بەھرۇ بەرنى پايى مورى خەستەدەك.
پەردە قىلغاندەك كەبۇ تەر تۇخمى تارى ئەنكەبۇت،
سۇرى غارى سىدقۇ سىددىق ئېردى بادام پىستەدەك.
شەھد شىرىندۇر ئەسەلدەك نىشى كەۋدۇم سۇرخ رەڭ،
جۇيرەۋدى ئابى كەۋسەر تۆكتى شويى شەستەدەك.
قەندى گۇفتارى تەكەللۇم قىلدى ئەرئەر شاخىدىن،
تۇتى تەبئى خۇش بەياندۇر سۇرە «رەھمان» رىشتەدەك.
باغى جەننەت رەۋزە رىزۋان كۆرسەتۇر مۇدھامەتان،
بەرگى سەبزى ئۆزرە ئەنگۇرى مۇسەففا ئەستەدەك.
ھۇرۇغۇلمانلار تەرەبدە ئەيشۇ ئىشرەت خەندە ئېتىپ،
گۈل يۈزۈڭگە شادمانلىق كەلتۇرۇر سەرمەستدەك.

لىك تا كۆرمەي تەجەللى ئۆزگەسى بىكار ئىرۇر،
بۇ سەبەبدىن تۆكتى ئىسمائىل ياشىنى خۇن بەستەدەك.

*　　　　*

سۇلەيمان سايەسىدىن مۇر ئىلە تاپتى بەسى ئىھسان،
بۇ ئىھساندىن فەراۋان ئەيلە، يا رەب، قىلمەكىم نۇقسان.
شەياتىنلار مۇتىئ ئولغان كەبى بەيتۇلمۇ قەددەس چۇن،
ئىتائەت قىلدۇرۇر دىۋلەرنى فەزلىدىن ئوشۇل سۇبھان.
پەناھ ئىستەرمەن ئول ئەللاھۇ ئەكبەر ئىززەتى بىرلە،
ئەزازىل ئەھلى ئەۋلادىنى قىلغاي يەر بىلە يەكسان.
بىھەمدىللاھ، ئىرۇرمەن زۇلفۇ رۇخسار ئىلە پەيۋەستە،
ئىلاھا، تائەبەد دۇشۋارلىقنى ئەيلەگىل ئاسان.
خەلىلۇللاھ كەبى ساكىن بولۇپمەن ئاستانەڭدە،
مېنى بۇ ئاستانىنىڭ ئىتلارىدەك ئاسراغىل ھەر ئان.
تۆكۈپ بارانى رەھمەت پەردەئى بەرق سەھابىڭدىن،
جىگەرنى يارەسىغە يەتكۈرۈپ رەيھان ئىلە رىزۋان.
ئوبۇڭدە جەبرەئىل تۇرغان كەبى ھەمراز مىكائىل،
بۇراقىڭ رەفرەفىدىن بەرقدەك يەتكۇر ئۇلۇغ سۇلتان.
مۇھەيمىندۇر ھەمە ھالەتدە ساقلار كۆك زەمىن ئەھلىن،
ساڭا مۇھتاجدۇر مۇشتاقلار كۆڭلى بەسەد ئەفغان.
تەجەللى قىلدى كەۋكەب بەختى تالىئ تا بۇ ئىسمائىل،
نى تاڭ شېئر ئۇستىدە تەئلىم بەرسە شائىرى ھەسسان.

*　　　　*

دىلبەرىم كويۇڭ ماڭا روھى رەۋاندىن ياخشىراق،
ئاتەشى ئىشقىڭ بەلايى جاۋىداندىن ياخشىراق.
ھۇسن زاتىڭدىن بۇ كۆك ئەھلى زەمىن بىرلە زەمان،
تۇرغۇسى سابىت ۋۇجۇدۇڭ لامەكاندىن ياخشىراق.
پەرتەۋى رۇخسارىڭ ئىلە شەئشەئە خۇرشىددەك،
شەمئى تابانىڭ ئىرۇر جەۋرى زەماندىن ياخشىراق.
ئەنجۇمەندە كۆرمەدىم رەئنا تەراۋەت تازەگۇل،
گۇلىستانى ئەدن يوقدۇر بوستاندىن ياخشىراق.
ئىشق ئارا ۋامىق كۆزۈم تۆكتى ياشىن ئۇزرا سارى،
ئەي ئۇزارىڭ شەھپەرى گۇلرۇخ جاناندىن ياخشىراق.
دەير ئارا تۇشتۇم كويۇڭ دەشتىدەكى مەجنۇن كەبى،
زۇلفى لەيلى مۇشكفامىڭ گۇلشەناندىن ياخشىراق.

ئادەمۇ ھەۋۋا بولۇپ جەننەت سارى قويدۇم قەدەم،
شەمئى لەئلى لەبىڭ مۇلكۇ مەكاندىن ياخشىراق.
رەببەنا، زۇلم ئەيلەدۇك ئۆزنەفسىمىزغە، ئەفۇ قىل،
ئۆرگەتىپ فەزلىڭلە تەلقىن ئاسماندىن ياخشىراق.
ۋەرنە خاسىر بولغۇمىزدۇر لۇتفىڭدىن رەھم ئەتمەسەڭ،
لېك رەھمانسەن بۇ رەھمىڭ جىسمۇ جاندىن ياخشىراق.
كەۋكەبى نەجمى تەجەللى فەرقى ئىسمائىل سارى،
شۇئلە سالمىش مىھرۇ مەھدەك رەۋشەناندىن ياخشىراق.

*　　　*

سەنەۋبەر ئوخشە چىقارمىش سەدايى سەۋسەنى گۇل،
فەئىننە مىنۇ يەرۇھۇ نەفايەھى سۇنبۇل.
ئەجەبكى بادى شامالدەك يولۇقسە باشىم ئۈزۈپ،
شەمەمتۇ مىن ئەتراتىس - سەفايەھى قۇنبۇل.
بۇ يولدە ئاچىز ئولۇر چۈن خەلىلى جەبرائىل،
فەئەنتە ئەسلۇ جەۋاھىر زىياھى قەررە نەفۇل.
ھەۋايى سۇھبەتىڭ ئىستەپ كۆزۈمنى قان ئاقىزىپ،
لەدەيكە جىھەتۇ بىنەقسى قەبايەھى بىلفۇل.
ئەگەر ئىنايەت قىلساڭ فەييازۇ فەيزىڭدىن،
فەئەنتە فائىلۇ مۇختار كۈللۇنا مەفئۇل.
ئەگەر ئازاب ئېتەرسەن نەھەد مەلائىكدە،
يەقۇلۇ ئىندەكە سۇبھان رەئەيكەل - مەقبۇل.
ۋەلېك بۇمەلەكۇت ئۆزرە رەببى رەھمان سەن،
ئەلەيكە يەرجىئۇ كۈللۇس - سەۋادى ۋەلمەبلۇل.
تەجەللى زاتىنە غەرق ئولدى گەرچە ئىسمائىل،
سىفاتى دەھرى بەدىئۇس - سەمائى كەلمەھلۇل.

*　　　*

قاش ئېرىق مەنزىلىدە تۇغدى قۇياش،
باش - ئاياغى سالۇر دىماغىمە تاش.
تاش كەبى زاھىرىدەدۇر نەقشى،
باش رەۋاندۇر مۇئەسسەرى نەققاش.
چېھرەسىدىن پەيدا ئېتەر سۆزنى،

يۈز - كۆزىدە كەۋاكىبۇ قاراقاش،
تەلئەتى ئافتابىدىن سۇرمە،
نازىر ئولغىل كۆڭۈل بىلە خەففاش.
خىزر ھەمدەم تەجەللى ئىسمائىل،
ئاسمان - يەر كەبى ئېرۇر يولداش.

*　　　*

قارىناڭ ساۋۇقلارى يامغۇرلى قىلدى جەببە پۇش،

ئاتەشىن ئىسلامىدۇر ئىمان ئىلىلە چەشمە گۆش.
يىغلاشىپ بەرگى بەھار ئەييامىدەك گۇلدەستەلەر،
باغدەك تاغ ئۈستىدە ۋادىيۇ ئەيمەن بىرلە خۇش.
كۆزىنىڭ سەرمايەسى شەمشاد يەڭلىغ سايەبان،
دەم قىلىپ مەريەم سارى پەيكەركەبى ئەيلەر سۇرۇش.
قەدرى رەمەزان ئايەتى شەئبان خەسايىل ئىيدىدەك،
قەئدەسى شەھدىن شەكەرلىك ھەجىىدىن قىلمىش خۇرۇش.
رۇزى، ئاشۇرائ، سەفەر فەسلىلە تۇرمىش ۋەسلىدە،
ياغدۇرۇر ئىھسان بۇلۇتى ھۇسنى زىيۋەردەك تۇرۇش.
يا رەب، ئالەم بەخشلىكىدىن يەر يۈزىگە قار ياغىپ،
تۇردى ھەر بىر قەترەسىدىن مىڭ جەھان يەڭلىغ يۇرۇش.
تا ئەبەدغە سەئدلىكىدىن ئىنقىرازى ئاسمان،
قىل سەلامىلىغ ھەر كىشىكىم بولسە سالىم قەند پۇرۇش.
مىۋە ئافاق ئەنجۇمىلە بولسە سابىت بەر قەرار،
تۇرسۇن ئىسلامىم سەبايىھ لۇتفۇڭ ئىلەشەھد نۇش.
ئولتۇرۇپ ئىسمائىل ئەكنۇن ئاستانىڭ شۇكرىدە،
فەزلىڭ ئىبردى فەيزىم ئولدى نەزمى نىكۇ لەب خەمۇش.

* *

كارىۋانلار مەلاھەتى خىيمەئى روزگارلىغ،
يولدە سەبىل سەياھەتى مەھرەمى كىردىگارلىغ.
قىسمەتى، خۇب تازە تەر ئەل قۇلاغىغە سۆز كەبى،
دەھرىدە ئەسرىدەك ئەجەب ئادەتى پايدارلىغ.
ھەجگە كېتىپ يانىپ كېلىپ غار ئىلى تەغارغە،
تۇرمىش ئىدى سۇكۇن بولۇپ ماڭغالى بىمەدارلىغ.
رۇزى قىلىپ ھەرەم سارى دەئۋەت خاس نۇرىنى،
بولمىش ئاڭا مۇتېبىدەك شىيۋەئى زۇلفقارلىغ.
كەلتۇرۇپ ئول ئەزىزنى قەدرى يېتىشىچە مۇھتەرەم،
ئالي گۇھەر رەفىد شەئنى شەۋكەتى گۇفتگارلىغ.
شۇكرى مەجىد ھەممدلىغ قەيزىلە فەزلىڭ ئاشنا،
ئايتىشىپ ئاندە ھەمگىنان ھىممەتى بىرۇ بارلىغ.
كەلدى مېنىڭ فەراھەتىم ھۇججەتى رۇزى ھاجى بەس،
نۇرى مۇسەخخەر ئەيلەمىش سۇھبەتى كامكارلىغ.
بەرق ئىلە شاخسارىدە تۇردى قىيافەتىڭ سەلىم،
سالىمى پايدار بول جايى سەلام قەرارلىغ.

* *

سىنىڭ لۆتفۆڭ تىلىم بىرلە ئىدى ھەمدىل بەھار ئوخشە،
زەبان ئانداغ بەيان ئەيلەر كەلامىڭ ئاشكار ئوخشە.
ئىكەن جەننەت سەلامىدىن ھەمە سازىم ئەمان كىردار،
ئەمىن پەيكەر پەيامىدىن كۆڭۆل مۆشكىن نىسار ئوخشە.
لەتافەتلىك جەمىل قەدرىڭ بەھىج ئارا سەبىھ ئالەم،
سەياھەتلىك ئۆرۆجىڭدۆر بۆراقلىغ يارغار ئوخشە.
دەبىرىستان دىيارىدىن كىرىپ دارەس-سەلام ئىچرە،
تۆرۆپ سىدقۆ شەھادەتلىك بەقبىدە گۆل ئۆزار ئوخشە.
سەلام ئەھلى سەلام ئىچرە سەلىم ئۆتكۆرسۆن ئۆمرىنى،
ئىمارەتلەر قىلۆر تەسدىق قىيامەت پايدار ئوخشە.
مىنىڭ ئىسلاھىمە سالغىل قولۆڭدىن فىئلى خۆيۆڭدىن،
گۆلىستانلار ھەدائىق بۆي سارىدىن بىرۆبار ئوخشە.
نۆزۆلى سەبغەتىللاھدىن كېلىپ رەھمەت ئەلەم يەڭلىغ،
ئەلامەتدىن بەنا بولمىش جەھانىڭ تەختى يار ئوخشە.
سەئادەت بولسە ئىسمائىل ئالۆر قولغە قەلەم بەختىن،
بەلاغەتدە ھەسان ھۆسنى شەكەردەك شەھدى قار ئوخشە.

* *

ئەي قەدرىڭ فەرخۆندەۋۆ قامەتلەرىڭ رەۋشەن زەمىر،
لەبلەرىڭ خەندە ئەيلەسە دەۋزەخنى ئەيلەر جايگىر.
قىيمەتى قەدرىڭنى گەر بىلسەدى دەم سۆرمەس ئىدى،
جەبرەئىل ئول ۋەقتكىم ئادەمنى فەھم ئەتتى فەقىر.
لەئلى دەندانىڭ ئەمەس قىيمەت بەھا بىرلە نىگىن،
قىيمەتى دۆردانەدۆر نەقش ئىلە مۆساغە ۋەزىر.
قىيمەتىڭ قەيىۆمدۆر بەرپا قىل ئەددى فەرقىمە،
فەرقدانى رەفرەفۆ فەررۆخ تەرىنى مۆشتەھىر.
مۆشتەرى قىيمەت قويۆپ تىغى زۆھەلغە دىبدىكىم،
دۆركى خۆرشىد ئۆزرەدۆر ئىدرىسنى ئەيلەر دەستگىر.
ئافتابەم قىيمەتى قەدرىڭنى كۆرگەن چاغىدە،
گويىيا بىر تەلبەئى مەجنۆن ئىرۆر ئىشققە ئەسىر.
لەيلى زۆلفىلە ئۆپۆپ خاكى رەھىڭ تۆفراغىدىن،
قەدر تاپتى ھەجرىدە كۆيدۆردى رۆخسارى دەلىر.
دىمە، ئىسمائىلكى، سەن لافى مۆھەببەتدىن سۆرۆش،
دوستىراقدۆر سەلدىن ئول دارەندەئى شىراز شىر.

*

چىكەر ھەر كىچە شىرىن يادى فەرھاد،
ئىدى مەجنۇن كىچە شەۋقىدىن فەرياد.
بۇ ئەفسانە جەھاننى ئەفسۇنىدىن،
ئەسادى ئەۋدەر ئەيلەر تاغنى ئەۋتاد.
فەلەك ئەيۋانىغە مىھرىن تۇزەتىش،
فەرىشتە شەھپەرىم مىررىخۇ شەمشاد.
ھۇمايۇن چىھرىمە ئەبرۇ كەمانىن،
بەجايى چەھرەئى ھۇسن ئادەمىيزاد،
ئۇزارىم ھۇسنىغە خۇنا بەلىق بەس،
كى قان يىغلار سىنىلىق ئۇچۇن پەرىزاد.
ھەۋايى رىغبەتىلىك دىدى سەراسەر،
نەزامىم سەفھەسى فەرياد ئىلە داد.
كويۇڭدە چەشمەئى ئىسمائىل ھاجى،
ئېرۇر ئۇزھەتگەكىم شەبدىز بەغداد.

*

كەلدى ھەرجان سىررىدىن مىھرىلىق جانىلىق ئارەزى،
كەلدى ئادەم بەھرىدىن دەۋران سىپىھرىلىق ئارەزى.
يىكەس ئېرىدىم سەنسىز، ئاي رۇخسارىلىق ئەتتى ھەمچۇ خەس،
خەسنى ئادەمدەك قىلۇر كىرداري شەھرىلىق ئارەزى.
خارمەن دەپ يىغلاما، ئەي كۆز، ئەزىزى مىسرىجۇن،
زاھىر ئەتتى يۇسۇف ھەم ئول دەمدە دەھرىلىق ئارەزى.
دەھر باغىدۇر ئەجەب ئەفسانەئى مەكرۇ غۇرۇر،
نەيلەسۇن ئالەم مەگەر نەھقىق ئەسرىلىق ئارەزى.
خەلق ئۆز ھالى بىلە سەرگەشتە ۋادى دەشت ئارا،
يولچىدۇر دۇرجى مەلەك سارىغە سىھرىلىق ئارەزى.
جانى ئىسمائىلكى جىسم ئىلە ئۇمەرغە يار ئولۇپ،
غاردىن ئۇسسان ئىدى نەقشى نىگىنلىق ئارەزى.

*

تۇرغاندا گۈمە مۇنتەزىر ئەھۋالىغە ئوخشاش،
نەززارە ئۆزىگە،
**كۆز** ئۇقتەسىدىن نازىر ئولۇپ بىنىشۇ ھەردۇم،
تەلمۇردى كۆزىگە.
**ناگەھ** فەلەكۈل-ئەرشىدىن ئاۋازى تۇشۇلدى،
بەتىمايى ھەرەمگە،
سۆزلەپ سۆزىدىن شەھدۇ شەكەر ئولدى رەۋانە،
تابەندە يۈزىگە.
ئائىنەئى ئىسكەندەر ئىدى مەھزى قاراغلار،
ھەيۋان بۇلاقىدا،
خىزر ئەيلەپ ئانى تامغاقى سەھنىگە مۇقەررەر،

بەركىتتى سۆزدىگە.
گۇفتارىدا بۇ كاشغەر ئەھلى تۇمەر ئاخۇن،
داموللا زەماندۇر،
دەپ كۆرسەتىپ ئۆتتى تورۇقى تۇرى ھۇمانى،
ھەلقۇم بوغۇزدىگە.
تەلقىن ئېتەر ئېردى ئانىڭ ئەۋزائى خۇيىنى،
ئادەم بىلە جىبرىل،
ئەقلدى تەرەب ھۇرى بېھىشت ئۆزرە مۇناسىب،
تەن-جان ئەۋەزدىگە.
سۇبھانە ئىزەجائە ئەلەلئەرزى سۇرەيىيا،
مەن ۋەجھى سەمائىن،
پەيدا قىلىنۇر رۇيى زەمىن ئۈستىگە فىلهال،
تاغ تەرزى تۈزدىگە.
يا رەب، نە قىلۇر خامەئى ئىسمائىل ھاجى،
بىر زەررەنى سەنسىز،
سەنسەن دىلۇجان خاتىرىنى تۈتقۇچى خۇشنۇد،
بەرگەندە ئۆزدىگە.
ئايىنى فەلەك ئەتتى ئانىڭ قەدرىنى ئەئلا،
توققۇز مەھەلىدىن،
سەن ئەيلە بەلەند چەرخى بەرىنىڭ ئەسەرىدىن،
تۇرغۇز فەرەزدىگە.

① * *

ئىشىتىلدى نازىل ئولمىش بۇلبۇلغە ئاشيانە،
گۈل شاخى بەرگ بىرلە داد ئەيلەمىش فىغانە.
ياپراغلارى سەنەۋبەر قامەت نەسىمى ئەرئەر،
بادى سەبايى راھەت ئەتتار جاۋىدانە.
تەمجىد سەفھەسىلە مەشغۇل جۇملە ئەرباب،
گوياكى مەجلىس ئېردى خۇشھال بىگەرانە.
تۈرمىش جەمىل لىقالار قەدرى جەلالەت ئىلە،
كۆرەككە نەخلى شەھرداغ خورمايى ئېيد يانە.
ئەفسۇس مەن بولالماي خىدمەتدە كېچە-كۈندۈز،
مەھرۇم ۋەسلىڭ ئەمما مەكتۇب خۇسرەۋانە.

① تۆۋەندىكى ئىككى غەزەلنىڭ قول يازمىسىنى گۇمىدىن يولداش ئابدۇلئەھەت ئىسلىم [illegible] كەن، يۇقىرىقى غەزەللەر بىلەن قوشۇپ ئېلان قىلدۇق (م)

كەنجۇر فەيزيابىلىك سىماۋى ئىسمى ئەئزەم،
تۇغرايى ھەفت كىشۋەر ئالدىدە ھىندۇۋانە.
مەكتۇبىلىك ئېردى خۇشخۇ مەھبۇبىلىك ئېردى خۇشرۇ،
ئارايى سالىم ئولسۇن شەب بويى راز يانە.
رۇخسارى رۇزى ھاجى فەرخۇندە ئەھلى بەيتى،
چەشمىدە كۆرسەتۇرمۇ ئىسلام كافىرانە.
كۇفر ئەھلى گەر سەۋادىك رەڭگىنى سۇرمە قىلسە،
ئىمانلى مۇئمىن ئولمىش خۇرشىد ساربانە.
ئىسمائىل ئىستەر ئېردى مېھر ئوخشە ئافتابىلىك،
خەت ئۆزرە سايراشۇرمۇ سىيراب ھاجىيانە.

*　　　　*

نەقل ئولسىندى سەفھەلىك ئەھبابلاردىن سۆزلەردىم،
قاش ئۇچى كىرفىكلەردىم نەززارەسىلە كۆزلەردىم.
ساھەتى بىر گۇشەدە خۇفيانە ئېردى نەچچە يىل،
كېچەلەر كۇندۇزنى ئەييامىدا جىلۋە ئەفرۇزلەردىم.
دوستلۇق رەسمىنى سالىپ ئالەم ئادەم، نۇھ كەبى،
ئۆتكەرۇردى رۇھى ئۇمرۇم شەھدىدەك ئەندۇزلەردىم.
ناگەھان دەۋران غەمى باشلاندى چەرخىلىك دەھردىن،
ئاقىشۇردى كۆزلەرىمدىن ھەجر ئىلە شەب ـ رۇزلەردىم.
ئەسرنىك مەيدانى بىرلە كويىلىك ئىردى مۇتتەفىق،
قامەتىلىك رۇخسارىغە نەززارە قىيمەت يۇزلەردىم.
دىلبەرۇ خۇرشىدىم ئېردىك ئاسمانلىغ تەختدە،
بەختلىك دۇرجى سەئادەت جانۋەر فىرۇزلەردىم.
سۇھبەتىلىك سارى باقارمەن ئەنجۇم ئوخشە سۇبھدىن،
تابولۇرمۇ فەرقىم ئۆزرە سايەبان يۇلتۇزلەردىم.
مەكتۇبى ئىسمائىل ئېردى ئەبرۇتابان قاشلارىلىك،
خۇررەمۇ خۇرسەند ئولۇرمۇ دىلدەكى مەئخۇزلەردىم.

*　　　　*

زەھى فەيزىلىك زىبا قىلمىش سەرايى ئەرش ئەئزەمنى،
قاراغىڭغە شۇھۇد ئەتمىش ئەرائىس فەرش مۇنەززەمنى.
بۇراقىڭدىن فەلەك كەۋكەب سەباھەتنى نىشان قويمىش،
قۇياشىدەك بەدر رۇخسارىلىك ھىسانلىغ قىلدى زەمزەمنى.
سۇرۇشى پەيك تەسنىم ئاسمانلىغ جەبرەئىل ئەييام،
ئەناەى خەيرى سۇنئەت ئىقتىباسىلىك مەھدى مەريەمنى.

هەۋا سەن دۇر فشانلىغ ئولدۇڭ ئادەم سەفۋەتۇللاغە،
مۇلاقات ئەيلەدىڭ هەۋۋاغە ئاندا خۇتبە ئادەمنى.
سەنايى تۇرۋادى ئىمىن ئىسلام دىنى ئىبراهىم،
قەۋائىد تەرزى ئەھسەن تۇتدۇڭ ئەتۋارى بۇ ئالەمنى.
تەهىيەت پاك مىللەت هەمد ئۆرگەتدىڭ سەناخانلىغ،
قىلۇر مەئمۇرەئى بەيتۇلمۇقەددەس خۇش تەكالەمنى.
مۇدەررىس ئىردى ئىدرىس لۇتفى ئىلياس، خىزر ئۆمرى ئانىڭ،
سەلام ئىستەر سەلامىڭ مەشهەددىن فەيزسەلامنى.
سەلامەت قىل خۇدايا زىيۋەرى مەكنۇنى زىيب ئارا،
كەرامەتلىغ بەنا قىلدىڭ مەلائىك ئىچرە ئادەمنى.
سەلىم ئەۋزائى ئىسمائىل سەلام ئەيلەر سەلامىڭغە،
ئەمان مۇئمىن مۇهەيمىندۇر ئەمىنىڭ ئىستەر ئەكرەمنى.

* *

بولغىل سەۋالىم تائەبەد مېهرۇ قەمەرنى يىغلاتىپ،
ئازادخۇ، سەرۋى رەۋان ئەرئەر خەزەرنى تەبرەتىپ،
فىردەۋس راهەت ساهەتى مەئمۇر كەۋكەب رەهنەۋەرد،
ئولسۇن قاراغىڭ تەرزىدىن ئەتۋارى مەريەم ياد ئېتىپ.
رۇخسارى خۇرشىدىڭ مېنى قىلمىش كەۋاكىب زۇررىيات،
سەييارە سابىت ئاسمان خۇلدى بەرىن بۇنياد ئېتىپ.
مەئۋايى جەننات نەئىم ئېهسانۇ جۇدى هەلئەتا،
تۇرمىش فەلەكدە بەرقەرار مۇلكۇ مەلائىك تىترەتىپ.
مەشكۇرلاندى شاكىرىڭ كەۋسەر رەهىقىڭ باغىدىن،
تۇرتام تاغىدىن مۇسەۋى مەهدى ئوتاغىڭ ئىگراتىپ.
ئەي خۇبلارنىڭ خوجەسى ئەسر ئىچرە يۈرگىل كامياب،
فەزل ئۆزرە فەيزىڭ تۇتغۇسى فەۋزى جەهاننى گۆكرەتىپ.
ئاباد بولغىل شادمان شاداب شەهرى ئىنسۇجان،
لۇتف قەۋىم مۇدهامەتان نەززا خەتاننى سەير ئېتىپ.
ئىسمائىل ئۇشبۇ ئوترادا بولسۇن فەراهەت زىدقەراه،
يا سانىئى ئىسلام ماڭا نەززارە بولغىل نەزر ئېتىپ.

* *

كەلدى قاشىمغە مېنىڭ سەفهەل جەمىلىڭ ئايەتى،
كۆرسەتۇر قاش ئۈچ دىن گۈلشەن چەمەنىڭ سايەتى،
جەبهەسى رۇخسارىدىن مېهرۇ قەمەر بولمىش نىگۈن،
جىلۋەئى ئەنۋارىدىن تۇرمىش جەهاننىڭ قامەتى.

قىممەتى دۆررى يەتىم لۆئلۆيى مەكنۇن بىبباھا،
خەتم «ياسىن» كەۋكەبى «تاھا» نىشانلىغ ساھەتى.
ئافەرىن ھۆسنۈڭ مىنى قىلدى ھەۋاسىن مۆھسىدنات،
تەلئەتى زىيبايى ھۆسن ئىھسان بەيانلىغ رەئنىيەتى.
بارىكەللاھ ئەي قەمەر، خۆرشىد خۆيۆك ئەترە ياب،
قىلسۇ ھەق بىمەد فۆزۈن شەۋقى كەمالىڭ سادەتى.
زۆلمەنەت فەزل ئەيلەدى تۆردى نىزامىم مۆستەقىم،
ئىستىقامەت بول ھۆدا روھى رەۋانلىغ جاھەتى.
خۆررەمۇ خۆرسەند بول ئەسر ئىچرە تۆرغىل دەھردەك،
سالىمۆلئەۋقات خۆش ئۆتسۆن سەنالىغ سايەتى،
يۆردى ئىسمائىل خىرامان پىشتاق تۆزرە فەراھ،
سەد سەلام، يۆزمىڭ تەھىييەت بەھر نازىل راھەتى.

*      *

قاشىڭ رۆخسارى تاباندۆر سىياقىڭ قىلدى دىۋانە،
قەدد فەرخۇندە شىرىن خۇ كۆڭۆلنى قىلدى پەرۋانە.
لەبىڭ شەھدىن شەكەر يەڭلىغ تۆكەر ئەبرى بەھار ئاندىن،
تۆرار لۆئلۆيى مەرجاندەك سەبىھ ئەتۋار مەردانە.
ھەياتى خىزر سالىمشىدۆر سەلام ئىدرىس ئىلياسىن،
فۆتۆۋۋەتلىك ئىلىم بەردار شۆكۆھ ئەسرار جۆيانە.
ئىدىك بۇ ئەسرنىڭ دەھرى چەمەندە ئەنبەرىستاندەك،
ئاچىلغان ئەنجۆمەن سەۋسەن كەبى ھۆشيار دۆردانە.
ئۆلۆۋ ھىممەتلىغىڭ سەيتى تۆتۆپدۆر مەركەز ئەفلاكنى،
مەلائىكلەر ئىدى پەيكەر جەھان جانىڭغە دەۋرانە.
سەنا ئەيلەپ تەھىييەتلەر سەنا ئەھباب سۆبھى شام،
نۆجۆم ئاندا سەباھەت ئاسمانلار ئىچرە خۆشخانە.
سەلامەت قىل فەراۋان ئافىيەت ئەندۆھۇ غەملەردىن،
دەمادەم شادلىغدىن يارەب، ئەفزۆن بولسۇ جانانە.
سەلام يەتكۆر سەلىمىنىڭ سالىمىلە تاكى دەۋران چەرخ،
قەدەم قويسە ئەۋلىم نۆستىگە ئىسلام دىھىمانە،
مۆبارەك تەلئەتىمدىن ئۆقۆلۆر ئەنجام ئىسمائىل،
نەزەردە مۆنتەزىردۆر ئايەتى فۆرقاندە قۆرئانە.

*      *

بىسمىللادىن قىلاي بەدايەت، ئاغاز سۆزۈش گۆلىستانىم،
تا ئاخىر ئۆمر ھەسبى غايەت. باشلار ئەلەممى بىنىھايەت.

یاشیم سۆیی خزر کامرانی،
مەقسۆددمە پەیکەر ئولدی ئایەت.
ئوتلوغ شەرەرلە ئافتابم،
مەهرۆ ئەیلەدی ئەختەرن هیکایەت.
هەتتاکی یارۆتتی تەلئەتمنی،
مسباە هەددقەئی سەرایەت.
رەۋشەنلکی دیدەئی مونەۋۋەر،
ئەرش ئانك ئلە قلور رەۋایەت.
سوبووم قوچاغدە شام میراج،
رەفرەف ئلکدە یوق ۋلایەت.
ئەئلام ۋلایەت موفەسسەر،
تەفسیر موهەددس درایەت.
رەنگین ستەملە رەنگی جسمم،
زەنگەر سزیملە سوقتی رایەت.
ئەي دلبەری نازەنین ئوزاردم،
فرقتگدە فدا هەممە ۋلایەت.
ئاری سەن ئلە گومە موسەخخەر،
کەل قارغلقیدە بیشکایەت.
مەتبوئ شەمایلك خرەدمەند،
ئەتباع موتابیئلك کنایەت.
گەه ـ گاه میی قلورمو سەن یاد،
ئەي دانیش ئەرجومەندی ئایەت.
گەر غافل ئیسەڭ بو دەردمەندن،
کوڭلی ساڭا شەۋق سەرو پایەت.
ئیسمائل دەرد نالەئی سوز،
ئەبدولجەلیل ئلە کۆر هیکایەت.

*

گومە بیرکەمتەرن گۆلزارلك،
قارغلق مەتاەئی شەکەر بارلك.
ئاسمان کوررەئی بیسات ئیچیدە،
قەبز ئیتەر خاکی راهی بازارلك.
کەۋکەبی سۆبەی سادقی مەشرق،
مەغرب ئەهلی قلور خەریدارلك.
ئەختەر میهرو ماه ئەرش بەرین،
جانی بیرلە ئیرور گرفتارلك.
گولشەنی ئەرجومەندی فردەۋس،
دەرسخانی سرشتەئی کارلك.
چەمەنی گولستانو ئەدنو نەئیم،
ئینتزارلك ئیرور تەلەبکارلك.
دیدەمە ۋەسل قل کەمالگدن،
ئارەزی خەیلك ئەینی ئەنۋارلك.
موشتەریو زوهەل مرریخ ئلە،
میهرلك ئەستار کەرەشمە ئەتتارلك.
قومری سینە چاك، باغری کەباب،
نەقش ئەنگوشتەری ئلە گوفتارلك.
سەیرقل ئەزم ئیتیپ تەماشاغە،
بەزم ئیتەر یادلك ئلە دلدارلك.
قل تەفەرروج کیلیپ نەسیم کەبی،
باغ قوشتاغ فدایی کردارلك.
یاراماس هیچ ئیشغە ئیسمی سەلاه،
زیندەقیل خزرلك ئەي نگەهدارلك.
تاپسو ئلیاس سینك کتابیگنی،
ئوقوسون ئەبرو کەمەندارلك.
ئەبیوهەل موسلمان ئیدریسی،
بولسو ئیمان سینك یوقو بارلك.
بیشەدەد غوسسەئی دوئاۋو سەلام،
ئەرز ئیتەر قیسسەگوي ئەسرارلك.
تاکی کوڭلولك ماڭا بولوپ مایل،
مەیل ئیتەرمو مەئالی هوشیارلك.
مولکو مالو فەرشتەئی جەبەروت،
بیر غولاملك ئیرور دلی زارلك.
بەندەلیك زاهیر ئەتتی ئیسمائل،
کیم ئیدی بەندەئی دلی زارلك.

*

ئافتابم مەۋلەۋی ئەبدولجەلیل،
کیم ئوزاردن ئاقار دەریایی نل.

ئارەزى تۇرى كەلىمۇللاھدۇر،
ئەبرۇ فەرخۇندەسى سەفھەل جەمىل.
قامەتى ئىدراك قەدر زۇلمەنەن،
سىنەسىدىن كۆرسەتۇر دۇرجى خەلىل.
مەھۋەشىدۇر مېھرىدىن دەۋرى فەلەك،
بۇلبۇلۇ گۇلنى قىلۇر ئەسھاب فىل.
زەررەئى خۇرشىد ئېرۇر بىردەستە گۇل،
نالەسىدىن كۆيدۇرۇر ئوت بىدەلىل.
مەھۋ ئېتەر خۇرشىد ئۆزدىن ئول ۋەقتىكىم،
سۆزلەسەڭ خەندان لەبىڭدىن قالۇ قىل.
شەمئىدەك كۆيدۇردى بۇ پەرۋانەنى،
رەھم قىل ئەي مېھرىبانى زەنجەبىل.
مەرھەمەت ئەينى ئىنايەتىڭ ئېرۇر،
جىسمىمە يەتكۇر شەرابى سەلسەبىل.
ئەت مۇيەسسەر ھەر مۇرادۇ مەقسەدىم،
ئەي نىگارىستانى تەھۋىلى قەبىل.
بەندەئى ئىسمائىلىڭدۇر بىر فەقىر،
دىيدەمە كۆز سال ياشى زارۇ زەلىل.

* *

نامازىمە ئىدى نەززارە ناز كىرداردىڭ،
نەزەرىڭ ئۇلمادى چەرخ ئۆزرە ھىچ غەمخاردىڭ.
غەمىڭ قىرائەتى قۇرئاننى دەربەر ئەيلەپدۇر،
قىيامى قامەتىمە سەن ئىدىڭ تەلەبكاردىڭ.
يۈزۈم يولۇڭغە كەمەندار تىير نەقش نىگىن،
قولۇم ئاياغىمە مىژگانىڭ ئەسىرۇ دەرباردىڭ.
رۇكۇئۇ سەجدە قاراغىمغە ئارەزىڭ تابان،
ئەگەرچە قەۋمە ئېرۇر بائىسى خەرىداردىڭ.
تەشەھھۇد گۇۋاھى بىرۇركى زۇلقەئىدە،
مۇھەررەم ئايى كەبى ھۇججەت ئىلە دىلداردىڭ.
بەھار گۇلشەنىمە مۇستەجاب ماھى رەجەب،
كى ۋاجىب ئولدى سىنىڭ سۈننەتى نىگەھدارلىق.
فەرزەئى خەددىڭ ئىقبال كەئبەئى ئادەم،
دۇئا ئايىدە ئىدى قىبلەئى شەكەر ساردىڭ.
دىماغى ئەقلىمە سەن ئافتاب رۇشەن دىل،
ئېرۇر كەمىنە ساڭا پۇر ئۈمىد بازاردىڭ.
قاچانغە تەئخىر ئېتەرسەن نەسىمى خەندانىڭ،
كى تاپتى بەھرە دەمادەم خەلىل گۇلزاردىڭ.
مەن ئەرچە غەرق گۇناھى بىسەھۋ ئالۇدە،
ئىدى شەفائەتىڭ ئادەمغە ئەي گۇنەھكاردىڭ.
ئېرۇر بۇ ئەرسەدە ئىسيان دەمىلە ئىسمائىل،
كەمال ئىدى سىنىڭ ئاندە نەۋىد گۇفتاردىڭ.

* *

قايسى خۇيۇڭنى ئەيان ئەيلەي خۇيۇڭ ئالىي جەناب،

قايسى ۋەسفىڭ مەدھ ئېتەي ئەي كاشفى ھۆسنىلمەئاب.
قايسى بىر تالىبى ساڭا بولدى تۆلۆ مېھىر ئىددىڭ،
مەتلەئى فەيزىڭ تۇتار فەزلۇ شەرەفنى بىھىساب.
ھەسبۇكەللاھۇللەزى ئەزھەرتە يەۋمەن ۋاقىئىن،
فى مىسالى نۇسرەتىن مىفتاھى ئەربابىللۇباب.
كەيفەلى ئىز جىنئەفى تەسىنىمى مۇسا ناتىقەن،
كەلفەراشى سايىھاتى سەۋتى مۇشكاتى ھۇباب.
ئەي دىماغىم رىشتەسى جانىمنى ئالدىڭ بىر يولى،
بول قىيامەت كۆنلەرى رۇخسارىمە خۇشبۇ گۇلاب.
ياش تۆكەر قان ساچراشۇر كىرپىكلەرىمدىن نەم كەبى،
ھەم يۈكىدە خەم ئېرۇر گەردۇن تەباق ئىلەمۇزاب.
دىلكى ھىجران شەۋقىدە يەئقۇبنى يىغلاتتى زار،
يۇسۇفى بىچارە ھەم باغرىن ئېشىپ كەلدى خەراب.
قايسى تاقەتدۇر فىراق ئوتىغە جىسىم ئىچرە مەجال،
مۇزتەرىب ئەييۇب ھەم بىتاقەت ئولدى كامياب.
بىھۇدە تەدبىر ئېتەر زاھىد گەھ تەدبىر ئوخشاماس،
ئاندەكىم تەدبىرسىز تەقرىر ئېتەردى خۇردۇ خاب.
ھۇشيار ئولماق ئەمەس ئىسمائىل ھاجى خىسلەتى،
ۋەئىز ئىلە پەند ئەيلەدى رەۋشەن دىلى ئۇممۇل كىتاب.

*　　　　*

سىنىڭ جەمالىڭە مۇشتاق ئېرۇر سەفىيۇللاھ،
نېچۈنكى دېدى كەلامىڭدە خەير خەلقۇللاھ.
ھەزار گۇنە فىراقىڭدە شەۋق نۇھ نەبى،
چىقاردى خالۇ خەتىڭ ھەجرىدە ئەمىنۇللاھ.
كۆيۈپ ئوتۇڭدا خەلىل تەئەسسۇفى يەئقۇب،
جانىدا كۆردى سىنى دېدى بۇ ھەبىبۇللاھ.
مۇبەددەل ئولدى جەھەننەم بىھىشت باغىغە،
شەفائەتىڭنى چۇ كۆردى خەدى خەلىلۇللاھ.
نىگىنىڭ ئۈزرە مۇنەققەش سەھىفەئى داۋۇد،
زەبۇر ئوقۇر سىنىڭ ئىلە نەسىم رۇھۇللاھ.
بەھار گۇلشەنىڭ ئۆمرۈمغە زۇلكەفىل ئولدى،
كى تاپتى مۇھرى سۇلايمان خەتىدە بىسمىللاھ.
دەبىر مۇنشى تارەمغە قەدرىڭ ئولدى ئەسا،
ئەسانى ئەژدەر ئېتەر مۇسا كەلىمۇللاھ.

قۆرەیش مەککەئی بەتماغە ماهیی یۆهاء
بیتەر کەماللە هەر لەهزە ئەسفیائۆللاه.
سەفی قاراغی ئیرۆر سۆرمەدانیئیسمائیل،
کۆزۆمنی رەۋشەن ئیتەر زەمزەمی رەسۆلللاه.

*                    *

بىر کۆن تۆرار ئىدىم لەبی ئەنیەر پۆتاغىدە،
جەننەت دەکان فەزلی کەرەم تۆرتاغىدە.
کۆرمەك بەسی تەغەللۆب ئیتیپ قەدری شەۋقینی،
فەیزی ئىلمم جەملىنی سەر فەراغىدە.
شەئنی سەببهە ئەناسىر ئارا دەهری ئەسىردەك،
هاجی جەلىل شەهپەرینی ئەدن باغىدە.
ناگەهە بیتىپ کیلىندی ماڭا پەیکەری ئەجەل،
قوبدی فەلەك مەلۆك سۆزىن کۆز قاراغىدە.
ساز سەفەر قیلالمادی تا هەشرغە نۆشۆر،
بولغیل مینىڭ سەباهەتىمە شەب چىراغىدە.
دارىسسەلام سەلامی بىلە تۆرغامەن سەلىم،
ئیسلامىلىق ئىلە مۆئمىن ئىدىك دىن چاغىدە.
تۆرمىش رەفىق ئۆفق جەزیل تاقىغە تىباق،
ئافاقىغە سەلام ئیتەر قاش قۆلاغىدە.
ئەززاخەتان بەسارەتىدەك مۆنجەلی کۆزۆك،
مۆدهامەتان فەراسەتىدىن خور بۆلاغىدە.
شەرقی ئیکەن سۆبۆهە کۆکۆل ئیچرە ئایىنە،
زاهىر بولۆر قۆیاش کەبی هەر باغۆ تاغىدە.
یارەب هەمە خەسایلىنی دىن سالىم ئەت،
ئایەتلەردىن سەلام قىلىپ جۆملە چاغىدە.
ئیسمائیل ئول ئەزىز بىلە بەرقەدەك چاپىپ،
سەییاهدۆر خىتام ئىگىن لەئل داغىدە.

*                    *

کەلدی مینىڭ قاشىمە خەیر شەهرىدىن خەبەر،
چیهرەئی بادی سەبا ئىید کەبی جىلۆەگەر،
ئەبرۆ فەرخۆندەسی ئارەزىغە مۆتتەفىق،
میهر مەلائیکی فەلەك مۆنتەریز ئانداغ نەزەر،
چەشمەئی زەمزەم ئویۆن دیدەلەری سەرخۆشاب،
کۆزلەری غارەت قىلۆر هەر سۆزىدە مىڭ شەهەر،
شۆهرەتی فەیزی قەلەم فەزلىدىن ئیردی ئىلمم،
هەمدەلىغ ئەییامىدە جۆمئەئی فەرخۆندە فەر.

خىزر نەباتى سەلام ئايەتى ئىلياس ئىلە،
تۇردى مۇدەررىس بولۇپ تارەمى ئالى گۆھەر.
مەزھەبى ئىسلامىدىن بەرق كەبى مىلك سەلام،
بولسۇ نۇزۇل تائەبەد روج سارى يۇز سەھەر.

* *

خۇش ئول خەيالى بىلە ئەھدەنى ئۇشاتقۇنچە،
سەھەردە قۇپ كېچەلەر مەست بىرلە ياتقۇنچە.
تۇتۇپ غەنىمەت ئانىڭ ۋەسلى ئافتابىنى،
دەرىغ ئېتىپ تىلەكىڭ ئاسمانغە پاتقۇنچە.
قولۇڭنى زوھدۇ ۋۇ تەقۋاغە قويما ئەي غافىل،
ئۆزۈڭنى قات فەلەك ئول يەتتە قاتغە قاتقۇنچە.
فەرىشتە بالۇ پەرى ئاسمان زەمىننى تۇتار،
تۇت ئول ساياقىنىكىم تۇمر يەلغە ساتقۇنچە.
مەلەك بۇ ئەرسە ئارا شەھدۇ شۇكر ئېتەر بەدەۋام،
دەۋام يادىدا بول ھەشردە ئۇياتقۇنچە.
تەمامى نىكۇۋۇبەد روزىگار كەتتى بۇرۇپ،
تۇزەت ئۆزۈڭنى، سېنى قەبرىدە تۇزەتكۈنچە.
كۆڭۈلنى بەرمە جەھاننىڭ ئىشىغە بولما مەلول،
مەلۇل بولۇر كىشى، گەر ياتسا سۇبھى پاتقۇنچە.
تۇگەت نەسىھەتۇ پەندىڭنى ھاجى ئىسمائىل،
ئۆزۈڭنى ئەيلە فەنا باقىدە قالاتقۇنچە.

* *

نىكۇ خىسلەتلىغىڭ جەمى ئەيلەمىش دەھرىد ئەخلاقنى،
مۇرۇۋۋەت فەيز ھۇسنۇڭ تارەمى خۇرشىدى ئەۋراقنى.
مۇتابىق قەۋلى ھۇججەت مۇستەقىم ئەۋفاق ئەفلاكىڭ،
سەرۋۋەت زىيمەكارىم مەھەلى ئەتباق ئافاقنى.
قىلۇر خاھىش جان ئىلە تەن بېرىپ كۆرمەككە ئىدراكىڭ،
تەئالەللاھ مۇسەۋۋەر خۇش ياراتمىش بەرگ ۋەقۋاقنى.
سەلام ئارايى خىلۋەت مەھفەلى مەسئۇد سائاتىڭ،
شەرافەتلىك مۇئەززەز مۇھتەرەم سۇندۇس ياپۇشماقنى.
مۇھىبلەر سالىم ئولسۇن تاكى دوسلار سادىق ئول ھالەھ
مۇلايىم خۇش قىلىقلار تۇتسە خوب فارىھ چاپىشماقنى.
سەلامەت بول ھەمە ئەھبابلار بىرلە سەلام ئۆزرە،

سەلىم ئەنجام كەۋكەب ئۆرگەتۇر سالىم تۇرۇشماقنى.
كەۋاكىب مۇشتەرى ھەرجانىبدىن ئاستانىڭغە،
سەلام يەتكۇرسۇن ئەفزۇن تەلئەتلىك سارى يورۇشماقنى.
ئەدۋۇلەر جەھل بىرلە دەم بۇرىدە قالسۇ ھەسرەتدە،
خەلىل ئەھباب خۇررەم بولسۇ ئىسلامدا كۇلۇشماقنى.
فەرايىھە دىلفەرىب ئەبيات ئىسمائىل سەرايىھە مۇر،
شۇكۇھى سەلتەنەت ئارايى تۇتسۇن خۇش تۇرۇشماقنى.
بولدى پىنھان قەمەردىم كۆزلەردىم ئاستانەسىندىن،
مىھر نەززارە ئىدى سۆز گۇلىستانەسىندىن.
بەدرى پەيكەرلەرى گەر كىرفىلىك ئۆچىدە پەيكار،
بولسا چەرخ ئايلانادۇر شەمئى شەبىستانەسىندىن.
ئەجەبا تەنتەنەسى ئەسئەسە يەڭلىغ سابىت،
ئۆرگەتۇر، تەئلىم ئىيتەر ئارەزى بوستانەسىندىن.
لاجەرەم زەبت قىلۇر نەسقى مەرابەت رەسمىن،
تەرزى تەرتىب ئىيتەر ئەبرۇيى پىشانەسىندىن.
نەخلىۋەر بەرگلەرى سەرۋى ئەدالەت باغىدە،
دانەسى ھەمدىن ئوقۇر مىۋەئى دۇردانەسىندىن.
ئەۋۋەلى ئەفلاك ئارا قەدرى مۇسەففا ياقۇت،
شاخى مەرجان قاراشۇر چەشمەئى كاشانەسىندىن.
ئاخىر ئەۋزائى زوھۇر ئەتتى بۇ تارەم ئۆزرە،
كەلىماتىلە قەرار ئەيلەدى فەرزانەسىندىن،
مەرھەبا خۇررەم - خۇش مەھدى تەفەررۇج تۇرغىل،
تافەلەك دەۋرى قىلۇر نالەئى ئەفغانەسىندىن.
يارەب ھەر سائەت ئاگا نازىل ئولۇنسۇن سەلەۋات،
بەرەكاتىلە رۇقۇم بولدى تەرەبخانەسىندىن،
ئىنتىزار كۆز قاراغىغە نەزەرى ئىسمائىل،
ئىھتىياج قاشلارىغە يۈزلەرى ھەمخانەسىندىن.

* *

مۇقىملىك ئەنجۇمى تارەم سىپەھرى تەررارلىك،
تەۋافىلىك ئىزلەرى گەردۇن كۆزىگە سەييارلىك.
ئىرۇر سۇرۇشى مۇئەييەد قۇدس تەرازلىغلىك،
فۇتۇۋۋەت ئەھلىگە دانىش تۇھۇركەررارلىك.
دىيارىمىزغە ئەدەدسىز تۆكەرفەلەك مەلەكۇت،
كۆرۈلسە قۇررەئى ئۇمر سەنائى دىلدارلىك.

كۆڭۈلغە ئەبرۇۋۇ ھۇسنۇڭ بەھار گۈلشەنىدۇر،
ئۈزارىم ئولسە سەفەردە قەدەملىك ئەتۋارىلىك.
جەبىن، ھاجىب فەرقىلىك جەھانغە جامى نەما،
جان ئۈزرە گۇفتىگۇ رەيھان لەتافەت ئەنۋارىلىك.
مۇنەۋۋەر ئولسۇ سىياقىلىك قاراغىدىن جەسەدىم،
سەباقىلىك ئىلە مەدارىس ئىرۇر تەلەبكارىلىك.
ئەلەمنى شەققەسى ھەمدىلىك سەناسىدىن مەۋفۇر،
ۋىفاقىلىك ئۇفقى شەۋاكىر سەلاھ كىردارىلىك.
ئوقۇلدى كۆزلەرى خۇرشىد بەدۇر يۈزلەرىدىن،
سۆزى نەفىھ شەكەرلىك غەزال تارتارىلىك.
ئەبەدكى بولسە سەلامىلىغ نۈزۈل سەفھى جەمىل،
فەزىلەت ئەھلىگە دەر جەڭ كەرامەت ئىسارىلىك.

*　　　　*

ئەي ھەر تەكەللۇمىم خەتتى سەبزىلىك رىۋايەتى،
ئەبرۇ ئۈزار قامەتىم رۇخسارىلىك ئايەتى.
شەمشاد، سەرۋ، سەۋسەن باغ ئىچرە نەخلىۋار،
روھۇلقۇدۇس سەبىھ رەۋانىلىك نىھايەتى.
فەرخۇندە شاد بول لەب شەھ ئىلە شەھەرلىك،
فەرقىلىك سارى ياغىلىسۇ لەتافەت ئىنايەتى.
ئەييامى پۇر بەھار ئەنامىلىك رۇخ سەبا،
بىھجەت نەزەر تەلئەتى نەززارە رەئايەتى.
ئەي يارى غەمگۇسار قەدىلىك تۇتىيى ھەزار،
بۇلبۇل قىلۇر تەرەننۇم زىيبا ھىكايەتى.
فىردەۋس مۇنتەزىر قەدەمىلىك تۇپراغى سارى،
مازاغ كۆزلەرىلىك سۆزى شىرىن سەرايەتى.
جەننات ھۇرى ئەين شەكەر ئىشتىياقىلىغ،
قەدىلىك ھىلالى ئىيد شەۋاھىد ھىمايەتى.
ئىسمائىل ئانچۇنانكى نەزەرى ئىنتىزار ئىتەر،
كۆرسەتتى مىھر ئادەمنى بەدرىلىك ئايەتى.

*　　　　*

فەلەك تۇتمىش ھەۋاسىن سەرۇپاسىنى،
سەباھەتى كۆرسەتۇر شەكەر خاسىنى.
سەياھەت جەمايىل خۇش زىيباسىنى،
مۇتالىئە جەراھەت ھىكمەت ھاسىنى،
مۇبارەك ھۆكىمران ئالى جاسىنى.

خەبەر بولدى سەلامەت روزىگارلىغىلىك،
سەلىم ئەئزائى سەۋابىت تارتارلىغىلىك.
پىنھان ۋەلى ئەلامەت راھۋارلىغىلىك،
زۇلكىفلىدىن قىيافەت مىشكىبارلىغىلىك.
سارى قىلۇر فەراھەت دىلفەزاسىنى.

مۇشتاق ئىردىم بەسى گەر بولسە ئىقبالىم،
بىر كۈنى كۆرەرمەن خۇرشىدى سالىم،
مەھۋەشى كەۋاكىب قىسسە ئەھۋالىم،
كىتەر ئىدى مەندىن غۇسسە ئەھۋالىم،
نۇر، كۆزۈم قەراغى تەماششاسىنى.

فەزايىسىنىڭ تۇتۇپتۇر فەيزى كەرامەت،
مۇرۇۋۋەت ئىھسانىڭ نەفزۇن ئەلامەت،
بەند ئىتىپ قاراغىنىڭ سەيدى قىيامەت،
فۇتۇۋۋەتى جەۋلانىڭ سۆزلەر سەلامەت،
يۇز قويۇپ سىپەھرىڭ تەقەززاسىنى.

فەزل ئۇستىگە فەزىلەت مەكارىم خىزىۇڭ،
سەلامەت بول سەراھەت ئەنبەردىن بۇيۇڭ،
سەلام ئولسۇن ئىلاھا مۇسۇلمان كويۇڭ،
مۇئمىنلىكدە ئۆتەلسۇن سەبات رويۇڭ،
مەلەك تۇتسۇن ئىمانلىغ ئەلالاسىنى.

سەلامەتىڭ ئىلە سالىم ئىسمائىل،
فەراھەتىڭ ئىدى لۇتفى كەمايىل،
يۇز سەلام، ئەدەدسىز فەيزى قەبايىل،
فەراۋان ئىقبال، خۇرشىد ھايىل،
كىبرىت، ئەكسىرىنىڭ مىس ـ ئالماسىنى.

*

*

سىنىڭ ئۇزارىڭ ئىلەمەن كۆڭۈلنى خۇررەم ئىتەي،
قارا كۆزۈڭنى كۆزۈمگە چۇ سۇرمە مەھرەم ئىتەي،
خەيالى خالى بىلە مەن ئۆزۈمنى بىغەم ئىتەي،
كەيالۇ كەبى كەيل سۇنبۇلىنى پەرچەم ئىتەي،
بۇپالۇ ھال ئىلە ئاخىر جانىمنى بىجەم ئىتەي،
بۇ قالۇبال ئىلە كىمىسۇ ھىلال جەم جەم ئىتەي.

سىنىڭ ھەۋايى خەتىڭدۇر بىشارەتى مازاغ،
كى زاغ پەرلەرى تۇتتى رىيازنى ياپراغ،
بۇداغ لالە قويارىدى سىياھىدىن يۇز باغ،
قويۇزلىدى شىشەئى زەيتۇن چىراغى ئەنبەر ياغ،
بىنەفشە، ئۇدەشى تاغنى كەسەلگە مەرھەم ئىتەي،
بەنەقشى رۇد قوچاغنى ھەسەۋى مەريەم ئىتەي.

رىياز باغى سەمەندىن ئۇزارىڭ ئىستەرمەن،
نىياز داغى چەمەندىن مەزارىڭ ئىستەرمەن،
بەيازۇ شىمىر يەمەندىن گۇزارىڭ ئىستەرمەن،
بەگۇلجەمالىتۇ بۇلبۇل ھەزارىڭ ئىستەرمەن،
بۇ ئارزۇ بىلە ئاخىر كەمانى قەد خەم ئىتەي،
مۇھەببەتى نۇھ كىمەسىدىن نەم ئۇشە يەم يەم ئىتەي.

كۆزۈڭ قاراسىنى قىلسام كۆزۈمە سۇرمە سىياھ،
[سىياھى خەتتىنى] قىلسام خەتىمگە سۇرمە سىياھ،

سۆزۈڭ فەزاسىنى قىلسام ئۆزۈمگە سۈرمە سىياھ،
يۈزۈڭ سەفاسىنى قىلسام يۈزۈمگە سۈرمە سىياھ،
تۈزۈڭ مەلىھى ھەلاۋەت شەكەردە مەتتەم ئېتەي،
مەۋزۈڭ فەسىھى نەتاقەت پىكىردە مۈلزەم ئېتەي.

خەيالى قامەتى تۇباكەشىدە سەرۋ ئەلىف،
نىھالى نەخلى بىلالەش چەشىدە ھەمچۇ ئەلىف،
لەيالى گىيسۇيى لەيلا نەمۇدە ھەمچۇ ئەلىف،
جەبالى تۇرى تەجەللا فەزۇدە ھەمچۇ ئەلىف،
ھىلال قاشلارىنى مەن بىلالى مەلھەم ئېتەي،
فەلاس رەڭ ھەبەشىنى قەمەرگە مۈلزەم ئېتەي.

فۇسۇس غەم بىلە قايغۇ مۇدام ئىسمائىل.
ئەسىر بولدى سىياھىڭغە دام ئىسمائىل،
چۇ مىھرۇ ماھ قەرىن ئىلتىزام ئىسمائىل،
بۇۋەدكى قىلسا نىگاھ خۇشخىرام ئىسمائىل،
زەفەرنى لازىم ئېتىپ سەرى ئىشنى مەھكەم ئېتەي،
خەبەرنى لازىمۇ خەير ئىشنى تەم-تەم ئېتەي.

(بېشى 33-بەتتە)

شۇ جايغا يېتەلىگەن كىشى سوقراتنى تىرىك تاپالسا، ھەرقانداق مۈشكۈل تۈگۈنلەرنى يېشەلەيتتى. ئەگەر ئۇ دانا ھايات بولمىغىنىدا، ئۇنىڭ روھىغا دۇئا قىلسا، مۈشكۈلى ئاسان بولاتتى. بۇ ۋەقەلەر «جاھاننەما ئەينىكى»نىڭ ئارقىسىغا يېزىلغانىدى.

شاھزادە «جاھاننەما ئەينىكى»نىڭ ئارقىسىغا يېزىلغان يۇقىرىدىكى پاك قىسسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلىگە بۇ تىلسىمنى ئېچىشنىڭ ئوتلۇق ھەۋەسى چۈشتى. شۇنىڭدىن تارتىپ شاھزادىنىڭ يېمەك-ئىچمىكى ۋە ئۇيقۇسى ئىلكىدىن كەتتى ھەم شۇ خىيال بىلەن تاقىتى تاق بولدى. خاقان ئىزنىڭ مۇددىئاسىنى بىلىپ، مەنئىي قىلىشقا قانچە تىرىشسىمۇ ئۈنۈم بەرمىدى. شاھزادىنىڭ ھەۋىسى بارغانسېرى كۈچەيدى. پەرھادقا مۈشكۈل ۋە ئېغىر قىيىنچىلىق يۈزلەندى. بۇ ھالنى كۆرگەن خاقاننىڭ قەلبىدە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئازاب پەيدا بولدى نەزمە:

كەل ئەي ساقى قەدەھ تۇت دانا دانا،
بېشىمغا سالدى كۆلپەتنى زامانە.
ئەجەب قاتتىق بۇ دۇنيانىڭ جاپاسى،
بىھۇشلۇقتۇر ئۇنىڭ ئوبدان داۋاسى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# فۇرقەت شېئىرلىرىدىن

زاكىرجان خالمۇھەممەت ئوغلى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قادىر ئەكبەر

مۇھەررىردىن:

قېرىنداش ئۆزبېك ئەدەبىياتىدا دېموكراتىك ئېقىمنى ۋە خەلقچىللىق ئىجادىي يۆنىلىشنى باشلاپ بەرگەن نامايەندىلەردىن بىرى — زاكىرجان خالمۇھەممەت ئوغلى فۇرقەت 1909 - يىلى يەكەن شەھىرىدە ۋاپات بولغان. بۇ يىل ئۇنىڭ ۋاپاتىغا 80 يىل توشىدۇ.

فۇرقەت شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا بەلگىلىك تارىخىي ئورۇنغا ئىگە بولغان مۇھىم ئەدەبىيات ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى دېموكراتىيە خەلقچىللىق، مەرىپەتچىلىك پائالىيەتلىرى داۋامىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىغىمۇ بەلگىلىك تۆھپە قوشقان. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدىن تاكى XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىگىچە بولغان دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ شارائىتىدىكى مۇھىم تارىخىي ھادىسىلىرى كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەنى، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن بارغانسېرى چوڭقۇر تەكشۈرۈلمەكتە ۋە تەتقىق قىلىنماقتا. بۇ دەۋردە قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردا دېموكراتىك ئەدەبىي ئېقىم، ئىلغار رېئالىزم ئىجادىيەت مېتودى ۋە مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى خېلىلا ئەۋج ئالغانىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەنە شۇ ھادىسىلىرى مەركىزىدە تەجەللى، ئابدۇقادىر ئەزىزى، شەۋقى، خەستە قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ پائالىيىتى ئالاھىدە گەۋدىلىك ئىدى. بۇ دەۋردە جەنۇبىي شىنجاڭ ئەدەبىيات ۋە مەرىپەت سەھنىسىدە قېرىنداش ئۆزبېك خەلقىدىن چىققان ئەدىبلەر ۋە مەرىپەتچىلەرمۇ كۆپ ئىدى. فۇرقەت — ئەنە شۇلار ئىچىدە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللەردىن بىرىدۇر.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن ئۆزبېك ئەدەبىياتى ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخى داۋامىدا بىر - بىرى بىلەن ناھايىتى يېقىن تەسىرچانلىققا ئىگە بولۇپ كەلگەن. مەيلى كلاسسىك ئەدەبىيات ياكى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بولسۇن، فولكلور ياكى باشقا ئەدەبىي ھادىسىلەر بولسۇن، بۇ ئىككى ئەدەبىياتتا قاي-

داقتۇر بىر يېقىن باغلىنىش كۆزگە چېلىقىدۇ. چۈنكى بۇ ئىككى مىللىي ئەدەبىيات كۆپ ئەسىرلەر مابەينىدە بىرخىل ئەدەبىي تىلنى ئىستېمال قىلىپ كەلگەندى. ئۆز تەرەققىياتىدا بىر-بىرى بىلەن يېقىن باغلانغانىدى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۆزبېك دېموكرات شائىرى فۇرقەت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ مەلۇم تەسىرگە ئىگە بولغان بىر شەخستۇر.

فۇرقەت ئۆزىنىڭ يەكەندە ئۆتكۈزگەن 17 يىللىق ئىجادىي پائالىيىتى داۋامىدا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئەسەرلەرنى يازدى. شېئىرىي ئەسەرلەردىن باشقا، بىرنەچچە فېليەتون، ئەسلىمە ۋە ئوبزورلارنىمۇ يازغان. فۇرقەتنىڭ يەكەندە يازغان فېليەتونلىرى ئۆزبېك ئەدەبىياتىدا فېليەتونچىلىق ژانىرىنىڭ تۇنجى نەمۇنىلىرى ئىدى. فۇرقەتنىڭ يەكەندە يازغان نەسرىي ئەسەرلىرى ئىچىدە «پەسەئى ئەخبار» (1897) «ياقۇپبېك مەرھۇمنىڭ قولىغا چۈشكەن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەھۋالاتى خۇسۇسىدە» (1899)، «قەشقەر ۋىلايىتىدەگى سارتە خەلقلەرىنىڭ زىندەگانىچىلىق ئەھۋالاتلىرى خۇسۇسىدە» (1899) ناملىق شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا ۋە خەلقئارا مەسىلىلەرگە ئائىت ئوبزورلىرى، «ھىند نەيرەڭبازى ياركەنتدە» (1905) ناملىق فېليەتونى، «قەۋا-ئىدى چىن ۋە ئۇمۇراتى سىياسى» («جۇڭگونىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى ۋە سىياسىي ھايات») ناملىق ئىلمىي ماقالىسى (1906)، «ئىلمىي ئەشئارنىڭ قائىدەئى ئەۋزانى» («شېئىرىيەت ئىلمىنىڭ ۋەزن قائىدىلىرى») (1905) ناملىق ئىلمىي ئەسىرى، «توي تەۋسىفى»، «ئەزا تەۋسىفى»، «گەپ تەۋسىفى» قاتارلىق شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئېتنوگ-رافىيىسىگە ئائىت كىچىك ھەجىمدىكى ئەسەرلىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يەكەندە يېزىلغان. بەزىلىرى ئورتا ئاسىيا گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنغان. يۇقىرىقى ئەسەرلەرنىڭ قول يازمىلىرى تاكى 1946-يىلغىچە يەكەندە ساقلىنىپ كەلگەن. 1947-يىللىرى ۋە 1955 — 1958-يىللىرىدا فۇرقەت قول يازمىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كېتىلگەن.

فۇرقەت — ئۆزبېك خەلقىنىڭ تالانتلىق شائىرى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېقىن دوستى سۈپىتىدە شىنجاڭدا ئۆز قەدر-قىممىتىگە ئىگە. ئۇ شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى بولۇش بىلەن بىللە، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئەدەبىياتى خەزىنىسىگە تۆھپە قوشقان، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى تارىخىدا بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان بىر نامايەندىدۇر.

فۇرقەت ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىش شىنجاڭدا خېلى بۇرۇنلا باشلانغان، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توپلانغان ۋە ئېلان قىلىنغان. ئاردا بىرنەچچە يىل ئۈزۈلۈپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ ساھەدىكى پائالىيەت ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلدى.

شائىر فۇرقەت ۋاپاتىنىڭ 80 يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن بىز ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدۇق.

## غەزەللەر

### ئەيرىلىپ قالدىم

فىغانكىم، ئول بۇتى سىيمىن زەقەندىن ئەيرىلىپ قالدىم،
مەلاھەت باغىدە سەرۋى چەمەندىن ئەيرىلىپ قالدىم.
دىماغ ئاشۇفتەۋۇ خاتىر پەرىشانۇ كۆڭىل غەمكىن،
خەتۇ خال، كاكىلى مۇشكى خوتەندىن ئەيرىلىپ قالدىم،
مىنى ھالىمغە ھەردەم، ئەي مەلاھەت ئەھلى، كۆلمەڭلەر،
بۇ ھالە تۆشمەيىنمۇ گۇلبەدەندىن ئەيرىلىب قالدىم.
گىرىھلەر رىشتەسى جانىمغە تۈشتى نى ئىلاج ئەيلەي،
ئاچىلمەس ئىمدى زۇلفى پۇرشىكەندىن ئەيرىلىپ قالدىم.
جۇنۇنىم قوزغەدى ئىبل ئىچرە مەجنۇندىن بەتەر بولدىم،
نىگارىم لەيلى رۇخسارىمكى، ئەندىن ئەيرىلىپ قالدىم.
ئىچىپ زەھرابەيى ھىجران ئەجايىب تەلخكام ئولدۇم،
تەكەللۇم چاغىدە شىرىن سۇخەندىن ئەيرىلىپ قالدىم.
كۆزۈم ئەما بولۇپ يەئقۇبدىك [مەن] يىغلەسەم ئەرزىر،
ئۇشەنداغ يۇسۇفى گۇل پىرەھەندىن ئەيرىلىپ قالدىم.
نەۋا بۇلبۇل كەبى چىكسەم فىغان قۇمرىدىك ئەيب ئىرمەس،
يۈزى گۇل، قامەتى سەرۋى چەمەندىن ئەيرىلىپ قالدىم.
قۇيۇندىك پويە ئەيلەرمەن بەيابانىدە قەرارىم يوق،
ئۇشەل دىلبەر ئۇچۇن فۇرقەت ۋەتەندىن ئەيرىلىب قالدىم.

### ئاھكىم

ئاھكىم، يوقدۇر مىنى تەبئىمگە لايىق ئۇلفەتىم،
ئەگە ئىزھار ئەيلەسەم كۆڭلۈمدە داغى ھەسرەتىم،
بولمەدىم بىر لەھزە فارىغ بۇ جەھان تەشۋىشىدىن.
ئەيلەيىن قان يىغلەمەي ئارتەر دەما دەم مىھنەتىم.
مىن نىچۈك كۆرگۈم بۇ دۇنيادە دەمى خۇرسەندلىك؟
دەردۇ غەم بولگەن ئىسە روزى ئەزەلدە قىسمەتىم.
ئۆتدى ئۆمرىم كىچە - كۈندۈز يۈز تۈمەن ئەندىشەدە،
دەم - بەدەم ئايىنەدىك ئارتىپ ئۆزۈمگە ھەيرەتىم.
نوكتەلەركىم مىندەدۇر ئەندىن كىشى ئالىم ئىمەس،
فاش ئولۇر ئەقسامىنى ناچار ھەرفى ئىللەتىم.

يىغلەسەم ئەيىب ئېتمەڭىز، ئەي دوستلەر، قەدرىمگە كىم،
ئاشنالەر ئالدىدە بىر پۆلچە يوقدۇر قىيمەتىم.
كۆپ جەدەل قىلدىم، بەرادەلەر، كۆڭلىم تاپمەق ئۆچۈن،
ھېچ مەقامە يېتمەدى قىلگەن تەمامى غەيرەتىم.
ھال ئەگەر ئۆشبۇ ئېرۇر بۆيلە تىرىكلىكدىن نەسۈد؟
بولمەسە بىر قاتلە ئەسھابى جەھانغە ھۆرمەتىم.
كىمگە ئۆردۆم ئاشنالىق لافىنى ئىخلاس ئىلە،
بولدىلەر بىگانە، فۇرقەت، بېردى ئاخىر زىللەتىم.

### ئاھىستە - ئاھىستە

ۋەفا ئەيلەپ يىراقدىن ئاشكار ئاھىستە - ئاھىستە،
بىر ئىشقىم ئەيلەدىڭ، جانا، ھەزار ئاھىستە - ئاھىستە.
نەيەخشى مەرھەمەتلەر ئەيلەمىشسەن نامەدە ئىزھار،
«مۇھەببەت رەسمى قىلغىل» دېپ شىمار ئاھىستە - ئاھىستە.
جەدەل بىرلەكىشى مەقسەدىگە يېتگەن ئېمەس، ئارى.
بولۇر ۋەقتى بىلەن ھەرنەۋئى كار ئاھىستە - ئاھىستە.
نېچۆك تاقەت قىلەيكىم بار - بارە زور ئېتىپ ئىشقىڭ،
كۆڭلىمدىن ئالدى سەبر ئىلە قەرار ئاھىستە - ئاھىستە.
بېرىپ تەسكىن كۆڭلىمگە ۋەسلىڭە بىر كۈن يېتەرمەن، دېپ،
ئۆزىمنى ئۆرگەتەي ھەجرىڭگە، يار ئاھىستە - ئاھىستە.
پەرىشان ئۆلمەيىن تا خاتىرىڭنى جەمئى قىل جانا،
سورەپ ھالىمنى خەت بىرلەن بىرار ئاھىستە - ئاھىستە.
نەچۆك ئاسايىش ئەيلەي، ئەي كۆڭلۈم، ئارامىكىم سېنسىز،
بولۇپ بارۇر جەھان كۆزىمگە تار ئاھىستە - ئاھىستە.
ئۆشەل كۈن بىر كۆرىپ قالگەندە قىلگەن ناۋەكى غەمزەڭ،
ھەنۇز ئەيلەپ كېلۇر كۆكسىم فىگار ئاھىستە - ئاھىستە.
ۋىسالىڭ بادەسىدىن قىلمەسەڭ شاداب فۇرقەتنى،
خەراب ئەيلەر ئەنى ھەجرۇ خۇمار ئاھىستە - ئاھىستە.

### كەشمىردە

بىر قەمەر سىمانى كۆردىم بەلدەئى كەشمىردە،
كۆزلەرى مەسخۇرۇ يۈز جادۇ ئېرۇر تەسخىردە.
زەررە - زەررە زەر ساچەر باشىغە ھەر كۈن ئافتاب،

سۇبھ كېلگەچ، كېچە ياتىپ چەشمەئى ئېكسىردە.
بىر كۆرىپ چاھى زىقەن ھارۇت ئىلە مارۇت ئىكەۋ،
چاھى بابىل ئىچرە قالمىشلەر بۆلەك تەدبىردە.
لەمئەيى قىيغاچ كۆزىدىن ئەنىڭ ئەرقى نىگاھ،
تېزلىق جەۋھەرلەرى گەر بولسە ھەر شەمشىردە.
قاشى ئۆزرە خالىنىڭ ئەسرارىدىن بىر نۇقتەدىر،
سۈرەئى «نۇن» ئوقىدىم پەيۋەستە ھەر تەپسىردە.
فارىغ ئېرمەس ھىچ كىم ئول دىلرەبانىڭ ئىشقىدىن،
زۇلفىگە دىل بەستەلىغ ھەر بىر جەۋانۇ پىردە.
ئەيدىم، «ئەي جان ئافەتى، زۇلفىگە بولمىشمەن ئەسىر»
ئەيدى: «بول سەۋدانى قوي، ئۆمرىڭ ئۆتەر زەنجىردە!»
«نوقتە لەب ئۈستىدە بېجادۇر»، - دېدىم. ئەيدى كۈلىپ،
«سەھۋ قىلمىش كاتىبى قۇدرەت مەگەر تەھرىردە».
ئەيدى: «ئەي بېچارە، قىلدىڭ نە ئۈچۈن تەركى ۋەتەن؟»
مەن دېدىم: «غۇربەتدە فۇرقەت بار ئىكەن تەقدىردە!»

### كېلمەدى ھالىم سورەپ

كېلمەدى ھالىم سورەپ ئول شوخى جانان بۇ كېچە،
شەۋق ئىلە مېن ئۆرتەنىپ چۈن شەمئى سوزان بۇ كېچە.
ئاھكىم، مېن خەستە سارى قىلمەدى ھەرگىز گۈزار،
كۆرمەيىن ئول شوخنى ھالىم پەرىشان بۇ كېچە.
ئۆزگە بىرلە مەي ئىچەر ھەر قەيدە ئانىڭ رەشكىدىن،
يۇتمىشەم تاڭ ئاتقۇچە زەرداب ئىلە قان بۇ كېچە.
بۇ نە ھالەتدۇر سېڭە دېپ كۈلمەگىل، ئەي ئەھبابلەر،
يىغلەي - يىغلەي كۈندە چېكسەم ئاھۇ ئەفغان بۇ كېچە.
چۈن قۇيۇن پويە قىلىپ، بىر يېردە تۇرمان ئۈن چېكىپ،
شۇئلەيى ئاھىمگە تولدى كۆپ بەيابان بۇ كېچە.
چىقدى نالەم نەي كەبى توققۇز فەلەككە، ئاھ - ئاھ،
ھەسرەتىمدىن بەند - بەندىمدۇر نەيىستان بۇ كېچە.
بىر كۈنى ۋەسلىغە يېتمەكنى ھەۋاسىدە بولۇپ،
فۇرقەتىدە بولمىشەم مېن زارۇ ھەيران بۇ كېچە.

### بىر نىگارى ياشگىنە

تەئرى بېردى ناگەھاندىن بىر نىگارى ياشگىنە،
قامەتى نازىككىنە، كۆپ ئېركەيۇ ئەۋباشگىنە.

نېچە مۇددەت گۇشەيى غەمدە ئەجەب تەنها ئىدىم،
ئېندى جانىم پەردەسىدە ئەسرەيىن يولداشگىنە.
ئىشق دەردىنى بەيان ئەيلەپ ئىدىم ئاز - ئازغىنە،
ياشلىگىدىن قىلدى ئاخىر سىرلەرىمنى فاشگىنە.
زۇلفىنىڭ شامىدە ئول ماھىنىڭ جەمالى شەمئىگە،
ئايلەنۇرگە جان قۇشى پەرۋانەدېك خەبباشگىنە.
يىغلەرىمنى شىددەتىدىن ئاقدى ئەشك ئۆرنىگە قان،
رەھم ئىلە پەرۋاسى يوق جانان يۈرەگى تاشگىنە.
ئاقىبەت دەۋران جەفاسى قىلدى سەرگەردان مېنى،
تاپمەدىم بىر مۇنىسىم بولسە خۇش كېڭاشگىنە.

## كېلىڭ موللا رەھىم

كېلىڭ موللا رەھىم، يار ئەختەرەيلۇك.
كۆڭۈل مەرغۇبى دىلدار ئەختەرەيلۇك.
ئەگەرچى تاپمەسەك بىر يەخشى دىلبەر
يەماندۇر گەر ستەمكار ئەختەرەيلۇك.
يولۇقتۇردى فەلەك يەكبارە غەمنى.
دېمەسدۇك رەنجۇ ئازار ئەختەرەيلۇك.
يۈرەكدە دەردى يوقلەرنى نېتەرمىز؟
ئۆزىمىزدېك دىلئەفكار ئەختەرەيلۇك.

جەھان باغىنى مەھزۇن بۇلبۇلىمىز،
گۈلىكى بولسە بىخار، ئەختەرەيلۇك.
ۋەفالىك يارنى ئەھۋالى شۇلمۇ؟
قويىڭ ئېمدى، جەفاكار ئەختەرەيلۇك.
بولىپ ھەيران بور يېردە تۇرمەسەك خۇب،
كېزىپ ئېلنى چۇ مىقدار ئەختەرەيلۇك.
نېچە كۈندۇر ئىكەۋلەن فۇرقەتىمىز،
ۋىسالىنى بولىپ زار، ئەختەرەيلۇك.

## ياركەند شەھرىدىن ئاشبالتۇغە خەت①

تىلەر ئەردىم سەھەر تەۋفى چەمەن ئېسگەن سەبالەردىن،
سەلامىم يېتگەزىپ كېلتۇر خەبەر دېپ ئاشنالەردىن.
دېدى ئول دەم سەبا: «ئەي ھەجرۇ غۇربەتغە ئەسىر ئولغان،
ۋەفا ئۈمىدىنى ئۈزگىل ئەرلەردېك بىۋەفالەردىن.
سەڭا بولگەن قەدىمىي دوستلەر ئەۋزايى دېگەردۇر،
مىزاجى مۇختەلىفدۇر ئەلنى تەغيىرى ھەۋالەردىن.»
دېدىم: «يەخشى نەسىھەت ئەيلەدىڭ، ئەي ناسىھى مۇشفىق،
قۇلاغىم ھۆققەسى تولدى دۇرى قىيمەت بەھالەردىن.
كېلىپ بۇ شەھرغە كۆپ ئايۇ يىللەر ئۆتدى دەرۋاقە،
نە كېلدى ئاشنادىن خەت، نە خىيشۇ ئەقرەبالەردىن.
سەبەب شۇل ئەردىكىم تەركى كىتابەت ئەيلەدىم بىل - كۈل،

ۋە لېكىن قويمەدىم خالى سەھەر گاھى دۇئالەردىن،
ۋەتەننىڭ ئىشتىياقىن تارتەرەم غۇربەت غەمى بىرلەن،
تۈرۈپ ئەردىم قۇتۇلماي غۇسسەيۇ رەنجۇ ئىنالەردىن.
بەناگاھ كېلدى شەۋق ئامىزلىغ مەنزۇمە مەكتۇبىڭ،
ئىشارەت ئەيلەگەن زىمنىدە ھەرخىل مۇژدەئالەردىن.
ئوقۇپ ئول دەم ئانى [بولدى] ئاقەرغان كۆزلەرىم رەۋشەن،
سىياھىغە ئىبزىپ ئەردىڭ مەگەركىم توتىيالەردىن.
مۇقىمى، نىسبەتى② ئۆادى، دېمىشسەن، ئۆلسە ئۆلمىشدۇر،
مەلۇل بولمە جەھان خالى قالۇرمۇ ھېچ رەسالەردىن.
دېمىشسەن، مۇھىبى، ③ زەۋقى ④ سەلامەت، شۇكر خۇش بولدىم،
خۇدا قىلغاي سەلامەت ئەسرابان ھەر خىل بەلالەردىن.
مۇقىمى، «نىسبەتى» نى نىسبەتىنى مەن سەڭە بېردىم،
ئەلەردېك بولمە لېكىن ئۆزنى توختەتگىل ھىجالەردىن.
ئۆكامىز ئىبرەۇھەممەد سىم ئەرا تىلماچ ئولۇپ ئىبرمىش،
يەمان كۆزدىن خۇدا مەھفۇز قىلغاي ھەم قەزالەردىن.
مەنى ياد ئەيلەگەنلەرگە يېتۈرگەيسەن سەلامىمنى،
فەرامۇش ئەيلەمەي بىزنى فەقىرۇ ئەغنىيالەردىن.
مەنى ھالىمنى سورسەڭ ياركەند شەھرىدە ساكىنمەن،
بەھەمدۇللاھ بولۇپ مەمنۇن ھەمە زەۋقۇ سەفالەردىن.
خوتەن ئاھۇلەرىدېك ئانچە سەرگەردان بولۇپدۇرمەن،
ساچى مۇشكى خىتا رەشكى خەيالى دىلرەبالەردىن.
بەھار ئەييامى سەھرالەر فەزاسى باغ ئۇلۇر گۇيا،
فەراغەتلەر يېتەر دىلغە ھەۋايى جان فەزالەردىن.
مەگە مۇندە مۇقىم ئولماق خۇدا تەقدىرى ئولمىشدۇر،
ئېمەسدۇر بەندەلىك دەم ئۇرمەگىم چۇنۇ چەرالەردىن.
خۇدا بېرمىش ئىكى فەرزەند: نازىمجانۇ ھاكىمجان،
قەچان بولغەي كۆڭۈل ئۈزماقتە بۇ كۆزى قەرالەردىن.
بولۇر كېلگەن كىشى ئۆز رەغبەتۇ تۇبى بىلە مەسخۇر،
تىلسىمدۇر بۇ شەھرى جۇملەتى ھەيرەت فىزالەردىن.
بارۇرمەن گەر قۇتۇلسەم بۇل تىلسىمى ھەيرات ئەفزادىن،
يېتىپ ئىمداد ھالىمغە جەمئىي مۇددەئالەردىن.
ۋە گەرنە قىبلە گاھىمنىڭ مۇلاقاتىغە شايىقمەن،
ۋەلى باردۇر گىنە ئەندەك ئەمەك بىرلە تەغالەردىن.
يەنە مىرزا شەرىپ ئەھۋالدىن ھەم يازمىش ئىركەنسەن،
يېتىپ، خۇرسەند بولدۇم بۇ نەۋىدى دىلكۇشالەردىن.

ۋەلى تەركى كىتابەت ئەيلەدى بىر نىچە مۇددەتدۇر،
مەنىدىك داغى غۇربەتغە ئەسىرۇ مۇبتەلالەردىن.
زەبانىم باۋۇجۇدى مەدھى ئەۋسافىغە ناتىقدۇر،
مەنى كۆپ بەھرەمەند ئىتكەن ئىدى فەزلۇ ئەتالەردىن.
تىرىكمۇ جەخمۇرىش ھاجى تەسامىددىن دىگەن ئەندە،
قۇتۇلگەن يۈز بەلايۇ ناگەھانۇ ماجەرالەردىن.
يىتۈرگىل خالمۇھەممەد ھاجىنىڭ ئەنگە سەلامىنى،
سورەيدۇر قەۋمۇ خىشۇ ئاشنايۇ روشەنالەردىن.
دىيۈركىم بىر تەراغ ئەيلەر ئىدىم سەۋغاتى ھاجىمگە،
ئەگەر چىقسە ئىدى بىر كۆرسە قاسىد بۇ ئەرالەردىن.
مۇلاقەت ئارزۇ ئەيلەپ سەلامەتلىغ سورەيدۇرمەن،
جەنابى ھاجى داملە بىرلە قەرشى داملالەردىن.
قىلۇرمەن دوستلىغدىن بىر نەسىھەت سىزگە تاشبالتۇ،
بولۇرسەن گەر قەبۇل ئىتسەڭ ئەنى ئەھلى سەفالەردىن.
رەسالىغ ئارزۇ ئەيلەپ كەماله گەر يىتەي دىرسەن،
تەئەررۇز ئەيلەمە ھەم شىكۋە قىلمە نارەسالەردىن.
ئەگەر نەفسانىيەت تەركىنى قىلسەڭ بۇ كىفايەتدۇر،
كىلەي مەقسەدغە ئىمدى بار ئىدىڭ تەبئىي رەسالەردىن.
ئالىپ يادىغە سورمەس كىمسە زاكىرجانى فۇرقەتنى،
ئەگەرچى ئەيتەدۇر دايىم دۇئا بادى سەبالەردىن.

### مۇسەددەسلەر

### سەيدىڭ قويابىر سەيياد

سەيدىڭ قويابىر، سەيياد، سەييارە ئىكەن مەندىك،
ئال دامىنى بوينىمدىن، بىچارە ئىكەن مەندىك،
ئۆز يارىنى تاپمەسدىن ئەۋۋارە ئىكەن مەندىك،
ئىقبالى نىگۇن، بەختى ھەم قارا ئىكەن مەندىك،
ھىجران ئوتىدىن جىسمى كۆپ يارە ئىكەن مەندىك،
كۆيگەن جىگەرى-بەغرى سەدپارە ئىكەن مەندىك.

كىس رىشتەنىكىم قىلسۇن چەپپەكلەر ئاتىپ جەستە،
ھەجرىدە ئەلەم تارتىپ بولدى جىگەرى خەستە،
تاغلەرغە چىقىپ بولسۇن يارى بىلە پەيۋەستە،

كىم قويمە بەلا دامى بىرلە ئانى يا بەستە،
ھىجران ئوتىدىن جىسمى كۆپ يارە ئىكەن مەندېك،
كۆيگەن جىگەرى ـ بەغرى سەدپارە ئىكەن مەندېك.

بېش كۈن سېنى دەۋرىڭدە بىچارە خىرام ئېتسۇن،
ئاھۇلەر ئىلە ئوينەپ، ئەيشىنى مۇدام ئېتسۇن،
يامغۇر سۈۋى تولگەندە تاغ لالەنى جام ئېتسۇن،
ھەققىڭگە دۇئا ئەيلەپ، ئۆمرىنى تەمام ئېتسۇن،
ھىجران ئوتىدىن جىسمى كۆپ يارە ئىكەن مەندېك،
كويگەن جىگەرى ـ بەغرى سەدپارە ئىكەن مەندېك.

سەرگەشتە بۇ ۋادىيدە بىر باشىڭە رەھم ئېتكىل،
يوق تاقەتى بەندىڭگە بەرداشىڭە رەھم ئېتكىل،
يىغلەپ سېنگە تىرمۇلۇر، كۆز ياشىڭە رەھم ئېتكىل،
رەھم ئېتمەسەڭ ئۆزىڭگە، يولداشىڭە رەھم ئېتكىل،
ھىجران ئوتىدىن جىسمى كۆپ يارە ئىكەن مەندېك،
كۆيگەن جىگەرى ـ بەغرى سەدپارە ئىكەن مەندېك.

تاغدە ئاچىلىپ لالە، يېر سەبزە بەھار ئولسە،
ئەخىر بۇ نېچۈك بىداد، ئالەم ئەگە تار ئولسە،
چىقمەي دىسە جايىمدىن، ئۆزلەتدە فىگار ئولسە،
گەر چىقسا بەناگاھى دامىڭغە دۇچار ئولسە،
ھىجران ئوتىدىن جىسمى كۆپ يارە ئىكەن مەندېك،
كۆيگەن جىگەرى ـ بەغرى سەدپارە ئىكەن مەندېك.

بىچارەنى زۇلم ئەيلەپ، قول بويىنى باغلەپسەن،
ھەر سارى چېكىپ، سودرەپ، ئۆلدۈرگەلى چاغلەپسەن،
كۆكسىنى جەفا بىرلە لالە كەبى داغلەپسەن،
سات مېنگە، ئەگەر قەستىڭ ئالغۇچى سوراغلەپسەن،
ھىجران ئوتىدىن جىسمى كۆپ يارە ئىكەن مەندېك،
كۆيگەن جىگەرى ـ بەغرى سەدپارە ئىكەن مەندېك.

يوق ھۇشى، پەرى تېككەن دىۋانەگە ئوخشەيدۇر،
كۆز ياشى يەنە تولگەن پەيمانەگە ئوخشەيدۇر،
غەم سېلى بىلەن كۆڭلى ۋەيرانەگە ئوخشايدۇر،

فۇرقەتدە بۇ سەئدۇللا «ھەيرانە» گە ئۇخشەيدىر،⑤
ھىجران ئوتىدىن جىسمى كۆپ يارە، ئىكەن مەندىك،
كۆيگەن جىگەرى-بەغرى سەد پارە ئىكەن مەندىك.

## ئۈچ خەراباتى

(تەرجىبەند مۇسەددەس)

ئۈچ خەراباتى ئىرۇرمىز ساكىنى مەيخانەمىز،
خۇم باشىدىن چەرخ ئۇرۇپ، مانەندى بىر پەرۋانەمىز،
مەست ئولۇپمىز جۇشىشى مەيدىن ئەجەب دىۋانەمىز،
ھالىمىز دۇنيا غەمىدىن، فارىغى كاشانەمىز،
يار بىزنى يارىمىز، جانان بىزنىڭ جانانىمىز،
ئۇشبۇ دەۋران بىرلە ئۆتسەك يوق ئىرۇر ئەرمانىمىز.

ئۈچ ئەلەمكەشمىز، ھەممىشە تالىبى جانانەمىز،
كويىغە بارماقدىن ئەمما ئەل ئەرا ئەفسانەمىز،
نەشئەيى پەيدا قىلىپمىز، ئەقلدىن بىگانەمىز،
نە ھەراسى دادىدۇرمىز، نە ئەسىرى دانەمىز،
يار بىزنى يارىمىز، جانان بىزنىڭ جانانىمىز،
ئۇشبۇ دەۋران بىرلە ئۆتسەك يوق ئىرۇر ئەرمانىمىز.

ئۈچ قەلەندەرمىز قەلەندەرخانەدە ھەمخانەمىز،
ھەسرەت ئەيلەرمىز نىگەكىم رىندەيى ھەر خانەمىز،
قەيدە قالدى ۋادەرىغا، ساغەرۇ پەيمانىمىز،
دەير پىرىنىڭ ھۇزۇرىدىن ئەجەب خۇرمانەمىز،
يار بىزنى يارىمىز، جانان بىزنىڭ جانانىمىز،
ئۇشبۇ دەۋران بىرلە ئۆتسەك يوق ئىرۇر ئەرمانىمىز.

ئۈچ بىرادەرمىز، كېلىڭ، بىردەم فەراغەت ئەيلەلۈك،
يا قەلەندەرۋەش بولىپ تالەم سەياھەت ئەيلەلۈك،
دەير پىرىغە بارىپ ياكىم ئىتائەت ئەيلەلۈك،
ھەرنە زۇلم ئىتسە ئەگەر سەبرۇ قەنائەت ئەيلەلۈك،
يار بىزنى يارىمىز، جانان بىزنىڭ جانانىمىز،
ئۇشبۇ دەۋران بىرلە ئۆتسەك يوق ئىرۇر ئەرمانىمىز.

ئۈچ مۇسافىرىمىز، كېلىپ بىر-بىر ھېكايە ئەيلەلۈك،
ئول رەقىبى رۇسىيەھلەردىن شىكايەت ئەيلەلۈك،
خانەقەھ كۈنجىدە بارىپ ياكى تائەت ئەيلەلۈك،
يا بارىپ مۇغ دەيرى ئىچرە ئىستىقامەت ئەيلەلۈك،
يار بىزنى يارىمىز، جانان بىزنىڭ جانانىمىز،
ئۈشبۇ دەۋران بىرلە ئۆتسەك يوق ئىرۇر ئەرمانىمىز.

ئۈچ ئەدايىمىز، كېلىڭلەر، نالە ئاغاز ئەيلەلۈك،
قەيدە كۈلفەت ئەھلى بولسە ئۆزگە دەمساز ئەيلەلۈك،
باقمەلۈك دۇنيا يۈزىغە، تا ئەڭە ناز ئەيلەلۈك،
ئەمدى بۇلبۇلدىك ئۇشەل سارىغە پەرۋاز ئەيلەلۈك،
يار بىزنى يارىمىز، جانان بىزنىڭ جانانىمىز،
ئۈشبۇ دەۋران بىرلە ئۆتسەك يوق ئىرۇر ئەرمانىمىز.

ئۈچ نەۋايىمىز، كېلىڭلەر ئەزمى گۈلشەن ئەيلەلى،
ئەندەلىبغە قوشۇلۇپ ئول يېرنى مەسكەن ئەيلەلى،
كۆيدۈرۈپ گۈل شاخۇ يەفراغىنى گۈلخان ئەيلەلى،
چىلتەننى نە ئىبتەرىمىز، ئۆزنى چارتەن ئەيلەلى،
يار بىزنى يارىمىز، جانان بىزنىڭ جانانىمىز،
ئۈشبۇ دەۋران بىرلە ئۆتسەك يوق ئىرۇر ئەرمانىمىز.

ئۈچ غەرىبىمىز، كېلىڭ، سەيرى گۈلۇستان ئەيلەلى،
نالە ئەيلەپ ئەندەلىبنى بەغرىنى قان ئەيلەلى،
شىكۋە ئەيلەپ سەرۋ سۇنبۇلنى پەرىشان ئەيلەلى،
قۇمرىلەرنى مۇبتەلايى داغى ھىجران ئەيلەلى،
يار بىزنى يارىمىز، جانان بىزنىڭ جانانىمىز،
ئۈشبۇ دەۋران بىرلە ئۆتسەك يوق ئىرۇر ئەرمانىمىز.

ئۈچ ۋەفايىمىز، كېلىڭلەر ئەزمى گۈلزار ئەيلەلى،
بارغەلى يار ئالدىغە، ئۆزنى سەبۇكبار ئەيلەلى،
يارنى ئۇيقۇسىدىن بىر لەھزە بىدار ئەيلەلى،
خاھ بىخۇد بولالى، خاھ ئۆزنى ھۇشيار ئەيلەلى،
يار بىزنى يارىمىز، جانان بىزنىڭ جانانىمىز،
ئۈشبۇ دەۋران بىرلە ئۆتسەك يوق ئىرۇر ئەرمانىمىز.

ئۆچ بەلاكەشمىز، كۆڭىل ئول مەھۋەشى خۇشخۇيدەدۇر،
كىپچە ـ كۈندۈز فىكرىمىز ئول شوخى شىرىنگۇدەدۇر،
ياردىبان كۆردۈككى بىستەر ئۆستىدە ئۇيقۇدە دۇر،
باشقە كىلمىش تەبىبۇ يار باشى زانۇدەدۇر،
يار بىزنى يارىمىز، جانان بىزنىڭ جانانىمىز،
ئۆشبۇ دەۋران بىرلە ئۆتسەك يوق ئىرۇر ئەرمانىمىز.

ئۆچ مۇكەددەر كويىغە باردۇك رەقىبلەر تودەدۇر،
يا سەبەب جىنسلەرىدىن ئول پەرى ئۇيقۇدەدۇر،
كاكىلى يۈزگە پەرىشان مۇشكى ئەنبەر سۇدەدۇر،
يۈزلەرى غەرقى ئەرەق، بەرچە ئەبىر ئالۇدەدۇر،
يار بىزنى يارىمىز، جانان بىزنىڭ جانانىمىز،
ئۆشبۇ دەۋران بىرلە ئۆتسەك يوق ئىرۇر ئەرمانىمىز.

ئۆچ خەراباتىي باربىپ كۆردۈككى يار ئۇيقۇدەدۇر،
رەنجىشى چەشمى بىلەن كۆپ ھەسرەتۇ قەيغۇدەدۇر،
بىستەرى زەئىي ئۆزرە ياتىپدۇر تەنى پەرسۇدەدۇر،
ۋايكىم، ئەھبابلەر، بارغانىمىز بىھۇدەدۇر،
يار بىزنى يارىمىز، جانان بىزنىڭ جانانىمىز،
ئۆشبۇ دەۋران بىرلە ئۆتسەك يوق ئىرۇر ئەرمانىمىز.

نە ئۆچۈن كىلدىڭ ھەرىمىغە، ئەيا نادان تەبىب؟
بىزلەرە ئەغيارەدۇرسەن، بىدەرەك، ئەبغان تەبىب،
باشىدىن تۆرغىل نەرى بىھۇدە سەن، يالغان تەبىب،
ئاھ تارتەرمىز، بولەرسەن بىر بىلە يەكسان، تەبىب،
يار بىزنى يارىمىز، جانان بىزنىڭ جانانىمىز،
ئۆشبۇ دەۋران بىرلە ئۆتسەك يوق ئىرۇر ئەرمانىمىز.

نە سەبەبدىن ئولتۇرۇرسەن يار باشىغە تەبىب،
بىر زەمان كۆشىش ئىتىپ ئەنداغ مەئاشىغە تەبىب،
قوشمە بۇل دارۇلەرىڭنى يارىم ئاشىغە، تەبىب،
ئاھ بىرلە كۆيدۈرۈرمىز كىلمە قاشىغە، تەبىب،
يار بىزنى يارىمىز، جانان بىزنىڭ جانانىمىز،
ئۆشبۇ دەۋران بىرلە ئۆتسەك يوق ئىرۇر ئەرمانىمىز.

نە سەبەبدىن بۇ كېچە مۇندە كېلىپسەن، ئەي تەبىب،
ھەر تەرەفدىن سۆز قىلۇرسەن ھەمچۇنان دەئۋى، تەبىب،
باشىدىن ئۇرغىل نەرى، بىھۇدە بىمەئنى تەبىب،
فۇرقەتىدىن قىل ھەزەر، ئەلبەتتە، ئەي جۇغى، تەبىب،
يار بىزنى يارىمىز، جانان بىزنىڭ جانانىمىز،
ئۇشبۇ دەۋران بىرلە ئۆتسەك يوق ئېرۇر ئەرمانىمىز.

## پارچەلەر

ئەندەلىب ۋەيرانەدە بايقۇشقە باغ بولمىش ۋەتەن،
بەسكى فۇرقەت بولمە غەمكىن دەھر ئەرا شول بولسە فەن،

* *

مۇئەززەم رۇسۇچىن ھەمكارۇ ھەمدەست،
ئەزەلدىن يېرلەرى بىر-بىرىغە پەيۋەست،
ئەلەر ئەجمائىدىن ئارايىش ئولغاي،
شۇكۇھى دۇنيەگە ئاسايىش ئولغاي.

ئىزاھات:

① تاش بالتۇ — موللا تاش بالتۇ. فۇرقەتنىڭ مەرغىلاندىكى يېقىن دوستى، «رايىق» تەخەللۇسى بىلەن شېئىرلار يازغان شائىر.

② نىسبەتى — قوقەندلىك ئۆزبېك شائىرلىرىدىن بىرى.

③ مۇھمى — فۇرقەت بىلەن زامانداش بولغان قوقەندلىك دېموكرات شائىر. ئەسەرلىرى شىنجاڭدا تارقالغان بايازلاردا ئۇچرايدۇ.

④ زەۋقى — ئۇبەيدۇللا سالىھ ئوغلى (1853 — 1921) ئۆزبېك دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ كاتتا ۋەكىللىرىدىن بىرى، فۇرقەتنىڭ يېقىن دوستى ۋە مەسلەكدىشى. ئايرىم مەنبەلەردە زەۋقى قەشقەردە ۋاپات بولغان دېيىلىدۇ.

⑤ «فۇرقەتدە بۇ سەئدۇللا ھەيرانەگە ئوخشەيدىر»... بۇ مىسرادىكى سەئدۇللا يېڭىسالىق ئۇيغۇر شائىرى، فۇرقەتنىڭ كەشمىردە تونۇشقان دوستى، شىنجاڭغا بىللە كەلگەن سەپەرداشى بولۇپ، تەخەللۇسى «ھەيرانى» ئىدى. كېيىنكى تەكشۈرۈشلەر شۇنى دەلىللەيدۇكى، فۇرقەت مەزكۇر مۇسەددەسنى سەئدۇللا سەرگۈزەشتىلىرىگە قارىتىپ يازغان. سەئدۇللا ئەسەرلىرى 1982-يىلى يېڭىسادىن تېپىلغان.

⑥ «چىلتەننى نە ئېيتەرمىز ئۆزنى چارتەن ئەيلەلى» — بۇ مىسرادىكى «چىلتەن» يەركەندىكى چىلتەن مازارىنى كۆرسىتىدۇ.

# پەرىددىن ئەتتار

شېرىن قۇربان، مەدەلىخان

روھ دېسەم بۇ روھىم — روھى ئەتتارى،
كۆز دېسەم بۇ كۆزۈم — چەشمى سەنائىي.

— مەۋلانا جالالىددىن رۇمى.

## 1. شائىرنىڭ ھاياتى

XII – XIII ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئەدەبىياتى تارىخىدا سوفىزم ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولدى. بۇ دەۋردە كۆپلىگەن يازغۇچى، شائىرلار مەيدانغا كەلدى. شەيخ پەرىددىن مۇھەممەد ئەتتار (مىلادى 1145 — 1229 - يىللار) شۇ دەۋردىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مەشھۇر سوفىستىك شائىرلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئەتتار قەدىمكى ئىران مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان خۇراساننىڭ نىشاپور ئەتراپىدا بىر تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىك چېغىدا بىر مەزگىل ئىلىم تەھسىل قىلغىنىدىن كېيىن دادىسىغا ئەگىشىپ، تىبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ سوفىزم پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، مەۋقەسىدە چوڭ بۇرۇلۇش ھاسىل بولغان. ئۇ ئەسلىدىكى كەسپىدىن ۋاز كېچىپ، پەلسەپە، ئىلاھىيەت، ئەدەبىيات-سەنئەت، تارىخ، جۇغراپىيە، ئېتنوگرافىيە ۋە دىنىي مەزھەپلەرنىڭ قاراشلىرى توغرىسىدىكى ئىلىملار بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭدىن كېيىن بىپايان دۇنياغا يۈزلەنگەن. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ مىسىر، دەمەشىق، مەككە، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا بېرىپ كىشىلىك ھاياتتىكى ئاجايىپ ۋەقەلەرنى بىۋاسىتە كۆرگەن، ئاڭلىغان ۋە بىر قىسىملىرىغا ئۆزى قاتناشقان. نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق زاتلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان. ئۇزۇن يىللىق ساياھەتتىن كېيىن ئۇ ئانا ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىپ، كۆپ يىللىق تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە توپلىغان مول ماتېرىياللىرى ئاساسىدا قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا قەدەم تاشلاپ، سوفىزم تەلىماتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان كۆپلىگەن شېئىرىي ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق سوفىستىك شائىرى بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

شائىر ئەتتارنىڭ كېيىنكى ھاياتى موڭغۇللار ئىستىلاسى كەلتۈرۈپ چىقارغان سىنىپىي زىددىيەتلەر بىلەن مىللىي زىددىيەتلەر راسا ئەۋجىگە چىققان بىر دەۋرگە توغرا كەلگەن. بۇ دەۋرنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى پارس-تاجىك خەلقلىرىنىڭ XIII ئەسىردىكى مۇتەپەككۇر شائىرى شەيخ مۇسلىھىددىن سەئدى شىرازى (مىلادى 1203 — 1292-يىللىرى): «موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمىدىن كېيىن جاھان ھەبەشنىڭ چېچىدەك چىچىلدى، ئادەملەر بولسا بۆرىدەك بولۇپ قالدى.» دەپ تەسۋىرلىگەنىدى. ئەتتار مانا مۇشۇ دەۋردە ۋاپات بولغان.

## 2. ئىجادىي پائالىيىتى

پارس-تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، ئەتتار زاماندىشى شائىرلار ئىچىدە نىسبەتەن تەقۋادار مەغرۇر شائىر بولۇپ، ئۇ ئەينى دەۋردىكى ئوردا شائىرلىرىنى ساتىرا قامچىسى بىلەن قامچىلىغان. بۇ ئۇنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئېيتقان: «مەن ئۆمرۈمدە بىراۋنى بىرەر مىسرا شېئىر بىلەن ماختاپ باققان ئادەم ئەمەس»① دېگەن سۆزىدىنمۇ كۆزگە روشەن چېلىقىپ تۇرىدۇ.

شائىر ئەتتار ئەسەرلىرىنىڭ مۇندەرىجىسى توغرىسىدا ھەرخىل مەنبەلەردە ئوخشاشمىغان مەلۇماتلار بار. ھازىرقى زامان ئاتاقلىق تاجىك تارىخچىسى ۋ. غ. غوپۇرۇپ (1908 — 1977-يىللار) نىڭ «تاجىكلار تارىخى»، روسىيىلىك تاجىكشۇناس ئى. براگىنىسكىنىڭ «تاجىك مەدەنىيەت تەتقىقاتى»، «تاجىك ئەدەبىياتى تارىخى ئوچېركى» ۋە «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى، چەت ئەل ئەدەبىياتى» (1982-يىل نەشرى) قاتارلىق مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەتتارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە تەتقىقاتقا ئائىت ئەسەرلىرىدىن «قۇشلارنىڭ سۇمرۇغنى تاۋاپ قىلىشى»، «بۇلبۇلنامە»، «خىسرەۋنامە»، «مۇشكەلات خاتىرىلىرى»، «پەندنامە»، «ئىلاھنامە»، «ۋەسىيەتنامە»، «ئۇلۇغلار تەرجىمىھالى»، «بەگتاش ۋە رابىيە»، «گۇر ۋە خۇمرۇز» قاتارلىق داستان، قەسىدە، ئەسلىمە ۋە لىرىكىلىرى بار. بۇلاردىن «بۇلبۇلنامە» دە، گۈل بىلەن بۇلبۇلنىڭ مۇناسىۋىتى سۆيگۈ-مۇھەببەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلۈپ، تەسىرلىك ھالدا بايان قىلىنغان. ئۇ كېيىنكى شەرق ئەدەبىياتىدا كەڭ تارقالغان گۈل ۋە بۇلبۇل سۆيگۈسى ھەققىدىكى خىلمۇخىل تەسىرلىك ھېكايىلەرگە ئاساس بولغان. «پەندنامە» دىداكتىك ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا قىزىقارلىق كىچىك ھېكايىلەر ئارقىلىق شائىرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەققىدىكى پەلسەپىۋىلىك قاراشلىرى بايان قىلىنغان. «ئۇلۇغلار تەرجىمىھالى» دا شائىر ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى تونۇشتۇرغان. بۇ كىتاب بۈگۈنكى كۈندىمۇ بەلگىلىك تەتقىقات قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

شائىرنىڭ خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدىن بىرى — «قۇشلارنىڭ سۇمرۇغنى تاۋاپ قىلىشى» ناملىق لىرىك داستانىدۇر.

① «چەت ئەل ئەدەبىياتى»، بېيجىڭ داشۆسى نەشرىياتى 1982-يىل نەشرى، 89-بەت.

شائىر بۇ داستاندا قۇشلارنىڭ سۆرۈغىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن ئەرشكە چىققانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ جەرياندىكى خىلمۇخىل سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق رېئال جەمئىيەتنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سوفىستىك پەلسەپىۋى قارىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.
شائىر ئەتتار ئۆز دەۋرىدىكى سوفىستىك شائىرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە. ئۇنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇ يەردە كۆرۈلىدۇكى، شائىر ئاللا ھەققىدىكى ئەڭ گۈزەل سۈپەتلەشلەرنى، ئەل ئەدەبىياتىدىكى قىزىقارلىق مەسەللەر ۋە ماقال-تەمسىللەرنى ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى — «قۇرئان» دىن پەلسەپىۋىلىك سۆزلەرنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق كىشىلەرگە تەربىيە ۋە تەلىيم بېرىدۇ. شۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.
شائىرنىڭ:

كىمكى ئۇ دۈشمەندىن قىلمىدى ھەزەر،
ئاقىۋەت كۆرىدۇ ئۇنىڭدىن زەرەر.

قاي زاتقا مەرىپەت ھاسىل بولمىدى،
مۇرادى زادىلا ۋاسىل بولمىدى.
بولسا گەر قاي زاتتا دانىشدىن چىراق،
تۈت نەرسە بولىدۇ شۇ زاتتىن يىراق.
نالايىق ئىشلارغا يول قويمايدۇ ئۇ،
كىشىنى نا ئۈمىد قالدۇرمايدۇ ئۇ.
ھوشيار بول زادىلا قىلما يامانلىق،
يېنىڭلىك قىلمىساڭ كېلۇر ئامانلىق.

دېگەنلىگە ئوخشاش چوڭقۇر مەزمۇنلۇق مىسرالىرى ئاز كەم مىڭ يىلدىن بېرى گويا خۇددى تۈلۈگۈللا مەيدانغا چىققاندەك خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرمەكتە. ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا ئەتتارنىڭ نۇرغۇن قىزىقارلىق ھېكايىلىرى بىلەن ھېكمەتلىرى ئەل ئەدەبىياتى بىلەن پەرق ئەتكۈسىز دەرىجىدە ئارىلىشىپ كەتكەن.

### 3. شائىرنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى

شائىر ئەتتارنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنى تۈۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:
بىرىنچىدىن، ئەتتارنىڭ ئەسەرلىرى قىممەتلىك مىراس سۈپىتىدە پارس-تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا پەخىرلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. شائىر بىلەن زاماندىش ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن پارس-تاجىك كلاسسىكلىرىدىن جالالىدىن رۇمى

(1207 — 1272 - يىللار)، كامال خوجەندىي (؟ — 1390 - يىللىرى)، ھافىز شىرازى (1300 — 1389 - يىللىرى)، ئابدۇراخمان جامى (1414 — 1492 - يىللىرى) قاتارلىقلار ئەتتارنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھالارنى بەرگەن ياكى ئۇنى «ئۇستاز» دەپ ئاتىغان.

ئىككىنچىدىن، ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا شەكىللەنگەن ئەدەبىي ئېقىم — سوفىزىم ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرى بۇ ئەدەبىياتنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئورنى بىلەن ئىجتىمائىي تەسىرىگە تۆۋەندىكىچە باھا بېرىدۇ: «ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، سوفىزىم شېئىرىيىتىنى سەنائى باشلاپ بەرگەن، ئەتتار گۈللەندۈرگەن، مەۋلانا رۇمى يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزگەن①».

ئۈچىنچىدىن، خۇددى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، شائىر ئەتتار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان. سوفىزملىق پەلسەپە بىلەن يۇغۇرۇلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەتتار ئەسەرلىرىنى ئەل ئەدەبىياتىنىڭ مۇكەممەل مەجمۇئەسى دېيىشكە بولىدۇ.

تۆتىنچىدىن، ئەتتار دۆلەت، مىللەت ۋە دىن چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن شائىر. ئۇنىڭ «قۇشلارنىڭ سىمۇرغنى تاۋاپ قىلىشى»غا ئوخشاش ئەسەرلىرى پارس - تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى شەرق خەلقلىرى، يەنى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، ئەزەربەيجان، تۈركمەن، ھىندى قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتلىرىغىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. شائىرنىڭ شېئىرلىرى شەيخ سەئدى، ھافىز شىرازى ئەسەرلىرى بىلەن بىر قاتاردا ئۇزۇن مۇددەتكىچە ھەرقايسى مۇسۇلمان مىللەتلىرىنىڭ مەدرىسلىرىدە تىل - ئەدەبىيات دەرسى سۈپىتىدە ئۆتۈلگەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى دۇنيادىكى ئاساسلىق تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مەشھۇر كلاسسىك شائىر ئەلىشىر نەۋائىي (مىلادى 1441 — 1501 - يىللىرى) ئەتتارنىڭ ئەسەرلىرىنى زوقمەنلىك بىلەن سۆيۈپ ئوقۇغان ھەم ئۇنىڭدىن ئىلھام ئالغان. ئۇ شائىرنىڭ «قۇشلارنىڭ سىمۇرغنى تاۋاپ قىلىشى» ناملىق ئەسىرىگە تەقلىد قىلىپ «لىسانۇت - تەيىر» ناملىق ئەسىرىنى يازغان.

دەرۋەقە، بىر پۈتۈن ساپ ئالتۇن بولمىغىنىغا ئوخشاش، ئەتتارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ سوفىزمچىلارنىڭ تەركىدۇنياچىلىق، چۈشكۈنلۈك ئىللەتلىرىدىن خالىي بولالمىغان.

كلاسسىك شائىرىمىز شەيخ پەرىدىدىن مۇھەممەد ئەتتارغا لېنىن تۆۋەندىكىچە تەبىرنى بېرىدۇ:

تارىخىي تۆھپىلەرنى باھالاشتا، تارىخىي ئەربابلارنىڭ ھازىرقى تەلەپكە نىسبەتەن بېرەلمىگەن ئىشلىرىغا ئاساسلانماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكى پېشىۋالىرىغا نىسبەتەن ياراتقان يېڭىلىقلىرىغا ئاساسلىنىش لازىم.

① «چەت ئەل ئەدەبىياتى»، بېيجىڭ داشۆسى نەشرىياتى، 1982 - يىل نەشرى، 93 - بەت.

# ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرگەن دەۋردىكى ئىسلام مەدرىسلىرى

ئىبراھىم مۇتىئى

مۇھەررىردىن: مەشھۇر ئالىم يوسىف. ف. فىلېچېرنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئامېرىكىنىڭ باستون شەھىرىدىكى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقىي ئاسىيا ئىنستىتۇتىدا «ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى» دېگەن تېمىدا خەلقئارا ئىلمىي تەتقىقات يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن 1989-يىلى 4-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن 16-كۈنىگىچە داۋاملاشتى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باش تەتقىقاتچىسى، ژۇرنىلىمىز تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ئىبراھىم مۇتىئى تەكلىپكە بىنائەن بۇ يىغىنغا قاتناشتى. بۇ ماقالە شۇ يىغىندا ئوقۇلۇپ، مۇھاكىمە قىلىنغان.

*                    *

ئىسلام دىنى IX-X ئەسىرلەردىن ئارتىپ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا رەسمىي تارقىلىپ كىرىشكە باشلىدى. ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا قانداق تارقىلىپ كىرگەنلىكى مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغاندا، ئالدى بىلەن، قاراخانىيلارنىڭ خاقانلىرىدىن سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئېلىپ بارغان دىنىي ئۇرۇشلار كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئىسلام دىنىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇشتا چوڭ رول ئوينىغان باشقا ئامىللارغا ئېتىبار بېرىلمەي كېلىۋاتىدۇ.

بىزگە مەلۇم، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن ئىلگىرى شامان، مانى، بۇددا، نېستورىيان دىنلىرى شارائىتىدا يارىتىلىپ، خېلى يۇقىرى تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈرۈلگەن مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ئىگە ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان مۇشۇنداق يۇقىرى مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى يالغۇز قورال كۈچى بىلەنلا تەلتۆكۈس يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىسلام دىنى يالغۇز بىر خىل ئۇستقۇرۇلما سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى بىر خىل يېڭى تۇرمۇش شەكلى سۈپىتىدىمۇ شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە سىڭىپ كىرىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەممە مىراسلىرىنى ئىسلامىيەت روھىدا ئۆزگەرتىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يېڭى باسقۇچقا — ئىسلامىيەت باسقۇچىغا ئېلىپ كىردى. بۇنىڭدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان

ئالىملارنىڭ بىرى ئىسلام مائارىپى، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام مەدرىسلىرى بولدى.

خۇددى بارتولد ئېيتىپ ئۆتكەندەك: «X ئەسىردىكى ئىسلام مەدرىسلىرى ئىسلام دىنىنى تەرغىپ قىلىشنىڭ كۈچلۈك قورالى بولدى... بۇ مەدرىسلەر ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېلىپ بېرىلغان ئىسلام دىنى تەرغىباتى خەلىپىلىكنىڭ سىياسىي چېگرىسىدىن تاشقىرىدا تۇرغان ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا رايونلىرىدىكىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى.»[1]

شۇڭا ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىش سەۋەبلىرىگە توختالغاندا ئىسلام مەدرىسلىرىگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

## 1. ئىسلام مەدرىسلىرى

«مەدرىسە» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، دەرس ئۆتۈلىدىغان ئورۇن ياكى دەرسخانا دېگەن بولىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام دەۋرىدىن باشلاپ، ئومۇمەن، ئوتتۇرا ۋە ئالىي بىلىم يۇرتلىرى مەدرىسە دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

دىنىي مەكتەپلەر ئىسلام دۇنياسىدا دەسلەپ ئەرەبلەردە پەيدا بولغان. كېيىن ئايرىم مەسچىتلەر قېشىدا ئىلاھىيەت مەكتەپلىرى تەسىس قىلىنىپ مەدرىسە دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. بۇنىڭدا بۇددا ئىبادەتخانىلىرى يېنىدا قۇرۇلغان «ۋىخارا» دەپ ئاتالغان دىنىي بىلىم يۇرتلىرى ئۈلگە بولغان دېگەن پىكىرلەرمۇ بار.[2]

1065-يىلى سەلجۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ ئاتاقلىق ۋەزىرى نىزامۇلمۇلۇك باغداتتا «نىزامىيە» ناملىق رەسمىي مەدرىسە قۇرۇپ، ئۇنى دۆلەت نازارىتىدە ئۆلىمالار، مۇدەررىسلەر ۋە دۆلەت خادىملىرىنى تەربىيىلەيدىغان مۇستەقىل (يەنى مەسچىتلەردىن ئايرىلغان) تەلىم-تەربىيە ئورنىغا ئايلاندۇرۇپ، ئىسلام مەملىكەتلىرىگە ئۈلگە يارىتىپ بەردى. مۇشۇ مەدرىسىنىڭ ئاتاقلىق مۇدەررىسى، شۇ چاغدىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئاتاقلىق ئىلاھىيەت ئالىمى، پەيلاسوپى ۋە مائارىپ نەزەرىيىچىسى غەززالى ئىسلام مائارىپىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى ئىشلەپ چىققان. ئۇ «ئىلىمنىڭ مۇقەددىمىسى» ناملىق ئەسىرىدە مائارىپنىڭ بەش چوڭ مەسىلىسىنى يورۇتۇپ بەرگەن. بۇلار:

1. ئوقۇغۇچىنىڭ پەزىلىتى، 2. تەلىم-تەربىيىنىڭ پەزىلىتى، 3. ئەقىل-ئىدراك دەلىللىرى بىلەن ئوقۇتۇشنىڭ قىممىتىنى ئىسپاتلاش، 4. بىلىمنىڭ تۈرلىرى، 5. ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەزىپىلىرى.

ئۇنىڭ بۇ جەھەتلەردىكى بىرمۇنچە كۆز قاراشلىرى شۇ چاغلاردىكى ياۋروپا مائارىپچىلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇراتتى.[3]

سامانىيلار ۋە قاراخانىيلار دەۋرلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا تەسىس قىلىنغان مەدرىسلەر ئەنە شۇ نىزامۇلمۇلۇك ۋە غەززالىلار تەرىپىدىن تەشكىلىي ۋە ئىلمىي جەھەتتىن تاكامۇللاشتۇرۇلغان مەدرىسلەرنى ئۈلگە قىلىپ قۇرۇلغانىدى.

## 2 قاراخانىيلار دەۋرىدە قۇرۇلغان مەدرىسىلەر

قاراخانىيلارنىڭ چوڭ پايتەختى بالاساغۇندا قانداق مەدرىسىلەر بولغانلىقى ھەققىدە بىۋاسىتە مەلۇماتلار بەك ئاز. بارتولدنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتۈشىچە، 893-يىلى سامانىيلار تالاس شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندا، ئۇ يەردىكى چوڭ بىر خىرىستىيان ئىبادەتخانىسىنى مەسچىتكە ئايلاندۇرغان. بۇنىڭدىن تاشقىرى يەتتەسۇ رايونىدا قارلۇق ۋە ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ يەرلىك خانلىرى ئىسلام دىنىنى تېخى قوبۇل قىلمىغان چاغلاردىمۇ بۇ رايوندىكى جەند ۋە يېڭى كەنتكە ئوخشاش مۇسۇلمان سودىگەرلىرى توپلىشىپ ئولتۇرغان شەھەرلەردە ئىسلام مەسچىتلىرى ۋە دىنىي مەكتەپلەر بولغان. بۇغراخانلار ھەققىدىكى تەزكىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تاغىسى ئوغۇلچاق خاقان بولۇپ تۇرغان دەۋردە قەشقەر، ئاتۇشتىمۇ بىر ئىسلام مەسچىتى بولغان. بۇ مەسچىت ئاساسەن ئىسلام ئەللىرىدىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ دىنىي پائالىيەت ئورنى بولغان.④

بىزگە مەلۇم، شۇ دەۋرلەردە سەمەرقەند ۋە بۇخارالار بىلەن زىچ مەدەنىي مۇناسىۋەتتە بولغان يەتتەسۇدىكى ئاشۇنداق جايلاردىن بىرى بولغان فاراب شەھىرىدىن قاراخانىيلار سۇلالىسى مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرىلا تۈركىي خەلقلەردىن ئەبۇ نەسىر فارابى ۋە ئەبۇ ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىم فارابىغا ئوخشاش ئاتاقلىق ئىسلام پەيلاسوپلىرى ۋە تىلشۇناسلىرى يېتىشىپ چىققان.

قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەردە قۇرۇلغان مەدرىسىلەردىن ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغانلىرى تۆۋەندىكىلەر:

ساجىيە مەدرىسىسى (مەدرىسەئى ساجىيە) — جامال قارشى ئۆزىنىڭ «سوراھ لۇغىتىگە ئىلاۋە» ناملىق ئەسىرىدە بۇ مەدرىسە نامىنى تىلغا ئالىدۇ ۋە ئۆزى جەۋھەرىيىنىڭ «سىھاھ»⑤ لۇغىتىنى ئۇزۇن ئىزدەپ، ئاخىر سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەرىپىدىن قۇرۇلغان ساجىيە مەدرىسىنىڭ كىتابخانىسىدىن تاپقانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ.⑥

ساجىيە مەدرىسىسى قاراخانىيلاردىن كېيىن بولۇپمۇ نايمان شاھزادىسى كۈچلۈك ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە بىر مەزگىل ۋەيران قىلىنغان بولسىمۇ، چاغاتاي خانلىرىدىن بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋالىيسى مەسئۇد بەگ 1260-يىلى بۇ مەدرىسىنىڭ خارابىسى ئورنىغا «مەسئۇدىيە» مەدرىسىسىنى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا «سائادەت» كۇتۇپخانىسىنى سالدۇرغان. جامال قارشىنىڭ يېزىشىچە، بۇ مەدرىسىگە «ھەممە ئەقلىملاردىن ھەر يىلى مىڭلاپ ئوقۇغۇچىلار كېلىپ بىلىم ئالغان. بۇ يەردە يالغۇز ئىلاھى بىلىملەرلا ئوقۇتۇلۇش بىلەن قالماي، ئارىستوتىل، سوقرات، فارابى، ئىبنى سىنا ۋە خارەزمى پەلسەپىلىرىمۇ ئوقۇتۇلغان.»⑦

ھەمىدىيە مەدرىسىسى — قەشقەر دۆلەتباغدىكى ھەمىدىيە مەدرىسىسىمۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىن تارتىپ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئاتاقلىق مەدرىسە. مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»دا ئۇستازىم دەپ تىلغا ئالغان «ھۈسەيىن ئىبنى خەلەف قەشقەرى» (بۇھەقتە تۆۋەندە توختىلىمىز) مۇدەررىسلىك قىلغان بۇ مەدرىسە قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىدىن

ۋە باشقا ساھەدىكى ئادەملەردىن نۇرغۇن ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان.

مەھمۇدىيە مەدرىسىسى — قاراخانىيلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى يازلىق سەيلىگاھى بولغان ئوپالدا، مەھمۇت قەشقەرى مازارى يېنىدا «مەھمۇدىيە مەدرىسىسى» ناملىق بىر مەدرىسە خارابىسىمۇ بار.

مەزكۇر مازار تەزكىرىسىدىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بۇ مەدرىسە قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. مەھمۇت قەشقەرى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا باغداتتىن قايتقاندىن كېيىن، مۇشۇ مەدرىسىدە سەككىز يىل مۇدەررىسلىك قىلىپ، نۇرغۇن ئۆلىمالارنى يېتىشتۈرۈپ «ئىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم» دېگەن شەرەپلىك نام ئالغان.⑧

قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەردە قۇرۇلغان مۇشۇ مەدرىسلەر، ئۆز دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەر خىل ئالىملار، شائىرلار ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئىلمىي مەركەزلەرگە ئايلانغان. شۇڭا جامال قارشى ئۆز دەۋرىدىكى قەشقەرنى: «ئىسلام دىيارى، ئەزىزلەر يۇرتى، مەشھۇر زاتلارنىڭ پائالىيەت سەھنىسى، ئىبىلزادە ئەمىرلەرنىڭ ماكانى، ئۇلۇغ ئالىملار تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەر-قەشقەر ئۆز دەۋرىدە بەك ئاۋات شەھەر بولغان» دەپ يازىدۇ.⑨

باشقا تارىخچىلارمۇ ئۆز دەۋرىدە قەشقەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زور مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتىدۇ.

قەشقەردىكى مەدرىسە بىنالىرى ئادەتتە خاقانلار، مەشھۇر ۋەزىرلەر ۋە يۇقىرى تەبىقە ئادەملىرى (ۋاڭلار، چوڭ بەگلەر، چوڭ بايلار) تەرىپىدىن سېلىنغان. مەدرىسلەرنى تەمىنلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى سالغۇچىلار مەخسۇس ۋەخپىلەر تەيىن قىلغان. مۇنداق ۋەخپىلەر تېرىلغۇ يەرلەر، كارۋانسارايلار ياكى رەستىلەردىكى دۇكانلارغا ئوخشاش يەر مۈلۈكلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، مۇدەررىسلەر شۇ ۋەخپىلەرنىڭ كىرىمى بىلەن تەمىن قىلىنغان. ئوقۇغۇچىلار ئاساسەن ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇغان، ئايرىم قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا مەدرىسە ۋەخپىسىدىن ياردەم قىلىشمۇ بىر خىل ئادەت تۈسىگە كىرگەن.

ئاتاقلىق مەدرىسە بىنالىرى (بولۇپمۇ خاقانلار، مەشھۇر ۋەزىرلەر تەرىپىدىن سېلىنغان مەدرىسە بىنالىرى) خېلى ھەشەمەتلىك بولغان.

ئادەتتە چوڭ مەدرىسلەردە نۇرغۇن ئادەم سىغىدىغان دەرسخانىلەر، مۇدەررىسلەر دەم ئېلىش ئۆيى، ئوقۇغۇچىلار ياتىدىغان كەم دېگەندە 30 - 40 ھۇجرا بولغان. ھەربىر ھۇجرىدا 8 — 10 تالىپ يېتىپ ئوقۇغان.

مەدرىسلەردە يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە سەرراپ — ھامام، ئاشخانا، يېمەكخانا ۋە ئومۇمىي ھاجەتخانىلارمۇ سېلىنغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مەسچىت ۋە مەدرىسە بىنالىرى ئارخىتېكتۇرا جەھەتتىنمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. چىڭگىزخان دەۋرىدە بۇ يەردىن ئۆتكەن جۇڭگو ساياھەتچىسى چاڭچۇن جىزىن مۇنداق بىنالارنىڭ بەك كۆركەم ئىكەنلىكىنى،

تاملىرى پىششىق خىشتىن سېلىنىپ، رەڭلىك كاھىشلار بىلەن يېپىلغانلىقىنى، دېرىزىلىرىگە رەڭلىك ئەينەكلەر قويۇلغانلىقىنى كۆرگەن.⑪ بۇ بىنالارنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ئۇتۇقلىرى مۇجەسسەملەشكەن. مەدرىسە تاملىرى ۋە ئىشىك-دېرىزىلەر ئۆز دەۋرىدە بۇددا مىلىك ئۆيلىرىنى بېزەشتە زور ماھارەت ھاسىل قىلغان خەلق نەققاشلىرىنىڭ نەقىشلىرى ۋە ئىسلام خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ گۈزەل نەمۇنىلىرى بىلەن زىننەتلەنگەن.

قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەردە سېلىنغان مۇنداق مەدرىسە بىناكارلىقى كېيىنكى دەۋرلەردە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا سېلىنغان مەدرىسە بىناكارلىقىدىمۇ بىر خىل ئەنئەنە بولۇپ داۋام قىلغان. بولۇپمۇ چاغاتاي دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋالىيسى بولۇپ تۇرغان مەسئۇد بەگ تەرىپىدىن قەشقەردە سېلىنغان «مەسئۇدىيە» مەدرىسىسى بۇ خىل بىنالارنىڭ ئەڭ كۆركەملىرىدىن بولغان.

### 3. ئىسلام مەدرىسلىرىدە ئوقۇتۇلغان دەرسلەر ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى

قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەردە قۇرۇلغان مەدرىسلەردە قانداق دەرسلەر ئوقۇتۇلغانلىقى ھەققىدە بىۋاسىتە تارىخىي خاتىرىلەر بەك ئاز. ئەمما بۇ مەدرىسلەرگە ئۈلگە بولغان باغدات ۋە بۇخارا مەدرىسلىرىدە ئوقۇتۇلغان دەرسلەر ۋە كېيىنكى چاغلاردا قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئوقۇتۇلۇپ كېلىۋاتقان دەرسلەرگە ئاساسەن ئۇ چاغدىكى قەشقەر مەدرىسلىرىدە قانداق پەنلەر ئوقۇتۇلغانلىقى ھەققىدە ئومۇمىي بىر چۈشەنچىگە كېلىش تەس ئەمەس.

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى دىنىي مەكتەپلەر ۋە ئىسلام مەدرىسلىرى ئالدى بىلەن دىنىي تەلىم-تەربىيە ئورنى بولغان. خۇددى ئىبنى خەلدۇن (1332 — 1406) ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ئىسلام مەكتەپلىرىدە ئىسلام دىنى ۋە قۇرئان بارلىق ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنىڭ مەركىزى قىلىنغان. بارلىق دىنىي ۋە دۇنياۋى دەرسلەر مۇشۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلغان. بۇ ئىسلام مەكتەپلىرىدىكى تەلىم-تەربىيىنىڭ ئاساسىي تەرىپى. لېكىن ئىسلام مەكتەپلىرىدە مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئەڭ ياخشى ئادەملەر ئۇ دۇنيانى دەپ بۇ دۇنياغا سەل قارايدىغان ياكى بۇ دۇنيانى دەپ ئۇ دۇنياغا سەل قارايدىغان ئادەملەر بولماستىن، ھەر ئىككى دۇنيا ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئادەملەردۇر» دېگەن تەلىمىگە ئاساسەن، مەدرىسلەردە بۇ دۇنيا ئۈچۈن كېرەكلىك بىلىملەرگىمۇ خېلى زور ئورۇن بېرىلگەن. بولۇپمۇ ئىسلامىيەت تېخى خۇراپات پاتقىقىغا پېتىپ قالمىغان X-XV ئەسىرلەردە ئەھۋال شۇنداق بولغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ھەممە يېزا ياكى مەھەللىدە بىردىن دىنىي مەكتەپ ۋە شەھەرلەردە مەدرىسلەر ئېچىلغان.

باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپلەردە ئاساسەن خەت تونۇتۇش ۋە قۇرئان ساۋاتى چىقـ

رىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلغان. ئاندىن دىنىي ئەقىدە (ئەقائىدى ئىسلامىيە) ساۋادى بېرىلگەن، شۇنىڭدەك ئەدەبىياتتىن، ئاساسەن تۈركىي تىلدىكى ئەدەبىياتتىن دەسلەپكى ساۋات بېرىلگەن.

بۇنداق باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپلەردە دەرس مەسچىت يېنىدا ياكى موللىلارنىڭ هويلا ۋە ئۆيلىرىدە ئوقۇتۇلغان. ئوغۇل-قىزلار ئارىلاش ئوقۇغان.

شۇندىن كېيىن بالىلار ئۆز ئەھۋالىغا ۋە ئىستېداتىغا قاراپ مەدرىسىلەرگە كىرىپ ئوقۇغان.

مەدرىسىلەردە تۆۋەندىكى دىنىي ۋە دۇنياۋى دەرسلەر ئوقۇتۇلغان:

1) ئىسلام قانۇنىغا ئائىت دەرسلەر: قۇرئان تەپسىرى، ھەدىس، فىقھە (بۇ دەرسلەردە ئاساسەن قۇرئان ۋە ئىسلام شەرىئىتىدىن بىرقەدەر تەپسىلىي بىلىم بېرىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان).

2) تىل ۋە ئەدەبىيات دەرسلىرى: تىلدا ئاساسەن ئەرەب تىلى فونېتىكىسى (شىپاھىيە)، مورفولوگىيىسى (سەرف)، سىنتاكسىسى (نەھۋ) ئوقۇتۇلغان. ئەرەب تىلى ئىسلام دۇنياسىدا دىن ۋە ئىلىم-پەن تىلى بولغاچقا، مەدرىسىلەردە بۇ تىلغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن. شۇنىڭغا قوشۇپ پارس تىلىمۇ مۇھىم بىر دەرس قىلىپ ئۆتۈلگەن. بولۇپمۇ ئەدەبىياتتا پارس تىلى ئاساسىي تىل قىلىنغان. تۈركىي تىل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئانا تىلى بولغاچقا، ھەممە دەرسلەرنى چۈشەندۈرگەندە بۇ تىلغا مۇراجىئەت قىلماي بولمىغان. شۇڭا ئەرەب ۋە پارس تىللىرى تۈركىي تىلغا سېلىشتۇرۇپ ئۆتۈلگەن.

ئەدەبىيات بويىچە: پەساھەت ئىلمى، بەلاغەت ئىلمى، ئەرۇز ئىلمى، يازغۇچىلىق ۋە خەتتاتلىق دەرسلىرى ئۆتۈلگەن. تەرجىمانلىق ۋە تارىخ دەرسلىرىمۇ ئەدەبىياتنىڭ بىر تۈرى قىلىپ ئوقۇتۇلغان.

3) رىيازىيەت بويىچە: ھېساب، ھەندەسە (گېئومېترىيە)، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، ئەلجەبىر (ئالگېبرا)، مۇزىكىشۇناسلىق دەرسلىرى ئوقۇتۇلغان.

4) ھېكمەت بويىچە: ھېكمەت (پەلسەپە)، مەنتىق (لوگىكا)، ئىلاھىيەت، مېتافىزىكا، كىمىيا، تىبابەت، جۇغراپىيە ئىلىملىرى ۋە سىياسەت، ئەخلاق، ئائىلە باشقۇرۇش دەرسلىرىمۇ بىر خىل ئىلىم سۈپىتىدە ئوقۇتۇلغان.

بۇلاردىن باشقا مالدوختۇرلۇق، زىرائەتچىلىك دەرسلىرىمۇ قوشۇمچە قىلىپ ئوقۇتۇلغان.

چوڭ شەھەرلەردىكى مەدرىسىلەر يېنىدا كۇتۇپخانىلار، شىپاخانىلار، بەزىدە رەسەتخانىلارمۇ قۇرۇلغان بولۇپ، مۇدەررىسلەر دەرس ئۆتكەندىن تاشقىرى بۇ ئورۇنلاردا ئۆز كەسىپلىرى بويىچە ئىلمىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بارغان.

مەدرىسىلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىرقەدەر ئاددىي بولۇپ، مۇدەررىس مۇنبەردە ئولتۇرۇپ دەرس ئۆتسە (ئادەتتە كىتابتىن بىر ئابزاس ئوقۇپ، ئۇنى ئىزاھلاش ئۇسۇلى بىلەن)، ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ ئالدىدا ھالقا تەشكىل قىلىپ ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلاپ، مۇدەررىس سۆزلىگەن نەرسىلەرنى ئەستە قالدۇرغان ۋە ياد ئالغان. يۇقىرى سىنىپلاردا

دەرس داۋامىدا بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە سوئاللار قويۇلۇپ، مۇنازىرىلىشىشمۇ مەدرىسە دەرسلىرىنىڭ بىر شەكلى بولغان. مۇنداق مۇنازىرىلەرگە مۇدەررىس ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا كىشىلەر چەتتىنمۇ قاتنىشىدىغان بولۇپ، ھالقىدا بۇلار ئۈچۈن مەخسۇس ئورۇن ئاجرىتىلغان. بەزى مۇنازىرىلەر ناھايىتى كەسكىن تۈس ئېلىپ، ئىككى تەرەپ ياقا سىقىشىدىغان دەرىجىگە يەتكەن. لېكىن ئاخىر يەنە سۆلھى بىلەن ئاياغلىشىدىغان بولغان. ئوقۇغۇچىلار بىر مۇدەررىسنىڭ دەرسىنى تولۇق ئىگىلەپ بولسا ياكى ئۇنىڭ دەرسىدىن قانائەت ھاسىل قىلمىسا، باشقا مۇدەررىسلەرنىڭ دەرسىگە يۆتكىلىپ ئوقۇغان (بۇ ھال، ھازىرقى داشۆلەردىكى تاللاپ ئوقۇلىدىغان دەرسلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ).

مەدرىسلەردە ئوقۇش مۇددىتى چەكلەنمىگەن. ئوقۇش ئادەتتە، 15 — 20 يىل داۋام قىلغان. ئىستېداتلىق ئوقۇغۇچىلار بىر مەدرىسىدە مەلۇم مۇددەت ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆزى تاللىغان پەن بويىچە بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن، باشقا شەھەرلەردىكى ئاتاقلىق مۇدەررىسلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىلىمىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلاردىن پەتىۋا ئالغان (ئىلمىي ئۇنۋان ئالغان). ئادەتتىكى تالىپلار مەدرىسىدە 15 — 20 يىل تۇرسىمۇ تۈزۈك بىلىم ئىگىلىيەلمەي، قۇرۇق ئىبارە يادلاپ «موللا» بولۇپ قايتقان.

مەدرىسلەردە ئوقۇتقۇچىلار مۇئەللىم، مۇئەددىپ (ئەدەب-قائىدە ئۆگەتكۈچى)، مۇدەررىس، شەيخ ۋە ئىمام دېگەندەك دەرىجىلەرگە بۆلۈنگەن.

## 4. قەشقەر مەدرىسلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن مەدەنىي مۇھىت

قەشقەردىكى ئىسلام مەدرىسلىرى شۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادا سامانىيلار دەۋرىدە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن ئىسلام مەدەنىيىتى تۈرتكىسىدە مەيدانغا كەلگەن. بۇنىڭدا بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك خەلقلەردىن يېتىشىپ چىقىپ، ئىسلامىيەت دۇنياسىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ئالىملارنىڭ تەسىرى بەك چوڭ بولغان.

شۇڭا بىز سۆزنى ئالدى بىلەن سامانىيلار دەۋرىدىن باشلايمىز.

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام مەدرىسلىرى دەسلەپ سامانىيلار دەۋرىدە (892 — 999) زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. ئىرانلىقلارنىڭ مىللىي دۆلىتى بولغان سامانىيلار باغداتتا ئەرەبلەرگە ماسلاشتۇرۇپ قۇرۇلغان ئىسلام مەدرىسلىرىنى ئۆز مىللىتىنىڭ (يەنى ئىرانلىقلارنىڭ) ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇپ، ئالدى بىلەن دارى (پارس) تىلىنى ئەرەب تىلى بىلەن بىر قاتاردا دۆلەت تىلى قىلىپ بەلگىلىگەن. مەدرىسلەردە ئىلاھىيەت، پەلسەپە ۋە رىيازىيەتتە ئەرەب تىلى ئىشلىتىلگەندىن تاشقىرى باشقا پەنلەردە بولۇپمۇ ئەدەبىيات-سەنئەتتە پارس تىلى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. يۇنان، ھىند ۋە سۈرىيە تىللىرىدىن ئۆرگۈنلىغان پەلسەپە، تىبابەت، رىيازىيەت (ماتېماتىكا)، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىندى ۋە بۇ ئەسەرلەردىكى كۆز قاراشلارنى شەرھلەيدىغان نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلدى. ۋەشۇ مۇناسىۋەت

بىلەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلام دىنى ئىلاھىيەت نەزەرىيىسى ئىچىگە يۇنان پەلسەپىسىنىڭ ماتېرىيالىستىك خاھىشقا ياتىدىغان ئەقلىيىلىك (راتسىئوناللىق) ئامىللىرى كىرىشكە باشلىدى.[11]

بۇ جەھەتتە سامانىيلار (كېيىنرەك، قاراخانىيلار) دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىدىن يېتىشىپ چىققان مۇنۇ ئالىملارنىڭ رولى بەك چوڭ بولدى:

ئەبۇ نەسىر فارابى (870 — 950) — دەسلەپ قارلۇق خانلىقىغا، كېيىن قاراخانىيلارغا تەۋە بولغان فاراب (ئوترار) شەھىرىدە تۇغۇلغان. فارابىتىكى ئىسلام مەدرىسلىرىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا تەھسىلنى تۈگىتىپ، بۇخارا، ئىران، باغدات قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ ئۈچ تىلنى — تۈركىي، پارس، ئەرەب تىللىرىنى مۇكەممەل بىلىپ تولۇق سۆزلىيەلىگەن ۋە ئەسەر يازالىغان. يۇنان، لاتىن، سانسكرىت تىللىرىنىمۇ ئوبدان بىلگەن. يۇنانچىدىن ئەرەبچىگە بىر مۇنچە ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. پەلسەپە، جۇغراپىيە، زوئولوگىيە، تىبابەتچىلىك، مۇزىكىشۇناسلىق بويىچە ئۇزۇن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، 120 دىن ئارتۇق چوڭ ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ بولۇپمۇ ئارستوتېل ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، «ئىككىنچى ئارستوتېل» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولغان. فارابى شۇ دەۋردە ئىسلام ئىلىم دۇنياسىدا كەسكىن كۈرەش قىلىۋاتقان ئىككى خىل ئىدېئولوگىيە ئېقىمىدىن بىرى بولغان ئەقلىيىلىك (راتسىئوناللىق) ئېقىمىنىڭ يېتەكچىسى بولغان.

فارابىنىڭ كۆز قاراشلىرى ئىبن سىنا، بىرونى، ئەبۇلۋەفا بوزجانى، ئۆمەر ھەييام، روداكى، فىردەۋسى، مەھمۇت قەشقەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ دۇنيا قاراشلىرىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ مۇزىكىشۇناسلىق تەلىماتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.[12]

ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا (980 — 1037) — ئىبن سىنا سامانىيلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى بۇخارادا تۇغۇلغان. ٩٩٩ - يىلى قاراخانىيلار سامانىيلارنى يوقىتىپ، ماۋەرائۇننەھرنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، شۇ قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۆز ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. ئىبن سىنا پەلسەپىدە فارابى باشلىغان ئەقلىيىلىك ئېقىمىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، پەلسەپە، تەبىئەت پەنلىرى، بولۇپمۇ، تىبابەت ساھەسىدە ناھايىتى زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئەششىفا» (كىتابى شىفا)، «ئەلقانۇن» (تىبابەت قانۇنلىرى)، «دانىشنامە» دېگەنگە ئوخشاش تىببىي ۋە پەلسەپە ئەسەرلىرى بىلەن پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ تىبابەتچىلىك ئىلمىگە، شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمىگە ئاساس سالغان. دۇنيا تىبابەت ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئىسلام پەلسەپىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.[13]

ئەبۇ رەيھان بىرونى (973 — 1050) — خارەزمنىڭ پايتەختى بولغان قىيات شەھىرى يېنىدىكى بىر يېزىدا تۇغۇلۇپ، ئافغانىستاندىكى غەزنە شەھىرىدە ۋاپات بولغان. ئەبۇ رەيھان بىرونى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەنە بىر ئاتاقلىق ئالىمى، مەشھۇر ئاسترونوم، ماتېماتىك، جۇغراپىيىچى، گېئولوگ، پەيلاسوپ، فىلولوگ، تارىخچى، ئېتنوگراف،

دورىگەر ۋە شائىردۇر. بىرونى «الاثارۇلباقىيە عن القرۇن الخالىيە» («بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئىزلار، بىزگە يەتكەن سۆزلەر») ناملىق ئوتتۇرا ئەسىر ئىلمىلىرى ئېنسىكلوپېدىيەسىنى يازغان، «ھىندىستان»، «ئېسىل تاشلار»، «مەسئۇد جەدۋەللىرى»دېگەنگە ئوخشاش 150 تىن ئارتۇق ئەسەر قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇلاردىن 45 پارچىسى ئاسترونومىيە ۋە ماتېماتىكىغا بېغىشلانغان. بىرونى گالىلېيدىن 500 يىل ئىلگىرى دۇنيا قۇياشنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدۇ، دېگەن تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويغان؛ نيۇتوندىن 600 يىل ئىلگىرى جىسىملارنىڭ يەرگە قاراپ تارتىلىش قانۇنىنى كەشپ قىلغان. دۇنيا ماددىدىن ئىبارەت، ماددىلار دائىم ھەرىكەت ۋە ئۆزگىرىش جەريانىدا بولىدۇ، دېگەن ئىلمىي كۆز قارىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بىرونى تىللارنى «ياخشى تىل»، «يامان تىل» دەپ بۆلۈشكە بولمايدۇ، ھەر بىر خەلق ئۆز تىلىنى ياخشى دەپ تونۇيدۇ، چۈنكى ئۇ شۇ تىلغا ئادەتلىنىپ كەتكەن، ئۇلار ئۆز تىلىنىڭ ئۆز ھاجىتىدىن چىقالىشىغا ئىشىنىدۇ، شۇڭا تىللارنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇقچىلىقى يوق، ئادەمزاتنىڭ ھەممىسى بىردەك دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. بىرونىنىڭ تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى بۇ خىل كۆز قاراشلىرى شۇ دەۋردە بىر قىسىم ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئەرەب تىلىنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىدىغان كۆز قاراشلىرىنى رەت قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا پارس ۋە تۈركىي تىللارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە نەزەرىي ئاساس بولۇپ بەرگەن.⑭

X ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئىسلام ئىلاھىيەت تەلىماتى بىلەن ئارىستوتېل تەلىماتىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا تونۇشتۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئىسلام ئالىملىرى ئارىسىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان ئەقلىيىلىك (راتسىئونالىزم) تەلىماتى ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش يۇقىرىقىدەك مەشھۇر ئالىملارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن.

ئەلۋەتتە، بۇ دەۋردە ئەنئەنىۋى ئىسلام ئىلاھىيەت ئىلمى تەرەپدارلىرىمۇ جىم ياتمىغان. ئۇلارمۇ ھۆكۈمدارلار ئارىسىدىن ئۆز تەرەپدارلىرىنى تېپىپ، ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن چاغلاردا، ھەر تۈرلۈك باھانىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، يۇقىرىقىدەك ئىلغار پىكىرلىك ئالىملارنى خۇدادىن يۈز ئۆرىگەنلەر دەپ ئارىدىن سۈپۈرۈپ چىقارماقچى بولغان. بولۇپمۇ ئۇلارنى ياقلايدىغان ھۆكۈمدارلار تەختكە چىققاندا شۇنداق قىلغان. لېكىن باغداتتا نىزامۇلمۇلۇك، ئوتتۇرا ئاسىيادا ساماني پادىشاھلىرى ۋە قاراخانىي خاقانلىرى ئىچىدىكى پىكرى ئوچۇق ھۆكۈمدارلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا يۇقىرىقىدەك ئىلغار پىكىر ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئالىملار ئۆز تەلىماتلىرىنى كەڭ تەرغىپ قىلالىغان.

XI ئەسىردە يېزىلغان نىزامى ئەروزى سەمەرقەندىي ئۆزىنىڭ «مەجمەئۇننەۋادىر» («نادىر ھېكايىلار») ناملىق ئەسىرىدە سامانىيلار ۋە قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىلىم-مەرىپەتكە ھامىيلىق قىلغان ساماني پادىشاھى ئەمىر ئىسمائىل ساماني، غەربىي قاراخانىيلار خاقانى خىزىرخان قاتارلىق بىرمۇنچە ھۆكۈمدارلارنى ۋە ئۇلار ئۆز ئەتراپىغا توپلىغان يۈزلىگەن پەيلاسوپ، ئاسترونوم، يازغۇچى-شائىرلارنى ۋە تېبابەت ئالىملىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ.

مانا مۇشۇنداق مەدەنىي ئارقاكۆرۈنۈش ئاساسىدا قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇر شەھەرلە-

رىدە قۇرۇلغان ئىسلام مەدرىسلىرى بۇددا دىنىنىڭ خۇپىيەچىلىك مەزھىپى تۈپەيلىدىن ئەنئۈي چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پېتىپ قالغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تامامەن يېڭى بىر مەنىۋى دۇنيا ئەكەلدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا يالغۇز يېڭى بىر خۇدالىق دىنىي ئېتىقادىنىلا ئەكىلىش بىلەن قالماي، بەلكى يېڭى بىر مەدەنىيەتنىمۇ ئەكەلدى.

## ٥. قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان مۇدەررىسلەر

قەشقەر مەدرىسلىرى دەسلەپ قۇرۇلغان چاغلاردا مۇدەررىس بولغان ئالىملار ئەنە شۇ سامانىيلار دەۋرىدە بۇخارا، سەمەرقەنت ۋە باغداتتا يېتىشكەن ئالىملار ئىدى. بۇلاردىن ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغانلىرى تۆۋەندىكىلەر:

ئەبۇ نەسىر سامانىي (ۋاپات بولغان ۋاقتى ھىجرى 350 - يىلى)— سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننى ئىسلامىيەتكە دەۋەت قىلغان بۇ ئالىم ھەققىدىكى تەزكىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ كىشى قەشقەر ئاتۇشتا دەسلەپ مەدرىسە تەشكىل قىلغان ۋە 7 مىڭ كىشىنى مۇسۇلمان قىلىپ، 70 كىشىنى ئوقۇتۇپ كامالەتكە يەتكۈزگەن (بۇلار ئاساسەن خانزادىلەر ۋە دۆلەت ئەربابلىرىدىن ئىبارەت بولغان)؛ 50 تىن ئارتۇق ئالىم تەربىيەلەپ چىققان.[15] ئەبۇ نەسىر سامانىي تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئىسلام تەرغىباتى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۆز يۇرتىدىكى چاغدىلا تۈركىي تىلىنى پۇختا ئۆگەنگەن. شۇڭا ئۇنىڭ دىن تارقىتىش ۋە مۇدەررىسلىك پائالىيىتى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولغان.

ئوبۇلھەسەن سەيىد ھاتەم ۋە سەيىد جالالىدىن باغدادى — بۇ ئىككى ئالىم مىلادى 950 - يىلى قەشقەرگە كېلىپ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننى ئىسلام دىنىغا ئۈندەشكە قاتناشقان. كېيىن ئاساسەن ساجىيە مەدرىسىدە ئىلاھىيەت ئىلمىدىن دەرس ئۆتۈپ نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۈرگەن.

ھۈسەيىن ئىبىن خەلەف قەشقەرى — مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ئۇستازىم» دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان «شەيخ ئىمام زاھىد ھۈسەيىن ئىبىن خەلەف قەشقەرى» ھەمىدىيە مەدرىسىدە ئۇزۇن مۇددەت مۇدەررىسلىك قىلغان. جامال قارشى بۇ ئادەمنى ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئىلاھىيەت ئالىمى ۋە مۇسەننىفى (يازغۇچىسى) دەپ تەسۋىرلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ قۇرئان تەفسىرلەپ، ھەدىس شەرھلەپ يازغان ئەسەرلىرى زور ھۆرمەت قازانغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ.[16] تاجۇلئىسلام سەمئانىمۇ ئۆزىنىڭ «كىتابۇلئەنساپ» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ئادەمگە يۇقىرى باھا بەرگەن. بۇ زات ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ 1093 - يىلى 120 يېشىدا ۋاپات بولغان. قاراخانىيلارنىڭ بىرقانچە خاقانلىرى بۇ زاتنى «دۇئاگۇيىمىز» دەپ ھۆرمەت قىلغان.

مەھمۇت قەشقەرى ھەققىدىكى تەزكىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مەھمۇت قەشقەرى دەسلەپكى تەلىمنى ئوپالدىكى دىنىي مەكتەپتە ئالغاندىن كېيىن، يۇقىرى مەلۇماتنى ئەنە شۇ ھۈسەيىن ئىبىن خەلەف قەشقەرىدىن ئالغان. مەھمۇت قەشقەرىدەك، ئەرەب،

پارس، تۈرك تىللىرى بويىچە ناھايىتى چوڭقۇر مەلۇماتقا ئىگە بىر ئالىمنى يېتىشتۈرگەنلىكىگە قارىغاندا، ھۈسەيىن ئىبىن خەلەف قەشقەرى ئۆز دەۋرىنىڭ ھەممە پەنلىرىدىن، بولۇپمۇ، ئەرەب تىلشۇناسلىق ئىلمىدىن چوڭقۇر مەلۇمات ئىگىسى بولغان ئىستىبداتلىق مۇدەررىس ئىكەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن ئايدىڭ بولۇپ تۇرۇپتۇ.

جامالىددىن قەشقەرى — X ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەردە ئۆتكەن داڭلىق مۇدەررىسلەرنىڭ بىرى. ھەر خىل پەنلەردىن ناھايىتى كەڭ مەلۇمات ئىگىسى بولغان بۇ زات قەشقەردە يېتىشىپ چىققان نۇرغۇن ئالىملارنىڭ ئۇستازى ھېسابلانغان.

ئىمادىددىن قەشقەرى — X ئەسىر باشلىرىدا قەشقەر «ساجىيە» مەدرىسىسىدە يېتىشىپ چىققان بۇ ئالىم بولۇپمۇ تىبابەت ساھەسىدە ئۆز دەۋرىدە بەك زور ئابروي قازانغان. ئۇ بىر تەرەپتىن، ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنانىڭ تىبابەت ئىلمىنى داۋاملاشتۇرغۇچى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىبابىتىنىڭ ئۇتۇقلىرىنىمۇ تەتقىق قىلىپ (ئۇنىڭ «چوپى چىنى رىسالىسى» بۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ)، ئۇيغۇر ئىسلام تىبابىتىنى قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىبابىتى ئۇتۇقلىرى بىلەن بېيىتىپ، تىبابەت ساھەسىدە ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن. ئىمادىددىن قەشقەرى تەرىپىدىن يېزىلغان «شەرھى ئەلقانۇن» دېگەن داڭلىق ئەسەر قاراخانىيلار تەرىپىدىن دۆلەتنىڭ ساقلىقنى ساقلاش دەستۇرى قىلىپ بېكىتىلگەن.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئىمادىددىن قەشقەرى ئەبۇبەكرى مۇھەممەت رازىنىڭ «دائىرەتۇلمەئارىف تىببىيە»، «كىتابۇششاھىد»، «كىتابۇلھاۋى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى، ئىبىن سىنانىڭ «ھېكمەتۇلئەلا»، فارابىنىڭ، «ئىھسائۇلئۇلۇم» دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلىرىنى شەرھلەپ ئەسەرلەر يېزىپ، ھەرقايسى جايلاردىن قەشقەرگە كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان شاگىرتلىرى ئارقىلىق پۈتۈن شەرق ئەللىرىگە تونۇشتۇرۇشتا بەك چوڭ رول ئوينىغان.

ئىمادىددىن قەشقەرى ساجىيە مەدرىسىسى يېنىدا تەسىس قىلىنغان دۆلەت شىپاخانىسىدا تىبابەت ساھەسىدە، بولۇپمۇ جەرراھلىق (خىرۇرگىيە) ساھەسىدە ئەمەلىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ۋە تېۋىپلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئۇيغۇر تىبابەت ئىلمى ۋە تىببىي ماھارىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالغان.⑰

ئابدۇغاپپار بىننى ھۈسەيىن قەشقەرى (تۇغۇلغان ۋاقتى مەلۇم ئەمەس، ۋاپات بولغان يىلى ھىجرى 476)—ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق مۇدەررىسى ۋە تارىخچىسى.⑱ ئابدۇغاپپار بىننى ھۈسەيىن قەشقەرى قەشقەر مەدرىسلىرىدە يېتىشىپ، شۇ مەدرىسلەردە بىر تەرەپتىن دەرس بېرىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، «قەشقەر تارىخى»، «ئۇستازلارنىڭ توپلانغان جايى» ناملىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى ئۆز دەۋرىدە ناھايىتى زور ئابروي قازانغان. ئەپسۇسكى، قاراخانىيلار تارىخىدىن ئەينەن مەلۇمات بەرگۈچى بىردىنبىر ئاساسىي مەنبە بولغان بۇ ئەسەر بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. بۇ ئەسەرنىڭ بىرمۇنچە ئۈزۈندىلىرى جامال قارشىنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق بىزگە مەلۇم.

مۇھەممەد بىننى رەشىد بىننى ئەلى قەشقەرى (تۇغۇلغان ۋاقتى مەلۇم

ئەمەس، 1083-يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغان) — XI ئەسىردە ئۆتكەن بۇ ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى ۋە تىبابەتچىسى، ئىمادىددىن قەشقەرىنىڭ مەشھۇر شاگىرتلىرىدىن بولۇپ، ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر ئەمچىلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەجرىبىلىرى ئارقىلىق توپلانغان ئۈسۈملۈك، ھايۋانات ۋە مەدەنلەردىن ياسالغان تۈرلۈك دورىلارنى يەكۈنلەپ، ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا زور ھەسسە قوشقان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاق كېسەل، جىنسى ئاجىزلىقى كېسەللىكى، كۆز خىرەلىشىش كېسەللىكى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ناھايىتى مۇھىم.

### 6. مەدرىسلەرنىڭ ئوينىغان رولى

قاراخانىيلار دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان مەدرىسلەر تۆۋەندىكىدەك روللارنى ئوينىدى:

1. خان ئوردىلىرى يېنىدا تەسىس قىلىنغان مەدرىسلەر (ئادەتتە «خانلىق مەدرىسە» دەپ ئاتالغان مەدرىسلەر) خان جەمەتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى تەربىيىلىدى. ئۇلارغا ئادەتتىكى مەدرىسە دەرسلىرى ئوقۇتۇلغاندىن تاشقىرى، ئەمەلدار بولۇش ۋە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا زۆرۈر بولغان ئوردا ژە جەمئىيەت قائىدىلىرى (تۆرە قائىدىلىرى) ۋە باشقا مەدەنىيەت بىلىملىرى، بولۇپمۇ دەبىرلىك — باخشىلىق (كاتىبات ئىشلىرى) ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يېزىقچىلىق ۋە تارىخ بىلىملىرى ئوقۇتۇلغان. شۇ يول بىلەن خان ئوردىلىرى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان لاياقەتلىك دۆلەت خادىملىرى يېتىشتۈرۈلگەن. قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن يېتىشىپ چىققان داڭلىق خاقانلار، بولۇپمۇ ئىلىم-مەرىپەت ھامىيسى بولغان خاقانلار ۋە ۋەزىرلەر ئەنە شۇ مەدرىسلەردە تەربىيە كۆرگەن.

مۇنداق خاقانلارنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە كۆرگەن زور تەدبىرلىرىدىن بىرى، ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادا سامانىيلارنىڭ پارس تىلىنىڭ قەددىنى كۆتۈرگەنلىكىدىن ئۆلگە ئېلىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئەرەب ۋە پارس تىللىرىغا ئوخشاش ئىلىم ۋە ئەدەبىيات تىلى قىلىپ بېكىتكەنلىكى بولدى.

بىزگە مەلۇم، ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە كىتابلار مەجۇسىلىك كىتابلىرى دەپ قارىلىپ، ئۇلارنى ئوقۇش ۋە ئۇ تىلدا ئەسەر يېزىش پۈتۈنلەي مەنئى قىلىنغانىدى. ئەرەب قوماندانى قۇتەيبە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلىشتا ئىسلامىيەت ئۈچۈن ناھايىتى زور خىزمەت كۆرسەتكەن ئوخشمىن ناملىق بىر ئۇيغۇر قوماندانىنى بىر قەدىمكى ئۇيغۇرچە كىتابنى ئوقۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانىدى. شۇڭا قەشقەردە يېتىشكەن پىرخۇيلان (737—820)[11] غا ئوخشاش ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئەرەب-ئىسلام تەھدىتىدىن قورقۇپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە قېچىپ كەتكەن ۋە شۇ يەردە «نوم كىتابلىرىنىڭ ئوقۇلۇشى ۋە مەنىسى» ناملىق 100 جىلتلىق مەشھۇر كىتاب يېزىپ، ئۇنىڭدا بۇددا دىنى ئەسەرلىرىنى ئوقۇش قائىدىلىرىنى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈپ، بۇددا

دىنى ئەقىدىلىرىنى شەرھلىگەندىن تاشقىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ دەۋردىكى تۇرمۇش ئادەتلىرى، يېمەك-ئىچمەكلىرى ھەققىدىمۇ مەلۇماتلار بەرگەندى.

قاراخانىيلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن، گەرچە بۇددا دىنىغا قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما بۇددا دىنى ۋاقتىدا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئىسلامىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى.

مەدرىسلەرنىڭ بۇ ساھەدە كۆرسەتكەن ئەڭ زور تۆھپىسى شۇ دەۋردىكى ئەرەب تىلشۇناسلىقى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ھەممە ئۇتۇقلىرى بىلەن قوراللىنىپ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى، تارىخ ۋە ئېتنوگرافىيىسى قاتارلىق مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ۋە پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي كۆز قاراشلىرىنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بەرگەن مەھمۇت قەشقەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش ئالىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەنلىكى بولدى.

شۇ دەۋردىكى تۈركىي خەلقلەر ھاياتىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى دەپ تونۇلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتكە كىرگەندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ كۆركەم نامايەندىلىرىدۇر.

2. مەدرىسلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن يەنە بىر زور ئىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان شائىر ۋە يازغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەنلىكى بولدى. مەدرىسلەردە ئەرەب ۋە پارس ئەدەبىياتىنىڭ پەساھەت، بالاغەت ۋە ئارۇز ئىلىملىرى ساھەسىدە ئېرىشكەن نەزەرىيىۋى ئۇتۇقلىرى ۋە باي ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرى سىستېمىلىق ئوقۇتۇلۇپ كەلدى ۋە بۇ بىلىملەر ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەدەبىياتقا تەدبىق قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن تۈركىي تىلىدىكى ئەدەبىياتقا ئىلگىرى ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان بىرمۇنچە يېڭىلىقلار ئېلىپ كىرىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن بېيىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىغا ئوخشاش شاھانە ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى دەۋرى—ئىسلام دەۋرى باشلاندى. ئەھمەت يەسەۋى، ئەھمەت يۈكنەكى، نەسىرىددىن رەبغۇزى، سەككاكى، لۇتفى ۋە ئاتايىلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان ئەسەرلىرى بىلەن بۇ خىل ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇيغۇر ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ بۇ ئەنئەنىسى كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ داۋاملاشتۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەلىشىر ناۋايى ۋە ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭغان زور بىر تۈركۈم ئاتاقلىق ۋەكىللىرى مەيدانغا كەلدى. بۇلارنىمۇ ئىسلام مەدرىسلىرىنىڭ تەلىم-تەربىيىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

3. مەدرىسلەر تىبابەتچىلىك ساھەسىدە نۇرغۇن ئاتاقلىق ئالىم ۋە تېۋىپلارنى يېتىشتۈردى. تىبابەت ئىلمىدە ئەرەب ۋە پارس تىللىرى رەسمىي ئىلمىي تىل بولغاچقا، بۇ ساھەگە قەدەم قويغۇچىلار ئالدى بىلەن مەدرىسلەردە بۇ تىللارنى ئۆگىنىپ ۋە ئومۇمىي پەنلەردىن مەلۇم بىلىم ئاساسىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئاندىن مەخسۇس تىبابەت ئىلمىنى ئۆگىنەتتى. ئەنە شۇنداق يېتىشكەن ئۇيغۇر تىبابەت ئالىملىرى

ۋە تېۋىپلار زامانىۋى مېدىتسىنا يوق چاغلاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەرخىل كېسەللىكلەر ۋە ۋابالار بىلەن كۈرەش قىلىشىدا ناھايىتى زور ئەجايىپ رول ئوينىدى.

4. مەدرىسلەر ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن تارىخشۇناسلىق ئىلمىنىمۇ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىگە ئېلىپ كىردى. قەشقەر مەدرىسلىرىدە يېتىشكەن ئابدۇغاپپار بىننى ھۈسەيىن قەشقەرىنىڭ «قەشقەر تارىخى» ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە يېزىلغان جامال قارشى ۋە مىرزا ھەيدەرلەرنىڭ ئەسەرلىرى («سوراخ لۇغەتكە ئىلاۋە»، «تارىخىي رەشىدىيە» لەر) بۇ ساھەدە ئېرىشىلگەن ئۇتۇقلارنىڭ بىرقەدەر چوڭ ۋەكىللىرىدۇر. مەدرىسە مائارىپىدا جاھىلىيەت ئۈستۈنلۈك قازانغان دەۋرلەردە بۇ خىل تارىخىي ئەسەرلەر تۈرلۈك خۇراپىي ئەپسانىلەر قوشۇلۇپ چۈشكۈنلەشكەن بولسىمۇ، دۇنياۋى مەزمۇندىكى تارىخىي ئەسەرلەر ۋە تەزكىرىلەر يەنىلا داۋاملىق يېزىلىپ كەلدى.

5. مەدرىسلەردە فارابىنىڭ مۇزىكىشۇناسلىق ئەسىرى «مۇزىكا توغرىسىدىكى كىتاب» مۇ ئوقۇتۇلغان. بولۇپمۇ شائىرلار ۋە سەنئەتخۇمار ئۆلىمالار بۇ ئەسەرگە بەك زور ئېتىبار بەرگەن ۋە ئۇنى قىزىقىپ ئوقۇغان. شائىرلار ئۆز غەزەللىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ سازغا تەڭكەش قىلىپ ئوقۇش ئۆز دەۋرىدە بىرخىل يۈكسەك سەنئەتكە ئايلانغان. ئەنە شۇنداق شائىرلار ۋە مۇغەننىلەرنىڭ غەيرىتى بىلەن فارابى باشلاپ بەرگەن «مۇقام» چىلىق ئەنئەنىسى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتتى، قەدىمكى كۇچار، قەشقەر ۋە خوتەن مۇزىكىلىرى فارابىنىڭ مۇزىكا نەزەرىيىسى ئاساسىدا رەتكە سېلىنىپ، ئۇيغۇر مۇقامچىلىقى مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن XVI ئەسىرگە كەلگەندە ئۇيغۇر مۇقاملىرى بىر سىستېمىغا سېلىنىپ ھازىرقى «12 مۇقام» مەيدانغا كەلدى. بۇمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسىدۇر.[20]

6. مەدرىسلەر ئەرەب، پارس، ئۇيغۇر تىللىرى بويىچە تەرجىمە خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشكىمۇ بىرمۇنچە ھەسسە قوشتى. ئىسلام ئالىملىرىنىڭ غەيرىتى بىلەن ئالدى بىلەن XI ئەسىردە قۇرئان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. كېيىنكى دەۋرلەردە ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىن تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنغان ھەرخىل دىنىي، تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر (مەسىلەن، «كەلىلە، دەمنە»، «شاھنامە» لەرگە ئوخشاش) ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى.

7. قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەر مەدرىسلىرىدە دەبىرلىك (كاتىپلىق) مۇ بىر خىل سەنئەت دەپ قارىلىپ، بۇ ساھەدە ئادەم يېتىشتۈرۈشكىمۇ خېلى ئېتىبار بېرىلگەن. ھۆكۈمەت دىۋانلىرىدا كاتىبات ئىشلىرىنى ۋە دەپتەردارلىقنى باشقۇرىدىغان مۇنداق دەبىرلەر (قەدىمكى ئۇيغۇرچە «باخشىلار») ئۆز دەۋرىدىكى ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا بەك مۇھىم رول ئوينىغان. چىڭگىزخان دەۋرىدە، موڭغۇللار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان ھەممە مەملىكەتلەردە موڭغۇل ھۆكۈمدارلارنىڭ دىۋان ئىشلىرىنى ئەنە شۇنداق ئۇيغۇر باخشىلار ئىشلىگەن ۋە بۇ كەسىپ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر خىل

ئىمتىيازى بولۇپ قالغان.

8. ئەلۋەتتە، ئىسلام مەدرىسلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى يەنىلا دىنىي كەسىپ ئەھلىلىرىنى يېتىشتۈرۈش بولدى. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى قىلىنغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتى ھەرخىل دەرىجىدىكى دىنىي مۇئەسسەسىلەرنىڭ قاتتىق كونتروللۇقى ئاستىغا ئېلىنغان. ھەربىر مەمۇرىي بىرلىكتە (مەسىلەن، ناھىيىدە) بىردىن «شەرئىي مەھكىمە» قۇرۇلۇپ، مەھكىمە ئەزالىرى (ئادەتتە 5-6 كىشى) ئۆزئارا ئىنچىكە ئىش تەقسىم قىلىشىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز نازارىتى ئاستىغا ئالغان، سودا-سېتىق، قول ھۈنەرۋەنلىك، پۇل-مۇئامىلە، ئۆتنە-بېرىم، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم، ئەرز-شىكايەت ۋە سوت ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەنە شۇ «شەرئىي مەھكىمە» ئەزالىرى: ئەلەم ئاخۇنلار، مۇفتىلار، قازىلار، مۇھتەسىپلەر ئىدارە قىلغان، بۇلارغا يەنە مەسچىت ئىماملىرى، مازار شەيخلىرى، سۇپارخانلار، مەدرىسە ۋە دىنىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇلۇپ، مۇنداق دىنىي كەسىپ ئەھلىلىرى ناھايىتى زور بىر قوشۇن ھاسىل قىلغان. مەدرىسلەر مانا مۇشۇ قوشۇن ئۈچۈن ئادەم يېتىشتۈرۈپ بېرىپ، ئىسلام دىنىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە يىلتىز تارتقۇزۇشقا خىزمەت قىلغان. بۇ ئىش ئىسلام مەدرىسلىرىنىڭ باشتىن-ئاياغ ئاساسىي ۋەزىپىسى بولۇپ كەلگەن.

9. مەدرىسلەر يەنە ئىلاھىيەت ئىلمى ئۈچۈن دىنىي ئالىملار يېتىشتۈرگەن. بۇ خىل دىنىي ئالىملار ئاساسەن قۇرئان تەپسىرلەش، ھەدىس شەرھلەش، فىقھەشۇناسلىق ۋە ئىلاھىيەت نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. بۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئەنئەنىلىك ئىلاھىيەت ئالىملىرى بىلەن بىر قاتاردا تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭمۇ بىرمۇنچە چوڭ نەزەرىيىچىلىرى يېتىشىپ چىققان. بۇلاردىن بولۇپمۇ يەسەۋىيە ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن نەقشىبەندىيە ئېقىمىدىكىلەرنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا تەسىرى خېلى چوڭ بولدى. بۇ ئېقىمنىڭ سەلبىي تەرىپىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سوپىلار بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا بولۇپمۇ مەدەنىيەت ساھەسىدە بەك ئېغىر سەلبىي رول ئوينىدى.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتنى يېڭى قوبۇل قىلغان دەۋردىكى ئىسلام مەدرىسلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان مانا مۇشۇنداق پۈتۈن بىر يۈرۈش مەنىۋى پائالىيەتلەر نەتىجىسىدە ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە چوڭقۇر سىڭىپ كىرىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە يېزىقىنى بىر قېلىپقا چۈشۈرۈش، مىللىي ئاڭنى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى ئىسلامىيەت روھىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تۈرتكىلىك رول ئويناپ، ئىسلاملاشقان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

جەمئىيەت ۋە ئىسلام مەدرىسلىرىدە ئىلغار پىكىرلىك ئۆلىمالار ۋە مۇدەررىسلەر ئۈستۈنلۈك قازانغان دەۋرلەردە بۇ خىل مەدەنىيەت گۈللەندى، جاھىلىيەت ئەھلى ئۈستۈنلۈك قازانغان دەۋرلەردە بۇ خىل مەدەنىيەت چۈشكۈنلەشتى.

## پايدىلانغان ئەسەرلەر


① ۋ. بارتولد: ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخىدىن 12 لېكسىيە، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل، 61 - بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب.

③ ما جىشۆن: ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مائارىپى، شەرقىي جۇڭگو سىفەن دا- شۆ ئىلمىي ژۇرنىلى، 1988 - يىل، 1 - سان.

④ بۇغراخانلار تەزكىرىسى، شىنجاڭ ئىسلام تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار، 1 - توپلام، 1988 - يىل.

⑤ جەۋھەرىي: (Ⅹ ئەسىردە فاراب شەھىرىدە تۇركىي خەلقلەردىن يېتىشىپ چىققان لۇغەتشۇناس) ئەسىرى، تولۇق ئىسمى «تاجۇللوغە ۋە سىھاھۇل- ئەرەبىيە».

⑥ جامال قارشى: «سۇراھ لۇغىتىگە ئىلاۋە»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى (قول يازما)، ئەنجىن داشۆ يۈەن سۇلالىسى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخى مەجمۇئە- سىنىڭ 1987 - يىل، 10—11 - سانلىرىدا خەنزۇچە ـرجىمىسى بار.

⑦ يۇقىرىقى كىتاب.

⑧ ھەزرىتى موللام تەزكىرىسى، قەشقەر ئەدەبىياتى، 1983 - يىل، 2 - سان.

⑨ جامال قارشى، يۇقىرىقى كىتاب.

⑩ «چاڭچۈن جېنرېنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى».

⑪ ما جىشۆنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسى ۋە ئەخمەت زىيائىنىڭ بۇ ھەقتە يازغان ئەسلىمىسى.

⑫ س. ن. گرىگورىيان: ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ Ⅵ—Ⅻ ئەسىرلەردە ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلىرى، موسكۋا، 1960.

⑬ يۇقىرىقى كىتاب.

⑭ يۇقىرىقى كىتاب.

⑮ خوجا ئەبۇ نەسىر سامانىي تەزكىرىسى، شىنجاڭ ئىسلام تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار، 1988 - يىل، 1 - توپلام.

⑯ جامال قارشى: يۇقىرىقى كىتاب.

⑰ «قارا باتولكەبىر» (چوڭ دورىگەرلىك قامۇسى)، لاھور نەشرى.

⑱ ھاجى ئەخمەت: «دېڭىز ئۈنچىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1980 - يىل.

⑲ يۇقىرىقى كىتاب.

⑳ موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىز: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 - يىل، بېيجىڭ.

# دەللە ۋە مۇختار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: جۇنەيد بەكرى

ئەمدى گەپنى كىراكەش، جاۋاھىرپۇرۇش ۋە ئۈشتىگەر قاتارلىقلارنىڭ دەللىنىڭ قولىدا قول بولۇپ سېتىلغانلىقىدىن ئاڭلاڭ.

ئەلقىسسە، ئىككى ئايغىچە ئۆيىدىن چىقماي راھەت-پاراغەتتە ئولتۇرغان دەللە بۈگۈن سىرتقا چىقىپ، سەيلە قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئۆزىنى ھاجى ھەرەمى ئاياللاردەك ياساپ، كوچىغا چىقتى. بىر دوقمۇشقا كەلگەندە، تۇيۇقسىزلا كىراكەش، ئۈشتىگەر ۋە جاۋاھىرپۇرۇش قاتارلىق ئۈچەيلەنگە ئۇچراپ قالدى. ئۇلار دەللىنى تونۇۋېلىپ كۆپ ئىززا-ئاھانەتلەرنى قىلەي ۋە ئۇنى پادىشاھ ھارۇن رەشىتنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ ماڭدى. دەللە يولدا كېتىۋېتىپ كۆز ياشلىرىنى ئېقىتقان ھالدا:

— پېقىر بىر ھاجى ھەرەمى ئايالمەن، ماڭا بۇنداق ئازار بېرىشىڭلار ھاجىتى يوق. سىلەر بۇ قىلمىشىڭلار ئۈچۈن چوقۇم پۇشايمانغا قالىسىلەر، كېيىن ئورنىغا كەلمەي قالارمىكىن، — دېدى.

دەللىنىڭ ئوقۇغان مىكرى ئەپسۇنلىرى ئۇلارغا قىلچە تەسىر قىلمىدى. ئەكسىچە ئۇلار دەللىنى تېخىمۇ بەك دۈشكەللەپ ھارۇن رەشىتنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا، ھارۇن رەشىت ئۇخلاۋاتقان بولغاچقا، ئوردا خادىملىرى ئۇلارنى ئىچكىرىگە كىرگۈزمىدى. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن دەللە:

— مەن بىر ئاجىز ئايالمەن، مېنىڭ ئەر كىشىلەر بىلەن كوچىدا تۇرۇشۇم مۇۋاپىق ئەمەس، — دېدى-دە، دەرۋازىدىن غىپپىدىلا كىرىپ كەتتى. بۇ چاغدا بۇ ئۈچەيلەن كوچىدا ئۆزئارا پاراڭلىشىش بىلەن بولۇپ قالغانىدى.

دەللە ئاۋايلاپ دەسسەپ، ھارۇن رەشىتنىڭ ھەرەمخانىسىغا كىردى. ئۇ يەردە بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، قىبلىگە قاراپ ئولتۇرۇپ، قۇرئان ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قىرائەت قىلغان ئاۋازى شۇ قەدەر يېقىملىق ئىدىكى، بۇنى ئاڭلىغان ئۇچارلىقلارمۇ قانات قېقىشتىن توختاپ، زوق-ئىشتىياق بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئاۋاز ھارۇن رەشىتنىڭ خوتۇنى زۇبەيدەنىڭ قۇلىقىغا



يەتتى. زۇبەيدە تەسىرلەنگىنىدىن كىنىزىكگە:

— چىقىپ قاراپ باققىنچۇ، گويا داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىدەك بۇنداق يېقىملىق سادا بىلەن قىرائەت قىلىۋاتقان قانداق ئادەمكەن ئۇ، — دەپ بۇيرۇدى.

كىنىزەك ئۇنىڭ بىر زەئىپ موسىپىت ئايال ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەھۋالنى زۇبەيدەگە يەتكۈزدى. زۇبەيدە ئۇنى باشلاپ كىرىشكە بۇيرۇدى. دەللە ھۇجرىغا كىرىش بىلەنلا يەر سۆيۈپ تەزىم قىلدى. ئاندىن ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، ياقىلىرىنى يىرتىپ شۇنداق يىغلىدىكى، بۇنى كۆرگەن زۇبەيدە تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى:

— بۇ بىچارىنى يەردىن كۆتۈرۈپ، بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى ئۇ كىنىزەكلەرگە بۇيرۇق قىلىپ، — ئۇنىڭ بېشىغا بىرەر مۇشكۇل ئىش چۈشكەن ئوخشايدۇ.

كىنىزەكلەر دەللىنى مۇلايىملىق بىلەن ئىززەت-ئىكراملار قىلىپ زۇبەيدەگە يېقىن ئېلىپ كەلدى. زۇبەيدە دەللىگە:

— ھەي ئانا، بۇنداق يىغلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ قانداق ھادىسە يۈز بەرگەن بولسا، ماڭا ئېيتقىن، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن، — دېدى.

— مېنى يات ئادەم دەپ قالمىغىن، — دېدى دەللە ئېيتقۇ سۆزلىرىنى باشلاپ، — مەن سېنىڭ كىچىك ۋاقتىڭدىكى ئىنىك ئاناڭ بولىمەن. چۈنكى مەن سېنى بوۋاق ۋاقتىڭدا كۆپ پەرۋىشلەر قىلغانىدىم. ئىككى يىلغىچە مەن سېنى مۈرەمدە كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئويناتقانىدىم. سېنىڭ بۆشۈكىڭنى كېچە-كۈندۈزلەپ تەۋرىتەتتىم. كۆپ ۋاقىت مەرھۇم ئاپاڭنىڭ خىزمىتىنى قىلغانىدىم. ئۇندىن كېيىن ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە بېرىپ، شۇ يەردە يىگىرمە يىل تۇرۇپ قالدىم. ئۇ يەردە كېچە-كۈندۈز تائەت-ئىبادەتكە مەشغۇل بولدۇم ۋە ئۇ تەۋەررۈك جايىنى سۈپۈرۈش بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزدۈم. ھەرەمدىن بۇ يەرگە قايتىپ كەلگىنىمگە ئىككى ئاي بولدى. ئۇزۇندىن بېرى سەن بىلەن دىدار كۆرۈشۈشنى كېچە-كۈندۈز ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بولساممۇ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ساقسىز بولۇپ قېلىپ، كېلەلمىگەنىدىم. خۇداغا شۈكرى، مانا بۈگۈن دىدارىڭنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم.

زۇبەيدە دەللىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭ-

لىغان ھامان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىززەت-ھۆرمەتلەر قىلىپ، يۇقىرى ئورۇنغا ئولتۇرغۇزدى. دەللە يەنە ئاھ ئۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى. زۇبەيدە ئۇنىڭغا:

— ھەي ئانا، نېمىشقا يىغلايسەن، ئەگەر بىرەر ھاجىتىڭ بولسا ئېيتقىن، مەن ياردەم قىلاي، — دېدى.

— ھەي قىزىم، — دېدى دەللە ئۇنىڭغا، — ئىلگىرى سېنىڭ بەخت ۋە دۆلىتىڭنىڭ سايىسىدا كۆپ مال-دۇنيا توپلىغانىدىم. ئۇ ۋاقىتلاردا ھەممە كىشىلەر ماڭا موھتاج ئىدى. ھازىر ھېچنەرسەم قالماي، مەن باشقىلارغا موھتاج بولۇپ قالدىم. لېكىن باشقىلاردىن بىرنەرسە تەلەپ قىلىشتىن ئۇيات قىلىمەن.

— ئانا، سەن خاتىرجەم بولغىن، — دېدى زۇبەيدە، — كەمىنە قىزىڭ سالامەت بولساملا، قولۇمدا بار ھەرقانداق نەرسىنى سەندىن ئايىمايمەن. ئەگەر بۇ يەردە قېلىپ، ئىستىقامەت قىلىشنى خالىساڭ، مەن كېنىزەكلىرىڭ قاتارىدا خىزمىتىڭنى قىلىمەن.

دەللە ئۇنىڭغا:

— ھەي مەلىكە، تەڭرى ساڭا بەخت ئاتا قىلسۇن. «مەن ھايات بولساملا پادىشاھلارنىڭ نېنىنى يېمەيمەن» دەپ قەسەم قىلغانىدىم. بۇ قەسىمىمدىن قايتالمايمەن. ھازىر مېنىڭ قولۇمدا ئۈچ نەپەر قۇل بار. مال-دۇنيالىق ۋاقتىمدا ئۇلارنىڭ بىرى جاۋاھىر پۇرۇشلۇق قىلاتتى، يەنە بىرى ئۈشتىگەرلىك قىلاتتى، يەنە بىرىسى بولسا، كىراكەشلىك بىلەن مەشغۇل ئىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە قول-ئىلكىدە ھېچنەرسە قالمىدى، شۇڭا ئۇلارمۇ قىلىدىغان ئىشى يوق بىكار قالدى. بۈگۈن ئۇلارنى سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا ئېلىپ كەلدىم. ئەگەر ماڭا شەپقەت قىلىشنى خالىساڭ، شۇ قۇللىرىمغا سەن خېرىدارلىق قىلىپ سېتىۋالساڭ، ئۆز مۈلكىمدىن كەلگەن خىراجەت بىلەن تىرىكچىلىك قىلسام ئوبدان بولاتتى، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى زۇبەيدە، — قۇللىرىڭنى خەلىپىگە سېتىپ ساڭا ئالتۇن ئېلىپ بېرەي. ھازىر خەلىپە ئۇخلاۋاتىدۇ. بىردەمدىن كېيىن ئويغىنىدۇ. شۇ چاغدا ئىشىڭنى پۈتكۈزۈپ بېرىمەن.

— ھەي مەلىكە ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن. سەن بۇ ئىشنى شۇنداق توغرىلىغىنكى، بۇنىڭ سىرىنى قۇللىرىم ئەسلا سېزىپ قالمىسۇن. چۈنكى ئۇلارنى مەن كىچىك ۋاقتىدىن تاكى ھازىرغىچە ئۆز بالىلىرىمنى ئاسرىغاندەك پەرۋىش قىلغانىدىم. ئۇلارمۇ مېنى ئۆز ئانىسىنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ ئۆگىنىپ قالغان. ئەگەر مېنىڭ ئۇلارنى سېتىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىمنى ئۇلار بىلىپ قالسا كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ، نالە-زار قىلىشقا باشلايدۇ، پېشىمگە ئېسىلىپ مېنى كەتكىلى قويمايدۇ، — دېدى دەللە.

— خاتىرجەم بولغىن، ئانا، — دېدى زۇبەيدە، — نېمە دېسەڭ، كۆڭلۈڭدىكىدىن زىيادىرەك قىلىپ ئورۇندايمەن.

شۇ چاغدا ھارۇن رەشىت ئويغاندى. زۇبەيدە ھارۇن رەشىت ھۇزۇرىغا كىرىپ، دەللىنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى.

— ئانداق بولسا، ئاناڭغا دېگىن، بۇ يەرگە كىرسۇن، — دېدى ھارۇن رەشىت.

زۇبەيدە دەللىنى ئېلىپ كىردى. ھارۇن رەشىت بۇ زەئىپ نۇرانە ئايالنى

كۆرۈپ، ئىززەت-ئىكراملار بىلەن يۇقىرىدىن ئورۇن كۆرسەتتى. دەللە ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قۇرئاندىن بىر سۈرە قىرائەت قىلغانىدى، ئۇنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىدىن تەسىرلەنگەن خەلىپە ھارۇن رەشىت ئىختىيارسىز ھالدا يىغلاپ كەتتى. قىرائەت تامام بولغاندىن كېيىن خەلىپە دەللىگە قاراپ:

— ھەي ئانا، قۇللىرىڭ ھازىر قەيەردە؟ — دېدى.

— ھەي كەرەملىك پادىشاھىم، — دېدى دەللە، — ئۇلار مۇشۇ شانۇ-شەۋكەتلىك ئورداڭنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ.

ھارۇن رەشىت مۇلازىمىغا بۇيرۇق قىلىپ:

— سەن چىقىپ قاراپ باققىن، جاۋاھىرپۇرۇش، ئۈشتىگەر ۋە كىراكەشتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ نەپەر قۇل راستىنلا ئوردا ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇۋاتامدۇ-يوق، — دېدى.

مۇلازىم چىقىپ، ئۈچ كىشىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

جاۋاھىرپۇرۇش قايسىڭلار؟ — دېدى.

— مەن، — دېدى جاۋاھىرپۇرۇش دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ئۈشتىگەر كىم؟ — دېدى مۇلازىم.

— مەن، — دېدى ئۈشتىگەرمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ. مۇلازىم:

كىراكەشچۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، كىراكەشمۇ دەرھال تەزىم قىلىپ:

— مەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

شۇنداق قىلىپ ھەر ئۈچەيلەن ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن مۇلازىم ئۇلارغا:

— ھە ئەمدى ئىش پۈتتى، سىلەر بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، — دەپ قويۇپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

بۇ ئۈچەيلەن خۇشال بولۇپ، بىر-بىرىگە: «دەللىنىڭ قىلمىشىدىن ھارۇن رەشىتمۇ خەۋەردار ئىكەن. ئەمدى بىزنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىمىزنى ئېلىپ بېرىدىغان بولدى» دەپ خام خىيال قىلىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقلىرى تۈپەيلى قىلتاققا چۈشۈپ قۇل بولۇپ سېتىلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمىدى.

ئەلقىسسە، مۇلازىم كىرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ھارۇن رەشىت دەللىگە:

— ھاجى ئانا، قۇللىرىڭنىڭ باھاسىغا نېمە دەيسەن، — دېدى.

— ھەي بۈيۈك ئالەمپاناھ، — دېدى دەللە كۆز يېشى قىلىپ، — تەڭرى تاجى دۆلىتىڭىزنى ئەبەدى مۇستەھكەم قىلسۇن. مەن بۇ قۇللىرىمنى ئۆز پەرزەنتىم دېسەممۇ خاتا بولمايدۇ. چۈنكى مەن ئۇلارنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئۆز قولۇم بىلەن تەربىيىلىگەنىدىم. ئىش بۇنداق تۇرسا، مەن ئۇلارغا قانداقمۇ باھا قويالايمەن؟ ئۆزۈڭ قانچىلىك مەرھەمەت قىلىشنى خالىساڭ شۇ بويىچە بولسۇن.

ھارۇن رەشىت كۈلۈمسىرىگەن ھالدا دەللىنىڭ ئالدىدا ئۈچ مىڭ قىزىل ئالتۇننى قويۇپ ئۆزى تەرەت ئېلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. دەللە ئۈچ مىڭ تىللانى چۆنتىكىگە سالغاندىن كېيىن، يەنە ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى.

— ھەي قىزىم، — دېدى ئۇ زۇبەيدەگە، — شۇ تاپتا مەن كوچىغا چىقسام، قۇللىرىم مەن بىللە ماڭىدۇ. ئۇلارنى ساتقانلىقىمنى ئېيتسام، يىغا-زارە قىلىشقا باشلايدۇ، بىرەر ئامال قىلساق، ئۇلار مېنىڭ كەتكىنىمدىن خەۋەرسىز قالسا،

ئوبدان بولاتتى.

— بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق ئامال قىلىش بولار، — دېدى زۇبەيدە.

— مۇنداق قىلايلى، — دېدى دەللە ئۇنىڭغا، — سەن زەر رومىلىڭنى بىر بوغجۇما قىممەتباھا كىيىملىرىڭ بىلەن ماڭا بەرگىن. مەن رومىلىڭنى بېشىمغا ئارتىپ، بوغجۇماڭنى قولتۇقۇمغا قىستۇرۇپ چىقىپ كەتسەم، ئۇلار مېنى سېزەلمەيدۇ، كېنىزەكلەردىن بىرسى مەن بىلەن بېرىپ، رومال ۋە بوغجۇمنى قايتۇرۇپ كەلسۇن.

زۇبەيدە دەللىنىڭ دېگەنلىرىنى تەييار قىلدى. ئاندىن ئايىغى ئىتتىك كېنىزەكلەردىن بىرىگە رومال ۋە بوغجۇمنى قايتۇرۇپ كېلىشنى تاپىلاپ، ئۇنى دەللىگە قوشۇپ قويدى. دەللە زەر رومالنى بېشىغا تاشلاپ، بوغجۇمنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، كېنىزەك بىلەن بىللە ھارۇن رەشىتنىڭ ئوردىسىدىن چىقتى-دە، بەخىرامان ھالدا يۈرۈپ كەتتى. يول ئۈستىدە ئۇنى كۆرگەن ئادەملەر «بۇ، ھارۇن رەشىت ۋەزىرلىرىدىن بىرەرسىنىڭ ئايالى بولسا كېرەك، نەگە ماڭغاندۇ» دەپ ئويلىشاتتى.

ئەلقىسسە، لەنىتى دەللە ئالدامچىلىق كىتابىدىن كىشىنى ئېزىقتۇرغۇچى ئەپسۇنلارنى ئوقۇپ، كېنىزەككە يول بويى سۆزلەپ ماڭدى:

— ھەي گۈزەللىك بوستانىنىڭ يۇمران كۆچىتى، نازۇكلۇق گۇلىستانىنىڭ گۈلى رەناسى، — دېدى ئۇ كېنىزەكنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ، — ئەپسۇس، يۈزلەرچە ئەپسۇسكى، ئۆزۈڭ بۇنچىۋالا چىرايلىق تۇرۇپ، ئۆزۈڭگە مۇناسىپ كەلگۈدەك بىرەر يىگىتكە، يەنى ھۆسنى جامال چىمەنىنىڭ خۇش ناۋا بۇلبۇللىرىدىن بىرەرسىگە قوشۇلالمىغانىكەنسەن.

كېنىزەك دەللىدىن بۇنداق ھەييارلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاش بىلەنلا كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، ھەسرەت چەككەن ھالدا:

— ھەي ئانا، مۇشۇ ھالەت بىلەنلا كۆڭلىرىم خاتىرجەم ئۆتكەن بولسىمۇ شۇنىڭغا شۈكرى قىلغان بولاتتىم. لېكىن بۇمۇ ئاز كەلگەندەك زۇبەيدە: «ھارۇن رەشىت ساڭا نېمە ئۈچۈن يېقىنلىشىدۇ» دەپ، مېنى دائىم قىيىن-قىستاققا ئېلىپ جەبرى-زۇلۇم قىلىدۇ، — دېدى.

— قىزىم، غەم قىلمىغىن، — دېدى دەللە ئۇنىڭغا، — مېنىڭ بىر ئوغلۇم بار. ئۆزى شەھەردە مۆتىۋەر سودىگەر، پۇل-ماللىرى ھەددى-ھېسابسىز كۆپ، گۈزەللىك جەھەتتە بولسا، سەن ئۇنىڭغا لايىق، ئۇمۇ ساڭا مۇناسىپ. ئەگەر خالىساڭ سېنى ئۇنىڭ نىكاھىغا ئېلىپ بېرەي.

دەللىنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىگە ئالدانغان كېنىزەك ئۆزىنىڭ ۋاپادارلىقىنى بەرباد قىلدى-دە، ئۇنىڭ نەيرەڭلىرىگە ماقۇل بولۇپ، چىن كۆڭلىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ئەتىدىن بېرى ئوقۇغان ئەپسۇنلىرىنىڭ كېنىزەككە تەسىر قىلغانلىقىنى سەزگەن دەللە، باغداتنىڭ كارۋان سارايلىرى جايلاشقان تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

— ھەي ئاي يۈزلۈك گۈزىلىم، ئۇنداق بولسا، ئوغلۇم ھازىر ئۆز سارىيىدا سودا بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ، شۇ يەرگە بارايلى، ئۇنى ئۆزۈڭ كۆرۈپ باققىن، ئۇمۇ سېنى كۆرۈپ باقسۇن، — دېدى دەللە كېنىزەككە. شۇنداق قىلىپ ئۇلار سارايغا قاراپ يول ئالدى. ساراي ئىشىكىنىڭ ئالدىغا يېقىنلاپ كەلگەندىن كېيىن، دەللە

كېنىزەكنى توختىتىپ:

— ھەي پەرى سۈپەت قىزىم، سەن مۇشۇ يەردە ئازراق ساقلاپ تۇرغىن، مەن كىرىپ ئوغلۇمنى بۇ يەرگە چىقارتاي، ئاندىن ئىككىڭلار بىر-بىرىڭلارنى كۆرۈپ بېقىڭلار، — دېدى-دە، ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

ساراي ئىچىدە بىر ياش سودىگەر باردى. ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ھېسابسىز سودا مەبلىغى ئۇنىڭغا مىراس قالغانىدى. ئۇ يىگىت گۈزەللىكتە شۇ قەدەر مەشھۇر ئىدىكى، پۈتۈن باغدات تەۋەسىدە ئۇنىڭ ئىشقى-مۇھەببىتىگە ئەسىر بولۇپ، ئاھ-پاھ چەكمەيدىغان ئادەم يوق دېيىمۇ بولاتتى.

ئەلقىسسە، دەللە شۇ يىگىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ، سالام قىلدى. يىگىت بۇ ئاجىز ۋە تەقۋا سۈپەت ئايالنى كۆرۈپ، تەزىم بىلەن سورىدى:

— ھەي ئانا، ماڭا بۇيرۇيدىغان نېمە خىزمىتىڭىز بار؟

— ھەي ئوغلۇم، — دېدى دەللە ياش تۆككەن ھالدا، — ئېرىم سودىگەر ئىدى. تىجارەت ئۈچۈن ھىندىستانغا سەپەر قىلىپ كېتىۋاتقىنىدا، ھېسابسىز مال-مۈلۈكلەر بىلەن دېڭىزغا غەرق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئۇنىڭدىن دۇنيالىقتا ماڭا بىر كېنىزەكتىن باشقا ھېچنەرسە قالمىغانىدى. ھازىر موھتاجلىق ئىچىدە قالدىم. شۇڭا ئاشۇ كېنىزەكنى سېتىش قارارىغا كەلدىم.

— ئۇنىڭ باھاسىغا نېمە دەيسەن؟ — دېدى سودىگەر يىگىت.

— ئوغلۇم، ئۇنىڭدەك چىرايلىق كېنىزەكنى ھېچ ئىقلىمدا يوق دېسىمۇ بولىدۇ، — دېدى دەللە ھەسرەت چەككەن قىياپەتتە، — ئەگەر پۇلغا ئېھتىياجىم بولمىغىنىدا ئىدى، ئۇنى ئۈچ مىڭ تىللاغا سېتىشقىمۇ رايىم بارمىغان بولاتتى. ھازىر مەن ھاجەتمەن بولۇپ قالغان ئادەم تۇرسام، مەندە نېمە ئامال بولسۇن؟ ئۆزۈڭنىڭ مەرھەمىتىڭگە مۇۋاپىق بىر نەرسە بېرەرسەن.

— ھەي ئانا، ئۇ كېنىزەك قەيەردە؟ — دەپ سورىدى يىگىت دەللىدىن.

دەللە ئۇنىڭغا:

— دەرۋازاڭ ئالدىدا ساقلاپ قالدى، خالساڭ چىقىپ كۆرۈپ باققىن، — دېدى.



يىگىت دەللىنىڭ سۆزىگە ئاساسەن چىقىپ قارىغانىدى، گۈزەللىكتە باھاسىز بىر مەملىكەتنىڭ خىراجىتىگە تەڭ دېيەمۇ ئەرزىگۈدەك بىر قىزنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ دەرھال قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ھەي جانۇ جاھانىم، سېنىڭ يۈزۈڭگە بەخت-سائادەت ئىشىكى ئېچىلدى، چاپسان بۇياققا كىرگىن،— دېدى-دە، قىزنى ساراي ئىچىدىكى ئالاھىدە تەييارلانغان بىر خىلۋەت ھۇجرىغا تەكلىپ قىلدى. كېنىزەكمۇ سودىگەر يىگىتنى كۆرۈش بىلەنلا، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالغانىدى، ئۇ، يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، گويياكى تۇپتۇز قارىغاي كۆچىتىگە جان كىرىپ ماڭغانىدەك، ئۆزىنىڭ سىپايىلىق يۈرۈشلىرى بىلەن يىگىتنىڭ كەينىگە كىردى. يىگىت ئۇنى ھۇجرىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، دەللىگە مىڭ تىللا قىزىل ئالتۇن بەردى. دەللە يىگىتتىن ئالغۇلۇقىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن كېنىزەكنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— ھەي كۆڭۈل ئارامىم، سەن بۇ يەردە ئازراق دەم ئېلىپ تۇرغىن. ئىككىڭلارنىڭ نىكاھىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن قازىخانىغا بېرىپ، ئادەم چاقىرىپ كېلەي،— دېدى-دە، زۇبەيدەنىڭ زەر رومىلى ۋە بوغجۇمىسىنى ئېلىپ، چاقماق تېزلىكىدە ئۆيىگە قاراپ تىكىۋەتتى.

دەللە ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قىلغان-ئەتكەنلىرىنى مۇختارغا بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. مۇختار ھارامزادە ئايالىنىڭ قىلغان بۇ شۇملۇقلىرىغا ئاپىرىنلار ئېيتتى.

ئەمدى سۆزنى كېنىزەك، سودىگەر يىگىت ۋە ھارۇن رەشىتتىن ئاڭلاڭ.

دەللە سارايدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ساددا سودىگەر، كۆڭۈل ھەۋەسلىرىنىڭ تەقەززالىقىدا، بىرمۇنچە خام خىياللار بىلەن ئىشتىھاسىنى راستلاپ، رەڭگىنى بوزارتىپ، لەۋلىرىنى ئۇزارتىپ، ئېغىزىنىڭ سۈيىنى ئېقىتقان ھالدا كېنىزەكنىڭ يېنىغا كىردى. ئەپسۇسكى ئۇ ئۆز ئاغزىدىكى شۆلگەيىنىڭ ئۆز ئىلكىدىلا قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

ئەلقىسسە، سودىگەر يىگىت خىلمۇخىل چاقچاق ۋە ھەر تۈرلۈك مۇقەددىمىلەر بىلەن كېنىزەككە قولىنى سوزۇپ، ئۇنىڭ ياقۇتتەك لەۋلىرىگە ئىنتىلدى. كېنىزەك ئۇنىڭغا:

— ھەي مەرد يىگىت، نېمىدېگەن تەنتەكلىك بۇ؟ ئازراق سەۋرى-تاقەت قىلغىن. ئاناڭ قازىخانىدىن ئادەم چاقىرتىپ كېلىپ، نىكاھىمىزنى ئوقۇتۇپ قويغاندىن كېيىن، نېمىنى خالىساڭ مەن سېنىڭدىن ئايىمايمەن. بىراق، سېنىڭ نىكاھسىزلا ماڭا قول سوزۇشۇڭ ۋە مېنىڭ قوبۇل قىلىشىم مۇۋاپىق ئەمەس، بەلكى ئۇ زىناغا ئائىت ئىش بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ھالدا ھەر ئىككىمىز گۇناھكار بولىمىز،— دېدى.

— ھەي كۆڭلۈمنىڭ ئارامى، جېنىمنىڭ راھىتى،— دېدى يىگىت ھەيران بولغان ھالدا،— نېمىلەرنى دەۋاتىدىغانسىز، ئەقلىڭىز جايىدىمۇ-يوق؟ مېنىڭ ئانام كىم ئىكەن؟ «نىكاھ» دېگىنىڭىز قانداق گەپ؟ مەن سىزنى ئىگىڭىزدىن سودىلىشىپ سېتىۋالغان تۇرسام؟

— مېنىڭ ئىگەم كىم ئىكەن؟ مېنى سودىلىشىپ ساتىدىغان قانداق ئادەمكەن ئۇ؟— دېدى كېنىزەك.

سودىگەر ئۇنىڭغا:

— ھېلىقى سىزگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئاجىز ئايال سىزنى ماڭا مىڭ تىللاغا سېتىپ، پۇلىنى ئېلىپ قايتمىدىمۇ؟— دېدى.

يىگىتتىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان كېنىزەك نالە-پەرياد قىلغان ھالدا:

— مەن خەلىپە ھارۇن رەشىتنىڭ كېنىزىكى تۇرسام، مېنى ساڭا سېتىپ كېتەلەيدىغان قانداق ئادەم ئۇ؟— دېدى.

يىگىت ھارۇن رەشىتنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئەقلى-ھوشى بېشىدىن ئۇچۇپ، پۈتۈن بەدىنى لاسىدە بوشىشىپ كەتتى-دە، نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. يىگىت ئاخىرى كېنىزەكتىن ئەھۋالنىڭ جەريانىنى سورىدى. كېنىزەك ھەممە ئەھۋالنى باشتىن ئاخىرغىچە تولۇق سۆزلەپ بەردى. يىگىت بۇنداق ئىشنىڭ دەللىدىن بۆلەك ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ھەي گۈل يۈزلۈك، بولغۇلۇق بولۇپ بولدى. يۈر ئەمدى مەن سېنى خەلىپە ھارۇن رەشىتنىڭ قولىغا ئۆز قولۇم بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىپ كېلەي،— دېدى يىگىت كېنىزەككە. شۇنداق قىلىپ يىگىت بىلەن كېنىزەك يولغا راۋان بولدى.

ئەمدى سۆزنى ھارۇن رەشىتتىن ئاڭلاڭ.

ئەلقىسسە، دەللە كېنىزەكنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەتكەندە، ھارۇن رەشىت تەرەت ئېلىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. تەرەتتىن كېيىن نامازغا تۇتۇش قىلدى. نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، مۇلازىمغا:

— باياتىنقى ھاجى ئايال سېتىپ كەتكەن قۇللارنى بۇ يەرگە چاقىرىپ كىر،— دېدى.

مۇلازىم چىقىپ جاۋاھىرپۇرۇش، ئۆشتىگەر ۋە كىراكەشنى ھارۇن رەشىتنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى. ھارۇن رەشىت ئۇلارغا قاراپ:

— جاۋاھىرپۇرۇش كىم؟— دەپ سورىدى.

— مەن،— دېدى جاۋاھىرپۇرۇش تېزىم بىلەن.

ھارۇن رەشىت ئۇنىڭغا:

— سەن خەزىنە خىزمىتىنى قىلغىن. ھەرقايسى ئورۇنلاردىن ئۈنچە-مارجان ۋە ھەر خىل جاۋاھىرلار كەلسە ئۆز ئورۇنلىرىدا قويۇپ، رەتلىك تۇتقىن،— دېدى. ئاندىن يەنە قالغان ئىككىيلەنگە قاراپ،— ئۆشتىگەر قايسىڭلار؟— دەپ سورىدى.

— مەن،— دېدى ئۆشتىگەر ئورنىدىن قوزغىلىپ.

— سەن،— دېدى ھارۇن رەشىت ئۇنىڭغا،— ئوردا خادىملىرىنىڭ كىيىم-كېچىكى ئۈچۈن ئۆشتىگەرلىك قىلغىن،— ئاندىن كىراكەشكە قاراپ،— سەن ئۆزۈڭ كىراكەش بولغاندىكىن، خەزىنە يۈكىنى توشۇيدىغان خېچىرلارنى پەرۋىش قىلغىن،— دېدى.

ئۇلار ھارۇن رەشىتتىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەيران بولغان ۋە گاڭگىرىغان ھالدا:

— ھەي كەرەملىك پادىشاھ، ئەي مەرھەمەتلىك ئالەمپاناھ، بىز سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە مۇيەسسەر بولغانلىقىمىز ئۈچۈن چەكسىز پەخىرلىنىمىز، ئالىي ھۇزۇرىڭىزدا خىزمەت تىلىشنى ئۆزىمىزگە

خۇشاللىق دەپ بىلىمىز. لېكىن ئالدى بىلەن ئاشۇ هارام تاماق مەلئۇندىن ئۆچىمىز ئېلىپ بېرىلسە، ئاندىن بىز خاتىرجەم بولغان هالدا، ئىتائەت كەمىرىنى بېلىمىزگە مەهكەم باغلاپ، سىزنىڭ هەرقانداق پەرمانىڭىزغا جان پىدا قىلساق،— دېدى.

هارۇن رەشىت ئۇلاردىن:

— مەلئۇن دېگىنىڭلا كىم ئۇ؟ ئۆزى قەيەردە؟ ئۇنىڭدىن نېمە تەلەپ قىلىسىلەر؟— دەپ سورىدى.

ئۇلار: مەلئۇن دېگىنىمىز لەنەتگەردە دەللىدىن ئىبارەت. ئۇ هازىر سىزنىڭ مۇشۇ ئوردىڭىز ئىچىدە. ئۇنىڭدىن بىز ماۋۇماۋۇ نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىمىز. ئۇنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىشتىن مەقسەت ماۋۇماۋۇلاردىن ئىبارەت، دەپ، هەر ئۇچىلىسى باشتىن ئۆتكەن كەچمىشىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. بۇلارنىڭ سۆزلىرىگە هەيران بولغان هارۇن رەشىت هەرەمگە كىرىپ، زۇبەيدەدىن دەللىنى تەلەپ قىلدى.

زۇبەيدە ئۇنىڭغا:

— سىز تەرەت ئېلىۋاتقان ۋاقتىڭىزدا، ئۇ، «قۇللىرىمدىن يوشۇرۇن هالدا چىقىپ كېتىۋالمىسام بولمايدۇ» دەپ، زەر رومىلىمنى بېشىغا ئارتىپ، نەپىس كىيىملەردىن بىر بوغچۇما ئېلىپ، پالان كېنىزەك بىلەن چىقىپ كەتكەنىدى. رومال ۋە بوغچۇمنى ئاشۇ كېنىزەكتىن قايتۇرۇۋەتمەكچى،— دېدى.

پادىشاه هارۇن رەشىت زۇبەيدەدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كايىغان هالدا:

— هەي كەم ئەقىل، هەرنېمە قىلساڭ سەن قىلدىڭ. ئەدىكى بىر يەجۈجى مەككارنى سۈت بەرگەن ئانام دەپ، مېنىڭدەك بىر پادىشاهنىڭ نومۇسىنى يەرگە ئۇردۇڭ!— دەپ ۋارقىراپ كەتتى. پادىشاه هەرەمدىن تاشقىرىغا چىقتى. شۇ ئەسنادا سودىگەر يىگىت بىلەن كېنىزەك يېتىپ كەلدى. هارۇن رەشىتنىڭ نەزەرى كېنىزەككە چۈشتى. كېنىزەكنىڭ قولىدا نە زەر رومال ۋە نە بوغچۇمىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىر ناتونۇش ياش يىگىت تۇراتتى. پادىشاه كېنىزەكتىن:

— هېلىقى لەنەت گەردىنى نەگە ئاپاردىڭ؟ سەن بىلەن بىللە كەلگەن كىشى كىم؟— دەپ سورىدى.

كېنىزەك بولۇپ ئۆتكەن هەممە ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. هارۇن رەشىت كېنىزەكتىن ئەهۋالنى ئۇققاندىن كېيىن قەهرى - غەزەپكە كېلىپ:

— كىمىكى ئاشۇ مەككار دەللىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ، ئۇنى ئوردىغا مەلۇم قىلسا، شۇ كىشىگە مىڭ تىللا ئىنئام قىلىمەن ۋە قىممەت باها تون پەرىجىلەر بىلەن تارتۇقلاپ، خۇشال قىلىمەن،— دەپ ئېلان چىقاردى. پادىشاه بۇ ئېلاننى پۈتۈن باغدات ۋىلايىتىدىكى هەممە ئادەمگە بىلدۈرۈشنى بۇيرۇدى. ئاندىن كېيىن جاۋاهىر پۇرۇش، ئۆشتىگەر ۋە كىراكەشكە ئۆز لايىقىدا جاۋاب بېرىپ قايتۇردى. سودىگەر يىگىتنىڭ مىڭ تىللاسىنى خەزىنىدىن تۆلەپ بېرىپ، كېنىزەكنى ئېلىپ قالدى. بۇ هېكايە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى سۆزنى دەللە بىلەن مۇخ-

تارنىڭ يەتتە نەپەر مەككار قىزى ۋە يەتتە ئوغرى كۈيئوغۇللىرىنى باشلاپ، مىسىر ۋىلايىتىگە بېرىپ، مىسىر خەلقىنىڭ بېشىدا غەلۋە-ماجىرا ئوتلىرىنى تۇتاشتۇرغانلىقىدىن ئاڭلاڭ.

دەللە تۆت ئادەمنى قول ۋە كېنىزەكلەر قاتارىدا سېتىپ، تۆت مىڭ تىللا قىزىل ئالتۇنغا ئىگە بولدى؛ زۇبەيدەنىڭ زەر رومىلى ۋە بىر بوغچۇمىدا نەپىس كىيىملىرىنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ چاقماق تېزلىكىدە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. بۇ ئولجىلارنىڭ خۇشاللىقىدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن دەللە، تېرىسىگە سىغمىغان هالدا قىلغىلىق تاپالماي تۇرغىنىدا، ئۆزىنى هارۇن رەشىتنىڭ ئادەملىرىنىڭ جىددىي ئىزدەۋاتقانلىقى ۋە بۇ قېتىمقى چارلاش-تەپتىش قىلىشلار مىسلىسىز دەرىجىگە يېتىپ، پۈتۈن باغدات ئەهلى پاتىپاراق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى.

— ئەمدى، — دېدى ئۇ مۇختارغا — بۇ شەهەردە تۇرۇشىمىز مۇۋاپىق ئەمەس، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، باشقا بىر شەهەرگە بېرىپ پاناهلىنىشىمىز تۈزۈك.

ئۇلار شۇنداق قىلىپ، سەپەر جابدۇقلىرىنى راسلاپ، سودىگەرلەر سىياقىدا ياسىنىپ، يەتتە قىزى ۋە يەتتە كۈيئوغلى بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي ئون ئالتە نەپەر ئادەم باغداتتىن مىسىر تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى.

ئەلقىسسە، ئۇلار كۆپلىگەن مەنزىل ۋە ئۆتەڭلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىرى مىسىر شەهىرىگە كىردى. ئۇ يەردە جاۋاهىرپۇرۇشلۇق مەهەللىدىن بىر قورۇنى ئىجارىگە ئالدى. تۆت-بەش كۈن ئارام ئېلىشىپ، سەپەر هاردۇقلىرىنى چىقىرىشقاندىن كېيىن، بۇ لەنەتگەردىلەرنىڭ كۆڭۈللىرى يەنە رەزىل قىلمىشلارغا مايىل بولدى. كېچىسى مۇختار يەتتە كۈيئوغلىغا باشچىلىق قىلىپ، تاكى تاڭ ئاتقۇچە مىسىرلىقلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى ئوغرىلاپ، ئۇلارنى خانىۋەيران قىلىشقا باشلىدى. كۈندۈزلىرى دەللە قىزلىرىغا يول كۆرسىتىپ، رەستىمۇ-رەستە يۈرۈپ، ئاجايىپ-غارايىپ هىيلە-نەيرەڭلەر بىلەن كىشىلەرنى بالا-قازا قىلتاقلىرىغا دەسسىتىشكە؛ بىز ئارقىلىق پۈتۈن شەهەر خەلقىنىڭ ئارامىنى بۇزۇشقا كىرىشتى. مىسىرلىقلار ئۆز شەهىرىگە دەللە ۋە مۇختارنىڭ كەلگەنلىكىنى، بۇ رەسۋاچىلىقلارنىڭ ھەممىسى شۇلارنىڭ كاساپىتى ئىكەنلىكىنى هېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ بىر توپ پارازىتلارنىڭ سېسىق نامى پۈتكۈل مىسىرغا پۇر كەتتى. كىشىلەر يىغىلىپ بۇلارنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ مەسلىھىتىگە چۈشتى. ئۇلارنىڭ مەسلىھىتى بۇ يەردە تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى مىسىر پادىشاهىنىڭ سەركەردىسىنى مۇختارنىڭ قانداق ئەخمەق قىلغانلىقىدىن ئاڭلاڭ.

ئەلقىسسە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇختار سودىگەرچە كىيىنىپ، بىر كۈيئوغلىنى خىزمەتكار سىياقىدا ياساپ كەينىگە ئەگەشتۈردى-دە، تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقتى. ئۇلار كوچىمۇ-كوچا بازار ئارىلاپ يۈرەتتى. تۇيۇقسىزلا، بىر شەمشەر ياسىغۇچى ئۇستىنىڭ دۇكىنىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ يەردە مىسىر پادىشاهىنىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرسى قولىدا بىر دانە قىممەت باها شەمشەرنى تۇتقان هالدا

تۇراتتى. مۇختار ئۇنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تۇردى. سەركەردە شەمشەرنى شەمشەرچى ئۇستىغا بېرىپ:

— بۇ پادىشاھنىڭ شەمشىرى. سەن بۇنىڭغا تېزلىكتە بىر غىلاپ ياساپ قويغىن. بىردەمدىن كېيىن بىرەيلەن مېنىڭ ئېتىمغا مىنىپ كېلىدۇ. سەن شەمشەرنى شۇنىڭغا بەرسەڭ، ئۇ ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ،— دېدى.

سەركەردە ئاندىن زەرگەرلىك دۇكىنى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى، مۇختار ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. سەركەردە دۇكانغا كىرىپ ھەميانىدىن بىر مىقدار تىللانى ئېلىپ زەرگەرگە بەردى:

— بۇ تىللادىن،— دېدى سەركەردە زەرگەرگە،— ماڭا بىر تال كەمەر ياساپ بەرگىن، ئۇ كەمەر ھېچكىشىدە تېپىلمايدىغان نادىر نۇسخىدا ياسالسۇن.

ئۇلار شۇ يوسۇندا سۆزلىشىۋاتقىنىدا، دۇكانغا مۇختار كىرىپ سالام قىلدى. زەرگەر ئۇنىڭ خېلى قاملاشقان بىر مۇيسىپىت سودىگەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، تەزىم قىلدى-دە:

— خوجام، نېمە ھاجىتىڭىز بار؟— دېدى.

— بەشيۈز مىسقال ئالتۇنۇم باردى، ئۇنى ئۇنچە-مەرۋايىتقا ئالماشتۇرۇش نىيىتىدە كەلگەنىدىم،— دېدى مۇختار ئۇنىڭغا.

زەرگەر:

— جان-دىلىم بىلەن قوبۇل قىلىمەن، لېكىن بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرارسىز، چۈنكى بۇ كىشى پادىشاھنىڭ ئەڭ يېقىن سەركەردىلىرىدىن بولىدۇ، بۇ يەرگە كەمەر ياساتقىلى كەلگەنىكەن، بۇ كىشى نۇسخىلاردىن بىرىنى تاللاپ بېرىپ قايتقاندىن كېيىن سىزنىڭ ئىشىڭىزنى بىجا كەلتۈرىمەن،— دېدى.

— سىزدىن كۆپ مىننەتدارمەن،— دېدى مۇختار،— بوپتۇ ئانداق بولسا، ئىشىڭىزغا مەشغۇل بولۇڭ. مەن ساقلاپ تۇراي.

زەرگەر نۇسخىلارنى تەييار قىلىشقا كىرىشتى. بۇ ئارىلىقتا سەركەردە بىلەن مۇختار سۆھبەتلىشىشكە كىرىشتى:

— قايسى شەھەردىن بولىسىز؟— دەپ سورىدى سەركەردە مۇختاردىن.

مۇختار جاۋابەن:

— كەمىنە شام ۋىلايىتىدىن بولىمەن، يېقىندا غەرب ئەللىرىدىن كەلدىم،— دېدى.

سەركەردە ئۇنىڭدىن غەربنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئائىت بەزى سوئاللارنى سورىدى، مۇختار ھەممىسىگە لايىقىدا جاۋاب بېرىپ، ئۆزىنى گويا غەرب ئەللىرىدىن يېڭىلا كەلگەن سودىگەردەك قىياپەتتە كۆرسەتتى. شۇ ئەسنادا زەرگەر مۇختارنىڭ شاگىرتىغا پۇل بېرىپ:

— ھەي ھۆرمەتلىك خوجىنىڭ خىزمەتكارى، سەن بازاردىن بۇ پۇلغا تاماق سېتىۋېلىپ كەلگىن،— دېدى.

ئۇ، زەرگەرنىڭ قولىدىن پۇلنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر داستىخاندا ھەرخىل ئېسىل تائاملارنى كۆتۈرۈپ كىردى. ئاندىن سەركەردە ئۇنىڭغا:

— ھەي ئوغلۇم، بىز غىزالىنىپ بولغۇچە، سەن مېنىڭ ئېتىمنى سۇغىرىپ كېلىشىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارسەنمۇ؟— دېدى.

— جان-دىلىم بىلەن ئورۇندايمەن،— دېدى مۇختارنىڭ كۆيۈمچىلى، بۇ



ئارىلىقتا مۇختار ئۇنىڭغا شەمشەرنى ئىشارەت قىلىپ ئۈلگۈرگەنىدى.

ئوغرى كۆيمۇغۇل شەمشەر دۇكىنىغا بېرىپ، شەمشەرنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ مىنىپ كەلگىنى سىپاھىنىڭ ئېتى ئىكەنلىكىنى كۆرگەن شەمشەرچى شەمشەرنى دەرھال ئېلىپ بەردى. كۆيمۇغۇل ئۇنى ئېلىپ بىر ئورۇنغا يوشۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، خاتىرجەم هالدا ئاتنى سۇغىرىپ ئېلىپ كەلدى. سەركەردە زەرگەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن نۇسخىلىرىدىن بىرىنى تاللاپ، پالان كۈنگىچە تەييارلاپ قويغىن، ئۆزۈم كېلىپ، ئېلىپ كېتىمەن، دېدى-دە، ئېتىغا مىنىپ يۈرۈپ كەتتى. ئاندىن مۇختار ئورنىدىن تۇرۇپ، زەرگەرگە:

— مەن ئەمدى بېرىپ، تىللالىرىمنى ئېلىپ كېلەي، — دېدى. ئاندىن كۆيمۇغلى بىلەن زەرگەر دۇكىنىدىن چىقىپ، شەمشەرنى يوشۇرۇپ قويغان جايىدىن ئېلىپ كۆردى. بۇ شەمشەرنىڭ سېپىغا هەر خىل ئېسىل جاۋاهىراتلاردىن ۋە ئالماس قاتارلىق قىممەت باها مېتاللاردىن كۆز قويۇپ ياسالغان بولۇپ، قىممىتى بىر مەملىكەتنىڭ خىراجىتىگە تەڭ كېلەتتى. بۇنى كۆرگەن مۇختارنىڭ خۇشاللىقىدىن گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ ئىككىسى ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، بەخىرامان هالدا ئارام ئالدى. بۇلار ئەيشى-ئىشرەتلىرى بىلەن بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى سىپاھتىن ئاڭلايلى.

ئەلقىسسە، سەركەردە ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خىزمەتكارىنى چاقىرىپ، ئېتىغا مىنگۈزدى-دە، شەمشەرنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. خىزمەتكار خوجىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال شەمشەرچىنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ، شەمشەرنى سورىدى. شەمشەرچى ئۇنىڭغا:

— سەن ساراڭمۇ نېمە؟ شەمشەرنى باياتىنلا بىرسى كېلىپ، ئېلىپ كەتمىدىمۇ؟! — دېدى.

شەمشەرچىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان خىزمەتكار قايتىپ كېلىپ سەركەردىگە:

— بىرەيلەننى مەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىپ، شەمشەرنى ئالدۇرۇپ بولغان

تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا مېنى بۇنداق پايدىسىز ئىشقا ئەۋەتكەنسىز؟ — دېدى.

سەركەردە بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھوشى بېشىدىن ئۇچۇپ، دەرغەزەپ بولغان ھالدا ئېتىغا مىندى-دە، شەمشەرچىنىڭ دۈكىنىغا يېتىپ باردى.

— مەن ساڭا «شەمشەرنى مۇشۇ ئاتقا مىنىپ كەلگەن ئادەمگە بەرگىن» دېمىگەنمىدىم، — دېدى سەركەردە شەمشەرچىگە، — نېمىشقا ئۇنى باشقىلارغا بېرىۋەتتىڭ؟!

— مەنمۇ ئۇنى باشقا بىرسىگە ئەمەس، دەل سېنىڭ مۇشۇ ئېتىڭغا مىنىپ كەلگەن بىرسىگە بەردىم، — دېدى شەمشەرچى.

بۇ سۆزدىن قەھرى-غەزىپى قايناپ تاشقان سەركەردە شەمشەرچىگە:

— مەندەك بىر ئادەمگە مۇنداق بىھۇدە سۆزنى قىلىشقا قانداق پېتىندىڭ؟! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

ئەلقىسسە، بۇلارنىڭ جېدەل-ماجىرالىرى ئەۋجىگە چىقىپ، خالايىقلار ئەتراپىغا ئولاشتى. بۇ ھادىسىنى كىشىلەر پادىشاھقا يەتكۈزدى. پادىشاھ بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى. ۋەزىرلەردىن بىرى پادىشاھقا:

— ھەي ئالەم پاناھ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى پەقەت مۇختاردىن باشقا ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، — دېدى ۋە مۇختار ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى پادىشاھقا بىر-بىرلەپ بايان قىلدى. پادىشاھ ۋەزىردىن بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھېلىقى سەركەردىنى چاقىرتىپ:

— بۇ شەھەرگە باغداتتىن مۇختار ئىسىملىك بىر ھەييار كەپتىمىش، شەمشەرنىمۇ چوقۇم ئاشۇ مەلئۇن ئوغرىلىغان. سەن شەھەرنى قاتتىق چارلاپ، ئۇنى قولغا چۈشۈرگىن. بولمىسا، ئۇ ھەممىنى خانىۋەيران قىلىدۇ، — دېدى.

ئەلقىسسە، سەركەردە پادىشاھنىڭ پەرمانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇختارنى تۇتۇش ئۈچۈن كېچە-كۈندۈزلەپ چارلاش ئېلىپ باردى. بۇ ۋەقەلەر بولۇپ ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مۇختار يەنە رەزىل قىلمىشلارنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقتى. ئۇ، پۈتۈن ئەتراپنى سەيلە قىلغان ھالدا مىسىر شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىغا بارىدىغان كوچىغا كىرىپ قالدى-دە، تۇساتتىنلا سەركەردىگە دۈچ كېلىپ قالدى. سەركەردە دەرھال ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ:

— ھەي رەزگى، سېنىڭ خىزمەتكارىڭ بېرىپ، شەمشەرچىدىن پادىشاھنىڭ شەمشىرىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇنى تېپىپ بەرمەيدىغان بولساڭ سېنى ھەرگىزمۇ بوش قويۇۋەتمەيمەن، — دېدى.

— ھەي سەركەردەم، — دېدى مۇختار نەيرەڭ ئىشلىتىپ، — ئۇ كاساپەت مېنىڭمۇ مىڭ تىللا پۇلۇمنى ئوغرىلاپ قاچقىنىغا مانا بۈگۈن دەل يىگىرمە كۈن بولدى. بۈگۈن ئەتىگەندە، ئۇنىڭ شەھەرگە تۆت پەرسەخ ① يىراقلىقتا بىر ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، شۇنى ئىزدەپ ماڭغانىدىم.

— بۇنداق سۆزلىرىڭ بىلەن قۇتۇلارمەن دەپ بىھۇدە خام خىيال قىلما، — دېدى سەركەردە ئۇنىڭغا، — يا شەمشەرنى تاپ، ياكى بولمىسا ئۇنىڭ ئۆز باھاسى بويىچە پۇلىنى تۆلە.

— ھەي سەردارىم، — دېدى مۇختار

مۇلايىملىق بىلەن يېلىنىپ، — سىزنىڭ دەۋاتقانلىرىڭىزغۇ راست، بىراق مەن ئۇ شەمشەرنى كۆرمىگەن تۇرسام، يەنە كېلىپ ئۇ ناكەس مېنىڭمۇ مىلىك تىللا ساپ ئالتۇنۇمنى ئېلىپ قاچقان تۇرسا، مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن.

شۇنداق قىلىپ، مۇختار تۇرغۇن چۈشەندۈرۈش ۋە يېلىنىشلار ئارقىلىق سەركەردىنىڭ كۆڭلىنى سەل يۇمشاتتى-دە، ئۇنى ئۆز خىزمەتكارىنى ئىزدەش ئۈچۈن ئۆزى بىلەن بىللە بىرىشقا كۆندۈردى.

— ئانداق بولسا، — دېدى سەركەردە، — ھازىر سەن مەن بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە بارغىن، ئاندىن كېيىن، ئىككىمىز سېنىڭ خىزمەتكارىڭنى ئىزدەپ بارايلى.

مۇختار ماقۇل بولۇپ، سەركەردىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. سەركەردە ئىشىكنىڭ قۇلۇپلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قوشنىسىدىن سورىغانىدى، قوشنىسى:

— ئايالىڭىز يۈيۈنۈش ئۈچۈن ھاممامغا كەتتى. ئۆيىڭىزنىڭ ئاچقۇچى مانا مەندە، — دەپ، سەركەردىگە ئاچقۇچنى بەردى. سەركەردە دەرۋازىسىنى ئېچىپ ئېچكىرىگە كىردى. ئاندىن ئۆز يېنىدىكى بىر ھەميان ئالتۇننى ئۆيدە قويۇپ قويدى. كۆڭلى ئەمدى ئارامغا چۈشكەن سەركەردە مۇختار بىلەن ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرغىنىدا، پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرىدىن بىرسى كېلىپ، سەركەردىگە:

— شاھىمىز سىزنى چاقىرىدۇ، — دېدى.

سەركەردە بۇ ئىشقا ئامالسىز قالغان ھالدا مۇختارغا:

— مېنى پادىشاھ چاقىرتىپتۇ، ھېلىمۇ مەن ساڭا رەھىم قىلدىم. بولمىسا سېنى پادىشاھنىڭ يېنىغا بىللە ئېلىپ بىرىپ تاپشۇرغان بولسام، تېنىڭ بېشىڭدىن ئايرىلىپ قالغان بولاتتى. ھەر ئېھتىمالغا قارشى، مەن سېنىڭ ئايىغىڭغا كىشەن سېلىپ قويۇپ كېتەي، — دەپ، ئۇنىڭ پۇتلىرىنى زەنجىر بىلەن مەھكەم باغلاپ كىشەنلىدى. ئاندىن دەرۋازىسىغا قۇلۇپ سېلىپ، ئاچقۇچىنى قوشنىسىغا بەردى-دە، ئۆزى پادىشاھ ئوردىسىغا قاراپ راۋان بولدى.

ئەمدى سۆزنى مۇختارنىڭ بىر تەدبىر بىلەن باغلاقتىن بوشىنىپ، سەركەردە بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا پىتنە-ئىغۋا ئۇرۇقلىرىنى قانداق تېرىغانلىقىدىن ئاڭلاڭ.

ئەلقىسسە، سەركەردە پادىشاھنىڭ يېنىغا كېتىپ، بىرئازدىن كېيىن، ئۇنىڭ خوتۇنى ھاممامدىن قايتىپ كېلىپ، قوشنىسىدىن ئاچقۇچنى ئالدى-دە، ئۆيىگە كىردى. ئايالنىڭ باغلاقتا ياتقان مۇختارغا كۆزى چۈشۈپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ھەي خوجا، سەن نېمە گۇناھ قىلغىنىڭ ئۈچۈن، ئېرىم پۇتۇڭغا بۇنداق كىشەن سېلىپ قويدى؟

— مەن شەھەر سىرتىدىكى بىر قىشلاقنىڭ ئىگىسى بولىمەن، — دېدى مۇختار كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش تۆكۈپ، — بىر كۈنى مەن ئېرىڭنى چاقىرىپ زىياپەت قىلىپ بەرگەنىدىم، شۇ كۈنى ئۇنىڭ ئايالىمغا كۆزى چۈشۈپ، ئاشىق بولۇپ قاپتىكەن. بۈگۈن مېنى بۇ يەرگە چاقىرتىپ كېلىپ پۇتۇمغا كىشەن سالدى. ئاندىن «خوتۇنۇڭنى ماڭا

بەرمەسەڭ ئاۋۋال سېنى هالاك قىلىپ، خوتۇنۇڭنى ئالمەن، خوتۇنۇڭنى بېرىشكە رازى بولساڭ، مۇشۇ ئالتۇننى ساڭا بېرەمەن» دەپ مۇشۇ هەمياندىكى ئالتۇننى ماڭا قالدۇرۇپ كەتتى، — دېدى سەركەردە قويۇپ قويغان ئالتۇننى كۆرسىتىپ.

كەم ئەقىل ئايال مۇختاردىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، غەزەپ بىلەن ئۇنى باغلاقتىن بوشاتتى.

— هەي خوجا، — دېدى ئايال هەمياندىكى ئالتۇننى مۇختارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، — بۇ ئالتۇنلىرىڭنىمۇ ئېلىۋالغىن، ئەركىن قانات قېقىپ ئۆز قىشلىقىڭغا كېتىۋالغىن. ئەگەر ئېرىم بۇندىن كېيىن ساڭا يەنە شۇنداق گەپلەرنى قىلغۇچى بولسا، دەرهال كېلىپ ماڭا مەلۇم قىلغىن. مەن ئۇنى پادىشاهنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ، ئەدىپىنى بەرگۈزەمەن.

مۇختار هەميانىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. سەركەردىنىڭ خوتۇنى دەرۋازىنى ئىچىدىن مەهكەم تاقىدى. ئاندىن كېنىزەكلىرىگە:

— ئېرىم قايتىپ كېلىپ، ئىشىكنى قاقسا، ئاچماڭلار، ئۇ قارايۈز ئۆيگە كىرگۈچى بولمىسۇن، — دېدى.

—مۇختار سىرتقا چىققاندىن كېيىن، يىراقتىن ئاتلىق كېلىۋاتقان سەركەردىنى كۆردى. سەركەردىنىڭ قولىدا بىر بوغجۇما تون-سەرۇپايلار بار ئىدى. مۇختار ئۇنىمۇ قولغا چۈشۈرۈشنى كۆزلەپ، چاققانلىق بىلەن سەركەردىنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدى. سەركەردە مۇختارنى كۆرۈش بىلەنلا هەيران بولغان هالدا سورىدى:

— سېنى باغلاقتىن كىم بوشاتتى؟

— هەي سەركەردەم، — دېدى مۇختار، — سىز ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا هاياسىز خوتۇنىڭىز ئۆيگە بىر ياش يىگىت بىلەن بىللە كىرگەندى. ئۇ يىگىت مېنى كۆرۈش بىلەنلا دەرهال چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئالدىرىدى. خوتۇنىڭىز ئۇنىڭغا: «هەي جان-جىگىرىم، قەيەرگە بارىسىز؟ بۇ ناتونۇش ئادەمدىن ئەندىشە قىلغان بولسىڭىز، ئۇنى مەن هازىرلا چىقىرىۋېتەي. ئېرىم بۈگۈن پادىشاهنىڭ يېنىدىن تاكى نامازشام بولمىغۇچە كەلمەيدۇ، ئاخشىچە بولغان ئارىلىق بىز ئۈچۈن ئەيش-ئىشرەت قىلىدىغان پۇرسەت ئەمەسمۇ؟» دېدى. ئاندىن ماڭا هەميانىڭىزدىكى ئالتۇنلارنى بېرىپ، بۇ سىرنى هېچكىمگە ئېيتماسلىقىمنى تاپىلىدى. مەن جانابىڭىزنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ئېسىمگە ئېلىپ، ئۇنىڭ بۇ قىلغانلىرىغا تاقەت قىلالمىدىم. شۇڭا ئەهۋالنى سىزگە مەلۇم قىلىپ، ئالتۇنىڭىزنى ئۆزىڭىزگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن سىزنى ئىزدەپ كېلىشىم ئىدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان سەركەردىنىڭ ئۆز خوتۇنىغا قاتتىق قەهرى غەزىپى كەلدى. ئۇ، مۇختارغا بىرمۇنچە رەهمەت-تەشەككۇرلارنى بىلدۈرۈپ، ئۆزىگە هەمراه قىلغان هالدا ئۆيىگە كەلدى. سەركەردە دەرۋازىنىڭ تاقاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇرۇشقا تەمشەلدى. مۇختار ئۇنى توسۇپ:

— ئەگەر سىزنىڭ كەلگىنىڭىزنى بىلسە، دەرۋازىنى هەرقانچە قاققىنىڭىز

بىلەنمۇ، ئۇياتسىز خوتۇنىڭىز سىزنى كىرگۈزمەيدۇ، — دېدى.

سەركەردە مۇختارنىڭ مەسلىھىتىنى ماقۇل كۆرۈپ، ئات بىلەن بوغجۇمىنى مۇختارغا بەردى - دە، ئۆزى قوشنىسىنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ، ئۆز ھويلىسىغا چۈشتى.

مۇختار بىر ھەمىيان ئالتۇن بىلەن بىر بوغجۇما كىيىمنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، خۇشاللىقتىن تېرىسىگە سىغمايلا قالدى. كۈلكىدىن ئاغزىنى يۇمالمايۋاتقان بۇ ئەبلەخ سەركەردىنىڭ ئېتىغا مىندى - دە، ئۆيىگە قاراپ بەدەر تىكىۋەتتى.

قەھرى غەزەپكە كەلگەن سەركەردە ئۆيگە كىرىپ خوتۇنىغا:

— ھەي ئار - نومۇسنى بىلمىگەن ۋاپاسىز، ھاممامدىن بىللە ئېلىپ كەلگەن يىگىتىڭنى نەگە يوشۇردۇڭ، — دەپ ۋارقىرىدى.

بۇ ھاقارەتنى ئاڭلىغان ئايال، سەركەردىنىڭ ياقىسىدىن تۇتتى - دە، ئۇنىڭ يۈزلىرىگە نەچچە تەستەك سېلىۋەتتى.

— ھەي تۈزكور مۇناپىق، — دېدى ئۇ سەركەردىگە، — تېخى ئار - نومۇس ھەققىدە سۆزلەۋاتامسەن؟! بىر كىشىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىپ، سېنى زىياپەتكە چاقىرسا، سەن ئۇنىڭ خوتۇنىغا بەدنىيەتلىك بىلەن كۆز سېلىپ، «ئەگەر خوتۇنۇڭنى بەرمىسەڭ سېنى بوش قويمايمەن» دەپ، ئۇ بىچارىنىڭ پۇت - قوللىرىنى كىشەنلەپسەن. سەندە ئار - نومۇس دېگەن نەرسىمۇ بارمۇ؟!

— ھەي ئالدامچى دەييۈز، ھاممامدا مۇھەببەتلىشىپ، ئېلىپ كەلگەن يىگىتىڭنى قەيەرگە يوشۇردۇڭ دەۋاتىمەن! چاپسان ئېيت، بولمىسا بېشىڭنى ئالىمەن، — دېدى سەركەردە شەمشىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ جاڭجاللىرى يۇقىرى چەككە يەتتى. خوتۇن باشقىلارنىڭ ھىيلىسىگە ئالدانغانلىقىنى سېزىپ، مۇختارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى سەركەردىگە بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. سەركەردىمۇ ئۆز سىرىنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بەردى - دە، ساراسىمىگە چۈشكەن ھالدا چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتى. كوچىغا چىقىپ قارىسا، نە مۇختاردىن خەۋەر، نە ئات بىلەن كىيىم - كېچەكلەردىن ئەسەر يوق. بۇ ھالغا تاقەت قىلالمىغان سەركەردە داد - پەرياد كۆتۈرگەن ھالدا پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆتۈلگەن ھەممە ۋەقەنى بايان قىلدى. پادىشاھ بۇ ئىشلاردىن ھەيران - ھەس قالدى، ئاندىن مۇنەججىم ۋە پالچىلار، قۇربېشى، مىرشەبلەر ۋە بارلىق پايلاقچىلارنى چاقىرتىپ:

— مۇنۇ سۈرەتلىك ئادەمنى قولغا چۈشۈرۈڭلار. ئۇ شەھىرىمىزدە بىرەر ئاي تۇرۇپ قالسا، ھەممە ئادەمنى خانىۋەيران، بەلكى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىشى مۇمكىن، — دەپ بۇيرۇدى ۋە ھېسابسىز كۆپ ئادەمنى مۇختارنى ئىزدەشكە مەسئۇل قىلىپ بېكىتتى. بۇ سۆز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى مەككار دەللەنىڭ كوچىمۇ - كوچا، ئىشىكمۇ - ئىشىك تېنەپ يۈرگەن بىر ئەما بىچارىنى ئۇچرىتىپ، گويا «ئېرىم» دەپ دەۋا قىلىپ، ئۆيىگە باشلاپ كەلگەنلىكى ۋە تەمە دانلىرىنى چېچىپ، ئۇ كور

بىچارىنى بالا قىلتىقىغا چۈشۈرگەنلىكىدىن ئاڭلاڭ.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى مەككار دەللە ئالدامچىلىق كىيىملىرى بىلەن ياسىنىپ، كوچىغا چىقتى. ئۇنى كۆرگەن كىشىلەر «بۇ قايسى شاھزادىنىڭ مەھبۇبى ۋە قايسى بەگزادىنىڭ مەشۇقىدۇ؟» دەپ ئىختىيارسىز قاراپ ھاڭۋېقىپ قېلىشتى. دەللە شۇ يوسۇندا سىلىق چامداپ كېتىۋاتقىنىدا، تۇساتتىنلا بىر مەسچىتنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇخشۇم بىلەن بېشىلىرىنى جەندىسىگە سىلىپ ئولتۇرغان بىر قېرى ئەما كىشىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى، بۇنى كۆرگەن دەللە دەرھال بېرىپ ئۇنىڭ ساقىلىدىن تۇتتى-دە، يۈزىگە ئىككى تەستەك ئۇردى.

— ھەي ئۇرۇرى پەس، قەلەندەر مىجەزلىك كور، — دېدى دەللە ئۇنىڭ ساقىلىدىن تۇتۇپ، — سەن مېنىڭدەك ھۆر سۈپەت خوتۇنۇڭنى تاشلاپ، جەننەتكەبى باغ-ھويلىلىرىڭدىن ۋە چاكار-كېنىزەكلىرىڭدىن كېچىشكە خۇدادىن قورقمامسەن، خالايىقلاردىن ئۇيالمامسەن؟! ھەتتاكى ئوغۇل-قىزلىرىڭنىمۇ ئېسىڭگە ئالمايى، بۇنداق خارلىق ۋە قەلەندەرلىكنى ئىختىيار قىلىشىڭ مۇۋاپىقمۇ؟! ئۈچ يىلدىن بۇيان سېنى ئىزدەپ، بارمىغان يېرىم قالمىدى، كۈندۈزلىرى پۇتلىرىمنىڭ ماغدۇرى كەتتى، كېچىلىرى كۆزلىرىمدىن ئۇيقۇ قاچتى. تۇر ئورنۇڭدىن، مەن بىلەن ماڭ، باللىرىڭ سېنى كۆرۈشكە تەشنا.

بۇ ئەھۋالغا ھەيران بولغان كور قەسەم قىلىپ:

— مەن ھېچقاچان خوتۇن ئېلىپ باقتان ئەمەسمەن. خوتۇن ئېلىشنى ئارزۇ قىلغان بولسامۇ، لېكىن ھەرقانداق بىر ئايال، ھەتتا ئۇ ئەڭ سەت ئاياللاردىن بولسىمۇ، ماڭا خوتۇن بولۇشقا نومۇس قىلىپ، قوبۇل قىلمايدۇ. ھېچ چۈشەنمىدىم، سېنىڭ بۇ قىلىۋاتقىنىڭ نېمە غەۋغا؟ — دېدى.

— ھەي بىكار تەلەپ كور، ئۈچ يىلدىن بېرى سېنىڭ مىجەزىڭ ئۆزگىرىپ، ئەمدى ساراڭ بولۇشقا باشلاپسەن. ئۇنداق بولمىسا، ئۆز پەرزەنتلىرىڭدىن كېچىپ، بۇنداق بىمەنە قەسەملەرنى قىلمىغان بولاتتىڭ، — دېدى دەللە كورغا.

بۇلارنىڭ تالاش-تارتىشلىرىنى كۆرۈپ كىشىلەر توپلاندى. يىغىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كورنى ئەيىبلەپ:

— ھەي ھاياسىز كور، مۇشۇنداق پەرى سۈپەت گۈزەل ئايالىڭنى تاشلاپ، گادايلىقتا ۋە خارلىقتا مەھلىيا بولۇپ قېلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنداق پەيلىڭدىن يانغىن، بولمىسا، تەڭرىنىڭ غەزىپىگە قالىسەن، — دېدى.

ئۇلارنىڭ بۇنداق تاپا-تەنىلىرىنى ئاڭلىغان كور كۆڭلىدە: «بۇ ئايالنىڭ ئېرى ماڭا ئوخشىسا كېرەك، بىرەر سەۋەب بىلەن ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ قايتىپ كېلەلمىگەن ئوخشايدۇ، بوپتۇ، مەن ئۇنىڭغا ئۆزرەخاھلىق قىلىپ ئۆيىگە باراي، شۇنىڭ بىلەن بۇ خارلىق ۋە دىۋانىچىلىقتىن قۇتۇلسام ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلىدى.

— ھەي بىچارە ۋاپادارىم، — دېدى كور دەللىگە، — مېنى كەچۈرگىن، مەن

بىچارە كۆزۈم ئەما بولۇپ قالغاندىن كېيىن قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا سەندىن ۋە پەرزەنتلىرىمدىن خىجىل بولۇپ، مۇشۇنداق خارلىقنى ئۆزۈمگە لايىق كۆرگەنىدىم. ئەمدى سەن نېمە دېسەڭ شۇ بويىچە بولسۇن.

دەللە ئۇنىڭغا:

— ھەي جانۇ جاھانىم، سىزنىڭ بەخت-دۆلىتىڭىزدە ھېچنېمىگە ئېھتىياجىم يوق، مال-مۈلۈك ۋە چاكار-كېنىزەكلەر يۈز يىل ئۆمۈر كۆرسەممۇ يېتىپ ئاشقۇدەك بار. لېكىن پەرزەنتلىرىڭىز سىزنى ھەددىدىن زىيادە سېغىنىپ، بىتاقەت بولۇپ كەتتى. مەن ئۇلارنىڭ نالىسىگە چىدىيالماي دائىم تېنىم تاپماي سىزنى ئىزدىدىم. تەڭرىگە يۈزمىڭ قەترە شۇكرى، سىزنىڭ دىدارىڭىز بىلەن كۆزۈم نۇرلاندى، مانا ئەمدى مۇرادىمغا يەتتىم، — دېدى.

دەللىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئەماغا:

— ھەي كور ئەبلەخ، تازا بىر قاملاشمىغان ھاماقەت نېمىكەنسەن، شۇنچىلا تەلەيلىك ۋە دۆلەتمەن ئادەم تۇرۇپ، نېمىشقا ئۆزۈڭنى خارلىققا سېلىپ يۈرىسەن؟! ماڭ، ئەمدى ئىشىكمۇ-ئىشىك دىۋانىچىلىق قىلىشنى تاشلاپ، مەشۇقۇڭ بىلەن ئۆيۈڭگە قايتقىن. قالغان ئۆمرۈڭنى پاراغەت ئىچىدە ئۆتكۈزگىن، — دەپ دالالەت قىلىشتى.

بۇ تەلەيسىز ئەما شۇنداق قىلىپ دەللىنىڭ ئۆيىگە بېرىش تەقەززاسىدا ئورنىدىن تۇردى. دەللە كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يېتىلىگەن ھالدا ئۆيىگە باشلاپ ماڭدى. ئۇلار ئۆيگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، دەللە قىزلىرىغا مەككارلىق بىلەن كۆز قىسىپ:

— ھەي كۆز قارىچۇقلىرىم، مەن ئاناڭلارغا سۆيۈنچى بېرىڭلار، ئۈچ يىلدىن بۇيان يوقىلىپ كەتكەن ئاتاڭلارنى تېپىپ كەلدىم، — دېدى.

قىزلار ئانىسى بىلەن بىللە كەلگەن بىر جۇلدۇر كېپەن ئادەمنى كۆردى. ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىنى كىر قاپلىغانىدى. مەككار قىزلار بۇنىڭدا بىر سىر بارلىقىنى سەزدى-دە، دەرھال بىرسى كېلىپ كور بىلەن كۆرۈشتى، يەنە بىرسى كورنىڭ ھاسىسىنى ئالدى، يەنە بىرسى كېلىپ ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى روماللىرى بىلەن ئېرتتى، يەنە بىرسى كورنىڭ بېشىدىكى كىرقاپلىغان سەللىسىنى ۋە يەنە ئۆزگىلىرى ئۇنىڭ پاسكىنا ۋە كونا كىيىملىرىنى يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇپ، كىيگۈزدى. ئۇلار كورنى يۇيۇپ-تاراپ ياسىدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، چەكسىز ئىززەت-ھۆرمەتلەر بىلەن مېھمانخانىسىغا باشلاپ كىردى، قاتمۇقات ئىپەك تۆشەكلەر ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ھەر خىل ئېسىل تائاملار ۋە گۈل سۈيىدىن ئىشلەنگەن شەرۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ، كورنىڭ ئالدىغا تىزدى. كور تاماقلاردىن يەپ شەرۋەتلەردىن سۈمۈرۈپ، شۇ قەدەر ھۇزۇرلاندىكى، گويا ئۆزىنى جەننەت ئىچىدە تۇرغاندەك ھېس قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە «بۇ ئايالنىڭ ئېرى بىر ياقلارغا چىقىپ كەتكەن بولسا، قايتىپ كېلىپ قالارمىكىن» دەيدىغان ئەندىشىمۇ بارئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ئۆزىنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشاتتى. «يوقاپ كەتكىنىگە ئۈچ يىل بولغان بولسا، ئۇ



كىشى ئەلۋەتتە ۋاپات بولغاندۇ، چۈنكى ئۇ باي ئادەم ئىكەن. سەپەرگە چىققان ۋاقتىدا ھەميانلىرىدا ئاز - تولا نەق پۇل ۋە ئالتۇن - كۈمۈشلىرى بار بولغىيدى، شۇنىڭ قەستىگە چۈشكەن ئوغرى - قاراقچىلار بەلكى ئۇ ئادەمنى نابۇت قىلىپ، پۇل - ماللىرىنى ئېلىۋالغان بولۇشىمۇ ئېھتىمال» دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ.

ئەلقىسسە كۈن كەچ بولدى. قىزلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئەرلىرىنىڭ ئۆيىگە كېتىشتى. دەللە كور ئۈچۈن ئىپەك تۆشەكلەرنى سېلىپ، ماھۇق ياستۇقلارنى قويۇپ، شاھانە ئورۇن ھازىرلىدى - دە، كورنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ئېلىپ كېلىپ:

— ئەمدى يېتىپ ئارام ئالغايسىز، — دېدى.

كور راسلانغان ئورۇنغا كېلىپ كىيىملىرىنى سېلىپ ئەمدىلا يېتىشىغا، ئۇنىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى پالاكەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاپ ياتقان ئەرلىك ئەزاسى دەللىنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈمىدى بىلەن ئويغىنىپ كەتتى. كور ھەرقانچە قىلىپمۇ ۋۇجۇدىدا دولقۇنلاۋاتقان ھاياجانلىق ئىنتىلىشلىرىنى باسالماي قالدى. ئۇنىڭ كەيپىياتى ھەددىدىن زىيادە جىددىيلىشىپ، كۆزىگە زادىلا ئۇيقۇ كىرمىدى. ئۇ ئاخىرى بېشىنى كۆتۈرۈپ، ياستۇققا يانپاشلىدى - دە، دەللىگە:

— ھەي نازىنىن، نېمىشقا مېنى بۇنچىلا ئىنتىزار قىلىدىغانسەن؟ ھازىر بولسا ئەيشى - ئىشرەت قىلىدىغان ۋاقىت، تېز بول، قوينۇمغا كىر، پۇرسەت غەنىمەت، — دېدى.

دەللە كورغا:

— ھەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، كۆڭلۈمنىڭ ھۇزۇرى، — ئۈچ يىلدىن بېرى سىزنى شۇنچە ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەنىدىم ۋە شۇ قەدەر جان پىدالىق بىلەن ئىزدىگەنىدىم. خۇداغا شۈكرى، مانا ئەمدى سىزنىڭ بەخت كەلتۈرگۈچى ۋىسالىڭىز بىلەن قاراڭغۇ دىلىم يورۇپ، مۇرادىمغا يەتتىم. بىراق ھازىر مەن ئالدىڭىزدا ئۆزرىلىك بولۇپ قالدىم، بۇنداق ئەھۋال ھەممە ئاياللاردا بولىدۇ. مەن سىزنى ئىنتىزارلىق بىلەن ئۈچ يىل

ساقلىغانىدىم. سىزمۇ ئۈچ كۈن كۈتۈپ تۇرسىڭىز. چۈنكى ئۈچ كۈندىن كېيىن مەن پاك بولىمەن. بىز شۇندىن كېيىن ۋىسال خىلۋەتخانىسىدا شاراب ئىچىشىپ، بىر-بىرىمىزگە يېقىنلىشايلى. ھازىرچە مېنىڭ باشقا ياتقىنىم ياخشى، — دېدى-دە، ئۇنىڭدىن سەل يىراقراق بىر ئورۇنغا يۆتكىلىپ ياتتى. كورنىڭ ئىزتىراپلىق ئىچىدە قىلغان يالۋۇرۇشلىرى، بىچارىلىق بىلەن قىلغان يېلىنىشلىرى ۋە تاقەتسىزلىك ئىچىدە سۇنغان ئىلتىماسلىرىنىڭ قىلچە ئۈنۈمى بولمىدى. ئەكسىچە بۇ قىلىقسىز مەخلۇق ئېرى مۇختار بىلەن ئەيشى-ئىشرەتكە تۇتۇش قىلدى.

بىچارە كور كېچىنى ئۇيقۇسىز يورۇتتى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن دەللە كورنى تۇرغۇزۇپ، قاتمۇقات تۆشەكلەر ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى. ئالدىغا رەڭمۇرەڭ مېۋە-چېۋىلەر ۋە خىلمۇخىل ئېسىل تائاملارنى كەلتۈرۈپ، تاكى كەچ-كىچە زىياپەت قىلدى. كەچ كىرگەندىن كېيىن دەللىنىڭ قىزلىرى كورنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئۇلار كورنىڭ بوينىغا مەككارلىق سىرتمىقىنى سېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ رەزىل مۇددىئالىرى يولىدا ئۇنى قۇربان قىلماقچى بولۇشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار نەيرەڭۋازلىق كىتابىدىن كىشىنى ئېزىقتۇرغۇچى ئەپسۇنلارنى ئوقۇپ، شېرىن-شېكەر سۆزلىرىنى قىلىشقا باشلىدى.

— ھەي جىسمىمىزنىڭ قۇۋۋىتى ۋە جېنىمىزنىڭ ئارامى ئاتا، — دېدى ئۇلار كورنىڭ بوينىغا ئېسىلىشىپ، — نەچچە يىللاردىن بۇيان ئۆز تەگتۈشلىرىمىز ئارىسىدا بىزمۇ ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان زىبۇ-زىننەت بويۇملىرىنى تاقاپ يۈرسەك، سىزدەك دۆلەتمەن ئاتىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىمىز ئەل ئارىسىدا نامايان بولۇپ تۇرسا دەپ ئارزۇ قىلىشاتتۇق. لېكىن سىزنىڭ يوقلىپ كېتىشىڭىز بىزنى بۇ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىمىزدىن مەھرۇم قىلغانىدى. خۇداغا شۈكرى، مانا ئەمدى سىزنىڭ پۈشتى پاناھلىق سايىڭىز قايتىدىن بېشىمىزغا چۈشتى. شۇڭا ئىلگىرىكى ئارزۇ-ھەۋەسلىرىمىز قايتىدىن ئويغاندى. ئەمدى سىز ئۆز قولىڭىز بىلەن داڭلىق زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرىدىن ئېلىپ بېرىپ بىزنىڭ مۇرادىمىزنى ھاسىل قىلسىڭىز قانداق؟ بىز ئۇنى تەۋەررۈك بىلگەن بولاتتۇق.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان كورنىڭ كۆڭۈل قۇشلىرى پالاكەت قىلتىقىغا قاراپ پەرۋاز قىلدى.

— ھەي كۆز قارىچۇقلىرىم، — دېدى ئۇ ھەسرەت چەككەن ھالدا، — سىلەرنىڭ تەلەپلىرىڭلارنى ئورۇنداشقا مېنىڭ جېنىم بولسىمۇ پىدا قىلغان بولاتتىم، بىراق داداڭلارنىڭ ھالى مۇشۇ، قولىدا بىر تىيىنمۇ پۇلى بولمىسا، سىلەرگە ئۇ نەرسىلەرنى قانداقمۇ ئېلىپ بەرسۇن.

مەككار قىزلار كورغا تەسەللى بېرىپ:

— سىز پۇلدىن غەم قىلماڭ، پۇل دېگەن ئاپامدا كۆپ، سىز پەقەتلا خوجايىن دادا سۈپىتىدە ئاپام بىلەن بىرگە چىقىپ، دۇكاندارلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ بەرسىڭىزلا كۇپايە. قالغان ئىشلارنى ئاپام ئۆزى قىلىدۇ، — دېدى.

ئۇلار مانا مۇشۇنداق ئالدامچىلىق نەغمىلىرى بىلەن كورنى ئۆسىنىغا سېلىش

ئۇچۇن چارە - تەدبىر سازلىرىنىڭ تارلىرىنى تەڭشەپ، پەدىلىرىنى تۈزۈپ توغرىلىدى؛ ھىيلە - مىكىر كىتابىدىن ھەييارلىق مۇقاملىرىنى ئۆزىنىڭ بارىچە تۈۋلىدى. شۇ ئارقىلىق كورنى ئالداپ بىخۇدلاشتۇردى. ئۆزىگە كەلگەن بۇ ئابرويىدىن مەمنۇن بولۇپ كەتكەن بۇ ھاماقەت كور ئۇلارنىڭ دىگەنلىرىگە خۇشاللىق بىلەن رازى بولدى.

ئەتىسى كورنى يىگىباشتىن يۇيۇپ - تاراپ، قىممەت باھالىق تون پەرىجەلەرنى كىيگۈزدى. بېشىغا زەرجىيەكلىك شايىدىن سەللە ئوراپ، ئارغىماققا مىنگۈزدى. دەللىنىڭ كويتۇغۇللىرىدىن بىرسى كورنىڭ چاكىرى سۈپىتىدە ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ، بازارغا ئېلىپ ماڭدى. ئاتلىق كېتىۋاتقان كورنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنى «قايسى شەھەرنىڭ قازىسى ئىكەن» دەپ قىلىشتى. ئۇلار مېڭىپ - مېڭىپ ئاخىرى بىر جاۋاھىرپۇرۇشلۇق رەستىسىگە يېتىپ كەلدى. جاۋاھىرپۇرۇشلار ئىچىدە ئەڭ باي ۋە ئەڭ كاتتىسىدىن بىرسى ئۇلارنى يىراقتىن كۆرۈپ: «تازا سائادەتمەن، باي كىشى ئىكەن. بىراق كۆزى ئەما ئىكەن. ئۇ بەلكىم جاۋاھىر ئالغىلى كەلگەن بولسا كېرەك. كور كىشىنى سودىدا ئوڭاي ئەپلىگىلى بولىدۇ. ئۇنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويماسلىق كېرەك» دەپ ئويلىدى - دە، دەرھال ئالدىغا چىقىپ، سالام، تەزىملەر بىلەن دۇكانىغا تەكلىپ قىلدى. جاۋاھىرپۇرۇش كورنى دۇكان ئىچىگە باشلاپ كىرگەندىن كېيىن، تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ، ھەر خىل تائاملار بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر، ھەيران بولغان ھالدا «بۇ جاۋاھىرپۇرۇش ئۆزىگە ھېچكىمنى تەڭ قىلمايدىغان ناھايىتى تەكەببۇر ئادەم ئىدى. ئۇزايىدىن قارىغاندا بۇ ئەما كىشى ناھايىتى كاتتا ئۇلۇغ زات ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاشتى. تائامدىن كېيىن جاۋاھىرپۇرۇش سۆز ئېلىپ:

— جانابىي ئالىيلىرىنىڭ بۇ تەرەپلەرگە قەدەم بېسىپ قىلىشلىرىدا ئەلۋەتتە بىرەر سودا - سېتىق مۇددىئالىرى بولۇشى مۇمكىن، نېمە لازىم بولسا، پېقىردا تېپىلىدۇ، ئىزھار قىلغايلا، كەمىنىلىرى خىزمەتلىرىگە تەييارمەن، — دېدى تەكەللۇپلار بىلەن.

— خۇدا بىزگە تۆت - بەش نەپەر قىز پەرزەنت ئاتا قىلغانىدى، — دېدى كور جاۋاھىرپۇرۇشقا، — ئۇلارغا بىر ئاز زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىدىن ئالماقچىمىدىم. ئەڭ ياخشى جاۋاھىرلاردىن ياسالغانلىرى بولسا، باھاسى قانچە قىممەت بولسىمۇ سېتىۋېلىشقا كۈچۈم يېتىدۇ، گەپ پەقەت سىزنىڭ ماللىرىڭىزنى قىزلىرىم ياقتۇرسىلا بولغىنى.

جاۋاھىرپۇرۇش ئەسلىدە كورغا ئۆزىنىڭ ئۆتمەس ماللىرىنى سېتىۋالماقچى ئىدى، كورنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ قارارىنى ئۆزگەرتتى. ئۇ ئۆز بىساتىدا ساقلاپ كېلىۋاتقان بارلىق قىممەت باھا لەئلى - ياقۇت، زۇمرەت ۋە ئالتۇندىن ياسالغان زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىپ، كورنىڭ ئالدىدا قويدى. بۇ ماللارنىڭ ھەربىرى قىممەت جەھەتتە بىر مەملىكەتنىڭ يىللىق خىراجىتىگە تەڭ كەلگۇدەك دەرىجىدە ئىدى. كور دەللىگە قاراپ:

— بۇلاردىن قىزلىرىڭنىڭ كۆڭلىگە

ياققۇدەكلىرىنى تالليۋالغىن، — دېدى.

— مەن ئۇلارنىڭ ياقتۇرىدىغىنىنى قانداق بىلەلەيمەن، ئەڭ ياخشىسى قىزلار ئۆزلىرى تاللىسا ياخشى بولاتتى. مەن بۇلارنى ئۆيگە ئېلىپ بېرىپ قىزلىرىمنىڭ ئۆزىگە تاللاتقۇزغاندىن كېيىن، بۇنىڭ باھاسىغا لايىق ئالتۇن ئېلىپ كېلەي، سىز ئاڭغىچە بۇ يەردە پاراڭلاشقاچ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، بۇنىڭغا جانابى جاۋاھىرپۇرۇش نېمە دەيدىكىن، — دېدى دەللە.

دەللىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان جاۋاھىرپۇرۇش:

— ھەي قېرىنداشىم، ئۆزىڭىزنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن، ئاپىرىپ قىزلىرىڭىزغا تاللاتقۇزۇپ كېلىڭ. مەن سىزگە چىن كۆڭلۈمدىن ئىشىنىمەن، — دېدى-دە، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر رومالغا ئوراپ، چېگىپ بەردى. بۇلارنى قولىغا ئالغان دەللە نەيرەڭۋازلىق كىتابىدىن ھەييارلىق ئەپسۇنلىرىنى ئوقۇپ، جاۋاھىرپۇرۇشنى تېخىمۇ خاتىرجەم قىلماقچى بولدى-دە، ئۇنىڭغا:

— خەلق ئىچىدە ھېسابلىق دوست ئايرىلماس دەيدىغان ماقال بار، ئالمادىس بىرەر سەۋەنلىك ئۆتۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بۇ جاۋاھىرلىرىڭىزنى سانىۋالسىڭىز، — دېدى.

— ساناپ يۈرۈشىڭىزمۇ ھاجىتى يوق ئىدى، — دېدى جاۋاھىرپۇرۇش كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، — سىز ئىلتىماس قىلغان بولغاندىن كېيىن، كۆڭلىڭىز ئۈچۈن سانىسام ساناي.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئەخمەق كور جاۋاھىرپۇرۇشقا:

— كۆردىڭىزمۇ؟ بىزنىڭ خوتۇنىمىز ئاياللار ئىچىدە ھەقىقەتەنمۇ ئىشىنىڭ بولىنى بىلىدىغان ئايال. ئۇنىڭ باشقا ئاياللاردەك چېچى ئۇزۇن ئەقلى قىسقا ئەمەس، بەلكى چېچى بىلەن ئەقلى تەڭلا ئۇزۇن. ئۇ راست ئېيتىمدۇ، بۇرادەر، سانىڭ، — دېدى.

جاۋاھىرپۇرۇش جاۋاھىرلىرىنى ساناپ چىققاندىن كېيىن، رومالغا قايتىدىن چېگىپ، دەللىگە بەردى. دەللە ئۇنى ئېلىپ، بەش-ئون قەدەم مېڭىپ بولغاندىن كېيىن، ھىيلە-مىكرىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرماقچى بولدى-دە، يەنە قايتىپ كېلىپ، جاۋاھىرپۇرۇشقا:

— ھەي خوجا، بۇ جاۋاھىرلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئالماقچى بولساق باھاسى قانچە بولار؟ شۇنى دەپ بەرسىڭىز. مەن شۇنىڭغا قاراپ، يېنىڭىزدا ئولتۇرغان بايىنىڭ خەزىنىسىدىن ئېلىپ كەلسەم، — دېدى.

كور بۇنى ئاڭلىغان ھامان دەللىنى ماختاپ:

— بارىكاللا، خوتۇنۇم، بارىكاللا. ئەقلىڭدىن ئۆرگىلىپ كېتەي. مېنىڭ خىيالىمغا كەلمىگەن ئىشلار ھەمىشە سېنىڭ يادىڭغا كېلىدۇ، جۇمۇ. مەن سەندىن ئىككىلا ئالەمدە رازى، — دېدى ۋە ئاندىن جاۋاھىرپۇرۇشقا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇ خوتۇنۇمنىڭ ئەقىل-ھوشى ۋە پەم-پاراسىتىنى كۆردىڭىزمۇ، بۇرادەر؟ قۇدرىتى ئۇلۇغ ئىگەم كۆزۈمنى ئەما قىلغان بولسىمۇ، يەنە ئۇنىڭغا يارىشا مۇشۇ پەرىشتىدەك خوتۇننىمۇ ئاتا قىلغان.

جاۋاھىرپۇرۇش دەللىگە:

— ھەي سىڭلىم، سىز ئالدى بىلەن جاۋاھىرلارنى كۆرسىتىپ كېلىڭ، ئەگەر قىزلىرىڭىز ماقۇل كۆرۈپ قالسا، ئاندىن ھېسابىنى قىلىشساقمۇ ئۈلگۈرىمىز، — دېدى.

دەللە:

— خەير، ئۇنداق بولسا، — دېدى-دە، خاتىرجەم ھالدا ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. لېكىن جاۋاھىرپۇرۇشنىڭ يېنىدا ئارغىماق ئات، دەللىنىڭ كۆيئوغلى ۋە كورغا كىيگۈزۈپ كەلگەن ئېسىل كىيىم-كېچەكلەر قېپ قالدى.

ئەلقىسسە، جاۋاھىرپۇرۇش بۇگۈن مالنى بۇنداق توپ ئېلىپ، ئۆلگۈچە سودا قىلىدىغان ياخشى خېرىدارغا يولۇققىنى ئۈچۈن ناھايىتى خۇشال بولدى. كورنىڭ ئالدىغا قايتىدىن داستىخان سېلىپ، ھەر-خىل ئېسىل تائام ۋە شارابلارنى كەلتۈرۈپ، زىياپەت قىلىپ بەردى. كور بۇ نازۇ — نېمەتلەردىن ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ يەپ-ئىچىپ، ھەددىدىن زىيادە تويۇۋالدى. تائامدىن كېيىن كورنى ئۇيقۇ تۇتۇپ، ئەسنەشكە باشلىدى. يېگەن تائام ۋە ئىچكەن شارابلارنىڭ ھارارىتى ۋە كۆڭلىنىڭ تەپتى بىلەن بەدەنلىرى بارغانسېرى ئىسسىقلاشقا باشلىدى. كورنىڭ چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھېلىقى چاكار سۈپەت كۆيئوغۇل ئۇنىڭ ئۈستىبېشىدىكى شاھانە كىيىم-كېچەكلەرنى سالدۇرۇۋېلىشنىڭ پۇرسىتى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ دەرھال كورنىڭ قېشىغا كېلىپ ئېھتىرام بىلەن:

— ھەي ئۇلۇغ خوجام، بۇ كىيىم-كېچەكلەر جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئۇيقۇسىغا ئەسىر يەتكۈزۈپ، مۇبارەك تەنلىرىگە مالاللىق كەلتۈرۈپ قويمىغاي، — دېدى ۋە بېشىدىن ئالتۇن جىيەكلىك شايى سەللىسىنى، ئۈستىدىن ئالتۇن كەمەر ۋە كىمخاب تونىنى ئاستا يېشىۋالدى. كورنىڭ دېمىق ھاۋادا سىقىلىپ كېتىۋاتقان بەدىنىگە شامال تېگىپ، ھۇزۇرلاندى. بۇنىڭدىن خۇشال بولغان كور پەخىرلەنگەن ھالدا جاۋاھىرپۇرۇشقا:

— ھەي بۇرادەر، كۆردىڭىزمۇ؟ بىزنىڭ مۇنۇ چاكىرىمىزمۇ بەك ھوشيار، قاراڭ، مەن دېمىسەممۇ، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى سوراپ كېلىپ، مېنى راھەتلەندۈردى، — دېدى.

— ھەي خوجام، — دېدى جاۋاھىرپۇرۇش كورغا، — پۇل-مالنى ھالال تاپقان ئىكەنسىز، شۇڭا ياشانغاندا راھىتىنى تازا كۆرۈۋېتىپسىز، ئۇلۇغ تەڭرىم سىزگە بەخت-دۆلەتنى ھەر جەھەتتىن ئايىماي بەرگەنىكەن، پېقىرغىمۇ بىر دۇئا قىلىپ قويسىڭىز، مەنمۇ سىزدەك دۆلەتمەن بولسام.

كور ئۇنىڭغا:

— سەۋرى قىلىڭ، خۇدا بۇيرۇسا، مەندەك بولىسىز، — دېدى-دە، قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى.

دەللىنىڭ كۆيئوغلى كورنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى بىر رومالغا ئوراپ ئاتنىڭ ئىگىرىگە مەھكەم باغلىدى. ئاندىن بۇ يەردىن قانداق قېچىپ كېتىشنىڭ تەدبىرلىرىنى ئويلاشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا جاۋاھىرپۇرۇش كوردىن:

— ھەي خوجام، ئايالىڭىز ھايال بولۇپ قالدى. ئۆيىڭىز يىراقمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئانچە يىراق ئەمەسىدى، بىلمىدىم، نېمىشقا تەخىر قىلىپ قالدىكىن، — دېدى كور جاۋابەن. ئاندىن كۆيئوغۇلغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھەي چاكار، سەن بېرىپ قاراپباق، ئاناڭ نېمىشقا كەچ قالدى.

— مەنمۇ شۇ ئەندىشىدە قالدىم،

بىر ئەھۋال يۈز بەردىمىكىن-تاڭ، — دېدى كۆيۈموغۇل.

كور ئۇنىڭغا تاپىلاپ:

— ئاتقا مىنىپ بارغىن، ئانىڭ تېز كەلسۇن، ياكى ئۆزى كېلەلمىسە، سەن تېز قايتىپ كېلىپ جاۋابىنى يەتكۈزگىن. مەن بۇ يەردە تەشۋىشلىنىپ ئولتۇرۇۋەرمەي. ئەگەر قىزلىرىم ئۇ جاۋاھىرلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىش ئارزۇسىدا بولسا، جاۋاھىرلار شۇ پېتى ئۆيدە قالسۇن. قىزلىرىم خۇشال بولۇدىغانلا بولسا، ئۇلار مېنىڭ دۆلىتىمدە ئۇنداق جاۋاھىرلاردىن ئون تۆگىگە يۈك بولغۇدەك ئالسىمۇ، ھېچ ۋەقەسى يوق.

كوردىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان كۆيۈموغۇل كۆڭلىدە: «سەن ھاماقەت كورغا ئەلۋەتتە ھېچ ۋەقەسى يوق، چۈنكى ئىلگىرىكى گادايلىقىڭ ۋە مەينەتلىكىڭ پېتى قېلىۋېرىسەن، لېكىن ھەممە كەلگۈلۈك ماۋۇ بىچارە جاۋاھىرپۇرۇشقا كېلىدىغان بولدى. مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئۇ پۈتۈنلەي خانىۋەيران بولۇپ كېتىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدى. كۆيۈموغۇل ئاتقا مىنىپ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، كورنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى مۇختار بىلەن دەللىگە بىر-بىرلەپ بايان قىلدى. ئۇلار ھەممىسى كۈلكىلىرىنى باسالماي يەرگە دومىلاپ كېتىشتى. شۇندىن كېيىن بۇ مەككار ئوغرىلار راھەت-پاراغەت ۋە ئەيش-ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. بۇلار بۇ يەردە ئەيش-ئىشرەت قىلىپ تۇرسۇن.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى كور بىلەن جاۋاھىرپۇرۇشنىڭ ماجىراسىدىن ئاڭلاڭ.

ئەلقىسسە، جاۋاھىرپۇرۇش بىر-ئىككى سائەت كۈتكەن بولسىمۇ، دۆلەتمەن كورنىڭ خەزىنىسىدىن كېلىدىغان ئالتۇن-كۈمۈشلەردىن ھېچ خەۋەر بولمىدى. ئۇ نەقەززا بولغان ۋە قىسىلغان ھالدا كورنى ئويغىتىپ سورىدى:

— ھەي خوجام، خوتۇنىڭىز ۋە چاكىرىڭىزدىن ھېچبىر ئۇچۇر بولمىدى، ئۇلار نېمىشقا ساقلاپ قالدىكىن؟

— ئەجەبمۇ سەۋر-تاقەتسىز ئادەم ئىكەنسىز، — دېدى كور بېشىنى كۆتۈرۈپ، چىچىلغان ھالدا، — مۇشۇنداق يەڭگىلتاقلىقىڭىز بىلەن قانداقمۇ سودا ئىشى بىلەن شۇغۇللانغانسىز، ئادەم دېگەن بىرئاز ئېغىر-بېسىق، ۋەزمىن بولغىنى تۈزۈك. ئۆزىڭىز چوپچوڭ ئادەم تۇرۇپ مۇنچىۋالا بولۇپ كەتمەڭ، بىردەمدىن كېيىن كېلىپ قالار.

كوردىن بۇ تاپا-تەنىلەرنى ئاڭلىغان جاۋاھىرپۇرۇش خىجىل بولغىنىدىن زۇۋان سۈرەلمىدى. يەنە بىر-ئىككى سائەت ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. كور بېشىنى كۆتەرمەستىن ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ ياتاتتى. تەقەززالىق ئىچىدە ئىچى ئىت-ئىت بولۇپ كەتكەن جاۋاھىرپۇرۇش ئاخىرى كورنى يەنە ئويغاتتى.

— ھەي خوجام، — دېدى ئۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا، — كۈن كەچ بولۇپ كەتتى. ئەگەر مالال كەلمىسە، ئۆيىڭىزنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز، ئۆزۈم بىر ئادەمنى ئەۋەتسەم.

— ئۆيۈمنىڭ قەيەردىلىكىنى، — دېدى كور ئېرەن قىلماستىن، — ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان جاۋاھىرپۇرۇشنىڭ قەھرى غەزىپى جۇش ئۇرۇپ، قويقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى.

— ھەي تۇترۇقسىز قارىغۇ! — دېدى ئۇ ئەقلى-ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ۋارقىراپ، — بۇ قانداق دېگەن تېتىقسىز گەپ!!

— تۇترۇقسىز دېگەن ئۆزۈڭ، — دېدى كورمۇ بوش كەلمەي، — نېمە مەندىن تولا گەپ سورايسەن، ئۇ خوتۇن بىلەن تونۇشقىنىمغا ئەمدى ئۈچ كۈن بولغان تۇرسا، ئۆيىنىڭ قەيەردىلىكىنى مەن نەدىن بىلەي؟!

— نېمە دېدىڭ؟! — دېدى جاۋاھىرپۇرۇش كورنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ.

كور قەسەم قىلىپ:

— خۇدا ھەققى، ئۇ خوتۇن بىلەن تونۇشقىنىمغا ئۈچ كۈندىن زىيادە بولغان بولسا، تەڭرى مېنى ئىككىلا ئالەمدە مۇرادىمغا يەتكۈزمىسۇن، ئەگەر بۇ سۆزۈمگە ئىشەنمىسەڭ، خۇدا سېنىمۇ نىيىتىڭگە يەتكۈزمىسۇن، — دېدى.

جاۋاھىرپۇرۇش بىلدىكى، مەككار خوتۇن بۇ كورنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، جاۋاھىرلىرىنى ئالداپ ئېلىپ كېتىپتۇ. غەزەپتىن كۆزلىرىگە قان تولۇپ كەتكەن جاۋاھىرپۇرۇش پۈتۈن كۈچى بىلەن بىر تەستەك ئۇرغانىدى، كور دەلدەڭشىگەن پېتى نەچچە چۆگىلەپ بېرىپ، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشتى. ئارقىسىدىن جاۋاھىرپۇرۇش:

— ھەي نومۇسسىز قارىغۇ، سەن مېنى خانىۋەيران قىلدىڭ! — دەپ داد-پەرياد سالغان پېتى قوغلاپ چىقتى ۋە كورنى ئاياغ ئاستىغا ئېلىپ، شۇنداق تەپتىكى، كور قېچىشقا جاي تاپالماي قالدى. ئۇلارنىڭ جېدەل-ماجىرالىرى ۋە نالە-پەريادلىرى پۈتۈن بازارنى بىر ئالدى. خالايىقلار بۇ ئىككىسىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. كور ئەتراپىدىكىلەرگە ئىلتىجا قىلىشقا باشلىدى:

— ھەي مۇسۇلمانلار، مەن بىچارىنى ماۋۇ رەھىمسىز جاۋاھىرپۇرۇشنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇڭلار، خۇدا ھەققى، مەن ئۇ خوتۇننىڭ قانداق ئايال ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم، مەن ئەسلىدە كوچىدا تىلەمچىلىك قىلىدىغان قەلەندەر ئىدىم. بۇندىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى مەسچىت ئالدىدا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇراتتىم، ئاشۇ خوتۇن كېلىپ، «سەن مېنىڭ ئېرىم» دەپ، مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. مەن نەپسىمنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپتىمەن، لېكىن نەپسىم ئارام ئالغۇدەك بىرەر ئىش



مۇ بولمىغان، بۇنى ئاز دېگەندەك ماۋۇ
پالاكەتچىلىككە ئۇچرىدىم، — دېدى كور باش-
تىن ئۆتكۈزگەن ھەسرەتلىك ھېكايىسىنى
بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ.

بۇ يىغلىغان كىشىلەر توپى ئىچىدە
دەللە بىلەن كورنىڭ مەسچىت ئالدىدا يۈز
بەرگەن ماجىراسىدىن خەۋەرى بارلار با-
رىدى. ئۇلار بۇگۈنكى ماجىرانى كۆرۈپ،
ئۇ خوتۇنىنىڭ كورغا ھىيلە ئىشلەتكەنلى-
كىنى بىلدى - دە، دەرھال جاۋاھىرپۇرۇش-
نىڭ قولىدىن كورنى قۇتقۇزۇۋالدى، نا-
تاۋان كور ئۆزىنىڭ بۇ شور پېشانىلىكىگە
زار - زار يىغلىغان ھالدا بىر تەرەپكە يۈ-
رۈپ كەتتى.

جاۋاھىرپۇرۇش داد - پىغان كۆتەر-
گەن پېتى پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ،
بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى. پادىشاھ جا-
ۋاھىرپۇرۇشنىڭ ئەرز - دادىنى ئاڭلاش
بىلەنلا، مىرشەپ ۋە تۇتقاۋۇللارنى چاقى-
رىپ، ئۇلارغا كەسكىنلىك بىلەن بۇيرۇق
چۈشۈردى:

— ئەگەر، — دېدى پادىشاھ غەزەپ
بىلەن، — ئاشۇ بىكار تەلەپ كەلگىندىلەرنى
قولغا چۈشۈرۈشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمى-
ساڭلار، ھەممىڭلارنى ۋەزىپەڭلەردىن ئېلىپ
تاشلاپ، قاتتىق جازاغا بۇيرۇيمەن.

ئۇلار پادىشاھنىڭ پەرمانىنى تاپشۇ-
رۇپ ئالغان ھامان ئۇ مەككارلارنى ئىز-
دەشكە كىرىشتى.

ئەمدى ئىككى جۇملە سۆزنى مۇختار
بىلەن يەتتە نەپەر ئوغرى كۈيئوغۇللىرى-
نىڭ ھەييارلىق كەمەرلىرىنى بەلىرىگە
باغلىغانلىقى ۋە قاپ يۈرەكلىك بىلەن مى-
سىر پادىشاھىنىڭ خەزىنىسىگە ئوغرىلىققا
چۈشۈپ، پادىشاھنىڭ يۈرىكىنى داغلىغان-
لىقىدىن ئاڭلاڭ.

ئەلقىسسە، پادىشاھنىڭ تۇتۇش بۇي-
رۇقى چۈشۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغان مۇختار
پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە خەۋپسىرەشكە
باشلىدى. ئۇلار بىر ھەپتىنى ئۆيىدىن چى-
قالماي، بىئاراملىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى.
ئاخىرى بىر كېچىسى يەنە مۇختار يەتتە
كۈيئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ، ھەييارلىق ئەس-
ۋابلىرى بىلەن قوراللىنىپ ئۆيىدىن چىق-
تى. ئۇلار ئۇلىجا ئىزدەپ كېتىۋاتقىنىدا،
توساتتىن پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە كۆزى
چۈشۈپ قالدى. دەرھال ئارغامچا تاشلاپ
ئۈستىگە چىقتى - دە، ئۆگزىدىن تېشىپ
ئىچكىرىگە چۈشتى. ئۇلار خەزىنە ئىچىدە
بار بولغانلىكى دەپى - دۇنيادىن كۆڭلى
خالىغانچە ئېلىپ، قايتىپ چىقتى. خەزى-
نىدارلار ئويغىنىپ، ئۇلارنىڭ چىقىپ كې-
تىۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، ئوغرى ئىكەن-
لىكىنى بىلىشتى. خەزىنىدارلار ئۇلارغا بىر
نەرسە دېيىشكە پېتىنالمىدى. شۇڭا ئار-
قىسىدىن ئاستا ئەگىشىپ ماڭدى. بىرپەس
يول يۈرگەندىن كېيىن ئۇلار بىر ھويلىغا
كىرىپ كەتتى. خەزىنىدارلاردىن بىرسى
بەش بارمىقىنى قارا قىلىپ، ئوغرىلار كى-
رىپ كەتكەن ئىشىككە تۈيدۈرماستىن بەل-
گە سېلىپ قويدى. خەزىنىدارلار ئاندىن
خاتىرجەملىك بىلەن ئۆز ئورنىغا قايتىپ
كېلىشتى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن بولغان
ۋەقەنى پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ، ئوغرىلار-
نى جازالاتقۇزماقچى بولۇشتى.

بىر پەستىن كېيىن مۇختار كۈيئو-
غۇللىرىغا:

— ھەي كۆز قارىچۇقلىرىم، كېچە
تېخى ئۇزۇن، بۇلداق ئولتۇرۇش بىلەن
ھېچقانداق مەقسەتنى ھاسىل قىلغىلى بول-

مايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە يەنە بىرەر جايغا بېرىپ، يەنە ئاز-تولا بىر نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشكىنىمىز تۈزۈك، يۇرۇڭلار، ئەزىمەتلىرىم، تېرىكچىلىك مەشغۇلاتىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى، — دېدى.

مۇختار ياسىنىپ سىرتقا چىقىشىغا، دەرۋازىدىكى بەش بارماقنىڭ قارا ئىزىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. مۇختار بۇنىڭدا قانداق سىر بارلىقىنى بىلەلمەي، ئەجەبلەنگەن پېتى ئۆيىگە قايتىپ كىردى. مۇختار ۋەقەنى دەللىگە ئېيتقانىدى، دەللە ئەپسۇسلانغان هالدا:

— سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى بىرسى تۇيۇپ قېلىپ، دەرۋازىغا بەلگە سېلىپ قويۇپ كېتىپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىنلا بىز رەسۋا بولىمىز، — دېدى.

— هەي مېنىڭ ئەقىللىق خوتۇنۇم، راست ئېيتىسەن، — دېدى مۇختار دەرهال هوشىنى تېپىپ، — ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

مەككار دەللە بىر تاۋاقتا قازان قارىسى چىلىدى-دە، ئۆزى، ئېرى ۋە قىز-كۈيئوغۇللىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئون ئالتەيلەن كوچىغا چىقتى. ئۇلار شۇ مەهەللىدىكى دەرۋازىلارنىڭ هەممىسىگە، هەتتا تەرەتخانىلارنىڭ ئىشىكلىرىگىچە قەدەر بەش بارماقنىڭ قارا ئىزىنى چۈشۈرۈپ، بەلگە سېلىپ قويدى. ئاندىن خاتىرجەم هالدا ئۆيلىرىگە كېلىپ ئۇخلىدى.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن خەزىنىدار پادىشاهنىڭ هوزۇرىغا بېرىپ، كېچىدە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلدى. پادىشاه خەزىنىدارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش بىلەنلا دەرهال يۈز ئاتلىق، ئەللىك پىيادە چاپارمەنگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، دەللە ۋە مۇختار باشلىق پۈتۈن ئائىلە تاۋاباتلىرىنى باغلاپ ئېلىپ كېلىشنى تاپىلىدى. پادىشاهنىڭ پەرمانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خەزىنىدار باشلىق يۈز ئەللىك كىشى چاقماق تېزلىكىدە هېلىقى مەهەللىگە يېتىپ باردى. ئۇلار كۆردىكى، بۇ مەهەللىدە بەش بارماق بىلەن بەلگە سېلىنمىغان بىرمۇ ئىشىك قالماپتۇ، هەممەيلەن بۇ ئەهۋالغا هەيران قېلىشتى. قايسى دەرۋازىغا ئۇسۇپ كىرىشنى بىلەلمەي، ئىلاجىسىز قايتىپ كېلىپ، ئەهۋالنى پادىشاهغا مەلۇم قىلدى. پادىشاهمۇ ئۇلارنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ ئىشتىن قاتتىق ئەجەبلەندى. بىر نەرسە دېيىشكە ئامالسىز قالدى. بۇلار بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى ئىككى جۈملە سۆزنى دەللە ۋە مۇختارنىڭ يەتتە مەككار قىزى ۋە يەتتە ئوغرى كۈيئوغۇللىرى بىلەن بىللە قولغا چۈشۈپ، هەر قايسىسى ئۆزىنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىگە يارىشا جازالىرىنى تارتىپ، دار ئۈستىدە جان بەرگەنلىكىدىن ئاڭلاڭ.

ئەلقىسسە، پادىشاهنىڭ خەزىنىدارى بىلەن مۇلازىملىرى كېلىپ، بۇلارنى تاپالماي قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، دەللە مۇختارغا:

— هەي ۋاپادار ئېرىم، ئەمدى بىزلەرنىڭ بۇ شەهەردە تۇرۇۋېرىشىمىز ئاقىلانىلىك ئەمەس، نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تېزدىن سەپەر جابدۇقلىرىنى هازىرلاپ، شام تەرەپكە كېتىۋالمىساق، بۇ شەهەردە خاتىرجەملىكىمىز قولدىن كېتىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى.

— راست ئېيتىسەن، — دېدى مۇختار دەللىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا، — ئۇنداق بولسا، سەپەر هازىرلىقىنى

ئىلايلى.

ئۇلار شۇ كۈنى كەچكىچە چېپىپ يۈرۈپ، يول ئۈستىدە كېرەك بولىدىغان ھەممە نەرسىنى تەييارلاپ، تەق قىلىپ قويدى. كەچ كىرگەندىن كېيىن مۇختار دەللە بىلەن مەسلىھەتلىشىپ دېمىشتىكى:

— ھەرھالدا بۇ كېچىلىك ئۆمرىمىز بىكار ئۆتمىسۇن. بىزنىڭ سەپەر مۇشەققىتىنى تارتىشىمىزغا مۇشۇ شەھەر سەۋەبچى بولدى، شۇڭا يول خىراجىتىنىمۇ مۇشۇ شەھەردىن ئېلىش لازىم.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھەييارلىق ئەسلىھەلىرى بىلەن قوراللىنىپ، كوچىغا چىقتى. ئۇلار كېتىۋېتىپ، بىر چوڭ ئىمارەتكە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئىككىسى ئارغامچا تاشلاپ تامدىن ھويلىغا چۈشتى. ھەر تەرەپكە قارىغانىدى، ئويغاق ئادەمدىن ھېچ ئەسەرمۇ كۆرۈنمىدى. ئىككىسى خاتىرجەم ھالدا بىر ئۆيگە كىرىپ، ھەرتۈرلۈك قىممەت باھا كىيىم-كېچەكلەر ۋە ئالتۇن-كۈمۈش جابدۇقلاردىن خالىغانچە ئېلىپ، يولغا چۈشتى.

دەللە بىلەن مۇختار ئوغرىلىققا چۈشكەن بۇ قورۇ پادىشاھنىڭ باش ۋەزىرى سەييدنىڭ قەسرى ئىدى. باش ۋەزىر سەييد كېچىلىرى چىراغىمۇ ياقماستىن، خەلقتىن مەخپى ھالدا تەڭرىگە تائەت-ئىبادەت قىلاتتى. شۇڭا بۈگۈن ئۇ ئوغرىلار كېلىش بىلەنلا سېزىۋالدى. دەللە بىلەن مۇختار ئالغان نەرسىلىرىنى كۆتۈرۈپ، ماڭغان ھامان سەييدمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ، يىراقتىن ئەگىشىپ ماڭدى، بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن ئوغرىلار بىر ھويلىغا كىرىپ كەتتى. سەييد شۇئان تۈيدۈرماستىن ھويلىنىڭ تېمىغا بەلگە سېلىپ قويدى. ئاندىن بۇ قورۇنىڭ بەزى بەلگىلىرىنى ئوبدان زېھنىگە ئېلىۋېلىپ، خاتىرجەم ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى-دە، تائەت-ئىبادىتىگە مەشغۇل بولدى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن سەييد نامىزىنى ئادا قىلىپ بولۇپ، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا باردى. سەييد پادىشاھقا سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن كېچە بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى. پادىشاھ باش ۋەزىر سەييدنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىككى يۈزگە يېقىن ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرلەرگە سەييدنى باش قىلىپ، ئوغرىلارنى تۇتۇشقا ئەۋەتتى. ئۇلار چاقماق تېزلىكىدە يېتىپ بېرىپ، بۇ مەككار ئوغرىلارنىڭ ھويلىسىنى شۇنداق مۇستەھكەم قورشىدىكى، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئۇچار قۇشلارمۇ چىقىپ كېتىشكە پېتىنالمايدىغان بولدى. ئۇلار قانچە ھىيلە ئىشلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن قۇتۇلۇش چارىسىنى قىلالمىدى. سەييد باشلىق ئەسكەرلەر مۇختار بىلەن دەللىنى ۋە ئۇلارنىڭ يەتتە قىز-يەتتە كۈيئوغلىنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، چەمبەرچەس قىلىپ شۇنداق باغلىدىكى، ھېچ بىرىنىڭ قىمىرلاشقا ماجالى قالمىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى پېچەتلەپ، ئۆزلىرىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. پادىشاھ بۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنى سەييدكە تاپشۇرۇپ:

— جانابىي باش ۋەزىر، بۇلارنى قانداق قىلىشنى خالىسىڭىز، شۇ بويىچە قىلىڭ، — دېدى.

شۇ ئەسنادا بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەلگەن سەركەردە مۇختارغا پۈتۈن كۈچى بىلەن بىر تەستەك سالدى.

— ھەي ئىپلاس، — دېدى سەركەر-

دە غەزەپ بىلەن، — ئاخىرى قولغا چۈشتۈڭمۇ؟! سەن ماڭا نېمە قىلغۇلۇقلارنى قىلدىڭ، بېشىمغا نېمە كۈلپەتلەرنى سالدىڭ؟! ئەمدى مانا سەندىن بىرگە ئون قىلىپ ھېسابىنى ئالمايدىغان بولسام!

بۇنىڭ ئۈستىگە جاۋاھىرپۇرۇش يېتىپ كېلىپ، دەللىنىڭ چېچىدىن تۇتتى.

— ھەي لەنىتى، — دېدى جاۋاھىرپۇرۇش، — سەن بىر كورنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، مېنىڭ تالايلىغان جاۋاھىرلىرىمنى بۇلاپ كەتكەنىدىڭ. ئۇنى قەيەرگە يوشۇردۇڭ؟ سەن جەھەننەمگە سەپەر قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنى قويغان جايىڭنى دەپ بەرمىسەڭ، مېنىڭ بۇ بايلىقىم زايا بولۇپ كېتىدۇ. تېز ئېيت!

جاۋاھىرپۇرۇشنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەللىگە:

— ھەي مەلئۇن، سەن ھەممە ئەلنى قاقشىتىپ، پۈتۈن خەلقنى خانىۋەيران قىلىشقا خۇدادىن قورقمىدىڭمۇ؟! بۇ كىشىنىڭ جاۋاھىرلىرىنى قەيەرگە يوشۇردۇڭ؟! — دېدى.

دەللە يەنە ھىيلە ئىشلىتىشكە باشلىدى.

— ھەي كەرەملىك پادىشاھىم، — دېدى ئۇ يىغا-زارە قىلغان ھالدا، — ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن، تاجى دۆلىتىڭىز ئەبەدى مۇستەھكەم بولسۇن. كەمىنە بىر ناتىۋان ئايالمەن، ئۇنداق خىيانەتكار خوتۇنلاردىن ئەمەسمەن. كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇپ كېچىلىرى تائەت-ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇش بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزگەنمەن. نەچچە قېتىم ھەج تاۋاپ قىلىپ، ئۇلۇغ بەيتۇللاھنى كۆزلىرىمگە تالاي قېتىم سۈرتكەنمەن. كۆنلىرىمنى تەقۋادارلىق ۋە پاكلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ رەھمىتىگە ئىگە بولۇشتىن ئۈمىد كۈتۈپ كېلىۋاتقان بىر بىچارە ئاجىز بەندىمەن. مېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇسىڭىز تامامەن ناھەق بولىدۇ. چۈنكى مەن تامامەن گۇناھسىزمەن، پۈتۈن ئۆمرۈم ئىچىدە ئادەم تۈگۈل ھەتتا بىرەر چۈمۈلىنىمۇ زىيان يەتكۈزۈپ باقمىغان مۆمىن بەندىمەن…

— بولدى، بەس!!! — دېدى پادىشاھ



(ئاخىرى 150 - بەتتە)




(داستان)

رەتلىگۈچىدىن:

«ئابلا موللا» داستانى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن، يەلگەن، تاشمىلىق قاتارلىق جايلىرىدا خېلى كەڭ تارقىلىپ، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان خەلق داستانلىرىدىن بىرى. بۇ داستاندا ئابلا موللىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جەنۇبىي فرونتتىكى جەڭچىلىرىگە ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا مەردلەرچە قۇربان بولغان ئىش ئىزلىرى كۈيلىنىدۇ. ئابلا موللا ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىغا قاراشلىق يەلگەن كەنتىدىن بولۇپ، جەنۇبىي فرونت ئىنقىلابىنىڭ ئاكتىپ قاتناشچىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە، كېيىنرەك يېڭىسار شەھەر ئىچىدىكى مەدرىسلەردە بىلىم ئالغان. شۇ جەرياندا ئابلا موللا تەرەققىيپەرۋەر، ھۆررىيەتپەرۋەر زىيالىي بولۇپ يېتىشكەن.

1945-يىلى 11-ئايلاردا جەنۇبىي فرونتتىكى مىللىي ئارمىيە قوشۇنلىرى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىركىشىش ئەڭ يۇقىرى باسقۇچقا يېتىدۇ. مىللىي قوشۇن تاغلارنى پۈتۈنلەي ئىگىلەپ، يېزىلارغا ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقىنى قىلىدۇ. گومىنداڭ قوشۇنلىرى يېزىلار بىلەن تاغ ئوتتۇرىسىنى قاتتىق قامال قىلىپ، مىللىي قوشۇننىڭ يېزىلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنىدۇ. تاغدىكى مىللىي قوشۇن ئىچىدە ئاشلىق قەھەتچىلىكى يۈز بېرىدۇ. ئابلا موللا شۇ چاغدا مىللىي ئارمىيىنىڭ خانتېرەكتە تۇرۇشلۇق روتىسىنىڭ ئالاقىچىسى بولۇپ، ئۇ بارىن، تاشمىلىق قاتارلىق جايلاردا ئاشلىق توپلاپ، خانتېرەككە مەخپىي يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. ئۇ ئون قېتىم بىخەتەر ھالدا ئاشلىق يۆتكەپ، مىللىي قوشۇنغا يەتكۈزىدۇ. 11-قېتىملىق سەپىرىدە گومىنداڭ 18-تۇەنى تاشمىلىقتا تۇرۇشلۇق 4-لىيەننىڭ لىيەنجاڭى ئەيسانىڭ يەلگەنگە قويغان پايلاقچىسى خۇدايار كۆرۈپ قېلىپ، ئەيساغا مەلۇم قىلىدۇ. ئەيسا لىيەنجاڭ چېرىكلىرىنى باشلاپ، دەرھال ئابلا موللىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلايدۇ. ئابلا موللا يېرىم يولدا دۈشمەن يېتىشىۋالاي دېگەندە ئىككى سەپدىشىنى ئاشلىقنى ئېلىپ مېڭىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزى يالغۇز تاغ ئىچىدە ئەيسا لىيەنجاڭ قوشۇنلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ يۈرۈپ، ئازدۇرۇپ ئاۋارە قىلىدۇ. ئاشلىق مىللىي قوشۇن قولىغا يەتكۈزۈلىدۇ، ئابلا

مۇللام ئۇقى تۈگەپ تىرىك قولغا چۈشىدۇ. ئۇ يېڭىسار 18-تۈەنىنىڭ ھەربىي تۈرمىسى (ۋاقىتلىق تۈرمە) گە قامىلىدۇ. ئابلا موللا دۈشمەننىڭ تۈرلۈك ۋەھشىيانە قىيىن-قىستاقلىرى ۋە ئالداشلىرىغا باش ئەگمەي، ئۆز سەپداشلىرىنى قوغداپ قالىدۇ. ئۆزى بىلەن ھەمكارلىشىپ، بارىن تاشمىلىق تەۋەلىرىدە ئىشلەۋاتقانلارنىڭ بىرىنىمۇ دۈشمەنگە ئېيتىپ بەرمەيدۇ. ئاخىر ئۇ 1945-يىلى 11-ئاينىڭ ئاخىرىدا تاشمىلىقنىڭ كونا شەمبازار دېگەن جايىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولىدۇ.

مىللىي ئارمىيە خانتېرەكتىكى روتىسىنىڭ كوماندىرى مەسۇم چوڭ ئابلا موللىنى جازا مەيدانىدىن قۇتقۇلدۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئادەم ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، ئۇلار كېچىكىپ قالغانلىقتىن پىلان ئەمەلگە ئاشماي، تاشمىلىق بازىرىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىر پەس جەڭ قىلغاندىن كېيىن تاغقا چېكىنىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلار قەھرىماننىڭ ئايالى تۇخان ۋە سەككىز ياشلىق ئوغلى ھوشۇرنىمۇ تاغقا بىللە ئەچىقىپ كېتىدۇ.

خەلق ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىنى ھەرزامان ئۇنتۇمايدۇ. ئابلامۇللا گەرچە بۇ دۇنيا بىلەن ۋاقىتسىز خوشلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى بېغىشلىغان پىداكارلىق روھى ۋە شانلىق نامى خەلق ئېغىزىدا داستان بولۇپ تارقىلىدۇ. كىشىلەر بۇ داستاننى بالىسىدىن بالىسىغا ئۇقۇپ بېرىپ، قەھرىماننىڭ نامىنى ياد ئېتىدۇ.

مەن بۇ داستاننى 1964-يىلى خەلق داستانچىسى ئوبۇل قارىي (1941—1971) دىن ئاڭلىغاندىم. 1969-يىلى ئوبۇل قارىينى قايتا ئىزدەپ بېرىپ بۇ داستاننى قايتا ئېيتقۇزۇپ كۆچۈرۈۋالغاندىم. بۇ قېتىم ئاشۇ خاتىرىلىۋالغان نۇسخىغا ئاساسەن رەتلەپ نەشرگە تەييارلىدىم.

1

تاغچىلارنى ① دەپ موللام،
جاندىن كەچكەن ئەرلەردىن.
گۈل-غۇنچە ئۈنۈپ چىقسۇن،
قېنى سىڭگەن يەرلەردىن.

كىم شۇنداق قىلالايدۇ،
موللامدەك بولالايدۇ،
چېرىكلەرگە يولۋاستەك،
ئۆزىنى ئۇرالايدۇ.

كىم شۇنداق قىلالايدۇ،
موللامدەك بولالايدۇ،
جاننى ئالقانغا ئېلىپ،
دۈشمەننى توسالايدۇ.

شېھىت بولدى مەردانە،
قالدۇق مانا ھەيرانە،
موللامغا قەست قىلغانلار،
ئاسىي بولسۇن ۋەيرانە.

«تاغچى» لارغا قارايمىز،
ئىشى بولسا يارايمىز،
جازالىشىن ئاسىينى،
خۇدا سەندىن سورايمىز.

سامانيولى ② تار دەيدۇ،
كۈندە ياغار قار دەيدۇ،

مۇللامغا دوست تاغچىلار،
كەمبەغەلگە يار دەيدۇ.

شېھىت بولدى مۇللام دەپ،
كۆزىمىزنى ياشلىدۇق.
ياش تۆكسەك نېمە پايدا،
بۇ ئاممىنى باشلىدۇق.

2

مۇللام تاغقا ماڭغاندا،
تۇخان قالدى ئۇزۇتۇپ.
ئاتلارمۇ مېڭىپ كەتتى،
توپىلارنى توزۇتۇپ.

«خەيرخوش!» دېدى تۇخان،
كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.
«مەن قالدىم تۆكۈپ ياشىم،
سەن تاغلارغا يول ئېلىپ.

دۈشمەن كۆزى كۆرمىسۇن،
تېنىچ يەتكىن نىشانەڭگە.
ئاللا ئىگەم ھەم شۇنداق،
پۈتكەندۇ پېشانەڭگە.»

مۇللام دېدى: «جېنىم تۇخان،
خۇدا ئۆزى ساقلايدۇ.
خەلقى ئالەم ھەم بىزنىڭ
ئىشىمىزنى ياقلايدۇ.

مەنزىلگە يېتىپ بارسام،
قايتىمەن يەنە تېزدىن.
سەن كىرىپ ئارام ئالغىن،
مەن يولغا چىقاي تېزدىن.

غەم قىلما، پىغان چەكمە،
مۇللام تاغقا كەتتى دەپ.
ئەتە كۈن دەل چۈش بىلەن
بىلگىن تاغقا يەتتى دەپ.

ئۆگۈنلۈككە تۈن تەڭدە،
كۈت مېنى جېنىم تۇخان.
ئىشىكنى بەش قېتىم چەكسەم،
مېنى كەلدى دەپ ئويغان.»

خەيرخوش! دېدى مۇللام،
خۇدايىمغا ئامانەت.
گەر يولدا قازا يەتسە،
كۆرۈشەرمىز قىيامەت.»

3

«تاغچى» ئاتقان ئۇق ئۇنى
ئاڭلىناتتى يەلگەن ③ گە.
كۆز-قۇلاقلار بار ئىدى،
كېلىپ-كېتىپ يۈرگەنگە.

يەلگەن دېگەن تاغ باغرى،
تاغقا يېقىن يۇرت ئىدى.
بار ئىدى بىر پايلاقچى،
ئىسمى خۇدايار قۇرت④ ئىدى.

ئەيسا لەنگە ⑤ سېتىلغان،
پايلاقچى بوپ قېتىلغان.
مۇللام ماڭغان يوللارغا،
تىكەن بولۇپ چېچىلغان.

كۆزىتەتتى يېزىنى،
خەقنىڭ ئوغۇل-قىزىنى.
كۆرسىتەتتى خەقلەرگە
ياۋاش قىلىپ ئۆزىنى.

كېچىلىرى موللامنىڭ—
كۆزىتەتتى ئۆيىنى.
كۈندۈزلىرى ئەتراپتا،
باقار ئىدى قويىنى.

بۇگۈن كېچە، تۈن كېچە،
موللام تاغقا يول ئالدى.
خۇدايار قۇرت شۇچاغدا،
بۇ ئىشنى كۆرۈپ قالدى.

4

خانتېرەكنىڭ ⑥ يولىدا،
ئېگىز تاغ ئۇلۇ-سولىدا.
موللام خۇشال ماڭاتتى،
ئات چۇلۇۋۇرى قولىدا.

ئاتلار ئۇستىدە ئاشلىق،
تاغنىڭ يوللىرى تاشلىق.
ھەمراھ ئىدى ئىككى دوست،
موللام بىلەن تەك ياشلىق.

تاغ ئىچىدە تار يولدا،
ئاتلار ئاستا ماڭاتتى.
كۆڭۈللەرنى خۇش قىلىپ،
كېچە يورۇپ تاڭ ئاتتى.

موللام دېدى: «يول بەتەر
ئۆتۈپ كەتتى ھەم خەتەر،
ئاتلار شۇنداق ماڭسىلا،
نىشانىمىزغا تېنچ يېتەر.

ئەمدى سالماق ماڭايلۇق،
ئاتلارنىمۇ ئايايلۇق.»
«شۇنداق» دېدى ھەمراھى
«ئەمدى بىرخىل ماڭايلۇق.

مەن بىر سۇ ئىچەي دەيمەن،
موللام سەن نېمە دەيسەن؟»
موللام دېدى: «ئىچسەڭ، ئىچ»
مەن ساڭا نېمە دەيمەن.

مەھەممەت دېگەن تاغچى،
بۇلاق بېشىغا كەلدى.
ئاتلارمۇ دەل شۇ چاغدا،
بىر دوقالدىن قايرىلدى.

مەمەت سۇ ئىچىپ بولۇپ،
يىراقتا قاراپ قالدى.
كۆزىنى يوغان ئېچىپ،
يىراقتىن بىر قارا كۆردى.

بىر پەس تۇردى سىنچىلاپ،
ئەسكەر كۆردى قانچىلاپ.
كېلەتتى سېرىق ئىتلار،
ئاتلىرىنى قامچىلاپ.

«ئابلا موللا ھەي موللا،
بولمىدى چاتاق چىقتى.
سەن ئۆزۈڭ ئامال كۆرسەت،
چېرىكلەر سۈرۈپ چىقتى.»

موللامغا يېتىپ مەمەت،
شۇنى دېدى ئالدىراپ.
تېز يۈگۈرگەچ مەھەممەت
كەتكەنىدى ھالسىراپ.

دېدى موللام ئۇلارغا:
«مېڭىڭلار سىلەر تېزرەك.
بۇ تاغلار سىلەردىنمۇ
تونۇشراق ماڭا بەكرەك.

مەن ئۇلارنى ئازدۇراي،
ئامال يوق بۆلەك ـ باشقا.
بۇرادەرلەر شۇ تاپتا،
موھتاجدۇر ئوزۇق ئاشقا.

بىرى باردۇر سېتىلغان،
ئەيسالەنگە قېتىلغان.
تېپىپ خەۋەر دۈشمەنلەر،
ئارقىمىزدىن ئات سالغان.

ئەيسالەن پال سالامدۇ؟
سالسىمۇ دەل بىلەمدۇ؟
پايلاقچىسى بولمىسا،
بىزنى قوغلاپ كېلەمدۇ؟

مەمەت، سەمەت بولۇڭلار،
تۇرماي تېزدىن مىڭىڭلار.
ئاشلىق مۇھىم، بەك مۇھىم،
شۇنى سىلەر بىلىڭلار».

مەمەتلەر مىڭىپ كەتتى،
ئاشلىقنى ئېلىپ كەتتى.
موللام جىلغىنى توسۇپ،
دۈشمەننى نىشان ئەتتى.

كەلدى دۈشمەن يېقىنلاپ
ئاتلىرىنى يېقىنلاپ.
بەزى ئاتلار چاپاتتى،
بەزىلىرى سوكۇلداپ.

موللام تۇرۇپ دالدىدا،
دەل كەلگەندە قېشىغا.
ئاتتى چەنلەپ «پاڭ» قىلىپ،
بىر چېرىكنىڭ بېشىغا.

چېرىك شۇئان يىقىلدى،
قوراملىقتا تىقىلدى.
دۈشمەن ياۋا تۈڭگۈزدەك
چىرقىرىشىپ ئېتىلدى.

موللام پات ـ پات ئاتاتتى،
ئېتىپ ـ ئېتىپ قاچاتتى.
بىر پاي ئوقتا بىر چېرىك،
تاغ باغرىدا ياتاتتى.

چېرىكلەرمۇ موللامغا،
ئەگىشەتتى چاپاتتى.
ۋە بەزىدە دۇم چۈشۈپ
ۋاي ـ ۋايلىشىپ قالاتتى.

موللام ئىدى بەك خۇشال،
چېرىكلەر بولغاچ ئۇسال.
ئاشلىق قولدىن كېتەتتى،
بولمىغاندا بۇ ئامال.

مەمەتلەر ئۇزاپ كەتتى،
بەلكىم نىشانغا يەتتى.
شۇنى ئويلاپ موللامۇ،
بۇ ياخشى ئامال دەيتتى.

دۈشمەن، ئاشلىق ـ تاغچىلار،
مۇشۇ يولدا بار دەيتتى.
شۇڭا تۇرۇپ قالماستىن،
جانىنى تىكىپ قوغلايتتى.

موللامدىكى ئاپتومات،
دۈشمەننى قىلاتتى مات.
جەڭ قىلىشقا ئەپ ئىدى،
تاغلار بولغاچ قاتمۇ قات.

دۈشمەن قوغلار گۈلدۈرلەپ،
موللام ئاتار بىر بىرلەپ.
ھەر ئاتسا خاتا كەتمەس،
يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئىلگىرلەپ.

جەڭ شۈنداق بولۇپ كەتتى،
موللامۇ قىزىپ كەتتى.
يەتتە - سەككىز چېرىككە،
بۇ تاغدا ئەجەل يەتتى.

ئاخىر ئوق تۈگەپ كەتتى،
موللامغا خەتەر يەتتى.
ئاڭلاڭلار خالايىقلار،
كۆلپەتلىك خەۋەر يەتتى.

جەڭدە بارغۇ، شۈنداق ئىش،
يا يېڭىش، يا يېڭىلىش.
ئەپسۇس! ئەسىر بولماقلىق،
يىگىت ئۈچۈن ئېغىر ئىش.

5

يۈي تۈەنجاڭ ⑦ دېگەن جاللات
شىرىكىگىنى ئېيىت دەيتتى.
ساڭا مال - پۇل بېرىمەن،
مۇرادىڭغا يەت دەيتتى.

گەر ئېيتمىساڭ ئاڭلاپ قوي،
ئۇ ئالەمگە كەت دەيتتى.
«ئوغرى» ئۈچۈن جان پىدا
قىلىش دېگەن سەت دەيتتى.

موللام كۆزنى ئالايتىپ،
ماڭ، يېنىمدىن كەت دەيتتى.
مەيلى قىينا ئېيتمايمەن،
مەيلى ئېتىۋەت دەيتتى.

مەيلى ئاتقىن، مەيلى چاپ،
ۋىجدانىمنى ساقلاي ساپ.
قولغا قورال ئالغانمەن،
ئىنقىلابقا جان ئاتاپ.

ۋەدە قىلغان باشتا بىز،
دۈشمەنگە سىر بەرمەسكە.
كىمنىڭ ھەددى بار ئىكەن،
ئاخىر بىر كۈن ئۆلمەسكە.

مەن ئۆلسەم كېتەر بىر جان،
ئاپىرىن دەر مىڭلاپ جان.
ئاخىر بىر كۈن دوستلىرىم،
قېنىمغا ئالادۇر قان.

ئاڭلاپ قويغىن ھەي جاللات،
ئاخىرى بولارسەن مات.
مەن ھازىر ئۆلۈپ كەتسەم،
روھىم دەر خۇشال ھەييات.

يۈي تۈەنجاڭ چىدالماستىن،
ئورنىدا تۇرالماستىن،
«ئات، بۇنى!» دېدى سەكرەپ
تېز بول ھايال بولماستىن!

بۇ ئىكەن نادان ئەخمەق،
كار قىلماس تاياق - توقماق.
مۇنداقلارغا يوق چارە،
بىر چارە ئۇنى ئاتماق.

6

موللامنى ئېتىۋەتتى،
تاشمىلىق بازاردا.
تەۋرىدى، بۇگۈن ئالەم
ئەلنىڭ پىغان زارىدا.

مۇللام ئېتىلىپ كەتتى،
تۇپراققا قېتىلىپ كەتتى.
مىڭلىغان يۈرەكلەرگە،
ئوتلار يېقىلىپ كەتتى.

ئاللا قىلسۇن شاپائەت،
دۇئا قىلدۇق جامائەت.
بىز ئەنتىمگىنى ئالمىز،
خۇدا بەرسە ئىجازەت.

كۆككە يەتتى داد ـ پەرياد،
يۈرەكلەر لەختە خۇن بولدى.
بىز ئۇچۇن يورۇق كۈندۈز،
خۇددى قارا تۈن بولدى.

سەن ئەمدى نېمە دەيسەن؟
تاشمىلىقلىق، بارىنلىق.
بارمىكىن يۈرەكىڭدە،
تاغچىلارغا مايىللىق.

مەن سوراي نېمە دەيسەن،
بېشىڭغا بالا كەلسە.
«قازارا» دەپ تۇرامسەن،
ئوغلۇڭ جانىنى بەرسە.

تۇرغىن ئەمدى ئورنۇڭدىن،
يول ئالايلى تاغلارغا.
ئارتىشىپ نېمە كەپتۇ،
ئامەت كەتكەن باغلارغا.

ئابلا مۇللام تىنچ يات،
كۆپ يىغلىدۇق داتلاندۇق.
بىزمۇ ئەمدى يولۇڭدا
غازاتلارغا ئاتلاندۇق.

⑧7

سۇغا سۇلار قېتىلدى،
تاشقىن بولۇپ ئېتىلدى.
جېنىم بالام شۇ داداڭ،
ئوتتۇز ياشتا ئېتىلدى.

بىتەلەي بولۇپ قالدىڭ،
يېتىم بولدۇڭ مانا ئەمدى.
يىغلايمەن چېكىپ پەرياد،
يوق باشقا ئامال ئەمدى.

داداڭ نەۋقىران ئىدى،
بەكمۇ مېھرىبان ئىدى،
ئايرىلىپ بالام ئەمدى،
دىلنى دەرد-ئەلەم ئەزدى.

ئانا ـ بالا ئىككىمىز،
غېرىب بولدۇق، خار بولدۇق.
شۇم پېشانە ئىكەنمىز،
بىز داداڭدىن ئايرىلدۇق.

باقىمەن سېنى قوزام
تۇمشۇقلۇققا چوقۇتماي.
بىر ھۈنەرگە بېرەرمەن
مۇللامدىمۇ ئوقۇتماي.

تېزرەك چوڭ بول جان بالام،
قاناتلىقلار قاقالماس.
«يېتىم» دەپ يامان كۆزدە،
تىكىلىپ ساڭا باقالماس.

⑨8

داداڭنىڭ دوستلىرى كۆپكەن،
دوستلۇققا ئەھدىلەر پۈتكەن.

غازاتلاردا قىلىچ چاپقان،
دۈشمەننى خارۇ زار ئەتكەن.

غازاتتا ئاتنى ئويناتقان،
«هۇررا» دەپ جەڭنى قايناتقان.
مەقسىتى،مۇددىئاسى بىر،
هەر ئىشتا جانغا جان قاتقان.

مەن يېقىلسام ئۇنىڭ تارتىپ
«دوستلىرى سەۋر قىل» دەيدۇ.
ئال قولۇڭغا قىلىچنى،
دۈشمەن باغرىن تىل دەيدۇ.

مەسئۇم⑪ دېگەن كوماندىر،
يىقىلما پايدا يوق دەيدۇ.

پۇرسەتنى غەنىيمەت بىل،
كىر جەڭگە، ئات ئوق دەيدۇ.

مەن باراي ئاكۇپلارغا،
چۈشەي ئوت غازاتلارغا.
سەنمۇ بارغىن ئەگىشىپ،
چىدايلى ئازابلارغا.

شېهىدانە داداڭدىن،
قالدى مىراس ئىنتىقام.
مەن قانداق تۇرالايمەن،
ئىنتىقامنى ئالمىسام.

يۈر، بالام تۇرايلى بىز،
مىللەتنى ئالايلى بىز.
داداڭ ماڭغان يوللاردا،
قول تۇتۇپ ماڭايلى بىز.

ئېيتىپ بەرگۈچى ئاقتۇ ناهىيە قاراكېچىك يېزىسى ئاقدۆڭ كەنتىدىن: **ئوبۇل قارى**

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئىمىن

ئىزاهات:

① «تاغچى»لار — جەنۇبىي فرونت ئىنقىلابى شۇ چاغدا خەلق تىلىدا «تاغ ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان. شۇڭلاشقا تاغدىكى ئىنقىلابچىلارنى يېزا-شەھەرلەردىكى كىشىلەر «تاغچىلار» دەپ ئاتاشقان.

② «سامانيولى» — مىللىي قوشۇن تۇرۇۋاتقان خانتېرەكنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى دەريا بويىغا جايلاشقان تاغ جىلغىسى ئىچىدىن ئۆتىدىغان يول.

③ يەلگەن — ئابلا موللىنىڭ يۇرتى، هازىر ئاقتۇ ناهىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىغا قارايدۇ.

④ خۇدايار قۇرت — ئەسلى ئىسمى خۇدايارخان. قۇرت ئۇنىڭ لەقىمى. ئەيسا لىيەنجاڭنىڭ شۇ چاغدا يەلگەن تەۋەسىگە قويغان مەخپىي پايلاقچىسى.

⑤ ئەيسالەن — ئەيسا لىيەنجاڭ. ئۆز ۋاقتىدىكى گومىنداڭنىڭ يېڭىساردا تۇرۇشلۇق 18-تۇەن، 4-لىيەنىنىڭ مۇئاۋىن لىيەنجاڭى، شۇ چاغدا تاشمىلىق بازىرىدا تۇرغان.

⑥ خانتېرەك — مىللىي قوشۇن ئىگىلەپ تۇرغان تاغلىق يېزا، هازىر ئاقتۇ ناهىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىغا قارايدۇ.

⑦ يۈي تۇەنجاڭ — ئەسلى ئىسمى يۈي يىڭاۋ. جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇرۇش قىلىش رايونىنىڭ باش قوماندانى جاڭ، ئېگىزيار ئۇرۇشىدا مىللىي قوشۇن تەرىپىدىن ئېتىپ

ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يېڭىسار 18 - تۈمەنگە تەۋە جاڭ بولغان.

⑧ ئابلا موللام قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئايالى تۇرخاننىڭ ئوغلىغا قاراپ ئېيتقان قوشاقلىرى.

⑨ تۇرخاننىڭ مىللىي قوشۇن بىلەن بىللە تاغقا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئېيتقان قوشاقلىرى.

⑪ مەسۇم — مەسۇم چوڭ، خانتېرەكتە تۇرۇشلۇق مۇستەقىل روتىنىڭ كوماندىرى، «11 بىتىم» دىن كېيىن شۇ چاغدىكى ئاقتۇ بازىرىغا بازار باشلىقى بولغان، بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن، تۇتۇلۇپ يېڭىسار 18 - تۈمەننىڭ تۈرمىسىگە قامالغان. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ، ئىجرا قىلىنىشتىن بىرنەچچە سائەت ئىلگىرىلا، 18 - تۈمەن شتابىدا يوشۇرۇن خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان جەنۇبىي فرونت قوماندانلىق شتابىنىڭ باقىي ئىسىملىك مەخپىي خىزمەتچىسىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، تۈرمىنى تېشىپ قېچىپ چىققان. ئازادلىقتىن كېيىن ئاقتۇ تاشقى سودا ئىدارىسىدە خىزمەت قىلغان. ئەسلى يېڭىسار ئاتۇشباغلىق، ھازىر پېنسىيىدە.

---

(بېشى 141 - بەتتە)

غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ.

شۇنداق قىلىپ پادىشاھ ۋە باش ۋەزىر سەيىد ئۇلارنى قانچە قېتىن - قىستاققا ئالغان بولسىمۇ، لېكىن يوقالغان مال - مۈلۈكلەردىن بىرەرسىنىمۇ مەلۇم قىلمىدى.

ئاخىرى پادىشاھ پەرمان چۈشۈرۈپ:

— بۇ بەدبەختلەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھەركىم ئۆزىنىڭ يوقالغان مال - مۈلكىنى ئېلىۋالسۇن، — دېدى.

سەركەردە، جاۋاھىرپۇرۇش، خەزىنىدار ۋە باش ۋەزىر سەيىد قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ يوقاتقان دەپى - دۇنيالىرىنى تېپىۋالدى. لېكىن يەنە نۇرغۇن بايلىق ئىگە - چاقىسىز

ھالدا ئېشىپ قالدى. پادىشاھ بۇ ئاشقان مال - مۈلۈكنىڭ ھەممىسىنى سەيىدگە بۆيرۈپ بەردى.

ئاندىن كېيىن ھەيۋەتلىك دار ياسىتىپ، دەللە ۋە مۇختار باشلىق بۇ ئون ئالتە زىيانداشنى، ھەرقايسىنى ئۆزىنىڭ جۈپتى بىلەن دارغا ئاستى. سانسىزلىغان كىشىلەر يىغىلىپ، بۇ مەلئۇنلارغا تاش ۋە كېسەكلەرنى شۇنداق ئاتتىكى، ئۇلارنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرى پارە - پارە بولۇپ، جانلىرىنى ئەزرائىلغا تاپشۇردى. بېيىت:

ھەي، يامانلىقنى كەسىپ قىلغان كىشى،
بولسۇن ئىبرەت ساڭا بۇلار كەچمىشى.




(چۆچەك)

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇزاق قەدىم زاماندا، كەشمىر شەھىرىدە بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، كۆرىدىغىنىنى كۆرۈپ، سۈرىدىغان دەۋرانىنى سۈرۈپ، يېشى بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ يا ئوغلى، ياكى قىزى يوق ئىكەن. پادىشاھ تەختگاھىدا ۋارىسىنىڭ يوقلۇقىدىن قايغۇرۇپ ئولتۇرغان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئوردىسى ئالدىغا ئاللا يولىدا سەدىقە سوراپ دەرۋىش سۈپەت بىر كىشى كەپتۇ. پادىشاھنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭدىن:

— ئەي دەرۋىش، تەلىپىڭ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تەلىپىم سەندىن يۈز تىللا سوراماق، — دەپتۇ دەرۋىش.

پادىشاھنىڭ خوتۇنى يۈز تىللا ئەچىقتۇرۇپ دەرۋىشكە بېرىپتۇ.

— ئەي ساخاۋەتچى، سەنمۇ مېنىڭ ئىلتىجايىمنى بەجا قىلدىڭ، سېنىڭ مەندىن سورايدىغان بىرەر تەلىپىڭ يوقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ دەرۋىش.

— تەلىپىمۇ بار ئىدى، لېكىن ئېيتىشقا نومۇس قىلىۋاتىمەن، — دەپتۇ پادىشاھنىڭ خوتۇنى.

— ئەي مەزلۇمە، نومۇسۇڭنى قوي، تەلىپىڭنى ئېيت، مەن ئاڭلاپ باقاي، — دەپتۇ ھېلىقى دەرۋىش.

— ماڭا ئاللائاتالادىن بىر پەرزەنت تىلەپ دۇئا قىلساڭ، — دەپ دەرۋىشكە ئىلتىجا قىپتۇ پادىشاھنىڭ خوتۇنى.

— مەن دۇئا قىلاي، — دەپتۇ دەرۋىش، — سەن ماڭا ئەگىشىپ دۇئا قىل.

دەرۋىش دۇئاغا قول كۆتۈرۈپتۇ. پادىشاھنىڭ خوتۇنىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دۇئا قىپتۇ. ئاللائاتالا ئۇ دەرۋىش بىلەن خوتۇننىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىپتۇ. پادىشاھ شۇ كۈنى كېچىسى خوتۇنى بىلەن شېرىن سۆھبەتلىشىپ بىللە بوپتۇ. شۇكرىكى، ئۇلارغا بىر قىز پەرزەنت ئاتا قىپتۇ. توققۇز ئاي، توققۇز كۈندىن كېيىن بالا دۇنياغا كۆز ئېچىپتۇ. پادىشاھ بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى ئۆمرىدە سۈرمىگەن خۇشاللىقنى سۈرۈپ ئەڭ ئاخىرقى غەم-قايغۇسىدىن خالاس بولۇپ، كەشمىر دىيارىدىكى بارلىق ئالىم، ئۆلىما ۋە پۇقرالارغا شۇنداق كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇكى، ھەتتا بۇ شەھەردىكى ھايۋانلارمۇ نېمەتكە غەرق بولۇپ تويۇپتۇ. ئۈچ كېچە-كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈپ، ئۆتىنچى كۈنى مۇنەججىملەرنىڭ مەسلىھەتى

بويىچە قىزغا گۈلچېھرە دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. پۈتۈن كەشمىر خەلقىگە خەزىنىسىدىكى ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى تارقىتىپ بېرىپتۇ. ئالىم-ئۆلىما ۋە پەقىر-پۇقرالار پادىشاھ ۋە قىزىنىڭ تەخت دۆلىتى ئۈچۈن دۇئا قىپتۇ.

گۈلچېھرە ئۈچ ياشقا كىرگەندە پادىشاھ ئۇنى ئوقۇشقا بېرىپتۇ. كۈندىن-كۈنگە، يىلدىن-يىلغا قىزنىڭ زېھنى ئېچىلىپ، ئىلىمدىمۇ، ھۆسن-جامالىدىمۇ تەڭدىشى يوق بولۇپ يېتىلىشكە باشلاپتۇ. ھېچبىر كىشى ئۇنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشكە قادىر بولالمايدىغان بوپتۇ. پۈتۈن شەھەر خەلقى ئۇنى كۆرۈشنى، كامالەت ۋە پاساھەتلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاشنى ئارزۇلىغۇدەك دەرىجىدە يېتىلىپتۇ. گۈلچېھرەنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان يېقىن-يىراقتىكى پادىشاھلار، شاھزادە ۋە بەگزادىلەر ھەيران بولۇشۇپتۇ. چۈنكى، ئۇ ھۆسن-جامالدا نازاكەتلىك، ئەقىل-پاراسەتتە، ئىلىم-مەرىپەتتە كامالەتلىك، سۆز-سۆھبەتتە، مىجەز-خۇلقتا پاساھەتلىك، باتۇرلۇقتا قىزىل ياقۇت-كەھرىۋا كەبى چاقنايدىكەن. ئۇنىنى تىترىتىپ بىر ئېغىز سۆز قىلسا ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلەر ئەقىل-خۇدىنى يوقىتىپ بىھوش بولىدىكەن. گۈلچېھرە ئون ئىككى ياشقا تولۇش بىلەنلا قانچە-قانچە پادىشاھ، شاھزادىلەردىن ئەلچى كېلىپ ئۆزلىرىگە سورىتىشقا باشلاپتۇ. ئەمما، پادىشاھ قىزىنىڭ رازىلىقىسىز ئۇلارغا بىر ئېغىزمۇ جاۋاب بەرمەيدىكەن. چۈنكى، گۈلچېھرە:

— ئىلىمدە، باتۇرلۇقتا ۋە ھۆسن-جامالدا كىم مەندىن ئۈستۈن بولسا مەن شۇنىڭ، — دەيدىكەن.

دەرۋەقە، قانچە-قانچە ئالىملار كېلىپ بەس-مۇنازىرىدە يېڭىلىپ، نەچچە-نەچچە شاھزادىلەر ھۆسن-جامالدا خازان بولۇپ، قانچە-قانچە پالۋانلار كېلىپ قىزنىڭ باتۇرلۇقىغا تەڭ كېلەلمەي ۋە نەچچە پادىشاھلار لەشكەر باشلاپ كېلىپمۇ قىزنىڭ ماھىرلىقىغا ئاجىز كېلىپ قايتىشىپتۇ. مۇشۇ تەرىقىدە ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، باغدات تەرىپىدىن بىر شاھزادە كېلىپتۇ. بۇ شاھزادە ئۆزى بىلەن يۈز تۆگىگە ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىت ۋە رەڭمۇرەڭ شايى ئەتلەسلەرنى ئېلىپ كەلگەنىكەن. بۇ شاھزادە كەشمىر شەھىرىگە يېقىن كېلىپ رەڭگارەڭ شايى-ئەتلەسلەردىن تىكىلگەن چېدىر قۇرۇپ، تەختىراۋان ئىچىدە، جاۋاھىراتتىن كۆز قويۇلغان تاج كىيىپ، ئالتۇن-كۈمۈش ۋە ئۈنچە-مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن لىباسلارنى كىيىپ، نەچچە-نەچچە قۇل-چاكارلارنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا ئولتۇرۇپتۇ. بۇ شاھزادىگە قارىغان كىشىنىڭ كۆزى قامىشار ئىكەن. يۈزى يۈسۈپ پەيغەمبەرنىڭ يۈزى كەبى نۇرلۇق، گەپ-سۆزى ھەزرەت زىلەيخانىنىڭ ئاۋازىدەك؛ گويا گۈلچېھرەنىڭ نۇرلۇق رۇخسارىغا ئاشىق بولۇپ سايرىغان بۇلبۇل ئۇنىڭغا ئوخشاش شېرىن زابان ئىكەن. شاھزادە گۈلچېھرەنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش، دىدارىنى كۆرۈش مۇددىئاسىدا قانچىلىگەن مۇشەق-

قەتلەرنى چېكىپ كەشمىر شەھىرىگە كەلگەن كۈنىلا گۈلچېھرە تۇرۇشلۇق قەسىرگە يۈزىنى سۈرۈپتۇ. ئۇ كېچىسى شۇ يوسۇندا ئۆتۈپتۇ.

ئەلقىسسە، تۈنىنى تەققازالىق بىلەن ئۆتكۈزگەن شاھزادە تاڭ سەھەردىلا شەھەرگە كىرىپ شەھەر ئەھۋالىنى كۆزىتىپتۇ، ئادەملەرنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇ شەھەردىكى ھەممە كىشىنىڭ تىلىدا گۈلچېھرەنىڭ تەرىپى داستان ئىكەن. بۇ بىچارىمۇ گۈلچېھرەنىڭ ئىشقىغا مۇپتىلا بولغاچقا، قىزنىڭ ئىسمى شەرىپى ۋە گۈزەل تەرىپىنى ھەر بىر ئاڭلىغاندا جېنىدىن خالاس بولغىلى تاس-تاماس قاپتۇ. كۆزىتىشنى تۈگىتىپ، ئۆزىنى تەستە بېسىۋېلىپ قارارگاھىغا قايتىپتۇ. شاھزادىنىڭ بىللە ئېلىپ كەلگەن تەدبىرلىك، كېڭەشچى بىر ۋەزىرى بار ئىكەن. شاھزادە ۋەزىرگە ئۆز ھالىنى ئېيتىپ:

— ئەي ۋەزىر، بۇ دەردىمگە قانداق دەرمان قىلماق كېرەك؟ قىزنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە تاقىتىم تاق. سەن بۇنىڭ بىر ئامالىنى قىلساڭ، — دەپتۇ.

ۋەزىر بىرئاز خىيال قىلىۋېلىپ، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ تۇرۇپ:

— ئەي شاھزادەم، بىرئاز سەۋر قىلايلى، بۇ شەھەردە گۈلچېھرەنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بىرەر كىشىنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپ، شۇ كىشى ئارقىلىق ئىش تۇتارمىز. بولمىسا قويغان قەدىمىمىز خاتا بولۇپ قالسا ئىش بۇزۇلىدۇ. ئىنشائاللا، بۇ كۈنىچە سەۋر قىلماق لازىمدۇر، — دەپتۇ. شاھزادىمۇ ھەم باشقىلارمۇ بۇ مەسلىھەتنى لايىق كۆرۈپتۇ.

ئەمدى گەپنى گۈلچېھرەدىن ئاڭلايلى:

باغدات شاھزادىسىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان بەزى كېنىزەك، چۆرىلەر شاھزادىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ گۈلچېھرەگە ماختاپ بېرىپتۇ. ئۇلار تەۋسىپىدە: «باغدات شەھىرىدىن بىر شاھزادە كېلىپتۇركى، مال-دۇنيادا بىساتىنىڭ كۆپلۈكىنى، چىراي-رۇخسارىنىڭ گۈزەللىكىنى تىل بىلەن تەرىپلەش مۇمكىن تۈگۈل، يۈزىنى بىر كۆرگەنلەر بىھوش بولۇپ يىقىلىدىكەن، سۆزىنى ئاڭلىغانلار كېتەلمەي، قەدەمگاھىدا تۇرۇپ قالىدىكەن، ئەمما، ئۇ شاھزادىنىڭ تىلىدىمۇ، دىلىدىمۇ سىزنى ياد ئېتىدىكەن. پۈتۈن جېنى بىلەن سىزگە ئاشىق-بىقارار ئىكەن»، — دېيىشىپتۇ. گۈلچېھرە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ پىكىر-خىيالى باغدات شاھزادىسىگە باغلىنىپتۇ، ئىشق تومۇرلىرى جۇش ئۇرۇپ، شاھزادىنى بىر كۆرۈش ئىستىكى قوزغىلىپتۇ.

باغدات شاھزادىسىمۇ شۇ كېچىسى ئۇيقۇدىن بىدار ئولتۇرۇپ، خۇددى بۇلبۇل قىزىلگۈل ئىشقىدا نالە-پىغان چەككەندەك ھەر تىنىقىدا بىر «گۈلچېھرە» دەپ ئاھ ئۇرۇپ چىقىپتۇ.

شاھزادىنىڭ ھېلىقى ۋەزىرى گۈلچېھرەگە يېقىن-تونۇش بىر قېرى كەمپىرنى تېپىپ ئەرز-ھالىنى بايان قىپتۇ.

— ھەي ئانا، — دەپتۇ ۋەزىر كەمپىرگە، — بۇ ئىشتا بىرئاز چارە-تەدبىر كېرەك بولىدۇ. قانداق ئامال بىلەن بولمىسۇن گۈلچېھرەگە بۇ شاھزادىنى تونۇشتۇرۇپ، بۇ ئىككىسىنى تېپىشتۇرۇپ قويۇش كېرەك. بۇ مەقسەت ئۈچۈن قانچىلىك ئالتۇن-كۈمۈش تەلەپ قىلساڭ تەلىپىڭنى قاندۇراي.

ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ ئىپتىنى ئاڭلىغان كەمپىر كىچىك بالىدەك يۇمشاپ، تۈلكىگە ئوخشاش ھىيلىگەرلىشىپتۇ.

— ھەي ۋەزىر، سىنىڭ كۆڭلۈمگە بىر خىيال كەلدى. مەن گۈلچېھرەنىڭ يېنىغا باراي، شاھزادىنىڭ راسا تەرىپىنى قىلاي، ئۇنىڭ كۆڭلىدە، يۈزىدە ۋە سۆزىدە قانداق ئىپادىلەر روي بېرىدۇ، تەرىپىمىزنى مۇۋاپىق كۆرەمدۇ-يوق، تەكەببۇرلۇق، مەنمەنلىك قىلامدۇ، ئەھۋالغا قاراپ بىر ئىلاجىنى قىلارمىز، — دەپتۇ كەمپىر.

ۋەزىرمۇ ئۇنىڭ دېگىنىنى ماقۇل كۆرۈپتۇ. كەمپىر ھىيلە-مىكىر قالپىقىنى كىيىپ، يالغانچىلىق چاپىنىغا پۈركىنىپ، ئىغۋا ئېتىغا مىنىپ، گۈلچېھرەنىڭ ھەرەمخانىسىغا يېتىپ بېرىپتۇ. گۈلچېھرەنىڭ كېنىزەكلىرى ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىپتۇ.

— مازار گويى بىر كەمپىر كەلدى، سىلى بىلەن كۆرۈشىدىكەن، — دەپتۇ. گۈلچېھرە ئۇنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بېرىپتۇ، كەمپىر ئىشىكتىن كىرىپلا ئىنتايىن خۇشاللىقىنى ئىپادىلەپتۇ. ئەمما، كۆڭلىدە «شۇنداق بىر ھىيلە ئىشلىتەيكى...» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ كىرىپلا گۈلچېھرە بىلەن كۆرۈشۈپ، قوللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ كېلىش غەرىزىنى ۋە شاھزادىنىڭ تەرىپىنى بايان قىلىپ:

— ئاھ، بۇ قولنى شاھزادە قولى بىلەن قانداق كۆرۈشتۈرەرمەن؟ — دەپتۇ.

گۈلچېھرە كەمپىرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈپتۇ ۋە:

— شاھزادىنىڭ قولىنى مېنىڭ قولۇم بىلەن قوۋۇشتۇرۇش قانداق لايىق كېلىدۇ؟ — دەپتۇ.

كەمپىر ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، ھىيلە-مىكىر تۇمىقىنى ئالدىغا قويۇپ باغدات شاھزادىسىنى ماختاشقا باشلاپتۇ:

— ئەي قىزلار سۇلتانى، يىگىتلەرنىڭ تاجى، نەچچە-نەچچە مەملىكەت شاھلىرىنىڭ كۆزگۈسى، قانچىلىغان يىگىتلەر كۆزىنىڭ گۆھىرى ۋە نەچچە شاھزادىلەرنىڭ كۆڭۈل زىكرىنىڭ كەبىسى، چېھرىڭ ۋە شېرىن سۆزلىرىڭ بىلەن نەچچە مەملىكەت خەلقىنى ئۆزۈڭگە رام قىلدىڭ، سېنىڭ ئىشقىڭ بىلەن ھۈنەرۋەن-كاسىپلارمۇ ئىشلىرىنى قويۇپ، قوللىرىغا تەسبىھ ئېلىپ سېنىڭ ئىسمىڭنى تەكرارلاش بىلەن بولىدىغان بولدى، بال ھەرىسى بال-شەربەتلىرىنى ئىزدەپ، گۈل چېچەكلىك ساي-ۋادىلارنى كەزگەندەك، سېنىڭ ھۆسن-جامالىڭ گۈلشىنىگە ئاشىق بولۇپ، بىر شاھزادە كەلگەنىدى، ئەگەر دىلىڭغا مەقبۇل بولسا، سېنى ئېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ گۈل-
چېھرە، — ئۇ شاھزادىنى بىر كۆرۈشۈم
لازىم ئىكەن.

— ئاڭلىشىمچە، شەھرىمىزدىكى
بىر باي سودىگەر قىزىنىڭ تويىنى
ئۆتكۈزىدىكەن، سىنىمۇ چاقىرماق-
چىكەن، باغدات شاھزادىسىنىڭ چىب-
دىرىسىمۇ شۇ يەردە ئىكەن، ئەگەر
قوبۇل قىلىپ بارساڭ، ئىنشائاللا،
كۆرەرسەن، — دەپتۇ كەمپىر. گۈلچېھ-
رەمۇ:

— ئەگەر تەكلىپ قىلسا نېمىشقا
بارماي، بارىمەن، — دەپتۇ.

كەمپىر كۆڭلىگە بىر مىكىر پۈكۈپ،
گۈلچېھرەدىن كېتىشكە ئىجازەت ئېلىپ
شۇ ھامان ۋەزىرنىڭ يېنىغا كېلىپ
بولغان پاراڭنى بايان قىلىپ بېرىپتۇ ۋە:

— مەن شۇ سودىگەرنىڭ يېنىغا
بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتاي. سەن
قانچىلىك مال كېرەك بولسا شاھزا-
دىگە ئېيت، ئۇ خىراجەت قىلىشقا رازى
بولسۇن، سودىگەرگە يەنە بۇ خىزمىتى
ئۈچۈن خىراج بېرىشنى تايىن قىلىپ،
قانداق قىلىپ بولمىسۇن سودىگەرنى
توي ئۆتكۈزۈشكە ماقۇل كەلتۈرۈپ، شۇ
ئارقىلىق گۈلچېھرەنى شاھزادىگە
كۆرسىتىش كېرەك. بۇنىڭ بەدىلىگە
ئەگەر مەقسىتىگە مۇۋاپىق كەلسە، گۈلچېھ-
رەنى شاھزادىگە ئېلىپ بېرىش پىلانىنى
قىلىسىز، — دەپتۇ.

ۋەزىر كەمپىرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ
ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. ۋەزىر شۇ خۇ-
شاللىقى بىلەن شاھزادىنىڭ قېشىغا كې-
رىپ پۈتۈن ئەھۋالدىن خەۋەر بېرىپتۇ.
شاھزادىمۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىچ-ئىچىدىن
شادلىنىپ ۋە ئىككى قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ
تۇرۇپ:

— دەيمەن - دۇنيايىمىدىن قانچىلىك
سەرپ قىلىنسىمۇ مىڭ جېنىم بىلەن
رازىمەن، — دەپتۇ. ۋەزىر شاھزادىدىن
كەمپىرگە سۈيۈنچە ئېلىپ چىقىپتۇ.
كەمپىر شۇ خۇشاللىقىدا ئىككى پۇتىنى
تۆت قىلىپ، شۇ ھامان سودىگەرنىڭ
يېنىغا بېرىپ ۋەقەنى باشتىن-
ئاخىرغىچە سۆزلەپتۇ. سودىگەر
ئۆيىمگە گۈلچېھرىدىنىڭ كېلىدىغان-
لىقىنى ئاڭلاپ شاد بولۇپ رازىلىق
بىلدۈرۈپتۇ. كەمپىر سودىگەرنى شاھ-
زادە بىلەن ۋەزىرنىڭ يېنىغا باشلاپ
كەپتۇ. ئۇلار كۆرۈشۈپ ھال-
ئەھۋاللىشىپتۇ، گۈلچېھرەنى شاھزادىگە
قانداق كۆرسىتىش توغرىسىدا مەسلىھەت-
لىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ سودىگەر بىلەن
كەمپىر «توي» تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ.
نېمە كېرەك بولسا ئېلىپتۇ. تۈرلۈك نازۇ-
نېمەتلەرنى ھازىرلاپتۇ. قانچە-قانچە
قول-چاكارلارنى ھۆر-پەرىلەردەك
ياساندۇرۇپ، قىز-غۇلاملارغا ئوخشاش
كىيىندۈرۈپ، ئالتۇن قەدەھ ۋە جاملارنى
تۇتىدىغانغا تەييارلاپتۇ. تەييار-
لىق تەق بولۇپ بەشىنچى كۈنى توي
تاماشىسىنى رەسمىي باشلاپتۇ. شەھەر
قىزلىرىنى گىلەم ئۈستىگە قويۇلغان
ئۈنچە-مەرۋايىت، ئۈنچە-دۇرلار
بىلەن بېزەلگەن كۇرس-ئورۇندۇقلار-
غا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. گۈلچېھرە ئۈچۈن
بولسا بىر ئالتۇن كۇرس تەييار قىلىپ،
تۆت خادىم ئۈنچە-مەرۋايىتلار بىلەن
تولدۇرۇلغان پەتنۇسلارنى تۇتۇپ ئۇنىڭ
كېلىشىگە كۆز تىكىپ تۇرۇپتۇ ۋە گۈل-

ھېچرەگە يېڭى ياسىتىلغان رەڭگارەڭ شايى-ئەتلەسلەر بىلەن بېزەلگەن تەختىراۋانغا ئوخشاش ئالتە ئاتلىق ھارۋا ئەۋەتىپتۇ. كەمپىر ئۆزى بىرنەچچە خادىملار بىلەن گۈلچېھرەنىڭ ئالدىغا بېرىپ كىشىلەرنىڭ ئىنتىزار بولۇپ قارىشىپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىپتۇ. گۈلچېھرە شۇ ھامان سۇمبۇل چاچلىرىنى يۇيۇپ-تاراپ، ئايدەك رۇخسارىنى تېخىمۇ چىرايلىق بېزەپ، بېشىغا جاۋاھىرات-ياقۇتلار بىلەن ياسالغان ئېسىل تاج كىيىپ، ئۈنچە-مەرۋايىتلار بىلەن زىننەتلەنگەن لىباس كىيىپ، زىبا تۇتى قۇشقا ئوخشىشىپ، ئەتراپىغا نۇر-شولا چېچىپ، قارىغانلارنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ مىنگىپتۇ. خىزمەتكارلار ئوڭ-سولدا قوللىرىدىن يېتىلەپ، قەدەمگاھلىرىغا شايى-پايانداز سېلىپ ھارۋىدىكى تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. سودىگەرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە ھۇر-قىزلار ئىستىقبالىغا ئالدىغا چىقىپ يولغا پايانداز ساپتۇ، ئېتەكلىرىدىن تۇتۇپ ئارىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. چۆرە-كېنىزەكلەر ئۇنىڭ باش-ئايىغىغا ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى چاچقۇ قىپتۇ ۋە «مەرھابا، خۇش كەلدىڭىز!» دېيىشىپ چۇقىرىشىپتۇ. گۈلچېھرە مىڭ تۇرلۇك ناز كەرەشمە بىلەن كېلىپ ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇرۇپتۇ. تۆت خىزمەتكار كېلىپ ئالتۇن پەتنۇستا ئۈنچىلەر چېچىپتۇ. سورۇندا قىزلار كۈلۈپ ئوينىشىپ، گۈلچېھرەنىڭ قولىغا سۆيۈپ ئولتۇرۇپتۇ. گۈلچېھرە قىزلاردىن ھال سورىغاچ شاھزادىدىن خەۋەر ئىزدەپ تۆت ئەتراپقا نەزەر ساپتۇ. بۇنىڭدىن بىخەۋەر قىزلار بۇلبۇلدەك چۇڭقۇلداپ سايرىشىپ، يەپ-ئىچىشىپتۇ، گۈلچېھرە سورۇندا بىرەر يىگىتنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمەپتۇ.

ئەسلىدە ۋەزىر بىلەن سودىگەر كەمپىرنىڭ مەسلىھىتى بىلەن شاھزادىنى بىر كىچىك ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ قىزنى كۆزىتىشى ئۈچۈن كىچىك بىر تۆشۈك ئېچىپ، ئىشىكنى چىڭ ئېتىپ قويغانىكەن. شاھزادە دىلدارىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، مۇنتەزىر بولۇپ تۇرۇپتۇ. بۇلۇت ئارقىسىدىن قۇياش چىققاندەك گۈلچېھرەنىڭ نۇرانە يۈزىنى كۆرگەن شاھزادە ئىشق پىراقى ئۆرلەپ، خۇشاللىقىدىن جېنى چىقىپ كېتىشكە تاسماس قېلىپ، بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ، بىر ئازدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ گۈلچېھرەگە يەنە بىر قاراپتىكەن، ئاشىقلىق قارارى ئېشىپ، سەۋدايى بولۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ چىداپ ئۆزىنى تەستە تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. قىزلار يېيىش-ئىچىش بىلەن بەند ئىكەن. گۈلچېھرە بىلەن شاھزادىنىڭ كۆڭلى بولسا بىر-بىرىنىڭ جامالىنى كۆرۈش ئىستىكىدە ئىكەن. قىزلار مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بىر-بىرلەپ قايتىشقا باشلاپتۇ. گۈلچېھرە كەمپىردىن:

شاھزادىدىن ھېچ خەۋەر يوقمۇ؟— دەپ سوراپتۇ. ئىككىسىنى ھازىرچە بىر-بىرىگە كۆرسەتمەي تۇرۇش كەمپىرنىڭ ئويۇنى بولۇپ، مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئىككىسىنى غايىبانە ئاشىق قىلىپ بىر-بىرىنى كۆرۈشكە ئىنتىزارلاشتۇرۇپ، ئارىدىن كۆپرەك پايدا-نەپ ئېلىش ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ ھىيلىسىنى گۈلچېھرەمۇ، شاھزادىمۇ

بىلمەيدىكەن.

— شاھزادە سىزنى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ يوشۇرۇنۇپتۇ. ئەتە بىر ئامال قىلىپ قانداق كۆرىمەن دېسىڭىز تولۇق كۆرسىتەي، — دەپتۇ كەمپىر ھىيلىسىنى ئىشقا سېلىپ.

گۆلچېھرە كەمپىرنى ئۆز خانىسىغا بېرىشنى تاپىلاپ قويۇپ كېتىشكە تەمشىلىپتۇ. خىزمەتكار قىزلار ئوڭ - سولدىن ئارقىسىدىن ئۈنچە - مەرۋايىتلار چېچىپ كەلگەن قەدىمىگە رەھمەتلەر ئېيتىپ ۋە دۇئا قىلىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. شاھزادە كۆز ياشلىرىنى يامغۇردەك تۆكۈپ، گۆلچېھرەنىڭ كېتىۋاتقان يولىغا قاراپ بىقارار بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. ۋەزىر شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ «ئىنشائاللا، بۇ گۆل يۈزلۈك قىز سىزگە نېسىپ بولسا كېرەك» دەپتۇ. شاھزادە ۋەزىرنىڭ سۆزىدىن خاتىرجەم بولالماي، كېچىنى تەگرى تائالاغا مۇناجاتلار ئوقۇپ، گۆلچېھرەنى ئويلاپ ئۇخلىماي ئۆتكۈزۈپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ۋەزىر كىرىپ شاھزادىدىن ھال سوراپ گۆلچېھرەنىڭ تەرىپىنى قىلىشىپتۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا كەمپىرمۇ ھىيلە - مىكىر تونىنى كىيىپ، يالغانچىلىق يوپۇقىنى يېپىنىپ، ئىغۋا ئېتىغا مىنىپ گۆلچېھرەنىڭ يېنىغا مېڭىپتۇ. مۇلازىملار ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋاپتۇ ۋە گۆلچېھرەنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ كىرىپتۇ. كەمپىر گۆلچېھرەنىڭ قولىنى سۆيۈپ تۇرۇپ ئەھۋاللىشىپتۇ. گۆلچېھرە ئۇنىڭدىن:

— ئەي ئانا، قانداق قىلساق باغدات شاھزادىسىنى كۆرەرمەن؟ — دەپ يېلىنىپ سوراپتۇ.

— مەلىكەم، سىزگە بىر مەسلىھەت بېرەي، شاھ ئاتىڭىزغا ئانىڭىز ئارقىلىق بۇ شاھزادىنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ، «گۆلچېھرە باغدات شاھزادىسىنى كۆرمەكچىكەن» دېگۈزۈڭ. ئاتىڭىز بىر ئامال قىلىپ شاھزادىنى چاقىرىپ كەلسە، سىز قىزلار بىلەن ئايرىم سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرسىڭىز ئۇنى شۇ چاغدا خالىغىنىڭىزچە قانغۇدەك كۆرۈۋالالايسىز، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ كەمپىر.

ئۇنىڭ بۇ مەسلىھىتى گۆلچېھرەگە بەك يېقىپتۇ ۋە كەمپىرگە سۆيۈنچە بېرىپتۇ. گۆلچېھرە ئارزۇسىنى ئانىسىغا تېزرەك مەلۇم قىلىشنىڭ كويىدا ئالدىراپ كۈننى ئاران كەچ قىپتۇ. كەچ كىرگەندە ئىنىكئانىسىغا:

— سەن بۇ ئىشنى ئانامغا ئېيتقىن، ئانام مۇۋاپىق پەيتنى تاللاپ ئاتام بىلەن مەسلىھەتلەشسۇن، ئاتام قانداقلا بولمىسۇن بىزگە بىر خەۋەر بەرسۇن. باغدات شاھزادىسىنى كۆرۈشۈم يولىدا نېمىلا قىلسا بىر ئىش قىلسۇن، — دەپتۇ.

شۇ ئاخشىمى گۆلچېھرەنىڭ خانىسىغا ئانىسىمۇ كىرىپتۇ. گۆلچېھرەنىڭ ئىنىكئانىسى ھەممە سۆزنى تولۇق دەپتۇ. ئانىسى ئاڭلاپ ئاتىسىغا ئېيتىشقا سۆز بېرىپتۇ ۋە شۇ يەردە قونۇپ قېلىپ، ئەتىسى بىر خۇش ۋاقىت تېپىپ پادىشاھقا ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ.

— بېشىم قىزىمنىڭ ئارزۇسى ئۈستىدە، — دەپتۇ گۆلچېھرەنىڭ ئاتىسى ۋە سورۇن تۈزۈش تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ. بىر كۈنى شەھەر ئۆلىمالىرىنى چاقىرىپ مەسلىھەتلىشىپ، ئەتىسى زىياپەت سورۇنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئوردا ئەركانلىرى، ئۆلىما - ئالىملار ۋە جىمى شەھەر خەلقى زىياپەتكە

كېلىشىپتۇ. ئاندىن باغدات شاھزادىسىگە خەۋەر بېرىشىپتۇ. شاھزادە ئۈنچە - مەرۋايىت، گۆھەر - جاۋاھىرلار بىلەن ياسالغان تاج كىيىپ، ئالتۇن ئىگەرلىك ھەيۋەت بىر ئاتقا مىنىپ ۋەزىر - ھەمراھلىرى بىلەن پادىشاھقا ئوخشاش قىياپەتتە كەپتۇ. شاھزادىنى كۆرگەنلەر «بۇ قانداق كىشىدۇ؟» دېيىشىپ، ھەيران قېلىشىپتۇ. گۈلچېھرە باغ ئالىمىسى قۇياشقا ئايلانغاندەك نۇرلۇك جاۋاھىراتلار بىلەن بېزىنىپ خاس خانىدا ئولتۇرۇپ سورۇنغا قاراپ تۇرغانىكەن، شاھزادىنى كۆرۈپ ئىشق قىزىتمىسى ئۆرلەپ كېتىپ بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ.

پادىشاھ بىلەن ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى شاھزادىنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، يۇقىرى ئورۇن كۆرسىتىپتۇ. گۈلچېھرە شاھزادىنى ئوبدان كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئەپلىك بىر ئورۇننى قالدۇرۇپ، شۇ يەردىن ئۇنى قانغۇچە كۆرۈپ تۇرۇپتۇ. قارىغانسېرى ئۇنىڭ بىر ئىشقى مىڭ بولۇپ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپتۇ.

ئۆلىما - ئالىم ۋە بايلار ئۆزئارا سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ، شاھزادىدىن بىرنەرسىنى سورىماقنى لازىم تېپىپ، ئۇنىڭدىن سوئال سوراپتۇ. شاھزادە مۇراسىم ئەھلىگە بىر - ئىككى ئېغىز سۆز بىلەنلا مۇۋاپىق جاۋاب بېرىپتۇ. سورۇندىكىلەر ئۇنىڭ جاۋابىدىن قانائەتنى ھاسىل بولۇپ، دىللىرى سۆيۈنۈپ خۇشنۇد بولۇپ رەھمەت ۋە بارىكاللا دېيىشىپتۇ.

گۈلچېھرە شاھزادىنىڭ جاۋاب بەرگەن چېغىدىكى ھالىتىگە دىققەت قىلىپ تۇرغانىكەن، ئۆزىنىڭ مەغرۇرلۇقى ۋە تەكەببۇرلۇقىغا ئېلىپ، كۆڭلىدە: «ھەي ئەخمەق! سۆزلەشتىن بۇرۇن ھىجىيىپ غىلجىڭلاۋاتىدۇ، مەن بۇنداق شاھزادىگە قانداق لايىق كېلىمەن» دەپ ئويلاپ، شاھزادىدىن كۆڭلى سوۋۇپ، رايى كېتىپتۇ.

زىياپەت - سورۇنمۇ ئاخىرلىشىپ، كىشىلەر تارقاشقا باشلاپتۇ، شاھزادە بولسا:

مەن گۈلچېھرەنى قاچان كۆرىمەن، ئۇنىڭ جاۋابىنى قاچان ئاڭلايمەن، — دەپ ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. ۋەزىرى يېنىغا كېلىپ:

— ئەي شاھزادەم، ئەمدى گۈلچېھرەنى پادىشاھتىن قايسى يول بىلەن سورىساق بولار، بۇنىڭغا قانداق چارە قىلساق بولار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سەن ئۆزۈڭ بىلىسەن، قانداق قىلساڭلار بىرئىلاج قىلىپ مېنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلمىغىن، — دەپ يىغلىنىپ كۆزىدىن ئۈنچىدەك ياش تۆكۈپتۇ. ۋەزىر ئۇنىڭ بۇ ھالىغا ئېچىنىپتۇ، كۆڭلى يېرىم بوپتۇ.

— بىز ھازىر قارارگاھىمىزغا قايتىپ كېتىپ يەنە ھېلىقى كەمپىرنى تاپايلى، ئىنشائاللا، ئۇ بىرەر يولنىڭ خەۋىرىنى بەرسە ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ ۋەزىر. ئۇلار يەنە چۈشكۈنىگە قايتىپ كېلىپ، كەمپىرنى چاقىرتىپتۇ.

بۇ ئىشنىڭ ئەسلىنى ماڭا يالغانىنى قوشماي، راستىنى ئېلىپ قالماي ئېيت، شۇنىڭغا قاراپ شاھزادىنىڭ كۆڭلىگە مۇۋاپىق جاۋاب بېرەي، — دەپتۇ ۋەزىر. كەمپىر ئۇنىڭغا:

—ھەي ۋەزىر، بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئېيتىپ بېرەي. گۈلچېھرە شاھزادىنى دەسلەپ كۆرگىنىدىلا ئاشىق بىقارار بولغانىدى. ئەمما، زىياپەتتە شاھزادىنىڭ سۆزگە ئېغىز ئېچىشتىن بۇرۇن كۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ

مەيۈسلەندى، كۆڭلى قايتتى. «سۆزلەشتىن بۇرۇن كۈلدى، ئەخمەق، بولۇمسىز كىشى ئوخشايدۇ» دەپ، نارازىلىقىنى ئېيتتى. ئەمدى ئەسلى سىرىنى بىلگىمىز كەلسە مۇۋاپىق بىر كىشى تېپىپ، شاھتىن قىزىنى شاھزادىگە سورىتىپ كۆرۈڭلار. پادىشاھ قىزىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىپ سىلەرگە ئۇچۇر بېرەر، — دەپتۇ.

ۋەزىر كەمپىرنىڭ بۇ مەسلىھىتىگە ماقۇل كېلىپ، كاتتا بىر بايغا ئۆزرىخاھ ئېيتىپ، شاھتىن قىزىنى سورىتىشقا ماڭدۇرۇۋېتىپ شاھزادىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ ۋە كەمپىرنىڭ دېگەنلىرىنى سۆزمۇسۆز يەتكۈزۈپتۇ.

— ئەي شاھزادە، سەن مېنى ئەقىلسىز كىشى دېسەڭمۇ مەيلىڭ، مەن ساڭا بىر مەسلىھەت بەرمەكچى بولۇۋاتىمەن. ئەمما، سەۋر-تاقەت قىلىشىڭ كېرەك. سېنىڭ بۇ قىزدىن بۆلەك گۈزەل قىزلارنى كۆرگۈڭ كەلمەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ۋەزىر شاھزادىدىن. شاھزادە ۋەزىرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خىيالغا چۆكۈپتۇ: «بۇ قىزدىن ماڭا مەقسىتىمگە لايىق خەۋەر بولمىسا كېرەك. بولمىسا ۋەزىر مەندىن بۇ تەرىقىدە سورىماس ئىدى» دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن يەنە ۋەزىرگە قاراپ:

— سەن مەندىن نامۇۋاپىق سوئال سورىدىڭ. گۈلچېھرە مەندىن بىزارمىكەن؟ — دەپتۇ.

— ياق، ئۇ توغرىلىق ھېچقانداق گەپ ئاڭلىمىدىم. لېكىن گۈلچېھرە ساڭا تەكەببۇرلۇق قىلىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ئەمما، قىزنى ساڭا سورىتىپ ئەلچى ئەۋەتتىم، قانداق خەۋەر بولسىمۇ ئاڭلايمىز، — دەپتۇ ۋەزىر. شاھزادە:

— ئەي ۋەزىر، ماڭا گۈلچېھرەدىن باشقا چىرايلىق كۆرۈنىدىغان ھېچبىر قىز يوق، — دەپتۇ ۋە كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈپتۇ.

شاھزادە بىلەن ۋەزىر پاراڭلىشىپ تۇرغان ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ھېلىقى بايمۇ پادىشاھنىڭ يېنىغا كىرىپ، كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. خىلۋەت يەردە:

ئەي خانلار خانى، شاھلار شاھى، مەن ساڭا ئۆزرە ئېيتقىلى كەلدىم، ئەگەر كېرەم قىلىپ مەقبۇل كۆرسەڭ، — دەپتۇ.

پادىشاھ:

— قېنى ئېيت، مۇمكىن بولسا قوبۇل كۆرۈرمىز، — دەپتۇ. سودىگەر:

— مەن ھۇزۇرۇڭغا شۇل مۇددىئا بىلەن كەلدىمكى، قىزىڭ گۈلچېھرەنى ئاشۇ شاھزادىگە بەرسەڭ قانداق بولار، ئەگەر توغرا كەلسە، — دەپتۇ.

— مەن ئۇ شاھزادىنى كۆرۈپ گۈلچېھرەگە لايىق تاپقانىدىم. ئەمما، قىزىم نېمە دەيدۇ، بۇنى بىلمەيمەن. ئەتە ساڭا جاۋاب بەرسەم، — دەپتۇ پادىشاھ.

شۇكۈنى ئاخشىمى پادىشاھ گۈلچېھرەدىن:

— قىزىم مەن سېنى شۇ باغدات شاھزادىسىگە بەرسەم قوبۇل قىلارسەنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. گۈلچېھرە:

ئەي ئاتا، مېنى نېمىشقا ئۆزۈم ئىختىيار قىلمىغان كىشىگە لايىق كۆرىسىز، مەن ئۇنى كۆردۈم. بىھۇدە ھېجىيىدىكەن، ئەقىلسىز ئىكەن، — دەپتۇ. ئاتىسى ئىلاجىسىز قېلىپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي، «ئۆزۈڭ بىلەرسەن» دەپتۇ.

ئەتىسى ھېلىقى سودىگەر كەلگەندە، پادىشاھ ئەھۋالنى بايان قىلىپ، «گۈلچېھرە قوبۇل تاپمىدى»، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سودىگەر بەك ئوڭايسىزلىنىپ، بىر نەرسە دېيىشكە ئامالسىز قايتىپتۇ. بېرىپ شاھزادىنىڭ ۋەزىرىگە ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ۋەزىر جاۋابىنى ئاڭلاپ ھەسرەتلىنىپتۇ، كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ. «بۇنى شاھزادىگە قانداق ئېيتىمەن» دەپ قاتتىق قايغۇغا چۆكۈپتۇ. ۋەزىر يەنە ئۆز - ئۆزىگە: «ھەرقانچە يوشۇرسامۇ، ئاخىر ئېيتمىغۇدەك بىرەر ئىمكانىيەت قالمىدى، ئاللاغا تاپشۇراي» دەپ، ئەتىسى سەھەردە شاھزادىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ.

— ھېلىقى سودىگىرىڭ كەلدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ شاھزادە.

— ئەي شاھزادىلەر شاھى، يىگىتلەرنىڭ ماھى، سودىگەر كەلدى. ئەمما، قىز تەكەببۇرلۇق قىلىپ قوبۇل كۆرمەپتۇ، — دەپ ۋەزىر گەپنىڭ ئېنىقىنى ئېيتىپتۇ. شاھزادە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ جان بېرىشكە تاسلا قاپتۇ. «ئاھ، ئەمدى مېنىڭ بۇ ئىشىمنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار؟ بۇ قىز بىلەن قانداق كۆرۈشەرمەن» دەپ غەمقايغۇغا پېتىپتۇ. ۋەزىر:

— شاھزادەم، بۇ ئىشتا چوڭ شىجائەت كۆرسىتىشىڭ كېرەك، غەيرەت قىل. قانچىلىك مال - دۇنيا كەتسىمۇ رازى بول. ئەي شاھزادەم، ساڭا جېنىم پىدا بولسۇن، — دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىر بۇ ئىشتا قانچە-قانچە كىشىلەرنى ماڭدۇرۇپتۇ، ھېسابسىز پۇل - مال خىراج قىپتۇ، يەنىلا ھېچ ئۈنۈم بولماپتۇ. ھەتتا ئارىدىن بىر يىلمۇ ئۆتۈپتۇ. شاھزادە گۈلچېھرەنىڭ ئىشق - پىراقىدا كۆيۈپ بىتاقەت بوپتۇ، ھالىدىن كېتىپتۇ. پۇل - بىساتلىرىمۇ تۈگەپ خارابلىشىپتۇ. كۆپ مەسلىھەتلەردىن كېيىن باغدات شەھىرىگە قايتىپتۇ. شاھزادە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئېغىر مۇشەققەتلەرنى چېكىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۆز شەھىرىگە يېتىپ كېلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ قايتىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان شاھزادىنىڭ ئاتا - ئانىسى ھەم شەھەر خەلقى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئاپتۇ. شاھزادىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ئاتا - ئانىسى ئاھ ئۇرۇپتۇ، كۆز يېشى قىلىشىپتۇ.

شاھزادىنى تېۋىپلارغا كۆرسىتىپتۇ، ئۇستا ھېكىملارغا داۋالىتىپتۇ، ئەمما، ھەرقانچە داۋالاتسىمۇ قىلچە پايدىسى بولماپتۇ. ئەكسىچە كۈندىن - كۈنگە ھالسىزلىنىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ئەتىگەندە شاھزادىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئوغلىنىڭ يېنىغا كىرىپ ھالىغا ئېچىنىپ يىغلىشىپتۇ. شاھزادە ئاتا - ئانىسىنىڭ قولىنى سۆيۈپتۇ. ئاتا - ئانىسى قارىغۇدەك بولسا، ئوغلىنىڭ كۆزىنىڭ نۇرى قالمىغان، تىنىقى ئېغىرلاشقان، ساقىيىدىغاندەك ئەمەس ئىكەن. بىركەمدە شاھزادە ئاران - ئاران «ئاھ گۈلچېھرە، قانداق قىلارمەن» دەپتۇ - دە، شۇ بىرلەۋزى بىلەن جان تەسلىم قىپتۇ. ئاتا - ئانىسى چاچ-ساقاللىرىنى يۇلۇشۇپ يىغلىشىپتۇ، ۋەزىر ۋۇزۇرا ۋە قۇرداشلىرىمۇ ئاھ ئۇرۇپتۇ، قايغۇلۇق ماتەم تۈيغۇسىغا غەرق بولۇشۇپتۇ. بۇ خەۋەر پۈتۈن شەھەر خەلقىگە يېتىپ، شاھزادىنىڭ ۋاپاتىغا يىغلىمىغان ئادەم قالماپتۇ. ھەتتا ئۆي - ئۆيدە، يول - يولدا ئۇ يەر - بۇيەردە كىشىلەر يىغلىشىپ بىھوش بولۇپ يېتىپ قېلىشىپتۇ.

ئەلقىسسە، ئەمدى گۈلچېھرەگە كەلسەك، شاھزادىنىڭ قىياپىتى ئۇنىڭ خىيالىدىن زادى كەتمەپتۇ. ئولتۇرسا - قوپسا باغدات شاھزادىسىنى ئويلايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ بىر كېچىسى چۈشىدە شاھزادىنى كۆرۈپتۇ؛

ياپيېشىل بىر چىمەنلىك دالا رەڭمۇ رەڭ گۈل - چېچەكلەر بىلەن تولغان چارىباغ، ياپيېشىل ئەتلەسلەر بىلەن پۈركەلگەن تەختىراۋاق ئۈستىدە گۈزەل قامەتلىك بىر يىگىت ياتقان. گۈلچېھرە يېقىن بېرىپ قارىسا، ھېلىقى شاھزادە ئىمىش. ئۇ «ئاھ، گۈلچېھرە» دەپ ياتقانىمىش. قىز ئويغىنىپ خىيال قىلسا، چۈشى. قىز شۇ چۈشىدىن كېيىن شاھزادىگە بولغان ئىشقىغا تاقەت قىلالماي، پىراق بىقارارلىقىدا يىغلاپتۇ، ئاھ ئۇرۇپتۇ. ئەمما، بۇ ئىشنى ھېچكىشىگە بىلدۈرمەي پىنھان سىر تۇتۇپتۇ. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە رەنجىپ «ئۆزۈمنىڭ تەكەببۇر ئەقلسىزلىكىمدىن ئۇ يىگىتنى قوبۇل تاپىمىدىم، لېكىن شۇ شاھزادىچىلىك ئىككىنچى بىر يىگىتنى تاپالىشىم ناتايىن. شۇڭا بۇلى ھېچكىمگە بىلدۈرمەي شاھزادىنىڭ ئارقىسىدىن باغداتقا مېڭىشىم كېرەك» دەپ ئاللاتائالادىن مەدەت تىلەپ، بىر كېچىسى ئوردا - ھەرەمدىكىلەر شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن ۋاقتىتىن پايدىلىنىپ، ياخشى بىر ئاتنى ئالتۇندا ياسالغان ئىگەر بىلەن ئىگەرلەپ، پالۋانلاردەك ئەرەنچە كىيىنىپ، نۇرغۇن دەپنى - دۇنيا ئېلىپ تۈن يېرىم مەزگىلىدە شاھزادە كەينىدىن مېڭىپتۇ.

گۈلچېھرە كۈندۈز - كېچىلەپ يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، مېڭىبىر مۇشەققەتتە باغدات شەھرىگە يېتىپ كەپتۇ. قىز قارىغۇدەك بولسا شەھەردە يىغلىمىغان بىرمۇ كىشى يوق ئىكەن. گۈلچېھرە بۇ ھالغا ئەجەبلىنىپ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قاپتۇ ۋە بىر كىشىدىن:

— بۇ شەھەر خەلقىگە نېمە بولدى، ھەممىسلا يىغلايدىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى كىشى جاۋاب بېرىش بۇياقتا تۇرسۇن، تېخىمۇ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئىككىنچى بىر كىشىدىن سوراپتىكەن، بۇ كىشى:

— ئەي يىگىت، نېمىشقا يىغلىمايلى، پادىشاھىمىزنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى، گۈزەللىكتە ھېچ تەڭدىشى، باشقىلارغا قاراشقا نەزەرى يوق ئىدى. ئۇ كەشمىر پادىشاھىنىڭ قىزىغا ئاشىق بولۇپ قالدى. شۇقىزنى دەپ ئۆتەرەپكە كەتكىلى بىر يىل بولغانىدى. قىز شاھزادىمىزنى قوبۇل كۆرمەي قايتۇرۇۋېتىپتۇ. شاھزادە شۇ قىزنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ، ھېچقانداق داۋا - سەۋەبلەر شىپالىق بەرمەي ئازاپ چېكىپ، ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە ۋاپات بولدى — دەپتۇ. قىز بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. ھېلىقى كىشىمۇ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. گۈلچېھرە ئۆزىنىڭ باغداتقا كەلگەن تۈنجى كۈنىنىڭ كېچىسىنى شۇ يەردە يىغلاپ ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ ئوغلىنىڭ جەسىتىنى يەرلىككە قويۇشقا ھازىرلىق كۆرۈشكە پەرمان قىپتۇ. خېلى ھازىرلىقلاردىن كېيىن مېيىتنى بامدات نامىزىغا ئەپچىقىپتۇ. تاۋۇت ئارقىسىدىن پۈتۈن شەھەر خەلق يىغا-زارە قىلىشىپ مېڭىپتۇ. ماتەمدارلار كەچ كىرگەندە قايتىپ كېلىشىپتۇ. ئۇ زاماندا پادىشاھ ۋە شاھزادىلەرنىڭ گۆرىنى ئۆيگە ئوخشاش قىلىپ، كولاپ، جەسەتنى تاۋۇت بىلەنلا قويار ئىكەندۇق. شاھزادىنى ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن قاپلانغان تاۋۇت بىلەن قويۇپتۇ. ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئوغرىلارنىڭ ئوغرىلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تۆت قاراۋۇلنى كۆزەتكە قالدۇرۇپ، باشقىلار قايتىپ كېتىشىپتۇ. گۈلچېھرەمۇ كىشىلەرگە ئەگىشىپ قەبرىستانلىققا كەلگەنىكەن. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: ئازراق سەۋر قىلاي، قاراۋۇللارمۇ كېتىدۇ، شۇ چاغدا ئۇنىڭ رەڭگى - رويى، تۇسى

ئۆزگىرىپ كېتىشتىن بۇرۇن ددارىنى كۆرۈۋالاي، دەپ ئويلاپتۇ. تۈن يېرىملاشقاندا كېلىپ قارىسا، قاراۋۇللار قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن. گۈلچېھرە ئاستا كېلىپ تاۋۇتنىڭ قاپقىقىنى ئېچىشقا قاراۋۇللارنىڭ بىرى ئويغىنىپ كېتىپتۇ. قاراۋۇل قارىسا، بىركىشى تاۋۇتنى ئېچىۋاتقان. ئۇ شۇ ھامان «ئوغرى» دەپ ۋارقىراپ، ھەمراھلىرىنى ئويغىتىپتۇ. تۆت قاراۋۇل يۈگۈرۈپ كېلىپ قىزنى تۇتۇۋېلىپ، پۇت-قولىنى باغلاپتۇ. پادىشاھقا ئەتە مەلۇم قىلايلى دەپ گۈندا باشلىقىغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ۋەزىرلەر دىۋانغا يىغىلىپ كېچىدىكى ئىشنى پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ ۋە:

— ئەي ۋەزىرلەر، بۇ ئوغرىنى قانداق جازا بىلەن ئۆلتۈرمەك كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ ئوغرىنى دارغا ئېسىش لازىمدۇر، ئۆلۈكى داردىن ئېلىنمىسۇن، سۆڭەكلىرى ئۈگە-ئۈگىلىرىدىن ئاجراپ ئۈزۈلۈپ چۈشسۇن. پۈتۈن ئالەم خەلقىگە مەشھۇر بولغايكى، پادىشاھلارغا گۇناھكار بولغان كىشىلەرگە قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قويسۇن، — دېيىشىپتۇ. پادىشاھمۇ بۇ ھۆكۈمگە رازى بولۇپ ئېسىشقا پەرمان بېرىپتۇ. ئەتىسى خەلقلەرنى جازا مەيدانىغا يىغىپتۇ. «ئوغرى»نى دار ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. جارچىلار:

— بىلمىگەنلەر بىلىپ قېلىڭلار، بۇ ئوغرى شاھزادىنىڭ تاۋۇتىنى بۇلاشقا كەلگەنىكەن، شۇ يەردە تۇتۇۋېلىندى، — دەپ جاكارلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان خالايىق: «ئەي بەدبەخت، قولۇڭ قانداق بارغاندۇ» دەپ چۇقىرىشىپ قارغىش ياغدۇرۇپتۇ. پادىشاھنىڭ ئەمرى بويىچە ئۇنى ئېسىپتۇ. ئۇنىڭغا قاراشقا بىر قاراۋۇلنى قويۇپتۇ، كەچمۇ بوپتۇ، تۈن يېرىم بولغاندا قاراۋۇل: «ئۆلگەن كىشىنى يېرىم كېچىگىچە ساقلىغاننىڭ نېمە پايدىسى؟» دەپ ئويلاپ، داردىن يىراقراق بىر يەرگە بېرىپ ئۇخلاپتۇ.

دارغا يېقىنراق يەردە بىر كۆل بولۇپ قويچىلار قويلىرىنى شۇ كۆلدە كۈندۈزى كىشىلەردىن ئۈركۈپ ئوبدان سۇ ئىچەلمەيدۇ، دەپ كەچ-ئاخشاملىرى ھەيدەپ كېلىپ سۇغىرىدىكەن. بىر قويچى يىراقتىن كەلگۈچە كەچ قېلىپ، قويلىرىنى كۆلگە سۇغارغىلى ئەكىلىپتۇ. قويچى قويلىرىنى كۆلگە ھەيدەپ قويۇپ، ئۆزى بىر تەرەپتە ئولتۇرماقچى بولغاندا، كۆزى دارغا چۈشۈپتۇ. «بۈگۈن شەھەردە بىرەر ئەھۋال بولغان ئوخشايدۇ» دەپ كېلىپ قارىسا، داردا بىر ئادەم ئېسىقلىق تۇرغۇدەك. «ھەي بىچارە نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتىڭ» دەپ، بىرئاز ئېچىنىپتۇ. قويچى دار ياغىچىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. كۆرۈپتۇكى دار ياغىچى سەل مىدىرلىغۇدەك. «بۇ قانداق ئەھۋال، تېخى ئۆلمىگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ قويچى، ئاندىن ئارغامچىنى يېشىپ، ئېسىقلىق كىشىنى داردىن چۈشۈرۈپتۇ. دەرھال كۆلدىن سۇ ئەكىلىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا تېمىتىپتۇ. قىز ھوشىغا كېلىپتۇ. قىز قويچىدىن:

— ئەي ئادەم بۇ نېمە ئەھۋال؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئازراق تەخىر قىل، قويىنى ھەيدەپ يىراققا كېتەيلۇق، سەھرادا سۆزلىشەرمىز، — دەپتۇ قويچى. قىز شۇ چاغدىلا بۇ قويچىنىڭ ئۆزىنى داردىن قۇتۇلدۇرغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئۇلار قويىنى جاڭگالغا ھەيدەپ

بىرىپ خالىيراق يەردە تولتۇرۇپ پاراڭلىشىپتۇ. قويچى گۈلچىھرەدىن:

— ھەي ئادەم، نىمە گۇناھ قىلغانىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ، قىز بىر ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ:

— ھەي ۋاپادار كىشى، مەن ساڭا ئەسلى سىرىمنى بايان قىلىپ بىرەي، — دەپ بىشىدىن ئۆتكەن پۈتۈن ۋەقەنى باشتىن - ئاخىر ھىكايە قىلىپ بىرىپتۇ. قويچى «گۇناھكار» نىڭ قىز بالىلىقىغا ھەم ئۇنىڭ كەچمىشىگە ھەيران قاپتۇ.

— ئەي قىز، ئەمدى سەن ئۆز يولۇڭغا كەت، ئامان بول، ساڭا بىرەر زىيان - زەخمەت يەتمەي قالمىسۇن، — دەپ، قويچى قىزغا باشقا بىر شەھەرنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويۇپ، ئۆز ئىشىغا كىتىپتۇ.

گۈلچىھرەنىڭ قورسىقى بەك ئىچىپ كەتكەن بولسىمۇ، چىداپ مىڭىپ بىر شەھەرگە يىتىپ كەپتۇ. شەھەرنىڭ سىرتىدا بىر ۋەيرانە ئۆي خارابىسى بار ئىكەندۇق، گۈلچىھرە شۇ خارابە ئۆينىڭ ئالدىغا كىلىپ ھالسىزلىنىپ يىتىپتۇ. ھەم ئاچ، ھەم قاتتىق ھېرىپ كەتكەچكە يىتىپلا ئۇيقۇغا كىتىپتۇ. ئەتىسى كۈن چىققاندا ئويغىنىپ ئەتراپىغا قاراپتىكەن، يىنىدا بىشى يوق بىر ئادەمنىڭ گەۋدىسى ياتقۇدەك. ئۇ بۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ ۋە قورقۇپ، قايتىپ كىتەۋالاي دەپ تۇرۇشىغا، شەھەر قوۋۇقىدا تۇرغان قاراۋۇللار گۈلچىھرەنى كۆرۈپلا يۈگۈرۈشۈپ كىلىپ تۇتۇۋىلىپ پۇت - قوللىرىنى باغلاپتۇ ۋە:

— ئەي بەدبەخت، سەن ۋەزىر ئەزەمنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ، بۈگۈن ئەمدى ئۇنىڭ كىيىم - كىچەك، پۇل - ماللىرىنى ئىلىشقا كەلدىڭمۇ؟ — دەپ دۇشكەلەشىپ يۇرۇپ زىندانغا سولاپ قويۇپ، ۋەزىرگە: ئوغلىڭىزنى ئۆلتۈرگەن قاتىل كىچە ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋىلىشقا كەلگەنىكەن، تۇتۇۋىلىپ زىندانغا تاشلىدۇق، — دەپ خەۋەر بىرىپتۇ.

شۇ كۈنلەردە بۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلىنى ئوغرىلار ئۆلتۈرۈۋەتكەنىكەن. ۋەزىر ئوغلىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى تۇتالماي يۈرگەنىكەن. گۈلچىھرە بۇنىڭدىن بىخەۋەر جەسەتنى قويۇپ قويغان يەرگە كىلىپ قىلىپ ناھەق تۇتۇلۇپ قاپتۇ. ئۇلارمۇ گۈلچىھرەنى قاتىل دەپ قاراپتۇ. تاڭ ئاتقاندا ۋەزىر:

— ئۇ ئوغرىنى ئۆزۈمگە بىرىڭلار، مەن ئۇنى بىر يەرگە سولاپ قوياي، — دەپتۇ. قاراۋۇللار گۈلچىھرەنى ۋەزىرگە تاپشۇرۇپ بىرىپتۇ. ۋەزىر ئەزەمنىڭ پۇختا ياسالغان بىر سارىيى بولۇپ، گۈلچىھرەنى شۇ ئۆيگە سولاپ قويۇپ، ئۇنىڭغا قاراشقا بىر قاراۋۇلنى بەلگىلەپ، خوتۇنىنىڭ يىنىغا بىرىپتۇ.

— ئەي خوتۇن، ئوغلىمىزنى ئۆلتۈرگەن قاتىل تۇتۇلدى، — دەپتۇ ۋەزىر. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى يىغلاپ:

— ئۇ بەتبەشىرە ئوغرىنى مەنمۇ كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ.

— ئالدىرىما، ئەتە كۆرىسەن، — دەپتۇ ۋەزىر. ئەتىسى ۋەزىر خوتۇنىنى ئەگەشتۈرۈپ كىلىپ گۈلچىھرەنى سولاپ قويغان ئۆيگە كىرىپتۇ. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى قارىغۇدەك بولسا، زىبا بويلۇق، كىلىشكەن بىر يىگىت تۇرغۇدەك. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى كۆڭلىدە «خەيرىيەت، ئوغلۇممۇ ئۆلدى، قانداق قىلغان بىلەنمۇ قايتا تىرىلىپ كەلمەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، بۇنداق

گۈزەل قامەتلىك يىگىتنى نېمىشقىمۇ ئۆلتۈرۈپ يوقىتارمىز؟» دەپ ئويلاپتۇ ۋە قورسىقىغا بىر جىن كىرىپتۇ. ئۇلار ئىشىكنى بۇرۇنقىدەك مەھكەم ئېتىپ قويۇپ قايتىشىپتۇ.

شۇ كۈنى كېچىسى ۋەزىر ئۇخلاپ قالغاندا خوتۇنى ئاچقۇچنى ئېلىپ، قاراۋۇل ئۇخلاپ قالغان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، گۈلچېھرە سولاقلىق ئۆينى ئېچىپ، ئۇنى ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپتۇ. ئىشىكنى يەنە بۇرۇنقىدەك چىڭ ئېتىپ قويۇپتۇ. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى «يىگىت» نى ئەگەشتۈرۈپ ئۆز ھەرىمىگە ئەكىرىپ ئىچكىرى بىر قازناققا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ئاچقۇچنى يەنە ئورنىغا قويۇپ قويۇپتۇ. ئەتىسى سەھەردە ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ خوتۇنىغا:

— بۇ قاتىلنى قانداق جازا بىلەن ئۆلتۈرىمىز؟ — دەپتۇ. خوتۇنى:

— بۇنى ئۆزىڭىز بىلىسىز. قانداق ئۆلتۈرۈشنى خالىسىڭىز، شۇنداق ئۆلتۈرۈڭ، — دەپتۇ.

ۋەزىر پادىشاھ ئوردىسىغا كىرىپ قاتىل ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپتۇ.

— قاتىلنى قانداق جازالاشنى ئويلاۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ئاسسام دەيمەن، — دەپتۇ ۋەزىر. مەسلىھەت بويىچە «قاتىل» نى دارغا ئاسماق بولۇپ، ۋەزىر جاللاتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ، سولاپ قويغان ئۆيگە قارىسا «قاتىل» شامالدەك يوقاپ كەتكەن. «قاراۋۇللارنىڭ ئالدىدىنلا قېچىپتۇ، قانداق يوقاپ كەتكەندۇ؟» دېيىشىپ ھەممىسى ئەجەبلىنىپتۇ.

— بۇ بىر ھېكمەت، ئۇ ئادەم ئەمەس جىن - شاياتۇن ئوخشايدۇ، — دېيىشىپتۇ. پۈتۈن شەھەرنى ئاردلاپ - ئاختۇرۇپمۇ تاپالماپتۇ. ئىلاجىسىز ئىزدەشنى توختىتىپتۇ.

ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ ئوردىغا كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ «يىگىت» نىڭ يېنىغا كىرىپ تۈرلۈك ناز - كەرەشمىلەر بىلەن سۆزلىشىپ يېقىنچىلىق قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ. ۋەزىرنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىشق ھارارىتى ئۆرلەپ، ئۆزىنى بېسىۋالالماي:

— مەن سېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدىم. بۇنىڭ بەدىلىگە سەن مېنى مۇرادىمغا يەتكۈز، — دەپ خوتۇنلۇق نەپسى تەلىپىنى ئوچۇق ئېيتىپتۇ.

— مەن بىرنەچچە كۈن جاپا - مۇشەققەت چەكتىم، ھالسىزلاندىم. بۇ ھالىم بىلەن مەن سېنى مەقسىتىڭگە ئېرىشتۈرەلمەيمەن. سەن ماڭا قىرىق كۈن مۆھلەت بەر. مەن ئوزۇقلىنىپ بىر ئاز ماغدۇرۇمغا كېلىۋالاي، — دەپتۇ «يىگىت».

ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭغا تەلىپى بويىچە قىرىق كۈن مۆھلەت بېرىپتۇ، مۇشۇ جەرياندا ئۇنى ياخشى بېقىپتۇ. ۋەزىر يوق ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ، ئۆپۈشۈپ ئويناپتۇ. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى شۇ قەدەر ئاشىق بولۇپتۇكى، بىر سائەت كۆرمىسە چىدىيالمايدىغان دەرىجىگە يېتىپتۇ. قىرىق كۈننى تولدۇرالماي سەۋرىسى سەل بوپتۇ، بىر كېچىسى كۆزىنى يۇمماي يېتىپ، ۋەزىر ئۇخلاپ قالغاندا ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ «يىگىت» بار قازناققا كىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۇمۇ ئۇخلىماپتۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ ئىشقى بۇنىڭ ئىشقىدىن نەچچە مىڭ ھەسسە كۈچلۈك ئىكەن. شۇ سەۋەبلىك بىدار



ياتقان ئىكەن. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى:

— مۇشۇ ۋاقىتقىچە نېمىشقا ئۇخلىمايسەن؟ — دەپ **نازلىنىپتۇ** «يىگىت»:

— ئەي جانانىم، سىنىڭ ئىشق-پىراقىڭ تۈپەيلى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەدى. ئەگەر سەن كەلمىگەن بولساڭ، يېنىڭغا بېرىش ئىنتىزارلىقىدا تۇراتتىم، — دەپتۇ.

ۋەزىرنىڭ خوتۇنى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بەك سۆيۈنۈپتۇ، شۇ ھامانلا ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتىدىغاندەك، خۇشاللىقىنى باسالماپتۇ.

— ئەي كۆڭلۈم خۇشى، سەندىن باشقىنى دەيدىغان بولسام ھارام ئۆلەي، — دەپ قەسەم ئىچىپ، ئۆزىنى گۈلچېھرەنىڭ قۇچىقىغا ئېتىپتۇ.

ۋەزىر ئويغىنىپ قارىسا، خوتۇنى يوق ئىمىش. بىر ئاز يېتىپ بېقىپتۇ، خوتۇنى يەنىلا كەلمەپتۇ. «بۇ نەگە كەتكەندۇ؟» دەپ ئويلاپ سارايىنىڭ ھەممە ئۆيلىرىگە قاراپ چىقىپتۇ، خوتۇنى ھېچيەردە كۆرۈنمەپتۇ. ئۇندا ئىزدەپ-بۇندا ئىزدەپ ئىچكىرى بىر قازناقنىڭ يېنىغا بېرىپ قاپتۇ. قۇلىقىغا قانداقتۇر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بوپتۇ، يېقىن بېرىپ قۇلاق تىكسە ئىككى كىشىنىڭ گەپلىشىۋاتقان، كۈلۈشۈۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ تېخىمۇ دىققەت بىلەن ئاڭلىسا، خوتۇنى بىر يىگىت بىلەن ئوينىشىپ-كۈلۈشۈۋاتقۇدەك. ۋەزىرنىڭ ئەرۋايى قىرىق **گەز** ئۇچۇپ، دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ، **ئۆز** خانىسىغا كىرىپ، قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپتۇ-دە، ھېلىقى ئۆيگە كىرىپتۇ، قارىسا خوتۇنى بىر «يىگىت» بىلەن ئوينىشىپ ئولتۇرغۇدەك. ۋەزىر ئېتىلىپ بار-

غىنچە خوتۇننى چېپىپ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. «يىگىت» نىمۇ چاپماقچى بولۇپ قىلىچىنى كۆتۈرگەنىكەن، دەل شۇ ۋاقىتتا «يىگىت»:

— ئەي ۋەزىر، ساڭا ئېيتىدىغان بىر گېپىم بار، قىلىچىڭنى قوي، مەن ئەر ئەمەس، — دەپ ئۇستىدىكى كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپتۇ، ئۇنىڭ كۆكرەك بېغىدىكى قوش ئالمىسى كۆرۈنۈپتۇ. ۋەزىر: بۇ نېمە ئالامەت، دەپ ھەيرانۇ ھەس بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. گۈلچېھرە:

— مەن بۇ ئىشلارنىڭ سىرىنى سۆزلەپ بېرەي، — دەپ ھەممە كەچمىشلىرىنى قالدۇرماي ئېيتىپ بېرىپتۇ، ۋەزىر ئەجەبلىنىپتۇ. ئۇ، ئۆزىچە: خوتۇنۇم ئۆلدى، قايتا تىرىلمەيدۇ، دەپ ئويلاپتۇ - دە، گۈلچېھرەگە:

— سېنىڭ سەۋەبىڭدىن خوتۇنۇمدىن ئايرىلدىم، ئەمدى سەن ماڭا خوتۇن بول، — دەپتۇ. گۈلچېھرەمۇ ۋەزىرنىڭ خاھىشىغا رازى بوپتۇ.

ئەتىسى ۋەزىر خوتۇنىنىڭ ئۆلۈكىنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي جەسىتىنى كۆمۈپ تاشلاپتۇ. شۇ كۈنى ۋەزىر گۈلچېھرەنى نىكاھىغا ئېلىپ، ئاخشىمى ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقچى بوپتىكەن، ئۇ:

— ئەي ۋەزىر، مەن سېنىڭ نىكاھىڭغا ئۆتتۇم، ھەرقاچان مەن سېنىڭ. ئەمما ماڭا ئۈچ كۈن مۆھلەت بەر، كۆڭلۈم سەل ئارامغا چۈشسۇن، ئاندىن نېمە قىلسەن دېسەڭ ئىختىيارىڭچە بولسۇن، — دەپتۇ.

ۋەزىر گۈلچېھرەگە ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىپتۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ۋەزىر شاھنىڭ ئوردىسىدىن ھەم كەچرەك، ھەم خاپىراق قايتىپتۇ. گۈلچېھرەگە گەپمۇ قىلماي يېتىپلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

گۈلچېھرە قارىسا ۋەزىر قاتتىق ئۇخلىغان. ئۇنىڭ بېلىدە بىر ئالماس خەنجەر بار ئىكەن. گۈلچېھرە خەنجەرنى ئېلىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن ۋەزىرنىڭ بوينىغا چېپىپتىكەن، بېشى توپتەك دومىلاپ چۈشۈپتۇ، گۈلچېھرە تېزلىك بىلەن خەج - خىراجەت ئۈچۈن ئۈنچە - مەرۋايىت، ئالتۇن - كۈمۈشتىن ئېلىپ، ياخشى ئاتتىن بىرنى تاللاپ مىنىپ ھېلىقى شاھزادىنىڭ شەھىرىگە — باغداتقا قاراپ راۋان بوپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئوردىنىڭ ھەممە ئەركانلىرى سالامغا كەپتۇ. پادىشاھ قارىغۇدەك بولسا باش ۋەزىر يوق ئىمىش. ۋەزىرنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. بارغان كىشى يېنىپ كېلىپ:

— ۋەزىرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ھەممە ئىشىكلىرى چىڭ ئېتىكلىك تۇرىدۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھمۇ، باشقىلارمۇ «بۇ نېمە ئىش، چوقۇم بىرەر ھادىسە بولدى» دېيىشىپتۇ. پادىشاھ:

— بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار، ئۆيىگە كىرىپ قاراپ بېقىڭلار، — دەپتۇ. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ قارىسا، ۋەزىر ئۆزەم باشسىز ياتقۇدەك. ئۇلار بۇ ئىشقا ھەيران قېلىشىپتۇ. قانچە سۈرۈشتۈرۈپمۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەپتۇ. ئامالسىز ۋەزىر ئەزەنىڭ جەسىتىنى يەرلىككە قويۇپتۇ.

ئەلقىسسە، گۈلچېھرە ۋەزىرنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئەرەنچە ياسىنىپ، شەھەر قوۋۇقىنى ئېچىشىغا «يارەببىم» دەپ باغدات تامان مېڭىپتۇ. چارچىسا ئازراق ئارامنى ئېلىپ، قورسىقى ئاچسا ئۆزىنىمۇ ئېتىنىمۇ بېقىپ، ئاز ئۇخلاپ، كۆپ يول مېڭىپ، بىرنەچچە كۈندە باغداتقا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇدۇل شاھزادە قويۇلغان قەبرىگە كېلىپ كەچ كىرىشىنى كۈتۈپتۇ. كەچ

كىرىپ، ئەل - جاھان ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ، ئەتراپ ئۆلۈكتەك جىملىققا چۆككەندە قەبرىنى كولاپ تاۋۇتنى ئېچىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا شاھزادىنىڭ رەڭگى - رۇخسارىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق، ھازىرلا ئۇخلاپ قالغاندەك ياتقۇدەك. گۈلچېھرە شاھزادىنىڭ قولىنى تۇتۇپ «تىرىك بولساڭ ئويغانساڭچۇ» دەپتىكەن، شاھزادە ئاستا - ئاستا نەپەسكە كېلىپ كۆزىنى ئېچىپتۇ. قارىسا كەشمىر پادىشاھىنىڭ قىزى قولىنى سىلاپ بېشىدا ئولتۇرغۇدەك. ئەمما تۇرغان يېرى قەبرىستان ئىكەن. شاھزادە:

— سەن گۈلچېھرەمۇ ياكى جىنمۇ؟ مېنى ئاتا - ئانام نېمىشقا بۇ قەبرىستانلىققا ئەكىلىپ قويۇشتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ ماللىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس، دەرھال ئارقامدىن ماڭ، — دەپتۇ گۈلچېھرە شاھزادىنىڭ ماڭغۇدەك ھالى نەدە! قىزغا يېپىشىپتۇ. گۈلچېھرە ئۇنى يۈدۈپ ئۆز چۈشكۈنگە ئەكىلىپ بىرنەچچە كۈن بېقىپتۇ. شاھزادىنىڭ ھالى ياخشىلانغاندىن كېيىن، گۈلچېھرە ئۇنى ئۆز شەھىرى — كەشمىرگە ئېلىپ كېتىپتۇ.

گۈلچېھرە بىلەن شاھزادە كەشمىر شەھىرىگە يېقىن كەلگەندە پادىشاھقا قىزى گۈلچېھرەنىڭ باغدات شاھزادىسى بىلەن كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى يېتىپتۇ. پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ۋەزىر - ۋۇزۇرالىرى بىلەن شەھەر سىرتىغىچە چىقىپ ئۇلارنى كۈتۈۋاپتۇ. قىزى ۋە شاھزادە بىلەن يىغا - زارە قىلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلار ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن ئۆتكەن ھەممە سەرگۈزەشتىلىرىنى بىرمۇبىر بايان قىلىپ بېرىپتۇ.

— كاشكى، شاھزادە مۇشۇ يەردىكى ۋاقىتتا تەمەننايىڭنى قويۇپ، ماقۇل كۆرگەن بولساڭ، بۇ رىيازەتلەرنى چەكمەس ئىدىڭ. بىزمۇ سېنىڭ ھەسرىتىڭدە دەرد كۆرمەس ئىدۇق. ئىنشائاللا، ئامان ئىكەنسەن، دىدارلاشتۇق، — دەپتۇ ئاتىسى ۋە شاھزادىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلارنى چاقىرىپ كېلىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ.

— ئۇلار ئەلچىنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيدۇ، چۈنكى، مېنى «ئۆلدى» دەپ كۆمۈشكەنىكەن. تىرىكلىكىمنىڭ راستلىقىنى ئۇچۇن ئەلچىگە مەن ئۆز قولۇم بىلەن خەت يېزىپ بېرەي، — دەپتۇ شاھزادە.

ئەلچىلەر باغداتقا يېتىپ بېرىپ پادىشاھنىڭ ۋە شاھزادىنىڭ خېتىنى باغدات پادىشاھىغا تاپشۇرۇپتۇ. پادىشاھ خەتنى ئوقۇپ ئەئەجەپلىنىپتۇ. شۇ ھامان بىرنەچچە يېقىنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوغلى كۆمۈلگەن يەرگە كەلسە قەبرە ئېچىلغان، تاۋۇت قۇرۇق تۇرغۇدەك. شۇندىلا ئەلچىلەر سۆزلەپ بەرگەن ئەھۋاللارنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپ خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماپتۇ. شۇ يەردىلا:

— كەشمىر شەھرىگە ماڭىمىز تەييارلىق قىلىڭلار، — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ئوردا خادىملىرى سەپەر ھازىرلىقىغا كىرىشىپتۇ.

شاھزادىنىڭ ئاتا - ئانىسى پۇختا تەييارلىقلاردىن كېيىن چوڭ كارۋانلىق دۇنيا - دەپنە بىلەن يولغا ئاتلىنىپ، بىرنەچچە كۈندىلا كەشمىر شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. كەشمىر پادىشاھى، خوتۇنى، قىزى ۋە شاھزادە ئوردا - ھەرەم خادىملىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ.

(ئاخىرى 179 - بەتتە)

# ئاتا-بوۋىلار نەسىھەتلىرىدىن

## قوۋم-قېرىنداش، ئەل-ئاغىنە، ئۇرۇق-تۇغقانلارنى ھۆرمەتلەش ھەققىدە

ھەي بالام، قوۋم-قېرىنداش، ئەل-ئاغىنە، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭنىڭ ھەققىنى ئۇنتۇما، قولۇڭدىن كېلىشىچە ئۇلارغا ياردەم بەر، ياخشىلىق قىل، يامانلىقنى راۋا كۆرمە. مېنىڭ: «قوۋم-قېرىنداش، ئەل-ئاغىنىلىرىڭنى ھۆرمەت قىل!» دېگەن سۆزۈمدىن، ئېھتىمال سەن: «بوۋامنىڭ بۇ نەسىھىتى ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىل ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم ھەققىدىلا» دەپ ئويلارسەن. بۇنداق ئويلىشىڭ بىر تەرەپلىمە قارىغاندا توغرا، لېكىن مەن بۇ سۆزۈم بىلەن ھەممە ئادەمنى ئۆزۈڭگە قوۋم-قېرىنداش، بۇرادەر دەپ بىل، دېمەكچىمەن. ئۆز ئائىلە ئەزالىرىڭ، تۇغقانلىرىڭغا قانداق كۆيۈنسەڭ، ئۇلار بىلەن قانداق چىرايلىق مۇئامىلىدە بولساڭ، باشقىلارغىمۇ شۇنداق بول.

ھەي بالام، بىر كىشىگە يامانلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئورا كولىساڭ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇ ئورىغا ئۆزۈڭ يىقىلىسەن. ئۇنىڭغا يامانلىق قىلمەن دەپ، ئۆزۈڭگە يامانلىقنى تېپىۋالىسەن. ئەگەر ئەقلىڭ بولسا، كىشىگە يامانلىق قىلىشنى ئويلىما. ئەلدىن مېھىر-شەپقىتىڭنى ئايىما.

## دوستلۇق ھەققىدە

ھەي بالام، تىرىك كىشى ئەلۋەتتە دوستسىز ئۆتمەيدۇ، كىم بىلەن دوستلاشساڭ، ئۆزۈڭمۇ دوستلۇق قائىدىلىرىگە رىئايە قىل. كىمكى دوستىنى ئېسىگە ئالمىسا، دوستىمۇ ئېسىگە ئالمايدۇ. كىمنىڭ دوستى كۆپ بولسا، ئۇنىڭ ئەيىبلىرى يېپىلىدۇ. يېڭى دوست تاپساڭ، كونا دوستۇڭدىن يۈز ئۆرۈمە. ياخشى دوست كىشىگە ئۇلۇغ خەزىنىدۇر. بەزى ئادەملەر سېنىڭ بىلەن يېرىم دوست بولىدۇ. ئۇنداقلار بىلەنمۇ ياخشى ئۆت. ئۇلارمۇ سەندىن ياخشىلىق كۆرسە ئاستا-ئاستا سەن بىلەن چىن دوست بولۇپ قالىدۇ. دوستۇڭنىڭ دوستلىرىنى ئۆز دوستلىرىڭ، دۈشمەنلىرىنى ئۆز دۈشمىنىڭ دەپ بىل. دوستۇڭغا دۈشمەن، دۈشمىنىڭگە دوست بولغان كىشى بىلەن ھەم ئەقىلسىز كىشىلەر بىلەن ئەسلا دوست بولما، ئەقىلسىز، نادان دوست ئەقىللىك دۈشمەندىن يامانراقتۇر.

ھەي بالام، دوستۇم كۆپ دەپ، ھەمىشىگىلا بىر خىل قارىما. تۇرمۇشۇڭ باياشات چېغىدا ئۆزلىرىنى دوست كۆرسىتىپ، قىيىنچىلىققا ئۇچراپ قالغىنىڭدا تاشلاپ كەتكەن كىشىلەرنى دوست دەپ بىلمە. چۈنكى ئۇلار ھەقىقىي دوست ئەمەس، ئاش-نان دوستىدۇر. سىرىڭنى دوستۇڭدىنمۇ يوشۇر. مۇبادا ئۇ بىر كۈنى دۈشمەن بولۇپ قالسا، ئۆزۈڭگە زىيان يەتكۈزىدۇ، ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلساڭ پايدا بەرمەيدۇ.

ئەگەر دوستۇڭ سەۋەبسىزلا سەندىن

بۇز ئۆرسە، ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىقنى توختات. تەمەگەر دوستتىن يىراق بول، ئۇنىڭ دوستلۇقى ھەقىقىي ئەمەس، تەمەگەرلىكتىندۇر. ھەسەتخور كىشى ئەسلا دوست بولالمايدۇ.

## ھۈنەر ھەققىدە

ھەي بالام، ئەگەر ئەقىللىك، دانا بولاي دېسەڭ، ھۈنەرۋەن بولۇش كويىدا بول. ھۈنەر بىلەن ئابروي تاپىسەن. ئەگەر ھۈنەرسىز بولساڭ خۇددى سايىسىز قاقشال دەرەختكە ئوخشىشىپ قالىسەن. ئەگەر ئەقىل-پاراسىتىڭ بار تۇرۇپ، ھۈنەرسىز بولساڭ، سېنىڭ بىلىملىكلىكىڭ بىر سۈرەتكە ۋە قۇرۇق جىسىمغا ياكى مېۋىسىز دەرەختكە ئوخشاشتۇر.

ھەي بالام، ئۆز نەسەبىڭ، ئاتا-بوۋاڭنىڭ مەتۇۋىسى ۋە مەنسىپىگە مەغرۇرلىنىپ، بىرەر ھۈنەر ئۆگىنىشتىن زادىلا نومۇس قىلما، ئاتىسىنىڭ مەنسىپىگە مەغرۇرلىنىپ، مېھنەتتىن قېچىش، ئىلىم-ھۈنەر ئۆگەنمەي قېلىش پەقەت جاھىل، نادان ئادەملەرنىڭلا ئىشىدۇر. ئاقىل ۋە دانالار مېھنەتتىن قاچمايدۇ، ئىلىم، ھۈنەر ئۆگىنىدۇ. شۇنى ياخشى بىلىشىڭ كېرەككى، ئالىي نەسەبلىك بولساڭمۇ، ئەقىل-پاراسەت، ھۈنەرىڭ بولمىسا، ئۇنىڭدىن ساڭا نېمە پايدا؟

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ بارىدى. ئۇ بىر ئۇستا زەرگەرگە: «مېنىڭ بارمىقىمغا لايىق قىممەتباھا ئۈزۈك ياساپ كەل»، دەپ بۇيرۇدى. زەرگەر لەئل ۋە ياقۇتتىن قىممەتباھالىق بىر ئۈزۈك ياساپ ئېلىپ كەلدى. پادىشاھ ئۈزۈكنى قولىغا تەتۈر تاقىدى-دە، ئۈزۈك قولىغا بىنەپ بولغىنى ئۈچۈن زەرگەرنى بىر نەچچە قامچا ئۇردى.

— مېنىڭ نېمە ئەيىبىم بار، نېمىشقا قامچا بىلەن ئۇرۇلدۇم؟ — دېدى بىچارە ئۇستا يىغلاپ.

— سەن ئۈزۈكنى تەتۈر ياساپسەن، شۇڭلاشقا جازا بەردىم، — دېدى پادىشاھ.

— ئۇنداقتا ئەيىب مەندە ئەمەس، ئەيىب ئۆزىڭىزدە ئۈزۈكنى بارمىقىڭىزغا ئۆزىڭىز تەتۈر سېلىۋالدىڭىز.

پادىشاھ ئۈزۈكنى بارمىقىغا توغرا تاقىدى-دە، ئاندىن ئۇستىسىغا «سېنى بىكارلا جازالاپتىمەن، سەن مەندىن رازى بول» دەپ زەرگەرگە ئىنئام بېرىپ، يولغا سالدى. تۇرمۇشتا بەزىدە ئەنە شۇنداق «دانا» كىشىلەرمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ھەي بالام، ئەقىللىك، پاراسەتلىك ۋە ئىلىم-ھۈنەرلىك كىشىلەر بىلەن دوست بول، ھۈنەرسىز كىشىدە خاسىيەت بولمايدۇ. مېھنەت، ئىلىم-ھۈنەر ئۆگىنىشتىن قاچما.

## يىگىتلىك سۈپەتلىرى

ھەي بالام، ھەر قانچە ياش يىگىت بولساڭمۇ، ئەقىللىك بول مەن ساڭا يىگىتلىك قىلما دېمەكچى ئەمەسمەن پەقەت ئېغىر-بېسىق بول، ۋەزنى يوق يىگىتلەردىن بولما، يىگىتكە ئېغىر-بېسىقلىق يارىشىدۇ. ئارىستو ھېكىم: «يىگىتلىك — ئەقىلسىزلىكنىڭ بىر تۈرى»، دەپ ئېيتقانىكەن، جاھىل-كاج يىگىتلەردىن بولما، جاھىللىقتىن نۇرغۇن ئاپەتلەر پەيدا بولىدۇ. ئەگەر يىگىتلىك چېغىڭنى بىكارغا

ئۆتكۈزسەڭ، ھۆرۈنلىرىڭنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىلىۋالساڭ، قېرىغاندا ئۆزۈڭدىن ئۆزۈڭ ئۆكۈنىسەن، لېكىن بۇ پايدا بەرمەيدۇ.

ھەي بالام، ھوشيار بول، يىگىتلىك دەۋرىڭنى غەنىمەت بىل، يىگىتلىكىڭگە مەغرۇرلىنىپ، ئەزىز ئۆمرۈڭنى ھاۋايى ھەۋەس بىلەن ئۆتكۈزمە، شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي، پەقەت ياشلار بىلەنلا ئەمەس، چوڭلار بىلەنمۇ ھەمسۆھبەتتە بول: قې-رىلار ياشلارغا قارىغاندا كۆپرەك نەرسىنى بىلىدۇ، بەزى يىگىتلەر قېرىلارنى ئۆزلى-رىگە موھتاج دەپ بىلىپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ھەتتا بەزىدە زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشىدۇ. قېرىلار يىگىتلىك دەۋرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆز ئارزۇلىرىغا يېتىشكەن. يى-گىتلەرمۇ شۇ ئارزۇدا بولىدۇ، بەزى يى-گىتلەر ئۆزلىرىنى ھەممىدىن دانا ھېساب-لايدۇ. لېكىن ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ نادان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ.

ھەرقانداق ئىشىڭدا ئۆزۈڭدىن چوڭ-لار بىلەن كېڭىشىپ، ئۇلارنىڭ نەسىھى-تىنى ئال، شۇندىلا ئىشلىرىڭدا نەتىجە يارىتالايسەن.

ئۆيلىنىش ھەققىدە

ھەي بالام، ئۆيلەنمەكچى بولساڭ، قىز-ئاياللارنىڭ ھۆسن-جامال، مال-مۈلكىگە قىزىقما. ئۇلارنىڭ تاشقى سۈرى-تىگە ئەمەس، سۈپىتىگە دىققەت قىل، ئا-تا-ئانىسىنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئەدەبلىك، تەربىيە كۆرگەن ئائىلىنىڭ قىزىغا ئۆيلەن، ئۆز ھۆرمىتىڭنى ساقلا. بۇ سېنىڭ ئولۇغ-دىن كېلىدىغان ئىش. ئاياللىق ئۆي ئىش-لىرىدا ئەپلىك، زېرەك، تېجەشلىك، ئۆ-زۈڭ ۋە ئاتا-ئاناڭنىڭ ھۆرمىتىنى قىلى-دىغان ئەقىللىك، ئوچۇق چىراي، سىلىق سۆزلۈك، قائىدە-يوسۇنلۇق، پەرزەنتلى-رىڭگە مېھرىبان ۋە ئىشنىڭ يولىنى بىلى-دىغان بولسا، تۇرمۇشۇڭ راھەتتە ئۆتى-دۇ. ياخشى ئايال ئەرنىڭ كۆركى، ئۆيى-نىڭ زىننىتى ۋە بەرىكىتى.

ھەي بالام، ئۆز ھالىڭغا، دەرىجەڭ-گە قاراپ، ھەر جەھەتتە ئۆزۈڭگە تەڭ-داش بولغان ئائىلىنىڭ قىزىغا ئۆيلەن، ئۆزۈڭدىن يۇقىرى دەرىجىدىكى ئائىلىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنسەڭ، ئايالىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەشەمەتلىك ۋە دەبدەبىلىك تۇرمۇشىدىن مەغرۇرلىنىپ، سېنى مەنى-سىتمەي قىلىشى مۇمكىن. ئېپەتلىك، ھا-يا-نومۇسلۇق ئايال ھەمىشە ئەرنىڭ ماخ-تىشىغا ۋە مەدھىيىسىگە ئىگە بولسا، تىلى زەھەر، ھاياسىز ئايال خەلقنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ. بىرى گۈزەل خىس-لەتكە، ئىككىنچىسى يامان خىسلەتلەرگە ئىگە بولغان ئىككى ئايال ھەققىدىكى مۇ-نۇ ھېكايىگە دىققەت قىلىڭ.

بىر ھەسەتخور ئايال ئەنباغ ئىسىم-لىك ھايا-نومۇسلۇق بىر ئايالنى كۆ-رەلمەيتتى. ھەسەتخورلۇق ۋە ئاداۋىتى-نىڭ يامانلىقىدىن بىر كېچىسى ئۆزىنىڭ كىچىك ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ، ئەنباغنىڭ ئۆيىگە تاشلاپ قويدى. ئەتىسى كەشمىر ھاكىمى سۇلتان زەينۇلئابىدىننىڭ ئالدىغا بېرىپ: «ئوغلۇمنى ئەنباغ ئۆلتۈردى»، دەپ ئەرز قىلىپ، داد-پەرياد كۆتۈردى. ھاكىم ئىنتايىن ئەقىللىك، پاراسەتلىك ئادەم ئىدى. ئۇ ئاۋۋال ئەنباغنى چاقى-رىپ، ئۇنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈردى. ئەن-

باغ ئۇنداق ئەسكى ئىشتىن خەۋىرىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتى. ھاكىم ئۇنىڭغا:

— ئەگەر سۆزۈڭ راست بولسا، مۇشۇ يەردە ھەممە كىيىملىرىڭنى سېلىۋېتىپ، ئالدىمىزدا يالىڭاچ تۇرساڭ ئاندىن سۆزۈڭگە ئىشىنىمىز، — دېدى. ھاكىم بۇ تەكلىپى بىلەن ئەنباغنى ھايا-نومۇسلۇق ئايالمۇ ياكى ئەمەسمۇ، دەپ سىنىماقچىدى.

ئەنباغ ھاكىمنىڭ تەكلىپىدىن ئىنتايىن ئىزا تارتىپ، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە:

— قىپيالىڭاچ بولۇپ سىزلەرگە كۆرۈنگىنىمدىن كۆرە ئۆلگىنىم ياخشىراق، مەن بۇنداق رەسۋاچىلىقنى زادىلا قوبۇل قىلالمايمەن، — دېدى.

سۇلتان دىلىدا ئۇنىڭغا بارىكاللا ئېيتىپ، سىرتقا چىقىرىۋەتتى، ئاندىن ھېلىقى دەۋاگەر ھەسەتخور تۆھمەتچى ئايالنى چاقىرىپ، سوراق سورىدى. ئاخىرىدا ئۇنىڭغا:

— ئەگەر سەن بىزنىڭ ئالدىمىزدا مۇشۇ يەردىلا قىپيالىڭاچ بولساڭ، دەۋايىڭنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىمىز، — دېدى. تۆھمەتچى ھېچ تەپتارتماي، ئويلاپمۇ تۇرماي كىيىملىرىنى سېلىشقا باشلىدى. ھاكىم ئۇنى توختىتىۋېلىپ:

— سەن يالغاندىن دەۋا قىلىپسەن، بۇنداق بولمىغۇر ئىشنى ئۆزۈڭ قىلىپ، ھايا-نومۇسلۇق ئەنباغنى قارىلىماقچى بولغانسەن. سېنىڭ ھاياسىز، نومۇسسىزلىقىڭ بىلىندى، — دەپ، ئۇنى دەررە بىلەن ئۇرۇشقا ھۆكۈم قىلدى. ئاخىرىدا ھەسەتخور ئايال:

— راستىنى ئېيتاي، بۇ ئىشتا ئەنباي گۇناھسىز. ھەسەتخورلۇقۇمنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن ئەنباغنى خەلق نەزەرىدىن چۈشۈرۈش ئۈچۈن بۇ يارىماس ئىشنى ئۆزۈم قىلغانىدىم، — دەپ ئەيىبىگە ئىقرار بولدى. ئەنباغ نومۇسلۇق-ھايالىق بولغىنى ئۈچۈن تۆھمەتتىن قۇتۇلدى.

ھەي بالام، قانداق قىزغا ئۆيلىنىش كېرەكلىكىنى سۆزلىدىم، شۇنىمۇ ئۇنتۇمىغىنكى، ئايالىڭنىڭمۇ سېنىڭ زىممەڭدە ھەققى بار، ئۇنى دائىم ھۆرمەت قىل، ئەرزىمىگەن ئىشلار ئۈچۈن دىلىنى ئاغرىتما، ئۆي ئىشلىرىدا ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەش.

## سۆزمەنلىك ھەققىدە

كى ھەركىم بولسا دانايۇ سۆخەندان،
بولۇر ھەر يەرگە بارسا شادۇ خەندان.

ھەي بالام، سۆزمەنلىك يەنى گەپتە چېچەنلىك ياخشى خىسلەتتۇر. ھەممىشە چىرايلىق، ئوچۇق ۋە مەزمۇنلۇق سۆزلەشنى ئۆگەن، يالغان سۆزلەشكە ئادەتلەنمە، ئۆزۈڭنى راستچىللىق بىلەن ئەلگە تونۇت.

ئەقىللىك، دانا ئادەم بىرەر مەسىلە ھەققىدە سۆزلىمەكچى بولسا، ئالدى بىلەن ئۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىدىن ياخشى خەۋەردار بولۇپ، نېمە دېيىش كېرەكلىكىنى ياخشى ئويلاپ، ئاندىن ئوچۇق ۋە مەزمۇنلۇق سۆزلەيدۇ. جاھىل ئادەم بولسا چۈشەنمەي تۇرۇپلا سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرالمايدۇ.

ھەي بالام، ئەگەر بىر ئادەمنىڭ كەمچىلىكىنى سېزىپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت

قىلماقچى بولساڭ، ئاۋۋال ئۆزىڭ تەبىئىتى، روھىي ھالىتىنى ئوبدان ئۇقۇپ، ئاندىن نەسىھەت قىل، بولمىسا قىلغان نەسىھىتىڭ بىكارغا كېتىدۇ. خەلققە دەيدىغان سۆزۈڭنى مۇلايىملىق بىلەن ئېيت، خەلق سۆزلىگەن سۆزۈڭدىن سېنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭنى، دەرىجەڭ ۋە مەرتىۋەڭنى بىلىۋالىدۇ، چۈنكى بىر كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ۋە دەرىجىسى ئۆزىنىڭ سۆزلىگەن سۆزىدىن بىلىنىدۇ، ھەر كىشىنىڭ ئەھۋالى ئۆزىگە سىردۇر. بىر خىل ئىبارە بىلەن ئېيتقان سۆز ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ. باشقا بىر خىل ئىبارە بىلەن ئېيتىلغان خۇددى ئاشۇ سۆزنىڭ ئۆزى كۆڭۈلگە شادلىق بېغىشلايدۇ. سۆزگە چاققان، ناتىق، سۆزمەن ئادەم سۆزىنى قانداق ئىبارە بىلەن ئېيتىشنى بىلىدۇ.

## بالا تەربىيلەش ھەققىدە

ھەي بالام، ئەگەر سەن بالا تاپساڭ، بالاڭغا ياخشى ۋە گۈزەل ئىسىم قوي. ياخشى ئىسىم قويۇش — بالىنىڭ ئاتا زىممىسىدىكى ھەقلىرىدىن بىرىدۇر. بالاڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆز ھالىڭغا بېقىپ توي-تۆكۈن قىل، كۈچ-قۇۋۋىتىڭگە قارىماي، چوڭ توي قىلىشتىن ساقلان. تويغا بار-يوقىنى بىراقلا سەرپ قىلىپ، قىيىنچىلىق گىردابىغا چۈشۈپ قېلىش، قەرزگە بوغۇلۇش — ئەقىللىك كىشىنىڭ ئىشى ئەمەس. بالاڭ چوڭ بولغاندا ئۇنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ھۈنەر ئۆگەت.

قابوس شاھنىڭ نەۋرىسى كەيكاۋۇس ئۆز ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ، بېشىدىن ئۆتكەن بىر ۋەقەنى مۇنداق بايان قىلىدۇ.

— مېنىڭ مەنزەر ھاجىب ئىسىملىك بىر تەربىيىچىم ۋە رەيھان ئىسىملىك خىزمەتچىم بار ئىدى. مەنزەر ھاجىب ئاتلىق مەشىقنى ئىنتايىن ياخشى بىلەتتى، مەن ئون ياشقا توشقان چېغىمدا ئات ئۈستىدە مەشىق قىلىش، نەيزە سانجىش، ئاتلىق توپ ئويناش، سالما تاشلاش قاتارلىق ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن مېنى ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇردى. مەن پات ئارىدىلا بۇ ھۈنەرلەرنى ئوبدان ئۆگىنىۋالدىم. ئاندىن كېيىن مەنزەر ھاجىب ۋە رەيھان مېنى ئاتامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى:

— ئوغلىڭىز ھەربىي ھۈنەرلەرنى ياخشى ئۆگەندى، سىناپ كۆرۈڭ، — دېدى.

ئاتام ماقۇل بولدى. مەن ئەتىسى ئاتامنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھەممە ھۈنەرلىرىمنى كۆرسەتتىم. ئاتام خۇرسەن بولۇپ، ھۈنەر ئۆگەتكەن ئۇستازلىرىمغا مۇكاپاتلار بەردى.

ئاندىن ئۇلارغا:

— رەھمەت، ئۆگەتكەن ھۈنەرلىرىڭلارنى بالام ياخشى ئۆگىنىپتۇ، پەقەت يەنە بىر زۆرۈر ھۈنەر قاپتۇ، — دېدى. ئۇلار قايسى ھۈنەر ئىكەنلىكىنى سورىدى. ئاتام مۇنداق دېدى:

— سىزلەر ئۆگەتكەن ھۈنەرلەرنى زۆرۈر بولغاندا ئوغلۇمغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن باشقا بىر كىشىمۇ قىلالايدۇ. ئەمما زۆرۈر پەيتتە ئۆزى ئۈچۈن پەقەت ئۆزىلا قىلالايدىغان، باشقا بىرى قىلالمايدى-

غان ھۈنەرنى ئۆگەتمەيمىزلەر، ئۇز ھۈنەر بولسىمۇ، غۇلاچ تاشلاپ سۇ ئۈزۈش ھۈنەرىدۇر.

ئاتام ئىككى كېمىچىنى چاقىرىپ، مېنى ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇردى. مەن بۇنىڭغا ئانچە قىزىقمىساممۇ ئاتامغا قارشىلىق كۆرسەتمەي، سۇدا ئۈزۈشنى ئۆگىنىشكە كىرىشتىم، بۇ ھۈنەرنىمۇ ياخشى ئۆگىنىۋالدىم.

بىر كۈنى بىر نەچچەيلەن كېمىگە چۈشۈپ، دەجلە دەرياسىنىڭ نېرىقى قىرغىقىغا ئۆتمەكچى بولدۇق. كېمىمىز «ئەكىرە» دېگەن يەرگە كىرىپ قالدى. بۇ يەردە خەتەرلىك بىر قاينام بولۇپ، ناھايىتى ئۇستا كېمىچىلەرمۇ ئىنتايىن تەستە ئۆتەتتى. بىزنىڭ كېمىچىمىز ئانچە ئۇستا كېمىچى ئەمەس ئىدى. كېمىنى قانداق ھەيدەشنىمۇ ياخشى بىلمەيتتى. پالاكەت يۈز بېرىپ، كۆپچىلىك غەرق بولدى. پەقەت ئۈچ كىشى، مەن، يەنە بىر كىشى ۋە زېرەك بىر خىزمەتچىم غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈپ، قىرغاققا ساق-سالامەت چىقتۇق. بۇ دەھشەتلىك ۋەقەدىن كېيىن ئاتامغا بولغان مۇھەببىتىم تېخىمۇ ئاشتى. بۇنداق ۋەقە دادامنىڭ ئۆزىنىڭمۇ بېشىدىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن سۇ ئۈزۈش ھۈنىرىنى ماڭىمۇ ئۆگەتكەنىكەن

ھەي بالام، بۇ ھېكايىدىن ئىبرەت ئېلىپ، بالىلىرىڭغا ھەر تۈرلۈك ئىلىم-ھۈنەر ئۆگەت، شۇ ئارقىلىق ئاتىلىق شەپقىتىنىڭ شەرتىنى ئادا قىلغان بولىسەن. ئادەم ئۆزىنىڭ بېشىغا قانداق ئىشلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلمەيدۇ. ھەرخىل ئىلىم، ھۈنەر بىر كۈنى بولمىسا، بىر كۈنى ئەسقاتىدۇ. شۇڭلاشقا بالىلىرىڭنىڭ ئىلىم-ھۈنەر ئۆگىنىشىگە بىپەرۋالىق قىلما. مۇبادا، بەزى چاغدا بالىلىرىڭنىڭ قاملاشمىغان بىرەر ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن مۇئەللىملىرى ئۇلارغا تەنبىھ بەرسە، سەن بالىلىرىڭنىڭكىنى راست قىلىپ، مۇئەللىملەردىن رەنجىمە، بەلكى ئۆزۈڭمۇ قوشۇلۇپ بالاڭنى ئوبدان تەنقىد قىل. بالىلىرىڭنىڭ ئىلىم-ھۈنەر ئۆگىنىشى ئۈچۈن كۈچۈڭنىڭ يېتىشىچە ھېچ نەرسەڭنى ئايىما. ئەدەب، ئىلىم-ھۈنەر ئۆگىتىشنى ئۆزۈڭنىڭ ئۇلارغا قالدۇرىدىغان مىراسىڭ دەپ بىل.

## قېرىلىق سۈپەتلىرى ھەققىدە

ھەي، بالام قېرىغاندا يىگىتلىك چاغلىرىڭدىكى خۇي-پەيلىڭدىن يانغىن. چۈنكى قېرىغاندا يىگىتلەرنىڭ قىلىقىنى قىلىش لايىق ئەمەس. يىگىتلىكتىمۇ قېرىلارنىڭ قىلىقىنى قىلىش ياخشى ئەمەس. سىرتقى كۆرۈنۈشنى پەردەزلىگەن قېرى، جاھىل-تەلۋە يىگىتلەردىن يامانراقتۇر. يىگىتلىك چاغلىرىڭنى غەنىمەت بىل ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئىش قىل. قاچانكى قېرىپ، ئاڭلاش، كۆرۈش، ئەسلەش، ھۇزۇرلىنىشقا ئوخشاش لەززەتلەردىن مەھرۇم بولۇپ قالساڭ، ئۇنداق تۇرمۇشتىن ئۆزۈڭمۇ شادلىنالمايسەن، باشقىلارنىمۇ خۇش قىلالمايسەن.

ھەي بالام، مەن بىر كىتابتا: «ئادەمنىڭ قۇۋۋىتى تاكى 34 ياشقىچە ھەر كۈنى ئوخچۇپ تۇرىدۇ. 34 ياشتىن 40 ياشقىچە قۇۋۋەت كۆپىيىپمۇ كەتمەيدۇ، كېمىيىپمۇ قالمايدۇ. 40 ياشتىن تاكى 50 ياشقىچە

ئۆزىنىڭ قۇۋۋىتىدە، ھەرىملى ئاز - تولا ئاجىزلىق سېزىلىشكە باشلايدۇ. 50 ياشتىن 60 ياشقىچە ئادەم ھەرئايدا ئۆزىدە جىسمانىي كەمچىللىكنى سېزىپ ماڭىدۇ. ئەگەر 60 ياشتىن ئۆتسە، ھەر سائەتتە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. بىردەم بۇ يېرى، بىردەم ئۇ يېرى ئاغرىيدۇ. ئۆمۈرنىڭ ئەڭ قۇۋۋەتلىك چوققىسى 40 ياشتۇر. 40 ياشتىن كېيىن ئاستا - ئاستا پەسلەشكە باشلايدۇ...» دەپ ئوقۇغان.

ھەي بالام، قېرىلىق دەۋرىگە يەتسەڭ، بىر يەردە تۇرەۋۇش كەچۈر، قېرىغاندا سەپەرگە چىقىش ئەقلىدىن يىراقتۇر. ئەمما بىرەر سەۋەب زۆرۈرىيىتى بىلەن باشقا يەرگە كۆچسەڭ، ئۇ يەردە راھەتتە كۈن كەچۈرسەڭ، شۇ يەردە تۇرىۋەر، يەنە باشقا يەرنى ئارزۇ قىلما. شەيخ سەئدى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

دەمەشق شەھىرىدىكى مەسجىدى جامەدە بىر توپ دانىشمەنلەر بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇراتتىم، تۇيۇقسىزلا ئىشىكتىن بىر يىگىت كىرىپ كېلىپ: «قايسىڭلار پارسچە سۆز بىلىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئولتۇرغانلار ماڭا ئىشارەت قىلدى. مەن ئۇنىڭدىن نېمە ۋەقە بولغىنىنى سورىدىم، ئۇ يىگىت دېدى:

— 150 ياشقا كىرگەن بوۋاي ئۆلۈم ئالدىدا ياتىدۇ. پارسچە بىرنەچچە سۆزنى قىلدى. ئەگەر رەنجىمىسىڭىز، بېرىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بىزگە ئېيتىپ بەرسىڭىز كۆپ مىننەتدار بولاتتۇق.

مەن بوۋاينىڭ يېنىغا باردىم. ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدىم، ئۇ مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇردى:

نەچچە كۆشىش ئەتتىم تاپاي دەپ مۇراد،
دەريغا، ئەجەل ئۈزدى تىنىق سىتەم،
ئۆتتۈپدۇر ئۆمۈر لەززەتى ئاھكىم،
نە پايدا يېسەم ئاڭا ھەر قانچە غەم.

مەن يېنىدىكىلەرگە بۇ بېيىتنىڭ مەنىسىنى ئەرەبچە تەرجىمە قىلىپ بەردىم. ھېلىقى بوۋاي شۇنچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن بولسىمۇ، بۇ دۇنيادىن كېتىۋاتقىنىغا ئۆكۈنۈۋاتقانلىقىنى ئۇققان ئەرەبلەرمۇ ھەيران بولۇشتى. مەن ئۇ بوۋايغا: «ئەھۋالىڭ قانداقراق؟» دېدىم، بوۋاي بولسا:

— بىر چىشىنى يۇلۇۋېلىش ئادەمگە قانچىلىك ئاغرىق ئازابىنى بېرىدۇ. جىسمىدىن جاننىڭ چىقىشىنى شۇنىڭغا قىياس قىل، — دېدى.

مەن تېۋىپ چاقىرىپ داۋالىتايلى دېسەم، بوۋاي نالە قىلىپ تۇرۇپ:

— مىجەز بۇزۇلسا، دورا - دەرماندىن ھېچقانداق پايدا يوق، تېۋىپمۇ ھېچقانداق ئىلاج قىلالمايدۇ، — دېدى.

ھەي بالام، قېرىلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ بىلدىڭ. قېرىلارنى دائىم ھۆرمەت قىل، كۆڭۈللىرىنى ئاغرىتما، ئۇلارغا قولۇڭدىن كېلىشىچە خىزمەت قىل، دۇئاسىنى ئال.

### كەمتەرلىك توغرىسىدا

ھەي بالام، كەمتەر ۋە ئەدەبلىك ئادەم خالايىقنىڭ مۇھەببىتىنى ئۆزىگە جەلب قىلىدۇ، دوستلۇق گۈلشىنىدە نۇرانە

گۈللەر ئېچىلدۇرىدۇ ۋە ئۇ گۈللەردىن يېقىملىق، مېھرىبانلىق ۋە دوستلۇق بەزمىسىدە ھەرخىل خۇش پۇراقلارنى چاچىدۇ. تەكەببۇر ئادەمگە مۇلايىملىق يولىنى كۆرسىتىدۇ.

كەمتەرلىك ۋە ئەدەب يېشى كىچىكلەرنى چوڭلارنىڭ دۇئاسىغا ئىگە قىلىدۇ، چوڭلارنىڭ كۆڭلىگە كىچىكلەرنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى سالىدۇ. ئەدەبلىك ۋە كەمتەر ياشنى خەلق قەدىرلەيدۇ. تەكەببۇر، پەقەت ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىگۈچىدۇر، تەلۋە ۋە نادانلار ئەدەب ۋە كەمتەرلىك نۇرىدىن مەھرۇمدۇر.

### ساخاۋەتنىڭ پايدىسى توغرىسىدا

ھەي بالام، بېخىللىقتىن يىراق بول، نامىڭنى سېخىيلىق بىلەن چىقار. خەلق بېخىل ۋە خۇي-پەيلى يامان ئادەمنى دۈشمەن، سېخىي ۋە خۇشخۇي ئادەمنى دوست دەپ بىلىدۇ.

قەدىمكى ئەرەبلەرنىڭ مۆتىۋەر ئادەملىرىدىن ھەسەن، ھۈسەيىن ۋە ئابدۇللا جەفەر دېگەن ئۈچ ئاغىنە باغدات شەھىرىدىن بەسىرىگە سەپەرگە چىقىپتۇ. يولدا ئۇلارنىڭ ئوزۇق-تۈلۈك يۈكلىگەن تۆگىسى يوقاپ كېتىپتۇ. ئۇنى ئىزدەپ ھېچيەردىن تاپالماپتۇ. ئۇلار يولدا ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ئازابىنى يەتكۈچە تارتىپ، بىر ئايالنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار ئايالدىن سۇ ۋە يېگۈدەك بىرەر نەرسە بېرىشنى سوراپتۇ. ئايال ئۇلارغا سۇ ئەكىلىپ بېرىپتۇ. ئايالنىڭ پەقەت بىرلا قويى بار ئىكەن، ئۇنىمۇ ئېلىپ كېلىپ:

— بۇ قويدىن باشقا ھېچ نەرسەم يوق، خالىساڭلار سويۇپ يەڭلار، — دەپتۇ. ئۇلار ئايالنىڭ بۇنچىلىك ئالىيجاناب ۋە سېخىيلىقىدىن تەسىرلىنىپ:

— ئالىيجانابلىقلىرىڭىزغا قايىل بولدۇق. ئاچلىق بەكمۇ قىيىنغانلىقى ئۈچۈن قويلىرىنى سويۇشقا مەجبۇر بولدۇق. بىز بەسىرىگە كېتىۋاتىمىز، يېقىندا ۋەتىنىمىز باغداتقا قايتىمىز. ئۆزلىرى جەزمەن بىز تەرەپكە بارسىلا، سىلىنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرىمىز، — دېيىشىپتۇ. ئۇلار قوينى سويۇپ، ئۆزلىرىگە يەتكۈدەك گۆشىنى پىشۇرۇپ يېيىشىپتۇ. ئاندىن سەپەرگە مېڭىپتۇ. ئۇلار مېڭىش ئالدىدا ئايالغا ئۆزلىرىنىڭ ئېنىق ئادرېسىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

يولۇچىلار كەتكەندىن كېيىن ئايالنىڭ ئېرى كېلىپ قاپتۇ. ئايال ئۇنىڭغا بولغان ئىشنى دەپتۇ. ئېرى:

— بار-يوقى بىرلا قويىمىز بار ئىدى، ئۇنىمۇ تونۇمايدىغان يات كىشىلەرگە بېرىۋېتىپسەن، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ ئايالغا خاپا بولۇپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئەر-ئايال نامراتلىشىپ، بەكمۇ ئىلاجىسىز ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. شۇ چاغدا ھېلىقى ئۈچ يولۇچى ئۇلارنىڭ ئېسىگە كېلىپ، شۇلاردىن بىرەر مەدەت تىلەپ، باغداتقا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلار يول بويى تىلەمچىلىك قىلىپ، مىڭ تەستە باغداتقا يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار بىرنەچچە كۈن شەھەر كوچىلىرىنى كېزىپ، ئاخىر ھېلىقى يولۇچى ھەسەن، ھۈسەيىنلەرنىڭ ئۆيلىرىنى تېپىپتۇ. ئىككى ئاغىنە بۇ ئايالنى تونۇپ، ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپتۇ. ئايال ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئېرىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن ئۇلارنى بىر نەچچە كۈن مېھمان قىلىپ، ئۇ-

لارغا نۇرغۇن ئالتۇن ۋە بىرنەچچە تۇ-
ياق قوي ئىنئام قىپتۇ، بىر قۇر ئۇست-
باش كىيىم كىيدۇرۇپتۇ، ئاندىن ھەسەن
ئايالغا:

— سىلىدىن كۆپ مىننەتدارمىز، ئۇس-
سۇزلۇق، ئاچلىق ئازابىدىن ھالسىزدىن
كېتىش ئالدىدا سىلىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ
مېھمان بولدۇق. ئۆزلىرىنىڭ نامراتلىقىغا
قارىماي، بىزنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، يال-
غۇز قويلىرىنى سويۇپ مېھمان قىلدىلا.
سىلىنىڭ سېخىي ۋە ئالىيجانابلىقلىرى بىز-
نى ھەيران قالدۇردى. ھازىر سىلەرنى
بۇرادىرىمىز ئابدۇللا جەفەرنىڭ ئۆيىگە
ئېلىپ بارىمىز. ئۇ ھازىر سىلەرنى كۈ-
تۈپ تۇرىدۇ،— دەپ بىر خىزمەتكارىنى
قوشۇپ، ئابدۇللا جەفەرنىڭ ئۆيىگە ئەۋە-
تىپتۇ. ئابدۇللا جەفەر بۇلارنى خۇشاللىق
بىلەن قىزغىن قارشى ئېلىپ، بىرنەچچە
كۈن زىياپەت بېرىپتۇ. ھەسەن بىلەن
ھۆسەيىنلەر بەرگەن ئىنئامدىن ئىككى
ھەسسە ئارتۇق مال-دۇنيانى ئىنئام-
ئېھسان قىپتۇ.

ئاندىن ئەر-ئايال ئىككىيلەن ئۆيلى-
رىگە خۇشال قايتىپتۇ ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخى-
رىغىچە پاراغەتتە ئۆتۈپتۇ.

## كىم بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇش يوسۇنلىرى

ھەي بالام، ھەممىدىن ئاۋۋال دۇش-
مىنىڭنى كۆپەيتمە. مۇبادا بىرىنىڭ ساڭا
دۇشمەن ئىكەنلىكىنى سەزسەڭ، ئۇنىڭ
ھەيلى ئاشكارا، ھەيلى يوشۇرۇن رەۋىشتە
زىيان يەتكۈزۈشىدىن ۋە ئۇنىڭ خاراكتې-
رىدىن دائىم خەۋەردار بولۇپ تۇر، غاپىل
بولما. ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنى ئاجىز ۋە قورقۇن-
چاق قىلىپ كۆرسەتمە.

ھەي بالام، دۇشمىنىڭنى كىچىك،
ئاجىز دەپ بىپەرۋا قارىما، بولۇپمۇ ئۆ-
زۈڭگە يېقىن بولمىغان كىشىنىڭ دۇشمەن-
لىكىدىن كۆرە، كۆپرەك يېقىن بولغان كى-
شىنىڭ دۇشمەنلىكىدىن قورق. چۈنكى ئۇ-
نىڭ قىلغان ئىشىنى باشقا دۇشمەنلىرىڭ
قىلالمايدۇ. ئۇ ئەھۋالىڭنى، سىرىڭنى بىلى-
دۇ، يات كىشى بولسا بىلمەيدۇ. سەۋر
قىل، دۇشمەنلىرىڭنى كۆپەيتمە، ھەقىقىي
دوستلىرىڭنى كۆپەيتىشكە ھەرىكەت قىل.

ھەي بالام، ئاچچىقىڭ كەلگەن چاغ-
دا ئۆزۈڭنى باس، ئالدىرىماي، مۇلايىملىق
بىلەن سۆزلە. بىرىنىڭ يۈزىگە ئوچۇق
ئېيتالمىغان سۆزۈڭنى ئۇ يوق يەردە دەپ
غەيۋەت قىلىپ يۈرمە. ھەرگىز ئىككى
يۈزلىمە، مۇناپىق بولما. ئىككى يۈزلىمە
كىشىگە يېقىن يولىما. چېقىمچى ئادەمدىن
ئېھتىيات قىل، چۈنكى چېقىمچىنىڭ بىر
سائەتتە بۇزغان ئىشىنى بىر يىلدىمۇ تۈ-
زەتكىلى بولمايدۇ. ھەر قانچە ئۇلۇغ ۋە
ھۆرمەتلىك كىشى بولساڭمۇ، ئۆزۈڭدىن
تۆۋەنرەك ئادەم بىلەن ئۇرۇشما. فىسار-
غۇرۇس (پىفاگور) ھەركىم ئېيتىدۇ: «بالا-
قازادىن قۇتۇلۇشنى ئىزدىسەڭ، مۇنۇ ئون
ئىشنى ئېسىڭدە تۇت:» ئۆزۈڭدىن چوڭ
كىشى بىلەن ئۇرۇشما؛ قوپال، جاھىل
ئادەم بىلەن تاكاللىشىپ تۇرما؛ ھەسەت-
خور بىلەن بىر تويتا بولما؛ نادان
ئادەم بىلەن مۇنازىرىلەشمە؛ سىنالمىغان
كىشى بىلەن دوستلاشما؛ يالغانچى بىلەن
مۇئامىلە قىلما؛ بېخىل ئادەم بىلەن سۆھ-
بەتداش بولما؛ ئاياللار بىلەن بىر يەردە
كۆپ ئولتۇرما؛ ئابرويىڭدىن ئايرىلىپ قې-

لىشنى خالىمىساڭ قىزىقىقان، ھەسەتخور ئادەم بىلەن شاراب ئىچمە، سىرىڭنى بىرىسىگە دېمە.»

ھەي بالام، ئەگەر بىرى سېنىڭ ئەيىب، نۇقسانلىرىڭنى ئېيتسا، قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىكىڭنى تۈگىتىشكە تىرىش.

سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆز ھالىنى ئېيتىپ كەلگەن كىشىنى زادى كەمسىتمە، بەلكى ياردەم قىلىپ، ئۇنى موھتاجلىقتىن قۇتۇلدۇر. ئۆزۈڭدىن كىچىكلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىل، ئۇلارغا مېھرىبان بول، چۈنكى كىچىكلەر سېنىڭ ئېكىنزارىڭدۇر، ھەممە ئىشىڭ ئاشۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن پۈتىدۇ. ئەگەر تېرىلغۇلىرىڭ ۋەيران بولسا، تىرىكچىلىكىڭ قىيىنچىلىقتا ئۆتىدۇ. دوست ياكى دۈشمىنىڭگە ياخشى نىيەتتە بول، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولۇشنى ئىزدىسەڭ، ئالىيجانابلىق يولىنى تۇت.

### ئامانەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇش ھەققىدە

بۇ پەندىنى ئىشىت، پەرزەندى سادىق،
بىلىپ ئىش قىل، نەسىھەتكە مۇۋاپىق.
ساڭا كىم تاپشۇرۇپ قويسا ئامانەت،
ئەقىل بولسا ئاڭا قىلما خىيانەت.
قەدەم قويما خىيانەتنىڭ يولىغا،
خەلقنىڭ قالما يامان ئاتىقىغا.

ھەي بالام، ئەگەر بىر كىشى ساڭا ئامانەت تاپشۇرماقچى بولسا، ئۇنى ئوبدان ساقلاپ ئىگىسىگە ساق تاپشۇرۇشقا كۆزۈڭ يەتمىسە، ئامانەتنى زادى قوبۇل قىلما. ئەگەر ئامانەتنى قوبۇل قىلساڭ، ئوبدان ساقلاپ ئىگىسىگە سالامەت تاپشۇر، بۇ سېنىڭ توغرا ئادەملىكىڭ ۋە ئاجايىپ مەردلىكىڭدۇر.

ھەي بالام، ئامانەتنى ئېلىپ، ئىگىسىگە تاپشۇرغىچە ساڭا بىر مۇنچە خاپىلىق ۋە ئاۋارىچىلىكلەر يېتىدۇ. بىرىنچىدىن، ئامانەت ئىگىسى سېنىڭدىن مېلىنى تەلتۆكۈس ئالغاندىن كېيىن، مىننەتدار بولماي، تاپشۇرۇلغان ئامانىتىمنى ئالدىم، دەپ رەھمەتمۇ دېمەي ئىلتىپاتسىز كېتىۋېرىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا چەككەن ھەممە مۇشەققىتىڭ زايە كېتىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئامانەت ئاپەتكە ئۇچراپ، يوقىتىپ قويساڭ، ھېچكىم ساڭا ئىشەنمەيدۇ. خالايىق ئالدىدا خىيانەتچى دەپ نام چىقىرىسەن. ئۈچىنچىدىن، ئىنكار قىلساڭ، سېنىڭدىن زورلۇق بىلەنمۇ ئالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم سېنىڭ توغرا ئادەملىكىڭگە، ۋىجدانلىق ئىكەنلىكىڭگە ئىشەنمەيدۇ.

ھەي بالام، ئۆزۈڭ بىر كىشىگە ئامانەت بەرمەكچى بولساڭ، ئۇ كىشىمۇ ئۇنى ئالسا، ئوتتۇرىدا كۆڭۈلسىز ۋەقە چىقماسلىقى ئۈچۈن ئامانىتىڭنى ئىككى گۇۋاھچى ئالدىدا بەر. بىرى ساڭا ئامانەت بەرسە، ئۇمۇ شۇنداق قىلىپ بەرسۇن. ئامانەتكە خىيانەت قىلما، راستچىل بول، ئالەمدىكى ماللار راستچىللىققا موھتاجدۇر.

### ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ھەققىدە

ۋەفا يولىدا گەر سابىت قەدەمسەن،
كى ھېچ ۋاقىت كۆرمەگەيسەن رەنجۇ
غەم سەن.
بۇدۇر پەندىم ساڭا زىنھار – زىنھار،
نە ئەھد ئەتسەڭ، ۋە فاسىن قىلغىل ئىزھار.

ھەي بالام، قىلغان ۋەدەڭگە ۋاپا قىل. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش — مەردلەرنىڭ، كامالەت ئىگىلىرىنىڭ ئىشى ۋە ماختاشقا لايىق بولغان ئاتاقلىق زاتلارنىڭ خىسلەتىدۇر. يۈزى ۋاپا خالى بىلەن بېزەلگەن ئادەم ھەممىنىڭ كۆڭۈل قۇشىنى ئۆز مۇھەببىتى قىلتىقىغا چۈشۈرمەي قويمايدۇ. ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان كىشى ئۆز ئابرويىنى يوقىتىدۇ.

ھەي بالام، بىرىگە ۋەدە بەرسەڭ، ۋەدەڭگە ۋاپا قىل. ئەقىللىك ئادەم قىلالىشىغا كۆزى يەتكەن ئىشقا ۋەدە بېرىدۇ. ۋەدە بېرىپ قويۇپ، ھۆددىسىدىن چىقالماي، رەسۋا بولۇشتىن يامان ئىش يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن كۈچۈڭ يەتمىگەن نەرسىگە ۋەدە بەرمە.

### ياشلارغا ئون بەش نەسىھەت

ساڭا ھاياتلىق بەخش ئەتكەن ئاتا-ئاناڭنى ۋە دائىم ساڭا ياردەم بېرىپ، ھاياتىڭنى قوغدىغۇچى زاتلارنى ھۆرمەت قىل، ئۇلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىل.

ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىل، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە يار-بۇرادەرلىرىڭگە مۇھەببەت ۋە ساداقەت يىپى بىلەن باغلان.

ۋەتەننىڭ چىن ۋە ھەقىقىي پەرزەنتى بول، ۋەتەن ۋە خەلققە خىزمەت قىل ۋە مەنپەئەت يەتكۈز.

بىمەنە يوللاردىن، شارابتىن ۋە نومۇسىڭنى تۆكىدىغان ئىشلاردىن يىراق بول.

ياشلىقىڭنى، ھېسسىياتىڭنىڭ ساپلىقىنى سالامەتلىكىڭنى، نومۇسۇڭنى، ئابروي-ئىناۋىتىڭنى قوغدا.

سۆيۈشنى — ياخشى كۆرۈشنى بىل. مۇھەببەت ۋە ساغلام ئەقىل ئۆزۈڭگە ئۆمۈريولدىشى تاللاشتا يول باشلىغۇچى بولسۇن.

ئۆيلىنىش نىيىتىگە كەلسەڭ، ساداقەتلىك، ئالىيجاناب، ساغلام، ئومۇمەن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن گۈزەل خىسلەتلەرگە ئىگە بولغان قىزنى تاللا.

كۈچۈڭ يەتكەن چاغدا دەرھال ئۆيلەن، بىر ئۆينى تۇتۇپ ئائىلىۋى ھايات قۇر. بۇ ئىشلك ئىنسانىي ۋە ئىجتىمائىي بىر ۋەزىپە، تەڭدىشى يوق سائادەت ۋاسىتىسىدۇر.

ئائىلىنىڭ پۈتۈن ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى قامداشقا تىرىش، غەيرەت قىل.

كۆپچىلىكنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىدىغان ئەۋلاد يېتىشتۈر. بالىلىرىڭنى پەقەت ئۆزۈڭ ئۈچۈنلا ئەمەس، ۋەتىنىڭ، خەلقىڭ ئۈچۈن ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن تەربىيىلىگىن.

ئوغۇللىرىڭنى سەۋرلىك، چىداملىق، پەزىلەتلىك ۋە شىجائەتلىك قىلىپ يېتىشتۈر، قىزلىرىڭنى ئۆزۈڭگە ئۆمۈرلۈك يولداش قىلىپ تاللىغان ئايالىڭغا ئوخشاش گۈزەل خىسلەتلىك قىلىپ تەربىيىلە.

— ئائىلە تۇرمۇشۇڭنى گۈزەل ئۆتكۈز. ئائىلەڭنى سۆي، ئۇنىڭ كۆزىگە يېقىملىق، قەلبىگە زوق-شوخ بېرىش ئۈچۈن تىرىش.

ئۆيۈڭنىڭ ئىشىكى سەممىمىي دوستلىرىڭ ئۈچۈن دائىم ئوچۇق بولسۇن.

مېھرىبان، شەپقەتلىك بول. بېشىغا مۈشكۈللۈك چۈشكەن ۋە پالاكەتكە يولۇققانلارغا تەسەللى بەر، ئۇلارنىڭ مۈشكۈللۈكتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم قىل.

بوش ۋاقىتلىرىڭدىن بىر قىسمىنى ئەدەب ۋە ئەخلاققا زىت بولمىغان ئويۇن-كۈلكىلەرگە بەر.

بېيىت:

ئەيلە مۇستەھكەم ئىشىڭنى، ئەي ئوغۇل،<br>
ھەر نېمە ھېكمەت ئىلى دەر، قىل قوبۇل.

### ئىقتىسادچىللىق توغرىسىدا

پۇل ۋە مالنى كېرەكلىك ۋە زۆرۈر بولغان نەرسىلەرگە خىراجەت قىلغاندىن كېيىن قالغىنىنىڭ بىر قىسمىنى كەلگۈسى

كۈنلەر ئۈچۈن ساقلاش كېرەك، شۇنداق قىلساتېجە-تېجە يىغىلغان پۇل ئاخىردا زور دەسمايىگە ئايلىنىدۇ.

ئىقتىسادچىللىق، تېجەشلىكنى ئادەت قىلغان ئادەملەر خاتىرجەملىك بىلەن ياخشى تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ياخشى يېيىش، ياخشى كىيىش كېرەك، ئەمما «يوتقانغا قاراپ پۇت ئۇزات» دېگەن سۆزگە ئەمەل قىلىنسا، باشقىلارنىڭ نەرسىسىدىن تەمە قىلمايدۇ، كۆڭلىمۇ خۇشال تۇرىدۇ. قولدىكى پۇل، مالغا قانائەت قىلمىغان ئادەمنىڭ نەپسى پۈتۈن دۇنيانىڭ مال-مۈلكىنى بەرسىمۇ ئۇنىڭغا تويمايدۇ.

ئىقتىسادچىللىققا ئەمەل قىلمىغان ئادەم خەسىس ۋە تەمەگەر بولىدۇ. تەمەگەرلىك — دەۋاسى يوق كېسەلدۇر.

## ئىسراپچىلىق توغرىسىدا

ئىسراپچىلىق — پۇل-مالنى ئورۇنسىز ۋە پايدىسىز يەرلەرگە سەرپ قىلىشتۇر. قولىدىكى پۇلنى كېرەكلىك جايلارغا ئىشلىتىشنى بىلىش، ياخشى باشقۇرۇش، ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىش لازىم. شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن ھەشەمەتلىك توي، زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، پۇل-مېلىنى بۇزۇپ-چېچىش نادانلىقتۇر. ئىسراپخورلۇق ئاقىۋىتىدە يوقسۇزچىلىق، كېيىن باشقىلارنىڭ قولىدىكىنى تەمە قىلىش، ھەسەت قىلىش كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىش لازىم. بېيىت:

سەن ئەگەر ئىسراپ ئېتىشنى تاشلادىڭ،
شۇ ھامان دەۋلەت ئېتەگىنى ئۇشلادىڭ.

«ئاز-ئاز ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ھاكىم دۇسا

---

(بېشى 167-بەتتە)

شاھزادە ئالدىن بېرىپ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ پۇتلىرىغا سۆيۈپتۇ. ئارقىدىن گۈلچېھرەمۇ كېلىپ ئۇلارغا سالام بېرىپتۇ. ئىككى پادىشاھ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، يىغلىشىپتۇ. ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ باشلىرىدىن كەچۈرگەنلىرىنى ئەسلىشىپ ھەيران بولۇشۇپتۇ. بولۇپمۇ باغدات پادىشاھى گۈلچېھرەنىڭ قورقماس جاسارىتىگە، ئەقلىگە، ئوغلىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ھىممىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ، ئۇقۇشماستىن ئۇنى «ئوغرى» دەپ دارغا ئاسقانلىقىدىن خىجىل بولۇپ ناھاقۇللۇق بىلدۇرۇپتۇ.

ئۇلار بىر-ئىككى كۈن مېھمان بولۇشقاندىن كېيىن، ئىككى پادىشاھ مەسلىھەتلىشىپ پەرزەنتلىرىنىڭ توي مەرىكىسىنى ئويناشنى كېلىشىپتۇ. قىرىق كۈن داغدۇغىلىق توي قىلىپ بېرىپ، گۈل ۋە بۇلبۇلنى بىر-بىرىگە قوشۇپ، ئۇلارنىڭ مۇراد-مەقسىتىنى، ئۆمرىنى خۇشاللىققا چۆمدۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىككى تەن قوشۇلۇپتۇ. دۆلەت قۇشى ئۇلارنىڭ باشلىرىغا قونۇپتۇ. شاھزادىنىڭ ئاتا-ئانىسى قايتىپ بېرىپ باغداتتا ئۇلارغا غايىبانە توي قىلىپ بېرىشكە ئالدىراپ كېتىشىپتۇ.

شاھزادە بىلەن گۈلچېھرە بىر يىلدەك ئەيش-ئىشرەت بىلەن ئۆتۈشۈپتۇ. بىر يىلدىن كېيىن گۈلچېھرەنىڭ ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. پۈتۈن شەھەر خەلقى ھازىسىنى تۇتۇپتۇ. ماتەم مەزگىلى ئۆتكەندىن كېيىن شاھزادىنى كەشمىر شەھىرىگە پادىشاھ قىلىپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئىككى ئاشىق-مەشۇق نەچچە ئون يىللار ئۆمۈر ۋە دەۋران سۈرۈپتۇ. بىر نەچچە پەرزەنتمۇ كۆرۈپتۇ. ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭمۇ ئۇرغۇن قىسمەتلىرى بولغانمىش. رىۋايەتچىلەر ۋاقتى يېتىپ قالسا بۇنىمۇ ھەم بايان قىلىپ بېرەر.

رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغۇچى: مويىدىن سايىت

## «ج»

تۈزگۈچى: ئابلىمىت قەھەت

**جا** [چا] (پ) جاي، ئورۇن، ماكان، يەر:

ئىشقىڭ ھەۋەسىدە گەر يۈرۈرمەن،
دىيدەم ئۆزەسىدە جا تېپىدۇر.

— ئەرشى.

جا بولماق — سىغماق، جايلاشماق، ئورۇنلاشماق.

**جا بەجا** [جابجا] (پ) جاي-جايىدا، رەتمۇ رەت، تەخمىنۇ تەخ:

ھەمە كارىڭىزنى قىلاي جا بەجا،
كۆڭۈلدە نە كەچسە ئانى ھەم ئەدا.

— ئا. نىزارى، ن. زىياتى.

**جابدۇغ** [جابدوغ] جابدۇق، ئۇسكۈنە، ئەسۋاب، ئۆي سەرەمجانى، ئىشلەپچىقىرىش قورالى:

قىلىپ مەشۋەرەت ئەلچى بىرلە بۇ قىز،
سەفەر جابدۇغىن ئەيلەدى رۇستەخىز.

— ئا. نىزارى، ن. زىياتى

**جابىر** [جابر] (ئە) جەبىر قىلغۇچى؛ زالىم:

ئول بەغايەت زالىم ۋە جابىر ئېردى،
ئەمما بەناكەتىي مۇنىڭ ئەكسى بىتىپتۇركىم،

— نەۋائى.

**جادە** [جاده] «جاددە» گە قاراڭ؛

جادەئى شەرئى — دىن، شەرىئەت يولى؛ تەرتىپ، نىزام:

يول ئېرۇر جادەئى شەرئى داغى توشەۋۇ سۇۋ،
ساڭا ئايىنى ئۇبۇدىيەت، ئاڭا فەرزۇ سۇنەن.

— نەۋائى.

**جاددە** [جاده] 1) يول، كاتتا يول؛ كوچا:

تا قايسى ئارىغ تىنغەتلىغ بولدىن ئازمىش بولغاي ۋە قايۇ پاك

خەلقەتلىك جاددەدىن چىقىپ قىلىۋر ئىشىن يازمىش بولغاي.
— نەۋائى.

2) قائىدە، نىزام، تەرتىپ؛ 3) يولىيورۇق:
جەننەتكە بارۇرغە ئىستەسەڭ يول،
بۇ جاددە بىرلە مۇستەقىم ئول.
— نەۋائى.

جاددەئى شەرئ — «جاددەئى شەرئ» گە قاراڭ؛
جاددەئى نائەرمانلىغ — يولىيورۇققا بويسۇنماسلىق، يولىنى تۇتۇش.

**جادۇ** [جادو] (پ) 1) سېھىر، جادۇ؛ 2) جادۇ قىلغۇچى، جادۇگەر، سېھىر-گەر:
ئىككى جادۇ كۆزلەرىگە ئەھلى ئالەم بەندەدۇر،
ئىسمى ئەئزەم ساچلارى بوينىدا تۇمار ئەيلەگەچ.
— نەۋبەتى.
جادۇ قىلماق — سېھىرلىمەك؛ مىكرى قىلماق، كۆز باغلىماق؛
جادۇيى دانىشۋەر — بىلىمدان سېھىرگەر؛
جادۇيى ھىندى — ھىندى سېھىرگىرى؛
نەرگىسى جادۇ — شوخ كۆز، ئوينىاق كۆز، سېھىرلىك كۆز:
كۆز ياشىم بولدى رەۋان بىر نەرگىسى جادۇ كۆرۈپ،
تىفلى يەڭلىغكىم يۇگۇرگەي ھەر تەرەپ ئاھۇ كۆرۈپ.
— نەۋائى.

**جار** [جار] (ئە) سادا، ئېلان، ئاۋاز، نەرە؛ بىرەر ئىش توغرىسىدا ۋارقىراپ خەۋەر بېرىش.
جار يەتكۈرمەك — ئېلان قىلماق، ۋارقىراپ خەۋەر قىلماق، جار سالماق:
چۇ ئەل فىكرىدىن كۆڭلىنى تىندۇرۇپ،
يۈرۈش ھۆكمىنى ئەلگە جار يەتكۈرۈپ.
— دلۇغەتى چاغاتايەدىن.

**جارچى** [جارچی] جارچى، ئېلان قىلغۇچى، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن خەۋەر يەت-كۈزگۈچى.

**جارۇب** [جاروب] سۈپۈرگە:
فەنا فەرراشى ئەيلەپ سۈبھىنىڭ سىيمىن پەرۇ بالىن،
مۇرەسسەئ تارى مىژگانىنى جارۇبى ھەرەم چەكتى.
— ئەرشى.

**جارۇبكەش** [جاروب کش] (پ) تازىلىق خادىمى (سۈپۈرگۈچى)؛ خىزمەتكار:
فەقىر ھەم ئول ئاستانە جارۇبكەشلەرىدىنمەن.

— نەۋائى.

**جارۇبۇل-جار** [جارو بولجار] ۋەدە جايى، چاقىرىلغان جاي، تەكلىپ قىلىنغان جاي؛ جەڭ كۈنى يىغىلىدىغان ئورۇن.

**جارى** [جارى] (ئە) 1› يۈرگۈچى، يۈرىدىغان؛ ئايلىنىپ تۇرىدىغان؛ 2› ئاققۇچى، ئاقىدىغان؛ ئېقىپ تۇرغان:

سۈيى جارى جەننەتنەما باغى بار،
ئانى كۆرمەگەنىنىڭ يۈرەك داغى بار.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3› تەسۋىرلىنىش، نىشانلىنىش؛ 4› نامايان بولۇش، كۆرۈنۈش؛ 5› تىلغا ئالماق:

تىلەرمەن كېچە-كۈندۈز زار بىرلە،
تىلىمغە جارى ئەيلەپ «رەببەنا» نى.

— خىرقەتى.

**جارى بولماق** — ‹1› ئاقماق، ئېقىپ تۇرماق؛ ‹2› داۋام قىلماق؛ ‹3› تەقەززا قىلماق؛ ‹4› يۈرۈشمەك، ئەمەلگە ئاشماق؛

**جارى بۇلاغ** — ئاقار بۇلاق؛

**جارى ئولماق** — «جارى بولماق» قا قاراڭ.

**جارىيە** [جاريه] (ئە) 1› چۆرە، خىزمەتچى ئايال:

مېنىڭ بىرلە ھەمراھ ئىرۇر جارىيە،
يەنە ساندۇقۇم بار، بىر ئىت سارىيە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2› قۇل، تۇتقۇنلۇقتىكى ئايال.

**جازىب** [جاذب] (ئە) تارتقۇچى، رام قىلغۇچى؛ سۆيۈملۈك؛ 2› مايىل:

مۇنداكىم يەتسە سادىقۇ كازىب،
تەبئى بولغاچ سۆزۈ ئىچىگەلى جازىب.

— نەۋائى.

**جازىبە** [جاذبه] (ئە) تارتىش كۈچى، تارتقۇچى، مەپتۇن قىلغۇچى كۈچ.

**جازىم** [جازم] (ئە) جەزمەنلەشتۈرگۈچى، مۇقەررەرلەشتۈرگۈچى، قەتئىي قارار قىلغۇچى، بىرەر ئىشقا مەھكەم بەل باغلىغۇچى.

**جازىم ئەيلەمەك** — قەتئىي نىيەت قىلماق، ئېنىق ئىشەنچ ھاسىل قىلماق؛

**نىيەت جازىم بولماق** — نىيىتى، ئىنتىلىشى ئېنىق (مۇقەررەر) بولماق.

**جاسۇس** [جاسوس] (ئە) سىر ئالغۇچى، ئايغاقچى.

**جاسۇسۇل-قەلب** — دىل سىرىنى ئوغرىلىغۇچى، بىرازنىڭ دىلىدىكى مۇددىئاسىنى بىلىشكە ئىنتىلگۈچى.

جافىي [جافى] (ئە) جاپا قىلغۇچى، جاپاكار (ئاساسەن: ئاسىي ـ جافىي شەكلىدە كېلىدۇ):

ئاسىيۇ جافىي پەرىشانىمەن بەسى.

— نەۋائى.

جالىس [جالس] (ئە) 1) يېقىن سىرداش، دوست، ئۈلپەت؛ 2) ئولتۇرغان، بىر جايدا ئولتۇرغان.

جام [جام] (پ) 1) قەدەھ، مەي پىيالىسى:

قويۇپ ئالىغە گۈنە ـ گۈنە تەئام،

ئىگەچ ـ ئوق تۇتتىلەر تولا ـ تولا جام.

— نەۋائى.

جامى ئەلەست ـ تەقدىر شارابى؛ ئەزەل جامى؛ ئەزەل كۆنى.

جامى بەقا ـ جەننەت قەدەھى، شارابى؛

جامى بىللۇرى ـ بىللۇر (خرۇستال) قەدەھ؛

جامى تەرەب ـ شادلاندۇرغۇچى مەي؛

جامى جەم ـ جەمشىت جامى، پادشاھ جەمشىت ياساتتۇرغان تىلسىملىق جام (نەۋائىنىڭ تەرىپىچە: جەمشىت ھېكىملەرگە بۇيرۇپ ئىككى جام ياساتتۇرغان. بىرىنىڭ ئىسمى «جامى ئىشرەتئەفزاي» — بۇ جامدىكى مەي ئىچكەن بىلەن تۈگىمەس، تولۇق تۇرۇۋېرەر ۋە قىيپاش قىلىنسىمۇ ھەم تۆكۈلمەس ئىكەن؛ ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى «جامى گىتىينە ماي» — بۇ جامدىن مەي ئىچكەن پەيتتە دۇنيادا يۈز بەرگەن ھادىسىلەر كۆرۈنۈپ تۇرار ئىكەن. بۇ جام يەنە «جامى جەھانبىن، جامى جەھاننەما» دەپمۇ ئاتىلىدۇ):

كىشىكىم كويىدا كۆل ياستانىپ، قان ئىچمەك ئىزدەر، ۋەھ،

فەرىدۇن بەل سۇلەيمەن تەختى ئۈززە جامى جەم چەكتى.

— ئەرشى.

جامى جاھانبىن ـ «جامى جەم» گە قاراڭ؛

جامى جەھاننەما ـ «جامى جەم» گە قاراڭ؛

جامى دۇردئاشام ـ مەي دۇغىنى (قالدۇقىنى) ئىچكۈچى؛

جامى شەبانە ـ كەچقۇرۇن ئىچىلىدىغان مەي:

كۆز ئاچقايمەن مەگەر مەھشەر سەباھى،

كى ئىچمىشمەن ئەجەب جامى شەبانە.

— نەۋائى.

جامى مۇھەببەت ـ مۇھەببەت شارابى، قەدەھى:

تەشنەلەب جامى مۇھەببەتدىن نوغا سەرشار ئەمەس،

چۈن ئەزەل ساقىسىدىن ھەردەم داغا پەيمانەدۇر.

— ئەرشى

جامى ھىلالىي — يېرىم ئاي شەكلىدە ياسالغان قەدەھ؛
جامى ۋەھدەت — 1› يەككە - يېگانە، خۇدا؛ 2› بىرلىك (بىرلەشىش) يولى؛
**جامى ئىشرەت** — ئەيش - ئىشرەت جامى، قەدەھى؛

كېلىپ گۈلشەندە نۇش ئەت جامى ئىشرەت،
ھەمىشەم مەن بولاي ئالدىڭدا ساقىلىق.

— خىرقەتى.

جامى ئىشرەتئەفزاي — ئەيش - ئىشرەتنى ئارتتۇرغۇچى قەدەھ (مەي).

**جامە** [جامە] (پ) تون، كىيىم، لىباس:

ساڭا گۈل بەردى فۇرقەت نامەسىنى،
يۇزدىن قان قىلدى يىرتىپ جامەسىنى.

— خىرقەتى.

**جامە باف** [جامە باف] (پ) توقۇغۇچى، توقۇمىچى، باپكار:

جامە باف ئامادە قىلدى كارگاھ،
قىلغالى زەربەفت ئاتى كىيمەككە شاھ.

— نەۋائى.

**جامە چاك** [جامە چاك] 1› يىرتىق تون؛ يىرتىق چاپان؛ 2› قەدەھ؛ كوزا:

گەر نەۋائىي بولسە مۇغ دەيرىدە دەستۇ جامە چاك،
كىم تىرىكلىكدىن بۇ سۇلتانلىغ ئانىڭ مەقسۇدىدۇر.

— نەۋائى.

**جامگىر** [جام گىر] (پ) جام ئالغۇچى؛ مەيگە ئىنتىلگۈچى: مەي ئىچكۈچى.
**جامىئ** [جامع] (ئە) 1› جەمئىلگۈچى، توپلىغۇچى؛ ئۆز ئىچىگە قاپسىۋالغۇچى:

ۋە بۇ جەمئىيەتنى «بەش گەنج» جامىئى ۋە ھىند شەكەررېزى، بەلكى شىرىن كەلامىغە دۇسەللەم تۇتماق.

— نەۋائى.

2› ئادەملەر توپلىنىدىغان جاي؛ مەسچىت.
مەسجىدى جامىئ — كاتتا مەسچىت.

**جامىئىيەت** [جامعيت] (ئە) 1› تولۇقلۇق، مۇكەممەللىك؛ 2› قورشىۋالغان؛ قاپلىغان؛ 3› ئەكس ئەتتۇرگەن، ئىپادىلىگەن؛ 4› مۇجەسسەملىك؛ مۇجەسسەملەشتۈرگەن.

**جان I** [جان] (ئە) «جىن» غا قاراڭ.
**جان II** [جان] (پ) 1› روھ، تىرىكلىك، ھايات:

ئانىسىزدىن جانسىز كۆرەرمەن گەر تېنىم جانلىغ ئېرۇر،
يا ماڭا جان بەرگۈچى يا جانغە دەرمانىمۇ دەيىن.

— ئەرشى.

2› ۋۇجۇد؛ 3› ھەرىكەت، قۇۋۋەت، ئىمكانىيەت؛ 4› كۆڭۈل؛

چۇ مېھمان ئۆزاتىپ قولىن خانىغە،
قويۇپ مىزبان مىننەتىن جانىغە.

— نەۋائى.

**جان پەلاسى** — تىرىكلىك ئاپىتى؛

**جان تەركى ئەتمەك** — ئۆلمەك؛

**جان رىشتەسى** — قان تومۇرى؛ كۆڭۈل، ئارزۇ-ئۈمىدى، ئىستىكى؛

نازۇك بىلىنك تەر خەيال قىلغۇم،
جان رىشتەسىغە مىسال قىلغۇم.

— ئەرشى.

**جانغا يەتمەك** — جېنىدىن تويماق؛

**جان كاھى** — جاننى ئۆرتەيدىغان؛

**جان مۈلكى** — كۆڭۈل؛

ھۆسنىدىن ئافاق ئارا غەۋغا ئىدى،
زۇلمىدىن جان مۈلكىگە يەغما ئىدى.

— نەۋائى.

**جان ھىرزى** — جان ساقلىغۇچى، جانغا مەدەت بەرگۈچى (دۇئا)؛

**جانۇ تەن** — مادار ۋە قۇۋۋەت؛

**جانۇ جەھان** — پۈتۈن دۇنيا، پۈتۈن بارلىق مەۋجۇدلۇق؛

مەي لەبىدىن ئەگەر ئەيلەسەم رەۋا كامىم،
كى نەقد، جانۇ جەھاننى ئاڭا فىدا قىلايىن.

— ئەرشى.

**جان ئۆرتەمەك** — جاننى قىينىماق؛

**جانى ئاغزىغا يەتمەك** — قاتتىق ساراسىمىگە چۈشمەك، ئۆلەر ھالەتكە كەلمەك؛

**جانى ئەزىز** — ئەزىز، شىرىن جان؛

**جانى زار** — بىچارە جان.

**جانان** [جانان] (پ) 1› مەھبۇبە، مەشۇقە، سۆيۈملۈك يار؛

لۇتف ئىلە جانان نىگاھ ئەتسە، نىسار ئەتكۈم بۇ جان،
چۈن نىسار ئەتسە بۇ جان جانان ئىلە قىلمىش قىران.

— ئەرشى.

2› ناھايىتى گۈزەل، قەددى-قامىتى كېلىشكەن قىز، نازىنىن؛ 3› پېقىملىق؛ ئالىيجاناب.

**جان ئەفرۇز** [جان افروز] (پ) جانغا راھەت بەرگۈچى، ياشناتقۇچى؛

سۈيى كەۋسەر سۈيىدەك جان ئەفرۇز،
ئوقى دەۋزەخ يەلىنىدەك پور سوز.
— نەۋائى.

**جان بەخش** [جان بخش] (پ) جان بېغىشلىغۇچى، روھلاندۇرغۇچى:
قوپماغى مۇمكىن ئەمەستۇر بەلكى تەبرەنماغى ھەم،
تاپماسا جان بەخش لەئلىڭ نۇكتەسىدىن جان سەبا.
— نەۋائى.

**جانباز** [جانباز] (پ) جېنىنى تىككۇچى، بىرەر ئىشتا غەيرەت كۆرسەتكۈچى، پىداكار:
زىرىھۇ قالغان كېرەك ئىسلام، بەدىن ئەھلىغە،
ئاشىقى جانبازنىڭ ئىستەر سەلاھى ئۆزگەدۇر.
— گۇمنام.

**جانپەرۋەر** [جان پرور] (پ) جانلاندۇرغۇچى، قۇۋۋەت بەرگۈچى؛ راھەت كەلتۈرگۈچى.

**جان خاكسار** [جان خاكسار] (پ) كەمسىتىلگەن، يامان ھالەتكە چۈشكەن؛ غېرىب:
خاكى پايى بولدى جانى خاكسارىم قان يوتۇپ،
كىم چىقىپ لەئلىڭنى ئۆپكەي رىشتەئى زۇلفىن تۇتۇپ.
— نەۋائى.

**جاندار** [جاندار] (پ) 1) جان ئىگىسى، ھاياتلىق، تىرىك جان، جانلىق؛ 2) جانۋار.

**جانسوز** [جان سوز] (پ) جان ئۆرتىگۈچى، جاننى قىينىغۇچى، ئازاب بەرگۈچى:
بىدىل چېكىبان بىر ئاھى جانسوز.
— نەۋائى.

**جانسپار** [جان سپار] (پ) جېنىنى پىدا قىلغۇچى، جېنىنى قۇربان قىلغۇچى، جېنىنى ئايىمىغۇچى، ساداقەتلىك.

**جانستان** [جان ستان] (پ) جان ئالغۇچى، ھالاك قىلغۇچى.

**جانفۇرۇز** [جان فروز] (پ) جانغا ھۇسۇن بەرگۈچى؛ روھلاندۇرغۇچى:
كىم دەردۇ گۇدازۇ سوز بىرلە،
يۇز شۇئلەئى جانفۇرۇز بىرلە.
— نەۋائى.

**جانفىزا** [جانفزا] (پ) 1) جاننى قۇۋۋەتلەندۇرگۈچى، جانغا راھەت، ئارام بەرگۈچى؛ شادلاندۇرغۇچى:
جانفىزا لەئلىڭ بىلە شىرىن سۆزۈڭ، سىۋۋق كۆزۈڭ،
قىلغۇسىدىن نەچچە كۈندۇر كۆزلەرىم بولدى پۇرئاب.
— ئەرشى.

2) يېقىملىق.

**جانفىزاي** [جانفزای] (پ) «جانفىزا» غا قاراڭ.

**جانفىشان** [جان فشان] (پ) جېنىنى پىدا قىلغۇچى.

**جانگاھ** [جانگاه] (پ) جاننى قىينىغۇچى، جانغا ئازاب بەرگۈچى؛ ئۆمۈرنى قىسقارتقۇچى:

يارنى كۆڭلۈمدە جان يەڭلىغ نىھان قىلغاي ئېدىم،
ئەيىبى كۆڭلۈمنىڭ بۇدۇركىم، نالەئى جانگاھى بار.
— نەۋائى.

**جانگۇداز** [جان گداز] (پ) 1) جاننى قىينىغۇچى، ئازاب بەرگۈچى؛ 2) كۆڭۈلگە ھارارەت سالغۇچى.

**جانلىغ** [جانلیغ] «جانلىق» قا قاراڭ.

**جانلىق** [جانلیق] جانىۋار، ھايۋان.

**جانلىق قىلماق** — جان كىرگۈزمەك، تىرىلدۈرمەك.

**جانىن** [جانان] (پ) دىۋە؛ پەرى:

گەر ئاتى ئۆلۈپ زەمان بەدنىي،
زاتى كېلىپ ئىنسۇ جانىن بەدنىي.
— نەۋائى.

**جاننەۋاز** [جان نواز] (پ) 1) ئەركىلەتكۈچى؛ يېقىملىق؛ 2) كۆڭۈلنى ئۆزىگە تارتىدىغان، خۇرسەن قىلىدىغان سۆز.

**جان نىسار** [جان نثار] (پ) جان پىدا قىلغۇچى:

«نۇن» نىيازىمدۇر مېنىڭ جانىمدىن ئۆزگە يوق نىياز،
شەمئىسەن، پەرۋانەدۇرمەن جاننىسارىم سەنمۇ سەن.
— موللا سالىھ.

**جان نىسار ئەتمەك** — جاننى پىدا قىلماق، باشقىلارغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلمەك.

**جانىب** [جانب] (ئە) 1) تەرەپ:

شەھەر جانىبىغە ئالىپ يۈردىلەر،
بۇ قىز گۈلشەنىغە بارىب تۇردىلەر.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ھۆرمەت، ئېھتىرام؛ 3) سەۋەب.

**جانىب تۇتماق** — باشقا كىشى تەرىپىگە ئۆتمەك؛ كىشىدىن يىراقلاشماق؛

**جانىبى ئەسفەل** — پەس، تۆۋەن تەرەپ:

فەزلەلەرى دەفنى ئۈچۈن ئىككى يول،
جانىبى ئەسفەلدىن ئۆلۈپ زاھىر ئول.

— نەۋائى.

جانىبىنى تۇتماق — تەرىپىنى ئالماق، ياقلىماق، ھىمايە قىلماق.

**جانىي** [جانى] (پ) جانغا تېگىشلىك، كۆڭۈلگە ئەڭ يېقىن دوستلار.

**جاھ** [جاه] (پ) 1) مەنسەپ، ئەمەل، مەرتىۋە، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن:

بىل مۇنىكىم ئۆمر ۋەفاسىزدۇرۇر،
دەۋلەت ئىلە جاھ بەقاسىزدۇرۇر.

— نەۋائى.

2) دۆلەت، بايلىق؛ 3) بۈيۈكلۈك، شان-شەرەپ، شەۋكەت؛
ئالىي جاھ — يۇقىرى مەرتىۋە؛
جاھ بەزمى — ئۇلۇغلۇق دەرىجىسى، يۇقىرى مەنسەپ؛
جاھۇ جەلال — شان-شەۋكەت، مەرتىۋە ۋە ئۇلۇغلۇق؛
جاھۇ مۇلك — مەرتىۋە ۋە بايلىق؛
جاھى رەفىئ — يۈكسەك مەرتىۋە؛ ئەڭ ئۇلۇغ مەنسەپ؛
جەمشىد جاھ — ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك، ئۇلۇغ پادىشاھ.

**جاھدوست** [جاه دوست] (پ) ئەمەلپەرەس.

**جاھىل** [جاهل] (ئە) نادان، بىلىمسىز:

قاچان ئاقىل كۆرۈپ ئىچمىش تولا زەھرە
كى جاھىللىقدۇر ئۇلماق ئاڭا مايىل.

— ئەرشى.

جاھىل سىرىشت — نادان تەبىئەت، جاھىل؛
جاھىلى خۇدكامە — ئۆزىدىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئىلىمسىز كىشى؛
جاھىلى ناخىرەدمەند — ئەقىلسىز، نادان.

**جاھىلىيەت** [جاهليت] (ئە) جاھىللىق، ئىلىمسىزلىك؛ ئەرەب جەمئىيىتىدە ئىسلامغىچە بولغان دەۋر.

**جاۋەزە** [جاوزه] (ئە) جاۋەزەل-ئىسنەينى شائ — ئەرەبچە ئىبارە: «كۆللۈسىردىن جاۋەزەل-ئىسنەينى شائ» مىسراسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، مەنىسى: «ھەممە سىر ئىككى چىش ئارىسىدىن ئۆتسە (ھەممىگە) يېيىلىدۇ» دېمەكتۇر.

**جاۋىد** [جاويد] (پ) ئەبەدىي، دائىمىي، مەڭگۈ، ھەممىشە.
بەقايى جاۋىد — ئەبەدىي ساقلىنىش، ئۆزگەرمەسلىك؛
جاۋىد بولماق — دائىمىي بولماق؛ ئەبەدىي قىلماق؛
جاۋىد ئولماق — «جاۋىد بولماق» قا قاراڭ.

**جاۋىدان** [جاودان] (پ) «جاۋىد» قا قاراڭ:

خەدەڭگىڭ تەئەسسىگە، ئەرشىيا، كۆكسۈڭ نىشان ئەتكىل،

دەمى پەيكانى ئەزبەسكىم ھەياتى جاۋىدانىمدۇر.
— ئەرشى.

جاۋىدان ئۆرقىت — ئەبەدىي ئايرىلغان.

**جاۋىدانە** [جاودانه] (پ) دائىمىي رەۋىشتە؛ «جاۋىد» قا قاراڭ.

**جاۋىدانىي** [جاودانى] (پ) 1› دائىمىيلىق، ئەبەدىيلىك، مەڭگۈلۈك؛ 2› دائىمىي، ئەبەدىي.

**جائىز** [جائز] (ئە) مۇمكىن بولغان، رۇخسەت قىلىنغان.
جائىز تۇتماق — ئورۇنلۇق دەپ ھېسابلىماق؛ رۇخسەت بەرمەك؛
جائىزۇل - خەتا بولماق — خاتا قىلىشى مۇمكىن بولماق.

**جاي** [جاى] (پ) «جا» غا قاراڭ:

قىلىپ ھەمنىشىنلىق ئاڭا ئىككى ئاي،
يانىدا بېرىپ تۇرغالى ياخشى جاي.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**جايگىر** [جايگر] (پ) ئورۇن ئالغۇچى، ئورناشقۇچى، ئورۇن ئۇتقۇچى:

مۇرۇۋۋەتكە مەسەد بولمىش جايگىر،
زەمى خۇش، ئەلۇ مەملەكەت دىلپەزىر.
— نەۋائى.

جايگىر تۇشمەك — ئورۇنغا چۈشمەك.

**جايىز** [جايز] (ئە) «جائىز» غا قاراڭ.

**جايىزۇل - خەتا** [جايزالخطا] (ئە) خاتا قىلىش مۇمكىن بولغان:

ئادەمى جايىزۇل - خەتا بولمىش،
بۇ خەتا بارچەغە رەۋا بولمىش.
— نەۋائى.

جايىزۇل - خەتا بولماق — «جائىز» غا قاراڭ.

**جەب** [جب] (ئە) ئارۇز قائىدىلىرىدىن بىرى.

**جەبە** [جبه] قۇرتىمچە؛ ئوقدان.

**جەبەرۇت** [جبروت] (ئە) 1› ئەزىمەت؛ بۈيۈك، ئۇلۇغ؛ بۈيۈكلۈك، ئۇلۇغلۇق؛ 2› كىبىرلىك.

نى ئەزەمەت ئىچرە ئاڭا سۇد ئولۇب،
نى جەبەرۇتىغە زىيان بۇد ئولۇپ.
— نەۋائى.

**جەبەل** [جبل] (ئە) [كۆپلۈكى: جىبال] تاغ.

**جەببار** [جبار] (ئە) 1› قۇدرەتلىك؛ قۇدرەت ئىگىسى؛ 2› جەبىر قىلغۇچى، غەزەپ قىلغۇچى؛ تەڭرى:

كىبرىيا ۋە جەبەرۇت ئەساسى خالىقى جەبباردۇر،

بۇ سىفەتكە ئول سەزا ۋە بۇ سىفەت ئاڭا سەزاۋەردۇر.
— نەۋائى.

جەببار سىفەت — قەھرلىك؛

دەرگەھى جەببار — تەڭرىنىڭ دەرگاھى:
بىلۇر مەنسۇر ئەسرارىڭ ئەي تەۋھىد ئىچكەنلەر،
چىقىپ دارى فەناغە دەرگەھى جەبباره ياستانىمىش.
— ئەرشى.

شاھى جەببار — قۇدرەتلىكلەر شاھى، تەڭرى:
سىياسەتلەرنى ئەيلەر شاھى جەببار،
مېنىڭ سارى دۇرۇر ھەر سىرفەكىم بار.
— نەۋائى.

قۇدرەتۇل - جەببار — تەڭرىنىڭ قۇدرىتى:
ھەرنە كەلسە باشىڭغە تارتماسغە سالىھ چاره يوق،
بۇ مەگەر تەقدىر ئىلاھى قۇدرەتۇل - جەببار ئىشق.
— موللا سالىھ.

جەبر [جبر] (ئە) ئازاب، زۇلۇم؛ ئادالەتسىزلىك:
كوڭلۇم يۈزىنى جەبر ئىلە چۇن سەندىن ئۆيۈرمان،
ئاخىر نەچە بۇ جەبرۇ سىتەمدۇر ماڭا، ئەي دوست.
— ئەتائى.

جەبر - جەفا — «جەبر - سىتەم» گە قاراڭ:
قاچان يۈز قايتۇراي جەبرۇ جەفادىن،
غەمىڭ بارۇ ھەم يوق يۈزمىڭ بەلادىن.
— خىرقەتى.

جەبر - سىتەم — ئېغىر ئازاب، قاتتىق جاپا:
لۇتفۇ كەرەمىڭنى سەن ئەگەر مەندىن ئاياساڭ،
جەبر - سىتەمىڭ لۇتفۇ كەرەمدۇر ماڭا، ئەي دوست.
— ئەتائى.

جەبرەئىل [جبرائيل] (ئە) تەڭرى بىلەن پەيغەمبەر ئوتتۇرىسىدا ۋەھىي يەتكۈزگۈچى پەرىشتە نامى.
جەبرەئىلى ئەمىن — ئىشەنچلىك پەرىشتە.

جەبرەئىل ئاسا [جبرائيل آسا] (ئە + پ) جەبرائىلگە ئوخشاش، جەبرائىل سۈپەت:
جەبرائىل ئاسا ئەيان يۈز راز ئاڭا،
قۇرب ئەرشى ئەۋجىدە پەرۋاز ئاڭا.
— نەۋائى.

جەبھە [جبهه] (ئە) 1) پېشانە، ماڭلاي؛ 2) يۈز؛ ئاي يۈزلۈك؛

شۈكۈھىلىك جەبھەسىدىن چۈن سۈرەيىيا،
يەتى قەترە ئارىقىدەك يەتتى دەريا.
— نەۋائى.

جەبھە تەگۈرمەك — تازىم قىلماق، يەر ئۆپمەك:
ئاچقاچ ئۇستادىنىڭ ئاتىن كۆردى،
ئۆپۈبان يەرگە جەبھە تەگۈردى.
— نەۋائى.

جەبھە چىنى — پېشانە قورۇقى؛
جەبھەئى ھۆر — ھۆر يۈزلۈك، گۈزەل.

**جەبىن** [جبين] (ئە) 1) ماڭلاي، پېشانە:
جەبىنىدە ئەنۋارى شاھەنشاھى،
كەلامىدە ئەھيايى رۇھۇللاھى.
— نەۋائى.

2) يۈز، بەت؛ جامال.
جەبىنلەرى گۈل-گۈلۈ كىرپىكلەرى خار،
قاپاغلارى كەڭ-كەڭۈ ئاغىزلارى تار.
— نەۋائى.

3) باش:
قويدۇم ئاتىنىڭ ئاياغىغا جەبىن،
دېدىم ئەيا ناسىرى شەرئى مۇبىن.
— نەۋائى.

4) ياۋۇز، پەسكەش، رەزىل.
تېيرە جەبىن — پېشانىسى تەتۈر، شور پېشانە، بەختسىز؛
مەھجەبىن — پېشانىسى ئايغا ئوخشاش يالتىراق؛ كۆچمە م: گۈزەل، سۆيۈملۈك؛ سۆيۈملۈكى.

**جەت** [جت] [كۆپلۈكى: جەتۇت] 1) ھىندىستاندا ياشىغۇچى بىر خەلق؛
2) ھايۋان ئوينىتقۇچى؛
ئايىغ لەئبىدىن جەتفەكىم نان ئېرۇر،
ئانى ئىتتغە سالماق نې ئىمكان ئېرۇر.
— نەۋائى.

**جەتۇت** [جتوت] «جەت» كە قاراڭ.

**جەدەل** [جدل] (ئە) 1) تارتىشىش، بەسلىشىش، مۇنازىرە؛ جاڭجال؛ 2) غەيرەت قىلىش، ئۇرۇنۇش، تىرىشىش؛ 3) تېز، تېز سۈرئەت.
بەھسۇ جەدەل — ئۇرۇش-جاڭجال؛
جەدەل ئەتمەك — جۇشقۇنلۇق بىلەن كىرىشمەك؛ تىرىشماق، ھەرىكەت

=

قىلماق، ئۇرۇنماق؛

جەدەل قىلماق ــ ئالدىرىماق.

**جەدد** [جد] (ئە) ئاتا ياكى ئانىنىڭ ئاتىسى، بوۋا؛ ئەجداد.

**بۇزۇرگۋار جەدد** ــ «جەددى بۇزۇرگۋار» غا قاراڭ؛

**جەددۇ ئابا** ــ ئاتا بوۋىلار، ئەجدادلار؛

**جەددۇ ئەب** ــ بوۋا ۋە ئاتا؛

**جەددى ئەئلا** ــ نەسەب جەھەتتىن ئالىي تەبەقە؛

**جەددى بۇزۇرگۋار** ــ چوڭ بوۋا، ھۆرمەتلىك بوۋا.

**جەددە** [جده] (ئە) 1) ئاتا ياكى ئانىنىڭ ئانىسى، چوڭ ئانا؛ 2) بۇۋى.

**جەدۋەل** [جدول] 1) سىزىق؛ 2) گرافىك؛ 3) تۇسۇق، تام؛ 4) ئېرىق؛ 5) رىشتە، ئۈمىد رىشتىسى، يىپ؛ 6) پىلان.

جەدۋەل تارتماق ــ كىتاب بەتلىرىنى سىزماق، زىننەتلىمەك.

**جەدىد** [جديد] (ئە) 1) يېڭى؛ 2) ئارۇز ۋەزىنىدىكى بەھرىلەردىن بىرىنىڭ نامى.

**جەدي** [جدى] (ئە) 1) تاغ ئۆچكىسى، كىيىك؛ 2) قەدىمكى ئاسترونومىيەدە؛ ئون ئىككى بورجدىن بىرىنىڭ نامى؛ 3) ئاي نامى (شەمسىيە «قۇياش» يىلى ھېسابىدا قىش پەسلى ئايلىرىنىڭ بىرىنچىسى بولۇپ، 22 - دېكابىر ــ 21 - يانۋارغا توغرا كېلىدۇ).

**جەر** [جر] (ئە) «جار» غا قاراڭ:

چۈ ئەل فىكرىدىن كۆڭلىنى تىندۇرۇپ،
يۇرۇش ھۆكمىنى ئەلگە جەر يەتكۈرۈپ.
ــ نەۋائى.

جەر يەتكۈرمەك ــ خەۋەر بەرمەك.

**جەراھەت** [جراحت] (ئە) 1) يارا، جاراھەت؛ 2) ئازار، رەنج؛ 3) ئەلەم، قايغۇ:

نەچچە كۈن بولدى جەراھەت قىلدى جىسمىمنى زەئىف،
ئەيلەبان يار كويىدا شامۇ سەباھ بىدادلىق.
ــ نەۋبەتى.

4) ئاجىزلىق؛

... لەئلى شەھۋاردەك ئەلفازى كۆڭۈل جەراھەتىغە جەۋھەرى رۇھ يەتكۈردى.
ــ نەۋائى.

جەراھەت ئەنگىز ــ جاراھەتلىگۈچى، جاراھەتلەندۈرگۈچى؛ ئازار يەتكۈزگۈچى.

**جەراھەتلىغ** [جراحتليغ] جاراھەتلىك، يارىدار.

**جەراھەتلىق** [جراحتليق] «جەراھەتلىغ» كە قاراڭ.

جەراھەتۋار [جراحت وار] (ئە+پ) يارىدارلارچە، جاراھەتلەنگەنگە ئوخشاش؛
سىينەم ئۆزرە تەگدىكىم نەززارەسىدىن تىيرى ئىشق،
ئاۋەكى پەيكانەدىن بولدۇم جەراھەتۋارلىق.
— نەۋبەتى.

جەرايىم [جرايم] (ئە) [بىرلىكى: جۇرم] گۇناھلار.

جەرەس [جرس] (پ) قوڭغۇراق، كارۋان تۆگىسىنىڭ قوڭغۇرىقى؛
كارۋانى دەرد ئىلە قەتئ ئەت مۇھەببەت دەشتىنى،
كىم ئىندائى مۇجدەئى ۋەسل ئەيلەر ئاندا ھەر جەرەس.
— نەۋائى.

جەرەيان [جريان] (ئە) ئېقىش، ئېقىم، ھەرىكەتنىڭ داۋاملىشىشى، جەريانى؛

جەرچى [جرچى] «جارچى» غا قاراڭ.

جەردە [جرده] (پ) جەدە، جەدە ئات؛ توروق ئات.

جەررار [جرار] (ئە) 1) ئۆز تەرىپىگە تارتقۇچى؛ 2) كاتتا گۇرۇھ (تـوپ)؛
3) ئۇرۇشقاق، قورقماس كىشىلەر توپى.
سىپاھى جەررار — جەڭگىۋار قوشۇن.

جەررارلىق [جرارلق] جەڭگىۋارلىق، باتۇرلۇق.

جەرراھ [جراح] (ئە) تېۋىپ، دوختۇر، ۋىراچ؛
بىرىنىڭ غەمزەسى جەرراھى ئۇستاد،
بىرىنىڭ كىرپىگى ئالماس خەنجەر.
— ئەتائى.

جەررە [جره] (ئە) «جۇررە» گە قاراڭ.

جەررەباز [جره باز] قۇش نامى؛
فەلەك جەۋفىدە غەرق ئولۇپ جەررە باز،
پەرۇ بال ئۇرار چۇن نىشەبۇ فەراز.
— نەۋائى.

جەرف [جرف] (پ) 1) چوڭقۇر؛ 2) بىپايان.

جەرگە [جرگه] 1) ئايلانما، دائىرە، سەپ، قاتار؛ ئورۇـۋېلـىش (ئوۋدا)؛ 2)
ئەسكەر، قوشۇن؛ 3) مەرتىۋە.
ئۇلۇغ جەرگەلىك — ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك.

جەرۋھ [جروح] (ئە) «جۇرۇھ» قا قاراڭ.

جەرۋھناك [جروح ناك] (ئە+پ) جاراھەتلىك، يارىلىق؛
ئىكەۋلەن بەرەھنە جەرەھناك ئىدى،

قولى ۋە فۇتى ھەم باشى چاك ئىدى.
— ئا. نىزاى، ن. زىيائى.

**جەرىب** [جريب] (پ) يەر ئۆلچىمى (تەخمىنەن بىر تاناپ):
مەساھەت بىلە بىفۇسۇنۇ فەرىب،
بىلىپ ھەۋزدەككىم، ئېرۇر بىر جەرىب.
— نەۋائى.

**جەرىدە** [جريده] (ئە) 1) دەپتەر؛ 2) يەككە، تەنھا.

**جەرىمە** [جريمه] (ئە) 1) گۇناھ، جىنايەت؛ 2) جەرىمانە.

**جەزا** [جزا] (ئە) 1) جازا، چارە.
ئىشقىلىغ دەئۋاسى قىلىسە ھەر كىشى بۇدۇر جەزا،
قەتل ئېتىپ ئەيلەڭ تەماشانى ئۆلۈس غەۋغاسىغە.
— موللا سالىھ.

2) بەدەل؛ مۇكاپات:
...جەمئى مەزاھىب ۋە مىلەل ئەھلى قاشىدە سابىتدۇركىم، ياخ-
شىلىق جەزاسى يوقتۇر بەجۇز ياخشىلىق.
— نەۋائى.

**جەزالەت** [جزالت] (ئە) 1) موللۇق، ئارتۇقلۇق؛ مۇستەھكەملىك؛ 2) سۆزگە
چېچەنلىك؛ پاساھەت.

**جەزاء** [جزاء] (ئە) «جەزا» غا قاراڭ.

**جەزايىر** [جزاير] (ئە) [بىرلىكى: جەزىرە] «جەزىرە» گە قاراڭ.
ئەھلى جەزايىر — ئاراللاردا ياشىغۇچى:
قاراقچىلار دۇرۇر ئەھلى جەزايىر،
بولۇرلار بىگەران بەھر ئىچرە سايىر.
— نەۋائى.

**جەزەئ** [جزع] (ئە) بىتاقەتلىك؛ دادۇ پەرياد، غەۋغا:
ھەممە ئەھلى بەيتى قىلىپدۇر جەزەئ،
كى خادىملارى ھەم چېكىپدۇر فەزەئ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جەزەئ ئەيلەمەك — بىتاقەتلىك قىلماق؛ دادۇ پەرياد قىلماق؛
جەزەئى ئەكبەر — دىنىي تەلىمات بويىچە، قىيامەت كۈنىدە بولىد-
غان دادۇ پەرياد:
مەھشەر كۈنىدە كىم، جەزەئى ئەكبەر ئۇلغۇسى،
ھەجرىڭدە كەلدى كۆڭلۈمە يۈز ئانچە رۇستەخىز.
— نەۋائى.

جەزەئى مەھشەر — قىيامەت غەۋغاسى.

**جەزەئكار** [جزع كار] (ئە + پ) دادۇ پەرياد قىلغۇچى، تاقەتسىز، سەۋرسىز:

بۇ دەرد ئىچرە ئۇلكىم، جەزەئكارراق،
رىزا بەرمەگەن دەردى دۇشۋارراق.

— نەۋائى.

**جەزب** [جذب] (ئە) تارتىش، جەلپ قىلىش؛ ھاياجانغا چۈشۈش (تەرىقەت ئەھلىنىڭ ئۆزىدىن كەتكەن ھالىتى):

كۆشاد ئەيلەپ يارىپ گۈل پەردەسىنى،
تىنىگە جەزب ئىتىپ گۈللار ئىسىنى.

— خىرقەتى.

جەزب ئەيلەمەك — 1) تارتماق؛ 2) شۇەۇرمەك

جەزب قىلماق — كۆڭۈلنى ئۆزىگە جەلپ قىلماق:

ئانىڭدەككى مەي جەزبى ئانىڭ ئىشى،
ئالا ئالماغاي جەزب قىلماي كىشى.

— نەۋائى.

جەزبى نەزەر — جەلىپ قىلىش نەزەرى، تارتىش ھاياجانلاندۇرۇش نەزەرى:

ھۆر پەرى بولغان بىلەن كۆزىدە يوق جەزبى نەزەر،
بىر نەزەردە قۇل قىلۇر چەشمى سىياھى ئۆزگەدۇر.

— گۇمنام.

**جەزبە** [جذبه] (ئە) «جەزب» گە قاراڭ.

**جەزم** [جزم] (ئە) 1) قەتئىي، مۇقەررەر؛ ئېنىق؛ قارار، نىيەت:

كى بىلدىم بۇ قىزنىڭ خەيالىنى جەرم،
ئىكەۋلەن قاچارغە قىلىپ يولنى ئەزم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فەقىرگە دەپ ئىبردىلەركىم: «ئۆلچە مۇمكىن بار، بۇ يۇرتنىڭ مەنئىغە سەئيى قىلغايسەن ۋە ئول مەتلۇب سۇرەت باغلاماغاي، ئەزىمەت جەزم بولسە، بىزگە بىتىپ يىبەرگەيسەن.»

— نەۋائى.

2) ئەرەب ئېلىپبەسىدە يېپىق بوغۇم بەلگىسى، سۇكۇن.

جەزم ئەتمەك — «جەزم قىلماق» قا قاراڭ.

جەزم ئەيلەمەك — «جەزم قىلماق» قا قاراڭ.

جەزم قىلماق — بەل باغلىماق، قارار قىلماق بىرەر ئىش ياكى پىكىرنى مۇقەررەر قىلماق.

**جەزۋەل** [جدول] «جەدۋەل» گە قاراڭ.

**جەزئ** [جزع] (ئە) مۇنچاق؛ كۆز؛ كۆز ساقىسى:

... قىزىل ئالتۇن قارا توغراغچە كۆرۈنمەي، كۆزى جەزئى بىلـ
لۈرىي دۈرۈجىغا تۈشۈب...

— نەۋائى.

**جەزىرە** [جزيره] (ئە) [كۆپلۈكى: جەزائىر] 1› ئارال، جۇغراپىيىلىك جاي نامى:

ئالىپ يۈردى دەريا جەزدرە سارى،
بەناگاھ چىقىپ مەن قىراقدىن نارى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2› جاڭگال:

ھەم تەنۈمەندۇ ھەم شۇجائۇ دەلىر،
ئول سىفەتكىم جەزىرە ئىچرەكى شىر.

— نەۋائى.

**جەسەد** [جسد] (ئە) [كۆپلۈكى: ئىجساد] 1› گەۋدە، جىسىم، تـەن، بەدەن؛
2› سۆڭەك؛ 3› تۇپراق:

مەجازى ئاپتابىدا قۇرۇتقىل بۇ جەسەدنى پاك،
كى ئاندىن سوختە ئەيلە ئىشق ھەقىقەت ئىچرە ئەي شاھا.

— موللا بىلال.

**جەستە** [جسته] (پ) 1› سەكرىگەن، ئىرغىپ چىققان؛ 2› «جەستە ـ جەستـە»
گە قاراڭ.

**جەستە ـ جەستە** [جسته جسته] 1› ئۇ يەردىن ـ بۇ يەردىن؛ پارچە ـ پـارچە؛ 2› كـەم ـ
كەم؛ 3› ئاستا ـ ئاستا؛ 4› ئارىلاپ ـ ئارىلاپ:

ئىشلەردىن گەر شىكەستە بەستە دىبدىم،
يۈزىدىن بىرنى جەستە ـ جەستە دىبدىم.

— نەۋائى.

**جەسىم** [جسيم] يىرىك، كاتتا، گەۋدىلىك.

**جەشن** [جشن] (پ) ئويۇن ـ كۈلكە مەجلىسى، بەزمە زىياپەت.
**جەشن تۈزمەك** — مەجلىس قۇرماق؛
**جەشنى ئەزىم** — كاتتا مەرىكە؛
**جەشنى ئەزىم ئەيلەمەك** — كاتتا بەزمە قۇرماق، كاتتا توي قىلماق؛
**جەشنى خۇسرەۋانە** — كاتتا شاھلارغا مۇناسىپ يىغىن:

تۈزۈپ مەن تاڭلا جەشنى خۇسرەۋانە،
قىلاي ئەلچىنى ئۈزرى دەپ رەۋانە.

— نەۋائى.

**جەفا** [جفا] (پ) جاپا، زۇلۇم، سىتەم، ئازار:

ھەر كۈنى مەندىن ۋەفا، ئاندىن جەفا ئۆزرە جەفا،
مەندىن فەقىر ئول بىۋەفاغە مۇبتەلا بولدۇم نىتەي.

— موللا سالىھ.

**جەفا ئەيلەمەك** — جەبىر - زۇلۇم قىلماق، قىيناماق؛
**جەفا تىيغى** — جاپا خەنجىرى، جاپا قىلىچى:

ۋەفا ئىبلىگە ئۇرار دەم - بەدەم جەفا تىيغىن،
فەلەك ئىشىنى كۆرۈڭ شوخ بىۋەفاغە باقىڭ.

— ئەرشى.

**جەفا قىلماق** — «جەفا ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
**جەفائى روزگار** — زامانە زۇلۇمى.

**جەفا پەرداز** [جفاپرداز] (پ) جاپا قىلغۇچى، سىتەم قىلغۇچى، زالىم.

**جەفاجو** [جفاجو] (پ) جاپا (سىتەم) قىلغۇچى، جاپا قىلىش يولىنى ئىزدىگۈ-چى، زالىم.

**جەفاكار** [جفاكار] (پ) 1 › جاپا قىلغۇچى زالىم:

يەنە كىمگە تۇردى بۇرادەرلەردىم.
ۋەفاسىز جەفاكار بەد ئەختەرلەردىم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2 › ئۆز ئاشىقىنى قىيىنىغۇچى مەشۇقە:

ئى جەفاكەشمەن كۆرۈڭكىم، بار ئاڭا قىلماق جەفا،
سۆز ۋەفادىن زاھىر ئەتسەم ئول جەفاكار ئالىدا.

— نەۋائى.

**جەفاكەش** [جفاكش] (پ) قىينالغان، جەبىر - جاپا تارتقان، ئەرزىيەت چەككەن، ئىبزىلگەن.

**جەفاكوش** [جفاكوش] (پ) جاپا قىلىشقا تىرىشقۇچى.

**جەفاكىش** [جفاكيش] (پ) 1 › جاپا قىلىشقا ئادەتلەنگەن:

ئول بىر ئۇرۇبان كۆڭۈلگە يۈز نىش،
بۇ بىر بولۇبان داغى جەفاكىش.

— ئەرشى.

2 › ئەرزىيەت، جاپا قىلغۇچى؛ مەھبۇبە.

**جەفاگەر** [جفاگر] (پ) «جەفا گۇستەر» گە قاراڭ.

**جەفاگۇستەر** [جفاگستر] (پ) جاپا قىلغۇچى، جاپاچى، ئازار يەتكۈزگۈچى.

**جەففەل - قەلەم** [جف القلم] (ئە) 1 › قەلەمنىڭ قۇرۇشى، قەلەمنىڭ يېزىشتىن توختى-شى؛ 2 › چۆشەنمەستىن؛ بىردىن.

**جەڭ** [جنگ] (پ) ئۇرۇش، جەڭ:

كى ئىمانىنى ئايتىپ دىلۇجان بىلە،
قىلىپ جەڭ ئاغاز شەيتان بىلە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**جەڭجو** [جنكجو] (پ) «جەڭجوي» غا قاراڭ.

**جەڭجوي** [جنكجوی] (پ) 1) ئۇرۇشقاق، ئۇرۇش - جاڭجال ئىستىگۈچى؛ 2) جەڭگىۋار.

بۇ ھەيئەت بىلە چابۇكى جەڭجوي،
تۇرۇپ ئورتادە باشلادى گۇفتۇگوي.
— نەۋائى.

**جەڭگى** [جنكی] (پ) 1) «جەڭجوي» غا قاراڭ؛ 2) زوراۋان؛

ئاڭا كىرگەلى شىرى جەڭگى كېرەك،
مۇڭا ھەم دىلاۋەر نەھەڭگى كېرەك.
— نەۋائى.

**جەلا** [جلا] (ئە) 1) ۋەتەننى تاشلاپ كېتىش، ۋەتەندىن ئايرىلىش؛ غۇربەتچىلىككە قېلىش:

ئول لەھزە ئەجەب بولۇر ئىش،
يا ئولماغۇ يا جەلا بولۇر ئىش.
— نەۋائى.

**جەلا ئەتمەك** — سۈرمەك، كۆچۈرمەك (بىر جايدىن يەنە بىر جايغا)، قوغلىماق؛

**جەلا بولماق** — (1) كەتمەك، تاشلاپ كەتمەك، تەرك ئەتمەك؛ ھىجرەت قىلماق، كۆچمەك؛ (2) قوغلانماق؛

**جەلا قىلماق** — «جەلا ئەتمەك» كە قاراڭ؛

خارى بەلا بىرلە ئېتىپ مۇبتەلا،
ئۆزدىيۇ ساۋۇردى، قىلدى جەلا.
— نەۋائى.

**جەلا ئىختىيار قىلماق** — ۋەتەننى تەرك قىلماق؛ غۇربەتچىلىكنى ئىختىيار قىلماق؛

**جەلايى ۋەتەن** — ۋەتەندىن جۇدا بولۇش.

**جەلاجىل** [جلاجل] (ئە) قوڭغۇراق.

**جەلادەت** [جلادت] (ئە) ئۇلۇغلۇق؛ مەردلىك، باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق، دادىللىق، جاسارەتلىك؛ چاققانلىق.

**جەلادەت ئەيلەمەك** — باتۇرلۇق قىلماق، جاسارەت كۆرسەتمەك؛

**جەلادەت قىلماق** — «جەلادەت ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

**جەلال** [جلال] (ئە) ئۇلۇغ، بۈيۈك؛ ئەزىمەت؛ ئۇلۇغلۇق.

**ئىززۇ جەلال** — بۈيۈكلۈك ۋە ئەزىزلىك

دېدىم: ئەي خۇداۋەند ئىززۇ جەلال،
ساڭا ئاشكارا ئېرۇر سىررۇ ھال.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جەلالەت [جلالت] (ئە) ئۇلۇغلۇق، ئۇلۇغۋارلىق، بۈيۈكلۈك؛ «جەلال» غا قاراڭ.

جەلالىيەت [جلاليت] (ئە) «جەلالەت» كە قاراڭ:

تا ئەگەر ئوت سالسا جەلالىيەتى،
لۇتق ئىلە ئۇرغاي سۇۋ جەمالىيەتى.
— نەۋائىي.

جەلايىر [جلاير] جەلائىر (قەبىلە نامى).

جەلد [جلد] (ئە) چاققان، زىرەك؛ ئەپچىل:

نەچە مىنىڭ جەلد مەللاھى ھۈنەرۋەر،
بەلىغ يەڭلىغ سۇۋ ئىچرە مەۋجپەرۋەر.
— نەۋائىي.

جەلدۇ [جلدو] مۇكاپات، ئىنئام:

نەۋائىي، ئوينادى جان، خەلقدىن بۇرۇن رەھم ئەت،
چۇ قىلدى جەلدلىك، ئەمدى كىرەك ئاڭا جەلدۇ.
— نەۋائىي.

جەلل [جل] (ئە) «جەللە» گە قاراڭ.

جەللاب [جلاب] (ئە) سودىگەر، ئىلىپ - ساتار.

جەللاد [جلاد] (ئە) جان ئالغۇچى، ئۆلۈم ھۆكۈمىنىڭ ئىجراچىسى، جاللات؛

دىمەي ئەسلە ھەرفىنى قىلدىم سۈكۈت،
دىدى شاھ: جەللاد! بارىپ قۇلنى تۇت.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جەللادى فەلەك — ئەزرائىل؛

جەللادى مەغبۇن — دەرغەزەپ جاللات:

ئىبرۇر مەشھۇركىم، جەللادى مەغبۇن،
چۇ مىنىڭ قان تۆكسە ئەيلەر تىغ مەدفۇن.
— نەۋائىي.

جەللە [جله] (ئە) بۈيۈك، ئۇلۇغ، ئالىي.

مەلىكى ئەللام جەللە ۋە ئەلا — بۈيۈك ۋە ئالىي مەرتىۋىلىك زور ئالىم.

جەللەت [جلت] (ئە)؛ جەللەت ئەلا ئۇھۇ ۋە شەئنۇھۇ — «ئۇلىنىڭ نېمەتلىرى ۋە قەدرى ئارتسۇن» مەنىسىدىكى دۇئا.

جەلىس [جليس] (ئە) بىرگە ئولتۇرغۇچى، ھەمسۆھبەت، مەجلىسداش؛ ئورتاق؛

بولۇپ جۇزۇۋدانى ئەنىسى ئانىڭ،
كىتابى رەفىقۇ جەلىسى ئانىڭ

جەلىل [جليل] (ئە) ئۇلۇغ، بۈيۈك.

جەلىلۇل — قەدر [جليل القدر] (ئە) ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك، قەدرى يۇقىرى، ھۆرمىتى يۇقىرى؛

شەيخى... كۆپ جەلىلۇل - قەدر ۋە كەبىرۇششان ئىكەندۇر.
— نەۋائىي.

جەلىي [جلى] (ئە) 1) روشەن، ئوچۇق، يورۇق؛ كۆزگە كۆرۈنەرلىك؛ 2) يىرىك

يېزىلغان خەت.

**جەم** [جم] (پ) «جەمشىد» نىڭ قىسقارتىلمىسى («جەمشىد» كە قاراڭ)؛
ئەتائى خود قىلۇر ۋەسلىڭ تەمەننا،
ۋەلى مىسكىنگە مۇلكى جەم تاپىلماس.
— ئەتائى.

جەم جەناب — «جەم قەدر» گە قاراڭ؛
جەم شۇكۇھ — دەبدەبىلىك، جەمشىتتەك سۆلەتلىك؛
جەم قەدر — جەمشىت مەرتىۋىلىك، يۇقىرى مەرتىۋىلىك؛
جەم ئىقتىدار — زور ئىقتىدارلىق، جەمشىتتەك قۇدرەتلىك.

**جەمائەت** [جماعت] (ئە) 1) جەمئىيەت؛ 2) ئادەملەر، كۆپچىلىك، جامائەت، كىشىلەر توپى؛ گۇرۇھ.
جەمائەتى ئەزىزلەر — ئەزىز جەمائەت؛ ئۇلۇغلار، چوڭلار گۇرۇھى؛
جەمائەتى ئۇزەلا — پازىللار، ئالىملار گۇرۇھى؛
جەمائەتى قەلەندەرلەر — بىر گۇرۇھ، بىر توپ قەلەندەرلەر:
بىر كۈن جەمائەتى قەلەندەرلەر ھەممەدانغا يېتىپتۇرلەر...
— نەۋائى.

جەمائەتى كەسىر — كاتتا گۇرۇھ، كۆپچىلىك؛
جەمائەتى مەشايىخ — شەيخلەر توپى، گۇرۇھى.

**جەمائەتخانە** [جماعتخانە] يىغىلىش جايى، مەجلىسخانا.

**جەماد** [جماد] (ئە) تاش، جانسىز نەرسە، مىنېرال:
سىنىڭ تەختىڭ بىرنەچە جەماددۇر.
— نەۋائى.

**جەمادات** [جمادات] (ئە) جانسىز نەرسىلەر، جانسىز تەبىئەت.

**جەمازە** [جمازە] (ئە) تېز يۈرەر، چاپقۇر تۆگە، يۈگۈرۈك تۆگە:
رۇھىڭ قىلىب ئول ئۆمىد تازە،
ھەر سارى سۈرەر ئىدى جەمازە.
— نەۋائى.

**جەمال** [جمال] (ئە) 1) ھۆسن، چىراي، يۈز، بەت، چېھرە:
ئەي نىگارا، كاشكى كۆرسەم جەمالىڭ ئەكسىنى،
كۆيدۇما فانۇسدەك شەمئى شەبىستانىم ساڭا.
— نەۋبەتى.

2) گۈزەللىك؛ 3) ياخشىلىق، ياخشى خۇسۇسىيەت:
... يەئنى خەلقىنىڭ جەمالى ئەسبابىنىڭ ئىبساتىدادۇر ۋە فەقر جەمالى ئەسبابى تەئەييۇن ۋە مۇسەببىب ئىسباتىداۋە ئاڭا رۇجۇئدا ۋە رىزا ئانىڭ ئەھكامىغە.

— نەۋائى.

تىرە جەمال ــ قايغۇلۇق چىراي؛
دىدىم: ئەي پەرىۋەش مەلال ئولماغىل،
بۇ غەم بىرلە تىرە جەمال ئولماغىل.
ــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.
جەمال ئاچماق ــ يۈز كۆرسەتمەك؛ چىراي ئاچماق؛
جەمال ئەفزا ــ گۈزەللەشتۈرگۈچى، ھۆسنىن ئارتتۇرغۇچى؛ ھۆسنى ئارتقان؛
جەمال ئەھلى ــ ھۆسىندارلار، گۈزەللەر؛
جەمال تۇتماق ــ يۈز كۆرسەتمەك، كۆرۈنمەك؛
جەمال دەۋرى ــ ھۆسىنلىك پەيتلىرى، ياشلىق؛
شەمئى جەمال ــ نۇرلۇق چىراي؛
كەئبەۋۇ خۇلدى بەرىننى كۆلبەئى ئەھزان دىمىش،
كىمسە گەر شەمئى جەمالىڭنى قۇياشقە ئوخشاتۇر.
ــ ئەرشى.

**جەمالىيەت** [جماليت] (ئە) «جەمالىييەت» كە قاراڭ:
ئەمما نىچۇككى ۋەھھابلىغى تەقازايى بۇ نەۋئ مەۋھەبەت ۋە جەمالىيەت قىلدى، قەھھارلىغى داغى بۇلارنىڭ ئەكسى مۇقتەزىي قەھرۇ جەمالىيەت بولدى.
ــ نەۋائى.

**جەمالىييەت** [جماليت] (ئە) مەرھەممەت، ئىلتىپات؛ مىھرىبانچىلىق.

**جەمان** [جمان] (ئە) «جۇمان» غا قاراڭ.

**جەمەل** [جمل] (ئە) تۆگە، ئەركەك تۆگە.

**جەمرىي** [جمرى] (ئە) تۆۋەن تەبىقىگە مەنسۇپ.

**جەمشىد** [جمشيد] (پ) 1) ئۇلۇغ پادىشاھ؛ 2) ئىرانىنىڭ قەدىمكى ئەپسانىۋىي پادىشاھلىرىدىن بىرى (ئەدەبىياتتا قىسقارتىلىپ «جەم» شەكلىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ)؛
قانى ئىسكەندەرۇ دارا، قانى جەمشىد، ئەفرىدۇن،
نەسىب ئەتمەي ئۇلارغە تەختىدە ئىچمەككە جامى جەم.
ــ ئەرشى.
جەمشىد جاھ ــ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ئۇلۇغ پادىشاھ.

**جەمشىد شۇكۇھ** [جمشيد شكوه] (پ) جەمشىتكە ئوخشاش؛ شانۇ شەۋكەتلىك.

**جەمشىدۋەش** [جمشيدوش] (پ) جەمشىت كەبى، جەمشىتكە ئوخشاش:
ئۆزى بىر تەخت ئۇستىدە جەمشىدۋەش،
يانىدا گۈلچىھرەئى خۇرشىدۋەش.
ــ نەۋائى.

**جەممازە** [جمازه] (ئە) «جەمازە» گە قاراڭ:

بۇ قافىلە ئەھلىغە ھەرەم شەۋقى تەمام،
جەممازەلەرى پويە بىلە ئەبر خىرام.
— نەۋائى.

**جەممال** [جمال] (ئە) تۆگىلەرنى يولدا يېتىلەپ ماڭغۇچى، تۆگىكەش، جەممالۇ شۇتۇر — تۆگىكەش ۋە ئات - ئۇلاغ.

**جەمئ** [جمع] (ئە) 1) يىغىندى، توپلام؛ قوشۇلما؛ يىغىش، توپلاش؛ توپ-لانغان، يىغىلغان؛ 2) بارچە، ھەممە؛ 3) يىغىن، مەجلىس ئەھلى؛

ياپار فانۇس بىرلە شۇئلەسىن شەمئ،
كۆرەرلەر پەردەدىن ئول شۇئلەنى جەمئ.
— نەۋائى.

4) گۇرۇھ، جامائەت.

جەمئ ئەتمەك — (1) يىغماق، توپلىماق، قوشماق؛ (2) تۈزمەك؛

ئەمىر ئىقبال سىيىستانىي شەيخ ئەلائۇد دەۋلەدىنىكى. ئاناڭ پىرىدۇر ۋە ئاناڭ سۆزلەرىدىن بىر كىتاب جەمئ قىلىپتۇر.
— نەۋائى.

جەمئ ئەيلەمەك — يىغماق، توپلىماق؛ «جەمئ ئەتمەك» كە قاراڭ؛

جەمئ بولماق — يىغىلماق، توپلانماق؛

جەمئ قىلماق — «جەمئ ئەتمەك» كە قاراڭ؛

جەمئ ئولماق — «جەمئ بولماق» قا قاراڭ:

دۇد سالدىم كىرفىك ئىلە كەلمەكىن ئىستەر رەسەنى
جەمئ ئولۇپ كەلمىش پەرى ھەر ساريدىن خۇشھۇ گۇرۇھى
— ئەرشى.

جەمئى بەشەر — ھۇشيارلار، دانالار؛

جەمئى كەسىر — كاتتا گۇرۇھ؛ كۆپ كىشى؛

دىل جەمئ — خاتىرجەملىك، كۆڭۈل ئاراملىقى:

قاچان پەرۋانە كۆيمەي بولدى دىل جەمئ
قاچان ئوت ياقمىسا شەمئ ئۆزرەدۇر شەمئ.
— خىرقەتى.

**جەمئىيەت** [جمعيت] (ئە) 1) توپلانغان، جەم بولغان؛ 2) ئادەملەر گۇرۇھى مەجلىس ئەھلى؛ 3) خاتىرجەملىك، تىنچلىق؛

ئۇمىد ئۇلكىم، بارچە مىۋىنەتلەر دەۋلەتكە ۋە — بارچە پەرىشانلىقلار جەمئىيەتكە بات مۇبەددەل بولغاي.
— نەۋائى.

4) مال - مۈلۈك.

ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا بۇ فەرزەندلەر مۇيەسسەر بولغاندىن سۆڭ، قوي ۋە ساير مەۋاشىسى ۋە ئۆبەيدىن كۆپ جەمئىيەت هاسىل بولدى.

— نەۋائى.

جەمئىيەتى زاھىر — توپلانغان جامائەت، گۇرۇھ.

**جەمىل** [جميل] (ئە) 1) چىرايلىق، گۈزەل، نازىنىن؛ 2) ياخشى، ياخشىراق، كۆركەم.

**جەمىلە** [جميلە] (ئە) چىرايلىق، گۈزەل، ساھىبجامال:

ئىففەت ھەرەمىدە ئول جەمىلە،
سەۋداسىدە زار يۈز قەبىلە.

— نەۋائى.

**جەمىئ** [جميع] (ئە) ھەممە، بارچە، جەمئىي، پۈتۈن:

بۇ ئۆي ئىچرە جەمىئى پىرۇ بەرنا،
مۇغەننى بىرلە مۇترىب، زىشت رەئنا.

— خىرقەتى.

**جەناپ** [جناب] (ئە) 1) ئاستانە، بوسۇغا، دەرگاھ؛ ھۇزۇر:

ئىلاھا، بىلۇرسەن قۇلۇڭ دەردىنى،
جەنابىڭغە قويدۇم يۈزۈم زەردىنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) مەرتىۋە (لىك)، دەرىجە (لىك)؛ 3) ھۆرمەت، ئىھتىرام ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆز.

**جەنابى گەردۇن ئىنتىساب** — ئالىي مەرتىۋە، ئالىي دەرگاھ؛

**گەردۇن جەناب** — يۇقىرى مەرتىۋىلىك.

**جەنابەت** [جنابت] (ئە) غۇسىل قىلىش، چۈمۈلۈش؛ ناپاكلىق:

نې جەنابەتدۇر بۇيۇ بىباكلىق،
كىم چۆمۈپ تۈن-كۈن يېتىشمەس پاكلىق.

— نەۋائى.

**جەنازە** [جنازە] (ئە) 1) مۇردا؛ 2) تاۋۇت.

**جەناق** [جناق] ئىگەرنىڭ قېشى.

**جەناھ** [جناح] (ئە) قانات، قۇشلار قانىتى:

بۇ قۇشلار جەناھى بىلە چۈن يېتىپ،
شەياتىن قۇبارىنى بەربات ئېتىپ.

— نەۋائى.

**جەناھەين** [جناحين] (ئە) ئىككى قانات.

**جەنب** [جنب] (ئە) يان، يان تەرەپ.

**جەندە** [جنده] (پ) دەرۋىشلەر تونى، جەندە:

تەرك ئېتىپ دۇنيانى، كىيدى جەندە، باشىغە كۇلاھ،
تا قەلەندەرنىڭ رەقىبىن سەن نىگەھبان ئەيلەدىڭ.

— قەلەندەر.

**جەندە پوش** [جنده پوش] (پ) جەندە تون كىيگەن؛ دەرۋىش،

بىر كۈن ئەيلەر ئىردى جامى ئەيش نوش،
كۆردىكىم بارۇرلەر ئىككى جەندە پوش.

— نەۋائى.

**گەدايى جەندە پوش** — جەندە كىيگەن گاداي:

بۇ سەبورى ئىستەمەس ئىززۇ غۇرۇر ھەشمە جەلال،
گۇلخەنۇ فەقر ئىچرە ئۆرتەنگەي گەدايى جەندە پوش.

— سەبۇرى.

**جەندەرە** [جندره] (پ) 1) مۇقاۋىچىلارنىڭ پرېسسى (ماتېرىياللارنى بېسىم بىلەن قىسىدىغان ماشىنا)، ئىسكەنجە؛ 2) قولباغ.

**جەندەلىغ** [جنده ليغ] جەندە كىيىملىك، قۇراق تونلۇق.

**جەننات** [جنات] (ئە) [بىرلىكى: جەننەت/ 1) جەننەتلەر؛ 2) باغلار، بوستانلار.

**جەننەت** [جنت] (ئە) «جەننات» قا قاراڭ:

زەمىنىنىڭ يۈزىن قىلدى جەننەت مىسال،
ۋۇھۇشۇ تۇيۇر تاپتى ئاندىن نەۋال.

— غەرىبىي.

**جەننەت ئەھلى** — ياخشى ئادەملەر، ئۇلۇغلار؛

**جەننەت سەرىر** — شادلىق تەختى؛

**جەننەتنەما** — جەننەتكە ئوخشاش:

سۇيى جارى جەننەتنەما باغى بار،
ئانى كۆرمەگەنىنىڭ يۈرەك داغى بار.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**جەننەتى نەئىم** — ئەڭ نېمەتلىك باغۇ بوستان.

**جەننەتئاسا** [جنت سا] (ئە + پ) جەننەت كەبى، جەننەتكە ئوخشاش.

**جەننەتئاسار** [جنت سا] (ئە + پ) ئاۋات، مەمۇر؛ جەننەت مىسال:

ۋەلې چۈنكى مەنزۇرى ئولغاچ بۇ نەھر،
ياساپ ئاندا بىر جەننەتئاسار شەھر.

— نەۋائى.

**جەنىبەت** [جنيبت] (ئە) 1) پادىشاھلار سەپەرگە چىققاندا ئېھتىيات ئۈچۈن بىرگە ئېلىپ يۈرۈدىغان ئات؛ مىنىلىدىغان ئات:

لايىق ساڭا كەلدى بۇ جەنىبەت،

ئاتلانكى، مەھەل ئېرۇر غەنىمەت.

— نەۋائى.

2) ھەمراھلىق، بىرگە يۇرۇشلۇك.

**جەنىبەت سۇرمەك** — بىرلىكتە ئاتلىنىپ بارماق؛

دېدىلەر ئول يان جەنىبەت سۇرگۇلۇكدۇر،

بۇ ئىش گەر ۋاقىئ ئولسا، كۆرگۇلۇكدۇر.

— نەۋائى.

**جەنىبەتكەش** [جنيبت كش] (ئە + پ) ئېھتىيات ئاتنى يېتەكلەپ بارغۇچى غۇلام، («جەنىبەت») كە قاراڭ:

دېدى: گۆدەكى بەندە زادەم مېنىڭ،

جەنىبەتكەشى خانەۋادەم مېنىڭ.

— نەۋائى.

**جەھالەت** [جهالت] (ئە) جاھىللىق، نادانلىق، بىلىمسىزلىك؛ غەپلەت.

**جەھان** [جهان] (پ) ئالەم، دۇنيا؛ بارلىق؛

خەزان بولسە ھەرگەھ جەھاننىڭ گۇلى،

تۇرارمۇ ئۇ يەردە غەرىب بۇلبۇلى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**جەھان ئەھلى** — بارچە خەلقلەر، ئادەملەر؛

**جەھان باغى** — ئالەم؛ بارلىق؛ تەبىئەت؛

**جەھان دەر جەھان** — جاھان ئىچىدە جاھان؛

**ھەجاندىن بارماق** — ئۆلمەك؛

**جەھاندىن كەچمەك** — ھايات بەھرىدىن كەچمەك؛

**جەھاندىن نىھان بولماق** — دۇنيادىن يوشۇرۇنماق؛ ئۆلمەك؛

**جەھان غەمىنى يېمەك** — دۇنيانى غەنىمەت بىلمەك، تۆۋە - تەزەررۇئ قىلماق؛

**جەھانغە ۋىداﺋ ئەتمەك** — دۇنيا بىلەن ۋىدالاشماق، ئۆلمەك؛

**جەھان كىشىۋەردى** — دۇنيا مەملىكەتلىرى، ۋىلايەتلىرى؛

**جەھان مۇلكى** — دۇنيا، شاھلىق؛ يەر يۇزى؛

**جەھانى بىگەران** — چەكسىز ئالەم؛

**جەھانى فانىي** — ئۆتكۈنچى دۇنيا؛

**ئىككى جەھان** — ئۇ دۇنيا ۋە بۇ دۇنيا.

**جەھان ئارا** [جهان آرا] (پ) جاھاننى بېزىگۇچى، دۇنياغا روشەنلىك بەرگۇچى.

**جەھان ئاراي** [جهان آراى] (پ) «جەھان ئارا» غا قاراڭ؛

مېھرى جەھان ئاراي — جاھاننى بېزىگۇچى قۇياش.

**جەھان ئەفرۇز** [جهان افروز] (پ) ئالەمنى يورۇتقۇچى؛ ئاۋات قىلغۇچى.

**جەھانبان** [جهان بان] (پ) جاھاننى ئىدارە قىلغۇچى، ھۆكۈمدار، پادىشاھ.

**جەھانبانلىغ** [جهان بانلیغ] پادىشاھلىق، ھۆكۈمدارلىق.

**جەھانبانلىق** [جهان بانلیق] «جەھانبانلىغ» قا قاراڭ:

كى چۈن ھەق ئەيلەب زاھىر ھىدايەت،
ماڭا قىلدى جەھانبالىق ئىنايەت.
— نەۋائى.

**جەھانبانلىق ئايىنى** — پادىشاھلىق يولىيورۇقى.

**جەھانبىن** [جهان بین] (پ) «جەھانبىين» غا قاراڭ.

**جەھانبىين** [جهان بین] (پ) جاھاننى كۆرسەتكۈچى، ئۇزاقنى **كۆرگۈچى كۆز.**

**جامى جەھانبىين** — جاھاننى كۆرسەتكۈچى **جام:**

ساقىيا، جامى جاھانبىين تۇتكى، ئاندىن كەشق ئىتەي،
كىم كۆپ ئىش بۇ كارگەھ ۋەزئىدە مۇبھەمدۇر ماڭا.
— نەۋائى.

**چەشمى جەھانبىين** — ئۇزاقنى كۆرگۈچى كۆز؛ يىتۇك، ئەقىللىق.

**جەھان پەناھ** [جهان پناه] (پ) جاھان ھامىيسى، جاھاننى ئۆز پاناھىغا ئالغان كىشى، پادىشاھ.

**جەھان پەھلەۋان** [جهان پهلوان] (پ) دۇنيادىكى ئەڭ زور پالۋان:

رۇستەمغە جەھان پەھلەۋانلىغ لەقەبىن بىرىپ، سىپاھسالار قىلدى.
— نەۋائى.

**جەھان پەيما** [جهان پیما] (پ) 1) جاھاننى كەزگۈچى، جاھانكەشتى؛ 2) ئۇچقۇر ئات:

تىلەپ ھىممەت، دۇئا بىرلە قوپۇپ تىز،
جەھان پەيماسى ئۆزرە ئەيلەدى خىز.
— نەۋائى.

**جەھان پەيماي** [جهان پیمای] (پ) «جەھان پەيما» غا قاراڭ.

**جەھانتاب** [جهان تاب] (پ) جاھاننى يورۇتقۇچى؛ قىزدۇرغۇچى.

**شەمئى جەھانتاب** — گۈزەل سۆيۈملۈكى؛

**مىھرى جەھانتاب** — ئالەمنى روشەن قىلغۇچى، جاھانغا نۇر چاچقۇچى قۇياش؛

**ھۆسنى جەھانتاب** — جاھاننى روشەنلەشتۈرگۈچى ھۆسن:

كۆرۈپ شىرۇيا ئول ھۆسنى جەھانتاب،
ئىچىگە ئىشق ئوتى سالدى نىھانتاب.
— نەۋائى.

**جەھان خۇسرەۋ** [جهان خسرو] (پ) جاھان پادىشاھى.

جەھاندار [جهاندار] (پ) 1) جاھاننى ئىگىلىگۈچى، جاھاننى ئىدارە قىلغۇچى؛

زور شاھ؛ 2) قۇدرەتلىك.

**جەھان سوز** [جهان سوز] (پ) 1) جاھاننى كۆيدۈرگۈچى، ئۆرتىگۈچى؛ قۇياش؛ 2) مەھبۇبە؛ 3) زالىم، ستەم قىلغۇچى.

جەھان سوز ئەيلەمەك ــ جاھاننى كۆيدۈرىدىغان، جاھانغا پىتنە (غەۋغا) سالىدىغان قىلماق:

ۋە لېكىن ھۆسن ئوتىن ئەيلەپ جەھان سوز،
بۇلارنى ئاندىن ئەتتى ئالەم ئەفرۇز.
— نەۋائى.

**جەھان كۇشاي** [جهان كشاى] (پ) جاھاننى بويسۇندۇرغۇچى، جاھاننى بېسىۋالغۇچى، زور پادىشاھ.

**جەھانگەرد** [جهانگرد] (پ) دۇنيانى كەزگۈچى، جاھانكەزدى، جاھانكەشتى:

تۇن ـ كۈنكى قىلۇر سىپېھرى ناۋەرد،
سېنىڭ تەلەبىڭدەدۇر جەھانگەرد.
— نەۋائى.

بەرقى جەھانگەرد ــ چاقماقتەك تېز يۈرگۈچى.

**جەھانگەشتە** [جهانگشته] (پ) ساياھەتچى، دۇنيانى كەزگۈچى.

**جەھانگىر** [جهانگير] (پ) دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى؛ غالىپ:

خالى خەتتىنىڭ سىپاھىدىن جەھانگىر ئولدى يار،
ۋەرنە شاھ ئىقلىمىنى ئالغايمۇ لەشكەر بولماسا.
— زەلىلى.

**جەھاننەما** [جهان نما] جاھاننەما، جاھاننى كۆرسەتكۈچى.

**جەھاننەماي** [جهان نماى] «جەھاننەما» غا قاراڭ.

**جەھەننەم** [جهنم] (ئە) دوزاخ:

تۈرۈپ ئېردىم ئانىڭ باشىغە تاياق،
جەھەننەمگە قويدى بۇ كەمپىر ئاياق.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جەھەننەم خەتتەسى ــ دوزاخ مەملىكىتى.

**جەھد** [جهد] (ئە) 1) ئىنكار، تېنىش، رەت قىلىش؛ بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىش؛ 2) تىرىشىش، ھەرىكەت قىلىش؛ غەيرەت.

جەھد ئەتمەك ــ (1) ئىنكار قىلماق، تانماق؛ (2) «جەھد ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛

جەھد ئەيلەمەك ــ تىرىشماق، ئەستايىدىل ھەرىكەت قىلماق:

جەھد ئەيلەپ، ئەي سەبا، بىر نامە كەلتۈرگىل ماڭا،
ئول پەرىۋەش نەزدىدىن پەيغامە كەلتۈرگىل ماڭا.
— موللا بىلال.

جەھد قىلماق ــ «جەھد ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
جەھدۇ تەئجىل ــ تىرىشىش ۋە ئالدىراش (بىرەر ئىشنى تېزراق بېجىرىش ئۈچۈن)؛
جەھدۇ جىد ــ ئەستايىدىل تىرىشىش، ھەرىكەت قىلىش؛
جەھدۇ سۇرئەت ــ سەممىمىي ئۇرۇنۇش؛ تىرىشىش ۋە ھەرىكەت قىلىش؛
جەھدۇ شىتاب ــ «جەھدۇ تەئجىل» گە قاراڭ.

جەھر [جهر] (ئە) 1) ئوچۇق؛ ئاشكارا؛ 2) ئاۋازنى چىقىرىپ سۆزلەش.
جەھر ئەتمەك ــ ئاۋازنى چىقىرىپ سۆزلىمەك.

جەھل [جهل] (ئە) 1) بىلىمسىزلىك، نادانلىق؛ بىلمەسلىك؛ 2) غەپلەت؛ جاھالەت؛ 3) ئاچچىق قىلىش؛ 4) ئاتاقلىق ئات، نام.
جەھل ئەتمەك ــ نادانلىق قىلماق، بىلىمسىزلىك قىلماق؛ ئاچچىق قىلماق؛
جەھل ئەھلى ــ نادانلار، بىلىمسىزلەر.
جەھل مەيى ــ نادانلىق، ئىلىمسىزلىك مېيى (شارابى):

... ھوشيارلەرى جەھل مەيىدىن مەست، ئۇسرۇكلەرى مەي ۋە مەئشۇقە پەرەست.
ــ نەۋائى.

جەھۇل [جهول] (ئە) ئىنتايىن نادان، ئۆتتۈپ كەتكەن بىلىمسىز.

جەھىم [جحيم] (ئە) جەھەننەم، دوزاخ.
نىيرانى جەھىم ــ دوزاخ ئوتى:

كىم دوستدۇرۇر نازۇ نەئىم ئاڭلا ئانى،
دۇشمەن ئېسە نىيرانى جەھىم ئاڭلا ئانى.
ــ نەۋائى.

جەۋ [جو] (پ) 1) ئارپا؛ 2) كىچىك، ئاددى.
جەۋ بە جەۋ ــ بىرمۇبىر، ھەممە، بارلىق.

جەۋاب [جواب] (ئە) جاۋاب:

دېسەڭكىم: «يوق ھەددىڭ ۋەسفىمدە سۆز سورماق، ئەلىم تۇتماق»
جەۋابىم ئولدۇرۇركىم: «ئەزكۇرۇنى ھەق گۇۋاھىمدۇر.»
ــ ئەرشى.

جەۋاب ئايتماق ــ (1) جاۋاب ئېيىتماق؛ (2) ئەسەر يازماق؛ مەلۇم ئەسەرگە جاۋابنامە يازماق.
جەۋابى تەسدىق ــ تەستىق جاۋابى؛
جەۋابىدە خامە سىنماق ــ جاۋاب بېرىشكە ئاجىزلىق قىلماق:

رەقەم قىلدى فەرخۇندە «شەھنامە» كى،
چۇ سىندى جەۋابىدە ھەر خامەئى.
ــ نەۋائى.

جەۋاد [جواد] (ئە) سېخىي، ساخاۋەتلىك، قولى ئوچۇق.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

استیلدی نازل ایلیش بلبل نه آشیانه گل شاخی زرک برله داد ایلامیش فغانه
یزاغلاری صنوبر قامت نسیم عرعر بادصبای راحت عطار جاو دانه
تجدید صفو سیل مشغول جمله ارباب گویا که مجلس ایردی خوشحال بیگرانه
توزمیش جمیل لقالار قدر جلالت ایله کورمالکه نخل شهرنینک خرمای عید یانه
افسوس کم بولالمای خدمتده کیچه کوندز محروم وصلینک اما مکتوب خسروانه
کنجور فیضیا بینک سیمای اسم اعظم طغرای هفت کشور آلدینکده هندوانه
مکتوبینک ایردی خوشبو محبوبینک ایردی خوشرو آرای سالم اولسون شب بوی رازیانه
رخساره روزی حاجی فرخنده اهل بیتی چشم دوکورسا تورموسلام کافرانه
کوزاهلی گرسواد بینک رنگینی سرمه قیلیه ایا نلی مؤمن او لمیش خورشید سارباانه

اسماعیل ابستار ایردی مهراو خشه آفتابینک
خطاوزره سایر اشورمو سیراب حاجیانه

نقل اولیندی صفولیک احبابلار دین سوزلاریم قاش اوجی کرفیک لاریم نظاره سیدکوزلاریم
ساحتی برکوشه خفیانه ایردی غنچه بیل کیچه لار کوندوزنی آیامیده جلوه افروزلاریم
دوستلوق رسمینی سالیب عالم آدم نوح کبی اوتکاروردی روح محروم شهمه دیک اندوزلاریم
ناکهان دوران غمی باشلاندی چرخ نینک دیهرین آقیشوردی کوزلاریم دین هجرایله شب روزلاریم
حصر نینک میدانی برله کوبینک ایردی متفق قاشینک خساری نه نظاره قیمت یوزلاریم
دلبرو خورشیدیم ایردینک آسمانیغ تخت نی بخت لیک درج سعادت جانور فیروزلاریم
صبح نینک ساری باقارمین انجم او خشه صبح دین تابولورمو فرقم اوزره سایبان بولدوزلاریم
مکتب اسماعیل ایردی ابروتابان قاشلارینک خرم و خرسند اولورمو دلدارکی ماخوذلاریم

ای نوعالت خوشگوار دور پرشکر قندو نبات شاخ ورد رمیده مو کلگونه شیرین حیات
کورمامیش چشم سپهر سین کبی خورشیده شمع دیک رخساره بدری ماه شعبان دین نفاد
آستانینکنو سا افتیش جان و دل برله منی نافتی او الوقتیده یوزینک ف ایلادین نجات
کورساتور افلاک زلف سنبل افشان خبر چون ملک قصیده ثاقب یرف نومیش راحت
حسن آنگلین ملکده شعشعه برق براق الی براقینک نعل سی کوز کاسین تیلای ذات
سایه سالغاندیک همایون شاهباری باخدسین باخیلار وزره آفتاب بیکرینا توشار لمع صفات
شیوه غمزه ایلالاسین باغره چاک چاک آهینین کر کیک کلار انجوم چیچون دین لقات
کوزاوجی دین قاش یای آتقه پیکان اوقلاریک دل جکرانیشیش بیکرون دین جراحت تیش اوبات
منع آوازنینک بیچ محمل قافله هزمان ایشارایتار کرد بیابان دین نبات
جلوه قیلغاندیک سماوزره تجلی تازمین چهره اسماعیل اولدی زعفران قیل خوش نشاط
کیچه توته چراغانه صبح خورشیدینک کورارمنو نیچه اوته زمان یوزآچه تمهیدینک کورارمنو
پوستی کونکلی غه زلف سوداینک خیالدیک سوادالوجاد اولوب عشق اچره توهیدینک کورارمنو
تماشای چمن دین مقصداولدوکیکوز قوراغ اوغشه نکین لعل دین تابنده تاکیدینک کورارمنو
سکونت ایلادیم بیت الحزن ده یوز تاسف دین جمال یوزینکنو تبشیر و تعمید ینک کورارمنو
تورب ایران دوران اچره عافیت پریشانلیغ دین غم پیوسته ابرو چشم تاهیدینک کورارمنو
بوغفلت لیک زمانه آخرینده فیض شمعینک دین فروغ صبح ظلمت تیغ خورشیدینک کورارمنو
یتار افلاک ارا بادصبانینک آتشین آهینک غبار خاک دین کیوان تاییدینک کورارمنو
چوب فوارهینک طوفان نوارد مقصدیم برله بودولتمو دیک رخساره تسویدینک کورارمنو
تجلیه دین شهاب نجم ثاقب شعله سالغانده نیتانک اسماعیل اول انوار تمهیدینک کورارمنو

بو قصیده پاک خیاله تموغ امیح اول مشکل دن حل قیلیا قندیبو سا ک بولوب ندا غ
افسوس الهیدالیغ الدیکیم بوفکر یلان تمام یاک ایجاد او یتوسی ایلکیدین کتو خاقان
اینکت معاشتی فهم قیلیب نی ینغ قیلیا قنه سلی قیلیب حاجرامنی توزردی خیالان تو غفتا تماغ
جهد قیلیب شهزاده اول یوش نینک کو غش نه جهد بلیغ قیلیادلیکیده دغلم دغ تو لهتر کره
مشکل حال تو غخشی اتیانه ضعیف بانی احوال تو غیتی ادغو لهتر اندوغ مشکل ده تو شولیقی
یوزلاندیکیم اتامی اغیرلن یوزآرتوتی متوجب بیندا بجولدی تکم الکیدیل مشکلی اسرار یب یچولیه
اثر سبب لیغش شاه الدیغه زمانه نجولکیم صعب لیک وکردون جفا نه ایه وزیغو دو اوی اوی نوشی اشعیاتی
دو اسئی امانه بورکی اخبار اسپرا وحمان دو تاشلاتت اثار باشوار دشیلاف للادب لعطی
مصنف
صحیفه نشتی محبت موالف تینیغه موهودت جهان بان عالم کیر مرزا علیشیر علیه الرحمه
بو نعیمه محب الکیتابه غریب فرح الکوانه دین انداغ روایت قیلولاریم ونیکیم شعر
بو حادثه یوزلایغب مشکل برامیرغ قالدیکیم اینینک ایلاجد برلار قالدیلار اختیار لاریم
کیب عقل خرد دین بیکانه بلوب سته قوتار ابیکیم وزیبانه بولغیکا اول متحیرتیمان
سبب انقلاب تو تالمای ملک آراده کشینکا خبر قیلیادی غلوت شبکا ایا نوع بحرلاتیب
بوماجراغه توزی قیلیب کجیب کونکل کوتوشکلا سلطانیک بو شفی بیان قیلیب ایریم قوی فتا
خواه کدا خوا غافل خوا الکا خوا اغنت خوا اهنت خوا نجغی خواه یافلیقدین
هرزسانغ لرین بینغی نو نشتی پیزلاری بولدنگوریکا امکان ارماستورار آدونراد

مشکه ایک

شاه کدا اینکه بو یتی قضا حکمیدین اوزاوایاس دورکیم باز بیلغانلکه تغیر قیلیاق
مقواوزراخط تیلاتیرور وقضاکلک برنیرباز غان بولسانکا تبدیل قیلماق دستور
ایماس ارکیم پروانا قضا حضرت غیبم زمانه مینکه باراتشیغه آکاه بولوب کرودون نینک فن
وفریب دین عاجزه زبونی دورکیم شتنینک بیوزیدا حکومتی بولوب قضای اسمانیت انکا
علاجی یوقدور نینک ناتوان خلاقیقلارنینک عاجز لیقی دین هم سبب عاجزدورملکیم تقدیر
فلکی نی تقدیرشه یا ئغا بولسا اینکه تعبیر ینی ناقابلی بولوشم الدیغه تملکیب قیلیب بلوب دربعانه
بولغانیمو ازلده بولغانی مقدر ایدی بیرکیم نینک کونکلی عقل ین نو تیافیب الکا بولسه
بو ایشن ناممکن محذور قوتیب بوکون الدیغه کالکان طرفه حال تیمدین ملول بولمایکیم
بو ایشنی اینیکت اغتنادیم بوقدورکیم فرودکار عالم یازیب دوب بیلورین کیم بو ایب شنیا
توبارشتما مشکل ایش دورقضا اوتینی بیست قیلغالی بولماس التماس اولدور کیم خاقان
مینک الیغه کلام تذکیر نی تقریرایلاکیل بیم اتالیق حق اراوا باب دور بوماجرادین
اجازت تیلار تحی بو بولوبدامکانت ربیبکه بلا دعا دایادقیلیغی اینیکت تیمنه
بیلان استکه ایلان تورنوا ایشیم کشاده بولنکا اجازت بعد سعفدام نینک الدیدا
بو اسپرلارایم دشمن دورکیم بساع بولوب بیجا ره لیقیمدین اوز اره بولما دین اوزکا
سلا تم بوقدو دیتیول وآیا ولا ریغه دیکا با شتیغ الیبدا اولی مقصد طرهفیه یوکای
اگر اول بولدا اژدها ودیو لاربرله طلسم لاردا یوزمینک طلاله بولسه کوزوم نه




源　泉（布拉克）（维吾尔文）总28期　بۇلاق (ئومۇمىي 28 - سان) (پەسىللىك ژۇرنال)

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جىيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN 65－1063/I
本刊代号：58－108定价：1.90元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋەكالەت نومۇرى: 58 - 108 باھاسى: 1.90 يۈەن



# بُولاق



# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى پەسىللىك ژۇرنىلى

10 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 29 - سان

1989

باش مۇھەررىر: ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن.
مۇھەررىرلەر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن، ياقۇپ ئىسمائىل.

---

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇرەشىت ئىسلام، ئابدۇسالام ئاببas، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، ئېيىپجان ئېلىيوپ، رەخمىتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەييۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەمتىمىن يۇسۇپ، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، مەھەممەت رېھىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن.

---

# بۇلاق

1989 - يىل 4 - سان

## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

پەرھاد ۋە شىرىن ............موللا سىدىق يەركەندى (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن
گۈلزارى بىنىش (داستان) ............موللا سابىر بىننى ئابدۇلقادىر (73)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
غەزەللەر............................خوجا جاھان ئەرشى (102)
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەخمەت ھەمىت، ئابلەت ئابلىز

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

شېئىرلار..................................گەدائى (109)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھەسەن سىلىم

### ئەدەبىي مۇھاكىمە

فۇزۇلىي ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە......شۈكۈر يالقىن (125)

### مەشھۇر كلاسسىكلار

جالالىدىن رۇمى ............................شىرىن قۇربان (148)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

يەتتە چۆچەك .................................................................. (154)
رەتلىگۈچىلەر: پازىل قادىر، مەمتىمىن ياسىن
ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر .................................................................. (161)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ھاكىم مۇسا
پەندى - نەسىھەتلەر .................................................................. (170)
پارسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ھەبىبۇللا ئېلى
سەپەر قوشاقلىرى ..................................... ئەلچى مۇسا (179)
رەتلىگۈچى: ئابدۇرېھىم يۇنۇس
ماقال - تەمسىللەر .................................................................. (187)
رەتلىگۈچى: ئەخمەت ھاشىم

* *

چاغاتايچە لۇغەت («ج» نىڭ داۋامى) ..................................... (188)
تۈزگۈچى: ئابلىمىت ئەھەت

رەسسام: مەھەممەت ئايۇپ.
خەتتات: نىياز كېرىم شەرقى.

تىتول ۋە مۇندەرىجە نەقىشلىرىنى ئىشلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى.
مۇقاۋىدىكى فوتو سۈرەتلەرنى قايتا تارتقۇچى: ھېسامىدىن ھاجى.

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: شائىرە زىبۇننىسا. رەسسام: ق. بەشەروۋ. 1981 - يىلى تاشكەنتتە نەشىر قىلىنغان «زىبۇننىسا، دىلشاد ۋە ئەنبەر ئاتىنلار شېئىرىيەتىدىن» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىندى.

2 - بېتىدە: ئۇلۇغ ئازەربەيجان شائىرى مۇھەممەد سۇلەيمان ئوغلى فۇزۇلىي. (1556 — 1498 - يىللار)، «تۈرك ئىسلام ئىنسىكلوپېدىيىسى» دىن ئېلىندى.

3 - بېتىدە: مەشھۇر شائىر نىزامى گەنجەۋى ۋە ئۇنىڭ مەقبەرىسى. (تەمىنلىگۈچى: شېرىپ خۇشتار).

4 - بېتىدە: ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى مازىرىنىڭ ئالدى دەرۋازىسى. (شېرىپ خۇشتار فوتوسى).




موللا سىدىق يەركەندى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

سىرلار مەنبەلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشىق-مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقىتىكى، بۇ كۆلپەتلىك ھادىسىلەردىن شاھزادىگە شۇنداق بىر قىيىن ئەھۋال يۈزلەندىكى، ئۇنىڭ سەۋر-تاقىتى قالمىدى، ئىختىيارىمۇ قولىدىن كەتتى. ئۇ: «ئەقىل مىزانىمدىن ئايرىلىپ قالمىسام ياخشى بولاتتى» دەپ ئۆزىدىن ئەندىشە قىلاتتى. بېشىغا چۈشكەن بۇ سەۋدانى يوشۇرۇپ قالالماي مۇلكدارانى بىر خىلۋەتكە چاقىردى. ئۇنىڭغا ئۆزبېشىغاچۈشكەن بۇ ماجىرانى ۋە بۇ ھەۋەس كۆڭلىگە سالغان بالانى ئېيتىپ، تۆۋەندىكىلەرنى دېدى:

— خاھى گادا، خاھى شاھ بولسۇن، خاھى غاپىل، خاھى ئاگاھ بولسۇن، مەيلى نېمەتلەرگە كۆمۈلسۇن، مەيلى مېھنەتلەرگە گىرىپتار بولسۇن، ياكى ياخشىلىق ۋە ياكى يامانلىق بولسۇن، ئىشقىلىپ تەقدىرى ئەزەلدە پېشانىسىگە پۈتۈلگەنلا بولسا، ئۇنى كۆرمەسلىككە ئىلاجى يوق. ھەر بىر ئادەمزات، مەيلى شاھ، مەيلى گاداي بولسۇن ئۇنىڭ بوينى قازا ھۆكمىنىڭ تۇزىقىدىن ئازاد ئەمەس. ئەزەلدە يېزىلغان قىسمىتىنى ئۆزگەرتىمەن دېگەنلىك — سۇ ئۈستىگە خەت يازغانلىق بىلەن باراۋەر. تەقدىر قەلىمى نېمىنى يازغان بولسا، ئۇنى ئۆزگەرتىش ھېچقاچان بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. زاماننىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئىلىم ئىگىلىرىمۇ پەلەكنىڭ ھىيلە-نەيرەڭلىرى ئالدىدا ئاجىزدۇر. بىراۋنىڭ دۇنياغا ھۆكمى يۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا تەقدىر قازاسى كەلسە، نېمە ئىلاج قىلالىسۇن؟ مەن خالايىقنىڭ تەقدىر ئالدىدىكى ئاجىزلىقى توغرىسىدا سۆزلەۋاتىمەن. بىراق مەن شۇلاردىنمۇ ئاجىزمەن. تەقدىر قەلىمى پېشانەمگە نېمىنى يازغان بولسا، ئۇنى كۆرمەي ئىلاجىم يوق. بۇ ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ئەزەلدىن مۇقەررەرلىكتۇر. كۆڭلى ئەقىل نۇرى بىلەن روشەنلەشكەن

ھەر بىر كىشى بۇ ئىشتا مېنى كەچۈرۈشى لازىم. مېنىڭ بۇ غەيرىي ھالىتىمدىن ساڭا مالاللىق يەتمىسۇن، بۇ مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى ئىش ئەمەس. ئالەمنى تەربىيەت قىلغۇچى تەڭرىنىڭ قۇدرەت قەلىمى بىلەن قىسمىتىمگە يېزىلغان بۇ ئىشلارنىڭ غايەت مۈشكۈل ئىكەنلىكىنى، قازا ئوتىنى پەسەيتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىمەن. ماڭا كەلگەن بۇ خىل قىسمەتنى سېنىڭ خاقانغا بېرىپ ئېيتىشىڭنى ئىلتىماس قىلىمەن. ئارىمىزدا ئۇنىڭ ئاتىلىق ھەققى بار. شۇڭا، ئاتامنىڭ رۇخسەت بېرىشىنى تەلەپ قىلىمەن. ئۇ كېتىۋاتقان بۇ يولۇمدا ماڭا ھىممەت بېغىشلىسۇن. بەزىدە مېنى دۇئاسىدا ياد قىلىپ قويسۇن. ئۇنىڭ ھىممىتى بىلەن مېنىڭ بۇ مۈشكۈل ئىشىم شەكسىز ئاسان بولغاي. ئەگەر رۇخسەت قىلمىسا، بۇ سىرلىرىم تەڭرى ئالدىدا، روشەنكى بىچارە ۋە ئاجىز بولغىنىم ئۈچۈن ئاۋارە بولماقتىن باشقا ئىلاجىم يوق. چۆل ۋە ئاۋات دېمەي، بېشىمنى ئېلىپ مەقسەت يولۇمغا قاراپ كېتىۋېرىمەن. ئەگەر بۇ يولۇمدا ئەجدىھالار، دىۋىلەر ياكى تىلسىملار ئېچىدىكى يۈز مىڭلىغان بالالار ئۇچرىسىمۇ، كۆزۈمنى يۇمۇپ شۇ ئاپەتلەرگە ئۆزۈمنى ئۇرىمەن. بۇ ئىشىمنىڭ قايتۇرۇلۇشى ئىمكانىيەتتىن ناھايىتىمۇ يىراق، شۇڭا شاھنىڭ رۇخسەت بەرگىنى ياخشىراقتۇر، — شاھزادە بۇ تەھلىكىلىك سۆزلەرنى ئېيتىپ بولۇپ، ئارقىدىن ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىقراق سۆزلەر بىلەن قەسەم قىلدى، — ئەمدى سەن ئاتامدىن رۇخسەت ئېلىپ بېرىش يولىدىكى ھەرىكىتىڭنى نۇقسانسىز بېجىرگەيسەن، — دېدى.

ئەلقىسسە، مۇلكىئارا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا ئىچ-ئىچىدىن ئاھ تارتتى. پەرھادقا نەسىھەت قىلاي دەپ قارىسا، ئۇ نەسىھەت ئىشىكلىرىنى ئېتىپ قويغاندى. ئەمدى ھەرقانچە سۆزلىگەن بىلەنمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ دەردلىك سۆزلىرى تولىمۇ كۈچلۈك ئىدى. ۋەزىر شاھزادىنىڭ بۇ ئەھۋالىغا قاراپ، ئەجەبلەندى ۋە قايتا سۆزلەشكە ئاجىز كەلدى. شاھزادىنىڭ ۋۇجۇدى ھېلىقى چۇشنىڭ يالقۇنىدىن نابۇت بولغاندى. ئۇنىڭ ئاھىنىڭ تۈتۈنى كۆك گۈمبىزىدىن ئاشقاندى.

مۇلكىئارا يىغلىغىنىچە خاقاننىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى. خاقاننى مەخسۇس خانىسىغا ئېلىپ كىرىپ، پەرھادنىڭ تارتقان ئازابىنى ۋە ئۇنىڭدىن مەلۇم بولغان ۋەقەلەرنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى.

خاقان پەرھادنىڭ بۇ ماجىراسىنى ئاڭلاپ ئۆز كۆكسىگە ئۆزى ئۇرۇپ، ياقىسىنى چاك قىلدى. مۇلكىئارا بىلەن ئىككىسى پەرھادنىڭ ئازابىدىن كۆپ ئەندىشە قىلىپ يىغلاشتى. خاقان قايغۇرۇپ، تاقەتسىزلىنىۋاتقاندا، مۇلكىئارا خاقانغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، شاھنىڭ ھەسرىتىگە جان كۆيدۈرۈپ، يېقىملىق سۆزلەر بىلەن نەسىھەتكە تىل ئاچتى:

— ئەي شاھىم، تەڭرىدىن نېمە كەلسە، ئۇنىڭغا چارە يوق. قازاغا رىزالىق بېرىش لازىم. بۈگۈنكى ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، دەرد-ھەسرەتنى تاشلاپ ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىش كېرەك. چۈنكى ئۆزلىرىنىڭ پارلاق كۆڭۈللىرى دۆلەتنىڭ مەشئىلىدۇر. ئەقىللىق كىشى ئىشنىڭ چارىسىنى تېپىپ ئۇنىڭدىن نەتىجە ھاسىل

قىلالايدۇ. ئۆزلىرىگە بۇنى ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەلۋەتتە. ئەگەر تەڭرىنىڭ تەقدىرى چارە تېپىشنى مەنئى قىلسا، قازانىڭ ھۆكمىگە قانائەت قىلىش كېرەك.

خاقان:

— ئەي ئىقبال چىرىغىمنىڭ نۇرى، دىللارغا ئاراملىق بېغىشلىغۇچى، دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

كىشى ئۆز جانىدىن تويسا بولۇرمۇ؟
ئۇنى ئۆز ھالىغا قويسا بولۇرمۇ؟
خاقان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— كۆڭۈلنىڭ دەردىگە نەسىھەت دەرمان بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئىمكان قەدەر نەسىھەت قىلىمىز، ئەگەر بۇ نەسىھەتلەر بىلەن تىنچلانسا، بىزگە ئىقبال يۈزلىنىپ كۆڭلىمىزنىڭ ئىستىكى، جېنىمىزنىڭ راھىتى ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ كۆڭلىگە نەسىھەتلىرىمىز تەسىر قىلمىسا، تەڭرىدىن نېمە كەلسە، خۇشاللىق بىلەن رازى بولۇشتىن باشقا چارىمىز يوق، — دېدى.

خاقان مۇلكىئارا بىلەن ناھايىتى كۆپ كېڭەشكەن، خىلمۇخىل تەدبىرلەرنى تۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن شاھزادە ئۆزىنىڭ ئارزۇسىدا قەتئىيلىك بىلەن چىڭ تۇردى. نەسىھەتلەر كار قىلمىدى. شاھزادىگە بۇ ھەقتە قانچە سۆزلىگەنسېرى ئۇنىڭ ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچىيەتتى. خاقان بۇ چارىلەردىن نەتىجە چىقىرالماي، مەيۈسلەندى. شاھزادىنى قاماپ قويۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە چىدىمىدى. ئاخىر ئۇ: «پەرھادنىڭ كۆڭلىنى خاپا قىلىش، ئۇنىڭ ھايات گۈلشىنىنى خازان قىلىش بىلەن باراۋەر. شۇڭا چىن ۋە خىتاي مەملىكىتىنىكى قوشۇنلارنى يىغىپ، يۇنان زېمىنىنى باسرۇق قىلسام، ئوغلۇمغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭ ياخشى-يامان ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولسام» دەپ ئويلىدى. بۇ ئوي ئۆزىگە مۇۋاپىق تۇيۇلۇپ، مۇلكىئاراغا:

— پەرھادنىڭ ئالدىغا چاپسان بار ۋە مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى ئۇنىڭغا بىر-بىرلەپ چۈشەندۈر، — دېدى.

مۇلكىئارا ئورنىدىن تۇرۇپ، پەرھادنىڭ ئالدىغا باردى، شاھنىڭ ئېيتقانلىرىدىنى ئۇنىڭغا بىر-بىرلەپ مەلۇم قىلدى. شاھزادە ئۆز مۇددىئاسىنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى ۋە بۇ ئىشقا ئاتىسىنىڭ رازىلىق بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئەگەر «ئۆزۈم يالغۇز باردىمەن، بۇ ئىشنى ئۆز مەيلىمچە قىلىمەن» دېگۈدەك بولسا، ئۇ ھالدا ئاتىسىنىڭ غەم-قايغۇدا قالىدىغانلىقىنى ھەم بۇ ئىشنىڭ مۇرۇۋۋەتتىن بولمايدىغانلىقىنى بىلدى. ئاتىسىنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەملىكەتنى ھەتتا كۆك ئاسمانىنىمۇ ھاياجانغا سېلىپ قويىدىغانلىقىنى پەملەپ، مۇلكىئاراغا:

— شۇنداق قىلغىنىكى، بىز شۇ تەرەپكە قاراپ يولغا راۋان بولايلى، دېدى.

مەقسىتى ھاسىل بولغان مۇلكىئارا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، خاقاننىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە بۇ ۋەقەدىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇشاللاندۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن قوشۇنلارغا پەرمان چۈشۈردى، جارچىلار: «بارلىق قوشۇن بەلگىلەنگەن جايغا يىغىلسۇن» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. نەزمە:

كەل، ئەي ساقى، چۈ ئۆتتى ئەيش چاغى،
ماڭا تۇت ئەمدى ئاتلانۇر ئاياغى.
دىماغىمدىن ئالىپ بىر جام ئىلە ھۇش،
مېنى قىل دېۋ بەندۇ ئەژدىھا گۈش.

* *

سىرلار مەنىلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بېشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقتىكى، خاقان پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، يۇنان مەملىكىتىگە يۈرۈش قىلىشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى. يۈرۈش ناغرىسى چېلىندى. پۈتۈن لەشكەرنى يىغىش ئۈچۈن ئەلگە چاپارمەنلەرنى ئەۋەتتى. لەشكەرلەر مەملىكەتنىڭ تەرەپ-تەرەپلىرىدىن توپ-توپى بىلەن يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. شۇنچىلىك كۆپ قوشۇن يىغىلدىكى، بۇ كونا دۇنيا تېخىچە بۇنچىلىك كۆپ قوشۇننى كۆرمىگەنىدى. قوشۇن دەرياسى دولقۇنلىدى. ئۇنىڭ دولقۇنى ئاسمان دېڭىزىغا بېرىپ تۇتاشتى. قوشۇن توپلانغان جايغا ئوردىغا لايىق شۇنداق بارگاھلار تىكىلدىكى، ئۇنى ھېچكىم كۆرۈپ باققان ئەمەس ئىدى. ئەقلىمۇ بۇنداق يېڭى ئەتلەسلەرنى تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى. يەنە ئاسمان ئىشخانىسىدەك بىر ئاق ئۆي تىكىلدىكى، ئۇنىڭ بارگاھى كۆككە يەتكەنىدى. بۇ پىروزا رەڭلىك بارگاھنىڭ ئىككى تۈۋرۈكى بولۇپ، ئۇ ئاپتاپتا چاقناپ تۇراتتى. چېدىر ۋە بارگاھلارنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قېقىلغان ئالتۇن-كۈمۈش قوزۇقلار ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك يالتىرايتتى. ئۇ يەرگە تىكىلگەن چېدىر ۋە بارگاھلارنىڭ ھېسابى يوق ئىدى. ئون ئىككى باسقۇچلۇق يۈكسەك بىر تەخت قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئون ئىككى قىرىنىڭ ھەر بىرى كۆك مىسالىدا ئىدى. بىراق بۇ كۆكتەك يۈكسەك قىرلارنىڭ ھەر بىرىنى شىمال يۇلتۇزى يۈز ئەسىر ئايلىنىپمۇ بېسىپ ئۆتەلمەيتتى. ھەر باسقۇچقا تارتىلغان ئالتۇن تاناپلار كۆك دىئامېتىرىدىن كېسىپ ئېلىنغاندەك ئىدى. ئۇنىڭدىكى ھەر بىر بارگاھ جەمشىدنىڭ ئايۋىنىدەك بولۇپ، ئۇ بارگاھتىكى ئالتۇندىن ياسالغان ھەر بىر گۈلدىن قۇياشمۇ رەشىك قىلاتتى. ئۇ يەرگە تىكىلگەن بارگاھلار يۇلتۇزلاردىنمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇ يەرگە يىغىلغان قوشۇن چۈمۈلىلەردەك مىغىلدايتتى. يەر كۆتۈرەلمىگەندەك ھالەتتىكى بۇ قوشۇن پۈتۈن ئالەمنى سەلدەك بېسىپ جان مۈلكىگە باسرۇققا ماڭغان سۆيگۈ لەشكەرلىرىدەك يۇنان مەملىكىتىگە قاراپ ئاتلاندى. بۇ قوشۇننىڭ يۈرۈش قىلغان ئاياغ ئاۋازى نەگە يەتسە، ئاڭلىغان خەلقتىن «قاچ!» دېگەن سادا ياڭرايتتى. قوشۇن بىر يەردە ئىككى كۈنمۇ توختىماي مەنزىلمۇ مەنزىل كېزىپ ماڭاتتى. ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقان تۈۋىشى قەيەرگە يەتسە، بۇ تۈۋىشنى ئاڭلىغان خەلق ئەقلىي ھوشىدىن ئايرىلاتتى. ھەر بىر مەملىكەتنىڭ ئىشغال قىلىنىشى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەر بىلەن تەڭ ھەر بىر قەلئە قۇلۇپلىرىنىڭ ئاچقۇچىمۇ يېتىپ كېلەتتى. ھەر مەنزىلدە بىر مەملىكەت ئىشغال قىلىناتتى. مەملىكەتلا ئەمەس، بەلكى سۇ ۋە قۇرۇقلۇقلارمۇ ئىشغال قىلىناتتى. نەچچە ئاي چۆل، ۋادىلارنى كەزگەندىن كېيىن يۇنان مەملىكىتىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. بۇ مەملىكەتتىكىلەر خاقان قوشۇنىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن

خەۋەر تاپتى. بۇ مەملىكەتنىڭ كاتتىلىرى ۋە پۇقرالىرى ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا ھەدىيەلەرنى ئېلىپ كېلىپ، خاقاننى قارشى ئالدى. ھېكمەت ئەھلىگە خۇشال ھايات يۈزلەندى. خاقاننىڭ كېلىشى گويا شەرەپ بۇرجىغا ئاتارۇد (مېركۇرىي) يۇلتۇزى كەلگەندەك بولدى. پۈتۈن شەھەر خەلقى خاقاننى گويا بەخت-دۆلەتكە ئوخشاش قارشى ئالدى. ئۇنىڭغا كېلىپ قوشۇلدى. يەنە بۇ مەملىكەتنىڭ مەيلى ياخشى ۋە يامانلىرى بولسۇن، ئۇلار مال-مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ كېلىپ خاقاننىڭ يۈكسەك ئاستانىسىگە باش قويدى، مەملىكەتنى خاقاننىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى. خاقانمۇ ھۆكۈمەت ئەھلىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى لايىقىدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مۇناسىپ ئورۇن بەردى. ھەممىگە مېھرىبانلىق بىلەن مەرھەمەت قىلدى ئۇلارمۇ شاھقا دۇئا قىلىپ مەدھىيىلەر ئوقۇدى. ھۆكۈمەت ئەھلى خاتىرجەم بولدى. خاقان ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى ۋە جەمئىيەتكە تىل ئېچىپ:

— خاھىشىنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى بۇ پەلەك بىزنى بۇ ئۆلكە تەرەپكە ئەۋەتىپ، چۆللەرنى كەزدۈردى. بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمىزدىكى مەقسەت، مەملىكەتلەرنى ئىشغال قىلىش ئەمەس. بەلكى بىر تەھلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر.- دەپ ئەھۋالنى بايان قىلدى.

يۇناننىڭ ھۆكۈمەت ئەھلى خاقانغا:

— بۇ جايدا باشتىن-ئاخىرغىچە تاشتىن پۈتكەن بىر تاغ بار. بۇ تاغنىڭ ئىچىدە ھىجران تۈنىنىڭ قاراڭغۇسىدەك بىر قاراڭغۇ غار بار. گويا قىشنىڭ تۈنلىرى يۇپيتېر يۇلتۇزىدىن يورۇغاندەك، بۇ غارمۇ سوقرات ھېكىمدىن نۇرلانغاندۇر. شۇ تاغقا يېتكۈچە ئۈچ مەنزىل بار، — دەپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى.

خاقان ئۇلاردىن نىشان سوراپ:

— بىلگىنىڭلارنى بىزگە ئېيتىپ بېرىڭلار، بىزنىڭ مەقسىتىمىز قايسى تەرەپتە ھەل بولىدۇ، يولى نەدە، مۇساپىسى قانچىلىك؟ — دېدى. يۇنان بىلىمدارلىرى تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، دۇئا قىلىپ تۆۋەندىكىچە جاۋاب بەردى:

— ئەي پادىشاھ، بىزدىن بەلگىسىنى سوراۋاتقان ئادەم بولسا، بۇ مەملىكەت ئىچىدىكى تەڭداشسىز بىر ھېكىمدۇر، يېشى بەش يۈزدىن ئاشقان، ئەل ئىچىدە سۇھەيلا ھېكىم دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ بىزنىڭ يۇناندا ئۆتكەن سوقراتقا ئوخشاش ھېكىمدۇر. ئۇمۇ سوقراتتەك غاردا يوشۇرۇن ياشايدۇ. ئۇنىڭ ئىشى خىلۋەتتە ياشاش، بىز ھەممىمىز ھېكمەت بابىدا ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدۇرمىز. ھېكمەت ئەھلىنىڭ پاناھى بولغان شۇ ھېكىم شاھ سورىغان ھەممە ئىشلاردىن خەۋەردار. شاھ نېمىنى سورىسا، بىز بىلگىنىمىزچە بايان قىلىمىز. ھېكمەت ئەھلى بىلمىگىنىنى سۆزلىمەيدۇ. خۇسۇسەن بىز دۆلەت ئەھلى سورىغان مەسىلىگە بىز ئىمكان قەدەر ھەقىقىتى بويىچە جاۋاب بېرىمىز. بۇ مۈشكۈل مەسىلىنى پەقەت شۇ ھېكىملا ھەل قىلالايدۇ. ئەگەر خالىسىڭىز شۇ ھېكىمنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارايلى. خاقان بۇ سۆزلەردىن خەۋەر تاپتى. شاھزادىنىڭ كۆڭلى تولىمۇ خۇشال بولدى.

خاقان بىلەن شاھزادە دەرھال ئاتلاندى. ھەممە ھۆكۈمالارنىڭ ھەمراھلىقىدا قوشۇن تارتىپ دەشت تەرىپىگە يۈرۈپ كەتتى. چۆلگە كىرگەندە

يىراقتىن بىر تاغنىڭ چوققىسى كۆرۈندى، سۇھەيلا ھېكىم بوشۇرۇنغان غار شۇ يەردە ئىدى. ئۇلار غارغا يېقىنلاشقاندا، ھەممىسى ئاتتىن چۈشۈپ غار تەرەپكە قەدەم تاشلىدى. ھېلىقى ھېكمەت ئەھلىلىرىدىن بىرى ئاستا غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ، سۇھەيلا ھېكىمنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلدى. خاقان بىلەن شاھزادىنىڭ بۇ يەرگە ئاي بىلەن قۇياشتەك يېتىپ كەلگەنلىكىدىن بىشارەت بەردى. سۇھەيلا ھېكىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇلارنى ئۆز ھوزۇرىغا چاقىردى. شاھ بىلەن شاھزادە ئەدەپ بىلەن كىرىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. دانا ھېكىم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككىيلەن بىلەن خۇشال ھالدا كۆرۈشتى. ئۇلارمۇ سۆيۈنۈپ ھېكىمنىڭ قولىغا سۆيدى. ھېكىم ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ مۇشكۇل مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا كىرىشتى. خاقان ۋە شاھزادىدىن يولدا قانداق جاپا-مۇشەققەت تارتقانلىقىنى، بۇ يەرگە كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپ:

— بۇ يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىشتىكى مۇددىئايىڭلار نېمە؟ ماڭا بايان قىلىڭلار، — دېدى.

خاقان شاھزادىنىڭ ئەينەكنى كۆرگەندىن كېيىن بېشىغا چۈشكەن ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى. بىلىمدان ھېكىم ئەھۋالنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ ھەم سۆيۈندى، ھەم قايغۇردى ۋە دەرھال شاھزادىنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى.

— ھە، ئاشۇ پەرھاد ئاتلىق يىگىت سەن ئىكەنسەن-دە، — دېدى ئۇ بىلىمدان ھېكىم شاھزادىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ، ئاندىن كېيىن ئۇ تەگرىگە سەجدە قىلدى ۋە پەرھادقا، — بۇ سىرلارنى ئاشكارىلىغۇچى دۇنيا مېنىڭ نەچچە يۈز يىل بۇ غارنى ماكان قىلىپ ياتقىنىمغا، يۈزلىگەن جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتقىنىمغا لايىق مۇرادىمغا يەتكۈزۈپ، بېشىمنى يۇقىرى قىپتۇ، جاماست ھېكىم ماڭا: «مەن ۋاپات بولۇپ، بۇ ئاسمان يەر ئايلانغىنىنى مىڭ يىل كەزگەندىن كېيىن، چىن مەملىكىتىدىن بىر شاھزادە چىقىدۇ. ئۇ يۇنانغا كېلىپ دۆلەتكە رەھبەر بولىدۇ. بىلىم ۋە بەخت-ئىقبال ئۇنىڭ چىرايىدىن ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئىسمى پەرھاد بولۇپ، جان-تېنى بىلەن كۆپلىگەن جاپا-مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، ئاخىر ئىسكەندەر رۇمىنىڭ تىلسىمىنى ئاچىدۇ» دەپ بىشارەت بەرگەنىدى. ئەمما بۇ يولدا ئىككى مەنزىل بار. ئۇنى بېسىپ ئۆتۈش خېلىلا قىيىن بولىدۇ. بىرىدە ئەجدىھا بار. ئۇ ئاغزىدىن ئوتلارنى چاچىدۇ؛ يەنە بىرىدە ئەھرىمەن ناملىق دىۋە بار. ئۇ، كىشىلەرنىڭ بېشىغا ھاۋادىن تاشلارنى ياغدۇرۇپ ئاشكارا زۇلۇم سالىدۇ، — دەپ ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە، — سوقرات ھېكىم ئەينى ۋاقىتتا مۇنداق بىشارەت بەرگەن: «سۇھەيلا مەندىن كېيىن دۇنياغا كېلىدىغان پەرزەنتلىرىمدىندۇر. ئۇ مېنىڭ دۇئايى سالامىمنى قوبۇل قىلغاي ۋە تاپشۇرۇقلىرىمنى چۈشەنگەي. ئەگەر پەرھاد بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا نىيەت قىلسا، ئۇنىڭ مەقسىتى يولىدا سۇھەيلا ياردەم كۆرسەتسۇن، شۇنداق قىلغاندا بۇ مەخپىي سىر پەرھاد ئارقىلىق ئېچىلغۇسىدۇر. پەرھاد ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەندە شۇنچىلىك كۆپ خەزىنە چىقىدۇكى، ئۇنىڭدىن ئالەم ئەھلى خۇشال بولىدۇ. دىۋىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن،

سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئۈزۈكىنى تاپىدۇ. تىلسىمنى ئاچقان كۈنى بولسا، جەمشىدنىڭ جامى تېپىلىدۇ. ئەگەر بۇ نەرسىلەرنى بەخت-دۆلەت ئۇنىڭغا ئاتا قىلسا، پەرھاد بۇلارنىڭ ھەممىسىنى خاقانغا تاپشۇرغاي. پەرھاد ئۆزى مېنى (سوقراتنى) كۆرۈش، جاھاننەما ئەينىكىنى ئېلىپ كېلىشكە دەرھال ئاتلانسۇن. شۇ ئەينەككە قارىغىنىدا ئۆز بېشىغا كېلىدىغان ۋەقەلەرنى كۆرىدۇ.» سوقرات ھېكىمنىڭ بېشارىتى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت. مەن ئۇ ھېكىمنىڭ ماڭا قالدۇرغان بۇ سالىمى ۋە مەلۇماتىدىن پەخىرلىنىمەن. نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى سېنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ كەلدىم. سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىدىغان بارلىق قىيىنچىلىقلارغا تەدبىر كۆرۈپ قويغاندىم، دەپ سۆزىنى تاماملىدى.

سۇھەيلا ھېكىم ئورنىدىن تۇرۇپ غار ئالدىغا باردى. ئۇ يەردىن بىر ئىدىشنى كۆتۈرۈپ كېلىپ:

مانا بۇ ئىدىش مەرۋايىتتىن ياسالغان، ئۇنىڭ ئىچى سەمەندەر يېغى بىلەن تولدۇرۇلغان. مەن بۇنچىلىك ياغنى جەملىگىچە تالاي ئوتلار ئىچىدە داغلاندىم. سەن ئەجدىھا بىلەن تۇتۇشىدىغان ۋاقتىڭدا بۇ ياغنى ئۆز تېنىڭگە سۈرتكەيسەن. ئەجدىھا بىلەن جەڭ قىلغان ۋاقتىڭدا بۇ ياغ سېنى ئوتتىن ئامان ساقلايدۇ. ئەجدىھا سېنىڭ قولۇڭدا ئۆلگەندىن كېيىن خەزىنىلەر ساڭا نېسىپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېسابى يۇلتۇزلاردىنمۇ كۆپتۇر. بۇ ئەلۋەتتە تارتقان رىيازەتلىرىڭنىڭ بەدىلى بولىدۇ. بۇ خەزىنىلەردىن كۆپلىگەن ئاجايىپ-غارايىپ نەرسىلەرنى تاپىسەن. بىراق ئەھرىمەن دېۋىمۇ تالاي مۇسىبەتلەرنى چېكىدۇ. ئەھرىمەننى ھالاك قىلغىنىڭدا پەلەك ئۇنىڭغا ماتەم تۇتىدۇ. شۇ چاغدا سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئۈزۈكى سېنىڭ قولۇڭغا كىرىدۇ. تىلسىمنى قانداق ئېچىش توغرىسىدىكى سۆزلەر بىر كۈمۈش تاختا ئۈستىگە يېزىلغان. ئۇ دېۋىنىڭ بويىنىغا ئېسىلغاندۇر. بۇ تاختىدىكى كۆرسەتمىلەرنى ئوقۇپ تىلسىمنى ئېچىشقا ماڭىسەن. ئۇ يەردىن جەمشىدنىڭ جامىنى تاپىسەن. جامنىڭ گىرۋىكىگە پۈتۈلگەن خەتنى كۆرىسەن. بۇ خەتنى ھەزرىتى ئىسكەندەر رۇمى يازغاندۇر. سەن بۇ خەتلەرنى ئوقۇپ ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يېتىپ، سوقراتنىڭ كىملىكىنى بىلىسەن. ئۇنىڭ ئەينەكتەك جامالىنى كۆرگىنىڭدە ئۇ ساڭا جاھاننەما ئەينىكىنىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. ئەينەكنىڭ سىرلىرىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن ئەينەككە قاراپ ئۇنىڭدىن ئۆمرۈڭدە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى كۆرىسەن. ئەمدى ماڭا بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەشكە، سىرلار پەردىسىنى بۇنىڭدىن زىيادە ئېچىشقا رۇخسەت يوق، — دېدى-دە، ياغ قاچىلانغان ھېلىقى ئىدىشنى پەرھادقا تاپشۇردى، ئاندىن يەنە، — قېنى ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي دەرھال يولغا راۋان بولغىن، ئىشلىرىڭنىڭ تېزدىن ھەل بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى.

سۇھەيلا ھېكىم پەرھاد بېسىپ ئۆتىدىغان مەنزىللەر توغرىسىدا بىر-بىرلەپ نىشانە كۆرسىتىپ، قايتا-قايتا تەلىم بەرگەندىن كېيىن پەرھاد بىلەن خوشلىشىپ ئۆز جېنىنى بىريولى تەڭرىگە تاپشۇردى.

ئۇلار كۆز يېشى بىلەن سۇھەيلا ھېكىمنىڭ تېنىنى يۇيۇپ، شۇ يەرنىڭ

ئۆزدگە دەپنە قىلدى. يۇناندىن بىللە
كەلگەن ھېكمەت ئەھلىلىرى شۇ يەردە
قالدى. شاھزادە خاقان بىلەن بىللە يول-
غا چۈشتى. مەنزىللەردىن ئۆتۈپ، چۆل-
باياۋانلارنى كېزىپ، سۇھەيلا-ھېكىم بەلگە
بەرگەن جايغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردىن
ئەجدىھا ياتقان جايغا بىر مەنزىل قالغانى-
دى. ئۇلار بۇ يەردە ئاخشامغىچە تىنىچ
ئارام ئالدى. كېچە ئەجدىھاسى قاپقارا
تۈننى يايدى، ئالەم بوشلۇقى قارا تۈ-
تۈن ئىچىگە؛ قۇياش خەزىنىسى بولسا
تۇپراق ئاستىغا يوشۇرۇنۇپ، بۇ ۋەيرانە
جاھانىنىڭ ئۆگزىسى قاراڭغۇلاشتى. بۇلار
ئەيش-ئىشرەت مەرۋايىتىدىن كەچلىك
چىراغ ياندۇرۇپ، شادلىق قەدەھلىرىنى
تەييارلاپ بەزمە تۈزدى. نەزمە:

كەل، ئەي ساقى، قىلىپ ئىچمەك ئەزىمەت،
تىرىكلىك شامىنى بىلگىل غەنىمەت.
مەي ئىچ بىر دەم تۈزۈپ ئىشرەت ئەساسى،
چىكەردىن بۇرنا دەم ئۆمر ئەجدىھاسى.

* *

سىرلار مەنىلىرىدىن رىۋايەت قىل-
غۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشا-
رەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇ ئىشق-
مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىپىلى-
رىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆ-
كۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ
يېتىملىق ۋە تەسىرلىك قىسسەدىن تۆ-
ۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

ئەلقىسسە، تاڭ شامىلى تۈنىنىڭ
قاپقارا تۈتۈنىنى سۈرۈپ تاشلاپ، تاڭ
خەزىنىسىدىن ئاشۇ كۈمۈش تاختىنى چى-
قىرىپ ئاستى. ئەجدىھا ئاغزىدىن ئوتلۇق
يالقۇن چىققاندەك قۇياش تۈن غارىدىن
چىقتى. قايغۇلۇق پەرھاد كۆزىدىن ئۈمىد
ياشلىرىنى تۆكۈپ ۋە بۇ كۆز يېشى بىلەن
يۇيۇنۇپ تەرەت ئېلىپ سۇھەيلا ھېكىمى-
نىڭ تەلىمى بويىچە ئىشقا تۇتۇش قىلدى.
تۇپراققا يۈزىنى قويۇپ يىغلاپ تەڭرىدىن
مۇۋەپپەقىيەت تىلەشكە باشلىدى. يەنە ئاتى-
سىنىڭمۇ ئايىغىغا باش قويۇپ كۆز ياش-
لىرىنى تۆككەن ھالدا دۇئا قىلىشىنى ئۆ-
تۈندى. ئاتىسى ياقىسىنى يىرتىپ يىغلاپ
ئوغلىغا دۇئا قىلدى. لەشكەرلەرمۇ قايغۇ-
رۇپ يىغلاشتى. پەرھاد خاقاندىن ۋە
بارلىق لەشكەرلەردىن رازىلىق ئېلىپ يول-
غا چۈشتى. خاقان باشلىق بارلىق لەشكەر-
لەر پىغان چېكىپ، دۇنيا بوشلۇقىدا پەلەك
ئۆيىنىڭ ئىچىدە قىيامەت قوپاردى. پەر-
ھاد گويا يۇلتۇزلارنىڭ پادىشاھىغا ئوخ-
شاش پەلەك ئەجدىھاسىدەك ئاتقا مىنىپ،
قورال-ياراغ، ساۋۇت ئەسلىھەلىرىگە كۆ-
مۈلدى. ئۇ، شۇ يوسۇندا تەڭرىدىن مەدەت
تىلەپ ئەجدىھا ياتقان تەرەپكە ئات سال-
دى. ئاتىسى ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوشۇن تارتىپ يولغا
چۈشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئەجدىھانىڭ ئالا-
مىتى كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ئەلقىسسە، شاھزادە بۇ ئالامەتنى
كۆرۈپ دەشتى-قىرلارنى تېزلىكتە بېسىپ
ئېتىنى سۈرۈپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئالدىدىن
بىر قۇرۇم باسقان دەشت چىقىپ قالدى.
بۇ دەشتىنىڭ قارىلىقى ھىجران كۆڭلىرى-
نىڭ ئەجەل ئاخشىمىغا ئۇلاشقىنىدەك كۆ-
رۈنەتتى. بۇ يەرنىڭ رەڭگى ھىجران ئالى-
مىدىن دېرەك بېرەتتى. دەشت ئەجدىھا-
نىڭ نەپىسىدىن قارايغانىدى. پەرھاد ئېتىنى

شۇ تەرەپكە چېپىۋاتقىنىدا، ئات كۆلگە پېتىپ ئۇنىڭ توروق رەڭگى قارىغا ئايلانغانىدى. شۇ پەيتتە بىر سېسىق پۇراق كەلدى. بۇ سېسىق ھىد گويا جەننەتنى دوزاخقا ئايلاندۇرۇۋەتكەندەك بىر ھالەتنى پەيدا قىلدى. بۇ ھىد تۈپەيلىدىن كۆپلىگەن لەشكەرلەر ھوشىدىن كېتىپ ئاتتىن يىقىلدى. بىراق پەرھاد ئۆز بېشىغا چۈشكەن بۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئۆزىنى مۇستەھكەم تۇتۇپ يولىنى داۋاملاشتۇردى. ئاخىر ئەجدىھانىڭ قاراڭغۇ غارى كۆرۈندى. پەرھاد غار تەرەپكە ئېتىنى سۈردى. لەشكەرلەر ئەجدىھا ئاغزىدىن چىققان بورانغا يولۇققاندا گويا ئەجەلنىڭ ئوقىغا دۇچ كەلگەندەك بولدى. ئەجدىھا بالاغا ئوخشاش ھەيۋەت بىلەن غارنىڭ يۇمىلاق گۈمبىزى ئىچىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈرۈشتىكى جىددىيلىكى دوزاخنىڭ يالقۇنىغا، تولغىنىپ مىڭىشى شۇ ئوتنىڭ تۈتۈنىگە ئوخشايتتى. نەپىسىدىن پارچە-پارچە ئۇچقۇنلار چىقىپ بۇ ئۇچقۇنلارنىڭ ھەر بىرى ئالەمنى ئۆرتىگەندەك بولاتتى. نەپىسىنىڭ تۈتۈنى قويۇق بۇلۇتقا، ھەر بىر ئۇچقۇنى ئاپەت ۋە بالا چاقمىقىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ تېنى بالا تېغىدەك، ئاغزى شۇ تاغنىڭ غارىدەك ئىدى. ئەجدىھانىڭ ئۇزۇنلۇقى تاغدەك بولسىمۇ، لېكىن سەلدەك تىنىم تاپمايتتى. ئۆزى تاغدەك، بېشى تاغنىڭ تۇمشۇقىدەك، ئەمما بۇ تۇمشۇقمۇ تاشتەك قارا ئىدى. ئىككى كۆزى خۇددى نېفىتنىڭ ئوتلۇق بۇلىقىدەك كۆرۈنەتتى. بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى قورقۇنچلۇق تونۇرغا، بەلكى نېفىتلىك تونۇرنىڭ مورىسىغا ئوخشايتتى. ئاغزىدىن چىققان ئوتنىڭ يالقۇنلىرى نېفىتلىككە كەتكەن ئوتتىن نىشانە بېرەتتى. ئۇنىڭ گەۋدىسى بالا تېغىدەك، قول-پۇتلىرىنىڭ ھەر بىرى بىر ئەجدىھادەك ئىدى. ئۇنىڭ تۆت پەنجىسى يەتتە ئاسماننى ئەجەلنىڭ باش بارمىقىدەك ئىسكەنجىگە ئالاتتى. ھەر پەنجىسىنىڭ تىرناقلىرى ئورغاقتەك ئىدى، ھەر بىر ئورغاق ئالماستەك ئۆتكۈر ئىدى. پۈتۈن ئەزالىرى كۆل رەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەربىر چېكىت بىر يولۋاستەك كۆرۈنەتتى. ئەجدىھا قۇيرۇقىنى ھەر نەپەستە بىر قېتىم ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، ئاندىن دەشتكە قاتتىق ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قۇيرۇقىدىن كۆتۈرۈلگەن توزان كۆپكۆك ئاسماننى سۇرمە رەڭلىك چاڭ بىلەن خىرەلەشتۈرەتتى. ئەجدىھا بۇ خىل ھەيۋەتلىك شەكىل بىلەن غاردىن ئالدىراپ چىقىپ ئوت چاچقۇچى، ئاغزىدىن قان تۆككۈچى چىشلىرىنى كۆرسەتتى. ئۇ شاھزادىگە



كۆزى چۈشۈشى بىلەنلا غەزەپتىن تاقەت قىلالماي قالدى. شاھزادىنىڭ جېنىنى قەستلەپ، ئاغزىنى بالاقازانىنىڭ دەرۋازىسىدەك ئاچقان ھالدا دوزاخ ئوتخانىسىدىن يالقۇن چېچىپ پەرھاد تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. ئۇ بىردەم شاھزادىگە قاراپ ئوت چېچىپ تۇردى. ئۇ پۈتۈن قوشۇنىنى بىر ۋاقىلىق غىزا، شاھزادىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە سېپىلگەن تۇز سۈپىتىدە چايناپ تۈگەتمەكچى بولدى.

شاھزادە ئىلگىرى تەلىم ئالغانلىقى ئۈچۈن ئەجدىھانىڭ ئوتىدىن قورقۇپ قالمىدى. ئوتمۇ ئۇنىڭغا تەسىر قىلمىدى. ئەجدىھانىڭ غەزىپى قايناپ تېشىپ، پەرھادنى يۇتۇش ئۈچۈن ئاغزىنى ئاچتى. شاھزادە دەرھال تەڭرىنىڭ نامىنى يادلاپ، چاققانلىق بىلەن يايىنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭغا نەيزىدەك بىر ئوقنى بەتلەپ ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا شۇنداق ئاتتىكى، ئەجدىھا تولغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ تولغانغان چاغدىكى گەۋدىسىنىڭ ئەگمەچلىرى ئوققا نىشان بولدى. ئەجدىھا گەرچە يېرىپ تاشلىغۇچى كۈچكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن شاھزادە ئاتقان يىلان كەبى ئوق ئۇنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئوق ئۇنىڭ ئېغىر گەۋدىسىنى قوي ئۈچەيىگە زىخ سانجىلغاندەك تېشىپ ئۆتتى. ئەجدىھا كاۋاپ قىلىپ قورسىقىنى تولاش ئۈچۈن ئوت ياققانىدى. بىراق شۇ ئوتتا ئۆزى كاۋاپ بولدى. ئۇنىڭ قايتا ھۇجۇم قىلىشىغا مادارى قالمىدى. پۈتلىرىدىن ماغدۇر كېتىپ، ھالى ئېغىرلاشتى. باتۇر پەرھاد ئېتىنى سەكرىتىپ قىلىچ تارتىپ، تېز ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ قىلىچ ئۇرۇشى كۆكنىڭ تاغ ئۈستىگە چاقماق تاشلىغىنىغا ئوخشايتتى. ئۇ چاقماق سۈپەتلىك قىلىچنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ، بىر تىغ بىلەنلا ئۇنىڭ ئىشىنى ئاخىرىغا يەتكۈزدى. ئەجدىھانى يوقلۇق غارىغا كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئېتىنى سۈرگىنىچە ئەجدىھانىڭ غارىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ غارغا كىرگەندىن كېيىن خەت يېزىلغان سۈزۈك بىر تاختىغا كۆزى چۈشتى. تاختا ئۈستىگە بۇ يەردىكى خەزىنىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئەھۋالى يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە ئىدى: «ئەي دۇنياغا غەليان سالغۇچى يىگىت! سەن تەڭرىنىڭ كۈچ بېغىشلىشى ۋە مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلىشى بىلەن بۇ ئەجدىھانى ئۆلتۈردۈڭ، ئەمدى ئۇنىڭ غارىدىكى يوشۇرۇن خەزىنىنى تاپىسەن. بۇ مەخپىي خەزىنە ئەجدىھانى ھالاك قىلغانلىقىڭنىڭ مۇكاپاتى بولىدۇ. بۇ غار ئاسماندەك يۇمىلاقتۇر. سەن ئۇنىڭ مەركىزىدىن نۇقتىسىنى ئېنىق تاپساڭ ئۇ يەرگە بىر قارا تاش كۆمۈلگەندۇر. ئۇنىڭ ۋەزنى مىڭ پاتماندىن ئېغىرراق. قىلىچىڭنىڭ ئۇچى بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئويۇپ تاشنى ئورنىدىن قومۇرۇپ ئال، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ تەڭرىنىڭ قۇدرىتىنى كۆر.» شاھزادە تاشتاختىدىكى بۇ گۈزەل يېزىقنى ئوقۇپ چىقىپ، يېزىلغان سۆزلەرنى بىر-بىرلەپ ئورنىغا كەلتۈردى ۋە ئۇنىڭدا كۆرسىتىلگەن ئىشلارغا تولۇق رىئايە قىلىپ ئۇنىڭدىن سان-ساناقسىز خەزىنىلەرنى تاپتىكى، ئاسمان خەزىنىچىلىرى ئۇنىڭ ھېسابىغا ئاجىز، ئۇنىڭ مىڭدىن بىرىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئەپرىدۇن شۇنچە خۇملارنى يوشۇرۇپ كەتكەنىدىكى، ئۇنىڭ ھەر بىر خۇمى ئاسمان خۇمىدەك كېلەتتى. بەزى خۇملار ئالتۇن، كۈمۈش بىلەن بەزىلىرى قىممەت باھالىق لەئلى ياقۇتلار بىلەن تولغانىدى. بۇ خەزىنىلەرنىڭ تۆرىدە بىر ئالىي ئايۋان بار ئىدى، ئۇنىڭ ھەر بىر ئايلانمىسى زۇھەل (ساتۇرن) يۇلتۇزىغا ئوخشايتتى. بۇ ئايۋاننىڭ ئىچىدە زىننەتلەنگەن بىر تەخت بولۇپ، ئۈستىدە يالتىراپ تۇرغان يۈز خىل نەرسىلەر بار ئىدى. يەنە شۇلارنىڭ

ئۇستىدە بىر ئۆتكۈر قىلىچ بولۇپ، بۇ زۇلپىقاردىن قېلىشمايتتى. قىلىچنىڭ يېنىدا بىر قالقان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىر قۇببىسى قۇياشتەك يالتىرايتتى. ئۇنىڭ يېنىغا قويۇلغان بىر پارچە خەتتە: «بىرەر كىشىگە يۇكسەك بەخت يار بولۇپ بۇ قالقان بىلەن قىلىچ قولىغا چۈشسە، بىرىنى بىلىگە تاقاپ، بىرىنى قولىغا ئالسا، ئەگەر يۈز تۈمەن دىۋە بىلەن ئېلىشقان تەقدىردىمۇ تېز پۇرسەت ئىچىدە ھەممىسىنىڭ يۈرتىدىن چاڭ چىقىرىدۇ. قالقاننىڭ قۇببىسىدا سۇلايمان پەيغەمبەر ئۆز ئۈزۈكىگە يازدۇرغىنىدەك ئىسمى ئەزەم پۈتۈلگەن. ئۇنىڭ خاسىيىتى شۇكى، ئەگەر يۈز تۈمەن دىۋە مىكرى-ھىيلە ئىشلەتكەندىمۇ بۇ قالقاننى تۇتقان كىشىگە ئۇنىڭغا يېزىلغان ئىسمى ئەزەم تۈپەيلىدىن قىلچە دەخلى يەتمىگەي. ئەگەر قالقاننى تۇتقان كىشىگە تىغ ئۇرۇلسا، ئۇنىڭ جىسمىغا زەرەر يەتمەس. بېشىغا بۇ تىغ چۈشكەن كىشىلەرنىڭ بارلىقى يوقىلىپ قارا تۇپراققا قوشۇلغاي. قىلىچقىمۇ بىر ئىسمى ئەزەم پۈتۈلگەن بولۇپ، بۇ قىلىچنى تۇتقان كىشى ئىسمى ئەزەمنىڭ خاسىيىتى بىلەن مەلئۇن شەيتانلارنى، ئەھرىمەن دىۋىنى ئىككىگە بۆلۈپ تاشلاپ، باتۇرلۇقتا شۆھرەت تاپقاي»— دېگەن مەزمۇنلار بار ئىدى. پەرھاد بۇ ئىككى مۆجىزىنى تاپقانلىقى ئۈچۈن چىن كۆڭلىدىن سۆيۈنۈپ ھەقىقىي ياراتقۇچى بولغان تەڭرىگە سەجدە قىلدى. ئۇ ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلەن قىلىچ، ۋە قالقاننى ئېلىپ، بىرىنى بىلىگە تاقىدى يەنە بىرىنى قولىغا ئالدى ۋە ئېتىنى مىنىپ تېز يۈرۈپ ئۆز قوشۇنى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. بىراق ئۇ ئەجدىھا بىلەن جەڭ قىلغان ۋاقىتتا جاھاننى قاراڭغۇلۇق، ئەتراپىنى بەتبۇي پۇراق قاپلاپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلىگەن لەشكەرلەر ھوشىدىن كېتىپ يىقىلغانىدى، پەرھاد ساق قالغانلارنىڭ كۆزىدىن غايىب بولغانىدى. ئۇ شۇنچە ئاپەتلەر ئىچىدىن گويا ئىسكەندەر زۇلمەت ئىچىدىن چىققاندەك چىقىپ كەلدى. بۇنى كۆرۈپ خاقان بىلەن مۇلكدارلار پىغان چېكىپ پۈتۈن لەشكەرلەر بىلەن پەرھادقا جېنىنى پىدا قىلىشتى. چۈنكى پەرھاد شۇنچە بالا-قازالاردىن خالاس بولۇپ، ئەجدىھادىن نىجات تاپقانىدى. ئەجدىھانىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن، دۇنيادا ئۇنىڭدىن ئەسەرمۇ قالمىغانلىقىدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. پەرھادنىڭ ئاتىسى بۇ ئەھۋالنى پەملەپ ئۇنىڭغا جان پىدا قىلغۇدەك بولدى. لەشكەرلەرمۇ بۇ ئىشلارنى بىلىپ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈشۈپ بېشىدىن چاچقۇ چاچتى ۋە ئۇنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلىشتى.

ۋاقتىكى، تاغ شامىلى چىقىپ، ئۆزىنىڭ مۇشكى-ئەنبەر ھىدى بىلەن مەيدانىنى سېسىقچىلىقتىن تازىلىدى. قۇياش چىقىپ ئۆلگەن ئەجدىھانىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى. تاغلار، ۋادىلار يورۇپ كەتتى، ھەتتا غارنىڭ ئىشىكىمۇ كۆرۈندى. پەرھاد بىلەن خاقان غارنىڭ ئاغزىغا بېرىپ پۈتۈن دەشتى-چۆلنىڭ ئەجدىھا قېنى بىلەن بويالغانلىقىنى كۆردى. پەرھاد بۇ ھېسابسىز قىممەتلىك خەزىنىلەرنى خاقانغا تاپشۇرۇپ ئۇنى خەلققە ئىنئام قىلىشنى سورىدى ھەم ھېلىقى قىلىچ ۋە قالقاندىن ئىبارەت ئىككى مۆجىزىنىڭ ھەقىقىتىنى ھەر بىرىگە يېزىلغان ئىسمى ئەزەمنىڭ خاسىيىتىنى ئاتىسىغا ئېيتىپ بەردى. بۇ خەزىنىلەردىن خاقان ناھايىتى خۇشاللاندى ۋە ئۇ خەزىنىلەردىن بۇ ئىككى قىلىچ، قالقاننىڭ بىباھالىقىنى چۈشەندى. ئىككى پارچە قىلىپ تاشلانغان ئەجدىھا ئۇنى تېخىمۇ سۆيۈندۈردى. تارتقان جاپا-مۇشەققەتلەر بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر ئالدىدا ئېسىدىن كۆتۈرۈلدى. بولۇپمۇ ھېلىقى ئىككى

خەزىنە خاقاننى ھەددىدىن زىيادە
خۇشال قىلدى. خاقان لەشكەرلەرنى تاغ
باغرىغا چۈشسۇن دەپ پەرمان قىلدى.
لەشكەرلەر ئەجدىھانىڭ غېمىدىن ئازاد بو-
لۇپ شادلىققا چۆمدى. ئۇلار: «ئەجدىھا
يوقىلىپ، ھېسابسىز خەزىنىلەرگە سازاۋەر
بولدۇق» — دەپ خۇشاللاندى. پاراغەت خە-
زىنىسى بىلەن شادلاندى.

قۇياش پەرھادى ئۆتكۈر نەي-
زىسىنى راسلاپ، قارا تاغ ئەجدىھا-
سىنىڭ قېنىنى تۆكمەكچى بولدى.
قارا تاغ ئەجدىھاسىنىڭ شەپقەتتىن ئىبا-
رەت قېنى كۆككە شۇنداپ چاچرىدىكى،
گويا يەردىكى قاننىڭ كۆككە شولىسى
چۈشتى. بۇلار ئەيش - ئىشرەت مەرىك-
سىنى تۈزۈپ، كېچە ئىشرەتگاھىدا ئىچ-
كۈلۈك يولىنى تۇتتى. پەلەك بوستانىغا
ئوخشاش بەزمە تۈزۈپ، ئەجدىھا قېنىدەك
گۈل رەڭ شارابلارنى ئىچىشكە كىرىشتى.
نەزمە:

كېتۈر ساقى مەيۇ، بول غەمگۇسارىم،
دېمەيكىم غەمگۇسارىم، يار غارىم.
كى بولغاي ئاندا ئەژدەر قانىدەك رەڭ،
ساچاي گەنج ئىچمەكىگە قىلسام ئاھەڭ.

* *

سىرلار مەنبىلىرىدىن رىۋايەت قىل-
غۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشا-
رەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇ ئىشق-
مۇھەببەت ۋە مېھىر - شەپقەت سەھىپىلى-
رىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ
ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجا-
يىپ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك قىسسىدىن
تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلدۇ:

ئەلقىسسە، دۇنيا كېچىنىڭ قارا مۇش-
كىگە ئاق كافۇر سەپتى. ئەھرىمەن دېۋىنىڭ
نەپىسىدىن دۇنياغا نۇر چېچىلدى. كېچە
دېۋىنىڭ ھالىغا ماتەم تۇتۇپ، ئاسمان سۈ-
لايمانى ئۆزىنىڭ نۇرلۇق ئۈزۈكىنى كۆر-
سەتتى. پەرھاد تېزلىك بىلەن ئۆز ئىشى-
غا كىرىشىپ ئۇرۇش تىغىنى بېلىگە مەھ-
كەم باغلىدى. قالقىنىنى قولىغا ئالدى.
جەڭگە كېرەكلىك بولغان پۈتۈن ئەسلىھە-
لەرنى تەييارلىدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ
دېۋە گەۋدىلىك ئېتىغا مىنىپ ئەھرىمەن
ۋادىسىغا قەدەم قويدى. خاقان يەنە ئاھ
چېكىپ، ئاھىنىڭ تۈتۈنىنى كۆككە يەت-
كۈزدى ۋە ئەھرىمەن دېۋىنىڭ قورقۇن-
چىسىدا جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، جېنى-
دىنمۇ بىزار بولۇپ ئىختىيارسىز ھالدا
پەرھادنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. لەشكەر-
لەرمۇ خاقاننىڭ ئارقىسىدىن باراتتى.

پەرھاد لەشكەرلەردىن ئىلگىرىدەك يۈ-
رۈپ بارغانسېرى ئۇلاردىن ئۇزاقلاپ قارىسى
كۆرۈنەر - كۆرۈنمەس ئارلىقتا كېتىۋاتات-
تى. شۇ سۈرئەتتە چۆل - باياۋانلارنى كې-
زىپ بىر ئورمانغا دۇچ كەلدى. ئورمان-
لىقنىڭ كەڭلىكىنى تەرىپلەشكە ئەقىل
ئاجىزلىق قىلاتتى. بۇ ئورمانلىق ئەمەس،
بەلكى ئەھرىمەن دېۋىنىڭ باغۇ - بوستانى
ئىدى. ئۇنىڭ ياكى ئۇچى ياكى ئۇ قىر-
غىقى كۆرۈنمەيتتى. ئورماندىكى دەرەخ-
لەرنىڭ ئاستىدا تالاي ئۆسۈملۈكلەر ئۆس-
كەن ئىدىكى، بۇ ئۆسۈملۈكلەر كۆك ئۆسۈم-
لۈكلىرىدىنمۇ يۇقىرىغا شاخ تارتقانىدى.
ھەر تەرەپتە يۈز مىڭلاپ قەدىمىي دەرەخ-
لەر، ھەر بىر دەرەخنىڭ گەۋدىسى ھەي-
ۋەتلىك، ياپراقلىرىدا تەئەججۇپلۇك بار
ئىدى. ياپراقلار ئارىسىدىن دېۋىلەرنىڭ

ماكانى بىر-بىرلەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دېۋىلەرنىڭ نەپەسلىرى ئۇ يەرنىڭ شامىلى ئىدى. بۇ ياپراقلار ئازدۇرغۇچى ئەينەككە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى ئوغرىلايتتى. ئۇ جايدىكى جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى دېۋىلەر بولۇپ، ئۇلار ھەر خىل شەكىللەر بىلەن ھىيلە-نەيرەڭلەرنى كۆرسىتەتتى. غول-شەيتانلارنىڭ غەلىۋە-ماجىرالىرى دەريا دولقۇنلىرىنىڭ ساداسىدەك ھەيۋەتلىك ئىدى. دەريا بويىدىكى تاشلار گوياكى ئاددىملەرنىڭ كېسىلگەن بېشىدەك ۋەھىمىلىك كۆرۈنەتتى. سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكلەر نەيرەڭۋاز ئاسمان گۈمبىزىگە ئوخشاش نامايان بولۇپ، كىشىنى ئەقلىنى ھەيرانلىققا سالاتتى. دەريا سۈيىنىڭ دولقۇنى سەۋدايىلارنىڭ يازغان خېتىدەك كىشىنىڭ ئەقلىگە رەقەم چېكەتتى. دېۋىلەر ئۇلۇغ زاتلارنى شاخلارغا يوپۇرماقتەك ئېسىپ قوياتتى. ئەگەر ئۇ تەرەپلەرگە پۇقرالارنىڭ قەدىمى يېتىپ قالسا، بېشى قېيىپ، ھەيران-سەرگەردان بولۇپ قالاتتى. ئىچى كۆيۈپ، كاۋاك بولۇپ قالغان دەرەخلەر غول-شەيتانلارنىڭ ئۇۋۇسىدەك كۆرۈنەتتى. بۇ دېۋىلەر ماكانى ئەقلىنى يوقىتاتتى. ئۇ يەردىكى قۇرۇق شاخلار كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا دېۋىلەرنىڭ مۈڭگۈزىدەك گەۋدىلىنەتتى. ئۇ جاينىڭ توپىسى قۇتۇلۇش يوللىرىنى ئېسىپ كەتكەن بولۇپ، ھەر تەرەپتە مىڭلاپ سوقماقلار بار ئىدى. شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىكى، ھەرقانداق ھوشيار ئەقلىمۇ تەرەپ-تەرەپتىكى سوقماق يوللار ئىچىدە كەلگەن يولىدىن ئېزىپ قالاتتى. بۇ يەرنىڭ ۋەھشىي ھايۋانلىرى، جىن-شەيتانلار بولۇپ ئۇلاردىن پىتنە-پاسات، ھىيلىگەرلىك ساداسىدىن باشقا ئاۋاز چىقمايتتى. بۆرىلىرى قايغۇنىڭ پىغانىنى چېكىپ بۇ يەرگە كىرگەن كىشىلەرنى تۇتۇپ يېيىش ئۈچۈن تىنماي ھۇۋلايتتى. بۇ دەشتنىڭ ئەتراپىدا يېيىلغان تىكەنلىرى گويا: «بۇ تەرەپكە كەلمە!» دېگەندەك سادا چىقىراتتى. بۇ يەردىكى شاخلار دەرەخ شاخلىرى ئەمەس، بەلكى دېۋىلەرنىڭ مۈڭگۈزى بولۇپ كىرگەن كىشىلەرنىڭ سەللىسىنى ئىلىپ ئالاتتى. قۇشلىرى قايغۇ ۋە ئەلەمنىڭ مۇزىكىسىنى ياڭرىتىپ، بۇ يەرگە كېلىپ قالغان مۇساپىرلارنىڭ ماتەمگە پىغان چەكسە؛ بۇلۇتلىرى ئۇلارنىڭ ھالىغا زار-زار يىغلاپ، كۆزىدىن مەرۋايىت چاچاتتى. بۇ ماكانىنىڭ شامىلى چوڭ دېۋىلەرنەرە تارتقاندەك ھۆركىرەيتتى. گىياھلارنىڭ ئۇچى نەشتەردەك، نەشتەر ئەمەس، بەلكى قان تۆككۈچى خەنجەردەك ئۆتكۈر ئىدى. دەرەخلەرنىڭ شامالدا ئىغاڭلىشى گوياكى: «ئەي شور پېشانە بۇ ياققا كېلىپ قالما» دېگەنلىكتىن بىشارەت بېرەتتى. ھەر بىر چىنارنىڭ يوپۇرماقلىرى ئىنسانلارنىڭ قولىدىن پۇلاڭلاپ: «تەڭرىنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى ئۈچۈن كەينىڭگە يان!» دەپ ئىشارەت قىلاتتى.

ئەلقىسسە، شاھزادە پەرھاد تەڭرىگە تەۋەككۇل قىلىپ ئىككىلەنمەي جاڭگالغا ئېتىنى سۈردى. بىرقانچە مۇساپە يول يۈرگىنىدىن كېيىن جاڭگالدىكى بىر بوشلۇققا چىقتى. بۇ بوشلۇق باشتىن ئاخىرغىچە ياپيېشىل ئوت-چۆپ ۋە گۈللەرگە پۈركەنگەنىدى. ئوت-چۆپلىرى مۇشەققەتتىن، گۈللىرى دەردتىن ئىبارەت ئىدى. شاھزادە بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە ئالدىدا بىر ئالىي قەسىر تۇرغانلىقىنى كۆردى.

ئۇ ئىنسانىنى ۋە دېۋە-پەرىلەرنى ياراتقان تەڭرىنى ياد ئېتىپ، ئەھرىمەن دېۋە تەرىپىگە قاراپ ئات سالدى. قانخور دېۋە شاھزادىنىڭ ئاياغ تاۋۇشىنى ئاڭلاپ ئەھۋالنىڭ نېمىلىكىنى بىلىش ئۈچۈن بېشىنى چىقاردى. ئۇ يىراقتىن ئۆز قەسرى تەرىپىگە كېلىۋاتقان بىر ئاتلىقنى كۆردى. شاھزادىنىڭ قىياپىتىدىن ئۇنىڭ ئەقىللىقلىقىنى، ۋۇجۇدىدىن دېۋە ئۆلتۈرگۈچى كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئەھرىمەن دېۋە شاھزادىنى كۆرۈپ، گۈلدۈرمامىدەك قاقاقلاپ كۈلدى. ئۇ ئۆز قەسرىدىن قەھرى-غەزەپ بۇلۇتىدەك چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى زەھەرگە تولغانىدى. ئۇ ئالاق-جالاق بولغان ھالدا ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ، گويا دوزاخ ئوتىدىن يالقۇن چۈشكەندەك چۇقان كۆتۈردى. ئۇنىڭ چۇقانى زامان بوستانىنى لەرزىگە سالدى، ساداسىدىن پەلەك ئايۋانىغا چاك كەتتى. ئۇنىڭ بويىنىدىكى ھەربىر تال تۈك بىر نەيزىنىڭ ئۇچىدەك، نەيزىنىڭ ئۇچىلا ئەمەس، بەلكى ئەجدىھا سۈپەتلىك يىلاندەك ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن تامغان ھەر تامچە قاندىن ھىيلە-مىكىر بىلەن بىر دېۋە پەيدا بولاتتى. يۈزىنىڭ قارىلىقى مالامەت تۈنىدەك، بويىنىڭ ئۇزۇنلۇقى قىيامەت كۈنىدەك ئىدى. ئۇ قولىدا ئۇچىغا بىرپارچە تاغ بېكىتىلگەن چىناردەك بىر تۈۋرۈكنى تۇتقانىدى. ئۇ تۈۋرۈك ئەمەس، بەلكى شۇ قەدەر كېلەڭسىز بىر گۈرزىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ دەستىسى بىر مۇنارىغا ئوخشايتتى. ئەگەر بۇ گۈرزە بىلەن ئىلبىرىس تېغىغا ئۇرسا، ئۇ تۇپراققا ئايلىناتتى. ئەھرىمەن دېۋە شۇ قىياپەت بىلەن شاھزادىگە قاراپ:

— ھەي غاپىل ئادەمزات، بۇ ئايلىنىپ تۇرغۇچى ھىيلىگەر پەلەك ئالدىڭغا كېلىدىغان جەۋرى-جاپالارنى پېشانەڭگە پۈتۈپتۇ. ئەمدى سەن بۇ چاڭگالدىن ئۆتمەكچى بولساڭ يولۋاسنىڭ پەنجى ئۇرۇشى، شىرنىڭ چاڭگال سېلىشىدىن باشقا ئىشنى كۆرمەيسەن. ئەگەر بۇ يەردىن پەرىشتە ئۇچۇپ ئۆتسە، ئۇنىڭ جىسمىدىن ھاياتلىقمۇ ئۇچۇپ كېتىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئۈستىدىن لاچىن ئۇچۇپ ئۆتسە ئۇنىڭ قاناتلىرى كۆيۈپ كېتىدۇ. سېنى بۇ يەرگە قانداق خىيال ئېلىپ كەلدى، بىلىپ قويغىنكى، خىياللىرىڭ ئەمەلگە ئاشمايدۇ،— دېدى-دە، شاھزادىنىڭ بېشىغا گۈرزى سالدى، شاھزادە بېشىغا قالقاننى تۇتۇپ، قىلىچ بىلەن گۈرزىنىڭ دەستىسىنى چاپتى، شۇنىڭ بىلەن گۈرزىنىڭ ئۇچىغا بېكىتىلگەن تاش دېۋىنىڭ بېشىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى زەخىملەندۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئەھرىمەن دېۋىنىڭ ۋۇجۇدىغا غەزەپ ئوتى تۇتىشىپ، بېشىنى تۇتقىنىچە قەسىرىگە كىرىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يەردىن ئاۋۋالقىسىدىنمۇ چوڭراق بىر گۈرزىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ تېخىمۇ غەزەپلەنگەنىدى. ئۇ گۈرزىنى كۆتۈرۈپ شاھزادىنىڭ بېشىغا سالماقچى بولدى. شاھزادە بۇ گۈرزىنىڭمۇ دەستىسىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىدى. بۇنى كۆرگەن دېۋە شاھزادىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. پەرھاد ئەھرىمەن دېۋىنىڭ بىرقانچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى شۇ يوسۇندا چېكىنىدۈرگەندىن كېيىن دېۋە چەكسىز غەزەپلىنىپ نەرە تارتقىنىچە قارا بۇلۇت سۈرۈلگەندەك تاغ تەرىپىگە قېچىپ كەتتى.

ئۇ پەرھادنى تاشبوران قىلىش ئۈچۈن
بىر تاغنىڭ تاشلىرىنى پۈتۈنلەي ئالقى-
قىنىغا يىغىپ، شامالدەك ئۇچۇپ كەلدى.
بۇنى كۆرگەن پەرھاد مۇستەھكەم قورغان
ئىچىگە كىرگەندەك قالقاننىڭ ھىمايىسى
ئاستىغا كىردى ۋە ئەھرىمەن دىۋىگە ئىس-
مى ئەزەمنى توغرىلىدى. ئەھرىمەننىڭ
قولىدىن ماغدۇر كېتىپ، جىسمى ھەرى-
كەتتىن توختاپ، ھاۋادىن دومىلاپ يەر-
گە چۈشتى ۋە تاشلار ئارىسىدا قېلىپ
ئۆلۈمگە يېقىنلاشتى. ئەھرىمەن دىۋە
سۆزگە تىل ئېچىپ:

— ئادەمزاتنى تاشبوران قىلاي دې-
سەم، ئاخىرى ئۆزۈم تاشبوران بولدۇم،—
دېدى. پەرھاد كۆز ئالدىدا دىۋىنى ئىت-
تەك خاردىزار بولغان، پۇت-قولى ئىشتىن
چىققان ھالدا كۆرۈپ، بېلىگە ئاسقان
قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، ئېتىنى سەكرەتكىنى-
چە چاقماقتەك كېلىپ دىۋىنىڭ بېشىغا
بىرلا قېتىم قىلىچ ئۇردى. شۇنىڭ بىلەن
دىۋىنىڭ ئىشى تاماملىدى. ئۇنىڭدىن كې-
يىن رۇستەمدىن يۈز ھەسسە ئارتۇق شى-
جائەت بىلەن قەسىرگە يېتىپ كېلىپ ئې-
تىنى ئىشىككە باغلىدى. دىۋىنىڭ بېشىنى
ئۈزگەن قولىدا قىلىچىنى تۇتقان ھالدا
قەسىر ئىچىگە قەدەم قويدى. قەسىر دۇن-
يادەك كەڭ ئىدى. قاياققا قارىسا جاھان-
نىڭ قىممەتلىك بايلىقلىرى كۆرۈنۈپ
تۇراتتى. ھەر تەرەپكە تۆمۈر قۇلۇپ سې-
لىنغان سانسىز ئىشىكلەر بار ئىدى. ھەر-
قايسى ئىشىكنىڭ بېشىغا شۇ ئۆيدە قان-
داق ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن خەزىنىلەر-
نىڭ بارلىقى يېزىپ قويۇلغانىدى. شاھزا-
دە بۇ خەتلەرنى تېز-تېز ئوقۇپ ئۆتتى.
ئۇ يەنە بىر ئىشىكنى كۆرۈپ ئەجەبلەن-
دى. بۇ ئىشىك ئالتۇندىن ياسالغان بو-
لۇپ، ئۈنچە-مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگە-
نىدى. ئىشىكنىڭ چۆرىسىگە بولسا، تۆ-
ۋەندىكى سۆزلەر يېزىلغانىدى: «بۇ ئۆي-
نىڭ قۇلۇپى ئاسانلىقچە ئېچىلمايدۇ، بۇ-
نى ئاچمىغان ياخشىراق». بۇ سۆزلەردىن
شاھزادىنىڭ كۆڭلىگە مالاللىق يېتىپ، قولى
بىلەن بېزەكلىك قۇلۇپنى چېقىپ، ئىشىك-
نى سۇندۇرۇپ ئۆيگە كىردى. ئۆينىڭ ئى-
چى خەلقنىڭ ئاداۋەتسىز كۆڭلىدەك يو-
رۇق ئىدى. شاھزادە ئەتراپقا ئالدىراش-
لىق بىلەن نەزەر تاشلىدى. ئۇ يۇقىرىغا
ئېسىلغان بىر ياقۇت قەندىلنى كۆردى.
قەندىل مۇشتىرى (يۇپىتېر) يۇلتۇزىدەك
شولا چېچىپ ئۆينى شەرق قۇياشىدەك
يورۇتقانىدى. شاھزادە قەندىلنى دەرھال
چۈشۈرۈپ ئۇنى ئاچتى ۋە ئىچىدىن سۇ-
لايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈزۈكىنى تاپ-
تى. لېكىن قەندىلگە: «بۇ ئۈزۈك كىمگە
مۇيەسسەر بولسا، ئۈزۈككە يېزىلغان ئىسمى
ئەزەمنى ئوقۇپ ئىسكەندەر رۇمنىڭ تىل-
سىمىنى ئاچقاي. بۇ ئىسمى ئەزەمنى ئو-
قۇغاندا غايىبتىن ئاۋاز كېلىپ، تىلسىم-
نىڭ مۈشكۈللۈكلىرىدىن ئۇنى خەۋەردار
قىلغاي» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى. شاھ-
زادە ئۈزۈكنى ئېلىپ، كۆزىگە سۈرتۈپ،
بېشىنى سەجدىگە قويدى: كۆڭلىدە بولسا،
تەڭرىگە ھەمدۇ-سانا ۋە شۈكرىلەرنى
ئېيتتى.

شاھزادە قەسىردىن چىقىپ لەشكە-
رى تەرىپىگە قاراپ ئات سالدى. ئۇ ئې-
تىنى چاپتۇرغىنىچە ئورمانلىقتىن چىقتى
ۋە لەشكەرلەرنىڭ ئاجايىپ بىر ھالغا چۈ-
شۈپ قالغانلىقىنى كۆردى: پۈتۈن لەش-
كەرلەر ئەھرىمەن دىۋىنىڭ قورقۇنچىسىدا

چىرايلىرى تاتارغان ھالدا تىترىشەتتى. ئۇلار شاھزادىنى كۆرۈپ، ئېسىنى يىغىپ خۇشاللىققا چۆمدى. پەرھادنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرگەن خاقاننىڭ ئۆزىمۇ پەرھادتەك شادلاندى. خاقان ئۆز زامانىسىدا تەڭدىشى بولمىغان ئوغلى پەرھاد بىلەن قوشۇننى باشلاپ يولغا چۈشتى. ئۇلار ئەھرىمەن دېۋىنىڭ ئورمىنىدىن ئۆتۈپ ۋە ئۇنىڭ ئەندىشىسىدىن قۇتۇلۇپ، يەنە ھېلىقى ياپيېشىللىققا — دىلكەش مەيدانغا يېتىپ كەلدى. بۇ جاي ئىرەم بېغىغا ئوخشايتتى. ھاۋاسى كىشىگە جان بېغىشلايتتى. ئۇلار لەشكەرلەرنى قەسىر ئەتراپىغا چۈشۈردى. شاھزادە ئاتىسى خاقانى چىن بىلەن ئالىي قەسىرگە كىرىپ، چوڭ ئىشىكنى ئاچتى ۋە ئۇ يەردىكى ھېسابسىز خەزىنىلەرنى خاقانغا تاپشۇردى. ئۇلار پەرھادتىن ئۆزۈكنىڭ خاسىيىتىنى ئاڭلاپ، شادلىققا چۆمۈپ، مەقسەتكە يەتكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. ئۇلار شاھانە بەزمە تۈزۈپ، ئەيشى-ئىشرەتكە ئولتۇردى.

كۆك رۇستەمى قىلىچىنى ئالدى ۋە زامانە دېۋىسىنىڭ بويىنىغا ئۇرۇپ، ئۇنى ئېغىر دەرىجىدە ھالاكەتكە ئۇچراتتى. دېۋە تارتقان ئاھىنىڭ تۈتۈنى جاھاننى قاراڭغۇلاشتۇردى. ئۇلار قېپقالغان ئەيشى-ئىشرەتنى داۋاملاشتۇردى. گۈل يۈزلۈك ساقىلار ئورتىدا جىلۋە قىلاتتى. ئەھرىمەن دېۋىنىڭ بېشىدەك قەدەھلەرنى لىپمۇلىپ تولدۇرۇپ مەي ئىچىشكە كىرىشتى.

نەزمە:

كەل ئەي ساقى، ماڭا مەي قىل ھەۋالە،
ئېتىبان ئەھرەمەن باشىن پىيالە.
كى قىلغاي ئول قەدەھدىن روھى مەستىم،
زەمانە نەفس دېۋىن زىرى دەستىم.

* *

سىرلار مەنبەلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار، يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقتىكى، قاراڭغۇلۇق لەشكەرلىرىنىڭ بايرىقى يىقىلىپ، قۇياش ئىسكەندىرى چىراي كۆرسەتتى. كۆك گۈمبىزىنىڭ تىلسىمى ئىسكەندەر تىلسىمىغا ئوخشاش بېزەندى. پەرھاد يەنە مەقسەت ئىشىنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، تەلپىنى يېڭىلدى. تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆزرە ئېيتىپ ئاتىسىنىڭ ئايىغىنى سۆيدى ۋە يۈزىنى تۇپراققا قويدى. ئۇ ئاتىسىدىن دۇئا قىلىشىنى سورىدى. كېيىن چاپسان ئورنىدىن تۇرۇپ جاھان كەزگۈچى ئېتىغا مىندى. ئۇ ئۆزۈكتىكى ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ يولغا چۈشتى. خېلى يول يۈرگەندىن كېيىن ئاسماندەك كەڭ بىر يايلاققا يېتىپ كەلدى. ئۇ يايلاقتا قۇياشتەك بىر بۇلاق ئېقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سۈيى تىرىكلىك بۇلىقىدەك سۈزۈك ئىدى. ھەربىر تامچىسى كىشىگە جان بېغىشلايتتى. بۇلاقنىڭ ئەتراپىدا ئاسمان بىلەن بويى تالاشقان ياپيېشىل دەرەخلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. پەرھاد بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە ئېتىنى بىر

دەرەخكە مەھكەم باغلاپ بۇلاق سۈيىدە يۇيۇنۇپ تەرەت ئېلىپ كىرلىرىدىن تازىلاندى. كۆڭلى ئېچىلدى. ئۇ ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا يېلىنىپ، مەقسەتلىرىنىڭ تېزرەك ئەمەلگە ئېشىشىنى تىلەپ سەجدىگە باش قويدى. پەرھاد بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرگىنىدە ئالدىدا پەرىشتىدەك نۇرانە بىر كىشىنى كۆردى. ئۇنى كۆرگەن پەرھادنىڭ كەيپىياتى ئۆزگەردى. بىراق ئۇ ئاقساقال مېھىر-شەپقەت بىلەن تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتتى:

— ئەي ئوغلۇم قايغۇرما، بۇ ئىشىڭدا مەقسىتىڭگە يەتكەيسەن، مۇرادىڭ ھاسىل بولغاي. مەن خىزىر بولىمەن. بۇ سەپىرىڭدە قولۇڭنى تۇتۇپ ساڭا يول كۆرسىتىمەن. بىز ئىسكەندەر بىلەن تىرىكلىك سۈيىنى ئىزدەپ زۇلمەتكە چۈشۈپ جاپا-مۇشەققەتلەرگە يولۇققان ئىدۇق. ئىسكەندەر بۇ سۇنى ئىزدەپ پۈتۈن ئەتراپىنى كەزدى. بىراق ئۇ سۇدىن مېنىڭ مۇرادىم ھاسىل بولدى. ئىسكەندەر جان تىكىپ چاڭقاپ قايتتى. مېنىڭ جېنىم بولسا، شۇ سۇ بىلەن قاندى. چۈنكى ھەممىشە تۈگۈن تۈگۈش ئۇنىڭ ئىشى ئىدى. تۈگۈننى يېشىش مېنىڭ ھۈنىرىم ئىدى. ئۇ ھەربىر تىلسىمنى باغلىسا، مەن خەلققە ياردەمچى بولۇپ، ئۇنى ئاچاتتىم. ئىسكەندەرنىڭ مۇشۇ ۋادىغا باغلىغان تىلسىمىنى ئېچىشىڭ ئۈچۈن مەن ساڭا يول باشلىغىلى كەلدىم. بۇ يولغا كىرىشتە پۇختا تەييارلىق بىلەن قەدىمىڭنى ساناپ ماڭغىن. ئالدىڭدا تىلسىم قىلىنغان پەلەكتەك چوڭ بىر قورغاننى كۆرىسەن. ئۇنىڭ يولى ئون ئىككى مىڭ قەدەم كېلىدۇ. ھەر قەدەمدە يۈز قېتىم پۇشايمان قىلغۇدەك ئازاب-ئوقۇبەتلەر بار. ئۇ يول يۇقىرى ۋە تۆۋەن يوللارغا ئايرىلىدۇ. كىمكى ئۇنىڭ تۆۋەنكى يولىدىن ماڭسا، مۇرادى ھاسىل بولىدۇ. ئۇ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە گرانىت تاشلار بولۇپ، بۇ تاشلار يولنىڭ ئىككى قاسىنىقىدىكى نىشاندۇر. كىمكى شۇ يولغا كىرسە ئۇنىڭدىن يەنە بىر چىغىر يول پەيدا بولىدۇ. بۇ يولدا ئىلدام يۈرسە قاتتىق تاشلار تاپانلىرىنى زەخىملەندۈرىدۇ. ئاندىن بىر چەشمىگە يېتىپ كېلىدۇ، بۇ چاغدا ئۆزىدە قايغۇلۇق ھالەتنى سېزىدۇ، بۇ يەردىن ئۇدۇل مېڭىپ، ئون بىر مىڭ قەدەم باسقاندىن كېيىن بىر تاش دەرۋازا ئۇچرايدۇ. ئۇ يەردە زەنجىرلەر بىلەن باغلانغان، كىشىنى يۇتقۇدەك ئەلپازدا ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان بىر شىرنى كۆرىدۇ. شىرنىڭ ئاغزىنىڭ چوڭلۇقى دەرۋازىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر شۇ كىشىنىڭ بەختى ئوڭدىن كېلىپ، ئاشۇ جايدىن ئۆتەلىسە، قورغان دەرۋازىسىغىچە يەنە مىڭ قەدەم قالىدۇ. يولدىن ئازماي توققۇز يۈز قەدەم ماڭغاندا يول ئۈستىدە بىر تاش تاختا يولۇقىدۇ. شۇ تاش تاختىنى قاتتىق تەپسە قورغاننىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىدۇ. قورغاننىڭ ئىچىدە بىر قولىغا ياي، بىر قولىغا ئوق تۇتقان، تۆمۈردىن ياسالغان ئادەم شەكلىدىكى بىر ھەيكەل ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مۇبادا ئاتسا قورام تاشنى تېشىپ ئۆتكۈدەك ھالدا ئوقيانى بەتلەپ تۇرغان بۇ ھەيكەلنىڭ پۈتۈن جىسمىدىن ئوت يالقۇنلىغان بولىدۇ. ھەيكەلنىڭ كۆكسىگە قۇياشتەك نۇرلۇق بىر ئەينەك ئېسىلغان. ئەگەر كىشى يۈز قەدەم يىراقتىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئوق ئاتسا، ئۇ ھەيكەل شۇ ھامان يىقىلىدۇ. شۇنىڭ بى-

لەن قورغان تۆپىسىدىكى ئۇستىگە ساۋۇت
كىيگەن يۈز ھەيكەلمۇ بىللە يىقىلىدۇ.
ئاندىن كېيىن ئۇ مۇشكۇل تىلسىم
ئېچىلىپ، كىشى بىمالال ئىچىگە كىرەلەي-
دۇ. لېكىن ئۇنىڭغا ئوق ئاتقان ۋاقىتتا
بەختكە قارشى ئوق تەگمەي قالسا، ئۇ
ھەيكەل يانى تارتىپ ئوق ئۈزىدۇ. ئوقنىڭ
تېگىشى بىلەن شۇ كىشىنىڭ ھاياتلىق
بۇلبۇلى بەدەن قەپىزىدىن ئۇچۇپ كېتىدۇ.
بۇ ئىشقا قەدەم قويغىنىڭدا ئېيتقانلىرىم-
نى ئېسىڭدە مەھكەم ساقلىغايسەن. ئەگەر
بۇ يولدا ئازماي دېسەڭ، ئىسمى ئەزەمنى
ئوقۇپ، ساناقلىق قەدەملەر بىلەن راۋان
بولغايسەن. شۇنى تەكىتلەپ قويايكى، ئىس-
مى ئەزەمنى ئوقۇماي، ئەسلا بىر قەدەم
باسمىغايسەن. ئەگەر شىر نەپىسىدىن ئەج-
دىھادەك ئوت چېچىپ، ئاغزىنى ئېچىپ،
ساڭا ھۇجۇم قىلسا، ئۆزۈكنى
دەررۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا ئاتقىن. شۇن-
داق قىلساڭ ئۇنىڭ ئىشى بىر تەرەپ بو-
لىدۇ. يەنە ئۆزۈكنى ئېلىپ، مەن بەلگىسىنى
ئېيتقان تاشقىچە بارغايسەن ۋە ئۇ تاش-
نىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئوقيارىڭنى قولۇڭغا
ئېلىپ ئېتىشقا تەمشەلگىنىڭدە ئىسمى ئە-
زەمنى تىلىڭدىن چۈشۈرمە. شۇنداق قىل-
ساڭ مۇشكۇلۇڭ ئەلۋەتتە ئاسان بولغۇسى-
دۇر.

ئەلقىسسە، خىزىر ئەلەيھىسسالام پەر-
ھادقا بۇ ئىشلاردىن تەلىم بېرىپ بولغاندىن
كېيىن:

— ئەمدى قورقماي يولغا چۈش-
كىن، — دېدى.

پەرھاد خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ
ئاياغلىرىنى سۆيدى ۋە تەزىم قىلىپ بولغان-
دىن كېيىن ھەممە ئىشلارنى خىزىرنىڭ
تەلىمى بويىچە قىلماقچى بولدى. ئۇ دەر-
ۋازا ئالدىدا بىر شىرنى كۆردى. ئۇنىڭغا
ئۆزۈكنى تاشلىغانىدى، شىر يوقالدى. پەر-
ھاد ئۆزۈكنى قولىغا ئالدى-دە، قەدىمىنى
ساناپ مېڭىپ تاش تاختا ئۈستىگە چىق-
تى. ئۇ يەردە بىردەم ئارام ئالغاندىن
كېيىن ھېلىقى تاشقا قاتتىق تەپكەنىدى،
قورغاننىڭ ئىچىدىن ئىنتايىن دەھشەتلىك
بىر ئەكس سادا چىقتى. دەرۋازا ئېچىل-
ىشى بىلەن ئۇ سادامۇ يوقالدى. لېكىن
بىر ھەيكەل ئوق تارتىپ چىقىپ كەلدى.
قەلئە ئۈستىدىكى سايىۋەن كىيگەن يۈز
ھەيكەلمۇ شاھزادىگە قاراپ، ئوق تارتىپ
تۇراتتى. پەرھاد بىر جېنىغا تىكىلگەن يۈز
بالا ئوقىنى كۆردى. ئۇ قورقماستىنلا ئوق-
يانى قولىغا ئالدى ۋە ھەيكەلنىڭ كۆك-
سىدىكى ئەينەككە نىشانلاپ ئوق ئۈزدى.
بۇ ئوق گويا مەھبۇپ ناز ئوقىنى ئاتقى-
نىدا سۆيگىنىنىڭ كۆكسىگە تەگكەندەك
دەل تەگدى. ھەيكەل شۇ ھامان ئاغدۇرۇل-
دى. قورغان ئۈستىدىكى يۈز تۆمۈر ھەي-
كەلنىڭ ھەممىسى تەڭلا يىقىلىپ، يەر
بىلەن يەكسان بولدى. پەرھاد بۇ ئاجا-
يىپ-غارايىپ ئەھۋالنى كۆرۈپ، تىلى
سۆزگە كەلمەي قالدى. ئۇ تەڭرىگە دەر-
ھال شۈكرى سانا ئېيتىپ، تۇتۇلغان
تىلىنى راۋانلاشتۇردى. ئاندىن كېيىن دەر-
ۋازا تەرىپىگە يۈرۈپ كەتتى. بۇ يوللار-
نىڭ غەۋغا-توپىلاڭلاردىن خالى ئىكەنلىكىنى
كۆرۈپ، قورغان ئىچىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ
يەردىكى ھەددى-ھېسابسىز بايلىقلارنى،
قارۇن خەزىنىسىدەك توپلانغان ماللارنى
كۆردى. ئىسكەندەر كۆپ جاپا-مۇشەققەت-
لەرنى تارتىپ، يەتتە ئىقلىمنى ئىشغال
قىلغاندا تاپقان ھېسابسىز خەزىنىلەرنىڭ

ھەممىسىنى مۇشۇ قورغانىنىڭ ئىچىگە تىلسىم قىلغانىكەن. بۇ قورغانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئىمارەت بار ئىدى. ئۇنى تەرىپلەشكە يۈزمىڭ تىلمۇ ئاجىز كېلەتتى. ئۇ ئىمارەت ئەتراپىغا قۇياشتەك نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئۆزى ئىنچام، چىرايلىق، كۆپ خاسىيەتلىك بىنا ئىدى. شاھزادە بۇ بىنانىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئىچىگە كىردى. ئىمارەتنىڭ مېھرابىدا يالتىراپ تۇرغان بىر قەدەھ كۆرۈندى. قەدەھ يالتىراقلىقتا قۇياشقائو خشايتتى. ئۇ قۇياش ئەمەس، بەلكى پادىشاھ جەمشىدنىڭ جامى ئىدى. يەنە بۇ يەردە پۈتۈن دۇنيانى يورۇتقۇچى قۇياشتەك جاھاننەما ئەينىكىمۇ تۇراتتى. بۇ ئەينەكتە دۇنيانىڭ پۈتۈن ئەھۋالى، ھەممە ۋەقەلەر، ھەممە مەخپىي ئىشلار روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سىرتىدا پۈتكۈل رويى زېمىن جىلۋىلىنەتتى، ئىچىدە توققۇز پەلەك كۆرۈنەتتى. سىرتقى تەرىپى كامالەتكە يەتكەن قەلبتەك، ئىچى بولسا كىشىنىڭ پاكىزە كۆڭلىدەك كۆرۈنەتتى. پەرھاد بۇلارنى تېپىپ چەكسىز خۇشال بولدى. ئۇ قەدەھ ۋە ئالتۇنغا تولغان خەزىنىلەرنى ئۆز ئورنىدا قالدۇرۇپ، لەشكەرلىرىنىڭ يېنىغا قايتماقچى بولدى. ئۇ بۇلاق بېشىغا كېلىپ ئېتىغا مىندى-دە، خاقانىنىڭ بارگاھىغا قاراپ راۋان بولدى. شاھزادە خاقان بىلەن لەشكەرلەرنىڭ كۆڭلىنى شاد قىلدى. ئۇلارنى تۈمەنمىڭ قايغۇدىن ئازاد قىلدى. ئاندىن كېيىن لەشكەرلەرگە يول باشلاپ ئۇلارنى خىزىر ئەلەيھىسسالام تەلىم بەرگەن ھېلىقى بۇلاق بېشىغا ئېلىپ كەلدى. لەشكەرلەر شۇ يەرگە چۈشتى. شاھزادە خاقان بىلەن پەرخۇندە دەستۇرنى ئېلىپ، شىر بىلەن ئېلىشقان ھېلىقى دەرۋازا ئالدىغا كەلدى ۋە ھەيۋەتلىك قورغانغا كىردى. قورغاندىكى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا خەزىنىلەرنىڭ ھەممىسىنى خاقانغا تۆھپە قىلدى. ھېلىقى دۇنيانى كۆرسەتكۈچى قەدەھنىمۇ خاقانغا تۇتتى. ئاندىن كېيىن پاك تەڭرىگە يۈز خىل شۈكرى-سانالارنى ئېيتىپ، خۇشاللىق ئىچىدە مەنزىللىرىگە قايتىپ كەلدى.

كۈندۈز قورغىنىنىڭ تىلسىملىرىنى بۇزغۇچى ئاي پەرھادى كۆكتە ئۆز جىسمىنى كۆرسەتتى. قۇياش ئىسكەندەردەك زۇلمەتكە كىردى. ئۇ گويا جەمشىدنىڭ تىلسىمىغا يوشۇرۇندى. ئۇلار يەنە ئەيشى-ئىشرەت ئەسۋابلىرىنى تەييارلاپ، جەمشىد جامىغا قىزىل شارابلارنى تولدۇرۇپ، ئىچىشكە كىرىشتى. گاھىدا ئىسكەندەر توغرىسىدىكى ھېكايىلارنى ئېيتىپ، گاھىدا جەمشىدنىڭ ئەپسانىلىرىنى سۆزلەشتى.

نەزمە:

كەل، ئەي ساقى، تۇزۇپ ئىشرەت مەقامىن،
قۇيۇپ مەي، تۇت ماڭا جەمشىد جامىن.
ئىسكەندەر كۆزگۈسىنى ئەيلەپ ئىفشا،
قىلاي جەمشىدنىڭ جامىن تەماشا.

* *

سىرلارمەنبىلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلشىر بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقىتتىكى، سەھەر سوقراتى تاغنىڭ چوققىسىغا چىقتى. ئۇ ئۆز جامالىنىڭ نۇرى بىلەن ئالەمنى يورۇتۇپ، ئاسمان ۋاراقلىرىدىن ئەسۋابلىرىنى تۈزۈپ، قۇياش چەمبىرىدىن ئۇستۇرلابنى ياسىغاندا، پەرھاد يەنە ئۆز ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆزلەپ، ئېتىغا مىنگىنىچە ئىككىلەنمەستىنلا تاغقا قاراپ يول ئالدى. سوقراتنىڭ غارى شۇ يەردە ئىدى. خاقان بىلەن پەرخۇندە دەستۇرمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن دەرھال ئات سالدى. قالغان لەشكەرلەرگە يۈرۈش ناغرىسى چېلىنمىدى. ئۇلار ھېلىقى بۇلاق بېشىدىن يۆتكەلمىدى. ئەمما خاقاننىڭ دەرگاھىدىكى خىزمەتلەر ئۈچۈن خاس كىشىلەردىن ئىككى مىڭچە خادىم تاللاندى. ئۇلار تېز سۈرئەتتە چۆل-باياۋانلارنى كېزىپ پەرھادقا يېتىشتى. بۇ جامائەت خاقان بىلەن پەرھادقا ھەمراھ بولۇپ ۋادىلارنى كېزىپ ھېلىقى تاغنىڭ باغرىغا يېقىنلاشتى. دانا ھېكىم سوقراتنىڭ خىلۋەتخانىسى شۇ تاغدا ئىدى. بۇ تاغنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى چوڭلۇقى ۋە ئېگىزلىكىنى كۆرگەن كىشىگە زېمىن ئۇنىڭ ئالدىدا بىر دۆۋە توپىدەك بىلىنەتتى. ئۇ تاغنىڭ چوققىسى زۇھەل (ساتۇرىن) يۇلتۇزىغا تاقاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ تاشلىرى پەلەك جامىنى سىندۇرغانىدى. دەرەخلىرىنىڭ سايىسى ئالدىدا ئاسمان پەلەمپىيى تۆۋەن، كاتتا سەدلەرنىڭ شاخلىرىمۇ ئۇنىڭ ئادەتتىكى شاخلىرىدىن پەس ئىدى. تاغنىڭ چوققىسى پەلەكنىڭ جىسمىغا ئىلىك سېلىپ، ئاي پىلىنىڭ سۆڭىكىگىمۇ شۇ ئىلىكتىن زىننەت بەرگەنىدى. تاغنىڭ ئۈستىدە كۆرۈنگەن غار پىل چىشىدەك كۆرۈنەتتى. غارغا چىقىدىغان پەلەمپەي جەدى① يۇلتۇزىدىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ سايىسى ئەسەد② قاپلانى ئىدى. تاغنىڭ ئىچىدە يۈز مىڭلىغان بۇلاقلار بار ئىدى. بۇ بۇلاقلارنىڭ ھەر بىرى گوياكى قۇياشتەك يالتىرايتتى. كىياھلىرى تۇمەننىڭ دەردلەرگە داۋا، سانسىز كېسەللەرگە شىپا ئىدى. تاغنىڭ ئېگىزلىكى توققۇزىنچى ئاسمانغا يېتەتتى. ئۇنىڭ ھۆلى ئىگىلىگەن دائىرە ئىككى جاھانغا تەڭ كېلەتتى. باغرىدىكى ھېسابسىز ئۆڭكۈرلەرنى بىلىشكە ئەقىل يەتمەيتتى. ئۇ يەردىكى غارلارنىڭ باش-ئاخىرىدىن ھېچكىم خەۋەردار بولالمىغانىدى. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى شۇنچىلىك قاراڭغۇ ئىدىكى، نۇرلۇق قۇياش ئۇ يەرگە كىرسە خىرەلىشىپ قالاتتى. ئەگەر ئۇنىڭ ئىچىگە نۇرلۇق تولۇن ئاي كىرگەن تەقدىردىمۇ، كۆيۈپ كەتكەن پېتىر كۆمەچتەك قاپقارا بولۇپ قالاتتى. غارلار تاغ-ۋادىلارنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ تۇراتتى. بۇ ۋادىدا قان تۆككۈچى يۈزلىگەن دەريالار ئاقاتتى. تاغنىڭ ئىچىدە بولسا، قان ئىچكۈچى مىڭلىغان ئەجدىھالار ياشايتتى.

خاقان تاغ ئارىسىغا يېتىپ كېلىپ بۇ ئەھۋاللارنى كۆردى. ئۇ مۇنداق ئاپەتلىك جاينى پۈتكۈل ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغانىدى، شۇڭا پەرىشانلىق ئۇنى ئاجىزلاشتۇرۇپ

① جەدى — قەدىمكى ئاسترونومىيەدىكى ئون ئىككى بۇرۇجنىڭ بىرى بولۇپ، كىيىك شەكلىدە پەرەز قىلىنىدۇ.

② ئەسەد — شىر، ئاپتاپ بۇرۇجلىرىدىن بەشىنچى بۇرۇجنىڭ نامى بولۇپ، شىر شەكلىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ.

قويدى. ئەمما پەرھاد بۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىش ئىستىكى بىلەن تېخىمۇ ئىلھاملىنىپ، شاھقا ۋە لەشكەرلەرگە مەدەت بەردى.

— تېز بېرىپ جام ۋە جاھاننەمانى ئېلىپ كېلەيلى. ئۇ ئەلنىڭ كۆڭلىدىكى دەردۇ-غەملەرنى يوقىتىدۇ، — دېدى.

ئۇلار ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، دەرھال بېرىپ جەمشىدنىڭ جىمىنى ئېلىپ كەلدى. يولنى تېپىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارىغانىدى، جاھاننىڭ تەسۋىرى ئۇنىڭدا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۆتكۈر كۆز بىلەن ئۇنىڭ قايسى تەرىپىگە قارىسا، بىر ئىقلىم جىلۋە قىلىپ كۆرۈنەتتى. پەرھاد پۈتۈن جامدىن دۇنيادىكى مەملىكەتلەرنى قىسىملارغا بۆلۈپ، يەتتە ئىقلىمنى بىر-بىرىدىن ئاجراتتى. ئۇ باشقا مەملىكەتلەرنىڭ مەنزىرىلىرىدىن كۆزىنى يۆتكەپ، يۇنان مەملىكىتىنى جامنىڭ ئىچىدىن ئىزدەپ تاپتى. ئۇنىڭ ھەممە تەرىپىگە كۆز يۈگۈرتۈپ، ئۆزى تۇرغان تاغنى كۆردى. پەرھاد تاغدىكى ھەربىر غارنىڭ ئىچىگە نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئاخىرى سوقرات ياتقان غارغا تىكىلدى. ئۇ ئۇزاق ئىزدەنگەندىن كېيىن سوقرات غارىنىڭ ئېغىزىنى تاپتى. دۇنيانى كۆرسەتكۈچى بۇ جامنى ئۇ مەشئەلدەك تۇتۇپ، يولغا چۈشتى. پەرھاد جام بىلەن كېچىگە ئوخشاش قاراڭغۇ يولنى يورۇتۇپ، ئىسكەندەر زۇلمەت ئىچىگە كىرگەندەك، غارغا يەنى يۈزمىڭ ئاپەت ئىچىگە كىردى. بۇ خىزىر ئەلەيھىسسالامدىن بىشارەت بولغان يول ئىدى. پەرھاد بۇنى كۆرۈپ گويا توساتتىن ھاياتلىق سۈيىنى تاپقاندەك بولدى. ئۇنىڭدىن سوقرات يوشۇرۇنغان جاينىڭ نىشانىسى كۆرۈندى. بۇ ھال قاراڭغۇ كېچىنىڭ تۈگىگىنىدەك بۇ يولنىڭمۇ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. خاقان ۋە شاھزادە پۈتۈن لەشكەرلىرى بىلەن ئاتتىن چۈشتى. ئىشنىڭ ئاخىرى شۇنداق ئاجايىپ بولدىكى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا تاشتىن ياسالغان بىر پەلەمپەي كۆرۈندى. خاقان، شاھزادە ھەم ۋەزىر ئۈچەيلەن پەلەمپەيدىن بەش-ئالتە باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەندە، كەڭ ۋە يۈكسەك بىر قەسىرنى كۆردى. خاقان بىلەن شاھزادە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ماڭغىنىدا ھېلىقى قەسىرنىڭ تۆرىدە ئاجايىپ بىر دەرگاھ كۆرۈندى. ئۇلار بۇ يەردە بىردەم ئارام ئالماقچى بولغانىدى، ئۆيىنىڭ تۆرىدىن بۇلارنى كىرىشكە ئۈندەپ بىر ئاۋاز كېلىپ قالدى. خاقان، شاھزادە ۋە مۈلكىئارا تەشۋىش بىلەن ئىچىگە كىردى. ئۇلار قەسىر ئىچىدە بىر پارچە نۇرنى كۆردى. ئۇنۇرنىڭ يورۇقلۇقىدىن بۇ قەسىر بەيتۇل-مەئمۇرغا① ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۆلۈكىدە بولسا، سوقرات ھېكىم گوياكى نۇرلۇق قۇياشتەك ئولتۇراتتى. ئايلانغۇچى پەلەك ئۇنىڭ ئالدىدا شاگىرت ئىدى. ئۇنىڭ جىسمىدىن پاكىزە روھى كۆرۈنۈپ، شەخسىيىتىدىن بولسا، ئۇلۇغۋارلىق، ئەقىل-پاراسەت كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇ زات دۇنيادىن پېشىنى تاغقا ئوخشاش سىلكىپ، ئۆز ماكانىدا تاغدەك تەۋرىمەي ياشايتتى. ئۇنىڭ پاكلىقى ياقۇتتەك روشەن، كېيىم-كېچەكلىرى تاشنىڭ ئۈستىدىكى مەرۋايىتتەك يال-

① بەيتۇل-مەئمۇر — دىنىي رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇ يەتتىنچى ئاسماندىكى بىر مەسچىت بولۇپ، كۆرۈنۈشى كەبىگە ئوخشايكەن.

ئىراق ئىدى. ئۇنىڭ كەڭ ئەقىل كۆكىدە
جاھان بىر يۇمىلاق تاشتەك، ئۆزى بولسا،
جاھان جىسىمىدىكى پاكىزە جاندەك ئىدى.
ئۇنىڭ شانلىق، ئالىي ۋۇجۇدى بولسا، جا-
ھاندا ئۇلۇغ ئالەمدىن بىر نەمۇنە ۋە نى-
شانە ئىدى. كۆڭلى چەكسىزدېڭىزدەك كەڭ
بولۇپ، دۇنيادا ئەزەلدىن ئەبەدكىچە يۈز
بېرىدىغان ئىشلار ئۇنىڭ ئالدىدا كۆرۈنۈپ
تۇراتتى. بۇ دېڭىز ئىچىگە سانسىز يۇلتۇز-
لار بىلەن تولغان يۇزمىڭلاپ ئاسمان گو-
ياكى سەدەپ ئىچىدىكى مەرۋايىتتەك يو-
شۇرۇنغاندى. ئۇنىڭ يۈزى تەڭرىنىڭ نۇ-
رىدىن پارلىغان ئەينەككە ئوخشايتتى. ئۇ
تەڭرىنىڭ سىرلىرىنى پۈتۈنلەي بىلگەن
كىشى ئىدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن تامغان
تەر تامچىلىرى ئالەمنى يۇلتۇزدەك يورۇ-
تاتتى. ئۇ غاردىكى ھەربىر ئۆمۈچۈك تو-
رى ئالدىدا ئاسمان ئۆمۈچۈكىنىڭ تورلى-
رى بىر ئۇستۇرلاب① تەك كۆرۈنەتتى. ئۇ-
نىڭ جىسمى قىمىرلىماي بىر يەردە جىم
تۇرسىمۇ، تەبىئەتتى ئاسماندەك ئايلىنىپ
يۈرەتتى. ئايلىنىش مۇمكىن بولمىغان جاي-
لاردىمۇ يۈرەلەيتتى. ئۇنىڭ زاتىدىن ياخ-
شىلىق ۋە ياۋاشلىق ئاسمىنى، يۈزىدىن
بولسا بىلىملەرنىڭ شەۋكىتى كۆرۈنۈپ
تۇراتتى. خاقان بىلەن شاھزادە ۋە مۇلك-
ئارا بۇ ئالىي زاتنى كۆرۈپ، يەر سۆ-
يۈپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئۇنىڭ شەۋ-
كىتى ۋە داغدۇغىسىدىن تەنلىرى بىتاب
بولۇپ، كۆڭۈللىرىگە لەرزە چۈشتى. ئۇلار
بەدەنلىرى تىترەشكەن ھالدا تىك تۇرۇش-
تى. ئۇ ئامانلىق خەزىنىچىسى كۆزىنى ئې-
چىپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، ئىز-
زەت-ھۆرمەت بىلەن:

— بالايىئاپەتلەردىن قورقماي،
بۇ ھالاكەتلىك يولنى بېسىپ نېمە زۆرۈ-
رىيەت بىلەن كەلدىڭلار؟— دەپ سورىدى.

ئۇلار بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشكە تى-
لى كەلمەي بېشىنى ئېگىپ تۇرۇشتى. ئۇ
زات شاھزادە بىلەن خاقانغا قاراپ:

— سىلەر ئالاي رىيازەتلەرنى چەك-
تىڭلار، تەگرى شەكسىز مۇكاپىتىنى بېر-
دۇ. سىلەرگە يول بويى بىر ئالاي خەز-
نىلەر نېسىپ بولدى. بىز تەرەپكە كېلىش-
تە يەنە كۆپلىگەن قىممەتلىكلارنى تارت-
تىڭلار، شۇنداقتىمۇ ھېسابسىز ئۈنچە-
مارجان، ياقۇت-مەرۋايىتلار، قىممەتلىك
ماللار، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈزۈكى،
جەمشىدنىڭ جامى قاتارلىقلارغا ئېرىشتىڭلار، بىز
يەنە سىلەرگە ئىككى گۆھەر تاپشۇرىمىز،
بۇنىڭ بىرى، شۇنىڭدىن ئىبارەتكى،— دېدى
ئۇ خاقانغا قاراپ،— سەن ئۇزۇن ئۆمۈر
كۆرىسەن، يەنە كۆپلىگەن مەملىكەتلەرنى
ئىشغال قىلىسەن. ئاتا-بوۋىلىرىڭغا قارى-
غاندا سېنىڭ ئۆمرۈڭ ئۇزۇن، دۆلىتىڭ
زىيادە بولىدۇ. يەنە بىرى، بىر تامغا بولۇپ
ئۇ ناھايىتىمۇ خاسىيەتلىك. ئەگەر دۇنيا-
دا ئۇزۇن يىللار ياشىساڭ، ساڭا بىر كې-
سەل ياكى ئاجىزلىق يۈزلەنسە ۋە ياكى
قېرىلىق يەتسە، شۇ تامغىنى ئاغزىڭغا
سېلىپ، سۈيىنى يۇتساڭ، كېسەلىڭ ساغلام-
لىققا ئالمىشىدۇ، ئاجىزلىق قۇۋۋەتكە ئايلى-
نىدۇ، قېرىلىق تامامەن يوقىلىپ، ئۇنىڭ
ئورنىغا يىگىتلىك مۇقىملىشىدۇ،— دېدى.
ئاندىن مۇلكئاراغىمۇ ياخشى بىشارەتلەر-
نى بېرىپ،— سەنمۇ ئالاي جاپالارنى تار-
تىپ، قىممەتلىكلار بىلەن بۇ تەرەپكە
كەلدىڭ. شاھ قانچە مۇددەت تەختتە

① ئۇستۇرلاب — ئاسترونومىيىدە قۇياش ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ئېگىزلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

ئۇلتۇرسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا شۇنچە مۇددەت ۋەزىرلىك قىلغايسەن. قاچانكى ساڭا قېرىلىقتىن قىيىنچىلىق يەتسە، شاھ سېنى ئاشۇ تامغىدىن بەھرىمەن قىلغاي. لېكىن ئالدىڭىزلاردا بىر خەتەر بار. بۇنىڭدىن ھەممىڭلار ھەزەر قىلىشىڭلار كېرەك. بۇ خەتەر تۆت ئاناسىرنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسى، يەنى شامال بىلەن سۇدىن كېلىدۇ. بۇ خەتەرلەردىن كۆپ قىيىنچىلىقلارنى تارتىسىزلەر، بىراق ئۇلۇغ تەڭرى سىزلەرنى ئۇنىڭدىن خالاس بولۇشقا نېسىپ قىلغۇسى. ئەقلىي قىياسىم بىلەن ئېيتسام بۇ خەتەرلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بەش يۈز يىلغىچە ئۆمۈر كۆرۈسىزلەر، — دەپ ئۇلارغا خۇش خەۋەرلەرنى يەتكۈزدى. ئاندىن ئۆزرە سوراپ، خاقان بىلەن مۈلكدارانى ئۇزاتتى.

كېيىن شاھزادىنى «يېقىنراق كەلسۇن» دەپ، ئۆز ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن سىرداشتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، شاھزادىنىڭ جامالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ كۆپ ئەھۋال سورىدى. پەرھاد ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. بىلىمدان ھېكىم سوقرات ئۇنىڭغا:

— ھەي ۋۇجۇدى قايغۇ-ئەلەم بىلەن يۇغۇرۇلغان، پېشانىسىگە ئەزەل قەلىمى بىلەن ئاشىقلىق يېزىلغان يىگىت، خۇش كېلىپسەن، ياخشى كېلىپسەن. قەدىمىڭ بىلەن بۇ قاراڭغۇ ئۆيۈمنى روشەن قىلدىڭ. مىڭ يىلدىن بۇيان مۇشۇ تاغلار ئارىسىدا قەدىمىڭگە ئىنتىزار بولۇپ كەلگەندىم. خۇداغا شۈكرى، بۈگۈن سېنى كۆرۈپ كۆزۈمنى يۈزۈڭ بىلەن يورۇتتۇم. ئەمدى ئۆز سۆزۈمگە كېلەي. ۋاقتىم قىس، ئاخىرەت يولىغا كېتىۋاتىمەن. بۇ يانى

جاھان ھەقىقەت ئەھلىنىڭ زىندانىدۇر. ئەگەر ئىسكەندەرنىڭ مەملىكىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، نۇھنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسەڭمۇ، ئۇنىڭ ئاخىرى يوقالماقتىن ئىبارەتتۇر. ئىنسانلار ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، باشقا ھاۋايى-ھەۋەسلەردىن كېچىدۇ. تەڭرى ئىنسانلارنى ئەنە شۇ مەقسەت بىلەن ياراتقان. باشقا ھەۋەسلەردىن كېچىپ پەقەت ۋىسال يولىغا كىرگەنلەرلا ھەقىقىي ئاشىق ھېسابلىنىدۇ. ۋىسالدىن ئۆزگە ھەۋەس يولىنى ئۆزگەنلەرلا ھەقىقىي ئىشق ئىگىسىدۇر. ئاشۇنداق ئاشىقنىڭ ۋىسالىغا ئۈمىد باغلىشى ئەبەدىي دۆلەت ۋە مەڭگۈلۈك بەختكە سازاۋەر بولغانلىقتۇر. لېكىن بۇ ئىستەككە، يەنى ئالىي دۆلەتكە يېتىش قىيىن. بۇ يولدا كۆپلىگەن غەم ۋە دەرد، ئەلەملەر بار. ئەمما ئۇ ئىككى قەدەملىك يول بولۇپ، ھەر بىر قەدەم يولنىڭ مۇساپىسى مىڭ يىلدۇر. ئەگەر كىشى بۇ يولغا كىرسە ئاخىرىغا يېتىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ يولنىڭ بىرىنچى قەدىمى ئۆزلۈكنى يوقىتىش؛ ئىككىنچى قەدىمى بولسا ئۇنىڭ ئەسلى زاتىنى تېپىش، دەريانىڭ تېگىگە يەتمىگۈچە تەڭداشسىز گۆھەرنى قولغا ئالغىلى بولمىغىنىدەك، كىمكى ئۆزلۈكىدىن كەچمىسە، ئۆزىنىڭ ئەسلى زاتىنى تاپالمايدۇ. ئاۋۋال ئۆزىدە مەجازى ئىشق ھاسىل قىلىش ئۆزلۈكتىن كېچىشنىڭ بىرىنچى چارىسىدۇر. بۇ غەم كېچىسىگە گىرىپتار بولغان كىشىگە نىسبەتەن گوياكى تاڭ قاراڭغۇلۇقى ئۆركۈپ كەتكەندىن كېيىن قۇياش پارلاپ چىققىنىغا ئوخشايدۇ. نەزمە:

مەجازى ئىشىق بولدى سۇبھى ئەنۋەر،
ھەقىقى ئىشىق ئاڭا خۇرشىد خاۋەر.

مەجازى ئىشىق كىشىنى خارلىق ۋە غەمكىنلىككە سېلىپ، ئۇنىڭ تېنىنى ئۆزىنىڭ ھارارىتى بىلەن ئوت-چۆپنى كۆيدۈرگەندەك كۆيدۇ. ھەقىقىي ئىشىق چاقمىقىنىڭ بىر ئۇچقۇنى بىلەن ئۇنى كۈل قىلدۇ. سېنىڭ ئالدىڭدىكى ئىشىق-مەجازىي ئىشىق بولۇپ، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭنى كۆيدۈرىدۇ. پۈتۈن ئالەمگە شۆھرىتىڭنى تولدۇرۇپ ئىشقىڭنىڭ ئوتى ئالەمنى روشەنلەشتۈرگىنىدەك. كۆپكۆك ئاسمانىمۇ مۇنەۋۋەر قىلغۇسىدۇر. نەزمە:

تولا قىلغاي غەمى ئىشقىڭ جەھاننى،
جەھاننى، يوقكى توققۇز ئاسماننى.

قەيەردە بولمىسۇن ئىشىق ئىمىدە تەنھا قالغان كىشى يولۇڭدا كۆز نۇرىنى چاڭغا ئايلاندۇرىدۇ. ئاھىڭنىڭ ساداسى توققۇز پەلەكنىڭ تاقىغىچە يېتىپ، سېنىڭ ھەققىڭدىكى گەپ-سۆزلەر، يەتتە ئىقلىمغا تولىدۇ. ئىشىق ئەھلى ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىغا سەردار ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە پادىشاھ بولالايسەن. مەجازى ئىشىق بىلەن جېنىڭنى ئۆرتەپ، بارلىقىڭنى يوقلۇق سېلىدا ئېقىتقايسەن. شۇنداق قىلغىنىڭدا ھەقىقىي ئىشقىڭنىڭ شامىلى ساڭا خۇش پۇراق ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئەسلى مەشۇققا يېتىپ، مەجازى ئىشىق ھەقىقىي ئىشىققا ئۆزگىرىدۇ. ۋۇجۇدۇڭ ھوشسىزلىق بىناسىغا يېتىپ، ئىشقىڭنىڭ ئاخىرى كۆلۈپ، ئەبەدىيلىك مەملىكىتىدىكى ھەقىقەت تەختىگە چىقىپ بەختىيارلىققا ئېرىشىسەن.

جاھان خەلقى بەختىيارلىقىڭنى ۋە جاھانگىرلىكىڭنى كۆرۈپ، ئاتاڭدەك يۈز مىڭلىغان خاقانلار ۋە قەيسەرلەرنى ئېسىدىن چىقارغاي. ئاشىقلىق يولىدىكى ياخشى نامىڭ ۋە سۆيەتلىرىڭ جاھاندا ئەبەدىي قالغاي،— دېدى.

ئۇ ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا قاراپ، شاھزادىگە بىرقانچە دۇئانى ئۆگەتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— ئالدىڭغا قانداق بالايىئاپەت كەلسە، يۇقىرىقى دۇئانى ئوقۇپ، تەڭرىگە يۈزلەنسەڭ، ھەممە بالالاردىن ۋە توسقۇنلۇقلاردىن قۇتۇلىسەن. يەنە جاھاننەما ئەينىكىنىڭ ۋەقەسى بۇ جايغا كېلىشىڭنىڭ سەۋەبى بولغانىدى. سەن ھېلىقى تۆمۈر ھەيكەلگە ئوق ئۈزدۈڭ. ئوقۇڭ ئۇنىڭ ئەينىكىگە تېگىپ، كۆكسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىسكەندەرنىڭ تىلسىمىنى ئاچتىڭ. ئاۋۋالقى ئەينەكنى كۆرۈپ، كۆز-يېشىڭنى چاچقانىدىڭ، كېيىن بۇ ئوق بىلەن ئىسكەندەرنىڭ تىلسىمىنىمۇ ئاچتىڭ. بۇ جايدىن قايتىپ چىن شەھرىگە يەتكىنىڭدە ئۇ ئەينەكنى قايتىدىن كۆرۈشنى خالايسەن. ئۇنىڭ ئارقىسىغا يېزىلغان خەتنى ئوقۇيسەن ۋە ئەينەكتىن خەتتە كۆرسىتىلگىنىدەك ئىنتايىن گۈزەل بىر سۈرەت ساڭا ئايان بولىدۇ. ئۇنى كۆرۈپ ئىشىق بالاسىغا مۇپتىلا بولىسەن. ئاشىقلىقىڭ شۇنىڭدىن باشلىنىدۇ. كېيىن ئۇ ئەينەككە قانچە قارىساڭمۇ، ئۇنىڭدىن ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالىدۇ. سەن ئۇ سۈرەتكە مەپتۇن بولۇپ قالىسەن. ئىشلىرىڭنىڭ يىپ ئۇچىغا تۈگۈن چۈشىدۇ. تەدبىر

ئەھلى بولغان دانالار بۇ تۈگۈننى يېشىشكە ئاجىز كېلىدۇ. ئەزەل قەلىمى پېشانەڭگە يازغان ۋەقەلەر ئالدىڭغا كېلىدۇ. ئەھۋالىڭ قانچە ئېغىرلاشسىمۇ، قەلبىڭنىڭ ئاھى پەلەككە يەتسىمۇ پايدىسىز. تەلەپ قىلغان مەھبۇبەڭ قوشۇن تارتىپ سېنىڭ كۆڭلۈڭنى شۇنداق مەغلۇپ قىلدۇكى، ئەگەر ئۇنىڭدىن بىر دەم خەۋەردار بولالىساڭ مىڭ يىل پادىشاھ بولغىنىڭدىن ئارتۇقراق خۇشال بولىسەن. مەن ئەمدى سەن بىلەن خوشلىشىمەن. تەڭرىنىڭ مۇرادىڭغا يەتكۈزۈشىنى ئارزۇ قىلىمەن. گاھىدا ئىشق ساڭا ھۇجۇم قىلغاندا بىر ئاھ بىلەن مېنى سېغىنىپ ئەسلىگەيسەن.

ۋاقتىكى، ئۇ دانا ھېكىم سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، كۆزىنى مەڭگۈگە يۇمدى. بۇنى كۆرگەن پەرھاد ئۇنىڭ ھىجرانىدا پەرياد چەكتى. سوقرات ھېكىم بولسا، سۇھەيلا ھېكىم كىرگەن ئاشۇ ئۇزۇن يولغا كىرىپ كەتتى (ۋاپات بولدى). پەرھاد كۆزىدىن ئەلەملىك ياشلىرىنى تۆكتى. ئۇنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا ماتەملىك كىشىلەردەك داد-پەرياد سېلىپ يىغلىدى.

ئەھۋالنى كۆرگەن خاقان دەرھال مۇلكئارانى چاقىردى. ئۇلار تاشقىرىدا تۇرۇپ بىلىمدان ھېكىم بايان قىلغان سۆزلەرنى ئاڭلىغان، ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنىمۇ سەزگەنىدى. شۇڭا دەرھال بىرنەچچە دانا ۋە ئاقىللارنى چاقىرىپ ئۇ بىلىمداننىڭ ئىشىنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈپ، دەپنە قىلدى. ئۇنىڭ قەبرىستانلىقىغا ۋەخپە بەردى. ئاندىن شۇ تاغنىڭ ئەتراپىنى شەھەرگە ئايلاندۇرۇپ، ئاۋات قىلدى.

شاھزادە پەرھاد بۇ ئىشلارنى تۆگىتىپ، بۇلاق بېشىغا قايتتى. خاقان بىلەن پەرھاد لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەلدى. لېكىن خاقان ئۆزھالىدىن غەم قىلمىغىنىدەك پەرھادمۇ ئۆز ئەھۋالىدىن خۇشال ئەمەس ئىدى. نەزمە:

سىپاھ ئىچرە چۇشۇپ خاقانۇ پەرھاد،
نە بۇ ئۆز ھالىدىن غەمكىن، نە بۇ شاد.

قۇياش سوقراتى يەردىن ئورۇن ئالغاندا، كېچە لوقمانى ئۆزىنىڭ ئادىتىنى كۆرسەتتى. ئۇ پەلەكنىڭ رەڭگىدىكى قارا كىيىمىنى كىيىپ، كۆز ياش تۆكۈپ، ھازا ئېچىپ، ماتەم تۇتتى. شاھزادە بىلەن خاقان سوقراتتىن ئايرىلغانلىقىدىن ھەسرەت چېكىشتى. لېكىن چىن مەملىكىتىگە قايتىش ئىشتىياقى ئۇلارنى دەردتىن خالاس قىلدى. ئاندىن كېيىن مۇرادىغا يەتكەن ۋە مۇرادىغا يېتەلمىگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىرقانچىدىن ئاچچىق قەدەھلەرنى ئىچىشكە كىرىشىپ، بەزمە تۈزدى. نەزمە:

كەل، ئەي ساقىيۇ ھېكمەت ئەيلە ئايىن،
ماڭا تۇتقىل مەيى مەمزۇج رەڭگىن،
قەدەھ سەر چەشمەسىغە سالىبان جۇش،
مېنى قىل جۇشىدىن بىر لەھزە خامۇش.

* *

سىرلار مەنبىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بېشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇ ئىشق مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك قىسسىدىن

تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

ئەلقىسسە، تاڭ سەھەرنىڭ بۇلىقى پارلاپ، پەلەك گۈلشەنلىرىنى مۇنەۋۋەر قىلدى. پەلەك يۈزىنى سوزۇلۇپ، قۇياش خاقانى قوشۇن تارتتى. خاقان، پەرھاد ۋە پۈتۈن لەشكەرلەر چىن مەملىكىتىگە قايتىشىنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىشقا چۈشتى. خەزىنىلەرگە ئىشەنچلىك كىشىلەرنى قويۇپ، ھەربىر خەزىنىچىگە مىڭدىن ئارتۇق ياردەمچى بەلگىلىگەندىن كېيىن، چىن مەملىكىتىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ يولدا كۆچۈشتىن باشقا ئىشى يوق ئىدى. كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي يول يۈرۈپ، ئاخىرى خاقانى چىن خۇددى پەيغەمبەر دىندارلار مەملىكىتىگە يەتكەندەك، چىن مەملىكىتىگە يېتىپ كەلدى.

مەملىكەتنى بېزىگۈچى شاھ شەرەپ بۇرچىغا ئاي كېلىپ ئولتۇرغىنىدەك، ئۇنىڭ سەلتەنەتلىك تەختىگە چىقىپ ئولتۇردى. پەرھادمۇ ئۆز جايىدىن ئورۇن ئالدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى ھېلىقى ئەينەكنى كۆرۈش ئىستىكىدە ئەسلا تىنچىمىدى. پەرھاد دەرھال ئاچقۇچنى سوراپ، خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى-دە، تاقەتسىزلەنگەن ھالدا ئالدىراپ ئەينەك تەرەپكە يۈگۈردى. بىللۇر ھەيكەلنى كۆرگىنىدە ئۇنىڭ قايغۇلۇق كۆڭلىگە شادلىق يۈزلىنىپ، سۆيۈندى. ئۇ لاتاپەت قۇتىسىنى ياق لاتاپەت قۇتىسى ئەمەس، بەلكى بالايىئاپەت قۇتىسىنى چۈشۈرۈپ، خەزىنىچىلەردىن ئۇنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ، يۈز مىڭلىغان بالالارنىڭ تۇزىقىغا ئىلىندى. ئۇ ئاچقۇچ يالقۇن شەكلىدىكى تىلىنى سوزۇپ، زەنجىرلىرى قۇلۇپنىڭ ئاغزىنى مەھكەم تۇتۇپ، ئۇنى ئاچماسلىققا ئىشارەت قىلاتتى. ئاچقۇچ بولسا قۇلۇپ ئىچىدە يۈز قېتىم تولغىنىپ، «بۇ خەتەرلىك ئويۇقىدىن كەچ!» دېگەندەك قىلاتتى. ئەمما ھېچكىم ئەزەلدە يېزىلغان تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. شاھزادە پەرھاد ساندۇقنى ئېچىپ ئەينەكنى چىقاردى. قۇياش كۆزگۈسىگە ئوخشاش بۇ ئەينەك جەمشىدنىڭ جامىدەك پۈتۈن جاھاننى كۆرسەتتى. پەرھاد ئەينەكنىڭ يۈزىگە نەزەر تاشلىدى ۋە كۆڭلىگە ھەيرانلىق ئۇچقۇنى چۈشتى. ئەينەكتە ئاجايىپ چىرايلىق بىر دەشت كۆرۈندى. دەشتنىڭ سەينىسىدە ئوت-چۆپ گۈل-گىياھلاردىن باشقا ھېچنەرسە كۆزگە چېلىقمىدى. ئۇ يەرنىڭ گىياھلىرى كۆك دات باسقان نەشتەردەك، گۈللىرى ئاشىقلار قېنىدىن رەڭ ئالغان زەنجىردەك، سۈمبۈلنىڭ ھەربىر بوغۇملىرى چىدام ۋە ئەقلنى ئوۋلايدىغان بىر تۇزاقتەك ئىدى. كۆك ئاسمان كۆكەرتكەن بىنەپشىلەر ئەقىل بويىنىنى ھالقىغا ئوخشاش تارتقاندەك نەرگىس گۈللىرى تەقۋا ئەھلىنى مەست ۋە ھوشسىز قىلىش ئۈچۈن شاراب جامىنى ئۇزاتقاندەك، لالىلىرى جان ۋە جاھاننى، بەلكى كۆڭۈل داغلىرىنى كۆيدۈرۈشكە ئوت ياققاندەك، تۇپراقلىرى ئەلنىڭ روزغارىنى قارا قىلىش ئۈچۈن تەبىئەت مۇشكىنى چاچقاندەك، ئۇ يەردىكى سەۋسەن گۈللەر: «بۇ يەرگە كەلگەن ھەربىر ئەركىن كىشىنىڭ ھالى شۇنداق بولىدۇ» دېمىشكە تىل ئاچالمىغاندەك، دەۋر بۇ يەردە ئارمان ۋە پەرمانسىزلىق گۈللىرىنى كۆكەرتكەنىدى. قاتتىق چىققان قۇيۇن تىلىنى سوزۇپ، باشتىن ئاخىر سەرگەردانلىقلاردىن بەلگە كۆرسەتتى.

يەنە بۇ ۋادىنىڭ قىرغاقلىرىدا ئايرىلمىش تاغلىرىدەك قاتتىق تاغلار كۆرۈنەتتى. ئۇ تاغلار ئاياغلىرىنى يەرگە مۇستەھكەم تىرەپ، بېشىنى پەلەككىچە كۆتۈرگەنىدى. پەلەك بۇ تاغلارنىڭ ئۇزۇنلۇق سوپىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇنى دۇنيا دېڭىزىغا لەڭگەر قىلىپ تاشلىغانىدى. بۇ تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا سانسىز خەلق تاغقا ھۇجۇم قىلىپ، ئېرىق قېزىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گوياكى ئۆزى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش بىر ياش يىگىتنى كۆردى. يىگىت توپلانغان خەلقنىڭ ئىچىدە مىتىن ئۇرۇش ماھارىتىنى نامايان قىلىپ، تاغنى كەسمەكتە ئىدى. شۇ چاغدا تاغ ئىچىدىن كۈچلۈك سەل كەلگىنىگە ئوخشاش ئاتلارغا مىنىشكەن ئاي يۈزلۈك بىر توپ گۈزەللەر يېتىپ كەلدى. ئۇلار تۇرلۇك-تۈمەن ياقۇت، مەرۋايىتلارنى تاقاپ بېزەنگەنىدى. ماڭلايلىرى گۈلدەك، كىرپىكلىرى ئۇ گۈللەرنىڭ تىكىنىدەك ئىدى. كېلىۋاتقان بۇ قىزلارغا بىر گۈل يۈزلۈك گۈزەل باشلىق ئىدى. ئۇنىڭ مىنگەن ئېتىنىڭ ئالدىدا پەلەك ئېتى ئاقساپ قالاتتى. رۇخسارى ئالدىدا قۇياشنىڭ چىرايى خىجالەتتە قالاتتى. نەزمە:

بارى چابۇكسەۋارۇ ماھى پەيكەر،
جەۋاھىردىن بېرىپ پەيكەرگە زىيۋەر.
جەبىنلەر گۈل-گۈلۇ كىرپىكلەرى خار،
قاباغلار كەڭ-كەڭۇ ئاغىزلارى تار.
ئۇلارغە شاھى سەرۋەر گۈلئۈزارى،
دېمەكى گۈلئۈزارى، شەھسەۋارى.
سەمەندى سەيرىدىن كۆك تەۋسەنى لەڭ،
قۇياش رۇخسارى ئالدىدا خىجىل لەڭ.

ئۇ قۇياش بىلەن شاھمات ئوينىغاندەك، ھەر قېتىمدا تۇۋىنى ماڭدۇرۇپ ئاتنى سەكرىتىپ، ئۇنى ھەر سائەتتە يۈز قېتىم مات قىلاتتى. باشتىن-ئاخىر جاھاننى ئۆرتەپ، ئالەمگە ئوت سالاتتى. قىزلار توپىغا ئايدەك، بەلكى ئالەمنى زىننەتلىگۈچى قۇياشتەك نۇر ياغدۇراتتى. ئۇ ئات ئۈستىدە قەلبلەرگە ئوت يېقىپ ئەتراپنى تاماشا قىلىپ، ئېتىنى شامالدەك چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. دەل شۇ پەيتتە پەرھاد ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ شەكلىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ شەكلى ھېلىقى گۈل يۈزلۈكنىڭ جامالىنى كۆرۈپ، تام سۈرەتلىرىدەك قېتىپ، ئۇۋلانغان قۇشتەك ئىڭراپ، يىقىلدى. ئەينەكتىكى ئۆز شەكلىنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرگەن پەرھادتا شۇ گۈزەلنى ئېنىق كۆرۈش ھەۋىسى قوزغالدى. ئەينەكنى كۆز ئالدىغا يېقىنراق كەلتۈرۈپ، ئاشۇ نۇر چاچقۇچى قۇياشنىڭ جامالىغا قارىدى. پەرھاد ئەينەكتىكى ئۆز شەكلىگە ئوخشاش پەرياد چېكىپ، گويا جېنى تېنىدىن ئايرىلغاندەك، يەرگە يىقىلدى. ئۇ تام سۈرىتىدەك تىلسىز، ئەينەكتىكى شەكلىدەك ھوشسىز ياتاتتى. خەزىنە خادىملىرى پەرھادنىڭ ئېغىر ئەھۋالىنى كۆرۈپ خاقانغا دەرھال خەۋەر يەتكۈزدى. خاقان بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ خەزىنە تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. پەرھادنى ئۆلدى، دەپ ئويلىغان ئانىسىمۇ چېچىنى چۇۋۇپ، بەزىدە يۇلۇپ، پىغان چېكىشكە باشلىدى. مۇلكىمارا پەرھادقا ئاتا بەگ ئىدى. شۇڭا پەرھادنىڭ ئۆز ئانىسىدەك نالىزار قىلدى. مۇلكىمارانىڭ بەھرام ئىسىملىك بىر پەرزەنتى بار ئىدى. ئۇ پەرھاد بىلەن تەڭداش،

سىرداش ۋە ئېيتىلداش ئىدى. تەرىقەت بابىدا بولسا، قېرىنداش ئىدى. بەھرام پەرھادنى بۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ ياقىسىنىڭ ئورنىغا كۆكسىنى چاك قىلدى. شاھزادە نۇرى ئۆچكەن شامغا ئوخشاش ياتاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغان كىشىلەر پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، نالىزار قىلىشاتتى. پەرھاد بىر كېچە-كۈندۈزگىچە ھوشىغا كەلمىدى. يۈگرۈك شامال تاڭنىڭ بېغىنى يەلپۈگەندە ئەتراپقا تارقالغان خۇشپۇراق پەرھادنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلدى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ، كۆزىنى ئاچتى، كۆز يېشىنى سەلدەك تۆكۈپ يىغلاۋاتقان ئەتراپتىكى جامائەتنى كۆردى. مۇلكىئارا يىغلاپ تۇرغان بەھرامنىڭ كۆڭلىنى ياساپ ئۇنىڭغا ئاتىلىق مېھرى بىلەن تەسەللى بەردى. پەرھاد ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزىگە ماتەم تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خىجالەتتىن گوياكى ھالاك بولغۇدەك ھالەتكە يەتتى. ئاتا-ئانىسى پەرھادنىڭ قايتا ھوشىدىن كېتىپ قالماسلىقىنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن پەرھاد دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئانا-ئانىسىنىڭ ئايىغىغا يۈزىنى قويۇپ ئۆزرە ئېيتتى. ئۇ ئەدەب بىلەن:

— سىلەرنى ماتەمگە سېلىپ قويغۇدەك ئەھۋالغا قانداق چۈشۈپ قالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، تەڭرى ئالدىدا قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئىش مەيلى ياخشى، مەيلى يامان بولسۇن، مېنىڭ ئىختىيارىمغا باغلىق بولمىدى، مەن رەسۋا بولدۇم، تۈگەشتىم، بۇ سەۋەبتىن سىلەرگە ئۆزرىلىكمەن. مەندىن ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا رازى بولۇڭلار، ماڭا قارىتا كۆڭلۈڭلەردە غۇبار قالمىسۇن، — دېدى ۋە كۆپ مالاللىق يەتكۈزۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئەپۇ سوراپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى. گەرچە كۆزى ۋە تىلى ئۇلاردا بولسىمۇ، جېنى ۋە دىلى ئەينەك تەرەپتە ئىدى.

ئاتا-ئانىسى پەرھادنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن سۆيۈنۈپ، سارايغا قايتىشتى. پەرھاد شۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنىڭ دەردەلىمىنى يېنىكلىتىپ سارايغا قايتۇرۇۋەتكىنىدىن كېيىن، جان-دىلى بىلەن ھېلىقى ئەينەككە يەنە قارىدى. بىراق بۇ چاغدا ئۇنىڭدىكى سۈرەتلەر ئاللىقاچان يوقىلىپ، ئەينەك يۈزى قاراڭغۇلىشىپ قالغانىدى. بۇ ئەينەكنى ھېكىم ئەسلىدە شۇنداق ياسىغان ئىكەنكى، ئۇنى كۆرۈش نېسىپ بولغان كىشىگە كۆرۈنۈشلەر كۆرۈنۈپ بولغاندىن كېيىن تىلسىمنىڭ خاسىيىتى بىلەن پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كېتەتتى. پەرھاد ئەينەكنى قايتا كۆرۈشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئۆزىنىڭ مەڭگۈ قايغۇ ۋە مۇشەققەتتە قالغانلىقىنى بىلدى-دە، مۇنداق ئوي-پىكىر كۆڭلىدىن كەچتى: بېشىمغا ھەممىدىن ئېغىر بىر ئىش چۈشتى. ئەمدى بۇ ئىشنىڭ قايغۇسى مېنى ئۆلۈمگە يېقىنلاشتۇردى. نەزمە:

ئەگەر قىلسام ئۆزۈمنى پارە-پارە،
چۇ مەتلۇب ئولماغاي ھاسىل، نە چارە.

بۇ زەئىپ جىسمىم كۆيۈپ، جۇنۇنۇم ئۆرلەپ، ئەركىم كېتىپ قېلىشتىن ئىلگىرى، ئەقىل قائىدىسى بويىچە ئىشلەش ئارقىلىق بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى قىلىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاقىلانە تەكەللۇپلارنى كۆرسەتسەم شاھنىڭ كۆڭلى خۇشال بولىدۇ. يارايدىغان ئىش مۇشۇ.

ئەگەر ئىشق بالاسىغا مۇپتىلا بولۇپ تاقەتسىزلىك تۈپەيلىدىن بېشىمنى بىرەر جايغا ئېلىپ كەتسەم مەملىكەتنىڭ زىننىتى بولغان پادىشاھ بۇنىڭغا ئەسلا سەۋرى-تاقەت قىلالمايدۇ، دەرھال يۈز مىڭ لەشكەرنى تەيىنلەپ مېنى ئىزدەيدۇ، چۈن مەملىكەتنىڭ تەرەپ-تەرىپىگە چېچىپ يۈرۈپ، ھايال قىلمايلا مېنى تېپىۋالىدۇ. ئەگەر مەن بۇ لەشكەرلەرنى كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن جەڭ قىلسام، كۆپلىگەن بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە توغرا كېلىدۇ، پولات قىلىچنى ئىشقا سالاي دېسەم، ئەلگە ۋە ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلغان بولىمەن، بىر قانچىلىغان كىشىنىڭ بېشىنى كېسىپ، گۇناھسىزلارنى ئۆلتۈرسەم قانداق بولىدۇ؟ بۇ ناھەق ئىشتىن قولۇم ناكار بولۇپ، ئاخىر چارىسىز ھالدا قولغا چۈشىمەن، چۈن خەلقى ماڭا نېمە يامانلىق قىلدى؟ مەن نېمىشقا ئۇلارنىڭ قان قەرزىگە بوغۇلۇپ قالىمەن؟ پادىشاھ ماڭا زۇلۇم قىلمىسا بۇ ئىشلىرىم ئۈچۈن ئاخىر ھەقىقىي پادىشاھقا (تەڭرىگە) جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدىغۇ. ئەگەر شاھنىڭ كۆزىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالسا خىجالەتچىلىكتىن يەرگە باقماي ئىلاج يوق. خەلقنىڭ يۈزىگە قانداقمۇ قارىيالايمەن. بۇ پەقەت ئىشنىڭ بىر تەرىپى، يەنە بىر تەرىپى شۇكى، مۇبادا شاھ بۇ غەلىتە ئەھۋالىمنى ئاڭلاپ، خەلققە مېنى مۇھاپىزەت قىلىشنى تاپشۇرسا، ئىشىم تېخىمۇ قىيىنلىشىپ، تەدبىرلىرىمدىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «سارالڭ» دەپ پۇتۇمغا كىشەن سېلىپ قويىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ ئىشتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى قىلىش قىيىن، شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، جۇنۇنۇم يوقالغاندىن كېيىن، ھەرقانچە قىلسامۇ ھېچكىم ماڭا ئىشەنمەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈمنى بىلىپ، ئۆز-ئۆزۈمنى مۇھاپىزەت قىلىشىم كېرەك.

پەرھاد يۇقىرىقى ئىشلارنى باشتىن-ئاخىر ئەقىل مىزانى بىلەن ھېسابقا ئالدى. ئەمما ئۆزىنى تېخىمۇ قىيىن ئىشقا مۇپتىلا قىلدى. ئۇ بىلمىدىكى، ئىشق زۇلۇم سېلىشقا باشلىغاندا، يۈزلىگەن ئاقىلنىڭ رەسمى-قائىدىلىرىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

نەزمە:

شەراب كەلتۈركى، ساقى، ئاشىقانە،
كى بولدۇم مەن ئەقىل بىرلە فەسانە.
مېنى ئىشقى فەنا بەزمىدە خاس ئەت،
ئەقىل رەنجۇ بەلاسىدىن خەلاس ئەت.

* *

سىرلار مەنىلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بېشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

سۆيگۈ يولىنىڭ مەخپىيەتلىكلىرىنى بىلىشكە ماھىر بولغان كىشى ئۇنىڭ سىرلىرىنى مۇنداق ئېچىپ بېرىدۇ:

ئەلقىسسە، پەرھاد ئىشق سىرلىرىنى يوشۇراتتى، لېكىن كۆزىدىن ئاقىلانىلىق نىشانىسىنى كۆرسىتەتتى. ئەگەر بىر ئۆيدە ئوت يانسا، ئۇنىڭدىن چىققان

تۇتۇنگە ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەگەر ئۇ ئۆيدە ئوت بولماي پەقەت تۇتۇنلا چىقسا، ئۇ ئۆينىڭ تاملىرىنى بۇزۇش كېرەك. پەلەك كېچىسى قۇياشنى يوشۇرىدۇ، بىراق، يۇلتۇزلاردىن تۆكۈلگەن ياش قۇياشنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. نافە ئۆزىنىڭ ئىپارىنى يوشۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پۇرىقى ئالەمگە تارقاپ كېتىدۇ. لالىنىڭ غۇنچىسى ئېچىلىدىغان چاغدا ئۆز كۆڭلىدىكى يوشۇرۇن داغنى قانداقمۇ ساقلاپ قالالىسۇن؟ بىراق، ئۇنىڭ ئېچىلغان چېغى مەلۇم بولغاندەك، ئەسلىدىكى دېغىمۇ ئاشكارا بولىدۇ. پەرھاد گوياكى يالقۇنجىغان ئوتنىڭ ئۈستىنى ئوت-خەس بىلەن كۆمۈپ قويغاندەك، ئۆزىنىڭ ئىشق قايغۇسىنى يوشۇرغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئاھى بىلەن كۆز يېشى يوشۇرۇن دەردىدىن ئەلنى خەۋەردار قىلىۋەتتى. ئەقىل پەردىسىنىڭ ئىشق ئوتىنى تىنچىتىش ۋە يوشۇرۇشقا قۇدرىتى يەتمەيدۇ. زەررىچىلەرنىڭ قۇياش نۇرلىرىنى توسۇشقا ماجالى يەتمەيدۇ. كۆپۈكنىڭ دەريانى ئۆز ئىچىگە يوشۇرۇۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس، نەزمە:

قۇياشنى زەررە ياشۇرماق بولۇرمۇ؟
ھۇباب ئىچرە تېڭىز تۇرماق بولۇرمۇ؟

شام ئۆزىنىڭ شولىسىنى پانۇس بىلەن ياپسىمۇ، لېكىن ئۇ شولا جەمئىيەت ئەھلىگە پەردە سىرتىدىن نامايان بولىۋېرىدۇ. قانلىق ياشنى ھەرگىزمۇ كۆز ئىچىدە مەخپىي تۇتقىلى بولمايدۇ. خرۇستال شىشە سۈزۈك مەينى ئەسلا يوشۇرالمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش پەرھادنىڭ ئۆز دەردى-غېمىنى خەلقتىن يوشۇرغىنى ئىشق يالقۇنىنىڭ يۈرىكىگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلغىنىدۇر.

بىرقانچە كۈنلەردىن بۇيان پەرھادقا ئىشق ئازابى شۇنچىلىك تەسىر قىلدىكى، ئۇ ماغدۇرىدىن كەتتى، كېسەل تارتتى، زارۇ-ھەيران بولدى. كۆزەتكۈچىلەرگە ئۇنىڭ ئەھۋالى گوياكى ئوتقا سېلىنغان گرانىت تاشنىڭ مۇمدەك ئېرىۋاتقىنىغا ئوخشاش مەلۇم بولاتتى. مەرۋايىت ياشلىرى كۆزىدىن قانغا بويالغان مۆلدۈردەك تۆكۈلەتتى. پەرھاد ئېغىز ئاچسىلا چىقىدىغان ئاھىنىڭ قارا تۈتۈنى خۇددى لالىنىڭ قارا دېغى كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك نامايان بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سەرۋىدەك تىك ئۆسكەن قەددى-قامىتى مادارسىزلىقتىن تالدەك پۈكۈلدى، ئاشۇ تالدىكى ئۈزۈمنىڭ تەبىئىتىدىكى شارابلىق خۇسۇسىيەت ئۇنىڭغا ئارقىمۇئارقا قان يۇتتۇراتتى. تېنى كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ پىغان چېكىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئاغزىنى قانچە بېكىتسىمۇ، لېكىن نالە چېكىشتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. ئۇ بۇرۇنقى جىسمانىي قۇۋۋىتى، ساغلام كۈچى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ھەر قانچە تىرىشسىمۇ، يوشۇرۇن چەككەن ھەسرەتلىك پىغانلىرى داۋاملىق ئاشكارىلىنىپ تۇراتتى. ئەمدى ئۇنىڭ دىمىقىغا سەۋدايىلىقنىڭ پۇرىقى كېلىپ، جىسمىمۇ ھەر خىل كېسەللەرگە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ تەبىئىتىدە جۇنۇنلۇق ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىپ، سەۋدايىلارچە سۆزلەشكە باشلىدى. سەۋرى-تاقەتتىن كۆڭلىدە ئەسەرمۇ قالماي، ئەرك-ئىختىيارى قولىدىن كەتكەنىدى. نەزمە:

كۆڭۈلدە قالمادى سەبرۇ قەرارى،
ئىلكىدىن باردى بارى ئىختىيارى.

ئەلقىسسە، شاھ بىلەن مۇلىكئارا

پەرھادنىڭ يۇقىرىقى ئەھۋالىنى كۆرۈپ، دەرد-ھەسرەت ئىچىدە كۆنسىرى باغرى ئېزىلىشكە باشلىدى. قانچە نەسىھەتلەر قىلدى، لېكىن ئۇنىڭغا تەسىر قىلمىدى. قانچە پىكىرلىشىپمۇ ئۇنىڭغا تەدبىر تاپالمىدى. قارىغاندا، پۇرسەتنىڭ قولدىن كېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە ئەندىشە قىلىش بىلەن نەتىجىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەستەك تۇراتتى. شۇڭا شاھ پۈتۈن دانىشمەنلەرنى، تېۋىپلارنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى. پەرھادنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ناھايىتى ئۇزاق مەسلىھەت قىلىشتى، بۇ مەسلىھەتلەرگە بەزىلىرى قوشۇلدى، بەزىلىرى بولسا رەت قىلدى. ئاخىرى ھېكمەت ئەھلىلىرى خاقانغا تۆۋەنچىلىك بىلەن تۆۋەندىكىلەرنى مەلۇم قىلىپ:

— پەرھادنىڭ مېڭىسىگە سەۋدايىلىق نۇقسان يەتكۈزۈپتۇ. كۈچلۈك ھارارەت تەبىئىتىنى ئىگىلەپتۇ. ئۇنىڭ مىجەزى يەنە مەي تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى مەي بىلەن ھارارەتنىڭ تېگى-تەكتى بىر، بۇ ئىككىسى قوشۇلۇپ ئۇنىڭ يالقۇنىنى كۈچەيتىپ قويۇپتۇ، — دېدى.

ئۇلار يەنە تۆۋەندىكىچە كېڭەش قىلدى:

پەرھادنىڭ ئىككى-ئۈچ يېشىدىن ئون ئىككى يېشىغىچە ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدا بېشىنى تەپەككۇر ياقىسىغا تىقىپ ئۆتكەنلىكى، ئىككى-ئۈچ يىل مۇبازىرلىق (ھەربىي ئىلىم)نى ئۆگىنىش يولىدا كۈچ ۋە ئەقىل سەرپ قىلغانلىقى، يەنە پايانسىز خەتەرلىك يوللاردا خاقان باشچىلىقىدىكى لەشكەرلەرگە يار بولغانلىقى قاتارلىق ئىشلار ئۇنىڭ خىيالىدىن كەتمىگەن. بۇ ئىشلار ئۇنىڭدىكى ھارارەتنىڭ غالىب كېلىشىگە سەۋەب بولغان. يەنە بىر سەۋەب شۇكى، چەكسىز ئوي-پىكىرلەر ئۇنىڭ نازۇك تەبىئىتىنى چۇلغاپ ئالدى، بۇ پىكىرلەر ئۇنىڭ تەبىئىتىدىن بىردەم خالىي بولمىدى. يەنە ئۇنىڭ بېشىغا تىلىسىم ئېچىش خىيالى چۈشتى. بۇ خىيالنىڭ ئۇرۇقىنى ئۆز كۆڭلىنىڭ چىمەنلىكىگە چېچىپ، شۇ سەۋدا يولىدا كۆپ جاپا-مۇشەققەتلەرنى چەكتىكى، بىردە ئەجدىھا ئۇنىڭ جىسمىنى كۆيدۈرسە، بىردە ئەھرىمەن دېۋە ئۇنى تۇتۇپ ئارىسىدا قالدۇردى. پەرھادنىڭ نازۇك تەبىئىتى شۇنچە ھارارەتلەرگە ئۇچرىدى. شۇ ئوتلارنىڭ يالقۇنىدىن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئۇنىڭغا بۇخىل ئەھۋاللارنىڭ يۈزلىنىشى مېڭىسىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولغان. بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ مىجەزىدە قۇرۇق ئىسسىقلىق پەيدا بولغان. ئۇنى ئىلاج قىلىپ داۋالاپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. لېكىن بۈگۈن جەۋزا پەسلىنىڭ ئاخىرى، شۇڭا قۇياشنىڭ ھارارىتىدىن لالىلەرگە داغ چۈشتى، ئەتراپتىن كۆيدۈرگۈچى ئىسسىق شامال كېلىۋاتىدۇ. خەلق بۇ ھارارەتلىك شامال ئىچىدە سەمەندەردەك يۈرمەكتە. قۇياشنىڭ ئىسسىقىدىن كۆكتىكى يۇلتۇزلار سىمابتەك ئېرىپ چۈشۈشكە يېقىنلاشتى. چۆللەردىكى قۇيۇننىڭ تاقەتسىزلىك بىلەن ئايلىنىشى، يىلانلارنىڭ تولغىنىپ تۇرۇشى ئىسسىقتىندۇر. بۇلاقلارنىڭ قايناپ چىقىشى — ھاۋانىڭ تاغ ئۈستىگە ئوت تۆككەنلىكىدىندۇر. غەربتە كۆرۈنگەن كەچكى شەپەقنىڭ قىزىللىقى بۇ كۆمتۈرۈلگەن پەلەكنىڭ قىزىپ كەتكەنلىكىدىندۇر. بۇ ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەلەك

قىزىپ كەتكەن كۆرەكنىڭ نىشانىسى بو-
لۇپ، قۇياش ئۇنىڭ ئوت چاچقۇچى ئېغى-
زىدۇر، قاراڭغۇ كېچە ئۇنىڭ كۆمۈرى بو-
لۇپ، تاڭ شامىلى ئۇنىڭ دېمىدۇر، سامان
يولىدىكى يۇلتۇزلار ئۇ كۆرەكنىڭ ئۇچقۇ-
نىدۇر، تەرەپ-تەرەپكە ئېقىۋاتقان سۇلار
يەرنىڭ ئىسسىقتىن تەر ئاققۇزۇۋاتقانلىقى-
دىن بەلگە بېرىدۇ، سايلار ئارىغا بىرەر
نەرسىنى پەردە قىلىپ، قۇياشنىڭ هارارى-
تىدىن قېچىشقا ئۇرۇنىدۇ، هاۋانىڭ تەبى-
ئىتىدىكى بۇ هېسابسىز ئىسسىقلىق پەرهاد-
نىڭ ئوتلۇق تەبىئىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ،
ئۇنىڭ هارارىتىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىۋېتىشى-
دىن قورقۇش ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.

ئەلقىسسە، هېكىمەلەر «پەرهاد قۇ-
رۇقلۇق ۋە هارارەت يېپىشىۋالغان مۇن-
داق ئەهۋالدا، ئۇنىڭ داۋاسى سوغۇقلۇق
ۋە نەملىك بولىدۇ» دېگەن خۇلاسىگە كەل-
دى، شۇڭا پەرهادنى «هاۋاسى ياخشى،
كېلىماتى نەم ۋە سوغۇق يەردە داۋالاي-
مىز» دەپ بىر جاينى تاللىدى، بۇ يەر
دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئارال بولۇپ،
ئۇ بەش كۈنلۈك يىراقلىقتا ئىدى، ئەقىل
ئۇنى تەرىپلىيەلمەي خىرەلىشىپ قالاتتى.
بۇ ئارالدا بىر تاغ بولۇپ، تاغدا يەتتە-
سەككىز بۇلاق ئېقىپ تۇراتتى، بۇ بۇلاق-
لار دەريا هاسىل قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ
ئالدىدا پەلەك دەرياسى هۆكەر يۇلتۇزدەك
كۆرۈنەتتى. ئارال ئەتراپىدىكى سۇلاردىن
نەملىك، تاغ ئۈستىدىكى سوغۇقتىن كىشىگە
قىيىنچىلىق يۈزلىنەتتى، تاغنىڭ ئۈستى
كۈز پەسلىدەك سوغۇق، بۇلاقلىرى مۇز تو-
ڭۇپ تۇراتتى. هېكىمەلەر: «ئەگەر مەسلى-
هەت بويىچە شاهزادە شۇ تەرەپكە بارسا،
كۆڭلى ئېچىلىپ، مېڭىسى ياخشىلىنىپ، مۇ-
بارەك جىسمى ساغلاملىشىپ قالىدۇ ئە-
جەب ئەمەس، هاۋانىڭ تەسىرىدىن قورق-
مىساق، ئۇنىڭ كېسىلىگە ئىلاج قىلىش ئا-
سان بولىدۇ» دېيىشتى.

خاقان تېۋىپلاردىن بۇ سۆزلەرنى
ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى مۇۋاپىق
كۆردى، دەرهال مۇلكدارلارغا:

— تېۋىپلارنىڭ بۇ تەدبىرلىرىنى چۈ-
شەندىڭ. دەرياغا قىلىدىغان بىرقانچە كۈن-
لۈك سەپەرنىڭ تەييارلىقىنى قىلغىن، —
دەپ ئەمرى قىلدى.

دانىشمەن ۋەزىر بۇ ئالىي پەرماننى
ئاڭلاپ، سەپەر تەييارلىقىنى ئىشلەشكە
كىرىشتى ۋە شاهزادىگە خاقاننىڭ پەرما-
نىنى مەلۇم قىلدى، بۇ سۆزنى ئاڭلىغان
شاهزادىنىڭ قايغۇلۇق قەلبى شادلىققا تول-
دى، ئۇ مۇلكدارلارغا:

— شاهقا مېنىڭ سالىمىمنى ئېيت،
شاه نېمىنى خالىسا، مېنىڭ بۇ ئالەمدىكى
ئارزۇيۇمۇ دەل شۇ بولىدۇ، «شاهنىڭ
ئوغلىمەن» دېيىشكە هەددىم يوق، بەلكى
هەممە قۇللارنىڭ ئارىسىدىكى كەمتەر قۇل-
دۇرمەن. شاه قەيەرگە بېرىشقا تەييارلا-
سا، مەنمۇ شۇ يەرگە بېرىشقا تەييار، مې-
نىڭ بېشىم شاهنىڭ ئايىغىدادۇر، نەزمە:

قايان ئەزم ئەتكەلى بولسا ياراغى،
مېنىڭ باشىمدۇرۇر شەهنىڭ ئاياغى،

ئەلقىسسە، ۋەزىر مۇلكدارلارا پەرهاد-
نىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى خاقانغا مەلۇم
قىلدى، خاقان يىغلاپ تۇرۇپ پەرهادقا
دۇئا قىلدى، ئاندىن كېيىن:

— ئەمدى كېمىلەرنى تەييارلاپ، لا-
زىملىق ئەسۋابلارنى كېمىگە بېسىڭلار، مەن-
مۇ دەريا تەرىپىگە بىللە چىقىشنى قارار
قىلدىم، — دېدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان شاھزادە ئادەتتىن تاشقىرى سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە قايغۇلۇق كۆڭلىگە تەسەللى تاپتى. پەرھاد شۇ شەكىلدىكى ھىيلە بىلەن خاقاننى ئەنسىرەتمەي، مۇشۇ ئىشنىڭ باھانىسىدە ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن سەپەر قىلىشنى كۆزلىدى. بۇ ئىش ئۆز مۇددىئاسىغا مۇۋاپىق كەلگەنلىكى ئۈچۈن كۆڭلى چەكسىز شادلىققا تولدى، قەلبى دەريادەك دولقۇنلىنىپ، لېۋى تەبەسسۇم بىلەن ئېچىلدى. لېكىن يەنىلا خامۇش ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى دەريا دولقۇنىدەك خىياللارغا غەرق بولغانىدى. خىياللار زەنجىرى ئۇنىڭ قەلبىگە چىرمىشىپ كەتكەنىدى. نەزمە:

كېتۇر ساقى، مۇھەببەتى بادەئى ئال،
بۇ دەريا ئىچرە ساغەر زەۋرەقىن سال.
يۇرۇر غەم بەھرىدە جىسمى ھەقىردۇم،
ھەمۇل زەۋرەق بىلە بول دەستىگىردۇم.

* *

سىرلار مەنبەلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

غەۋۋاس ئاتاقلىق مەنبەلەر مەرۋايىتىنى مۇنداق سۈزۈپ چىقتى:

ئەلقىسسە، خاقان بىلەن شاھزادە دەريا سەپىرىنىڭ ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلىرىنى تەييارلاپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى دەريا ساھىلىغا تارتتى.

ئۇلار ئاخىرى مەقسەت مەنزىلىگە يېتىپ باردى. كۆزلىرى دەريا مەنزىرىسىدىن بەھرە ئالدى. دەريا ئۈستىدە گويياكى ياغاچتىن ياسالغان بىر شەھەر پەيدا بولغانىدەك كۆرۈندى. بۇ خاقاننىڭ پەرمانى بويىچە مۇلكدارلار تەييارلىغان سەپەر ئەسلىھەلىرى تولۇق بېسىلغان سۇ ئۈستىدىكى ھېسابسىز كېمىلەر ئىدى. دەريادىكى بۇ كېمىلەر يىراقتىن گوياكى ھەيۋەتلىك بىر شەھەردەك كۆرۈنەتتى. چۈنكى، تولۇق جاھازلانغان ئىككى يۈز كېمە دەرياغا چۈشكەنىدى. بۇ كېمىلەرنىڭ كەڭلىكىگە پەلەك ئۆيىنىڭ چوڭلۇقىمۇ تەڭلىشەلمەيتتى. كېمە تۈۋرۈكلىرى پەلەككە يېتىپ، ئىككى ئوق تۈۋرۈكنىڭ ئۇچىدا ئاي سەرگەردان بولۇپ قالغانىدى. بۇ تۈۋرۈكنىڭ بىر ئۇچى پەلەككە سانجىلغانىدى. تۈۋى يەر قەھرىدىكى ھۆكۈز ۋە بېلىقنى يانجىغانىدى. تۈۋرۈكنىڭ يەلكەنلىرى ئاسمان ئەتلىسىدىن بەلگە بېرىپ، يەلكەنلەرگە تارتىلغان ھەر بىر تاناپ ئالتۇن چاچقۇچى قۇياشنىڭ پارلاق شولىسىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە نىل رەڭلىك ئاسماندەك بىر ئۆي بولۇپ، بۇ ئۆينى پەلەك ياغاچچىلىرى ھىيلە-ھۈنەرلەر بىلەن ئاجايىپ زىننەتلەپ، تېگىگە كاھىش ياتقۇزۇپ، پالاسلارنى سالغانىدى. كېمە ئۆگزىسىنىڭ ئۈستىدىكى گۈمبىزى كۆمتۈرۈلگەن ئاسماندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ تۈۋرۈكنىڭ بىر ئۇچى دەريانىڭ قەرىدە، يەنە بىر ئۇچى ئاسمان گۈمبىزىگە يېتەتتى. بۇ تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۇچى بىر ئۆينى كۆتۈرەلىگۈدەك دەرىجىدە مۇستەھكەم ياسالغانىدى. يەلكەنلىرىدىن چىققان ئاۋاز كۆككە يېتەتتى.

لەڭگەرلىرىمۇ كۆك ئۇستىدە ئارام ئالاتتى.
ئۇنىڭ چىرايلىق گۈمبىزىگە ئوت، بوران،
سۇ تەسىر قىلالمايتتى. بۇ ئۆينىڭ پەلەك
گۈمبىزىگە يەتكەن ئېگىز بىر تۈۋرۈكى
بولۇپ، يۇقىرىدا يۇلتۇز، تۆۋىنىدە ئارقان —
بۇ ئىككىسى ئىككى تەرەپتىن كۆكنى تۇ-
تۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. يۇقىرىدا تۈۋ-
رۈك، تۆۋەندە ئارقان بىرلىشىپ، پەلەكتە
بىر دائىرىنى پەيدا قىلغانىدى. بۇلاردىن
باشقا كۆكتە سەيلە قىلغۇچى بۇ كېمىلەر-
نىڭ راۋانلىقى شامالدەك، يۈرۈشى سۇ-
دىن تېز بولۇپ، كۆك دېڭىزىدا بىر يې-
ڭى ئايدەك كۆرۈنەتتى. يەنە سەندەل يا-
غىچىدىن ياسالغان بىرمىڭ بەشيۈز قولۋاق
بولۇپ، سۇدا مىڭ يىلقىچە ئۈزەلەيتتى.
تېزلىكى كۈچلۈك شامالدەك، ئايلىنىشى
قاينامدەك ئىدى. بۇ قولۋاقلارنىڭ ئالدى-
راش ۋاقىتلاردىكى يۈرۈشى ۋە ئايلىنىشى
قۇرۇقلۇقتا قارا تورۇق چاپقاندەك تېز
ۋە سەيلە-تاماشا قىلغۇچىلارنىڭ ئولتۇرۇ-
شىغا ئەپلىك ئىدى.

خاقان بىلەن شاھزادە ئۈچۈن ئەڭ
چوڭ كېمە ئۈستىگە كەيانىلارنىڭ تەختىگە
ئوخشاش بىر تەخت قويۇلدى. ئۇلار ئالاھى-
دە زىننەتلەنگەن بۇ تەخت ئۈستىدىن ئو-
رۇن ئالدى. چىن خەلقىنىڭ ياغاچتىن يا-
سىغان سۇ ئۈستىدىكى بۇ شەھەرلىرى گو-
ياكى يەنە بىر چىن مەملىكىتىدەك كۆرۈ-
نەتتى. كېمىلەرنىڭ تېزلىك سۈرئىتى ۋە
ئۇنىڭدىكى ئەسلىھەلەر تەلەپتىن يۈز ھەس-
سە ئارتۇق ئىدى. يەنە ھەربىر كېمىدە
سەپەر ئەسۋابلىرى بىلەن بىللە قارۇن
خەزىنىسىدىنمۇ كۆپ خەزىنىلەر بار ئىدى.
كېمىلەردە يەر ئۈستىدە قىلىشقا تېگىشلىك
ھېچقانداق ئىش قالمىغاندەك دەرىجىدە

تەييارلىق قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار ھەي-
ۋەت بىلەن يولغا راۋان بولدى. كېمىلەر-
نىڭ ھەرىكىتىدىن كىشىلەردە گويا چىن
شەھىرىگە زىلزىلە چۈشكەندەك ھېس-تۇي-
غۇ پەيدا بولدى. نەچچە مىڭلىغان كېمى-
چى ھۈنەرۋەنلەر چۈشكەن قولۋاقلار كېمە
ئەتراپىدا بېلىققا ئوخشاش ئۈزەتتى. قول-
ۋاقلار ئۇلارنىڭ ئېتى بولۇپ، ئۇنىڭ تېز-
لىكى سۇدىن تۇتۇن چىقىراتتى. پۈتۈن
كېمىلەر مەقسەت تەرىپىگە قاراپ ئۈزۈپ
بارماقتا ئىدى. خاقانى چىن بىلەن بىللە
پۈتۈن لەشكەرلەر ۋە خىزمەتچىلەر بو-
لۇپ جەمئىي ئون مىڭ كىشى يولغا چۈشتى.
ئۇلار سۇ ئۈستىدە گويا بىر ئالەمدەك ئۈ-
زۈپ كېتىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ سۇدىكى شو-
لىسى يەر يۈزىدەك، يەر ئەمەس، بەلكى
كۆككە ئوخشاش كۆرۈنەتتى. دەريا يۈزى
گويا ئىپاردەك قارا نىقاب بىلەن نىقاب-
لانغانىدى. پەلەكمۇ يۈزىگە بۇلۇتتىن بۇن-
داق نىقاب تۇتالمايتتى.

ئۇلار شۇ سۈرئەتتە ئارال تەرىپىگە
يۈزلەندى. ئىككى كېچە-كۈندۈز يۈرگەن-
دىن كېيىن، شامال چىقىپ، دەريادا دول-
قۇن پەيدا بولدى. شاھ بىلەن شاھزادە
دەريا دولقۇنلىرىنى تاماشا قىلدى. دول-
قۇنلار ئىچىدە يۈزلىگەن قىزىق ھالەتلەر
كۆرۈنەتتى. بۇ ھالەتلەر يوقالسا، ئۇنىڭ
ئورنىغا مىڭلىغان ئاجايىپ-غارايىپلار پەي-
دا بولاتتى. ئەتراپقا نەزەر تاشلىغاندا
كۆپكۆك سۇ كۆك ئاسمانغا ئوخشايتتى.
سۇنىڭ قىرغىقى ئاسمان بىلەن قوشۇلۇپ
كەتكەنىدى. ئەتراپتا يۈزمىڭ خىل بېلىق-
لار چىرايلىق ئۈزۈشۈپ يۈرەتتى. ئەقىل بۇ
بېلىقلارنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشكە ئاجىز ئىدى.
بۇنىڭ ئىچىدىكى چوڭ بېلىقلار شۇنداق

قورقـۇنچلۇق ئىدىكى. ئۇنى كۆرگۈچىلەر-
نىڭ هوشى بېشىدىن ئۇچاتتى. سۇدىكى
چوڭ بېلىقلار گويا يـۈزمىڭ تاغلار هـەر
تەرەپكە يۈرۈش قىلىۋاتقاندەك، ئۇلارنىڭ
تېنىدىكى نەقىشلەر دەريالارنىڭ دولقۇنلى-
رىدەك كۆرۈنەتتى. بۇ بېلىقلارنىڭ هەرى-
كىتىدىن دەريادا گـويا سـۇدىن رەڭلىك
ئاسمانغا زىلزىلە چۈشكەندەك تىنىچسىز-
لىق پەيدا بولاتتى. كىچىك بېلىقلارنىڭ
توپىلاڭلىرىدىن دەريا چايقىلاتتى. كىچىك
بېلىقلار بىلەن چوڭ بېلىقلار بىللە كۆرۈن-
گەندە، بۇ گويا كىشىلەرگە ئوت-چۆپلەر
سەرۋى دەرەخلـەر ئارىسىدا تۇرغـاندەك
سېزىلەتتى. تاشپاقىلارنىڭ جىسمى سۇ
ئۈستىدە گۈمبەز ياسىغان بولۇپ، بۇلارنى
قۇرغۇچى قۇدرەت ئىگىسى بولغان بىناكار
بۇنداق بىنانى سۇدىن خاراب قىلغۇسى
كەلمەيتتى. خۇددى ئاسمان گـۈمبىزىنىڭ
يېرىلمىغىنىدەك شۇنچە هەرىكەتلەردىن
ئۇنىڭ شىپلىرى يېرىلمايتتى. هـەبەشلەر-
نىڭ يولۋاسنى ئوۋلىغىنىدەك لـەهـەڭلەر
بېلىقلارنى ئوۋلاپ يـەرەتتى. بېلىقلارنىڭ
جىسمى قورام تاشتىن بەلگە بېرەتتى. ئۇ-
نىڭ ئارقىسى ئۆتكۈر بىر پـەردىگە ئوخ-
شايتتى. ياق، پەردە ئەمەس، بـەلكى ئۆ-
مۈر كۆچىتىنى كەسكۈچى هەرىدەك ئىدى.
ئۇ، غەم قوشۇنىنىڭ خەنجىرى ۋە بالاي-
ئاپەت قەلئەسىنىڭ كۈنگۈرىسى ئىدى. سۇ-
نىڭ دولقۇنى كۆمۈشتىن توقۇلغان ساۋۇت-
قا ئوخشايتتى، بېلىقلار بولسا ئۇنى ئامبۇر-
دەك ئاغزى بىلەن يـۇتۇپ كېتىۋاتاتتى.
لەهەڭلەرنىڭ ئەتراپىدىكى دولقۇنلار ئەج-
دىها ئەتراپىنى چۈمۈلە ئولاشقـاندەك بىر
هالەتنى شەكىللـەندۈرگـەنىدى. ئەتراپتا
سۇ ئارسلانلىرى كـۆرۈنەتتى. ئۇلار بىرەر
تەرەپكە ئۈزگەن ۋاقىتدا ناخشا ئېيتقاندەك
ئاۋاز چىقىراتتى. سۇدىكى ئىككى تاشپـاقا
جىسمىنىڭ بىر-بىرىگە تېگىپ كېتىشى تاغ-
نىڭ-تاغقا ئۇرۇلغىنىدەك مەلۇم بولاتتى.
بۇ كەڭ دەريا ئىچىدىكى جانىۋارلار قۇ-
رۇقلـۇقتىكى هـايۋانلاردىنمۇ كـۆپ ئىدى.
دەريادىكى دولقۇنلار تىنىچمايتتى. گـويا
ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ياراتقـۇچىنىڭ قو-
لى توزاق يايغانىدى.

ئەلقىسسە، خاقان بىلەن شاهزادە
ئەتراپتىكى سانسىز ئاجايىپ-غارايىپلارنى
كۆرۈپ كېتىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئاسمان با-
لاسى باشلاندى. ئىنتايىن خەتەرلىك بو-
ران چىقىشقا باشلىدى. جەنۇب تەرەپتىن
قاتتىق بوران كېلىپ، دەريا ئۈستىگە قۇ-
يۇن هۇجۇم قىلدى. دەريادا كېتىۋاتقان-
لارغا قورقۇنچ چۈشتى. قىرى كېمىچىلەر
«بىز مۇنداق بالايىقـازانى كـۆرۈپ باق-
قان ئەمەس. بۇنداق بالا هەر يۈز يىلدا



بىر قېتىم يۈز بېرەتتى. بۇنىڭدا ياخشىلىقتىن دېرەك يوق.» دەپ ياقىلىرىنى يىرتىشتى. دەرھال يېڭى ئاي قولۋىقىدىنمۇ تېزرەك ئۈزەلەيدىغان بىر قولۋاقنى كەلتۈرۈشتى. بوران كۈچىيىشتىن ئىلگىرى شاھ بىلەن شاھزادىنىڭ بۇ قولۋاققا چۈشۈۋېلىشىنى سورىدى. پەرھاد ئورنىدىن تۇرۇپ ئەمدىلا قولۋاققا چۈشۈشىگە دولقۇن كۈچىيىپ كېلىپ چوڭ كېمىگە شۇنداق ئۇرۇلدىكى، چوڭ كېمە بىلەن قولۋاقنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تاشلىدى. شاھ چوڭ كېمىدە داد-پەرياد چېكىپ قالدى. بوران شاھزادە چۈشكەن قولۋاقنى ھەيدەپ كەتتى. شاھ بىلەن شاھزادىنىڭ ئارىلىقى يىراقلىشىپ، كۆرۈشكە مۇمكىنچىلىك بولمايدىغان، قارىسى كۆرۈنمەيدىغان ھالەتكە يەتتى. بۇلارغا شۇنداق بۇدالىق چۈشتىكى، گويا جاھاننى توپان باستى. دەريا چايقىلىپ سۇ پەلەككە ئۆرلىدى. يۈز تۈمەن دولقۇنلار بىر-بىرىنىڭ ئارقىسىدىن تۇرۇلۇپ كېلەتتى. دولقۇن ئەۋجى ئارقا-ئارقىدىن كۆككە يېتىپ ھەربىر تاغدەك دولقۇن يەردىن كۆككە چىقىپ، يەنە كۆكتىن يەرگە چۈشەتتى. يۈز تۈمەنىڭ دولقۇنلار ئاسمان يۈزىگە تەستەك تۇراتتى. كۆككە تېگىۋەرگەن شۇنداق تەستەكلەردىن ئاسمان كۆكىرىپ قالاتتى. قۇيۇن كۆكلەرگە كۆتۈرۈپ تاشلىغان ھەربىر كېمە دەريا ئۈستىدە خەشەكتەك چېچىلىپ، لەيلەپ يۈرەتتى. كېمىلەر بىر-بىرىگە قېتىلالماي، كېمىدىكىلەر بىر-بىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلەلمەي قېلىشتى. كېمىلەر ئاسمانغا چىققاندا ئۇنىڭ ئوق تۈۋرۈكى ئاسماندىن تۆكلۈك ئېچىۋېتەتتى. بۇ تۆكلۈكلەردىن ئاسمان يۇلتۇزلىرى بەلگە بېرىپ تۇراتتى. سۇ كۆك بىلەن شۇنداق توقۇنۇشقاندىن كېيىن، پەلەك گۈمبەزلىرىنىڭ شىپى ئاچراپ چۈشتى. بېلىق ۋە سۇ ئارسلانلىرى دەريا دولقۇنى بىلەن پەلەككە چىقىپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەلگەنلىكىنى كۆرۈپ يەنە دەريا قەرىگە قايتىپ چۈشەتتى. سۇنىڭ ئىچىدە قالغان دۇنيانى قىزدۇرغۇچى قۇياش خىرۇستال ئىچىدىكى مەرۋايىتتەك كۆرۈنەتتى. كۆك مۈلكىدە ئۆزىگە ئورۇن تاپالمىغان پەرىشتىلەر سۇ ئۈستىگە قۇشتەك قوناتتى. بۇ بالا-قازا ھەربىر كېمىنى يەردىن كۆككە، كۆكتىن يەرگە ئېتىۋېرىپ، ئۇلارنى پاچاقلاپ تەرەپ-تەرەپكە ئېقىتىپ كەتتى. بۇ بالا-قازا ئىچىدە پاچاقلانماي قالغان بەزى كېمىلەرمۇ بار ئىدى. بۇ كېمىدىكىلەر باشقا كېمىلەر ۋە ئۇلاردىكى ئەھۋالنى بىلمەيتتى.

جاھانغا تۈنىنىڭ نىقابى يېپىلغۇچە دەريادا ئەنە شۇنداق توپىلاڭ بولۇپ تۇردى. تۈن كېچىسى قۇياشنى ئۆزىنىڭ قارا جۇۋىسى ئىچىگە يوشۇردى. دەريانىڭ سۈلەيسۇن جۇۋىسىغا دولقۇن چۈشتى. سۇ ئۈستىدىكى بوران توختىدى ۋە يەر ئۈستىدە كۆك دېڭىزى ئورۇنلاشتى. دەريادىكى كېمىلەر، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى خەلق ۋە ئەشيالارنىڭ تولىسى بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ پارچىلىنىپ كەتكەن؛ بىر قىسمى كۆك ئۈستىدە، بەزىسى سۇنىڭ قەرىدە قالغان، خەلقنىڭ كۆپچىلىكىگە كېسەل تېگىپ، سۇغا غەرق بولۇپ كەتكەنلىرى بېلىقلارغا يەم بولغانىدى. بۇ ئۆزگىرىپ تۇرغۇچى پەلەك كېمىلەرنى پاچاقلاپ بەدەن قولۋاقلىرىنىمۇ ئاۋارە قىلىپ، بىريۈز ئون كېمىدىن بىرىنىمۇ قالدۇرمىدى. بەزىلەر بىرەر تاختا پارچىسىدا قالغان بولسا، بەزىلىرىنى دولقۇن دەريا قىرغاقلىرىغا تاشلىدى.

خاقان بىلەن مۈلكدارلار ۋە باشقىلار بىر چوڭ كېمە ئىچىدە ئىدى. بۇ زالىم پەلەك ئۇلارغا قانچە ئاداۋەت قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ كېمىدە سالامەت قالغانىدى. كېمىدىكىلەردىن بەزىلىرى ئۆلۈكتەك

چىمچىت، بەزىلىرى ھوشسىز ئىدى. چوڭ
كېمە بىر قىرغاقتا كېلىپ توختىدى. ئۇلار
تاسادىپىي چىقىپ قالغان بۇ قىرغاق چىن
مۇلكىگە تەۋە ئىدى (ئۇلاردىن باشقا بو-
راندىن ئامان قالغانلارنىڭ ھەر بىرى بى-
رەر ئىقلىمغا چىقىشتى).

خاقان كېمىسى چىن مەملىكىتىنىڭ
چېگرىسىغا يەتتى. بۇ ھەقتىكى خەۋەر
يىراق-يېقىن جايلارغا تارقالدى. مەملى-
كەت خەلقى ئۆتكەن ئىشلاردىن خەۋەر تې-
پىپ پادىشاھ بىلەن مۇلكىئارا ۋە باشقىلار-
نى كېمىدىن چىقىرىشتى. ئۇلار كۆپ تى-
رىشچانلىق بىلەن، ھوشىدىن كەتكەنلەر-
نىڭ دىمىقىغا خۇش بۇي دورىلارنى پۈركىتىپ
ھوشىغا كەلتۈرۈشتى. شاھ شۇ چاغدىلا ئۆز
ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار بولدى. خا-
لايىقمۇ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپ-
تى. خاقان پەرھادنىڭ يوقالغانلىقىنى بى-
لىپ يەنە پەرياد ئۇرۇپ مۇسىبەتكە چۈشتى.
بەزىدە، پەرھادنىڭ بىرەر جايدىن چىقىپ
كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، سوقراتنىڭ
بىشارەتلىرىنىمۇ ئەسلەيتتى. لېكىن ئۇ،
ئۆزىنىڭ قۇتۇلغانلىقىدىن خۇشال ئەمەس
ئىدى. خاقان بىلەن مۇلكىئارا ئۆزىنىڭ
ئۆمۈر دۆلىتىنى غەنىمەت بىلىشىمۇ يەنىلا
چىن تەختىگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. نەزمە:

كېتۈر ساقى، قەدەھكىم ناتەۋانمەن،
مەلالەت بەھرىدە ئازۇردە جانمەن.
قەدەھ كىشتىسىغە جانىمنى خاس ئەت،
مېنى بۇ غۇسسە بەھرىدىن خالاس ئەت.

* *

سىرلار مەنىلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇ-
چىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت
بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەب-
بەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ
مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى
ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىم-
لىق ۋە تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندى-
كىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

بۇ دېڭىزنى ساياھەت قىلغان كىشى
دېڭىزدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى مۇنداق
ھېكايە قىلىدۇ:

دولقۇن لەشكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن
دەريا چايقالغان چاغدا پەرھاد چۈشكەن
قۇلۇاق ئاسمان دەرياسىنىڭ زۇلمىدىن
پايانسىز كەڭ دەرياغا غەرق بولۇپ كەت-
تى. بىراق پەرھادقا بىر پارچە تاختا قال-
غانىدى. پەرھاد تاختىغا مەھكەم يېپىشتى،
لېكىن ئۆزىنىڭ جېنى ۋە جىسمى بىلەن
ۋىدالىشىپ قويدى. ئۇنىڭ مادارسىز جىس-
مى شۇ تاختا پارچىسىغا ئوخشاپ قالغان،
زەئىپ جېنى بولسا تۇمشۇقىغا كېلىپ قال-
غانىدى. چەكسىز دەريادىن بۇ ماجىرانى
كۆرۈپ، ھەر نەپەستە يۈز قېتىم ئۆز جې-
نىدىن قول ئۈزەتتى. ئاسمان ئاخشام كې-
چىسىنى پاچاقلاپ، پەلەك دەرياسىغا يۇل-
تۇز مەرۋايىتلىرى پاتقاندىن كېيىن، دول-
قۇنلار دەريا يۈزىدىن توزاقلىرىنى يىغىش-
تۇرۇۋالدى. توپىلاڭ قۇشلىرى ئارام ئېلىش-
قا چۈشتى. پەرھاد ئورۇنلاشقان تاختا
پارچىسىنىڭ يولى يەمەن مەملىكىتىدىكى
بىر تائىپىنىڭ چېگرىسىغا كېلىپ قالدى.
تەن كىشىنىڭ جېنىغا تاختا بولغاندەك،
بۇ تاختا پارچىسىمۇ پەرھادقا پاناھلىنىش
ئورنى بولغانىدى. جىسمىدا جاندىن ئازغى-
نە ئەسەرمۇ يوق تېنىدە روھ دېگەن
سۆزنى يازغۇدەك ھەرپتىن بىرسىمۇ يوق ئىدى.

شۇ چاغدا تېز سۈرئەت بىلەن يە-
مەنگە قاراپ ماڭغان بىر كېمە يېتىپ كەل-
دى. كېمىدە گۆھەر، مەرۋايىت سودىسى
ئۈچۈن يولغا چىققان ۋە دېڭىزنى دەس-
مايە قىلغان سودىگەرلەر بار ئىدى.

سودىگەرلەر يىراقتىن ئۈستىدە بىر

كىشى تۇرغان تاختا پارچىسىنىڭ ئېقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆردى. كېمىچىلەر بۇ تاختا پارچىسىنى ئۆز كېمىسىنىڭ يېنىغا تارتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە ھادىسىلەر بورىنىنىڭ زەربىسىدىن زەئىپلەشكەن بىر ياش يىگىت ياتاتتى. ئۇ ھوشىنى يوقاتقان مەستلەردەك، بەلكى ئۆلۈكتەك جانسىز ئىدى. كېمىچىلەر خېلى ۋاقىتقىچە ئۇنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سېلىپ، ئۇنىڭ نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنى، تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى.

ئۇلار ناھايىتى خۇشاللىنىپ، ئۇنى دەرھال كېمە ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ دىمىقىغا خۇش بۇي دورىلارنى پۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچقانلىقىدىن ھاياتلىقى مەلۇم بولدى. ئاغزىغا شەربەتلەرنى تېمىتىپ، تاماق يېگۈزدى. ئۇ قۇۋۋەتلىنىپ، ئولتۇرغۇدەك ھالغا كەلدى ۋە كېمىدىكىلەردىن ئۆز ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇلارمۇ بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلدى. كېمىدىكىلەر ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سوراشقا باشلىدى. پەرھاد ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ:

— بىز خوتەن شەھىرىدىن يەمەنگە قاراپ يولغا چىققان بىر سودىگەرلەر گۇرۇھى ئىدۇق. دەريا دولقۇنى كېمىمىزنى بار-يوق نەرسىلىرىمىز بىلەن دەرياغا غەرق قىلىۋەتتى. ماڭا ھاياتلىق چارىسى سۈپىتىدە بۇ تاختا پارچىسى نېسىپ بولدى. مەن شۇ تاختا پارچىسىنى قۇچاقلىغىنىمچە ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. بېشىمغا دەردۇ غەمدىن ئۆزگە نەرسە كەلمىدى. بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىمنى ۋە باشقىلارنىڭ بار-يوقلۇقىنى بىلمەيتتىم، ھاياتىم ئاخىرلىشىشقا يۈزلىنىپ، قۇتۇلۇشتىن مۇتلەق ئۈمىدىم قالمىغانىدى. خۇداغا شۈكرى، ئۆلۈمدىن جېنىم ئامان قالدى. سىلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە مەرھەمەتلىرىڭلاردىن ماڭا نىجادلىق يۈزلەندى. ئۆز ئەھۋالىمنى قىياس قىلىپ كۆرسەم، سىلەرگە بولغان مىننەتدارلىقىمنى ئادا قىلىش ناھايىتى قىيىندۇر. تەقدىرنىڭ مېنى ئۆلتۈرمەكتىن باشقا چارىسى قالمىغانىدى. ھايات قېلىشىمغا سەۋەب بولغىنىڭىزلار ئۈچۈن سىلەرگە مىڭ يىل ئۆزرە ئېيتسامىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. ماڭا كەلگەن بۇ غېرىبلىق، ئاجىزلىق، كېسەللىكلەر ھېچكىمنىڭ بېشىغا چۈشمىسۇن. تىرىك ئىكەنمەن سىلەرگە بەندىمەن. ياخشىلىقىڭلار ئۈچۈن ئالدىڭلاردا تاكى ئۆلگۈچە شەرمەندىمەن، — دەپ كۆپ ئۆزرىلەر ئېيتتى.

كېمە ئەھلى پەرھادتىكى بۇ كەمتەرلىكنى، سۆزىدىكى گۈزەللىكنى ۋە باشتىن-ئايىغىچە شاھانە بەلگىلەرنى كۆردى. ئۇنىڭ تىلىدىن گۆھەر تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بىتابلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا جان-دىل بىلەن خىزمەت قىلىشقا بەل باغلىدى. پەرھادقا ماغدۇر كىرگۈچە يېمەك-ئىچمەككە سېخىلىق بىلەن شەپقەت قىلدى ۋە ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قېلىشتى.

شۇ چاغدا دەريادا بىرقانچە قولۋاق پەيدا بولۇپ قالدى. بۇنى كۆرگەن كېمىدىكى سودىگەرلەرنىڭ بېشىغا ماتەم چۈشتى. ماتەم بارغانسېرى كۈچەيدى. ئۇلارنىڭ بىر-بىرسىدىن رازىلىق ئېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پەرھادنىڭ يۈرىكى سىقىلدى. ئەمما بۇ سودىگەرلەر ئۆزىنىڭ جېنىدىن، مال-دۇنياسىدىن ئەنسىرىمەي، بەلكى پەرھادنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەيتتى. ھەيرانلىقتا قالغان پەرھاد ئۇلاردىن:

— نېمىشقا بۇنداق غەم-قايغۇغا چۆشۈپ قالىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

ئۇلار يىغلاپ:

— سەن نېمىنى سوراۋاتىسەن؟ دەريادىكى ئاۋۇ قولۋاقلارنى كۆردۈڭمۇ، قولۋاقتىكىلەر ئارالغا ماكانلاشقان قاراقچىلاردۇر. ئۇلار دائىم بۇ چەكسىز دەريادا ئۈزۈپ يۈرىدۇ. ئەگەر ئۇلارغا يالغۇز ياكى ئىككى-ئۈچ كېمە يولۇقۇپ قالسا، ئۇلار تەرەپ-تەرەپتىن قورشاپ كېلىپ، نېفىت تولدۇرۇلغان شىشىلەر بىلەن كېمىلەرگە ئوت قويۇپ، كۆيدۈرىدۇ. كېمىدىكى خەلقنى ئۆلتۈرۈپ، پۇل-ماللىرىنى بۇلاپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ دەريادىكى تىجارىتى شۇ. بۇ يول ئەسلىدە تىنچ يول ئەمەس ئىدى. دەريا دولقۇنى كېمىمىزنى مۇشۇ تەرەپكە سىلىپ قويغان. بۇ قاراقچىلاردىن بىزگە ئەمدى ياخشىلىق كەلمەيدۇ. بۇ گۇرۇھتىن خالاس بولۇشقا ئۈمىدىمىزمۇ يوق، — دېدى.

شاھزادە بۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى ۋە:

— سىلەر ھەرگىز ئەندىشە قىلماڭلار، تەڭرى سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ئامان ساقلايدۇ. سىلەرگە ئۇلاردىن مۇتلەق ئاپەت يەتمەيدۇ. كېمەڭلەردە چوڭراق يا بىلەن بىرنەچچە تال ئوق تېپىلامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

پۈتۈن كېمىدىكىلەر ھەيران قېلىپ، چۇقۇرۇشۇپ كەتتى ۋە دەرھال بىر يانى تېپىپ كەلتۈرۈشتى. بۇ يانىڭ چوڭلۇقىغا تەڭ كېلەلەيدىغان يامۇ تېپىلمايتتى. ئۇنىڭغا لايىق كېلىدىغان بىرقانچە تال ئوقمۇ بار ئىدى.

پەرھاد يانى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭ بۇرجەكلىرىنى ياساپ، ئوقلارنى تۈزلەپ، قاراقچىلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىشكە تەييارلاندى. پەرھاد ئوق بىلەن يانى تۈزەشتۈرگۈچە، قاراقچىلار تەرەپ-تەرەپتىن قورشاپ كەلدى ۋە كېمىنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن نېفىت شىشىلىرىگە ئوت يېقىشقا باشلىدى. پەرھاد بۇنى كۆرۈپ، نېفىت شىشىسىگە ئوت يېقىۋاتقان قاراقچىغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى. ئوق ئوت يېقىلغان شىشىنى سۇندۇرۇپ نېفىت ئىدىشىغە چۈشتى-دە، ئىدىشقا ئوت كەتتى. قولۋاق قاراقچىلار بىلەن پۈتۈنلەي كۆيۈپ تۈگەشتى. ئىككىنچى قولۋاقتىكى نېفىت شىشىسىنى تۇتقان قاراقچىغا قارىتىپ ئاتقانىدى، ئۇ قولۋاقمۇ ئوت كەتتى. ئىككى قولۋاقنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن باشقا قولۋاقلاردىكى قاراقچىلار قېچىشقا باشلىدى. ئۇلار قېچىپ ئۈلگۈرگىچە پەرھاد ئون-ئونبەش قولۋاقنىڭ ئىشىنى سەرەمجانلاشتۇردى. قاراقچىلاردىن بەزىلىرى ئۆلۈپ، بەزىلىرى كۆيۈپ، بەزىلىرى قېچىپ سەرسان بولدى.

پەرھادنىڭ بۇ ئىشىنى كۆرگەن كېمىدىكى سودىگەرلەر ھەيران قالدى. ئۇلاردىن بىرى خۇشال بولسا، ئۇنى ھالىدىن كېتەتتى. سودىگەرلەر پەرھادنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ، ئۇنىڭ بېشىدىن پەرۋانىدەك ئايلىناتتى. ئۇنىڭغا جېنىنى بېغىشلاپ، ماللىرىنى ئالدىغا تۆكەتتى. لېكىن پەرھادنىڭ زەئىپلىكى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، قايغۇ يېپى بارغانسېرى ئۈزۈراشقا باشلىدى. كېمە ئەھلى پەرھادنىڭ كۆڭلىنى ياسايتتى. بىراق پەرھاد كۈندىن-كۈنگە غەم-قايغۇغا چۆكەتتى.

كىمە بىرقانچە كۈن يۈرگەندىن كىيىن يەمەن ساھىلى كۆرۈندى. بۇلار كىمىنى يەمەن تەرەپكە ھەيدەپ ساق-سالامەت قىرغاققا چىقتى. ھەممەيلەن بالا-قازادىن قۇتۇلدى. كىمە ئەھلى شەھەرگە كىرىپ بىر ياخشى مەنزىلنى تاپتى. دەرھال يۈكلەرنى يېشىپ مەيپەلەرگە بېسىپ، شۇ مەنزىلگە چۈشتى-دە، ئارامىمۇ ئالماي پەرھادنىڭ ئالدىدا ياخشى بىر بەزمە تۈزدى. ھېقىققا ئوخشاش شۇنداق سۈزۈك مەيلەرنى كەلتۈردىكى، يەمەندىنمۇ مۇنداق سۈزۈك ھېقىق تېپىلمايتتى. مەينىڭ تەسىرىدە پەرھادنىڭ بېشى قىزىپ، كۆزىدىن قانلىق يېشىنى تۆكۈشكە باشلىدى. نەزمە:

چۈ مەي بىرلە قىزىشتى باشى ئانىڭ،
سۇراھىدەك ئاقىپ قان ياشى ئانىڭ.
كېلىپ يادىغە ھەردەم تەختۇ جاھى،
بېھىشتى قەسرئىلە خەيلۇ سىپاھى.
ئاتاسى قالماغى دەريا ئارا زار،
ئاناسى كۆڭلىدە يۈز ئانچە ئازار.

پەرھادنىڭ ئۆز تەختى، شانۇ-شەۋكىتى، جەننەتكە ئوخشاش قەسىرلىرى ۋە لەشكەرلىرى ھەممىشە يادىغا كېلەتتى. ئاتىسىنىڭ دەريادا تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىرىنى، ئانىسىنىڭ كۆڭلىگە يەتكەن يۈزلىگەن ئازارلارنى ئەسلەيتتى. ئۆزىنىڭمۇ تۈمەنلىك قايغۇ ئىچىدە بىچارە ۋە ئاۋارە بولۇپ قالغىنىنى ئويلايتتى. بەزىدە يالغۇزلۇق قەلبىنى زەخمىلەندۈرسە، بەزىدە كىيەللىك جىنىغا نەيزە سانجىيتتى. ئىستىكىگە يېتەلمىگەنلىكى ئۇنىڭ جىنىنى كۆيدۈرەتتى. ئۇنىڭ كەيپىياتى دائىم ئۆزگىرىپ تۇراتتى. ئۆزىنىڭ بۇ قايغۇسى ئارقىلىق ئەتراپىدىكىلەرنى ماتەمگە سالاتتى. سودىگەرلەر ئۇنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىپ، بىرى يىغلىسا، بىرى ھەيران بولاتتى. بىراق، ھېچكىممۇ پەرھادنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى چۈشەنمەيتتى. پەرھادمۇ ئۆز ئەھۋالىنىڭ نېمە بولۇشىنى بىلمەيتتى.

بۇ بەزمىدە سەممىي، مەرد، ئەقىللىق بىر مۇساپىر كىشى بار ئىدى. ئۇ ھۈنەر بابىدا زامانىنىڭ ئۇستازى، ئۆز زامانىسىنىڭ تەڭداشسىز نەققاشى ئىدى. ئۇ نەقىش سىزىشتا قەلەم تارتقان چاغدا تەقدىر قەلىمىگە ئورۇنباسار بولاتتى. ئۇ قايسىبىر سۈرەتنى سىزىشقا باشلىسا جاھان خەلقى شۇ سۈرەتنى كۆرۈپ، سۈرەتپەرەس بولۇپ قالاتتى. مەملىكەتمۇ مەملىكەت كېزىپ چىققان، غەرب چېگرىسىدىن تاكى شەرقىچە ساياھەت قىلغانىدى. خىتاي مەملىكىتىگىمۇ قەدىمى يەتكەن بولۇپ، نەققاش مانى ئۇنىڭ نەقىشلىرىگە قايىل بولغان ۋە ئۇنىڭدىن مەدەت ئالغانىدى. مانى ئۇنىڭدىن گۇۋاھنامە بېرىشنى سورىغاندا ئۇ مۇۋاپىق كۆرمىگەنىدى. پۈتۈن رەسساملار ئۇنىڭ سىزغان سۈرەتلىرىنى دەستۇر قىلاتتى. جاھان خەلقى ئۇنى شاپۇر دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتايتتى. ساياھەت جەريانىدا پەلەكنىڭ تەقدىرى شاپۇرنى بۇ سودىگەرلەر گۇرۇھىغا ھەمراھ قىلغانىدى.

شاپۇر پەرھادنىڭ ئىشلىرىغا تولىمۇ ھەيران ئىدى. چۈنكى ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بۇنداق ئەھۋالنى ئۇچرىتىپ باقمىغانىدى. ئۇ پەرھادنىڭ ھەر بىر ئىشىنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىپ كۆرسىمۇ تېگىگە يېتەلمىدى. پەرھادنىڭ دەريادىكى جەڭگىۋارلىقىنى، بەزمىدىكى بىچارىلىقىنى

كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران بولدى. ئۇنىڭ چەككەن پەرياد-پەغانغا قاراپ كۆزىدىن ئىختىياسىز ياش تۆكتى. شاپۇر كۆپ تەھلىل قىلىپ، پەرھادنىڭ قەلبىنى ئىشق تىغى زەخىملەندۈرگەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭ ئۆرتىنىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، داۋالىماقچى بولدى. لېكىن پەرھاد ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى. پەرھادنىڭ ئىشق ئوتىدا كۆيۈۋاتقىنىغا قاراپ، ئۇنىڭغا ئىشق ئوتىدىن سۆز باشلىدى ۋە ئىشق-مۇھەببەت توغرىسىدا ئېيتقان ھېكايىسىنىڭ پەرھادقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. دانىشمەنلىكتە تەڭدىشى بولمىغان شاپۇر، پەرھادنىڭ ئۆرتىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، سۆيگۈ-مۇھەببەتتىن كۆيۈپلىگەن ئوتلۇق ئەپسانىلەرنى سۆزلەيتتى. پەرھاد ئۇنى ئاڭلىشىدا يىغىدىن ئۆزىنى تۇتالماي قالاتتى. شاپۇر شۇ خىل ئۇسۇللار بىلەن پەرھادنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى.

پەرھادمۇ ئەقىللىق شاپۇر بىلەن دوستلىشىۋالدى. ئۇنى كۆرمەي بىردەممۇ چىدالمايتتى ۋە شاپۇرنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنى مۇھەببەت داستانلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە ئۈندەيتتى. شاپۇر سۆزلىسە، پەرھاد زار-زار يىغلايتتى. ئۇ سۆزلىمىسە، ئازابلىناتتى.

شاپۇر شۇنداق قىلىپ پەرھاد بىلەن دوست، سەپەرداش ۋە سىرداش بولۇپ قالدى. ئۇ پەرھادتىن ئاستا-ئاستا ئەھۋال سوراپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر سىرلىرىنى بىلىشكە باشلىدى.

پەرھاد ئاخىرى ئۆز سىرلىرىنىڭ پەردىسىنى ئاچتى. شاپۇر ئۇنىڭ سىرلىرىدىن نېمىنى سورىسا، پەرھادمۇ دەرھال جاۋاب بېرىپ، بىلىشنى خالىغان ئەھۋاللاردىن ئۇنى ۋاقىپلاندۇراتتى. شاپۇر سوئال يۈزىنىڭ نىقابىنى ئېچىپ:

— ئالدى بىلەن ئەسلى نەسلىڭنى، قايسى گۆھەردىن ئىكەنلىكىڭنى، قايسى مەملىكەتتىن ئىكەنلىكىڭنى... پۈتۈن ئەھۋالىڭنى ماڭا بايان قىلغىن، — دېدى.

پەرھاد:

— مېنىڭ قايسى مەملىكەتتىن ئىكەنلىكىمنى ۋە ئەسلىم بىلەن گۆھىرىمنى سورىساڭ، ئۇ ھەقتە سۆزلەشتىن ماڭا ياخشىلىق بولمىغىنىدەك، ئۇنى ئاڭلاشتىن ساڭىمۇ پايدا يوق. لېكىن، ئەھۋالىمدىن نىشانە سوراپ قالدىڭ، مەن ساڭا قىسقىچە نىشانە ئېيتىپ بېرەي، — دەپ ئۆز ئەھۋالىدىن تۆۋەندىكى نەزمىلەرنى كۆرسەتتى، — مەن يۈرىكى ئېزىلگەن بىر جاپاكەشمەن. ئىلگىرى مەنمۇ باشقىلاردەك شاد-خۇرام ياشايتتىم ھەم باشقا ئىشلاردىن كۆرە ئىبادەتنى ياخشى كۆرۈپ، تەقۋادارلىق ۋە زاھىدلىققا تىرىشاتتىم. بىر كېچىسى ماڭا تويۇقسىز بىر بالا يۈزلەندى. يايغا ئوخشاش پەلەكنىڭ تەسىرلىك بىر تال ئوقى كېلىپ يۈرىكىمگە تەگدى، گۈزەل بىر مەملىكەت چۈشۈمگە كىردى. ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەلرەك مەملىكەتنى كۆرۈپ باققان ئەمەسمەن، — دەپ پەرھاد شاپۇرغا كۆرگەن چۈشىنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى. پەرھاد ئۇ دىلنى تارتقۇچى ئاي يۈزلۈك گۈزەلنى تەرىپلەشكە باشلىغىنىدا سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي، ئاھ تارتىپ، بىھوش بولۇپ يىقىلدى. شاپۇر پەرھادنىڭ ئەھۋالىنى بېشىدىن-ئاخىرىغىچە بىلىپ چىقىپ، جان-دىلى بىلەن ئۇنىڭغا چارە ئىزدىمەكچى بولدى ۋە پەرھادنىڭ بېشىنى كۆكسىگە بېسىپ، تىرىشىپ ئۇنى

هوشىغا كەلتۈردى. باشقا سودىگەرلەر پەرھادقا ھە دەپ، مەي كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىمۇ ئارقا-ئارقىدىن ئىچىۋېرىپ ھوشىنى يوقاتقاندى. شۇڭا بۇ ئىككى سىرداشنىڭ قىلىشقان سۆزلىرىدىن بىخەۋەر ئىدى. شاپۇر ئۇلارنىڭ ھوشىدىن ئايرىلغانلىقىنى كۆرۈپ، پەرھادنىڭ ئىشىغا ياردەم قىلماقچى بولدى. شاپۇر:

— ئەي خازان پەسلىدىن كۆلپەت چەككەن مۇھەببەت بوستانىنىڭ ئازاد سەرۋىسى، مەن ساڭا ھەمدەم بولۇپ قالدىم. بارلىق سىرلىرىڭغا مەھرەم بولۇپ قالدىم. تەڭرىنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن ماڭا مەقسەد-مۇددىئايىڭنى بايان قىلغىن. سەن ئىزدىمەكچى بولغان خەزىنە قۇلۇپىنىڭ ئاچقۇچىنى مەندىن تاپالايسەن. قايغۇرما، سەن ماڭا باشتىن-ئاخىر تەرىپلەپ بەرگەن جاينىڭ نىشانىسىنى مەن بىلىمەن. دىلنى تارتقۇچى ئۇنىڭدەك يەنە بىر ئۆلكە بۇ جاھاندىن تېپىلمايدۇ. مەن ئۇ جاينى كۆرۈپ، شۇ يەردە بولغانمەن. ئۇ زېمىن پاكىزە گۈللەرگە تولۇپ ياتىدۇ، ھاۋاسى جانغا راھەت بېغىشلايدۇ. بۇ جەننەت بېغىدەك كۆرۈنگۈچى زېمىننىڭ نامى «ئەرمەن» دۇر. نەزمە:

ھەۋاسى جانفەزا گۈل ئاندا خىرمەن،
نەزاكەتتە ئىرەمدەك ئاتى-ئەرمەن.

ئەگەر ئەرمەنىيەگە بارماقچى بولساڭ مەن يول باشلىغۇچىڭ، بەلكى چاكىرىڭ بولۇشنى خالايمەن، — دېدى.

پەرھاد بۇ يېقىملىق سۆزلىگۈچىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ بەختىگە ۋە ئۇ قىلغان سۆزلەرگە ئىشىنەلمەي قالدى.

شاپۇرمۇ ئۆزىنىڭ سۆزىگە ئۇنىڭ ئىشەنچ قىلالمايۋاتقانلىقىنى پەملەپ:

— ئەگەر بۇ سۆزۈمگە سەن ئىشەنمىسەڭ، سەن ئىزدىگەن جاينى كۆرگەنلىكىمنى ئىسپاتلاپ بېرىمەن، — دېدى-دە، قەلىمىنى چىقىرىپ بىر ۋاراق قەغەزگە پەرھاد ئېيتقان جاينىڭ رەسىمىنى سىزىشقا باشلىدى. ئۇ دىلنى مەپتۇن قىلغۇچى شۇنداق بىر رەسىمنى سىزدىكى، پەرھادنىڭ ئېيتقىنىدىن قىلچىمۇ پەرقلەنمەيتتى.

پەرھاد سۈرەتنى كۆرۈپ، شاپۇر ئېيتقان سۆزلەرنىڭ راستلىقىغا ئىشەندى. مەشۇقىنىڭ مەملىكىتىدىن نىشانە تېپىلغىنىدىن كېيىن، پەرھاد مۇھەببەت شارابىدىن مەست بولۇپ، ئاھ تارتقىنىچە يىقىلدى. نەزمە:

كېتۈر ساقى، ماڭا ئىشرەت ئاياغىن،
كى دەۋران بەردى مەقسۇدۇم سوراغىن.
مېنى چۈن قىلدى مەھۋى ئەرمەنى زار،
چېكەي بىر نەچچە ساغەر ئەرمەنىۋار.

* *

سىرلار مەنىلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇ ئىشىق مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

سائادەتلىك يول باشلىغۇچى بۇ ۋادىغا يۈرۈش قىلىشنىڭ مەقسەت-نىشانىسىنى مۇنداق كۆرسەتتى:

ئەلقىسسە، پەرھاد ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئېچىپ، شاپۇر ئېيتقان سۆزلەرنى ۋە ئۇ

سىزغان ئەرمەن دۆلىتىنىڭ سۈرىتىنى ئېسىگە ئالدى. تېخى كېچىنىڭ قاراڭغۇسى كەتمىگەنىدى. ھاۋانىڭ كۆزى سۇرمە رەڭدە ئىدى. پەرھاد دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ شاپۇرنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئايىغىنى سۆيۈشكە باشلىدى.

شاپۇر پەرھادنىڭ تاۋۇشىدىن ئويغىنىپ كەتتى. پەرھادقا قارىغانىدى، ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئۇنىڭدىن نۇر تاپقانلىقىنى كۆردى.

— ئەي دەردمەن ئىشق ئەھلىنىڭ شاھى، سېنىڭ ئىزىڭ مۇھەببەت گۇرۇھىنىڭ قىبلىگاھىدۇر. بۇ يەرگە كېلىشىڭدە بەلكى تۈنۈگۈن ئارىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن سۆزلەردىن باشقا مەقسەت بولمىسا كېرەك؟ — دېدى شاپۇر تۈنۈگۈن بولۇپ ئۆتكەن سۆزلەرنى ئەسلىتىپ.

پەرھاد شاپۇرنىڭ ئايىغىغا بېشىنى قويدى ۋە شاپۇرغا:

— دىلكەش خەۋەرلىرىڭ جانىنىڭ تىلىكى، جانغا راھەت بېغىشلىغۇچى سۆزلىرىڭ كۆڭۈل ئارزۇسىدۇر. بۇ سەۋدا بىلەن كۆڭلۈم بەھرىلەندى، ئۇ سۆزلىرىڭدىن مۇڭلۇق كۆڭلۈم تىلەككە يەتكەندەك بولدى. ئەمدى ۋەدەڭگە ۋاپا قىلىپ، ئېيتقان سۆزلىرىڭنى ئورۇندىشىڭ كېرەك، — دېدى.

شاپۇر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

— يۈزۈڭ زامانىمىزنىڭ چىرىغىدۇر. ئەگەر يولدا، ھەمراھ بولالىساڭ، يولۇم جەننەتكە ئايلىنىدۇ. سەندە ھەقىقەتەن شۇنداق مەقسەت بولسا، «بىسمىللاھ» دەپ يولغا چۈشەيلى، — دېدى.

شاپۇر يولغا چۈشمەكچى بولدى. پەرھاد ئۇنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ بولغانلىقىدىن خۇشاللىنىپ، بىللە يولغا راۋان بولدى. پەرھاد ئۇنىڭغا سايىدەك ئەگىشىپ، يوللارنى كېزىپ، مەنزىلمۇ مەنزىل يۈرۈپ ئاراممۇ ئالمىدى. شاپۇر پەرھادقا ھەمدەم بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ ماڭدى. بەزىدە ھەمراھلىقنىڭ خاسىيەتلىرىدىن سۆزلەشسە، بەزىدە مەقسەت بىرلىكىدىن سۆزلىشەتتى. بەزىدە پەرھاد شاپۇر سىزغان سۈرەتنى قولىغا ئېلىپ باشتىن-ئاخىرغىچە كۆرۈپ چىقاتتى ۋە ئۇنىڭ بۇ سۈرىتىگە تۈمەننىڭ ئاپىرىنلارنى ئوقۇيتتى. ئۇ كۆڭلىدە: «شاپۇرنىڭ سىزغان بۇ سۈرىتىدىن چىن سۈرەتلىرى رەشك قىلىدۇ» دەپ ئويلايتتى.

شۇ يوسۇندا بىر قانچە مۇددەت يول باسقاندىن كېيىن ئەرمەن مەملىكىتىگە يېتىپ كەلدى. شاپۇر پەرھادقا:

— ئەي بەختلىك دوستۇم، سەن چۈشۈڭدە كۆرگەن مەملىكەت مانا شۇ. ئەتراپنى تاماشا قىلىپ كۆر. ئۆزۈڭ تەلەپ قىلغان جاي بەلكىم يولۇقۇپ قالار، — دېدى.

پەرھاد شاپۇرنىڭ سۆزىنى چۈشىنىپ چىدام بىلەن قەدەم تاشلىدى. ئىككى-ئۈچ كۈن دىققەت بىلەن يۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا زور خۇشاللىق يۈزلەندى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، چۈشىدە ئەقلىنى شەيدا قىلغان ھېلىقى دەشت كۆرۈندى. بۇ جاي ئاشۇ مايسىزار سەۋسەنزار ۋە گۈل-چېچەكلەر ھەم ئاشۇ گۈللەر ئەتراپىدىكى بۇلبۇللارنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى تەقۋادارلارنىڭ روشەن كۆزىنى خىرە قىلاتتى. بۇ يەرنىڭ شامىلى ئەقىل چىرىغىنى ئۆچۈرەتتى. بۇ جاينىڭ گۈل-گىياھلىرى ۋە تىكەنلىرى پەرھادقا

قەدىناس دوستلىرىدەك كۆرۈندى. بۇ ھال ئۇنىڭ كۆڭلىنى پارە-پارە قىلىشقا، ئاجىزلاشتۇرۇشقا، ئۇنى ئاۋارە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ بالا ۋادىسىغا قەدەم تاشلاپ، مالامەت چوققىسىغا ئاھ بايرىقىنى تارتىپ، شاپۇرغا دېدىكى:

— ئەي جانىجان دوستۇم! دوستلۇق قائىدىسى ساڭا مۇناسىپ ئىكەن. ئاشۇ چۈشۈمدە كۆرگەن ۋادا ۋە كۆككە يەتكەن تاغلارنى بۇ يەردە ئەينەن كۆرۈۋاتىمەن. ئەمدى ماڭا تېخىمۇ كۆپرەك ھەمدەم بولغايسەن ۋە ھالىمدىن داۋاملىق خەۋەردار بولغايسەن. بۇ ئازابلانغان جېنىمنى تاش قېزىۋاتقان ۋە شۇ تۇپەيلى غەۋغا كۆتۈرۈۋاتقان توپنىڭ ئارىسىغا يەتكۈزگىن.

شاپۇر شۇ تەرەپكە قەدەم قويدى. ئىككى دوست ئېرىق قېزىش يولىدا جاپا چېكىۋاتقانلارنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى.

بىر توپ كىشىلەر تاغ ئارىسىدا جاپا-مۇشەققەت، قايغۇ-كۈلپەت ئىچىدە تاش قېزىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانىدى. ئۇلار تاش كېسىشتە شۇنچىلىك ئاجىز ئىدىكى، بۇنداق ئاجىزلىقنى ھېچكىم كۆرمىگەنىدى. قولىدا مىتىن تۇتقان ئىككى يۈز تاش كەسكۈچى مىتىنلىرىنى تىنىماي تاشقا ئۇراتتى، ئەمما، يۈز قېتىم مىتىن ئۇرۇپمۇ نوقۇتچىلىك ياكى كۆكنار ئۇرۇقچىلىك تاشنى كېسەلمەيتتى. ئىككى يۈز تاش كەسكۈچى ئۇستا ئۈچ يىلدىن بېرى تىنىماي مىتىن ئۇرۇش بىلەن بەند بولۇپ، ئاران ئىككى يۈز گەز تاشنى كەسكەنىدى. كېسىلگەنلىرىنىڭمۇ بەزىسى تېخى چالا قالغانىدى. ئۇلارنىڭ قاشلىرى بۇ غەم-غۇسسىدىن ئۈچ كۈنلۈك ئايدەك ئېگىلىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە قان-يىغلاپ، بىر دەم ئارام ئالماي ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پەرھاد كۆپ قايغۇردى. ئۇ زۇلۇم چېكىۋاتقان توپنىڭ ئارىسىغا كىردى ۋە ئۇلارغا قاراپ:

— ۋاي، ماڭا ئوخشاش بالاغا قالغانلار، پەلەكنىڭ جاپاسىدىن ماڭا ئوخشاش تەشۋىشكە چۈشكەنلەر! بۇ جاپا-مۇشەققەتكە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىڭلارنىڭ سىررىنى ۋە بۇ ئىشنىڭ باش-ئاخىرىنى بايان قىلىڭلار، تارتىۋاتقان رىيازىتىڭلارنى كۆرۈپ، ئىچىمگە پۈتۈنلەي ئوت تۇتاشتى، — دېدى.

بۇ يەردىكى جامائەت پەرھادنىڭ گۈزەل يۈزىنى كۆرۈپ، جان بېغىشلىغۇچى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بېشى ئايلاندى. غەمدە قالغان بۇ جامائەت پەرھادقا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنى ئېيتتى:

— سەن پەرىشتىمۇ ياكى ئادەممۇ؟ سېنىڭ نەسلىڭ پەرىشتىلەردەك پاك ئىكەن، پەرىشتە سۈپەتلىك بىر ئالىي گۆھەر ئىكەنسەن. بىز پەرىشتىنى كۆرگەن ئەمەسمىز، لېكىن سەندەك ئىنسانىنىمۇ ئەسلا ئۇچرىتىپ باقمىغان. ئەگەر ساڭا يار بولسۇن. ۋۇجۇدۇڭ قايغۇ-ئەلەمدىن ئازاد بولسۇن. سەن سورىغان مەسىلىنىڭ جاۋابى شۇكى: بۇ مەملىكەتنىڭ جاھان رەشك قىلغۇدەك بىر ھۆكۈمرانى بار. ئۇنىڭ نەسەبى ئەپرىدۇن پادىشاھقا بېرىپ يېتىدۇ. زاتى جەمشىدىدىنمۇ ئارتۇقراق. بېشىغا تاج سايە سالمىسىمۇ، لېكىن تاجدارلاردىن باج ئالىدۇ. نەزمە:

ئەگەرچە سايە سالماس باشىغە تاج،
ۋە لېكىن تاجۋەرلەردىن ئالۇر باج.

نازۇكلۇقىدىن ئۇنىڭ بېلىدە كەمەر تۇرمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قوشۇنى بېلىگە ئالتۇن كەمەر باغلايدۇ. سەن سۈپەتلىرىنى ئاڭلاۋاتقان بۇ كىشىنى جاھان خەلقى «مېھىنبانۇ» دەپ ئاتايدۇ. بۇ مەملىكەت ئىچىدە ئوتتۇز-قىرىق قورغان بار، بۇ قورغانلار ناھايىتى مۇستەھكەم ياسالغان بولۇپ، تاملىرى كۆكتىن ئاشىدۇ. ئىلكىدە جاپا-مۇشەققەتسىز يىغقان قارۇنىنىڭ خەزىنىسىدىنمۇ ئارتۇقراق خەزىنىلىرى بار. بۇ خەزىنىلەر ئىمكانىيەتتىن ئارتۇقراق، خەلقىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلالىشىدىنمۇ كۆپ. ئۇ جاھاندا خاتىرجەم، راھەت-پاراغەتتە ياشايدۇ. يېنىدا سىڭلىسىنىڭ گۈلپۈزلۈك بىر قىزى بولۇپ، ئۇ، سەلتەنەت ئاسمىنىنىڭ ئېيى، ئىپپەت سارىيىنىڭ شاھىدۇر. ئۇنى تەرىپلەپمۇ ئەھدىسىدىن چىقالمايمىز. ئىسمىنى ئاتاشتىن قورقىمىز. بىر قانچە گۈلپۈزلۈك، سەرۋى قامەتلەردىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭ رۇخسارىنى كۆرگەن ئەمەس. نەزمە:

ھەرىمى سەلتەنەتتە شاھ ئول ئېرمىش،
سىپېھرى ئىسمەت ئۆزرە ماھ ئول ئېرمىش.
ئانى ھەم ۋەسف ئېتەرگە بەھرەئى يوق،
ئاتىن داغى تۇتارغە زەھرەئى يوق.
يۈزىن كۆرمەيدۇر ئانىڭ ئادەمىزاد،
مەگەر بىر نەچچە گۈلرۇخ، سەرۋى ئازاد.

بىرەر كىشىنىڭ نەزىرى تاسادىپىي ئۇنىڭغا چۈشۈپ قالسىلا، باشقا گۈلپۈزلۈكلەرنىڭ چىرايىغا باققۇسى كەلمەيدۇ. بەلكى باشقا سەيلە-تاماشىلارنىمۇ قىلغۇسى كەلمەي قالىدۇ. مېھىنبانۇ ئۇنى ناھايىتى كۆپ ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئۆزىنىڭ جان ئۆيى ئىچىگە ياساپ بەرگەن. شۇ قىزنىڭ يۈزى بىلەن ئۆز بەزمىسىنى گۈلشەن قىلىدۇ ۋە ئالەمنى روشەن كۆرىدۇ. بىز تاش قېزىۋاتقان بۇ تاغنىڭ بىر بېشى شەرققە، يەنە بىر بېشى غەربكە بېرىپ تۇتىشىدۇ. تاغنىڭ شەرق تەرىپىدە بىر بۇلاق ئاقىدۇ، ئۇنىڭ سۈيى ھاياتلىق سۈيىدەك سۈزۈك. ئالەم خەلقى ئۇ بۇلاقنى «ھاياتلىق بۇلىقى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ سۈيىنى ئۆلۈككە ئىچۈرسە تىرىلىدۇ، دېيىشىدۇ. ھۆر-پەرىلەر بۇ يەردىن ئۆتكىنىدە، بۇلاق بېشىدا ئىستىراھەت قىلغىنىدەك، ئۇ پەرى سۈپەتلىك قىز بۇ بۇلاق بېشىغا كېلىدۇ، پەرى يۈزلۈكلەر بىلەن بۇ يەردە ئىشرەت بەزمىسىنى تۈزىدۇ. ئۇ پەرى سۈپەتلىك قىزنىڭ ماكانى تاغنىڭ غەرب تەرىپىدە بولۇپ، ئۇنى «ئەرەمنىيە» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ مەنزىلگاھى بولغان بۇ جاي گۈزەللىكتە جەننەتكە ئوخشايدۇ. يېنىدا كۆككە تاقاشقان تاغ بار. ئۇ گۈزەل شۇ يەرگە بىر ئالىي قەسىر بىنا قىلىشنى ئويلاپ، ھەممە رەڭ، بۇيلارنى تەييارلاتقان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ ئۈستىدە سۈيى يوق ئىدى. شۇڭا دانا بىناكار مۇتەخەسسىسلەر ئايلانغۇچى كۆكتەك يۈرۈپ، مۇشۇ بۇلاق سۈيىنى تېپىپتۇ ۋە ئۇ يەردىن بىر ئېرىق قېزىلسا، سۇ ئۇ ھۆرنىڭ قەسرىگە يېتىپ بارىدۇ، دەپ مەسلىھەت قىلىشىپتۇ. بۇلاق بىلەن ئالىي قەسىرگىچە بولغان ئارىلىق ئون ياغاچلىق ① مۇساپە ئىكەنلىكىنى ھېسابلاپ چىقىپتۇ. ئارىغا تارتىپ قويۇلغان بۇ جەدۋەل-سىزىقلار، ئېرىق قېزىش بەلگىلەنگەن يەرلەردۇر. بۇ خىزمەت مۇشۇ بىچارە جامائەتكە تاپشۇرۇلغان. جېنى

① ياغاچ— قەدىمكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، ھەر بىر ياغاچ تەخمىنەن 12 كىلومېترغا تەڭ.

ئاجىزلاشقانلار بۇ بالا-قازا تېخىغا جەم بولۇپ مېتىن بىلەن تاشلارنى يېرىپ، ئېرىق قېزىپ چىقىشى لازىم ۋە ئېرىققا سۇ باشلاپ، قەسىرگىچە يەتكۈزۈش كېرەك. قاتتىق تاشلارغا كەكە، مېتىن كار قىلمايدۇ. ئىككى، ئۈچيۈز گەز يەر ئۈچ يىلدىن بېرى جان تالىشىپ ئاران قېزىلدى. مۇنداق كېتىۋەرسە دۇھىنىڭ ئۆمرىدەك ئۇزاق ئۆمۈر، جىسمىمىزغا ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق روھ تاپقاندىمۇ، بۇ جاپا-مۇشەققەتلىك ئىشنىڭ چەك چېگرىسىغا يېتەلمەيمىز. بۇ ئىشنى تاماملاشنىڭ ئىمكانىيىتىمۇ يوق. بەزىدە ئاھۇ پىغان چېكىمىز، بەزىدە ئىش ئۈستىدە جان بېرىمىز. كېچە-كۈندۈز قىلىدىغان ئىشىمىز سوغۇق تۆمۈر بىلەن قاتتىق تاشلارنى قېزىشتىن ئىبارەت. ئۇلارغا مۇۋاپىق ھالدا ھەرقانچە ئۆزرىلەر ئېيتساقمۇ، ئۆزرىمىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا قوبۇل بولمىدى. بىزنىڭ ئەھۋالىمىز شۇ. بۇ تېخى ھەممىسىمۇ ئەمەس. تەپسىلىي بايان قىلىشقا بىز ئاجىز.

پەرھاد بۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلىپ ئۇلارنىڭ ھالىغا ئېچىندى، ئۆز-ئۆزىگە: «شۇنچە كىشىلەر پەلەك زۇلمىدىن ئازاب چېكىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ جاراھەتلەنگەن قەلبىگە يۈزلەپ ھالاكەت يېتىپتۇ. بۇلارغا ئەلۋەتتە ياردەم قىلىشىم لازىم. مەخپىي تۇتقان بۇ ھۈنەرلىرىم ئاخىرى مەن بىلەن بىللە تۇپراق ئاستىغا كېتىدىغۇ» دېدى-دە، تۆمۈرچىلەردىن كۈرەك بىلەن بىر دەمنى سوراپ ئالدى. تېرە پەشتامىنى بېلىگە باغلىدى. دەمنىڭ ئۈچىنى كۈرەككە مەھكەم بېكىتىپ ئۇنىڭغا كۆمۈرنى تۆكۈپ دەم بېرىشكە باشلىدى. ئىشلەۋاتقانلارنىڭ مېتىن، تىشەلىرىنى سوراپ ئالدى. ھەممىنى ئۇتقا سېلىپ قىزىتتى. ھەر ئون، ئونبەشتىن مېتىننى بىرلەشتۈرۈپ ئېرىتىپ بىر مېتىن قىلىپ ياساپ چىقتى. ھەم شۇنچە كەكىنى ئېرىتىپ چوڭ بىر كەكە ياسىدى. يەنە بىرنەچچە بازغان ۋە بىرقانچە سەندەللەرنى تەييارلىدى. ياسالغان ئەسۋابلارنى ئىلگىرى قارەندىن ئۆگەنگەن قائىدە بويىچە مەخپىي سۇغاردى. ۋاقتىكى، پەرھاد ئەسۋابلارنى تەييارلاپ ئىشقا چۈشۈشكە تەرەددۇت قىلدى ئەتراپتا تۇرغان كىشىلەرنىڭ بۇ ئىشقا قاراپ ھەيرانلىق ئىچىدە تىلى سۆزگە كەلمەي قالدى. ئۇنىڭدىن بىرەر ئېغىز سوئال سوراشقا ھېچكىمنىڭ تىلى بارماي ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن كۆز تىكىپ تۇراتتى. باشقىلارنى ئەسۋابلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، بېلىنى مۇستەھكەم باغلاپ دەرھال ئېرىققا چۈشۈپ تاش قېزىشقا باشلىدى. ئۇ ئىشلىگەندە گوياكى سەل قۇمنى سۈرۈپ كەتكەندەك تاشلارنى ئېلىپ ئاتاتتى. كەكىسى بىلەن چاپقان تاشلىرىنىڭ ھەر بىرى پەلەك پىلىغا يۈك بولاتتى. ھەر بىر ئۇرغان مېتىنىنىڭ زەربىسى بىلەن تاغدەك تاشلارنى پارچە-پارچە قىلىپ تاشلايتتى. بىر ياغاچ يىراقلىقتا تاماشا كۆرۈۋاتقان ئادەملەرمۇ ئۇنىڭ كەكىسىدىن چاچراپ چىققان ئۇششاق تاشلاردىن بېشىنى قاچۇراتتى. كەكىسىنىڭ زەربىسىدىن ئۇچۇپ چىققان تاشلار ئون ياغاچلىق يەرگە بېرىپ چۈشەتتى. پەرھاد تاغنىڭ ئىچىنى شۇنداق كولىدىكى، ئىككى يۈز تاش قازغۇچى ئۇستا ئۈچ يىلدا ئىشلىگەن ئىشنى بىر كۈندىلا قازدى. ئۇنىڭ كۆرسىتىۋاتقان ھۈنىرىگە قاراپ تۇرغان تاغ ئىچىدىكى خەلق ئارىسىدا چۇقان

كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

ئىش بۇيرۇغۇچىلار بۇ ئاجايىپ ئەھۋالنى كۆرۈپ مېھىنبانۇ قېشىغا يۈگۈردى. ئۇلار مېھىنبانۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— تۇساتتىن بىر كىشى پەيدا بولۇپ، بۇ مۇشكۇل ئىشقا قەدەم قويدى. مۇنداق كىشىنى بىز كۆرگەن ئەمەسمىز. كۆرمىگەن ئادەمنىڭ بۇنىڭغا ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ،— دەپ كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى بايان قىلدى. نەزمە:

كېتۈر ساقى ماڭا ئول لەئلى رەڭگىن،
كى چۈشتى غەم يۈكى كۆڭلۈمگە سەڭگىن.
ئانىڭدەك مەيكى چۈن ئاغزىمغە يەتكەي،
ئىچىمدە دەردۇ غەم تاشىم ئېرىتكەي.

* *

سىرلار مەنىلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇ ئىشق - مۇھەببەت ۋە مېھىر - شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

ئۇ گۆھەر چاچقۇچى زەرشۇناس ئۆزىنىڭ بەرگەن خەۋىرىدە ئىنئام ئاقچىسىنىڭ خەزىنىسىنى شۇنداق پاش قىلدى:

ئەلقىسسە، ئۇ جايدىكى تاش قازغۇچىلار پەرھادنىڭ تاش قازغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتا دالڭ قېتىپ قالغىنىدىن كېيىن ئەرمەنىيىگە قاراپ چاپتى ۋە مېھىنبانۇغا خەۋەر يەتكۈزدى:

— شۇنداق بىر ياش يىگىت يەنى يىگىتلىك بوستانىنىڭ مىلك داستانى پەيدا بولۇپ، خەلق ئۇنى كۆرۈشكە شەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ تاش قېزىش ئىشىنى شۇنداق ۋۇجۇدقا چىقاردىكى، ئۇنىڭ قازغان تېشىنى ئادەمزاتنىڭ قېزىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئەھۋالى بۇ دۇنيانىڭ ئادەملىرىگە ئوخشىمايدۇ. پەلەكمۇ مۇنداق ئادەمنى كۆرمىگەندۇر. بۇ ئادەم پەرىشتىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ كەكىسىنىڭ ئالدىدا بۈيۈك تاغلارمۇ چالمىغا ئوخشاپ قالىدۇ،— دەپ كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى شەك - شۈبھىگە ئورۇن قالدۇرماي، بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى.

مېھىنبانۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. ئۇ بىر پەس ئىشىنەلمەي ئويغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ ھەقتە ئارقا - ئارقىدىن ئوخشاش خەۋەرلەر كېلىۋەرگەندىن كېيىن، بۇ ھېسابسىز ماختاشلارغا قاراپ ئىشىنىشكە باشلىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھاۋا ئانا جەننەت بېغىغا ماكانلاشقىنىدەك سارايدىن ئورۇن تۇتقان گۈلىيۈزلۈكىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەي ھايات بېغىمىنىڭ نازاكەتلىك سەرۋىسى، خىلۋەت ھەرىمىمنىڭ زىننەت چىرىغى. مېنىڭ كۆڭلۈم سېنىڭ قۇياشتەك رۇخسارىڭ بىلەن خۇشال. چېچىڭنىڭ ھەر تارىسى جېنىمنىڭ رىشتىسىگە بەندۇر. مەن ساڭا كۆڭلۈڭنى شادلاندۇرىدىغان ئاجايىپ بىر خەۋەر ئېلىپ كەلدىم. ئەگەرى سېنى گۈزەللەر ئىچىدە يېگانە ياراتتى. كۆزلىگەن مەقسىتىڭ ئەمدى كۆڭلىڭدىكىدەك ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى. سەن ئېرىق قېزىشقا ھۆكۈم چىقارغانىدىڭ. ئەلگە قاتتىق تاش ئىچىدىن ئېرىق قېزىڭلار دەپ پەرمان قىلغانىدىڭ. كىشى-

لەر بۇ ئىشقا ئاجىز كېلىپ پەرمانىڭىنى ئىجرا قىلالماي كېلىۋاتاتتى. گەرچە بۇ ئىش پۈتۈنلەي مۇشەققەتلىك ئىش بولسىمۇ، بىراق قازاۋۇ-قەدەر ئۇنى ئاسانلاشتۇرۇپتۇ. خالايىق تاغدا توساتتىن بىر كىشىنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلغانىدى، ئۇنىڭ تەرىپى بىزنىڭ ئاڭلىشىمىزدىمۇ ئارتۇقراق ئىمىش،— دەپ ئۆز ئاڭلىغانلىرىنى بايان قىلدى. ئاندىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ،— باشقا تاش قازغۇچىلار ئۈچ يىلدا قىلغان ئىشنى ئۇ كىشى بىر كۈندە پۈتتۈرۈپتۇ،— دېدى مېھىنبانۇ ئۇنىڭغا بۇ سىرلارنى ئاشكارىلاپ.

بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان پەرى سۈرەتلىك قىز ئۇنى بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلدى ۋە مۇنداق دېدى:

— ئەگەر بۇ ئىش ھەقىقەتەن راست بولسا، بېرىپ سۇ تاماشاسى قىلىش كېرەك. ئۇ كىشىنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى تاماشا قىلىش كىشىگە غەنىمەتتۇر. نەزمە:

غەنىيمەتتۇر ئانى كۆرمەك كىشىگە،
تاماشا ئەيلەمەك قىلغان ئىشىگە.

تەڭرى بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن بۇ كىشى ھەقىقەتەن ئاجايىپ مېھمان ئىكەن. بۇ گويا بىر قۇشكى، بىزنىڭ بۇ گۈلشەندە ئارام ئالىمەن دەپ كېلىپ توزاققا چۈشۈپتۇ. خۇشاللىق بىلەن بالا-قازا ئىچىگە كېلىپ توزاققا ئاياغ بېسىپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىپ ھۆرمەت قىلىش زۆرۈر. چۈنكى ئۇ بىزگە غايەت كېرەكلىك ئادەمدۇر. ئېرىق قېزىش ئۈچۈن مەن يۈز مىڭلىغان خەزىنىلەرنى تۆككەن. بىراق، سۇ كەلمىگەنلىكى تۈپەيلى ئۇ ئىشتىن قولۇمنى يۇغانىدىم. تەڭرىگە شۈكرى، مېنى مۇرادىمغا يەتكۈزۈپ، ئۇ كىشىنى توزىقىمىغا ئىلىندۇرۇپتۇ.

ھەسەل لەۋلىك قىز دەرھال ئات كەلتۈرۈشنى بۇيرىدى. مېھىنبانۇمۇ بىللە بارماقچى بولدى.

ئۇ گۈزەلنىڭ خىزمىتىدە تۆت يۈز قىز بار ئىدى. ئۇ ئۇلارسىز بىرەر جايغا ئاتلانمايتتى. ئۇ قىزنىڭ گۈل رەڭلىك شامالدەك ئۇچقۇر بىر ئېتى بولۇپ، يۈرۈشى ئاسمان ئېتىدىنمۇ تېز ئىدى. ئۇ پەرى سۈپەت قىز ھېلىقى دېۋە سۈرەتلىك ئاتقا مىنەتتى. ئاتنىڭ ئۆزى گۈلدەك قىزىل، رەڭگىمۇ جىسمىغا ئوخشاش گۈل رەڭ بولۇپ، خالايىق ئۇنىڭ ئىسمىنى گۈلگۈنە دەپ ئاتايتتى. جاھان بېغىدا بۇ ئاتقا ئوخشاش شامالدەك تېز يۈرۈشلۈك يەنە بىر ئات يوق ئىدى. ئۇ ئات گۈل يۈزلۈك قىزنى بىرەر جايغا ئېلىپ ماڭغاندا گوياكى تاڭ شامىلىدەك چاپاتتى. بۇ شامال يۈرۈشلۈك ئاتنى دەرھال كەلتۈرۈشتى. ئاي شەپەق ئېتىغا مىنگەندەك ئۇ گۈزەل گۈل رەڭلىك ئاتقا مىنىپ پەرىزاتلار توپى بىلەن بىللە يولغا چۈشتى. ئۇلار پەرھاد تاش قېزىۋاتقان تەرەپكە قاراپ ئېتىنى سۈردى. ئۇ گۈزەلنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن مېھىنبانۇمۇ ئۇلار بىلەن بىللە يولغا چىققانىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن پەرىزاتلار توپى ئەگىشىپ باراتتى. ئۇ پەرى يۈزلۈك قىز دېۋىزات ئېتىنى قاتتىق چاپتۇرغاچقا، گويا گۈل ئۈستىگە شەبنەم چۈشكەندەك يۈزىدە تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. ئۇ ئاسمان ئېتىغا مىنگەن كۆك قۇياشىدەك تېز ئات سېلىپ ماڭاتتى. قىزنىڭ ھەرياققا توزىغان زەنجىرگە ئوخشاش چاچ

ئۆرۈملىرى گوياكى تاش قازغۇچىلارنى ئىلىندۇرىدىغان سىرتماققا ئوخشايتتى. ئۇ قانداق سىرتماق بولسۇن؟ ئىككى قاراڭغۇ كېچىدەك ئىككى ئۆرۈم چېچى ئوتتۇرىسىدىكى ئاپپاق جىسمى خۇددى ئاق سىزىقتەك كۆرۈنەتتى. مۇشكدەك چاچلىرىنىڭ ئۈستىدىن يۈزىگە گويا ئاينى قاراڭغۇ كېچە ئورىۋالغاندەك پەردە تارتىلغانىدى. يۈزىدىكى مەرۋايىت تەر تامچىلىرى قۇياش ئەتراپىدىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشايتتى. گويا ئايلىنىۋاتقان ئاسمان چاقى قۇياش بولمىقىدىن مەرۋايىت تامچىلارنى ئەتراپقا چاچاتتى. پىتنە قىلغۇچى ھىلال ئايدەك ئىككى قېشى ئاي يۈزىگە ئىككى قىلىچ سىزىلغاندەك خۇددى قان تۆكۈشنى كېڭىشىش ئۈچۈن بېشىنى يېقىنلاشتۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىشقا قۇرئاننى ئېچىپ قەسەمياد قىلىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىر مەست كاپىرغا ئوخشايتتى. گويا ئۇ ئىسلام ئەھلىگە غالىب كېلىپ، كىتابلار ئۈستىدە يېتىپ ساغلاملىقىنىڭ راھىتىنى ئېلىش ئۈچۈن بىتاب بولۇپ مەيگە بولغان خۇمارلىق كەيپىدىن ھالسىزلانغانىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى شارابقا مىلەنگەنلىكتىن قىزىل مەي رەڭگىدە ئىدى. يائاللا! ئۇنىڭ جان بېغىشلىغۇچى ئىككى لېۋى شېكەرگە ئوخشاش. بىراق ئۇنىڭدا تۇز بار. ئەمما ئۇ تۇزدا قەنتلەر يوشۇرۇنغان. بۇنداق قەنت بىلەن تۇزنى ھېچكىم بىلمىگەن. بەلكى ئۇ ھاياتلىق سۈيىدىمۇ تېپىلمايدۇ. ئۇنىڭ قاپقارا خاللىرى كۈندۈزى تۇز، كېچىسى قەنت ئوغرىلىغىلى كەلگەن ئوغرىلارغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئوغرى شېرىنلىكلەرنى ئوغرىلاپ قاچىدىغان ۋاقىتتا پۇتلىرى شېكەر ئىچىدە ئۆيۈپ قالغان، ياكى تۇز ئوغرىلاۋاتقاندا ئۇنى تۇز تۇتۇۋالغان. ئۇنىڭ چىراي گۈلزارىدا رەڭ بىلەن خۇش پۇراق تولۇپ يېتىپتۇ. بۇ گۈلزارلىق ئۇنىڭ ھاياتلىق بۇلىقى بولغان لېۋىدىن سۇ ئىچىدۇ. ئۇنىڭ يېقىملىق يۈزىنىڭ پاكىزە گۈلى ھاياتلىق بۇلىقىدىن سۇ ئىچكەن. ئاغزى ئۈستىدىكى بۇرنى ئاجايىپلىقىنىڭ مىسالى بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا بىر قارا خال ئورۇنلاشقان. بۇ خال گويا ھىندى سودىگەرلىرىنىڭ خۇددى شېكەرنىڭ يېنىغا ھىندىستان ناۋىتىنى قويغىنىغا ئوخشايتتى. ئۇ ھىندىستان ناۋىتى ئەمەس، بەلكى گۈلنىڭ غۇنچىسى، بۇ غۇنچە ۋايىغا يەتكەن ئەقلىنىمۇ سارالڭ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى كۈمۈشتىن ياسالغان نەسرىن گۈلنىڭ غۇنچىسىغا ئوخشايدۇ. ھەربىر كىرپىكى قەلەمنىڭ ئۇچىغا ئوخشاش بولۇپ، ئەلنى قەتلە قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمنامە يازغان. ئۇنىڭ رۇخسارىنى ھۆكۈمنامىنىڭ ۋارىقى قىلىپ بۇلار بىلەن ئەلەم ئەھلىنىڭ روزغارىنى قارا قىلىۋەتكەن. ئۇنىڭ قەددى-قامىتى جەننەتنىڭ سەۋسەن گۈلىدەك تۈز، يۈزى گۈل بەلكى گۈلنىڭ خامىنىدۇر. قىزىل ياقۇتتەك لېۋىدىن ھارارەت ئوتى ئۆرلەپ ئاشۇ گۈل خامىنىغا ئوت تۇتاشقان. ئۇ ئوتتىن چىققان يالقۇن كۈچىيىپ، كۆككە يېتىپ، پۈتۈن قۇياشنى ئۆرتىگەن. زىناقلىرىنىڭ ئەتراپىغا شۇنداق مۇھىم بىر خەت يېزىلغانكى، ئۇنى پەقەت ساغلام ئەقىل ئىگىلىرىلا كۆرەلەيدۇ. بۇ مۇھىم خەت قۇياشنىڭ يېنىدىكى ھىلال ئايغا ئوخشاش، خىيالدەك بەزىدە كۆرۈنۈپ، بەزىدە كۆرۈنمەي قالىدۇ. بۇ خەتلەرنى تەقدىر تەسەۋۋۇر قىلىپ زىناق ئەتراپىغا يازغىنى-

دەك، ئاغزىنىڭ ئۇقتىسىنىمۇ تەقدىر ياراتقان. قۇلىقىدىكى قىممەت باھالىق گۆھەر-ياقۇتلىرى گويا ئاي ئەتراپىدىكى زۆھرە (چولپان)، مۇشتىرى (يوپىتېر) يۇلتۇزلىرىغا ئوخشايدۇ. قەددى-قامىتى قىزىلگۈل رەڭلىك شەمشاد دەرىخىگە ئوخشايدۇ. شەمشاد ئەمەس، بەلكى گۈل ۋۇجۇدلۇق سەرۋى دەرىخىگە ئوخشايدۇ. ئۇ، كېلىشكەن قەددى قامىتى ۋە ئۆزىنىڭ ئەپچىللىكى بىلەن جانىنىڭ ئاپىتى بولسا، نازۇكلۇقى بىلەن جانىنىڭ رىشتىسىدۇر. قامىتىنى جىسىم دېمە، ئۇ ئۆزىنىڭ پەرىلەرچە چەبدەسلىكى بىلەن ئۇچار-قاناتتۇر. لېۋىدىن كۆپلىگەن ئۆلۈكلەر جان تېپىپ، سۆزىدىن ھەسەللەر ئاقىدۇ. نەزمە:

لەبىدىن جان تاپىپ بىسيار-بىسيار،
سۆزىدىن شەھد ئاقىپ خەرۋار-خەرۋار.
لەبىدىن تامچۇ ئاقىپ لەتاپەت،
يۈزىدىن ئاقىپۇ تامىپ مەلاھەت.

مىڭلىغان جانلار ئۇنىڭ كىيىملىرىنىڭ خۇش بۇيلىقىدىن قۇۋۋەت ئالسا، ئۇ كىيىملەرنىڭ خىلمۇخىل رەڭگىدىن يۈزلىگەن ئەقىل ھەيرەتتە قالىدۇ. كىرپىك ئوقىدىن ئاشىقلار گۇرۇھىنىڭ قەلبىگە كۆكلەم ياغۇرىدەك ئوقلارنى ياغدۇرىدۇ. لەۋلىرىدىن چىققان ھەربىر سۆزى يۈزلىگەن جانلارغا ئاپەت سېلىپ ھەربىر تال چېچى كىشىلەرنىڭ ئىمانىنى بەرباد قىلىدۇ. ئۇ قانخور قاتىلنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغان كىشىگە ئاھ ئۇرۇپ ئۆلمەكتىن باشقا ئىش يوق. ئۇ ئېتىنى سۈرگەندە تاغلارنى پەستە قالدۇرىدۇ. ئات ئۈستىدە ھۆسنى قەددىھىدىن مەست بولۇپ ماڭىدۇ. كۆك ئېتىنىڭ ئۈستىدە شەرق قۇياشىدەك، قۇياش ئەمەس بەلكى دېۋە ئۈستىگە مىنگەن پەرىدەك جەۋلان قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئېتىنى قايسى تەرەپكە سۈرسە زامان يىراقتىن «ھەزەر قىل!» دەيتتى.

ئەلقىسسە، ئۇ گۈزەل پەرى شۇ خىلدا تاشلار ئۈستىدە ئات سۈرۈپ، ئېرىدق قىزدىلىۋاتقان يەرگە يېقىنلاشتى ۋە ئېگىزرەك بىر جايغا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭغا گويا يەر بىلەن زامانغا ئوت يېقىلغاندەك بىلىندى. ئۇ تاشلار ئارىسىدا تاش كېسىۋاتقان بىر يىگىتنى كۆردى. ئۇ يىگىت مېتىن بىلەن تاشلارنىڭ ئىچىدىن ئون تۈگمەنلىك سۇ سىغقۇدەك كەڭلىكتە ئېرىق قېزىۋاتاتتى. كېلىشكەن يىگىت تاشلارغا مېتىنىنى كۈچەپ ئۇرۇپ، ئۇلارنى پارچە-پارچىلاپ، تاشلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىۋاتاتتى. ئۇ يىگىت يالغۇز بەرنالا ئەمەس، بەلكى دەۋراندىن خازان مۇشەققىتىنى كۆرگەن بوستان سەرۋىسى ئىدى. ئۇنىڭ شىجائىتىدىن تاشلار قورقۇنچقا چۈشۈپ، مېتىنىنىڭ زەربىسى ئاستىدا ئاسانلىق بىلەن قومۇرۇلۇپ چىقاتتى. لېكىن تاشلار ئاستىدا ئۇنىڭ قەددى قايغۇ-غەم تاغلىرىدىن پۈكۈلگەن، يادەك ئېگىلگەنىدى. ئۇنىڭ گەۋدىسى زامانە كىشىلىرىدىن بۈيۈكرەك، شەۋكىتى ھەيۋەتلىك پىلدىن زورراق ئىدى. بېشىدا تاجىدارلىقىنىڭ نىشانىسى، يۈزىدە بولسا، سەلتەنەتىنىڭ نۇرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لېكىن مۇشەققەت تاشلىرى ئۇنىڭ بېشىنى يارغان، خارلىق تىكەنلىرى پۇتىغا سانجىلغانىدى. پېشانىسىدە مۇھەببەت دەردى، يۈزىدە غېرىبلىقىنىڭ غۇبارى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. گەۋدىسىدە بىناۋالىقتىن كۆپلىگەن ئەسەرلەر، يۈزىدە دوستلۇقتىن خەبەرلەر بار ئىدى. قولىدىكى گۈرزىدەك كەكىسىنىڭ زەربىسى بىلەن ئەلبۇرس تېغىمۇ تۈپىدەك

يانجىلىپ كېتەتتى.

ئەلقىسسە، شىرىن پەرھادنى كۆرۈپ
ھەيرانلىقتىن تىلى سۆزگە كەلمىدى. تە-
ئەججۇپ بىلەن بىراقلا ھالسىزلىنىپ قال-
دى. ئۇنىڭ چېھرىسىنى كۆرۈپ يۈرىكى
دولقۇنلاندى. بىردەم ئۇنىڭ شىددىتىدىن
يىغلىسا، بىردەم دەرد-ئازابىدىن كۆڭلى
بۇزۇلدى. نەزمە:

كۆرۈنگەچ كۆزگە مۇنداق چېھرى ئانىڭ،
ئىچىگە سالدى شورىش مېھرى ئانىڭ.
گەھى ئەشكى يۇگۇردى شىددەتىدىن،
گەھى كۆڭلى بۇزۇلدى مېھنەتىدىن.

ئۇ سىرلار پەردىسىنى ئېچىشتىن
بۇرۇن، ئېتىنى پەرھادنىڭ يېنىغا راق سۇ-
رۇپ، سۆزگە ئېغىز ئاچتى، يەنى قىپ-
قىزىل لېۋىدىن گۆھەرلەرنى چاچتى، سۆز
غۇنچىلىرىنى تۆكتى:

— ئەي، دۇنيادا يېگانە، كۆك ئاس-
مان تېخى ئىچىدە يالغۇز بولغان نادىر
يىگىت! سېنىڭ بۇ ھالىتىڭدىن كۆپلىگەن
ئاجايىپلىقلار كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئاجا-
يىپلىقتىن، رەنجى-مۇشەققەتلىرىڭ تېخى
بۇ ئەجەبلىنەرلىك كۆرۈنىدۇ. سەن بۇ
جاھاندا ھېچكىمگە ئوخشىمىغىنىڭدەك، قىل-
غان ئىشلىرىڭمۇ، ھېچكىمنىڭ ئىشلىرىغا
ئوخشىمايدۇ. بىز ساڭا بۇ ئىشلارنى تاپ-
شۇرمىغان ئەھۋالدا، ئۆز خاھىشىڭ بىلەن
كېلىپ بېجىرىپ، كۆڭلىمىزنى چەكسىز خۇ-
شال قىلدىڭ. بۇ ئىشتىن مۇۋەپپەقىيەت
قازىنىشقا كۆپ ئاجىز ئىدۇق.
ئولۇق مۆجىزە يارىتىپتۇ. ئەگەر ساڭا يۈز
قەرنە① مىننەتدارچىلىق بىلدۈرسەكمۇ،
بىر كۈن قىلغان ئىشىڭنىڭ ئۆزرىسىنى
ئادا قىلىنىلى بولمايدۇ. بۇ ئىشلىرىڭنىڭ

① قەرنە — بىر قەرنە 30 يىل ھېسابلىنىدۇ.

ئالدىدا ئۆزرە ئېيتىش ئۈچۈن بىزدەك يۈز
كىشى بولسىمۇ كەملىك ھېس قىلىدۇ. مىن-
نەتدارچىلىقىمىزنى ئادا قىلالمىساق، ئۆلۈغ
تەڭرىدىن يانغاي،— دەپ بىر تاۋاق ئۈن-
چە-ياقۇتلارنى كەلتۈردى ھەم ئۇنى پەر-
ھادنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە:

— بۇ ئۈنچە ياقۇتلار سېنى مۇكا-
پاتلاشقا لايىق ئەمەس،— دېدى ئۇ
ئۆزرىخالىق ئېيتىپ ۋە تاۋاقتىكى ئۈنچە،
ياقۇتلارنى پەرھادنىڭ بېشىغا چاچقۇ قىل-
دى. پاساھەتلىك سۆزلىرى بىلەن پەرھاد-
نىڭ دىلىغا ئىلھام بەردى.

پەرھاد خۇددى مەجنۇندەك ئۆزىنى
يوقىتىپ قويدى. تۇمۇرىنىڭ جىددىي سو-
قۇشى ئۇنىڭ جىسمىنى تىلىپ، كۆڭلىنىڭ
بىزەۋىتلىكى كۆكسىنى تېشىپ چىقىشقا
ئىنتىلەتتى. تېنىگە چۈشكەن تىترەكتىن
تىنچىلىنالمىدى. ئۇ شىرىنغا قاراپ:

— جانلارنى پەرۋىش قىلغۇچى نە-
پەسلىرىڭدىن ئۆلەر ھالغا چۈشتۈم، تاۋۇ-
شۇڭنى ئاڭلاپ ئۆمۈر قىيىنچىلىقىدىن قۇ-
تۇلدۇم، — دەپ تۆۋەندىكى بېيىتلارنى
ئوقۇدى:

مېنى غۇربەت ئارا بىچارە ئەتكەن،
دىيارۇ مۇلكدىن ئەۋۋارە ئەتكەن.
چىقىپ جانىم ئۇنۇڭدىن بولغاچ ئاگاھ،
يۈزۈڭنى كۆرمەي ئۆلدۇم ئاھ، يۈز ئاھ!

پەرھاد يۈز-كۆزىدىن توپان سېلىنى
ئاققۇزۇپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز شامال چىق-
قىپ ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ يۈزىدىكى نىقا-
بىنى ئېچىۋەتتى. پەرھاد ئۇ جاھاننى زىن-
نەتلىگۈچىنىڭ جامالىنى كۆرۈپ ئۆزى
ئىزدەپ يۈرگەن ۋە ھېلىقى جاھاننەما
ئەينىكىدە ھۆسنىنى كۆرۈپ مەجنۇن

بولغان گۈزەل ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئەگەر كىشى ئەينەكتە ئۇنىڭ ئەكسىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتسە، ئۇنىڭ ئەينەن ئۆزىنى كۆرگىنىدە قانداقمۇ جاندىن كەچمەي تۇرالىسۇن؟ بىراۋ مەي توغرىسىدىكى سۆزلەرنى ئاڭلاپ مەست بولۇپ قالسا، ئۇنى ئىچكەندىن كېيىن قانداقمۇ يەر بىلەن تەڭ پەس بولماي قالسۇن؟

پەرھاد ئۇ قىزنىڭ ئاشۇ پەرى ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدىن كېيىن، ئوتلۇق يىغان تارتقىنىچە يىقىلدى. شىرىن ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، جىنى چىقىپ كەتتىمىكىن، دەپ گۇمان قىلدى. پەرھادنىڭ ئوتلۇق ئاھىدىن شۇنداق بىر تۈتۈن چىقتىكى، گويا بۇلۇت ئاينى باسقاندەك قاراڭغۇلۇق پەيدا بولدى. ۋاپادارلىق چىرىغىنىڭ نۇرى قالمىدى.

شاپۇر دەرھال پەرھادنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىپ، بېشىدىن پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، زار-زار يىغلاپ، ئۇنىڭ بېشىنى ئۆز قۇچىقىغا ئالدى ۋە:

— دەرد-ئەلەمدىن ئۆزگە قىسمىتىڭ يوقكەن. سېنىڭ غېرىبلىقتا تارتقان دەرد-ئەلەملىرىڭمۇ يېتەرلىك ئىدى. ئۆمرۈڭنىڭ چىرىغى ۋاقىتسىز ئۆچتى. ۋاپا يولىنى كېزىپ، ئەمدىلا مەنزىلگە يەتكىنىڭدە، مەشۇقىڭنى بىر كۆرۈش بىلەنلا جان بەردىڭ. ۋادەرىغ! پەزىلەتلىرىڭ، بىلىملىرىڭ، ئاقىللىقىڭ، ھايالىقلىقىڭ ۋە تەمكىنلىكىڭگە مىڭلارچە ئەپسۇس! سېنىڭ پاك قەلبىڭ ئۈچۈن ھەسرەتلىنىمەن، چەككەن قايغۇلۇق يىغالىرىڭ ئۈچۈن ئازابلىنىمەن،— دەپ بۇ بېيىتنى كۈيلىدى:

كەمالى، فەزلى ئايىنىڭدىن ئەفسۇس،
ھەياۋۇ ئەقل تەمكىنىڭدىن ئەفسۇس.
زەمىرۇ رەئيى پاكىڭدىن دەرىغا،
فىغانى دەردناكىڭدىن دەرىغا.
قولۇڭدىن ھەيفۇ شەستىڭدىن داغى ھەيف،
شۇكۇھى زور دەستىڭدىن داغى ھەيف.
قانى فەررۇ شۇكۇھۇ زور دەستىڭ،
تەۋانالىغ ئارا يۈزمىڭ شىكەستىڭ.
بەشەر خەيلىدە سەن بولماي مەلەك سان،
نېدىن بولماس بارى يەر بىرلە يەكسان.
نە شەھ باشىغە ئەفسەر ئېردىڭ ئېركىن،
قايۇ ئەفسەرغە گەۋھەر ئېردىڭ ئېركىن.
نە كىشۋەر تۇشتى ئېركىن ماتەمىڭگە،
قايۇ ئەل قالدىلار ئېركىن غەمىڭگە.
نە خاقان سوگۇك ئىچرە قالدى، ئايا،
قايۇ ئىقلىم ئېلى قوزغالدى، ئايا.
چېكىپ رەنجىڭ ماڭا غەم بولدى پاداش،
كى ھەرگىز كۆرمەگەي ئېردىم سېنى كاش.

شاپۇر شۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ زار-زار يىغلىدى. ئۇنىڭ يىغىسى بىرئاز پەسەيگەندىن كېيىن مېھىنبانۇ بىلەن شىرىن ئۇنى ئۆز يېنىغا چاقىردى. ئۇلار شاپۇردىن پەرھادنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. شاپۇرمۇ بىلگەن ئەھۋاللارنى بايان قىلدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، شىرىن بىلەن مېھىنبانۇمۇ زار-زار يىغلىدى. كېيىن پەرھادنى شاھلارچە بىر كاجۇۋىغا سېلىپ، ئوردىغا قايتماقچى بولدى. نازىنىن قىزلار پەرھاد ياتقان كاجۇۋىنى كۆتۈرۈپ، ئالدىدا گۈزەللەر يىغلاپ ماڭدى. پەرھادنى ئوردىغا ئېلىپ كېلىپ، بارگاھىنىڭ بۇرجىكىدە شاھانە بىر تەختنى قويدى. تەختنىڭ ئۈستىگە ئېسىل بىساتلارنى سېلىپ، ئۇنى ئۈستىگە ياتقۇزدى.

پەرھاد نە ئەلنىڭ ئەھۋالىدىن، نە ئۆزىنىڭ ھالىدىن خەۋەرسىز ئىدى. لەزمە:

كېتۈر ساقى، شەرابى بىخۇدانە،

كى بىخۇدلۇق بىلە بولدۇم فەسانە.
ئەجەب بىھوش بولۇپمەن ئىشق ئارا بىل،
مېنى بىر جام ئىلە بىھوشراق قىل.

* *

سىرلار مەنىلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

ئۇ كاجۇۋىنىڭ لەۋھەلىرىگە قەلەم تارتقۇچى كىشى، بۇ قىسسىگە مۇنداق قەلەم تەۋرىتىدۇ:

ۋاقتىكى، پەرھاد ھوشىدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى بىھوش ھالىتى بويىچە تەخت ئۈستىگە ياتقۇزدى. ئۇ تىرىكلىك ئالىمىدىن خەۋەرسىز ئىدى. جىسمىدا بولسا نەپەستىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. شۇ ھالدا ئىككى كېچە-كۈندۈز ياتتى. بەزى-بەزىدە نەپەس ئالسىمۇ كۆزىنى ئاچالمايتتى. ئۈچىنچى كېچىسى ئەل كۆزى ئۇيقۇغا بارغاندا، ئۇ، كۆز ئېچىپ ھوشىغا كەلدى-دە، شاھانە تەخت ۋە بارىگاھنى، ئۆزىنىڭ تەخت ئۈستىدە شاھلارچە ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئۆز ئەھۋالىنى ئويلاپ كۆردى. ئويلىغانسېرى تېخىمۇ ھەيران بولدى. ئاخىرى ئۇ ئاي، ياق، ئاي ئەمەس بەلكى دۇنيانى زىننەتلەپ تۇرغان قۇياش ئۇنىڭ بېشىغا نۇر چاچقان ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەنلىكى ئېنىق يادىغا كەلدى. شىرىننىڭ سۆزى بىلەن ئۆزىدىن كەتكەنلىكىنى بىلىپ، نومۇس كۈچىدىن بۇلۇتتەك تەرگە غەرق بولدى-دە، ياتقان ئۆيىدىن چاقماق تېزلىكىدە سەكرەپ تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. پاراسەت بىلەن بىلدىكى: «ئۇ دىلغا ئارام بەرگۈچى ئاي ھالىمغا ئېتىبار قىلغان بولسا كېرەك، ئۆزى مېنى ئۆلتۈرۈشكە ئېغىز ئېچىپ، يەنە ھازا بىلەن بېشىمنى سىلىغان ئوخشايدۇ» دەپ، ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈندى. ئاندىن دەرھال تاغ تەرىپىگە راۋان بولدى. خىجالەتچىلىكىدىن چۆللەرنى بېسىپ، كۆپ ھەرىكەتلەر بىلەن قېزىلىۋاتقان ئېرىققا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەرگە تەر ئاققۇزۇپ، مېتىن ۋە كەكىسىنى تېپىپ كېلىپ، دەرھال ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى كۆرسىتىشكە كىرىشىپ كەتتى. پەرھاد ئۆز-ئۆزىگە: «ئۇ پەرى يۈزلۈك گۈزەل مەندەك مەجنۇنغا شۇنچىلىك مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىپتۇ. ھوشۇمدىن كەتكىنىمدە ئىززەت ۋە مەرھەمەت قىلىپ بېشىمنى سىيلاپتۇ. ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى قانچە قىلسامۇ، تىلىم بىلەن رەھمەت ئېيتسامۇ ئادا بولماس. ئۇنىڭ پۈتۈن ئىستىكى شۇ ئېرىقنى قېزىش ۋە بۇ ئىشنى تاماملاش ئۈچۈن كۆپ ھىممەت كۆرسىتىشتىن ئىبارەت. ئۈمىدىم شۇكى، بۇ ئۆمرۈم مەن بىچارىگە مۆھلەت بەرسە، ئۇگۈزەلنىڭ مۇرادىنى ھاسىل قىلسام شۇنىڭ بىلەن بۇ دەردىمگىمۇ داۋا قىلسام» دەيتتى. بۇلارنى ئويلاپ يېڭىباشتىن ئىشقا چۈشۈپ كەتتى ۋە تاشلاردىن كۆككە چاڭ چىقىرىشقا باشلىدى. قاتتىق تاشلارنى يونۇشتا شۇنداق كۈچ چىقاردىكى، كۆكتە پەرياد كۆتۈرۈلدى. ئۇ مېتىنىنى ھەرقاچان تاشقا ئۇرغاندا ئاسمان گۈم-

بىزدگە غەۋغا چۈشەتتى. ئۇنىڭ ئاھىنىڭ تۈتۈنى مېتىندىن چىققان چاڭ-توزانلار بىلەن قوشۇلۇپ، كۆپكۆك ئاسماننى كۆزدىن يوقىتاتتى. ئۇنىڭ دەرد-قايغۇسىنىڭ تۈتۈنى مېتىننىڭ چاڭ-توزانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ئەرمەن تېغىنىڭ چېگرىسىنى قاپلىدى. بۇنى قايغۇ-دەردنىڭ چاڭ-توزىنى دېمە، بەلكى ئۇ باھار بۇلۇتى بولۇپ، يېغىن ئورنىغا تاش-بوران ياغقىندۇر. ھەربىر ئۇرغاندا تاشلارنىڭ ئىچىگە پېتىپ كەتكەن مېتىنى ھەر نەپەستە چاقماقتەك يالتىراپ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ تاشلارنى قېزىشى ۋە پارچە-پارچە قىلىپ ئېرغىتىشى — كەتمەن بىلەن لايىنى ئېلىپ ئاتقاندەك ياكى تارتقۇ بىلەن قارنى تارتقاندەك ئىدى. كېچە-كۈندۈز تىنىم تاپمايتتى. ھەر كۈنى خالايىقلار ئۇنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن تۇشمۇ تۇشتىن توپ-توپ بولۇپ كېلەتتى. ئۇنىڭ ئىشىغا نەزەر سالغان كىشىلەر ھەيرانلىق بارمىقىنى چىشلىمەي قالمايتتى. ئۇ قاتتىق تاشلارنى شۇ خىلدا كولاپ، تاشلارنىڭ باغرىغا توپىلاڭ سالاتتى.

ئەلقىسسە، ھېكايە قىلغۇچى قالغان ئىشلارنى تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن باشلايدۇ:

پەرھاد ئاشۇ كېچىسى مېھىنبانۇ بىلەن ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ ئۆيىدە ھوشىغا كېلىپ، دەررۇ تاغ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. شاپۇر پەرھادنى ئىزدەپ ئارقىسىدىن يېتىپ بېرىپ، ئۇنى تاغدىن تاپتى ۋە غەمدىن ئۆزىنى ئازاد قىلدى. ئۇ پەرھادنىڭ ئايىغىغا باش قويدى. قەسىردىكى خىرە كۆزلەر تاغدىن ئۇر تېپىپ قارىغىنىدا پەرھاد بىلەن شاپۇرنى تاپالمىدى. بۇ چاغدا شىرىننىڭ كۆزى غەمدىن قاراڭغۇلاشتى. ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئايرىلىش ئوتى تۇتىشىپ، خۇشاللىقنى يوقاتتى. ئۇ ئۆزىگە قارىسا، ئىختىيارى قولىدىن كېتىپ، ھىجران ئوقىغا نىشان بولۇپ قاپتۇ. شىرىن پەرھادنىڭ پىراقىدا يىغلاپ، باھانە كۆرسىتىپ:

— مەن تاغ ئارىسىدا بۇ ئىشلارنى تەييارلاپ، ئېرىق قېزىشنى باشلىغانىدىم، ئۇلۇغ تەڭرى مېنىڭ بۇ قىيىنچىلىقلىرىمنىڭ زايا كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇ يىگىتنى بۇ يەرگە كەلتۈردى. شۇڭا ئۇنى تاپمىساق يۈز قەرنە يىل تىرىشقان بىلەنمۇ، ئۇ ئېرىق ھەرگىز قېزىلىپ پۈتمەيدۇ. ئەتراپقا ئادەم چاپتۇرۇپ، ئۇنى ئىزدەپ تېپىشىمىز لازىم ئىدى، — دېدى.

مېھىنبانۇ ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ ئالدىراۋاتقانلىقى ۋە تاقەتسىزلىنىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى پەملىدى. تاش چاپقۇچىنىڭ نەپىسىدىن چىققان بىر ئىسسىق يالقۇن ئۇنىڭ تاشتەك قەلبىنى يۇمشىتىپتۇ. مېھىنبانۇ ھازىر نەسىھەت بىلەن ئۇنى ئۆزىگە كەلتۈرۈشنىڭ ۋاقتى ئەمەسلىكىنى بىلدى. بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ھېكمەتلەرگە رىئايە قىلىپ، پەرھادنى تېپىشقا جىددىي ھەرىكەت قىلدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ خەۋىرى يېتىپ كەلدى. ئۇ بۇرۇنقىدەك ئېرىقتا تاش قېزىۋاتقانىمىش. بۇ خەۋەرنى ئۇ ئاي يۈزلۈككە يەتكۈزۈشتى.

بۇنى ئاڭلىغان شىرىنگە ھېسابسىز خۇشاللىق يۈزلەندى، لەۋلىرى گۈل بەرگىدەك خەندان ئېچىلىپ، قايغۇلۇق كۆڭلى پارە-پارە بولدى. شۇنىڭ بىلەن شىرىن: «قانداق قىلىپ ئۇنى كۆرەلەرمەن، ئارقا تەرەپتىن بىر جاي تېپىپ، ئۇنى

تولۇق كۆرۈپ تۇراي، ئەمما ئۇ مېنى كۆرمىسۇن، مۇبادا مېنى كۆرسە ھالسىزلىق ۋە ھوشسىزلىق يەنە باشلانسا، بۇ سىرلار پەردىسى تېخىمۇ ئاشكارىلىنىپ قالغۇسى» دەپ ئويلىدى.

مېھىنبانۇمۇ پەرھادنىڭ قېشىغا بېرىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغانىدى ۋە داۋاملىق ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، يوشۇرۇن قايغۇلىرىنى بىلىشكە ئىنتىلەتتى. ئۇ پەرھادنىڭ كۆپ ھۈنەرلەرنى بىلىدىغانلىقىنى، نۇقسانلاردىن خالىي ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلىدە كۈندىن-كۈنگە مۇستەھكەملىنىۋاتقان بىر مۇھەببەت رىشتىسىنىڭ بارلىقىنى پەملىدى، شۇڭا مېھىنبانۇ: «نەسلى ئېسىل شۇ يىگىت ماڭا ئوغۇل بولسا ئىدى» دەپ ھەۋەس قىلاتتى.

شىرىن بولسا، ھىجران ئازابىدىن زارلىنىپ، كېچە تاڭ ئاتقۇچە ئۇيقۇسىز ئۆتەتتى. دەردىنى ئېيتىشقا بىرەر دەرددىشى يوق ئىدى. كېچە-كۈندۈز يېمەك-ئىچمەكتىن ۋە ئۇيقۇدىن قالغانىدى. ھەمدەم بولغۇدەك كىشىسى بولمىغاچقا، ئەھۋالىنى ئېيتىشقا نومۇس يول قويمايتتى. پەرھادنىڭ قېشىغا باراي دېسە، ئۇنىڭ تاقەتسىزلىنىپ، ئۆزىنى تۇتالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. بارماي دېسە، ئۇ گۈليۈزلۈكنىڭ غەمكىن كۆڭلى تېخىمۇ بىئارام بولۇپ، مىسكىن جېنى پىراق ئوتىدا كۆيەتتى. ئۇ داۋاسىز دەردكە مۇپتىلا بولغانىدى. نەزمە:

كېتۈر ساقى، مەيى گۈلرەڭگى خۇشبۇ،
كى ئۇرغاي چارەسىز دەرد ئوتىغە سۇ.
مۇنىڭدەك مەي ماڭا ئارمان بولۇپدۇر،
كى دەردىم ئەسرۇ بىدەرمان بولۇپدۇر.

* *

سىرلار مەنبەلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

بۇ رەڭمۇرەڭ ۋەقەلەرنى زىننەتلىگۈچى ئۇستاز قەلىمىنى تۆۋەندىكىچە خۇش خەتكە تارتتى:

ئەلقىسسە، پەرھاد تاشلارنى پارچىلاپ ئېرىق قېزىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ ئىش تاماملانسا، ئۇ گۈزەل يار تاماشا قىلغىلى بۇ يەرگە كەلسە، ئۇنىڭ تولغان جامالىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ، روھلاندۇرغۇچى سۆزلىرىنى ئاڭلىسام ئارمىنىم قالماس ئىدى. خۇشاللىقتىن بۇ مۇڭلۇق جېنىم چىقىپ ئۇنىڭغا تەسلىم بولارىدى» دەپ ئويلايتتى ۋە: «ئەگەر ئۇ ئۆزى بۇ تەرەپكە كەلمىگەندىمۇ، بۇ ئىشلارغا نىسبەتەن ئۇنىڭ ھىممىتى بەك زور، لېكىن بۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى تولىمۇ مۇشكۈل، مۇبادا چارە-ئامال تېپىپ، بۇ قىيىن ئىشلارنى ئورۇندىسام، ئۇ گۈزەللەرنىڭ ئۇلۇغۋار شاھى ئاڭلىسا، ئارزۇسىنىڭ ئاسانلىق بىلەن ۋۇجۇدقا چىققانلىقىنى كۆرۈپ، مېنىڭدىن رازى بولىدۇ» دېگەن ئۈمىد بىلەن تاڭدىن كەچكىچە بىر نەپەس ئارام ئالماستىن تاش چېپىشنى داۋاملاشتۇراتتى. مۇھەندىس (ئىنژېنېر) لەرگە ئوخشاش ئېرىقنىڭ ئىككى يېنىغا ئىككى جەدۋەل (سىزىق) تارت-

تى. ئېرىقنىڭ بۇ قىرغىقى بىلەن ئۇ قىرغىقىنىڭ ئارىلىقى ئۈچ گەز، چوڭقۇرلۇقى ئىككى گەز ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ھەربىر ئارتقان سىزىقى ئۇزۇنىسىغا مىڭ گەزدىن ئاشاتتى. پەرھاد بۇ مىڭ گەز ئېرىقنى تاماملاپ، يەنە مىڭ گەز سىزىق تارتىشقا باشلايتتى. بۇ مىڭ گەز يەردىكى تاشلارنى مېتىن بىلەن پارچە-پارچە قىلىپ تاشلايتتى. بۇرۇنقى ئىككى يۈز تاش چاپقۇچىلار پەرھاد چاپقان تاشلارنى توشۇپ، ئېرىقنىڭ ئىچىنى تازىلايتتى. پەرھاد كەكىنى ئېلىپ، ئېرىقنىڭ قىرغاقلىرىنى يونۇپ، سىلىقلاپ، ئېرىق ئىچىدە يەنە قىرىندىلارنى پەيدا قىلاتتى. ئۇ كەكىنى قولىغا ئېلىپ يۈز گەز ئۇزۇنلۇقتىكى تاشلارنى تۈپتۈز سىلىقلاپ، ئەينەككە ئوخشاش يالتىرىتىۋېتەتتى-دە، ئۇنىڭدا سۇدا ئەكسىنى كۆرگەندەك چىرايىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئىككى تەرەپتىن تاشلارنى بىر-بىرىگە باغلاپ، ئاستىنى بولسا، چىشتەك جىپسىلاشتۇرۇپ چىقاتتى. بىرەر يەرنىڭ توپىسى كۆرۈنۈپ قالسا، ئۇ يەرنىمۇ مېھنەت ۋە زەخمەت تارتىپ، ئالا قويماي ياساپ، ئەينەكتەك تۈپتۈز قىلىۋېتەتتى. بىراق ئۇ ھېرىپ-چارچاشقا قارىماي، تاش-تاختىلارنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ، مۇھەندىسلەردەك تەكشى ھەم سىلىقلاپ باراتتى. ئۇ ھەربىر تاشنى شۇنچىلىك جىپسىلاشتۇرۇپ چىقتىكى، تاشلارنىڭ ئارىلىقىدىن ھېچكىم بىرەر دەز تاپالمايتتى. ئەگەر ئالدىغا بىرەر تاغ كېلىپ قالسا، ئۇنى چېپىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن كەكىسىنى ئوتتا تاۋلايتتى ۋە ئۇنى بىر تامچە سۇ بىلەن سۇغىراتتى، ئاندىن تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپ تاشلارنى قازاتتى.

چوققىلارنى ئاغدۇراتتى. شۇڭا ئۇ «كوھكەن» (تاغ قازغۇچى) دېگەن لەقەم بىلەن شۆھرەت تاپقانىدى. ئۇ تاشلارنى ئاغدۇرۇشقا بېلىنى باغلىغان بولۇپ، بىرەر زەربە بىلەن تاغنىڭ بىر قىسمىنى يىقىتاتتى. تاغنىڭ چوققىسىغا بىر زەربە ئۇرۇش بىلەن چوققىسىنى يەرگە تەگلەشتۈرۈپ قوياتتى. ئارقا-ئارقىدىن ئۇرغان مېتىنىنىڭ زەربىسىدىن تاغنىڭ چوققىلىرى بىر-بىرلەپ تەرەپ-تەرەپكە ئۇچۇپ كېتەتتى. مېتىنىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئۇرغاندا ئۇچۇپ چىققان تاشلار ئاسماندىكى ئايغا تېگىپ كەتكىلى ئاز قالاتتى. ئاي بۇ تاشلاردىن ئېھتىيات قىلغىنى ئۈچۈن ئەتراپىغا قوتان باغلاپ، قوتانىنى ئۆزىگە قالقان قىلغانىدى. يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقى پەرھادنىڭ ئۇرغان مېتىنىدىن ئۇچۇپ چىقىۋاتقان ئۇششاق تاشلارنى كۆرۈپ، بېشىنى قاچۇرغانلىقى ئىدى. پەلەك ھەر نەپەستە يەر ئۈستىگە ياغدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ ئۇششاق تاشلارنى ئوغرىلايتتى. پەلەك ھېلىغىچە جاپا تاشلىرىنى ياغدۇرۇشتىن توختىمىدى. بۇ تاشلار ئاشۇ تاشلاردىن بولۇپ، تاكى مۇشۇ دەملەرگىچە تۈگىمىگىنى يوق.

پەرھاد تاغنىڭ چاك-توزانلىرىنى ئاسمانغا چىقىرىپ، تاغنى ئىككى-ئۈچ كۈن ئىچىدىلا ئورنىدىن قومۇرۇپ تاشلايتتى. ئېرىقنىڭ بىر قىسمىنى قازغۇچە، ئۆز ھۈنىرى بىلەن يۈزلىگەن بابىلنىڭ سېھىرلىرىنى كۆرسىتەتتى. بىر تاغنى يەر بىلەن تەگلەشتۈرسە، يەنە ئېرىق قېزىشقا قول سېلىپ، پەركارىنى ئاۋۋالقى سىزىققا توغرىلاپ تارتىپ، كېچە-كۈندۈز ئېرىق قېزىشىنى داۋاملاشتۇراتتى. شۇنداق

تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئېرىقنىڭ بېشىنى قەسىرگە يەتكۈزدى. ئۇ يەردىمۇ يەنە تاشلارنى كېسىپ، يونۇپ بىر كۆل قازدى. كۆلنىڭ ھەر تەرىپى ئاتمىش گەزدىن كەڭ ئىدى. ئۇنى كۆل دېگەندىن كۆرە، دەريا دېگەن ياخشىراق. ئۇنىڭ سۈيى «ئابى ھايات» (تىرىكلىك سۈيى) دەك سۈزۈك ھەم پاكىزە ئىدى. ئۇ قەسىرنىڭ ئالدىدا بىر تاش بار ئىدى. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى پەلەكتىن ئاشقان بولۇپ، ئايلانمىسى پەركار (سىركول) بىلەن سىزغاندەك يۇملاق ئىدى. ئومۇمىي ئايلانمىسى بەش يۈز گەز كېلەتتى. تاش كەسكۈچى پەرھاد بۇ تاشقا مىتىخىنى توغرىلاپ ئۇرۇشقا باشلىدى. تاشنىڭ ئىچىنى، ئەتراپىنى يونۇپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە يۈكسەك ئاسماندەك بىر قەسىرنى بىنا قىلدى. ئۇنىڭ بىر گۈمبىزىنى سۇ تەرىپىگە ياسىدى. ئايۋىنىنى بولسا، كۆك گۈمبىزىگە يەتكۈزدى. ئىچىگە شۇ ئايۋانغا لايىق بىر گۈمبەز، گۈمبەزگە لايىق يەنە بىر دالان ياسىدى. يەنە ئۈچ تەرىپىگىمۇ ئۈچ گۈمبەز بىلەن ئۈچ ئايۋان ياساپ، ئۇنىڭ ھەر بىرىنى زۇھەل يۇلتۇزىغا ئوخشاش تەييار قىلدى. ئۇنىڭدىن پەلەك گۈمبىزى خىجالەت بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن ھازىرغىچە بېشىنى ئېگىپ تۇرىدۇ.

ئەلقىسسە، پەرھاد بۇ يەردە كۆپلىگەن راۋاقلار ۋە پەنجىرىلەرنى ياسىدى. ياسالغان ھەر بىر ئۆي گۈزەللىك ۋە يورۇقلۇقتىن بەلگە بېرىپ تۇراتتى. پەرھاد ئالەمنى گۈزەللەشتۈرگۈچى بۇ خىل قەسىرنى يونۇپ پۈتتۈردى. قەسىرنىڭ ھەر بىر بۆلەكلىرى بىر پۈتۈن تاشتىن ياسالغانىدى. قەسىرنىڭ ئايۋىنىغا يۈزلەنگەن سىخىپىلارنى، سىخىپىلارغا مۇۋاپىق رەسىملەرنى سىزدى. تاشنى يونۇش ئارقىلىق ئۇ سەرۋى قامەت، گۈلييۈزلۈكنىڭ سەلتەنەت تەختىنى ياساپ چىقتى. تەخت ئۈستىگە ئاشۇ پەرىلەر شاھىنىڭ رەسىمىنى، ئۇنىڭ ئالدىدا پەرىلەرنىڭ يەرگە يۈزىنى قويۇپ، خىزمىتىگە تەييار تۇرغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سۈرەتلەرنى سىزدى. بۇ سۈرەتلەر گەرچە جانسىز بولسىمۇ، لېكىن شىرىننىڭ رەسىمى ئۇلارغا جان كىرگۈزگەندى. ئەنە شۇنداق يۈز مىڭلىغان ئاجايىپ مىساللارنى سىزىپ، ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى بولسا، ئۇ شوخ پەرىنىڭ ئالدىدا ھالسىزلانغان تەخلىتتە تەسۋىرلىگەنىدى. ئۇ ئاي سۈرەتلىك قەيەردە پەرھادقا نەزەر تاشلاپ، ئۇنى ھوشىدىن كەتكۈزگەن بولسا، شۇ يەردىكى ئۆزىنىڭ ھوشسىزلىق ھالىتىنىڭ ئەينەن تەسۋىرىنى سىزغانىدى. بۇ ئىشلاردا شاپۇر ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ، ئۆز قەلىمى بىلەن ھەربىر سۈرەتكە زىننەت بېرەتتى. پەرھاد شىرىننى سىزسا، شاپۇر باشقىلارنى سىزاتتى. پەرھاد جانىۋارلارنىڭ سۈرىتىنى سىزسا، شاپۇر باشقا تەسۋىرلەرنى سىزاتتى. پەرھاد شۇ تەرىقىدە ئۇ ئاينىڭ سۈرىتىنى، ئۆزىنىڭ تاش ئۈستىدىكى سۈرىتىنى سىزىپ چىقتى. پەرھاد ئۇ ئاي يۈزلۈك، جاھاننى زىننەتلىگۈچىنىڭ سۈرىتىنى سىزىۋاتقىنىدا بەزىدە ئاھ - ۋاھ چېكەتتى.

شۇ تەرىقىدە ھېلىقى قەسىرنى زىننەتلىدى. بۇ قەسىر گۈزەللىكتە چىنىنىڭ سۈرەتخانىسىغا ئوخشىدى. ئاخىرى قەسىرنى شۇنداق زىننەتلەپ پۈتتۈردى. كۆلنىمۇ ياساپ تۈگەتتى. ئاندىن كېيىن بىر ئېرىق قازدى، بۇ ئېرىق قەسىرنىڭ ئەت-

راپىنى ئايلىنىپ ئۆتەتتى. ئېرىقنىڭ بىر ئۇچى ئۇ دەرگاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ، شەھەر تەرىپىگە قويۇلاتتى. ئېرىقنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى مىڭ گەز كېلەتتى. سۇ ئۇ يەردىن تۆۋەنگە قاراپ ئاقاتتى. بۇ ئېرىقنىڭ سۈيى بىلەن تۆۋەندە باغۇ-بوستانلار بەرپا قىلىنىشى مۇمكىن ئىدى.

تاش كېسىش ئىشلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تاش كەسكۈچى سۇنى باغلاپ، شەھەرگە باشلاش ئۈچۈن سۇنىڭ بېشىغا قاراپ ماڭدى. بۇ خەۋەر شەھەر خەلقىگە ئاڭلىنىپ، شەھەرگە غۇلغۇلا چۈشتى. شەھەر خەلقى بۇ ئىشنى كۆرگىلى تاغ باغرىغا قاراپ ماڭدى. تاماشا كۆرگىلى ماڭغان خەلقنىڭ تولىلىقىدىن تاغۇ-تۈز كۆرۈنمەي قالدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن يىڭنە تاشلىسا يەرگە چۈشمەيتتى.

پەرھاد ئېرىقنى ياقىلاپ ماڭماقتا ئىدى. بىچارە شاپۇرمۇ پەرھادنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي بىللە ماڭدى. تەڭداشسىز ھۈنەرۋەن پەرھاد كېتىۋېتىپ، كۆزىدىن توختىماي ياش تۆكەتتى. دىلبىرىنىڭ خىيالى ئۇنىڭ جېنىغا چۈشۈپ، ۋەيرانە خاتىرىگە ئوت تۇتاشقانىدى. قايغۇدىن كۆز يېشىنى توختىتالماي، يېشى ئېرىق سۈيىدەك ئاقاتتى. قايغۇ ئۇنى ھوشىدىن جۇدا قىلىپ، بىچارىلىقتىن كۆزىنىڭ سەل يامغۇرىنى ياغدۇراتتى. ئۇ: «شۇنچە كۆپ خەلق بۇ تاغ-دەشتكە تولۇپ، تاماشاغا كەپتۇ، بىراق ئۇ ئاي قايسى تاغدىن چىقىپ كېلەر؟ مۇبادا ئۇمۇ تاماشا قىلغىلى كېلىپ قالسا، مەن بىچارە ئۆلمەي قالماسمەن، ئەگەر كەلمىسە، ناتىۋانلىق بىلەن ھالاك بولارمەن!» دېگەن خىياللار ئارىسىدا جىمىپ قالدى. خالايىقلار پەرھادنىڭ كەيپىياتىدىن ئەھۋالنى پەملەپ، ئۇنىڭغا مەدھىيە ۋە ئاپىرىنلار ئوقۇيتتى.

مېھىنبانۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ پەرھادنىڭ ئارقىسىدىن ھېسابسىز لەشكەر بىلەن ئاتلىنىپ چىقتى. ئۇنىڭ ھەيۋىتىگە ئەلنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. كۆپلىگەن تەكەللۇپلارغا ھېچكىم دىققەت قىلمايتتى. مېھىنبانۇ پەرھادنىڭ ھەر قەدىمىگە پۇللارنى، ھېسابسىز جاۋاھىرلارنى چاچاتتى. لېكىن بېشىغا چېچىلغان ئۈنچە-ياقۇتلار ھېجران تاشلىرىدەك كۆرۈنەتتى.

پەرھادنىڭ ئارقىسىدىن كۆك سۈپەتلىك ئاتلىقلار يۇلتۇزدەك تېز سۈرئەت بىلەن كېلىۋاتاتتى. تېز يۈرگەنلىكتىن ئاتلارنىڭ ئاياغلىرى قاپىرىپ كەتكەنىدى، پەرھادنىڭ كۆڭلىدىن: «بۇ ئاتلىقلار بىردەم توختاپ ئارام ئالسا ئىدى، بۇ چاپقۇر ئاتلارنىڭ ئاياغلىرىغا سۆيسەم» دېگەن خىيال چېكەتتى. خالايىق پەرھادنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى دەردنى چۈشىنىپ، زار-زار يىغلىشاتتى.

پەرھاد تېز قەدەم تاشلاپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. خالايىق ئۇنىڭ ئارقىسىدىن دۆۋە-دۆۋە تاغدەك ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇ قەيەرگە قەدەم قويسا، خەلقمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شۇ تەرەپكە يۈزلىنەتتى. شۇ ھالدا مېڭىپ سۇنىڭ بېشىغا يەتتى. ئۇ: «زامانغا غەۋغا سالغۇچى گۈزەل كېلىپ قالارمىكىن» دەپ، سۇنى ئاچماي، دەم ئېلىشنى باھانە قىلىپ، توختاپ تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلەتتى. يۈرىكىدە ئوت كۆيەتتى. كۆزى تۆت بولۇپ ئەتراپقا قارايتتى. نەزمە:

كېتۈر ساقى مەيى دەفئى ئەت خۇمارىم،
كى، ئۆلتۈردى خۇمارى ئىنتىزارىم.
خۇمارى ھەجر بەس مۈھلىك بەلادۇر،
ئاڭا يا ۋەسل يا خۇد مەي دەۋادۇر.

*　　　*

سىرلار مەنىلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋەيوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇئىشق ـ مۇھەببەت ۋە مېھىر ـ شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

بۇ تاغ ئارىسىدا تاشلارنىڭ باغرىنى يارغان كىشى پاك ۋە سۈزۈك سۈيىنى مۇنداق ئېقىتتى:

ۋاقتىكى، پەرھاد سۇ ئېچىشقا ماڭغاندا، شىرىنگە تەرەپ ـ تەرەپتىن: «ئېرىق قازغان ئۇ پاك ۋە ساددا كىشى كۆككە ئوخشاش قەسىرنى ياساپ، ئۇنىڭ يېنىغا يەنە تالاي ئىشلارنى ئىشلەپتۇ. قەسىرنىڭ پەنجىرە ـ تاملىرى ئاسمانغا يېتىپتۇ. ئۇ ئۆز قەلىمى بىلەن ناھايىتى چىرايلىق نەقىش ۋە رەسىملەرنى سىزىپتۇ. بولارنى كۆرسە، كىشىلەر خۇشاللىقتا چۆمۈلىدۇ. بۇ خىل ئىشلار ئادەمزاتنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، ئۇ تاش كەسكۈچى يۈزلىگەن قايغۇ تاغلىرىنى كۆڭلىگە سىغدۇرۇپ، كۆزىدىن تۈمەنىڭ غەم سەللىرىنى تۆكۈپ، ئاھىدىن ھەر نەپەستە ئوت چېچىپ، سۇ ئېچىشقا مېڭىپتۇ» دېگەن خەۋەرلەر يېتىپ كەلدى. گۈزەل شىرىننىڭ يوشۇرۇن كۆيۈشتىن ئارام تاپالمايتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، سەۋرى ـ تاقىتى تۈگىدى. لېكىن ئۇ ھوشىنى يىغىپ: «دەرھال ئات كەلتۈرۈڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئۇنىڭغا تېزلىكتە بوز ئاتنى كەلتۈردى. بۇ ئات پەلەكتەك يۈرۈشلۈك، ئۇنچە ـ مەرۋايىتتەك يالتىراق ئىدى. شىرىن گويا شەرق قۇياشى پەلەك ئېتىغا مىنگەندەك ئۇ ئاتقا مىنىپ، سۇ سەيلىسىگە راۋان بولدى ۋە مېھىنبانۇغا: «مەن سۇ بويىغا بېرىپ، بىر پەس توختاپ تۇرىمەن. ئۇ تاش قازغۇچى مەن يېتىپ بارغۇچە ئېرىققا سۇ ئاچمىسۇن» دەپ، دەرھال كىشى چاپتۇردى. مېھىنبانۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى. ئۇ دىلى سۇنۇق پەرھادنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىپ:

— بىزدىن ساڭا مالالىق يەتتى، شۇڭا بىزگە خىجالەتچىلىكتىن باشقا ئىش قالمىدى. كۆپ ھۈنەر ئىشلىتىپ، جاپا تارتتىڭ. ئەمدى بىردەم ئارام ئالغىن. ئۇ گۈلىيۈزلۈك سەرۋى يولغا چىقىپتۇ. بۇ يەرلەرنى ئۆز جامالى بىلەن يورۇتۇپ، ئېرىق بويىدىن سەرۋى گۈلدەك ئورۇن ئالىدۇ» دەپ، پەرھادقا ئۆزرىلەرنى ئېيتىپ، كۆپ مېھرىبانلىق كۆرسەتتى. شۇ يەرگە تەخت قويۇشقا ئەمىر قىلدى. ئۆزى تەختكە چىقىپ ئارام ئالدى. پەرھادنى سۆز بىلەن رام قىلىپ، دەرھال يەرگە يىپەك زىلچىلارنى سالدۇرۇپ، ھالى پەرىشان پەرھادنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. پەرھاد تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، دەردلىك ئاھى بىلەن خالايىقنى ئۆرتەپ، گويا پەرىشتە پەلەك ئالدىدا ئورۇن تۇتقاندەك مېھىنبانۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئورۇن ئالدى. مېھىنبانۇ پەرھادقا مەرھەمەت قىلىپ، كۆڭلىنى ياساپ، شەپقەت بىلەن

سۆزلىسە، پەرھاد ئۇنىڭدىن ھايا قىلىپ، كۆزىنى يەرگە تىكەتتى. ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئەدەبلىكلىكى بىلەن ئۆزىنى خەلققە، گويا تاغ ئالدىدىكى خەس-خەشەكتەك كۆرسەتتى. بەزىدە مېھىنبانۇغا ئەدەب بىلەن جاۋاب بېرەتتى. ھەر بىر سۆزى سۈزۈك ئۈنچىدەك ئىدى. ئۇنىڭ سۆزىدىن زېرەكلىكى، يۈزىدىن بولسا، ئەقىل-پاراسىتى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇلار شۇنداق رەسىم-قائىدىلەر بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، يىراقتىن تۇتىيا رەڭلىك چاڭ كۆتۈرۈلدى. بۇ چاڭ-توزان تولغىنىپ، يۇقىرى ئۆرلەپ، ئاسمان ئەمەس، بەلكى قۇياشنىڭ كۆزىنىمۇ روشەنلەشتۈرگەندى. ئۇلار بۇ سۈرمە رەڭلىك چاڭ-توزاننى كۆرۈپ: «پەلەك سۈرمە بىلەن بىرلىشىپ كېتىپتۇ، بۇ گۈزەللىك ئاسمىنىدىكى نۇرلۇق ئاينىڭ چاڭ-توزىنى. نەزمە:

ھەمانا خوبلار سۇلتانىنىڭدۇر،
جەمالى ئەۋجى مەھ تابانىنىڭدۇر.

ئۇ بۇ تەرەپكە ئېتىنى سۈرۈپتۇ، شۇڭا ئۇنىڭ چاڭ-توزانىدىن شەرق قۇياشىمۇ كۆرۈنمەي قالدى» دېيىشتى.

خالايىقنى سۈنىڭ بېشىدىن، بەلكى پەرھاد بىلەن مېھىنبانۇنىڭ قېشىدىن يىراقلاشتۇردى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پەرھادنىڭ تېنىگە تىترەك چۈشتى. ئوتنىڭ ھارارىتى جىسمىدىكى قانلارنى قۇرۇتتى. مېھىنبانۇ كېلىپ پەرھادقا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇ شېرىننىڭ بېشى بىلەن قەسەمياد قىلىپ دېدىكى:

— ئەي ئوغلۇم، ئۆزۈڭنى بەردەم تۇت. كۆڭلۈڭ بىلەن كۆزۈڭنى ئاسرا. مۇبادا ھوشۇڭنىڭ يىپى چۇۋۇلسا، بىرنەچچە يىل قىلغان ئىشلىرىڭنىڭ نەتىجىسى يوقىلىدۇ. مەجنۇنلۇقۇڭ سېنى مەغلۇپ قىلىۋەتسە، ئۇ پەرى سۈرەتلىك ئەل-جامائەت ئالدىدا خىجالەتچىلىكتە قالىدۇ. شۇڭا ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، بۇ زاماننىڭ كىشىلىرى ئەيىب ئىزدىشىدۇ. بۇ ئىشىڭ ئۇلارغا باھانە بولۇپ قالمىسۇن. ئۆزۈڭنىمۇ، مېنىمۇ، ئۇ ھۆرنىمۇ پەرىشان قىلمىغايسەن، — مېھىنبانۇ پەرھادقا شۇ خىلدا كۆپ تەلىم بەردى ھەم تەسىرلىك قەسەملەرنى ئىچتى.

ناتىۋان پەرھاد ئۆزىنى تۇتۇۋالغۇچە، ئۇ گۈزەل پەرھادنىڭ قېشىغا كېلىپ قالدى. ئۇ نۇرلۇق يۈزى بىلەن ئالەمگە ئوت ياقتى. خالايىق سەمەندەرگە ئوخشاش ئوت ئىچىدە قالدى. ئۇ گۈزەلنىڭ يۈزى ئۈستىدىكى چاچلىرىنى ئەنبەر ھىدلىق دېمەڭ، بەلكى ئۇ ئوتتەك يانغان يۈزلەر قارا ئەنبەرگە ئوخشاش تۈتۈننى كۆرسەتكەنلىكىدۇر. ئۇ ئوتنىڭ يالقۇنى جاھاننى ئۆرتەپ، تۈتۈنى يۈز خانۇماننى قارا قىلدى. ئۇ گۈلىيۈزلۈك سەرۋى ناھايىتى تېز يۈرۈپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن يۈزىنىڭ ئوتىدىن سۇ ئېقىپ، سۇدىن گۈزەللىك بۇلىقى نامايان بولدى. بۇ سۇ گوياكى كۆڭۈلنى ئېلىپ قاچقۇچى ئاپەت سېلىگە ئوخشايتتى. يۈزىدىكى مېڭى گۈل ياپراقلىرى ئارىسىدىكى قارىغىدەك، تەر باسقان گۈلدەك يۈزى سۇ ئىچىدىكى باغدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنى سۇ دېمەڭ، بەلكى ئۇ تىرىكلىكنىڭ سۈزۈك سۈيىدۇر. بۇ سۇنى خىزىر بىلەن ئىسكەندەرمۇ تاپالمىغان. بۇ سۇ كۆركەملىكتە گۈل ئۈستىدىكى شەبنەمدەك يالتىرايتتى ۋە سۇمبۇل چېچىغا ھەر نەپەستە يۈز تامچە چېچىلىپ

تۇراتتى. بۇ تامچىلار چىچىنىڭ زۇلمەتتەك تۇتۇنى ئىچىدە يۇزمىڭ ئىسكەندەر سەمەندەرگە ئوخشاش ياتقاندەك ئىدى. ئۇنىڭ ئات ئۇستىدىكى رەنا قەددى-قامىتى ھەممىگە بالايىئاپەتلەرنى چاچاتتى. گويا ئاي بۇلۇت ئىچىگە يوشۇرۇنغاندەك، ئۇ گۈزەل قۇياشتەك يۈزىنى نىقاب ئىچىگە يوشۇرغانىدى. زامانغا غەۋغا سالغۇچى گۈزەل شۇ تەخلىتتە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تاقىسى زامانىنىڭ بېشىنى ئېزىدىغاندەك ھالەتتە ئىدى. مېھىنبانۇ دىلسىز پەرھادقا قاراپ:

— قېنى تېز ماڭغىن، ئۆز ئىشىڭغا مەشغۇل بولۇپ، قول سالغىن. زامانىنىڭ ئاپىتى بولغان ئۇ گۈزەل بۇ ياققا يول ئاپتۇ. سەن ئۇ تەرەپكە نەزەر سالما، مەسلىھەتىم شۇ. بۇ ساۋاقلارنى ساڭا غەرەزسىز ئېيتتىم، — دېدى.

ئۇ جاپاكەش مېھىنبانۇغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، شاپۇرنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە مېتىنىنى قولىغا ئېلىپ، سۇ ئېچىشقا تۇتۇش قىلدى. گۈزەل پەرىزاتمۇ بۇ جايغا دەرھال يېتىپ كەلدى. ئۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئېرىقنىڭ ئىچ-سىرتىغا نەزەر سېلىپ، ھەردەم بېشىنى تەۋرىتەتتى. بۇ يەردىكى ئىشلارغا قارىغانسېرى ھەيرانلىقى ئېشىپ، ئارقا-ئارقىدىن ئاپىرىنلار ئوقۇيتتى. ئۇ گۈزەل پەرھادقا مەدھىيە ئېيتىشتىن باشقا سۆز تاپالمايتتى.

ئەلقىسسە، مەجنۇن پەرھاد سۇ ئېچىشقا مېتىن ئۇرۇپ، تېزلىك بىلەن ئېرىقنىڭ توغىنىنى ئاچتى. ئۇ سۇنىڭ ئالدىدا يۈرۈپ، ئېرىقنى ئوڭشىدى، سۇ توسۇلۇپ قالغان يەردىكى تاشلارنى ئېلىپ تاشلىدى. ئېرىق تۈگمەنىنىڭ نورىغا ئوخشايتتى. سۇ خۇددى تۈگمەن نورىدىن چۈشكەندەك تېز ئېقىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن ئەتراپتىكى خالايىق ئىچىگە غەۋغا چۈشۈپ، شاۋقۇن-سۈرەن كۆتۈرۈلدى. ئېرىقنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى خۇشاللىققا چۆمگەن كىشىلەر ناخشىلارنى كۈيلەپ، سازەندىلەر ئېرىقتىكى سۇنىڭ شاۋقۇنىغا جور بولۇپ مۇزىكا ياڭراتتى.

مېھىنبانۇ بىلەن شىرىن سۇدىن ئىلگىرى قەسىر ئالدىغا يەتمەكچى بولۇپ، ئات سۇرۇشتى، لېكىن سۇ شۇنداق تېز ئاقتىكى، ئۇنىڭ سۈرئىتىگە چاپقۇر ئاتلارمۇ يېتىشەلمىدى. كىشىلەر سۇغا ئەگىشىپ بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى يىقىلىشىپ، توپ-توپى بىلەن يۈگۈرۈشەتتى.

پەرھاد خالايىقنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئەمما كۆزى ئۇ ھۆر-پەرىزاد تەرەپتە ئىدى. ئۇ گۈزەل ئۇن ياغاچلىق يولغا ئات چاپتۇرغانىدى، پۈتۈن تاغ ۋە چۆلنىڭ ئىچى ئادەملەرگە تولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ يەنە يەتتە-سەككىز ياغاچلىق يولغا چاققانلىق بىلەن ئات سالدى. شامالدەك ئۇچۇۋاتقان ئاتقا ئۆزىنىڭ تۇياقلىرى يۈك بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلدى. ئات تېز چاپقانسېرى ئۇ پەرى سۇپەتلىك گۈزەل يىقىلىپ كېتىشتىن ئەندىشە قىلىشقا باشلىدى ۋە كۆپ كۆچىنىپ چاپقۇر ئاتنى توختىتىشقا ئۇرۇندى. ئۆزدەمۇ ئارام ئالماقچى بولدى. ئەمما، ئۇ چاپقۇر ئات توختىماي ھەدەپ چېپىشقا پۇتلىرىنى ئالماشتۇراتتى. ئۇ گۈزەل يىقىلىش خەۋپىدە تۇرغىنىدا، ئاشىق پەرھاد گۈزەل يارنىڭ يەلتاپان ئاتتىن يىقىلىپ كېتىدىغانلىقىنى سەزدى. ئۇ مەجنۇنلارچە ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى-دە، قۇياش ئاستى-

دىكى كۆكتەك ئېگىلىپ، يەلتاپان ئاتنى
دىلنى تارتقۇچى گۈزەل بىلەن قوشۇپ
گەجگىسىگە ئالدى ۋە بىر قولى بىلەن
ئاتنىڭ ئالدىنقى پۇتىنى، يەنە بىر قولى
بىلەن كەينى پۇتىنى مەھكەم تۇتتى. ئۇ
يەلتاپاندىنمۇ تېزلىك بىلەن نەچچە مىل
يول باستى. يولنىڭ چاڭ-توزانلىرى ئەل-
نىڭ كۆزىگە سۈرمە بولدى.

مېھىنبانۇ بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇ-
راتتى، لېكىن بۇنىڭغا ئىلاج يوق ئىدى.ئاشىق
پەرھاد ئىككى-ئۈچ ياغاچلىق يولنى باس-
تى. ئاخىرى قەسىر بىلەن كۆل كۆرۈندى.
ئۇ ئات ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى گۈزەلنى
قەسىرنىڭ ئايۋىنىغا ساق-سالامەت ئېلىپ
كېلىپ، يەرگە قويدى. شۇنداق قىلىپ پەر-
ھاد ئۇ سەرۋى بويلۇق گۈزەلنى سۇ بىـ
لەن تەڭ قەسىرگە يەتكۈزدى ۋە قەددى-
نى تۈزۈپ، گۈزەلنىڭ بېشىدىن ئايلاندى.
ئۇنىڭغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، زار-زار
يىغلىغىنىچە قەسىردىن قايتىپ تاغقا چىـ
قىپ كەتتى. ئۇ تاغ ئۈستىگە باھار بۇلۇ-
تىدەك ياش تۆكۈپ، پىغان چەكتى.

پەرھاد تاغ ئۈستىگە بۇلۇتتەك چىـ
قىپ كېتىۋاتقىنىدا. ئېرىقتىن سۇ سەل-
دەك ئېقىپ كەلدى. بۇ سۇ بىلەن كۆل
ۋە ئېرىقلار لىپمۇلىپ تولۇپ، قەسىر
ئەتراپىنى ئايلانغاندىن كېيىن دەشت تە-
رەپكە قاراپ ئېقىشقا باشلىدى. بۇ ئېرىق-
نىڭ ئىسمىنى «بەھرۇل-ھايات» (ھاياتـ
لىق ئېرىقى) دەپ ئاتىدى. كۆككە ئوخشاش
كۆلگە بولسا، «بەھرۇن-نەجات» (نىجاتـ
لىق دېڭىزى) دەپ ئات قويدى.

ئەي ساقى، سەن ماڭا دېڭىزدەك
كەڭ كۈپتا شاراب كەلتۈر. قەدەھ كېيىـ
سىنى ئۇ دېڭىزغا سال. جېنىمنىڭ ھاياتـ
لىقى ئۇنى پاك-پاكىز ئىچىشتە، ئۆمرۈمـ
نىڭ نىجاتلىقى ئاشۇ شاراب دېڭىزىنى تۈ-
گىتىشتەدۇر. نەزمە:

كېتۈر ساقى، تەغارى بەھرى تىمسال،
قەدەھ كىشتىسىن ئول مەي بەھرىغە سال.
ئارىغ ئىچمەك ئېرۇر جانىم ھەياتى،
تۈگەتمەك بەھرى مەي ئۆمرۈم نەجاتى.

* *

سىرلار مەنبەلىرىدىن رىۋايەت قىلغۇ-
چىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت
بەرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەبـ
بەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ
مۇئەللىپى مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى
ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىمـ
لىق ۋە تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىـ
چە رىۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقتىكى، سۇ تاش كۆلدە دولقۇنلىـ
نىشقا باشلىدى. بۇ يەر خالايىققا خېلى
ۋاقىتلارغىچە سەيلە-تاماشا ئورنى بولۇپ
قالدى.

مېھىنبانۇ بىلەن شىرىن بۇ مۇش-
كۈل ئىشلارنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن خۇشال
بولدى. ۋە چىرايلىق قۇرۇلغان بۇ قەسىر-
نى باشتىن-ئاياغقىچە يىپەك گىلەملەر بىـ
لەن زىننەتلەپ، ئىمكانىيەتتىن ئارتۇق
ئەيش-ئىشرەت تۈزۈپ، ئۈزۈنراق كۆڭۈل
ئېچىشنى بۇيرۇدى. بىراق ئۇ گۈليۈزلۈك-
نىڭ يۈزى تارتقان دەردلىك ئاھىنىڭ
تەسىرى بىلەن كىشىنىڭ كۆزىگە ئايدەك
سېرىق كۆرۈنەتتى. ئۇئاي يۈزلۈك دىلسىز
پەرھادنىڭ قايغۇسى بىلەن يۈرىكى ناھا-
يىتى كۆپ سىقىلغانىدى. مېھىنبانۇ ئۇ
گۈزەلنىڭ خىيالىنى بىلىپ، مۇشكۇللۇكتە

قالدى. بۇ ئىشقا چارىسىمۇ تاپالمىدى. چۈنكى بۇ خرۇستال ئەينەك بىلەن گرانىت تاش ياندىشقىنىدەك نازۇك بىر ئىش ئىدى. مېھىنبانۇ پەرھادنىڭ مەجنۇنلۇقىنى، ئۇ گۈزەلنىڭمۇ قولدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ ئاي يۈزلۈككە قاراپ:

— ئەي جېنىمنىڭ رىشتىسى، بۇ مۇڭلۇق جېنىمنى جامالىڭ بىلەن شادلاندۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. بۇ شەيدا يىگىت كۆپ جاپالارنى چەكتى. ئۇنىڭ ھەققىگە يۈزمىڭ خەزىنە ئازلىق قىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ھېچنەرسىگە ئېھتىياجى يوق. شۇڭا خەزىنىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ. مۇۋاپىقى شۇكى، ئۇ بىزنىڭ مۇرۇۋۋەت قىلىشىمىزغا سازاۋەر بولۇشى لازىم. ياخشى سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرەيلى. كىشى ئەۋەتىپ ئۇنى مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىككىمىز مېھماندارچىلىقىمىزنى نامايان قىلايلى، ئۇنى شاھانە كۇرسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلەن كۆڭلىگە تەسەللى بېرەيلى. بۇ ئارقىلىق ئۇنى ئۆزىمىزگە رام قىلىپ، كۆڭلىنى خۇشال قىلىشىمىز لازىم. بۇ ئىشلارغا ئۇ ئانچە ئېتىبار قىلماي قالغاندىمۇ، بىز قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلغان بولىمىز. گەرچە بۇ ئىشلاردىن ئۇنىڭ كۆڭلى رازى بولمىسىمۇ، ئەلنىڭ ئېتىرازى ۋە تاپا-مالامەتلىرى بىزدىن ساقىت بولغۇسىدۇر، — دېدى.

بۇ سۆزلەردىن ئۇ لەيلى رۇخسارنىڭ يۈزى گۈلدەك ئېچىلدى. مېھىنبانۇ گۈزەلنىڭ رايى بويىچە، دەرھال پىلانلانغان بارلىق ئىشلارنى بېجىرىشكە پەرمان چۈشۈردى. بېجىرگۈچىلەر مېھىنبانۇنىڭ رەسىم-قائىدىلىرىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن شۇ سائەتتىلا بەزمىنىڭ لازىمەتلىكلىرىنى تەييارلاپ تۈگەتتى. بۇ ئىشلار پۈتكەندىن كېيىن، مېھىنبانۇ ئۇ لەيلى رۇخسارغا:

— كۈندۈزى پەرھاد ياسىغان يورۇق ئايۋاننىڭ كۆل ئۈدۈل كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تەرىپىدە شاراب ئىچىشنى باشلايمىز. بۇنىڭدىن مەقسىتىمىز سۈنى كۆرۈپ ئولتۇرۇشتىن ئىبارەت. قاراڭغۇ تۈن جاھانغا مۈشك چېچىپ، ئاندىن پەلەك ئاق چىرىغىنى ياندۇرغاندا قەسىر ئىچىدە ئارام ئېلىپ قەدەھ كۆتۈرەيلى، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئەقىللىق، دانىشمەننى ئەتراپنى ئىزدەپ، پەرھادنى بۇ سورۇنغا ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار ھىجرانلىقتا قالغان ناتىۋاننى ئىزدەپ تاپتى. ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا ۋە تارتقان دەرد-ئازابى ھېسابسىز ئىدى. ئۇ دەرد-مۇشەققەتتە تاقەتسىزلەنگەن بولۇپ، غەم-ئەندىشە ئوتى ئۇنىڭدىن يالقۇنلاپ تۇراتتى. پەرھادنى تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى كۆرگۈچىلەرگە مالاللىق يۈزلەندى. ئۇلار پەرھادقا دەرھال تەسەللى بېرىشكە باشلىدى. ھىجرانلىقتا قالغان ناتىۋان ئۇلارنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ، سەلدەك ياش تۆكتى ۋە:

— ئەي جېنىمنىڭ ئۈمىدلىرى، ئەبەدىي ئۆمۈرلۈكلىرىم، ئىزلىرىڭىزلارنىڭ چاڭ-توزانلىرى — مېنىڭ تاجۇ تەختىمنىڭ پەخرىدۇر. ئېيتقىنىڭلارنى قىلماسلىققا ھەددىم يوق، — دېدى.

ئۇلار بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى. پەرھادقا شاھلارغا مۇۋاپىق ئىززەت-ھۆرمەت كۆرسەتتى. ئۆزلىرى بولسا، لەشكەرلەر سۈپىتىدە يۈرۈپ، پەرھادنى

شاھانە بەزمىگە باشلاپ كەلدى.
مېھىنبانۇ پەرھادنى چەكسىز ھۆر-
مەت بىلەن كۆرسى ئۈستىدە ئارام ئېلىش-
قا تەكلىپ قىلدى. مېھىنبانۇ نېمىنى بۇي-
رۇسا، ئۇنىڭ ھەممىسىنى ئورۇندىدى. شا-
پۇرمۇ مېھىنبانۇنىڭ ئىشارىتى بىلەن كۆر-
سى ئۈستىدىن ئورۇن ئالدى. پەرھاد كۆر-
سى ئۈستىگە چىقىپ ئورۇنلاشقىنىدىن كې-
يىن، مېھىنبانۇ پەرھادقا قاراپ سۆز باش-
لىدى. ئۇ ئۇقۇشسىز ئۆزرىلەرنى ئېيتتى
ۋە يېقىملىق سۆزلەرنى ئادا قىلدى.
پەرھادمۇ ئۇنىڭ بارلىق سۆزلىرىنى
چۈشىنىپ، خىجالەتلىك بىلەن جاۋاب بەر-
دى. ئادەمگەرچىلىك سۆزلىرى ئاياغلاش-
قاندىن كېيىن، دەرھال تۈرلۈك نېمەتلەر-
گە تولغان سان-ساناقسىز داستىخانلار
سېلىندى. نېمەتلەرنى يەپ، ئىشتىھا تو-
يۇلغاندىن كېيىن، ساقىلار بەزمىگە مەي
شىشىلىرىنى كەلتۈرۈشكە باشلىدى. پادى-
شاھلارغا خاس شۇنداق بەزمە تۈزۈلدىكى،
بۇنداق بەزمىنى تەتۈر ئايلانغۇچى پەلەك
كۆرۈپ باقمىغانىدى. شىشىلەردىكى مەيدىن
جانلار قۇۋۋەتلەندى. ھەر بىر قەدەھ گو-
ياكى بىر پارچە ياقۇت ئىدى. گۈل رەڭ-
لىك مەيلەر سۈزۈكلۈكىدىن چاقناپ تۇر-
غان قىزىل ياقۇتتەك كۆرۈنەتتى. ياقۇت
ئىدىشلار بىر قەلئە، ئىچىدىكى مەي تىل-
سىم قىلىنغان خەزىنە ئىدى. بۇ تىلسىمنى
تاپقان كىشى ناۋادا ئۇنى ئاچسا، ئۇنىڭ
خاسىيىتىدىن تەلۋە بولۇپ يىقىلاتتى.
ۋاقتىكى، مېھىنبانۇ بۇ ياقۇت رەڭ-
لىك مەينى ئىچتى ۋە پەرھاد بىلەن شا-
پۇرغا تۇتتى. ئۇلارمۇ ئىچىشكە باشلىدى.
زىياپەت ئورنى — جەننەت بېغىدىن نىشانە،
شاراب — ھاياتلىق سۈيىدىن نەمۇنە ئىدى.
پەرھاد خۇش مۇئامىلىلىك بىلەن تەبەس-
سۇم قىلسا، ساقىلارمۇ ئۇنىڭغا شىرىن سۆز-
لەر بىلەن يېقىملىق مۇئامىلە قىلاتتى.
سازەندىلەر خۇش ئاۋازى بىلەن كۈيلىگى-
نىدە، جانلار ئويناپ ئۆز پەردىسىدىن
چىقىپ كېتەتتى.
بۇ بەزمىدە ئون گۈزەل قىز بار ئى-
دى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى گۈلگە، قەددى-قا-
مىتى سەرۋىگە ئوخشايتتى. ئۇلار شىرىن-
نىڭ مەخسۇس قىزلىرى ئىدى. مېھىنبانۇ-
مۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرەتتى. ھەر بىرى
بىر پەزىلەتكە ئىگە بولۇپ، ئۆز ئىلمىدە
ماھىر ئىدى. نەزمە:

بىرى ئەشئار بەھرى ئىچرە غەۋۋاس،
بىرى ئەدۋار دەۋرى ئىچرە رەققاس.
بىرى مەنتىق رۇسۇمىدە رەقەمكەش،
بىرى ھەيئەت رۇقۇمىغە قەلەمكەش.
بىرىنىڭ شىۋەسى ئىلمى ھەقايىق،
بالاغەتدە بىرى ئايتىپ دەقايىق.
بىرى تەئرىختە سۆز ئەيلەپ فەسانە،
بىرى ھېكمەت فەنى ئىچرە يېگانە.
ھېساب ئىچرە بىرىنىڭ زىھنى بارىپ،
مۇئەممادە بىرىسى ئات چىقارىپ.
بۇ فەنلەردە بۇلار بىر-بىردىن ئەھسەن،
يۈز ئول فەنلىق ئارا ھەرقايسى يەكفەن
دىلارامۇ دىلارايۇ دىلاسا،
گۈلەندامۇ سۇمەنبۇيۇ سۇمەنسا.
پەرىچەھرە پەرىزادۇ پەرىۋەش.
پەرى پەيكەر زىھى ئون ئىسمى دىلكەش.

ۋاقتىكى، لىپمۇلىپ تولغان دەۋر
قەدەھى ئايلىنىشقا باشلىدى. بەزمە ئەھ-
لىنىڭ مىڭىسى گويا ئاشۇ بەزمىنىڭ ئو-
زىدەك قىزىدى. مېھىنبانۇ ئۆزىنىڭ

كامالىتىنى كۆرسىتىپ، ئۇلاردىن نازۇك سوئاللارنى سورايتتى. ئۇ بىرەر ئىشارەت قىلسا، بۇلار يېقىملىق سۆزلەر بىلەن جاۋاب بېرەتتى. پەنلەر بازىرى ئىچىدە غەۋغا كۆتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ بۇ غەۋغاسى ئاتارود①قا يەتتى. ھەر بىر گۈزەل ئۆزى بىلگەن پېنىدىن ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرسىتىشكە باشلىدى.

ۋاقىتكى، پەرھاد ئۇلارغا دىققەت قىلىپ، ئۇنۇتقان سۆزلىرىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ شارابىنىڭ كۈچىدىن غەيرەتلىنىپ، ئارقا-ئارقىدىن قەدەھ كۆتۈرەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ پاك تەبىئىتى ۋە ئۆتكۈر زېھنى بىلەن ئۆز زامانىسىنىڭ كامالەت ئىگىسى ئىدى. پەرھاد روشەن تەبىئىتى بىلەن ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ، ھەر بىر قىزغا ئىگىلىگەن پېنى بويىچە سوئال قويياتتى. ئەمما گۈزەللەر جاۋابقا ئاجىز كېلەتتى. ئۇلار بۇنداق قىيىن مەسىلىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. شۇڭا بۇ تېپىشماقنى يېشىش ئۈچۈن بىر ھەرپمۇ ئاپالمايتتى. پەرھاد بىرنەچچە جۈملە پاساھەتلىك سۆز بىلەن ئۆزى قويغان مەسىلىنى يېشىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ ئىدراكى نۇقسانسىز ئىدى. ھەر بىر سۆزى بىر ئېسىل گۆھەر ئىدى. ئۇ بىلىم ئىگىسى ھەر قاچان سۆزگە تىل ئاچسا بەزمىدىكىلەر ئەقىل-ھوشىدىن ئايرىلاتتى. مېھىنبانۇ ئۇنىڭ سۆزىدىن ھەيرەتتە قېلىپ، كەمتەرلىك بىلەن ئۆزىنى چەتكە تارتاتتى. پەرھادنىڭ سۆزلىرىدىن تەگرى سىرلىرى ئايان، جامالىدىن شاھلىق نۇرى نامايان بولاتتى. ئۇنىڭ يۈزى نۇرلۇق ئايدەك قىزارغانىدى. ئەمدىلا خەت تارتىشقا باشلىغان ساقال-بۇرۇتى ئاينىڭ قوتانلىقىغا ئوخشايتتى.

مېھىنبانۇ دانىشمەنلەرنىڭ شاھى ئىدى، شۇڭا ئۇ: «تاش كەسكۈچى بۇ يىگىت گۆھەر قادالغان تاجدىن بېشىنى قاچۇرغان. ئۇلۇغلۇقىدىن ئۆزىنى كەمتەر تۇتۇپ، بۇ بەزمىدە ئاز سۆزلەۋاتىدۇ. كىشىلەر گۆھەرنى شەبنەم دەپ ئاتىۋالسىمۇ، ئاخىر ئۇنىڭ گۆھەر ئىكەنلىكى ناھايىتى تېز ئاشكارىلىنىدۇ» دەپ جەزملەشتۈردى ۋە تەختتىن چۈشۈپ پەرھادنى ئەدەب بىلەن تەختكە تەكلىپ قىلدى. پەرھادمۇ كەمتەرلىك بىلەن:

— جېنىم بىلەن مىننەتدارمەن، ئەگەر بالا تىغىنى كىرپىك بىلەن يېرىپ، تىرناق بىلەن يەردىن قومۇرۇشقا بۇيرۇسىڭىزمۇ ئۇنىڭدىن ھەرگىز باش تارتمايمەن. بۇ ئىشلار ماڭا تەختكە چىقىشتىن يۈز ھەسسە ئاساندۇر. گادايدىن سەلتەنەت تەختى كۆپ يىراق تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا تۇپراق ئۈستىدە يېتىش ياخشىراقتۇر، — دېدى.

مېھىنبانۇ پەرھادتىكى ھېسابسىز ئەدەب-ھايانى كۆردى ۋە ئۇنىڭ ئارزۇسىنى ئورۇندىماقچى بولدى:

— ئەگەر سەن تەختتە ئولتۇرۇشنى خالىمىساڭ، مەنمۇ يەردە ئولتۇرۇشۇم لازىم، — دېدى-دە، زىننەتلىك تەختنى ئۇ يەردىن ئالدۇرۇۋەتتى. يەرگە پارقىراپ تۇرغان پالاس ۋە شاھانە بىساتلارنى سالدۇردى. بىسات ئۈستىگە پەرھادنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئاندىن كېيىن ئۆزى ئولتۇردى.

ئىككىنچى قېتىم مەي قەدەھلىرى ئايلىنىشقا باشلىدى. يالغۇز پەرھاد يەنە سۆز گۆھەرلىرىنى چاچتى. سۆزى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئىككى كۆزى ئۇنىڭدىن ئار-

② ئاتارود — مىركۇرى سەييارىسى.

تۇق گۆھەرلەر چاچتى. ئۇ ئاينىڭ ھىجرىدىن جىنىغا تاقەتسىزلىك بىلەن پىراق ئوتى چۈشۈپ، قايغۇسىدىن پەلەك ئايۋىنى ئېگىلىپ كەتتى.

بۇ چاغدا ئۇ پەرى سۈپەتلىك گۈزەل پەردە ئارقىسىدىن بەزمىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى كۆرۈپ تۇراتتى. كۆزىدىن تىنىماي ياش تۆكەتتى. بەزىدە ھوشىدىن كېتىپ، بەزىدە ھوشىغا كېلەتتى. ئۇ پەرىگە ئوخشاش كىشىلەر نەزەرىدىن ئۆزىنى يوشۇرغان بولۇپ، باشقىلارنى كۆرۈپ تۇراتتى، لېكىن باشقىلار ئۇنى كۆرمەيتتى.

بىراق مېھىنبانۇ شىرىننى باشقىلارنىڭ كۆزىدىن قوغدايتتى. پەرھادنىڭ ئالماسنىمۇ يۇمشاتقۇچى كۆزىنىڭ ئۇنىڭغا چۈشۈپ قالماسلىقىنى ئويلايتتى. لېكىن شىرىننىڭ كۆز يېشى بېشىدىن ئاشقان، پەرھادنىڭ ئوتلۇق ئاھىدىن ئالەمگە ئوت تۇتاشقانىدى. مېھىنبانۇ: «بۇ مۇڭلۇق يىگىتتەك ساپ گۆھەرنىڭ ئالەمدىن تېپىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ماڭا ئۇنىڭ بارلىق ئەھۋالى روشەن بولدى. ئۇنىڭ ئادىتى، پاكلىق ۋە راستچىللىق ئىكەن. شىرىنگە بىر ئۆۋەت قاراشقا تاقەت-مادارى يەتمەيدۇ. ئەگەر قارىسا جېنى چىقىپ خاراب بولۇشقا يېقىنلىشىدۇ. بۇ ئىنسان سۈرىتىدە كەلگەن پەرىشتە ئىكەنلىكى ھەر بىر پەزىلىتىدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا يامان نىيەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. كۆزى ۋە قەلبىدە پاكلىقتىن باشقا نەرسە يوق. ئۇنىڭ ئەسىر بولغان جېنى ئىشتىياق ئوتىدا كاۋاپ بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قولىنى تۇتقىنىم ياخشى. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسام، ئۇ ھالاكەتلىك قايغۇ بىلەن جېنىدىن ئايرىلسا، قان قەرزى بوينۇمغا چۈشۈپ قالىدۇ» دېگەن خىياللارنى كۆڭلىدىن كۆچۈردى-دە، خادىملىرىغا:

— ئۇ ياخشىلارنىڭ شاھى ۋە گۈزەللىكنىڭ چوققىسىغا ئېيتىڭلار، مېھماندارچىلىق قائىدىسى بويىچە بىردەم بۇ يەرگە چىقىپ، ئايدەك يۈزى بىلەن مېھمانىنىڭ كۆزىنى يورۇتسۇن، يېقىملىق سۆزى بىلەن ئۇنىڭ جېنىنى، يۈزى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىنى مېھمان قىلسۇن، — دەپ بۇيرۇدى.

شىرىن پەردىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىدى ۋە جېنى ئارام تېپىپ، دەرھال بەزمىگە قەدەم قويدى، ئۇنىڭ چىرايلىق قەدەم تاشلىشىدىن ئالەم قوزغىلىپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ يۈزىدە مۇھەببەت ئوتىدىن ئەسەرلەر، كۆزىدە ياش سېلىدىن خەۋەرلەر بار ئىدى. ھىجران سەۋەبىدىن ئاققان كۆز يېشى بىلەن كىرپىك ئوقلىرىنى سۇغىرىپ، پەرھادنىڭ مېتىنىدەك ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋېتەتتى. پەرھاد تاشلارنى پارچىلىغان بولسا، ھازىر شىرىن كۆز يېشى بىلەن قېنىنى تۆكمەكتە ئىدى. ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ئاھىنىڭ شامىلى پەسەيمەيتتى. بۇ شامال بىلەن زۇننار چاچلىرىنىڭ تۈگۈنلىرىنى ئاچاتتى. چاچلىرىنىڭ ھەر بىر تالاسى يۈزلەپ ئىمانلىقلارنى كۇپرىلىق چۆلىۋۇرىغا باغلاپ قوياتتى. يۈزىنىڭ ئوتىغا كۆز يېشىدىن سۇ چېچىپ، خەلقنىڭ كۆيمىكىگە تېخىمۇ كۆپرەك ئىسرىق سالاتتى. قاشلىرىدىكى تۈگۈنلەردىن ئۇنىڭ غەم قايغۇسى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ جاھاننى زىننەتلىگۈچى جامالى زامانغا مىننەت قويسا، بۇ ئىشتىن زامانمۇ جانلارغا مىننەت قوياتتى. قۇياشتەك چىرايى بىلەن جاھاننى يورۇتۇپ، قاشلىرى بىلەن پەلەك

تاقىنىڭ ئايۋىنىنى روشەنلەشتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ قىزىل ياقۇتتەك لېۋى جانغا ئوت ياقسا، پەردىلەنگەن چېھرىسى جاھانغا ئوت ياقاتتى. ئۇ، تۆت ئاسمان پەردىسى كەينىدىن قۇياش يۈز كۆرسەتكىنىدەك، پەردىلەر كەينىدىن چىراي كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن گويا قۇياش نۇرىدىن زەررىلەر كۆتۈرۈلگەندەك، پۈتۈن بەزمە ئەھلى دەرھال ئورنىدىن قوزغىلىشىپ، تىك تۇرۇشتى. بۇ پەيتتە پەرھادنىڭ جېنىغا شۇنداق بىر ئوت تۇتاشتىكى، بۇ ئوت ئۇنىڭ پاك جىسمىنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇردى. ئۇ ئايغا نەزىرى چۈشۈشى بىلەن بىر ئاھ تارتتى ۋە بۇ ئاھنىڭ تۈتۈنىدىن يەتتە ئاسمان قارىيىپ كەتتى. ئۇ ھوشىنى يوقىتىپ، يىقىلىشقا ئاز قالغانىدى، لېكىن مەينىڭ كۈچى ئۇنىڭغا مەدەتكار بولۇپ، يىقىلىشتىن ئامان قالدى.

مېھىنبانۇ شىرىننى ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىلدى. شىرىن كېلىپ مېھىنبانۇ بىلەن يانمۇيان ئولتۇردى. ئۇ گوياكى قۇياش ئاينىڭ يېنىدا مەنزىل تۇتقاندەك ئورۇن تۇتتى. پەرھاد ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئارام ئالدى. ساقىلار ئارقىمۇ ئارقا قەدەھ تۇتۇشقا كىرىشتى. پەرى مەيگە لىپمۇلىپ تولغان قەدەھتىن ئىچىپ، ئۆزىنىڭ مەجنۇنىغا ئوخشاش سەرخۇش مەست بولۇپ قالدى. مەينىڭ تەسىرى بىلەن يۈزىدىن رومالنى كۆتۈردى ۋە ئادەمگەرچىلىكىنى نامايان قىلدى. ئۇ پەرھادقا قاراپ تىلىدىن:

— ئەي، ئالەم خەلقىنىڭ نادىرى ۋە يېگانىسى. سېنىڭ زاتىڭ ئۇلۇغ ئىشلارغا قادىردۇر. سېنىڭ ھۈنىرىڭ، كامالىتىڭ ۋە پەزىلىتىڭ ئالدىدا پۈتۈن جاھان خەلقى ئاجىزدۇر. گەرچە سېنى تەرىپلىمەكچى بولسا، ئېنىقكى، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى قۇياشنى روشەن، پەلەكنى ئېگىز دېگەنلىك بىلەن باراۋەر بولىدۇ. ۋۇجۇدۇڭنى، جېنىڭنى بۇ دەۋران بارلىق بالالاردىن ئاسرىسۇن. يولۇڭغا قانچە خەزىنىلەرنى چېچىپمۇ ئۆزرىمىزنى ئادا قىلالمايمىز، — دېگەنگە ئوخشاش ئەڭ چىرايلىق مەرۋايىتلارنى تۆكتى. ھەسرەتلىك پەرھاد ئۇنىڭدىن ھايا قىلىپ، تام سۈرەتلىرىدەك قېتىپ قالدى. ئۇ گۈزەل سۆز گۆھەرلىرىنى تۆكتى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ، پەرھادقا قەدەھ تۇتۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. ئۇن ئىشتا ماھىر بولغان ھېلىقى ئۇن قىزنىڭ ھەر بىرى جاۋاھىرلارغا تولغان بىردىن تاۋاقنى تۇتۇپ تۇراتتى. شىرىن نەگە قەدەم قويسا، ئۇلار شۇ ياققا لەلى - ياقۇت، ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى چاچاتتى. پەرھادمۇ جاۋاھىر چاچقاندىن يۈز ھەسسە ئارتۇق كۆز مەرۋايىتلىرىنى چاچاتتى.

ئۇ پەرى شۇ شەكىلدە ئاستا قەدەم تاشلىغىنىچە پەرھادنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ياقۇت لېۋىگە قىزىل ياقۇتتەك مەينى تەگكۈزۈپ تۇرۇپ، پەرھادقا:

— بۇ قەدەھنى سېنىڭ ئىشقىڭنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىچىمەن، — دېدى. نەپىس يىپەككە ئورالغان شەمشاد قامەتلىك شىرىن، مەينى سۈمۈرگەندە، پەرھاد ھوشىنى يوقىتاتتى. ئۇ مەيگە لىپمۇلىپ تولغان قەدەھنى قولىغا ئېلىپ پەرھادقا تۇتتى ۋە ئۇنىڭغا دېدى:

— سەن مۇ مېنىڭ ئىشقىمنىڭ ھۆر-

مىتى ئۈچۈن ئىچكەن.

شىرىن تۇتقان شارابتا ئىككى خىسلەت بار ئىدى. بىرى — كىشىگە ھاياتلىق بېغىشلىسا، ئىككىنچىسى — ئۆلۈمگە ئېلىپ باراتتى. ئۇ ئاشىق مەيىنىڭ پۇرىقىدىن ئاللىقاچان مەست بولغانىدى، لېكىن بۇ ساقىنىڭ مەستكە قولداش بولغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئىش.

پەرھاد، شىرىن تۇتقان قەدەھنى دەرھال قولىغا ئېلىپ، قەدەھ نەقىشلىرىنىڭ نىشانىسىنى قالدۇرمىغۇدەك ئەلپازى بىلەن خۇددى يوقاتقان ھالدا سۈمۈرۈپ ئىچىۋەتتى. ئەگەر بۇ قەدەھ ئاسمان قەدەھىدەك يوغان بولغاندىمۇ بىر تامچە قالدۇرماي سۈمۈرگەن بولار ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ۋۇجۇد نەقىشلىرى كۆڭلىدىن يۇيۇلدى. كۆڭلىمۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن قۇتۇلدى. ئۇ ئۆزىنى ئۆزلۈكىنىڭ قايغۇسىدىن، بەلكى پۈتۈن پانى ئالەمدىن قۇتۇلدۇردى. پەرھاد قەدەھنى زامانىنىڭ يېگانىسىغا تاپشۇردى ۋە ئۆزىنى تۇپراققا تاشلاپ، بېشىنى ئۇ گۈزەلنىڭ ئايىغىغا قويدى - دە، بۇ ئالەمدىن باشقا بىر ئالەمگە كەتتى.

پەرىزات پەرھادنىڭ بېشىنى كۆتۈرمەكچى بولۇپ قارىغانىدى، ئۇنىڭ جىسمى يىقىلىپ، ئۆزىنىڭمۇ ئۆزلۈكىدىن كەتكەنلىكىنى سەزدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن شىرىنمۇ پەرھادنىڭ يېنىغا يىقىلىپ، ھوشسىزلىق دۇنياسىغا كەتتى.

بەزمە ئەھلى پەرھاد بىلەن شىرىنىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، سىناپ بېقىش ئۈچۈن ھەر ئىككىلەننىڭ ئاغزىغا دەرھال ئەينەك تۇتتى. بىراق، ئۇلارنىڭ نەپەسىدىن ھېچبىر ئەسەر تاپالمىدى.

پۈتۈن بەزمە ئەھلىدىن پەرياد - پىغان كۆتۈرۈلدى. نەزمە:

كېتۈر ساقى، ماڭا مىرئاتى جامى،
كى ئاندىن تاپقامەن جانان نىشانى.
چۇ جانان ئەكسى كۆرگۈزگەي بۇ كۆزگۈ،
ئۆزۈمدىن بارغامەن ئول نەۋئىكىم سۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



# گۇلزارى بىنىش

(داستان)

موللا سابىر بىننى ئابدۇلقادىر (ناقىس)①

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

*

تەئالەللاھ، ئۇلۇغ ئاتلىغ خۇداسەن،
شەرىكۇ شۇبھە، نۇقسانىدىن جۇداسەن.
قىلىپ زاتىڭ تەقازا ئۆز ۋۇجۇدۇڭ،
ئۆزۈڭدىن – ئۇق ئىمىش ئەلبەتتە بۇدۇڭ.
ئېرۇر ۋاجىب ۋۇجۇدۇڭ جايىز ئېرمەس،
ۋۇجۇدۇڭ ھېچ ئىشدا ئاجىز ئېرمەس.
ئۆزۈڭدىن ئولدى شەھلىق تەختۇ تاجىڭ،
ئۆزۈڭدىن غەيرىگە يوق ئېھتىياجىڭ.
ئەزەلدۇر سەنكى، مازىدا ۋۇجۇدۇڭ
بار ئېردى دائىمى، بولماي نەبۇدۇڭ.
ئەبەد ھەم سەنكى، مۇستەقبەلدە پىشە
ۋۇجۇدۇڭغە ئېرۇر بولماق ھەمىشە.
بۇدۇر زاتىڭغە ئىسباتى قەدەملىك،
كىم ئولماق ئەسلە مەسبۇقى ئەدەملىك.
ۋۇجۇدۇڭدىن بولۇپ ئىمكان نەمۇدار،
بولۇپ ئالەم ھەمە سەندىن خەبەردار.

*

ئەگەر ئىمكانغە خۇد ئەندازە يوقتۇر،
ھۇدۇسەتدىن بىرىسى تازە يوقتۇر.
قەدەم بىرلە ھەۋادىسنىڭ ئاراسى،
نە يەڭلىغدۇر ئاڭا يەتمەك قىياسى.
جۇ زاھىر سەندىن ئول بىھەد يىراقدۇر،
يەقىن دىيسەم يىراقدىن ياخشىراقدۇر.
نېچۈنكىم بولمىسە ئىمكان زۇھۇرى،
ئەمەس ۋاجىب سارى فىكرەت ئۇبۇرى.
تاپار ۋاجىبغە ئىنسان ئەقل ئىلە يول،
ئېرۇر ئىمكان دەلىلۇ ئەسلى مەدلۇل.
بۇ ئىمكانلارگە ۋاجىب مەزھەرىدۇر،
ھەمە ئىمكان بارى ۋاجىب نەرىدۇر.
نە مۇمكىنكىم زۇھۇر ئەتتى ئەدەمدۇر،
زۇھۇرى سايەئى نۇرى قەدەمدۇر.
ھەم ئىمكانى سىفاتى جىسمۇ جەۋھەر،
ئەيان بولمىش سەمائۇ بەھر ئىلە بەر.

① ژۇرنىلىمىزنىڭ 1989 – يىللىق 1 –، 2 – سانلىرىدا شائىر موللا سابىرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسىم لىرىك شېئىرلىرىنى ئېلان قىلغانىدۇق. بۇ قېتىم ئۇنىڭ «گۇلزارى بىنىش» داستانىنى ئېلان قىلدۇق.

ئىرۇر ئالەم ھەمە ئەئزازۇ ئەجسام،
ئاڭا ۋاجىب ۋۇجۇدى ئىللەتى تام.
ئەگەر ئول بولمىسە قايدىن بولۇر بۇ،
كى مۇمكىندىن نەمۇ، قىلغايمۇ بىر مو.①
نىچۇككىم بولمىسە ئوتنىڭ ۋۇجۇدى،
قاچان زاھىر بولۇر بىر زەررە دۇدى.
ئەگەر بولماس زۇھۇرى مىھرى ئەنۋەر،
نىچۇك زەرراتقە ئورماق بولۇر پەر.
ئانىڭدەك گەر سىنىڭ يوق بولسە زاتىڭ،
داغى زاتىڭ بىلە قايىم سفاتىڭ.
قاچان بولغاي ئىدى مەۋجۇد ئەئيان،
ئەرز بىرلە جەۋاھىر جۇملە ئىمكان.
قەدىمۇ ھەييۇ قادىرسەن خۇدايا،
ئەلىمۇ غەيبۇ ھازىرسەن خۇدايا.
ئەرز ھەم جىسىم ئىرىمەسسەن مۇسەۋۋەر،
داغى مەھدۇد ھەم ئىرمەس مۇقەددەر.
ئەمەسسەن بەئز - بەئز ئولماقغە لايىق،
ئەمەسدۇر ھىچ نىمە زاتىڭغە سابىق.
داغى ئەجزا ئەمەسسەن ھەم مۇرەككەب،
ھەم ئول ۋەسفىڭە ئەشيادىن مۇرەتتەب.
رەۋا ئىرمەس ساڭا تۇتماق مەكان ھەم،
ساڭا جارى ئەمەسدۇرلار زەمان ھەم.
ئەمەسدۇر ھىچ نىمەرسە سەنگە ئوخشە،
مۇجەسسەم ھەم ئەمەسسەن تەنگە ئوخشە.
ئەمەسدۇر تاشقارى ھەم ھىچ مۇمكىن،
سىنىڭ ئىلمى مۇھىتى قۇدرەتىڭدىن.
جەھانۇ ھەر نىمە بولسە نەمۇدار،
سىنىڭدۇر بارچەسى، سەنسەن جەھاندار.
جەھاندۇر كۇندۇزى بىر بوستانىڭ،
قاراڭغۇ كىچەلەر ھىندۇستانىڭ.
مەلەكدۇر تۇتىلار ئول بوستاندا،
نۇجۇم ئىرمىش ئىلىڭ ھىندۇستاندا.
غۇلامى دەرگەھىڭدۇر شەمسى ئەنۋەر،
ئىرۇرسەن پادشاھى مىھرپەرۋەر.

سىنىڭ كۇلكۇڭ بەھارى ئافەرىنىش،
سىنىڭ ئۇتقۇڭ نەسىمى ئەقلۇ دانىش.
ئەجەب ئالىي كەرەملىك پادىشاھسەن،
بىرۇرسەن بارچە شەھلەرغە كۇلەھ سەن.
قايۇ شاھىكى شاھى بەھرۇر بەردۇر،
ئىنايەت خىرمەنىڭدىن بەھرەۋەردۇر.
چۇ بىلدىم بارچە مۇمكىنىنىڭ ۋۇجۇدى،
ئەمەس مۇمكىن ساڭا بولماي سۇجۇدى.
خۇدادۇرسەن جەمىئى ئەيبدىن پاك،
نىچۇك يەتسۇن سىنىڭ ۋەسفىڭگە ئىدراك.
ئۆزۈڭ بەرگەچ مەدەد، بارا، خۇدايا،
تىلىمنى ئەيلەدىڭ بۇ سۆزگە گويا.
ۋەگەرنە بارمۇدۇر ھەددى بۇ قۇلنىڭ،
دىگەي ۋەسفىن يۈزدىن كۆرمەسدە گۇلنىڭ.
ئەجەب ھەيرەتكى مۇمكىندىن ئەيانسەن،
نەزەر قىلسام ئەيان ئىرمەس نىھانسەن.
نىھان دىسەم داغى پەيدا ئىرۇرسەن،
ئەگەر پەيدا دىسەم قايدا ئىرۇرسەن.
بۇ ھەيرانلىقدە گۇم بولدى خىرەد ھەم،
دىدى دىل: «ئەي خىرەد ۋەللاھۇ ئەئلەم.
ئەگەر ئاقىل ئىرۇرسەن ئەي خىرەدمەند،
دىگىل، ھەق ۋەسفىگە باردۇرمۇ پەيۋەند.
سىپاسىنى دىسە يۈز مەندەك ئادەم،
دىمە ئادەم، دىگىل يۈز مۇنچە ئالەم.
ئانىڭ خۇرشىدى كۇنىغە يىتەلمەس،
دىمە خۇرشىد بىر زەررە دىيەلمەس.
دىدى ناقىس بۇ يەردە زەررەئى سۆز،
توقۇپ فىكرەت دۇكانىدا قارىچ بۆز.
ئىدى تەمھىدى ئايتۇر داستانىمنىڭ،
«بەھار دانىش» ئاتلىغ گۇلستانىمنىڭ.
كەل، ئەي ساقى، كەرەم قىل جۇرئەئى مەي،
ئىچىپ ئەيلەي تۇمارى ھەمدىنى تەي.
ئالىپ ئىلكىمگە چەڭگى نەئتى ئەھمەد،
تاپاي چالىپ ئانى بۇيى مۇھەممەد.

① بۇ مىسرا قول يازما نۇسخىنىڭ قۇر ئىچىدە «كى مۇمكىندىن نە مۇمكىندۇركى بىر مو» دەپ يىزىلغان، ئەمما ھاشىيەسىدە يۇقىرىقىدەك ئۆزگەرتىپ قويۇلغان.

**ناقىسى مەھزۇننىڭ ئىشتىياق ئىچرە مەھمەلى نەئت ئەترافىن مەجنۇنۋار دەۋر قىلغانى،**
**ئول مەھمەل ساھىب جەمالى لەمئەسى، يوقكىم، خەيالى شۇئلەسىدىن جىسمۇ جانىغە**
**ئوت تۇتاشىپ، بىھۇش يىقىلغانى، ئول بىھۇشلۇقدا ئاجىزلىق قۇدۇغىغە تىقىلغانى**

نىسارى باشىدىن تا يەۋمى مەھشەر،
ھەبىبى ھەقغەكىم، بەرھەق پەيەمبەر،
نۇبۇۋۋەت بەھرىنىڭ ئىبرەئىش دۇرى ئول،
سەمائى مەئرىفەتنىڭ ئەختەرى ئول.
ئىرۇر گۇلزارى ۋەھدەت بۇلبۇلى ھەم،
خۇدالىق باغىنىڭ رەڭگىن گۇلى ھەم.
ھۇمايىدۇركى پەرۋازىغە ھەد يوق،
ئۇچاردا بالۇ پەردىن ھەم مەدەد يوق.
كىلىپدۇر پەر ئۇرۇپ ئول لامەكاندىن،
ئەمەس ئاگەھ خىرەد ئول ئاشياندىن.
ئەھەد مىشكاتىدا گۇم ئىردى نۇرى،
بولۇپ ئەھمەد نەمۇ قىلدى زۇھۇرى.
جۇدا بولغاچ ئەھەددىن بولدى ئەھمەد،
جۇدا يوقكىم، ئەھەد بولدى ئاڭا ھەد.
يوق ئولسە ئول ئالاردىن مىمى مەھدۇد،
زۇھۇر ئەتكەي ئەھەدكىم ئىردى مەشھۇد.
ئىرۇر بۇ سۆز زىھى نازۇك ئىشارەت،
كىم ئەتكەي تارلىق سەھنى ئىبارەت.
ئىشىتكىل ۋەسفىدە ئەمدى ئاچۇق سۆز،
نۇبۇۋۋەت خاتەمىغە ئول ئىرۇر كۆز.
دىمىش گەرچە كىبىمىن بولدى زۇھۇرۇم،
ۋەلى مەۋجۇد ئىدى ئەۋۋەلدە نۇرۇم.
ئەزەل دەرياسىنىڭ دۇررى يەتىمى،
رىيازۇل-قۇدسىنىڭ خۇش بۇ نەسىمى.
گۇلىدۇر بائىسى تەكۋىنى ئىجاد،
جەھان گۇلزارى ئول گۇلدىن ئىرۇر شاد.
ئەجەب گۇلدۇر ئاچىلمىش پاك سۇرەت،
جەھانغە كۆرسەتىپ رۇخسارى جەننەت.
جەھاننىڭ مەخزەنى ئول دۇرغە مۇشتاق،
تۇتۇپ ئول بۇيى گۇل ئەترافى ئافاق.
دىماغىكىم تاپىپ ئول تۇفە بۇنى،
يىراق تاشلاپ جەمىئى ئارزۇنى.

تەمەننايى گۇلى كۆڭلىگە غالىب
بولۇپ، بولمىش ئانىڭ ۋەسلىگە تالىب.
تەلەب ئىچرە بولۇپ ھەقدىن ئىنايەت،
يىتىپ ۋەسلىگە تاپمىشدۇر سەئادەت.
سەئادەت كۆركى نۇرى دىنى ئىسلام،
قىلىپدۇر سۇبھى ئەبيەز زۇلمەتى شام.
بۇ گۇل ۋەسفىن دىسەم مىڭ يىل ئەگەرمەن،
يەقىندۇركىم بولۇر قىلغان سۆزۈم زەن.
ئىرۇر ۋەسفى ئانىڭ خاسى خۇداۋەند،
ئانىڭدىن ئۆزگەنىڭ بولغاي تىلى بەند.
دىمىش شەئنىدە ئەرسەلناكە رەھمەت،
بۇدۇر ۋەسفى زىھى ئالىي كەرامەت.
داغى «تاھا» ۋۇ «ياسىن» دۇر سىفاتى،
قىياس ئەت بۇ سىفەتدىن پاك زاتى.
لەئەمرەكدىن قويۇپدۇر باشىغە تاج،
رەفىقى جىبرەئىلدۇر، قەسدى مىئراج.
ئىرۇر ئەخلاقى ھەق ئانىڭ شىئارى،
كەلامۇللاھ قالىپدۇر يادكارى.
كەلامى ھەق ئاڭاكىم بولدى نازىل،
نىتاڭ بولسە ئانىڭ ۋەسفىگە قايىل.
مۇھەممەددۇر ئاتى مەھمۇدۇ ئەھمەد،
ئەھەددىن خالى قىلماقىغە قەنى ھەد.
خۇدانىڭ سارىدىن ھەم، خەلقىدىن ھەم،
دۇرۇدى بىئەدەد بولسۇن دەمادەم.
مۇھەممەدكىم ئۆزى نۇرى خۇدادۇر،
ھەمە ئەسھابى ھەم نەجمى ھۇدادۇر.
ئولار كىم ئىردى پەيغەمبەرغە ساھىب،
بولۇپ مەجزۇبى نۇرۇللاھ جازىب.
ئولاركىم بارچە غەرقى نۇرى ھەقدۇر،
دەبىرىستانى ۋەھدەتدىن سەبەقدۇر.
ئەگەر بۇدۇر زۇھۇرى زاتى ئەسھاب،
سىفاتىدا كۆڭۈل فىكرى يىگەي تاب.

دۇرۇدى بىگەدەد ئىقبالى سەرمەد،
ئەزەل سۇبھى ئەبەد شامى بولۇپ ھەد.
خۇدادىن بارچە ئالەمدىن ھەمىشە،
ئاڭا ئادەت مۇڭا گەر بولسە پىشە.
بولۇر ئاندىن ۋەلى مۇندىن ئىرۇر كەم،

ئەقىدەم بۇدۇرۇر، ۋەللاھۇ ئەئلەم.
كەل، ئەي ساقى، ئاياق تۇتقىل قىلىپ پۇر،
ئىچىپ ئەيلەي دىماغىمنى مۇئەتتۇر.
بولۇپ مەستى ئەبەد ئەيلەي نەچە سۆز،
خىرەددىن كۆز يۇمۇپ، سۆزدىن ئاچاي كۆز.

**سۆز گەۋھەرى ۋەسفىدەكىم، ئىنسان سەدەفى بەتنىدە ئەھەدىيەت دەرياسى رىشھەسىدىن پەيدا، بەلكى ئول گەۋھەر جەۋھەرى ئول رىشھە لەمئەسىدىن ھۇۋەيدادۇر. قىيلۇ قال ئەتمەك بۇ مەقالى ھۇما تىمسال تەمەنناسى بىلە خەيالى مەھال قىلىپ ھالدىن كەتمەك**

ئىرۇر سۆز تۇتىمى ئەنقا نىشانە،
ۋەلې ئادەم بولۇپدۇر ئاشيانە.
ئەگەر بۇ ئاشيانە خۇد خەزەفدۇر،
ۋەلې ئول دۇرغە مەخزەندەك سەدەفدۇر.
ئەمەس ئىردى خەزەفدىن جىسىم مەئلۇم،
نە مەئلۇمىكى يوقلۇغلۇقدا مەئدۇم.
تۇلۇئ ئەتمەككە ھۇسنى سۇبھى سادىق،
تەقازا ئەيلەدى مەتلەئ مۇۋافىق.
سىفاتى ھۇسنى شەرھىنى تىلەپ ئول،
ئاچىلدۇردى ئىرادەت باغىدىن گۇل.
بۇ گۇلدۇر مەئنىسى ئەرۋاھى ئادەم،
دېدىم گۇلدۇر، بۇ گۇلدىن ئۇرمادىم دەم.
زۇھۇر ئەتتى بۇ گۇل ئادەم يەرىدىن،
جۇدالىق ئىستەدى باغى پەرىدىن.
بۇ گۇل بولغاچ نەمۇدارى بۇ يەرنىڭ،
سۇيىن ئىچتى جەمىئى بەھرۇ بەرنىڭ.
كۆكەرگەچ كۆز ئاچىپ ئول بولدى نازىر،
قارايدۇركىم جەمالى تۇرفە ھازىر.
كۆزى تۇشكەچ ئەجايىب بولدى شەيدا،
دېدى قىلسام ئاڭا ۋەسفىنى ئىنشا.
تاپالماي ئارزۇ ئول يەرگە چۆكتى،
تەھەييۇردىن غۇبارىستانغە بۆكتى.
كېلىپ رەھمەت نەسىمى ئول تەرەفدىن،
نەمايان بولدى سۆز دۇررى خەزەفدىن.
خەزەف ئىرمەس گۇھەركانى سەدەفدۇر،
كى گەۋھەردىن ھەۋادىسغە ھەدەفدۇر.
سەدەف تاپقاچ گۇھەردىن ھۇسنى مۇتلەق،

سەدەف ناتىق گۇھەرنى ئەتتى مەنتەق.
بىلەلمەيمەنكى، ناتىق جانمۇ يا تەن،
ۋەيا زاتىكى ئايتۇر ھەر زەمان مەن؟
داغى ھەيرەتدەمەن ناتىقنى بىلمەي،
ئاياغى فىكرىدىن ئىشكەل ئاچىلمەي.
خەيال ئەتتىمكى بۇ يازغان رەقەمدىن،
تەرەششۇھ ئەيلەمىش نەۋكى قەلەمدىن.
دېسەم جاندىن ئەگەر تەن قايدا قالدى،
ئەگەر تەندىن دېسەم جان قايدا قالدى؟
دېسەم سۆزدىن ئىرۇر بۇ تۇرفە مۇشكىل،
كى سۆز ئەيلەر داغى بۇ مۇشكىلىم ھېل.
ئەجەب سۆزدۇركى ۋەسفى سۆزدىن ئولمىش،
ئۆزىنىڭ ۋەسفى گويا ئۆزدىن ئولمىش.
ئىرۇر مەنتىق كىتابىدە بۇ مەنتەق،
كى بولسە ھەر نىمەرسە شەيئى مۇتلەق.
ئانىڭ تەئرىفى بولسە نەفس ئول شەي،
مۇئەررەفنى دېگەي ئاقىل كىشى غەي.
بۇ سۆزدىن ھەيرەتىم بولدى زىيادە،
سۇرەلمەي رەخشى سۆز، قالدىم پىيادە.
بۇ ھەيرەت بىرلە ئىش پايانغا يەتمەس،
باشىمدىن سۆز خەيالى داغى كەتمەس.
كېلەي سۆز باشىغە ئەمدى قىلاي سۆز،
توقۇي ئۆز بىلگەنىمچە ئەتلەسۇ بۆز.
دەپ ئىردىم سۆز باشىدا بىر ئىبارەت،
ئىبارەت ئىرمەس ئىردى ئول ئىشارەت؛
سۆز ئاتلىغ گەۋھەرىكىم بولدى پەيدا،
ئەھەد دەرياسىدىن ئىردى ھۇۋەيدا.

نىچۇككىم سانىڭى ئىمكانى ئالەم،
ياراتتى قۇدرەتىدىن جىنسى ئادەم.
قىلىپ كانى گۇھەر ئادەم ۋۇجۇدىن،
تۆكۈپ باشىغە ئىھسان بىرلە جۇدىن.
ئەتا ئەيلەپ قۇلاق، باش، تىل بىلە كۆز،
ئىشىتمەك، كۆرمەكۇ ھەم سۆزلەمەك سۆز.
قىلىپ قادىر بۇ تىلنى ھەر بەيانغە،
نىھاننى جىلۋەگەر ئەيلەپ ئەيانغە.
بۇ كۆزكى كۆرسەتىپ ھەر گۈلىستاننى،
دىدۇرتۇپ تىلغە ئاندىن داستاننى.
قۇلاقغە يەتكۇرۇپ شىرىن خەبەرلەر،
چىقارىپ تىل بىلە ئاندىن شەرەرلەر.
گۇلىستان گۇللاردىن سىرردىن قىلۇر فاش،
بىرىدىن ئاق يۇز ياساپ، بىرنى قارا قاش.
ئەگەر بولسە ئەزەلدىن ئۇشبۇ مەقدۇر،
ئىرۇر تىل سۆز دىمەك بابىدە مەجبۇر.
بۇكىم ئەيلەر گەھى سۆز فىتنە ئەنگىز،
گەھى ئەيلەر ھىكاياتى شەكەررىز.
گەھى ئەيلەر تەكەللۇم بوستاندىن،
گەھى سۆزلەر قىلۇر ھىندۇستاندىن.
قۇلاق، كۆز ھەرنەكىم كۆرگەي، ئىشىتكەي،
ۋەيا قول بىر نىمە كاغەزغە بىتكەي.
تىل ئەيلەر ئانى ئايتىپ ئاشكارا،
ئانىڭدىندۇر مۇئەسسەر سەڭگى خارا.
قايانكىم كۆز كۆرۇپدۇر بىر جەمالى،
ۋەيا ئاڭلار قۇلاق شىرىن مەقالى.
جەمال ئاندىن تاپار ئانداغ تەراۋەت،
كى ئول ئايغاچ كىتەر ئەلدىن سەلامەت.
قۇلاقغە كىرسە ھەم سۆزنىڭ نەفىرى،
بولۇر تىلدىن ئاچۇق مافىز-زەمىرى.
بولۇر تىلدىن ھۆۋەيدا دەفتەرى ئىشق،
تېگەر تىلدىن جەھانغە خەنجەرى ئىشق.
بەلى كۆزدىن بولۇر ئاشىق گىرىفتار،
بولۇر ھۆسن ئەھلىگە كۆرگەچ خەرىدار.
گەھى ئاڭلاپ قۇلاغ ھەم غايىبانە،
كىيەر بەئزى لىباسى ئاشىقانە.
ئەگەر تىل بولمىسە ئاۋازە يوقتۇر،
جەمالى ئىككىسىگە غازە يوقتۇر.
بولۇپدۇر جىلۋەگەر تىلدىن گۈلى ئىشق،
ئوقۇر دەستاننى گۇلدىن بۇلبۇلى ئىشق،
بولۇپدۇر مۇنچە شورىشلار زەباندىن،
زەبان تەن بولسە بۇ ئەلبەتتە جاندىن.
بۇ سۆزدىن سۆز مەقامى كۆپ بىيىكدۇر،
بۇ سۆزنى بىلگەلى دانا كېرەكدۇر.
دىدىم سۆز گەۋھەرى ئېرمىش شەرەرلىك،
مۇھەببەت ئوتىدىن بولمىش ئەسەرلىك.
بولۇپدۇر زاھىرى سۆز ئىككى قىسمى،
ئەگەرچە بىردۇر ئانىڭ ئىسمى-جىسمى،
بىرىدۇر نەسر بۇ ھەم نەسرۇ خۇشدۇر،
كۆڭۈل كانى ئارا گويا كۇمۇشدۇر.
بىرىنى نەزم ئات قويمىش تىزىلغاچ،
كۆڭۈل ھەيران مۇنىڭ نەقشى سىزىلغاچ.
بۇ سۆز تەئرىفىدۇركىم، بۇ دىگەن سۆزە
مۇنى بىلگەي دىلى تاپقان كىشى كۆز.
ئەمەس ئول سۆزكى، دەرلەر خەيلى نادانە
دىمەي نادان، ئانى دەي مەھزى ھەيۋانە
ئېرۇر گەرچە ئۇلار ھەيۋانى ناتىق،
قاچان سۆزلەر ئۇلار ھەيۋانغە لايىق.
ئۇلارنىڭ سۆزلەرى مەھزى سەدادۇر،
رىزايى نەفس بىرلە ماجەرادۇر.
سۆز ئولدۇركىم بولۇر تەئسىرى ئانىڭ،
زەرۇردۇر قىلمىسە تەئخىرى ئانىڭ.
ئول ئولسۇن نەسر يا نەزمى مۇنەققەش،
ئېرۇر گەر ئىشقىدىن بولغاندا دىلكەش.
مەسائىل بولسە ئول سۆز داغى ئوبدان،
ئانىڭدىن ياخشىدۇر تەفسىرى قۇرئان.
ئەگەر بولسە پەيەمبەردىن رىۋايەت،
ۋە يا بولسە سەھابەدىن ھىكايەت.
بۇدۇر سۆز ياخشىسى، سامىئ، ئىشىتكىلە
ئىشىتكىل، يا ئوقۇغىل، خاھى بىتكىل.

سۆزۈم باردۇر دەبان قىلمە ئەمەس سۆز،
بىلىنگەي سۆز بىلە مىقدارى ھەر ئۆز.
دىگىل سۆزنى ئىچىدە مەغزى بولسە،
قايۇ مەغزىكى، سۆزلەر نەغزى بولسە.
ئىشتىكىل بولسە پىستە مەغزىدىن ئار،
بولۇر ئەھلى مۇھەببەت ئالىدا خار.
ئىشتىكىل سۆز، ئەگەر بىلمەس ئىسەڭ سۆز،
قۇلاق بول ئاڭلاغىل يا بول كۆرەر كۆز.
ئىشتىتىڭ سۆز مەقامىن، ئەي خىرەدمەند،
ئەگەر سۆز بىلمەسەڭ ئاغزىڭغە سال بەند.
بۇ سۆزلەركىم دىدىم سۆز بابىدا مەن،
ئەگەرچە سۆز ئەمەس، ئەمما ئىرۇر فەن.
ۋەگەرنە سۆز قىلۇر ھەددىم قاياندۇر،
كى ناقىسلىغ دىگەن سۆزدىن ئەياندۇر.
بۇ سۆزلەرگە كەمال ئەھلى كىرەكدۇر،
كەمال ئەھلى جەھاندا بىدىرەكدۇر.
ئۆزى يوقدۇر ئۇلارنىڭ سۆزى باردۇر،
سۆزى بولدى، بىلىڭلار، ئۆزى باردۇر.

بولۇپدۇرلار ئول ئەرلەر ئەل ئارا كەم،
ئانىڭدەككىم بەيابان ئىچرە شەبنەم ①.
ئۇلار يوق دەپ ئۆزۈڭنى كۆپ ئاشۇرمە،
ئاشۇرماقدىن ئۇيۇبىڭنى ياشۇرمە.
مۇرادىڭ يوق دىمەكلىكدىن بەيان قىل،
جەمالى مۇددەئايىڭنى ئەيان قىل.
بەيان ئەتسەم بۇ يوقلۇقدىن ئىشارەت،
دىدىم يوقلۇقنى كەملىكدىن كىنايەت.
ۋەگەرنە بۇ جەھان خالى ئەمەسدۇر،
كى يۇز تىۋە ئىچىدە بىر جەرەسدۇر.
تۇگەت ناقىس بۇ سۆزلەردىن خەيالىڭ،
زۇھۇر ئەتتى خەيالاتى مەھالىڭ.
قىلىپ سۆز ۋەسفىنى قىلدىڭ بۆلەك سۆز،
ئىگىلدى فىكرەتىڭ ئەندازەدە تۇز.
كەل، ئەي ساقى، رەۋايى جۇملە ھاجات،
چۇ سەندىندۇر ئىچۇر جامى مۇناجات.
مىنى مەست ئەيلەگىل بىر جام بىرلە،
ۋىداڭ ئەيلەي خەيالى خام بىرلە.

نازىم ناقىس نۇقسان ھۇجۇمى ۋە ھىرمان نۇجۇمى ھۇجۇمىدىن رىندايى خاكسارلىغ
باشىغە سالىپ، ئەجزى ئىڭسار ئەرەفاتىدا مۇناجاتقە تىل چىكىپ
كېلىپ ھاجات قىلغانى ۋە ئول تەلەب يولىدا جەۋاھىراتى
فىكرەت خىراجات ئەيلەپ، كەئبەئى مەتلۇب
سارى يول ئىستەگەنى

ئىلاھا، يوقنى بار ئەتكەن ئۆزۈڭسەن،
بۇ ناقىس قۇلنى زار ئەتكەن ئۆزۈڭسەن.
بىلەلمەيمەن نە تەندۇرمەن، نە جانمەن،
نە بائىسدىن بولۇپدۇرمەن ئەيانمەن.
ئىرۇر فىكرىم ھەمە نۇقسان ھۇجۇمى،
رۇجۇم ئولدى ماڭا ھىرمان نۇجۇمى.
ئىرۇرمەن زەررەئى بىئىشتىبارى،
بەيابانى جۇنۇندا خاكسارى.
زۇھۇر ئەتكەچ بەيابانىدا غۇبارىم.

ئاسىلدى دامەنىمغە ئىڭسارىم.
كى مەن نى مەنكى بولمىشمەن گىرىفتار،
قىلۇرمەن دائىما مەنلىكنى ئىزھار.
دىگەنمەن مەنمۇدۇرمەن يا بۆلەكمۇ،
سىنىڭدىن ئۆزگەگە مەنلىك كىرەكمۇ.
يوق ئەت بۇ مەننى مەندىن، ئەي خۇدايا،
يوق ئولغاچ مەن، ئۆزۈڭنى ئەيلە پەيدا.
بۇ يوقلۇقدا كۆرەي پەيدالىغىمنى،
ئۆزۈڭنىڭ ھۇسنىگە شەيدالىغىمنى.

① بۇ مىسرا قول يازما نۇسخىنىڭ قۇر ئىچىدە «ئانىڭدەككىم، قىزىل گۈل ئۆزرە شەبنەم» دەپ يېزىلغان بولۇپ، ھاشىيەدە يۇقىرىقىدەك ئۆزگەرتىلگەن.

ئەگەر يوق بولمىسە مەنىلىك ئارادىن،
خەلاس ئۆلماق ئەمەس مۇمكىن بەلادىن.
داغى بىلدۇر ماڭا، پەرۋەردىگارا،
نە ئىشقە كەلگەنىمنى ئاشكارا.
بولۇپدۇر مەنزىلىم ئانداغ بەيابان،
كىم ئاندا ھېچ سۇ بولماس نەمايان.
كۆرۈنۈر ھەرتەرەفدە بىر بۇلاغى،
يەقىن بارسام ئېرۇر بىر خەستە داغى.
كۆرۈنۈر گەھ يىراقدىن مېيۋەزارى،
يەقىن بارسام ئېرۇر دىلنىڭ غۇبارى.
قۇرۇپ ئىككى لەبىم بىر نەمگە مۇشتاق،
قۇرۇق گۆل ئۆيلەكىم شەبنەمگە مۇشتاق.
سالىپ باشىمغە ئاجىزلىق رىداسىن،
سۇلۇغلۇق تاغىدا ئەسقا نىداسىن.
ھەرىمى بارگاھىڭغە يېتۇردۇم،
فىدالىق جانى مەھزۇننى كېتۇردۇم.
ئېرۇرسەن سامىئى ئاۋازى ھاجات،
قەبۇل ئەيلە فىدا بىرلە مۇناجات.
قەبۇلۇڭدىن چېكىپ ئەففانۇ ھەسرەت،
تەلەبدە ئەيلەدىم فىكرەت خىراجەت.
ئېرۇر ھاجەت بىرى ئۆزدىن قۇتۇلماق،
قۇتۇلماق يوقكى، ئۆزلۈكدىن يوق ئولماق.
بىرى بۇدۇركى يوق بولغاچ بۇ ئۆزلۈك،
تىلىمنى تۇتى قىلساڭ ياخشى سۆزلۈك.
بىرى بۇكىم تىلىمنى تۇتى قىلغاچ،
ئاڭا مىرئاتى دىلنى ئەيلە مېئراج.
دىلىم ئايىنە بولغاچ قالمىسە زەڭ،
جەھاننىڭ گۆللارىدىن تۇتمىسە رەڭ.
بىرى بۇكىم تىلىم سۆزگە كىرىشكەچ،
دېسەم ھۇسنۇڭ گۈلىن بۇيىنى ئەسكەچ.
بىرى بۇكىم دېگەچ ھۇسنۇڭ گۈلىنى،
ئۇنۇتسام بۇ جەھاننىڭ بۇلبۇلىنى.
بىرى بۇكىم ئۇنۇتقاچ بۇلبۇلى دۇن،
ئۆزۈمنى ئەيلەسەڭ ئىشق ئىچرە مەجنۇن.
قىلىپ مەجنۇن كەرەم قىلساڭ تەھەييۇر،
تەھەييۇردىن تولا بولسە تەفەككۇر.
تەفەككۇر لەشكەرى تۇتسە جەھاننى،
تۆگەتسەم تەي قىلىپ بۇ داستاننى.
ئەگەر سەن قىلماساڭ ھاجەت رەۋالىغ،
زۇھۇر ئەتكەي بۇ قۇلدىن بىھەيالىغ.
نېچۈك بولغاي ھەيا ھەركىم ئارادە،
يىراق يولنى قىلىپ يۈرسە پىيادە.
يىراقدۇر مەتلەبى كۆڭلۈم تەرىقى،
بولۇپدۇرمەن ئۇلۇغ دەريا غەرىقى.
تىلەر سەندىن بۇ سەرگەردان كەمىنە،
بۇ يول قەتئىگە رەخشى يا سەفىنە.
ئەتا قىلغىل كەرەم ئەيلەپ تەلەبنى،
سۇغارغىل رەھمەتىڭدىن تەشنە لەبنى.
ئەگەرچە ئاسىيۇ شەرمەندەدۇرمەن،
كەرەم قىلماقغە لايىق بەندەدۇرمەن.
ئەگەرچە زەررەدىن كۆپتۇر گۇناھىم،
ۋەلې خۇرشىدى زاتىڭدۇر پەناھىم.
گۇناھىمدىن مېنى ھىرماندا قويمە،
تۆمەنىمنىڭ داغ ئىلە ھىجراندا قويمە.
ئۆزۈڭ سالدىڭ بۇ سەۋدانى باشىمغە،
تەرەھھۇم قىل ئاقىزغان كۆز ياشىمغە.
ئىنايەت قىل ماڭا بىر ئېھتىمامى،
كى بولغاي بۇ كىتابىم ئىختىتامى.
كەل، ئەي ساقى، تەمام بولدى مۇناجات،
دېيىلدى ھەر نەكىم بار ئېردى ھاجات.
كېتۇر بىر جامى مەي كۆڭلۈمنى رەۋشەن،
ئانى ئىچكەچ يوق ئولسۇن نەفس دۈشمەن.

**نازىمى دىلرىش نەفسى كافىركىشىنىڭ ئەقل نىگەھبانىنى غافىل تاپىپ، بەدەن مۈلكىگە يەغما ۋە تاراج سالىپ، شەھەنشاھى دىلغە غالىب كېلۇر ھالەتىدە ئەقلى ئاگاھ بولۇپ، مەملىكەتى بەدەننى ھەۋاس لەشكەرى بىلە مۇھاسىرە قىلىپ، نەفسنى ئەسىر قىلىپ، سىياسەت بىرلە قەيدى ئىنقىيادغە كىرگۈزگەنىدىن كېيىن، شاھى دىل ھەم تەركى غەفلەت ئەيلەپ، دۈشمەن شەررىدىن پەناھ تىلەمەكنى پىشە قىلىپ، دەرگاھى مۇتەۋەججىھ بولدى دېگەن تەمسىل زەمنىدە شىكەستەلىق زەۋرەقى**

بىرلە مەلامەت دەرياسىغە چۆمۈپ، ئول دەريا تەلاتۇمىدىن ئىزتىراب گىردابىغە چەققاندا، ئۆزىنىڭ نابۇدلىغىنى مۇشاھىدە قىلغاچ، سەلامەت ساھىلىغە ئۇلاشقانىنى بەيانى ئىشارەت قىلۇر، ۋەھۇۋە ئەلا بىزاتىس - سۇدۇر

ئىرۇر تەن مۈلكى شەھرىستانى ئەئزەم،
ئىچىدە يۈز تۈمەن دەريايى قۇلزەم.
تىكىلگەن ھەرتەرەف بىر شامىيانە،
تىلىسماتى سىكەندەردىن نىشانە.
مەساجىد خانەقەھ بىرلە سەۋامىئ،
ياسانغان ھەرتەرەفدە تۇرفە رافىئ.
شەھەنشاھى بۇ شەھرىستان ئىرۇردىل،
رەئىيەت پەرۋەرۇ سۇلتانى ئادىل.
ھەمە ئەترافى ئالەمدىن خەبەردار،
ئانىڭ خەيلى ئىچىدە ئەقلى سەركار.
نىچۈك ئەمر ئەيلەسە مەشمۇلى شامىل،
ئەساكىر بارچەسى ئەمرىگە شاغىل.
تەدابىرى ئۇمۇرى يەتتە ئىقلىم،
مۇھىممى ھۆكمىدە بىر چەشمەئى مىم.
كۆڭۈل ئەيۋانىدا يۈزمىڭ خەزىنە،
جەۋاھىرھايى فىكرەتدىن دەفىنە
مۇھەييا بارچە شەھلىغىنىڭ ياراغى،
يوق ئىردى ھىچ تەرەفدىن بىيمى ياغى.
ئەدالەت بىرلە ئەتكەچ ھۆكمىرانلىغ،
ئىدى بۇ مەملىكەت بىھەد ئەمانلىغ.
مۇنەۋۋەر ھەر تەرەف فانۇسى ئىسلام،
يەرى يوقكىم ئەمەس مۇجەررى ئەھكام.
لەئەھبانلىغقە ئىردى ئەقىل مەئمۇر،
رەئىسى جۇملە ئەئزا بارچەدىن زۇر.
ئەگەرچە شەھغە يوق ئىردى نەزىرى،
بۇ ئىردى شاھنىڭ ئۇلۇغ قول ۋەزىرى.
ئىدى شەھدىن ئاڭا بىھەد ئىنايەت،
ئاڭا تەفۋىز ئىدى ھۆكمى ۋىلايەت.
ۋەزىر ئىردى ئانىڭ ئەمرىگە مەشغۇل،
ئىدى شەھغە نەكىم ئول قىلسە مەقبۇل.
بۇ قىلغاچ ئىشنى شەھ تاپىپ فەراغەت،
قىلۇر ئىردى مەساجىددە ئىبادەت.
ۋەزىرى ئەقل مەسنەددە تۇرۇپ جاي،
سۇرۇپ ھەرلەھزە رەئيى ئالەم ئاراي.

بۇ شەھر ئەھلىگە ئەيلەپ پاسىبانلىق،
ئەمەسدۇر پاسىبانلىق بەلكى خانلىق.
ئەمان ئىستەپ قىلىپ كۆپ سەئيى مەشكۇر،
قىلىپ شەھ خىزمەتىن ئىمكانى مەقدۇر.
ھۆكۈمەت بادەسىدىن ئىردى سەرمەست،
كۆرەر ئىردى ئۆزىدىن ئۆزگەنى پەست.
بار ئىردى نەفس ئاتلىغ چاپلۇسى،
خەيالى ئەقل ئورنىدا جۇلۇسى.
ھەمىشە ئىستەر ئىردىكىم بەھانە،
مەكانى بولسە شەھلىغ ئاستانە.
ۋەزىرى ئەقلىنى [ئول] مەئزۇل ئەيلەپ،
ئۆزىن شەھ قاشىدا مەئقۇل ئەيلەپ.
ھۆكۈمەت تاپسە ئاندىن بىر نەفەس ئول،
بەدەن مۈلكىگە تاپسە دەستى رەس ئول.
رىئايانى ئۆزىگە رام قىلسە،
سالىپ خىزمەتكە بىئارام قىلسە.
بۇزۇلسە مەملىكەتدە رەسمۇ ئايىن،
دىمە ئانداغ، دىگىل ئەھكام ئىلە دىن.
شىئارى كافىرىستان بولسە جارى،
مەساجىدلاردا بۇتلارنىڭ نىگارى.
مەن ئول بۇتخانەگە بولسام بەرەھمەن،
رەئىيەت قىلسە، ھەرئىش بۇيرۇسام مەن.
ھۆكۈمەت تەختىدىن شەھنى يىقىتسام،
يىقىلغاچ تىغ ئىلە خۇنىن ئاقىتسام.
ئانىڭ ئورنىدا قىلسام پادىشاھلىغ،
ۋەزىرى ئەقل قىلسە ئۆزرەخاھلىغ.
ۋەلى ئىردى بۇ ئىشدىن ئەقل ئاگاھ،
تاپالماس ئىردى ئول مەلئۇن ئاڭا راھ.
ھەسەددىن ئۆرتەنۇر ئىردى دەما-دەم،
ھەمىشە كۆڭلىدە ئىردى ئۇشۇل غەم.
بەناگەھ بىر كۈنى ئەقل ئولدى غافىل،
بۇ مەلئۇن ئىلكىگە ئالدى سەلاسىل.
شەياتىن لەشكەرىگە داد قىلدى،
سەلاسىل تەبرەتىپ پەرياد قىلدى:

كى «ئەي مېھرۇ ۋەفالىغ خۇشلىقالار،
مەنى بىچارەگە ھاجەت رەۋالار.

بار ئېردى مۇشكىلىم، ھەلدىن ئەسەر يوق،
جەھاندا مۇشكىلى ئاندىن بەتەر يوق.

تاپالماي بۇ جەھاندا بىر مەدەدكار،
ئىدى كۆڭلۈمدە پۇشىدە بۇ ئەسرار.

مەدەدكار ئولسە ھەم ئىمكانى ھەل يوق،
نېچۇنكىم ھەللى مۇشكىل بىئەجەل يوق.

يېتىپدۇر ۋەقتى ھەللىنىڭ بۇ سائەت،
نە بولغايكىم سىلەر ئەيلەپ ئىنايەت.

كىرىپ ئارقامغە لەشكەر بولساڭىزلار،
ئەمەس لەشكەركى، ياۋەر بولساڭىزلار.»

شەياتىن سوردى: «ئەي ئەييارى كامىل،
نېچۇك مۇشكىلدۇرۇر، ئايغىل بۇ مۇشكىل.»

دېدى مەلئۇن نېكىم مەزكۇر بولدى،
شەياتىن ئاڭلاغاچ مەسرۇر بولدى.

قىلۇرمىز دەپ بۇ مەلئۇن مۇشكىلىن ھەل،
ياراغ - جابدۇق ئالىپ بولدى مۇكەممەل.

بۇلارنى باشلابان كەلدى بۇ مەلئۇن،
يۈگۈردى قەلئەگە تۇرماي ئۇشۇل كۈن.

ۋەزىرى ئەقل تا كەلگۈنچە ئۆزگە،
بۇ مەلئۇن ئۇردى تۇپراق بىرلە كۆزگە.

يۈگۈردى قەلئەنى بىردەمدە ئالدى،
ئۆزىنىڭ ئاتىنە نەققارە چالدى.

كۆرۈپ سۇلتاننى مەسنەد ئۆزرە تەنھا،
تاپىپ فۇرسەت غەنىمەت قىلدى يەغما.

تۇتۇپ شەھ گەردەنىگە سالدى زەنجىر،
نە زەنجىر، ئول تەنابى مەكرۇ تەزۋىر.

بولۇپ فارىغ بۇ ئىشدىن نەفس تاغى،
دېمە تاغى، دېگىل بەدبەخت ياغى.

خەيال ئەيتىكى، مەن بولدۇم بۇ كۈن شاھ،
چىقاي مەسنەدگە ئەيلەي ئەلنى ئاگاھ.

قىلاي شەھر ئىچرە مەسجىدلەرنى ۋەيران،
سالاي بۇتخانە، ئاتاشخانە ھەريان.

بەرەھمەنلىك قىلاي بۇتخانەلەردە،
ياقاي ئوتلارنى ئاتەشخانەلەردە.

رەئىيەت ئەيلەسۇن بۇتغە ئىبادەت،
قىلىپ ئوتخانە ئەترافىن زىيارەت.

بەدەن شاھىغە يەكسەر ياغى بولسۇن،
ياغى ئېرمەسكى، دۇشمەن باغى بولسۇن.

زۇھۇر ئەتمەپ ئىدىكىم بۇ خەيالى،
ۋەزىرى ئەقلىنىڭ يۈتكەلدى ھالى.

كۆزىن ئاچىپ نەزەر قىلدى بەدەنگە،
بەدەن ئېرمەسكى، ئىقلىمى چەمەنگە.

كۆرۈپ ئول لەھزە ئاندا بۇ ئەلامەت،
تۆكۈپ ياش كۆزىدىن، ئەيلەپ نەدامەت.

تۇرۇپ ئۆز جايىدا ئاۋاز قىلدى،
ھەۋاسى خەمسە ئالدىغە يىغىلدى.

دېدى: «ئەي پۇت، ئەلەمنى راست قىلغىل،
غەزات ۋەقتى ئۆزۈڭ ئاراست قىلغىل.»

دېدى: «ئەي قولكى، سەن تۇتقىل كەمىننى،
كۈشادە قويمە چەپ بىرلە يەمىننى.»

قۇلاققە دېدىكىم: «بارشىل قۇلاق سال،
شەھەنشەھ قايدادۇر ئاندىن خەبەر ئال.»

دېدىكىم كۆزگە: «سەن بولغىل نىگەھبان،
بولۇر دۇشمەن تۇغى قاندىن نەمايان.»

دېدىكىم تىلغە: «ئەي دەرۋازەبانىم،
ئەمەس دەرۋازەبانىم، پەھلەۋانىم.

ساڭا خىزمەت بۇكىم، دەرۋازە توسقىل،
بۇ يولدىن چىقسە دۇشمەنلەر سوقۇشقىل.

كىرەرمەن قەلئەگە ئەيلەپ تەۋەككۇل،
سالۇرمەن خەسلەر ئىچرە غۇلاغۇل.

سىلەر بارماي يىراق، ئەيلەڭ مۇھاسىر،
خۇدادۇر بەندەسىگە يارۇ ناسىر.»

مۇنى دەپ قەلئەگە ئات قويدى ئول دەم،
شەياتىن جۇرئەتىدىن ئەيلەدى رەم.

چۇ كۆردى نەفسى بەدكىردارۇ بەدكىش،
كېتىپدۇر ئىلكىدىن ھەرنە قىلۇر ئىش.

قاچالماي ھەر تەرەف نەززارە قىلدى،
باشىن يەرگە ئۇرۇپ يۈز پارە قىلدى.

ھەۋاسى خەمسە باتىن بولدى ھازىر،
بۇ مەلئۇننى كۆرۈپ ئول نەۋئ قاسىر.

سالىپ بوينىغە غۇل، ئىلكىگە لۇكنى،
ئايااللار سۆدرەگەن يەڭلىغ مۇشۇكنى.

ئەسىر ئەيلەپ ئانى زىندانغە سالدى،
يېڭى باشدىن يەنە نەققارە چالدى.

خەلاس ئەتتى شەھەنشەھنى ئوشۇلدەم،
دېدى شەھر ئەھلى يەكسەر خەيرمەقدەم.
بۇزۇپ بۇتخانەۋۇ ئوتخانەلەرنى،
ئىمارەت قىلدىلار ۋەيرانەلەرنى.
فەراغ ئولغاچ بۇئىشدىن ئەقلى دانا،
شەھەنشەھغە قاراپ دېدى «ئەتەئىنا».
كېتۇردى نەفسى مەلئۇننى ئوشۇلدەم،
مىسالى ئەبدىرەھمان ئىبنى مۇلجەم.
غەزەبدىن شاھ ھۆكم ئەتتى ئۆلۈمگە،
دېدى: «ئەي بائىس ئولغان مۇشكىلۈمگە.
جەزاسى ئۇشبۇدۇركىم بولسە ياغى،
قىلىچدۇر ياغى بولغاننىڭ تاياغى.»
دېدى يىغلاپ تۇرۇپ: «ئەي شاھى جەمجاھ.»
چۇ كۆردى بۇ غەزەبنى نەفسى بەدخاھ.
«ئازىپدۇرمەن، خەتا قىلدىم، يېڭىلدىم،
ئۆزۈم ئاجىزلىغىنى ئەمدى بىلدىم.
كەچۈرگىل، ئەفۋ قىل قىلغان گۇناھىم،
كەمىنە بەندەمەن، سەن پادىشاھىم.
تۇتاي ئەمرىڭ يولىن مۇندىن كېيىن مەن،
كى ھەرگىز بولمايىن مۇلكۈڭغە دۇشمەن.
گۇناھىن ئەفۋ قىلدىلار شەھەنشاھ،
خەلاس ئولدى ئۆلۈمدىن نەفسى گۇمراھ.
چىقىپ شەھ مەسنەد ئۆزرە تۇتتى ئارام،
دېدى: «شەھلىقغە ئېركەنمەن تەختىخام»
نىزامى مەملەكەتنى تۈزدى باشدىن،
كېچىپ ئەيشۇ فەراغەت بىرلە ئاشدىن.
يۈزىن كەلتۇردى دەرگاھى ئەھەدگە،
مۇناجات ئەتتى ئەللاھى سەمەدگە:
«كى ئەي ھەر ئىككى ئالەمنىڭ خۇدايى،
ئېرۇرمەن مەن گەدايىڭنىڭ گەدايى.
ئەمەس ئېردىمۇ مەن، بارا، خۇدايا،
مۇنىڭدىن ئىلگەرى سەن بىرلە پەيدا.
نە بائىسدىن مېنى سالدىڭ بۇ زىنداننى،
يىراق ئەيلەپ ئۆزۈڭدىن كۆرسەتىپ جان.
ئەگەر بىر بولسام ئېردى سەن بىلە مەن،
نېچۈك قەسدىمگە تۇشكەي ئېردى دۇشمەن.
نەسىبىم بولسە بۇ، يوق مەندە چارە،
ئەگەر قىلسام ئۆزۈمنى پارە-پارە.
بىلۇرمەن ئاقىبەت شەھر ئولسە ۋەيران،
نىدا قىلغۇڭ ئۇيان بارمە، بۇيان يان.
ئۇمىدىم بۇكى تابغايمەن ۋىسالىڭ،
كەرەم قىلغاندا كۆرگەيمەن جەمالىڭ.
بۇ ئىش يەتكۈنچە، ئەي پەرۋەردىگارىم،
ساڭا تەفۋىز قىلدىم يوقۇ بارىم.
بۇ قۇلنى شەررى دۇشمەندىن ئەمان تۇت،
باشىمغە ئۆز پەناھىڭ سايەبان تۇت.
كەل، ئەي ساقى، يوق ئولدى ئەمدى دۇشمەن،
يۈزۈڭدىن ئەيلەگىل كۆڭلۈمنى رەۋشەن.
كېتۇر جامى، ياشاچ ئولغاي ئاڭا ئاچ،
مەيىن ئىچكەچ بولاي سەرمەستى مېئراج.

ئول رىسالەت قافىلەنىڭ سەرۋەرىغى بەلەند پەرۋازى مېئراجى زىكر ئەيلەدەكىم، بۇ رىسالەئى
بىنەۋالەگە بائىسى فەخر ۋە سەبەبى ئېئتىبار ئولغاي. «سۇبھانەللەزى ئەسرا» بىشارە-
تىدىن بالۇ پەرى راست بولغاچ جەھان خاكىدىن ئالەم تەرەفىگە پەرۋاز ئېتىپ،
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە، ۋە بەلكى ئاچۇق كۆزنى يۇمغۇنچە زەمان ئاراسىدا مەلە-
كۇت شەھرىستانىنى كېزىپ، جەبەرۇت نەۋاھىسىغە ئولاشقانى. ئول
نەۋاھىدىن دەنى فەتەدەلى ئىشارەتىدىن قۇۋۋەت ھاسىل قىلغاچ لامە-
كان فەزاسىغە ۋاسىل بولۇپ، تەھىيەت سەرچەشمەسىدىن تەھارەت قىلىپ،
ھەيرەت مېھمانخانەسىدە مەئرىفەت خانىدىن سىيراب بولۇپ، ھەق-
قەت ئاشيانەسىدىن خەبەر تاپىپ، يانىشدا تەرىقەت شەبا-
زىن سەيد ئەتكەچ كېلىپ، شەرىئەت ئۆلەكخانەسىدە ئارام تۇت-
قانى. سەلەۋاتۇللاھى ئەلەيھى ۋە ئالىھى ۋەسەللەم

ئىدى ئەھمەدكى نۇرى مېھرى ۋەھدەت،
ئاڭا ئاشىق ھەمە زەررانى كىسرەت.
ئىدى ئول نۇر سەيرى لامەكاندا،
ئەسەر يوق ئېردى ئاندىن بۇ جەھاندا.

قايان ئېردى جەھان، بولماسدا ئول نۇر،
ئەمەس ئېردى جەھاندىن ئىسمى مەشھۇر،
قاچانكىم شۇئلەسىن ئول قىلدى پەيدا،
تىفەيلىدىن جەھان بولدى ھۇۋەيدا.
بولۇپ پەيدا، ئەدەمدىن قىلدى پەدرۇد،
زەمىنۇ ئاسمان ئاندىن تاپىپ جۇد.
تىفەيلىدىن مۇكەررەم بولدى ئادەم،
ئۇلۇغلۇق تاپتى ئاندىن ئەرشى ئەئزەم.
ئىدى لەۋھۇ قەلەم يوقلۇقدا مەئدۇم،
ئول ئۇلغاچ بۇ ئىكەۋ ھەم بولدى مەئلۇم.
بىھىشت قايدا ئىدى، دەۋزەخ قايانـدا،
يوق ئېردى غەم ئۇلاردىن بۇ جەھاندا.
بۇلۇپ ۋەقتىكى ئەھمەد نۇرى زاھىر،
تۆرەلدى رۇھى مۇئمىن، جانى كافىر.
ياساپ مىئمارى قۇدرەت بۇ ئىكى جاي،
ئۇلار ئۇچۇن مەنازىل قىلدى بەرپاي.
بۇ مەئنىگە ئاچىپ كۆز، ئاڭلاغىل سۆز،
كى كۆرسەتمىش جەھان ئول نۇردىن يۈز.
بۇلاركىم نۇرنىڭ پەيداسى ئېردى،
ۋىسالىنىڭ بەسى شەيداسى ئېردى.
ۋەلې بۇ تۇرفەدۇر، ئەي نۇكتەرەسلەر،
رىكاكەت تەبئىلىغ نازۇك نەفەسلەر.
قىلىپ نۇرىنى پەيدا شاھى غالىب،
ئىدى زاتى بىلە ۋەسلىغە تالىب.
قىلىپدۇر نۇكتەلەر ئەھلى ئىشارەت،
كىتابى مۇئتەبەرلەردىن رىۋايەت.
مۇھەممەدكىم زۇھۇر ئەتتى جەھانغە،
ئىدى مۇشتاق بىھەد ① لامەكانغە.
بۇ ئىمكان قەيدىدىن ئېردى سەبۇكبار،
غىزا ئېردى ئاڭا تەسبىھۇ ئەزكار،
ئانىڭدەك بولسە شايەد كىردىگارى،
نەسىپ ئەتكەي ئۆزى كەلگەن دىيارى.
داغى دەبدۇر «سىيەر» دانالارى سۆز،
بۇ يەڭلىغكىم ئىشىت، سامىئ قويۇپ يۈز②.
زەمىنۇ ئاسمان بولغاندا مەخلۇق،
مۇھەممەد جىسمىدىن ئېردى ئەسەر يوق.
مەنىيەتدىن ئىكەۋلەن سۆز تالاشتى،
سۇئال ئىلە جەۋابى ھەددىن ئاشتى.
دېدىكىم ئاسمان: «سەندىن بىيىكمەن»،
زەمىن دېدىكى: «ئىشرەتكە كېرەكمەن»
فەلەك دېدىكى: «مەن نۇرانىدۇرمەن»،
دېدى يەر: «مەن جەۋاھىر كانىدۇرمەن»،
فەلەك دېدى: «مەلائىك مەنزىلىمەن»،
دېدى يەر: «خۇب رەۋلەر مەھمىلىمەن».
فەلەك دېدىكى: «مەن جەننەت مەكانى»،
دېدى يەر: «مەندەدۇر ئاشىق فىغانى».
فەلەك دېدى: «مېنىڭدۇر مېھرى ئەنۋەر»،
دېدى يەر: «مەندەدۇر بارچە پەيەمبەر».
فەلەك دېدى: «مېنىڭدۇر بارچە يۇلدۇز»،
دېدى يەركىم: «مېنىڭدۇر كېچە ـ كۈندۈز».
فەلەك دېدىكى: «مەن ئالەم پەناھى»،
دېدى يەر: «مەن ئەرەنلەر سەجدەگاھى».
فەلەك دېدى: «مېنىڭدۇر ئەرشى ئەئزەم»،
دېدى يەر: «مەندە تۇربەتگاھى ئادەم».
فەلەك دېدى: «مېنىڭ تۇبىمنى خۇش قەد»،
دېدى يەر: «مەندەدۇر جىسمى مۇھەممەد».
بۇ ھۇججەتدىن فەلەكنى قىلدى خامـۇش،
فەلەك دەر سۆزىنى قىلدى فەرامۇش.
بولۇپ يەر ھۇججەتىدىن ئەسرۇ مۇلزەم،
تۇبەن سالىپ يـۈزىن، قىلدى قەددىن خەم.

① قول يازما نۇسخىنىڭ ھاشىيەسىدە «لەفزى «بىھەد»، نى لامەكانىنىڭ سىفەتى قىلسە ھەم بولۇر، مۇشتاقغە ھەم بولۇر» دېگەن ئىزاھات بېرىلگەن.

② قول يازما نۇسخىنىڭ قۇر ئىچىدە بۇ بېرىم مىسرا «ئەي سامىئ سۆز» دەپ بېرىلـگان، ھاشىيەدە يۇقىرىقىدەك ئۆزگەرتىپ قويۇلغان.

ئىچىن ئۆرتەپ مۇھەممەد ئىشتىياقى،
دەر ئېيىردى: «ۋاھ، فىراقى، ۋاھ، فىراقى!»
تىلەر ئېيىردى ۋىسالىنى خۇدادىن،
ئىلىك يىغماي تىلەك ئىچرە دۇئادىن.
تاپىپ ئول ئارزۇسىدىن بىشارەت،
دۇئاسى بولدى مەقرۇنى ئىجابەت.
بۇ سائىسىدىن خۇدايى غەيرى مۇھتاج،
ھەبىبىغە مۇيەسسەر قىلدى مىئراج.
ئىدى بىر كېچەئى فەرخۇندە فامى،
كېچە ئېيرمەس، تەجەللى سۇبھى شامى.
نە شامىكىم، كۆڭۈلنىڭ سۇبھىدىن ئاق،
ئەبىرى ئاسمانۇ مۇشكى ئافاق.
تەجەللى مىھرىدىن ئېيردى ئاگا بەدر،
كەمىنە چاكەرىدۇر لەيلەتۇل - قەدر.
ئەجايىپ كېچەئى فەرخۇندە ئىقبال،
قاراسى مەھ جەبىنلەر لەئلىگە خال.
بۇ كۇندۇزلەر ئانىڭدىن بىر نىشانى،
نىشان ئېيرمەسكى، مۇرغى پۇر فىشانى.
دېسەم بۇ كېچەنىڭ ۋەسفىنى مىڭ يىل،
كېتىپ ھەر يىلدا مۇنداغ نەچچە مىڭ تىل.
داغى مىڭدىن بىرى، پايانغە يەتمەس،
نۇجۇمى خىرمەنىدىن دانغە يەتمەس.
مۇنىڭدەك كېچەئى فەرروخ خىتابى،
تۇلۇئ ئەيلەپ ئىنايەت ئافتابى.
خىتاب ئەتتى فەلەككە: «ئەي فەلەك، تۇر،
تەھەررۇكنى سۇكۇنەت خاكىغە تۇر.»
دېدى ئاي بىرلە كۇنگە: «بولمە سايىر».
دېدى: «پەر ئۇرماغىل، ئەي نەسرى تايىر①».
مەلەكلەرگە دېدىكىم: «ئەي مەلائىك،
قويۇڭلار ئاسمانلارگە ئارائىك.»
دېدى دەۋزەخقە: «يوق قىلغىل ھەرارەت.
بۇ كېچە كۆيمەسۇن ئەھلى شەرارەت.»
دېدى جەننەتكە: «زىينەت قىل ئۆزۈڭگە،
كى سۇرگىل غازەۋۇ ئوسمە يۈزۈڭگە.»
دېدى تۇبىغە: «يۇغىل بەرگۇ شاخىڭ،
قىلىپ تەئجىل تەرك ئەيلەپ تەراخىڭ②.»
دېدى ئاندىن كېيىن: «ئەي ئەرشى ئەئزەم،
ئۆزۈڭدىن ئەۋجى رىفئەت ئەيلەگىل كەم.»
دېدى لەۋھۇ قەلەم، كۇرسىغە داغى:
بولۇڭلار ھەر بىرىڭلار تۇرفە باغى.»
سىرافىلغە دېدىكىم: «ئەي سىرافىل،
بۇ كېچە سۇرنى جايىدا قويغىل③.»
خىتاب ئەتتى داغى: «ئەي قابىزى رۇھ،
بۇ كېچە قىلماغىل ھېچكىمنى مەجرۇھ.»
مىكائىلغە دېدى: ئەي قاسىمى رىزق،
دەرەڭ قىل كەيلى ئەھلى تائەتۇ فىسق④.»
دېدى جىبرىلغە: «ئەي نامۇسى ئەكبەر،
مۇزەييەن قىل ئۆزۈڭگە بالۇ شەھپەر،
ئېيرۇر بۇ كېچە نۇرى سۇبھى سادىق⑤،
بولۇر خۇرشىد ۋەسلىغە مۇۋاففىق.

① قول يازما نۇسخىدا بۇ سۆزنىڭ ئۇدۇلىغا «تۆرتۈنجى ئاسماندا بىر يۇلدۇزنىڭ نامى» دېگەن ئىزاھات بېرىلگەن.

② قول يازما نۇسخىدا بۇ مىسرانىڭ ئۇدۇلىغا «ھەرەكەت ئەيلەپ، جىلۋەگەر بولغىل» دېگەن ئىزاھات بېرىلگەن.

③ بۇ مىسرانىڭ ئۇدۇلىغا «يەئنى تەۋازۇئ بىلە بول» دېگەن ئىزاھات بېرىلگەن.

④ قول يازما نۇسخىدا بۇ مىسرانىڭ ئۇدۇلىغا «يەئنى تەقسىمى رىزقىغە مەشغۇل بولمە» دېگەن ئىزاھات بېرىلگەن.

⑤ بۇ مىسرانىڭ ئۇدۇلىغا «كىنايە ئەز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم» دېگەن ئىزاھات بېرىلگەن.

بارىپ جەننەتكە ئايغىل بىر بۇراقى،
كى بولغاي كۆڭلىدە دەردۇ فىراقى.
سۇغارغىل ئانى كەۋسەر ئابى بىرلە،
سۇپۇرگىل كاكۇلۇڭنىڭ تابى بىرلە.
ياپۇغ قىلغىل ئاڭا جەننەت ھەرىرىن،
داغى سەپ ئۇستىگە جەننەت ئەبىرىن.
قىلىپ ھەر نەرسەدىن ياخشى مۇزەييەن،
رەفىق ئەيلەپ ئۆزۈڭگە بىر نەچە تەن.
نۇزۇل ئەت ئاسماندىن يەر تەرەفكە،
يېتەرسەن بۇ كېچە ئانداغ شەرەفكە.
كى مۇندىن ئىلگەرى، مۇندىن كېيىن ھەم،
مۇنىڭدەك خىزمەتى يوقتۇر مۇكەررەم.
تۇشۇپ يەرگە جەھاننى دەۋر قىلغىل،
كى ئاندىن يەسرەبى بەتھاغە بارغىل.
ئۇ يەردە بار «قۇرەيش» ئاتلىغ قەبىلە،
قەبىلە ئىچرە بىر بەيتۇل-جەلىلە.
مۇتەللىپ نەسلىدىن بىر نەۋجەۋانى،
غەرىبۇ مۇزتەرىب ئازۇردە جانى.
ئىرۇر تالىب ۋىسالىمغە بەغايەت،
قىلۇرمەن بۇ كېچە ۋەسلىم ئىنايەت.
ئىشى دائىم ۋىسالىمنى تەلەبدۇر،
جەمالىم شەربەتىگە تەشنە لەبدۇر.
دىلىدا بار ئانىڭ كۆپ ئارزۇسى،
جىگەر خۇنابىدىن دائىم ۋۇزۇسى.
ھەرىمىم كەئبەسى ئانىڭغە مەتلۇب،
كۆرەر ئۆز جانىدىن ۋەسلىمنى مەھبۇب.
بولۇپ بۇ كېچە ئانىڭ مىيزبانى،
قىلۇرمەن خىلۋەتىمدە مېھمانى.
سالىپ دەستۇرخان ئالدىغە ھەدسىز،
تىزىپ نېئمەتلەرىم خانىن ئەدەدسىز.
قىزىتىپ ئىشق ئوتىدىن بەزمە ئۇلفەت،
تۇتۇپ ئىلكىم بىلە جامى مۇھەببەت.
ئارادىن مۇرتەفە ئەيلەپ نىقابىم،
قىلىپ زاھىر جەمالى ئافتابىم.
قىلىپ مەستى ئەبەد، ھالىن سورارمەن،
نەكىم ئەرز ئەيلەسە ئاڭلاپ تۇرارمەن.
بېرۇرمەن ھەرنەكىم قىلسە تەلەب ئول،
قالۇر ھەيرەتدە لۇتفۇمدىن ئەجەب ئول.
بارىپ يەتكۇر سەلامى بىنىھايەت،
ئۆي ئىچرە كىرمەگىل بولماي ئىجازەت.
ئىجازەتدىن كېيىن تەشرىف قىلغىل،
بۇ مېھمانخانەگە تەكلىف قىلغىل.»
يېتىشكەچ جىبرەئىلغە بۇ سەئادەت،
ئۇچۇپ جەننەت سارى قىلدى ئىرادەت.
كىرىپ جەننەتكە كۆردى بىر بۇراقى،
باشى گەۋھەر ئىدى، ئالتۇن تۇۋاقى.
كۆزى مەرجان، لەبى ياقۇتى ئەھمەر،
تىشى دۇردىن، قۇلاغى مۇشكى ئەزفەر.
ئىدى سۇنبۇل بىلە گۇل دۇممۇ يالى،
مۇزەييەن ھۇردەك دىلكەش جەمالى.
زەمىنغە باساغان ئانىڭ ئاياغى،
ئۇچاسى كۆرمەگەن ئاسمىبى داغى.
ئۆزى فىكرەت قۇشىدىن چۇستۇ چالاك،
كۆزى ياشلىغ دىلى بىھەد ئەلەمناك.
كېلىپ رۇھۇل-ئەمىن بەردى سەلامى،
يەتۇردى ھەقتەئالانىڭ پەيامى.
داغى ئايدى مۇھەممەددىن خەبەر ئول،
ئىشىتكەچ كۆپ سۆيۈندى شاھى دۇلدۇل.
ئىچۇرۇپ سۇ ئاڭا كەۋسەر كۆلىدىن،
ئۇچاسىغە ياپىپ جەننەت جۇلىدىن.
بېرىپ زىينەت ئاڭا ئىمكاندىن ئارتۇق،
نەكىم ئايسام داغى ئايغاندىن ئارتۇق.
ئالىپ يەرنىڭ يۈزىگە بولدى نازىل،
قىلىپ يەر ئۇستىدە سەيرى مەنازىل.
كېيىن دەم قىلدى بەتھاغە ئىرادە،
دەر ئىردى: «قايدادۇر ئول شاھزادە؟»
ئىدى ئول كېچە ئول شەھنىڭ مەكانى،
ئەسىھە قۇل ئىچرە بەيتى ئۇممۇھانى.
بارىپ ئىردى كۆزى ئۇيقۇغە ئانداغ،
كى ئىردى كۆز يۇمۇغلۇق كۆڭلى ئويغاغ.

ئىجازەت بىرلە ئول شېرىن شەمايىل،
سەئادەت ھۆجرەسىغە بولدى داخىل.
ئىشىت، سامېئ، بۇ يەردە نۆكتەئى خۇب،
ئەجايىب نۆكتەكىم شىرىنۇ مەرغۇب.
خۇدايى لامەكان ھەيبى تەۋانا،
ئېرۇر ھەر ئىشقە بولماس چاغدا دانا.
كى ئول كېچە ئۆچۈن ئىلمىدە مەئلۇم،
قىلىپ رۇھۇل-ئەمىندىن سەلبى مەئدۇم.
ۋۇجۇدۇ ئاتىنى قىلغاندا مەقدۇر،
قىلىپ ئېردى ئانىڭ جىسمىنى كافۇر.
كى تا ئول شاھى ئەۋ ئەدنايى قۇربەت،
بۇ كېچە ئۆيقۇدىن گەر تاپسە راھەت.
ئۇياتماقدىن ئۆيالۇر جىبرەئىلىم،
بۇ كەلگەنىدىن خەبەر تاپماس خەلىلىم.
تۇتۇپ ئاتىن چاقىرماقدىن ئۇيالغاي،
بولۇپ بىچارە، كۆپ ھەيرەتدە قالغاي.
بۇ كىم جىسمى ئانىڭ كافۇر بولسە،
قاچانكىم سۆزلەمەك مەئزۇر بولسە.
ئاياغىغە سۈرۈپ جىسمىنى ئول دەم،
قىلىپ كافۇردىن ئۆيقۇ ئوتىن كەم.
ھەبىبىم جىسمىنى بىدار قىلغاي،
ھەدىسى كەشفى بۇ ئەسرار قىلغاي.
چۇ كۆردى ئانى دىل نامۇسى ئەكبەر،
ياتىپدۇر ئۆيقۇ ئىچرە ۋەردى ئەھمەر.
ئەدەب بىرلە ئاياغى سارى كەلدى،
كۆزىدىن ياش بۇلاغى جارى كەلدى.
كەفى پايىغە بەس سۈركەپ يۈزىنى،
بىلىندۇردى مۇھەممەدكە ئۆزىنى.
ئويانىدى شۇل زەمان ئول شاھى لەۋلاك،
قىيام ئەيلەپ تەھارەت ئەيلەدى پاك.
ئىشىتكەچ خۇش خەبەر رۇھۇل-ئەمىندىن،
فەلەككە بولدى ئازىم بۇ زەمىندىن.
قىلىپ ھازىر بۇراقى خۇش ئىنانىنى،
چىقارىپ ئۈستىگە شاھى جەھاننى.
ئالىپ چۇلبۇرنى جىبرىل سەبۇك پەر،
ئالىپ يۈردى مۇھەممەدنى باسىپ يەر.
يۈرۈپ ئاندىن بۇراقى بەرقى رەفتار،
كىشى بولغۇنچە يۈرمەكدىن خەبەردار.
كېتۈردى مەسجىدى ئەقساغە ئانى،
ئۇ يەردە تۇردىلار ئەندەك زەمانى.
يىغىلدىلار نەبىلەر رۇھى شول دەم،
دېدىلەر: «مەرھەبا» ۋۇ «خەيرى مەقدەم».
كۆرۈشۈپ بارچە بىرلە قىلدى ئۇلفەت،
ئىمام ئولدى ئوقۇدى ئىككى رەكئەت.
داغى دەپ «ئەلۋىداع» ئاندىن ئۈرۈپ پەر،
فەلەك پەيمايلىغ قىلدى قويۇپ يەر.
بۇراق ئەيلەر ئىدى يۈرمەكدە تەئجىل،
جىلاۋىدا سۈدۈس گويا كى جىبرىل.
يېتىشتىلەر بىرىنجى ئاسمانغە،
بىلىندى كەلگەنى دەرۋازەبانغە.
ئاچىپ دەرۋازەنى تەئزىم قىلدى،
ئەدەبدىن تاشقارى تەكرىم قىلدى.
ئىشىت سامېئ بۇ ناقىلدىن رىۋايەت،
ئەمەس قىلماق فەلەك زىكرىنى ھاجەت.
مەلائىكدىن دېمەسمىز بىز داغى سۆز،
سەيرىنى كۆر بارىپ، ئەي ساھىبى كۆز.
ئۆتۈپ ئاندىن ئىگىز بىر يەرگە يەتتى،
ئەمەس يەر، قەلئەئى مەرمەرگە يەتتى.
ئىدىكىم بۇ ئىككىنجى ئاسمانى،
بار ئېردى ئاندا ھەم دەرۋازەبانى.
بىلىپ ئول ھەم ئىشىكنى ئاچتى ئول دم،
سەلام ئەتتى پەيەمبەرگە بولۇپ خەم.
ئۈچۈنجى ئاسمان بولدى نەمايان،
مۇنىڭدىن ئول تەرەپ كەتتى شىتابان.
ئۆچۈنجى ئاسمانغە بولدى ۋاسىل،
مەلائىك ئارزۇسى بولدى ھاسىل.
ئۆتۈپ تەئجىل بىرلە بۇ فەلەكدىن،
يېتىپ تۆرتۈنجىگە سوردى مەلەكدىن،
كى «ئەي دەربان، بۇ يەر قايسى فەلەكدۇر،
مۇنىڭدا بارچەدىن كۆپرەك مەلەكدۇر؟»

دېدى دەربانكى: «ئەي جانلار قىدايىلىق،
بىلۇر ياخشى بۇ ئىشلارنى خۇدايىلىق.»
ئۆتۈپ ئاندىن مەقامىغە ئۇلاشتى،
ۋۇجۇدى جىبرەئىلغە ئوت تۇتاشتى.
بولۇپ لەرزان دېدىكىم: «يامۇھەممەد،
بۇ يەردىن ئۆتكەلى يوقتۇر ماڭا ھەد.»
بۇ يەردە بولدى پەيدا مۇرغى رەفرەف،
دېدى: «يا ئەھمەدا، قويغىل ماڭا كەف»
بۇراق ھەم جىبرەئىل ھەم مۇندا قالدى،
ئىشار تلەر تۇلاكىم مۇندا قالدى.
ئۇچۇپ رەفرەف چۇنان بولدى شىتابان،
فەلەكلەر سۇرئەتىدىن بولدى ھەيران.
ئۆتۈپ توققۇز فەلەك يەتتە سەمادىن،
خىتابى ئاڭلادى: «كەل» دەپ خۇدادىن.
قەدەم يۆتكەر ئىدىكىم ئاندا ئول نۇر،
سەمانىغە كەھرەبا قىلغان كەبى زور،
دېمە، سامېئكى، سەن تەھقىر قىلدىلىق،
سەمانى كەھرەبا تەفسىر قىلدىلىق.
غەرەز بارماقداكى تەئجىل - ئوقدۇر،
سەمانى كەھرەبانىلىق دەخلى يوقدۇر.
ئەلاھازاكى ئول ساھى فەلەك يول،
ئىدى ئول كېچەسى ئانداغ خۇدا جۇل.
كى ھەربىر لەھزەدە يۈزمىلىق ھىجابى،
كېسىپ، ئول بەزمى ئۇلفەت ئافتابى،
ئۇلاشتى ئەرشى ئەئزەمگە بەناگاھ،
ئۇچۇن ئول ئەرشى ئەئزەم كەتتە دەرگاھ.
مۇبارەك كەفشى سالماقلىقىنە تۇردى،
ئۇشۇلدەم بۇنىڭداكىم شۇئلە ئۇردى:
«ئايا ئەھمەد، ئاياغدىن ئالمە نەئلەين،
ئاڭادۇر خاكى نەئلىڭ سۇرمەئى ئەين.»
بۇ يەردە بار ئېرۇر بۇزۇرگ لەتىفە،
كى مۇسا ھەم ئىدى مۇرسەل خەلىفە.
زۇھۇر ئەتكەن چاغىدىن تا رۇجۇئى،
ئىدى دەريا كۆزى ئىچرە دۇمۇئى.
دەر ئېردى دائىماكىم: «رەببى ئەنزەر،
كى ھۇسنۇڭ لەمئەسىدىن قىل مېنى پەر.»
كېلۇر ئېردى نىدا ھەر ئايسە ئانى،
جەۋابى باسەۋابى «لەن تەرانى.»
بۇ ئەھمەد ھەم ئانىڭدەك بىر نەبىدۇر،
رىيازى مەئرىفەتنىلىق گۈلشەنىدۇر.
مۇڭا مۇنداغ قىلۇر لۇتفۇ كەرەمنى،
ئاڭا ئانداغ سالۇر ھەجرۇ ئەلەمنى.
داغى مۇسا چىقاردا تۇرى سىيىنا،
نىدايى كەفش سالماق بولدى ئىما.
كى تا بىلگەي ھەمە مەۋجۇدۇ مەخلۇق،
بۇ ئاشىقدۇر مۇھەممەد ئېردى مەئشۇق.
چۇ يەتتى بۇ نىدايى با شەرافەت،
كەفش ئالماسدىن ئول نۇرى ھىدايەت.
چىقىپ ئەرش ئۇستىگە ئۆتتىلەر ئاندىن،
خەبەردار ئولدىلاركىم لامەكاندىن.
كۆرەر ئول لامەكان ئانداغ مەكاندۇر①،
كى ئاندا نە مەكانۇ نە زەماندۇر.
ئېگىز يوق پەست يوق چەپ بىرلە ئوڭ ھەم،
كېچە - كۈندۈزمۇ يوق ئىلگەرى - سوڭ ھەم.
شەمال يوق، ئوتمۇ يوق، تۇپراقۇ سۇ يوق،
شەجەر يوق، گۈلمۇ يوق ھەم رەڭگۇبۇ يوق.
قالىپ ھەيرەتدە بىلمەي قالدى ئۆزنى،
نە ئۆزكىم، بىلمەس ئېردى قاشۇ كۆزنى.
داغى ئولدەم نىدا كەلدىكى: «ئەھمەد،
يەقىن كەلگىل، يەقىن كەلگىل، مۇھەممەد.»
بولۇر ئېردى زىيادە ئانچە ھەيرەت،
«يەقىن كەلگىل» دېگەچ ئول رەببى ئىززەت.
بۇ ھەيرەتدە كەرەم قىلدى خۇداۋەند،
نىدايى: «ئەھمەدا، كۆزدىن كۆتەربەند.

① قول يازما نۇسخىنىلىق قۇر ئىچىدە بۇ سۆز «نىھاندۇر» ئېلىنىپ، ئۇنىڭ ئۇ-دۇلىغا «بەمەئنى خىلۇەت» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. ھاشىيەدە بولسا يۇقىرىقىدەك ئۆزگەر-تىلگەن.

كى قىلغاي تا تەبەللى زاتى پاكىم.
كۆرۈپ بىلگىلىكى مەن كىم سەن داغى كىم.»
دېدى ئەھمەد: «خۇدايى پاكدۇرسەن،
كى مەن بىر بەندە ھەيرەتناكدۇرمەن.»
ئوشۇلدەم ئالدى بۇرقەئنى يۈزىدىن
تەجەللى قىلدى نۇرىنى ئۆزىدىن.
مۇھەممەد نۇرى ئول نۇرغە قوشۇلدى،
ئىكىلىك يوق بولۇپ بىرلىكدە بولدى.
بولۇپ دەريايى ۋەھدەتكە ئەجەب غەرق،
ئۆزىنىڭ بارۇ يوقىن قىلمادى فەرق.
ئەھەددىن تۈشتى چۈن ئەھمەدكە نۇرى،
ئەھەد بولدى بۇ ئەھمەدنىڭ زۇھۇرى.
ئەھەد ئەھمەدكە قىلدى مېزبانلىق،
بۇ ھەم قىلدى ئەھەدكە مېھمانلىق.
يايىپ دەستۇرخان كۆپ قىلدى ئىنئام،
«نېچۈك دەستۇرخاندۇر؟» دېمە، ئەي خام.
تۆكۈپ ئالدىنە نېئمەتھايى ئەسرار،
مۇھەببەت شىيۋەسىنى قىلدى ئىزھار.
يەدى قۇدرەت بىلە مەي تۇتتى بىر جام،
مۇھەممەد بولدى نۇش ئەتكەچ سۇچۇك كام.
ئىچىپ مەينى تولا قىلدى تەھىيەت،
ئەھەددىن كەلدى ئەھمەد سارى رەھمەت.
مۇھەممەد كۆردى ئول ھالەت خۇدانى،
«نېچۈك كۆردى؟» دېمە، قوي ماجەرانى.
خۇدا ئايدى داغى: «ئەي غەرقى دىيدار،
نە كەلتۈردۈڭ، نە تۈرلۈك ھاجەتىڭ بار؟»
دېدى ئەھمەد: «خۇداۋەندا، بىلۈرسەن،
نە قىلساڭ سەن ئانى ياخشى قىلۇرسەن.
ئەمەس ھەر بەندەگە ئۆزىچە كەلمەك،
بۇ يەئلىغ بارگەھدە نۇكتە سۈرمەك.
كېلىپدۇرمەن سېنىڭ لۇتفۇڭ بىلە مەن،
تىكەن ئېردىم بولۇپمەن ئەسرۇ گۈلشەن.
ۋەلې سورغاچ ئۆزۈڭ ھاجەتلەرىمنى،
دېمەي ئىمكانى يوق غايەتلەرىمنى.
كى ئاختاردىم، خۇدايا، بارچە ئالەم،
تاپاي دەپ دەرگەھىڭدە تۇھفەئى كەم.
تاپالماي ھېچ نېمە دەرگەھىڭگە لايىق،
كۆزۈمنىڭ ياشىدەك نەرسە مۇۋافىق.
تۈمەن مىڭ ئەجزىملە كەلتۈردۈم ئانى،
شۇبۇدۇر بارۇ يوقۇمنىڭ بەيانى.
خۇداۋەندا، ئەگەر ھاجەت سورارسەن،
بەيان قىل، دەپ كەرەم ئەيلەپ تۇرارسەن.
مېنىڭ ھاجەتلەرىمنىڭ سانى يوقتۇر،
بارىنى بەرمەسەڭ ئىمكانى يوقتۇر.
كى بەرسەڭ سەن ماڭا ئۈممەتلەرىمنى،
ئەگەرچە قىلمامىش سۈننەتلەرىمنى.
ئۇلارنى باشلابان جەننەتكە كىرسەم،
ئۇلارنىڭ ھەرنە ئەھۋالىنى بىلسەم.»
دېدىكىم ھەق تەئالا: «ئەي نىكۇ خۇي،
يېمە ئۈممەت غەمىن تاشلاپ ماڭا قوي.
قىلۇرمەن ھەرنە قىلسام مەن ئۇلارگە،
تەرەددۇد قىلمە ئەھۋالىن بىلەرگە.»
دېدى: «يارەب، ئۇلار بىچارەدۇرلار،
گۇنەھىنىڭ دەشتىدە ئاۋارەدۇرلار.
تىلەرمەن ئۈممەتىم يازۇقلارىنى،
كۆچۈرگىل مەن ئۈچۈن بار-يوقلارىنى.»
يېتىشتى ئېرسە مۇنداغ مېھرىبانلىغ،
كى «ئۈممەت گەرنېچە قىلسە يامانلىغ.
ئۇلارنى قىلماغۇم رەسۋا جەھاندا،
ئۇتارمەن ئەيبۇ ئىسيانىن نىھاندا.
قاچان قىلسام قىيامەت بۇ جەھاننى،
قىلۇرمەن مەغفىرەت مەن خالىغانىنى.»
دېدى ئەھمەد يەنە: «بارا، خۇدايا،
ئېرۇر سەندىن كەرەم بىرلە ئەتايا.
ماڭا تا ئۆتمەسەڭ ئۈممەت گۇناھىن،
ماڭا تاپشۇرماساڭ زىللى پەناھىن.
كۆتەرمەسمەن باشىمنى سەجدەگەھدىن،
داغى يانمام كەرەملىك بارگەھدىن.»
خىتاب ئەتتى يەنە ئول ھەييى قادىر،
دېدىكىم: «ئەھمەدا، قىل ئۆزنى سابىر.

كى قىلغۇم ئۈممەتىمنى ئۈچ پەرىقە،
ساڭا بەرگۈم بىرىنى ھەر تەرىقە.»
يەنە ئۇل سەييىدى سۇلتانى ئەبرار،
قويۇپ باش سەجدەگەھقە يىغلادى زار:
«كەرىما، ھەييى قەييۇما، سەبۇرا،
رەھىما، جۇرمى بەخشايا، غەفۇرا.
ئەتا قىل ئۈممەتىمنىڭ بارچەسىنى،
يەنە ئۇل ئىككى قالغان پارچەسىنى.»
يەنە يەتتى خۇدادىن بۇ خىتابى،
كى «ئەي سائەت كۆنىنىڭ ئافتابى.
كۆچۈردۈم مەن يەنە بىر پارە ئۈممەت،
ئۇلارغە ئەيلەگۈمدۈر لۇتفۇ رەھمەت.»
داغى يىغلادى پەيغەمبەر بەغايەت،
تىلەر ھەقدىن كەرەم بىرلە ئىنايەت.
دىدىكىم: «ئەي خۇداۋەندى جەھاندار،
مېنىڭ سەندىن بولەك ياخشى كىمىم بار؟
ئېرۇرسەن مېھرىبان پەرۋەردىگارىم،
سېنىڭدۇر جىسمۇ جانۇ يوقۇ بارىم.
مېنىڭ ئۈممەت ئۇچۈن تۈرلۈك غەمىم بار،
ئۇلارنىڭ ھالىدىن كۆپ ۋەھشەتىم بار.
كۆچۈر قالغان يەنە بىر پارەنى ھەم،
كى چىقسۇن خاتىرىمدىن بۇ ئۇلۇغ غەم.»
دىدى ھەق: «ئەھمەدا، غەم قىلمە ئاندىن،
ئېرۇر ئۈممەتدە كۆپ ياخشى - ياماندىن.
ئۇلار سەندىن ئەمەسدۇر، مەن يارتقان،
ئۇلار كەلتۈرسە سىدقى بىرلە ئىمان.
يەنە تەرك ئەتمىسە مەن بۇيرۇغاننى،
يىراق قىلسە ئۆزىدىن ھەر ياماننى.
قىلۇرمەن دەۋزەخ ئوتىدىن ئەمان مەن،
كى مەن سەندىن ئۇلارغە مېھرىبانمەن.»
دىدى ئەھمەد خۇداغە: «ئارى، ئارى،
ئېرۇرسەن بارچەنىڭ پەرۋەردىگارى.
كەرەم ئەيلەپ ماڭا، ئەي پادىشاھىم،
قەبۇل ئەيلەپ مېنىڭ ئەفغانۇ ئاھىم.
ماڭا بەرگىل ھەممە ئۈممەتنى بول كۆن،
سوراي ياخشى - يامانىنى مەن ئۇل كۆن.»
دىدى: «يا ئەھمەدا، كۆپ قىلمە قايغۇ،
دىمە بۇ بادەدە كۆپ مۇنچە ئۇ - بۇ.
بېرۇرمەن رۇزى مەھشەردە ساڭامەن،
كى سەن مەندىن ئۇ كۆن رازى بولۇرسەن.»
بولۇپ خۇشھال ئۇ سەرۋەر قويۇپ باش،
تۆكۈپ ئىككى كۆزىدىن بىمەدەد ياش.
ئەدا قىلدى خۇداغە شۇكرى ئېھسان،
ئىشارەت يەتتى ھەقدىن: «ئەمدى قوپ يان.
بارىپ ئەمدى تەماشا ئەيلە جەننەت،
بارىپ كۆرگىل ھەممە ئاسارى رەھمەت.
بولۇپ فارىغ داغى دەۋزەخ سارى بار،
بارىپ ئۇل يەردە كۆرگىل جايى ئەشرار.
داغى سەير ئەيلەگىل توققۇز فەلەكنى،
نېچۈك خەلق ئەيلەمىشدۇرمەن مەلەكنى.
يەنە كۆرگىل بارىپ ئەرۋاھى ئادەم،
قەلەمنى، لەۋھىنى، كۇرسى بىلە ھەم.
كۆرۈپ فىكر ئەيلەگىل ئاسارى قۇدرەت،
نە يەڭلىغدۇر، نە تۈرلۈكدۈر، نە قىسمەت
بىل، ئەي مۇرغى فەلەك پەيما سەبۇكبار،
ھەقىقەت ئاشيانىدىن خەبەردار.
مۇھەببەت جامىدىنكىم چۈن مەي ئىچتىڭ،
لىباسى مەستلىغ قەددىڭگە پىچتىڭ.
داغى پەرۋاز ئۇرۇپ ئەرش ئۈستىگە بار،
مەئارىف خىرمەنىدۇر ئاندا تەييار.
يىغىل ئۇل دانەدىن قانچە تىلەرسەن،
نە ئۇل مىقدارىكىم ھەددىن ئۆتەرسەن.
تەرىقى ئاسمانلاركىم تۇرۇپدۇر،
مەلائىكلار ئانىڭ بىرلە يۇرۇپدۇر.
بۇ يوللارنى كېزىپ ھەددىنى بىلگىل،
بۇ يول قەتئىدە خەم بولغىل، ئېگىلگىل.
بارىپ مۇشتاقلارغە جام تۇتقىل،
شەرىئەت قەسرىدە ئارام تۇتقىل.
چۇ كۆردۈڭ مۇنچەنى مەستى ئەبەد بول،

يوق ئەت ئەھمەد، ئەگەر بولساڭ ئەھەد
بول①.
دېگىل ئۇممەتلەرىڭغە، يا مۇھەممەد،
سەلامى شەۋقى بىئەندازە، بىھەد.
ئۇلار ئەھد ئەيلەسۇنكىم بۇ جەھاندا،
ئۆزىنى تاپماغاي ھەرگىز ياماندا.
نە قىلساڭ سەن، ئانى قىلسۇن ئۇلار ھەم،
بىرەردەم بولماسۇن دۇشمەنگە ھەمدەم.
داغى بىر يىلدا ئالتە ئاي روزە تۇتسۇن،
دىلىنى روزە شەمئىدىن يارۇتسۇن.
يەنە ھەر كۇندە ئەللىك ۋەقت نەمازىن،
ماڭا ئەيلەسۇن ئەجزۇ نىيازىن.
مەن ئايغاننى قىلىپ ئىخلاس بىرلە،
بۇيان كەلسۇن تەرىقى خاس بىرلە.
نەكىم قىلمە دېدىم ئەلبەتتە ئانى
دېسۇن باردۇر مۇنىڭ بىزگە زىيانى.
يىراق بولسۇن ئانىڭدىن، تا قىيامەت
كېچەرمەن مەن، قىلۇرسەن سەن
شەفائەت.»
مۇنىڭدەك يۈز تۈمەن ئەسرارى پىنھان،
ئەھەددىن ئاڭلادى ئەھمەد نەمايان.
قاچانكىم ئەمرى «ىيان» يەتتى خۇدادىن،
خۇدايى لامەكان بىئىنتىھادىن.
كېيىن قويدى قەدەم ئەھمەد ئۇشۇل دەم،
بۇ يەڭلىغ مەرھەمەتدىن شادۇ خۇررەم.
بارىپ سەير ئەيلەدى بوستانى جەننەت،
كۆرۈپ شۇكر ئەيلەدى مىڭ قىسمى
نىئمەت.
ئۇ يەردىن كەلدى دەۋزەخ سارىغە ئول،
ئىدى رۇھۇل - ئەمىن باشلاغۇچى يول.
كۆرۈپ دەۋزەخنى كۆپ بولدى ھەراسان،

دېدى: «بارا، خۇدايا، ئەيلە ئاسان.»
داغى سەير ئەيلەدى ئول ئاسمانلار،
ھەمە قۇددۇسىيان، سۇببۇھىيانلار.
كېلىپ لەۋھۇ قەلەم، كۇرسىنى داغى،
بۇ ئۇچىنى كۆردى گويا چار باغى.
ئەجايىبدىن - ئەجايىب بولدى ھەيران،
بۇ ھەيرانلىق بىلەن ئول ماھى تابان.
قىلىپ تەھسىن ئاناڭ قۇدرەتلەرىغە،
زىغەيرە كۆپ ئالىپ ئۇممەتلەرىغە.
يانىپ يول ئۆزرە مۇساغە يولۇقتى،
تانۇشماسلىق تانۇشماق بىرلە قوپتى.
دېدى مۇسا: «قايان باردىڭكى، ئەھمەد؟»
دېدى بارغان يەرىدىن بىر - بىر مۇھەممەد.
بەيان قىلدى ھەمە ئۇممەت ئىشىنى،
نە يەڭلىغ مەرھەمەتلەر كۆرمىشىنى.
نەمازۇ روزەنىڭ مىقدارىن ئايتتى،
بۇيۇرغان ئەمرلەرىنىڭ بارىن ئايتتى.
دېدى مۇسا: «بۇ يەردىن، ئەھمەدا، يان،
ئېرۇر ئۇممەت بەسى ئاجىز مىزاجان.
داغى بارىپ ئۇلار ھالىن بەيان قىل،
كۆزۈڭنىڭ ياشىنى بىھەد رەۋان قىل.
دېگىل،‹ئەي زۇلكەرەم، مەئبۇدى يەكتا،
كۆڭۈلگە بۇ تەمەننا بولدى پەيدا.
كى ئۇممەتدىن يەنە ئەندەك غەمىم بار،
ئەمەس ئەندەك داغى بىھەد كەمىم بار.
ئەگەر پۈتكەرمەسەڭ بۇ كەملەرىم سەن،
يانىپ مۇندىن قۇرۇغ، كىمدىن تىلەرمەن.›
دېسە ئول،‹غەمنەدۇر ئول، كەم نەدۇر ئول،›
‹نەمازۇ روزە،› دەپ ساھىب نەدەم② بول.
بۇ سۆزدىن ئول رەسۇلى شاھى ئەبرار،
فىراقۇ دەردى ئۇممەتكە گىرىفتار.

① قول يازما نۇسخىدا بۇ مىسرانىڭ ئۇدۇلىغا «يەئنى مەيدە فەنا بولۇپ بەقا ھاسىل قىل» دېگەن ئىزاھات بېرىلگەن.

② قول يازما نۇسخىنىڭ قۇر ئىچىدە بۇ سۆز «سابىت قەدەم» دەپ يېزىلغان، ھاشىيەسىدە يوقىرىقىدەك ئۆزگەرتىلگەن.

تەمىيەت بارىگاھىغا قويۇپ يۈز،
دېدى مۇسا بەيان ئەتكەن ھەمە سۆز.
نىدايى مەرھەمەت كەلدى خۇدادىن،
دەلىلى بەندەگانى بىنەۋادىن.
كى «بەردىم، ئەھمەدا، بۇ مەتلەبىڭنى،
تىلەپ تەبرەتمەگىل ئەمدى لەبىڭنى.»
«سىيەر» دانالارى ئايتىمىش ئانىڭدا،
كى مۇسا ئايغان «ئەي ئەھمەد، يانىڭ»دا.
يانىپ بارىپ، بارىپ ياندىكى ئۈچ يول.
ئۈچۈنچىدە تىلەكى بولدى مەقبۇل.
نەمازدىن كۈندە بەش يول فەرز بولدى،
مۇسۇلمانغە ئەداسى قەرز بولدى.
قىرق بەشنى مۇئاف ئەتتى خۇداۋەند،
پەيەمبەر بىنەھايەت بولدى خۇرسەند.
بەشى كەم بولدى ئالتە ئاي رۇزەدىن ھەم،
تىفەيلى ئىززەتى ئول فەخرى ئالەم.
دېدى مۇساغە بۇ ئەسرارلارنى،
خۇدايىمغە دېگەن گۇفتارلارنى.
دېدى مۇسا: «داغى يانساڭ ئىدى خوب،
ئىبادەت نىكۇۋەتى ئۈممەتكە مەرغۇب.»
دېدى ھەزرەتكى: «بەسدۇر، ئەي بەرادەر،
بۇ يانماقلاردا كۆپ باستى مېنى تەر.
دا:ى نىكۇۋەت دېمەكلىكە ھەيادۇر،
ۋەگەرنە ھەرنەكىم دېسەم رەۋادۇر.»
بۇ يەڭلىغ كۆردى بېھەد مېھرىبانلىغ،
دېدى: «يا رەب، كۆڭۈل تاپتى ئەمانلىغ.»
ئالىپ رۇخسەت خۇدادىن ياندى ئول شاھ،
چىقىپ ئالدىغە تۇردى مېھر ئىلە ماھ.
ئەتارۇد، مۇشتەرى، جەۋزاۋۇ بەھرام،
زۇھەل، سەرتان بىلە زۇھرايى خۇش فام.
داغى مۇندىن بۆلەك ساھىب بۇرۇجان،
مەلائىكلەر بىلە ئەرۋاھى ئىنسان،
مۇبارەكبادلىقلار قىلدى ئانى،
دېدى: «ئەي ئالەمىلەرنىڭ ئەمانى؛
جەمالىڭغە بەسى مۇشتاق ئېردۈك،
خۇدادىن مەقدەمىڭنى دائىم تىلەردۈك.
بىھەمدۇللاھكى، ھاسىل بولدى مەقسۇد،
زىھى مەۋلا، زىھى بەندە، زىھى جۇد.»
بۇلاردىن خەيرباد ئەيلەپ پەيەمبەر،
فەلەكدىن ئۆردىلار يەر سارى شەھپەر.
جەھاننى دەۋر ئېتىپ بەتھاغە كەلدى،
يەنە ئول ھۇجرەئى ۋالاغە كەلدى.
كۆرەرلەركىم ئىشىك زەنجىرى لەرزان،
تۇرۇپدۇر گويىيا چىققانداكى ئان.
داغى ياتقان ئورۇن ئىچرە قىزىغلىغ،
بۇرۇدەتدىن ئەمان ئېردى ئىسسىغلىغ.
كېلىپ شۈكرانەلەر قىلدى خۇداغە،
قويۇپ يۈز ئاستانى كىبرىياغە.
تاڭ ئاتقاندا ھەرەمگە قىلدى تەشرىف،
يەقىن يىرلە يىراقنى ئەتتى تەكلىف.
جەمئى كۆرگەننى قىلدى ئىزھار،
يەقىن تەھسىن، يىراقلار قىلدى ئىنكار.
س:زۇم بار، تۇت قۇلاق، ساھىب زەمانى،
بۇ گۈلشەن گۈللارىنىڭ باغبانى.
كى مەۋلانا مۇئمىن ئول دۇررى ناياب،
ئىشارەتلەر پۈتۈپدۇرلار نەچە باب.
بىرى بۇدۇر ئۇلاردىن، ئەي نىكۇ ھال،
كى شەھبازىكى تۇتسە گەر پەرۇ بال①،
قايۇ سەييادكىم سەيد ئەتسە ئانى،
ئوي ئىچرە ھەبس ئېتىپ قەيد ئەتسە ئانى.
پۈتىغە باغلاسە چۈبى ئاغىر ھۆل،
سۇيى ئول چۈبىنىڭ بولسە ئەگەر كۆل.
ئۈچالماس جانۋەر تاكىم نەمى بار،
قاناتۇ قۇيرۇغى يوقدەك غەمى بار.
مەگەر ۋەقتىكى بۇ خۇرشىدى ئەنۋەر،
ياغاچ:ە بولسە ئون كۈن سايە گۇستەر،

① قول يازما نۇسخىدا بۇ مىسرانىڭ ئۇدۇلىغا «كىتابى سىيەر» دېگەن ئىمزاھات قوشۇپ قويۇلغان.

يېنىك بولغاچ ياغاچ پەرۋاز قىلغاي،
ئۆزىنى بەلگۈلۈك شەھباز قىلغاي.
يۇمۇپ ئاچقۇنچە كۆز كەزگەي جەھاننى،
تاپىپ كەلگەي ئۆزى كەتكەن مەكاننى.
ئانىڭدەككىم ۋۇجۇدى ئول شەھەنشاھ،
بۇ كىبچە سىرىدىن ئېرمەسدە ئاگاھ.
ئىدى دۇرراجى باغىستانى ئىمكان،
تەبىئەت خانەسىدە بەند بولغان.
ئاياغىدا بەشەرلىك ھۆل ياغاچى،
بۇ زۇلمەتخانەنىڭ ئېردى سىراجى.
كۆڭۈل بەرمەي بۇ خانى بوستانغە،
تەپىدە ئەيلەر ئېردى لامەكانغە.
ۋەلې بولغاچ تەبىئەت قەيدىدە بەند،
بەشەرلىك چۇىغە كۈچ ئۇرسە ھەرچەند؛

مۇيەسسەر يوق ئىدى پەرۋاز قىلماق،
ئۆزىن ئەفلاك ئارا شەھباز قىلماق.
قاچانكىم نۇرى ۋەھدەت ئافتابى،
باشىغە پەرتەۋىدىن سالدى تابى.
قۇرۇدى ئول ياغاچ بولدى سەبۇك سەلك،
بۇ قىلدى لامەكان سارىغە ئاھەنك.
ئۇچۇپ سەير ئەيلەدى ئول لامەكاننى،
كۆرۈپ كەلدى بارىپ ئىككى جەھاننى.
مۇنىڭدەك نۇكتەلەر كۆپدۇر «سىيەر»دە،
زەمان كەملىك قىلۇر دېسەڭ بۇ يەردە.
كەل، ئەي ساقى، تۆكەندى ئەمدى مىزاج،
فەراغەت ئۇيقۇسىن تەرك ئەت، كۆزۈڭ ئاچ.
ئىبادەت جامىدا تۇتقىل ماڭا مۇل،
ئېرەي ئىچكەچ مەئانى باغىدىن گۈل.

نازىمى بىباك ھەيرەتناك كۆڭلىگە تۇشكەن خەيالى خام ۋە فىكرى نائەنجاملارىنى سەفھە ئەرسەسىدە جىلۋەگەر قىلىپ، مۇلاھىز ئەتمەك ئۇچۇن تەرتىب بەرگەن خەيالاتى ئەسرارى ھەقايىقكى، ئىبارەت دۇررى مەئانى ۋە مەئارىفدىن يەئنى ئول رەۋزەئى دىلكەش ۋە ھەدىقەئى مۇنەققەشكى، مەئارىف ۋە مەئانىدۇر. تۇرفە باغدۇرلاركى، ھەربۇلبۇلى بىمار ۋە تۇتىئى شىرىن گۇفتاركى گۈلزارى تەمەنناسى بىلە پەرۋاز ئۇرغاندا، دىۋار ئۇستىدەكى خاركى نەشتەرى ئابدادىن پۇر ئازارراقدۇر. باسىپ ئۆتمەگۈنچە تامدىن ئۆتەلمەس. ئەمما تامدىن ئۆتۈپ ئول گۈلزار گۈللارىنىڭ سۇنبۇلى تارىغە گەرىفتار بولسە، يۈز ئانچە دىل فىكارلىغ چەكسە ھەم تا مىنقارىن چۆەۇرمەگۈنچە كەتمەكنى ئىختىيار ئەتمەس، بەلكى ھېچ تەرەفكە كېتەلمەس، كەتسە ھېچ يەرگە يېتەلمەس

ئۆزىن بۇلبۇل كەبى تەير ئەيلەگەنلەر،
مەئانى باغىنى سەير ئەيلەگەنلەر.
بۇ يەڭلىغ ئەيلەمىشدۇر نۇكتەرانلىغ،
دېمەيكىم نۇكتەرانلىغ، پۇر فىشانلىغ.
كى مەئنى باغىدۇر ئارىغە دىلكەش،
ئىبارەت تامىدۇر ئەسرۇ مۇنەققەش.
لۇغاتى رەڭ بەرەڭدۇر خارى ئانىڭ،
لەتايىفلار ئېرۇر گۈلزارى ئانىڭ.
گۈلى گۈلزارى مەزمۇنى بەدايىئ،
گۈلى بۇلبۇللارى ئەفكارى ۋازىئ.

بۇ گۈللار غۇنچەسى ئېرمىش دەقايىق،
ئاچىلغاندا زۇھۇر ئەتكەي ھەقايىق.
ھەقىقەتدە بۇ باغ مىئمارى ھەقدۇر،
مۇسەننىفلەر ئانىڭدىن بىر ۋەرەقدۇر.
مۇنى بىلگىل كىشى قىلسە ئىمارەت،
ئىمارەت يوقكى، باغى باتەراۋەت.
ئەگەر لاي بولماسە تامى پۇتەرمۇ،
كۆچەتسىز يەرنى ھېچكىم باغ دەرمۇ.
ئىمارەت مايەسى تۇپراق بىلە سۇ،
ئىمارەت لازىمدۇر ئۇ بىلە بۇ.

ياغاچ گەر بولماسا قايدا كۆچەتدۇر،
ئىرۇر باغ بولماقى ئانىڭغە مەقسۇر.
مۇھىتى تام بىلە بولماس زەمىن باغ،
ئەگەرچە تامدۇر گويا ئىگىز تاغ.
مۇنى ئاڭلاپ داغى ئاڭلا ئىشارەت،
ھۇرۇف ئىرمىشكى خىشتى ھەر ئىبارەت.
ئىبارەت بولماسە مەئنى قاياندۇر،
ھەمە يوقلۇق بىلە كۆزدىن نىھاندۇر.
يوق ئىردىكىم ئىمارەتلەر جەھاندا،
ھۇرۇفۇ ھەم ئىبارەتلەر نىھاندا.
بار ئىردى قادىرى خەللاقى ئالەم،
ئۆزى ھىكمەت بىلە خەلق ئەتتى ئادەم.
قىلىپ ئادەم بىلە ئالەمنى ئاباد،
ئىمارەت ئەيلەمەككە قىلدى مۇنقاد.
قىلىپ ئادەمگە تىل بەردى كەرامەت،
بىلىندۇردى داغى ھەرفۇ ئىبارەت.
ئىبارەت چۇن ئىدى مەئنىگە ئاشىق،
بۇ ھەم ئىردى ئاڭا يارۇ مۇۋافىق.
مۇنى قىلدى ئانىڭ ئىچىدە پىنھان،
ئىكەۋلەن بىر بولۇپ بولدى تەنۇ جان.
ئەگەر ئاردىق ئىسەڭ سەن مەئنى ئۇشبۇ،
دىبدىم مىئمارى ھەقدۇر يەئنى ئۇشبۇ.
چۇ تاپتى باغ ئىلە گۈلزارى تەركىب،
بىرەي ھەق خاھلاسە گۈللارغە تەرتىب.
تىلەرسەن، بۇلبۇلا، گەر ۋەسلى گۈلزار،
نەچە يىل ئىشقىدا قىلغىل ئۆزۈڭ زار.
دىمەسمەنكىم سىبنى مەن بۇلھەۋەس بول،
مۇنى دەرمەنكى ئازادى قەفەس بول.
قەفەسدۇر ھەر ھەۋەسكىم سەندە باردۇر،
نىچۇك شەھۋەتكى مۇلكى تەندە باردۇر.
قەفەسدىن خارىج ئولغىل تا نەفەس بار،
ئىبارەت تامىنىڭ ئاستىدا بول خار.
ئانىڭدەك خاركىم تەرك ئەيلەگىل سەر،
ئۆرۈپ تىل بىرلە دائىم ئامغە خەنجەر.
چىقارغىل تام ئارا كۆپ زىنە پايە،
قەدەم قوي تامغە ئاندىن غەيرى تايە.
كۆتەرمەي كۆز بۇ تام ئۈستىگە پۇت قوي،
دىمىشلەر خەس-خەدەك ئىرمىش مەدەد موي.
ئاياغىڭغە ئەگەر سانچىلسە خارى،
تەھەممۇل ئەيلەبان كۆپ قىلمە زارى.
تىكەن قاتتىق تۆمۈردەك بولسە مەھكەم،
ئاياغىنى تارتماغىل ھەم قىلماغىل غەم.
تىكەننى كۆر ئالىپ قايسى تىكەندۇر،
كى ئازغان شاخدۇرمۇ يا يىمكەندۇر.
تىكەندىن ھەر نەچە چەكسەڭمۇ ئازار،
ئۇنۇتمە بۇ تىكەن ئاتىنى زىنھار.
ئۇنۇتساڭ گەر تىكەن ئاتىنى، بۇلبۇل،
تۇشەلمەي تامدىن مەبھۇم قالۇر گۈل.
تىكەندىن ئۆتمەيىن گۈل ۋەسلى مۇشكىل،
تىكەننىڭ قەتئى ئەيلەر مۇشكىلىڭ ھىل.
قاچانكىم بۇ تىكەنلەر بولدى مەقتۇئە
بولۇر ھازىر ساڭا گۈلزارى مەتبۇئ.
مەئانى غۇنچەسى بولغاي نەمايان،
كۆرۈنمەك بىرلە ئۆزمەكلىك نە ئىمكان.
مەشامىڭغە ئەگەر بىر گۈل نەسىمى،
يېتىشسە گەر بولۇپ ئەنبەر شەمىمى.
ئۆزەلمەسسەن كۆڭۈل بۇ باغدىن سەن،
تىلەرسەن بۇيىنى ياپراغدىن سەن.
تۇشەر كۆڭلۈڭگە ۋەسلى گۈل فىراقى،
ئىچىڭنى ئۆرتەگەي گۈل ئىشتىياقى.
مۇنىڭدەك بولدى كۆرسەڭ ئانچە ئازار،
كى قىلسە كۆزلەرىڭنى خار ئەفكار.
بولۇر بارغانچە كۆپرەك ئىشتىياقىڭ،
بەرابەر بولغۇسى ۋەسلۇ فىراقىڭ
بولۇر دائىم كۆڭۈلدە گۈل ھەۋاسى،
مەكان ھەم مەئنى گۈلزارى فەزاسى.
دىمە گۈل قايىسىدۇر ھەم قايىسى بۇلبۇل،
لەتايىف گۈل دىبدىم، بۇلبۇل تەئەممۇل.
بۇدۇر گۈل قەسدىدە ئەھۋالى ئىنسان،
بۇ گۈل زەۋقى ھەمە ئالەمگە يەكسان.

مۇنى بىلگىل جەماداتۇ بەنادات،
قىلۇرلار ئارزۇ كەسبى كەمالات.
ئىشتىكىل ئەمدى بىر سۆز ئىئتىبارى،
سۆز ئىرمەس خەستە كۆڭلۈمنىڭ غۇبارى.
فەلەككىم ھەر كىچە گۈلشەندەك ئولغاي،
ھۇجۇم ئەتكەچ نۇجۇمى بىرلە ئول ئاي.
بۇ گۈللاركىم يارۇر ئەترافى ئافاق،
ئىرۇرلار مەئنى گۈلزارىغە مۇشتاق.
تىلەپ گۈلزارى مەئنى ۋەسلىنى فاش،
تۆكەرلەر ژالە يەڭلىغ ھەر سەھەر ياش.
ۋەلې بولماس بۇ گۈل ۋەسلى مۇيەسسەر،
تۇزۇپ كەتكۈنچە گۈلنىڭ ھەسرەتىن يەر.
يەنە كۆرگىل زەمىنى ئۇشبۇ ئالەم،
ئىرۇر مىڭ نەۋئى گۈل بىرلە مۇكەررەم.
ئىرۇر ھەر بۇرجىدا باغى تەرەبناك،
گۈلۈ گۈلزارى بىر-بىردىن ئىرۇر پاك.
بۇ يەڭلىغ گۈللارىكىم ئاندا باردۇر،
گۈلنىڭ ۋەسفى كۆپ ھەرياندا باردۇر.
بۇ گۈللار ۋەسلىنى بىلمەي غەنىمەت،
تىلەر گۈلزارى مەئنى بىرلە ئۇلفەت.
قىلىپ سەرۋۇ سەنەۋبەر بويىدىن قەد،
ھىنا رەڭگى بىلە ئەيلەپ قىزىل خەد.
سالىپ كاكۇل بىنەفشە تارى بىرلە،
قىلىپ نەرگىسنى كۆرمىڭ زارى بىرلە.
چېكىپ سەۋسەن تىلى بىرلە فىغانلار،
ئوقۇپ ھەرلەھزە تۇرلۇك داستانلار.
ئالىپ ئىلكىگە رەڭگىن لالەدىن جام،
تىلەر مەئنى گۈلىنى سۇبھ ئىلە شام.
ۋەلې بولماس ئاڭا ھاسىل بۇ مەقسۇد،
چېكىپ ھەسرەت بۇلۇتدىن ئۆرلەتۇر دۇد.
نە ئۇچۇنكىم بۇ گۈلشەن باغبانى،
دىمەيكىم باغبان، دەي ئانى بانى.
قىلۇردا مەئنى گۈلزارىنى پەيدا،
قىلىپ ئىنسان زەمىرىنى ھۇۋەيدا.
مۇنى مەئشۇقۇ ئانى قىلدى ئاشىق،
بۇ بۇلبۇلغە ئۇ گۈلنى قىلدى لايىق.
بۇ گۈلدىن ھالى ئىنسان خالى ئىرمەس،
بۇ گۈلدىن خالى ئىنسان ھالى ئىرمەس.
بۇ گۈلدىن خالى بولغان ئىرمەس ئادەم،
ئەلىفدىن خالىدۇر «ئادەم» بولۇر «دەم»
كىنايەتدۇر ئەلىف بۇ يەردە گۈلدىن،
نە بولغاي گۈل ئىرۇر ئەسرارى گۈلدىن.
ئىشىتتىڭ بۇ سىفەت گۈلزار نامىن،
ئىبارەت ئاڭلادىڭ ئەترافى تامىن.
لۇغەتلەرنى دىدىڭ ئول تام ئۆزرە خار،
ئانى باسقاچ ئاياغىڭ چەكتى ئازار.
يىدىڭ ئازارۇ ئەمما قاچمادىڭسەن،
ۋەلې گۈلزارغە كۆز ئاچمادىڭسەن.
ئىشىت گۈلزار ۋەسفىن بۇلبۇل ئەمدى،
قىلۇر مىنايى كۆڭلۈم قۇلقۇل ئەمدى.
ئىرۇر گۈلزارى مەئنىلەر لەتائىف،
ئۆزەر گۈل ھەر كىشىكىم بولسە تائىف.
ئەمەس تائىف ئۇلار كىم خۇدنەمادۇر،
گىرىفتارى ھەۋەس بىرلە ھەۋادۇر.
بۇ گۈلنىڭ تائىفى كەچكەي ھەۋادىن،
ھەۋا ئىرمەس جەمىئى ماسەۋادىن.
بۇ گۈل گۈلزارىدۇر ئانداغ مۇزەييەن،
كى ھەر بىر شاخىدا مىڭ گۈل مۇئەييەن.
ئىرۇر ھەر گۈلدە مىڭ غۇنچە مۇدەۋۋەر،
نىھان ھەر غۇنچەدە مىڭ بەھر ئىلە بەر.
بۇ گۈللار رەڭگىدىن ئىمان مۇنەۋۋەر،
ئىسىدىن ئىككى ئالەمدۇر مۇئەتتەر.
جەمالى ھەر بىرىنىڭ ئەينى خۇرشىد،
داغى ھەر بەرگىدۇر بىر تاجى جەمشىد.
ئىرۇر ھەر شاخى بىر سەدرە نىشانى،
ئانىڭدا جىبرىئىلى ئاشىيانى.
ئىرۇر ھەر گۈل ۋىساقى ئەسرۇ بالا،
كى يەتكەي پەستى ئانىڭ ئەرشى ئەئلا.
ھەقىقەتدە گۈلۇ گۈلزار بىردۇر،
قۇلاق سالغىل بۇ گۈللارغە يەقىن تۇر.

ئېرۇرسەن تالىبى گۈل، بولمە تالىب،
كى يەئنى تالىبىكىم نەفسى غالىب.
چۈ بولدۇڭ بۇ سىفەتلىك گۈلدىن ئاگاھ،
بۇ سۆزنىڭ باتىنىدۇر سەيرى فىللاھ.
بۇ باتىندىن ئىبارەت ئېردى قاسىر،
گۈلۇ گۈلزارۇ غۇنچە بولدى ناسىر.
خەيالىم يوققارى، ھەيرەت زىيادە،
بىلەلمەن كۆڭلۈمە نېدۇر ئىرادە.
بۇ سۆزنىڭ نى ئىكەنىن ھەم بىلەلمەم،
مۇنىڭدىن ئۆزگە سۆزنى ھەم دېيەلمەم.
كۆتۈبدا ھەم داغى كۆرگەن ئەمەسمەن،
كىشىلەردىن داغى ئىشىتكەن ئەمەسمەن.
مەئانى دەپ مەئارىفنى دېدىمۇ،
كى گۈللار دەپ لەتايىفنى دېدىمۇ؟
مەئارىف قايسىدۇر، قايسى مەئانى،
لەتايىف قايسىدۇر نېدۇر بەيانى؟
بۇ باغ قايسى، نېدۇر گۈلزار ئىلە گۈل،
نەدۇر غۇنچە، نەدۇر ئول خارۇ بۇلبۇل؟
نەدۇر ئول سۆز، نەدۇر ئول سەيرى فىللاھ،
سىفەت قايسى، نەدۇر ئول بولماق ئاگاھ؟
كۆڭۈل قايسى، خەيالىم قايسىدۇر ھەم،
ئېرۇر سۆزلەتكۈچى سىررىغە مەھرەم.
بىلەلمەسلىك قايان، بىلمەك قاياندۇر،
كى ئەي ھەيرەت مېنى ئارقامغە ياندۇر.
قىلاي سۆز، بۇ سۆزۈم پايانغە يەتسۇن،
پۈتۈلسە سەفھەگە ھەريانغە كەتسۇن.
كەل، ئەي تالىب، داغى بىباك بولغىل،
بۇ گۈللار پاك گۈلدۇر پاك بولغىل.
ئۆزۈڭنى ئېردىتىپ شەبنەم سىفەت بول،
تاپارسەن ئېردىساڭ گۈلزارغە يول.
فەنا بول، گۈل تەلەب قىلساڭ فەنا بول،
بولۇپ يوق، باغبانغە ئاشنا بول.
چۈ بولدۇڭ ئاشنا گۈلزارغە كىر،
كۆڭۈلنى قىل جەمالى گۈل بىلە سەير.
چۈ بولدۇڭ بۇ سىفەت گۈل كەلدى قولغە،
ۋەگەرنە سال ئۆزۈڭنى توغرى يولغە.
بۇ يەڭلىغ بولماغاننى دېمە بۇلبۇل،
مەلەخدىن ھەم تۆبەنرەك نەرسەدۇر ئول.
ئەگەر تالىب بۇ يەڭلىغ چەكسە مېھنەت،
مەئانى گۈللارىدىن تاپسە ئۈلفەت.
ئەگەرچە بولسە ناقىس، بولدى كامىل،
بۇ گۈللاردۇر ئانىڭ ۋەسلىگە مايىل.
مەئانى بەھرىنىڭ غەۋۋاسى ئولدۇر،
ئىبارەت كىشتىسىنىڭ خاسى ئولدۇر.
بۇدۇر گۈلزارى مەئنىنىڭ بەيانى،
خۇدادۇر بارچەسىنىڭ باغبانى.
ئېرۇر خاھىش ئانىڭدا بەرسە كىمگە،
قاراپ تۇرماس بۇ يەڭلىغ دېگەنىمگە.
بېرۇر ئەلبەتتە ھەركىم بولسە ئاشىق،
مەئارىف گۈللارى ئاشىققە لايىق.
كەل، ئەي ساقىي، سەير ئولدى بۇ گۈلزار،
ئېرۇرمەن ئىشق جامىغە خەرىدار.
ماڭا بەر ئىشق جامىنى لەبا لەب،
قىلاي سۆز ئىشقدىن ئىچكەچ خۇدا دەپ.

ئىشق ۋە ھۆسن بابىدەكىم، فىكر مۇھەندىسى ئانىڭدىن لال ۋە خىرەد مۇسىچەسى بىپەرۇ بالدۇر، ئول مېھرى ئالەم سوز ۋە نەييەرى جەھان ئەفرۇز ھەم ئىككىسىدۇر، ئول بىرىنىڭ سوزىشىدىن ئىنسان ئالەمى سىينەسى بازارىدە غەۋغاۋۇ غۇلغۇلە، بۇ بىرى شورىشىدىن جەھان گۈلزارى ئەرسەسىدە يەغماۋۇ زەلزەلە نەمۇداردۇرۇر. ئول زەلزەلە، بۇ غۇلغۇلەسى يوق يەر تاپىلماس، ۋە بۇ غۇلغۇلە ھەم ئول زەلزەلە زاھىر بولماغۇنچە پەيدا بولماس. بۇ تەسەۋۋۇردۇركى، ئىشق ۋە ھۆسن ھەقىقەتىدە بىر ئەنقايىدۇركى، ۋەھدەت ئاشيانىدىن پەرۋاز ئۇرۇپ، كەسرات شاخسارىدا ئارام تۇتقان، دۇندا ئىككەندە ھەر بىرىگە بۆلەك ئات، باشقىچە سىفات، ئەمما ئاندا ئىككەندە ئىككىلىك يات، ئىككىسى دېمەككە بەسى ئۇياتدۇر

ھەقايىق بەھرىگە چۆمگەن شۇناۋەر،
جەمالى ئىشقنى كۆرگەن دىلاۋەر.
ئۆزى ھەر كىمكى بولسە سورمە ئانى،
بۇ يەڭلىغ ۋەسف قىلمىش داستانى.

كى ئىمكان باغچەسى مەۋجۇد تەمەس چاغ،
ھەۋادىس شاخى كۆرسەتمەسدە ياپراغ.
بار ئىردى خىلۋەتى ۋەھدەتدە بىر نۇر،
كى ئۆز ھۇسنىگە ئول نۇر ئىردى مەغرۇر.
ئۆزىگە ئاشىق ئىردى گاھى مەئشۇق،
مەتائى ھۇسنىگە ئۆز خىلۋەتى سوق.
مەتائىدىن ئۆزى ئىردى خەبەردار،
ئۆزى ئۆز ھۇسنىگە ئىردى خەرىدار.
قىلىپ ئۆز ھۇسنىنى ئۆزى تەماشا،
نىھاندىن چىقماقىن قىلدى تەقازا.
كى تا ئەيلەپ جەمالىن ئاشكارا،
ئىشىتكەي ھايۇ-ھۇيى، ئەي نىگارا.
بەلى جارى بولۇپدۇركىم بۇ ئادەت،
قايۇ ھۇسنىگە ئول تاپسە زىيارەت.
تەقازا ئەيلەگەي چىقماق نىھاندىن،
تەماشابىن يىغىلغاي ھەر قاياندىن.
ئانىڭدەككىم ئەگەر ئەفرادى ئىنسان،
ئىچىدىن بولسە بىرىنىڭ ھۇسنى تابان.
ئۇغۇل بولسۇن چىرايلىق ياكى قىز ئول،
مۇبادا تاپسە ئۆز ھۇسنىگە ئول يول.
ئۆزى بولغاي بۇرۇن ھۇسنىگە شەيدا،
بولۇر ئاندىن كىيىن مۇنداغ تەقازا.
قىلاي ھۇسنۇمنى ئەل ئىچرە نەمايان،
قىدا قىلسۇن ماڭا كۆرگەن كىشى جان.
چىقار ئۆيدىن تالاغە سۇبھ ئىلە شام،
بىرىپ زىينەت ئۆزىگە ئەرتە-ئاخشام.
جەمالىن كۆرگەچ ئەل بولغاي گىرىفتار،
مەتائى ھۇسنىگە بولغاي خەرىدار.
ئاتا ئاڭلاپ بۇ ئىشنى قىلسە پىنھان،
دىسە: «بۇندىن كىيىن بولمە نەمايان.»
دىگەي «مەئقۇل»، ئەمما توختايالماس،
كى ئاشىق جىزبەسى تۇرغالى قويماس.
ئىشىكنى باغلاسە تۈڭلۈكتە بارغاي،
قويۇپ شاتۇ، باشىن ئاندىن چىقارغاي.
يەنە كۆرگىل مۇنىكىم ھەركىمەرسە،
ئوقۇپ تاپسە كىتابدىن بىر نىمەرسە.
كى بولسە ئول نىمەرسە مەئنىسى خۇب،
بولۇر ئەۋۋەل ئانىڭ كۆڭلىگە مەرغۇب.
بولۇر شەيدا ئۆزى ئانىڭغە ئەۋۋەل،
بىرۇر زىننەت ئاڭا ئەيلەپ مۇكەممەل.
تۇشەر ئاندىن چىقارماقىنىڭ ھەۋاسى،
كى كۆڭلىن كۆيدۇرۇپ ئانىڭ زىياسى.
تاپىپ بىر مەئنىرەس ئايتۇر ئۇشۇلدەم،
ئەگەرچە نەفئى يوقتۇر ھىچ نىمە ھەم.
ۋەگەرنە ئەيلەگەي كاغەزگە تەھرىر،
قىلۇر كۆڭلى ئارا تۇشكەننى تەقرىر.
مۇنىڭدەككىم ئەزەلنىڭ شاھىدى ھەم،
يۈزىنى كۆرسەتۇرگە قىلدى ئالەم.
بىرىنى ئەرش قىلدى، بىرنى تۇبى،
بىرىنى فەرش قىلدى بىرنى چۇبى.
بىرىنى ئاسمان قىلدى، بىرىن يەر،
بىرىنى قىلدى دەريا، ئول بىرىن بەر.
بىرىن جەننەت قىلىپ، بىرنى جەھەننەم،
بىرىن جىن ئەيلەدى، ئول بىرنى ئادەم.
بىرىن قىلدى مەلەك، بىرنى پەرىزاد،
جەھان دەپ قويدى ئاتىن قىلدى ئاباد.
باقىپ قىلدى فەلەككە بىر تەبەسسۇم،
تۆرەلدى ئاي بىلە خۇرشىدۇ ئەنجۇم.
چۇ قىلدى كۈن يۈزى ئالەمنى رەۋشەن،
ئىدىكىم نىلۇفەرمەن، ئاشىقىڭ مەن.
يۈزىنىڭ نۇرى تۇرغاي شەمئىدىن سەر،
بولۇپ پەرۋانە ئاشىق ئۆرتەدى پەر.
جەمالىدىن نىشان بەرگەچ قىزىل گۇل،
ئوقۇر مىڭ داستان ئىشقىدا بۇلبۇل.
ئۆزىدىن پەرتەۋى تا ئىردى يۇسۇف،
زىلەيخا ھەسرەتىدىن يەر تەئەسسۇف.
جەمالىدىن ئەسەر تاپقاچ دىلئارام،
قىلىپتۇر يەتتە مەنزەر خەستە بەھرام.
ئۇزارىدىن چۇ ئۇزرا يۈز يورۇتتى،
كۆرۈپ ۋامىق ئانى خۇنابە يۇتتى.
كۆرۈنگەچ لەيلىدە ھۇسن زىياسى،
بولۇپدۇر خەستە مەجنۇن مۇبتەلاسى.
چۇ تاپتى ھۇسن شىرىن لەمئە ئاندىن،
بولۇپ فەرھاد ئاشىق كەچتى جاندىن.
يۈزىدىن بەھرەۋەر بولغاچ نەمۇدار،
ئىرۇر ئاشىق ئاڭا شاھى جەھاندار.

ئۇ كۈندىن زەررە بولغاچ خانى مەھرەم،
فىراقى بارىدىن ناقىس قەدى خەم.
ئىرۇر ناقىس كۆزى ئەفلاكى شەبنەم،
ئىرۇر ناقىسغە مىھرى ۋەسلىدىن غەم.
ئەلا ھازا قايانىدىن ھۆسن ئالۇر فاش،
كۆز ئاچسالىڭ ئىشىق ئانىڭ يانىدا يولداش.
ئانىڭدىن مۇنچە نۇران ئاسمانلار،
مۇنىڭدىن ئانچە نالان خەستە جانلار.
ئانىڭدىندۇر جەھان ئىچرە تەزەللۇل،
مۇنىڭدىندۇر خەلايىق ئىچرە غۇلغۇل.
ئەگەر ئول بولماسە بۇ يوق جەھاندا،
ۋەگەر بۇ بولماسە ئۇ ھەم نىھاندا.
كېتەر ھەر ئىككىسى بىر ئاشيانغە،
دېمەيكىم ئاشيانغە، لامەكانغە.
قالۇر خىلۋەتدە يالغۇز ھۆسنى مۇتلەق،
دېمەيكىم ھۆسنى مۇتلەق، دەي ئانى ھەق.
ئىشىتتىڭ ھەق سىفاتىن سۆز باشىدا،
ئەمەس لازىم دېمەك ئانىڭ تاشىدا.
بىلىندى، سامىئا، چۈن ئىشقىدىن سۆز،
ئانىڭ قانۇنى سازىن ھۆسنىدىن تۈز.
ئانىڭدىن تۈزمەسەڭ ئىشىق ئىچرە قانۇن،
ئەمەس ئاشىق، ئىرۇرسەن جىننى مەجنۇن.
بۇدۇركىم ھۆسن ئىلە ئىشىق ئولدى ئىزھار،
چۇ بىلدىڭ مۇنچەنى، كۆپ قىلمە ئەسرار.
كىم ئىرمىش ئىشىق مەيدانى بەسى كەڭ،
بولالماس رۇبىئى مەسكۇن سۇلىسىغە تەڭ.
ھەم ئىرمىش ھۆسن خۇرشىدى ئەجەب زۇر،
فەلەك خۇرشىدى ئاندىن زەررەئىدۇر.
ئەگەرچە ھەر بىرىگە باشقەدۇر ئات،
ھەقىقەتدە ئەمەسدۇر ئىككىسى يات.
بۇ بولسە ئىشىق بىرلە ھۆسنىگە ھال،
قالۇر ھەيرەتدە تەڭ ھەر زەررەدىن قال.
بولۇپ دەم تۇرمە، ناقىس، ئىشقىدىن دەم،
كىم ئىرمىش ئىشىق ھەرفى ئەسرۇ مۇبھەم،
ئىشىت توختاپ تۇرۇپ ئەندەك لەتىفە،
كى دەپدۇر رەھمەتۇللاھ بۇ ھەنىفە:
«دېدىم دەرسۇ مەسائىل، ئىلمۇ تەفسىر،
بەيان قىلدىم داغى رۇئىياغە تەئبىر.
ۋە لېكىن ئىشقىدىن سۆز ئايمادىم مەن،
بىلەلمەم ئىشىق قايدىندۇر مۇبەرھەن.»
ئانىڭدەك چوڭ كىشى دېسە مۇنىڭدەك،
قاچان بىلگەي سېنىڭدەك بولسە لەك ـ لەك.
يېغىپ تىل ئىشقىدىن، ھالىڭنى ئايغىل،
جەھاندىن كەلگەن ئىقبالىڭنى ئايغىل.
دېگىل داغى سەبەب قىلماقغە تەئلىف،
نە ئىردىكىم چېكىپسەن مۇنچە تەكلىف؟
يەنە ئايغىل كىتابىڭغە نەدۇر ئات،
داغى ئانىكى سەن كىمسەن،نېچۈك زات؟
چۇ كەلتۈردۈڭ بۇ سۆزلەرنى بەيانغە،
بولۇپ فارىغ شۇرۇئ قىل داستانغە.
كەل، ئەي ساقى، تۈگەندى ئىشقىدىن سۆز،
ماڭا بىر جامى مەي بەرگىل قىزىل يۈز.
ئىچىپ مەستانە بولغاچ ھال ئايتاي،
ماڭا نى قىلدى چەرخى زال ئايتاي.

ناقىس ناتەۋانى بەدەرمان خەللاقى جەھان مۇشەييەتىمۇ ئەسسەسىچە نىھانخانەئى ئەدەمدىن شەھرىستانى ۋۇجۇدغە ئەيان بولۇپ، نەفسى بىئەمان يامانلىقى سەبەبى بىلە زەنجىرى خۇدران بىرلە باغلانىپ، ھەۋايۇ ھەۋەس زىيدانىغە مۇبتەلالىقى ئىزھارى زەمىندە بىۋەفا دەۋراندىن باشىغە كەلگەن بىسەرۇ سامانلىغ ۋە ۋادەئى ھىرماندا يۈز كەلتۈرگەن سەرگەردانلىقدىن ھەيران قالغانىنى ۋە داغى رىسالەئى بىنەۋالەكى، شۇبۇ زەمانەدەكى قەبالە ئاندىن خۇب ۋە خەلايىق كۆڭلىگە مەرغۇبراقدۇر. «بەھارى دانىش» نىڭ مەزمۇنلارىدىن فەلجۇملە تەھرىر رىشتەسىغە تىزىلغاچ «گۈلزارى بىنىش» ئات قويۇپ، ۋەجھى تەسمىيە ۋە سەبەبى تەئلىفكە ئۇز خەيالى مەجالىچە ۋەجھ

ئايغانى

بۇ نۇقسان نامەنى شەرھ ئەيلەگەن قۇل،
تۈكەر مۇنداغ كۆڭۈل مىناسىدىن مۇل،
كى ئاڭلاپ، سامىئا، تۇرغىل زەمانى،
بىلىپ ناقىسلىغىن ئەيب ئەتمە ئانى.

ئىدى بۇ ناتەۋان يوق، جانى ھەم يوق،
تاپارغە بارلىق دەرمانى ھەم يوق.
خۇدايى لامەكان مەئبۇدى ئالەم،
نىگەھبانى جەھان مەسجۇدى ئادەم.
قىلۇر ۋازىئىدىن ئىزاھارى قۇدرەت،
بۇ يوقنىڭ بارلىغىن قىلمىش ئىرادەت.
كى كەلتۈرمىش ئەدەمدىن بۇ جەھانغە،
جەھان ئېرمەس مۇھىتى بىگەرانغە.
دىمە يالغۇز مېنى ئول قىلدى پەيدا،
ھەمە ئالەم ئېرۇر ئاندىن ھۇۋەيدا.
ئۆزىنىڭ بارلىغى ھەم ئۆزىدىندۇر،
ۋەلې بۇ بارلىقدىن دىمە گەپ ئۇر.
قەدىمدۇر بۇ ئۇ ھادىسدۇر، نە دەرسەن،
مۇنى بىلسەڭ ئانى ھەم فەھم ئېتەرسەن.
ئەجەبكىم مۇندا ئېردىم، ئاندا كەتتىم،
ئۆزۈمنى تاشلادىمەن، قايدا كەتتىم.
كېلەي ئاندىن بۇيان يانسۇن سۆزۈم ھەم،
بۇيان باقسۇن، ئۇيان باقماي كۆزۈم ھەم.
كى تا كەلدىم جەھانغە، ئەي بەرادەر،
كۆرەرمەنكىم ھەمە غەمدۇر سەراسەر.
دىبدىم: «ۋا ھەسرەتا!» فەرياد قىلدىم،
ياراتقان خالىقىمغە داد قىلدىم.
ئاتام بىرلە ئانام كۆرگەچ يۈزۈمنى،
ساليپدۇر ئاغزىمە ئەمچەك ئۆزۈمنى.
شۇرابمەن ئول ئۆزۈمنى ئىككى-ئۈچ يىل،
چىقىپدۇر ئىككى-ئۈچ يىلدا ماڭا تىل.
تىلىم چىققاچ ئۆزۈم بەرمەك قالىپدۇر،
قولۇمغە نان بېرىپ، ئاشقە سالىپدۇر.
يېمەك-ئىچمەك بولۇپدۇر مەنگە ئادەت،
تاپىپدۇرمەن بۇ ئىككىدىن ھەلاۋەت.
بالام دەپ بۇ ئىكۆيلەن مەن بەلانى،
بەلا قايىسكى، مەندەك مۇبتەلانى.
قويۇپ ئېركەن تۇغۇلغاندا ماڭا ئات،
نە ئاتكىم، مەندىن ئول ھەيھاتۇھەيھات.
بەلى بولسە جەھاندا ئادەتىم بۇ،
ئاتىمدىن مۇمكىن ئېرمەسدۇر سەرى مو.
جەھانكىم بولسە مۇنداغ جانغە جابىر،
نە ئىمكاندۇر بۇ تەن بولماقغە سابىر.

ئەلا ھازا، ئەلا ھازا، ئۆتۈپ يىل،
مېنى مەكتەبغە بەرمىشدۇر ئىكەۋ، بىل،
ئوقۇپمەن ئالتە يىل مەكتەب ئىچىدە،
ئىچىپ سۇ بىرلە ئاش-نان يەپ ئىچىدە.
تانۇپدۇرمەن ئوقۇپ ئاقۇ قارانى،
مۇئەددەبدىن ئاتام ئالىپ دۇئانى.
بۇ زىنداندىن خەلاس ئەيلەپ ئوشۇل دەم،
بېرىپدۇر مەدرەسەگە مەئدەنى غەم.
ئوقۇپ «كافىيە» يەتكەچ «شەرھى موللا»
بولۇپمەن بىر پەرى ھۆسنىگە شەيدا.
بۇ بولغاچ كۆڭلۈمە ئەقلىم كېتىپدۇر،
كى يەئنى ئول پەرى تاراج ئېتىپدۇر.
ئۆتۈپدۇر ئالتە يىل بۇ شىيۋە بىرلە،
ئاغىز تاتلىق قىلىپ ئول مىيۋە بىرلە.
مۇنىڭ كۆڭلىن ئالۇرمەن دەپ مەنى زار،
قىلىپمەن ھۇجرەدە دۇتارۇ سىتار.
گەھى تەييار ئېتىپ جىنسى تەنەئئۇم،
گەھى پەيدا قىلىپ نەۋھى تەرەننۇم.
تۈگەپدۇر «شەرھى موللا» بۇ ھەۋەسدە،
داغى كۆڭلۈم قۇشى ئېرمىش قەفەسدە.
شەرىكلەر باشلاسە «شەرھى ۋەقايە»،
چىقىپمەن ئارقەسىدىن تايە-تايە.
بۇ ھالەتتە ئۆزۈم سارى قاراپمەن،
جەھانىنىڭ دەۋلەتىگە ئالدىراپمەن.
كىيىپمەن خاسە كۆڭلەك بىرلە چەت تون،
بولۇپمەن مەئنىيۇ سۇرەتدە مەجنۇن.
چىقىپدۇر يەتتە-سەككىز-توققۇز ئەھباب،
لىباسى خۇبۇ ئەمما غەيرى تۇللاب.
قوشۇلمىشمەن بۇلارگە ئەرتە-ئاخشام،
ئۆزۈم نادان ئوقۇغان ئىلىم ھەم خام.
بۇ خام بولغاچ چىقىپمەن تاشقارىغە،
ئۇلار بىرلە بارىپمەن ھەر سارىغە.
بارىپ مەيدانغە نەششە چەكسە گاھى،
چېكىپمەن مەنمۇ ھەم بىلمەيكى ماھى.
ئۆتۈپدۇر بۇ بىلە ئۈچ يىل ئارادىن،
كېلىپدۇر بىر بەلا نازىر خۇدادىن.
ئەگەن ئول چاغ بۇ يەرلەر دارى ئىسلام،
دىيار ئەھلىمۇ ھەم ئىسلامغە رام.

ئاتى سۇلتانلارنىڭ ئىردى يەئقۇب،
شەرىئەت پىشەۋۇ شەھلىقغە مەرغۇب.
قويۇپ ئىركەن بۇ يەردە ھاكىمىنى،
ئىگىز تەلىنىڭ نىھالى پۇرخەمىنى.
ئىدى ئەل ئىچرە ئانىڭ ئاتى مىرزام،
بويى قىسقە ئۇچاسى دوك قاراقام.
ئۆزى بەدخۇيۇ بەدئەۋزائۇ زالىم،
داغى سەركەردەلىك بابىدا ھاكىم.
ئىدى كۇنلەردە بىر كۇنكىم جەھاندا،
ئىدىم مەست ئۇلغانىمىدىن بىر نىھاندا.
كىرىپ ئىككى ياساۋۇل تۇتتى بەلدىن،
خەبەر بەرگەن كەبى مەرگى ئەجەلدىن.
ئالىپ باردى مېنى مىرزا قاشىغە،
مېنى تەكلىف قىلدى ئول ئاشىغە.
فەراغىدىن كېيىن گەپ سوردى مەندىن،
سەۋال ئىلە جەۋابلار ئۆتتى چەندىن.
قاشىدا تۇرغالى ئول قىلدى تەئيىن،
تىلىمغە كەلمەدى يا سىن ۋەيا شىن.
بۇ يەردە ئىككى يىل قىلدىم سىپەھلىك،
ھەمە قىلغان ئىشىم ئىردى تىبەھلىك.
تولا چەكتىم جەفاۋۇ جەۋرى بىھەد،
ئوقۇشنىڭ يولىغە باغلاندى بىر سەد.
تەلەب قىلدىم خۇدادىن ھەر زەمانى،
كى ئەي، دەرماندە بىكەسلەر ئەمانى.
مېنى قىلغىل يىراق ئۇشبۇ بەلادىن،
ئاچىلدى غۇنچەئى مەتلەب دۇئادىن.
قۇتۇلدۇمەن ئانىڭدىن ئەسرۇ ئاسان،
ۋە لېكىن قالغان ئىردى ئەندەكى جان.
بۇ يەردە تۇرمادىم، كەتتىم شەھەرگە.
قايۇ شەھرىكى، مۇلكى كاشغەرغە.
بار ئىردى ئاندا ئالى ئاستانە،
ئاتى ئافاقۇ ئەمما بىر نىشانە.
ئۇ يەردە بار ئىكەن بىر خانىقاھى،
مېنىڭدەك يولدىن ئازغانلار پەناھى.
مۇدەررىس ئاندا بىر ئالىي كەرامەت،
بۇخارالىق، ئاتى موللا ئىنايەت.
ئۆزۈمنى خىزمەتىدە فاش قىلدىم،
ھەمە ئەسرارغە سىرداش قىلدىم.
بەش-ئون ئادەمگە ھەم دەرس ئەيلەدى ئول،
داغى كۆرسەتتى تەھسىلغە تولا يول.
ئوقۇدۇم «ھاشىيە»، «شەرھى ۋە قايە»،
يەقىن ئىردى تۇگەپ، قىلماق «ھىدايە»،
يەنە پەيدا بولۇپ بەش-ئون ھەماقەت،
دېدىلەر: «كىمدەدۇر بۇ ئىشقە تاقەت.
يۈرۈيلى بەئزى-بەئزى مەشرەپ ئويناپ،
قىلالى كۆڭلىمىزنى خۇش بەھەرباب.»
يەنە قويدۇم ھەۋەس بازارىغە يۈز،
ئاران تۇرغان كىشىگە ياقتى ئول سۆز.
بۇ بازار ئىچرە يۈردۈم بىر يېرىم يىل،
كى بولماپدۇر ماڭا ھېچ نەرسە ھاسىل.
مەگەر چەكمەك تاماكۇ، ناسبۇ ھەم،
داغى مەئجۇن ئارا ئەفيۇن قىلىپ زەم.
يەنە خۇش رەۋ ئوغۇللار بىرلە يۈرمەك،
ئۇلارغە مەشرەب ئەيلەب دەۋر سۈرمەك.
داغى شەترەنج ئىلە كاغەز قىمارى،
چاپىقۇ بۆرى قوي بىرلە قاتارى.
داغى كۆڭلۈمدە قورقۇشدىن ئەسەر يوق،
ئۆزۈم كىم ئىركەنىمدىن ھەم خەبەر يوق.
زەمانە كەگرۇلۇك نىئمەت فەراۋان،
كىمەرسە يوق ئىدى كۆڭلى پەرىشان.
ئىدى ئەيشۇ تەرەب خەلق ئىچرە مەئمۇر،
خۇدا قىلدى غەزەب، خەلق ئولدى مەقھۇر.
چۇ تۇشتى ناگەھان مۇنداق ئەلالا،
كى ئۆلمىشدۇر ئاتالىق شاھى ۋالا.
داغى خاقانى چىنىنىڭ لەشكەرى ھەم،
يەقىن كەلدى قاراڭغۇ بولدى ئالەم.
قاچىپ ئەنجانغە كەتتى بارچە ئەسكەر،
بۇلار قاچتى، يېتىپ كەلدى ئۇ لەشكەر.
ئۇ لەشكەر كەلدى، مەن كەلدىم بۇ يانغە،
مۇنىڭلىق بىرلە ھەم تويماي ئۇ يانغە.

نەچە كۈن مۈزتەرىب ئۆتتى ئارادىن،
ئۇلار ئالدى، بۇ يۇرتلارنى قەزادىن.
ھەكىمۇ ئىشىكئاغە چۈن بولدى مەنسۇب،
ھەكىمىكىم سۈپۈرگىدەك قۇرۇغ چۇب.
تۈزۈپ ئۇرداۋۇ داغى مىرزاخانە،
سالىپ ئاتخانەۋۇ نەققارەخانە.
يىغىپ دارۇغەۋۇ بەگزادەلەرنى،
داغى خەت قىلغۇچى ئازادەلەرنى.
فەقىرنى ئىستەتىپ تاپتۇردى بىر كۈن،
دىدى: «مىرزا بولۇپ، ئالدىمدا تۇرسۇن.»
بولۇپ مىرزا ئانىڭغە ئىككى-ئۈچ يىل،
ھەرامغە قول، يامان سۆزگە ئۇزاب تىل.
ئەدەددىن تاشقارى بىباك بولدۇم،
ئاخىردەم تەۋبە قىلدىم، پاك بولدۇم.
دىمە: «مۇنچە گۇنەھكىم ھەددى يوقتۇر،
قوشۇلۇپ بىر-بىرىگە ئىردى كۆپ زور.
كىشىكىم بۇ سىفەت بىباك بولغاي،
نىچۈك بىر تەۋبە بىرلە پاك بولغاي.»
مۇنى بىلگىلكى، بىر كافىر نەچە يىل،
خۇدانىڭ يادىغە بىر سۇرمىسە تىل.
خۇدانى بىلمىسە پەيغەمبەرىن ھەم،
گۇنەھلەر قىلسە داغى ئالەم-ئالەم.
دىسە ئىخلاس ئىلە بىر كۈن بەناگاھ:
«جەھاندا يوق ئىلاھ ئىللاھۇۋەللاھ.»
داغى دىسە: «نەبىيىمىدۇر مۇھەممەد.»
ئۇشۇل دەم تاپغاي ئول ئىقبالى سەرمەد.
بۇ ناقىس گەرچە كۆپ ئىردى گۇنەھكار،
ۋەلى ئىردى خۇدا بارىغە ئىقرار.
خۇدا بىر دەر ئىدى، پەيغەمبەرى ھەق،
داغى فاسىق ئەمەس ئىردىكى مۇتلەق.
قىلۇر ئىردى گەھى-گاھى ئىبادەت،
داغى گاھى كىپچەلەردە تىلاۋەت.
گەھى ئەيلەپ بەيان ئەلگە مەسائىل،
گەھى تەسبىھۇ ئەزكارۇ دەلائىل.
ۋەلى كۆرمەس ئىدى بۇ ئىشلارىنى،
بىلۇر ئىردى گۇنەھ قىلمىشلارىنى.
ئۈمىد ئولدۇركى، ئول خەللاقى ئالەم،
قەبۇلى تەۋبە ئەيلەپ، قىلسە مەھكەم.
ئانىڭدىن سوڭ يەنە مەشغۇل بولدۇم،
ئۆزۈمنى يوق قىلىپ مەجھۇل بولدۇم.
ئوقۇدۇم دەرس تا قىلدىم «ھىدايە»
باشىمغە سەئي مۇرغى سالدى سايە.
«ئەقايىد شەرھى» بىرلە ھەم خەيالى،
ئىكى دەفتەر ھىدايە بولدى خالى.
خۇدانىڭ فەزلىيۇ ئەمدادى ئەرۋاھ،
داغى ئۇستاز لۇتفىدىن تاپىپ راھ.
ئۇلاندىم مەسنەۋىي ئەئزەمغە مەن بەس،
كى يەتكەندەك ئۇلۇغ دەرياغە بىر خەس.
كەرەم قىلغاچ خۇداۋەندىم ھىدايەت،
داغى تەۋزىھ ھەم بولدى بىدايەت.
بۇ مۇددەتلەركى ئۆتمىشدۇر ئارادىن،
بەيان قىلماپ ئىدىم ئول ماجەرادىن.
بەيان ئەتكۈم يەنە بىرمۇنچە ھالىم،
ئەگەرچە بولسەمۇ نۇقسى كەمالىم.
چۇ يوق ئىردى ھۇنەر يا يەر-زەمىن، باغ،
قەشاقەتدىن ئىدى كۆڭلۈم ئارا داغ.
ئىدىم گەرچە ئەل ئىچرە تۇرفە قەششاق،
ۋەلى خەتكە ئىدىم بىر تەرزى مەششاق.
قىلىپ خەت ئۆتكەن ئىردى روزگارىم،
بىرىپ رىزقىمنى ئول پەرۋەردىگارىم.
داغى ئالغان ئىدىم بىرمۇنچە خاتۇن،
قىلىپ كۆزۈمنى قان، ئەيلەپ جىگەر خۇن؛
قىلۇر ئىردىم گەھى بۇلارگە ئىتپاق،
بولۇپ گاھى بۇ جاندىن تاقەتىم تاق.
تاپىپ ئىككى ئوغۇل ئىككى ئانادىن،
ئاناسىن قويدۇمۇ كەچتىم بالادىن.
ئاناسى ئەرگە تەگدى، ئوغلى ئولدى،
ئۆلۈپ ھەر ئىككىسى يەرگە كۆمۈلدى.
فىراقىدىن تولا دىۋانە ئىردىم،
ئۆزۈم ھۇشيار ئەمەس، مەستانە ئىردىم.
گەھى خاتىرغە كەلسە بۇ ئوغۇللەر،
كۆزۈم دەريا يۈزۈمنى ئەيلەبان بەر.

كۆڭۈل دەردىن قىلىپ كاغەز ئۆزە نەزم،
قىلۇر ئىردىم جۇدالىق ئاچچىغىن كەزم.
گەھى ئەيلەپ فەلەكدىن ھەم شىكايەت،
غەزەللەر ئايتۇر ئىردى بىنىھايەت.
ۋەلې بىلمەس ئىدىم بىر ئىستىلاھى،
كى ئولغاي شىئىر ئەھلىنىڭ سەلاھى.
دەر ئىردىم گاھى-گاھى بىر رۇبائىي،
سالۇر ئىردىم تەخەللۇسغە بۇ «داغىي».
كۆرەر ئىردىم تولا شائىر كىتابىن،
ئوقۇر ئىردىم ۋەرەقلاپ بابۇ بابىن.
نەۋائىي: «خەمسە»ۋۇ «بىدىل»، «گۇلىستان»
ئىراقىي، سەئدىيۇ، جامىي، نەيىستان.
گەھى سايىب، گەھى نازىم گەھى خاك،
گەھى ھافىز گەھى تەنزىمى ئەفلاك.
ئالىپ مەزمۇنلارىنى گاھى-گاھى،
قىلۇر ئىردىم ئانى فىكرەتغە راھى.
ئۆتۈپ مۇنداغ نەچە يىللار، نەچە ئاي،
كېلىپ دېدى ماڭا بىر ئاشناباي:
«ئالىپ ئىردىم بىرەۋدىن بىر كىتابى،
ئىشىتمەي سۆزلەرىن بولدۇم كەبابى.
ئۆزى فارسى، ‹بەھار دانىش› ئاتى،
ئىمىش ھىندۇستاندىن ئەسلى زاتى.
بىلۇرگە سۆزلەرىن كۆپ ئىشتىياقىم،
ئۆزۈم ئامىي ئۇچۇن كەردۇر قۇلاقىم.
ئەگەر بۇ خەستەگە ئەيلەپ تەرەھھۇم،
بۇ فارسى تۈركىغە بولسە تەرجۇم.
ئوقۇتۇپ سۆزلەرىدىن بەھرە ئالسام،
ئەمەل قىلسام ئۆزۈمنى يولغە سالسام.»
ئانىڭ چۈن نەسىر ئىردى مۇددەئاسى،
ماڭا تۇشمەي قەبۇلىنىڭ ھەۋاسى.
نەچە كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى ئارادىن،
يەنە بىر كۈن كىرىپ كەلدى تالادىن.
داغى قىلدى ئۆزى ھالىنى ئىزھار،
دېدىم ئاخىر ئاڭا: «مەندە نەھەد بار؟
كى مۇنداغ ئىش مېنىڭ كەلگەي قولۇمدىن،
ئازىپ تۇرسام ھەمىشە ئۆز يولۇمدىن.»
بولۇپ ياندى بۇ سۆزدىن ئەسرۇ مەئيۇس،
كى يارىلغان كەبى كۆڭلى ئارا كۈس.

ماڭا كىم ئىردى «داغىي» دەپ تەخەللۇس،
دېدىم «ناقىس» قىلىپ بىر كۈن تەفەھھۇس.
دېگەچ «ناقىس» دىلىم بولدى كۈشادە،
يېتىشكەندەك ئېشەك، قالغاچ پىيادە.
تۇرۇپ بىر كۈن خەيال ئەتتىمكى مۇنداغ:
«نې دەپ قويدۇم ئۇبايىنىڭ كۆڭلىگە داغ.
ئىدى ئول بايىنىڭ ئاتى داۋۇدئاخۇن،
ئىزدىلگەندۇر ئانىڭ كۆڭلىدە ئەفيۇن.
دېمەي ئەمدى ئاڭا بىر جەھد ئەيلەي،
زېرىكمەسلىككە ئەۋۋەل ئەھد ئەيلەي.
قىلىپ مەنزۇمە تۈركى لەفزى بىرلە،
تىرىك بولسام خۇدانىڭ ھىفزى بىرلە.»
مۇنى دەپ ئەيلەدىم ھەققە تەۋەككۈل،
دېدىم: «يا رەب، ماڭا بەر فىكرىدىن مۇل.»
بۇ قاتتىق يولغە ئىرسە بولدۇم ئازىم،
يېتەرگە فىكرەتىم ھەم بولدى جازىم.
ئىشىت ئەمدى يەنە بىر نۇكتە سامىئ،
كى بولدى بۇ رىسالە ئىسمى لامىئ.
بۇ يەڭلىغكىم كۈنى قىلدىم تەخەييۇل،
«بەھارى دانىشى» نى ھەم تەئەممۇل.
ئوقۇپ كۆردۈم ئانىڭ باشىدىن-ئاياغى،
ئىبارەت گۈللارىدىن تۇرفە باغى.
دېدىم كۆڭلۈمدە كىم: «بولسە بەھاران،
ئاچىلۇر لالەۋۇ گۈللار نەمايان.
قىلىنسە خەتلەرى گەر تۈركى تەھرىر،
ئاچىلسە تۈركى بىرلە فارسى زەنجىر.
ئولۇر گويا بەھار ئولغاندا گۈللار،
سەبا بىرلە يۈزىن قىلمىش نەمۇدار.
نەمۇندارۇ نەمابان بولسە گەر زەم،
بولۇر بىنىش كۆرۈنگەچ مەئنى مۇبھەم.
مۇنى زەم ئەيلەسە گۈلزارغە ھەس،
بولۇر، گۈلزارى بىنىش، ئۇشبۇ سۆز بەس.»
سەبەب بۇكىم، ئىشىتكىل، خاس ئىلە ئام،
مۇڭا «گۈلزارى بىنىش» ئەيلەدىم نام.
كەل، ئەي ساقى، تۇگەپدۇر ئەمدى ئەھۋال،
قولۇڭغە شىشەئى ھىندۇستان ئال.
بولۇپ تۈركانەۋەش تۇتقىل ماڭا مەي،
ئىچىپ بىر داستان تۈركانە سۆزلەي.
(داۋامى كېيىنكى ساندا)



# غەزەللەر

## خوجا جاھان ئەرشى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەخمەت ھىمىت
ئابلەت ئابلىز

بىز ژۇرنىلىمىزنىڭ 1987 - يىللىق ئومۇمىي 21 - سانىدا لىرىك شائىر خوجا جاھان ئەرشى دۇۋانىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلانغان شېئىرلىرىنى ئېلان قىلغان ئىدۇق. بۇ قېتىم يولداش ئابلەت ئابلىز ئەپەندىن تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلگەن ئەرشى دىۋانىنىڭ يەنە بىرقول يازما نۇسخىسى ۋە ئەرشى، فۇتۇھى دىۋانلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئىككى قول يازمىسىنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئەرشى ۋە فۇتۇھىلارنىڭ مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان قول يازمىدا ئۇچرىمىغان يەنە بىر قىسىم غەزەل ۋە مۇخەممەسلىرى بارلىقى مەلۇم بولدى. كىتابخانلىرىمىزنى ئەرشى ۋە فۇتۇھى شېئىرلىرىنىڭ يەنىمۇ تولۇقلانغان تېكىستى بىلەن تەمىنلەش مەقسىتىدە بۇ يېڭى تېپىلغان شېئىرلارنى ئېلان قىلدۇق.

— مۇھەررىردىن.

ئاتەشىن لەئلىكىم ئوت لەبدىن نەمۇدار ئەيلەمەك،
بۇلئەجەبكىم ئوتدىن ئوت ئىزھارى ئازار ئەيلەمەك.
رەسم ئاگاكىم دەفتەرى ھۇسنىن كۆڭۈل قىلسە ھەۋەس،
يەلدە سارۇلغان ۋەرەقلەردىنمۇ ئەفكار ئەيلەمەك.
دېمەسە بىلمەس كۆڭۈل دەردىنى، دېسە قەھر ئېتەر،
مۇشكىل ئولدى ئاسراماغلىق يا ھەم ئىزھار ئەيلەمەك.
بىلمەدىم ۋەجھىن نېدىندۇر ئەيلەبان قەتئى نەزەر،
زار كۆڭلۈم زار ئەيلەپ زار ئۆزە زار ئەيلەمەك.
يوق ماڭا خىلۋەت، ۋەلې بار ئۆزگەلەرگە، تۇرفەكىم،
يارنى ئەغيار ئېتىپ ئەغيارنى يار ئەيلەمەك.
ئاچمە كۆز گۈستاخ ئولۇپ، ئۇيقۇ چاغىدا ئانىكىم
خۇپ ئەمەس كىرپىك سەداسى بىرلە بىدار ئەيلەمەك.
يوقسە جان قەسدى ئاڭا، ئەرشى، نېدىن دەرسەن بۇ كىم:
لەبنى بىر ئەفسۇنگەرۇ كۆزلەرنى ئەييار ئەيلەمەك.

* *

تۆن ئولسە كەلمەگەچ ماھىم، كۆن ئولسە مىهرى رەخشانىم،
بولۇر بىتابلىغدىن زەررە يەڭلىغ مۆزتەرىب جانىم.
دىمە تۈنلەر ئارا كۆرگەچ بولۇتدىن ئوت چاقىنمىشدۇر،
شەرەرلەر ئۆرلەتۈر كۆڭلۈم ئوتىدىن دۇدى ئەفغانىم.
تامىپ يەر يۈزىگە ئەشكىم نىشان كۆرگۈزسە كۆرگۈزسۈن،
نە چاغ مەخفى قىلۇر ئۆزنى كۆڭۈلدە داغى پىنھانىم.
جەھان تەركىن تۈتۈپ تاپتىم تەجەررۈد رۇتبەسىن ئانداغ،
قەبۇل ئەتمەس قەبا گەر ھۆللەدىندۇر جىسمى ئۇريانىم.
ئەمەس كەۋكەب فەلەك ئايىنەسىدە كۆرگۆزۆپ ئەكسىن،
جەھان سەتھىدە گەۋھەردەك ساچىلغان ئەشكى غەلتانىم.
كۆز ئايتۇر تۆتمە جاندىن كۆزلەر ئىلە غەمزە خۇنرىزىم،
لەب ئايتۇر كۆڭلۈڭ ئۆلسۈن يوق مىنىڭكى ئابى ھەيۋانىم.
دىسە كۆكسۆڭنى تۆت ئەرشى، ئاتاي دەپ كۆزلەرىم ئۈستۈن،
دىيەلگەيمەن دەپ ئول ئافەتكە شايەد بەندە فەرمانىم.

* *

ئۆزارى ئۆزرە نىقابىن نەزارە ئەيلەمەدىم،
نەزەردە پەردەئى غەيرىڭنى پارە ئەيلەمەدىم.
فىراق تىغى بىلە دەم بەدەم بەلا تاشى،
يىتىشسە كۆكسۆمى تۆتتۇم، چارە ئەيلەمەدىم.
تىنىمدە ناۋەكى زەخمىن نىهايەتىن سورما،
زىبەسكى بىهەد ئىرۇر دەپ شۇمارە ئەيلەمەدىم.
كەۋاكىب ئۆيلە فەلەك چىهرەسىغە دۇر زىينەت،
چۇ تىيرە ئاھ ئىلە مەن ئانى يارە ئەيلەمەدىم.
قارا كۆزۈم قارا زۇلفۇڭ قاراسىدۇر ئۆزدىن،
كۆزۈم قاراسىن ئىزىپ ئانى قارە ئەيلەمەدىم.
تىلەر چۇ زۆھد ئىلى ھەر تۈن ئولسە جەننەتكىم
بىجۆز ۋىسالىڭە مەن ئىستىخارە ئەيلەمەدىم.
قىلىپ نىھان جىگەرىم زەخمى كۆز ياشىم زاھىر،
مەن ئوتلۇغ ئاھ ئۇرۇپ ئاشكارە ئەيلەمەدىم.
كۆيۈپ فىراقىدا مەخپى كۆل ئىچرە قالمىشمەن،
ئەجەبكى ئوت كەبى بىر دەم شەرارە ئەيلەمەدىم.
نى تاڭ چۇ بەزمىدە ئەرشنى يوقلاسە مەھۋەش،
زىبەس چۇ كۆيىدىن ئانىڭ كەنارە ئەيلەمەدىم.

* *

ئىككى بۇت بىر كېچە كۆڭلۈم كافىرستان ئەيلەبان،
ئالدىلار ئىمانۇ دىنىم ئانچە ئىمكان ئەيلەبان.
بىرى لۇتۇف ئەيلەپ ھەممىشە تىيرە كۆڭلۈم يارۇتۇر،
شۇئلەئى نەرگىسلەرىن شەمئى شەبىستان ئەيلەبان.
بىرى گاھى قالپاقىن ئەگرى قويۇپ گەھ سىندۇرۇر،
سىندۇرۇر جانۇ كۆڭۈل مۈلكىنى ۋەيران ئەيلەبان.
بىرى خەتتى بىرلە چەكتى گۈل ئۈزە تۈرلۈك رەقەم،
لالەۋۇ رەيھانىنىكىم رەشكى گۈلىستان ئەيلەبان.
بىرى ئىشق ئەھلىنى قەيد ئەتمەككە دامى سۈنبۈلىن،
كۆزگۈ مەۋجىدەك ئۈزار ئۈزرە پەرىشان ئەيلەبان.
بىرى ئەخزەر تون كىيىپ باشىغە ھەم گۈلنار بۆرك،
گويىيا باشىدا گۈل سەرۋى خىرامان ئەيلەبان.
بىرى كىيدى قىرمىزى تون ئەستەرىن نەيرەڭ ئېتىپ،
كۆزگۈ ھالىدەك گۈلى رەئنانى ھەيران ئەيلەبان.
بىرى شىددەت بەلگۈرۈر، بىرى جەمالىن كۆرسەتۈر،
بىرى گەر ئۆلتۈرسە، بىرى لۇتفۇ ئېھسان ئەيلەبان.
بىرى قاش ياسى بىلە كىرپىك ئوقىنى كەزگەرىپ،
ئاتتى ۋەھكىم ئول ئىكەۋگە جانىنى قۇربان ئەيلەبان.
بىرى نۇشى لەب بىلە گەر دىيسە كامى جان بىرەي،
رەشكىدىن ئۆلتۈرمىش ئول بىر تىيرى باران ئەيلەبان.
ئەرشى ئول دامەن نەھەد تۇتغىل نەۋائى دامەنىن،
نەيلەگۈڭ ناياب ئىش ئىستەپ ئۆزگە بۇھتان ئەيلەبان.

* *

ئىشق ئوتى كۆيدۈردى ئانداغ يوقۇ بارىم نەيلەيىن،
ئالدى ئىلكىمدىن ئىنانى ئىختىيارىم نەيلەيىن.
كۆيدۈرۈپ كۆل قىلسە جەھرى كۆرمەسەم پەرۋانەدەك،
ئۆرتەسە ۋەسلىدە داغى ھەرنە بارىم نەيلەيىن.
كۆرمەسەم بىردەم ئانى ھەرگىز قەرارىم يوق ئىدى،
بىر يولى ئانداغ كۆزۈمدىن ئۆچتى يارىم نەيلەيىن.
بىر كۆرۈندۈردى قاراسىن قاراسام ھەرنېچەكىم،
بىقەرارىم ئەيلەدى ئالغاچ قەرارىم نەيلەيىن.
بىر زەمان شەمئى ۋىسالىڭدىن جۇدا بولغايمىدىم،
قۇدرەتىم بولسە ئىدى يا ئىقتىدارىم، نەيلەيىن.
تۇرماغىمنىڭ بائىسى دەھر ئىچرە ئېردى ئۈلفەتىڭ
قالمادى ئەمدى جەھان ئىچرە تۇرارىم نەيلەيىن.

ئەرشىيا، ھەرنىچچە قىلدىڭ ئىشقىدا كۆپ نالەلەر،
ھېچ يەرگە يەتمەيىن بۇ ئاھۇ زاردىن نەيلەيىن.

*　　　　　*

تاكى، ئەي زالىم، ماڭا جەۋرۇ ستەم كەم قىلغاسەن،
بۇ نىھالى قامەتىم غەم بىرلە خەم كەم قىلغاسەن.
يۈز نىگاھى لۇتف ئىلە ئەغيارنى سەرشار ئېتىپ،
گۈلشەنى لۇتفۇڭنى مەندىن نېچچەكىم كەم قىلغاسەن.
جۇرئەئى جامى ۋىسالىڭدىن مۇيەسسەر ئەتمەيىن،
كىم ئەرۇسى ئىشقىڭ ئىلە مۇتتەھەم كەم قىلغاسەن.
ۋادەئى ھىجران ئارا ئەيلەپ مېنى خارۇ زەلىل،
ۋەسل ئارا ئەغيارلارنى مۇھتەرەمكىم قىلغاسەن.
ئىشقىڭگە جانىنى بەرگەن ئەرشىنى ئەيلەپ گەدا،
بۇلھەۋەس ئەغيارلارنى مۇھتەشەمكىم قىلغاسەن.

*　　　　　*

كۆڭۈل ئالۇردا نە مۇئجىز نەما ئىممىشدۇكسەن،
كۆڭۈل بېرۇردە كۆڭۈلگە جىلا ئىممىشدۇكسەن.
دېدىمكى: «لەئلى لەبىڭ تۇت ماڭا ئۆپۈپ قويايىن،»
دېدىكى سەسكەنىبان: «بىھەيا ئىممىشدۇكسەن.»
كويۇڭدا ياتتىم ئىسە ياستانىپ ئىلاجىم يوق،
نە رەھم ئەيلەگۇڭۇ بىر بەلا ئىممىشدۇكسەن.
دېدىمكى: «ھالىمى ئايتاي ساڭا»، دېدى: «بىلدىم،
كى ئىشق كوچەسىدە بىر گەدا ئىممىشدۇكسەن.»
كويۇڭ سارى بارۇرۇمدا قاچان سېنى بىلدىم،
بۇ خەستە جانىمە مۇنداغ جەفا ئىممىشدۇكسەن.
بۇ ناز بىرلە ئانى كۆرگەچ ئايدىم: «ئەي كافىر،
سەنەملە قاشىدا خۇش خۇدنەما ئىممىشدۇكسەن.»
ئاياغى ئاستىدا كۆرگەچ كۈلۈپ دېدى: «ئەرشى،
كەمەندى زۇلفۇمە خۇش مۇبتەلا ئىممىشدۇكسەن.»

*　　　　　*

بارىپ سەنەمكەدەگە سەجدە ئاشىقانە قىلاي،
كى مەنئ ئەيلەسە زاھىد، مەن ئانى يانە قىلاي.
قاشىڭ قىلىچى دەمىگە فىدا قىلىپ بۇ كۆڭۈل،
قەبۇل تۇتسەكى جان باشىن ئاشيانە قىلاي.
كۆڭۈل ئۆيىن غەم شوخىغە ئەيلەبان مەئۋا،
كۆزۈم قاراغىن ئانىڭ ئوقىغە نىشانە قىلاي.

خەيالى زۇلفى پەرىشانىدىن ئىبتىپ تارى،
كۆڭۈل دەمامەسىدە سەۋتى ئاشىقانە قىلاي.
كى ھۇسن شۇئلەسىدىنكىم يارۇت كۆزۈڭ، ئەرشى،
كى شامى ھەجرىنى تا سۇبھى سادىقانە قىلاي.

*　　　　*

جىنسى ئادەمدىنمۇ بۇ يا ھۇرى جەننەت يا پەرى،
يا ئىبرۇر رۇھى مۇجەسسەم يا مەلائىك شەھپەرى.
بەرقدەك جەۋلان قىلىپ ئوتلار ساچىلدۇرغان چاغى،
فەخرى رازى بولسە بۇ دەم بولغاي ئىردى ئازەرى.
چەرخ ھەرگىز كۆرمەگەچ ئۇمر ئىچرە مۇنداغ چەرخكىم،
چەرخ ئۈستۈن چەرخ ئۇرغاي، ئاندىن ئارتۇق مەن قارى.
نازغىنىپ ھەريان نەھالى ئىشقدەك قىلغاچ خىرام،
مەست ئولۇپ تاۋۇسى جەننەت مەھۋ ئولۇر كىبكى دەرى.
تۇرفە جەۋلان بۇ چەمەندە قىلغاچ ئول گۇل پىرەھەن،
يەر ئۈزە گۇل بەرگى تىترەر كۆكدە مىھرى خاۋەرى.
بۇلئەجەب قىلماسەن ئانداغ جىلۋە قىلغاچ تەركى ھۇش،
ئەي كۆڭۈل، كەلگىلكى ئەمدى مەن بىرىيۇ سەن نارى.
جان نۇقۇدىنى نىسار ئەتمەي نىتەي، گەر ئەيلەسە،
شىيۇەلەر بۇ شوخ شەك مايىل بولۇبان ھەر سارى.
راست رەفتارلىق رەۋان شەكلىن مۇسەۋۋەر ئەيلەمىش،
جان ئارا پۈتكەن ئەلىفسەن ياكى جانان سەرۋەرى.
ئەرشى، كەل، ئەمدى خەرابات ئەھلىدىن دەريۈزە ئەت،
جامى بىخۇدلۇقدىن ئانى سىپقارىپ پىرى ھەرى.

*　　　　*

زىھى تۇرلۇك نەۋا قۇشلار تىلىدىن ھەمدىلىك ئاياتى،
مۇلەۋۋەن باغ ئارا گۇل يافراغىدەك سۇنئۇڭ ئىسباتى.
جەھان مەھرولارىغە ئۆزلۈكىدىن بۇد ئەمەس مۇمكىن،
كى بىل ھۇسنۇڭ زۇھۇرىغە ئىبرۇرلار بارچە مىرئاتى.
بىرەۋ قەھرىلىك ھەراسىدىن مەگەر تەقۋىغە ئەيلەر جەھد،
كى مەن لۇتفۇڭغە ئەيلەپ تەكيە بولمىشمەن خەراباتى.
خىرەد پىرىغە نى ھەد زاتىلىك ئەۋسافىدا دەم ئۇرغاي،
ئاشار كۆك تاقىدىن ئول دەم مەگەر ھەيھاتۇ ھەيھاتى.
كىشى بىھەد سىفاتىلىك مەزھەرىنىلىك ھىكمەتىن بىلمەس،
بولۇپ بەئزى خەرابات ئەھلىدىن بەئزى مۇناجاتى.
مەزاھىردە ئاتىم، لىكىن نىگە بىر نازىش ئەتمەسمىز،

قۇياش نۇرىدىن ئولسه زەررەلەرنىڭ كۆپ مۇباهاتى.
سىفاتى ۋەسفىدە هەركىمنىڭ هەد ئىستەر ئىمىش هەددىن،
تۇگەنمەس مىڭدە بىرى مىلىڭ يىل ئولسه ئۇمرۇ ئەۋقاتى.
ئاتانماق قەسد ئېتەرسەن دەهر ئارا گۇمنامىلىق ئىستە،
كىشى يوق ئەيلەسە ئاتىن قالۇر باقى ئانىڭ ئاتى.
نە هەد، ئەرشى، ساڭا ۋەسفىن دېمەكدە چەك قارا تىلنى،
بەيانۇ ۋەسفىدىن چۈنكىم مۇقەددەسدۇر ئانىڭ زاتى.

* *

تاپماساڭ گەر هۇش باتەن ئەهلى كارى-بارىدىن،
ئال نەسىب ئەتمەك هەزەر بارى بۇلار ئىنكارىدىن.
دۇردكەشلەر بىر نەفەسدە كۆيدۇرۇپ كۆل قىلغۇسى،
ئەي فەلەك، قىلغىل هەزەر بۇ ئاه ئاتەشبارىدىن.
تاز غەفلەتدىن تۇشۇپدۇر بوينۇمە بەند ئۆزرە بەند،
يارەب، ئەت خالىس كۆڭۈل بويىنىن باغىر زىننارىدىن.
قىل تەسەۋۋۇر جۇملە ئالەم سۇرەتىن مەهز خەيال،
لىيك باردۇر جىلۋەگەر زەمىندە هەق ئاسارىدىن.
ئەندەك ئەر باقى ئېرۇر بارلىغ نۇقۇشىدىن ئەسەر،
مۇمكىن ئېرمەس شىممەئى بۇي ئالماغىڭ ئەسرارىدىن.
ئالەمۇ ئادەمگەدۇر نۇرى سىفاتىدىن سەبۇت،
مەهۇ مۇتلەق ئولغۇسى كۆرسەتسە گەر دىيدارىدىن.
خاهلاسا ئول ئارىفىكىم بىر نەزەردە مەهۇ ئېتەر،
بولسه كىمىنىڭ كۆڭلىدە يۈز نەقش يوقۇ بارىدىن.
مېهرى مۇتلەق پەرتەۋىدىن بارچە ئەل مەهرۇم ئەمەس،
قىلغۇسى دەريۇزە ئەرشى زەررەئى ئەنۋارىدىن.

مۇخەممەس

مەنى، ئەي دوستلار، هەر يەردە بولسام ياد ئەيلەڭلەر،
تىلەپ هەقدىن مېنىڭ سىھھەتلىكىم فەرياد ئەيلەڭلەر،
كۆڭۈلدىن گىينەۋۇ بەئزۇ هەسەد بەرباد ئەيلەڭلەر،
دۇئايى خەير ئىسلە بۇ خەستە رۇهۇم شاد ئەيلەڭلەر،
ماڭا لۇتف ئەيلەبان غەم قەيدىدىن ئازاد ئەيلەڭلەر.

غەرىبۇ بىكەسۇ بىچارەلىكىنىڭ هالىنى دەيمۇ،
يېتىملىك، ئاجىزۇ يالغۇزلۇقۇمنىڭ هالىنى دەيمۇ،
غەرىبلىق دەشتىدە يەتكەن ئەلەمنىڭ هالىنى دەيمۇ،

مەنى ئەۋۋارە قىلغان ئۇل سەنەمنىڭ ھالىنى دەيمۇ،
مېنىڭ بۇ دەردىمە، تەڭرى ئۈچۈن، بىر چارە ئەيلەڭلەر،

ماڭا جەۋرۇ جەفا ئەيلەرگە ئالەم ئەھلىدۇر مايىل،
زەئىفۇ ناتەۋان ھەم بولسام ئۆز نۇقسانىمە قايىل،
ۋىسالىدىن رەقىبى بەھرە ئالدى بەندەگە ھاسىل،
مەنى ئەۋۋارە قىلغان دائىما ئۇل رەھمى يوق جاھىل،
كۆڭۈلگە جۆز رىزا كەلسە، باشىم يۈز يارە ئەيلەڭلەر.

بەلا دەشتىدە مەندەك يوقتۇ رەسۋايى جەھان بولغان،
بۇ غۇربەت كىشۋەرىدە ساكىن ئۇل دەيرى فەنا بولغان،
ئەجەلدىن ئىلگەرى دەۋزەخ ئوتىغە مۇبتەلا بولغان،
ئۇلۇسنى ساقلا، يا رەب، دەردلەردىن كىم، ماڭا بولغان،
رىزا گەر بەرمەسەم بۇ زۇلمغە يۈز قارە ئەيلەڭلەر.

پەرىشان ئەيلەدى ھالىم مېنىڭ بۇ دەشت-سەھرالار،
كۆڭۈل مۈلكىنى ئالدى ھەجر ئوتى بىدادى يەغمالار،
... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ①

* *

ئەيكى، ياغلىق تىكمەك ئىزدەرسەن بۇ رەڭ تەدبىر قىل،②
يەئنى باغرىم قانىدە جان رىشتەسىن تەغيىر قىل.
ئىگنەنى خۇنىن كۆزۈم مىژگانىدىن تەييار ئېتىپ،
ئەيكى، قان ئىچمە، كۆزۈڭنىڭ رەڭلەردىن تەھرىر قىل.
ئاندا گەر قەۋسى قۇزەھ شەكلىنى چەكمەك ئىزدەسەڭ،
ۋەسمەلىك يادىڭ قاشىڭ نەقشى بىلە تەسۋىر قىل.
... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ②



① بۇ مۇخەممەس قول يازمىدا مۇشۇ جايىدىن باشلاپ كۆچۈرۈلمەي **قالغان**
② قول يازمىدا غەزەلنىڭ بۇغەزىلى تولۇق كۆچۈرۈلمەي قالغان.

# شېئىرلار

## گەدائىي

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھەسەن سېلىم

مەۋلانا گەدائىي مىلادى 1403 - 1404 - يىللار ئەتراپىدا تۇغۇلغان، XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ھاياتتا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن مەشھۇر لىرىك شائىر. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۆز دەۋرىدە تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ، زور شۆھرەت قازانغان. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىي مەۋلانا گەدائىي ھەققىدە ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن - نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە توختىلىپ ئۆتىدۇ. گەدائىينىڭ مەشھۇر تۈركىگوي شائىر ئىكەنلىكىنى، ئوبۇل قاسىم بابۇر دەۋرىدە ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ شۆھرەت قازانغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئىجادىيەت تەرجىمىلىرىدىن بىرقانچە بېيىتنى مىسال كەلتۈرىدۇ ۋە ئۇنى تەرىپلەيدۇ. ئاخىرىدا: «مەۋلانانىڭ يېشى توقساندىن ئۆتۈپتۇ» دەيدۇ. نەۋائىي يەنە «مۇھاكىمەتۇل - لۇغەتەين»دىمۇ گەدائىينىڭ ئىسمىنى چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرى قاتارىدا تىلغا ئالىدۇ. بۇنىڭدىن گەدائىينىڭ ئۆز دەۋر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

گەدائىي شېئىرلىرى تېماتىك مەزمۇن جەھەتتە ئۆز دەۋرىدىكى ئىلغار ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. پاك سۆيگۈ - مۇھەببەتنى ھايات گۈزەللىكلىرىنى كۈيلەش گەدائىي شېئىرلىرىدا ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيدىغان مۇھىم تېمىلاردىن بىرى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆز دەۋرىدىكى بەزى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ئائىت مەزمۇنلارمۇ گەدائىي شېئىرلىرىدا خېلى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. گەدائىي شېئىرلىرىغا يەنە قويۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە سىڭگەن. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۆزى ياشىغان ھىراتنىڭ گۈزەل باغۇ - بوستانلىرىنى، يېقىملىق ھاۋاسى ۋە جان بېغىشلىغۇچى زىلال سۇلىرىنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن قىزغىن كۈيلەيدۇ.

گەدائىي شېئىرلىرى ئۆزىنىڭ دۇنياۋى ئىلغار تېمىلىرى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى پىششىقانە گۈزەل بەدىئىي ئۇسلۇبى بىلەنمۇ چاغاتاي ئەدەبىياتىدا كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان مۇنەۋۋەر مەدەنىي مىراسلاردىندۇر.

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا ئۆزبېكىستان ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988 - يىلى نەشر قىلىنغان «ھايات ۋەسپى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن گەدائىي شېئىرلىرىدىن بىرقىسمى تاللاپ تونۇشتۇرۇلدى.

— مۇھەررىردىن.

## غەزەللەر

ئاھكىم، دىۋانە كۆڭلۈم مۇبتەلا بولدى يانا،
بۇ كۆڭۈلنىڭ ئىلكىدىن جانغە بەلا بولدى يانا.
دوستتىن ئايىردى بۇ چەرخى جەفاگۇستەر يانا،
ئەي دەرىغا ھاجەتى دۇشمەن دەۋا بولدى يانا.
نىچە بولسۇن، ساقىيا، ئاخىر غۇبارى خاتىرىم؟
تۇت مەيى سافىيكى ھەڭگامى سەفا بولدى يانا.
خۇشدۇرۇر، ئايا، پەرى پەيكەر بىلە گۈلگەشتىكىم،
بوستان باغى ئىرەمتەك دىلكۇشا بولدى يانا.
ئاق ئەۋىندىن قويماس ئىردىڭ چىققالى، ئەي شۇم رەقىبە
شۇكرى لىللاھ، بارىكىم، يۈزۈڭ قارا بولدى يانا.
چىنى زۇلفىندىن دەم ئۇرماغلىق نى نىسبەت، ئەي ئەبىرە
بۇ كىنايەت بارى سەندىن، بەس، خەتا بولدى يانا.
شاد بولغىل، ئەي گەداكىم، مەۋسۇمى نەۋرۇزدىن،
گۈلبۇنى ئۇمىد بابەرگۇ نەۋا بولدى يانا.

* *

ئەي كۆڭۈل، دىلبەر خەيالى چۈنكى ھەمدەمدۇر ساڭا،
ۋادىئى ھىجران ئىچىندە ئۆزگە نى غەمدۇر ساڭا؟
ئەلھەق، ئۇشبۇ لۇتفى خۇلقۇ ھۇسنى ئىستىغنا بىلە
كىشۋەرى كۆرك ئىچرە سۇلتانلىغ مۇسەللەمدۇر ساڭا.
ئول كۆزى ئوتلۇقنى سەۋدۈك ئۆز ھەددىڭنى بىلمەيىن،
ئىشق ئوتى ھەر نىچە كۆيدۇرسە، ھەنۇز كەمدۇر ساڭا.
قان يۇتارمەن رەشك ئىلىندىن ھەر كىچە تاڭغە تەگىن،
كىم، نىچۇك بادى سەبا ھەمرازۇ ھەمدەمدۇر ساڭا.
ئەيب ئەمەستۇر، گەر پەرىشانسەن داغى ئاشۇفتە ھال،
ئەي گەدا، چۈن ئارزۇيى زۇلفى پۇرخەمدۇر ساڭا.

* *

تۇشتۇم، سەنەما، سەندىن يىراغ، ئاھ دەرىغا،
تويغۇنچە يۈزۈڭ كۆرمەيىن، ئەي ماھ دەرىغا!
ئىشرەتتە ئىكەچ دەۋلەتى ۋەسلىڭدىن ئۇمىدىم،
ئەي ۋايكى، كۆز تەگدى بەناگاھ، دەرىغا!

كۆڭلۈمكى مەئىشەتلەر ئىلە ئۆرگەنىپ ئېردى،
قان بولدى بەكامىمىكى دىلخاھ، دەرىغا!
ھەجرىڭ ئېلىدىن جانغە تەمەتتۇئ بۇ يۇرۇشدە،
چۇز مېھنەتۇ غەم بولمادى ھەمراھ، دەرىغا!
بىچارە گەدا سارى ئىنايەت كۆزى بىرلە
بىر كۆن نەزەرى قىلمادىڭ، ئەي شاھ، دەرىغا!

* *

ۋەسلى نىگارۇ، فەسلى بەھارۇ شەرابى ناب،
ھەر كىمگە دەست بەرسە زىھى بەختى كامياب.
بوستانۇ باغ فەرقىغە كۆركىم، نې تارتادۇر،
ھەر دەمبەدەم تەكەللۇف ئۈچۈن سايەبان سەھاب.
كەسبى كەمال قىلدى چەمەن بادى سۇبھدىن،
ئەھسەن، ئەي نەسىم ھەمىن بولغاي ئىكتىساب.
مەھبۇبى گۈلئۈزار ئىلە بىر كۈنجى باغدا
ئەيش ئەتكى، بەس غەنىمەت ئېرۇر غۇررەئى شەباب.
بىر-بىر ۋەرەق مۇتالەئە قىلدى گەدا باردىن،
دىۋانى كۆرك ئىچىندە سىينى تاپتى ئىنتىخاب.

* *

سەرۋەقتىمىزغە بىر گۇزەر ئەتتىڭ، ئەجەب-ئەجەب،
ناگاھ كۆز ئۇچىدىن نەزەر ئەتتىڭ، ئەجەب-ئەجەب.
يۈز كۆرسەتىپ گۈنەش كەبى بۇرجى كەمالدىن
شامى فىراقۇمى سەھەر ئەتتىڭ، ئەجەب-ئەجەب.
ئول غۇنچە ۋەسلىدىن ماڭا، ئەي بادى ئەترسا
ئەلتاف ئېتىپ خۇشخەبەر ئەتتىڭ، ئەجەب-ئەجەب.
ھەجرىڭ قاراڭغۇسىدا گىرىفتار ئىكەچ كۆڭۈل،
كۆڭلۈم ئەۋىنى پۇر شەرەر ئەتتىڭ. ئەجەب-ئەجەب.
خۇلقى كەرىم بىرلە ۋەفا ئادەتىن تۇتۇپ،
جەۋرۇڭ تەرىقەسىن دىگەر ئەتتىڭ، ئەجەب-ئەجەب.
ئول تاش باغىرلى كۆڭلىنە ئاخىر نىياز ئىلە،
ئەي ئاھى سۇبھدەم، ئەسەر ئەتتىڭ ئەجەب-ئەجەب.
مۇنچە تەكەببۇرۇڭ بىلە، ئەي ھۇسن ئېلىنە شاھ،
بىر كۆن گەدا بىلەن بەسەر ئەتتىڭ، ئەجەب-ئەجەب

*　　　　*

ئەي مەلاھەت بابىدە باشتىن ئاياق ئابى ھەيات،
سەنسىزدىن، ۋەللاھ، ماڭا ئەينى مەمات ئىرۇر ھەيات.
رەشكى باغى جەننەت ئىرمىش، بىلمەدۈك قەدرىن، دەرىغ،
شەيئەللىللاھى، خىيابان ھەببەزا، شەھرى ھىرات.
ئول مەراتىبغە يېتىپمەن ئىشقىڭ ئىستىغناسىدىن،
كىم مېنىڭ كۆزۈمغە بىر خەسچە كۆرۈنمەس كائىنات.
ھەر نېچەكىم بەستەئى بەندى بەلادۇرمەن، ۋەلى
باردۇر ئۈمىدىمكى، بىر كۈن تاپقامەن غەمدىن نەجات.
سۈنبۈلۈ گۈل بىتكۈسىدۇر تۈپراغىمدىن بىگۈمان،
زۈلفۈ يۈزىڭ ھەسرەتىندە چۈنكى قىلغۈمدۇر ۋەفات.
ئول شەمايىلغە مۇقەييەد بولماسۇن، نېتسۇن كىشى،
كىم كۆڭۈل ئالماق ئۈچۈن ھۆسنۈڭدا ئىرۇر يۈز جىھات.
مەن گەدائى خەستەنى بارى ساغىنغىل كەچ-كەچ،
گەر مۇيەسسەر بولماسا سورماق، ئەزىزىم، بات-بات.

*　　　　*

ھۆسن ئىچىندە بىر سىنىڭتەك دىلرەبا بولغايمۇ ھېچ؟
ئىشق ئىلىغە داغى مەندەك مۇبتەلا بولغايمۇ ھېچ؟
يا رەب، ئول لەئلى لەبىڭدىنكىم، ئىرۇر تەفرىھى رۇھ،
بۇ مېنىڭ دەردىمغە ئۈمىدى دەۋا بولغايمۇ ھېچ؟
ئىلتىفات ئەتمەي رەقىب ئەسرۇ قىلۇر بىگانەلىق،
ئول ئۈلۈملۈك بىزگە بىر كۈن ئاشنا بولغايمۇ ھېچ؟
دەست بەرمەس چۈن ياۋۇقدىن ھاسىد ئىلگىندىن سەلام،
كۆز يېتەر يەردىن ھەبىبىم مەرھەبا بولغايمۇ ھېچ؟
ئەسرۇ بىپەرۋالىغىڭنى ھەددىن ئاشۇردۇڭ ماڭا،
ئىلتىفاتىڭ ئول بۇرۇنقىتەك يانا بولغايمۇ ھېچ؟
ئىشتىياقۇ دەردۇ ھەسرەت بىرلە مۇنداق خارۇ زار،
ئاستانىڭدىن يىراق ئولسام، دەۋا بولغايمۇ ھېچ؟
گەرچە يوقتۇر كۆرك ئىچىندە سەن بىكىن سۇلتان، بېگىم،
بەررۇ بەھر ئىچرە مېنىڭتەك بىر گەدا بولغايمۇ ھېچ؟

*　　　　*

گەر دەست بەرسە، خۇش تەرەبدۇر ئەلەس-سەباھ،
مەھبۇبى گۈلئۈزار ئىلە رەيھان ئىچىندە راھ.

لەئلىك خەيالى گەرچە رەۋانبەخش ئىرۇر، ۋەلى
جان سەيد ئېتەر مۇئايەنە بۇ لۇتفى ئىستىلاھ.
بوينۇڭدە ئول مەنۇم قارا قانىم دۇرۇر، بىگىم،
مۇشكىن سەلاسىلىكىم كۆرۈنۈر ساڭا ۋىشاھ.
ئىنسافە كەل نې بولدى قەددۇ قامەتىن كۆرۈپ،
بەھرى خۇداي خاجە، مۇئەززىن مەنۇ سەلاھ.
بىر لەھزە گەر دەم ئۇرسە گەدا سەنسىز، ئەي سەنەم،
سۇدەك ئىشىكىڭ ئىتىنە بولسۇن قانى مۇباھ.

*     *

كۆرمەدىم ھېچ كىم جەھاندە ئافەتى جان، شوخ-شوخ،
ئۆزى كافىر، سۆزى شەككەر، كۆزى فەتتان، شوخ-شوخ.
ۋاقىف ئېرمەس زەررەئى ئىسلامۇ ئىماندىن مەگەر،
ئول سىنىڭ جادۇ قاراقىڭكىم قىلۇر قان، شوخ-شوخ.
نەييىرى ئەئزەم ئېرۇر چولپان ئىلە قىلغان قىران،
ئول بەناگۇش ئۆزرە ئانداق دۇررى غەلتان، شوخ-شوخ.
مۇئجىزاتى ھۇسن ئىلە ھەر دەم كەلىمۇللاھدەك،
جان چىرىكىنى قىرار ئول زۇلفى سۇبھان، شوخ-شوخ.
تا تىرىكدۇر، سەندىن ئۆزگە قىلماغاي ھەرگىز گەدا،
ئەي يۈزى گۇل، قامەتى سەرۋى خىرامان، شوخ-شوخ.

*     *

ئەي نەئىمۇ نازى ئالەمدىن ماڭا دىلدار ئۇمىد،
دىلرەبالارنىڭ ئىچىندە جانىمە دىيدار ئۇمىد.
باك ئەمەسدۇر، بارچە ئەل گەر بىزگە ئەغيار ئولسالار،
جۇملەئى زەرراتى ئالەمدىن سەن-ئوقسەن، يار، ئۇمىد.
رەسم ئېرۇر بىمارە بەرمەك ھەر نې كۆڭلى ئارزۇلار،
خەستە كۆڭلۈمگە ئېرۇر ئول لەئلى شەككەر بار ئۇمىد.
مۇزتەرىب بولۇپ، پەرىشانلىقدىن ئۆزگە كۆرمەدى،
كىمكى تۇتسا مەن بىكىن ئول زۇلفى ئەنبەربار ئۇمىد.
مۇلتەفىت بولماي، بىگىم، ھەر نېچەئىكىم كۆرسەڭىز،
مەن گەداغە ھەزرەتىڭدە باردۇرۇر بىسيار ئۇمىد.

*     *

كۆزۈڭكىم دەم-بەدەم يۈز مىڭ تۈمەن تۇرلۇك قىران ئەيلەر،
نامۇق زەرراتى ئالەمنى ئۆزىتەك ناتەۋان ئەيلەر،

مەگەر تاپقاي نىشانى ئاگەھان لەئلىڭنىڭ ھالىندە،
كۆزۈم ياش ئەلچىسىن ھەر دەمدە يۈز سارى رەۋان ئەيلەر.
ئەجەب ئەيىارى پۈرفەندۈر سىنىڭ جادۇ قاراقىڭكىم،
زەمانى يۈز كۆڭۈل بىرۇر، زەمانى قەسدى جان ئەيلەر.
مېنىڭ بۇ ئۇتلۇق ئاھىمدىن فەلەكنىڭ باغرى سۇۋ بولدى،
دىمەسسەن بارى (بىر) كىم، بۇ نې فەريادۇ فىغان ئەيلەر.
مۇنەۋۋەر تەلئەتىڭ، ئەي جان، نىقابى زۇلف ئاراسىندە،
قۇياشدۇركىم ئۆزىگە مۇشكى تەردىن سايەبان ئەيلەر،
كۆزۈڭ گەر بىر قىيا باقسا، خەلايىقنى قىرار غەمزەڭ،
مۇسۇلمانلىقدىن ئىرمەس، بۇكى ناھەق مۇنچە قان ئەيلەر.
كۆزۈڭ ئول قاش ياسىندىن قاچانكىم ئوق ئاتار بولسا،
قامۇق خاكىلارىندىن بۇ گەدانى-ئوق نىشان ئەيلەر.

* *

ھەر قاچان لەئلىڭ تەبەسسۇم قىلسە، شەككەر ساچىلۇر
چۇن تەكەللۇمدىن دەم ئۇرسا، دۇررۇ گەۋھەر ساچىلۇر.
غالىبا سەن سۇمبۇلۇڭنى تارىدىڭ، ئەي جان، بۇ كۈن
كىم، نەسىبى سۇبھدەمدىن ئەنبەرى تەر ساچىلۇر.
ئاي يۈزۈڭنۈڭ ھەسرەتىندە ھەر كېچە تاڭغا دېگىن،
كۆزلەرىمنىڭ ياشىدىن يەر ئۆزرە ئەختەر ساچىلۇر.
غايەتى ئەئلا مەراتىبدىن دۇرۇركىم، ھەر سەھەر
مەقدەمىڭدە گۈنبەدى ئەفلاكدىن زەر ساچىلۇر.
بۇ گەدا ھەسرەت بىلە كۆز مەئدەنىدىن دەم-بەدەم
لەئلىڭ ئۈچۈن ھەر قايان ياقۇتى ئەھمەر ساچىلۇر.

* *

ھەر نېچەكى سەنتەك ماڭا دىلدار تاپىلماس،
مەندەك ساڭا ھەم يارى ۋەفادار تاپىلماس.
فەھم ئەتكەلى بۇ خەستە كۆڭۈل سىررىنى، ئەي جان،
ئاغزىڭ كەبى بىر مەھرەمى ئەسرار تاپىلماس.
ئەي كۆزلەرى چولپان، بۇ قەمەر دەۋرىدە ھەققا،
يۈزۈڭ كەبى بىر مەزھەرى ئەنۋار تاپىلماس.
فۇرسەتنى غەنىمەت تۇت، ئايا مىھر ئىلە ماھىم،
كىم دائىمۇل-ئەييام بۇ دىيدار تاپىلماس.

يۈزۈڭ سىفەتىدۇر چۇ گەدا سۆزلەری دائىم،
هىچ قايدا مۇنگدەك يانا ئەشئار تاپىلماس.

*　　　*

ئاي يۈزۈڭ بۇرجى لەتافەتتىن تۇلۇئ ئەتكەن قۇياش،
زەررەتەك مىهرىڭغە بولدی كۆكتە سەرگەردان قۇياش.
تۇشدە كۆرمىش ئارەزىڭنى زاهىرەن، بىر كۈن يەنە،
ئانى ئىستەپ كىچەيۇ كۈندۈز يۈرۈر هەيران قۇياش.
هۇسن سارىدىن نە لاف ئۇرسۇن يۈزۈڭ ئاللىداكىم،
بىر ئەرۇس قۇلدۇر ساڭا سەرگەشتەيۇ ئۇريان قۇياش.
ئاي يۈزۈڭ نەززارەسىىدىن قالۇر ئىرمىش بىنەسىب،
ئانىڭ ئۇچۇن كەچقۇرۇن هەر كۈندە يەغلار قان قۇياش.
كۆرگەلی پەری جەمالىڭنى ئىلىكتىن بارىبان،
بولدی مەجنۇنۇ يۈرۈر بىپايۇ سەر هەر يان، قۇياش.
باقی بولسۇن دەۋلەتىڭكىم دەۋری هۇسنۇڭدە، بىگىم،
بىر تىلەنچىدۇركىم، ئىرۇر دەربەدەر دەۋران قۇياش.
كىم ياۋۇتۇر باری سەنتەك بىنەۋانی، ئەي گەدا،
ئول ئىشىككە كىم بولا ئالماس ئاڭا دەربان قۇياش.

*　　　*

كامۇ ناكام ئىشىكىڭدىن كەتتىم، ئەي جان، ئەلۋىدائ!
چۈن قەزادىن مۇنداق ئىرمىش هۆكمۇ فەرمان، ئەلۋىدائ!
دەۋلەتىڭدىن خۇش كەچۇردۇم مۇددەتی ئۇمری ئەزىز،
هەببەزا، ئول كامۇ زەۋقۇ ئەيشۇ جەۋلان، ئەلۋىدائ!
بەس سۇدائ ئىردی فىغانىمدىن ئۇلۇسقا، ئەي بىگىم،
مۇشكىل ئىشنی قىلدىم ئاخىر ئەلگە ئاسان، ئەلۋىدائ!
جويی نەۋنىڭ سۇيی ئىرمىش ئابی كەۋسەر شەكىىزىن،
رەۋزەئی رىزۋان داغی باغی خىيابان، ئەلۋىدائ!
ئەي دەرىغاكىم، تەغافۇل بىرلە كەچتی مۇنچە ئۇمر،
بىلمەدىم قەدری شىمالۇ باغی زاغان، ئەلۋىدائ!
نىچەكىم، قانىمدىن ئىچتی سۇ نىهالی قامەتىڭ،
تاپمادىم سەندىن بەر، ئەي سەرۋی خىرامان، ئەلۋىدائ!
گەر گەدا باردی ئىلىكتىن، باك ئەمەس، سەن ياخشی قال،
كامرانلىق بىرلە، ئەي سۇلتانی خوبان، ئەلۋىدائ!

* *

ئەي ساچىلىق يەلدا، يۇزۇڭ نۇرى تەجەللىدىن چەراغ،
تەلئەتىڭ كۆرگەن كىشىگە جۇملە ئالەمدىن فەراغ.
مۇددەتىدۇركىم، كېتىپتۇر مەندىن ئەۋۋارە كۆڭۈل،
بىر سەلاسىلدە ئەسىر ئېرمىش، بۇ كۇن تاپتىم سوراغ.
خۇش ياراشۇر سۇنبۇلۇڭ ئول بەرگى نەسرىن ئۇستىنە،
سەفھەئى ماھ ئۆزرە گوياكىم تۇشۇپتۇر پەررى زاغ.
كۆيگەنىمنى بىخەبەر پەرۋانەدەك ئەيب ئەتمەكىم،
ئول دۇداقىڭ ئۆزرە تۇشكەن خال ئېرۇر جانىمغە داغ.
بۇ گەداغە چۇن مۇيەسسەردۇر كۆزۇڭ نەززارەسى،
نەيلەسۇن ئەزمى گۇلىستانۇ نېتەر گۇلگەشتى باغ.

* *

ئەي، نىھالى قامەتىڭ سەرۋى خىرامانىدىن لەتىف،
دۇرجى لەئلىڭدۇر داغى بۇ جەۋھەرى جانىدىن لەتىف.
تاڭ نەسىمى لۇتف ئىلە ھەر نېچەكىم جانبەخش ئېرۇر،
بولماغاي ھەرگىز ۋەلې پەيغامى جانانىدىن لەتىف.
ھەر نېچەكىم دۇررى ئۇممانىدىن چىقار دۇررى يەتىم،
كۆزلەرىمنىڭ ياشىدۇر كۆپ دۇررى غەلتانىدىن لەتىف.
ئەينى كەۋسەردۇر ھەلاۋەتلىك زۇلال ئىرنىڭ ماڭا،
تەلئەتىڭدۇر داغى يۇز مىڭ باغى رىزۋانىدىن لەتىف.
قاف تا قافى جەھان كەزگەندە سەييارى خىرەد،
كۆرمەدى شەھرى ھىراتۇ باغى زاغانىدىن لەتىف.
نېچەكىم جەننەت ھەۋاسى بولسە ئەلھەق دىلكۇشاي،
بولماغۇسىدۇر ۋەلې باغى خىيابانىدىن لەتىف.
لەبلەرىڭ ۋەسفىندە بۇ مىسكىن گەدانىڭ سۆزلەرى
تازەيۇ سىرابۇ رەڭگىن ئابە ھەيۋانىدىن لەتىف.

* *

ئىككى قاشىڭ كەبى بىر تۇرفە يا يوق،
قىلۇرسەن رەھم بۇ كۆڭلۇمگە يا يوق.
جەھاندە گەرچە يۇزمىڭ فىتنەلەر بار،
فىراقىڭدەك ۋەلې ئەينى بەلا يوق.
نىگارا، خەستە كۆڭلۇمنىڭ ھەققىندە،
جەفا كەم قىلمە بارى، گەر ۋەفا يوق.
ۋىسالىڭنى ماڭا گەر ھەيف كۆرسەڭ،
كۆز ئۇچىدىن داغى بىر مەرھەبا يوق.
كۆڭۈلنىڭ دەردىدە، ئەي جانى شىرىن،
زۇلال ئىرنىڭدىن ئۆزگە ھېچ دەۋا يوق.
كۆڭۈلنى كىمگە باغلاي، چۇن جەھاندە،
سېنىڭدەك كۆرك ئىچىندە دىلرەبا يوق.
ئەگەر سەن ھۇسن ئېلىنىڭ خانىدۇرسەن،
جەھاندە داغى مەندەك بىر گەدا يوق.

* *

هەر كىشىنىڭكىم سىينىڭتەك بىر سىۋەر جانانى يوق،
قىلمەسەل، بىر سۇرەتىدۇركىم، تەنىندە جانى يوق.
كىمكى تۇشتى ۋادىئى ئىشقىڭدا مەندەك ئاقىبەت،
شەكسىزدىن ئۆلمەكتىن ئۆزگە چارەيۇ دەرمانى يوق.
كىمكى كۆرمىش بولسە بىر كۈن ئاي يۈزۈڭنى دۇنيەدە،
ئۆلسە داغى بىل يەقىنكىم، زەررەئى ئەرمانى يوق.
كۆزلەرىڭنىڭ فەننىدىن بىلدىم، چىن ئىرمىش بۇ مەسەل:
«هەر كىشىنىڭكىم كىشىگە رەھمى يوق، ئىمانى يوق».
مەن گەدادىن ئايادىڭ لەئلىڭ مەيىندىن جۇرئەئى،
هەرگىز ئۆسرۈك كۆرمەدىم كۆزۈڭ كەبى ئىھسانى يوق.

* *

ياڭاقىڭ رەۋزەئى رىزۋاندىن ئارتۇق،
دۇداقۇڭ چەشمەئى ھەيۋاندىن ئارتۇق.
قەمەر دەۋرىندە مىسرى ھۇسن ئىچىندە،
ئەزىزىم يۇسۇفى كەنئاندىن ئارتۇق.
فىراق ئوتىنە خۇد جان ئۆرتەنىپتۇر،

ئىدۇر دەپ كۆيدۈرۈرسەن ئاندىن ئارتۇق.
«كىرەكلىكتۇر ساڭا جان؟» دەپ سورارسەن،
كىرەكتۇر جان، ۋەلى سەن ئاندىن ئارتۇق.
گەدايى پىش ئەمەستۇر دەر رەقىبىڭ،
گەدادۇرمەن ۋەلى سۇلتاندىن ئارتۇق.

* * *

خىتايى كۆزلەرىڭ چىن كافىرى بىداد ئىمىش بىلدۈك،
بەسى سىھر ئىچرە كەشمىر ئىلىدىن ئۇستاد ئىمىش بىلدۈك.
دەما ـ دەم يىغلاغانىمدىن كۈلەر گۈل غۇنچەدەك لەئلىڭ،
مىنىڭ قايغۇرغانىمدىن كۆڭلۈك ئەسرۇ شاد ئىمىش بىلدۈك.
ئاراڭ كۆز ئۇچىدىن گەر باقسا غەمزەڭ، جان بولۇر قۇربان
ئەجەب قان تۆككۈچى پۇرمەكرۇ فەن جەللاد ئىمىش بىلدۈك.
يىگىتلىك مەۋسۇمىن خۇش تۇت، داغى فۇرسەت غەنىمەت بىل
كى بۇ ئالەم ئەساسى ئەسرۇ بىبۇنياد ئىمىش بىلدۈك.
دۇداقىڭ خەتتو خالىڭدىن كۆڭۈلنى سەيد ئىتەر غەمزەڭ،
بۇ دامۇ دانە بىرلە مۇنتەھا سەييىاد ئىمىش بىلدۈك.
ئۇزالە ياتىبان قاشىڭ كۈمۈش تەخت ئۆزرە سۆزلەردە،
قاراقىڭنىڭ قۇلاغىغا نى تەۋر ئىرشاد ئىمىش بىلدۈك.
دىيە بولماس، گەدا، ھەر بۇلھەۋەسنى ئاشىقى سادىق،
هەدىسى «خۇسرەۋۇ شىرىن» غەرەز فەرھاد ئىمىش بىلدۈك.

*　　　　*

ناز ئۇيقۇسىدا فىتنەئى بىدار ئىمىش كۆزۈڭ،
قان تۆككۈچى نەكافىرى خۇنخار ئىمىش كۆزۈڭ.
سەيدى خوتەن كەبى سۇمەنۇ لالەزار ئارا،
خۇش - خۇش كېزەر، نە نەرگىسى بىمار ئىمىش كۆزۈڭ.
كۆڭلۈمنى ئوغۇرلاپ قارا زۇلفۇڭدىن ئېلتەدۇر،
هەي - هەي، سەد ئافەرىنكى، نە ئەييار ئىمىش كۆزۈڭ.
غەمزەڭ چېرىكىنى تۈزۈبان تەقۋىيەت بېرۇر،
ئارى، بەلى، هىمايەتى كۇففارئىمىش كۆزۈڭ.
قانىمغە قەسد قىلغاچ ئوشۇل لەئلى جانفىزا،
بىلدىم هەم ئول زەمانكى، ئاگا يار ئىمىش كۆزۈڭ.
كۆڭلۈمنى ئالدى ئاقىبەتى مەكرۇ فەن قىلىپ،
ۋەللاهۇ بىللاه، ئەسرۇ ستەمگار ئىمىش كۆزۈڭ.
سالدى سېنى بەلاغە، ئايا جانى مۇستەمەند،
ئەسرۇ ساڭا شەفىقۇ هەۋادار ئىمىش كۆزۈڭ.

*　　　　*

ئەي قامۇق سەۋدايىلەرغە مايەئى سەۋدا ساچىڭ،
هەر خەمى جانۇ كۆڭۈلگە ئەرتەگى مەئۋا ساچىڭ.
تەگمەسۇن كۆزكىم، بۇ كۈن هۇسنۇ لەتافەت باغىدە
ۋەردى ئەهمەر ئارەزىڭدۇر، سۇنبۇلى رەئنا ساچىڭ
قۇللانىپتۇر بوينىنى باغلاپ، بېگىم، ئىسبات ئىلە
نافەئى چىنۇ خوتەننى ئەنبەرى سارا ساچىڭ.
ۋەه نې جادۇدۇركى، هىندىستاندە سېهر ئەنگىز ئېتەر،
هەر زەمان رۇمۇ خىتا ئېلىن قىلۇر يەغما ساچىڭ.
ئاي يۈزۈڭ نۇرى تەجەللىدۇر، بەلې، هېچ شەك دېگۈل،
مانئى نەززارەدۇر، نېتسۇن كىشى، يەلدا ساچىڭ.
سۇنبۇلۇڭنى تارادىڭ، ئەي ئۇمر، بولدى رۇستەخىز،
هەلقە - هەلقە رۇه ئىچىندە سالدى يۈز غەۋغا ساچىڭ.
ئول سەلاسىلدىن نېچۈك ئۈزسۇن كۆڭۈل مىسكىن گەدا،
جانى شىردىن رىشتەسىدۇر چۈن ئاڭا، هەققا، ساچىڭ.

*　　　　*

ساقىيا، كەلكىم، ئەيىر ئامىز ئۆتەر بادى شامال،
بولدى بوستان خۇررەمۇ تاپتى هەۋالار ئېئتىدال.

سەرۋ ئەقدامىندە خۇش مەستۇ سەرەفرازان يۈرۈر،
جۇيبار ئىچرە لەتىفۇ جانفەزا ئابى زۇلال.
ئول تار ئاغزىم رەمزىنى بادى سەبادىن سۇبھىدەم،
غۇنچەئى خەندان ئىشىتتى، تاپتى بىسيار ئىنفىئال.
تۈن كېچە ھەر نېچەكىم قىلدى فىغانلار ئەندەلىب،
ئەينى ئىستىغناسىدىن گۇل سورمادىكىم: «كەيفە ھال»؟
دەۋرى ئىشرەتنى غەنىمەت تۇتكى، ھەر ئاي باشىدە،
جامى جەم ئىسباتىغە تەئرىف ئېرۇر شەكلى ھىلال.
ئەي گەدا، گەر بۇ كېچەر دۇنيا بەقاسىز بولماسە،
بەس، قانى كەيخوسرەۋۇ ئىسفەندىيارۇ يۈز زال.

*　　*

ئەي نەسىمى سۇبھىدەم، مەندىن نىگارىمغە سەلام،
ئول ساچى سۇنبۇل، يۈزى گۇل نەۋبەھارىمغە سەلام.
لەبلەرى قەندۇ گۇلابۇ سۆزلەرى شەھدۇ شەراب،
غەمزەسى مەستانە، ئول كۆزى خۇمارىمغە سەلام.
جان نىسار ئەتسەم كېرەك بادى سەھەردەك ئاللىدە،
بەندەدىن ھەر گەھكى ئېلتۈر بولسا يارىمغە سەلام.
بوستانى ھۇسنۇ لۇتفى خۇلق ئىچىندە سەرۋىناز،
ئول سېۋەر جاندەك، ئەزىزىم، ئىختىيارىمغە سەلام.
تابۇغۇڭدا نېچەكىم ئەرز ئەيلەدى ھالىن گەدا،
دېمەدىڭ بىر كۈنكى، مىسكىن خاكسارىمغە سەلام.

*　　*

ئاي يۈزۈڭدۇر ئافتابى خاۋەرىم بىلمەسمۇسەن؟
بارچە خوبلاردىن سەن-ئۇقسەن، دىلبەرىم بىلمەسمۇسەن؟
كېچە-كۈندۈز زۇلفۇ يۈزۈڭ شەۋقىدىن نالەلەرىم،
يەتتە گەردۇنغە يېتەر، مەھپەيكەرىم، بىلمەسمۇسەن؟
ۋەئدەلەر بىرلە دۇداغىڭ جانغە يەتكۈردى مېنى،
تاش باغىرلىق، ئەي بۇتى سىيمىنبەرىم، بىلمەسۇزسەن؟
تىنمايىن قانىم تۆكەرلەر دەم-بەدەم ناۋەكلەرىڭ،
ئەي قاراقلارىڭ قىرانى ئەكبەرىم، بىلمەسمۇسەن؟
ناھەق ئۆلتۈرمەك مۇسۇلمانلىقدا زۇلمى مەھز ئېرۇر،
ئەي ساچى زۇننارۇ كۆزى كافىرىم، بىلمەسمۇسەن؟

ھەر نىچە فاش ئەتمەگەيمەن خەستە كۆڭلۈم سىررىنى،
كۆز ياشىمدىن دەردى دىلنى، دىلبەرىم، بىلمەسمۇسەن؟
شەربەتى ۋەسلىڭ ئۈچۈن مىسكىن گەدا بىمار ئېرۇر،
ئەي سۆزى شەھدۇ دۇدادى شەككەرىم، بىلمەسمۇسەن؟

*　　　　*

ئارەزىڭنىڭ ئالدىدا شەمسۇ قەمەردىن كىم دېسۇن،
لەبلەرىڭنىڭ قاشىدا شەھدۇ شەكەردىن كىم دېسۇن؟
سۇنبۇلى زۇلفۇڭ كەبى مۇشكىن سەلاسىل بار ئىكەچ،
ئەنبەرى سارا نې بولغاي، مۇشكى تەردىن كىم دېسۇن؟
تەلئەتىڭ، ئەي جان، ئەگەر بىر دەم مۇيەسسەر بولماسا،
بۇ كۆرەر كۆزنى نېتەي، نۇرى بەسەردىن كىم دېسۇن؟
ئاي يۈزۈڭ ئالىندا لافى ھۆسن ئېرۇر ئېردى قۇياش،
ئەللاھ - ئەللاھ، بارى ئول بى (پا) يۇ سەردىن كىم دېسۇن
دۇنيەنىڭ ئاقۇ قاراسىن كۆزگە ئىلمان زەررەئى،
زۇلفۇ يۈزۈڭ بار ئىكەچ، شامۇ سەھەردىن كىم دېسۇن؟
بەندەدىن گەر جان تىلەر بولساڭ، تۇفەيلىڭدۇر، بېگىم،
با ۋۇجۇدى ئول ئاغىز بۇ مۇختەسەردىن كىم دېسۇن؟
شۇم رەقىبىڭ سۆزىدۇر مىسكىن گەدانىڭ ئۆلۈمى،
يوقسە، ئىشقىڭدا، بېگىم، تىغۇ تەبەردىن كىم دېسۇن.

*　　　　*

يۈزۈڭنى رەشكى گۈلۈ ئەرغۇۋان دېمەي، نې دەيىن،
قەدىڭ نىھالىنى سەرۋى رەۋان دېمەي، نې دەيىن؟
كىشىگە چۈنكى ھەياتى مۇدام باغىشلار...
لەبىڭ زۇلالىنى مەتلۇبى جان دېمەي، نې دەيىن؟
تەرەھھۇم ئەيلەمەيىن چۈن قىرار خەلايىقنى،
كۆزۈڭنى فىتنە ئاخىر زەمان دېمەي، نې دەيىن؟
كۆڭۈل ھەرىمىدە چۈن مۇئتەكىفدۇرۇر دائىم،
غەمىڭنى مەھرەمى رازى نىھان دېمەي، نې دەيىن؟
جەفادىن ئۆزگە گەدا چۈنكى كۆرمەدى. سەندىن،
سېنى ۋەفاسىزۇ نامېھرىبان دېمەي نې دەيىن.

*　　　　*

قارا ئاتلىق ئاق بېگىم، بۇ نې يۈرۈش بولۇر، نې جەۋلان،
جىلاۋىڭنى تارتاراق تۇتكى، ئۆلۈستا قالمادى جان.

نېچە تۇند بولسە ئاتىڭ، ماڭا ناۋەك، ئۆتمە ئاتىڭ!
سەدەقەڭمەنۇ زەكاتىڭ نې قۇسۇر ئولۇر، نې نوقسان.
بۇ نې ئات مىنىش بولۇر، بۇ نې قىيا باقىش بولۇر بۇ!
بۇ نې ئولتۇرۇش بولۇر بۇ، ساڭا جان نىسارۇ قۇربان
نېچە ۋەئدەدۇر، ئەزىزىمكى، ۋەفاسى هېچ بولماس،
ماڭا نې، ساڭا زىيانىدۇركى، دېگەيلەر ئەهدى يالغان.
دەمى ۋەسل فۇرسەتىن بىلگىلۇ دەۋرى هۇسن قەدرىن،
كى، كېچە زەمان بولۇر بۇ، داغى بات ئۆتەر بۇ دەۋران.
ماڭا هەق خىزر هەياتىن بېرىپ ئېردى، بىلمەدىم، ۋاي،
زۇلۇمات ئىمىش قارا ئات داغى بېگىم ئابى هەيۋان.
كۆز ئۇچى بىلە نەزەر قىل بۇ شىكەستە سارى نېتتى،
چۇگەداغە پادىشاهدىن تېگەدۇر بىرەرتە ئېهسان.

* *

ئەي سەبا، يەتكۇر سەلامىمنى گۇلى خەندانىمە،
ساچې يەلدا، ئارەزى ئاي، كۆزلەرى چولپانىمە!
تار ئاغىزلىق ئەهدى يالغان، سۇست پەيمان دىلبەرىم،
تاش باغىرلىق، رەهمى يوق، نامېهرىبان سۇلتانىمە!
قۇللۇغۇمنى ئەرزە قىلغىل داغى ئاندىن سوڭرە ئايت
كىم، ئايا كانى جەفا، قەسد ئەتتىڭ ئاخىر جانىمە.
هەلقەئى زۇلفۇڭ تەمەنناسىدە مەنكىم مەن بېگىم،
تىنماغۇر كۆڭلۈم، نېتەي، كېرمەس مېنىڭ فەرمانىمە.
تىغىڭمىزدىن يۇز ئەۋۇرمەسلىك نې نىسبەتتۇر، ۋەلې
فىكرىم ئاندىندۇركى بەس ناهەق كىمرەسىز قانىمە.
بولدى بىريان يۇرەكىم، ئاللىندەيۇ ئۇسرۇك كۆزۈك،
ئەينى ئىستىغناسىدىن مەيل ئەتمەدى بىر يانىمە
گەرچە يۇزمىڭ دەردۇ هەسرەت بىرلە ئۆلدى بۇ گەدا،
ئۇمر دەۋلەت مۇستەدام ئولسۇن مېنىڭ سۇلتانىمە.

* *

ئەي نىگارىمنىڭ خەيالى، كۆر داغى بولغىل گۇۋاه،
كىم، نې تۇرلۇك بولدى يارسىز هالۇ ئەهۋالىم تەباه.
بولماس ئېردى زەررە ئارمان جاندىن ئايرىلماق ماڭا،
ئۆز هەبىبىمدىن جۇدا بولدۇم، دەرىغۇ دەردۇ ئاه.
بەس ئەجەب هالەتتەدۇرمەن بۇ يۇرۇشدىنكىم، ماڭا

نى بارۇرغە بار ئۇممدۇ نى قالۇرغە رويۇ راھ.
مەن جەھان ئەۋۋارەسى بولغۇم، دەرىغا، بىر سەرى،
كەتكەنىمدىن شادمان بولدى رەقىبى روسياھ.
گەرچە كەتتىم دەرد ئىلە سەندىن نىيازىم ئۇشبۇ دۇر
كىم، ئۇنۇتما بەندەنى، ئەي ھۇسن ئىلىنە پادىشاھ.

*　　　　*

بىر يولى ئۇنۇتتۇڭ، سەنەما، ئەھدۇ ۋەفانى
ھەددىدىن ئاشۇردۇڭ ماڭا ئەنۋائى جەفانى.
زۇلفۇڭ كەبى ھالىمنى رەقىب ئەتتى پەرىشان،
تەڭرىم يانا گۇم قىلسۇن ئۇشۇل يۈزى قارانى!
ھەر دەم تىكەر ئەلدىن ماڭا يۈز تەئنۇ مەلامەت،
ۋەسلىڭ ئۇچۇن، ئەي جان جىگەرەم مۇنچە بەلانى،
كۆزۈم بىلە كۆڭلۈمدە مەقام ئەتتى خەيالىڭ،
قابىل كۆرۈپ ئوخشار مەگەر ئول ئابۇ ھەۋانى.
ئەي ۋايكى، ھىجران مىنى ئۆلتۈردى يازۇقسىز،
تەغيىر ئىتە بىلمەن، نىتەيىن، ھۇكمى قەزانى.
تۈتتۈمكى فەلەك نۇھ بەقاسىن ماڭا بەردى،
سەنسىز نىتەيىن، ئۇمرى ئەزىزىم، بۇ بەقانى؟
ۋەسلىڭ بىلە تىرگۈزگىلۈ يا بىر يولى ئۆلتۈر،
چا تارتۇرادۇرغۇنچە، بىگىم، خەستە گەدانى.

*　　　　*

سەنچەلەيىن جەھاندە بىر دىلبەرى مەھلىقا قانى؟
بىر داغى مەن شىكەستەدەك زۇلفۇڭگە مۇبتەلا قانى؟
كۆرك ئىلى كۆرۈبان سىنى، بارچە مۇسەخخەر ئولغىلار،
ھۇسنۇ جەمالىڭغە نى سۆز لايىق، ئاڭا ۋەفا قانى؟
بىر باقىبان قاراقلارىڭ ئاۋلادىلار كۆڭۈل قۇشىن،
جان داغى ئىنتىزار ئىرۈر، باققانى بىر قىيا قانى؟
ئۇشبۇ مەرەز ئىلاجىنى سەن نى بىلۇرسەن، ئەي تەبىب،
يار دۇداقىدىن مىنىڭ دەردىمە بىر دەۋا قانى؟
ھەجر ئىلىدىن گەداغە كۆپ جەۋرۇ جەفا تىگەر، بىگىم،
دادىنى كىمدىن ئىستەسۇن، سەن كەبى پادىشا قانى؟

### قەسىدە

زەمانى سۇبھىدەم ئەندىشە بىرلە ھەمنىشىن بولدۇم
كى، مۇددەتلەر ئانىڭلە بولمىش ئىردىم ھەرقايان ھەمراھ.
دىدىمكىم بىلسە بولماس دۇنيانىڭ ئىشىنى بەئدەل - يەۋم،
ئەگەر تاپسە زەۋالى بۇ كەمالى سەلتەنەت ناگاھ.
كىمە قالغاي بۇ مۇنچە گىرداروۇ مەنسەبى ئالى،
كىم ئولغاي قابىل ئۇش مەكنەتغەيۇ، كىم بولغۇسىدۇر شاھ؟
لىسانۇل - غەيىبتىن كەلدى قۇلاغىمغە خىتابىكىم،
شەھەنشاھزادەلەرنىڭ سەرۋەرى سۇلتان خەلىلۇللاھ.
ئەتا باشكىم ئانىڭ رايى فەيىيازىندىن ئالۇرلار.
بۇكۇن ھەققا رىۋاجۇ فەيز بەكرۇكانى مىھرۇ ماھ.
ئەساسى بەزمىنى كۆرگەچ خىرەد ھەيران بولۇپ ئايتۇر:
زىھى ئىشرەت، زىھى ھەشمەت، ئەجايىب فەر، ئەجايىب جاھ!
مەسافۇ فۇدەزىم ئىچىندە ھەم مۇزەففەر بولغۇسى لابۇد.
ئەبەدغە تەگرۇ چۇن ئىرۇر ئەزەل لۇتفى ئاڭا ھەمراھ.
ئانىڭدەك شاھ پەيدا بولمادى ئىزز بارگاھىندە
قەزا فەرراشى ئەلھەق تىككەلى بۇ خىيمەيۇ خىرگاھ
رەفىئۇلقەدر سۇلتانىكىم ئانىڭ ئاستانىغە،
تىلەنچىتەك قۇياش ھەر سۇبھىدەم بارۇركى شەيئىللاھ.
شەھا، دەۋرى قەمەردە خەلقى ئالەمنىڭ ئۇمىدى سەن،
مۇنۇڭتەك چۇن جەھاندە زىكرى خەيرىڭ تۇشتى (دەرئەفۋاھ).
ساڭا خەتم ئولغۇسىدۇر سەلتەنەت، مەردانە بول، ئەيش ئەت،
ئەمەل ئىلىنى ھىممەت ئىتەكىندىن قىلماغىل كوتاھ.
گەدا ئايتۇر دۇئايى سىدق بىرلە، مۇستەجاب ئولسۇن،
كىم ئىرۇر جۇملە زەرراتى جەھانغە بۇ دۇئا دىلخاھ.
كى بۇ شەھزادەنىڭ كۆڭلىدەكى مەتلۇبىنى بەرگىل،
بەھەققى مۇستەفاۋۇ ئالىيۇ ئەۋلادى يا ئەللاھ!

### مۇستەزاد

ئەي غەمزەسى ئىتنە كۆزى فەتتان، ئۆزى ئافەت
رەھم ئەيلە بۇ جانە.
خەتم ئولدى ساڭا سەلتەنەتى مۇلكى لەتافەت،
ئەي شاھى يىگانە.

شەكسىز، بۇ يۈرەك قانىنە پەرۋەردە بولۇپتۇر،
ئول لەئلى رەۋانبەخش.
پەيدايۇ مۇئەييەندۇر، ئايا قانى زەرافەت،
كۆپ قىلمە بەھانە.
چۈن قالماس ئىمىش نامۇ نىشانى سىتەمۇ جەۋر،
بىداد نېدىندۇر؟
داد ئەيلە بېگىم، كىم ئۆتەدۇر دەۋرى خىلافەت،
ئۆش كەچتى زامانە.
ئاتقاندە كۆزۈڭ ناۋەكى دىلدۇزنى ھەريان،
ئەي شوخى جەفاكىش.
ھەر نېچە بار ئېردى ئارادە بۇئدى مەسافەت،
جان ئېردى نىشانە.
چاندىن رەمەقى قالدى گەدانىڭ بەدەنىندە،
ئەي رۇھى مۇجەسسەم،
شىردىن دۇداقىڭدىن قەدەرى قىلغىل ئىزافەت،
تىرگۈز ئانى يانە!

تۆرتلىكلەر

تاپماغاي غەۋۋاسى فىكرەت سەن بېكىن،
بەھرى ھۇسن ئىچرە، بېگىم، بىر جەۋھەرى.
زۇلفۇڭە ۋابەستەمەن بۇ شەھردە
سەنسىزدىن يوقسە ماڭا بىر جەۋھەرى.

خۇسرەۋا، ئۇسرۇك كۆزۈڭنۇڭ شەۋقىدىن،
خۇش سۇجۇد ئەيلەر دەما ـ دەم قوشقۇلاق.
جايى ئولدۇركىم، ساڭا خۇرشىدۇ ماھ،
قۇللۇق ئەتكەيلەر تۇتۇبان قوش قۇلاق.

گەرچە شاھا، دۇررى سىيراب ئۆزىنى
قىلدى نىسبەت سۆزۈڭە بىلمەي ياراق.

ئۆز كەمالىڭ بىرلە جۇرمىنى كەچۈر،
تالاپۇغۇڭدە چۈنكى تۇتتى قوشقۇلاق.

زۇمرەئى ئەغياردىن ھېچ غەم دىگۈل،
گەر كىشىگە ئۆز ھەبىبى يار ئېسە.
گەر قەبۇلىيەتغە قابىل كۆرسەڭىز
ئۆش تۇرۇپتۇر، جان سىزىڭدۇر بار ئېسە.

(ئەگەر) قىلسام شەككەر ئېرنىندىن سەۋال،
مەن گەداغە لۇتفى بىرلە كەلمە دەر.
چۈن بارۇر بولسام ياۋۇقراق قاشىغە،
شۇم رەقىبى بىھەقىقەت كەلمە دەر.



# فۇزۇلىي ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە

شۈكۈر يالقىن

ئۇلۇغ ئازەربەيجان شائىرى مۇھەممەد سۇلەيمان ئوغلى فۇزۇلىي (فضولى) نىڭ 1498-يىلى كەربالا شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، 1556-يىلى باغداتتا 58 يېشىدا ۋاپات بولغانلىقى بىرقاتار مەنبەلەردە قەيت قىلىنىدۇ. شۇنداقلا يەنە يۇقىرىدىكى قاراشتىن خېلىلا پەرقلىق بولغان مەنبەلەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنىڭ تۇغۇلغان يېرى ۋە يىلى ھەققىدە باشقىچىرەك چۈشەندۈرۈشلەر بېرىلىدۇ. بەزىلەر شائىرنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدىكى بىر قىسىم مەزمۇنلارنى ئاساس قىلىپ، ئۇنى نەجەفتە تۇغۇلغان دېسە، يەنە بەزىلەر ئۇنى ھىللەلىك دېيىشىدۇ. ھەر ھالدا ئۇ باغداتقا يېقىن جايلاردىن بىرىدە تۇغۇلۇپ، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى باغدات شەھىرىدە ئۆتكۈزگەنلىكى ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئاساس قىلىپ ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى بولغان «فۇزۇلىي» دېگەن نامىنىڭ كەينىگە «بەغدادىي» سۆزىنى قوشۇپ «فۇزۇلىي بەغدادىي» دەپ ئاتاش ئادەت ھۆكمىگە كىرىپ قالغان. ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىغا بەزى تەتقىقاتچىلار ئېنىق بىر نەرسە دېيىشەلمەي، ئاق قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولۇشسا، يەنە بىر قىسىملار 1498-، 1496-يىلى ۋە بەزىلىرى بۇنىڭدىن ئون، ھەتتا ئون نەچچە يىل ئالدىغا سۈرۈپ كۆرسەتىشىدۇ. ۋاپاتى توغرىلىق كەلتۈرۈلگەن رەقەملەردە ئانچە چوڭ پەرقلەر كۆرۈلمىسىمۇ، بۈيۈك شائىرنىڭ يېشىنى ئومۇمەن 60 قا يەتمىگەن دېيىش ئانچە ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەستەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرى شائىرنىڭ ھېچ بولمىغاندا 60 تىن ھالقىغان بىر مويسىپىت ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. رىۋايەتلەرگە ۋە خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ تۈرلۈك دەۋردىكى رەسساملارنىڭ فۇزۇلىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ سىزىپ باققان پورتېرتلىرىدىن قارىغاندىمۇ، ئۇنىڭ خېلى بىر ياشقا بېرىپ، ئاندىن ۋاپات بولغان بىر شەخس ئىكەنلىكى كۆزگە چېلىقىدۇ. ھەر ھالدا تۈرلۈك زاماندىكى تۈرلۈك تەزكىرىچىلەرنىڭ ۋە خاتىرە قالدۇرغۇچىلارنىڭ، شۇنداقلا ھەممە ئەدەبىيات پەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىدىن ۋە شائىرنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدىكى مەزمۇنلاردىن خۇلاسە چىقىرىپ، بىرلىككە كەلگەن پىكىرگە ئاساسلانغىنىمىزدا، فۇزۇلىينىڭ XV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا تۇغۇلۇپ، XVI ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىغىچە ياشىغان بىر زات ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق.

شائىرنىڭ مىللىي ياكى قەبىلىۋىي تەۋەلىكى ھەققىدە ئانچە ئىختىلاپ يوق. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تۈركى تىللىرىنىڭ ئوغۇز گۇرۇپپىسىدىكى ئازەرى شېۋىسىدە يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئازەرى (ئازەربەيجانلىق) ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىغان. لېكىن ئۇنىڭ ئەجدادىنىڭ قايسى ئازەربەيجاندىن، يەنى كاۋكاز تاغلى-رىنىڭ جەنۇبىدىكى ھازىرقى ئازەربەيجان سوۋېت رېسپۇبلىكىسى تەرەپتىن ياكى ئىران-نىڭ شىمالىدىكى ئازەربەيجاندىن ۋە ياكى ئانادولۇ (تۈركىيە) يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىدىكى ئازەربەيجانلىقلار ئىچىدىن، ياكى بولمىسا ئىراقنىڭ ئۆزىدە ياشايدىغان ئازەرىلەر ئىچىدىن باغدات شەھىرى ئەتراپىغا كۆچۈپ بارغان كىشىلەر ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق بىر مەلۇمات يوق. فۇزۇلىي ئۆزىنىڭ تۈركى دىۋانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئىراقى ئەرەبدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانلىقىنى، پۈتۈن ئۆمرىدە باشقا يەرلەرگە كەتمى-گەنلىكىنى ئېيتىدۇ ۋە «ئاللاغا ھەمد ۋە مىننەتدارلىق بولسۇنكى، كەربالا تۇپرىقى باشقا ھەرقانداق مەملىكەتلەردىن شەرەپلىك ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر ۋە شېئىردىي مەرتىۋەمنىڭ ھەرقايەردە يۇقىرى بولغانلىقى بۇ مەنىدىندۇر» دەيدۇ. پارسچە دىۋانىنىڭ مۇقەددىمى-سىدە بولسا، شېئىرلىرىنىڭ نەجەف ۋە كەربەلا تۇپرىقىدا يېتىشكەنلىكىنى، ئەۋلىيالار بۇرجى بولغان باغداتنىڭ سۈيى ۋە ھاۋاسىدا ئۆسۈپ-ئۈنگەنلىكىنى دەيدۇ ۋە شۇ سەۋەبدىن بارغانلا يېرىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشىنى تىلەيدۇ.

فۇزۇلىينىڭ بايات قەبىلىسىدىن بولغانلىقىنى ئاساس قىلىپلا ئۇنى كۇرد مىللى-تىگە مەنسۇپ دەپ ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغان كرىمسكى، ھۇئارت ۋە مىنورسكى ئوخشاش چەتئەل شەرقشۇناس تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىپ شۇنداق پىكىرلەرنى ئالغا سۈرگەن بەزى تۈرك ۋە باشقا تەتقىقاتچىلارنىڭ دەۋاسى ھېچقانداق تارىخىي مەنبەگە ئاساسلانغان ئەمەس. مەشھۇر تەزكىرىچى سادىقنىڭ 1598-يىلى يېزىلغان «مەجمەئۇلھەۋادىس» دېگەن ئەسىرىدە فۇزۇلىينىڭ بايات قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. ھالبۇكى، قەدىمىي چوڭ بىر ئوغۇز قەبىلىسى بولغان باياتلارنىڭ بۈيۈك سەلجۇقىلار زامانىدىن بۇيان ئىراقتا ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقى پاكىت ئىدى.

يۇقىرىقىدەك ئاساسسىز دەۋالارنى رەت قىلىدىغان ئامىللارنى فۇزۇلىينىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدىن تېپىش تەس ئەمەس. شائىر تۈركچە دىۋانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ۋە «ھەدىقەتۇس-سۇئەدا» («بەختىيارلار باغچىسى») ناملىق ئەسىرىدە ئۆز ئانا تىلىنىڭ تۈركى تىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇ يازغان نەزمىي ۋە نەسرىي ئەسەرلەر-نىڭ تىلىنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭ شەك-شۈبھىسىز تۈركى خەلقلەرنىڭ ئوغۇز-ئازەرى شېۋىسىدە سۆزلىشىدىغان بىر قەبىلىنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى روشەن ھالدا كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

فۇزۇلىينىڭ ناھايىتى ئوبدان تەلىم-تەربىيە ئالغانلىقى، ئەتراپلىق ۋە ياخشى تەھسىل كۆرگەنلىكى ئۆز دەۋرىنىڭ بارلىق ئىلىملىرىنى پۇختا ئۆگىنىپ ئالغانلىقىمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ ئەرەبچە، پارسچە ئەسەرلەرنىمۇ جىق يازغان بولۇپ، ئۆز ئانا تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ھەر ئۈچ تىلدا شېئىر ئىجاد قىلالىغان بىلىملىك ۋە قۇدرەتلىك شائىردۇر. ئىلىم-پەن گۈللەپ ياشنىغان،

بىلىم ئېلىش ئىمكانىيەتلىرى چەكسىز كېڭەيگەن ھازىرقى دەۋرىمىزدە بىرەر شەخسنىڭ تەييار بىر شېئىرنى ئۆزىگە يات بولغان باشقا بىر تىلغا ئوبدانراق تەرجىمە قىلالىغانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ بىلىمى ۋە تالانتىغا قايىل بولۇشىمىز تۇرغان گەپ. بۇنىڭدىن بەش ئەسىر ئىلگىرى، يەنى بىلىم تەرەققىياتى چەكلىك بولغان بىر دەۋردە بىر شەخسنىڭ سىستېما جەھەتتىن بىر-بىرىگە يات بولغان ئۈچ خىل تىلدا (ئازەرچە — تۈرك موڭغۇل تىللىرى سىستېمىسىدىن، ئەرەبچە — ھامىي-سامىي تىللىرى سىستېمىسىدىن، پارسچە — ھىندى، ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىن) شېئىر ئىجاد قىلالىشى ۋە قىلغاندىمۇ ئەڭ نادىر ئاجايىپ مىسرالارنى يېزىپ، شۇ تىللاردا سۆزلەشكۈچىلەرنىڭ ئاپىرىنىغا ئىگە بولالىشىنى ئويلىغاندا، فۇزۇلىينىڭ نەقەدەر تىللار ئۇستىسى ۋە چوڭقۇر بىلىم ئىگىسى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلالايمىز. فۇزۇلىي ئىجتىمائىي بىلىملەردىن تاشقىرى، زامانىسىدىكى رىيازى بىلىملەردىن ھەندىسە، كىمىيا، ئاسترونومىيە، مېدىتسىنا قاتارلىق بىلىملەردىمۇ ئۇنۇملۇك بەھرىمەن بولغان. ئۇنىڭ زاماندىشى ۋە ھەمشەھرى بولغان باغداتلىق تەزكىرىچى ئەھدىنىڭ خاتىرىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، فۇزۇلىينىڭ تەپسىر، ھەدىس، فىقھ كەبى دىنىي بىلىملەردىمۇ چوڭقۇر مەلۇمات ئىگىسى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. فۇزۇلىي ئەسەرلىرىدە خىلمۇخىل ساھەلەردىكى مەسىلىلەردىن بەھس ئەتكەندىكى كۆزقاراش ۋە پىكىرلىرى ئۇنىڭ ئۆز دەۋرى بويىچە ئېنسىكلوپېدىك مەلۇماتقا ئىگە شەخس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

فۇزۇلىي مەرىپەتلىك ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى ھىللە شەھىرىنىڭ مۇپتىسى① بولغانلىقى بەزى تەزكىرىلەردە قەيت قىلىنغان. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئائىلە تەربىيىسىدىن ۋە ئۇستازلارنىڭ تەلىمىدىن تاشقىرى پۈتۈن ھايات تارىخىدا ئەڭ ئاخىرقى يىللارغىچە تىنماي ئۆگەنگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئەھۋالنى يۇرتدىشى ئەھدىمۇ ئۆز تەزكىرىلىرىدە ئەستىقلايدۇ.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، فۇزۇلىي ئەرەبچە ئىلىملەرنى رەھمەتۇللا ئىسىملىك بىر ئالىمدىن، ئەدەبىي، شېئىرىي بىلىملەرنى شائىر ھەبىبىدىن تەلىم ئالغان. مەنبەلىرى ئېنىق بولمىغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ خېلى ياش ۋاقتىدىلا ئۇستازى رەھمەتۇللانىڭ قىزىغا ئاشىق بولغان ۋە ئۇنىڭغا بېغىشلاپ:

پەرىشان ھالىڭ ئولدىم، بىلمەدىڭ ھالى پەرىشانىم،
غەمىڭدەن دەردە دۇشدىم قىلمادىڭ تەدبىرى دەرمانىم،
نە دېرسەن روزگارىم بۇيلەمى كەچسۇن گۈزەل خانىم،
كۆزۈم، جانىم، ئەفەندىم، سەۋدىگىم، دەۋلەتلۇ سۇلتانىم.

دەپ باشلىنىدىغان مەشھۇر مۇرەببە شېئىرىنى يازغان ھەمدە بۇ مۇھەببەت نەتىجىسىدە ئۇ قىزغا ئۆيلىنىپ ھايات كەچۈرگەن.

فۇزۇلىينىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرلىرىنى قەيەردە كەچۈرگەنلىكى ۋە شېئىرىد-

① مۇپتى — شەرىئەت قانۇن-قائىدىلىرىنى بىلىدىغان دىنىي ئەمەلدار.

يەتكە قايسى ۋاقىتتىن باشلاپ كىرىشكەنلىكى توغرىلىق ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولالمىساقمۇ، لېكىن ھەرھالدا ئۇنىڭ خېلىلا ياش تۇرۇپلا شېئىر يېزىشقا باشلىغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مۇرەببە شېئىرى ۋە بەزى قەسىدىلىرىنىڭ يېزىلىش ۋاقتىنى ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى تەخمىن قىلىنغان يىللار بىلەن ئۆلچەپ كۆرۈلسە، بۇ پىكىر ئەقىلگە مۇۋاپىق كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ شاھ ئەسىرى بولغان مۇھەببەت داستانى «لەيلى-مەجنۇن» كىتابىدا داستان قەھرىمانى بولغان ئاشىق شائىر قەيسنىڭ (مەجنۇننىڭ) ھەتتا بوۋاق ۋاقتىدا گۈزەللەرگە تەلپۈنۈش، بالا ۋاقتىدىنلا مۇھەببەتكە ئائىت شېئىر-غەزەللەرنى توقۇش ئادىتى بار ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلىشى تاسادىپىي بىر ئەھۋال بولماسلىقى كېرەك. ئومۇمەن جاھان ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۆتكەن يىرىك شېئىر سەنئەتكارلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ شېئىرىيەتكە ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدىنلا ھەۋەس قىلغانلىقى مەلۇمكى، فۇزۇلىيدەك بۇ تالانت ئىگىسىنىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ تۈركچە دىۋانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مەھەللە مەكتىپىگە قاتناپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا ئۆز قېنىدا بولغان شېئىرىي مۇھەببىتى ئۇرۇقىنىڭ ئۈنۈپ پىلەك تارتقانلىقىنى ۋە مەكتەپ ھاۋاسىدىن سۇ ئىچىپ، ئۇ يەردىكى قۇياش يۈزلۈك گۈزەللەردىن زوق-شوخ ئېلىپ، شېئىرلارنى يېزىشقا باشلىغانلىقىنى دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ، شېئىرنىڭ بىلىم ۋە مەرىپەتتىن ئايرىلسا بولمايدىغانلىقىنى ئالاھىدە قەيت قىلىپ، بىلىمسىز شېئىرنى ھۇلسىز تامغا ئوخشىتىدۇ. فۇزۇلىي شېئىرىيەتكە كىرىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا باشقىلار تەرىپىدىن شائىر دەپ ئېتىراپ قىلىنغان.

«فۇزۇلىي» — شائىرنىڭ ئىجادىيەتتە قوللانغان تەخەللۇسى (ئەدەبىي لەقىمى) بولۇپ، بارا-بارا ئۇنىڭ ئىسمى ئورنىدا قوللىنىلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى مۇھەممەد، ئاتىسىنىڭ ئىسمى سۇلەيمان ئىكەنلىكى بەزى تەزكىرىلەردە قەيت قىلىنىدۇ. «فۇزۇلىي — فضولي» سۆزى بىر مەنىدە «فەزل» سۆزىنىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، «فەزىلەتلەر ئىگىسى» دېگەنلىك بولسا، يەنە بىر مەنىدە «فضله — ئارتۇقچە» دېگەنلىك بولۇپ، ھەر نەرسىگە چېپىلىدىغان، ئۆزىگە ئالاقىدار-ئالاقىسىز ھەرقانداق ئىشقا ئارىلىشىۋالىدىغان دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنى ئاۋام تىلىدا «ئارسىز، ئەدەبسىز» دېگەنگە يېقىن بىر مەنىدە قوللىنىشىدۇ. شائىر دەل مۇشۇ مەنىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزىگە «فۇزۇلىي» دېگەن تەخەللۇسنى تاللىۋالغانلىقىنى دەيدۇ.

ئۇ پارسچە دىۋانىنىڭ كىرىش سۆزىدە ئۆزىگە تەخەللۇس بەلگىلەش ھەققىدە قىزىقارلىق سۆزلەرنى دەپ كېلىپ، «مەن يۈكسەك ئالىملار بىلەن ھەمنەپەس ۋە ھەمدەم بولالمىغانلىقىم، پادىشاھلارنىڭ ھىمايىسىدە ئۆسمىگەنلىكىم، چەت يەرلەرگە سەپەر قىلىشنى خالىمىغانلىقىم تۈپەيلىدىن چەكلىك پەزىلەت دائىرىسىدىلا قالغانلىقىم ئۈچۈن، پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەنلا بارلىق ئىلىملەرنى تولۇق ئىگىلىۋېلىش پەزىلىتىگە ئۈمىد باغلاش بىلەن بىر قاتاردا، يەنە بىر مەنىدىكى (ئارسىزلىق، ئەدەبسىزلىك بۇنىڭدىن ئارتۇق بولمايتتى)، مەن ئەقلىي بەسلىشىشلەردە ئالىملارنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئېتىراز بىلدۈرەتتىم، نەقلىي مەسىلىلەردە فەقىھلەر[1]نىڭ ھەق-ناھەقلىقىنى

[1] فەقىھ — قانۇنشۇناس

ئايرىش دەۋاسىدا بولاتتىم. ئەدەبىي ئىلىملەردە ئىبارە گۈزەللىكى توغرىسىدىكى مۇنا-زىرىلەردە تالاش-تارتىشقا كىرىشەتتىم. بۇ ھەرىكەتلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۆز ھەددىمنى بىلمەسلىكىمنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ھېسابلانسىمۇ، لېكىن فۇزۇلىينىڭ كامالەتكە ئىنتىلىشىنىڭ بىر نىشانى ئىدى.» دەيدۇ. بۇ خىل ھەممە ئىشقا چېپىلىش ھەقىقەتەنمۇ فۇزۇلىينىڭ ئۇنىۋېرسال كامالىتىدە چوڭ رول ئوينىغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

فۇزۇلىي دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ئۆز مۇھىتى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى تۈپەيلىدىن ئىسلامنىڭ شىئە مەزھىپىدە ئىدى. لېكىن ئۇ غەيرىي مەزھەپتىكىلەرگە، مەسىلەن، سۈننىي مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلارغا زىت ھەرىكەتلەردە بولمىغان. ئۆزىنىڭ غەزەللىرى، قەسىدىلىرى ۋە باشقا بېيىتلىرىدا مۇھەممەد پەيغەمبەرگە مەدھىيە ۋە نەئتلەر يازغان. فۇزۇلىينىڭ ئىجادىدا ۋە دۇنيا قارىشىدا سوفىزىم تەسىرى ۋە ئېلېمېنتلىرى بارلىقى كۆزگە چېلىقسىمۇ، لېكىن ئۇ ھېچقاچان ئەشەددىي سوفىست بولۇپ باقمىغان ۋە شۇنداقلا ھېچقانداق سوپىلىق ئېقىمىغا مەنسۇپلۇقى بولغان ئىخلاسمەن مۇرىتلاردىن بولمىغان.

فۇزۇلىي ئۆز ئىجادىي ئەمەلىيىتىدە ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن شەرق ئەدەبىيا-تىنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرىدىن كۆپ نەرسىنى ئۆگەنگەن. ئۇلارنىڭ ئۇسلۇبىدىن، تەپەككۇرىدىن، ماھارىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.

لىرىزىمىدىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سەمىمىيەت، پىداكارلىق، ھېس چوڭقۇرلۇقى ۋە جۇشقۇنلۇقى فۇزۇلىي شېئىرلىرىنىڭ ئاساسلىق سۈپەتلىرىدۇر. ئۇنىڭ بىرقانچە تەرەپلىرى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، فۇزۇلىي ئۇسلۇبىنىڭ ئەلشىر نەۋائىي ئۇسلۇبىغا بەكمۇ يېقىن كېلىدىغان ئاجايىپ بىر ئۇسلۇب ئىكەنلىكى ئېنىق. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ تىل-شېۋە تەرىپىدىن چاغاتاي شېۋىسىدە ئىجاد قىلغان نەۋائىي تىلغا قارىغاندا، ئازەرى تىل-شېۋىسىنىڭ ۋە ئىپادىلەش تەرىزىنىڭ ئۆزگىچىلىكى-ئالاھىدىلىكىنى ناھايىتى ئوبدان ساقلىغان. فۇزۇلىي نەۋائىي ئەسەرلىرىنى كۆپ ئوقۇغان، ئۇلاردىن كۆپ پايدى-لانغان، ئىلھاملانغان، نەۋائىي شېئىرلىرىغا نەزىرەلەر يازغان بولۇشى بىلەن بىللە، يەنە ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئۇسلۇبىنى ساقلىغان. ئۇ چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى شائىرلاردىن لۇتفىنىڭ، ئازەرىي شائىرلىرىدىن نەسىمى، ھەبىبى قاتارلىقلارنىڭ ئاناتولىيىدە ياشى-غان بىرقانچە ئوسمانلى شائىرلىرىنىڭ، شۇنداقلا، نىزامى گەنجەۋى ۋە ئىران ئەدىب-لىرىدىن خۇسرەۋ، ھافىز، جامى، كەبى نۇرغۇن شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشۇپ، ئۇلاردىن كۆپ تەسىر ئالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەسىرات ۋە ئىلھاملارنى ئۇ يەنىلا ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇسلۇبى قايىنىمىدا ئېرىتىپ پايدىلانغان ۋە ئەسەرلىرىگە ئۆز شەخس (ئۆزىگە خاس) تامغىسىنى باسالىغان. شۇ ئارقىلىق ئۇ تۈركىي تىللار شائىرلىرى ئارىسىدا تەقلىد قىلىش ناھايىتى مۇشكۇل بولغان ئالاھىدە بىر شەخس بولۇپ گەۋدىلەنگەن.

فۇزۇلىينىڭ ھاياتى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن، قەسىدە ۋە ئەسەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ھامان يوقسۇزلۇق ۋە قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتكەن. گەرچە ھايات چېغىدىلا ئۇنىڭ شۆھرىتى، شېئىرىي ئىستېداتى ئۆزى ياشىغان دائىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، كەڭ تارقالغان ۋە غەيرىي مەملىكەتلەردىمۇ ئېتىراپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن شائىرلىق بىلەنلا

جان بېقىش مۇمكىن بولمىغان ئۇ دەۋرلەردە تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى تا ئاخىرقى هاياتىغىچە يەتكۈدەك تارتقان. سەپەۋىلەر، ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقى ۋە باشقا هۆكۈمرانلار تەرىپىدىن قولىدىن قولغا ئۆتۈپ تۇرغان ئىراق زېمىنىدە شائىرنىڭ هالىدىن دۇرۇسراق خەۋەر ئالغۇدەك بىرەر هۆكۈمدار چىقمىغان. قانداقتۇر بىر ئوسمانلى باغدات هۆكۈمدارى ئۇنىڭ يازغان بىر قەسىدىسى ئۈچۈن، فۇزۇلىيغا دۆلەت مالىيەسىدىن ئازراق بىر ماهىيانە (مائاش) بېرىلىش هەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن تۆۋەندىكىلەردىن بۇ ئەرزىمەس نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغانلىقى توغرىلىق بىر ئەسىرىدە شىكايەت قىلغانلىقى مەلۇم.

ئۇ «لەيلى-مەجنۇن» داستانىنىڭ بىر يېرىدە زاماندىن شىكايەت قىلىپ مۇنداق مىسرالارنى يازىدۇ:

بىر دەۋردەيەمكى نەزم ئولۇپ خار،
ئەشئار بولۇپ كەسادى بازار.
بىڭ رىشتەيە تۇرفە لەئل چەكسەم،
بىڭ رەۋزەيە نازەنىن گۈل ئەكسەم،
قىلمەز ئاڭا هېچكىم نەزارە،
دېرلەر گۈلە خار، لەئلە خارە.

(بىر دەۋردە ياشاۋاتىمەنكى، نەزمىم خاردۇر، شېئىرلارنىڭ بازىرى كاساتتۇر. مىڭلاپ رىشتىگە ئاجايىپ ياقۇتلارنى تىزسام، مىڭلاپ باغچىلارغا چىرايلىق گۈللەرنى تېرىسام، ئۇنىڭغا هېچكىم نەزەر سېلىپمۇ قويمايدۇ. هەتتا گۈلنى تىكەن، ياقۇتنى تاش دەپ ئاتىشىدۇ).

گەرچە بۇ مەشغۇلات ئۆزىگە قورساق بېقىش ئۈچۈن نان تېپىپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، شېئىرنى ۋە شائىرلىق كەسپىنى جاھاندىكى ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ ئالىي نەرسە ۋە كەسىپ دەپ تونۇغان ۋە بۇ ساهەدە ئۆمۈر بويى تىرىشچانلىق بىلەن جاپالىق ئەمگەك قىلغان فۇزۇلىي هەقىقەتەنمۇ شېئىرىي قۇدرىتىنى يۈكسەك ئورۇنغا كۆتۈرەلىگەن ئۇلۇغ شائىرلارنىڭ بىرى بولۇپ يېتىشتى.

بىز ئوقۇش ۋە ئۆگىنىپ مۇتالىئە قىلىش شەرىپىگە نائىل بولغان كلاسسىك شائىرلار ئىچىدە شېئىرىيەت هەققىدە، شېئىرنىڭ قەدىر-قىممىتى هەققىدە، شائىرلىق پەزىلىتىنىڭ چەكسىز يۈكسەكلىكى هەققىدە فۇزۇلىيدىنمۇ ئارتۇق كۆپ ۋە قىممەتلىك سۆز-پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان يەنە بىر شەخسكە هازىرغىچە دۇچ كەلگىنىمىز يوق. ئۇ تۈركىي دىۋانىنىڭ مۇقەددىمىسىدىلا سانىئى قۇدرەت بولغان تەڭرى هەققىدە سۆز ئېچىپ، ئۆزىنى جانىنى پەرۋەرىش قىلىدىغان يېزىق ئىگىسى قىلغىنىغا شۈكرى قىلىدۇ ۋە:

كەمالى شېئىر كەسبى مۇمكىن ئولمەز بىمەدەد ئاندەن،
ئاڭا مىننەتكى تەبئى نەزم لۇتف ئېتمىش — كەرەم قىلمىش.

(شېئىر كەسپىنىڭ كامالەتكە يېتىشىمۇ ئۇنىڭ ياردىمىسىز مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭغا مىننەتدارمەنكى، ئۇ ماڭا نەزىم تەبىئىتىنى ئاتا قىلىش بىلەن مەرھەمەت قىل-

غان) دەپ يازىدۇ. «شېئىرنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى باركى، ئۇ ھېكمەتتىن ئىبارەتتۇر» دېگەن ھەزرەتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا شېئىر دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن سالاۋات ئوقۇيدۇ. ئاندىن ئۇ شېئىرنى قەدىرلىمەيدىغان كىشىلەر ھەققىدە غەزەپ بىلەن مۇنداق دەپ يازىدۇ:

شېئىر زەۋقىدىن تولمەيەن ئاگاھ،
ئەھلى نەزمى مەزەممەت ئەيلەمەسۇن.
گەندى جەھلىنە ئېئتىراب ئەتسۇن،
ھەر كەراماتە سېھر سۆيلەمەسۇن.

(شېئىر زوقىدىن مەھرۇم بولغان كىشىلەر نەزم ئەھلىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشمىسۇن. ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشسۇن ـ دە، ھەر بىر كارامەتكە «بۇ بىر سېھر» دېيىشمىسۇن).

يەنە بىر يەردە ئۇ:

خىرەدمەندىكى دائىم ئالەمى ئىلم ئىچرە سەير ئەيلەر،
ئەسالىبى فۇنۇنى شېئىردەن ئەلبەتتە غافىلدۇر،
مەزاقى شېئر ھەم بىر ئۆزگە ئالەمدۇر ھەقىقەتدە،
ئىكى ئالەم مۇيەسسەر ئەيلەمەك غايەتدە مۇشكىلدۇر.

(ئىلم ـ ئىرپان ئالەمى ئىچىدە سەير قىلىپ يۈرگەن ئەقىللىق بىلىمدان ئادەم ئەلۋەتتە شېئىر ئىلمىنىڭ ئۇسلۇبلىرىدىن خەۋەرسىزدۇر، شېئىر زوقى ھەقىقەتەن ئۆز ئالدىغا باشقا بىر ئالەمدۇركى، ئىككى ئالەمنى بىردەك قولغا كەلتۈرۈش ناھايىتى مۇشكۇل ئىشتۇر).

شېئر بىر مەئشۇقدۇر ھۇسنى ئىبارەت زىيۋەرى،
جانۇ دىلدەن نازەنىن مەھبۇبلەر ئاشىقلەرى.

دەپ يازغان فۇزۇلىي سۆز ـ ئىبارە ھۇسنىنىڭ ئۈنچە ـ مارجىنى بولغان شېئىرنى گۈزەل بىر مەشۇقەگە ئوخشىتىدۇ ۋە ئۇنى جان ـ دىلدىن سۆيگەن گۈزەل مەھبۇبلارنى ئۇنىڭ ئاشىقلىرى دەپ تەرىپلەيدۇ.

يەنە بىر يەردە ئۇ ئۆزىنى شېئىرىيەتتىن ئۈستۈن قويماقچى بولغان كىشىلەرگە قارىتا كىنايىلىك ئاچچىق سۆز بىلەن:

شېئر بىر زىيۋەردۇر ئەمما بىز كەبى ناقىسلەرە،
ئۆلكى كامىلدۇر ئانى مۇھتاجى زىيۋەر قىلمامىش.

(بىزگە ئوخشاش ناقىس ـ كەمتۈك كىشىلەرگە شېئىر بىر زىبۇ ـ زىننەتدۇر. لېكىن ئۆزىنى كامىل، يېتۈك ئادەم دەپ ھېسابلايدىغانلارنى تەڭرى مۇنداق زىبۇ ـ زىننەتكە موھتاج قىلماي ياراتقان) دەپ ئۇلارنى زەھەرلىك تىل بىلەن مەسخىرە قىلىدۇ.

ئەي خۇش ئولكىم، تەبئى مەۋزۇنلە بەھسى شېئىر ئېدۇب،
خوبرولەر ۋاقىفى مەزمۇنى ئەشئار ئولەلەر.
دېمەدەن فەھم ئېدەلەر كەيفىيەتى ئەسرارى ئىشق،
ئاشىقى بىچارە ھالىندەن خەبەردار ئولەلەر.

(رىتىملىق تەبىئەتلىرى بىلەن شېئىر بابىدىن سۆز ئېچىپ، گۈزەللەرنى شېئىر مەزمۇنىدىن خەۋەردار قىلىشىدۇ، شېئىر ئارقىلىق ئىشق سىرلىرىنىڭ كەيپىياتىنى چۈشەنىشىدۇ ۋە بىچارە ئاشىقلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىشىدۇ). دەپ يازغان شائىر شېئىرنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بېرىشتىكى كۈچىنى ئىپادىلەيدۇ.

غەزەلدۇر سەفا بەخش ئەھلى نەزەر،
غەزەلدۇر گۈلى بوستانى ھۈنەر.
غەزالى غەزەل سەيدى ئاسان دەگىل،
غەزەل مۇنكرى ئەھلى ئىرفان دەگىل.
غەزەل بىلدىردى شائىرلىك قۇدرەتىن،
غەزەل ئارتۇرۇر نازىملىك شۆھرەتىن.
كى ھەر مەھفىلىك زىينەتىدۇر غەزەل،
خىرەدمەندلەر سەنئەتىدۇر غەزەل.

دەپ يازغان فۇزۇلىي ئەھلى نەزەر بولغان ياخشى زاتلارنىڭ راھەت بېغىشلىغۇچىسى غەزەلدۇر، ھۈنەر بوستانىنىڭ گۈلى غەزەلدۇر. غەزەل كىيىكىنى ئوۋلىماق ئاسان ئەمەس. غەزەلنى ئىنكار قىلغۇچى ئىلىم-ئىرپان ئەھلى ئەمەس، غەزەل شائىرنىڭ قۇدرىتىنى بىلدۈرىدۇ، غەزەل نەزىم تۈزگۈچىنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرىدۇ. ھەرقانداق ئولتۇرۇشنىڭ زىننىتى غەزەلدۇر، ئاقىللارنىڭ سەنئىتى غەزەلدۇر، دەپ، غەزەل، نەزم، ئومۇمەن شېئىرىيەتنى كۆكلەرگە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ.

فۇزۇلىينىڭ غەزەلىيات دىۋانىدا، قەسىدىلىرىدە، داستانلىرىدا شېئىرىيەتكە، نەزىمگە، شائىرغا يۇكسەك باھا بەرگەن ۋە ئۇلارنى يىداكارلىق بىلەن ھىمايە قىلغان. يۇقىرىقىدەك مەزمۇندىكى مىسرا ۋە پارچىلار پات-پات كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ ۋە ئوغۇن سەترلەرنى ئىگىلەيدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئۆزى ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن شېئىرىيەت ئاسمىنىدىكى گۈزەل چولپان بولۇپ نۇر چاچىدۇ.

فۇزۇلىي شېئىرنى ھەقىقىي شېئىر قىلىپ يېزىشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە بۇ تەلىپىگە بىرىنچى بولۇپ ئۆزى ئەمەل قىلىدۇ. ئۇ تۈركچە دىۋانىنىڭ مۇقەددىمىسىدىكى نەسرى بىر قىستۇرما سۆزىدە، ئۆزىدە شېئىرىي قابىلىيەت يوق تۇرۇپ، شائىرلىق دەۋاسى قىلىدىغان ۋە كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزى بىلمىگەن شېئىر ھەققىدە قۇرۇق گەپ سېتىپ، باشقىلارنى شېئىرىيەتتىن ئىخلاسىنى قايتۇرىدىغان ۋە شېئىر ئوقۇدۇم دەپ يېقىمسىز، رىتىمسىز بىر نەرسىلەرنى ئېيتىپ ۋالاقلايدىغان «شائىر» لاردىن كۈلىدۇ. ھەتتا ئۇلارغا يامانلىق تىلەيدۇ. ھەقىقىي شائىرلارنى كۆرەلمەي ھەسەتخورلۇق قىلىدىغان ئۇنداق كىشىلەرنى:

خەزاندۇر گۈلشەنى ئىرفانە ھاسىد،
ئىلاھا، ھاسىدى خار ئەيلە دائىم،
ئىشىدۇر دەئرىيەت ئەھلىنە ئازار،
ئىلاھا، ھاسىدى زار ئەيلە دائىم.

(ھەسەتخور ئىلىم-ئىرپان گۈلشىنىنى غازاڭ قىلغۇچىدۇر، ئەي خۇدا ھەسەتخورنى

دائىم خار قىلغىن، ئۇنىڭ ئىشى مەربىيەت ئەھلىگە ئازار بېرىشتۇر، ئەي تەڭرىم، ھەسەتخورنى داۋاملىق زار قىلغىن) دەيدۇ.

فۇزۇلىي شېئىرنى بۇزۇپ ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ئايىماي قامچىلايدۇ. ئۇلار توغرىسىدا: «ئولتۇرۇشلاردا ئىستېبدات دەۋاسىنى قىلىپ شېئىر ئوقۇشقان بولۇشىدۇ-يۇ، ئەمما ئۆزدىنىڭ دىتسىزلىقى، پەمسىزلىكى ئارقىسىدا نەزمىنى نەسىردىن پەرق ئېتەلمەيدۇ» دەيدۇ. يەنە ئۇ:

بىنەسىب ئولسۇن نەئىمى خۇلدەدەن ئول زىشتكىم،
نا مۇلايىم لەھجەسى مەۋزۇنى نامەۋزۇن ئېدەر،
تېشەئى لەفزى بىنايى نەزمى ۋەيران ئەيلەيۇپ،
سۇست گۇفتارى فەساھەت ئەھلىنى مەغبۇن ئېدەر.

(مۇلايىم - يېقىملىق بولمىغان لەھجىسى - شېۋىسى بىلەن ۋەزىنلىك - رىتىملىق سۆزنى ۋەزىنسىز قىلىپ ئوقۇيدىغان، تەلەپپۇز كەكىسى بىلەن نەزىم بىناسىنى ۋەيران قىلىدىغان، قاملاشمىغان سۆز ئاھاڭلىرى بىلەن پاساھەت ئەھلىنى ئالدام خالتىسىغا چۈشۈرىدىغان ئەبلەخلەر جەننەت نېمىتىدىن نېسىۋىسىز قالسۇن) دەپ ئەيىبلەيدۇ.

فۇزۇلىي شېئىرنى كۆچۈرۈپ يازغۇچى ساۋاتسىز ياكى بىپەرۋا كاتىپ - خەتتاتلارنىمۇ زادى كەچۈرمەيدۇ. ئۇلارنى:

قەلەم ئولسۇن ئەلى ئول كاتىبى بەد تەھرىرنىڭ،
كى فەساد رەقەمى سۆزىمىزنى شور ئەيلەر.
گاھ بىر ھەرف سۇقۇتىلە قىلۇر نادىرى نار،
گاھ بىر نۇقتە قۇسۇرىلە كۆزى كور ئەيلەر.

(يامان - بۇزۇپ يازىدىغان كاتىپلارنىڭ قولى قەلەمدەك قىيىپ قۇرۇپ قالسۇنكى، ئۇلار بۇزۇق خېتى بىلەن «سۆز» ىمىزنى «شور» قىلىپ قويىدۇ. گاھىدا بىر ھەرپنى قالدۇرۇپ قويۇش بىلەن «نادىر — ئاز تېپىلىدىغان» نى «نار - ئوت» قىلىپ قويسا، گاھىدا بىر چېكىتنى كەم قىلىش بىلەن «كۆز» ىمىزنى «كور» قىلىپ قويىدۇ) دەپ ھەجۋى قىلىدۇ.

فۇزۇلىي تولۇق مەنىدىكى مۇكەممەل بىر ئىشقى - مۇھەببەت شائىرىدۇر. ئۇنىڭ شەخسىي تەبىئىتىنىڭ ئۆزىدىلا ئەزەلدىن تۇغما ئاشىقلىق ئىستېبداتى بار ئىدى. ئۇ ئۆز ئەسلىمىلىرىدە ھەتتا مەكتەپكە يېڭى بارغان چاغلىرىدىلا گۈزەللەردىن ئىلھام ئېلىپ ئاشىقانە شېئىرلارنى مەشىق قىلىشقا باشلىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ مۇھەببەتتىن باشقا مەزمۇنلاردىمۇ خېلى بىر نەرسىلەرنى يازغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسىي ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى ئىشىق - مۇھەببەت، يار، ۋىسال، ۋاپا ۋە مۇھەببەتنىڭ دەردئەلەملىرى بولغان ھىجران، پىراق، رەشك، جاپا قاتارلىق ئاشىقانە سۆزلەر بىلەن تولۇپ تاشىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مەشھۇر بىر غەزىلىنى:

بەندە مەجنۇندىن فۇزۇن ئاشىقلىق ئىستېئدادى ۋار،
ئاشىقى سادىق بەلەم، مەجنۇنىنىڭ ئانجەق ئادى ۋار.

(مېنىڭدە مەجنۇندىنمۇ ئارتۇق ئاشىقلىق قابىلىيىتى بار، ئەسلىدە ئەڭ ساداقەتلىك ئاشىق مەن بولۇپ، مەجنۇننىڭ پەقەت نامىلا بار) دەپ باشلايدۇ. يەنە بىر غەزىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ:

بەندەن، فۇزۇلىي، ئىستەمە ئەشئارى مەدھۇ زەم،
بەن ئاشىقەم، سۆزىم ھەمان ئاشىقانەدۇر.

(ئەي فۇزۇلىي، مېنىڭدىن باشقىلارنى ماختاش ياكى يامانلاش مەزمۇنىدىكى شېئىرلارنى تەلەپ قىلمىغىن. مەن ئاشىقمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن سۆزلىرىم ھامان ئاشىقلارچە بولىدۇ) دەيدۇ.

دىنىي تەسەۋۋۇپچى تەتقىقاتچىلار ھامان فۇزۇلىينىڭ ئىشقى ـ مۇھەببىتىنى قانداقتۇر ئىلاھىيلاشتۇرۇپ، ئۇ مەجازى ئىشق ئەمەس، بەلكى ياراتقۇچىغا بولغان ھەقىقىي ئىلاھىي ئىشق دەپ تەرىپلەشكە كۆپ كۈچ چىقىرىشىدۇ. ئىنساننىڭ ئىنسانغا بولغان پاك ـ سەمىمىي مۇھەببىتىنى گوياكى بىر نەپسانىي، ھەتتا شەھۋانىي مۇھەببەت دەپ قاراپ، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئىشقىي ھېسسىياتىغا تۆھمەت قىلىشىدۇ. دۇرۇس، فۇزۇلىي ئۆز زامانىسى، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مۇھىتى، ئائىلىسى كۆرگەن تەربىيىسى، ئالغان تەلىمى شارائىتىدا، ئەلۋەتتە، ئۇ بىر مۇسۇلمان بولۇپ يېتىشكەنلىكىدە شۇبھە يوق. ھەتتا خېلىلا تەقۋادار، خۇداجوي مۇسۇلمان بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتۈپ سوپىلىق دەرىجىسىگە يېقىنلاشقان بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن. چۈنكى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە سېزىلمەرلىك ئورۇننى تۇتقان مۇناجات، نەئىت، قەسىدە ۋە بەزى غەزەللىرىدە بۇنداق ئىلاھىي ـ ئىدىيىۋى پىكىرلەر تەلقىن قىلىنىدۇ. لېكىن شۇنىڭغا قارىماي، فۇزۇلىيدەك ئاقىل، بىلىم ـ مەرىپەتلىك بولغان ئۇلۇغ بىر شەخسنى ئىنسانلارنىڭ ئىنسانلارغا بولغان ساپ مۇھەببەت ـ سۆيگۈسىنى ئىنكار قىلىپ، پۈتۈنلەي تەسەۋۋۇپنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالغان، دىنىي ئەقىدىلەر چەكلىمىسىدىن بۆسۈپ چىقالمىغان ئەسەبىي بىر دىندار دەپ تونۇشتۇرۇش زادىلا توغرا ئەمەس. بۇنداق پىكىرلەرگە شائىرنىڭ ئۆز ئەسەرلىرى ئېنىق رەددىيە بېرىدۇ:

مۇھەببەت لەززەتىدىن بىخەبەردۇر زاھىدى غافىل،
فۇزۇلىي، ئىشق زەۋقىن زەۋقى ئىشقى ۋار ئۆلەندەن سور،

(زاھىد، يەنى خۇدا يولىدا ھەممىدىن ۋاز كەچكەن كىشى مۇھەببەتنىڭ لەززىتىدىن بىخەۋەر بىر غاپىلدۇر؛ ئەي فۇزۇلىي، ئىشقنىڭ زوقىنى ئىشىققا زوقى بار كىشىلەردىن سورىغىن)، دەيدۇ. يەنە بىر غەزىلىدە مۇنداق يازىدۇ:

دېر ئىمىش زاھىدكى: «ئولمەق ئەيبدۇر رەسۋايى ئىشق»،
بۇ سۆزى پاش ئېتمەسۇن، رەسۋايى ئالەم بولماسۇن،

(زاھىد: «ئىشق يولىدا رەسۋا بولۇش ئادەمگە ئەيىب» دەپتىمىش، بۇ سۆزىنى ئاشكارىلاپ قويۇپ، يەنە ئۆزى رەسۋايى ئالەم بولۇپ قالمىسۇن). يەنە ئۇ:

ئىشقدۇر ھەرنە ۋار ئالەمدە،
ئىلم بىر قىلۇ قال ئىمىش ئانجەق،

(ئالەمدە پەقەت ئىشقىلا بار، ئىلىم دېگەن بىر قۇرۇق سۆزدىنلا ئىبارەتتۇر) دەپ، دىنىي - خۇراپىي ئىلىملەرنى ئىنكار قىلىش ۋە كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتىنى ئىقرار قىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈررۈلگەن زاتقا پەقەت ئىلاھىي ئىشقىنىلا كۈيلىگەن دەپ بەتنام چاپلانسا، فۇزۇلىيغا ئۇۋال بولمامدۇ؟! فۇزۇلىيدىن ئىبارەت بۇ لىرىك قەھرىمان ئۆز مەھبۇبەسىنىڭ ھاممامغا كىرىپ يۇيۇنۇپ چىققانلىقىنى تەسۋىرلەيدىغان بىر ئاجايىپ غەزىلىدىكى مەزمۇن ھېچقانداق قىلىپ ئىلاھىيلاشتۇرغىلى بولمايدىغان تىپىك دۇنياۋى مەزمۇن ئەمەسمۇ؟ «لەيلى - مەجنۇن» داستانىنى ھەرقانداق يوللار بىلەن زورمۇزور ئىلاھىيلاشتۇرۇپ، دىنىي غايىگە مەنسۇپ قىلىشماقچى بولۇشسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاشىق ۋە شائىر قەيسىنىڭ (مەجنۇننىڭ) مۇھەببىتى يەنىلا دۇنياۋى ساپ ئىشقى - مۇھەببەتنىڭ ئەڭ گۈزەل تىمسالى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

فۇزۇلىي ئۆزىنىڭ غەزەللىرىدىكى نۇرغۇن مىسرالىرىدا يار، نىگار، جانان تەرىپىدىن ناھەقلىق، ۋاپاسىزلىققا ئۇچرىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن چەكسىز زۇلۇم كۆرگەنلىكىنى، ئازاب تارتقانلىقىنى بايان قىلىپ يارى ئۈستىدىن شىكايەت ۋە نالە - پەرياد قىلىدۇ. ئۆز يارىنى ئىنساپقا، ئادالەتكە دەۋەت قىلىدۇ:

بەنى جاندەن ئوساندىردى، جەفادەن يار ئوسانمازمۇ؟
(مېنى جېنىمدىن تويغۇزدى، يار ئۆزى جاپا سېلىشتىن تويماسمۇ؟)
يار قىلمەزسە بەڭا جەۋرۇ جەفادىن غەيرى،
بەن ئاڭا ئەيلەمەزەم مېھرۇ ۋەفادىن غەيرى.

(يارىم ماڭا جەۋرۇ جاپادىن باشقىنى قىلمىغانسىرى، مەن ئۇنىڭغا مېھرۇ ۋاپادىن باشقىسىنى قىلمايمەن).

ھەزەر قىل ئاھ ئوددىندەن، زۇلمىڭى ئۇششاقە ئاز ئەيلە،
خەسۇ خاشاكە ياخمە، شۇئلەسىندەن ئېھتىراز ئەيلە.

(ئاھ ئوتىدىن ساقلانغىن، ئاشىقلارغا زۇلمىڭنى ئاز قىلغىن، خەس - چۆپ، خەشەكلەرنى كۆيدۈرۈۋەرمىگىن، ئۇلارنىڭ ئوت ئېلىپ كېتىشىدىن قورققىن) دېگەن فۇزۇلىينىڭ يار - مەشۇقەسى ئەگەر مەبۇد - ئىلاھ بولسا، ئۆزى سەجدە قىلىۋاتقان ياراتقۇچىسىنى زالىم، جاپاكار دەپ ئەيىبلەشكە ئۇنىڭ دىنىي ئېتىقادى يول قويامتى؟ ياق، ئەلۋەتتە يول قويمايتتى. دېمەك، فۇزۇلىي ئەسەرلىرىدىكى لىرىك قەھرىماننىڭ يارى مەۋھۇم ھالدىكى «ئىلاھىي يار» ياكى ھۆر - غىلمانلار بولماستىن، رېئال ھاياتتىكى رېئال مەھبۇبە، يەنى ئىنساندىن ئىبارەت دۇنياۋى ياردۇر.

فۇزۇلىي ئۆز شېئىرىي ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەرۇز ۋەزنىنىڭ ھەرخىل بەھرىلىرىدە يازغان. ئەرۇز ۋەزنىنىڭ ئۆزىگە خاس رىتىمى ۋە ئاھاڭدارلىقى فۇزۇلىينىڭ ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن بىرلىشىپ، تېخىمۇ جاراڭلىق، ئاجايىپ يېقىملىق مۇزىكىۋى بىر ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇ ئەرۇز ۋەزنىدە زادىلا قىينالماستىن، خىلمۇخىل پىكىرلەرنى ئەركىن ۋە ئىخچام ئىپادىلەپ، رەڭگارەڭ گۈزەل شېئىرلارنى ئىجات قىلغان ماھىر سەنئەتكاردۇر. ئۇرنى كەلگەندە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپىمىزكى،

«ھەرقانداق ئادەم ئۆزى بىلمىگەن نەرسىنىڭ دۈشمىنى» دېگەندەك دەۋرىمىزدىكى بىر قانچە شائىر ۋە شائىرچاقلىرىمىز، ھەتتا مۇھەررىرچاقلىرىمىز، «كونا ئەنئەنىلەرنى بۇزۇپ تاشلايمىز» دېگەن دەۋانى دەستۇر قىلىۋېلىپ، ئەرۇز ۋەزنىنى ئەدەبىياتىمىزدىن بىراقلا سۈپۈرۈپ تاشلىماقچى بولۇشتەك بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىككە ئەسەبىيلەرچە شاپاشلاپ كىرىشىۋاتىدۇ. بۇ خۇددى يېقىن ئۆتمۈشتىكى «زوفەن يولى» دەپ ۋارقىرايدىغان، ئانىلارنىڭ چېچىنى، بوۋايلارنىڭ ساقىلىنى كېسىدىغان، ئۆتمۈشنىڭ قىممەتلىك مىراسى بولغان ئەڭ نادىر ئەدەبىي ۋەتارىخىي ئەسەرلەرنى دەپسەندە قىلىپ، ئۇتتا كۆيدۈرۈشتىن لەززەت ئالىدىغان «ئىسيانكارلىق روھى» بىلەن ھەممە نەرسىنى ئىنكار قىلىدىغان «ئەزىمەتلەر» نى ئەسكە سالىدۇ. ھازىرغىچە بۇنداقلارغا بىر نەرسە دېيىشكىمۇ ئەرزىمەيدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ھەرقانداق شەكىل بىلەن شېئىر يېزىش مۇمكىن. مەيلى ئەرۇز ۋەزنىدە بولسۇن، مەيلى بارماق (ھېجا) ۋەزنىدە بولسۇن ۋە ھەتتا چاچما شەكىلدە بولسۇن (بۇغۇزادى شېئىرغا ئوخشىمايدۇ). ئەگەر شائىر ئۆز ئىجادىغا قاتتىق تەلەپ قويالسا، ئەسىرى ئۈستىدە جاپالىق ئەمگەك قىلسا، ھەرخىل شېئىرىي شەكىللەرنى ئىزدىنىپ ئۆگەنسە، ھەرھالدا ئوبدان بىر نەرسىلەرنى يازالىشى مۇمكىن. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە يېڭىدىن-يېڭى شەكىللەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئىجادىي تەرەققىيات ساھەسىدە يېڭىلىقلارنى يارىتىپ، كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ ۋە قايىل قىلالىسا، بۇ.قارشى ئېلىشقا، ھەتتا ئالقىشلاشقا لايىق ئىش. لېكىن ئۆزى قانداقتۇر بىرەر تۈيۈق يولغا كىرىۋېلىپ، ساۋاتسىزلارچە مەممەدانلىق بىلەن ئەنئەنىۋى ئەرۇز ۋەزنىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلماقچى بولۇشۇۋاتقانلار ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدۇ. ئۇلارنىڭ «ئەرۇز ۋەزنىدە پىكىرنى ئەركىن ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ» دېگەن دەۋاسىغا فۇزۇلىي شېئىرلىرى ناھايىتى ئوبدان جاۋاب بېرىدۇ؛ پىكىرنى ئەركىن ئىپادىلەش-ئىپادىلىيەلمەسلىكتىكى مەسىلە شەكىلدە ئەمەس، بىلىم ۋە ماھارەتتە، تىرىشىپ ئىزدىنىشتە!

فۇزۇلىي مۇرەككەپ پىكىرلەرنى تار مىسرالارغا تولىمۇ ماھىرلىق بىلەن سىڭدۈرۈپ ئىپادىلەپ بېرىشتە ھەقىقەتەنمۇ ماھىر تىل ئۇستىسىدۇر. باشقىلار ئونلاپ قۇر، ھەتتا ئۇزۇن بىر شېئىر بىلەن ئىپادىلەيدىغان بىر پىكىرنى ئۇ بىر بېيىت، ھەتتا بىر مىسرادىلا تولۇق ئىپادىلەپ تۆكىتەلەيدۇ:

بۇدۇر مەھشەر كۈنىنىڭ فەرقى، ئەي دىل، روزى ھىجراندەن،
بىرى جان دۈندىرىر جىسمە، ئۇ بىرسى ئايىرىر جاندەن.

(ئەي كۆڭۈل، قىيامەت كۈنىنىڭ ھىجران كۈنىدىن پەرقى شۇكى، بىرسى كىشىلەرگە قايتىدىن جان كىرگۈزىدۇ. يەنە بىرسى بولسا كىشىلەرنى جېنىدىن جۇدا قىلىدۇ.)

سىپېھرنىڭ فارىغەم ۋەسلىڭدە ماھۇ ئافتابىندەن،
غەرەز ئىيدى ۋىسالىڭدۇر بۇ تايىز كۈن ھىسابىندەن.

(سېنىڭ ۋەسلىڭنىڭ ئالدىدا پەلەكنىڭ ئاي ۋە قۇياشىنى كېرەك قىلمايمەن. ئەمما بۇ ئاي، كۈنلەرنى ھېساب قىلىشىمدىكى غەرەز ۋىسالىڭ ھېيتىغا قاچان يېتەرمەنكى دېگەنلىكتىندۇر).

كۆزۈمدە مەسكەن ئېتىپ خارى مۇژەمدەن ئېھتىراز ئېتمە،
گۈلى خەندانە سوردىم خارە يار ئۆلمەق زەرەر ۋېرمەز.

(كۆزۈمدە تۇرالغۇ جاي قىلىۋالغىن، كىرپىكلىرىمنىڭ تىكەنلىرىدىن ھەزەر ئەيلىمەگىن، ئېچىلىپ تۇرغان گۈلدىن سوراپ باقتىم، تىكەنكە قوشنا بولساڭمۇ زىيىنى تەگمەيدىكەن.)

فەلەكلەر بەرقى ئاھىمدەن سەراسەر ياندى كەۋكەبلەر،
قالەن ئۇدلەرە يانمىش كەۋكەبى بەختى زەبۇنىمدۇر.

(ئاھىمنىڭ چاقنىغان ئوتىدىن كۆكتە يۇلتۇزلار كۆيۈپ كەتتى. ئېشىپ قالغان ئوتلاردا كۆيگىنى بىچارە بەختىمنىڭ يۇلتۇزى بولدى.)

يىگىرلەرنى بۇنداق ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش فۇزۇلىي غەزەلىياتىدا ۋە داستانلىرىدا كۆپ ئۇچراش بىلەن كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالىدۇ.

فۇزۇلىي شېئىرىيىتىدە ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەردىن بىرى بولغان مۇبالىغە يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈرۈلىدۇ:

جەۋر ئودى ياخدى بەنى يانمەدە دۇرمە، ئەي كۆڭۈل،
بىر دۇتەشمىش ئاتەشەم قۇربى جەۋرىمدەن سەقىن.

(زۇلۇم ئوتى مېنى ياندۇردى، ئەي كۆڭۈل، قېشىمدا تۇرمىغىن، مەن بىر تۇتاشقان ئوتمەن، ئەتراپىمغا يېقىن كېلىشتىن ساقلانغىن.)

ئوخشاك كەلدىكچە جىسمىم دۆكسە بەغرىم قانىنى ئەندەندۇر،
كى بەغرىم قانىنە يەر قالمەدى سىينەمدە پەيكاندەن.

(ئاتقان ئوقلىرىڭ تەككەنچە ۋۇجۇدۇم جىگىرىم قېنىنى تۆكسە، بۇ ئېتىلغان ئوقلارنىڭ كۆپلۈكىدىن كۆكسۈمدە جىگەر قېنىغا ئورۇن قالمىغانلىقتىندۇر.)

دۈن سۈبھە يېتۈردۈم فەلەكە سېلى سىرىشكىم،
غەرق ئېتدى فەلەك ئۆزرە ئولەن ئەنجۇمى گىرداب.

(كېچىدىن تاڭغىچە كۆز ياشلىرىمنى كەلكۈن قىلىپ كۆككە ئاققۇزۇپ، كۆكتىكى بارلىق يۇلتۇزلارنى قايناملارغا غەرق قىلىۋەتتىم).

چىخەرمەق ئولسەلەر تەندەن چېكۆپ پەيكانىن ئول سەرۋىنىڭ،
چىخەن ئولسۇن دىلى مەجرۇھ، پەيكان ئولمەسۇن، يارەب.

(ئەي تەڭرىم، ئۇ سەرۋى قامەت يارىمنىڭ ماڭا ئاتقان ئوقلىرىنى تېنىمدىن چىقىرىپ تاشلىماقچى بولۇشسا، جېنىمدىن چىققىنى ئوق بولماستىن، بەلكى مەجرۇھ دىلىم بولسۇن)

بۇنداق يۇقىرى سەنئەتكە ئىگە مۇبالىغىلەرگە شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا پات-پاتلا دۇچ كېلىپ تۇرىمىز ۋە بۇ خىل ۋاسىتىنىڭ فۇزۇلىي شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي پاساھىتىنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

فۇزۇلىي ئەسەرلىرىدە مەي، بادە، شاراب، قەدەھ، ساقى، مەيخانا كەبى مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرگە ئائىت ئۇقۇملار توغرىسىدا كۆپ سۆزلىنىدۇ، بولۇپمۇ ھەيلى-دەم-

نۇن» داستانىنىڭ ھەر باب ئاخىرىسىدا ساقىيغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۆزىگە مەي سۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىدىكى دەرد-ئەلەمنى ئازراق بولسىمۇ بېسىش ئۈمىدىدە ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن فۇزۇلىينى مەيپەرەس بىر ھاراقكەش ئىدى دېگەن مەنە كېلىپ چىقمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنداقلا، فۇزۇلىي تەقۋادار بىر دىنىي زات ئىدى. ئۆمرىدە ئاغزىغا كەيپ قىلغۇچى ئىچىملىك ئالمىغان ئىدى، دېيىش تېخىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس. بۇنداق نازۇك تەبىئەتلىك مۇھەببەت كۈيچىسىنىڭ ئورنى كەلگەندە ئانچە-بۇنچە ئىچىپ قويۇشى تەبىئىي ھادىسە. لېكىن ئۇ كۈچلۈك ئىسپىرتلىق ھاراق بىلەن مېۋىدىن ياسالغان بادە (ۋىنو) نى ئالاھىدە پەرقلەندۈرەتتى. ئۇ بىر غەزىلىدە:

ئەرەقى مەجلىس ئىچرە قويمەڭ بادە ئىلە،
ھەرامزادەنى قويمەڭ ھەلالزادە ئىلە.

(ئولتۇرۇشتا ھاراقنى بادە بىلەن بىرگە قويماڭ، يەنى ھارامزادەنى ھالالزادە بىلەن بىر يەرگە قويماڭ.)

دەيدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن، ئورنى كەلگەندە، ئولتۇرۇشلاردا ئانچە-مۇنچە ئىچىپ قويۇشقا يول ئېچىپ بېرىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ رامىزان كېلىپ قېلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان بىر غەزىلىدە:

رەمەزان ئاي كېرەك ئاچىلە جەننەت قەفۇسى،
نە رەۋاكىم ئولە مەيخانا ئىشىكى باغلۇ.
فەتھى مەيخانە ئۈچۈن ئوقۇيەلىم فاتىھەلەر،
ئولەكىم يۈزىمىزدە ئاچىلۇر باغلۇلۇ قەفۇ.
ئافتابى قەدەھ ئېتمەز رەمەزان ئايى تۇلۇئ،
نەبەلادۇر بىزە، يا رەب، نە قارا كۈندۇر بۇ .
رەمەزان ئولدى بۇدۇر ۋەھمى فۇزۇلىينىڭكىم،
نىچە كۈن ئىچمەيە مەي زۇھد ئىلە ناگاھ گۇتە خۇ.

(رامىزان ئېيىدا جەننەتنىڭ ئىشىكى ئېچىلىدىكەنمىش، لېكىن دەل شۇ ئايدا مەيخانىلارنىڭ ئىشىكى ئېتىلىپ قالىدىكەن. بۇنىڭ نېمە خاسىيىتى بولسۇن. مەيخانىلارنى پەتھى قىلىش، يەنى ئېچىش ئۈچۈن پاتىھە ئوقۇيلى، بەلكىم تاقىلىپ قالغان مەيخانا ئىشىكلىرى ئېچىلىپ كېتەر. رامىزان ئېيىدا قەدەھ قۇياشى چىقمايدۇ. ئەي تەڭرىم، بىزگە نېمىدېگەن بالا-قازالىق ۋە زۇلمەتلىك كۈن بۇ؟ رامىزان كېلىشى بىلەن فۇزۇلىينىڭ غېمى شۇ بولىدىكى، نەچچە كۈنلەر مەي ئىچمەي ئۆتۈپ، زاھىد-تەقۋادارلار بىلەن بىر ئادەتكە كىرىپ قالارمۇ)دەپ قاقشايدۇ.«لەيلى-مەجنۇن»داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئۇ:

ساقى، كەرەم ئېتكى دەردمەندەم،
غەم سىلسىلەسىنە پايى پەندەم.
غەم دەردىنە جامى مەي دەۋادۇر،
تەدبىرى غەم ئەيلەمەك رەۋادۇر.

(ھەي ساقى، كەرەم قىلغىنكى، مەن غەم زەنجىرى بىلەن پۇتۇم باغلانغان بىر

دەردمەن بىچارىمەن. غەم دەردىگە مەي جامى داۋادۇر، غەمگە قارشى تەدبىر قوللىنىش راۋادۇر) دەيدۇ.

شۇبھىسىزكى، فۇزۇلىينىڭ دەۋاتقىنى «مەيى ۋەھدەت» ئەمەس، كەۋسەر سۈيىمۇ ئەمەس، جەننەت ئېرىقلىرىدا ئېقىپ تۇرىدىغان خۇش قىلغۇچى «مەيى ناب» لار تېخىمۇ ئەمەس، بەلكى رېئال تۇرمۇشتىكى ئىنسانلار ياسىغان ئادەتتىكى مەيلەردۇر.

باغ-بوستان، چىمەنگۈلىستان، تۇتىيۇ بۇلبۇل، نەۋباھار، ماھىتابان، مەي، بادە، شاراب، يار، نىگار، دىلبەرى جانان، خۇرشىدى ۋىسال قاتارلىقلارغا ئوخشاش، رېئال دۇنيانىڭ ھەممە گۈزەللىك ۋە ھۇزۇر ھالاۋىتىدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان ۋە بۇلاردىن پايدىلىنىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەسلىككە دەۋەت قىلغان دىندار، لېكىن دۇنياۋى نازۇك ھېسسىياتلارغىمۇ ئىگە بىر شائىرنى زورمۇزور تەسەۋۋۇپچى ئاخىرەت شائىرىغا ئايلاندۇرۇپ تەرىپلەش، ئۇنى پەقەت دىنىي ئەقىدىلەر ئۆلچىمى بىلەنلا دەڭسەپ، ئۆز ئېتىقادىمىز بويىچە قاتتىق ئىشەنگەن باقىي دۇنيا جەننىتىنىلا كۆيلەيدىغان خىيالىي بىر شائىرغا ئايلاندۇرۇپ قويماقچى بولساق، يەنە تەكرارلاشقا توغرا كېلىدۇكى، فۇزۇلىينىڭ روھى بىئارام بولىدۇ. چۈنكى ئۇ مەشھۇر بىر تەرجىئبەندىنى مۇنداق باشلايدىغان تۇرسا:

كېتتۇر ساقى قەدەھكىم، نەۋبەھارى ئالەم ئارادۇر،
زەمىن سەبزۇ ھەۋا جانبەخش گۈلشەن راھەت ئەفزادۇر.
پەرىشان ئولمەكىم گۈل بەرگىتەك ھالا بۇ گۈلشەندە،
نىشاتۇ ئەيش ئىچۈن ئەسبابى جەمئىيەت مۇھەييادۇر.
ئاچىلدى لالە، كۈلدى غۇنچە، كەلدى ئىشرەت ئەييامى،
زەبانى ھالى سەبزە ئىشرەت ئىماسىنە گويادۇر.
كۆر ئۆز ھالىڭنى ھەم چېكمە غەمى مازىيۇ مۇستەقبەل،
كى ھالى مەۋسۇمى گۈلگەشت دەۋرى جامى سەھبادۇر.
سەھەر گۈلزارە كىر، بىللاھ، بۇ مەۋسۇملەردەكىم ھەردەم،
تەماشا قىل گۈلىڭ دىۋانىنەكىم خۇش تەماشادۇر.
ئاچىلدى غۇنچە تۇمارىيۇ مەئلۇم ئولدى مەزمۇنى،
بۇدۇركىم، فەۋت قىلمەڭ، مەۋسۇمى گۈل، جامى گۈلگۈنى.

(ھەي ساقى، قەدەھ كەلتۈرگىنكى، ھازىر ئالەم باھار بىلەن گۈزەللەشتى. زېمىن ياپيېشىل، ھاۋا جانغا ياقىدۇ، گۈلشەن راھەت بېغىشلايدۇ. بۇ گۈلشەندە ئەمدى گۈل يوپۇرمىقىدەك پەرىشان بولمىغىن، خۇشاللىق ۋە ئەيشى-ئىشرەت ئۈچۈن ھەممە شارائىتلار تەييار. لالە ئېچىلدى، غۇنچە كۈلدى، ئىشرەت كۈنلىرى كەلدى. يېشىللىقنىڭ تىلى ئىشرەتكە چىللايدۇ. ئۆز ئەھۋالىڭنى كۆرگىن ھەم ئۆتمۈشنىڭمۇ ۋە كەلگۈسىنىڭمۇ غېمىنى قىلمىغىن، چۈنكى ھازىر گۈل پەيزىنى سۈرىدىغان مەۋسۇم. شاراب ۋە جامنىڭ دەۋرىدۇر. خۇدا ھەققى، سەن بۇ مەۋسۇمدە تاڭ سەھەر بىلەن تەڭ گۈلزارغا كىرگىن ۋە گۈللەر ماكانىنى تاماشا قىلغىن، بۇ بەك گۈزەل تاماشادۇر. غۇنچە تۇمارى ئېچىلدى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى مەلۇم بولدى، ئۇنىڭدا: گۈل مەۋسۇمى ۋە گۈلرەڭلىك

مەدىي جامىنىڭ پۈرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويما، دەپ يېزىلغان.)

فۇزۇلىي ئەسەرلىرىنىڭ تىل ئىبارىسىدە مەيىن شامالدا ئوخشاش يۇمشاق ۋە يېقىملىق بىر يۇمۇر باركى، ئوقۇۋېتىپ ئۇنىڭغا دۇچ كەلگەن كىشى بىر خىل زوق ئالىدۇ:

بەنى جاندەن ئوساندىردى جەفادەن يار ئوسانمەزمى،
فەلەكلەر ياندى ئاھىمدەن، مۇرادىم شەمئى يانمەزمى.

(يارىم مېنى جېنىمدىن تويغۇزۇۋەتتى. جاپا قىلىشتىن يار ئۆزى تويمامدىكىن، ئاھىمنىڭ ئوتىدىن ئاسمان كۆيۈپ كەتتى، مۇرادىمنىڭ چىرىغى كۆيمەمدىكىن.)

مەھشەر كۈنى كۆرەم دېرەم ئول سەرۋ قامەتنى،
گەر ئاندە كۆرۈنمەسە، كەل كۆر قىيامەتنى.

(ئۇ سەرۋىگە ئوخشاش قامەتلىك يارىمنى مەھشەر كۈنى كۆرىمەنمۇ دېگەن ئۈمىدىم بار، ئەگەر ئۇ يەردىمۇ كۆرۈنمەيدىغان بولسا، شۇچاغدا مېنىڭ قوپۇردىغان قىيامىتىمنى بىر كېلىپ كۆرۈپ باققىن.)

فۇزۇلىي جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، مەنسۇپ بولغان قاتلىمى، كەچۈرگەن ھاياتى بويىچە خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ قويۇق تۆۋەن سىنىپلىرى ئارىسىدا ياشاپ، ئىجاد قىلىپ ئۆتكەن. بۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى سوتسىيال تېمىلارغا دائىر مىراسلىرىدا ھامان بىر قىزىل يىپ بولۇپ، روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. دەۋردىن نارازىلىق، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ خەلق بېشىغا سالغان دەرد-ئەلەملىرى، تۆۋەن قاتلاملارنىڭ تارتىۋاتقان جەۋرى-جاپالىرى، ئىلىم ۋە سەنئەت ئەھلىنىڭ خارلىقى ھەققىدە كۆپ يازىدۇ ۋە ئۆزى شۇنداق ئېزىلگەن قاتلاملار قاتارىدا تۇرۇپ، دەۋرگە ۋە ئەزگۈچىلەرگە قەھرۇ-غەزەپ بىلەن نەپرەت بىلدۈرىدۇ، ئۇلارنى لەنەتلەيدۇ. ئومۇمەن ئۇنىڭ بارلىق ئەسەرلىرى زۇلۇم ئەھلىنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقلىرىدىن شىكايەت مەزمۇنىنى ئاساسىي پرىنسىپ قىلىدۇ. ئېزىلگەن، دەرد تارتقان، بەختى كۈلمىگەن ئاممىنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى بايراقدار ۋەكىلى سۈپىتىدە تۇرۇپ، ئۆز ئەھۋالىنى شەرھىلىگەن شائىر بىر تەرجىئىبەندىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

بەن كىمەم، بىر بىكەسۇ بىچارەئى بىخانۇمان،
تالئىم ئاشۇفتە، ئىقبالىم نىگۇن، بەختىم يامان.
نەملۇ ئەشكىمدەن زەمىن، مەملۇ ئۈنىمدەن ئاسمان،
ئاھ-نالەم ناۋەكى پەيۋەستە خەم قەددىم كەمان.

(مەن كىممەن؟ مەن بىر ئادەم قاتارىغا كىرمەيدىغان بىچارە ماكانسىزمەن. تەلىيىم تەتۈر، ئىقبالىم تۆۋەن، بەختىم قارا؛ كۆز يېشىم زېمىننى، پىغانىم ئاسماننى قاپلىغان ئاھۇ-نالەم؛ ئۈزۈلمەي ئېتىلغان ئوقتەك، قەددىم كاماندەك ئېگىلگەن كىشىمەن).
شائىر يەنە بىر غەزىلىدە:

دوست بىپەرۋا، فەلەك بىرەھم، دەۋران بىسۇكۇن،
دەرد چوخ، ھەمدەرد يوخ، دۇشمەن قەۋى، تالىئ زەبۇن.

(دوستلار پەرۋاسىز، پەلەك رەھىمسىز، دەۋران تۇراقسىز، دەرد كۆپ، ئەمما دەردلەشكۈچى يوق، دۈشمەن ئۈستۈن ئەمما، تەلىيىم تۆۋەن.) دەپ ئۆز ئەھۋالىنى

يىغىنچاقلاپ، بىر بېيىتتىلا تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر شېئىرىدا زالىملارنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ خەلقتىن ئالغاندا زۇلۇم بىلەن ئېلىپ، خەلققە بېرەر چاغدا مىننەت بىلەن بېرىدىغان ئەپت-بەشىرىسىنى ناھايىتى ئوبدان ئاشكارىلاپ بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى كېلىشتۈرۈپ قامچىلايدۇ:

زۇلم ئىلە ئاخچەلەر ئالۇب زالىم،
ئەيلەر ئىنئام خەلققە مىننەت ئىلە.
بىلمەز ئانىكىم، ئېتدىكى خەيرە،
كۆرەچەكدۇر جەزا مەزەللەت ئىلە.
مۇددەئاسى بۇكىم، رىزائى ئىلاھ،
ئاڭا ھاسىل ئولۇر بۇ ئادەت ئىلە.
جەننەتى ئالمەخ ئولمەز ئاخچە ئىلە،
كىرمەك ئولمەز بېھىشتە رىشۋەت ئىلە.

(زالىم زۇلۇم بىلەن ئالغان پۇلنى كىشىلەرگە مىننەت قىلىپ ئىنئام قىلىدۇ. ئۇ شۇنى بىلمەيدۇكى، ئۆزىنىڭ قىلغان بۇ خىل «خەيرى-ئېھسان» لىرى ئۈچۈن خارلىق ئىچىدە جازاغا تارتىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇددىئاسى ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئادىتى بىلەن تەڭرىنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. لېكىن جەننەتنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا، بېھىشتكە پارا بېرىش ئارقىلىق كىرگىلى بولمايدۇ.)

تەبىئىتىگە ئەسكىلىك سىڭىپ كەتكەن، يامان خۇلق، ناچار ئىللەتلەرنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان كىشىلەرنى ئانچە-مۇنچە ئىش بىلەنلا ئەپلەپ-سەپلەپ ئوبدان ئادەمگە ئايلاندۇرۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئۇنداقلارغا ساددىلىق بىلەن ئىشىنىپ كەتمەسلىك لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق يازىدۇ:

ھەركىمنىڭ ۋار ئىسە زاتىدە شەرارەت كۇفرى،
ئىستىلاھاتى ئۇلۇمىلە مۇسۇلمان ئولمەز.
گەر قارا داشى قىزىل قان ئىلە رەڭگىن ئېتسەڭ،
تەبئى تەغيىر بولۇپ لەئلى بەدەخشان ئولمەز.
ئەيلەسەڭ تۇتىيە تەئلىمى ئەدائى كەلىمات،
نۇتقى ئىنسان ئولۇر ئەمما ئۆزى ئىنسان ئولمەز.
ھەر ئۇزۇن بويلۇ شۇجائەت ئىدە بىلمەس دەئۋا،
ھەر ئاغاچكىم بويى ئارتەر سەرۋى خىرامان ئولمەز.

(ھەركىمنىڭ ئەسلى زاتىدا كۇپۇرلۇقنىڭ ئەسكىلىكى بار بولسا، ھەر خىل ئىلىملەرنى ئۆگىتىش بىلەن ئۇنى ئوبدان مۇسۇلمان قىلالمايسەن. ئەگەر قارا تاشنى قىزىل قان بىلەن بويىساڭ، رەڭگى قىزىرىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ بەدەخشاننىڭ قىزىل ياقۇتىغا ئايلانمايدۇ. تۇتى قۇشقا سۆز ئۆگەتسەڭ ئۇ ئىنساننىڭ سۆزىنى دوراپ تەكرارلىيالىسىمۇ، ئەمما ئۆزى ئىنسان بولالمايدۇ. ھەر بىر ئۇزۇن بويلۇق شەخس شىجائەتلىك كىشىمەن دەپ دەۋا قىلالمايدۇ، چۈنكى بويى ئۆسكەنلىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى سەرۋى خىرامان بولالمايدۇ).

فۇزۇلى ئىجادىيەت بىلەن ئۆمۈر بويى شۇغۇللىنىپ، باي ئەدەبىي مىراس قالدۇرۇپ كەتتى. تۈركىيە، ئىران كۇتۇپخانىلىرىدا، غەربى ياۋروپا ۋە روسىيە كۇتۇپخانىلىرىدا ۋە باشقا ئورۇنلاردا ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان ۋە جاھان ئەدەبىياتىدا زور قىزىقىش بىلەن ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىنىپ كېلىۋاتقان ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكىدىن قارىغاندا، شائىرنىڭ بالىلىق ۋاقتىدىكى كىچىك مەشق دىۋانىدىن باشقا، تۆۋەندىكى ئەسەرلىرى مەۋجۇت:

بىرىنچى، 40 قەسىدە، 302 غەزەل، بىر مۇستەھزاد، بىر تەركىببەند، ئۈچ تەرجىئبەند، ئىككى مۇسەددەس، ئۈچ مۇخەممەس، ئىككى تەخمىس، ئۈچ مۇرەببە، 42 قىتئە ۋە 72 رۇبائىينى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ بىر تۈركىي دىۋان بولۇپ، ئۇ فۇزۇلىينىڭ ئىقتىدارى ۋە سەنئەت ماھارىتىنى نامايىش قىلىدىغان ئاجايىپ بىر ئەسەردۇر.

ئىككىنچى، 49 قەسىدە، 410 غەزەل، بىر تەركىببەند، بىر مۇسەببە، بىر مۇسەددەس، 46 قىتئە، 105 رۇبائىينى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پارسچە دىۋانى بار بولۇپ، بۇنىڭغىمۇ ئاپتور دەل تۈركى دىۋانىدىكىگە ئوخشاش نەسر ۋە نەزم ئارىلاش بىر مۇقەددىمە يازغان.

ئۈچىنچى، فۇزۇلىينىڭ ئەرەبچە دىۋانىمۇ بولغانلىقى ھەققىدە كۆپ سۆزلەنسىمۇ، لېكىن ئۇ ھازىرغىچە تېپىلمىغان. شۇنداقتىمۇ فۇزۇلىينىڭ 11 قەسىدە ۋە بىر قىتئەدىن ئىبارەت (ھەممىسى 465 بېيىت) ئەرەبچە شېئىرلىرى بار.

تۆتىنچى، «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ فۇزۇلىينىڭ بۈيۈك سەنئەتكار، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان گۈزەل بىر مۇھەببەتنامىدۇر.

بەشىنچى. «بەڭ ۋە بادە» (نەشە ۋە شاراب) مەسنەۋىيسى بار. جەمئىي 444 بېيىتتىن ئىبارەت.

ئالتىنچى، «ھەفت جام»(«ساقىنامە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.) بۇ پارسچە ئەسەر بولۇپ، 327 بېيىتنى، ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يەتتىنچى، «ھەدىسى ئەربەئىن» تەرجىمىسى، بۇ 40 ھەدىسنىڭ نەزمى تەرجىمىسىدۇر.

سەككىزىنچى، «ھەدىقەتۇس - سۇئەدا» (بەختىيارلار باغچىسى) ناملىق نەسرىي ئەسەر.

توققۇزىنچى، شائىرنىڭ تۈركچە مەكتۇپلىرى، بۇ مەكتۇپلارمۇ بەش - ئالتە پارچىدىن ئىبارەت.

ئونىنچى، «رىندە ۋە زاھىد» ناملىق پارسچە نەسرىي ئەسىرى.

ئون بىرىنچى، «سىھھەت ۋە مەرەز» (سالامەتلىك ۋە كېسەللىك).

ئون ئىككىنچى، «مۇئەممما رىسالەسى» بۇ كىچىك بىر پارسچە ئەسەر.

ئون ئۈچىنچى، «مەتلەئۇل - ئىئتىقاد» ئەرەبچە نەسرىي ئەسەر.

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدىنلا مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇكى، فۇزۇلىينىڭ ئىجادىيىتى ھەجىم جەھەتتىن كىچىك بولمىغىنىدەك، مەزمۇن جەھەتتىنمۇ خىلمۇخىلدۇر. بۇ-

نىڭ ئۈستىگە بۇ ئەسەرلەر ئىشلىنىش جەھەتتىنمۇ يۈكسەك ماھارەت بىلەن پۇختا يېزىلغان بولۇپ، بىرەر بوش، سۈپەتسىز ياكى مۇجمەل قۇرنى يولۇقتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. مەنتىقى جەھەتتىنمۇ شائىرنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىرەر قۇسۇر تېپىش، ئىلمىي ياكى گىراماتىك جەھەتتىن ئۇنى تەنقىد قىلىش ئىمكانىيىتىمىز يوق. بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن بىز فۇزۇلىينى پەقەت بىر ماھىر قەلەم ئۇستىسى بولغان تالانتلىق شائىر دەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ زامانىسىنىڭ يېتۈك ئالىمى، تىلچىسى، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇرى، ھەم خەلقپەرۋەر بىر شەخس ئىكەنلىكىنىمۇ ئىقرار قىلماي تۇرالمايمىز.

بىز بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ ھەممە ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇش، ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن كىتابخانلارنى تولۇق خەۋەردار قىلىشتەك چوڭ ۋەزىپىنى ئۈستىمىزگە ئالالمىغانلىقىمىز ئۇقتىسىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ رويخېتىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىلەنلا چەكلىنىشكە مەجبۇر بولدۇق. بۇ قېتىم ئۇنىڭ تۈركى دىۋانىدىن بىر قىسىم شېئىر-غەزەللىرىنى تونۇشتۇرماقچى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، پەقەت ئۇنىڭ شۇ دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلىرىنىڭ خاراكتېرى-ئالاھىدىلىكى، بەدىئىي ماھارىتى مەزمۇنىدا ئالغا سۈرۈلگەن پىكىرلىرى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە تولىمۇ چەكلىك ھالدا بىر نەرسىلەرنى دەپ ئۆتكەن بولدۇق. بىراق بۇنى فۇزۇلىي ئىجادىيىتى توغرىسىدىكى ھەقىقىي ئىلمىي ئەمگەك دەپ ئاتاشتىن تولىمۇ يىراق. ھەتتا دېگىمىزدىن تامچە دېيىشكىمۇ ئەرزىمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

فۇزۇلىي تۈركى تىللار ئائىلىسىنىڭ ئوغۇز گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ ئازەرى شېۋىسىدە يازغان شائىر بولغانلىقتىن، بىزگە، يەنى قارلۇق گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ ئۇيغۇر-ئۆزبېك، يەنى چاغاتاي شېۋىسىدە سۆزلەشكۈچى ۋە يازغۇچىلارغا نىسبەتەن بىرقەدەر باشقىچىرەك شېۋىدە يازغان شائىردۇر. لېكىن تۈركى تىللارنىڭ شاخلىرى قانچە ئىلگىرىگە بارسا، شۇنچە بىرلىك-ئورتاقلىققا ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ فۇزۇلىيدىن ئىبارەت بۇ ئازەرى شائىر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلەر ئۈچۈنمۇ دەل ئۆز شائىرىدەك، مەسىلەن، دەل لۇتفى، سەككاكى، ئەتائى، خۇسۇسەن ئۇلۇغ نەۋائىمىزدەك ئۆز شائىرىمىزغا ئايلىنىپ، ئۆزلىشىپ كەتكەن بىر شائىردۇر. يېقىن ئۆتمۈشكىچە بولغان دەۋرلەرگە قەدەر ئوتتۇرا ئاسىيا (مەسىلەن: بۇخارا، سەمەرقەند، پەرغانە) مەدرىسلىرىدە بولسۇن، شىنجاڭ (مەسىلەن: ئاقسۇ، تۇرپان، قەشقەر، خوتەن ۋە باشقا ئۇيغۇر شەھەرلىرى) مەدرىسلىرىدە بولسۇن فۇزۇلىي ئەسەرلىرى هامان ئەدەبىيات دەرسلىكى سۈپىتىدە ئوقۇتۇلۇپ كەلگەن. بىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى زىيالىيلىرىمىزنىڭ تولۇق ھەممىسى دېگۈدەك فۇزۇلىي ئەسەرلىرىدىن خەۋەردار، ئۇنىڭدىن دەرس ئالغان ۋە شائىرلىرىمىز ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن، ئىلھام ئالغان. ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە، بولۇپمۇ تاشكەنتتە 300 يىلغا يېقىن دەۋردىن بۇيان فۇزۇلىي ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ دىۋانى ۋە «لەيلى-مەجنۇن» داستانى دەسلەپتە قول يازما شەكلىدە كۆپ قېتىم كۆچۈرۈلۈپ تارقىتىلغان ۋە كېيىنرەك تاش باسمىدا تەكرار-تەكرار، تۈرلۈك-تۈرلۈك نۇسخىلاردا چاپ قىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىدىن تاشقىرى قازاق سەھرالىرى،

ئىدىل - ئورال بويلىرى، خوراسان ۋە ئافغانىستان رايونلىرىدا، بولۇپمۇ بىزنىڭ شىنجاڭدا كەڭ تارقىتىلغان.

فۇزۇلىي ئەسەرلىرىنى كونا ئەدەبىياتىمىزدىن ئاز-تولا خەۋەردار بولغان ئىنتېلى-لىقلار قىينالمايلا چۈشىنىپ، راۋان ئوقۇپ كېتەلەيدۇ. ھازىرقى ياشلىرىمىزنىڭمۇ بۇ ئەسەرلەردىن پايدىلىنىپ كېتەلىشى ئانچە كۆپ تەلەپ قىلمايدۇ. تىلدىكى ئاز-تولا پەرقلەرنى، پارسى، ئەرەبى سۆزلەر ۋە تەركىبلەرنى دىققەت قىلىپ چۈشىنىۋېلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ چاغاتاي شېۋىسى ئەدەبىياتىدىن ئانچە پەرقلىق ئەمەسلىكىنى تېزلا ھېس قىلىدۇ. فۇزۇلىينىڭ ئەدەبىي ماھارىتى بىزنىڭ شائىرلىرىمىز ئۈچۈن ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ ئەمەس، بەلكى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىشىمىز ئۈچۈنمۇ ئۇزۇن پايدا يەتكۈزەلەيدۇ.

بۇ ئورۇندا فۇزۇلىينىڭ ئەلىشىر نەۋائىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە بىر نەچچە ئېغىزلا سۆز دېمەكچى بولۇۋاتىمىز. نەۋائىي بىلەن فۇزۇلىينىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە ئىجاد دەۋرلىرىدە يېرىم ئەسىردىن ئارتۇقراق بىر جەريان بار. ئۇلارنىڭ ياشىغان يەرلىرىدىمۇ خېلى بىر ئارىلىق مەۋجۇت. يەنى، نەۋائىي 1441 - يىلى ماۋەرائۇننەھردە تۇغۇلۇپ، ئاساسەن سەمەرقەند، ھىرات، ئاستراباد شەھەرلىرىدە ياشاپ، 1501 - يىلى ھىراتتا ۋاپات بولغان. فۇزۇلىي بولسا، XV - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا كەربەلا شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، XVI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا باغداتتا ۋاپات بولغان. بۇلارنىڭ بىرى تۈرك قارلۇق لەھجىسىگە مەنسۇپ بولغان چاغاتاي شېۋىسىدە ئىجاد قىلغان بولسا، يەنە بىرى تۈرك ئوغۇزلەھجىسىگە مەنسۇپ بولغان ئازەرى شېۋىسىدە يازغان، بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ ئۆز جەمئىيەتلىرىدە تۇتقان ئورۇنلىرىدىن ئالغاندىمۇ ئارىلىرىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بار. نەۋائىي يۇقىرى قاتلام ساراي ئەھلى تەبىقىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بالىلىق دەۋرىدىن تاكى ۋاپاتىغا قەدەر ئاقسۆڭەكلەر قاتارىدا ياشاپ ئۆتكەن، چوڭ فېئودال، ۋەزىر دەرىجىلىك يۇقىرى مەنسەپلەردە بولغان بىر ئەرباب. بۇنىڭ ئەكسىچە، فۇزۇلىي ئۆمۈر بويى قورسىقىنى ئاران بېقىپ ئۆتەلىگەن، ئۆز ھۆزۈر-ھالاۋىتىنى پەقىرلىقتىن تاپقان، ھەرقانداق دەرىجە ۋە ۋەزىپىلەرگە نائىل بولمىغان بىر شائىردۇر. يۇقىرىقى سۆزلەردىن مەلۇم بولىدۇكى، بۇ ئىككى شائىرنىڭ ھايات يولى ئارىسىدا تۈپتىن ئوخشىمىغان ئىككى خىل تەقدىر مەۋجۇت بولغىنىدەك، دەۋر، تىل-شېۋە جەھەتلەردىمۇ ئوخشىماسلىق بار. لېكىن شۇنداق چوڭ ئارىلىق ۋە پەرقلەرگە قارىماستىن، تۈركى تىلدا ئىجاد قىلغان بۇ ئىككى ئۇلۇغ شەخسنىڭ ناملىرى ھامان بىر-بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئەسىرلەر بويى بىرلىكتە تىلغا ئېلىنىپ كەلدى. نەۋائىينىڭ كېيى چىققاندا ئىختىيارسىز فۇزۇلىينىڭ نامى كىشىنىڭ يادىغا كېلىدۇ، شۇنداقلا فۇزۇلىينىڭ سۆزى بولغاندا كۆز ئالدىمىزدا نەۋائىينىڭ ئۇلۇغ سىماسى نامايان بولىدۇ. ھەتتا بەزىلەر نەۋائىي بىلەن فۇزۇلىينى ئاكا-ئۇكا شائىرلار (ئەلۋەتتە مەنىۋى جەھەتتە) دەپ ھېسابلىشىدۇ. كونا مەدرىسلىرىمىزدىكى ئەدەبىيات دەرسلىرىدىمۇ نەۋائىي، فۇزۇلىي ئەسەرلىرى قاتار ئوقۇتۇلىدۇ، بۇنىڭدىكى ئاساسىي

سەۋەب شۇكى، بۇ ئىككى ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئىجتىمائىي ئورۇنلىرى ھەرقانچە پەرقلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ دۇنيا قاراشلىرىدا، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئېزىلگەن خەلقنىڭ بېشىغا سېلىۋاتقان ئازاب-كۈلپەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، دەۋرگە ئىسيانكارلىق بىلەن نارازىلىق بىلدۈرۈشلىرى، ئىلىم مەرىپەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشلىرى، ئالىملارنى، سەنئەت، ئەدەبىيات، ئومۇمەن مەدەنىيەت ئەھلىنى چەكسىز سۆيۈپ، ھۆرمەت ۋە ھىمايە قىلىشلىرىدا ئوخشاش ئىدىيە ۋە پائالىيەتلىرىدىكى ئالىيجاناب خىسلەتلەر ئورتاقلىقى بار ئىدى. ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ھامان يۇقىرىقىدەك پەزىلەت ۋە خىسلەتلىرىنى نامايىش قىلىپ تۇرىدىغان ئورتاق پىكىردىكى شائىرلاردۇر. بۇنىڭدىن تاشقىرى گەرچە ئۇلار بىر-بىرى بىلەن دىدار كۆرۈشمىگەن كىشىلەر بولسىمۇ، فۇزۇلى ئۆزىدىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن نەۋائىينى ئۆزىنىڭ ئۇستازى ئورنىدا كۆرگەن، ئۇنىڭ ھەممە ئاساسىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان، ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن، ئۇنىڭ تەسىرىگە بېرىلگەن، ئۇنى چەكسىز ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان شائىردۇر. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدىن بىرسىدە:

«بۇ گۈزەل نادىر شېئىردۇركىم، نەۋائىي سۆزلەمىش»، دېگەن مىسراسى بىلەن نەۋائىي شېئىرىيىتىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختىغان. ئۇ «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە:

ئولمىشدى نەۋائىيى سۇخەندان،
مەنزۇرى شەھەنشەھى خۇراسان.

دەپ نەۋائىينىڭ ئۆز دەۋرىدە خۇراسان پادىشاھىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا سازاۋەر بولغانلىقىنى مەدھىيىلەيدۇ. فۇزۇلى ئەسەرلىرىدە نەۋائىينىڭ نامى بىرقانچە ئورۇندا قەيت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ نەۋائىي غەزەللىرىگە نەزىرەلەر يازغانلىقى ھەققىدە يۇقىرىدا بەھس ئەتكەن ئىدۇق. ئەگەر فۇزۇلىينىڭ ئۆزىگە خاس غەزەل ئۇسلۇبىنى باشقا مەشھۇر شائىرلارنىڭ ئۇسلۇبىغا ئازدۇر-كۆپتۇر ئوخشاتماقچى بولساق، ئۇ ھالدا، فۇزۇلىي ئۇسلۇبىدا ئەڭ چوڭ تەسىرگە ئىگە ئۇسلۇب شەك-شۈبھىسىز نەۋائىي ئۇسلۇبىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەرەبى، بولۇپمۇ پارسى تىلدا شېئىر يېزىش ھۆكۈمران ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەن ئاشۇ دەۋرلەردە، بۇ ئېقىمغا دادىللىق بىلەن قارشى چىقىپ، «مۇھاكىمەتۇل-لۇغەتەين» دېگەن ئىلمىي ئەسىرىنى يېزىپ، تۈركىي تىلنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئىسپاتلىيالىغان ۋە تۈركىي تىلدا ئەڭ نادىر شاھ ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ كەتكەن نەۋائىينىڭ كەينىدىن ئەگىشىپلا دەل شۇ يولدا مېڭىپ، تۈركىي تىلدا قىممەتباھا ئاجايىپ ئەسەرلەرى بىلەن مەيدانغا چىققان فۇزۇلىينىڭ نەۋائىي ئىشىنى داۋاملاشتۇرغۇچى مۇناسىپ ئۇلۇغ شاگىرت ئىكەنلىكىمۇ جاھانغا ئايانىدۇر.

بۇ ئورۇندا مەن (يەنى ماقالە ئاپتورى) ئۆزۈمنىڭ فۇزۇلىيغا بولغان شەخسىي تونۇشۇم توغرىلىق ئازراق بىر نەرسىلەرنى دەپ ئۆتكۈم كېلىۋاتىدۇ.

مەن ئائىلىدىكى كىچىك بالا چېغىمدىن تارتىپلا فۇزۇلىي ئەسەرلىرىنى قىزىقىپ

ئوقۇيتتىم. باشلانغۇچ مەكتەپ شاگىرتى ۋاقتىمدىلا ئۇنىڭ دىۋانىنىڭ دەسلەپكى شېئىرىنى مەنىسىنى چۈشەنمەي تۇرۇپلا يادلىۋالغان. بۇلى مەنە جەھەتتىن ھەزىم قىلىش ماڭا مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، ئائىلەمدىكىلەر دىۋانىنىڭ ئاخىرىدىكى مېنىڭ بىر-قەدەر چۈشىنىۋېلىشىم مۇمكىن بولغان، ئاددىيراق يېزىلغان قىسقا شېئىردىن پارچىلارنى ياد ئالغۇزۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ بېرىشەتتى. بولۇپمۇ «زۇلىم ئىلە ئاخچەلەر ئالىپ زالىم»، «ھەركىمنىڭ ۋار ئېسە زاتىندە...» دەپ باشلىنىدىغان پارچىلارنى ياد ئېلىۋالغىنىمغا ھازىر 60 يىلدىن ئارتۇقراق بىر مۇددەت بولدى. بۇ ۋاقىتتىن ھېسابلىغاندا، مېنى خېلىلا پېشقەدەم «فۇزۇلىيخان»، يەنى، فۇزۇلىيشۇناس دېسە بولىدۇ. چۈنكى شۇ 60 يىل جەريانىدا فۇزۇلىي بىلەن مېنىڭ ئالاقەم زادىلا ئۈزۈلۈپ كەتمىدى. ھامان فۇزۇلىي ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇدۇم، ئۇنىڭدىن زوق-شوق ئالدىم. بىر قىسىم غەزەللىرىنى يادلىۋالدىم. ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە تىرىشتىم. بەزى غەزەللىرىگە تەخمىس يېزىپ، مەشق قىلىپ باققانمۇ بولدۇم. قىسقىسى، فۇزۇلىينى ئەڭ ئوبدان بىلىدىغان مەن بولسام كېرەك، بۇ ئەتراپتا مېنىڭدىن ئۆتىدىغىنى يوققۇ، دېگەندەك ئىچكى غۇرۇرۇمنىمۇ گاھىدا يوشۇرالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالدىم.

مېنىڭ يۇقىرىقىدەك ھودۇقۇشلىرىمدىن ئاز-تولا خەۋەر تاپقان رېداكسىيىدىكى بىر قىسىم بۇرادەرلەر فۇزۇلىينى تونۇشتۇرۇش پىلانىغا ئاساسەن شۇ ھەقتە ماقالە يېزىشنى ماڭا ھاۋالە قىلىشتى. بۇ ۋەزىپىنى مەن تارتىنمايلا ئۈستۈمگە ئالدىم.

ئۈستۈمگە ئالدىم، لېكىن ئۈستۈمدىن ئېلىپ تاشلاشقا ئامالسىز قالدىم. دەسلىپىدە مەن فۇزۇلىينى تونۇشتۇرۇش مېنىڭ ئۈچۈن ئاسانلا ئىشقۇ، بىرىنەچچە ئارگىنالنى توشقۇزۇپلا ئىشنى تاماملايمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن ئىش مەن پەرەز قىلغاندەك ئاسان بولۇپ چىقمىدى. بىرىنچى سەھىپىنىڭ دەسلەپكى قۇرلىرىدىن باشلاپلا قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىۋەردىم. ئىشنى باشلاش بىلەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، مېنىڭ
بۇ ئاجايىپ شائىر ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم ناھايىتى چەكلىك ئىكەن. بىلىدىغانلىرىمدىن ١
بىلمەيدىغانلىرىم مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىكەن. پەقەت ئۇنىڭ تۇغۇلغان ماكانى، زامانى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ رويخېتىنى ئاز-تولا دەپ بېرىشتىن، تۈركىي دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن غەزەللىرى ۋە «لەيلى-مەجنۇن» داستانى ھەققىدە يېرىم-ياتا بىر نېمىلەرنى دەپ بېرىشتىن نېرىغا ئۆتەلمەيدىكەنمەن. ئۇنىڭ پارسى تىلدا يېزىلغان چوڭ سالماقلىق ئەسەرلىرىدىن ئاز خەۋەردار، بولۇپمۇ ئەرەبچە يېزىلغان ئەسەرلىرىدىن تولۇق دېگۈدەك ساۋاتسىز ئىكەنلىكىم كۆرۈنۈپلا قالدى. دۇرۇس، مەن فۇزۇلىينى ئۇزۇن يىللار داۋامىدا سۆيۈپ ئوقۇپ كەلدىم. ئۇنىڭ باي تەسەۋۋۇر كۈچىگە، كەڭ ۋە ئەتراپلىق بىلىمىگە، ئەدەبىي-بەدىئىي ماھارىتىگە ھېرىسمەنلىك ۋە زوق-شوق بىلەن قايىل بولۇپ كەلگەنمەن. ھەر 10-15 يىلدا فۇزۇلىينى چۈشىنىشىم ئاۋۋالقىدىن كۆپ

دەرىجىدە ئۆسكەن. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، ئۇزۇن باسقۇچلار جەريانىدا خېلى دەرىجىدە «فۇزۇلىيچى» بولۇپ قالدىم دېسەممۇ، لېكىن فۇزۇلىينى باشقىلارغا تونۇشتۇرۇش جەھەتتە تولىمۇ چولتا ئىكەنلىكىم ئىسپاتلاندى. ئاندىن مەن ماقالە يېزىشنى توختىتىپ قويۇپ، بۇ ھەقتە ماتېرىيال ئىزدەشكە، تۈرلۈك مەنبەلەردىن فۇزۇلىيغا ئائىت نەرسىلەرنى تېپىپ كۆرۈپ، ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ، بىلىم ئاشۇرۇش كوچىسىغا كىرىپ كەتتىم. نەتىجىدە ئارىدىن بىر يىلنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئاندىن بۇ يېرىم-ياتا ماقالىنى قۇراشتۇرۇپ چىقالىدىم. ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، پالازغا يۆگىنىپ ئۈچ كۈن يېتىپتىمەن، دېگەن مۇشۇ بولسا كېرەك.

ئەمدى، ماتېرىيال كۆرۈش جەريانىدىكى نەتىجەم مېنى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بەزى مەنبەلەردە فۇزۇلىينى ئىنتېرناتسىئونالىست شائىر قىلىپ تەرىپلىسە، بەزى مەنبەلەر بۇنىڭغا تامامەن زىت ھالدا ئۇنى مىللەتچى شائىر قىلىپ گەۋدىلەندۈرگەن. ئىسلام مەنبەلىرىدە بولسا، شائىرنى دىنىي تەسەۋۋۇپچى شەخس قىلىپ، شۇ نۇقتىدىن ئۇنى كۆكلەرگە كۆتۈرۈپ ماختاشقان. بۇ زىددىيەتلەر ئارىسىدا قايمۇقۇپ، مەن ئۆزۈم تونۇغان 60 يىللىق قەدىردانىم ئەسلى فۇزۇلىينى يوقىتىپ قويۇشقا تاسلا قالدىم. تۈرلۈك مەنبەلەرنىڭ فۇزۇلىي ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇش ۋە چۈشەندۈرۈشلىرىدە جۈزئىي ئورتاقلىقلار بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنى، ئىجادىي ئىدىيىسىنى تەھلىل قىلىشتا نۇرغۇن ئوخشاشماسلىقلار مانا مەن دەپ تۇراتتى. بۇ جەھەتتە مەن كۆپ ئويلاندىم. ئەڭ ئاخىرىدىكى قارارىم شۇ بولدىكى، يۇقىرىقىدەك ئوخشىمىغان مەنبەلەرنىڭ تەھلىلى ئىچىدە ئورتاقلىققا ئىگە بولغان ۋە ئۆزۈمنىڭمۇ تونۇشۇمغا ئۇيغۇن كەلگەن پىكىر ۋە تەھلىللەردىن چەكلىك ھالدا پايدىلاندىم ۋە باشقا نۇرغۇن جەھەتلەردە فۇزۇلىينى ئۆز تونۇشۇم ئاساسىدا چۈشەندۈردۈم.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ماقالە، قاملاشسا ـ قاملاشمىسا، ئۆزۈم تونۇغان فۇزۇلىينى ئۆزۈمچە تونۇشتۇرۇشنى ئاساس قىلغان بىر تەجرىبە بولۇپ قولۇمدىن چىقتى. بۇنىڭدا مەن ئاساسەن، ئۆزۈڭ بىلگەن يولنى ئاتاڭغا بەرمە، دېگەندەك بىر ئىش قىلدىم. شۇڭا، كىتابخانلارنىڭ بۇ ماقالىنى تەنقىدىي كۆز بىلەن قاراپ چىقىشىنى ۋە مۇنازىرىلىك ئورۇنلىرىغا رەددىيە ۋە پىكىر بېرىشىنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالىمەن.



# جالالىددىن رۇمىي ۋە «مەسنەۋىي شەرىف»

شېرىن قۇربان

«مەسنەۋىي رۇمى» — تەسەۋۋۇردىكى گۈزەل غايىۋى بېھىش سەپىرىنىڭ قىبلىنەماسى

— پاكىستان شائىرى مۇھەممەد ئىقبال.

**1. رۇمىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى.** جاھان ئەدەبىيات ئەھلى ئوتتۇرا ئەسىردىكى گۈللەنگەن پارس - تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي تارىخىدىن يەكۈن چىقارغاندا، قالدۇرغان مىراسلىرى سان جەھەتتىن كۆپ، سۈپەت جەھەتتىن يۇقىرى بولغان ئەدىبلەردىن تۆتىنى مەزكۇر ئەدەبىياتنىڭ «تۆت چوڭ مەزمۇت تۈۋرۈكى» دەپ تەرىپلىشىدۇ. بۇلار: «پارس ۋە تاجىكلارنىڭ تارىخى ئېپوسى»، «تاجىك - پارس خەلقلىرىنىڭ مەنىۋى روھىنىڭ سىمۋولى» دەپ ئاتالغان «شاھنامە» داستانىنىڭ ئاپتورى ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى؛ «ئىنسان روھىي ھەرىكىتىنىڭ قىبلىنەماسى»، «ئەخلاق - پەزىلەت دەستۇرى» دەپ سۈپەتلەنگەن «گۈلۈستان» ۋە «بوستان» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى شەيخ سەئدى شىرازى؛ ئۆزىنىڭ لىرىك غەزەللىرى بىلەن «شەرق لىرىكىسىنىڭ ئۇستازى»، «خۇشناۋا بۇلبۇل» دەپ نام ئالغان ھاپىز شىرازى؛ «بىلىم دېڭىزى»، «سوفىزم ئېنسىكلوپېدىيىسى» دەپ تەرىپلەنگەن زور ھەجىملىك ئەسەر «مەسنەۋىي شەرىف» نىڭ ئاپتورى مەۋلانا جالالىددىن رۇمى قاتارلىقلاردۇر. يۇقىرىقى باھادىنلا جالالىددىن رۇمىنىڭ تاجىك - پارس كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى يۈكسەك ئورنى ۋە شۆھرىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

بەلخ① تاجىكى جالالىددىن رۇمى (مىلادى 1207 - يىلىدىن 1273 - يىللىرىغىچە ياشىغان) ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق ئىلاھشۇناسى ۋە تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ داھىيلىرىدىن بىرى بولغان باھاۋىددىن بارات (مىلادى 1230 - يىلى ۋاپات بولغان) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ تەربىيىنى مەدرىستە ئالغان، ئاتىسى باھاۋىددىن ئۇنىڭغا ئەدەبىيات ۋە ئىلاھىيەتتىن بىۋاسىتە تەلىم بەرگەن. XIII ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى موڭغۇللار بەلخ شەھىرىنى ئىستىلا قىلغاندا ئەمدىنە 13 ياشقا كىرگەن رۇمى دادىسى

① بەلخ — خوراسان (ھازىرقى ئافغانىستان) تەۋەسىدىكى مەشھۇر بىر شەھەر.

بىلەن بىرلىكتە ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇلار دەسلەپتە مەككىگە تاۋاپقا بارغان، كېيىن نىشاپۇر، باغداد، سۇرىيە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ساياھەتتە بولغان. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار كىچىك ئاسىيا (ھازىرقى تۈركىيە) گە بېرىپ، پاناھلانغان. رۇمى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن بىر مەزگىل دادىسىنىڭ ئورنىدا ئالىي مەرتىۋىلىك شەيخ ۋە مۇدەررىس بولغان. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ پېشىۋالىرىدىن پەرىدىدىن ئەتتار (1151 — 1221)، ئەبۇلمەجىد سەنائىي (مىلادى 1150 - يىللىرى ۋاپات بولغان)، ئاتاقلىق سوفىست ۋە ئەل كېزەر دەرۋىش شەمس تەبرىزى (مىلادى 1247 - يىللاردا ۋاپات بولغان) قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

رۇمىنىڭ «شەمس تەبرىزى» ناملىق لىرىك دىۋانىدىكى ئەسلىمىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ دادىسى باھاۋىدىدىن بىلەن بىللە نىشاپۇرغا كەلگەندە شەمس تەبرىزى بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭدىن كۆپ تەلىم ئالغان. باھاۋىدىدىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن رۇمى كىچىك ئاسىياغا كەلگەن ۋە شەمس تەبرىزىنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭغا ساداقەتمەنلىك بىلەن ئېتىقاد قىلغان. كېيىنكى چاغلاردا رۇمى شەمس تەبرىزىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بىلەن مەۋقە جەھەتتە غايەت زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىپ، ئەسلىدىكى ئالىي مەرتىۋىلىك شەيخ ۋە مۇدەررىسلىكتىن ۋاز كېچىپ، تەسەۋۋۇپ يولىغا ماڭغان. رۇمى بۇ ساھەدىكى ئاجايىپ نەتىجىلىرى بىلەن تېز سۈرئەتتە تونۇلۇپ، سوفىستىك ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ مەشھۇر سەركەردىسىگە ئايلانغان. شەمس تەبرىزى ۋاپات بولغاندا، شائىر رۇمى چەكسىز قايغۇرغان ۋە ئۇستازىغا بولغان ئىخلاسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەڭ ئېسىل شېئىرلىرىدىن 30 مىڭ مىسرانى تاللاپ دىۋان قىلىپ، ئۇنىڭغا «شەمس تەبرىزى» دەپ ئات قويغان. بۇ كىتاب ئىلمىي تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا «شەمس» نامى بىلەن مەشھۇر.

2. بىلىم دېڭىزى «مەسنەۋى شەرىف». مەۋلانا جالالىدىن رۇمى ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇ خىلمۇخىل قىزىقارلىق سيۇژېت، رەڭگارەڭ جانلىق ئوبرازلار ئارقىلىق، ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان زور ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە پەلسەپىۋى شېئىرلارنى يازغان. ئۇ شېئىرىيەت ئەھلى ئارىسىدا كىشىلەرنى تاڭ قالدۇرىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن سەنائىي باشلاپ بەرگەن، پەرىدىدىن ئەتتار گۈللەندۈرگەن سوفىستىك ئەدەبىياتنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئەل ئىچىدە «غايىۋى ھاياتنىڭ بۇلبۇلى» ① دەپ نام ئالغان.

رۇمىنىڭ 15 يىللىق جاپالىق ئەجرىنىڭ مېۋىسى بولغان «مەسنەۋى شەرىف» («مەسنەۋى رۇمى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ناملىق ئېپىك داستانى ئالتە قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، 50 مىڭ مىسرا شېئىردىن تەركىب تاپقان. رىۋايەت قىلىنىشىچە شائىر بۇ شېئىرنى ئەسىرىنى بىر قەدىناس دوستىنىڭ تەكلىپى بىلەن يېزىشقا كىرىشكەن. شائىر بۇ داستاندا يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتى ئارقىلىق ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، مەسەل،

① «چەت ئەل ئەدەبىيات تارىخى»، 1 - توم، جىلد خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى، 202 - بەت.

ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە ماقال - تەمسىللەرنى مەنتىقىلىق قوراشتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق رېئاللىققا ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى شەرھىلىگەن. شۇڭا «مەسنەۋىي شەرىف» نىڭ تارىخىي ۋە رېئال مەزمۇنى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئۇنى شائىرنىڭ پۈتكۈل ئەقىل پاراسىتى، بىلىمى ۋە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ھەققىدىكى تەلىماتلىرىنىڭ يىغىندىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتە «مەسنەۋى شەرىف» داستانىدا بىر تەرەپتىن، موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدىكى جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەپلىرى يورۇتۇلۇپ، ھەر ساھە خەلقلىرىنىڭ غۇربەتلىك ھاياتى، ئۇلارنىڭ گۈزەل غايىۋى تۇرمۇشقا بولغان قايناق ئارزۇ-ئىستەكلىرى ئىپادىلەنگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلىغۇچى ئاز ساندىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ زالىملىقى، ئۆكتەملىكى، رەھىمسىزلىكى، ۋەھشىيلىكى ۋە ھىيلىگەرلىكى غەزەپ بىلەن ئېچىپ تاشلانغان.

بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتە، شائىر ئەينى دەۋرنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى توغرىدىن توغرا، بىۋاسىتە ئەمەس، بەلكى خەلق ھېكايىلىرى ۋە ئۆزىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى پېرسوناژلارنىڭ تىلى، سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، «ھۈركىمىگەن پۇقرا» دېگەن ئىپىك شېئىرىدا، پادىشاھنىڭ ئېشەك ھاشىرىدا «مېنىمۇ ئېشەك قاتارىدا ھاشارغا تۇتۇپ كەتمىسۇن» دەپ قورقۇپ قېچىپ ئۆزىنى يوشۇرماقچى بولغان بىر پۇقرانىڭ تىلى ئارقىلىق شائىر خەلققە ۋەھىمە ۋە زۇلۇم سالغان زالىم پادىشاھ ئۈستىدىن قەھرى - غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلىدۇ.

دۇنيا قاراش جەھەتتە، جالالىددىن رۇمى مەشھۇر پەيلاسوپ ۋە تەسەۋۋۇپچى شائىر مەنسۇر ھەللاجى (مىلادى 858 - يىلىدىن 922 - يىللارغىچە ياشىغان) نىڭ تەلىماتلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ شەرىئەت، تەرىقەت، مەرىپەت ۋە ۋەھدەت قاراشلىرىنى ئابستراكتلىقتىن تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرغان. ئۇ «مەسنەۋى شەرىف» تە ئۆزىنىڭ تەڭرى بىلەن ئايرىلماس بىر گەۋدە ئىكەنلىكىنى قايتا - قايتا قەيت قىلغان. ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى تەسەۋۋۇپ شائىرلىرى ئىچىدە جالالىددىن رۇمى مۇتەئەسسىپلىك ۋە فېئودال ھاكىممۇتلەقلىق ئەقىدىلىرىگە قارىمۇ قارشى ھالدا ئۆز تەلىماتىنى ئەڭ كەسكىن ئوتتۇرىغا قويغان شائىر ھېسابلىنىدۇ، مەسىلەن، تۆۋەندىكى مىسرالاردىن رۇمىنىڭ ئۆز دۇنيا قارىشىنى نەقەدەر ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

سۇ ھەم ئاتەش، تۇپراق، ھاۋا، ھەممىسى مەن،
شاھقا مەن قۇل، دۇنياغا شاھ، ھەممىسى مەن،
بىرلىكمۇ مەن، كۆپلۈكمۇ مەن، ھەممىسى مەن،
جىمى جانلار جېنى مەندىن، ھەممىسى مەن.

بەزى ئاشكار، بەزەن پىنھان، ھەممىسى مەن
تۇرۇپ يەكجان، تۇرۇپ ھەمراھ، ھەممىسى مەن.

رۇمىنىڭ قارىشىچە ئاللا ھەممە كىشىنىڭ قەلبىدە بولۇپ، ئۇ كونكرېت بەلگە ۋە نىشانغا، شۇنداقلا بىرەر مۇقىم ماكانغا ئىگە ئەمەس. شۇڭا تەڭرىنى بىرەر جايدىن ئىزدەش ھاجەتسىز. ئۇ بۇ خىل ئىدىيىسىنى «ھاجىلار» دېگەن شېئىرىدىكى مۇنۇ مىسرالاردا روشەن ھالدا شەرھلەپ بېرىدۇ:

نېمە ھاجەت بۇ زىيارەت، ھەج تاۋاپىنىڭ سەپىرى،
تۇرسا ياندا خۇش-چىرايلىق ماھتاپان دىلبىرى.
جىلۋە قىلدى دىلبىرى جان كەل يېنىمغا تېز بۇيان،
تاغۇ سەھرا، چۆل كېزىپسەن نېمە ئىزدەيسەن قايان.
زاتى پاكنى گەر تاۋاپ قىلماقتا بولسا نىيىتىڭ،
ئاڭا ماكاندۇر سېنىڭ گەۋدەڭ ئىچى ھەم پاك دىلىڭ.
كەبە بار دۆمىن دىلىمدا كۆرمەكنى سەن قىلساڭ نىيەت،
ھەيدىۋەت شۇملۇقنى دىلدىن باتىنىڭنى پاك ئەت①.

3. رۇمى ئىجادىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ۋە دۇنياۋى تەسىرى. تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ كاتتا نامايەندىسى بولغان رۇمىنىڭ مول پەلسەپىۋى ۋە تەربىيەۋى قىممەتكە ئىگە بەدىئىي ئىجادىيىتىدىن سوفىستىك ئەدەبىياتىنىڭ بىر پۈتۈن خاراكتېرىنى كۆرگىلى بولىدۇ، بۇ ئەدەبىياتنىڭ خاراكتېرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ نوقۇل سوفىزم ئىدىيەۋى ئېقىمىنى تەرغىپ قىلىدىغان تەشۋىقى ئەدەبىيات بولماستىن، بەلكى يۇكسەك دەرىجىدە تېپىكلەشتۈرۈلگەن بەدىئىي ئوبرازلار ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ماتېرىياللىرىنى ئاساسىي ۋاستە قىلىپ، قاباھەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر فېئودالىزمى ۋە ئۇنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئاسارەتلىرىگە قارشى تۇرغان كۈچلۈك دەۋر روھىغا ئىگە خەلقچىل ئەدەبىيات؛ كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلغان، ئەركىنلىك، ھۆرلۈك يولىدا ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلغان جەڭگىۋار ئەدەبىيات.

جالالىددىن رۇمىنىڭ «كۆرۈنۈشى پەرىشان، ئەمما ئىچكى دۇنياسى خاتىرجەم» بولغان نازۇك پىكىرلىك، شېرىن سۆزلۈك لىرىكىلىرى كۆپ تەرەپلىمە ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە. بۇنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بىرىنچىدىن، رۇمى ئىجادىيىتى تارىخىي قىممەتكە ئىگە. رۇمىنىڭ «مەسنەۋى شەرىف»، «شەمس تەبرىزى» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلىرى ۋە باشقا غەزەل، قەسىدە، رۇبائىيلىرىدا XIII ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، كىچىك ئاسىيا جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەرەپلىرى، مەسىلەن، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر، دىنىي ئېتىقاد ۋە مەزھەپلەر، تىل، ئەدەبىيات-سەنئەت، كىشىلىك مۇناسىۋەت قاتارلىقلار بىرقەدەر ئەتراپلىق

① «چەت ئەل ئەدەبىياتى» بېيجىڭ داشۆ نەشرىياتى 1982-يىل نەشرى، 90-بەت.

تەسۋىرلەنگەن. شۇڭا، ئاشۇ دەۋرنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە بىلىشتە رۇمى ئىجادىيىتى، شۈبھىسىزكى، بىباھا تارىخىي مىراستۇر.

ئىككىنچىدىن، رۇمى ئىجادىيىتى يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە. رۇمى شۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىياتىغا بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يېڭى ئۇسلۇبنى ئېلىپ كىرگەن. شائىرنىڭ لىرىكىلىرىنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزىگە خاسلىقى، تىلىنىڭ جانلىق ۋە تەسىرلىكلىكىنى، ياراتقان ئوبرازلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتتىكى ئوبرازلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغانلىقىنى، پىكىرنىڭ تولىمۇ يوشۇرۇن ۋە سىرلىقلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئوبزورچىلارنىڭ رۇمىنى «سوفىستىك ئەدەبىياتنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى» دەپ تەرىپلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ يەردە بولسا كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، رۇمى ئىجادىيىتى تەربىيىۋى قىممەتكە ئىگە. رۇمىنىڭ ئەخلاق-پەزىلەت، كىشىلىك مۇناسىۋەت، تەلىم-تەربىيە، ئادالەت، سېخىيلىق قاتارلىق بىر قاتار ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە چېتىلىدىغان پەندى نەسىھەت خاراكتېرلىك مىسرالىرى ۋە پەلسەپىۋى ھېكمەتلىرى، ماكان ۋە زامان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇ ئۆز دەۋرى ئۈچۈنمۇ، بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ:

«بۇلۇتلار يىغلىسا چىمەنلەر جەۋلان،
چىمەنلەر ئېچىلسا بۇلبۇل پەرىشان»،

«كىم چەكتى مۇشەققەت — خەزىنىسى مول،
كىم كىردى ئىرپانغا — دۇردانىسى مول.»

«تاقەتۇ سەۋرنىڭ ئاخىرى زەپەر،
غەزەپنىڭ ئىچىدە دائىمىي زەھەر»،

دېگەنگە ئوخشىغان ئېسىل تەپەككۇر دۇردانىلىرى ئىنسان روھىي ھەرىكىتىنىڭ مىزانى سۈپىتىدە ئۆز قىممىتىنى مەڭگۈ ساقلايدۇ.

تۆتىنچىدىن، رۇمى ئەسەرلىرى ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە. رۇمىنىڭ «مەسنەۋى شەرىف» داستانى زور مىقداردىكى فولكلور لىنىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرى ئارقىلىق، كۆمۈلۈپ قالغان ياكى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان قەدىمكى ئەل ئەدەبىياتىنى يېڭىباشتىن قۇتقۇزۇپ، توپلىغان ۋە تەرتىپكە سالغان. بىز رۇمى ئەسەرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇنىڭ سوفىزملىق ئىدىيىسىنى نەزەردىن ساقىت قىلساق، خۇددى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ دەل ئۆزىنى ئوقۇغاندەك ھېس قىلىمىز، ئۇنىڭدىن مول مەنىۋى چۈشەنچىلەرگە ۋە بەدىئىي زوققا ئىگە بولىمىز. بۇ ئەلۋەتتە ئىنتايىن قىممەتلىك.

رۇمى ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مەسنەۋىسى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، شەرق

ۋە غەرب كلاسسىك ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. شەرق كلاسسىكلىرى چوڭقۇر ھۆرمەت ھېسسىياتلىرى بىلەن رۇمىنى «ئەۋلىيا ئۇستاز»، «شائىرلارنىڭ پىرى» دەپ ھۆرمەتلىگەن بولسا، ئابدۇراخمان جامى ئۇنىڭ «مەسنەۋى شەرىف» داستانىنى «جەننەت تەسۋىرى»، «پارسلارنىڭ قۇرئانى» دەپ يۇقىرى باھالىغان. رۇمى ئەسەرلىرى غەرب تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن غەرب كلاسسىكلىرى ئارىسىدا زور قىزىقىش قوزغىغان. نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق زاتلار «مەسنەۋى شەرىف»نى «سوفىزىم ئېنسىكلوپېدىيىسى»①، «بىلىم دېڭىزى»② «غايىۋى ھايات سەپىرىنىڭ قىبلىنامىسى»③ دەپ تەرىپلىگەن. غەرب كلاسسىك پەيلاسوپلىرىدىن گېگىل (1770 — 1831)، بۈيۈك نېمىس شائىرى گېيوتې (1749 — 1832) قاتارلىقلار رۇمى شېئىرلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىغا ئەتراپلىق باھالارنى بەرگەن. گېگىل ئۆزىنىڭ «پەلسەپە پەنلىرى قامۇسى»، گېيوتې ئۆزىنىڭ «شەرق-غەرب دىۋانى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە رۇمىغا ئاتاپ مەخسۇس سەھىپىلەرنى ئېچىپ، رۇمى لىرىكىلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بارغان. گېيوتې رۇمىغا ئاتاپ ئالاھىدە قەسىدىلەرنى يېزىپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەرگەن.

جالالىددىن رۇمى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئوتتۇرا ئەسىر كلاسسىكلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ «مەسنەۋى شەرىف» داستانى خەلقىمىز ئىچىدە كەڭ تارقالغان ئەتىۋارلىق كىتابلاردىن بىرى. ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش تۈركىي مىللەتلەر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ رۇمىدىن كېيىنكى نامايەندىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك رۇمى مىراسلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇنى بېرىلىپ تەتقىق قىلغان، ئۇنىڭدىن ئىلھام ۋە ئۆرنەك ئالغان. رۇمىنىڭ «مەسنەۋى شەرىف» ۋە «شەمس تەبرىزى» قاتارلىق بۈيۈك ئەسەرلىرى تاكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى قولىدا ساقلىنىپ ۋە ئوقۇلۇپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، رۇمى ئەسەرلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىرچانلىق رولى تېخىمۇ نامايان بولماقتا.

①«چەت ئەل ئەدەبىيات تارىخى» 1-قىسىم، جىلىن خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل نەشرى، 202-بەت.

②«‹جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى› نىڭ چەت ئەل ئەدەبىياتى» قىسمى، 2-توم، 726-بەت.

③«ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1981-يىل نەشرى، 322-بەت.






# يەتتە چۆچەك

## ھاكاۋۇر ئېشەك

ئېشەك بىلەن كالا بىللە سەپەرگە چىقىپتۇ. ئېشەك ئىتتىك مېڭىپ، پات-پات ئارام ئېلىشقا، كالا سالماق قەدەم بىلەن بىر خىل مېڭىپ ئۆزىنى ھارغۇزماي يولنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشكە خۇشتار ئىكەن. ئېشەك يول يۈرۈش داۋامىدا كالىنىڭ ئالدىرىماي مېڭىشىدىن زېرىكىپتۇ-دە، ئۇنىڭغا ئۆزىنى بىر تونۇتۇپ قويۇشنى مەقسەت قىلىپ مېڭىشتا مۇسابىقىلىشىشنى ئېيتىپتۇ. كالا مەنزىلگە يېتىپ بېرىشتا ئېشەكتىن يېڭىلىپ قېلىشنى نومۇس بىلىپ، بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپتۇ، مۇسابىقە باشلىنىش بىلەنلا ئېشەك چىشلىرىنى ھىڭگايتقان، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتقان ھالدا جانجەھلى بىلەن چېپىشقا باشلاپتۇ. ئېشەك ھەش-پەش دېگۈچە كالىنى خېلىلا كەينىدە قالدۇرۇپ ئۇزاپ كېتىپتۇ. ئارقىدا قېپقالغان كالا بولسا ھېچقانداق مەيۇسلەنمەستىن سالماق قەدەمدە يولنى يۈرۈۋېرىپتۇ.

ئېشەك شۇ چاپقانچە بىرمۇنچە يول باسقاندىن كېيىن ھېرىپ، تەرلەپ كېتىپتۇ. ئۇ كەينىگە قاراپ كالىنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەندىن كېيىن: «مۇشۇ يەردە يېتىپ بىر دەم ئارام ئېلىۋالاي. كالا كەلگەندە يەنە چاپسام ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتەلەيمەن ۋە مەنزىلگە يەنىلا ئۇنىڭدىن بالدۇر يېتىپ بارالايمەن، كالا دېگەن مېنىڭ ئالدىمدا نېمىدى؟!» دەپ ئويلاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن كالا ئېشەكنىڭ ياتقان يېرىگە يېقىپ كەپتۇ:

— قوپ ئاداش، يول ماڭمىمىز. بولمىسا ئۇخلاپ قالىسەن، — دەپتۇ كالا ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ.

ئېشەك بۇ گەپكە پىسەنت قىلماپتۇدە، شۇ ياتقىنىچە قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئوزۇق ئىزدەپ يۈرگەن بىر بۆرە ئېشەكنىڭ ياتقان يېرىگە كەپقاپتۇ ۋە ئۇخلاۋاتقان ئېشەككە ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ مەززىلىك ئوزۇقىغا ئايلاندۇرۇپتۇ.

كالا تىرىشچانلىق ۋە بىر خىل سالماق قەدەم بىلەن يولنى داۋاملاشتۇرۇپ ئاخىرى كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ بېرىپتۇ.

## ۋاپادار يىگىت

بۇرۇنقى زاماندا كۇسەن دېگەن يۇرتتا بىر ۋاپادار يىگىت بولۇپ، ياشانغان ئانىسىنى كۆڭۈل قويۇپ بېقىپ كەلگەنىكەن. بىراق يۇرت ئاقساقىلىنىڭ ياشانغانلار بىلەن خۇشى يوق ئىكەن. شۇڭا ئۇ ياشانغانلارنىڭ ھەممىسىنى تاغ ئىچىگە سۈرگۈن قىلىش، باش تارتقانلارنى ئۆل-

تۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

يىگىت ئانىسىنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەپ، تاغ ئىچىگە ئاپىرىپ قويۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ ئانىسىنى يۈدۈپ تاغقا يامىشىپتۇ. ئانا ئوغلىنىڭ قايتقىچە ئېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دەرەخ شاخلىرىنى سۇندۇرۇپ يەرگە تاشلاپ مېڭىپتۇ.

يىگىت ئانىسىنى يالغۇز تاشلاپ كېتىشكە زادىلا كۆڭلى چىدىماي يوشۇرۇنچە يەنە ياندۇرۇپ ئەپكېلىپ گەمىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ.

دەل شۇ كۈنلەردە قوشنا يۇرتنىڭ ئاقساقىلى بۇ يۇرتنىڭ ئاقساقىلىغا بىر پارچە ئۇرۇش خېتى ئەۋەتىپتۇ. خەتتە: «ماڭا كۈلدىن بىر ئارغامچا لازىم. يەنە، بىر تال يىپنى ياقۇتنىڭ ئەگرى-بۈگرى تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىسەن. ناۋادا بۇ ئىشلارنى بېجىرەلمىسەڭ قوشۇن ئەۋەتىپ يۇرتۇڭنى تۈپتۈز قىلىۋېتىمەن» دېيىلگەنىكەن. يۇرت ئاقساقىلى دەرھال دانىشمەن مەسلىھەتچىلەرنى يىغىپ كېڭەشكەن بولسىمۇ ھېچقانداق ئامال تاپالماي، پۇقرالارنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشىنى سوراپ ئۇقتۇرۇش چىقىرىپتۇ. خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يىگىت ئانىسىدىن مەسلىھەت سوراپتۇ.

ئانىسى:

— ئارغامچىنى تۇز سۈيىگە چىلاپ ئاندىن ئۇنى ئوتتا كۆيدۈرسە، ئارغامچا ئۆز ئەسلىنى ساقلاپ قالىدۇ. ياقۇتنىڭ تۆشۈكىنىڭ بىر تەرىپىگە بىر ئاز ھەسەل سۈركەپ ئاندىن بىر تال يىپنى چۈمۈلىگە چىگىپ، ئۇنى ياقۇتنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قويۇپ بەرسە، چۈمۈلە ھەسەلنىڭ ھىدىنى پۇراپ، يىپنى سۆرىگەن پېتى تۆشۈكتىن چىقىدۇ، دەپتۇ.

يىگىت بۇ چارىلەرنى يۇرت ئاقساقىلىغا مەلۇم قىپتۇ. ئاقساقال خۇشال بولۇپ بۇ خەۋەرنى قوشنا يۇرتقا يەتكۈزۈپتۇ. دېگەندەك بۇ چارىلەر بۇ قېتىملىق ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئاپتۇ. يۇرت ئاقساقىلى بۇ يىگىتكە كۆپ رەھمەت ئېيتىپ، ھەرقانداق تەلىپى بولسا قاندۇرۇشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. يىگىت:

— بۇ ئەقىلنى ماڭا گەمىدە ياشاۋاتقان ئانام كۆرسەتكەن. ياشانغانلارنىڭ بىز بىلەن بىللە ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلىشلىرىنى سورايمەن، — دەپتۇ.

يۇرت ئاقساقىلى شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ سۈرگۈن قىلىنغان قېرىلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ يەردە ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەيدىغان كەيپىيات شەكىللىنىپ، كىشىلەر خاتىرجەم، بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

## ئامبالنىڭ چارىسى

بۇرۇنقى زاماندا بىر باي ئۆتكەن ئىكەن. بۇ باينىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. ئۇنىڭ مال-مۈلكى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياقۇتتىن ياسالغان بىر دانە شىرە بار ئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى باي ۋاپات بولۇپ كېتىپتۇ. ئاكا-ئۇكىلار ئاتىسىدىن قالغان مال-دۇنيانى تەڭ بۆلۈشۈپتۇ. لېكىن ھېلىقى ياقۇت شىرەنى بۆلۈشەلمەي جېدەللىشىپ ئامبالغا ئەرز قىلىپ بېرىپتۇ. ئامبال ئاكا-ئۇكىلارنىڭ ئەرز-شىكايىتىنى

ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلىگە بىر ئەقىل كەپتۇ-دە:

— سىلەر ھازىر قايتىپ كېتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىڭلار، شۇ چاغدا ھۆكۈم چىقىرىمەن، — دەپتۇ.

ئاكا-ئۇكىلار يامۇلدىن قايتىپ كېلىپ ياقۇت جوزىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن باش قاتۇرۇشۇپ، ھەر ئىككىلىسى «ئامبال پارا ئېلىشنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈشۈپتۇ. ئاكىسى ئالدىراپ-تېنەپ 10 سەر تەڭگىنى ئېلىپ، ئامبالغا يوشۇرۇن ئاپىرىپ بېرىپتۇ، ئۇكىسىمۇ ئاكىسىغا بىلدۈرمەي 15 سەر تەڭگىنى ئامبالغا بېرىپتۇ. ئۇلار يەنىلا بىر-بىرىنىڭ ئامبالغا ئارتۇق تەڭگە بېرىپ شىرەنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ ھەممە تەڭگىلىرىنى ئامبالغا بېرىپ تۈگىتىپتۇ. مۆھلەت توشقان كۈنى ئاكا-ئۇكا ئىككىسى ياقۇت شىرە ھەققىدىكى ھۆكۈمنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئامبالنىڭ ئالدىغا كىرىپ ماڭ-تاڭ قاپتۇ. چۈنكى ھۆكۈم زالىدا ياقۇت شىرەدىن ئىككىسى ۋە ئۈستىدە بىرمۇنچە تەڭگىلەر تۇرغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ئامبال:

— بۇ ئىككى شىرەنى بىردىن ئېلىڭلار، ئۈستىدىكى تەڭگىلەرنى يىغىپ بىرىڭلار ئېلىپ يەنە بىر شىرە سېتىۋېلىڭلار. ئۆيىدىكى ياقۇت شىرەنى يەنە بىرىڭلار ئېلىڭلار، — دەپ ھۆكۈم قىپتۇ. ئاكا-ئۇكا ئىككىسى ئامبالنىڭ ھۆكۈمىدىن ھەيران بولغان ئىكەن. ئامبال يەنە:

— ھەيران قالماڭلار، بۇ ئىككى ياقۇت شىرەنى سىلەرنىڭ ماڭا پارا ئۈچۈن بەرگەن تەڭگىلەرگە سېتىۋالدىم. قالغان تەڭگىلەر مانا شۇ، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ ھەم ئاخىرىدا، — ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، قېرىنداشلىق مېھرىنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. لېكىن، ياقۇت شىرە سېتىۋېلىش ئاسان. ئىناق ئۆتسەڭلار تېخىمۇ كۆپ بايلىققا ئېرىشىسىلەر، - دەپتۇ.

ئامبالنىڭ چارىسىدىن خۇشاللانغان ئاكا-ئۇكىلار قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۆز تەئەللۇقىنى ئېلىشىپ قايتىپتۇ ھەم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىر-بىرىگە ياردەم بېرىپ، ئىناق ئۆتۈپتۇ.

## ئالتۇن ئوقيا

بۇرۇن بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. پادىشاھ ئوغلىغا زور ئۈمىد باغلاپ، شۇ زامانىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئوغلىنى ئوقۇتقان بولسىمۇ شاھزادە بىلىم ئېلىشنى خالىمىغاچقا، ھورۇن ۋە نادان پېتىچە چوڭ بوپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ ئاغرىپ قاپتۇ-دە، ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، ياشلىقىڭدا ئۆگەنمىدىڭ، مەندىن كېيىن قالساڭ دۆلەتنى قانداقمۇ باشقۇرارسەن؟ مەن كۆز يۇمغاندىن كېيىن ھايات ۋاقتىمدىكى دۈشمەنلىرىمىز ئېلىمىزگە ھۇجۇم قىلىشى ئېھتىمال. مەن ساڭا شۇنداق بىر چارە ئۆگىتەي، تەگرىتاغدىكى غارغا بىر ئوقيا قويۇپ قويغان ئىدىم. ئۇ بىر خاسىيەتلىك ئوقيا. سەن ئۇنى قولغا چۈشۈرسەڭ ياۋنى تارمار قىلالايسەن، — دەپتۇ ۋە بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىپتۇ.

شاھزادە تەختكە چىققاندىن كېيىن دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرالماي قاپتۇ. قوشنا دۆلەتنىڭ پادىشاھى بۇ ئەلگە ھۇجۇم

قىلىپتۇ، دۈشمەنـنىڭ ھۇجۇمىـغا تاقابىل
تۇرالمىغان پادىشاھ دادىسىنىڭ ۋەسىيە-
تىنى ئېسىگە ئاپتۇ ۋە تەگرىتاغدىكى غارغا
قاراپ يول ئاپتۇ. لېكىن ئاسـمان پەلەك
تەگرى تېغىغا چىقماق بەكمۇ تـەس ئـى-
كەن. بولۇپمۇ ھورۇن پادىشاھقا بۇ ئىش
ئوڭاي توختىـماپتۇ. لېكـىن ئۇ دۆلـەت،
خەلق، تاجۇ-تـەختنى ئويلاپتۇ-دە، تاش-
تىن-تاشقا يامىشىپ يەتتە كېـچە-كۈن-
دۈزدە تاغدىكى غارغا يېتىپتۇ ۋە شۇئان
ھوشىدىن كېتىپ قاپتۇ. بىر چاغدا ئۇ ھو-
شىغا كېلىپ غارغا كىرىپـتۇ ۋە غـاردىكى
ۋال-ۋۇل چاقناپ تۇرغان ئالتۇن ئوقياغا
كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇ ئالتۇن ئوقيـانى ھەم
بىر خالتا ئىچىدىكى لىقمۇ لىق ئوقنى قو-
لىغا ئاپتۇ-دە، ئۈچ كېچە-كۈندۈزدە تاغ-
دىن ئاران چۈشۈپ، ئۆز شەھىرىگە قاراپ
يول ئاپتۇ. بۇ چاغدا دۈشمەنـلەر ئاللىقا-
چان شەھەرنى بېسىۋالغان ئىكەن. لېكىن
شاھزادە ئوقيانى قانداق ئېتىشنىمۇ بىل-
مەيدىكەن. ئۇ ھېچ ئىلاج تاپالماي تىت-
تىت بولۇپ تۇرغىنىدا، شەھەردىن قېچىپ
چىققان بىر بوۋاي:
— ھەي ئەخمەق، نادانلىقىڭ، ھورۇن-
لۇقۇڭ ئەلنىڭ بېشىـغا چىقتى. قولـۇڭدا
ئەڭ ئاخىرقى ئامال تۇرۇپتۇ. پۈتـۈن ۋۇ-
جۇدۇڭ بىلەن يانى كېرىپ، ئوقنى دۈش-
مەنگە قارىتىپ دەلـلەپ ئات، — دەپـتۇ.
شاھزادە بوۋاينىڭ ئېيتقىنى بويىچە دۈش-
مەنگە قارىتىپ ئوق ئۈزۈپتۇ. شۇ ھامـان
بىر تال ئوق مىڭ تالغا ئايلىنىپ ۋىژىل-
داپ ئۇچۇپ بېرىپ دۈشمەننى يەر چىش-
لىتىپتۇ. بۇ كارامەتنى كۆرگەن شـاھزادە
يەنە بىر تال ئوق ئۈزۈپتۇ. شەھەر خەلقى-
مۇ قولىغا نېمە چىقسا شـۇنى ئېلىپ بىر
ياقىدىن باش چىقىرىپ شاھزادىگە ياردەم-
لىشىپتۇ. ھېلىقى قېرى بوۋايمۇ شاھزاد-
گە ئەقىل كۆرسىتىپتۇ. ئاخىرى دۈشمەن-
لەرنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، قالغىنى قېچىپ
كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ پادىشاھ
ئالدىنقى ئىشلارنى تەجرىبە قىلىپ، ھو-
رۇنلۇقنى تاشلاپ، ئۆلىمالارنى تەكلىپ قى-
لىپ تىرىشىپ ئۆگىنىپتۇ ۋە ھەرقانـداق
جاپا-مۇشەققەتنى يېـڭىپ ئـۆز دۆلىتىنى
گۈللەندۈرۈپتۇ. خەلقى روناق تېپىپ خا-
تىرجەم بوپتۇ.

### ئەڭ قىممەتلىك بايلىق

قەدىمكى زاماندا ئەخمـەت ۋە تاش-
مەت ئىسىملىك ئىككى بالا ئۆتـكەنىكەن.
ئەخمەت ئەقىللىق، ئويلاپ ئىش قىلىدىغان
بالا ئىكەن. ئەگەر بىرەر يـەردە بىر تال
دان ياكى نان ئۇۋىقىـنى كـۆرۈپ قالسا
ئۇنى دەررۇ ئېلىپلا توخۇ، قۇشلارغا بېرى-
دىكەن. ئۆزى يەپ بىر چىشلەم نان ئې-
شىپ قالسىمۇ ئۇنى ئاۋايـلاپ ئوراپ قو-
يۇپ،قورسىقى ئاچقاندا يەيدىكەن.
تاشمەت بولسا ئۇنىڭ ئەكسىنى قىلى-
دىكەن، قورسىقى تويـسا ئېشـىپ قالغان
ناننى توغرا كەلگەن يەرگە تاشلىۋېتىدىكەن.
بىر كۈنى ئەخمەت تاشمەتكە:
— مۇشۇنداق قىلغىنىڭ ياخشى ئەمەس.
نان ئەڭ قىممەتلىك نەرسە، — دەپتۇ.
— ياق، — دەپتۇ تاشمەت، — ئەڭ قىم-
مەتلىك نەرسە گۆھەرغۇ!
— ياق، نان!
— ياق، گۆھەر!
— بولمىسا يۈر ھەممە ياقنى ئايلى-
نىمىز، ئەڭ قىممەتلىك نەرسە نېمە ئى-

كەلىمىسنى سۈرۈشتۈرىمىز ۋە ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ كېلىمىز، — دەپتۇ ئەخمەت.

تاشمەت ماقۇل بوپتۇ. ھەر ئىككىلىسى بەلبېغىغا تۆتتىن توقاچ تۈگۈپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن يوللارنى بېسىپتۇ. قورساقلىرى ناھايىتى ئېچىپ بىر دەرەخ تۈۋىدە توختاپتۇ. بەلبېغىنى يېشىپ ھەر ئىككىلىسى ئۆز نېنىنى ئۇشتۇپتۇ. شۇ چاغدا يەنە ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئۈستىدە تالىشىپتۇ.

— نان قىممەتلىك، — دەپتۇ ئەخمەت.

گۆھەر، — دەپتۇ ناننى چىشلەپ تۇرغان تاشمەت، — قېنى ئەمدى ھەممە نەرسە گۆھەر بولۇپ قالسا تازا قىزىق بولاتتى.

شۇ پەيتتە دەرەختە بىر قۇش ئۇچۇپ كېلىپ قونۇپتۇ-دە، تىلغا كىرىپ:

— مەيلى، سېنىڭ ئېيتقىنىڭدەك بولسۇن. ھەممە نەرسەڭ گۆھەر بولۇپ قالسۇن! — دەپتۇ.

شۇ ھامانلا تاشمەتنىڭ ئاغزىدىكى نان شاراق-شۇرۇق قىلىپ، چىشلىرىنى سۇندۇرۇۋەتكىلى تاس قاپتۇ. تاشمەت باشقا توقاچنى ئېلىپ ئۇشتاي دېسە ئۇشتالماپتۇ. ئۇلارمۇ گۆھەرگە ئايلىنىپ كەتكەنىكەن. بۇلار يالت-يۇلت قىلارمىش. ئەخمەت بولسا ئۆزىنىڭ نېنىنى يەۋېرىپتۇ. ئۇ:

— ئالغىن، مېنىڭ نېنىمدىن يېگىن، — دەپتۇ تاشمەتكە. تاشمەت ئۇنىڭ نېنىدىن بىر چىشلەم ئېلىپ ئاغزىغا سالغانىكەن، بۇ نانمۇ گۆھەر بولۇپ قاپتۇ. تاشمەت ئاچلىقتىن يىغلىۋېتىپتۇ.

— خوش، — دەپتۇ ئەخمەت، — ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە نېمە ئىكەن؟

— ئەمدى بىلدىم. ئەڭ قىممەتلىك نەرسە نان ئىكەن، — دەپتۇ تاشمەت. شۇ پەيتتە سېھىرگەر قۇش تىلغا كىرىپ يەنە سۆزلەپتۇ:

— ھەممە نەرسە ئۆز ئەسلىگە كەلسۇن! تاشمەتنىڭ ئاغزىدىكى گۆھەر يەنە باشقىدىن نانغا ئايلىنىپتۇ. تاشمەت ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئىككى دوست ئوتتۇرىسىدىكى تالىشىشنىڭ سىرى ئېچىلىپتۇ. ئۇلار ئامان-ئېسەن ئۆيلىرىگە قايتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ تاشمەت ناننى بەك ئەزىزلەيدىغان بوپتۇ.

## يوغانچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئادىللىق بىلەن شەھەر سورىغاچقا، يۇرتى ئاۋات، خەلقى خۇشال-خۇرام تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. بىراق بۇ شەھەردە شەھەرلىكلەر يېزىلىقلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان بىر خىل يامان ئادەت بار ئىكەن. يېزىلىقلارنى كۆرگەندە ھە دېسىلا «ئوماچ تاۋاق سەھرالىق» دەپ زاڭلىق قىلىدىكەن.

بىر كۈنى بىر دېھقاننىڭ بالىسى سودىلىق قىلغىلى شەھەرگە يول ئاپتۇ. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۆيدىن بىر بالا چىقىپ:

— ھەي ئوماچ تاۋاق سەھرالىق، نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ زاڭلىق قىپتۇ. سەھرالىق بالا ئېغىر-بېسىق بولۇپ يولغا مېڭىۋەرگەن بولسىمۇ، ھېلىقى شەھەرلىك بالا ئۆزىنى سورىماي زاڭلىق

قىلمۇۋېرىپتۇ. سەھەرلىق بالا ئاچچىقىنى باسالماي:

— ھە، نېمە دەيسەن؟ مەن ئۇماچ ئىچمىدىغان سەھەرلىق ئىكەنمەن. سەن پولو يەيدىغان شەھەرلىك ئىكەنسەن. قېنى بىر سىنىشىپ باقمايلىمۇ؟ قايسىمىزنىڭ كۈچى كۆپ؟ — دەپتۇ. شەھەرلىك بالا كۆڭلىدە: «ئۇ قانچىلىك نېمىدى، بەربىر مەن ئۇنى يېڭىمەنغۇ» دەپ ئويلاپ ماقۇل كەپتۇ. ئىككىسى چاپاننى سېلىپ چېلىشىشقا باشلاپتۇ. چېلىشا-چېلىشا ئاخىرى سەھەرلىق بالا شەھەرلىك بالىنى يېڭىپتۇ. شەھەرلىك بالا ئولىشىپ كەتكەن كىشىلەر ئارىسىدا ئىزا-ئاھانەتكە قاپتۇ.

بۇ چاغدا شىكاردىن قايتىپ كېلىۋاتقان پادىشاھ يىراقتا ئولىشىۋالغان ئادەملەرنى كۆرۈپ نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن بىر نەۋكەرنى ئەۋەتىپتۇ. ئەھۋال ئۇقۇلغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئىككى بالىنى ئالدىغا چاقىرتقۇزۇپ، شەھەرلىك بالىنى سەھەرلىق بالىدىن ئەپۇ سوراشقا ۋە ئۇنىڭغا ئىككى تىللا پۇل تۆلەشكە بۇيرۇپتۇ. ئاندىن پۈتۈن شەھەرلىكنىڭ سەھەرلىقلارنى مەسخىرە قىلماي، ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتۈشى كېرەكلىكىنى جاكارلاپتۇ.

## بەخت قۇشى

بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ توق ئىكەن. بۇرۇنقى راماندا بىر دۆلەتمەن ئائىلە بولغانىكەن. بۇ ئائىلە كۆپ بالا-چاقىلىق، نەۋرە-چەۋرىلىك بولۇپ، ئۇزۇن زامان خۇشال-خۇرام، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەپتۇ. چۈنكى بۇ ئائىلىگە بەخت قۇشى كېلىپ قونۇپ، ئۇزۇن يىل كەتمەي تۇرغانىكەن. بىر كۈنى بەخت قۇشى شۇ ئائىلىنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان ئاقساقال بوۋايغا:

— مەن سىلەرنىڭ ئائىلەڭلەردە ئۇزۇن يىل تۇردۇم. بىر جايدا ئۇزۇن تۇرۇۋېرىپ زېرىكىپ قالدىم. جاھاننى سایاھەت قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ. مەن سىلەردىن كەتمەكچى بولۇۋاتىمەن، ئەمدى مېنىڭدىن سوراپ ئېلىپ قالىدىغان نەرسەڭلەر بولسا سوراڭلار، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا ماڭا ئۈچ كۈن مۆھلەت بەرسىلە، مەن خوتۇنۇم، بالا-چاقا، نەۋرە-چەۋرىلىرىم بىلەن باش قوشۇپ مەسلىھەتلىشىپ مۇۋاپىق جاۋاب بېرەي، — دەپتۇ بوۋاي.

بوۋاي خوتۇن-بالىلىرى ۋە نەۋرە-چەۋرىلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، ئۇلارغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، بەخت قۇشىدىن سوراپ ئېلىپ قالىدىغان نەرسىلەرنى دېيىشكە باشلاپتۇ.

— بىر ئوغلى:

— تۆت تۈرلۈك چارۋا مال سورايلى، دەپتۇ. يەنە بىر ئوغلى:

— ياق، يەر-زېمىن، سوقا-تۆگمەن، باغ-ۋاران ئالايلى، — دېسە، يەنە بىر قىزى:

— كاتتا، خىلمۇ خىل مال بىلەن تولغان دۇكان سورايلى، — دەپتۇ. كىچىك قىزى:

— ھەممىدىن ئېسىل نەرسە ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىت، بىز شۇنى سورايلى، — دەپتۇ. ئۇلار ئىككى كۈن

تالاش-تارتىش قىلىپ، ھېچنەرسىدە بىرلىككە كېلەلمەپتۇ.

بوۋاي ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ خىيال دەرياسىنى بويلاپ توختاپ:

— ھەي خوتۇن، بۇ مەسلىھەتكە قاتناشمىغانلار بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

خوتۇنى:

— يېڭى چۈشكەن كېلىن قاتناشمىدى، — دەپتۇ.

— ئۇنىمۇ چاقىرىڭلار، — دەپتۇ بوۋاي. شۇنىڭ بىلەن يېڭى كېلىن چاقىرىلغاندىن كېيىن، نەچچە كۈندىن بۇيان بولغان ئەھۋالنى كېلىنگە ئۇقتۇرۇپ:

— بەخت قۇشىدىن نېمىلەرنى سوراپ ئالساق بولار؟ — دەپ سوراپتۇ.

يېڭى كېلىن كۆپ ئويلانمايلا:

— بىز بەخت قۇشىدىن ئىتتىپاقلىقنى ئىنئام قىلىشنى سورايلى. ئىتتىپاق بولساق، ھەممە ئىشىمىز راۋاج تاپىدۇ، ئائىلىمىزگە بەرىكەت ياغىدۇ، جېدەل-ماجىرالاردىن خالىي بولۇپ، يەنىلا ھازىرقىدەك بەختلىك ياشايمىز، — دەپتۇ. بوۋاي ئىنتايىن خۇشال بولۇپ:

— مانا ئەمدى بەخت قۇشىدىن سوراپ ئالىدىغان ئەڭگۈشتەر تېپىلدى، — دەپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى بەخت قۇشى بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھە، سىلەر مەندىن نېمىنى سوراپ ئالماقچى بولدۇڭلار؟ — دەپتىكەن، بوۋاي:

— بىز سىلىدىن ئىتتىپاقلىقنى ھەدىيە قىلىپ كەتسىلە دېگەن پىكىرگە كەلدۇق، — دەپتۇ. بەخت قۇشى:

— مېنىڭمۇ سىلەردىن ئېلىپ كەتمەكچى بولغىنىم دەل شۇ ئىتتىپاقلىق ئىدى. بۇنى يەنە سورىساڭلار مەن سىلەرگە بېرەي. مەنمۇ سىلەرنىڭ ئائىلەڭلەردىن كەتمەي. چۈنكى ئىتتىپاقلىقنىڭ ئۆزى بەخت. مەن ئۇنى سىلەرگە تاشلاپ بېرىپ كېتەلمەيمەن، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بەخت قۇشى بۇ ئائىلىدىن كەتمەي يەنە تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ چوڭ ئائىلە يەنىلا مەڭگۈ بەختلىك، خۇشال-خۇرام، ئىناق تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئارزۇ-ئارمانلىرىغا يېتىپتۇ.

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: پازىل قادىر، مەمتىمىن ياسىن



# ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر

## ئادىل ۋەزىر

ئىران شاھلىرىدىن بىرىنىڭ ئابدۇللا دېگەن دانا ۋەزىرى بار ئىكەن. ئۇ باشقا ئىشلارغا مەلىكە بولۇپ قېلىپ پادىشاھنىڭ يېنىغا بىر يىلغىچە كىرمەپتۇ. شۇ چاغلاردا خەلق ئىچىدە تىنچسىزلىق باشلىنىپ قالغانىكەن.

ئابدۇللا بىر يىلدىن كېيىن پادىشاھنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىۋاتقىنىدا خەلق ئۇنى يولدا توسۇۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى يۈگۈرگىنىچە كېلىپ ۋەزىرنىڭ ساقىلىدىن تۇتۇپ سىلكىشلەپتۇ، بەزىلەر ئۇنى ئاجرىتىپ قويۇپتۇ. ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا تەستە يېتىپ كەپتۇ ۋە پادىشاھتىن خەلقنىڭ دەردىگە يېتىشنى، ئۆزىگە ئەدەبسىزلىك قىلغان ھېلىقى كىشىگە جازا بەرمەسلىكنى ئۆتۈنۈپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئابدۇللا ۋەزىرنىڭ يېنىغا بىر سودىگەر كىرىپ كەپتۇ ۋە ئەھۋالنى ئېيتىپ، مۇنداق دەپتۇ:

— تۈنۈگۈن سىزنىڭ ساقىلىڭىزدىن تۇتۇپ سىلكىشلىگەن كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سىزگە ئېيتىپ قويۇشقا كەلدىم. ئۇ مېنىڭ قوشنام، ئىسمى سادىق، ئۇنىڭغا جازا بېرىلىشى كېرەك.

ئابدۇللا بۇ سودىگەرگە ئۆز لايىقىدا سۆز قىلىپ قايتۇرۇپتۇ. ۋەزىر بىر خىزمەتكارنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا سادىقنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي قورققىنىدىن رەڭگى-رويى ئۆچكەن سادىقنى ئېلىپ كەپتۇ. سادىق ۋەزىرنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، گۇناھىنى تىلەپتۇ. ۋەزىر سادىقنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپتۇ. ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، مۇنداق دەپتۇ:

— مەن سېنى جازالاش ئۈچۈن ئەمەس، سودىگەر قوشنىڭنىڭ ئۇسال ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن چاقىرتتىم. ئۇ قوشناڭ چېقىمچى، ئىغۋاگەر ئادەم ئىكەن. بايا ئۇ مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ سەن توغرىلىق چېقىمچىلىق قىلدى. سەن بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزەڭگە ئېھتىيات قىل، ئۇ قوشناڭدىن ھەزەر ئەيلە.

## تۆھمەتچى ۋە شاتۇتلار

ئەل ئىچىدە ئۇلۇغ شۆھرەت قازانغان ھاكىمنىڭ گۈزەل، ئىپپەتلىك، نومۇسچان بىر ئايالى بار ئىكەن. ھاكىمنىڭ قۇشىنى باققۇچى قۇشبېگى ئۆز خوجىسىنىڭ شۇ ئايالىغا سىرتتىن

ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭۈل قۇشى ئايالىنىڭ ئىشق تورىغا ئىلىنىپتۇ. خىزمەتكار ۋىسال ئىشىكىنى قانچە قاقسىمۇ، ئىشىك ئېچىلماپتۇ. ئۇنىڭ ئەپسۇن ۋە ئەپسانىلىرى ئۇ ئىپپەتلىك، نومۇسلۇق ئايالغا كار قىلماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھاكىمنىڭ بۇ پاك ۋە ساپ ئايالىنى تۆھمەت قاپقىنىغا دەسسىتىشكە ئورۇنۇپتۇ. شۇ نىيەت بىلەن بازاردىن ئىككى تۇتى قۇش سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىرىگە «مەن ھاكىمنىڭ ئايالىنىڭ قاراۋۇل بىلەن ئۆيدە ياتقانلىقىنى كۆردۈم» دېگەن سۆزنى، يەنە بىرىگە: «مەن ھېچنىمە دېمەيمەن» دېگەن سۆزنى بەلخ تىلىدا سۆزلەشنى ئۆگىتىپتۇ. شاتۇتىلار بىر ھەپتىدىلا بۇ سۆزلەرنى يادلىۋاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قۇشبېگى بۇ شاتۇتىلارنى ھاكىمغا تەقدىم قىپتۇ.

شاتۇتىلار ئۆگەنگەن شۇ سۆزلەرنى خۇش ئاۋازدا ئېيتىۋېرىپتۇ. ھاكىم بەلخ تىلىنى بىلمەيدىكەن. لېكىن ئۇ شاتۇتىلارنىڭ خۇش ئاۋازىغا مەھلىيا بولۇپ، ئۇلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپتۇ. ئايال بىچارىمۇ شاتۇتىلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەي، بۇ ئىككى جانىۋارنى ياخشى بېقىپتۇ.

بىر كۈنى ھاكىمغا بەلخلىق بىر نەچچە كىشى مېھمان بولۇپ كېلىپ قاپتۇ. شاتۇتىلار ئۆگەنگەن سۆزلىرىنى تەكرارلاپتۇ. مېھمانلار بىر-بىرىگە قارىشىپ بېشىنى تۆۋەن سېلىشقىنىچە جىم بولۇشۇپ قاپتۇ. ھاكىم مېھمانلارنىڭ بۇ ھالىتىنى سېزىپ، ئۇلاردىن نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ. مېھمانلاردىن بىرى ھاكىمغا شاتۇتىلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. ھاكىم شۇئان تاماقتىن قولىنى تارتىپ:

— ئەزىز مېھمانلار، كەچۈرۈڭلار، مەن شۇۋاقىقا قەدەر شاتۇتىلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگەنىدىم، بۈگۈن ئۇنى ئۇقتۇم. سىلەرگە رەھمەت. بىزنىڭ رەسمىي-يوسۇنىمىز بويىچە بۇزۇق ئايال ئەتكەن تاماقنى يېيىشكە بولمايدۇ، — دەپتۇ.

شۇ چاغدا تۆھمەتچى قۇشبېگى سىرتتىن: — ئايالىڭىزنىڭ قاراۋۇل بىلەن بىر ئۆيدە ياتقانلىقىنى مەنمۇ بىرنەچچە قېتىم كۆرگەنىدىم، — دەپ گۇۋاھلىق بېرىپتۇ.

ھاكىم ئايالىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئىپپەتلىك ئايال ئېرىگە بىر كىشى ئارقىلىق: «مۆھتەرەم ھاكىم، مېنى ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىماڭ، ئاۋال ياخشىراق ئويلىنىڭ. ئەگەر تەكشۈرۈشتە گۇناھىم بارلىقى ئىسپاتلانسا، ئۆلۈشكە رازىمەن. دەلىل-ئىسپاتسىز ئۆلتۈرسىڭىز، ئۇۋالىمغا قالىسىز» دەپ خەۋەر ئەۋەتىپتۇ.

ھاكىم ئايالىنى چاقىرتىپ:

— شاتۇتىلار ئادەم نەسلىدىن ئەمەس، ئۇلار مەلۇم غەرەز بىلەن سۆزلەشمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇشبېگىمۇ گۇۋاھلىق بەردى، — دەپتۇ.

ئايال ھاكىمغا مۇنداق دەپتۇ:

— بەلخلىق مېھمانلاردىن سوراپ بېقىڭ، شاتۇتىلار ئاشۇ سۆزلەردىن باشقا سۆزلەرنىمۇ بىلەمدىكەن؟ ئۇ نائىنساپ قۇشبېگىنىڭ ئىپلاس نەپسى مەندىن سۇ ئىچمىگەنلىكى ئۈچۈن شاتۇتىلارغا ئاشۇ بولمىغۇر سۆزلەرنى

ئۆگىتىپ، مېنىڭدىن ئۈچ ئالماقچى بولغان ئوخشايدۇ. ئەگەر شاتۇتىلار باشقا سۆزلەرنىمۇ سۆزلىيەلىسە، ئۇ چاغدا مېنى ئۆلتۈرسىڭىز رازىمەن.

ئايالنىڭ پىكرىگە ھەممەيلەن قايىل بوپتۇ. ھاكىممۇ، مېھمانلارمۇ شاتۇتىلارنى بىرنەچچە كۈن كۆزەتمەكچى بولۇشۇپتۇ. ئەمما ئۇلار بۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە شاتۇتىلاردىن ھېلىقى ئىككى جۈملە سۆزدىن باشقا سۆزنى ئاڭلىماپتۇ، ھاكىم ۋە مېھمانلار ئايالنىڭ ساپ، پاكلىقىغا ئىشىنىپتۇ. ھاكىم ھېلىقى تۆھمەتچى قۇشبېگىنى چاقىرتىپ كەپتۇ. ئايال نائىنساپ تۆھمەتچىگە:

— ھەي ئىپلاس زالىم، مەن بۇ گۇناھنى ئۆتكۈزگەندە سەن راست كۆرگەنمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. قۇشبېگى «كۆردۈم» دەپ ئۆزىنى ئاقلىماقچى بوپتىكەن، قولىغا قوندۇرۇۋالغان قۇشى ئۆتكۈر تۇمشۇقى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىنى بىرلا چوقۇپ كور قىلىپ قويۇپتۇ. تۆھمەتچى تېگىشلىك جازاسىنى تارتىپتۇ.

## ئاتىنىڭ ۋەسىيىتى

باغدات شەھرىدە ئابدۇللا ئىسىملىك خەيرى-ساخاۋەتلىك، مېھرى-شەپقەتلىك، ئادالەتپەرۋەر بىر كىشى بولغان ئىكەن. ئۇ ئالدىغا ياردەم سوراپ كەلگەن ھەرقانداق ئادەمنى قۇرۇق قول قايتۇرمايدىكەن. شۇ ۋەجىدىن بۇ ئادەمنىڭ خەلق ئىچىدە ئىناۋىتى يۇقىرى ئىكەن.

ئابدۇللانىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، بۇلارغا ئاتاپ قويغان ئىككى قورۇ جاي بىلەن ناھايىتى گۈزەل بىر بېغى بار ئىكەن.

بىر كۈنى ئابدۇللا بالىلىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا:

— بالىلىرىم، مەن ئەمدى قېرىدىم، كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا قولۇمدا بار بولغان قورۇ-جاي بىلەن باغنى سىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرەي، ئۆز ئارا كېلىشىپ، بىرىڭلار باغنى، ئىككىڭلار بىردىن قورا-جاي ئېلىڭلار، — دەپتۇ. بالىلارنىڭ ھەممىسى باغنى تالىشىپتۇ. ئابدۇللا بالىلىرىنىڭ كېلىشەلمەيۋاتقىنىنى كۆرۈپ بىر ئويغا كەپتۇ-دە، بالىلىرىغا دەپتۇ:

— بالىلىرىم، سىلەر ساياھەتكە چىقىپ، جاھان كېزىپ كېلىڭلار، قايسىڭلار ماڭا ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئېلىپ كېلەلىسەڭلار، باغنى شۇنىڭغا بېرىمەن.

ئۈچ بالا ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئىزدەش ئۈچۈن ساياھەتكە چىقىپ كېتىپتۇ. چوڭ ئوغلى بىرنەچچە ئاي سەرسان ۋە سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، بىر ئەرەب قەبىلىسى بار جايغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ بۇ يەرنىڭ باشلىقى بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭغا بىرمۇنچە نەرسىنى تەقدىم قىپتۇ. كېيىن ئۇنىڭدىن قولىدىكى ياقۇتنى خاتىرە ئۈچۈن بېرىشنى سوراپتۇ. قەبىلە باشلىقى ماقۇل بولۇپ، قولىدىن ئۈزۈكنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. ئۇ خۇشاللىقىدا ئۇدۇل ئۆيىگە يول ئاپتۇ.

ئابدۇللا چوڭ ئوغلى ئېلىپ كەلگەن ياقۇتنى كۆرۈپ:

— ھەقىقەتەنمۇ قىممەت باھالىق ياقۇت ئېلىپ كەپسەن. ئەمدى سەۋر قىل. ئىنىلىرىڭنىڭ قانچىلىك نەرسە ئېلىپ كېلىشىنى كۆرۈپ باقايلى، — دەپتۇ.

ئوتتۇرانچى ئوغلىمۇ جاھاندا قىممەت باھالىق نەرسە ئىزدەپ، بىر دېڭىز بويىغا كېلىپ قاپتۇ. بۇ يەردىكى غەۋۋاسلار دېڭىز تېگىگە شۇڭغۇپ، ھەر خىل ئېسىل ۋە قىممەت باھالىق تاشلارنى سۈزۈپ چىقىدىكەن. ئۇ غەۋۋاسلارغا ئۆز ئەھۋالى ۋە مەقسىتىنى ئېيتىپ ئۇلاردىن ياردەم قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. غەۋۋاسلار بۇنىڭ تىلىكىنى ماقۇل كۆرۈپ ئۇنىڭغا بىر دانە قىممەت باھالىق ئېسىل تاش تەقدىم قىپتۇ.

دېڭىزدىن سۈزۈۋېلىنغان بۇنداق ئېسىل تاشلارنىڭ ئۈستىنى تازىلاپ، سىلىقداپ، ھەل بېرىپ پارقىرىتىش تەلەپ قىلىنىدىكەن. شۇڭا ئۇ تاشنى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپ، بىر ئۇستىغا شاگىرتلىققا كىرىپ، تاش تازىلاشنى، ھەل بېرىشنى ئۆگىنىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ھېلىقى ئېسىل تېشىنى كۆڭۈلدىكىدەك تازىلاپ، ھەل بېرىپ، ئاندىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپتۇ. ئۆيىگە كېلىش بىلەنلا ئېلىپ كەلگەن ئېسىل تاشنى دادىسىغا تاپشۇرۇپتۇ. بوۋاي ئوغلىنىڭ بۇ سوۋغىسىنى كۆرۈپ:

— ئوغلۇم، سېنىڭ ئېلىپ كەلگەن بۇ سوۋغاڭمۇ ھەقىقەتەن ئېسىل ئىكەن. ئەمدى ئىنىڭلارنىڭ نېمە ئېلىپ كېلىشىنى كۈتەيلى، — دەپتۇ.

كەنجى ئوغلى ئالتە ئاي سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، ھېچنەدىن كۆڭۈلگە ياققۇدەك ئېسىل تاش تاپالماي، ئاخىرى ئۈمىدسىز ھالدا ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇ ھېرىپ كەتكەنلىكتىن ئۆيىگە يېقىن قالغاندا بىرئاز ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن بىر كىشىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا ھويلىدىن يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ، يوچۇقتىن ھويلا ئىچىگە قاراپتۇ.

ھويلا ئوتتۇرىسىدا بىر ئۆلۈك كالا ياتقان، ئۈچ كىچىك بالا كالىنى قۇچاقلاپ يىغلاۋاتقانىكەن. ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ كۆز يېشى قىلىشىۋاتقانىكەن. كەنجى ئوغۇل ئۇلارنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھالىغا چىداپ تۇرالماي، دەرۋازىنى ئېچىپ ھويلىغا كىرىپتۇ. قورۇ ئىگىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇ يىغىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. قورۇ ئىگىسى كۆز ياشلىرىنى تۆككەن ھالدا ئۆز ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپتۇ:

— بىز بىر نامرات ئائىلە ئىدۇق. دۇنيالىقتا مۇشۇ بىر كالىدىن باشقا ھېچنەرسىمىز يوق. مۇشۇ كالىنىڭ سۈتى بىلەن كۈن كۆرۈپ كېلىۋاتاتتۇق. بۈگۈن بۇ كالا ئۆلۈپ قالدى. ئەمدى نېمە قىلىشىمىزنى بىلەلمەي يىغلاۋاتىمىز.

كەنجى ئوغۇل ئۇلارنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ. ئۇ كىچىك بالىلارنىڭ باش كۆزلىرىنى سىلاپ، ئۇلارغا ۋە ئاتا-ئانىسىغا تەسەللىي بېرىپتۇ. ئاندىن قورۇ ئىگىسىنى باشلاپ توپتوغرا مال بازىرىغا قاراپ مېڭىپتۇ. كەنجى ئوغۇل بازاردىن ئەڭ ياخشى بىر سىيىرنى تاللاپ سېتىۋاپتۇ. نان، گۈرۈچ، ماي، ئۇن قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ ئېلىپ، قايتىپ كەپتۇ.

بۇ كەمبەغەل بىچارىلەر ئالىيجاناب بۇ يىگىتنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنى تۇتالماي يىغلاپ كېتىشىپتۇ. يىگىت ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىپ، ئاندىن ئۆز ئۆيىگە قايتىپتۇ.

كەنجى ئوغۇل ئۆيىگە قۇرۇق قول قايتىپتۇ. ئاتا-ئانا، ئاكىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئاتىسى ئوغلىغا زەن سېلىپ قاراپ، ئۇنىڭ مۈرىلىرىدە يالتىراپ تۇرغان ھېلىقى كەمبەغەلنىڭ ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ كۆز ياشلىرىنى كۆرۈپ:

— سەنمۇ ئېسىل، قىممەت باھالىق تاش ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟ مۈرىلىرىڭدە پارقىراپ تۇرغان نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئوغلى ئۇنداق ئېسىل نەرسە ئېلىپ كېلەلمىگەنلىكىنى، مۈرىسىدىكى پارقىراپ تۇرغان كەمبەغەل ئائىلىدىكىلەرنىڭ كۆز يېشى ئىكەنلىكىنى جەريانى بىلەن ئېيتىپ بېرىپتۇ.

ئابدۇللا كىچىك ئوغلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ ئالىيجاناب ئوغلىنى قۇچاقلاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ھەي ئالىيجاناب، مۇرۇۋۋەتلىك ئوغلۇم، سەن ئۇ بىچارىلەرگە ياردەم قىلىپ، ئىنسانىي ۋەزىپەڭنى ئادا قىپسەن. ئادەملەرنىڭ بىر-بىرىگە دوست-بۇرادەر ئىكەنلىكىنى، ئادالەتپەرۋەر بولۇش لازىملىقىنى ئاشۇ ئىشىڭ بىلەن كۆرسىتىپسەن، مەن سەندىن رازى. ماڭا بىر بىچارە ئاجىز كىشىنىڭ خۇشاللىق كۆز ياش تامچىسى مىڭلىغان جەۋھەردىن ئەۋزەلدۇر. بۇ باغنى ساڭا بەردىم، — دەپتۇ.

## ئۇستازنىڭ ھىيلىسى

چېلىشىشنىڭ 360 خىل سەنئىتىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن بىر پالۋان بار ئىكەن. ئۇ ئۆز شاگىرتلىرىدىن بىرىگە 359 خىل چېلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ، بىر خىل ئۇسۇلنى ئۆگەتمەي ساقلاپ قاپتۇ.

شاگىرت كۈچ-قۇۋۋەتتە، چېلىشىش سەنئىتىدە ئەلا دەرىجىدە يېتىشىپتۇ. شۇڭا ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىشقا چۈشەلمەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز-ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى ئۇ پادىشاھقا ئۇستازى توغرىسىدا سۆزلەپ:

— يېشىنىڭ چوڭلۇقى بىلەن ماڭا ئۇستاز بولغانلىقىنى دېمىسەم، ئۇنىڭدىن كەم ئەمەسمەن، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ بۇنداق ماختانچاقلىقى پادىشاھقا ياقماپتۇ. پادىشاھ ئاخىر ئۇستاز بىلەن ماختانچاق شاگىرتنى چېلىشىشقا بۇيرۇپتۇ. چېلىشىش مەيدانىغا پادىشاھ، ۋەزىرلەر، ئەمەلدارلار ۋە مەشھۇر پالۋانلار يىغىلىپتۇ.

چېلىشىش باشلىنىپتۇ. شاگىرت ئۇستازىغا خۇددى مەست بولغان پىلدەك ھۆرپىيىپ كەپتۇ. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە «چويۇندىن پۈتۈلگەن تاغ بولسىمۇ، ئۇنى ئورنىدىن يۇلۇۋېلىپ تاشلايمەن»، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇستاز ئۆز شاگىرتىنىڭ كۈچ-قۇۋۋەتتە ئۆزىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە شاگىرتىغا ئۆگەتمىگەن ئۇسۇلى بىلەن تاقابىل تۇرۇپتۇ. شاگىرت ئۇستازىنىڭ بۇ ئۇسۇلىغا تاقابىل تۇرالماپتۇ. ئۇستاز ئۇنى بېشىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئايلاندۇرۇپ يەرگە ئۇرۇپتۇ. تاماشىبىنلار قىقاس-چۇقان سېلىپ ئۇستازنى ئالقىشلاپتۇ. پادىشاھ ئۇستازغا ئېسىل سوۋغات تەقدىم قىپتۇ. شاگىرتقا: «ئۆزۈڭنى ئۇستازىڭدىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويماقچى بولدۇڭ» دەپ تەنبىھ بېرىپتۇ.

شاگىرت:

— ئۇستاز كۈچ-قۇۋۋەتتە ماڭا تەڭ كېلەلمەيتتى، ئۇ ماڭا ئۆگەتمىگەن بىر

خىل چېلىش ھېيلىسى بىلەنلا مېنى يېڭىۋالدى، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئۇستاز:

— مەن مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بولۇشىنى ئويلاپ، چېلىش تەدبىرلىرىدىن بىرىنى بۇنىڭغا ئۆگەتمىگەنىدىم. دانىشمەنلەر: «دوستۇڭغا تولىمۇ ئىشىنىپ كېتىپ، ئۇنىڭغا ئارتۇقچە مەدەت بەرمە، مۇبادا بىر كۈنى ئۇ ساڭا دۈشمەن بولۇپ قالسا، ئۆزۈڭنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن مەدەتلىرىڭ بىلەن ئۆزۈڭنى يېڭىدۇ»، دېگەن، — دەپتۇ.

چوڭلار ئالدىدا بولما بەتقىلىق،
جاھاندا بارچىغا قىلغىن ياخشىلىق.

## جاھىل قازى

بىر شەھەردە ھەم ئالىم، ھەم ئادىل بىر قازى بار ئىكەن. بۇ قازى كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، قازا تاپقاندىن كېيىن، جامائەت ئۇنىڭ ئوغلىنى قازىلىققا سايلاپتۇ. ئەمما ئۇ ئاتىسىنىڭ ئەكسىچە ئىنتايىن جاھىل، نادان ئىكەن. ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۇنىڭغا ئىلىم ئۆگىتىش، ئەدەب-ئەخلاق قائىدىلىرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىر مۇئەللىمنى بەلگىلەپتۇ.

بىر كۈنى تىل دەرسىدە مۇئەللىم نەھۋى (سىنتاكسىس) دىن بىر مىسال كەلتۈرۈپ، قازىدىن سوراپتۇ:

— بالام، مانا بۇ «ئەخمەت مەھمۇتنى ئۇردى» دېگەن جۈملىدىكى ئىسىم ۋە خەۋەر قايسى؟

جاھىل قازى خاپا بولغان ھالدا:

— ۋاھ، ئەخمەت ئۇ مەھمۇتنى نېمىشقا ئۇرغان؟ باشقىلار نېمىشقا ئۇنىڭغا گەپ قىلمىغان؟ ئۇ بىچارە مەھمۇتنىڭ تاياق يېگىنى يېگەن بولامدۇ! — دەپتۇ.

مۇئەللىم بۇ جاھىلنىڭ سۆزىدىن كۈلۈپ:

— مەسىلە سىز ئويلىغاندەك ئەمەس، بۇ يەردە ئۇرغان، ئۇرۇلغان كىشىمۇ يوق، پەقەت جۈملىدىن ئىسىم بىلەن خەۋەرنى تېپىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن بىر مىسال بۇ، — دەپتۇ.

جاھىل قازى ئۇنىڭغا ھېچ قايىل بولماي:

— تېنىۋېلىۋاتىسەن: ئۆزۈڭ: «ئەخمەت مەھمۇتنى ئۇردى» دەپ گۇۋاھلىق بەردىڭغۇ. بۇنىڭدىن نېمىشقا يېنىۋالىسەن. — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

مۇئەللىم ھەيران بولۇپ:

— سىز ياخشىراق چۈشىنىڭ، «ئۇردى» دېگەن بۇ سۆز ئەمەلىيەتتە بولمىغان ئىش ...

— نېمە دەۋاتىسەن، ئەمەلىيەتتە بولمىغان ئىش دەۋاتامسەن؟ ئۇنداقتا سەن ئەخمەتتىن پارا يېگەن ئوخشايسەن. ئۇنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، ئەيىبىنى ياپماقچىمۇسەن؟ مەن بۇنىڭغا يول قويمايمەن. ھازىر ئەخمەتنى تاپتۇرۇپ جازا بېرىمەن، مېنىڭ قازىلىقتا تۇرغان ۋاقتىمدا بۇنداق زۇلۇمغا يول قويمايمەن، — دەپ بىچارە مۇئەللىمنى قاماشقا، ئەخمەتنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇق قىپتۇ.

جاھىل ۋە تەلۋىلىك كېسەلگە يولۇققان بۇ قازىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، مىڭ تەسلىكتە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، مۇئەللىمنى تۈرمىدىن بوشىتىۋاپتۇ. بېيىت:

جاھىللەتتىن كۆپ كىشىگە قايغۇ، دەرد
كۈلپەت يېتەر،

جاھىل ئانەم سۆھبىتىدىن قىل ھەزەر،
مىلىڭ-مىلىڭ ھەزەر.

## ئادىل ھۆكۈم

بىر شەھەر ھاكىمىنىڭ سابىت دېگەن خىزمەتچىسى ئىنتايىن گۈزەل بىر ئايالغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئايالنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ھەرقانداق ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجە چىقماپتۇ. ئايال ئىپپەتلىك، ئىنتايىن پاك بولغىنى ئۈچۈن سابىتنىڭ تەلىپىنى رەت قىپتۇ. ئەمما سابىت نىيىتىدىن يانماي ئايالنىڭ قېشىغا ئادەم كىرگۈزۈۋېرىپتۇ. بۇ ئىپپەتلىك ئايال ئاخىر ئېرىگە سابىتنىڭ بەتنىيەتلىك ھەرىكىتىنى ئېيتىپتۇ ۋە بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە ئېرىدىن مەسلىھەت سوراپتۇ. ئېرى ئايالغا مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ: «ئېرىم ئۆيدە بولمايدىغان بىر كۈنى مەن خەۋەر قىلاي، سابىت شۇ چاغدا كەلسۇن، خاتىرجەم ھالدا كۆڭۈللۈك تاماشا قىلايلى، دەپ خەۋەرلەندۈر. ئۇ كەلگەندىن كېيىن ئەدىبىنى تازا بېرەيلى.» دەپتۇ. ئايال ئېرىنىڭ مەسلىھىتى بويىچە بىر كۈننى توختىتىپ سابىتقا خەۋەر بېرىپتۇ. ئېرى ئىشىك تۈۋىگە چوڭقۇر بىر ئورا كولاپ تەييارلاپتۇ.

ۋەدە قىلىنغان كۈنى سابىت ئۆزىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي خۇشال ھالدا يېتىپ كەپتۇ. ئايالنىڭ ئېرى ئىشىك كەينىگە يوشۇرۇنۇۋالغانىكەن. سابىت ئىشىكتىن بېشىنى تىقىشىغىلا، ئۇنىڭ بېشىغا تەگكەن كالتەك بىلەن تەڭ سابىت كولانغان ئورىغا دۈم چۈشۈپتۇ. ئايال بىلەن ئەر ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇپا تاشلاپ، ئۇنى تىرىك پېتى كۆمۈۋېتىپتۇ.

سابىتنىڭ دېرەكسىز يوقالغانلىقىغا ھەيران بولغان ھاكىم، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالالماپتۇ.

بىر كۈنى ھاكىم كوچىدا بىر كىشىنىڭ بولۇشىچە تىۋىلاپ ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، نۆكەرلىرىگە ئاشۇ كىشىنى تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. نۆكەرلەر ھېلىقى ئادەمنى تۇتۇپ كەپتۇ. ھاكىم ھېلىقى كىشىگە سىياسەت قىلىپ:

— سەن راستىڭنى ئېيت، خىزمەتچىمنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟ — دەپتۇ.

ئۇ بىچارە ئۇنداق ئىشنى ئۇقمايدىغانلىقىنى ئېيتسىمۇ، ھاكىم ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، ئۇنى زىندانغا ساپتۇ.

شۇ كۈنى يېرىم كېچە بىلەن ھېلىقى كىشىنى ھاكىم زىنداندىن ئەپچىقىپ، ئۇنىڭغا:

— سېنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن، پەقەت بىر سىرنى يېشىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلدىم. ساڭا بىرنەچچە كىشى قوشۇپ، ئەتە سېنى قويۇۋېتىمەن، سەن ئادەملىرنى ئۆيۈڭگە يوشۇرۇپ قويىسەن. كىم سېنىڭ ئەھۋالىڭنى بىرىنچى بولۇپ سوراپ كەلسە، شۇ كىشىنى خىزمەتچىلىرىمگە تۇتۇپ بېرىسەن، — دەپ ئۇنىڭغا ئىنئام ۋە سوۋغاتلارنى بېرىپ، ئەتىسى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

ئۇ كىشى ئۆيىگە كېلىپ كۆپ ئۆتمەيلا ھېلىقى ئىپپەتلىك ئايالنىڭ ئېرى ئۇنىڭدىن ھال سوراپ كىرىپ كەپتۇ.

— سېنى ھاكىم نېمە ئۈچۈن قاماپتۇ، نېمىدەپ قويۇۋەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنى قاتىللىق قىلدىڭ دەپ تۇت-

قالىسەن، ئەمما بىرەر ئىسپات تېپىلمىغىنى ئۈچۈن، ئاخىر مېنى قويۇۋەتتى،— دەپتۇ.

ھاكىمنىڭ بۇ ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان نۆكەرلىرى ئۇنى تۇتۇپ ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. بۇ كىشى سابىتنىڭ قاتىلى ئۆزى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

ھاكىم ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنى لايىق كۆرۈپ:

— ياخشى ئىش قىلىپسەن، ئەگەر مەن ئۇنىڭ شۇنداق بۇزۇق نىيىتىنى سەزگەن بولسام، ئۇنى دارغا ئاساتتىم. ئايالىڭ ۋە ئۆزۈڭنىڭ نامۇس شېرىپىنى قوغداش يولىدا قىلغان بۇ ئىشىڭ بارلىق ئار-نومۇسلۇق كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ،— دەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆپ ئىنئام تەقدىم قىلىپ، ھۆرمەت بىلەن يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

## ھۈنەرنىڭ شاراپىتى

ئەرەب ھۆكۈمدارلىرىدىن خەلىپە ھارۇن رەشىتكە تەۋە بىر شەھەر باشلىقى مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلىگەنىكەن:

— ئاتام مېنى دائىم ھۈنەر ئۆگىنىشكە قىزىقتۇرۇپ: «ئوغلۇم، ياشلىقىڭنى غەنىيمەت بىلىپ، ھۈنەر ئۆگىنىۋال، مەنسەپ ۋە بايلىقىڭغا ئىشەنمە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار قولۇڭدىن كېتىشى مۇمكىن، ئەمما ھۈنەر دائىم ئۆزۈڭ بىلەن بىرگە بولىدۇ، سېنى ھەرقانداق جايدا موھتاجلىقتا قالدۇرمايدۇ»، دەپ نەسىھەت قىلاتتى.

مەن ئاتامنىڭ ۋەسىيىتىنى چىن دىلىمدىن قوبۇل قىلىپ، ھۈنەر ئۆگىنىشكە بەل باغلىدىم. ماڭا گىلەم توقۇش ھۈنىرى بەكمۇ ياقاتتى. شۇڭا ئەڭ ئۇستا بىر گىلەمچىگە شاگىرتلىققا كىردىم. ئاخىر داڭلىق ئۇستا بولۇپ چىقتىم.

خەلىپە ھارۇن رەشىت ئاتام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا مېنى شەھەر باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، خەلىپىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئىككى ھەمراھىم بىلەن بىرگە پايتەخت — باغدادقا قاراپ يولغا چىقتۇق. بىرنەچچە كۈن سەپەر ئاۋارىچىلىقىنى تارتىپ، باغداد شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. چىرايلىق زىننەتلەنگەن بىر ئاشخانىغا كىردۇق. ئاشخانا ئىگىسى بىزدىن ھال-ئەھۋال سورىدى ۋە:

— سىلەر باشقا بىر شەھەردىن كەلگەن ئابرويلۇق كىشىلەرگە ئوخشايسىلەر، بازاردا تاماق يېيىش سىلەر ئۈچۈن ئەيىب بولىدۇ. مۇشۇ يېقىنلا يەردە ئۆزۈمنىڭ ئازادە قورۇ-جايىم بار، تاماقنى شۇ يەردە يەڭلار،— دېدى.

بىز ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدۇق. ئۇ بىر خىزمەتچىسىگە بىزنى شۇ يەرگە باشلاپ ئاپىرىشنى بۇيرۇدى. خىزمەتچى بىزنى تازا ياخشى بېزەلگەن بىر ئۆيگە باشلاپ ئەكەلدى:

— مۇشۇ ئۆيدە دەم ئېلىپ تۇرۇڭلار، مەن تاماقنى ھازىر ئەكىلىمەن،— دېدى.

— بىز رازىلىق بېرىپ ئۆيگە كىرىشىمىزگىلا خىزمەتچى ئىشىكنى تاقاپ چىقىپ كەتتى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا ئولتۇرغان ئۆيىمىز ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئۈچەيلەن بىراقلا پەسكە — يەر ئاستىدىكى بىر ئۆيگە چۈشۈپ كەتتۇق. يۇقىرىدىكى ئۆينىڭ ئىككىگە بۆلۈنگەن

جايى يەنە قايتىدىن ئەسلىگە كېلىپ، ئاۋۋالقىدەك جىپسىلىشىپ قالدى. بىز ھەيران بولۇپ قورقۇپ تۇراتتۇق، بىرنەچچەيلەن قوللىرىغا پىچاق ئالغان ھالدا ئالدىمىزدا پەيدا بولدى. ئۇلارنى كۆرۈپ جېنىمىزدىن ئۈمىد ئۈزدۇق. ئاشخانا خوجايىنى يولۇچىلارنى مۇشۇنداق ھىيلە بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ گۆشىدىن تاماق ئېتىپ ساتىدىكەن. ماڭا دەرھال بىر ئوي كەلدى-دە، ئۇلارغا:

— بىز ئەڭ ياخشى گىلەم توقۇشنى بىلىمىز، بىزنى ئۆلتۈرۈش بىلەن قانچىلىك پايدا تاپالايسىلەر؟ بېرىپ خوجايىنىڭلارغا ئېيتىڭلار، بىزگە گىلەم توقۇشقا لازىملىق نەرسىلەرنى ئەكىلىپ بەرسۇن. توقۇلغان گىلەملەرنىلا ساتسا، تېخىمۇ بېيىپ كېتىدۇ، — دېدىم، ئۇلارغا بۇ پىكرىم يېقىپ قېلىپ چىقىپ كەتتى.

تەكلىپىم ئاشخانا خوجايىنىغا ياراپ قاپتۇ. ئەتىسى بىزنى ئۆيگە باشلاپ كىرگەن خىزمەتكار گىلەم توقۇشقا لازىملىق نەرسىلەرنى ئەكىلىپ بەردى. بىز گىلەم توقۇشقا كىرىشتۇق. پۈتكەن گىلەمنى خىزمەتكارلار ئەكىتەتتى. بىر مەزگىل مۇشۇ خىلدا كۈن كەچۈردۇق. مەن بىر كۈنى ئىنتايىن چىرايلىق بىر گىلەمنى لايىھلەپ توقۇپ چىقتىم. ئۇنىڭ بىر چېتىگە ئىسمىم يېزىلغان تامغىنى بېسىپ، ئاشخانا خوجايىنىغا:

— بۇ گىلەمنىڭ چىرايلىقلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن. بۇ پادىشاھلارغا خاس گىلەم، بۇنى بازاردا ساتماستىن، خەلىپە ھارۇن رەشىتكە تەقدىم قىلساڭ، كۆپ ئىنئامغا ئىگە بولىسەن، — دېدىم.

خوجايىن سۆزۈمگە ئىشىنىپ، ئەتىسى گىلەمنى خەلىپىگە ئاپىرىپتۇ. ھارۇن رەشىت گىلەمنىڭ چىرايلىقلىقىغا ھەۋەس قىلىپ، ئۇياق-بۇياقلىرىنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ كۆرۈۋېتىپ، گىلەمدىكى مېنىڭ ئىسمىم يېزىلغان تامغىغا كۆزى چۈشۈپتۇ. بۇ ئىشتىن بىرئاز گۇمان قىلىپ، خوجايىندىن بۇ گىلەمنى نەدىن ئالغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئۇ بىر سودىگەردىن ئالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ھارۇن رەشىت خوجايىنغا تامغىسىنى كۆرسىتىپ، مېنى سۈرۈشتە قىپتۇ. خوجايىن جاھىللىق بىلەن تېنىپ تۇرغاچقا ئۇنى قاماپ قويۇپتۇ. بىر مەزگىل ئۇنى قىيىن-قىستاققا ئالغانلىقتىن ئاخىر ئىقرار بولۇپتۇ.

شۇ كۈنى ھارۇن رەشىتنىڭ ئادەملىرى كېلىپ بىزنى بۇ يەردىن قۇتۇلدۇرۇپ، خەلىپىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. خەلىپە بىزگە كۆپ ياخشىلىق قىلدى. ئاشخانا خوجايىنى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتكار شېرىكلىرىنى دارغا ئاستى. بىز ئوردىدا بىرنەچچە كۈن مېھمان بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆز شەھىرىمىزگە قايتتۇق. شۇنداق قىلىپ، ھۈنەرنىڭ شاراپىتىدىن مەن ۋە ئىككى ھەمراھىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدۇق.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ھاكىم مۇسا



# پەندى نەسىھەتلەر

(«مەتلەئۇل-ئۇلۇم ۋە مەجمەئۇل-فۇنۇن» نىڭ 3-بابىدىن)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھەبىبۇللا ئېلى

ھەكىم ئەبۇ ئەلى سىنا مۇنداق دەيدۇ: ئىنسانلار ئارىسىدا ئون خىسلەت باركى ئۇ، پۈتۈن بەخت-سائادەتنىڭ كانىدۇر. يەنى، ھەقىقەت يولىدا راستچىل بولۇش؛ خەلققە نىسبەتەن ئىنساپلىق بولۇش؛ ئۆز نەپسىگە قارىتا قەھرى-غەزەپلىك بولۇش؛ بىلىملىك كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش؛ چوڭلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش؛ كىچىكلەرگە شەپقەتلىك بولۇش؛ دوست-يارانلار ۋە ئەل-ئاغىنىلەر بىلەن چىقىشقاق بولۇش؛ دۈشمەنگە قارىتا ئېغىر بېسىق ۋە كەڭ قورساق بولۇش؛ يوقسۇللارغا قولى كەڭ بولۇش؛ بىلىمسىزلەرگە نەسىھەتچى بولۇش.

× ×

سوقرات ھەكىمدىن مۇنداق نەقىل كەلتۈرۈلگەن: «قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىرى تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشتىن ئىبارەتتۇر: دۈشمەنلىرىڭنى دوستقا ئايلاندۇرۇش؛ بىلىمسىز كىشىلەرنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلارنى بىلىم ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش؛ يامان ئادەملەرنى پەندى-نەسىھەت بىلەن توغرا يولغا باشلاش».

× ×

بىر كىشى سوقراتتىن:

— ئىنسانغا ئەڭ يېقىن تۇرىدىغان نەرسە قايسىدۇر؟ — دەپ سوراپتۇ. سوقرات:

— ئەجەل ئەڭ يېقىن تۇرىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇ كىشى:

— ھەممىدىن قايسى نەرسە ئەڭ يىراق تۇرىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. سوقرات:

— مۇرادى مەقسەت ۋە ئارزۇ-ئىستەكلەرگە ئېرىشىش ئەڭ يىراق تۇرىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

× ×

سوقرات ھەكىم ئۆلۈم ئالدىدا شاگىرتلىرىغا تۆۋەندىكىدەك ۋەسىيەت قالدۇرۇپتۇ: «ھاۋايى ھەۋەستىن قول ئۈزۈپ، قانائەتنى ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇڭلار؛ باي بولغىنىڭلاردا خۇداغا شۈكرى ئېيتىشنى ئۇنتۇماڭلار؛ قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگىنىڭلاردا سەۋرچانلىقنى ئۇنتۇماڭلار. چۈنكى، سەۋرچانلىق بارلىق قىيىن ئىشلارنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ھەر خىل ھادىسىلەر يۈز بەرگەندە ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋېلىڭلار. ئىرادەڭلار مۇستەھكەم بولغاندا ئىشلار ئوڭۇشلۇق ئاخىرلىشىدۇ؛ ھەرقانداق ئىشنى كىچىك سانىماڭلار. چۈنكى كۆزگە ئىلىنمىغان كىچىك ئىشلار كامالەتكە يەتكەندە كاتتا ئىشقا ئايلىنىپ، سىلەرنى ۋەيران قىلىدۇ؛ ھەر ۋاقىت ئىشەنچلىك دوستلار ۋە يارەمچىلەرنى

تەربىيىلەشنى ئۇنتۇماڭلار؛ سىرىڭلارنى دوست-ئاغىنىلىرىڭلارغا بىراقلا ئاشكارىلاپ قويماڭلار. چۈنكى كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇلار ئۆگىنىپ كۈچلۈك دۈشمەنگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن؛ ئاغزىڭلارنى مەھكەم تۇتۇپ، تىلىڭلارنى يىغىڭلار. سۆزلەشكەندە ئامالىنىڭ بارىچە جىدەللىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى جىدەللىشىش، دىل ئازارلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۇ يەنە: خۇشاللىق ئاستا كېلىپ، تېز كېتىدۇ. خاپىلىق ۋە غەم-قايغۇ تېز كېلىپ، ئۇزۇندا كېتىدۇ. ئىپپەت ۋە پەرھىزكارلىق خىسلىتىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلالمىغان كىشىنىڭ ئەقلى كامالەتكە يەتمىگەن ھېسابلىنىدۇ. ھەقىقىي ئەقىل ئىگىسى — ئىپپەت ۋە پەرھىزكارلىقنى ئۆز تەبىئىتىگە ئايلاندۇرۇپ، ۋۇجۇدىدا سىڭدۈرەلىگەن كىشىلەردۇر.

دىيانەتسىزلىك بىلەن ھاياسىزلارچە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، جامائەت سورۇنلىرىدا ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىغان، مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلايدىغان ئەخمىقانە ئادەملەردىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭلار. خۇدانىڭ ھەقىقىي بەندىلىرى كۆڭلىدىن بۇزۇق خىياللار ۋە يامان ھاۋايى-ھەۋەسلەر كەچكەندە ئۇنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىمەستىن بەلكى، ئەقىل كۈچىگە تايىنىپ، ئەقىل تارازىسى بىلەن ئۆلچەپ، ئۇنى رەت قىلىدۇ.

× ×

ئىلىم — دۇنيادا ھېچقانداق تەڭدىشى يوق بىر بايلىقتۇر. ئىلىمنى رەزىل ۋە پەسكەش ئادەملەرگە ئۆگىتىش، ئېسىل گۆھەرنى ھاجەتخانىغا تاشلىۋەتكەنلىك بىلەن باراۋەردۇر.

× ×

يامان ئادەم بىلىمسىز ئەخمەقلەرنىڭ ماختىشى بىلەن ياخشى ئادەم بولۇپ قالمايدۇ. ياخشى ئادەم يامان ئادەملەرنىڭ تىللىشى، ئازار قىلىشى ۋە يامان كۆرۈشى بىلەن ئەسكى ئادەم بولۇپ قالمايدۇ.

× ×

ئادەمنىڭ يۈرىكىنى خۇدانىڭ ئۆيى دەيدىكەن. شۇڭا كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ، دىلىنى رەنجىتىشنىڭ ئۆزى، خۇدانىڭ ئۆيىنى بۇزغانلىق ۋە خۇداغا ئازار قىلغانلىق بىلەن باراۋەردۇر.

× ×

ئادەمنىڭ غەزىپى ئۆرلىگەندە ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئېغىر-بېسىق بولۇش لازىم. ئاچچىقىغا بويسۇنغۇچىلار ھايۋان بىلەن ئوخشاشتۇر.

× ×

بەختسىز كىشى دېگىنىمىز — ئىلىمگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمەل قىلىشتىن مەھرۇم قالغان؛ ياخشىلارنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلىشقا مۇيەسسەر بولالمىغانلاردۇر.

× ×

ئىنسانلارنى ئۈچ تەبىقىگە ئايرىش مۇمكىن. بىرىنچىسى، ئەۋلىيالار گۇرۇھى، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى تاشقى دۇنياسىدىن ياخشىراقتۇر؛ ئىككىنچىسى، ئالىملار گۇرۇھى، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى تاشقى دۇنياسى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۈچىنچىسى، بىلىمسىز ۋە قارا قورساقلار گۇرۇھى. ئۇلارنىڭ سىرتقى دۇنياسى ئىچكى دۇنياسىدىن ياخشىراقتۇر.

× ×

يوقسۇللۇقنى بايلىقتىن؛ ئاچلىقنى توقلۇقتىن؛ ئاجىزلىقنى مۇشتۇمزورلۇقتىن؛

خارلىقنى ئەزىزلىكتىن؛ كەمتەرلىكنى چوڭ-
چىلىقتىن؛ غەم-قايغۇنى خۇشال-خۇرام-
راملىقتىن؛ ئۆلۈمنى تىرىكلىكتىن يۇقىرى
ئورۇنغا قويالىغان كىشىلەرلا ھەقىقىي
مەرد ھېسابلىنىدۇ.

× ×

ئەگەر سەن ھەقىقىي مەردلەردىن
بولاي دېسەڭ، يامانلىق قىلغانلارغا ياخشىلىق
قىل؛ سەندىن ئالاقىنى ئۈزگەنلەر بىلەن
قايتىدىن ئالاقە ئورنات؛ سەندىن ئۈمىد-
سىزلەنگەنلەرگە ياخشىلىق قىلىشنىڭ
كويىدا بول!

× ×

ئەگەر سەن بىرەر كىشىنىڭ كۆڭ-
لىدە ساڭا مۇھەببەت ياكى ئاداۋەت بار-
لىقىنى بىلەي دېسەڭ. ئالدى بىلەن ئۆز
كۆڭلۈڭنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆر. سېنىڭ
دىلىڭدا ئۇنىڭ مۇھەببىتى ئورۇن
ئالغان بولسا، بۇ ھال ئۇ كىشىنىڭمۇ سېنى
ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.
ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ ئاداۋىتى سېنىڭ دى-
لىڭدا ئورۇن ئالغان بولسا، بۇ ھال ئۇ كى-
شىنىڭ دىلىدىمۇ ساڭا نىسبەتەن ئاداۋەت
ئورۇن ئالغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ.

× ×

دۇنيادا نۇقسانسىز دوست تۇتىمەن
دېگەن كىشىنىڭ ئەسلا دوستى بولمايدۇ.
دوستىدىن ئازغىنە خاتالىق ئۆتۈلگەن ھا-
مان ئۇنى ئەيىبلىگەن كىشىنىڭ دۈشمىنى
كۆپ بولىدۇ. كىمكى دوستىدىن بايلىق
ئۈندۈرۈۋېلىش ئۈمىدىنى كۈتسە، ئۇنداق
كىشىنىڭ كۆڭلى ئەسلا خاتىرجەم بولالمايدۇ.

× ×

دوستلۇقنى ھەقىقىي سادىق دوست-
لىرىڭغا قىل! يانچۇقۇڭنى ۋە تاۋىقىڭنى
كۆزلەپ دوستلۇق ئورناتقانلاردىن ئەسلا
ۋاپا ئۈمىدىنى كۈتكىلى بولمايدۇ.

× ×

دوست-دۈشمەننى ئۈچ خىلغا ئاي-
رىش مۇمكىن. بىرىنچى، سېنىڭ دوستۇڭ؛
ئىككىنچى، دوستۇڭنىڭ دوستى؛ ئۈچىن-
چى، دۈشمىنىڭنىڭ دۈشمىنى.
بىرىنچى، سېنىڭ دۈشمىنىڭ؛ ئىك-
كىنچى، دوستۇڭنىڭ دۈشمىنى؛ ئۈچىنچى،
دۈشمىنىڭنىڭ دوستى.

× ×

ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئەسكىسى: باشقى-
لارنىڭ ھەممىسىنى دۈشمەن بىلىدىغان؛
باشقىلارمۇ ئۇ كىشىنى دۈشمەن كۆرىدى-
غان؛ باشقىلارغا دىل ئازار قىلىدىغان؛ كى-
شىلەرنىڭ خاتالىقىدىن ئۆتمەيدىغان؛ ئۆزرى-
خاھلىقنى قوبۇل قىلمايدىغان جاھىل
مىجەزلىك كىشىلەردۇر.

× ×

ئادەملەرنىڭ بىلىمسىزلىرى، سادىق
دوستلارنى تاپقاندا قەدرىنى بىلمەستىن
ئۇلارنىڭ دىلىنى ئاغرىتىپ، ئۆزىدىن با-
چۇرۇپ قويىدىغان ئەخمەقلەردۇر.

× ×

ھەقىقىي ساداقەتلىك دوستلار سې-
نىڭ ئەيىبلىرىڭنى بىلگەندە ئۇنى چۈۋۈش-
تىن ساقلىنىدىغان؛ بىرەر ئارتۇقچىلىقىڭنى
كۆرگەندە ئۇنى باشقىلارغا تەشۋىق قىلىدى-
غان؛ ساڭا بىرەر ياخشىلىق قىلسا ئۇنى
ئۇنتۇپ كېتىدىغان؛ سەندىن بىرەر ياخشى-
لىق يەتكەندە ئۇنى ھەرگىز ئۇنتۇپ
قالمايدىغان؛ سەندىن خاتالىق كۆرۈلگەندە
ئۇ توغرىدا بەك ئىنچىكە ھېسابلىشىپ كەتمەي-

دىغان؛ ئۆزرىخاھلىق قىلساڭ ئۇنى قوبۇل قىلىدىغان ئالىي خىسلەتلىك كىشىلەردۇر.

× ×

شىجائەتلىك، قەيسەر كىشىلەرنىڭ جاسارىتىنى جەڭ كۈنىدە؛ دىيانەت ۋە ئىشەنچ ئىگىلىرىنى ئېلىم-بېرىم ئىشلىرىدا؛ ئاياللارنىڭ، بالا-چاقىلارنىڭ ۋاپادارلىقىنى كەمبەغەللەشكەندە؛ ھەقىقىي دوستلارنى بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە بىلگىلى بولىدۇ.

× ×

كېسەلچان ئادەم ساقىيىپ بولمىغۇچە يېمەك-ئىچمەكتىن لەززەت ئالالمايدۇ. ئاشىقمۇ مەشۇقىنىڭ ۋىسالىغا يەتمىگىچە كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسانمۇ دۈشمەنىدىن خالاس تاپمىغىچە كۆڭلى تىنچىمايدۇ.

× ×

دۈشمەن — دۈشمەنلىكتە قوللىنىدىغان بارلىق ھىيلە-مىكىرلىرى تۈگەپ، ئۇنىڭ ھېچقايسىسىدىن نەتىجە قازىنالمىغاندا دوستلۇق زەنجىرىنى جالدىرلىتىدۇ. ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ياخشىلىقلارنى قىلىپ، دوستلۇق تونىغا ئورۇنىۋالىدۇ.

× ×

چىرايى تۇرۇلگەن، گېپى توڭ،خۇيى سەت كىشىلەرنى ھەممە ئادەم يامان كۆرىدۇ. راستچىل، ۋاپادار، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنى ھەممە ئادەم دوست تۇتىدۇ.

× ×

دوستلار ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى، ھەر كۈنى ئىستېمال قىلىنىدىغان ئوزۇقلۇققا ئوخشايدۇ. ئۇ، كۈندىلىك تۇرمۇشۇڭدا كەم بولسا بولمايدۇ. يەنە بىر خىلى، كېسەل بولغاندا ئىستېمال قىلىنىدىغان دورىغا ئوخشايدۇ. بەزى چاغلاردا ئۇنىڭغا ھاجىتىڭ چۈشۈپ قالىدۇ.

× ×

قولۇڭنى دۇنيادىن تارتالمىساڭمۇ، دۇنياپەرەسلىككە بەك كۆڭۈل بېرىپ كەتمە. چۈنكى ئاللاتائالامۇ كىشىلەرنى دۇنيادىن مۇتلەق قول ئۈزسۇن دېمەيدۇ، بەلكى دۇنياغا قاتتىق مۇھەببەت باغلاپ كەتمىسۇن، دەيدۇ.

× ×

گۈزەل ئەخلاق ۋە كەمتەرلىك دوستلۇقنى كۈچەيتىدۇ. سەۋرى-تاقەت مۇراد-مەقسەتنى ھاسىل قىلىدۇ. ئادالەت ۋە ئىنساپ بىلەن ئىش بېجىرىش ھوقۇقنى مۇستەھكەملەيدۇ.

× ×

ئەگەر سەن دۈشمەنىڭ تارقاق ۋە ئىتتىپاقسىزلىقىنى كۆرسەڭ، كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم تۇت. ئۇلارنىڭ ئۇيۇملىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ، ھەر دائىم ھوشيار تۇر.

× ×

پادىشاھ ئالتە خىل ئادەمنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇشى كېرەك. ئۇلار: بىرىنچى، دانا ۋە بىلىملىك ۋەزىر، ئىككىنچى، قابىلىيەتلىك يۇقىرى كاتىپ، ئۈچىنچى، تىلى راۋان شائىر، تۆتىنچى، كامالەتكە يەتكەن ئىنژېنېر، بەشىنچى، ئەخلاقى ۋە كەسپى جەھەتتىن پىشىپ يېتىلگەن مۇھاپىزەتچى، ئالتىنچى، ماھارەتلىك تېۋىپ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

× ×

پادىشاھلارغا مۇناسىپ سۈپەتلەر؛ ساخاۋەت ۋە ئادىللىقتۇر. مۇناسىپ كەلمەيدىغىنى، قورقۇنچاقلىق، بېخىللىق ۋە زالىملىقتۇر.

× ×

ئۈچ خىل كىشىلەرنىڭ يولدىن چىقىشى ئۈچ خىل ئىللەتكە باغلىق. بىرىنچى، پادىشاھلارنىڭ يولدىن چىقىشى زالىملىققا باغلىق. ئىككىنچى، ئالىملارنىڭ يولدىن چىقىشى تاماخورلۇققا باغلىق؛ ئۈچىنچى، كەمبەغەللەرنىڭ يولدىن چىقىشى رىياغا باغلىق.

× ×

تۆت خىل سەۋەب ئادەمنى كارىدىن چىقىرىدۇ. بىرىنچى، كۆپ سانلىق دۈشمەن؛ ئىككىنچى، كۆپىيىپ كەتكەن قەرز؛ ئۈچىنچى، كۆپ بالا-چاقا؛ تۆتىنچى، ئۇرۇشقاق خوتۇن.

× ×

تۆۋەندىكى تۆت پەزىلەت ئىنساننى تەرەققىياتقا ۋە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە قىلىدىغان ئامىلدۇر: بىرىنچى، ئىلىم-پەننى سۆيۈش، ئۇنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش؛ ئىككىنچى، يامانلىق قىلغانلارغا ياخشىلىق قىلىش؛ ئۈچىنچى، ئاچچىقى تۇتۇلغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش؛ تۆتىنچى، كىشىلەرنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا ئەستايىدىللىق ۋە راستچىللىق بىلەن جاۋاب بېرىش.

× ×

ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن مۇنازىرىلەشىش ۋە جېدەللىشىش؛ سىناقتىن ئۆتمىگەن ئىشلارغا ئىشەنچە باغلاش؛ بالىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش؛ خوتۇنلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىگە سەل قاراش نادانلىق ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر.

× ×

ئەقىل ئىگىلىرىنى ئىككى ئىش ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. بىرسى، قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى ئۆز كەسپىگە قويماسلىق، يەنە بىرسى، قابىلىيەتسىز كىشىلەرنى مۇھىم كەسپلەرگە تەيىنلەش.

× ×

ئىقتىدارى بايقالغان كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرمەسلىك، ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىق بولىدۇ. قابىلىيەتسىز كىشىلەرنى تەربىيىلەيمەن دەپ ئاۋارىچىلىق تارتىش بىلىمسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

× ×

بۇ دۇنيانىڭ راھىتى چاقماقنىڭ يورۇقىدەك تۇراقسىزدۇر؛ دۇنيانىڭ قايغۇ-مۇشەققەتلىرىمۇ ھاۋانى قاپلىغان قارا بۇلۇتتەك تۇراقسىزدۇر. شۇڭا بۇ دۇنيانىڭ راھەت-پاراغەتلىرىگە بېرىلىپ، ئۈلپەتلىشىشكە، مەپتۇن بولۇپ كېتىشكە، شۇنداقلا قاتتىقچىلىق كۈنلەرنىڭ كۆلپەتلىرىگە قايغۇرۇپ كېتىشكە بولمايدۇ.

× ×

ئادەملەر تۆت خىلغا ئايرىلىدۇ. بىرىنچىسى، پېخسىق ئادەملەر، ئۇلار ئۆزىمۇ يېمەيدۇ، باشقىلارغىمۇ بەرمەيدۇ. ئىككىنچىسى بېخىل ئادەملەر، ئۇلار ئۆزى يەيدۇ، لېكىن باشقىلارغا يېگۈزمەيدۇ. ئۈچىنچىسى، سېخىي ئادەملەر، ئۇلار ئۆزىمۇ يەيدۇ، باشقىلارغىمۇ خەير-ساخاۋەت قىلىدۇ. تۆتىنچىسى يۇقىرى دەرىجىلىك سېخىيلار، ئۇلار ئۆزى يېمەي-ئىچمەي ھەممىنى باشقىلار ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ. دائىم ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشنىڭلا كويىدا بولىدۇ.

× ×

ئالىي مەرتىۋە، يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولۇش ئاسانلىقچە قولغا كەلمەيدۇ. لېكىن ئىززەت، ھۆرمەتتىن چۈشۈش ناھايىتى ئاسانغا توختايدۇ. بۇ خۇددى ئېغىر تاشنى ئىتتىرىپ يۇقىرىغا چىقىرىش ئۈچۈن كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ، پەسكە چۈشۈرۈشتە ئاسانلا دومىلىتىۋەتكەنگە ئوخشايدۇ.

× ×

ئادەم ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئەينەككە قارىشى كېرەك. ئەگەر ئۆز سۈرىتى ئەينەكتە چىرايلىق كۆرۈنسە، ئىچكى دۇنياسى ۋە ئەخلاقىنى تېخىمۇ تۈزەشتۈرۈشى كېرەك.

ئەگەر ئۆزىنىڭ سۈرىتى ئەينەكتە سەت كۆرۈنسە، ئەخلاقى ۋە ئىچكى دۇنياسىنى گۈزەللەشتۈرۈشكە تىرىشسۇن! شۇنداق قىلىپ ئىككى سەتلىكنىڭ ئۆزىگە مۇجەسسەملىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالسۇن!

× ×

پۈتۈن دۇنيانى بىر لوقما قىلىپ يوقسۇللارنىڭ ئاغزىغا تىقىپ قويساڭمۇ ئىسراپچىلىق ھېسابلانمايدۇ. ئىسراپچىلىق دېگەن: خۇدانىڭ غەزىپى ئۆرلەيدىغان ئىشلارغا سەرپ قىلىنغان مال-مۈلۈكتۇر.

× ×

ئۈچ خىل كىشىلەر ئۈچ نەرسىنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ: ياشلىقنىڭ قەدرىنى قېرىلار بىلىدۇ؛ ساقلىقنىڭ قەدرىنى كېسەلمەنلەر بىلىدۇ؛ نازۇ-نېمەتنىڭ قەدرىنى يوقسۇللار بىلىدۇ.

× ×

ھەر قانداق نەرسە تىرىكلا بولىدىكەن پاكىزە ھېسابلىنىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن نىجاسەتكە ئايلىنىدۇ. لېكىن ئىنسانىڭ نەپسى تىرىك ۋاقتىدا نىجىس بولۇپ، ئۆلگەندىن كېيىن پاكىزە نەرسىگە ئايلىنىدۇ.

× ×

ھىندى ھەكىملىرىنىڭ: ئېيتىشىچە كىشىلەر دۇنيادا خاتىرجەملىك، بايلىق، سالامەتلىك بىلەن بەختلىك ياشايدۇ. قورقۇنچ، كەمبەغەللىك، كېسەللىك بىلەن بەختسىز ئۆتىدۇ.

× ×

ئەيىبلىك ئادەم باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەشكە ئامراق كېلىدۇ. ئەقىللىق ئادەم ئورۇنلۇق سۆزلەيدۇ، ئارتۇقچە گەپلەردىن تىلىنى يىغىدۇ.

× ×

بىر كىشى بىر ھەكىمدىن:

— قانداق ئادەمنىڭ غەم-قايغۇسى كۆپ بولىدۇ! — دەپ سوراپتۇ. ھەكىم:

— بەد خۇي ۋە پەيلى يامان ئادەملەرنىڭ غەم-قايغۇسى ئەڭ كۆپ بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

× ×

سولۇن ھەكىم مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقىي دوستلار بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەيدۇ، قەدىرلەيدۇ. دوستىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىدۇ. يامان گېپىنى قىلىدىغانلارنى كۆرگەندە دەرھال رەددىيە بېرىدۇ. دۇنيادا ئىنسانغا ئەڭ مۇھىم نەرسە ئىخلاسمەن دوستتىن ئىبارەتتۇر.

× ×

بىر كىشى ئابدۇللا بىننىسى مۇقەففەئدىن:

— سىز ئۆز دوستىڭىزنى ياخشى

كۆرەمسىز ياكى تۇغقانلىرىڭىزنىڭ دوستىنىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. مۇقەففەئ:

— تۇغقىنىمنىڭ دوستىنى بەكرەك ياخشى كۆرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

× ×

ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئاجىزلىرى دوست تۇتمايدۇ. ئەگەر دوست تۇتسا، ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن كۆڭلىنى رەنجىتىپ، دوستلۇق رىشتىسىنى ئۈزۈپ قويىدۇ» دېگەن.

× ×

بىر كىشى بىر ھەكىمدىن:

— مۇھەببەت دېگەن نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. ھەكىم:

— مۇھەببەت دېگەن — ياخشىلىق قىلسا تەرەققىي قىلىپ ئۆسىدىغان، جاپا قىلسا كېمەيمەستىن ئۆزپېتى تۇرۇۋېرىدىغان بىر خىل نەرسىدۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

× ×

بىر ھەكىم مۇنداق دەيدۇ: دوستلۇقنىڭ ئۇلى كىچىك پېئىللىق ۋە كەمتەرلىك بىلەن مۇستەھكەملىنىدۇ. مۇراد-مەقسەت ۋە ئارزۇ-تىلەك سەبرى تاقەتتىن كېلىدۇ.

× ×

ھۆكۈمالار مۇنداق دەيدۇ: ئىنسانلارنى ئۈچ خىلغا ئايرىش مۇمكىن. بىرىنچىسى، ئەقىللىقلار. ئىككىنچىسى يېرىم ئەقىللىقلار. ئۈچىنچىسى، بىلىمسىز ۋە جاھىللار.

ئەقىللىقلار بىرەر ۋەقە يۈز بەرگەندە ئەقلىنى ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا چارە-تەدبىر ئويلايدۇ. يېرىم ئەقىللىقلار بېشىغا بالايىئاپەت يۈزلەنگەندە، پىتنە-پاساتقا دۇچ كەلگەندە، كۆڭلىنى بۇزمايدۇ، يۈرىكىنى توق تۇتىدۇ. ئەقىل-پاراسىتىنى ئىشلىتىپ، بالا گىرداۋىدىن نىجادلىق يولىنى تاپىدۇ. بىلىمسىز ۋە جاھىللار بېشىغا كۈن چۈشۈپ بىرەر بالايىئاپەتكە دۇچ كەلگەندە سەراسىمىگە چۈشىدۇ. تەدبىر قوللىنىپ ئۇ بالادىن قۇتۇلۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئاجىزلىقىغا تەن بېرىپ، ھەيرانلىق چۆلىدە پەرىشان بولىدۇ.

× ×

سوقرات ھېكىم مۇنداق دەيدۇ: قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىرى تۆۋەندىكىلەردۇر — بىرىنچى، ھالال كەسپى ئارقىلىق ئىقتىساد توپلاش، شۇ ئىقتىساد ئارقىلىق ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش؛ مىسكىن، يوقسۇللارنىڭ تۇرمۇشىغا يار-يۆلەكتە بولۇش؛ خۇدا رىزالىقى ئۈچۈن يېتىم-بىچارىلەرنىڭ بېشىنى سىلاشقا خىراجەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىككىنچى، غەزىپى ئۆرلەپ، ئۆزىنى باسالمايۋاتقان چاغلاردا ئۆز تىلىنى ۋە قولىنى ئىدارە قىلىپ، كىشىلەرگە مەنىۋى ۋە جىسمانىي جەھەتتە ئازار بېرىشتىن ساقلىنىش؛ ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ قويغان ھەرقانداق شەخسنى ھۆرمەتلەپ، ئۇنى دوست دەپ بىلىش؛ بىھۇدە ماختاپ مەدھىيە كېمىسىگە ئولتۇرغۇزىدىغان كىشىلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا كىرىپ قالماسلىقى لازىم. ئىنساندىكى ئەڭ كاتتا پەزىلەتلەردىن بىرى، شەھۋانىي ھەۋەس ۋە ئاچكۆز نەپسى ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئۈچۈن ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر.

× ×

ھەققىي ئىلىم ئىگىسى دەپ شۇنداق كىشىگە ئېيتىلىدۇكى، ئۇ كىشىنىڭ دوست-

لىرى ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۈشمەنلىرىمۇ ئۇنىڭ توغرا ۋە ئادىل ئىش قىلىدىغانلىقىغا، كىشىلەرنى ئورۇنغا تىقمايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالايدىغان كىشىلەردۇر.

× ×

سەن نومۇسسىزلىق بىلەن ئېرىشكەن بىرەر ئىنئام ۋە نەسىبىدىن ئۆزۈڭچە خۇشاللىنىپ، كۆرەڭلەپ كەتمە. چۈنكى بۇ ئىنئامنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا قولۇڭدىن بېرىۋەتكەن ھۆرمەت ۋە ئابرويۇڭ قولۇڭغا كەلتۈرگەن ھازىرقى ئىنئامىڭدىن قىممەتلىكرەكتۇر.

× ×

مەۋلانا شەمسىددىن شۇنداق دەيدۇ: بەزى كىشىلەر ھورۇنلۇق ۋە سۇسلۇق سەۋەبىدىن بۈگۈن بېجىرىشكە تېگىشلىك ئىشنى ئەتىگە قويىدۇ. ئۇلار بۈگۈننىڭ تۈنۈگۈننىڭ ئەتىسى ئىكەنلىكىنى، بۈگۈن نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەتە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. بۇ بىر خىل غاپىللىقنىڭ ۋە ئۆزىگە قىلىنغان زىيانكەشلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر.

× ×

نۇشىرۋان ئادىل شاھتىن ۋەزىرى تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى سورىدى. نۇشىرۋان ئادىل جاۋاب بەردى.

سوئال: كىشى ھاياتتا تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزۈشى كېرەك؟

جاۋاب: كۆڭۈلنى خۇش تۇتۇش، ھېچكىمگە دىل ئازار قىلماسلىق يولى بىلەن ئۆتكۈزۈش كېرەك.

سوئال: ئۆمۈرنى قانداق ئىشلارغا سەرپ قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: ئىلىم ھاسىل قىلىشقا سەرپ قىلىش لازىم.

سوئال: ئىلىم - بىلىمنىڭ نەتىجىسى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىلىم ئالغۇچى ئەگەر كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئېناۋەتسىز كىشى بولسا ئىلىمنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ئۇ كىشى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ قالىدۇ. ئىلىم ئالغۇچى ئەگەر كەمبەغەل بولسا ئىلىم ئارقىلىق باي بولىدۇ.

سوئال: توغرا يولنى قانداق تونۇغىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىلىمنىڭ پارلاق نۇرى بىلەن تونۇۋالغىلى بولىدۇ.

سوئال: توغرا يولنىڭ بەلگىسى نېمە؟

جاۋاب: ئاچكۆز نەپسى ئۈستىدىن غالىب كېلىش.

سوئال: نەپسنى مەغلۇپ قىلىدىغان چارە - تەدبىر قايسى؟

جاۋاب: ئۇنىڭ خاھىشىغا قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە رايىغا بارماسلىق.

سوئال: ئىززەت - ھۆرمەتنى ساقلايدىغان ئاساسىي خىسلەت نېمە؟

جاۋاب: كەم سۆزلۈك.

سوئال: ياخشىلىقنى ئالدى بىلەن كىمگە قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: ئاتا - ئانىغا.

سوئال: يامانلىق قىلىشتا نېمىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك؟

جاۋاب: ئۆز نەپسىنى.

سوئال: خۇدايىتائالانىڭ دەرگاھىدا قانداق ياخشىلىق ئەڭ ئاۋۋال قوبۇل قىلىنىدۇ؟

جاۋاب: ئاتا - ئانا، بالا - چاقا، ئۇرۇق - تۇغقان ۋە قەۋمى - قېرىنداشلارغا قىلىنغان ياخشىلىق.

سوئال: خۇدايىتائالانىڭ دەرگاھىدا قانداق ئىش ئەڭ يامان كۆرۈنىدۇ؟

جاۋاب: ئۆز پەرزەنتلىرىنى قاغاش، قول ئاستىدىكى كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىش.

سوئال: بەخت - سائادەتلىك كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: بىرىنچى، ئىلىم ھاسىل قىلىش يولىدا ماڭىدۇ؛ ئىككىنچى، كەڭ قورساق بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئوچۇق چىراي ۋە خۇش خۇي كېلىدۇ.

سوئال: دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئىش قايسىدۇر؟

جاۋاب: ئالىملار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشتۇر.

سوئال: مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ئالامىتى نېمە؟

جاۋاب: كىشىلەرگە ئازار قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىش، كىشىلەرنىڭ خاتىرجەملىكىگە تىلەكداشلىق قىلىش، دەخلى - تەرۇز يەتكۈزمەسلىك.

سوئال: ئازار خورلۇقتىن قول ئۈزۈشنىڭ چارىسى نېمە؟

جاۋاب: ئۆزىنى ھەممىدىن تۆۋەن تۇتۇش.

سوئال: كۆڭۈلنىڭ قاراڭغۇلىشىپ قېلىشى نېمە سەۋەبتىن بولىدۇ؟

جاۋاب: پۈتۈن دىلى بىلەن دۇنيانىڭ مال - مۈلۈكلىرىگە مۇھەببەت باغلاشتىن بولىدۇ.

سوئال: كىشىلىك ھاياتتا قانداق قىلغاندا خاتىرجەملىككە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: دوستلارغا مېھرىبان ۋە ئەستايىدىل بولۇش، دۈشمەنلەرگە قارىتا چىقىشقاقلىق يولىنى تۇتۇش — كىشىلەرنى خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرىدۇ.

سوئال: بۇ دۇنيادا قانداق ئىش ھاياتلىقتىن ياخشى ۋە ئۆلۈمدىن يامان ھېسابلىنىدۇ؟

جاۋاب: ھاياتلىقتا ئەڭ ئەۋزىلى ياخشى نام قالدۇرۇش؛ ئۆلۈمدىنمۇ يامىنى ئەسكى نام قالدۇرۇشتۇر.

سوئال: دۇنيانىڭ راھەت - پاراغەتلىرى ئىچىدە قانداق نەرسە ئەڭ ياخشىدۇر؟

جاۋاب: ياخشى تەربىيىلەنگەن بالا؛ ھالال مېھنەتتىن قولغا كەلگەن بايلىق ۋە مەرتىۋە؛ خۇش خۇي ۋە ئەخلاقلىق ئايالدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك نەرسە — دۇنيا پاراغەتلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

سوئال: گۇناھكارنىڭ داۋاسى نېمە؟

جاۋاب: گۇناھىغا تۆۋا قىلىشتۇر.

سوئال: دۆلەتمەن كىشىلەرگە نىسبەتەن قانداق ئىبادەتلەر لايىقتۇر؟

جاۋاب: ئۇلار ئۈچۈن موھتاجلارغا ياردەم بېرىش؛ مېھمانلارغا كىچىك پېئىل ۋە كەمتەرلىك بىلەن خىزمەت قىلىش ئەڭ ياخشى ئىبادەتتۇر.

سوئال: ئۇيقۇ ياخشىمۇ ياكى ئويغاقلىقمۇ؟

جاۋاب: زالىمغا ئۇيقۇ، ئادىلغا ئويغاقلىق ياخشى.

سوئال: تېۋىپ قانداق كېسەلنى داۋالاشقا ئاجىز كېلىدۇ؟

جاۋاب: ھاماقەتلىك ۋە دۆتلۈك كېسىلىنى.

× ×

فىساغورس ھەكىم مۇنداق دەيدۇ: ھەرقانداق ئىنسان بىردەقىقە ۋاقتىنىمۇ بىكارغا ئۆتكۈزمەسلىكى كېرەك. تەپەككۇر قىلمايدىغان، يەپ - ئىچىپلا يۈرىدىغان كىشىلەرنىڭ مۇردىدىن پەرقى يوقتۇر.




## سەپەر قوشاقلىرى

### ئىلچى مۇسا

يېزىمىز — زەممىنىنىڭ① ناس كەنتىدە «ئىلچى مۇسا» دېگەن بىر قوشاقچى كىشى ئۆتكەنىدى. ئۇ، تۇرمۇش يولى ئىزدەپ ئەچچە قېتىم پىيادە هالدا ئىلىغا چىققانىكەن. 1930 — 1940 - يىللار ئىچىدە ئۇ يەرلىك مۇشتۇمزورلارغا تۇتۇلۇپ، 17 قېتىم ئىلىغا تۆگە يېتىلەپ چىقىشقا مەجبۇر قىلىنغانىكەن. مۇسا ئاكا قەشقەر بىلەن ئىلى ئوتتۇرىسىدىكى خەتەرلىك، ئۇزۇن يوللاردا كېتىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ جاهالەتلىك زامانغا، مۇشتۇمزورلارنىڭ زۇلۇمىغا بولغان قەهرى غەزىپىنى قوشاق بىلەن ئىپادىلىگەن.

مۇسا ئاكا يېقىندا 95 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. هايات ۋاقتىدا ئۇ ئۆزىنىڭ سەپەردىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى ماڭا قوشاق ئارقىلىق ئېيتىپ بېرەتتى. مەن ئۇلارنى بىر قۇر رەتلەپ چىقىپ، كىتابخانلارغا «سەپەر قوشاقلىرى» دېگەن نام بىلەن تەقدىم قىلدىم.

كىرمەي تۇرۇپ ئوتتۇزغا،
قىرۇ قونغان بېشىمغا.
تولۇپ تاشقان نى كۆللەر،
كۆزدىن ئاققان يېشىمغا.
بايان قىلاي ئاز-تولا،
قەلب كىتابى ئاختۇرۇپ.
ئوقۇپ كۆرسۇن ئەۋلادلار،
چىن دىلدىن ياقتۇرۇپ.
ئالا قاردا ئۆتمۇشتە،
ماكانىمدىن ئايرىلدىم.
جورام قالدى-يۇرت قالدى،
قاناتىمدىن قايرىلدىم.

تۆهمەت توقۇپ زالىم باي،
ئۆلتۈرۈۋەتتى دادامنى.
قايغۇ-ئەلەم دەستىدىن،
كېسەل باستى ئانامنى.
ئاكام بولدى يىلىلىقچى،
باغرى تاش شۇ بايلارغا.
كىچىك ئىنىم پالاندى،
چوپان بولۇپ سايلارغا.
ئايال قالدى هامىلە،
يان ياغاچقا يۆلۈنۈپ.
ئانام بولسا تۇمەنىڭ،
دەرد-ئەلەمگە كۆمۈلۈپ.

① قەشقەر كونىشەهر ناهىيىسىدىكى زەممىن يېزىسى.

ئاسماندىكى ھۆكەرنى،
ئالدىم گۈرەن ـ دولامغا.
دۇئا قىلدى ئانا يۇرت،
ئاق يول تىلەپ يولۇمغا.
قىلدى ئايال ئىلتىجا:
«تېزدىن يېنىپ كېلىڭ» دەپ،
«باش پاناھسىز بىزلەرنى
قويىنىڭىزغا ئېلىڭ» دەپ.

ماقۇل دېدىم ئاتلاندىم،
«ئاھ خۇدا» دەپ سەپەرگە.
يولۇقۇشنى بىلسەمۇ،
سەپىرىمدە ـ خەتەرگە.
قولتۇقۇمدا راۋابىم،
ئالا خۇرجۇن مۈرەمدە.
سالدىم ئۈنلۈك ئىچىگە،
دەرەش، يىڭنە، بۈرەندە.

راۋابىمنى چالدىمەن،
تەلۋۈچۈكنىڭ بويىدا.
چالدىم ـ چالدىم ھارمىدىم،
دەردنى تۆكۈش كويىدا.
كىرىپ قەشقەر شەھرىگە،
ئۆتۈك ـ مەيسە ياماندىم.
تاپقىنىمنى بۇغۇشلاپ،
چەندازامغا قاماندىم.

تۈرمۈش يولى ئاختۇرۇپ،
بارماق بولدۇم ئىلىغا.
ئۆيۈمدىكى ئۈچ جاننىڭ،
«نان تاپاي» — دەپ كېلىغا.
ئاي قاراڭغۇ بىر ئاخشام،
قەشقەردىنمۇ ئايرىلدىم.
چىغىر يولنى خالى دەپ،
ئوڭ تەرەپكە قايرىلدىم.

يېڭىشەرگە باردىمەن،
تالڭ ئاتقىچە سوكۇلداپ.

تىقىلاتتى ئاغزىمغا،
يۈرۈكۈممۇ پوكۇلداپ.
يېڭىشەرگە بارغاندا،
«ھاشەگە» دەپ تۇتۇلدۇم.
بورۇن بىرىپ بوتۇڭغا،
ئۈچ كۈن ئىشلەپ قۇتۇلدۇم.
ياندۇمىدا بىر كۈنلا،
نەپەس ئالدىم ـ ئاتلاندىم.
چۈنكى چىقتى بىر ھەمراھ،
بۇنى كۆرۈپ شاتلاندىم.
ماڭدۇق بىللە ئىككىمىز،
سىردىشىپ ھەم مۇڭدىشىپ.
ئۆتتۇق دەريا چۆللەردىن،
يېتىلىشىپ ـ قولدىشىپ.
بىر كۈن مېڭىپ چاپالىق،
«يامانيا» غا يەتتۇق بىز.
بەللەر ئاغرىپ باش قېيىپ،
ھالسىزدىن كەتتۇق بىز.
شۇ ھالەتتە تۇرغاندا،
قارا بالا يۇپۇشتى.
تۆت تەرەپتىن تۆت غالچا،
مۇشت كۆتۈرۈپ قوپۇشتى.

بىرسى دېدى: «ئوغرى بۇ»
يەنە بىرسى: «قاراقچى».
بەدنام چاپلاپ بىر دەمدە،
دېدى بىزنى «چاتاقچى».
ياتتۇق ئون كۈن سولاقتا،
تىرىك تۇرۇپ دوزاختا.
تاپالمىدى ھېچ ئېبۇەن،
قىيىن ـ قىستاق سوراقتا.
قويۇۋەتتى سالپىيىپ،
كەتتۇق بوشاپ ئۇزاقتا.
قالدى ھەسرەت چېكىشىپ،
ئالالمىغاچ تۇزاقتا.

بىرىپ قاپتۇق قارىساق،
«چوكانىيار»غا يېقىنلاپ.
ھۇۋۇلىسەۇ شىۋىرغان،
جان ئاغرىتىپ بىقىنلاپ.

باردۇق كېيىن «شاپتۇل» غا،
مېڭىپ كەچتە ئۆز يولغا.
ئىشقا چىقتۇق بۇ يەردە،
جاننى سېتىپ ئون پۇلغا.

بىر كۈن مېڭىپ ئەتىسى،
قويۇن ئاچتى پەيزىۋات.
چاڭقىغاچقا تۇيۇلدى،
قوغۇنلىرى قەن ـ ناۋات.

ماڭدۇق يەنە توختىماي،
«داش»قا ئۇدۇل يول سېلىپ.
باشلار قاتتى چويۇندەك،
يانچۇقلارغا قول سېلىپ.

«داش»تىن ئۆتۈپ «لۇڭكۇ»غا،
كەلدۇق ئادەم ياتقاندا.
نالە قىلدۇق خۇداغا،
قارلار قېلىن ياغقاندا.

«كېلىك» — دېدى «غولتوغراق»،
كەڭرى ئېچىپ باغرىنى.
بىر كۈن ئىشلەپ بۇ يەردە،
كۆردۇق بىردىن زاغرىنى.

«غولتوغراق» تىن ئۆتكەندە،
«قارا قىلچىك» بار ئىكەن.
ئاسمان تېگى يېتىمغا،
قەپەزدەكلا تار ئىكەن.

داۋام ئەتتۇق كېچىسى،
يولىمىزنى ـ سەپەرنى.
بولدۇق كۆپلەپ مەدىكار،
قولدىن بەرمەي سەھەرنى.

باردۇق بىر كۈن جاڭزىغا،
قىلدۇق ئوقەت ـ باققاللىق.
يەنە قىلدۇق نەچچە كۈن،
هارۋا سۆرەپ ھامماللىق.

مارالبېشى دىيارى،
قوچاق ئاچتى «كېلىڭ» دەپ.
«يافۇنچاقنى چۆرۈيسىز،
بۇ قىسمەتنى بىلىڭ» دەپ.

ئىچىپ ياما چۆچەكتە،
تەمى «قەن» كەن دېيىشتۇق.
يول راسخوتى قىلىشقا،
ھەر تەرەپتىن كىرىشتۇق.

مېڭىپ كەتتۇق تۈن بىلەن،
«تۇمشۇق» دېگەن ماكانغا،
ئاغرىپ ياتتۇق بۇ يەردە،
يولۇققاچ بىز زۇكامغا.

ساقايغاندا ئۈچ كۈندە،
يېتىپ كەلدۇق يايدۇغا.
تام تۈۋىدە ئولتۇرساق،
كۆرۈپ قالدى باي ـ دوغا.

قىلماق بولدى ئۆزىگە،
ئۆمۈر بويى يىلىلىقچى.
گەزكەلگەندە پۇقراغا،
ئالۋاڭ چاچار سېلىقچى.

ئىشەنمىدۇق نەيرەڭگە،
«ماقۇل» دېدۇق ـ گوللىدۇق.
قۇتۇلۇشقا پەم بىلەن،
يالغان جاۋاب يوللىدۇق.

قاچتۇق دەرھال يول ئېلىپ،
قۇرۇق ئۈزۈم يۇرتىغا.
بارغان كۈنى يارەنلەر،
ئېلىۋالدى ئورتىغا.

بىرگە بولدى بىز بىلەن،
كۈندۈزلىرى تاماقتا.
كېچەر چاغدا يەل ـ يېمىش،
يوللۇق تۈتتى تاۋاقتا.

كەپتۇق بىر چاغ ئاقسۇغا،
ناماشىەمدە ـ گۇگۇمدا.
سەپەر ئۇستى تۇنجى رەت،
چاي قايناتتۇق چوگۇندا.

ئىشقا چىقتۇق ئەتىسى،
كەتمەن ئېلىپ ئېتىزغا.
تەر ئاققۇزۇپ ماڭلايدىن،
جان كىرگۇزۇپ ئېڭىزغا.

تۇردۇق ئون كۇن شۇ تەقلىد،
كۆرۇپ ئاقتۇششاق شويلىنى.
كىيىم يېشىپ ئۇخلىدۇق،
ماكان قىلىپ هويلىنى.

ئاقسۇ «جام»غا يۇزلەندۇق،
بىر ئاز توپلاپ دەرەمنى.
سەپەر ئۆتتى خاتىرجەم،
ئانچە تارتماي هەرەجنى.

ئاقسۇ «جام» نىڭ ئۆزىدە،
بولدۇق بىر ئاي مەدىكار.
كېتەر چاغدا ئون جىڭدەك،
گۇرۇچ بولدى يادىكار.

ئاقسۇ «جام» دىن ئۆتكەندە،
يېڭى ئاۋات بار ئىكەن.
يېتىمچىگە ـ يېتىمچى،
بۇندا بەكمۇ يار ئىكەن.

داۋام قىلدۇق سەپەرنى،
سۆگەتلىككە ـ قورغانغا.
كۆپ پۇشايمان قىلىشتۇق،
مۇساپىرمۇ بولغانغا.

«قىزىل قورغان» دەيدىكەن،
قورغان ئوخشاش بۇ يەرنى.
ئىش ئۇقتى بەك قاتتىق،
سىنايدىكەن كۆپ ئەرنى.

بەش كۇن تۇرۇپ يول سالدۇق،
«تامغۇ تاش» قا ئۇدۇللاپ.
كۇن تۇرىنى كۆرمىگەچ،
توڭدۇق راسا جۇغۇلداپ.
ئىچتۇق قېنىپ ئوچۇملاپ،
«تامغۇ تاش» نىڭ سۇيىنى.
كۆردۇق بۇندا خېلى كۆپ،
مۇساپىرنىڭ ئۆيىنى.

ئۆلمىگەندە ئۇمىد بار،
كۆردۇق مانا مۇز داۋان.
تاغ چوققىسى كۆرۇنمەس،
يوللىرى تىك مۇز قىيان.

باشمۇ قايدى پىررىدە،
پۇتمۇ بولدى دىررىدە.
چۇنكى هالاك بولاتتۇق،
سىيرىلساقلا غىررىدە.

تاڭ ئاتقاندا كۇن بىلەن،
قەدەم قويدۇق داۋانغا.
بۇندا سوغۇق دەستىدىن،
تىل كەلمىدى زۇۋانغا.

ئون ئالتىنچى پەلەمپەيگە،
كۇن كىرگەندە چىقتۇق بىز.
قولاق ئاغرىپ بولمىغاندا،
مازنى يۆگەپ تىقتۇق بىز.

يول بىلەرمەن داۋانچى،
باشلاپ ماڭدى بىزلەرنى.
ئۆمىلىدۇق كەينىدىن،
يېغىر قىلىپ تىزلارنى.

تۇتتۇق بەلۋاغ ئۇچىنى،
سىيرىلغاندا تۆۋەنگە.
كۆز چاقايدى چىدىماي،
قار ئۇستىدە يورگەنگە.

تون ئالمىشىپ يولۇقتۇق،
«ئاغىر ئالدى» دېگەنگە.
تىلسىماتكەن بۇ يەرمۇ،
تارىخىنى بىلگەنگە.

پىچاق بىسى — يول دېمەك،
ئىككى يېنى غار ئىكەن.
چۈشۈپ كەتكەن مەخلۇقلار،
ئۆلۈك ئىكەن، خار ئىكەن.

يەنە بىر خىل بۇ يەرنىڭ،
ئىسمى ئىكەن «شىپالىق».
يىغلايدىكەن كىشىلەر،
دىلغا چۈشۈپ دىشۋالىق.

ماڭغان ئىدۇق بىر سوتكا،
«كاتتا يايلاق» كۆرۈندى.
كۆڭۈلدىكى دىشۋالىق،
نەلەرگىدۇر سۈرۈلدى.

تاڭ ئاتقاندا ئەتىسى،
«شوتىغا» دەپ يول سالدۇق.
ئۇلىشالماي بۇ يەرگە،
تۈگەشكىلى تاس قالدۇق.

بىر ئاز كۆڭۈل تىنچىدى،
ئۆتۈپ كەتكەچ خەتەردىن.
قەلبىمىزدە ئىز قالدى،
داۋاندىكى سەپەردىن.

كەلدۇق بېسىپ قۇملۇقنى،
«قىزىل سۇ» نىڭ قوينىغا.
تاشتەك قاتتى كاللىمىز،
پېتىپ خىيال ئويلارغا.

«قىزىل سۇدىن» ئۆتكەندە،
قالماق كۆرە بار ئىكەن.
بۇ يەردىمۇ كەمبەغەل،
بۇردا نانغا زار ئىكەن.

شۇڭا تاشلاپ بۇ يەرنى،
بارماق بولدۇق ئىلىقىغا.
ئون داچەنگە گەپلىشىپ،
مىنىپ كەلدۇق يىلقىغا.

يېپىنچىمىز كۆك ئاسمان،
تاپالمىدۇق كاتەكنى.
سېلىنچىمىز كەڭ زېمىن،
باشقا قويدۇق كېسەكنى.

ئۆزىمىزنى كۆردۇق بىز،
توققۇز تارا شەھرىدە.
تەمتىرىدۇق يول بىلمەي،
كېچە كەلگەچ مەلىگە.

مانا كەلدۇق ئىلىغا،
جۈمە كۈنى كەچقۇرۇن.
پۇتنى سوزۇپ دەم ئالدۇق
سېلىپ ئۆيگە كەڭ ئورۇن.

پاناھ ئىزدەپ بىر كۈنى،
بىر كىشىگە يولۇقتۇق.
مەنسىتمىدى ئۇ بىزنى،
رەڭگىمىزدىن سۇنۇقتۇق.

تەلەپ قىلدۇق ئىشلەشنى،
يىغلاپ ئاشۇ كىشىدىن.
بىر كۈنگىچە يېلىنىپ،
ئايرىلمىدۇق قېشىدىن.

يېنىمىزدا داچەن يوق،
بىر نان سېتىپ ئالغىدەك.
تېلىنمىساق ئەگەردە،
ئاچتىن ئۆلۈپ قالغىدەك.

تام تۈۋىدە ئولتۇرساق،
گەپ باشلىدى ئۇ كىشى.
بىزگە رەھمى قىلغاندەك،
يىمىرىلدى ئۇنىڭ قېشى.

«تونۇشتۇردۇم خاڭچىغا،
جاپا چېكىپ ئىشلەڭلار.
ئاش-نان بېرەر تويغىدەك،
‹بىسمىللا› دەپ چىشلەڭلار...»

كۆڭلىمىزمۇ خۇش بولدى،
ئاڭلاپ ناننىڭ گېپىنى.
«ماقۇل» دېدۇق، خوش دېدۇق.
تۇتتۇق ئىشنىڭ بېشىنى.

كېرىپ كەتتۇق ئۆڭكۈرگە،
تاغار سېلىپ دولىغا.
كۆنەلىمىدۇق دەسلىپى،
پەلەمپەيلىك يولىغا.

كۈن ئۈرىنى كۆرمىدۇق،
بىر ئايغىچە قانغىدەك.
تەلەپ قويساق خوجايىن،
ئىشلىتىشتىن يانغىدەك.

شۇ تەرىقە ئىشلىدۇق،
بولدى بەش ئاي ھېچ گەپ يوق.
تىل-ھاقارەت ھەم تېخى،
تەگدى باشقا بولۇپ دوق.

تەلەپ قىلدۇق ئىش ھەققى،
ئەڭ ئاخىرى خاڭچىدىن.
مۇنداق سادا ئاڭلىدۇق،
چاپارمىنى-غالچىدىن.

مېنىڭكى تىلخەت بەرگۈچى،
كۆمۈر خاڭنىڭ بوتىڭى.
قەشقەرلىقنى ساتتىم مەن،
مۇنۇ توختام-گۇيتۇڭى.

ئۈچ يىللىقى سېتىلدى،
ئۆزلىرىمۇ قېتىلدى.
خوجايىنغا قۇللۇققا،
زەنجىر بىلەن چېتىلدى.

ئۈچ يىلغىچە ئىشلەيدۇ،
كۆمۈر خاڭنىڭ ئىچىدە.
ئاز ئۇخلايدۇ ھەم تېخى،
قاپقاراڭغۇ كېچىدە.

ھالاك بولسا چاتاق يوق،
خوجايىنغا سوراق يوق.
ئەرز قىلسا ئەگەرچەن،
ئاڭلايدىغان قۇلاق يوق.

سودىسىنى پۈتتۈرۈپ،
ئۈچيۈز تەڭگە ئالدىمەن.
ئەرزان قىممەت دېيىشمەي،
يانچۇقۇمغا سالدىم مەن.

ئۆتۈپ كەتتى قەشقەرلىق،
خوجايىنىنىڭ قولىغا.
خوجايىندىن بىسوراق،
ماڭالمايدۇ يولىغا.

ئۆزگەرمەيدۇ بۇ توختام،
ئۈچ يىلغىچە پەقەتلا.
ئەگەر قىلسا قارشىلىق،
جالىنىدۇ قەۋەتلا ...

ئاڭلاپ بۇنى غالچىدىن،
ھاڭۋېقىپلا قېلىشتۇق.
سېتىلىپتۇق خاڭچىغا،
بۇنى شۇ چاغ بىلىشتۇق.

ئاچچىقلىنىپ بوتۇڭغا،
يەۋەتكىدەك قىلىشتۇق.
غۇچۇرلىدى چىشىمىز
«خەپ توختاپتۇر!» دېيىشتۇق.

ئىلىخونىڭ سىرىنى،
ئەمدى تولۇق بىلىشتۇق.
كېلەمدىغان قەشقەردىن،
يۈز مىڭ پۇشمان يېيىشتۇق.

ئاتاڭدىن-ماكاندىن،
ئۆمىدنىمۇ ئۈزۈشتۇق.
ئۆزىمىزنى قىمشىماس،
ئىسكەنچىدە كۆرۈشتۇق.

«ئىلىخودا قازاننىڭ
قۇلىقى ئۈچ» دەپ ئاڭلىغان.
«كۈن كەچۈرمەك ئاسان» دەپ
كەلمەي تۈرۈپ داڭلىغان.

چۈشۈپ كەتتۇق كۆمۈرگە،
چاڭ-توزانغا مىلىنىپ.
قاقشىدۇق ھەم يىغلىدۇق،
قاتتىقچىلىق بىلىنىپ.

ئاھۇ پەرياد چەكسەكمۇ،
جان چىقمىدى تەنلەردىن.
ئىشقا سالدى دۈشكەلەپ،
غالچا كەتمەي باشلاردىن.

ئۆتتى بىر يىل دوزاختەك،
ھايۋان كەبى خارلاندۇق.
ئىشلار قاتتىق، تاماق ئاز،
پەرياد چەكتۇق - زارلاندۇق.

ھالاك بولدى ھەمرىيىم،
بىسۆبلىپ كۆمۈر خالىڭ.
تاپالمىدىم جەسەتنى،
بەتبۇي ئىدى تۇمان چالىڭ.

يىشىم ئاقتى دەريادەك،
ئىششىپ كەتتى كۆزلىرىم.
لەنەت دىدىم خاڭچىغا،
تاشتەك تەگدى سۆزلىرىم.

قامچا ياردى بىشىمنى،
تىل تەگكۈزگەچ خاڭچىغا.
كالتەكلەندىم، بوي سۇنماي،
ئىككى پۇتلۇق غالچىغا.

تۆرمۈش يولى ئاختۇرۇپ،
ھەممە ئىشنى قىلدىمەن.
ھەممە قاغا ئوخشاشلا،
قارا ئىكەن، بىلدىمەن.

ھەيدۆەتتى خىڭىدىن،
بىر پۇڭ بەرمەي يىنىدىن.
دىدى يەنە قورقۇتۇپ،
«جۇدا قىلمەن جىنىڭدىن».

ئامال قانچە نى ھالىم،
ئەرزىمنى كىم ئاڭلايدۇ؟
يەنە قىلسام شىكايەت،
چىقماس يەرگە پالايدۇ.

بولدۇم كىيىن كۆنلۆكچى،
يەر ئۆستىدە ئىشلىدىم.
كۆنلۆم ئۆتتى سىردىتتا،
شۇڭا بىر قىش قىشلىدىم.

قىش كۆنلىرى دالىدىدا،
قىلدىم ھۆنەر - موزدۇزلۇق.
كىچىسىمۇ قىلدىم ھەم،
بولسا ئاسمان يۇلتۇزلۇق.

كۆندە - كۆندە سەرپ بىلەن،
تۆرمۈش يولى ئۆتكەزدىم.
قارار قىلغان ۋاقتىمنى،
ئۈچ يىل ئىشلەپ پۈتكەزدىم.

كەتمەك بولدۇم ئىلىدىن،
ئاتانامنىڭ قىشىغا.
بولاي دىدىم سايىۋەن،
كۆن چۈشكەندە بىشىغا.

ئاتانامنى سىغىندىم،
كىچە - كۆندۆز ياد ئىتىپ.
چاپماق بولدۇم ئۆزۆمنى —
دۆلدۆل كەبى ئات ئىتىپ.

تاپقىنىمغا ئات ئالدىم،
مىنىپ ماڭاي يولدا دەپ.
تارتقان جاپا - كۆنلەرگە،
شۆكرى قىلىپ بولدى دەپ.

ئاينىڭ بىشى — جۈمەدە،
قەشقەرگە — دەپ ئاتلاندىم.
ماڭماي يولنى پىيادە،
قاناتلاندىم، شاتلاندىم.

ئىتىم ئاغماق بىر جەدە،
ماڭار ئۇ، دىگەن يەردە.
غانجۇلانغان يۈك - تاقام،
كىرىچ بىلەن ئۈچ يەردە.

نەچچە كۆنلەپ يول مىڭىپ،
يىتىپ كەلدىم داۋانغا.
قانات بولغاچ ئاغمىقىم،
يولۇقمىدىم يامانغا.

بىر كۆن تۆرۈپ دەم ئالدىم،
مۇز داۋاننىڭ باغرىدا.
ئاتنى باقتىم، ئۆزۆمنى—
قايماق بىلەن زاغرىدا.

تەييارلىقىم پۈتكەندە،
مۇز داۋانغا ياماشتىم.
ئاتنى سىلىپ ئالدىمغا،
قار كەچتۆرۈپ يول ئاشتىم.

كېلىشمەسلىك يۈز بەردى،
يېرىم يولنى ماڭغاندا.
ئات قارىندا قار كېچىپ،
جانىمۇ ئاران قالغاندا.

ئېتىم غارغا چۈشۈپ كەتتى،
كۆرۈنمىدى قارىسى.
ئۆزۈم بىلەن ئېتىمنىڭ،
يۈز مېتىركەن ئارىسى...

قالدىم بەلدە ھۆقۈشتەك،
پەرياد چېكىپ ئاھ ئۇرۇپ.
نالە قىلدىم خۇداغا،
ماماتلىقتىن قايغۇرۇپ.

يېتىپ كەلدى بەختىمگە،
بىر سودىگەر تۆگىچى.
ئاچ قورساقتا - سوغۇقتا،
جېنىم چىقىپ ئۆلگىچە.

«ئەي خۇدايا، جان ئاتا،
رەھىمى قىلىڭ يېتىمغا.
سىزگە ئەجەل كەلمىسۇن،
كەلگەچ مېنىڭ ئېتىمغا.

سودىڭىزغا قەۋەتلا،
نېسىپ بولسۇن ئاقچىلاپ.
چاكار بولاي مەن سىزگە،
كەتمەك بۇنداق قامچىلاپ.

پۈتىڭىزغا پۈت بولاي،
قولىڭىزغا قول بولاي.
ئېقىن كېچىك كەلگەندە،
يۈدۈپ ماڭاي - يول بولاي...»

سودىگەرنىڭ باغرىمۇ،
ئېرىپ قالدى نالىدىن.
خەۋپتە قالغان مەندەكنىڭ،
خەۋەر تېپىپ ھالىدىن.

تاڭدى مېنى كېپىشتەك،
بىر تۆگىگە مىندۈرۈپ.
تەشۋىش باسقان كۆڭلۈمنى،
خاتىرجەم قىپ تىندۇرۇپ.

ئېلىپ كەلدى قەشقەرگە،
ھەمراھ قىلىپ ئۆزىگە.
نېمە دېسە ماقۇل دەپ،
مەنمۇ كىردىم سۆزىگە.

كىردىم ئۆيگە قۇرۇق قول،
ئاران ئېلىپ جېنىمنى.
بولدۇم خىجىل، ئايالىم —
ئاختۇرغاندا يېنىمنى.

ئانام گۆرگە ئۇزاپتۇ،
كېسەللىكتىن قوپالماي.
ئايال قاپتۇ قان يىغلاپ،
ئەزرائىلنى توسالماي.

ئاكام تېخى يىللىقچى،
ئۆزەلمەپتۇ قەرزىنى.
بولۇشىغا تارتىپتۇ،
يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى.

كېتىپ قاپتۇ بالامۇ،
كۆرەلمىدىم يۈزىنى.
جان - جىگەرىم ئانامنىڭ،
ئاڭلالمىدىم سۆزىنى.

سەرسان بولدۇم ئاي - يىللار،
ئۈمىد ئىشقا ئاشمىدى.
كۆلكە كېلىپ بىر قېتىم،
چېھرىمگىمۇ تاشمىدى.

ئەي بۈگۈنكى ياش ئەۋلاد،
سۆزۈم بولسۇن تەربىيەت.
بەختىڭىزنى بىلىشكە،
بېرىڭ بەكمۇ ئەھمىيەت.

رەتلىگۈچى: ئابدۇرېھىم يۈنۈس

# ماقال - تەمسىللەر

△ قوي باقماي پاقلان يەپتۇ، ئاش تېرىماي ئاق نان.
△ يامان بىلەن يول يۈرسەڭ، يېرىم يولدا قالارسەن.
△ ئىش-ئوقەت باھاردىن، توقلۇق ناھاردىن.
△ بىلىكىڭ تۇم بولسا، دۈشمىنىڭ سالامغا كېلىدۇ.
△ يىقىلغاننى تەپمە، قاچقاننى قوغلىما.
△ سەركى ئەقىللىق بولسا مالغا ئاپەت كەلمەيدۇ.
△ ئەل تىنچ، مەن تىنچ.
△ سەت چوكاننى ئۆز قىلغان ئۆنىڭ پەدىزى.
△ يالغۇزنىڭ يارى خۇدا.
△ مازاردىن پۈتۈگىنى يىغ، پادىشاھتىن تىلىگىنى.
△ ئۇلۇغ ئادەمنىڭ كۆڭلى دەريا.
△ نومۇسىڭنى بەرگىچە، جېنىڭنى بەر.
△ يان قوشنا — جان قوشنا.
△ جاڭگالدا يۈتكەن ئېشەكنى، ئۆيدە ئولتۇرغان مومايدىن سورا.
△ يۆلەكلىك تام يىقىلماس.
△ دوستۇڭنىڭ كۆڭلىنى كۆكسۈڭگە باس.
△ بەزى بالا بار ئۆلۈم ئالغۇسىز، بەزى بالا بار مىڭغا بەرگۈسىز.
△ گۆش نەدە بولسا، چۆمۈچ شۇ يەردە.
△ يېغا كەلسە، ئەلنىڭ يېغىسى بىر بولۇر.
△ قاۋىغان ئىتنىڭ ئاغزى سۆڭەك بىلەن بېسىقىدۇ.
△ قۇرۇق قارماقتا بېلىق ئىلىنمايدۇ.
△ قىز بالا — يوق بالا، ئوغۇل بالا — قوش بالا.
△ مەگسەپ گۆرگە يېقىن، مەرىپەت گۈلگە.
△ ئەگمە كۆڭۈلدە ئەگمە تولا.
△ ئىتمۇ ئۆز كوچىسىدا ئۆزىنى خوجايىن سانايدۇ.
△ بىر قاشاغا ئۈچ تىرەك، بىر ئەزىمەتكە ئۈچ يۆلەك.
△ ئىتتىن بولغان قۇربانلىققا يارىماس.
△ يول بىلگەن ئامبالدىن قورقماپتۇ.
△ ئوق توپلاشقانغا ئوڭاي تېگىدۇ.
△ ئانىغا يىغا — بالىغا كۈلكە.
△ ئۆلۈك مالنى ئېيىق چىشلىمەس.
△ ئالتۇنغا يېقىن يۈرسەڭ چېگى يۇقىدۇ.
△ يوتقان دېگەن ئوبدان نېمە، كىيىم ئورنىدا كېيگىلى بولماس.
△ ئېشەكنى ئىززەتلىسەڭ ئوقۇرىغا تېزەكلەپتۇ.
△ مەن قورقىمەن دۆڭدىن، گەپ قىلمىغان مۆڭدىن.
△ يەرنىڭ ئەسكىسىنى ئورمان يوشۇرىدۇ.
△ توخۇ بىلىندۇرمىسە، چۆجىسى بىلىندۇرۇپتۇ.

توپلىغۇچى: ئەخەت ھاشىم

# چاغاتايچە لۇغەت

« ج »①

جەۋار [جوار] (ئە) «جىۋار» غا قاراڭ.

جەۋارىھ [جوارح] (ئە) بەدەن ئەزالىرى، ئورگانلار: قول، ئاياق، تىل ۋە باشقىلار:

بارچە جەۋارىھ بىلە ئەئزادە تەڭ،
سۇرەت ئەئىيۇ ھەيۇلادە تەڭ.
— نەۋائى.

جەۋامىئ [جوامع] (ئە) [بىرلىكى: جامىئ] توپلىغۇچىلار، جەمئى قىلغۇچىلار.

جەۋامىئۇل — كەلام [جوامع الكلام] (ئە) ئۆزى قىسقا، لېكىن چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى.

جەۋان [جوان] (پ) ياش؛ يىگىت؛ زور، «جۇۋان» غا قاراڭ:

جەۋانلىق كېتىپ بۇزلەنىپ پىرلىق،
بولۇپ مىسلى رۇباھ كېتىپ شىرلىق.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جەۋان دەۋلەت — بەخت - ئىقبال ئىگىسى؛
نەۋجەۋان — ياش يىگىت، «نەۋجۇۋان» غا قاراڭ:

بۇ ھەنگامە ئېردىم ھەنۇز نەۋجەۋان،
كى بولدۇم ئاتا ئورنىدا ھۆكمىران.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جەۋانبەخت [جوانبخت] (پ) «جۇۋانبەخت» كە قاراڭ.

جەۋانمەرد [جوانمرد] (پ) ئالىيجاناب، ھىممەتلىك، ئېسىل خىسلەتلىك؛ ئالىي ھىممەتلىك يىگىت:

كى ھەم شاھ سەن ھەم جەھان پەھلەۋان،
جەۋانمەرد ئۆزۈڭ دەۋلەتىڭ نەۋجەۋان.
— نەۋائى.

جەۋانىب [جوانب] (ئە) [بىرلىكى: جانىب] تەرەپلەر، ئەتراپ، ياقلار:

... ۋە كۆڭلىنىڭ ساف ۋە كەڭلىكى بۆكىم. ئەتراف ۋە جەۋانىبلاردەكى پادىشاھلار قاتتىغ - يىرىك ۋە ئاچچىغ - چۇچۇك سۆزلەرنى قىلىپ ئەلچى كىرگۈزسەلەرمۇ، ئۇلۇغلۇق ۋە ئېغىرلىق قىلىپ،... مۇلا-

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا

يىم، يۇمشاق، شىرىن سۆزلەرنى قىلىپ، كەڭلىك بىرلە جەۋابىنى بېرىپ، مۇراسا ۋە مۇدارا تەرىقىنى ئۆزلەرىگە لازىم تۇتادۇر.

— م. سايرامى.

**جەۋاھىر** [جواهر] (ئە) [بىرلىكى: جەۋھەر] 1) گۆھەرلەر، قىممەت باھا تاشلار، جاۋاھىر:

بۇ يەڭلىغ قىلىپدۇر جەۋاھىرنى پاش،
ساچار زەررەسىنى بەئەينى قۇياش.

2) بەدىئىي يۇكسەك ئىبارە ۋە سۆزلەر، چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر:

مۇرەسسەئ جەۋاھىر بىلە بولسە جام،
ۋەلې دەۋر ئەرا جام تاپسە خىرام.

— نەۋائى.

**جەۋاھىر ئەفشان** — (1) جاۋاھىر چاچقۇچى: (2) نۇر چاچقۇچى:

**جەۋاھىر فىشان** — «جەۋاھىر ئەفشان» غا قاراڭ:

**جەۋاھىر نۇجۇدى** — يۇلتۇزدەك ساناقسىز گۆھەرلەر:

**جەۋاھىر نىسار** — گۆھەر بېغىشلايدىغان:

**جەۋاھىرى ئەسرار** — سىرلار جەۋھىرى (ئەسەر نامى):

**جەۋاھىرى ئەشمك** — ياش دانىلىرى، تامچىلىرى:

**جەۋاھىرى سەمىن** — قىممەت باھا تاشلار:

**جەۋاھىرى نەفائىس** — (1) نەپىس جاۋاھىرلار، قىممەت باھا (ئەڭ تازا، ساپ) تاشلار: (2) چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر ۋە ئۇستىلىق بىلەن ئىشلىتىلگەن ئەدەبىي ئىبارىلەر: (3) كۆڭۈلگە ناھايىتى يېقىن كىشىلەر.

**جەۋاھىرى نەفايىس** — «جەۋاھىرى نەفائىس» قا قاراڭ:

**مەئادىن جەۋاھىرى** — مەدەنلەر جەۋھىرى: ئاجايىپ سۆزلەر.

**جەۋەك** [جوك] (پ) يوللۇق ماتادىن تىكىلگەن پەرىجىنىڭ بىر تۈرى.

**جەۋەك ئەتلەس** — يوللۇق ئەتلەس:

جەۋەك ئەتلەس ئەيلەپ ئۆزىگە لىباس،
كىيىپ بۆرك ئورنىدا باشىغە تاس.

— نەۋائى.

**جەۋدەت** [جودت] (ئە) 1) سەزگۈر: 2) نۇقسانسىز: كامالەتكە يەتكەن.

**جەۋر** [جور] (ئە) ئەزىيەت، زۇلۇم، سىتەم، جەبىر، جاپا، ئازار: ئادالەتسىزلىك:

مۇنچەمۇ بولغاي سىتەم چۇن زۇلم پىشە سەڭگىندىل،
ھەردەمى يۈز جەۋرى قىلسە ئول قىلۇر ھەم ئازلىق.

— ئەرشى.

**جەۋر ئەتمەك** — «جەۋر ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

**جەۋر ئەندىش** — زۇلۇم قىلغۇچى:

جەۋر ئەيلەمەك ــ (1) زۇلۇم قىلماق؛ 2) ئەقلىنى ئاداشتۇرماق، شەيدا قىلماق.

**جەۋركەش** [جورکش] (ئە + پ) ئەرزىيەت تارتقۇچى، جەۋر كۆرگۈچى.

**جەۋزا** [جوزا] (پ) قەدىمكى ئاسترونومىيىدە — 1) ئون ئىككى بۇرجنىڭ بىرى بولۇپ («بۇرج» غا قاراڭ)، سەرەتان ۋە سەرۋى بۇرجلىرىنىڭ ئوت- تۇرىسىغا جايلاشقان. بۇ بۇرج يانمۇ يان تۇرغان ئىككى قىز شەكلىدە تەسەۋۋۇر قىلىندۇ؛ 2) شەمسىيە (قۇياش) يىلى ھېسابىدا باھار پەس- لى ئايلىرىنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، 22 - ماي — 21 - ئىيۇنلارغا توغرا كېلىدۇ.

ئەتارۇدقا زۇھەل شەمشىرىنى ھەيبەت بىلەن تەڭلەر،
ھەمەل بۇرجىغا لازىمدۇر بۇگۈن جەۋزانى يىغماغلىق.
— زەلىلى.

**جەۋزا ئاياغى** ــ جەۋزا ئېيىنىڭ ئاخىرى؛
**جەۋزا تۈنى** ــ جەۋزا ئېيى كېچىسى؛
**جەۋزا كۈنى** ــ يىلنىڭ ئەڭ ئۇزۇن كۈنى، 22 - ئىيۇن.

**جەۋزەھر** [جوزهر] (پ) قەدىمكى ئاسترونومىيىدە - 1) ئاينىڭ ھەرىكەت يولى بىلەن قۇياش ھەرىكەت يولىنىڭ كېسىشكەن جايى؛ 2) قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز.
**جەۋزەھر دوم** ــ ئاينىڭ ھەرىكەت يولى بىلەن قۇياش ھەرىكەت يولىنىڭ ئىككى ئورنىدىن بىرسى.

**جەۋز بويا** [جوزبویا] (پ) ھىندىستان ياڭىقى؛ دورىلىق ياڭاق.

**جەۋز بويى** [جوزبوبی] (پ) «جەۋز بويا» غا قاراڭ.

**جەۋزبويا** [جوزبویا] (پ) «جەۋز بويا» غا قاراڭ.

**جەۋشەن** [جوشن] ساۋۇت، زىرىھ (سىمدىن توقۇلغان قەدىمكى ئۇرۇش كىيىم- لىرىدىن بىرى):

مەرز ئۇزرە كىيەر سىپەرگە جەۋشەن،
شەشپەر كۆتەرۇر باشىغە سەۋسەن.
— نەۋائى.

**جەۋشەنى زەركار** ــ زەر بىلەن توقۇلغان ساۋۇت.

**جەۋف** [جوف] 1) ئىچ؛ قورساق؛ 2) بىر نەرسىنىڭ ئىچى، بوشلۇق، كاۋاك؛ 3) قەلب.

فەلەك جەۋفى ــ كۆك (ئاسمان) بوشلۇقى؛
قەلەم جەۋفى ــ قومۇش قەلەمنىڭ كاۋىكى؛
يەتتى كۆك جەۋفى ــ يەتتە قات ئاسمان بوشلۇقى.

**جەۋ - جەۋق** [جو جوق] توپ - توپ، گورۇھ - گورۇھ.

**جەۋلان** [جولان] (پ) 1) كېزىش، ئايلىنىش؛ 2) يۈرۈش، ھۇجۇم؛ 3) ئۆزىنى ھەر تەرەپكە تاشلاپ ئويناش، ئويناقلاش؛

كۆرمەگۈر سىنى دىمىشلەر، كەل، گۈلى رەئنانى كۆر،
نازغىبان جەۋلانغە كىرگەن بۇ ئىكى رەئنانى كۆر.
— ئەرشى.

**جەۋلان** ئەيلەمەك — ئايلانماق، كەزمەك؛ ئوينىاقلىماق؛
**جەۋلان** بەرمەك — جىلۋە بەرمەك؛
جەۋلان كۈنى — ئۇرۇش، ھۇجۇم كۈنى؛
جەۋلانىن ئۆپمەك — سەيىر قىلىپ ئۆتكەن يېرىنى، ئىزىنى سۆيمەك.

**جەۋلانگاھ** [جولانگاه] (پ) «جەۋلانگەھ» كە قاراڭ.

**جەۋلانگەھ** [جولانگه] (پ) جەۋلان قىلىدىغان يەر، مەيدان:
چۈن ئادەمىدە يوق ۋەفا، كۆر ئول پەرى ئىشقى ئارا،
جەۋلانگەھىم دەشتى فەنا ۋەيرانەئى غەم مەسكەنىم.
—نەۋائى.

**جەۋلەھە** [جولهه] (پ) توقۇمىچى، بۆزچى، باپكار.

**جەۋھەر** [جوهر] (ئە) 1) گۆھەر، قىممەت باھالىق تاش؛ ئېسىل ماددا:
بۇ تافۇتلارنى ياساپ زەر بىلە،
مۇزەييەن قىلىپسەنكى جەۋھەر بىلە.
— ئا. نىزارى، ن. زدىيائى.
2) ئاساس، ماھىيەت؛ 3) نادىر، كەم ئۇچرايدىغان؛ 4) نازۇك ھېس - تۇيغۇلار؛ 5) ھايات؛ 6) تازا، ساپ.
جەۋھەر شۇناس — گۆھەرشۇناس؛
جەۋھەر مىسال — گۆھەرگە ئوخشاش؛
جەۋھەرى تەقۋا — تەقۋادارلىق ئاساسى.

**جەۋھەردار** [جوهردار] (ئە+پ) 1) يالتىراق، پالاق؛ يالتىراپ، جىۋدىلاپ تۇرىدىـ
ھان، جىلۋىلىك؛ 2) قىلىچ.

**جەۋھەري** [جوهرى] (ئە) قىممەت باھا تاشلارنى ئايرىلغۇچى، پەرقلەندۈرگۈچى؛
جەھەر شۇناس:
قىيمەتى ھۇسنۇڭنى مەندەك ئۆزگەلەر فەھم ئەيلەمەس،
ئاڭلاماس گەۋھەر بەھاسىن گەر ئەمەسدۇر جەۋھەرىي.
— ئەرشى.

**جەئبە** [جعبه] (ئە) ئوقدان، ساداق؛
سىپىھر جەئبەسى — ئاسمان ئوقدانى.

**جەئفەري** [جعفرى] (ئە) زەھەرلىك قارا يىلان؛
يەتتە ئەئزا جەئفەرىي تەيراندەك قىلغىل نىسار،
لالەھايى داغدار ئۆندى سەراسەر قانىدىن.
— زەلىلى.

**جەيان** [جيان] غەزەپلىك؛ دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق؛
قەھرىدىن ئەر شىرى جەيان كۆردى بىمىم،

ئۇردى باشىن ئۇي سۇتى ئىچكەن ئىتىم.
— نەۋائى.

جەيب [جيب] (پ) 1) ياقا، كىيىمنىڭ ياقىسى؛ 2) چۆنتەك، يانچۇق؛ قويۇن؛
ساچىپ ئەبرى دەۋلەت باشىم ئۈزرە دۇر،
تولۇپ جەيب ـ دامەن گۆھەر بىرلە پۇر.
— ئا. ئىمزارى، ن. زىيائى.

3) يان؛ يېقىنلىق:
ۋەگەر بەرسە ئۆز جەيبى ئىچرە مەھەل،
ئۆزى قەتلغەدۇر تەنابى ئەجەل.
— نەۋائى.

4) كۆڭۈل، دىل، دىلدىكى مۇددىئا.
جەۋھەرى جەيب — كۆڭۈلنىڭ نازۇكلىقى.

جەيران [جيران] كىيىك، ئاھۇ، جەرەن:
سۈرمە بىلەنمۇ ئول ئاي كۆزنى قارا ئەيلەمىش،
يوقسە خوتەن جەيرانى مۇشك ئىچىدە ئاغنەمىش.
— نەۋائى.

جەيش [جيش] (پ) ئەسكەر، لەشكەر، قوشۇن.
جەيش تۈزمەك — قوشۇن تۈزمەك:
ئۈچ ئاي بۇ قەسر ئەرا ھەم تۈزدىلەر جەيش،
سۈرۈدۇ بادە بىرلە قىلدىلەر ئەيش.
— نەۋائى.

جەيھۇن [جيحون] ئامۇ دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى:
نە دەيىن بەختى بەددىدىن، ئەي مۇسۇلمانلار كۆرۈڭ،
سۇ تىلەپ جەيھۇنغا بارسام بولادۇر جەيھۇن سەراب.
— قەلەندەر.

جەيھۇن ئەتمەك — جەيھۇن كەبى ئاققۇزماق، كۆپ ئاققۇزماق (ياشنى)؛
جەيھۇن قىلماق — «جەيھۇن ئەتمەك» كە قاراڭ.

جو [جو] (پ) 1) ئېرىق:
كۆزىدىن دۇررى مەرجان ئاققۇزۇپ سۇ،
قانىدىن ئاقتى ھەريانىدىن بولۇپ جو.
— خىرقەتى.

2) سۆز بىرىكمىسىدە «ئىستىگۈچى، قىدىرغۇچى» مەنىلىرىدە كېلىدۇ.
جوبەجو — «جوي» غا قاراڭ؛
دەۋاجو — دەۋا ئىزدىگۈچى، قىدىرغۇچى؛
رىزاجو — رىزالىق (رازىلىق) ئىزدىگۈچى.

**جوب** [جوب] 1) تەڭ، ماس، باپ، مۇناسىپ، لايىق:

ئىش ئەزىمۇ يول يىراقۇ خەۋپ كۆپ،
ئىچۇك ئۇلغاي ئەزمىمىز بۇ يولدا جوب.
— نەۋائى.

2) ئورۇن، ماكان.

**جوش** [جوش] (پ) 1) قايناش:

مۇنى كۆرگەچ غەرىپ بۇلبۇل بولۇپ خۇش،
مۇھەببەت خەمرى كۆڭلىدىن قىلىپ جوش.
— خىرقەتى.

2) غۇلغۇلا، غەۋغا، توپىلاڭ:

ھۇسن دىلجوي، كۆزى يەغماگەرى ئەقلىمى ھوش،
لەئل جان بەخشى، قاشى تىغى، نىگاھى فىتنە جوش.
— سەبۇرى.

3) زوق، زوق - شوق:

بۇ شىردىن سۆزىدىن دىلىم ئۇردى جوش،
بولۇپ مەست ئانداغ يىراق بولدى ھوش.
— ئا. نىزارى، ن زىيائى.

4) غەيرەت، غەيرەت قىلماق:

سىپاھ بەھرىغە تۈشتى ئول نەۋئ جوش،
كى ئۆتتى فەلەك لۇججەسىدىن خۇرۇش.
— نەۋائى.

5) ھارارەت؛ 6) قىزىقىش (پەيدا بولماق)؛ 7) ھۇجۇم قىلماق:

مەگەر بەسكى جوش ئۇردى خەلقى كەسىر،
يەر ئەجزاسى بولدى تەخەلخۇل پەزىر.
— نەۋائى.

**جوش سالماق** — غۇلغۇلا سالماق، غەۋغا (توپىلاڭ) قىلماق؛
**جوشۇ خۇرۇش** — غەۋغا، توپىلاڭ.

**جوشان** [جوشان] (پ) قايناش ھالدىكى؛ قايناپ تۇرغان؛ دولقۇنلىنىپ تۇرغان.
**بەھرى جوشان** — قايناپ، دولقۇنلىنىپ تۇرغان دېڭىز؛
**مەراقى جوشان** — قايناپ تۇرغان شورپا.

**جوڭ** [جونك] كېمە:

ئىكى يۈز جوڭ ھەددىسىز ھەربىرى كەڭ،
فەلەك جوڭىنى ھەر بىر تۇتمايىن تەڭ.
— نەۋائى.

**جولدۇ** [جلدو] «جەلدۇ» غا قاراڭ.

**جوي** [جوی] (پ) 1) ئېرىق، ئۆستەڭ:

مەگەر شىرىنغە بولدى ئارزۇيى،
چىقارماق خارە ئىچرە تۇرفە جويى.
— نەۋائى.

2) ئېقىن سۇ:

ئۇزۇلدى تەنىدىن باشى گويدەك،
قىزىل قانلارى ھەم ئاقىپ جويدەك.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «ئىزدىگۈچى، ئىز - دېرىكىنى قىلغۇچى» مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ:

قىلدى ماڭا ئول جىلۋەئى ناگەھ باقا قالدىم،
دۇنيا بىلە ئۇقبانى جويغە ساتا قالدىم.
— ئەرشى.

تۇرفە جوي — ئاجايىپ ئىرىق؛
دەۋا جوي — دەۋا ئىزدىگۈچى، قىدىرغۇچى؛
دىلجوي — كۆڭۈل ئىزدىمەك؛ كۆڭۈلچەكلىك؛

گەرچە كۆپدۇر دىلرەبالار ۋەسلىن ئەتمەن ئارزۇ،
دەھرە ئارا دىلجويلۇق ئەتكەن دىلستانىم بولسە بەس.
— ئەرشى.

رىزاجوي — رازىلىق ئىزدىگۈچى.

**جويا** [جویا] (پ) ئىزدىگۈچى، سۈرۈشتە قىلغۇچى، ئىز - دېرىكىنى قىلغۇچى، قېدىرغۇچى.

**جويان** [جویان] «جويا» غا قاراڭ.

جويانى شەھ — پادىشاھ ئىزدىگۈچى:

خىلئەتى ئەخزەر بىلە جويانى شەھ،
يول ئازدىققانلارغا بولغىل خىزرى رەھ.
نەۋائى.

جويانى مەتالىب بولماق — ئىزدەلگەن نەرسىلەرنى قىدىرماق.

**جويە** [جویه] (پ) ئېرىق، ئېرىقچە:

تاكى بىر جويە ئارا كەسمەكتە تاك،
ئەيلەدى ئانى يىلان سانچىپ ھەلاك.
— نەۋائى.

**جويەندە** [جوینده] (پ) ئىزدىگۈچى، قىدىرغۇچى، تەلەپ قىلغۇچى:

ئانى شاھەنشەھ بىلىڭ كۆرگەچ زۇمۇرەد تەخت ئۆزە،

بىرگەدا تەرزىدە گۇلفەن ئىچرەدۇر جويەندەسى.
— ئەرشى.

**جويبار** [جويبار] (پ) 1› ئېرىق، دەريا، ساي:
نىگاھى تىيغ چەكمىش، ئەي خىزىر، ھەيۋان سۇيى تۇت تەرك،
ئېدىنىكىم ئول شەھادەت جويبارىدىن ئىچەرمەن سۇ.
— سەبۇرى.

2› ھەقىقەت ئېقىمى؛ 3› بەھرىمەنلىك.
جويبارى ئەدل — ئادىللىق، ئىنساپلىق؛
لەتافەت جويبارى — گۈزەللىك.

**جۇئەل** [جعل] (ئە) قارا قوڭغۇز، تېزەك قوڭغۇزى:
جۇئەلدۇر تېزەك توشۇماقدىن زەبۇن،
كى بولمىش قەرارىب يۈزى سەرنىگۇن.
— نەۋائى.

**جۇببە** [جبه] (ئە) 1› ھەشەمەتلىك، كەڭ، ئۇزۇن ۋە يەڭگىل تون؛
2› جەڭدە كىيىدىغان كىيىم، جەڭ كىيىمى.
جۇببەۋۇ دەستار — ھەشەمەتلىك تون ۋە سەللە:
قەدرى تاجى مەئرىفەت بىلمەسمىكىن زاھىد ئېلى،
خاتىرى خۇشدۇر ھەممىشە جۇببەۋۇ دەستارىدىن.
— زەلىلى.

جۇببەئى سىنجاب — سىنجاپ (قىزىل تۈلكە) تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا:
جۇببەئى سىنجابىلىك ئىچرە ۋەسلە - ۋەسلە قاقىمى،
توغرى ھىجران شامىدا بىر - بىر سەئادەت ئەنجۇمى.
— نەۋائى.

**جۇد** [جود] (پ) 1› ئىنئام، ئېھسان؛ 2› سېخىيلىك، قولى ئوچۇقلۇق؛
بافەررۇ جۇد — شان - شەۋكەت ۋە ساخاۋەت بىلەن؛
جۇد ئەھلى — سېخىيلار.

**جۇدا** [جدا] ئايرىلىش، پىراق:
جۇدا بولدۇم فەلەكنىڭ گەردىشىدىن،
كېتىپ ئېردىم گۈلى قەھقە قاشىدىن.
— خىرقەتى.

جۇدا ئەيلەمەك — ئاجراتماق، ئايرىماق.

**جۇرئە** [جرعه] (ئە) بىر يۇتۇم، بىر ئوتلام؛ ئىچىملىك:
غەم غۇبارى مەي خۇمارىدىن كۆڭۈل كۆزگۈسىدە،
ساقىيا، بىر جۇرئە تۇت ئالداغكى يوقتۇر غەمزەدە.
— ئەرشى.

جۇرئە چەكمەك ــ بىر ئوتلام مەي ئىچمەك.

**جۇرئەت** [جرأت] (ئە) جۇرئەت (بىرەر ئىشقا پېتىنىش)، جاسارەت، غەيرەت:

تەلەب بىرلە بولدۇم قىلىپ جۇرئەتى،
ھىساردىن چىقارغە ئېتىپ سۇرئەتى.

ــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**جۇرئەت بولماق** ــ پېتىنماق، جۇرئەت قىلماق؛ جاسارەت كۆرسەتمەك.

**جۇرئەچەش** [جرعەچش] (ئە + پ) مەيخور، مەي ئېتىغۇچى:

بولۇپ چۈن ئانىڭ جامىدىن جۇرئەچەش،
بولۇپ چەرخ سۇفىيلەرى جۇرئەكەش.

ــ نەۋائى.

**جۇرئەخار** [جرعە خوار] (ئە + پ) مەيخور:

بولۇپ ھەم جۇرئەخار جامى ئانىڭ.

ــ نەۋائى.

**جۇرئەخور** [جرعەخوار] (ئە + پ) «جۇرئەخار» غا قاراڭ.

**جۇرئەدان** [جرعەدان] (ئە + پ) 1) قەدەھ، رۇمكا؛ 2) ئىچىلىدىغان قەدەھنىڭ قېپى؛ 3) ياندا ئېلىپ يۈرۈلىدىغان سۇ ئىدىشى، سۇ قاپىقى.

**جۇرئەرىز** [جرعەريز] (پ) «جۇرئەدان» غا قاراڭ.

**جۇرئەكەش** [جرعەكش] (ئە + پ) 1) ساقىي، مىراب، مەي قۇيغۇچى؛ 2) مەي ئىچكۈچى، مەي ئېتىغۇچى:

بۇ كۈن فەرھاد ئول ئازادە ۋەشدۇر ــ
كى، يوقلۇق بادەسىدىن جۇرئەكەشدۇر.

ــ نەۋائى.

3) مەدەت يەتكۈزگۈچى:

بولۇپ سۆز مەيىغە چۇ ھۇشى گەرەۋ،
ئاڭا جۇرئەكەش، يوق مەگەر كىم، بىرەۋ.

ــ نەۋائى.

**جۇرئەنوش** [جرعەنوش] (ئە + پ) «جۇرئەكەش» كە قاراڭ.

**جۇررە** [جره] (ئە) ھەر قانداق قۇشنىڭ ئەركىكى.

**جۇررەباز** [جرەباز] (ئە + پ) ئەركەك لاچىن، لاچىننىڭ ئەركىكى.

**جۇرم** [جرم] (ئە) گۇناھ، ئەيىب، جىنايەت:

ئەرشى ھەم نەۋمىد ئەمەس، چۈنكىم ئىرۇرلۇتفۇڭ ئەمىم،
بارچە جۇرم ئەھلىدىن ئانىڭ جۇرمى گەرچە كەم ئەمەس.

ــ ئەرشى.

**جۇرم ئەھلى** ــ گۇناھكارلار؛ جىنايەتچىلەر؛

جۇرم ئەيلەمەك ــ گۇناھ قىلماق؛
جۇرمۇ ئىسيان ــ جىنايەت ۋە ئىسيان، ھېسابسىز گۇناھكارلىق.

**جۇرمانە** [جرمانە] (ئە + پ) قىلىنغان گۇناھ (جىنايەت) ئۈچۈن ئېلىنىدىغان نەر-سە، ھەق، جەرىمانە.

**جۇرمپوش** [جرمپوش] (ئە + پ) گۇناھنى، ئەيىبنى ياپقۇچى.

**جۇرمشوي** [جرمشوى] (ئە + پ) گۇناھىنى ياپقۇچى، ئەپۇ قىلغۇچى، كەچۈرگۇ-چى، گۇناھىنى ياپىدىغان:

گۇناھكار بولغاچ ئاڭا ئۈزر جوي،
كەرەم بەھرىدىن بولغاي ئول جۇرمشوي.
ــ نەۋائى.

**جۇرۇھ** [جروح] (ئە) [بىرلىكى: جەرھ] يارىلار، جاراھەتلەر:

بەسى ھېيلە بىرلە كىرىپ باغ ئارا،
بولۇپ باشى غەم ئىلە جۇرۇھدىن يارا.
ــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**جۇز** [جز] (ئە) 1) باشقا، ئۆزگە، بۆلەك:

ئەرشى، كەۋنەين ئىچىدىن ئىستەمە جۇز فەقر ھۇسۇل،
يوق ئىمىش ئەھلى شەرافەت فۇقەرادىن غەيرى.
ــ ئەرشى.

2) پارچە، بىرەر نەرسىنىڭ بىر قىسمى،بىر دانىسى؛ 3) ئەزا، بەدەن ئەزالىرى؛ 4) ئازغىنە، كىچىككىنە.

جۇزجۇۋ ــ بۆلەك ـ بۆلەك، پارچە ـ پارچە؛
جۇزۇ كۇل ــ پارچە ۋە پۈتۈن،كاتتا ۋە كىچىك؛ بار ـ يوق؛ ھەممە نەرسە؛
جۇزى لايەتەجەززا ــ بۆلەكلەرگە بۆلۈنمەيدىغان، ئاجرالماس قىسىم؛
يوق تۇرۇر جۇز تىمىرەلىك ــ قاراڭغۇلۇقتىن باشقا (نەرسە) يوقتۇر.

**جۇزۋ** [جزو](ئە) «جۇز» غا قاراڭ:

مەن قەترەۋۇ سەن دەريا، زاتىڭدا فەنا بولسام،
نە ئەيب مېنىڭ جۇزۋىم كۆرگەندە دېسە ئەل گول.
ــ گۇمنام.

جۇزۋ ئولماق ــ پۈتۈننىڭ بىر قىسمى بولماق؛ بىرىكىپ كەتمەك.
جۇزۋۇ كۇل ــ «جۇز» غا قاراڭ؛
جۇزۋى سەغىر ــ كىچىك بۆلەك؛
جۇزۋىلايەتەجەززا ــ بۆلەكلەرگە بۆلۈنمەس، ئاجرالماس قىسىم؛
جۇزۋى لايەنفەك ــ «جۇز» غا قاراڭ.

**جۇۋ ــ جۇزۋ** [جزو ـ جزو] (ئە) بۆلەك ـ بۆلەك، پارچە ـ پارچە.

**جۇزۋدان** [جزودان] (ئە+پ) پوپكا، تىپرە سومكا (خالتا):
... ئۇمىد ئەجزاسىن فەقر جۇزۋدانىغە سالىپ ...
ھەركۈن بىر مەنزىل ۋە ھەر ئاي بىر شەھەر قەتئىقىلغان مۇبتەدىيلەر.
— نەۋائى.

**جۇزۋ** [جزء] (ئە) قىسىم، بۆلەك، پارچە.

**جۇزئىي** [جزئى] (ئە) بىر ئاز، ئازغىنە، كىچىككىنە، قىسمەن، ئەرزىمەس.

**جۇزئىييەت** [جزئيات] (ئە) 1› پارچىلار، بۆلەكلەر ئەھمىيەتسىز، كىچىك، خۇسۇ-سىي مەسىلىلەر؛ پارچە، ئەرزىمەس نەرسىلەر؛ 2› شېئىر، ئۆلچەم-لىك سۆزلەر.

**جۇستۇجو** [جستجو] (پ) قىدىرىش، ئاختۇرۇش، ئىزدەش، سورىقىنى قىلىش.
مەن قاچان ئۆزلۈكدىن ئەتتىم جۇستۇجۇ ئەۋۋەلدىن ئوق،
قىسمەتىم كەلمىش زىيەس مەي بىرلە كەيفۇلمۇتتەفەق.
— ئەرشى.

**جۇستۇجوي** [جستجوى] (پ) جۇستۇجو» غا قاراڭ:
بەس ئىدى ئول رىشتەئى كاكىل مېنى بەند ئەتكەلى،
نە ئۈچۈن تاپماقغە قادىلىك جۇستۇجوي ئۆزگە تەناب.
— موللا بىلال.

**جۇسسە** [جثه] (ئە) 1› تەن، بەدەن، گەۋدە؛ 2› جەسەت:
بىرى جۇسسە ئىچرە زەبەردەستراق،
يەنە بىرى ھەقىر ئېردىيۇ پەستراق.
— نەۋائى.

**جۇغرات** [جغرات] قېتىق؛ قايماق.

**جۇلۇ** [جلك] 1› كېمە؛ 2› تۇرلۇك شېئىرلار ۋە تارىخلار يېزىلىدىغان دەپ-تەر؛ تاللانغان ئەسەرلەر؛ تەرمىلەر.

**جۇل** [جل] 1› ئات يۇپۇقى، جۇل، توقۇم:
كى زەربەفت جۇلنى ياپىپدۇر ئاڭا،
ئون ئىككى لەئلنى ئاسىپدۇر ئاڭا.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2› تىرە.

**جۇلدۇ** [جلدو] «جەلدۇ» غا قاراڭ:
تۇتۇپ جۇلدۇ ئالۇر يارماققا قالقان،
دىگىلكىم ئەيلەمىشلەر تاغنى تالقان.
— نەۋائى.

**جۇلگە** [جلكه] 1› تاغ ئېتىكى؛ تاغ ئارىلىقى؛ 2› ئوتلاق،يايلاق؛ كۆكلەمزار.

**جۇللاپ** [جلاب] 1› گۈلاب، گۈل سۈيى بىلەن ھەسەل ياكى شىكەرنى

[illegible] [[illegible]] «[illegible]» [illegible]

[illegible] [[illegible]] [illegible] «[illegible]» [illegible]

[illegible] — [illegible] [[illegible]] ([illegible]) 1> [illegible] 2> [illegible]

[illegible] — [illegible]

[illegible] — [illegible]

[illegible] — [illegible]

2> [illegible] ([illegible]), [illegible]

— [illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible] [[illegible]] ([illegible]) 1> [illegible]

— [illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible] [[illegible]] ([illegible]) [illegible]

[illegible] — [illegible]

[illegible] [[illegible]] ([illegible]) [illegible]

[illegible] [[illegible]] ([illegible]) [illegible]

[illegible] — [illegible] [[illegible]] ([illegible]) [illegible]

[illegible] — [illegible] [[illegible]] ([illegible]) «[illegible] — [illegible]» [illegible]

[illegible] — [illegible] [[illegible]] ([illegible]) «[illegible] — [illegible]» [illegible]

[illegible] — [illegible] [[illegible]] ([illegible]) [illegible]

[illegible] — [illegible] [[illegible]] ([illegible]) «[illegible] — [illegible]» [illegible]

— [illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible] — [illegible]

[illegible] [[illegible]] ([illegible]) [illegible]

2> [illegible]

— [illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

**جۇنبۇش** [جنبش] (پ) «جۇنبىش» قا قاراڭ:

هەر سارى قارا بۇلۇتقا جۇنبۇش،
ئەيلەب قارا دىۋەدەك غۇرۇنبۇش.

— نەۋائى.

**جۇنبۇشنەماي** [جنبش نماى] (پ) «جۇنبىشنەماي» غا قاراڭ.

**جۇنبىش** [جنبش] (پ) 1) قىمىرلاش، ھەرىكەت، قوزغىلىش:

قۇرۇغلۇق ئىچرە چۇن قالمادى ھىچ ئىش،
رەۋانى كىمەلەرگە بولدى جۇنبىش.

— نەۋائى.

**جۇنبىش قىلماق** — قوزغالماق؛ قىمىرلىماق، ھەرىكەت قىلماق.

**جۇنبىشنەماي** [جنبش نماى] (پ) 1) ھەرىكەتچان؛ ھەرىكەتچانلىق؛ ھەرىكەتكە كىرىش؛ 2) قوزغالغۇچى، ھەرىكەت قىلغۇچى.

**جۇنۇد** [جنود] (ئە) قوشۇن، لەشكەر:

قىلاي شاھى بەندەر ئۇچۇن ھۆكم زۇد،
يەتۈرگەي قاشىمغە ھەمىن دەم جۇنۇد.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**جۇنۇن** [جنون] (ئە) 1) ئەقلىدىن ئازغان، سەۋدايى ئەقلىدىن ئازغانلىق، سەۋدايلىق:

كۆڭلۈك بۇزۇلۇپ قالسا، زەلىلى يېمەگىل غەم،
كىم كۆردى جۇنۇن ئىقلىمىدە خانەئى ئاباد.

— زەلىلى.

2) ئاشىقلىق، بىقارارلىق.

**جۇنۇن ئايانى** — ئاشىق:

سەۋدا تۇتۇنمىغە ساچى مانەند،
ھەر تارى جۇنۇن ئاياغىغە بەند.

— نەۋائى.

**جۇنۇن ئەھلى** — ئاشىقلار؛

**جۇنۇن تەئۋىزى** — جۇنۇن، سەۋدايىلىقتىن ساقايتىدۇ، دەپ بويۇنغا ئېسىلغان دۇئا تۇمارى؛

**جۇنۇن دەشتى** — «1» دەشت ۋە سەھراكەبى بىپايان؛ «2» ھېسابسىز جۇنۇن؛

**جۇنۇن سەھراسى** — ئىشق سەھراسى، مەجنۇنلۇق چۆلى:

ماڭا مۇشكىل كۆرۈندى، ئەي پەرى، رولار تاماشاقىل،
جۇنۇن سەھراسىدىن ئاھۇفتەئى رەسۋائى يىغماغلىق.

— زەلىلى.

[illegible] [illegible] ([illegible]) [illegible]

[illegible] [illegible]

[illegible] [illegible] 1> [illegible]; 2> [illegible]; 3> [illegible]

[illegible] [illegible] 1> [illegible]

[illegible] [illegible] ([illegible]) 1> [illegible]; 2> [illegible]

[illegible] [illegible] 1> [illegible]; 2> [illegible]

[illegible]

**جىبە** [جبە] مىتالدىن ياسالغان قەدىمكى ئۇرۇش كىيىمى، تۆمۈر كىيىم، ساۋۇت.

**جىبەچى** [جبەچى] 1) ساۋۇت، تۆمۈر كىيىم ياسىغۇچى؛ 2) قورال-ياراق ئامبىرىنىڭ باشلىقى؛ 3) خان سارىيىدىكى مەنسەپدارلاردىن بىرى.

**جىبرىل** [جبريل] (ئە) «جەبرەئىل» سۆزىنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى، «جەبرەئىل»گە قاراڭ:

شەھپەرى جىبرىل يا نەۋرەس نىھالى باغى ئىشق،
جىلۋەگەر يارۇھ شەكلى يا قەدى رەفتامۇدۇر.

— ئەرشى.

**جىبىللەت** [جبلت] (ئە) 1) خۇي؛ 2) يارىتىلىش، تۇغما، تەبىئىي؛ 3) ئۇلۇغلۇق.

**جىبىللىي** [جبلى] (ئە) 1) تۇغما، تەبىئىي؛ 2) ۋۇجۇد.

**جىبىللىي خىسال** — تۇغما (تەبىئىي) خىسلەتلەر؛

**فەنايى جىبىللىي** — تۇغما پانىيلىق (ئۆزلۈكنى يوقىتىپ، ئىلاھىيەتكە سىڭىنىش):

چۈن ئۇلارغا فەقرىي زاتى ۋە فەنايى جىبىللىي مەۋجۇد ئىردى.

— نەۋائى.

**جىجىغ** [جيجغ] دۇمبە ياغ (ماي).

**جىدال** [جدال] (ئە) جەڭ، ئۇرۇش؛ نىزا، جاڭجال؛ توپىلاڭ؛

تۈزەلدى يەنە ئىككى ياندىن يەسال،
يەنە ئاشكار ئولدى رەسمى جىدال.

— نەۋائى.

**جىدد** [جد] (ئە) 1) تىرىشىش، تىركىشىش؛ غەيرەت؛ 2) ھەرىكەت.

**جىدد ئەيلەمەك** — تىرىشماق، تىركەشمەك؛

**جىدد كۆرگۈزمەك** — «جىدد ئەيلەمەك»كە قاراڭ؛

**جىددۇ جەھد** — تىرىشىش، بىرەر ئىشقا ئەستايىدىل كىرىشىش؛

كى ئولتۇردى مۇندا ئىكى بىخىرەد،
خاجە كىردى سۆزگە قىلىپ جىددۇ جەھد.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**جىددۇ جەھد ئەتمەك** — «جىددۇجەھد ئەيلەمەك»كە قاراڭ؛

**جىددۇ جەھد ئەيلەمەك** — ھەرىكەت قىلماق، كىرىشمەك.

**جىرغاماق** [جرغاماق] زوقلانماق.

**جىرم** [جرم] (ئە) 1) جىسىم:

غەبغەب ئول سىيمىن زەقەن دەۋرىدە ئانداغكىم ئىرۇر،
ھالە ئۆز جىرمىدىن ئول دەۋرىگە قىلغاندەك كەمەر.

— ئەرشى.

2) ماھىيەت؛ 3) ئىچكىرلىق، ۋەزىن؛ 4) گەۋدە، بىر نەرسىنىڭ بارلىقى، مەۋجۇتلۇقى.

جىرمى غەبرا — يەر يۈزى، يەر شارى؛ يەر كۆرۈنۈشى؛

جىرمى ماۋىي — «يەتتە جىرمى ماۋدىي» غا قاراڭ؛

جىرمى ھىلال — ئاي شەكلى، كۆرۈنۈشى؛

قۇياش جىرمى — قۇياش شەكلى، كۆرۈنۈشى؛

يەتتە جىرمى ماۋىي — يەتتە قات ئاسمان.

جىرىب [جريب] (پ) «جەرىب» كە قاراڭ.

جىرىلداماق [جريلداماق] 1) ۋارقىرىماق؛ 2) غۇدۇڭشىماق، گەپ كۆتۈرەلمەي، ئاچچىقلىنىپ سۆزلىمەك.

جىزيە [جزيه] (ئە) سېلىقنىڭ بىر تۈرى (مۇسۇلمان ئەللىرىدە ياشىغۇچى باشقا دىندىكى كىشىلەردىن ئادەم بېشىغا ئېلىنىدىغان سېلىق).

جىسم [جسم] (ئە) 1) گەۋدە، ئورگانىزم، جىسىم:

ئەشك دۇرردىن تىزغالى جىسم ئۆزرە كۆزلەر ھېكمەتى،
گويىيا كەۋكەب ساچىلغان يەر ئۈزە يەتتى تەبەق.

— ئەرشى.

2) ماددا؛ 3) شەكىل، پورما؛ 4) ئەسل، ماھىيەت؛ 5) ئاسمان يۈزى:

كۆك تەبئىغە چۈن ھەرارەت ئاشىپ،
جىسمىغە شەفەقدىن ئوت تۇتاشىپ.

— نەۋائى.

6) چېھرە؛ 7) تاقەت، سەۋر:

بىرىگە ھەجەر جىسمىدىن تۈشەدۇر،
ئاڭا نەقد بەلكىم جىگەر گۈشەدۇر.

— نەۋائى

جىسم پەست ئولماق — خار بولماق؛

جىسم مۈلكى — پۈتۈن بەدەن، گەۋدە؛

جىسمۇ جان — گەۋدە ۋە رۇھ؛

جىسم ئۆيى — گەۋدە تۈزۈلۈشى؛

جىسم ۋەيران — كۆڭلى بۇزۇلغان؛

جىسمى غەم ئەفسۇرد — غەم بىلەن ئىشتىن چىققان (كاردىن چىققان) گەۋدە؛

جىسمى گۈلگۈن — گۈل بەدەن؛

جىسمى مەمات — مۇردا؛

ئاياقچى كەتۈرگىل شەرابى ھەيات،

نىتاڭكىم تىرىلسە بۇ جىسمى مەمات.
— ن. زىيائى.
جىسمى ناتەۋان ـ كۈچسىز گەۋدە؛ ئاشىق گەۋدىسى؛
جىسمى ئۇريان ـ يالىڭاچ بەدەن.

**جىسمانىيەت** [جسمانيت] (ئە) جىسمىغا تېگىشلىك، جىسمىيلىق.

**جىغ** [جغ] پىغان، داد ـ پەرياد قىلىش.
فەريادۇ جىغ ـ پەرياد ۋە پىغان:
كىمگە كىم، دولاب چەرخىدەك سالۇر سەرگەشتەلىك،
بوغزىدىن ئىپ بىرلە بوغار قىلغان سايى فەريادۇ جىغ.
— نەۋائى.

**جىغان** [جيغان] كەمبەغەل، ھېچنەرسىسى يوق، قولى قىسقا.

**جىفە** [جيفه] (ئە) «جەيفە» گە قاراڭ.

**جىك** [جيك] يېقىمسىز، سىگمەيدىغان.

**جىگەر** [جگر] (پ) 1) بېغىر، جىگەر؛ 2) يۈرەك.
ئەجەب جەللاد ئىكەنسەن تاپمادىڭ مەندەك ئەسىرى ئىشق،
كەباب ئەتتىڭ يۈرەك بىرلە جىگەر قانىم شەراب ئەتتىڭ.
— گومنام.

جىگەرى كەباب بولماق ـ كۆيۈنمەك:
كۆڭلى ئىشى ئىزتىراب بولدى،
گويا جىگەرى كەباب بولدى.
— نەۋائى.

**جىگەر پارە** [جگر پاره] (پ) پەرزەنت، ئوغۇل ـ قىز.

**جىگەر تاب** [جگر تاب] (پ) 1) جىگەرنى ئۆرتىگۈچى؛ 2) ئەلەملىك، دەرتلىك؛
بار ئاندا غىزا غەمى جىگەر تاب،
سۇۋ ئورنىدا قەترە ـ قەترە خۇناب.
— نەۋائى.

**جىگەرخار** [جكرخوار] (پ) 1) قىينىغۇچى، ئازابلىغۇچى؛ 2) قاتتىق ئازابلانغان، قايغۇلۇق، غەمكىن.

**جىگەرخۇن** [جكرخون] (پ) 1) باغرى قان؛ ئادەتتىن تاشقىرى غەم ـ قايغۇ چەككەن، ئازابتا قالغان، قىينالغان:
سەبا خارىنى ئەيلەپ نىش دىلدوز،
جىگەرخۇن غۇنچەنى ئەيلەر نىھانى.
— ئەرشى.

2) ئاشىق.

**جىگەررىش** [جكرريش] (پ) كۆڭلى يارا، دەرد ـ ئەلەملىك؛ باغرى پارە.

**جىگەرسوز** [جكرسوز] (پ) 1) غەمخور، غەمخورلۇق قىلغۇچى؛

2) قاتتىق ئازاب بەرگۈچى، قىيىنىغۇچى؛ 3) باغرىنى كۆيدۈرگۈچى؛
4) ئېچىنارلىق.

**جىگەرگاھ** [جگرگاه] (پ) جىگەر جايلاشقان ئورۇن؛ ئۆك قولتۇق:

بۇ سەۋدا كۆرۈپ تاجىرى ناتەۋان،
جىگەر گاھىدىن ئەتتى نەقدىن رەۋان.

— نەۋائى.

**جىگەرگۇن** [جگرگون] (پ) 1) جىگەررەڭ؛ قىزىل؛ 2) قانلىق كۆز ياش.

**جىگەرگۇنە** [جگرگونه] (پ) «جىگەرگۇن» غا قاراڭ.

**جىلا** [جلا] (ئە) روشەنلىك، پارلاقلىق، يالتىراقلىق:

سەرىغ كۆلاھ ئىلە ئول شوخ گۈل قەباغە باقىڭ،
كۆلاھى ئۆزرە ساچىلغان داغى جىلاغە باقىڭ.

— ئەرشى.

جىلا بەرمەك — روشەن قىلماق، روشەنلەشتۈرمەك، پارلاقلاشتۇرماق،
پارقىراتماق؛

جىلاتاپماق — روشەن بولماق، پارلىماق پارقىرىماق.

**جىلاۋ** [جيلاو] يۈگەن، تىزگىن، «جىلەۋ» گە قاراڭ:

ئەل ئىنان ئىختىيارى چىقتى يەكسەر ئىلگىدىن،
پويەدە ھەر سارى ئول چابۇككى، قايتۇردى جىلاۋ.

— نەۋائى.

**جىلاۋدار** [جيلاودار] (ئە + پ) خان، پادىشاھ، بەگ ئاتلىق يۈرگەندە ئات تىز-
گىنىنى تۇتۇپ يېتىلەپ ماڭغۇچى، ئات يېنىدا يۈرگۈچى؛ ياندا ماڭغۇچى:

پىياز ئوتياشلىق ئىچرە جىلاۋدار،
پەتىنگان ئالدىدا لۇبيا جىلۋەدار.

— زەلىلى.

**جىلەۋ** [جيلو] 1) ئالدى، ئالدى تەرەپ؛ 2) يۈگەن، تىزگىن.

**جىلد** [جلد] (ئە) 1) مۇقاۋا، كىتاب مۇقاۋىسى؛ 2) توم (كىتابقا قارىتا،
مەسىلەن: بىرىنچى توم، ئىككىنچى توم، ...)؛ 3) تېرە:

قان قويماي سالسا رەكلەرىغە،
جىلدى ياپىشىپ سۆڭەكلەرىغە.

— نەۋائى.

**جىلۋە** [جلوه] (پ) 1) يالتىراقلىق، پارلاقلىق:

ئاغنامىش گۈلزار ئارا مەئشۇقۇ ئاشىق بىر بولۇپ،
ئىككى رەڭلىك جىلۋە قىلغان بىر گۈلى رەئنا ئەمەس.

— ئەرشى.

2) ئۆزىنى گۈزەل ۋە پارلاق سۈرەتتە كۆرسىتىش، نازلىق كۆرسى-
تىش؛ 3) گۈزەل؛ ناز، كەرەشمە؛ 4) رەپتار، يۈرۈش، ھەرىكەت.
جىلۋە ئەيلەمەك — ئۆزىنى گۈزەل ۋە پارلاق سۈرەتتە كۆرسەتمەك،

نازلىق كۆرۈنمەك؛ يالتىراپ كۆرۈنمەك؛
جىلۋە بەرمەك — گۈزەل، جىلۋىلىك كۆرسەتمەك؛
جىلۋە قىلماق — 1) نامايىش قىلماق، ئۆزىنى كۆرسەتمەك؛ كۆ-
رۈنمەك؛ 2) ئۆزىنى گۈزەل ۋە پارلاق سۈرەتتە كۆرسەتمەك؛
جىلۋەئى زات ئايىنەسى — ئۆزىنى كۆرسىتىش ئەينىكى؛
جىلۋەئى زۇھۇر قىلماق — ئۆزىنى نامايان قىلماق؛ ئاشكارا بولماق؛
جىلۋەئى ھۆسن ئەيلەمەك — ھۆسنىنى كۆز - كۆز قىلماق، جامالىنى
كۆرسەتمەك.

**جىلۋەدىھ-** [جلوەده] (ئە + پ) جىلۋىلەنگۈچى، يالتىرىغۇچى.

**جىلۋەساز** [جلوەساز] (پ) جىلۋە قىلغۇچى، يالتىراپ (پارلاپ) كۆرۈنگۈچى، ئۆزىنى گۈزەل سۈرەتتە كۆرسەتكۈچى:

مەلىكە ئۆي ئىچرە بەند ئىشۋە ناز،
كى كەبكى دەردەك بولۇپ جىلۋە ساز.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جىلۋە ساز ئەتمەك — جىلۋىلەندۇرمەك، بېزىمەك؛
جىلۋە ساز بولماق — خۇش كۆرۈنمەك، جىلۋە بىلەن پەيدا بولماق.

**جىلۋەگاھ** [جلوەگاه] (ئە + پ) 1) كۆرۈنىش، جىلۋىلىنىش جايى؛ نامايان بولۇش، يالتىراپ كۆرۈنۈش ئورنى:

تۇرفە سۈنئى ئىلاھىدۇر كۆك چاي،
تەبئىنىڭ جىلۋەگاھىدۇر كۆك چاي.

— ئەرشى.

2) جاي، ئورۇن، تۇرار جاي.
جىلۋەگاھى گۈلشەنى قۇدس — پاكلىقنىڭ كۆرۈنۈش جايى.

**جىلۋەگەر** [جلوەگر] (پ) جىلۋە قىلغۇچى، جىلۋە بىلەن كۆرۈنگۈچى، ئۆزىنى گۈزەل ۋە پارلاق سۈرەتتە كۆرسەتكۈچى:

ئولسە گەر زۇلفۇڭ خەيالى بۇ كۆڭلدە جىلۋەگەر،
شانە يەڭلىغ چاك - چاك ئولمىش كۆڭۈل مەئۋاسىدىن.

— ئەرشى.

جىلۋەگەر بولماق — كۆرۈنمەك، نامايان بولماق.

**جىلۋە گۇستەر** [جلوەگستر] جىلۋە كۆرسەتكۈچى، جىلۋە قىلغۇچى.

**جىلۋەنەما** [جلوەنما] (پ) «جىلۋە نەماي» غا قاراڭ.

**جىلۋەنەماي** [جلوەنماى] (پ) 1) جىلۋە كۆرسەتكۈچى، جىلۋە قىلغۇچى؛ 2) ياشناپ تۇرغان، كۆرۈنگەن.

**جىلى** [جلى] «جەلى» غا قاراڭ.

**جىلىكار** [جلى كار] (پ) 1) ئەمەلدارلىق؛ 2) تىزگىن.

**جىم** [جيم] ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى «ج» ھەرپىنىڭ نامى:

بۆلەكلەر زۇلم ھەددىن ئول ئىكەۋەنە يەتكۈرە ئالماس،
جەفانىڭ «جىم» ى گەر كۆزۈ، سىتەمنىڭ «سىن» ى قاش ئولسۇن.

— ئەرشى.

**جىماد** [جماد] (ئە) «جەماد» قا قاراڭ.

**جىممار** [جمار] (ئە) مەيدە تاش (پارچە تاش).

**جىن** [جن] (ئە) جىن؛ پەرى، مالائىكە.

جىن ئەلالادى — شاۋقۇن - سۈرەن:

قەسر ئۆزە تۈشتى جىن ئەلالاسى،

مېنى دىۋانە قىلدى سەۋداسى.

— نەۋائى.

جىنۇ بەشەر — جىن ۋە ئادەم؛

جىنۇ مەلائىك — دىۋە ۋە پەرىشتە.

**جىنان** [جنان] (ئە) [بىرلىكى: جەننەت] 1) جەننەت، جەننەتلەر؛

مەن نەدەپ ۋەسفىنى ئېيتاي ھۆر جىنان يەگلىغ ئېرۇر،

ھۆسنى ئىقلىمىدا گويا بارچە قىزلار سەرۋەرى.

— موللا بىلال.

جىنان رەۋزەسى — جەننەت بېغى؛

جىنان گۈلشەنى — «جىنان رەۋزەسى» گە قاكالك.

**جىنانۋەش** [جنان وش] (ئە + پ) جەننەتكە ئوخشاش؛ باغقا ئوخشاش.

**جىنىس** [جنس] (ئە) 1) تۈر، خىل:

خۇدا ھەر جىنس مەخلۇق ئەتتى پەيدا،

بىرىنى بىرگە ئانداق قىلدى شەيدا.

— خىرقەتى.

2) ئۇرۇق - ئايماق؛ جىنس؛ 3) رەخت، مال، كىيىملىك:

تۆھفەرلەكى يۆبەردى قەيسەرى رۇم،

بولسە جىنسى فەرەڭ دىباسى.

— نەۋائى.

بەشەر جىنسى — ئادەم جىنسى، ئىنسانىيەت؛

جىنسى بەشەر — «بەشەر جىنسى» گە قارالك:

ۋەفا مەۋجۇت ئەمەس جىنسى بەشەردىن مەن گۇمان قىلسام،

سىرىشتىدۇر تەغافۇل لايىدىن مۇشتەق ئېرۇر نىسيان.

— ئا. نىزارى.

جىنسى بەنى — «جىنسى ئىنسان» غا قارالك؛

جىنسى تەير — قۇشلار تۈرى؛

جىنسى خىتا — پالاس تۈرى؛

جىنسى زىبا — يىپەكتىن توقۇلغان رەخت؛ پالاس؛

جىنسى مەخلۇقات — ھايۋانلار جىنسى؛

جىنسى مور — ھاشارەت تۈرى، چۈمۈلىلەر؛

جىنسى ئىنسان — ئىنسانلار، ئادەملەر.

**جىنسىيەت** [جنسيت] (ئە) «جىنسىييەت» كە قارالك.

**جىنسىييەت** [جنسيت] (ئە) ھەمجىنسلىق، جىنسداشلىق.

**جىنن** [جن] «جىن» غا قارالك.

جىننۇ ئىنس — جىن ۋە ئىنسان.

**جىناھ** [جناح] (ئە) «جەناھ» قا قارالك.

**جىھات** [جهات] (ئە) [بىرلىكى: جىھەت] 1) جەھەتلەر، تەرەپلەر؛ 2) نەرسىلەر، بۇيۇملار، ئەسۋاب، ئەشيا:

ھەم نەقدىلىك ئۈچۈن نەۋەزدۇر ئاتىم،
ھەم ئۆزگە جىھاتىڭغە جىھاتىم.

— نەۋائى.

3) دۆلەت؛ مال - مۈلۈك:

تۈنۈ كۈن تارتقانچە مالۇ جىھات،
تارتتى مېھمانىنى ئالىغە بات.

— نەۋائى.

4) بارلىق:

قالماسە ئالەم مەتائىمدىن جىھات،
ئۆزگە نەۋ ئولغاي ساڭا ئول دەم سىفات.

— نەۋائى.

**جىھاد** [جهاد] (ئە) دىن يولىدا ئۇرۇشۇش، دىن ئۈچۈن كۈرەش قىلىش.
جىھاد ئەيلەمەك — ئۇرۇشماق، جەڭ قىلماق؛
جىھاد قىلماق — «جىھاد ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛

رۇم مالىنى ئەيلەبان بەرباد،
ئەيلەر ئەھلى فەرەڭ بىرلە جىھاد.

— نەۋائى.

جىھاد كەمەرىن ئىجتىھاد بېلىگە باغلاماق — غەيرەت بىلەن جەڭ قىلماق، ئۇرۇشقا ئاتلانماق.

**جىھاز** [جهاز] (ئە) مال، ئەشيا؛ نەرسە، بۇيۇم؛ ئەسۋاب — ئۈسكۈنىلەر،

كىم يار ئاڭا ھۇش ئىلە خىرەددۇر،
مالىيۇ جىھازى بىمەددەدۇر.

— نەۋائى.

**جىھەت** [جهت] (ئە) [كۆپلۈكى: جىھات] سەۋەب، ۋەج؛ «جىھات» قا قاراڭ؛
فەلەك سەككاكىغە بۇ كۈن قۇلۇڭ سەن دەر، جىھەت زاھىر،
تۈن ئاقشام ئىتلەرىڭ بىرلە ئوتۇرمىش بىر زەمان، ئەي جان.
— سەككاكى.

جىھەت كۆرمەسلىك — سەۋەب، ۋەج تاپماسلىق.

**جىۋار** [جوار] (ئە) 1) يان؛ قاتار؛ ئەتراپ، يېقىن يەر؛ 2) قوشنا.

**جىيفە** [جيفه] ھارام، ھارام ئۆلگەن ھايۋان:

چۇ سىفلەگەنج تاپار، مۇجىبى ھەلاكى ئېرۇر،
كى جىيفەدۇر مۇشۇك ئىلگىگەچۈن تۈشەر مەسلۇخ.

— نەۋائى.

2) مال - مۈلۈك، بايلىق.








源　泉（布拉克）（维吾尔文）总29期 （پەسىللىك ژۇرنال） بۇلاق （ئومۇمىي 29 - سان）

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
（ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54）
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN 65－1063/I
本刊代号：58—108定价：1.90元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى：
ۋاكالەت نومۇرى：108 - 58　باھاسى：1.90 يۈەن